# قىسقىچە دۇنيا تارىخى

## قەدىمقى زامان قىسمى

بېيجىڭ داشۆي تارىخ پاكۇلتېتى قىسقىچە
دۇنيا تارىخىنى تۈزۈش گۇرۇپپىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

# قىسقىچە دۇنيا تارىخى

## قەدىمقى زامان قىسمى

بېيجىڭ داشۆې تارىخ ياكۇلتېتى قىسقىچە دۇنيا تارىخىنى تۈزۈش گۇرۇپپىسى

تەرجىمە قىلغۇچىلار: ياسىن ھۈسەن، رىشىت ۋاھىدى،
ئەنۋەر بايتۇر، تۇرغۇنجان سۇلتان
تەرجىمىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: غوپۇرجان ئابدۇرەھىم

مىللەتلەر نەشرىياتى

本书根据人民出版社1978年5月第1版北京第1次印刷版本翻译出版。

بۇ كىتاپ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1978 - يىل 5 - ئايدا نەشر قىلىنغان 1 - نەشرى بېيجىڭ 1 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

بۇ كىتاپنى تۈزۈش گۇرۇپپىسىغا قاتناشقانلار:

| | | |
|---|---|---|
| دىڭ جيەنخۇڭ | ما كېياۋ | چى ۋېنيىڭ |
| ليۇ زۇشى | جۇ لوڭخۇا | شېن رېنئەن |
| لۇ تىڭئېن | جېڭ جياشىن | لىن يېيدىيەن |
| ئۇياڭ كېجاڭ | جاڭ جۇليەن | لو رۇڭچۈي |
| جۇ يىتيەن | جۇ نەنجىڭ | لياڭ جۇمىڭ |
| گو خۇارۇڭ | شۇي تيەنشىن | شيې يۇشى |
| تەن شېڭئەن | پەن رۇنخەن قاتارلىق يولداشلار | |

# قىسقىچە دۇنيا تارىخى

## قەدىمقى زامان قىسمى

تۈزگۈچى: بېيجىڭ داشۆې تارىخ پاكۇلتېتى قىسقىچە دۇنيا تارىخىنى تۈزۈش گۇرۇپپىسى

تەرجىمە قىلغۇچىلار: ياسىن ھۆسەن، رىشىت ۋاھىدى، ئەنۋەر بايتۇر، تۇرغۇنجان سۇلتان

تەرجىمىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: غوپۇرجان ئابدۇرەھىم

مەسئۇل كوررېكتورى: رىشىت ۋاھىدى

مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى

شىنخۇا كىتاپخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلىدۇ

مىللەتلەر باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

1982 - يىل 6 - ئايدا 1 - قېتىم نەشر قىلىندى

1982 - يىل 6 - ئايدا بېيجىڭدا 1 - قېتىم بېسىلدى

باھاسى: 1.15 يۈەن

www.uyghurkitap.com

# تۈزگۈچىدىن

ماۋجۇشى مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن ئىدى: "دەرسلىكنى ئۆزۈل-كېسىل ئىسلاھ قىلىش لازىم، بەزىلىرىنى، ئالدى بىلەن، مۇرەككەپلىرىنى چىقىرىۋېتىپ، ئاددىيلاشتۇرۇش كېرەك." بىز مائارىپ ئىنقىلاۋى ئەمەلىيىتى داۋامىدا، ماۋجۇشىنىڭ بۇ تەلىماتىغا بىنائەن، بۇ دەرسلىكنى دۇنيا تارىخى كەسپىدىكىلەرنىڭ قوللىنىشى ئۈچۈن كوللېكتىپ تۈزۈپ چىقتۇق. 1972-يىل 9-ئايدا مۇزاكىرىگە قويۇش ئۈچۈن بېسىپ چىقىلغان، سىناق تەرىقىسىدە قوللانما قىلىپ دەرس ئۆتۈلگەن ھەم مەكتەپ ئىچى ۋە سىرتىدىكىلەردىن پىكىر ئېلىنغان ئىدى. ھەر ساھەدىن قويۇلغان پىكىرلەرگە ئاساسەن 1974-يىلى بەزىبىر تۈزىتىشلەرنى كىرگۈزگەن ئىدۇق.

بۇ كىتاپتا باشلانغۇچ جەمىيەتتىن تارتىپ 1945-يىلغىچە بولغان دۇنيا تارىخى بايان قىلىنىدۇ. كىتاپنى تۈزۈش داۋامىدا، ماركسىزىم-لېنىنىزىمنى ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلدۇق، ئاز ھەم ساز بولۇش پىرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇردۇق، سىنىپىي مۇرەسسەچىلىكنى تارمار قىلىش مەقسىدىدە، نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەت تارىخىنىڭ سىنىپىي كۆرەش تارىخى ئىكەنلىكىنى نۇقتىلىق شەرھىلىدۇق؛ خان-پادىشا، لەشكەر بېشى ۋە ۋەزىرلەر ھەل قىلغۇچلۇغىنى تارمار قىلىش مەقسىدىدە، خەلق ئاممىسىنىڭ تارىخنى يارىتىدىغان ھەقىقى خوجايىن ئىكەنلىگىنى دەلىللىدۇق؛ "ياۋروپا

مەركەزچىللىكى"نى تارمار قىلىش مەقسىتىدە، دۇنيا ئەللىرى خەلقىنىڭ بولۇپمۇ ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرى خەلقىنىڭ تارىختىكى ئەسلى قىياپىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تىرىشتۇق. شۇنداقلا دۇنيا تارىخىدىن ئىبارەت بۇ ئىلىم پرولېتارىيات سىياسىتىغا خىزمەت قىلسۇن ئۈچۈن، "قەدىمقىلارنى ھازىرقى زامان ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش"، "چەتئەللەرنىڭكىنى جۇڭگو ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش"قا تىرىشتۇق.

ئۇلۇغ سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنىڭ تارىخى دۇنيا تارىخىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ئىدى. لېكىن جۇڭگو تارىخى ھەققىدە ئايرىم دەرسلىك بولغاچقا، بۇ كىتابتا مەخسۇس بايان قىلىنمىدى.

بىزنىڭ ماركسىزىم-لېنىنىزىم ۋە ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى توغرىسىدىكى سەۋىيىمىز يۇقىرى ئەمەس، دۇنيا تارىخىنى تەتقىق قىلىشىمىز بەكمۇ يېتەرسىز. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ كىتابتا نۇرغۇن كەمچىلىكلەرنىڭ بولۇشى چوقۇم، بۇنىڭدىن كېيىن تۈزىتىشىمىزگە پايدىلىق بولسۇن ئۈچۈن، كىتابخانلارنىڭ قىممەتلىك پىكىر بېرىشىنى سەممىي ئۈمىت قىلىمىز.

**بېيجىڭ داشۆي تارىخ پاكۇلتېتى قىسقىچە**
**دۇنيا تارىخىنى تۈزۈش گۇرۇپپىسى**

1977-يىل 8-ئاي.

ئۇيغۇر كىتاب تورىنىڭ ئادرېسى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# مۇندەرىجە

قەدىمقى زامان قىسمى ئۈچۈن كىرىش سوز.......................... 1

## بىرىنچى قىسىم يىراق قەدىمقى زامان تارىخى

بىرىنچى باپ باشلانغۇچ جەمئىيەت ......................... 9
1 ـ بولۇم ئادەمنىڭ ئۆزىنىمۇ ئەمگەك ياراتقان.................... 11
ئىنسانلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تەرەققى قىلىش جەريانى ( 11 )
ئادەمنىڭ ئۆزىنىمۇ ئەمگەك ياراتقان ( 19 )
2 ـ بولۇم ئانا جەمەت ئۇرۇقداشلىق جامائەسىنىڭ مەيدانغا كېلىشى
ۋە تەرەققىي قىلىشى.......................................... 26
ئانا جەمەت ئۇرۇقداشلىق جامائەسىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ( 26 )
يېڭى تاش قورال دەۋرى ( 30 ) ئانا جەمەت ئۇرۇقداشلىق
جامائەسىنىڭ گۈللىنىشى (34)
3 ـ بولۇم سىنىپ ۋە دولەتنىڭ كېلىپ چىقىشى .................. 38
مېتال قوراللار بىلەن تاش قوراللار بىرلىكتە ئىشلىتىلگەن دەۋر
ۋە چوڭ ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى ( 38 ) خۇسۇسىي مۈلۈكچىـ
لىكنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە سىنىپىنىڭ كېلىپ چىقىشى ( 42 )
ئاتا جەمەت ئۇرۇقداشلىق جامائەسى ( 44 ) ھەربىي ئىشلار
دېموكراتىيىسى تۈزۈمى ۋە دولەتنىڭ مەيدانغا كېلىشى ( 47 )

ئىككىنچى باپ قەدىمقى مىسىر ...... 51
1 ـ بۆلۈم قەدىمقى مىسىردا قۇللۇق تۈزۈمىدىكى دۆلەتنىڭ شەكىل-
لىنىشى ۋە تەرەققى قىلىشى ...... 53
بىرلىككە كەلگەن دۆلەتنىڭ شەكىللىنىشى (53) قەدىمقى
پادىشالىق دەۋرىدىكى جەمئىيەت ئەھۋالى (55) قۇلدارلار
ئىستىبدات دۆلىتىنىڭ كۈچىيىشى (57) ئېھراملار (59)
2 ـ بۆلۈم قۇللار ۋە كەمبەغەللەرنىڭ زور قوزغىلاڭلىرى ئوتتۇرا
پادىشالىق دەۋرى ...... 62
قۇللار ۋە كەمبەغەللەرنىڭ زور قوزغىلاڭلىرى (62) ئوتتۇرا
پادىشالىق دەۋرىدىكى مىسىر جەمئىيىتى (64) ھىكسوسلارنىڭ
تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى ۋە ئوتتۇرا پادىشالىقنىڭ ھالاك
بولۇشى (67)
3 ـ بۆلۈم مىسىرنىڭ قۇللۇق تۈزۈمىدىكى ئىمپېرىيىسى ۋە ئۇنىڭ
زاۋال تېپىشى ...... 67
ئىمپېرىيىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئىگىلىكنىڭ تەرەققى قىلىشى (67)
يەر مۇناسىۋىتى (71) قۇللۇق تۈزۈم ۋە ئىجتىمائىي سىنىپىي
مۇناسىۋەت (73) ئامېنخوتېپ IV نىڭ دىنىي ئىسلاھاتى (77)
يېڭى پادىشالىقنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدىكى سىنىپىي كۈرەش (79)
كېيىنكى دەۋردىكى مىسىر (81)
4 ـ بۆلۈم قەدىمقى مىسىر مەدەنىيىتى ...... 83
يېزىقى (83) ئەدەبىياتى (84) بىناكارلىقى ۋە تەسۋىرىي
سەنئىتى (86) ئىلىم-پەنى (88)
ئۈچىنچى باپ قەدىمقى غەربىي جەنۇبىي ئاسىيانىڭ قۇللۇق
تۈزۈمىدىكى دۆلەتلىرى ...... 90
1 ـ بۆلۈم سۇمېر ـ ئاككاد دەۋرى ...... 92
سۇمېرلىقلارنىڭ شەھەر دۆلىتى (92) ئىككى دەريا ۋادىسىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

جەنۇبىي قىسمىدىكى بىرلىككە كەلگەن دۆلەتلەر (97)
2 ـ بۆلۈم قەدىمقى بابىلون پادىشالىقى ........................ 100
قەدىمقى بابىلون پادىشالىقىنىڭ قۇلدارلار دىكتاتورىسى (100)
قەدىمقى بابىلون پادىشالىقىنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكى (104)
3 ـ بۆلۈم ئاسسىرىيە ۋە يېڭى بابىلون پادىشالىقى.............. 109
ئاسسىرىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ گۈللىنىشى (109) ئاسسىرىيە ئىمپېرىيىسى دەۋرىدىكى قۇللۇق تۈزۈم ئىگىلىكى (111) يېڭى بابىلون پادىشالىقى (114)
4 ـ بۆلۈم فىنىكىيە قەدىمقى پەلەستىن............................ 116
فىنىكىيە (116) قەدىمقى پەلەستىن (118)
5 ـ بۆلۈم قەدىمقى ئېگېي دېڭىز رايونىنىڭ مەدەنىيىتى.......... 123
يېزىقى (123) ئەدەبىياتى (125) ئىلىم ـ پەنى (128) بىناكارلىقى ۋە تەسۋىرىي سەنئىتى (130)
تۆتىنچى باب قەدىمقى ئىران، ھىندىستان ۋە كۇشان ئىمپېرىيىسى ........................................ 133
1 ـ بۆلۈم پېرسىيە ئىمپېرىيىسى................................ 134
پېرسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە كېڭەيمىچىلىكى (134) دارىئۇس I نىڭ ئىسلاھاتى (137) پېرسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكى (140) پېرسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ ھالاك بولۇشى (142)
2 ـ بۆلۈم فارفىيە ۋە ساسان پېرسىيىسى ........................ 144
فارفىيە پادىشالىقى (144) ساسان پېرسىيىسى (146)
3 ـ بۆلۈم قەدىمقى ھىندىستان................................. 150
ھىندى دەرياسى ۋادىسىنىڭ قەدىمقى مەدەنىيىتى (150) قۇللۇق تۈزۈمىدىكى دۆلەتنىڭ شەكىللىنىشى (155) ماگادھانىڭ گۈللىنىشى (159) ئىپتىدائىي بۇددا دىنى (162) جامائەتچىلىق (165) تۇز ئىمپېرىيىسىنىڭ قۇلدارلار دىكتاتورىسى (166) تۇز ئىمپېرى-

يىسىنىڭ قۇللۇق تۈزۈم ئىگىلىكى (168) ئوز ئىمپېرىيىسىنىڭ
يەر مۇناسىۋىتى (170) ئوز ئىمپېرىيىسى يىمىرىلگەندىن كېيىنكى
ھىندىستان (174)

4 ـ بۆلۈم كۇشان ئىمپېرىيىسى ........................................ 175
كۇشان ئىمپېرىيىسىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى (175)
كۇشان ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكى (179) چوڭ يوللۇقلار
بۇددا دىنى (181) كۇشان ئىمپېرىيىسىنىڭ زاۋال تېپىشى (184)

بەشىنچى باپ قەدىمقى يۇنان ........................................ 186

1 ـ بۆلۈم كرېت ۋە مىكېنى مەدەنىيىتى ........................................ 187
كرېت مەدەنىيىتى (187) مىكېنى مەدەنىيىتى (190)

2 ـ بۆلۈم يۇناننىڭ قۇللۇق تۈزۈمىدىكى شەھەر دۆلەتلىرىنىڭ
قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ........................................ 194
ھومېر دەۋر (194) يۇنان شەھەر دۆلەتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى (196)
ئافىنا (200) سپارتا (211)

3 ـ بۆلۈم يۇنان ـ پېرسىيە ئۇرۇشى ۋە ئافىنانىڭ زومىگەرلىك
ھوقۇقى ........................................ 215
يۇنان بىلەن پېرسىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش (215) ئافىنا
زومىگەرلىك ھوقۇقىنىڭ تىكلىنىشى (218) پېلوپونېس
ئۇرۇشى (222)

4 ـ بۆلۈم قۇللۇق تۈزۈم ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە قۇللار-
نىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرىشى ........................................ 225
قۇللۇق تۈزۈم ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشى (225) يۇنان
قۇللىرىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرىشى (230)

5 ـ بۆلۈم يۇنان شەھەر دۆلەتلىرىنىڭ زاۋال تېپىشى ۋە ماكېدونى-
يىنىڭ كېڭەيمىچىلىكى ........................................ 234
يۇنان شەھەر دۆلەتلىرىدە سىنىپىي كۈرەشنىڭ ئۆتكۈرلىشى-

شى (234) ماكېدونىيە ۋە يۇنان قۇلدارلىرىنىڭ شەرق ئەللىرىگە تاجاۋۇز قىلىشى (239)

6 ـ بۆلۈم يۇنان مەدەنىيىتى ........................................ 243
ماتېرىيالىزىم بىلەن ئىدىيالىزىم ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش (243) ئەدەبىياتى ۋە سەنئىتى (247) ئىلىم ـ پەنى ۋە تارىخشۇناسلىقى (250)

ئالتىنچى باپ قەدىمقى رىم........................................ 254

1 ـ بۆلۈم قەدىمقى ئىتالىيە ۋە رىمنىڭ پادىشا ھاكىمىيىتى دەۋرى........................................ 255
ئىتالىيىنىڭ قەدىمقى ئاھالىسى (255) رىمنىڭ پادىشا ھاكىمىيىتى دەۋرى (257)

2 ـ بۆلۈم رىم جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە كېڭەيمىچىلىكى........ 262
جۇمھۇرىيەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئاددى خەلق بىلەن ئاقسۆڭەكلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش (262) رىمنىڭ چەتكە قارىتىلغان كېڭەيمىچىلىكى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرىشى (267) رىم قۇللۇق تۈزۈم ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى (271)

3 ـ بۆلۈم رىمدىكى قۇللار قوزغىلىڭى ۋە ئاددى خەلقنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرىشى ........................................ 275
بىرىنچى قېتىملىق سىتسىلىيە قۇللار قوزغىلىڭى (275) ئاددى خەلقنىڭ كۈرىشى ۋە گراككۇ ئىسلاھاتى (278) ئىككىنچى قېتىملىق سىتسىلىيە قۇللار قوزغىلىڭى (281) سپارتاك قۇللار زور قوزغىلىڭى (283)

4 ـ بۆلۈم جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىنىڭ گۇمران بولۇشى ۋە ئىمپېرىيە تۈزۈمىنىڭ تىكلىنىشى........................................ 289
كايزانىڭ ھاكىمىيەت تۇتۇشى (289) ئىمپېرىيە تۈزۈمىنىڭ تىكلە-



www.uyghurkitap.com

نىشى ۋە تەرەققى قىلىشى (294) ئىمپېرىيىسىنىڭ دەسلەپكى
مەزگىلىدىكى ئىجتىمائىي ئىگىلىك (298)
5 ـ بۆلۈم  رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ھالاك بولۇشى........................ 301
كېيىنكى مەزگىلدىكى رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىقتىسادى ۋە
سىياسىسى (301) خىرىستىيان دىنىنىڭ راۋاج تېپىشى ۋە
تارقىلىشى (304) خەلق قوزغىلىڭى ۋە يات مىللەتلەرنىڭ
تاجاۋۇزى (309) رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ھالاك بولۇشى (313)

## ئىككىنچى قىسىم  ئاخىرقى قەدىمقى زامان تارىخى

يەتتىنچى باپ  قەدىمقى چاۋشيەن ۋە ياپونىيە...................... 317
1 ـ بۆلۈم  چاۋشيەن........................................ 320
چاۋشيەننىڭ قوللۇق جەمئىيىتى (321) فېئوداللىق ئىشلەپچىقىرىش
مۇناسىۋەتلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى (324) گاۋلى خەلقىنىڭ فېودال-
لىق ھوكۇمرانلىقىغا ۋە يات مىللەتلەرنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى
كۆرىشى (330) لى سۇلالىسى دەۋرىدىكى فېوداللىق
جەمئىيەت (333) ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا زەربە بېرىش يولىدىكى
ۋەتەن قوغداش ئۇرۇشى (339) قەدىمقى جۇڭگو ـ چاۋشيەن
خەلقىنىڭ دوستانە باردى ـ كەلدىسى (343)
2 ـ بۆلۈم  ياپونىيە.......................................... 346
ئالدىنقى فېئوداللىق دەۋردىكى ياپونىيە (346) داخۋا ئىسلا-
ھاتى (351) نوۋەتلىك يەر تۈزۈمىدىن قورۇق تۈزۈمىگىچە
بولغان ئۆزگىرىشلەر (355) بارگاھىنىڭ ھوكۇمرانلىقى (360)
دىخانلارنىڭ زور قوزغىلىڭى (365) سودا ـ سانائەتنىڭ تەرەققى
قىلىشى ۋە شەھەرلەرنىڭ راۋاج تېپىشى (369) ياپونىيىنىڭ
بىرلىككە كېلىشى (372) دېچۈەن بارگاھى ھوكۇمرانلىق قىلغان

دەۋردىكى سىنىپىي مۇناسىۋەت (376) قەدىمقى جۇڭگو ـ ياپونىيە خەلقىنىڭ دوستانە باردى ـ كەلدىسى (383)

سەككىزىنچى باپ   ھىندىستاننىڭ فېوداللىق جەمئىيىتى.......... 387

1 ـ بۆلۈم   ھىندىستاندا فېوداللىق تۈزۈمنىڭ شەكىللىنىشى .......... 388
گۇپتا سۇلالىسىدىن ھارشاۋاردھاناغىچە بولغانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى (388) فېوداللىق تۈزۈمنىڭ شەكىللىنىشى (391) ۋارنا تۈزۈمىنىڭ ئۆزگىرىشى (395) ھىندى دىنى (396) ھىندىستاننىڭ فېوداللىق بولۇنۇشى (399)

2 ـ بۆلۈم   ھىندىستاندا فېوداللىق جەمئىيەتنىڭ راۋاجلىنىشى...... 401
دېھلى سۇلتانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى (401) يەر تۈزۈمى ۋە دېخانلارنىڭ ئەھۋالى (404) شەھەرلەر ۋە سودا ـ سانائەت (407) خەلقنىڭ قارشىلىق ھەركەتلىرى (409) جەنۇبىي ھىندىستان دۆلەتلىرى (411)

3 ـ بۆلۈم   دەسلەپكى مەزگىلدىكى مۇغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى......................................................... 413
ئىجتىمائىي ئىگىلىكنىڭ راۋاجلىنىشى (413) يەر تۈزۈمى (416) ئەكبەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى (419) خەلقنىڭ قارشىلىق ھەركەتلىرى (421) مۇغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ زاۋالغا يۈز تۇتۇشىنىڭ باشلىنىشى (424)

4 ـ بۆلۈم   قەدىمقى ھىندىستان مەدەنىيىتى ۋە جۇڭگو ـ ھىندىستان خەلقىنىڭ دوستانە باردى ـ كەلدىسى ...................... 426
قەدىمقى ھىندىستان مەدەنىيىتى (426) جۇڭگو ـ ھىندىستان خەلقىنىڭ دوستانە باردى ـ كەلدىسى (429)

توققۇزىنچى باپ   ئەرەب ئىمپېرىيىسى ................................ 432

1 ـ بۆلۈم   ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ شەكىللىنىشى .................. 434
6 ـ، 7 ـ ئەسىرلەردىكى ئەرەب جەمئىيىتىنىڭ ئەھۋالى (434)

ئىسلام دىنىنىڭ مەيدانغا كېلىشى (437) ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە كېڭەيمىچىلىكى (440)

2 ـ بۆلۈم ئۆمايىيا سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ...................... 443

دەسلەپكى خەلىپىلىك دۆلەتلەردىكى ئىجتىمائىي زىددىيەت (443) ئۆمايىيا سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى (446) ئىجتىمائىي ئىگىلىك ئەھۋالى (449) خەلق قوزغىلاڭلىرى (451)

3 ـ بۆلۈم ئەرەب ئىمپېرىيىسىنىڭ تازا گۈللىنىشى ۋە بۆلۈنۈشى ...................... 453

ئاببااسلار سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى (453) يەر تۈزۈمى (456) ئىقتىسات بىلەن مەدەنىيەتنىڭ گۈللىنىشى (458) سىنىپىي كۈرەشنىڭ كەسكىنلىشىشى (463) ئەرەب ئىمپېرىيىسىنىڭ بۆلۈنۈشى (466)

ئونىنچى باب تۈركلەر ۋە موڭغۇللارنىڭ فېئودال دۆلەتلىرى ...................... 469

1 ـ بۆلۈم تۈركلەر دۆلىتى ...................... 471

جۇڭگو تارىخىدىكى تۈركلەر (471) سەلجۇق تۈرك دۆلىتى (474) ئەھلى سەلىپنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى كۈرەش (476)

2 ـ بۆلۈم موڭغۇل ئىمپېرىيىسى ...................... 478

موڭغۇل دۆلىتىنىڭ باش كۆتۈرۈشى (478) موڭغۇل دۆلىتىنىڭ كېڭەيمىچىلىكى (481) موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ يىمىرىلىشى (486) موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ تارىخىي ئورنى (490)

3 ـ بۆلۈم ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيىسى ...................... 492

ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيىسىنىڭ باش كۆتۈرۈشى (492) تۈركىيە-نىڭ فېئوداللىق ھۆكۈمرانلىقى ۋە دېھقانلارنىڭ ئەھۋالى (495) ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ داۋاملىق كېڭەيمىچىلىك قىلىشى (497) شەھەرلەر بىلەن سودا ـ سانائەت (499) خەلقنىڭ قارشىلىق

كۆرەشلىرى (501)
ئون بىرىنچى باپ غەربىي ياۋروپادىكى فېودالىلىق جەمئىيەت ...... 506
1 ـ بۆلۈم غەربىي ياۋروپادا فېودالىلىق جەمئىيەتنىڭ مەيدانغا كېلىشى...... 508
فېوداللىق دۆلەتلەرنىڭ قۇرۇلۇشى (508) فېودالىلىق تۈزۈمنىڭ ئۇسۇپ يېتىلىشى (510) فېودالىلىق يەر مۈلۈكچىلىكى ۋە فېوداللىق تەبىقە تۈزۈمى (515) دېخانلارنىڭ ئەھۋالى (517)
2 ـ بۆلۈم غەربىي ياۋروپادا فېودالىلىق جەمئىيەتنىڭ راۋاجلىنىشى ...... 522
شەھەرلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى (522) فرانسىيىدە پادىشا ھاكىمىيىتىنىڭ كۈچىيىشى (527) ئەنگلىيىدە پادىشا ھاكىمىيىتىنىڭ راۋاجلىنىشى (529)
3 ـ بۆلۈم فېوداللىق دىنىي جەمئىيەت...... 533
دىنىي جەمئىيەت تەسىرىي كۈچلىرىنىڭ كۈچىيىشى (533) ئەھلى سەلىپىنىڭ شەرققە تاجاۋۇز قىلىشى (536) ئىشقا قويۇش ھوقۇقىنى تالىشىش (539) فېودالىلىق دىنىي جەمئىيەتلەرگە قارشى كۈرەش (543)
4 ـ بۆلۈم دېخانلارنىڭ زور قوزغىلاڭلىرى...... 545
سىنىپىي زىددىيەتنىڭ كەسكىنلىشىشى (545) جاكۇرىي قوزغىلىڭى ۋە فرانسىيىنىڭ بىرلىككە كېلىشى (549) ئەنگلىيىدىكى ۋات تايلېر قوزغىلىڭى (554)
ئون ئىككىنچى باپ شەرقىي ياۋروپادىكى فېودال دۆلەتلەر ...... 559
1 ـ بۆلۈم ۋىزانتىيە...... 560
يۇستىنيانىنىڭ قۇللۇق تۈزۈمنى تىرىلدۈرۈش يولىدىكى ئەكسىيەت-

چەل سىياسىتى ۋە بۇ سىياسەتنىڭ بىتچىت بولۇشى (560)
ۋىزانتىيە ئىمپېرىيىسىدىكى ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر ۋە ئۇنىڭ
زاۋال تېپىشى (564)

2 ـ بولۇم چېخلار بىلەن پولەكلەر ........................................ 568

چېخ ۋە پولەك دۆلەتلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى (568) چېختىكى
دېھقانلار ئۇرۇشى (570) پولشىدا يانچىلىق تۈزۈمنىڭ
كۈچىيىشى (578)

3 ـ بولۇم روسىيە ........................................ 584

كىيېۋ روسىيىسى (584) شەرقىي شىمالىي رۇس فېئوداللىق يانچىلىق
تۈزۈمى ئاساسىدىكى ئىگىلىكنىڭ ئۇسۇپ يېتىلىشى (586) چار
روسىيىنىڭ شەكىللىنىشى (590) 17 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا رۇس
خەلقىنىڭ فېئوداللىق زۇلۇمغا ۋە چەتئەللىكنىڭ قوراللىق تاجاۋۇ-
زىغا قارشى كۈرىشى (593) 17 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدىكى
دېھقانلار ئۇرۇشى (596) چار روسىيىنىڭ چەتكە قارىتىلغان
كېڭەيمىچىلىكى (599)

ئون ئۈچىنچى باب قەدىمقى ئامېرىكا قىتئەسى ۋە قەدىمقى
سەھرايى كەبىرنىڭ جەنۇبىدىكى ئافرىقا........................ 603

1 ـ بولۇم ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ھىندىئان ھەر مىللەت خەلقى...... 604

ھىندىئان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جايلىشىشى (604) ئوتتۇرا
ئامېرىكىدىكى مايا قەدىمقى مەدەنىيىتى(607) مېكسىكىنىڭ قەدىم-
قى مەدەنىيىتى ۋە ئازتېك دۆلىتى (611) جەنۇبىي ئامېرىكىنىڭ
قەدىمقى مەدەنىيىتى ۋە ئىنكا قەدىمقى دۆلىتى (614) ھىندىئان-
لارنىڭ مۇستەملىكىچىلىك قۇللۇقىغا قارشى كۈرەشلىرى (618)

2 ـ بولۇم ئافرىقىدىكى نېگىر مىللەتلەر ........................ 622

ئافرىقىدىكى نېگىر مىللەتلەرنىڭ جايلىشىشى (622) سۇدان،
ئېفىئوپىيە ۋە تانزانىيىلەرنىڭ قەدىمقى دۆلەتلىرى ۋە مەدەنى-

www.uyghurkitap.com

يېتى (623) غەربىي ئافرىقىدىكى قەدىمكى دۆلەتلەر (626)
كونگو ۋە زىمبابۋې (631)

ئون توتىنچى باپ غەربىي ياۋروپادا كاپىتالىزمنىڭ مەيدانغا
كېلىشى ........................................................ 636

1 ـ بۆلۈم يېڭى دېڭىز يوللىرىنىڭ تېپىلىشى ۋە مۇستەملىكىچىلىك
تالان ـ تاراجچىلىق باشلىنىشى ........................ 639
يىراققا سەپەر قىلىشنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى (639) دىماس بىلەن
كولومبۇسنىڭ دېڭىز سەپىرى (641) داگاما بىلەن ماگېللاننىڭ
دېڭىز سەپىرى (643) پورتۇگالىيە بىلەن ئىسپانىيەنىڭ مۇستەم-
لىكىچىلىك تالان ـ تاراج ئېلىپ بېرىشى (646) ئەنگلىيە ۋە
گوللاندىيەلەرنىڭ مۇستەملىكىچىلىك ـ تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەت-
لىرى (650) يېڭى دېڭىز يولى ئېچىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ
غەربىي ياۋروپاغا كۆرسەتكەن ئىقتىسادىي تەسىرى (652)

2 ـ بۆلۈم ئەنگلىيەدە كاپىتالىزمنىڭ مەيدانغا كېلىشى ............ 654
يەر ئورىۋېلىش ھەرىكىتى (654) كاپىتالىستىك قول سانائەت
ئىشخانىلىرى (657) يېزا ئىگىلىكىدە كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش
مۇناسىۋەتلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى (660)

3 ـ بۆلۈم فېئوداللىق ئىستىبدات پادىشا ھاكىمىيىتى ............ 662
ئىستىبدات پادىشا ھاكىمىيىتىنىڭ خاراكتېرى (662) ئەنگلىيەنىڭ
ئىستىبدات پادىشا ھاكىمىيىتى (665) فرانسىيەنىڭ ئىستىبدات
پادىشا ھاكىمىيىتى (670)

ئون بەشىنچى باپ غەربىي ياۋروپادا فېئوداللىق جەمئىيەتلەر
زاۋاللىققا يۈز تۇتقان دەۋردىكى سىنىپىي كۈرەش ............ 677

1 ـ بۆلۈم ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ گۈللىنىشى .................... 679
ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش ھەرىكىتىنىڭ كېلىپ
چىقىشى (679) ئىنسانپەرۋەرلىك (683) ئەدەبىيات (687)

سەنئەت (692) سىياسىي ئىدىيە (694) خىيالىي سوتسىيالىزىم (696) ئەدەبىي پەن (698)

2 ـ بۆلۈم  دىن ئىسلاھاتى ۋە گېرمانىيە دېخانلار ئۇرۇشى……… 701

دىن ئىسلاھاتىنىڭ ئارقا كورۇنۇشى (701) دىن ئىسلاھاتىدىن بۇرۇنقى گېرمانىيە ئەھۋالى(705) دىن ئىسلاھاتىنىڭ باشلىنىشى (707) توماس مېۈنتسېر ۋە خەلقنىڭ دىن ئىسلاھاتى ھەركىتى (710) گېرمانىيە دېخانلار ئۇرۇشى (713) دىن ئىسلاھاتى ۋە دېخانلار ئۇرۇشىنىڭ ئەھمىيىتى (717) دىن ئىسلاھاتىنىڭ راۋاجلىنىشى (720)

3 ـ بۆلۈم  نىدېرلاندىيە بۇرژۇئا ئىنقىلاۋى ………………… 723

ئىنقىلاپنىڭ ئالدىنقى شەرتى (723) ئىنقىلاپنىڭ باشلىنىشى (727) شىمالدىكى قوزغىلاڭ ۋە ئىنقىلاپنىڭ ئۇلغىيىشى (731) ئىنقىلاپنىڭ ئاقىۋىتى (734)

چوڭ ۋەقەلەر يىلنامىسى ………………………………… 737

## قىستۇرما رەسىملەر مۇندەرىجىسى

ئورە ماڭىدىغان ئادەم ــ بېيجىڭ ئادىمىنىڭ رەسىمى ………………… 20

دەسلەپكى ئەقىللىق ئادەم ــ نېاندېرتال ئادىمىنىڭ رەسىمى ………… 24

كېيىنكى ئەقىللىق ئادەم ــ كرومانون ئادىمىنىڭ رەسىمى……………… 25

قەدىمقى پادىشالىق دەۋردىكى ياغاچچىلار ……………………… 55

يېڭى پادىشالىق دەۋردىكى قول ھۈنەرۋەنچىلىك………………… 70

قەدىمقى بابىلوننىڭ كاسسىت دەۋرىدىكى ساپايى……………………… 104

قەدىمقى زامان يېزىقىدىكى ئۆزگىرىشلەر ……………………… 120

قەدىمقى يۇناننىڭ قول ھۈنىرى ………………………………… 226

www.uyghurkitap.com

كىشىنى بىلەن ئەمگەك قىلىۋاتقان قول ...... 271
قۇللار كىرەچىسى ...... 271
چەك قىلىۋاتقان سپارتاك ...... 284
غەربىي ياۋروپادىكى ئوتتۇرا ئەسىر قورۇغى ...... 519
ئىسپانىيىنىڭ ئالتامىرا تاغ ئۆڭكۈرىدىكى تام رەسىملىرى ...... I
مىسىر ئېھرامى ۋە شىر تەنلىك، ئادەم يۈزلۈك ھەيكەل ...... II
يېڭى پادىشالىق دەۋرىدىكى دىخانچىلىق ...... II
خاممۇرابى قانۇنى ئويۇلغان ئابىدە ...... III
ئاسسىرىيە قۇللىرى ئەمگەك قىلماقتا ...... III
فىنىكىيىلىكلەرنىڭ كېمە ئەترىدى ...... IV
پېرسىيە بوي سۇندۇرۇلغان مىللەتتىن تارتۇق ئالماقتا ...... IV
ھىندىستاننىڭ سانچىدىكى چوڭ مۇنار قورۇق تېمىنىڭ دەرۋازىسى ...... V
مىكېنى قەدىمىي شەھىرىنىڭ خارابىسى — "شىر دەرۋازىسى" ...... V
كنوس خان ئوردىسىدىكى تام رەسىملىرى ...... VI
پارفېنون ئىبادەتخانىسى ۋە ئۇنىڭدىكى قاپارتما نەقىشلەر ...... VII
رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ سۇ باشلاش قۇرۇلۇشى ...... VIII
رىمنىڭ ماھارەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلىدىغان چوڭ يۇمىلاق مەيداننىڭ
خارابىسى ...... VIII
گاۋگولنىڭ قەۋرە تام رەسىملىرى ...... IX
كامبودژىنىڭ ئاڭكور تاش بۇتخانىسى ...... IX
ياپونىيە دېخانلىرى يول ياساش ئالۋىڭنى مەجبۇرى ئىشلىمەكتە ...... X
ھىندىستاننىڭ ئېلورا تاش غارى ...... XI
تاج ماخال قەۋرىستانلىقى ...... XI
مەككىدىكى كەئبە ...... XII

ئېرۋشالىمدىكى مېچىت ...... XII

ئەنگلىيە دېخانلار ئارمىيىسى ۋە ئۇنىڭ يولباشچىسى جون بال ...... XIII

جەڭ قىلىۋاتقان فرانسىيە مىللى ئايال قەھرىمانى جېننادئارك ...... XIV

روسىيە دېخانلىرى ...... XV

چېخ دېخانلار ئارمىيىسى ئىشلەتكەن قورال-ياراقلار ۋە جەڭ ھارۋىلىرى ...... XV

مايالارنىڭ قۇللىرى بىلەن قۇلدارى ...... XVI

غەربىي ئافرىقىدىكى بېنىن قەدىمىي شەھىرى ...... XVI

ھىندىيانلار مۇستەملىكىچى تاجاۋۇزچىلارغا قارشىلىق كۆرسەتمەكتە ...... XVII

ئىسپانىيە مۇستەملىكىچىلىرى ھىندىيانلارنى خورلاپ ئۆلتۈرمەكتە ...... XVII

گېرمانىيىدىكى دېخانلار ئۇرۇشىنىڭ رەھبىرى مىيۇنتسېر ...... XVIII

مارتىن لۇتېر پاپانىڭ پەرمانىنى كۆيدۈرمەكتە ...... XVIII

باغلاقلىق قۇل (مىكېلانجېلو ئىشلىگەن) ...... XIX

ئەڭ ئاخىرقى كەچلىك غىزا (داۋىنچى سىزغان) ...... XIX

يېرىدىن مەھرۇم بولغان غەربىي ياۋروپا سەرگەردانلىرى ...... XX

نىدېرلاندىيە ئىنقىلاۋىدا ئىنقىلاۋىي ئارمىيە بىرىل شەھىرىنى ئىشغال قىلدى ...... XX

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# قەدىمقى زامان قىسمى ئۈچۈن كىرىش سۆز

بۇ كىتابنىڭ قەدىمقى زامان قىسمى يىراق قەدىمقى زامان قىسمى ۋە ئاخىرقى قەدىمقى زامان قىسمى دېگەن ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ، 3 جەمئىيەت فورمىسىنى: باشلانغۇچ جەمئىيەت، قۇللۇق جەمئىيەت (يىراق قەدىمقى زامان تارىخى) ۋە فېئوداللىق جەمئىيەت (ئاخىرقى قەدىمقى زامان تارىخى)نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ۋاقتى ئەمگەكنىڭ ئىنسانلارنى ياراتقان ۋاقتىدىن تارتىپ مىلادى 17- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا قەدەر كېلىدۇ.

بۇ ئۇزاق يىللار داۋامىدا، پۈتۈن دۇنيادىكى خەلق ئاممىسى ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشى ۋە سىنىپىي كۈرەش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، تارىخنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىپ، پارلاق ماددىي بايلىقلارنى ۋە مەنىۋى بايلىقلارنى يارىتىپ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ يەنىمۇ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن پۇختا ئۇل سالدى. ئەلۋەتتە، قەدىمقى زامان ئىنسانىيەت جەمئىيىتى خېلى زور چەكلىمىلىكتىنمۇ خالىي ئەمەس ئىدى: ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ناھايىتى تۆۋەن ئىدى، ماشىنا بولمىغاچقا، ئاساسەن، قول بىلەن ئەمگەك قىلىناتتى؛ تەبىئىي ئىگىلىك ئاساس قىلىناتتى، تاۋارنىڭ ئوبوروت دائىرىسى چەكلىك ئىدى؛ ئىنسانلارنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت توغرىسىدىكى بىلىشى بەكمۇ تۆۋەن بولۇپ، پائالىيىتى تەبىئەت دۇنياسىدىكى تۈرلۈك شارائىتلارنىڭ

خېلى زور چەكلىمىسىگە ئۇچراپ تۇراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، قەدىمقى زامان تارىخى دەۋرىدە، ھەرقايسى مەملىكەتلەر ۋە رايونلارنىڭ تەرەققىياتىدا خېلى زور تەكشىسىزلىك ۋە نىسبىي يېتىملىك كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، مىلادىدىن بۇرۇنقى 5-ئەسىردە ئېلىمىز فېئودال-لىق جەمئىيەتكە ئۆتۈپ بولغان ئىدى، غەربىي ياۋروپا بولسا مىڭ يىل ئۆتكەندىن كېيىن مىلادى 5-ئەسىردە فېئودالىلىق جەمئىيەتكە قەدەم قويدى.

قەدىمقى زامان دۇنيا تارىخىنىڭ تەرەققىياتىدا تەكشىسىزلىك ۋە نىسبىي يېتىملىك بولۇپ، بۇ ھال تارىخنى بىرلىككە كەلگەن دەۋرلەرگە ئايرىش ئۈچۈن بىرمۇنچە قىيىنچىلىقلارنى تۇغدۇرۇپ قويغانلىقتىن، مۇۋاپىق بىر ئۆلچەمنى تېپىش ئاسان بولمىدى. لېكىن، دۇنيا تارىخىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرى بىردەك بولۇپ كەلدى، بۇنداق بىرلىك تارىخىي ماتېرىيالىزمنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ، بۇ دەۋرلەردە، ھەرقايسى ئاساسلىق مەملىكەتلەر ۋە رايونلارنىڭ تولىسى باشلانغۇچ جەمئىيەت، قۇللۇق جەمئىيەت ۋە فېئودالىلىق جەمئىيەتتىن ئىبارەت 3 ئىجتىمائىي باسقۇچنى بېسىپ ئۆتتى. يەنە كېلىپ، تۈرلۈك پەرقلەرنىڭ بولۇشىغا قارىماي، ھەرقايسى مەملىكەتلەر ۋە مىللەتلەر كۆچۈپ ئۆتكەن باشلانغۇچ جەمئىيەت، قۇللۇق جەمئىيەت ۋە فېئودالىلىق جەمئىيەتلەرنىڭ تۈپ قانۇنىيەتلىرى بىردەك بولدى. بۇ كىتاپتا يىراق قەدىمقى زامان تارىخى ۋە ئاخىرقى قەدىمقى زامان تارىخىنىڭ دەۋر پەرقى مەلۇم بىر زور تارىخىي ۋەقەنى ئۆلچەم قىلىپ ئەمەس، بەلكى، ئاساسەن، ھەرقايسى رايونلار ۋە مەملىكەتلەرنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتى باسقۇچلىرىغا ئاساسلىنىپ ئايرىلدى. ئۆگىنىشكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، بەزى

مەملىكەتلەرنىڭ قۇللۇق جەمئىيىتىمۇ ئىككىنچى قىسىمدا بايان قىلىندى. ئاخىرقى قەدىمقى زامان تارىخىدا يەنىلا 17-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى ئەنگلىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابىنىڭ هارپىسىغىچە بولغان دەۋر ئاخىرقى چەك قىلىندى، لېكىن ھەممىسى زورمۇ-زور بىردەك قىلىۋېتىلمەي، ھەرقايسى مەملىكەتلەر تارىخىنىڭ تەرەققىيات باسقۇچلىرىغىمۇ ئېتىبار بېرىلدى.

باشلانغۇچ جەمئىيەت — ئىنسانلار بېسىپ ئۆتكەن تۇنجى جەمئىيەت. ئەينى زاماندا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تۆۋەن بولۇپ، ئىنسانلار مۇشەققەتلىك كوللېكتىپ ئەمگەككە تايىنىپلا تۇرمۇشىنى ئاران قامدايتتى. باشلانغۇچ جەمئىيەتتە، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئاساسى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان ئومۇمى مۈلۈكچىلىك ئىدى، ئەمگەك مەھسۇلاتلىرى تەڭ تەقسىم قىلىناتتى، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇدەك ئېشىنچە مەھسۇلات بولمىغانلىقتىن، سىنىپ ۋە دۆلەت يوق ئىدى. مانا بۇ باشلانغۇچ كوممۇنىزىم جەمئىيىتى ئىدى.

باشلانغۇچ جەمئىيەتنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققى قىلىپ، ئېشىنچا مەھسۇلات بارلىققا كەلگەنلىكتىن، پەيدىن-پەي خۇسۇسى مۈلۈك، سىنىپ ۋە دۆلەت بارلىققا كەلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئىنسانلار تۇنجى سىنىپىي جەمئىيەت — قۇللۇق جەمئىيەتكە قەدەم قويدى. قۇللۇق جەمئىيەتتە، قۇللار بىلەن قۇلدارلار ئاساسىي قارىمۇ-قارشى سىنىپلار ئىدى. قۇللار ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىدىن مەھرۇم قىلىنغانلىقى ئۈستىگە ئۆزلىرىنىڭ ئۆزىمۇ قۇلدارلارنىڭ مۈلكى بولۇپ قالغان ئىدى. قۇللۇق تۈزۈمدىكى جەمئىيەتلەرنىڭ تولىسىدا، قۇللاردىن باشقا، قۇلدارلار سىنىپىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە ئۇچرايدىغان ئادەم سانى

كۆپ بولغان دېھقانلار ۋە تۈرلۈك ئۇششاق ئىشلەپچىقارغۇچىلارمۇ بار ئىدى. قۇللار ۋە باشقا ئەمگەكچى خەلق ئەينى ۋاقىتتىكى بارلىق ماددىي بايلىقلارنى ياراتقۇچى، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشى ۋە سىنىپىي كۈرىشى بولسا مەدەنىيەتنىڭ مەنبەسى ئىدى. لېكىن ئۇلار قۇلدارلار تەرىپىدىن "گەپ قىلالايدىغان قورال" دەپ كەمسىتىلىپ، دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە زۇلۇم ئاستىدا، ھايۋاندىنمۇ بەتتەر تۇرمۇش كەچۈرەتتى. قۇللار ۋە باشقا ئەمگەكچى خەلقنىڭ قۇلدارلارغا قارشى كۈرىشى قۇللۇق جەمئىيەت تارىخىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ۋە شۇ تارىخنى ئالغا سىلجىتقان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ئىدى.

قۇللۇق تۈزۈم شارائىتىدىكى ئېكسپىلاتاتسىيە ئىنتايىن دەھشەتلىك بولغان بولسىمۇ، لېكىن، "شۇ ۋاقىتتىكى شارائىتتا قۇللۇق تۈزۈمنىڭ قوللىنىلغانلىقى غايەت زور ئىلگىرىلەش ئىدى"①. بۇ تۈزۈم ئارقىلىق قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن دېھقانچىلىق ئوتتۇرىسىدا، جىسمانىي ئەمگەك بىلەن ئەقلىي ئەمگەك ئوتتۇرىسىدا تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ئىش تەقسىماتى بارلىققا كېلىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ يۈكسىلىشى، ئالماشتۇرۇشنىڭ كېڭىيىشى، سەنئەت بىلەن پەننىڭ كەشپ قىلىنىشى ۋە باشقىلار مۇمكىنچىلىككە ئېرىشتى. ئىنسانلار باشلانغۇچ جەمئىيەتتىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ زور ئىلگىرىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، قۇللۇق تۈزۈمنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى بارا-بارا ئىشلەپچىقىرىش

① ئېنگېلس: «دىيۇرىڭغا قارشى»، 1978-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 349-بەت.

كۆچلىرى، تەرەققىياتىنىڭ تەلىۋىگە لايىقلىشالماي قېلىپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن بويۇنتۇرۇق بولۇپ قالىدى. قۇلدارلار ئۆز چاڭگىلىدىكى دۆلەت ماشىنىسىدىن پايدىلىنىپ، ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتىشكە ئۇرۇنۇپ، ۋاقتى ئۆتكەن قۇللۇق تۈزۈمىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن كۈچىنىڭ بېرىچە جان تالاشتى. كەڭ قۇللار ۋە خەلق ئاممىسى قوزغىلىپ كۆرەش قىلىپ، قۇلدارلارنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئىنقىلاۋىي زورلۇق كۈچ بىلەن پاچاقلاپ تاشلىدى. قۇللۇق تۈزۈم ھالاك بولىدى، ئىنسانلار فېئوداللىق جەمئىيەتكە ئۆتتى. بەزى مىللەتلەر ئىچكى-تاشقى تۈرلۈك شارائىتلارنىڭ تەسىرى بىلەن، قۇللۇق تۈزۈمنى باشتىن كەچۈرمەيلا بىۋاستە فېئوداللىق جەمئىيەتكە قەدەم قويدى.

فېئوداللىق تۈزۈم شارائىتىدا، دېھقانلار بىلەن فېئوداللار ئاساسىي قارىمۇ-قارشى سىنىپلار ئىدى. يەر ۋە باشقا ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى پۈتۈنلەي دېگۈدەك فېئوداللارنىڭ ئىگىدارلىقىدا ئىدى، دېھقانلارنىڭ ئاجىز مۇستەقىل ئىگىلىكى بولاتتى، بەزىدە كىچىك يەرلىرى بولاتتى، ياكى تامامەن يېرى بولمايتتى. دېھقانلار ئىلاجسىزلىقتىن، فېئوداللارنىڭ يېرىنى تېرىپ، يەر ئىجارىسى تاپشۇرۇپ (يەر ئىجارىسى ئىشلەپ بېرىش، ماددىي نەرسە، پۇل ۋە باشقا نەرسە تۆلەش شەكلىدە بولاتتى)، ئېكسپلاتاتسىيە ۋە زۇلۇمدىن جېنى چاق تۇياتتى. فېئوداللار دېھقانلارنى يەرگە باغلاپ قويۇش ئۈچۈن، دېھقانلىنىڭ ئۆزىنىمۇ ئىدارە قىلىدىغان ئىقتىساتتىن تاشقىرى زورلۇق ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى. بۇنداق زورلۇق ياڭچىلارنىڭ تۇتقان ئورنىدىن ئارتىپ فېئوداللىق دۆلەتنىڭ خەلق ئۈستىدىكى كونتروللۇقى بولۇپ ئىپادىلىنىدىغان خىلمۇ-خىل شەكىلدە ۋە ئوخشاش بولمىغان دەرى-

جىدە بولاتتى. فېئوداللىق جەمئىيەتتە، دېھقانلاردىن باشقا، ئوخشاشلا فېئوداللارنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىسى ۋە زۇلمىغا ئۇچرايدىغان مۇستەقىل قول ھۈنەرۋەنلەر ۋە باشقا ئەمگەكچى خەلقمۇ بار ئىدى.

قۇللۇق جەمئىيەتتىكى قۇللارغا ئوخشاشلا، فېئوداللىق جەمئىيەتتە دېھقانلار تارىخنىڭ خوجايىنى ئىدى. لېكىن فېئوداللار دېھقانلارنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن كۈچىنىڭ بىرىچە شىلىۋالاتتى، سىياسىي جەھەتتە بولسا چاڭگىلىدىكى دۆلەت ماشىنىسى ۋە بارلىق ئۈستقۇرۇلمىدىن پايدىلىنىپ، دېھقانلارنى خالىغانچە ئېزەتتى ۋە دەپسەندە قىلاتتى. دېھقانلار فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە زۇلۇمغا تۈرلۈك ۋاستىلەر بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى، ئىشنى ئاقسىتىشتىن تارتىپ قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكىچە بولغان كۈرەش فېئوداللىق جەمئىيەتتە ئۈزۈلمەي بولۇپ تۇراتتى. "دېھقانلارنىڭ ئەنە شۇنداق سىنىپىي كۈرەشلىرى، ئەنە شۇنداق قوزغىلاڭلىرى ۋە ئەنە شۇنداق ئۇرۇشلىرىلا تارىخىي تەرەققىياتنىڭ ھەقىقىي ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچى بولغان ئىدى. چۈنكى ھەر قېتىمقى چوڭراق دېھقانلار قوزغىلاڭلىرى ۋە دېھقانلار ئۇرۇشلىرىنىڭ نەتىجىسىدە شۇ چاغدىكى فېئودال ھۆكۈمرانلىققا زەربە بېرىلگەن، شۇنىڭ بىلەن ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىمۇ ئازتولا ئالغا سۈرۈلگەن ئىدى."①

---

① ماۋ زېدۇڭ: «جۇڭگو ئىنقىلابى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى». «ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، 1971 - يىل ئۇيغۇرچە يېڭى يېزىق نەشرى، 2 - توم، 1136 — 1137 - بەتلەر.

www.uyghurkitap.com

فېوداللىق تۈزۈم قۇللۇق تۈزۈمگە قارىغاندا بىر ئىلگىرىلەش ئىدى، چۈنكى فېوداللىق تۈزۈم شارائىتىدا، بىۋاستە ئىشلەپچىقارغۇچىلار مۇستەقىل ئىگىلىككە ئىگە بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىشتا ئىشلەپچىقىرىشنىڭ راۋاجلىنىشىغا پايدىلىق بولغان بەلگىلىك ئاكتىپلىقنى كۆرسىتىپ، قۇللۇق جەمئىيىتىگە قارىغاندا تېخىمۇ يۇقىرى ماددىي ۋە مەدەنىي مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ياراتقان ئىدى. ئەمما تارىخ دىيالېكتىكىسى بويىچە فېوداللىق تۈزۈممۇ بارا-بارا چىرىك ۋە قالاق نەرسىگە ئايلىنىپ قالغانلىقتىن، ئۇنى تارمار قىلىش زۆرۈر بولۇپ قالغان ئىدى. بۇ ۋاقىتتا فېوداللىق جەمئىيەتتە كاپىتالىزم ئامىللىرى پەيدا بولۇپ، ئەڭ دەسلەپكى بۇرژۇئازىيە بىلەن پرولېتارىيات شەكىللەندى. بۇرژۇئازىيە خەلق ئاممىسى بىلەن بىرلىكتە ئەكسىيەتچىل فېوداللىق تۈزۈمنى پاچاقلاپ تاشلاش ئۈچۈن كۈرەش قىلدى، بۇرژۇئا ئىنقىلابى دەۋرى يېتىپ كەلدى.

دۇنيانىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ بېرىشىدىن قارىغاندا، قۇللۇق تۈزۈم بىلەن فېوداللىق تۈزۈمنى ئاللىبۇرۇنلا تارىخ مۇزېيىغا كىرگۈزۈۋېتىش كېرەك ئىدى. لېكىن، ئۇلارنىڭ بىرمۇنچە قالدۇقلىرى بولۇپمۇ فېوداللىق تۈزۈمنىڭ قالدۇقلىرى تېخىچە كۆپلەپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا، يەنىلا خەلقنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلماقتا ۋە ئەزمەكتە: قۇللۇق تۈزۈم بىلەن فېوداللىق تۈزۈمگە خاس نۇرغۇن ئەكسىيەتچىل ئىدىيىلەر يەنىلا خەلقنى زەھەرلىمەكتە؛ ھالبۇكى، جاھانگىرلار ۋە بارلىق ئەكسىيەتچىلەر يەنىلا بۇ چىرىك نەرسىلەردىن پايدىلىنىپ ئىنقىلابىي خەلققە يېڭى ھۇجۇم قوزغىماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىزنىڭ قەدىمقى زامان دۇنيا تارىخىنى ئۆگىنىشىمىز ۋە تەتقىق قىلىشىمىز ئىنتايىن زور رېئال ئەھمىيەتكە

ئىگە. يېڭى كۈرەشلەرنى ئېلىپ بېرىشىمىزغا پايدىلىق بولسۇن ئۈچۈن، ئالدىنقىلارنىڭ كۈرەش تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، ئۆتمۈشتىكى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار قالدۇرۇپ قويغان يامان نەرسىلەرنى تىرىشىپ تازىلاپ چىقىرىپ، جۇڭگو ئىنقىلابى ۋە دۇنيا ئىنقىلابى ئۈچۈن ھەسسە قوشۇشىمىز لازىم.

www.uyghurkitap.com

# بىرىنچى قىسىم
# يىراق قەدىمقى زامان تارىخى

## بىرىنچى باپ
## باشلانغۇچ جەمىيەت

ئىنسانىيەت جەمىيىتىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدا، باشلانغۇچ جەمىيەت — بىرىنچى باسقۇچ، ئۇنىڭدىن كېيىن قۇللۇق جەمىيەت، فېئوداللىق جەمىيەت، كاپىتالىستىك جەمىيەت ۋە سوتسىيالىستىك — كوممۇنىستىك جەمىيەت كېلىدۇ. باشلانغۇچ جەمىيەت — ھازىرغا قەدەر بولغان ئىنسانىيەت تارىخىدا ئەڭ ئۇزاق داۋام قىلغان باسقۇچ، ھازىرقى زامان پەن تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، ئىنسانىيەت جەمىيىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىي تەخمىنەن 2 — 3 مىليون يىللىق ۋاقىتنى بېسىپ ئۆتكەن، ناھايىتى ئۇزاق بۇ ۋاقىت ئىچىدە ئاران 5 — 6 مىڭ يىللا باشلانغۇچ جەمىيەتتىن كېيىنكى تەرەققىيات باسقۇچلىرى ھىساۋىغا كىرىدۇ. ھازىر دۇنيادا ياشاۋاتقان بارلىق مىللەتلەرنىڭ ئاۋۋىلىسىنىڭ ئاۋۋىلىسىدىكى ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ھەممىسى باشلانغۇچ جەمىيەت باسقۇچىنى باشتىن كەچۈرگەن، بەزى مىللەتلەر تاكى يېقىنقى بىر-ئىككى يۈز يىللىغىچە يەنىلا باشلانغۇچ جەمىيەت تۇرمۇشىنى كەچۈرۈپ كەلدى.

باشلانغۇچ جەمئىيەت سىنىپ بولمىغان، ئېكسپلاتاتسىيە بولمىغان باشلانغۇچ كوممۇنىزىم جەمئىيىتى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئاساسى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىدى. ئەينى ۋاقىتتىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئىنتايىن تۆۋەن بولغانلىقتىن، كوللېكتىپنىڭ كۈچىگە تايانغاندىلا، ئىنسانلار ئاندىن ئىنتايىن مۇشەققەتلىك شارائىتتا ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشى ئېلىپ بېرىپ، هايات كەچۈرەلەيتتى ۋە تەرەققىي قىلالايتتى، بۇ هال باشلانغۇچ جەمئىيەتتە بىرلىكتە ئەمگەك قىلىش، تەڭ تەقسىم قىلىشنى يولغا قويۇش كېرەكلىكىنى بەلگىلىگەن ئىدى. ئىنسانلار ئۈزلۈكسىز كوللېكتىپ ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللىنىش ئەمەلىيىتى ۋە كۈرەشلەر ئارقىلىق باشلانغۇچ جەمئىيەتنى ئالغا سىلجىتتى.

ئىپتىدائىي ئىنسانلار هايۋاناتلار قاتارىدىن ئاجرىلىپ چىققاندىن كېيىن، نەچچە يۈز مىڭ يىللىق ئۆتۈشى داۋامىدا، بارا-بارا ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى ياخشىلاپ، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، بىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ هەمدە بىر قاتار زور كەشپىيات ۋە ئىجادىيەتلەرنى يارىتىپ، كېيىنكى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ يەنىمۇ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن ئاساس سېلىپ بەردى. باشلانغۇچ جەمئىيەتنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى ئىنسانلارنى ئەمگەك ياراتقانلىقىنى ۋە تارىخنى ئەمگەكچى ئامما ئالغا سىلجىتقانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى ئىنتايىن روشەن كۆرسىتىپ بەردى. ئېنگېلس مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن ئىدى: باشلانغۇچ جەمئىيەت دەۋرى "كەلگۈسىدىكى بارلىق ئەۋلادلار ئۈچۈن، بەرىبىر ئەڭ قىزىقارلىق تارىخىي دەۋر بولۇپ قالىدۇ، چۈنكى ئۇ كېيىنكى تېخىمۇ يۇقىرى

پۈتۈن تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىنى ئورناتقان، چۈنكى ئۇ ئادەمنىڭ ھايۋاناتلار دۇنياسىدىن ئاجرىلىپ چىقىشىنى ئاساس قىلىدۇ ھەمدە كەلگۈسىدىكى بىرلەشكەن كىشىلەر مەڭگۈ قايتا دۇچ كەلمەيدىغان قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشنى مەزمۇن قىلىدۇ"①. باشلانغۇچ جەمئىيەت تارىخىنى ئۆگىنىش بىزنى ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ بىلىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ، بىزنىڭ كوممۇنىزىم غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۆرەش قىلىشىمىزغا ئىلھام بېرىدۇ.

## 1 - بۆلۈم  ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ ئەمگەك ياراتقان

**ئىنسانلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تەرەققى قىلىش جەريانى**

يەر شارى تەخمىنەن 4 مىليارت 500 مىليون يىللىق تارىخقا ئىگە. ئۇزاق داۋام قىلغان بۇ ۋاقىتنىڭ 5 تىن 4 قىسمى يەر شارىدا جانسىز ماددىلارلا بولغان ۋاقىت ئىدى. كېيىن، جانسىز ماددىلارنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىشى ۋە تەرەققى قىلىشى ئارقىسىدا، ئەڭ ئاددىي جانلىق مەۋجۇداتلار پەيدا بولۇپ، بۇنىڭدىن تەخمىنەن بىر مىليارت نەچچە يۈز مىليون يىلدىن 600 مىليون يىل ئىلگىرى يەر شارىدا ھايات بارلىققا كېلىشكە باشلىغان. جانلىق مەۋجۇداتلار ئۇزاق مۇددەت ئۈزلۈكسىز تەرەققى قىلىش ۋە ئۆزگىرىش ئارقىسىدا، يېڭى ھايات

---

① ئېنگېلس: «دىيالېكتىكا قارشى»، 1978 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 219 - بەت.

دەۋرىگە كەلگەندە (بۇنىڭدىن 60 ـ 70 مىليون يىل ئىلگىرى) سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار پەيدا بولۇشقا باشلىغان، كېيىن سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلاردىنمۇ ئۈزگىرىپ ئادەمسىمان مايمۇنلار پەيدا بولغان. بۇنىڭدىن تەخمىنەن ئون نەچچە مىليون يىل ئىلگىرى ياشىغان قەدىمقى ئادەمسىمان مايمۇنلار ئىنسانلارنىڭ يىراق قەدىمقى زامانىدىكى ئاتا ـ بوۋىسى ئىدى.

ئېنگېلس «مايمۇننىڭ ئادەمگە ئايلىنىش جەريانىدا ئەمگەكنىڭ رولى» دېگەن ئەسىرىدە "ئادەمسىمان مايمۇنلار"، "شەكىللىنىۋاتقان ئادەملەر" ۋە "مۇكەممەللەشكەن ئادەملەر"[1] دېگەن بۇ ئۈچ ئىسىمنى ئىشلىتىپ، ئىنسانلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تەرەققىيات جەريانىدىكى ئۈچ ئاساسىي باسقۇچنى يىغىنچاقلاپ بەرگەن. "ئادەمسىمان مايمۇنلار" دېگەندە بۇنىڭدىن ئون مىليون يىل، بىر مىليون يىل ئىلگىرىكى قەدىمقى ئادەمسىمان مايمۇنلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ئۇلار ئىنسانلارنىڭ يىراق قەدىمقى زامانىدىكى ئاتا ـ بوۋىسى؛ "شەكىللىنىۋاتقان ئادەملەر" دېگەندە، ئۆرە ماڭالايدىغان، ئىككى قولى ئوزۇق تېپىش ۋە ئۆزىنى قوغداشقا ئوخشاش ھەركەتلەرنى قىلىشقا بارا ـ بارا ئادەتلەنگەن، كالتەك، تاشقا ئوخشاش تەبىي قوراللاردىن پايدىلىنالايدىغان، لېكىن بەنىلا ھەقىقىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانمىغان مايمۇندىن ئادەمگە ئۆتۈش دەۋرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ؛ "مۇكەممەللەشكەن ئادەملەر" دېگەندە بولسا ھايۋاناتلار دۇنياسىدىن تولۇق ئاجرىلىپ چىققان، قورال ياسىيالايدىغان، ھەقىقىي تۈردە ئەمگەك قىلالايدىغان ئادەملەر كۆزدە

---

① ئېنگېلس: «مايمۇننىڭ ئادەمگە ئايلىنىش جەريانىدا ئەمگەكنىڭ رولى»، 1973 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 2 ـ، 7 ـ، 10 ـ بەتلەرگە قارالسۇن.

تۇتۇلدۇ.

ئېنگېلس بۇنىڭدىن يۈز يىلدەك ئىلگىرى كۆرسىتىپ بەرگەن ئىنسانلارنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخىنىڭ ئاساسىي قانۇنىيىتى ئۈزلۈكسىز تۈردە ھازىرقى زامان پەن كەشپىياتلىرى بىلەن ئىسپاتلانماقتا ۋە تولۇقلانماقتا. قەدىمىي ئىنسانشۇناسلىق ۋە ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتلىرىغا ئاساسەن، بىز قەدىمقى ئادەمسىمان مايمۇنلاردىن شەكىللىنىۋاتقان ئادەملەرگىچە، ئۇنىڭدىن مۇكەممەللەشكەن ئادەملەرگىچە بولغان بۇ تەرەققىيات جەريانىنىڭ ئاساسىي ئىزنىسىنى سۈرەتلەپ چىقالايدىغان بولدۇق. بۇنىڭدىن ئون نەچچە مىليون يىل ئىلگىرى ياشىغان قەدىمقى ئادەمسىمان مايمۇنلارغا "ئورمانلىقتا ياشىغان قەدىمقى ئادەمسىمان مايمۇنلار" ۋە لاما قەدىمقى ئادەمسىمان مايمۇنلىرى ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئافرىقا ۋە ياۋروپانىڭ جەنۇبىي قىسمى ھەم مەملىكىتىمىزنىڭ يۈننەن ئۆلكىسىدىكى كەييۈەن قاتارلىق جايلاردىن ئورمانلىقتا ياشىغان قەدىمقى ئادەمسىمان مايمۇنلارنىڭ تاشقا ئايلانغان سۆڭەكلىرى تېپىلدى. ئورمانلىقتا ياشىغان قەدىمقى ئادەمسىمان مايمۇنلارنىڭ 32 چىشى بولۇپ، چىشىنىڭ ئېزىق چىش، ئالدى ئېزىق چىش، قوزۇق چىش، ئوتتۇر چىش تەرتىۋى بويىچە تىزىلىشى ئادەم بىلەن ھازىرقى زامان ئادەمسىمان مايمۇنلىرىدىكى ئورتاق ئالاھىدىلىك. كېيىنكى بىرقانچە مىليون يىللىق ئۆزگىرىش جەريانىدا، ئورمانلىقتا ياشىغان قەدىمقى ئادەمسىمان مايمۇنلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلاتلىرى پەيدىن-پەي بۆلۈنۈپ، بىر تارمىقى ھازىرقى زامان ئادەمسىمان مايمۇنلىرىغا، بىر تارمىقى لاما قەدىمقى ئادەمسىمان مايمۇنلىرىدىن ئىنسانلارغا ئايلانغان.

"شەكىللىنىۋاتقان ئادەملەر"گە ئافرىقىنىڭ شەرقىي ۋە جەنۇبىي

قىسىملىرىدىن تېپىلغان "جەنۇپتا ياشىغان قەدىمقى ئادەمسىمان مايمۇنلار"نىڭ تاشقا ئايلانغان سۆڭەكلىرى ۋەكىللىك قىلىدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ گۇاڭشى ئۆلكىسىدىمۇ بۇ خىل قەدىمقى ئادەمسىمان مايمۇنلارنىڭ تاشقا ئايلانغان سۆڭەكلىرى تېپىلدى. 1924-يىلى تۇنجى قېتىم تېپىلغاندىن باشلاپ ھازىرغىچە، ئافرىقىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن سانى كۆپ بولغان جەنۇپتا ياشىغان قەدىمقى ئادەمسىمان مايمۇنلارنىڭ تاشقا ئايلانغان سۆڭەكلىرى تېپىلىپ، ئىنسانلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى تەتقىقاتنى مول ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىدى. جەنۇپتا ياشىغان قەدىمقى ئادەمسىمان مايمۇنلار دەرەختە ياشاشتىن يەردە ياشاشقا كۆچكەن، بۇ ئەينى ۋاقىتتىكى يەر پوستى ھەركىتىنىڭ جىددىيلىشىشى، ھاۋا رايىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ئورمانلىقنىڭ تارىيىشىغا ئوخشاش تەبىئىي شارائىتلارغا ماسلاشقانلىقتىن بولغان. جەنۇپتا ياشىغان قەدىمقى ئادەمسىمان مايمۇنلار تەبىئىي شارائىتلارنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئۈزلۈكسىز ماسلىشىش جەريانىدا، بارا-بارا ئۆرە مېڭىشقا ئادەتلىنىپ، ئالدى پۇتى-قولىدا تۈرلۈك ھەركەتلەرنى قىلىدىغان بولغان، يەنى قوللىرىنى ئازات قىلغان، ئېنگېلس مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: "بۇنىڭ بىلەن **مايمۇننىڭ ئادەمگە ئايلىنىشىنىڭ ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە بىرىنچى قەدىمى ئورۇنلانغان.**"① مايمۇندىن ئادەمگە ئۆتۈش باسقۇچىغا تەۋە بولغان جەنۇپتا ياشىغان قەدىمقى ئادەمسىمان مايمۇنلار "مۇكەممەللەشكەن ئادەملەر" پەيدا بولۇشتىن ئىبارەت بۇ سۈپەت ئۆزگىرىشىدىن ئىلگىرىكى سان ئۆزگىرىشى جەريانىدا

---

① ئېنگېلس: «مايمۇننىڭ ئادەمگە ئايلىنىش جەريانىدا ئەمگەكنىڭ رولى»، 1973-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 2-بەت.

www.uyghurkitap.com

تۇراتتى.

جەنۇپتا ياشىغان قەدىمقى ئادەمسىمان مايمۇنلار بۇنىڭدىن تەخمىنەن 5 مىليون يىل ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردىن 2 ـ 3 مىليون يىل ئىلگىرىكى ۋاقىتلارغىچە بولغان دەۋردە ياشىغان ئىدى. جەنۇپتا ياشىغان قەدىمقى ئادەمسىمان مايمۇنلار قولىغا كالتەك ۋە تاش ئېلىپ ھەركەت قىلالايدىغان بولغان، لېكىن تېخى قورال ياسىيالايدىغان بولالمىغان. قەدىمقى ئادەمسىمان مايمۇنلارنىڭ كۆپلىگەن تاشقا ئايلانغان سۆڭەكلىرىدىن شۇنىمۇ كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، جەنۇپتا ياشىغان قەدىمقى ئادەمسىمان مايمۇنلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان بىرقانچە نەسلى بولغان، بۇنىڭدىن بەزىلىرى تەدرىجى تەرەققىي قىلىپ "مۇكەممەللەشكەن ئادەملەر"گە يەنى ھەقىقىي ئىنسانلارغا ئايلانغان. قەدىمقى ئادەمسىمان مايمۇنلارغا خاس ئالاھىدىلىكلەرنى يەنىلا ساقلاپ قالغان نەسىللىرىمۇ بولۇپ، ئۇلار بۇنىڭدىن بىر مىليون يىل ئىلگىرى بارا-بارا يوقالغان.

ئېنگېلس مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: "ئەمگەك قورال ياساشتىن باشلانغان."① قورال ياساش بىلەن شۇغۇللىنىپ، ھەقىقىي ئەمگەك ئەمەلىيىتىنى باشلاش بىلەنلا، ئادەممۇ ھايۋاناتلار دۇنياسىدىن پۈتۈنلەي ئاجرىلىپ چىقىپ، "مۇكەممەللەشكەن ئادەملەر"گە ئايلانغان. ئەڭ دەسلەپ پەيدا بولغان ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ھازىرقى زامان ئادەملىرى بىلەن، مەيلى تەن قۇرۇلۇشى جەھەتتە بولسۇن، ياكى ئەقىل جەھەتتە بولسۇن، يەنىلا مۇئەييەن پەرقى بار ئىدى، شۇنىڭ

① ئېنگېلس: «مايمۇننىڭ ئادەمگە ئايلىنىش جەريانىدا ئەمگەكنىڭ رولى»، 1973 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 12 ـ بەت.

ئۈچۈن ئەڭ دەسلەپكى ئىپتىدائىي ئىنسانلاردىن ھازىرقى زامان ئادەملىرىگە تەرەققىي قىلىشتىمۇ تۆۋەن باسقۇچتىن يۇقۇرى باسقۇچقا ئۆتۈشتەك بىر قاتار باسقۇچلار بولىدۇ. ئىنسانلارنىڭ تاشقا ئايلانغان سۆڭەكلىرى ئۈستىدە قىلىنغان تەتقىقاتقا ئاساسەن، ئىپتىدائىي ئىنسانلارنى ئۆرە ماڭىدىغان ئادەملەر ۋە ئەقىللىق ئادەملەر① دېگەن ئىككى ئاساسىي باسقۇچقا ئايرىشقا بولىدۇ. ئۆرە ماڭىدىغان ئادەملەر باسقۇچى بۇنىڭدىن تەخمىنەن 2-3 مىليون يىل ئىلگىرى باشلىنىپ، بۇنىڭدىن 2-3 يۈز مىڭ يىل ئىلگىرى ئاياقلاشقان، بۇ چاغدىكى ئىپتىدائىي ئىنسانلار قورال ياسىيالايدىغان، ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنالايدىغان بولۇشقا باشلىغان ھەمدە ئەمگەك ئەمەلىيىتى قول بىلەن مېڭىنى بىرقەدەر زور تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرگەنلىكتىن، ئۇلار ھايۋاناتلار دۇنياسىدىن پۈتۈنلەي ئاجرىلىپ چىققان. لېكىن، بەزى سۆڭەك تۈزۈلۈشىدە يەنىلا ئادەمسىمان مايمۇنلارنىڭكىگە يېقىن كېلىدىغان، ئەمما ھازىرقى زامان ئادەملىرى بىلەن ئوخشاش بولمىغان ئالاھىدىلىكلەرمۇ ساقلىنىپ قالغان، مەسىلەن، باش قىسمىدا پېشانە سۆڭىكى تومپىيىپ چىققان بولۇپ، ئوڭ، سول تەرەپلىرى تۇتاشقان، ئېڭىكىمۇ بولمىغان، ۋاھاكازالار. ئۆرە ماڭىدىغان ئادەملەر باسقۇچىدىكى ئىنسانلارنىڭ تاشقا ئايلانغان سۆڭەكلىرىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى باسقۇچتىكى ۋەكىلى 70-يىللاردىن بۇيان ئافرىقىنىڭ تانزانىيە، كېنىيە، ئېفوپىيە قاتارلىق جايلىرىدىن تېپىلغان بۇنىڭدىن 3 مىليون يىل ئىلگىرىكى قەدىمقى

① بۇرۇن مايمۇن ئادەملەر، قەدىمقى ئادەملەر، يېڭى ئادەملەر دېگەن 3 باسقۇچقا ئايرىلغان بولۇپ، بۇلار ئۆرە ماڭىدىغان ئادەملەر، دەسلەپكى ئەقىللىق ئادەملەر، كېيىنكى ئەقىللىق ئادەملەرگە توغرا كېلىدۇ.

زامان ئادەملىرى بولۇپ، بۇنىڭدىن 1975-يىلى ئېفوپىيىنىڭ ئاۋاش جىلغىسىدىن تېپىلغىنى ئەڭ مۇھىم. بۇ جايدىن قەدىمقى ئىنسانلاردىن 7 سىنىڭ تاشقا ئايلانغان سۆڭەكلىرىنىڭ بىرلا ۋاقىتتا تېپىلغانلىقى ئەينى زاماندا ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانغان ئىنسانلارنىڭ كوللېكتىپ ياشىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ھىندونېزىيەدىن تېپىلغان ياۋا① ئادىمى ۋە گېرمانىيىدىن تېپىلغان ھېيدېلبېرگ ئادىمى بۇلارنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرى. ئۇلار ياسىغان قوراللار ئىنتايىن ئىپتىدائىي بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ مېڭىسىنىڭ ھەجمى قەدىمقى ئادەمسىمان مايمۇنلارنىڭكىدىن كۆپ دەرىجىدە چوڭ بولغان. ئۇلاردىن كېيىنكى بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان باسقۇچنىڭ ۋەكىللىرى بولسا تانزانىيىدىن تېپىلغان شېل ئادىمى، ئالجىرىيە ۋە ماراكەشتىن تېپىلغان ئاتلاس ئادىمى، مەملىكىتىمىزنىڭ بېيجىڭدىكى جۇكۇدىيەندىن تېپىلغان بېيجىڭ ئادىمى بولسا بۇلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەكىلى.② ھازىرغىچە جۇكۇدىيەن بېيجىڭ ئادىمىنىڭ تاشقا ئايلانغان قالدۇقلىرى

① ياۋا — جاي نامى. — تەرجىماندىن.

② بېيجىڭ ئادىمى 1921 — 1923-يىللىرى تۇنجى قېتىم تېپىلغان، ئۇ چاغدا پەقەت ئىككى تال چىشلا تېپىلغان. 1929-يىلى جۇڭگو ئىشچىلىرى ۋە ئىلىم-پەن خادىملىرى بىر بېيجىڭ ئادىمىنىڭ تولۇق مېڭە قاپقۇغىنى قېزىپ تاپقان ئىدى، لېكىن بۇ تاشقا ئايلانغان سۆڭەك ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە جاھانگىر ئۇنسۇرلار تەرىپىدىن ئوغرىلاپ كېتىلدى. ھازىرغىچە ئۇنىڭ ئىز-دېرىكى بولمىدى. ئازادلىقتىن كېيىن، مەملىكىتىمىز تاشقا ئايلانغان يەنە بىر تۈركۈم نەرسىلەرنى ئارقا-ئارقىدىن قېزىپ تاپتى. بولۇپمۇ مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدا بىر دانە مېڭە قاپقۇغى تېپىلىپ، بېيجىڭ ئادىمى تەتقىقاتى مۇھىم ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئېتىلدى.

تىزىدا ئوخشاش بولمىغان ياشتىكى ۋە جىنستىكى تەخمىنەن 40 يەككىلىككە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئىنسانلارنىڭ تاشقا ئايلانغان قالدۇقلىرى ۋە يۈز مىڭدىن ئارتۇق تاش قوراللار تېپىلدى، يەنە ئوتتىن پايدىلانغانلىققا دائىر ئىزلار ۋە ھايۋانلارنىڭ تاشقا ئايلانغان ئۇرغۇن سۆڭەكلىرى تېپىلدى. بېيجىڭ ئادىمى بۈگۈندىن تەخمىنەن 400—500 مىڭ يىل ئىلگىرى ياشىغان ئادەملەر. بۇ ناھايىتى يىراق قەدىمقى زاماندا، بىزنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىمىز قورال ياسىيالايدىغان بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئوتتىن پايدىلىنىشقىمۇ كىرىشكەن، بۇ — ھەقىقەتەنمۇ قالتىس ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەت.

دەسلەپكى ئەقىللىق ئادەملەر باسقۇچىدىكى ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ قول ۋە مېڭە قاتارلىق ئاساسلىق ئەزالىرى داۋاملىق تەرەققىي قىلىپ، ھازىرقى زامان ئادەملىرىگە ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاپ كېتىدىغان دەرىجىگە يەتكەندىمۇ، ئۇلاردا پېشانىسى يەنىلا پەس ھەم سىغايان بولۇش، قاپىقى تومپاي ھەم سۆڭەكلىك، ئېڭىكى روشەن بولماسلىقتەك بەزى ئىپتىدائىي بەلگىلەر ساقلىنىپ قالغان ئىدى. بۇلارنىڭ مۇھىم ۋەكىللىرى گېرمانىيىدىن تېپىلغان نياندېرتال ئادىمى، ئافرىقىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىن تېپىلغان رودېزىيە ئادىمى، پەلەستىندىن تېپىلغان كامار ئادىمى ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ سەنشى ئۆلكىسىنىڭ شياكخېن دېگەن يېرىدىن تېپىلغان دىڭسۇن ئادىمى، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ شاۋگۇەن دېگەن يېرىدىن تېپىلغان مابا ئادىمى، خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ چاڭياڭ ئادىمى ۋە باشقىلار. بۇ باسقۇچ بۈگۈندىن تەخمىنەن 2—3 يۈز مىڭ يىل ئىلگىرى باشلىنىپ، 100 مىڭ يىل ياكى 50 مىڭ يىل ئىلگىرى ئاياقلاشقان.

كېيىنكى ئەقىللىق ئادەملەر باسقۇچىغا كەلگەندە، ئۇلارنىڭ تەن

www.uyghurkitap.com

تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكى ھازىرقى زامان ئادەملىرىدىن ھېچقانداق پەرقلەنمەيدىغان بولغان. مەسىلەن، فرانسىيەدىن تېپىلغان كرومانون ئادىمى ۋە بېيجىڭنىڭ جۇكۇدىيەن دېگەن يېرىدىن تېپىلغان تاغ چوققىسىدا ياشىغان ئۈڭكۈر ئادىمى ۋە باشقىلار. بۇ ۋاقىتتا ئىنسانلار ئاسىيا، ئافرىقا، ياۋروپا، ئامېرىكا قىتئەلىرىنىڭ ئادەملەر ماكانلىشىشقا لايىق كېلىدىغان رايونلىرىغا تارقالغان ئىدى. نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشى ۋە تۇرالغۇ رايونلىرىنىڭ تەدرىجى كېڭىيىشى ئارقىسىدا، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئادەملەر يەرلىك ئالاھىدىلىككە تەدرىجى ماسلىشىپ، ئوخشاش بولمىغان ئىرقلار شەكىللەنگەن، مەسىلەن، موڭغۇل ئىرقى، نېگرو-ئاۋستراليە ئىرقى، ياۋروپا ئىرقى ۋە باشقىلار، مانا بۇلار ھازىرقى ئىنسانلار ئىرقىنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى.

**ئادەمنىڭ ئۆزىنىمۇ ئەمگەك ياراتقان** ئىنسانلارنىڭ كۆللىكتىپ ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى ئەمەلىيىتى—مايمۇندىن ئادەمگە ئايلىنىش جەريانىدىكى ھەل قىلغۇچ ئامىل. ئادەم ئاخىر ھايۋاناتلار دۇنياسىدىن ئاجرىلىپ چىققان چاغدا، ئۇنىڭ قەدىمقى ئادەمسىمان مايمۇنغا ئوخشىمايدىغان تۈپ پەرقى قورال ياساش ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللىنالىغى ئىدى. قورال ئىشلىتىشتىن قورال ياساشقا ئۆتۈش ناھايىتىمۇ ئۇزاق بىر تەرەققىيات جەريانى بولدى، لېكىن، قورال ياسىيالايدىغان بولۇش بىلەنلا مايمۇندىن ئادەمگىچە بولغان ئۆزگىرىش جەريانىدا تۈپ سۈپەت ئۆزگىرىشى يۈز بېرىپ، ئىپتىدائى ئىنسانلار تەبىئەت دۇنياسى بىلەن كۈرەش قىلىشتا دەۋر بولگۈچ قورالغا ئىگە بولدى. ئۇلار ئەمدى تەبىئەتكە لايىقلىشىش، تەبىئەتنى پايدىلىنىش بىلەن چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ



ئۆرە ماڭىدىغان ئادەم — بېيجىڭ ئادىمىنىڭ رەسىمى

گوللىكتىپ ئەمگەك ئەمەلىيىتى ئارقىلىق تەبىئەتنى ئۆزگەرتىشكە، تەبىئەت ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشقا باشلىدى. ئېنگېلس مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: "ھايۋانلار پەقەتلا تاشقى تەبىئەت دۇنياسىدىن پايدىلىنىدۇ، ئۆزىنىڭ ياشاپ تۇرۇشى ئارقىلىقلا تەبىئەت دۇنياسىنى ئۆزگەرتىدۇ؛ ئادەم بولسا ئۆزى كىرگۈزگەن ئۆزگىرىشلەر بىلەن تەبىئەت دۇنياسىنى ئۆز مەقسىدى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرىدۇ، تەبىئەتكە **ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ**. مانا بۇ — ئادەمنى باشقا ھايۋانلاردىن ئايرىپ تۇرىدىغان ئاخىرقى، ماھىيەتلىك پەرق، بۇ، پەرقنى كەلتۈرۈپ چىقارغان نەرسە بولسا يەنىلا ئەمگەك."① مەسىلەن، بېيجىڭ ئادىمى قورال ياسىيالىغان ھەمدە ئوتتىن پايدىلىنىشنى باشلىغان، بۇ ئۇلارنى تەبىئەت بىلەن كۈرەش قىلىشتا قەدىمقى ئادەمسىمان مايمۇنلاردىن تېخىمۇ پەرقلىنىدىغان تەشەببۇسكار ئورۇندا تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان. ئۇچاقلاردىن تېپىلغان كۆيلىگەن تاش قوراللاردا ئادەم قولى بىلەن چاپقان-چوقۇغان خىلمۇخىل ئىزلار كۆرۈلىدۇ، تاشتىن ياسالغان كېسىش-چېقىش قوراللىرىمۇ ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ، بۇ بېيجىڭ ئادەملىرىنىڭ ئوخشاش

---

① ئېنگېلس: «مايمۇننىڭ ئادەمگە ئايلىنىش جەريانىدا ئەمگەكنىڭ رولى»، 1973-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 19 — 20-بەتلەر.

www.uyghurkitap.com

بولمىغان تاشلارنى تۇرلۇك ئۇسۇللار بىلەن ئىشلەپ ئوخشاش بولمىغان تىپلاردىكى تاش قوراللارنى ياساپ چىقىشنى بىلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇلار ئارخېئولوگىيىدە كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى تاش قوراللار دەپ ئاتىلىدۇ. ئوتتىن پايدىلىنىش ئادەملەرنىڭ تەبىئەت بىلەن كۈرەش قىلىشتا كۈچلۈك قورال ۋە سايمانغا ئىگە بولۇشىغا ئىمكانىيەت تۇغدۇرۇپ بەرگەن. بېيجىڭ ئادەملىرى ئوتتىن ئىسسىنىش ۋە ئوزۇقنى كاۋاپ قىلىش ئۈچۈن پايدىلانغان، ئوت ئۇز نۇۋىتىدە يەنە ياۋايى ھايۋانلاردىن مۇداپىئەلىنىش ۋە ئوۋلارنى تۇتۇش قورالىمۇ بولغان. ياغاچ نەيزىنىڭ ئۇچىنى ئوتتا كۆيدۈرۈش نەتىجىسىدە نەيزىنىڭ ئۇچى تېخىمۇ قاتتىق بولغان، بۇنىڭ بىلەن بىر خىل ئوبدان ئوۋلاش قورالىغا ئىگە بولغان. دەسلەپكى ئەقىللىق ئادەملەر باسقۇچىغا كەلگەندە، تاش قوراللارنى ياساش تېخنىكىسى تېخىمۇ تەرەققىي قىلىپ، ئىككىنچى قەدەمدىكى پىششىقلاپ ئىشلەش بارلىققا كەلگەن، تاش قوراللارنىڭ تىپى مۇقىملاشقان، تۈرى كۆپەيگەن، ئىش تەقسىماتى ئېنىق بولغان، بۇ ۋاقىتلاردىكى تاش قوراللار كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدىكى تاش قوراللارغا كىرىدۇ. كېيىنكى ئەقىللىق ئادەملەر باسقۇچىغا كەلگەندە، تاش قوراللارنى ياساش تېخنىكىسى خېلى مۇكەممەل دەرىجىگە يەتكەن، قورالنىڭ كۆرۈنۈشى سىپتا، چىرايلىق بولغان ھەمدە تاش قوراللار تاش بولقا بىلەن ۋاستىلىك ھالدا ئۇرۇش-چوقۇش ئۇسۇلى بىلەن ياسالغان، زىننەت بۇيۇملىرىنى ياساشتا تېخى تۇشۇك تېشىش، سۈركەپ ئۈچ چىقىرىشتا ئوخشاش يېڭى ماھارەت ۋە ئۇسۇلنى قوللىنىشقا باشلىغان. بۇنداق تاش قوراللار كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدىكى تاش

قوراللارغا كىرىدۇ. ئەينى زاماندا ئىنسانلار ياغاچ، تاش قوراللارنى
ئىشلەتكەندىن تاشقىرى، ئۆستىخان قوراللارنىمۇ كۆپلەپ ئىشلەتكەن
ھەمدە سانچاق قاتارلىق بىلىق تۇتۇش قوراللىرىنى كەشىپ قىلغان.
قورال ئېتىشمۇ بۇ ۋاقىتلاردا قولغا كەلتۈرۈلگەن زور بىر مۇۋەپپەـ
قىيەت ئىدى. بۇ باسقۇچتا ئىنسانلار ماكانلاشقان ئوڭكۈرلەر ئەتراپىـ
دىن، تولا چاغلاردا، ياۋايى ھايۋانلارنىڭ كۆپلىگەن قالدۇق
سۆڭەكلىرى تېپىلىدۇ، بۇ ھال ئىنسانلارنىڭ بىرقەدەر كۆپ ئوۋ
غەنىمەتلىرىگە ئېرىشەلەيدىغان بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ،
يوغان پىل ۋە يولۋاسقا ئوخشاش چوڭ ھايۋانلارمۇ ئىنسانلارنىڭ
كوللېكتىپ ئەمگىكىنىڭ قۇدرىتى بىلەن ئادەملەرنىڭ غەنىمىتىگە
ئايلانغان، دېمەك، دەل ئەمگەك ئادەمنى ھايۋانلاردەك، تەبىئەتنىڭ
قۇلى بولماستىن، بەلكى تەبىئەتنىڭ خوجايىنىغا ئايلاندۇرغان.

ئىنسانلارنىڭ ئەمگەك ئەمەلىيىتى ئىنسانلارنى تەبىئەتكە ھوكۇمەـ
راتلىق قىلىش جەھەتتىلا ھايۋاناتلاردىن تۈپتىن ئاجرىلىپ چىقىش
ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش بىلەن قالماستىن، بەلكى تەن تۈزۈلۈشى
جەھەتتىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇپ مايمۇنلارنىڭكىدىن پۈتۈنلەي باشقىچە
بولغان تەنگە ئىگە قىلغان. ئېنگېلسنىڭ "ئادەمنىڭ ئۆزىنىمۇ ئەمـ
گەك ياراتقان"① دېگەن مەشھۇر سۆزى ئەمگەكنىڭ ئىنسانلارنىڭ
تەرەققىي قىلىش جەريانىدىكى ئۇلۇغ رولىنى ناھايىتى مۇپەسسەل
شەرھلەپ بېرىدۇ. تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش يولىدىكى ئىجتىمائىي ئەمـ
گەك ئەمەلىيىتى جەريانىدا، ئىنسانلارنىڭ ھەممە ئەزالىرىدا بولۇپمۇ

① ئېنگېلس: «مايمۇننىڭ ئادەمگە ئايلىنىش جەريانىدا ئەمگەكنىڭ
رولى»، 1973 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ بەت.

ئىككى قولى، سوزلەش ئەزاسى، مېڭىسى ۋە سەزگۈ ئەزاسى قاتارلىق ئەزالىرىدا بىر بىرىگە مۇناسىپ ھالدا بىر قاتار زور ئۆزگىرىشلەر پەيدا بولغان.

ئەمگەك ئالدى بىلەن ئادەمنىڭ ئىككى قولىنى كۆنسېرى تەرەققى قىلدۇرغان. ئادەمسىمان مايمۇنلارنىڭ قولى بىلەن پۇتىنىڭمۇ مەلۇم ئىش تەقسىماتى بولاتتى، مەسىلەن، قولى بىلەن ئۇۋا سالاتتى، كەپە ياسايتتى ياكى ئوزۇق يىغاتتى، ۋاھاكازالار. ئادەمسىمان مايمۇنلارنىڭ قولى بىلەن ئادەمنىڭ قولى سوڭەك ۋە مۇسكۇللارنىڭ سانى ۋە جايلىشىشى جەھەتتىمۇ ئوخشىشىپ كېتىدۇ، ئەمما، خۇددى ئېنگېلس كورسەتكەندەك "دەل مۇشۇ يەردە، ئادەمگە بەكمۇ ئوخشاپ كېتىدىغان مايمۇننىڭ تەرەققى قىلمىغان قولى بىلەن نەچچە يۈز مىڭ يىللىق ئەمگەك داۋامىدا يۇكسەك دەرىجىدە تاكامىللاشقان ئادەم قولى ئوتتۇرىسىدا نەقەدەر زور پەرق بارلىقىنى كورىمىز". "......ھەرقانداق مايمۇن دوراپمۇ قىلالمايدىغان نەچچە يۈز خىل ھەركەتنى ئەڭ ئىپتىدائى ياۋايى ئادەمنىڭ قولى قىلالايدۇ. ھېچقانداق بىر مايمۇننىڭ قولى ئاددىيسى بىرەر ئەڭ قوپال تاش پىچاقنىمۇ ياسىغان ئەمەس"①. ئەمگەك ئالدى بىلەن قولنىڭ تەرەققى قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرگەنلىكتىن، ئىنسانىيەت تەرەققىياتى تارىخىدا قولنىڭ ئۆزگىرىشى ئەڭ ئاۋال كورۇلگەن، ئەڭ كوپ ۋەكىللىك خاراكتېرىدا بولغان ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان. ئۇرە ماڭىدىغان ئادەملەرنىڭ ئىككى قولى تېنىنىڭ باشقا قىسىملىرىغا قارىغاندا ھازىرقى زامان ئادەملىرىگە تېخىمۇ

---

① ئېنگېلس: «مايمۇننىڭ ئادەمگە ئايلىنىش جەريانىدا ئەمگەكنىڭ رولى»، 1973 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 3 ـ 4 ـ بەتلەر.

يېقىن كېلىدۇ، مەسىلەن، ئېفوپىيىنىڭ ئاۋاش جىلغىسىدىن تېپىلغان ئەڭ بالدۇرقى ئىنسانلارنىڭ تاشقا ئايلانغان سۆڭەكلىرىدە قول ۋە قول بارماقلىرىنىڭ تەدرىجىي تەرەققىي قىلىشى ئەڭ گەۋدىلىك كۆرۈنىدۇ، شۇنداقلا بۇلار ھازىرقى زامان ئادەملىرىنىڭكىگە بەكمۇ يېقىن كېلىدۇ؛ بېيجىڭ ئادىمىنىڭ ئۈستۈنكى بىلەك سۆڭىكى (جەينەكتىن مۈرىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى سۆڭەك) ئۇزۇن-قىسقىلىق نىسبىتى ۋە تۈزۈلۈش شەكلى جەھەتلىرىدىمۇ ھازىرقى زامان ئادەملىرىنىڭكىگە يېقىن كېلىدۇكى، ئادەمسىمان مايمۇنلارنىڭكىدىن زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. ئېنگېلس مۇنداق دەيدۇ: "قول پەقەت ئەمگەك قىلىش ئەزاسىلا ئەمەس، ئۇ يەنە ئەمگەكنىڭمۇ مەھسۇلى."① قولنىڭ — بۇ ئاساسلىق ئەزانىڭ ئۆزگىرىشى ئارقىلىق، ئادەمنىڭ ئۆزىنىمۇ ئەمگەك ياراتقان دېگەن بۇ ئۇلۇغ ھەقىقەت تولۇق ئىسپاتلاندى.



دەسلەپكى ئەقىللىق ئادەم —نېئاندېرتال ئادىمىنىڭ رەسىمى

كوللېكتىپ ئەمگەك ئەمەلىيىتى ئىنسانلارنىڭ تىلى ۋە سۆزلەش ئەزالىرىنىمۇ تېزلىكتە تەرەققىي قىلدۇرغان. ئىنسانلارنىڭ ئەمگىكى باشتىلا كوللېكتىپلاشقان ۋە ئىجتىمائىيلاشقان ئەمگەك بولۇپ، ئادەملەر ئەمگەك جەريانىدا تىل ۋاستىسى بىلەن ئۆزئارا ئالاقىلىشىشى ۋە ماسلىشىپ ھەرىكەت قىلىشى زۆرۈر بولۇپ قالغان،

① ئېنگېلس: «مايمۇننىڭ ئادەمگە ئايلىنىش جەريانىدا ئەمگەكنىڭ رولى»، 1973-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 4-بەت.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەمگەك بارلىققا كېلىش بىلەن تىلمۇ بارلىققا كەلگەن، "تىل ئەمگەك داۋامىدا ۋە ئەمگەك بىلەن بىللە كېلىپ چىققان"①. تىلنىڭ كېلىپ چىقىشى ئارقىسىدا سۆزلەش ئەزالىرى كۆنسېرى تاكامۇللىشىپ، دولقۇنلۇق ئاھاڭلارنى ۋە ئېنىق ئاۋازلارنى چىقىرالايدىغان بولغان. تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، تىل — تەپەككۇر قىلىش ھەركىتى قورالى، تىل بولغانلىقتىنلا، ئىنسانلار ئۆز تەپەككۇرنى تەرەققىي قىلدۇرالىغان، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئۇيۇشتۇرالىغان، تەبىئەت بىلەن غەلىبىلىك تۇردە كۆرەش قىلالىغان.



كېيىنكى ئەقىللىق ئادەم — كرومانون ئادىمىنىڭ رەسىمى

ئەمگەك ئەمەلىيىتى، شۇنىڭدەك تىلنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئارقىسىدا ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇر قىلىش ھەركىتى ۋە بىلىش ئىقتىدارى كۆنسېرى ئۆسكەن، ئادەمنىڭ مېڭىسىمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ كۆنسېرى تەرەققىي تاپقان، مېڭە ھەجمى ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ، چوڭ مېڭىنىڭ تۈزۈلۈشى مۇرەككەپلىشىپ بارغان. قەدىمقى ئادەمسىمان مايمۇنلارنىڭ مېڭىسىنىڭ ھەجمى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن تەخمىنەن 500 مىللىلىتىر بولغان، بېيجىڭ ئادىمى مېڭىسىنىڭ ھەجمى زورىيىپ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1059 مىللىلىتىر بولۇپ، بىر ھەسسە تەرەققىي قىلغان؛ نياندېرتال ئادىمى مېڭىسىنىڭ ھەجمى يەنە ئېشىپ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1300

① ئېنگېلس: «مايمۇننىڭ ئادەمگە ئايلىنىش جەريانىدا ئەمگەكنىڭ رولى»، 1973 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 7 ـ بەت.

نەچچە مىللىيونلىغا يېتىپ، ھازىرقى زامان ئادەملىرىنىڭكى (مىڭىسىنىڭ ھەجمى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن تەخمىنەن 1400 مىللىلىتىر) بىلەن ھېچقانچە پەرقلەنمەيدىغان بولغان، مىڭىسىنىڭ تەرەققى تېپىشى كېيىنكى ئەقىللىق ئادەملەر باسقۇچىغا كەلگەندە ھازىرقى زامان ئادەملىرىنىڭكى بىلەن باراۋەر سەۋىيىگە يەتكەن. ھالبۇكى، بۇ ھەتتىۋا تەرەققىياتلارنىڭ تۈپ سەۋەبى يەنىلا ئادەملەرنىڭ كوللېكتىپ ئەمگەك ئەمەلىيىتىدۇر.

ئادەمنىڭ ئۆزىنىمۇ ئەمگەك ياراتقان دېگەن بۇ ئۇلۇغ ھەقىقەت ئىنسانلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ھەققىدىكى بىردىن-بىر ئىلمىي چۈشەندۈرۈش بولۇپ، بۇ ھەقىقەت ئادەمنى خۇدا ياراتقان دېيىدىغان بارلىق دىنىي-خۇراپىي ئەپسانىلەرنى بىتچىت قىلدى، ئىدىيالىستىك تالانت نەزەرىيىسى ۋە تارىخنى قەھرىمانلار ياراتقان دېيىدىغانغا ئوخشاش جويلۇشلەرگە قارىتىلغان كۈچلۈك تەنقىت بولدى.

## 2-بۆلۈم ئانا جەمەت ئۇرۇقداشلىق جامائەسىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى

**ئانا جەمەت ئۇرۇقداشلىق جامائەسىنىڭ مەيدانغا كېلىشى**

ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تارىخى ئىنسانلارنىڭ دۇنياغا كېلىشى بىلەن باشلانغان. ئۆرە ماڭىدىغان ئادەملەر باسقۇچىدىكى ئىپتىدائىي ئىنسانلار كوللېكتىپ ئەمگەك قىلىش، بىرلىكتە ئىستېمال قىلىشتەك ئىجتىمائىي تۇرمۇش كەچۈرەتتى. دەسلەپكى ئەقىللىق ئادەملەر باسقۇچىغا

كەلگەندە، ئىنسانلار كوللېكتىپ تەشكىلاتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا جىنسىي ۋە يېشىغا قاراپ ئىش تەقسىماتى ئېلىپ بېرىشقا باشلىغان، مەسىلەن، ئەرلەر كوللېكتىپ ھالدا ئوۋ ئوۋلىغان، ئاياللار كوللېكتىپ ھالدا ياۋا ئۆسۈملۈكلەرنى يىغقان، قېرىلار تۇرالغۇ جايىنىڭ ئەتراپىدا مەشغۇلات قىلغان، ياشلار سىرتقا چىققان، ۋاھاكازالار. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، نىكاھلىنىش مۇناسىۋىتىدە بولسا ئىپتىدائىي قالايمىقان نىكاھلىنىشتىن قانداشلار توپ نىكاھلىنىشقا قەدەم قويغان.

قانداشلار توپ نىكاھلىنىش بىر كوللېكتىپنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئاتا دەمەتلەر بىلەن بالا دەمەتلەر نىكاھلىنىشنى مەنئىي قىلىش (لېكىن قېرىنداشلار ئوتتۇرىسىدا بولسا ئۆزئارا نىكاھلىنىۋەرگەن) بولۇپ، بۇ ئىپتىدائىي قالايمىقان نىكاھلىنىشقا قارىغاندا ئىلغار ئىدى. قانداشلار توپ نىكاھلىنىش تۈزۈمىنى يولغا قويغان كوللېكتىپ "قانداش ئائىلە" دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئېنگېلس مۇنداق دەيدۇ: "بۇنداق ئائىلىنىڭ تىپىك شەكلى سۈپىتىدە مۇنۇنى كۆرسىتىش كېرەك: بىر ئەر-خوتۇندىن تارقالغان ئەۋلادلارنىڭ ھەر بىر بوغۇنىدىكى ئەرلەر بىلەن ئاياللار ئۆزئارا ئاكا-ئۇكا، ئىگىچى-سىڭىل بولىدۇ ۋە دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈنلا بىر بىرىگە ئەر-خوتۇنمۇ بولىدۇ."① بۇ — ئىنسانلارنىڭ نىكاھلىنىش مۇناسىۋىتى تەرەققىياتىنىڭ بىرىنچى قەدىمى، شۇنداقلا ئۇرۇقداشلىق تەشكىلاتىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى بىخى.

كېيىنكى ئەقىللىق ئادەملەر باسقۇچىغا كەلگەندە، قانداشلار توپ نىكاھلىنىشنى يولغا قويىدىغان قانداش ئائىلە ئۆز قانداشلىرى ئىچىدە

① ئېنگېلس: «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى». «ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، خەلق نەشرىياتىنىڭ 1972-يىل خەنزۇچە نەشرى، 4-توم، 32-بەت.

ئۆزئارا ئىكاللىنىش مەنئى قىلىنغان، ئۆز قانداشلىرى سىرتىدىكى يات جىنىستىكىلەر بىلەن ئىكاللىنىدىغان باشقا ئۇرۇقتىكىلەر توپ ئىكاللىنىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشقا تەدرىجى ھالدا ئۆزگەرگەن، بۇ ھال ئۇرۇقداشلىق تەشكىلاتىنىڭ شەكىللىنىشىگە سەۋەبچى بولغان. بۇنداق باشقا ئۇرۇقتىكىلەر توپ ئىكاللىنىش تۈزۈمى شارائىتىدا، ئۆز قانداشلىرى ئىچىدىكى ئاكا-ئۇكىلار بىلەن ئىنىكچى-سىڭىللار ئەمدى بىر بىرىگە ئەر-خوتۇن بولماستىن، بەلكى پەقەتلا باشقا ئۇرۇقداش-لاردىكى ئەر-ئاياللار بىلەن ئىكاللىنىدىغان بولغان. باشقا ئۇرۇقتى-كىلەر بىلەن توپ ئىكاللىنىشنى يولغا قويغان بۇنداق قانداشلار پەيدىن-پەي چەك-چېگرىسى ئېنىق بولغان بىر ئىجتىمائىي گۇرۇھنى يەنى ئۇرۇقنى شەكىللەندۈرگەن. باشقا ئۇرۇقتىكىلەر بىلەن توپ ئىكاللىنىش قانداشلار ئارا توپ ئىكاللىنىشقا قارىغاندا يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن، ئۇ ئىنسانلارنىڭ بىرقەدەر زىچ ۋە ئۇزاققا سوزۇلغان بىرلىشىشىگە پايدىلىق بولغان ھەمدە قانداش ئۇرۇق-تۇققانلارنىڭ ئۆزئارا ئىكاللىنىشى ئارقىسىدا كىشىلەرنىڭ تەن قۇرۇلۇشىغا يېتىدى-غان زىيان-زەخمەتتىن ساقلىنىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلغان.

ئۇرۇقداشلىق تەشكىلاتى شۇ جەمئىيەتتىكى ئاساسىي ھۆجەيرە ئىدى، ئۇرۇق ئەزالىرى بىللە ئولتۇراقلىشاتتى، كوللېكتىپ ئەمگەك قىلىپ، تەڭ ئىستېمال قىلاتتى، بىر ئۇرۇق بىر باشلانغۇچ كوممۇ-نىستىك جامائە ئىدى. باشقا ئۇرۇقتىكىلەر بىلەن توپ ئىكاللىنىش يولغا قويۇلغانلىقتىن، كىشىلەر پەقەت ئۆز ئانىسىنىلا بىلەتتى، ئاتىسىنى بولسا ئېنىق بىلمەيتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەرلەر تولا چاغلاردا سىرتقا چىقىپ ئوۋ ئوۋلايتتى، ئاياللار تۇرالغۇ جاينىڭ ئەتراپىدا مېۋە-چېۋە ۋە يىلتىز يىغىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۇرۇق-

نىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا كوپرەك ئارىلىشالايتتى ۋە ئۇنى باشقۇ-
رالايتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ چاغدىكى ئۇرۇقلارنىڭ ھەممىسى
مۇستەسناسىز ھالدا ئانا جەمەت ئۇرۇغى ئىدى. ئۇرۇقنىڭ يولباش-
چىلىرى، كوپىنچە، ئاياللار ئىدى، ئاياللار ئۇرۇقتا ئەرلەرگە قارى-
غاندا تېخىمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى. شۇ ۋاقىتقا دائىر نۇرغۇن
مەدەنىيەت خارابىلىرىدىن تېپىلغان ئاياللارنىڭ ھەيكىلى ئەينى
ۋاقىتتا كىشىلەرنىڭ ئاياللارغا چوقۇنغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ،
ئەرلەرنىڭ ھەيكىلى بولسا ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ، بۇ دەۋرنىڭ
بەزى خارابىلىرىدىن چوڭ تىپتىكى ئۇرۇق تۇرار جايلىرىنىڭ ۋۇجۇتقا
كەلگەنلىكى مەلۇم بولدى، بۇ ھال ئۇرۇق ئەزالىرىنىڭ كوللىكتىپ
تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكى ۋە باراۋەر ئورۇندا ئىكەنلىكىنى ئەكس
ئەتتۇرۇپ بېرىدۇ. ئىجتىمائى تەشكىلاتنىڭ تەرەققى قىلىشى ۋە
ماددى تۇرمۇشنىڭ ئىلگىرىلىشى بىلەن بىللە، ئىنسانلار مەنىۋى
مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئىجادىيەتلەرنى يارىتىشقىمۇ كىرىشكەن.
غەربىي ياۋروپا، شىمالىي ئافرىقا ۋە جەنۇبىي ئافرىقا قاتارلىق
جايلاردا بۇ دەۋرگە مەنسۇپ بولغان ئوڭكۈر تام رەسىملىرى تېپىلدى،
بۇ رەسىملەر ئىچىدە ياۋا كالا، ياۋا ئات قاتارلىق ياۋا ھايۋانلارنىڭ
رەسىملىرى ئوبرازلىق ۋە جانلىق قىلىپ سىزىلغان. مەملىكىتىمىزنىڭ
تاغ چوققىسى ئوڭكۈر ئادىمىنىڭ مەدەنىيەت بۇيۇملىرى ئىچىدە
توشۇك تېشىلگەن تۈلكە، بۆغا چىشلىرى، ئويۇلغان ئۇستىخان
نەيچىلەر، توشۇك تېشىلگەن كىچىك تاش، كىچىك تاش مارجان ۋە
توشۇك تېشىلگەن سەدەپ قۇلۇلىسى قىپىغا ئوخشاش زىننەت بۇيۇم-
لىرىمۇ بار، بۇلار ئەينى ۋاقىتتا ئىنسانلارنىڭ سەنئەتنى ئىپادىلەش
ماھارىتىگە ئىگە بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.



www.uyghurkitap.com

**يېڭى تاش قورال دەۋرى** كونا تاش قورال دەۋرىدىن كېيىن، ئىنسانلار يېڭى تاش قورال دەۋرىگە ئۆتكەن. بەزى جايلاردا، كونا تاش قورال دەۋرىدىن يېڭى تاش قورال دەۋرىگە ئۆتۈشتە، ئوتتۇرا تاش قورال دەۋرى دەپ ئاتالغان يەنە بىر ئارىلىقتىكى باسقۇچنىمۇ باشتىن كەچۈرگەن. ئوقيانىڭ كەشپ قىلىنىشى ۋە تاش قوراللارنىڭ نازۇك ياسىلىشى ئەنە شۇ دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكى بولۇپ، "نازۇك تاش قورال مەدەنىيىتى" دەپمۇ ئاتىلىدۇ. دۇنيا مىقياسىدىن ئالغاندا، ئوتتۇرا تاش قورال دەۋرى بۈگۈندىن تەخمىنەن 15 مىڭ يىل ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردىن 10 مىڭ يىل ئىلگىرىكى ۋاقىتلارغىچە بولغان ئارىلىققا توغرا كېلىدۇ، يېڭى تاش قورال دەۋرى بولسا بۈگۈندىن تەخمىنەن 10 مىڭ يىل ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردىن باشلانغان، لېكىن بۈگۈندە ئاسىيا، ئافرىقىنىڭ بەزى ئالغا كەتكەن جايلىرىنىڭ تەرەققىياتى بەلگە قىلىنىدۇ، تارىخىي تەرەققىياتنىڭ تەكشىسىزلىكى تۈپەيلىدىن، دۇنيادىكى ھەرقايسى جايلار ۋە مىللەتلەر دەۋرنىڭ ئالدى-كېيىنلىكى جەھەتتىن ناھايىتى زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ.

سىلىقلاپ ئىشلەنگەن تاش قوراللارنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكى يېڭى تاش قورال دەۋرىدىكى ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى تەرەققىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئىدى. ئىنسانلار توشۇك تېشىش، سىلىقلاشقا ئوخشاش يېڭى تېخنىكىنى قوللىنىپ ياسىغان تاش قوراللارنىڭ ئۈنۈمى زور دەرىجىدە ئۆسكەن. تاش قوراللارغا توشۇك تېشىلگەندىن كېيىن، ياغاچ ساپ بىلەن تېخىمۇ پۇختا بىرلەشتۈرۈلۈپ، قوشۇلما قورال ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈلگەن، مەسىلەن، تاش پالتا، تاش ئوتىغۇچ، ئۈچلۈق تاش نەيزە ۋە باشقىلار، تاش قوراللارنى سىلىقلىغاندا، بىسىنى تېخىمۇ ئىتتىك قىلغىلى بولىدۇ، قايتا-قايتا سىلىقلىغاندا، كۆپ

www.uyghurkitap.com

قېتىم ئىشلەتكىلى بولىدۇ، بولۇپمۇ بەزىبىر ئەڭ قاتتىق تاشلارنى پەقەت ئۇرۇپ ياساش ئۇسۇلى بىلەن مۇۋاپىق قورال شەكلىگە كىرگۈزگىلى بولمايدۇ، سىلىقلاش بىلەنلا مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ. دېمەك، يېڭى تاش قورال دەۋرى ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى تەرەققىياتىنىڭ يېڭى سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، قېلىن ۋە قاتتىق تاش پالتا ھەم تاش ئوتىغۇچلار دەرەخلەرنى كېسىپ بوز يەر ئېچىشتىكى ئاساسلىق قورال بولۇپ قالغان، نەيزە ۋە ئوقيا ئوۋچىلىقتا ئىشلىتىلگەن، بېلىق تۇتۇش قوراللىرىدا مانچىقاقتىن باشقا يەنە قارماق ۋە تورلارمۇ ئىشلىتىلگەن. ساپال قاچىلارنىڭ ئىختىرا قىلىنغانلىقى ۋە ئىشلىتىلگەنلىكىمۇ بۇ دەۋردىكى گەۋدىلىك بىر مۇۋەپپەقىيەت ئىدى. ساپالدىن تۈرلۈك قاچا-قۇچىلار ياسىلىپ، ئوزۇق پىشۇرۇش ۋە ساقلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن، ھەم ئۇنىڭدىن باشقا تۇرمۇش بۇيۇملىرى ئىشلەنگەن، بۇنىڭ بىلەن ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتى زور دەرىجىدە ياخشىلانغان.

يېڭى تاش قورال دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى جەھەتتىكى ئىنقىلاۋىي ئۆزگىرىش چارۋىچىلىق بىلەن دېھقانچىلىقنىڭ ئىختىرا قىلىنغانلىقىدىن ئىبارەت. ئىنسانلار ئۇزاق مۇددەتلىك ئوۋچىلىق ئەمگىكى ئەمەلىيىتى جەريانىدا، بەزى ھايۋانلارنى قولغا ئۆگەتكىلى بولىدىغانلىقىنى سەزگەن، ھەممىدىن ئاۋۋال قولغا ئۆگىتىلگەن ھايۋان — ئىت، ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى ئۆشكە بىلەن چوشقا ئىدى. تەخمىنەن يېڭى تاش قورال دەۋرىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدىن كېيىنلا، بىرقەدەر زور كۆلەملىك چارۋىچىلىق مەيدانغا كەلگەن. بۇ ۋاقىتتىكى ئۆي ھايۋانلىرىغا ئىت ۋە قويدىن باشقا يەنە كالا ۋە چوشقا قوشۇلغان. چوڭ ئۆي ھايۋانلىرىنى ئۇلاق قىلىپ ئىشلىتىش،

مەسىلەن، ئېغىر يۈكلەرنى توشۇش، ھارۋىغا ۋە ساپانغا قوشۇش
بولسا تېخىمۇ كېيىنرەك بولغان ئىش بولۇپ، باشلانغۇچ جەمئىيەتنىڭ
يىمىرىلىش باسقۇچىغا كەلگەندىلا، ئاندىن مەيدانغا كېلىشكە
باشلىغان.

دېخانچىلىقنى ئاساسەن ئاياللار ئىجاد قىلغان، چۈنكى يىغىش-
توپلاش ئىشلىرىنىڭ تولىسىنى ئاياللار ئۆز ئۈستىگە ئالغان بولۇپ،
بۇ جەرياندا ئۇلار بەزى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش قانۇن-
يەتلىرى بىلەن تونۇشقان، بۇنىڭ بىلەن يىغىش-توپلاشنى تېرىپ
ئۆستۈرۈشكە تەرەققى قىلدۇرۇپ، بەزىبىر سۈپەتلىك زىرائەتلەرنى
پەيدىن-پەي يېتىشتۈرۈپ چىقىپ، پىلانلىق تۈردە تېرىغان ۋە
ھوسۇلىنى يىغىۋالغان. ئىنسانلارنىڭ بۇ جەريانىنى قەدەممۇ-قەدەم
بېسىپ ئۆتۈشى ئۈچۈن بىرقانچە مىڭ يىللىق ۋاقىت كەتكەن.
ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلار ئارقىلىق مەلۇم بولغان ئەڭ قەدىمقى
دېخانچىلىق كەنتلىرى بۈگۈندىن تەخمىنەن 9 مىڭ يىلدىن 10 مىڭ
يىل ئىلگىرىكى يېڭى تاش قورال دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگە
تەۋە. 1956-يىلى پەلەستىننىڭ ئىوردان دەرياسى بويىدىكى
ئېيرىخون دېگەن جايدىن تېپىلغان يېڭى تاش قورال دەۋرىدىكى
كەنتلەرنىڭ خارابىلىرى يېقىندا تەتقىق قىلىنىپ مىلادىدىن بۇرۇنقى
7800-يىلىغا توغرا كېلىدۇ دەپ بېكىتىلدى. ئىراقنىڭ شىمالىي قىسمى-
دىمۇ ئوتكەن دەۋرى شۇنىڭغا يېقىنلىشىپ كېتىدىغان دەسلەپكى
دېخانچىلىق كەنتلىرى تېپىلدى. بۇ دەسلەپكى كەنتلەردە تاش
پالتا، تاش ئۇغاق، تاش ئوغۇر ۋە ئاشلىقنىڭ قالدۇقلىرى تېپىلدى،
بۇ ئەينى ۋاقىتتا كىشىلەرنىڭ "ئورتەپ-چوقۇلاپ تېرىيدىغان"
ئەڭ دەسلەپكى دېخانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ

www.uyghurkitap.com

بېرىدۇ. ئىراقنىڭ يارمو دېگەن يېرىدە كېيىنكى دېھقانچىلىق كەنتلىرى تېپىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ۋاقتى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 7000 ـــ 6000 ـ يىللار ئوتتۇرىسىدا دەپ بېكىتىلدى، بۇ شۇ ۋاقىتتىكى ئىرقتىدەر تەرەققى تاپقان دېھقانچىلىق سەۋىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ، تاشتىن ياسالغان دېھقانچىلىق سايمانلىرى تېخىمۇ كۆپ ۋە سىپتا بولغان، دانلىق زىرائەتلەرنىڭ قالدۇقلىرىدىن بۇغداي ۋە ئارپا تۈرلىرىنى تونۇۋېلىشقا بولىدۇ. بۇ كەنتنىڭ خارابىلىرىدا 20 نەچچە كورپۇس ئۆزۈن چاسا شەكىللىك كۆپ ئېغىزلىق كەپىلەر بولغان، بۇ ئۆي ـ جاي قۇرۇلۇشى جەھەتتىمۇ ناھايىتى زور ئىلگىرىلەش بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئاشۇ ۋاقىتلاردا ياكى ئۇنىڭدىن كېيىنرەك، مىسىرنىڭ نىل دەرياسى ۋادىسىدا، ئىراندا ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ خۇاڭخې دەرياسى ۋادىسىدىمۇ يېڭى تاش قورال دەۋرىدىكى دېھقانچىلىق كەنتلىرى مەيدانغا كەلگەن. ياۋروپانىڭ يېڭى تاش قورال دەۋرىدىكى دېھقانچىلىقى بولسا ئاسىيا، ئافرىقىنىڭ ئالغا كەتكەن جايلىرىغا قارىغاندا كېيىنرەك بارلىققا كەلگەن. ئامېرىكا قۇرۇقلۇقىدا، ھىندىيان ھەر مىللەت خەلقى ئۆزلىرىنىڭ يېڭى تاش قورال دەۋرىدىكى دېھقانچىلىق مەدەنىيىتىنى مۇستەقىل ئىجات قىلغان. ئاسىيا ـ ئافرىقا رايونلىرىدىكى قەدىمقى دېھقانچىلىق مىللەتلىرى بۇغداي، شال، كېۋەز قاتارلىق سۈپەتلىك سورتلارنى ئۆستۈرگەن، ھىندىئانلار بولسا كومىمە قوناق، ياڭيۇ ۋە تاتلىق ياڭيۇ يېتىشتۈرگەن. چارۋىچىلىق ۋە دېھقانچىلىقنىڭ ئىختىرا قىلىنىشى ئىنسانلارنى ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى ئارقىلىق ماددى بايلىق يارىتىپ، تەبىئەت بىلەن تېخىمۇ ئاكتىپ، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ھالدا كۆرەش قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان، شۇڭلاشقا ئۇ جەمئىيەت تەرەققىيات

تارىخىدا ئىنتايىن مۇھىم بىر ئىلگىرىلەش بولۇپ قالغان.

**ئانا جەمەت ئۇرۇقداشلىق جامائەسىنىڭ گۈللىنىشى** ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ يۈكسىلىشىگە ئەگىشىپ، ئانا جەمەت ئۇرۇقداشلىق جامائەسى يېڭى تاش قورال دەۋرىدە ئومۇمىي يۈزلۈك گۈللەنگەن. ھازىر تېپىلغان يېڭى تاش قورال دەۋرىدىكى بىرمۇنچە دىخانچىلىق كەنتلىرى ۋە تۇرالغۇ جاي خارابىلىرى ئەينى ۋاقىتتا ئانا جەمەت ئۇرۇقداشلىق تەشكىلىدە تۇرمۇش كەچۈرگەن ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ رايونلارغا تارقىلىش ۋە نوپۇس سانى جەھەتلىرىدە كونا تاش قورال دەۋرىدىكىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىنىڭ كونكرېت ئەھۋالىنى چۈشىنىشتە مىللەتشۇناسلىققا دائىر ماتېرىياللاردىنمۇ پايدىلانساق بولىدۇ. 1877-يىلى ئامېرىكا ئالىمى مورگان ئۆزىنىڭ بىرقانچە ئون يىللىق ئەمەلىيىتى ئارقىلىق، ھىندىيانلارنىڭ شۇ ۋاقىتتا يەنىلا ساقلاپ قالغان ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمى ئۈستىدە تەكشۈرۈش-تەتقىق ئېلىپ بېرىپ، «قەدىمقى جەمئىيەت» دېگەن كىتابنى يېزىپ چىققان. ئېنگېلس مورگاننىڭ تەتقىقات مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يەكۈنلەپ، «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى» دېگەن بۇ ماركسىزملىق ئاساسىي ئەسەرنى يازغان. ئېنگېلس بۇ كىتابتا ھىندىيانلارنىڭ ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىنى ۋەكىل قىلغان ھالدا، بىر ئۇرۇقنىڭ كوللىكتىپ ئەمگەك قىلىپ، تەڭ ئىستېمال قىلىش پرىنسىپىنى يۈرگۈزگەن ۋاقىتتا يەنە تۆۋەندىكى ئاساسىي ئۆرپ-ئادەتلەرنىمۇ ئومۇمىي يۈزلۈك يولغا قويغانلىقىنى كۆرسەتكەن ئىدى:

1. ئۇرۇق ئۆزىنىڭ بىر ئاقساقىلى (ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا ئىش

www.uyghurkitap.com

ئېلىپ بارىدىغان باشلىقى)نى ۋە بىر رەھبىرى (ھەربىي يولباشچىسى) نى سايلاپ چىقاتتى، ئۇرۇقنىڭ ھەممە ئەزالىرى سايلامغا قاتنىشاتتى.

2. ئۇرۇق ئاقساقالنى ۋە ھەربىي يولباشچىنى ئۆز ئىختىيارىچە يەڭگۈشلىيەلەيتتى.

3. ئۇرۇقنىڭ ھەرقانداق بىر ئەزاسى ئۇرۇقنىڭ ئۆز ئىچىدىن نىكاھلانماسلىقى كېرەك ئىدى.

4. ئۆلگەنلەرنىڭ مال-مۈلكى ئۇرۇق ئىچىدە قېلىشى كېرەك ئىدى، ئۇنى يات ئۇرۇقلارنىڭ ئىگىدارلىقىغا ئۆتكۈزۈشكە بولمايتتى.

5. ئۇرۇقداشلار بىر بىرىگە ياردەم بېرىشى ۋە بىر بىرىنى قوغدىشى، بولۇپمۇ يات ئۇرۇقتىكىلەردىن ئازار يېگەندە، ئۆچ ئېلىشىپ بېرىشى كېرەك ئىدى.

6. ئۇرۇقنىڭ مۇئەييەن نامى ياكى بىر يۈرۈش ناملىرى بولاتتى، بۇ ناملارنى پەقەت شۇ ئۇرۇقتىكىلەرگە قوللىنالايتتى.

7. ئۇرۇق يات كىشىلەرنى بېقىۋېلىشى ۋە ئۇلارنى ئۇرۇققا قوبۇل قىلىشى مۇمكىن ئىدى.

8. ئۇرۇقنىڭ ئۆز ئالدىغا ئېتىقادى ۋە دىنىي رەسىم-قائىدىلىرى بار ئىدى.

9. ئۇرۇقنىڭ ئومۇمىي قەبرىستانلىقى بولاتتى.

10. ئۇرۇقتا كېڭەشمە بولاتتى، ئۇ قۇرامىغا يەتكەن ئەر-ئايال ئۇرۇق ئەزالىرىنى باراۋەر ئاۋاز بېرىش ھوقۇقىغا ئىگە قىلىدىغان دېموكراتىك مەجلىس ئىدى.①

---

① «ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، خەلق نەشرىياتىنىڭ 1972-يىل خەنزۇچە نەشرى، 4-توم، 81—84-بەتلەرگە قارالسۇن. بۇ

ئانا جەمەت ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمى يولغا قويۇلغان شارائىتتا، ئۇرۇق جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي ھۆجەيرىسى بولاتتى، باشقا ئۇرۇقتىكىلەر بىلەن نىكاھلىنىشنى يولغا قويغان بىرقانچە قۇدا-باجا ئۇرۇق بىر قەبىلە بولۇپ تەشكىللىنەتتى. قەبىلىلەرنىڭ بىرقەدەر ئېنىق يەر دائىرىسى ۋە ئۆزىگە خاس ئۆرپ-ئادەتلىرى، دىنىي ئېتىقادى ھەم يەرلىك شىۋىسى بولاتتى. ئۇنىڭدا بىر رەھبەر ھەم ھەرقايسى ئۇرۇقلارنىڭ ئاقساقاللىرىدىن تەشكىل تاپقان قەبىلە كېڭەشمىسى بولاتتى. ئەڭ دەسلەپكى قەبىلە ناھايىتى ئاز بىرقانچىلا ئۇرۇقنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى، كېيىن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى يۈكسىلىپ، نوپۇس كۆپەيگەنلىكتىن، بىر ئۇرۇق يەنە بىرقانچە ئۇرۇققا بۆلۈنۈپ كەتكەن، ئەسلىدىكى كونا ئۇرۇق ئانىلىق ئۇرۇق، ئۇنىڭدىن كۆپەيگىنى بالىلىق ئۇرۇق دەپ ئاتالغان، ئانىلىق ۋە بالىلىق ئۇرۇقلار يەنە قېرىنداشلار بولۇپ ئۇيۇشقان، شۇنداق قىلىپ ئۇرۇقداشلار—قېرىنداشلار—قەبىلىلەرنىڭ تەشكىلىي سىستېمىسى شەكىللەنگەن. كېيىنكى ۋاقىتلاردا، بەزىدە بىرقانچە قەبىلە قەبىلىلەر ئىتتىپاقى بولۇپمۇ ئۇيۇشقان، لېكىن بۇ تازا ئومۇملىشىپ كەتمىگەن.

ئانا جەمەت ئۇرۇقداشلىق جامائەسى گۈللەنگەن دەۋردە، ئىنسانلارنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشىمۇ يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن. دېخانچىلىقنىڭ ئىختىرا قىلىنىشى ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈلۈشى ئىنسانلارنىڭ پەسىل، ئىقلىم ۋە يىلنامە توغرىسىدىكى

---

يەردە كونكرېت تىلغا ئېلىنغان 10 ئالاھىدىلىك ھىندىئانلار ئۇرۇغىغا خاس بولۇپ، باشلانغۇچ جەمئىيەتتىكى باشقا مىللەتلەردىمۇ ئانچە پەرقلەنمىگەن ھالدا مەۋجۇت بولغان ئىدى.

بىلىشنى ئىلگىرى سۈرگەن، ھېساپلاش ئۇسۇلىمۇ شۇنىڭغا مۇناسىپ تەرەققى قىلغان. بۇلارنى پەننى بىلىملەرنىڭ ئەڭ دەسلەپكى بىخلىرى دېيىشكە بولىدۇ. لېكىن، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئىنتايىن چەكلىك بولغانلىقتىن، ئىنسانلارنىڭ دۇنيانى بىلىشىمۇ ئىنتايىن ئىپتىدائىي ئىدى، بۇنداق خۇراپىلارچە چوقۇنۇش يەنىلا ئەينى زامانىدىكى مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئاساسىي بەلگىسى ئىدى. ئانا جەمەت ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمى شارائىتىدا، ئاياللارغا چوقۇنۇش ئەۋج ئالغان، مەسىلەن، ئاسمان بىلەن يەر ئىنسانلارنى بېقىپ ئۆستۈرىدىغان ئايال خۇدا دەپ قارالغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇرۇقتىكىلەرنىڭ ئاتا-بوۋىسىغىمۇ چوقۇنۇلغان، بۇنداق چوقۇنۇش مىللەتشۇناسلىقتا "توتېمغا چوقۇنۇش" دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇرۇق ئەزالىرى مەلۇم ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈكنى ھەتتا شامال، بۇلۇت، گۈلدۈرماما ۋە چاقماققا ئوخشاش تەبىي ھادىسىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ ئاتا-بوۋىسى دەپ قاراپ، ئۇرۇقنىڭ نامى ھەم خۇداسى قىلىۋالغان، مانا بۇ ئۇرۇقنىڭ "توتېمى". مەسىلەن، ئامېرىكا ھىندىئانلىرىنىڭ سېنېكا قەبىلىسىدە 8 ئۇرۇق بولۇپ، ھەممىسى ھايۋانلارنى يەنى بۆرە، ئېيىق، تاشپاقا، بۇغا، بۈركۈت ۋە باشقىلارنى ئۆزلىرىنىڭ توتېمى قىلىۋالغان. مەملىكىتىمىزنىڭ «تەزمىنامە»سىدە: "تەڭرىنىڭ ئەمرى بىلەن قالغاچ يەر يۈزىگە چۈشۈپ شاڭ سۇلالىسىنى تۇغقاندۇر" دېيىلگەن، بۇ قالغاچ شاڭ سۇلالىسىدىكىلەرنىڭ توتېمى ئىدى.

## 3 - بۆلۈم سىنىپ ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى

**مېتال قوراللار بىلەن تاش قوراللار بىرلىكتە ئىشلىتىلگەن دەۋر ۋە چوڭ ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى** يېڭى تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىق پەيدىن-پەي تەرەققىي قىلغانلىقتىن، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيىگە كۆتۈرۈلگەن. بۇ ۋاقىتلاردا تاش قوراللا ئىشلىتىلىپ قالماستىن، بەلكى مېتال قوراللارمۇ ياسىلىشقا ۋە ئىشلىتىلىشكە باشلىغان. لېكىن، ئەڭ دەسلەۋىدە، مېتال قوراللار ئاز سانىدىلا بولۇپ، كۆپلىگەن ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى يەنىلا تاش قوراللار ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئارخېئولوگىيىدە بۇ باسقۇچ "مېتال قوراللار بىلەن تاش قوراللار بىرلىكتە ئىشلىتىلگەن دەۋر" دەپ ئاتىلىدۇ (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 5000-يىلىدىن باشلانغان). مىس ئىنسانلار ئەڭ ئاۋۋال ئىشلەتكەن مېتال ئىدى، چۈنكى بەزى جايلاردا ئۇششاق-ئۇششاق تەبىئىي مىس پارچىلىرى تېپىلاتتى، ئۇنى بىر ئاز سوقسىلا سايمان بولاتتى. كېيىن تەرەققىي قىلىپ رۇدىدىن مىس تاۋلاپ مىس قورال قۇيۇپ چىققان. مىس ئېرىتىش ئۇسۇلى ئەڭ بالدۇر غەربىي ئاسىيا رايونىدا (تەخمىنەن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 4000-يىلى ئۆپچۆرىسىدە) قوللىنىلغان، كېيىن مىسىر ۋە جۇڭگودىمۇ مېتال ئېرىتىش تېخنىكىسى ئىختىرا قىلىنغان. لاتىن ئامېرىكىسىدىكى قەدىمقى زامان ھىندىئانلىرى، گەرچە كېيىنرەك بولسىمۇ، لېكىن ئۆزلىرىنىڭ مېتال ئېرىتىش تېخنىكىسىنى مۇستەقىل ئىختىرا قىلغان.

غەربىي ئاسىيا، مىسىر، ھىندىستان ۋە جۇڭگو قاتارلىق جايلار مېتال قوراللار بىلەن تاش قوراللار بىرلىكتە ئىشلىتىلگەن دەۋرگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، ئاھايىتى تېزلا قۇللۇق جەمئىيەتكە ئۆتۈپ، دۆلەت قۇرغان، دۇنيانىڭ باشقا رايونلىرىدا بولسا كېيىنرەك بولغان. دۇنيا مىقياسىدىن ئالغاندا، مېتال قوراللار بىلەن تاش قوراللار بىرلىكتە ئىشلىتىلگەن دەۋر باشلانغۇچ جەمئىيەتنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدىن دېرەك بېرەتتى، شۇنداقلا باشلانغۇچ جەمئىيەتنىڭ پارچىلىنىش باسقۇچى ئىدى.

مېتال قوراللار بىلەن تاش قوراللار بىرلىكتە ئىشلىتىلگەن دەۋردە، دېھقانچىلىق تېرىلغۇ يەرلىرى پارچە-پارچە ئېتىزلار بىلەن چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى چوڭ دەريا ۋادىسىدىكى لاتقا تۈزلەڭلىكلىرىگە كېڭەيگەن، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى تېخنىكىسىمۇ ئەمدى ئېپتىدائىي "ئورتەپ-چوقۇلاپ تېرىش" بولماستىن، بەلكى ئېرىق-ئۆستەڭ چېپىپ سۇغىرىلىدىغان بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان دېھقانچىلىققا ئايلانغان. غەربىي ئاسىيانىڭ ئىككى دەريا ۋادىسى، مىسىرنىڭ نىل دەرياسى ۋادىسى ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ خۇاڭخې دەرياسى ۋادىسى شۇ ۋاقىتلاردا تەدرىجى تەرەققىي قىلىپ ئالدىنقى قاتاردىكى دېھقانچىلىق رايونلىرىدىن بولۇپ قالغان. ئىلگىرىكى ئاساسلىق ئاياللار دېھقانچىلىق ئەمگىكىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدىغان ئەھۋالمۇ ئۆزگەرگەن، سۇغىرىش ئىنشائاتلىرىنى قۇرۇش، سۇ قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار دېھقانچىلىق ئەمگىكىنى كۆنسېرى مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتكەن ۋە ئېغىرلاشتۇرۇۋەتكەن، شۇنىڭ بىلەن تېرىقچىلىق قىلىشتا بارا-بارا ئەرلەر ئاساس قىلىنغان. دېھقانچىلىق تېخنىكىسىمۇ پەيدىن-پەي چېپىپ تېرىشتىن ساپان بىلەن يەر

ھەيدەشكە يەنى كالىنى سابانغا قېتىپ يەر ھەيدەشكە تەرەققىي قىلغان، بۇ ئەھۋال باشلانغۇچ جەمئىيەتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچىدىلا مەيدانغا كەلگەن. ئىككى دەريا ۋادىسىدىكى قەدىمقى يېزىقتا، تەخمىنەن مىلادىيدىن ئىلگىرىكى 3000-يىلى "سابان" سۆزى بارلىققا كەلگەن، دېمەك، سابان بىلەن يەر ھەيدەش تەخمىنەن مىلادىيدىن ئىلگىرىكى 4000-يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدىن 3000-يىلىنىڭ باشلىرىغىچە بولغان مەزگىللەردە باشلانغانلىقى مەلۇم. ئەڭ دەسلەپكى سابان پۈتۈنلەي ياغاچتىن ياسالغان ئىدى، كېيىنكى ۋاقىتلاردىلا تاشتىن ياسالغان چىش بېكىتىلگەن، تۆمۈردىن ياسالغان چىشنى ئىشلىتىش بولسا تېخىمۇ كېيىن (قۇللۇق جەمئىيەت ھەتتا فېئوداللىق جەمئىيەت دەۋرىدە) بارلىققا كەلگەن. سابان بىلەن يەر ھەيدەش ئارقىسىدا دېخانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى تېخىمۇ زور دەرىجىدە راۋاجلانغان، دېخانچىلىق كەنتلىرى بارغانسېرى مەركەزلەشكەن، دېخانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بارغانسېرى مەخسۇسلاشقان. يېڭى تاش قورال دەۋرىدىكى دەسلەپكى دېخانچىلىق كەنتلىرى دېخانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىقنى بىرلىكتە ئېلىپ بارغان، ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلار ئارقىلىق كەنت خارابىلىرىدىن كۆپلىگەن ھايۋان سۆڭەكلىرىنىڭ تېپىلغانلىقى بۇنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. لېكىن دېخانچىلىقنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، دېخانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىقتا پەيدىن-پەي ئىش تەقسىماتى بارلىققا كەلگەن، ئاخىردا "كۆچمەن چارۋىچىلار قەبىلىسى باشقا ياۋايىلار توپىدىن ئاجرىلىپ چىققان"،① بۇ—بىرىنچى

① ئېنگېلس: «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى». «ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، خەلق نەشرىياتىنىڭ 1972-يىل خەنزۇچە نەشرى، 4-توم، 156-بەت.

www.uyghurkitap.com

قېتىملىق چوڭ ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى،

دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن بىللە، قول ھۈنەرۋەنچىلىكمۇ تەرەققىي قىلغان. يېڭى تاش قورال دەۋرىدە، ساپال قاچا ياساش ۋە توقۇمىچىلىق كەشىپ قىلىنغان، دەسلەپتە، خام ساپال قاچا قولدا يۇغۇرۇش بىلەن ياسالغان، كېيىن تەرەققىي قىلىپ تەپكە چاق بىلەن ياسىلىدىغان بولۇپ، بارا-بارا مەخسۇس ئىشخانىلار بارلىققا كەلگەن؛ توقۇمىچىلىق تېخنىكىسىمۇ ئاددىي دەستگاھ ئىشلىتىشكە تەرەققىي قىلغان. مېتال قوراللار بىلەن تاش قوراللار بىرلىكتە ئىشلىتىلگەن دەۋر مېتال ئېرىتىش، بىناكارلىق، تىرانسپورت ۋە قورال-سايمان ياساشقا ئوخشاش كەسىپلەرنىڭ زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلىشىغىمۇ تۈرتكە بولغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى قول ھۈنەرۋەنچىلىكنى بارغانسېرى مەخسۇسلاشقان كەسىپكە ئايلاندۇرغان، شۇنىڭ بىلەن قول ھۈنەرۋەنچىلىك دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىقتىن ئايرىلىپ چىقىشتەك ئىككىنچى قېتىملىق چوڭ ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى مەيدانغا كەلگەن. ئىشلەپچىقىرىشنىڭ راۋاجلىنىشى ئارقىسىدا ئېشىنچا مەھسۇلاتلار بارلىققا كېلىشكە باشلىغان، ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن بولسا ئۆزئارا مەھسۇلات ئالماشتۇرۇشقىمۇ ئېھتىياج تۇغۇلغان، شۇڭلاشقا ئالماشتۇرۇش راۋاجلىنىپ كەتكەن. ئالماشتۇرۇش دەسلەپتە تاسادىپىي ۋە مۇقىمسىز بولغان، كېيىن بارا-بارا دائىملاشقان ۋە مۇقىملاشقان، كۆلىمى ۋە دائىرىسى كۆڭسىيىرى كېڭەيگەن. قەبىلە بىلەن قەبىلە ئوتتۇرىسىدىكى ئالماشتۇرۇشتىن تەرەققىي قىلىپ قەبىلىنىڭ ئىچكى قىسمىدا، ئۇرۇق بىلەن ئۇرۇق ئوتتۇرىسىدا، ھەتتا شەخس بىلەن شەخس ئوتتۇرىسىدىمۇ مەھسۇلات ئالماشتۇرۇلىدىغان بولغان،

ئالماشتۇرۇشنىڭ ئۆزىمۇ بىر خىل مۇھىم ئىجتىمائىي رول بولۇپ قالغان. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، سودا ۋە سودىگەر بىخلىرى پەيدا بولۇشقا باشلىغان، بۇ سودا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىكتىن ئاجرىلىپ چىققان ئۈچىنچى قېتىملىق چوڭ ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى. لېكىن سودا باشلانغۇچ جەمئىيەتنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ۋە ئەڭ بالدۇرقى قۇللۇق تۈزۈمىدىكى دۆلەتلەر-دە مۇھىم ئورۇن تۇتمىغان. قاتتىق تەلەپ بىلەن ئېيتقاندا، ئۈچىنچى قېتىملىق چوڭ ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى يەنى سودىنىڭ مەيدانغا كېلىشى سىنىپىي جەمئىيەتكە قەدەم قويغاندىن كېيىنلا يۈز بەرگەن.

**خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە سىنىپنىڭ كېلىپ چىقىشى** باشلانغۇچ جەمئىيەتنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، ئىشلەپچىقى-رىش كۈچلىرىنىڭ يۈكسىلىشىگە ئەگىشىپ، ئەمگەك جەريانى پەيدىن-پەي مۇرەككەپلەشكەن، كوللېكتىپ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى پەيدىن-پەي ئائىلىلەر تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلىدىغان بولغان، بۇ بۆرۈلۈش خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ ئاساسى ئىدى. ئېشىنچا مەھسۇلاتلار كۆپەيگەنلىكى، ئالماشتۇرۇش تەرەققىي قىلغان-لىقى ئۈچۈن، ئۇرۇق ۋە قەبىلىدىكى يۇقۇرى تەبىقىلەر خىزمەت ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، مال-مۈلۈك ۋە چارۋىلارنى ھەتتا يەرلەرنى بارغانسېرى كۆپلەپ ئىگىلەپ بارغان، بەزىبىر ئاددىي ئۇرۇق ئەزا-لىرى بارا-بارا نامراتلاشقان، ھەتتا ئۇرۇق ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ بېقىندىسىغا ئايلىنىپ قالغان. خۇسۇسىي مۈلۈك پەيدا بولۇپ، ئۇرۇقنىڭ ئىچكى قىسمىدا تەڭسىزلىكنىڭ كېلىپ چىقىشى ئارقىسىدا ئۇرۇقداشلىق جامائەسىنىڭ يىمىرىلىشى مۇقەررەر بولۇپ قالغان.

خۇسۇسىي مۈلۈكنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئەگىشىپ، قەبىلىلەر ئوتتۇر-

سىدىكى ئۇرۇش قانداشلارنىڭ قىساس ئېلىشىشىدىن بايلىقلارنى تالان-تاراج قىلىش ئۇرۇشىغا ئۆزگەرگەن، ئۇرۇش ئەسىرلىرى غەلىبە قازانغۇچىلارنىڭ خۇسۇسىي مۈلكى بولۇپ قالغان. بۇرۇنلاردا ئەسىرلەر يا ئۆلتۈرۈۋېتىلەتتى، يا ئۆز ئۇرۇغىغا قوبۇل قىلىناتتى، ئەمدىلىكتە ئەسىرلەر ئېشىنچا مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرالايدىغانلىقتىن، قۇلغا ئايلاندۇرۇلۇپ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنىدىغان بولغان. ئارقا-ئارقىدىن بولۇپ تۇرغان ئۇرۇشلار ئارقىلىق، ئۇرۇق موتىۋەرلىرى ئىگىلىۋالغان ئەسىر قۇللار بارغانسېرى كۆپەيگەن ھەمدە ئۆز ئۇرۇغىنىڭ كەمبەغەل ئەزالىرىنىمۇ قۇل قىلىش ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشنى كۈچەيتىپ، قۇلغا ئايلاندۇرۇۋېلىش غەرىزىدە بولغان. قۇللار دەسلەپتە چوڭ ئائىلىلەردە قوشۇمچە ئەمگەك كۈچى قىلىنغان، كېيىنچە ئىشلەپچىقىرىشتا بارغانسېرى كۆپ ئىشلىتىلىپ، بارا-بارا قارىمۇ-قارشى ئىككى سىنىپ — قۇللار بىلەن قۇلدارلار شەكىللەنگەن. قۇلدارلار ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى ۋە قۇللارنىڭ ئۆزىنىمۇ ئىگىلىۋالغان بولۇپ، خوجايىنلىقلا قىلىپ، ئەمگەككە قاتناشمايتتى. قۇللارنىڭ بولسا ھېچ نەرسىسى يوق ئىدى، ئۇلار خوجايىنىنىڭ مۈلكى دەپ قارىلىپ، دەھشەتلىك تۈردە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىناتتى ۋە ئېزىلەتتى، ھەتتا خالىغانچە ئۆلتۈرۈۋېتىلەتتى.

ئېنگېلس مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن ئىدى: "بىرىنچى قېتىملىق چوڭ ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرۈش، شۇ ئارقىلىق بايلىقلارنى كۆپەيتىش ھەمدە ئىشلەپچىقىرىش مەيدانىنى كېڭەيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئومۇمىي تارىخىي شارائىتتا مۇقەررەر ھالدا قۇللۇق تۈزۈمىنىمۇ ئېلىپ كەلدى. بىرىنچى قېتىملىق چوڭ ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىدىن بىرىنچى

ھېتىملىق چوڭ ئىجتىمائىي بۆلۈنۈش يەنى ئىككى سىنىپقا — خوجايىن بىلەن قۇلغا، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى بىلەن ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچىغا بۆلۈنۈش كېلىپ چىقتى."① بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ۋە سىنىپىي ئېكسپىلاتاتسىيە ئىنسانىيەت تارىخىدا ھەرگىزمۇ مەڭگۈلۈك ھادىسە ئەمەس. باشلانغۇچ جەمئىيەتنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسىم ۋاقىتلىرىدا ئىنسانلار خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى، بىز بۈگۈنكى كۈندىمۇ يەر شارىدىكى كەڭ رايونلاردا خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى يوقىتىش كۈرىشىنى ئېلىپ بېرىۋاتىمىز. بۇرژۇئازىيىنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمى ۋە خۇسۇسىي مۈلۈكنى قانداقتۇ "قول سېغمايدۇ"، "مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدۇ" دەپ دەۋا قىلىشىنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق.

**ئاتا جەمەت ئۇرۇقداشلىق جامائەسى** يېڭى تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە سىنىپنىڭ بىخ ئۇرۇپ چىقىشىغا ئەگىشىپ، ئانا جەمەت ئۇرۇقىدىن ئاتا جەمەت ئۇرۇقىغا ئايلىنىش جەريانى باشلانغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە، نىكاھ ۋە ئائىلە مۇناسىۋىتى توپ نىكاھلىنىش تۈزۈمىدىن بىر ئەر — بىر خوتۇنلۇق تۈزۈمگە قاراپ ئۆزگىرىش ياسىغان. مېتال قوراللار بىلەن تاش قوراللار بىرلىكتە ئىشلىتىلگەن دەۋرگە كەلگەندە، ئۇرۇقنىڭ ئورنىنى ئائىلە ئېلىپ، ئائىلە ئىجتىمائىي

① ئېنگېلس: «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى». «ماركس — ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، خەلق نەشرىياتىنىڭ 1972 — يىل خەنزۇچە نەشرى، 4 — توم، 157 — بەت.

www.uyghurkitap.com

تەشكىلنىڭ ئاساسىي ھۆجەيرىسى بولۇپ قالغان، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك كۈنسېرى راۋاجلىنىپ، دۆلەت پەيدىن-پەي شەكىللەنگەن، ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىنىڭ ئورنىنى تەدرىجىي ھالدا دۆلەت ئاپاراتى ئالغان، باشلانغۇچ جەمئىيەت ئاخىر ئاياقلاشقان.

ئانا جەمەت ئۇرۇقىنىڭ ئاتا جەمەت ئۇرۇقىغا ئۆزگىرىشىنىڭ مۇھىم سەۋەبى ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئورنىدا ئۆزگىرىش بولغانلىقى. دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىقتا ئوخشاش ئىشلەپچىقىرىش ئەمگەكلىرىنى ئەمدى ئاساسەن ئەرلەر ئۈستىگە ئالىدىغان بولغاچقا، بۇ ھال مۇقەررەر ھالدا ئەرلەرنىڭ ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىدىكى ئورنىنى ئۆستۈرگەن.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، نىكا ۋە ئائىلە مۇناسىۋىتىدىمۇ ئۆزگىرىش بولغان، ئانا جەمەت ئۇرۇقداشلىق جامائەسىدە ئەڭ دەسلەپتە باشقا ئۇرۇقتىكىلەر بىلەن توپ نىكاللىنىش يولغا قويۇلۇپ، پۇنالۇيە ئائىلە① بولۇپ ئۇيۇشقان، كېيىن ئۇرۇقداشلىق تەشكىلى ئۈزلۈكسىز بولۇنۇپ، ئۇرۇق-تۇققانلار ئارا نىكاللىنىشنى مەنئىي قىلىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىنىڭ كۈنسېرى مۇرەككەپلەشكەنلىكى تۈپەيلىدىن، باشقا ئۇرۇقتىكىلەر بىلەن توپ نىكاللىنىشنىڭ ئورنىنى تەدرىجىي ھالدا جۈپ نىكاللىنىش ئالغان، بۇ ۋاقىتتىكى ئائىلە جۈپ ئائىلە دەپ ئاتالغان. جۈپ ئائىلىدىكى ئەر-خوتۇن مۇناسىۋىتى بىرقەدەر مۇقىم بولغان، ئەر بىلەن خوتۇن ئاساسىي جۈپ بولغاچقا، ئۆز ئانىسىنى

① "پۇنالۇيە" گاۋاي تىلىدا يېقىن ھەمرا دېگەن مەنىدە بولۇپ، باشقا ئۇرۇقتىكىلەر بىلەن توپ نىكاللىنىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان چاغدىكى ئوخشاش جىنسلىق ھەمرا كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

بەلگىلەشكە مۇمكىنچىلىك تۇغۇلۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۆز ئاتىسىنى بەلگىلەشكىمۇ مۇمكىنچىلىك تۇغۇلغان، شۇنىڭ بىلەن نەسەپ ئاتا جەمەت بويىچە ھېساپلىنىدىغان بولغان. ئەرلەرنىڭ ئورنىنىڭ ئۇسۇشىگە ئەگىشىپ، جۈپ ئائىلىلەردە تەدرىجى ھالدا ئانىسىنى ئاساس قىلىش ئاتىسىنى ئاساس قىلىشقا، ئانىلىق ھوقۇقى ئاتىلىق ھوقۇقىغا، ئانا جەمەت ئاتا جەمەتكە، ئانا جەمەت ئۇرۇقىمۇ ئاتا جەمەت ئۇرۇقىغا ئۆزگەرگەن.

ئاتا جەمەت ئۇرۇقداشلىق جامائەسىدە، ئۇرۇق باشلىقلىقىنى ئەرلەر مونوپولىيە قىلىۋالغان، قانداشلىق ئاتا جەمەتى بويىچە ھېساپلانغان، ئۇرۇق ئەزالىرى ئەمدى ئومۇمى چوڭ ئۆيلەردە ئولتۇرماستىن، بەلكى ئائىلىلەرگە بۆلۈنۈپ ئولتۇرىدىغان بولغان، يەرلەرمۇ كىچىك پارچىلارغا بۆلۈنۈپ ئائىلىلەرنىڭ تېرىشىغا بېرىلگەن، بۇنىڭ بىلەن ئائىلە بارغانسېرى مۇھىم بولۇپ قالغان. نىكا مۇناسىۋىتى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئۆزگىرىش ياسىغان، جۈپ نىكالىنىش پەيدىن-پەي بىر ئەر-بىر خوتۇنلۇق تۈزۈمگە ئۆزگەرگەن، نىكا مۇناسىۋىتى پۈتۈنلەي مۇقىملاشقان. شۇنىڭدەك ئەرلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنى تىكلەنگەن. بۇ چاغدا بىر ئەر-بىر خوتۇنلۇق تۈزۈمدىكى يەككە ئائىلىلەر پەيدىن-پەي ئۇرۇقنىڭ ئورنىنى بېسىپ، ئىقتىسادىي تۇرمۇشنىڭ ئاساسىي بىرلىكى بولۇپ قالغان، يەرلەر ئائىلىلەرنىڭ پايدىلىنىشىغا ئايرىپ بېرىلگەن، مەھسۇلاتلار ئائىلىلەرنىڭ ئىدارە قىلىشىدا بولغان، مانا بۇلار كېيىنكى سىنىپىي جەمئىيەتتىكى ئائىلە شەكلىنىڭ بىخلىرى ئىدى.

يەككە ئائىلىلەرگە ئۆتۈش بىلەن بىللە، ئۇرۇقنىڭ ئىچكى قىسمىدا كەمبەغەللەر بىلەن بايلارغا بۆلۈنۈش تېخىمۇ جىددىيلەشكەن، ئاتا

www.uyghurkitap.com

جەمەت ئۇرۇقداشلىق جامائەسى يىمىرىلىشكە يۈزلىنىپ، قانداشلىق ئالاقىسى بوشىشىپ، مەھەللە مۇناسىۋىتى ئاساس قىلىنغان يېزا جامائەسى پەيدىن-پەي شەكىللەنگەن. يېزا جامائەسى يەنىلا ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىنىڭ بىرمۇنچە رەسىم-يوسۇنلىرىنى ساقلاپ قالغان، مەسىلەن، تېرىلغۇ يەرلەر خۇسۇسىي مۈلۈككە ئايلىنىپ قالمىغان، باشقۇرغۇچىلار دېموكراتىك يوسۇندا سايلانغان، ۋاھاكازالار. لېكىن، تۇرالغۇ جايلار يېنىدىكى باغلار ۋە باشقا يەرلەر خۇسۇسىغا تەۋە بولۇپ كەتكەن، كېيىن، يەرگە بولغان خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنىڭ بارغانسېرى ئەۋج ئېلىشىغا ئەگىشىپ، يېزا جامائەسىنىڭ سۈپىتى ئۆزگىرىپ كەتكەن، ياكى ئۇ پارچىلانغان. يېزا جامائەسى سىنىپىي جەمئىيەتكە ئۆتۈشتە شەكىللەنگەن ئىجتىمائىي ئاساسىي قاتلام تەشكىلى بولۇپ، بەزى جايلاردا بىرقەدەر ئۇزاققىچە ساقلىنىپ تۇرغان.

**ھەربىي ئىشلار دېموكراتىيىسى تۈزۈمى ۋە دۆلەتنىڭ مەيدانغا كېلىشى** ئاتا جەمەت ئۇرۇقداشلىق جامائەسىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا، قۇللار بارا-بارا كۆپەيگەن، قۇللارنىڭ قۇلدارلارغا قارشى كۈرىشى كۈنسېرى كەسكىنلەشكەن؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئادەتتىكى ئۇرۇق ئەزالىرى ئۇرۇق يۇقىرى قاتلىمى—قۇلدارلارنىڭ ئېزىشىگە ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشىغا ئۇچرىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ قارشىلىقمۇ كۈندىن-كۈنگە كۈچەيگەن. قۇلدارلار ۋە ئۇرۇق كاتتىۋاشلىرىنىڭ قۇللار ۋە ئەمگەكچى ئاممىنى باستۇرۇش ئۈچۈن، زورلۇق كۈچ ھوكۇمرانلىقىنى كۈچەيتىپ، دۆلەت ماشىنىسىنى قۇرۇشى مۇقەررەر ئىدى. لېنىن: "دۆلەت سىنىپىي زىددىيەتلەرنىڭ مۇرەسسەسىزلىكىنىڭ مەھسۇلى"① دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. باشلانغۇچ

① لېنىن: «دۆلەت ۋە ئىنقىلاب»، 1972-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 10-بەت.

جەمىيەتتىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن دۆلەتلەر قۇلدارلار سىنىپىنىڭ قۇللار ۋە كەڭ جامائەت ئەزالىرىنى باستۇرۇش ئېھتىياجى ئۈچۈن خىزمەت قىلاتتى، ھەممىسى قۇلدارلار دىكتاتۇرىلىقىدىكى دۆلەتلەر ئىدى.

باشلانغۇچ جەمىيەتتىكى قەبىلە ــ ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىدىن قۇللۇق تۈزۈمىدىكى دۆلەتكە ئۆزگىرىش جەريانىدا، "ھەربىي ئىشلار دېموكراتىيىسى تۈزۈمى" دەپ ئاتىلىدىغان ئۆتكۈنچى باسقۇچ بولغان. ھەربىي يولباشچىلار بۇ ۋاقىتتا بارغانسېرى ئەمەلىي ھوقۇققا ئىگە بولغان ئىدى، لېكىن بۇنداق ھوقۇق تېخى دۆلەتنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى دەرىجىسىگە يەتمىگەن بولۇپ، كېڭەشمە ۋە خەلق يىغىنىنىڭ يەنىلا مەلۇم رولى بار ئىدى، ئۇ ھەربىي يولباشچىلارنى سايلايتتى، مۇھىم ئىشلارنى كېڭىشىپ قارار قىلاتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇرۇقداشلىق جامائەسى يولغا قويغان دېموكراتىيە تۈزۈمىنىڭ بەزىبىر ئالامەتلىرى ساقلىنىپ قالغان ئىدى. قەدىمقى مىللەتلەرنىڭ بىرمۇنچە داستانلىرى ۋە خەلق رىۋايەتلىرىدە ھەربىي ئىشلار دېموكراتىيىسى تۈزۈمى باسقۇچىدىكى ئەھۋاللار خاتىرىلەنگەن. ھەربىي ئىشلار دېموكراتىيىسى تۈزۈمىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىگە كەلگەندە، ھەربىي يولباشچىلارنىڭ ھوقۇقى تېخىمۇ چوڭىيىپ، خەلق يىغىنىنىڭ قارارى بىلەن كارى بولماي ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرىدىغان بولغان. خەلق يىغىنىنىڭ ئورنىنىڭ تۆۋەنلىشىگە ئەگىشىپ، ھەربىي يولباشچىلار ئۆزلىرىنىڭ قارىمىقىدىكى مەخسۇس قوراللىق كۈچنى يەنى "ئۆز مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنى"نى پەيدىن ـ پەي كۈچەيتكەن. بۇ قوراللىق كۈچ ئەسلىدىكى بارلىق ئەر ئۇرۇق ئەزالىرىدىن تەشكىل تاپقان قوراللىق كۈچتىن كۆپ دەرىجىدە پەرقلىنەتتى، ئۇ مەخسۇسلا يولباشچىلار قاتارلىق قۇلدارلار سىنىپىنىڭ سىرتقا قارىتا تالان ـ تاراج قىلىشى، ئىچكى

جەمئىيەتتە باشقۇرۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلاتتى، ئۇ ئۇلارنى يادرو قىلغان ھالدا كېيىنكى دۆلەت ماشىنىسىنىڭ ئىپتىدائى شەكلىنى ھاسىل قىلغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەربىي يولباشچىلارمۇ ئۇرۇقلىرىنىڭ خىزمەت ئورنىنى سايلامدىن ۋارىسلىققا ئايلاندۇرۇۋېلىشقا كىرىشىپ، كېڭەشمە ۋە خەلق يىغىنىنى بارغانسېرى چەتكە قاققان ھەمدە بەزى ئۇرۇق ۋە قەبىلە تەشكىلاتلىرىنى مەمۇرى ئاپپاراتقا ئايلاندۇرۇۋالغان، شۇنداق قىلىپ قۇلدارلار سىنىپى دىكتاتۇرىلىقىدىكى دۆلەت ماشىنىسى رەسمىي مەيدانغا كەلگەن. دۆلەتنىڭ ئۇرۇقداشلىق تەشكىلاتىدىن پەرقلىنىدىغان بەلگىسى مۇنۇلار: بىرىنچى، ئۆز قارىمىقىدىكى ئاھالىنى مەھەللە بويىچە ئايرىغان؛ ئىككىنچى، زورلۇق كۈچكە ئىگە جامائەت ھاكىمىيىتى يەنى ئارمىيە، تۈرمە، سوت قاتارلىق زورلۇق كۈچ ئاپپاراتلىرى مەيدانغا كەلگەن.

دۆلەتنىڭ شەكىللىنىشى باشلانغۇچ جەمئىيەتنىڭ ئاياقلاشقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. دەھشەتلىك ئېكسپلاتاتسىيە ۋە زۇلۇم بىلەن تولغان قۇللۇق جەمئىيەت باراۋەر ۋە دېموكراتىك بولغان باشلانغۇچ جەمئىيەتنىڭ ئورنىنى ئالدى، ئىنسانىيەت تارىخى شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن ناھايىتمۇ ئۇزاققا سوزۇلغان، سىنىپىي زۇلۇم بىلەن تولغان بىر دەۋرنى بېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كەلدى، لېكىن بۇ تارىخىي تەرەققىياتنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتى ئىدى. ئېنگېلس مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: "ئەگەر بىز بۇ مەسىلىلەرنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىدىغان بولساق، چوقۇم شۇنداق دەيمىزكى — ھەرقانچە زىددىيەتلىك ۋە غەلىتە ئاڭلىنىشىدىن قەتئىي نەزەر، — شۇ ۋاقىتتىكى شارائىتتا قۇللۇق

تۈزۈمنىڭ قوللىنىلغانلىقى غايەت زور ئىلگىرىلەش ئىدى.»① باشلانغۇچ جەمئىيەتتىكى جامائەت ئىگىدارچىلىقى ۋە باراۋەرلىك، ئەمەلىيەتتە، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئىنتايىن تۆۋەن بولغانلىقىنىڭ مەھسۇلى ئىدى، چۈنكى شەخسلەر ئەمگەك قىلغاندا ئۆزىنىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى تۇرمۇش ئېھتىياجىنىلا قامدىيالايتتى، ھېچقانداق ئېشىنچا بولمايتتى، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەگەر كوللېكتىپ ئەمگەك قىلمىغاندا ۋە بىرلىكتە تۇرمۇش كەچۈرمىگەندە، شەخسنىڭ ياشىيالىشىمۇ تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، باشلانغۇچ جەمئىيەتتە جامائەت ئىگىدارچىلىقى ۋە باراۋەرلىك تەرىپى بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىنتايىن ئېغىر چەكلىمىلىككە ئىگە تەرىپىمۇ بار ئىدى. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشى بۇنداق چەكلىمىلىكنى بۇزۇپ تاشلاشنى تەلەپ قىلاتتى، شۇ سەۋەپتىن خۇسۇسىي مۈلۈك ۋە قۇللۇق تۈزۈم مەيدانغا كەلدى. بۇنىڭ بىلەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ يۈكسىلىشى، ئالماشتۇرۇشنىڭ كېڭىيىشى، سەنئەت ۋە پەننىڭ ئىجات قىلىنىشى ئۈچۈن تېخىمۇ كەڭ دائىرە ۋە شارائىت يارىتىلىپ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىشىگە ئىمكانىيەت تۇغۇلدى. بۇ تارىخنىڭ دىيالېكتىكىلىق تەرەققىياتى ئىدى.

① ئېنگېلس: «ديۇرىنگغا قارشى»، 1978-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 349-بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئىككىنچى باپ

# قەدىمقى مىسىر

شەرقىي ئافرىقىنىڭ كەڭ زېمىنىدا نىل دەرياسى جەنۇپتىن شىمالنى بويلاپ ئېقىپ، ئوتتۇرا دېڭىزغا قۇيۇلىدۇ. قەدىمقى مىسىرلىقلار جەنۇپتا نىل دەرياسىنىڭ بىرىنچى شاقىراتمىسىدىن① تارتىپ شىمالدا نىل دەرياسى دېلتىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرىغىچە بولغان ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 1200 نەچچە كىلومېتىر كېلىدىغان تار ۋە ئۇزۇنچاق زېمىندا تىرىكچىلىك قىلىپ كەلگەن ئىدى. جەنۇبىي قىسمى نىل دەرياسىنىڭ بىرىنچى شاقىراتمىسىدىن قاھىرىگىچە بولغان تار ۋە ئۇزۇنچاق ئېدىر بولۇپ، يۇقىرى مىسىر دەپ ئاتىلاتتى؛ شىمالىي قىسمى قاھىرىدىن ئوتتۇرا دېڭىز قىرغىقىغىچە بولغان دېلتا رايون تۆۋەن مىسىر دەپ ئاتىلاتتى.

نىل دەرياسى ھەر يىلى قەرەللىك تېشىپ تۇرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن دەريا قىرغاقلىرىدىكى يەرلەر سۇغىرىلىپلا قالماستىن، بەلكى تىنىپ قالغان لاتقا زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈشىگە پايدىلىق بولۇپ، مىسىر رايونىنىڭ دېھقانچىلىقىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. قەدىمقى

---

① نىل دەرياسىنىڭ بىرىنچى شاقىراتمىسىنىڭ ئەسلىدىكى ئورنى ھازىرقى مىسىردىكى ئاسۋانغا جەنۇپتىن تەخمىنەن 70 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا ئىدى، ھازىر ناسىر سۇ ئامبىرى سۈيىنىڭ بېسىپ كېتىشى بىلەن يوقىلىپ كەتتى.

مىسىر ئاھالىسى شەرقىي ئافرىقا ۋە غەربىي ئاسىيانىڭ تۈرلۈك ئىرقلىرىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان، تىلى سەمىت-خەمىت تىل سىستېمىسىغا① كىرىدۇ.

مىسىر ئىنسانىيەت تارىخىدا سىنىپ ۋە دۆلەت ئەڭ بالدۇر مەيدانغا كەلگەن رايونلارنىڭ بىرى ۋە بۇ رايوندا قۇلدارلار سىنىپىنىڭ ھوقۇق مەركەزلەشتۈرۈلگەن ئىستىبداتلىق ھۆكۈمرانلىقى بالدۇرراق تىكلەنگەن ئىدى. فراۋون پۈتۈن مەملىكەتنىڭ يەر ۋە سۇ ئىنشائاتلىرى — سۇغىرىش قۇرۇلۇشلىرىنى ئىگىلىۋالغان ئىدى، قۇللارنى ۋە كەڭ ئاددىي خەلقنى دەھشەتلىك تۈردە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلاتتى ۋە ئېزەتتى. خەلق ئاممىسى قۇلدارلار دىكتاتۇرىسىغا قارشىلىق كۆرسىتىش يۈزىسىدىن كۆپ قېتىملاپ ئۇلۇغ كۆرەش بورىنىنى قوزغاپ، تارىخنى ئالغا سىلجىتقان ئىدى.

قەدىمقى مىسىر تارىخچىسى مانېفوننىڭ خاتىرىلىشىچە، بۇرۇن مېنېس بىرلىككە كەلتۈرگەن (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3000-يىللى ئوپچۆرىسىدە)دىن تارتىپ يۇنان بويى سۇندۇرغان (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 332-يىلى)غىچە بولغان مىسىر تارىخى 31 سۇلالىگە ئايرىلغان. كېيىن بۇرژۇئا ئالىملىرى قەدىمقى مىسىر تارىخىنى دەسلەپكى

① تىل سىستېمىسى دېگەندە تۈرلۈك تىللارنىڭ ئاساسىي لۇغەت تەركىبى ۋە گىراممatikا تۈزۈلۈشى قاتارلىقلار ئۈستىدە سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئورتاق تارىخىي مەنبەگە ئىگە تىل سىستېمىسىنى ئايرىپ چىقىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. دۇنيادىكى چوڭ تىل سىستېمىسىدىن خەنزۇ-زاڭزۇ تىلى سىستېمىسى، ھىندى-ياۋروپا تىلى سىستېمىسى، سەمىت-خەمىت تىل سىستېمىسى قاتارلىقلار بار. قەدىمقىلارنىڭ تىل سىستېمىسىنى تەتقىق قىلىش ئۇلارنىڭ ئىرقىنى بەلگىلەشكە ياردەم بېرىدۇ.

www.uyghurkitap.com

پادىشالىق، قەدىمقى پادىشالىق، يېڭى پادىشالىق، كېيىنكى مىسىر دىگەنگە ئوخشاش بىرقانچە دەۋرگىمۇ بولگەن.

## 1 - بولۇم  قەدىمقى مىسىردا قۇللۇق تۈزۈمدىكى دۆلەتنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققى قىلىشى

**بىرلىككە كەلگەن دۆلەتنىڭ شەكىللىنىشى** تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 4000 - يىللارنىڭ باشلىرىدا، نىل دەرياسى ۋادىسى مېتال قوراللار بىلەن تاش قوراللار بىرلىكتە ئىشلىتىلگەن دەۋرگە قەدەم قويغاندا، ئىپتىدائى جامائە يىمىرىلىپ، قۇللۇق تۈزۈمدىكى دۆلەت پەيدىن - پەي مەيدانغا كەلگەن. قەدىمقى مىسىرلىقلار بىرقانچە يېزا جامائەسىنىڭ بىرلىشىشى بىلەن ئەڭ دەسلەپ مەيدانغا كەلگەن كىچىك تىپتىكى دۆلەتنى "نوم" دەپ ئاتىغان ئىدى. ئەينى زاماندا، نىل دەرياسى ۋادىسىدا تەخمىنەن 40 تەك "نوم" بار ئىدى. ھەر بىر "نوم"نىڭ ئۆز ئالدىغا تۇتېمى، خۇداسى ۋە ھەربى قوشۇنى بولاتتى. ئىلگىرى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇتقا كېلىدىغان ھەربى ئاقساقاللار بۇ ۋاقىتتا ۋارىسچى پادىشالارغا ئايلانغان بولۇپ، ئۇلار ھەربى ئىشلار، سوت ۋە دىن ساھەلىرىدە ئالى ھوقۇققا ئىگە ئىدى، ئاز ساندىكى قۇلدار ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى.

"نوم"لار ئوتتۇرىسىدا ئۇزاق مۇددەت يېغا بولغاندىن كېيىن، تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 4000 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا،

شىمالىي قىسمىدا تۆۋەن مىسىر پادىشالىقى شەكىللەنگەن؛ جەنۇبىي قىسمىدا يۇقىرى مىسىر پادىشالىقى شەكىللەنگەن (بەلكىم بىرقانچە "نوم"نىڭلا ئىتتىپاقى بولۇشىمۇ مۇمكىن). يۇقىرى-تۆۋەن مىسىرلار ئوتتۇرىسىدا دائىم ئۇرۇش بولۇپ تۇرغان، ئۈزلۈكسىز ئۇرۇشلارنىڭ بولۇشى ئارقىسىدا يۇقىرى مىسىر ئاخىر تۆۋەن مىسىرنى بوي سۇندۇرغان، شۇنىڭ بىلەن بىرلىككە كەلگەن دۆلەت شەكىللەنگەن. بۇرۇن بۇ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 3000-يىلى ئۆپچۆرىسىدە پادىشا مېنېس تەرىپىدىن ئورۇنلانغان، مېنېس 1-سۇلالىنىڭ تۇنجى فىراۋونى① دەپ قارالغان ئىدى. ئەمدى قارىغاندا، بۇ بىرلىككە كېلىش جەريانى ناھايىتى ئۇزاققا سوزۇلغان بولۇپ، مېنېستىن باشلانغان، ئۇنىڭ ئاخىرىدا مۇستەھكەملەنگەن ۋاقتى 2-سۇلالە (تەخمىنەن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2890—2686)نىڭ ئاخىرقى يىللىرى ئىدى.

بىرلىككە كەلگەن مىسىر دۆلىتى قۇللۇق تۈزۈمىدىكى دۆلەت ئىدى، ئۆتكەن سۇلالىلەرنىڭ فىراۋونلىرى تۆۋەن مىسىر ئۈستىدىن جازا يۈرۈشى ئېلىپ بېرىش ۋە چەتئەللەرگە قارشى ئۇرۇش قوزغاش ئارقىلىق نۇرغۇنلىغان ئەسىر قۇللارغا ئېرىشكەن. 1-سۇلالىدە بىر فىراۋون بىر قېتىمدىلا 6 مىڭ ئەسىرنى قۇلغا چۈشۈرگەن؛ يەنە بىر فىراۋون تۆۋەن مىسىرغا قارىتىلغان ئۇرۇشتا 120 مىڭ ئەسىرنى قۇلغا چۈشۈردۈم دېگەن. قۇللار، كۆپىنچە، خان جەمەتى ئېكىنزارلىقىدا ۋە ئۇنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشخانىسىدا ئىشلەيتتى، بۇنىڭدىن

① تەخمىنەن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2000-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن ئېتىبارەن، قەدىمقى مىسىرلىقلار پادىشانى ھۆرمەتلەپ "فىراۋون" دەپ ئاتىغان، بۇ سۆز ئەسلىدە "ئوردا" دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى.

باشقا بىللە دەپنە قىلىنغان① قۇللارنىڭمۇ بولغانلىقى مەلۇم.

## قەدىمقى پادىشالىق دەۋردىكى جەمئىيەت ئەھۋالى

3-پادىـ شالىقتىن 6-پادىشالىققىچە تارىختا قەدىمقى پادىشالىق دەۋرى (تەخمىنەن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2686 — 2181) دەپ ئاتىلىدۇ.

3-پادىشالىقتىن باشلاپ، مېمفىس پايتەخت قىلىنغان، ئىشلەپـ چىقىرىش كۈچلىرى تەدرىجى راۋاجلانغان. بۇ ۋاقىتتا كالا سۆرەيـ دىغان ئىپتىدائىي ياغاچ ساپان بارلىققا كەلگەن. داڭگال ئېزىش ۋە ئېتىز تۈزلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ياغاچ تىرنا ۋە مېتال ئوغاق يىگىدىن مەيدانغا كەلگەن. مىس قوراللارنى ئاساسەن قول ھۈنەر-



قەدىمقى پادىشالىق دەۋردىكى ياغاچچىلار

ۋەنلەر ئىشلەتكەن. قۇيمىچىلىقنىڭ ئاددىي ئۇسۇلى بىلىۋېلىنغان بولسىمۇ، قورال-سايمانلارنىڭ كۆپىنچىسى يەنىلا سوقۇپ ياسالغان. ترانسپورت جەھەتتە، ئاساسلىقى ئۇلاق سۆرەيدىغان كىچىك چانا بولغان، كالا ھارۋىسىنى ئىشلىتىش بىلىۋېلىنغان، ئېشەك يۈك توشۇشقىلا ئىشلىتىلگەن. نىل دەرياسىدا كېمە ترانسپورتىمۇ بولغا

① قەدىمقى زاماندا ئەزگۈچىلەر ئۆلگەندە ئۇلارنىڭ خوتۇنلىرى، قۇللىرى ياكى ھەيكەل ۋە مال-مۈلۈكلىرى ئۇلار بىلەن بىللە كۆمۈلەتتى. — تەرجىماندىن.

قويۇلغان.

ئارپا، بۇغداي ۋە تۆزۈن تالالىق كەندىرگە ئوخشاش زىرائەتلەر ھەممە ياغلىق زەيتۇن، ئۈزۈم ۋە ھەر خىل كوكتات تېرىلغان.

قۇللۇق تۈزۈم تەرەققى قىلغان بولسىمۇ، تۆرۈش ئەسىرلىرى يەنىلا ئاساسىي قۇل مەنبەسى بولغان. 4-سۇلالىدە، بەزى فراۋونلار نۇبىيىدىن بىر قېتىمدا 7 مىڭ ئەسىرنى قولغا چۈشۈرگەن؛ يەنە بىر قېتىمدا مىڭدىن ئارتۇق لىۋىيىلىكنى قولغا چۈشۈرگەن. 5-، 6-سۇلالىلەرمۇ سىرتقا قاراتقان ئۇرۇشدا لۇرغۇن ئەسىر قولغا چۈشۈرۈپ قۇل قىلغان. خان جەمەتىنىڭ ۋە ئاقسوڭەكلەرنىڭ ئېكىنزارلىقىدا قۇللار ئىشلىتىلگەن، بەزى قۇللار ئۆي ئىشلىرىغا سېلىنغان.

دېھقانلار قۇلدارلار سىنىپىنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان مۇھىم ئوبيېكتى ئىدى. 1-سۇلالىدىن باشلاپلا، فراۋونلار باج-سېلىق مىقدارىنى بەلگىلەپ، باج-سېلىق يىغىش ئۈچۈن، دائىم ئادەم چىقىرىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ يېرى، نوپۇسى، مال-چارۋىسى ۋە جىمىكى بايلىقىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ تۇراتتى. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە دائىم خەلقنى ھاشارغا تۇتۇپ، ئوردا-قەسىر سالدۇراتتى، ئىبادەتخانىلار ياسىتاتتى. خان جەمەتىنىڭ ۋە ئاقسوڭەكلەرنىڭ ئېكىنزارلىقىدىمۇ دېھقانلار يىغىۋېلىنىپ ئەمگەككە سېلىناتتى. ئەگەر، دېھقانلار باج-سېلىق تاپشۇرالمىسا، قامچىلىناتتى ياكى قاماپ قويۇلاتتى. باج-سېلىق ۋە ھاشار ئېغىر بولغانلىقتىن، نۇرغۇنلىغان دېھقانلار خانىۋەيران بولۇپ، يەرلىرىدىن ئايرىلىپ؛ بېقىندىلارغا ئايلىنىپ قالاتتى. فراۋون كاتتىۋاشلىقىدىكى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلار ۋە ئەزگۈچىلەر سىنىپى بىلەن ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچى ۋە ئېزىلگۈچى قۇللار، كەمبەغەل دېھقانلار ۋە

كاسىپلار قەدىمقى مىسىر جەمئىيىتىدىكى قارىمۇ-قارشى ئىككى تەرەپ بولۇپ، ئۈزلۈكسىز ھالدا ھايات-مامات كۈرىشى ئېلىپ باراتتى.

**قۇلدارلار ئىستىبدات دۆلىتىنىڭ كۈچىيىشى** قەدىمقى مىسىر دۆلىتى ناھايىتى بۇرۇنلا سۇ قۇرۇلۇشى ۋە سۇغىرىش ئىشلىرىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇشنى ئۆزىنىڭ مۇھىم ئىشى قىلغان، مەخسۇس ئادەم تۇرغۇزۇپ نىل دەرياسىنىڭ سۇ چېكىنى كۈزەتكەن ۋە خاتىرىلەپ تۇرغان، دائىم ئادەم توپلاپ ۋە يوتكەپ، ئېرىق-ئۆستەڭ چېپىپ، سۇ ئىنشائاتلىرىنى قۇرۇپ، تېرىلغۇ يەر كولىمىنى كېڭەيتىپ بارغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئېكسپىلاتاتسىيىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن بولسىمۇ، لېكىن ئوبيېكتىپ جەھەتتە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ راۋاجلىنىشىغا پايدىلىق بولغان. سۇ ئىنشائاتلىرى بىر تۇتاش باشقۇرۇلغاچقا، مىسىرنىڭ ھوقۇق مەركەزلەشتۈرۈلگەن دۆلىتىنىڭ بالدۇرراق ۋۇجۇتقا كېلىشى ئىلگىرى سۈرۈلگەن، قەدىمقى پادىشالىق دەۋرىدە بۇ دۆلەت خېلى مۇكەممەللەشكەن ئىدى.

فراۋون قەدىمقى مىسىردا ئالى ھوكۇمران ھىساپلىناتتى. فراۋۇننىڭ قول ئاستىدا باش ۋەزىر بولاتتى، باش ۋەزىر پۈتكۈل مەمۇرى تورىچىلىك ئاپاراتىغا باشچىلىق قىلاتتى ھەمدە ئەدلىيە، ئارخىپ-باج ۋە بىناكارلىق-قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى قوشۇمچە باشقۇراتتى. ئارخىپ باشقۇرۇش مۇھىم بىر خىزمەت ھىساپلىناتتى، چۈنكى بۇ خىزمەت پۈتۈن مەملىكەت يەرلىرىنى تىزىملاش ۋە يەر گۇۋاھنامىسى تارقىتىش ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى، يەر بېجى بولسا دۆلەت غەزىنىسىنىڭ ئاساسىي كىرىمى ئىدى. چوڭ ھوقۇقنىڭ خان جەمەتى سىرتىدىكىلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، باش ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىنى، كوپىنچە، تەخت ۋارىسى ئۆز

ئۈستىگە ئالاتتى. لېكىن ھوقۇق ۋە تەسىرى كۈچىنىڭ تولىمۇ زورىيىپ كېتىپ فىراۋونغا تەھلىكە سېلىپ قويۇشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، باش ۋەزىر ھەربىي ئىشلارنى باشقۇرمايتتى.

ھەربىي قوشۇن فىراۋوننىڭ ئىستىبدات ھاكىمىيىتىنىڭ ئاساسىي تۈۋرۈكى ئىدى، ھەربىي قوشۇن ۋە ھەربىي ئاپپاراتلارنىڭ كاتتىۋاشلىقىنى پادىشا جەمەتىدىكىلەر (كۆپ ھاللاردا شاھزادە) ئۆز ئۈستىگە ئالاتتى. پىيادە ئەسكەرلەر ئاساسلىق ئەسكىرىي قىسىم بولۇپ، مەجبۇرىي يىغىۋېلىنغان دېھقانلاردىن تەشكىل قىلىناتتى، ئاساسىي قورالى ئوقيا ئىدى.

ئوبلاست باشلىقلىرىنى فىراۋون ئۆزى بىۋاستە تەيىنلەيتتى ۋە يۆتكەيتتى. ئوبلاست باشلىقلىرى ئالۋاڭ-ياساق، سۇ قۇرۇلۇشى ۋە ئەدلىيە ئىشلىرىنى باشقۇراتتى. قەدىمقى پادىشالىق تازا ھوكۈم سۈرگەن دەۋردە، فىراۋوننىڭ ئىستىبدات ھاكىمىيىتىنىڭ مۇھىم بەلگىسى شۇنداق ئىدىكى، پادىشا جەمەتلىرى، كوپىنچە، دۆلەتنىڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئالاتتى، كۆپ قىسىم ئىسىلزادىلەر فىراۋوننىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ئىدى. قەدىمقى پادىشالىقنىڭ كېيىنكى مەزگىلىگە كەلگەندىلا، يەرلىك ئاقسۆڭەكلەر ئۆستۈرۈلۈپ مۇھىم ۋەزىپىگە قويۇلىدىغان بولغان.

يەنە بىر جەھەتتىن، پادىشا ھاكىمىيىتىنى ئىلاھىيلاشتۇرۇۋېتىش ئىدىيىسى ۋە تۈزۈمىمۇ راۋاجلانغان. قەدىمقى پادىشالىق دەۋرىدە، قۇياش مۇئەككىلىگە دۆلەت خۇداسى دەپ ئېتىقات قىلىنغان. فىراۋون "قۇياش مۇئەككىلىنىڭ ئوغلى". قۇياش مۇئەككىلىنىڭ ئادەم سىياقىدا كورۈنۈشى، ئۆلگەندىن كېيىن ئاسماندىكى خۇدالار ئىچىدە يېڭى بىر خۇدا بولۇپ قالىدۇ، دەپ قارالغان. پادىشا ھاكىمىيىتىنى ئىلاھىيلاش-

www.uyghurkitap.com

تۇرۇۋېتىشتىن مەقسەت فىرئەۋن ھاكىمىيىتىگە بىر قەۋەت مۇقەددەس پەردە كىيگۈزۈپ، كەڭ ئەمگەكچى ئاممىنى ئەخمەق قىلىپ ۋە ئالداپ، ئۇلارغا قۇلدارلار سىنىپىنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشى ۋە قۇل قىلىشىنى ئىتائەتمەنلىك بىلەن قوبۇل قىلغۇزۇش ئۈچۈن ئىدى.

**ئېھراملار** قەدىمقى پادىشالىق دەۋرى "ئېھراملار دەۋرى" دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئېھرام — فىرئەۋنىنىڭ قەۋرىسى؛ ئۇنىڭ ئۇلى سەل تۆت چاسا شەكىلدە سېلىنغان، ھەر بىر تەرىپى ئۈچ بۇلۇڭ شەكىلدە يۇقۇرىغا قاراپ قوپۇرۇلغان، يىراقتىن كۆرگەندە خۇددى بىر پىرامىدا شەكىلدىكى تاش مۇنارغا ئايلانغان، ھەر تەرىپىدىن قارىغاندا، خەنزۇچىدىكى "金 — ئالتۇن" خېتىگە ئوخشىغاچقا، "ئالتۇن" خەت شەكىللىك مۇنار دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

قەدىمقى مىسىرنىڭ فىرئەۋنلىرى بۇ دۇنيادا ھوكۇمرانلىق قىلىش بىلەنلا قانائەتلەنمەستىن، بەلكى ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىپ خۇداغا ئايلىنىپ، باقى دۇنيادىمۇ ھوكۇمرانى بولۇش ھەممە ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇق — ئەۋلادلىرىنى مەڭگۈ قانات ئاستىغا ئېلىش خام خىيالىدا بولۇشقان. قەدىمقى مىسىر دىنى ۋە ئەپسانىلىرى بويىچە بولغاندا. جەسەتنى بىجىرىم ساقلاپ قالغاندىلا، ئاندىن روھقا تۇرىدىغان جاي چىقارمىش ۋە روھ تىرىلەرمىش. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار جەسەتنى ئىچكى ئەزالىرىنى ئېلىپ تاشلاپ، تۇز سۈيى ۋە باشقا چىرىتمەستىن ساقلاش دورىلىرىغا چىلاپ، ئىچىگە خۇش پۇراق نەرسىلەرنى تىقىپ، ئاندىن كاناپ بىلەن چىڭ ئوراپ قوياتتى. ناھايىتى ئۇزاققىچە ساقلىنىشلىق بولىدىغان بۇنداق جەسەت "مومىيا" دەپ ئاتىلاتتى. ئېھرام فىرئەۋنىنىڭ مومىياسىنى قويىدىغان جاي، ئۇنىڭ ئۆلۈپ "قايتا تىرىلگەن"دىن كېيىنكى "مەڭگۈلۈك قورغىنى".

بۇ — ھەر بىر فىرئەۋننىڭ تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىنلا ئۆزىگە قەۋرە سالدۇرۇشقا تۇتۇش قىلىشىنىڭ دىنىي جەھەتتىكى سەۋەبى.

ئېهرام قۇرۇلۇشلىرى نىل دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى گىزا ۋە ساككارا دېگەن جايلارغا تارقاق جايلاشقان، بۇ يەر جەنۇبتىن قاھىرىگە ئون نەچچە كىلومېتىر كېلىدۇ. چوڭ-كىچىك ئېهراملار 70 تىن ئاشىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە 4-سۇلالىنىڭ ئىككىنچى ئەۋلات فىرئەۋنى ھۇپىنىڭ ئېهرامىنىڭ كۆلىمى ئەڭ چوڭ. ئېهرام ئالاھەزەل 2 مىليون 300 مىڭ پارچە چوڭ تاشتىن قوپۇرۇلغان، ھەر بىر تاشنىڭ ئوتتۇرىچە ئېغىرلىقى تەخمىنەن 2 يېرىم توننا كېلىدۇ. ئېهرامنىڭ ئىگەللىگەن ئورنى تەخمىنەن 52 مىڭ 900 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. ئەسلىدە ئېهرامنىڭ ئېگىزلىگى 146 يېرىم مېتىر ئىدى، بىرقانچە مىڭ يىللاردىن بېرى شامالنىڭ سوقۇشى بىلەن ئۇچۇرۇلۇپ كەتكەن، ھازىر ئېگىزلىگى 138 مېترلا كېلىدۇ؛ ئەسلىدە تۆت تەرىپىنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئۇزۇنلۇغى 230 مېتىر ئىدى، ھازىر ھەر بىر تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇغى 220 مېتىردەك كېلىدۇ، چوڭ ئېهرامنىڭ ئايلانمىسى تەخمىنەن بىر كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ چوڭ ئېهرامنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىلا كۆركەم بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئىچىدە مۇرەككەپ قۇرۇلمىلىق ”يەر ئاستى ئوردا“مۇ بار، پۈتۈن قۇرۇلۇش پۇختا لايىھەلەنگەن، مەزمۇت سېلىنغان، شۇنىڭ ئۈچۈن ياسالغىنىغا 5 مىڭ يىلدەك ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، يەنىلا نىل دەرياسى بويىدا بىخارامان قەد كۆتىرىپ تۇرماقتا. بۇ — ئىنسانلارنىڭ بىناكارلىق تارىخىدىكى ئاجايىپ موجىزە، قەدىمقى مىسىر ئەمگەكچى خەلقىنىڭ كارامەت ئەقىل-پاراستى ۋە جاپاغا چىداپ قىلغان ئەمگىكىنىڭ ئۆچمەس نامايەندىسى.

خۇپۇنىڭ ئوغلى خافرانىڭ ئېھرامى خۇپۇنىڭ چوڭ ئېھرامىدىن تەخمىنەن 8 مېتىر پەس. خافرانىڭ ئېھرامىنىڭ يېنىدا غايەت زور شىر تەنلىك ئادەم يۈزلۈك ھەيكەل ("سفىنكس") بولۇپ، ئۇنىڭ ئېگىزلىكى 22 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 57 مېتىر، بىر قۇلىقىنىڭ ئۇزۇنلۇقىلا 2 مېتىر كېلىدۇ. ئۇ بىر پارچە غايەت زور قورام تاشتىن ئويۇپ ياسالغان بولۇپ، يۈزى خافرانىڭ يۈزىگە تەقلىد قىلىنغان. خۇپۇتىن كېيىن 6-سۇلالىگىچە ئۆتكەن فىرئەۋنلەرنىڭ ھەممىسى ئېھرام سالدۇرغان بولسىمۇ، بۇلارنىڭ كۆلىمى بارغانسېرى كىچىكلەپ بارغان. بۇ ھال فىرئەۋنىنىڭ ئىستىبدات پادىشا ھاكىمىيىتىنىڭ بەيدىن-بەي ئاجىزلاپ بارغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ھەيۋەتلىك ۋە كۆركەم ئېھرامنى ۋە ھەيۋەتلىك شىر تەنلىك ئادەم يۈزلۈك ھەيكەلنى ياسىتىشتىن مەقسەتمۇ كىشىلەرنى فىرئەۋنىنىڭ ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان نوپۇزى ئەبەدىلئەبەت تەۋرەنمەيدۇ، دېگەنگە ئىشەندۈرۈپ، بۇ ئارقىلىق خەلقنى دەككە-دۈككىگە سېلىپ، قۇلدارلار دىكتاتۇرىسىنى قوغداپ قېلىشقا تۈرۈنۈشتىن ئىبارەت ئىدى.

بۇ ئېھراملارنى ياساشقا كۆپلىگەن ئادەم كۈچى ۋە ماددىي كۈچ سەرپ قىلىنغان. خۇپۇنىڭ چوڭ ئېھرامىنى ياساشنى ئالساق، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، 100 مىڭ ئادەم قىزىق ئاپتاپتا نازارەتچىلەرنىڭ قامچىسى ئاستىدا ئەمگەك قىلىپ، 10 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ تاش توشۇش يولى ۋە يەر ئاستى لەھەتنى ياساپ چىققان، يەنە 20 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئېھرامنى ئاران قوپۇرۇپ پۈتتۈرگەن. پۈتكۈل قۇرۇلۇشقا 30 يىل ۋاقىت كەتكەن. ئېھرام سانسىزلىغان ئەمگەكچى خەلقنىڭ قان-تەرىنىڭ جەۋھىرى بولۇپ، خەلققە چەكسىز ئازاپ-

ئوقۇبەت كەلتۈرگەن.

قەدىمقى پادىشالىق دەۋرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى خەلق قوزغىلىڭى پارتلىغان. قەدىمقى يۇنان تارىخچىلىرىنىڭ ئېيتىشىچە: "بۇ ئىككى پادىشا (ھۇپ بىلەن ھافرا كوزدە تۇتۇلىدۇ) ئۆزلىرىنىڭ قەۋرىسى سۈپىتىدە ئېھرام ياساتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھېچقايىسى ئۇنىڭ ئىچىگە كومۇلمىگەن. خەلق ئېھرام ياسىغان چاغدا كۆرمىسىگە جاپالارنى تارتقانلىقى، بۇ پادىشالار ئۇرغۇنلىغان رەھىمسىز-ياۋۇز ئىشلارنى قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن، كىشىلەر تولۇپ تاشقان غەزەپ بىلەن قوزغىلىپ، ئۆزلىرىگە كۆلپەت كەلتۈرگۈچىلەرگە قارشى تۇرغان ھەمدە ئۇلارنىڭ جەسەتلىرىنى ئوچۇق-ئاشكارا ھالدا تىتىپ پارا-پارا قىلىپ تاشلاپ، قاتتىق غەزەپ بىلەن قەۋرىنىڭ سىرتىغا تاشلىۋېتىشكەن." قەدىمقى پادىشالىق دەۋرىدىكى فراۋونلارنىڭ جەسەتلىرى خەلق قوزغىلىڭىنىڭ يالقۇنى ئىچىدە كويۇپ كۈلگە ئايلانغان، بۇ-ئۇلارنىڭ جىنايىتى ئۈچۈن ھەقلىق ئاقىۋەت.

قەدىمقى پادىشالىق ئاخىر گۇمران بولغان. مىسىر چاك-چېكىدىن پارچىلىنىش ھالىتىگە چۈشۈپ قالغان.

## 2-بۆلۈم قۇللار ۋە كەمبەغەللەرنىڭ زور قوزغىلاڭلىرى ئوتتۇرا پادىشالىق دەۋرى

**قۇللار ۋە كەمبەغەللەرنىڭ زور قوزغىلاڭلىرى** 7-سۇلالىدىن 10-سۇلالىغىچە (تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2181—2040) تارىختا "بىرىنچى ئارىلىقتىكى دەۋر" دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ دەۋردە،

مىسىر تارىخىدا قۇللار ۋە كەمبەغەللەرنىڭ زور قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلگەن. قۇللار، كەمبەغەل دېھقانلار ۋە كاسىپلارنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش كۈرىشى قۇلدارلار دۆلىتىگە ۋە قۇللۇق تۈزۈم ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىگە شىددەتلىك زەربە بېرىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى مەلۇم دەرىجىدە تەڭشىگەن، شۇنىڭ بىلەن جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

«يىپۇۋىنىڭ ۋەسىيەتنامىسى» ۋە «نېفېرلېخۇنىڭ ۋەسىيەتنامىسى»① — بۇ دەۋردىكى خەلق قوزغىلاڭلىرىغا دائىر ۋاستىلىك ماتېرىياللار. بۇلارنىڭ ئاپتورلىرى قۇلدارلار بولۇپ، قوزغىلاڭنى زەھەرخەندىلىك بىلەن قاغىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇلاردا يەنىلا بەزىبىر تارىخىي ئەھۋاللار ئاشكارىلىنىپ قالغان.

قوزغىلاڭچىلار ئاممىسى قۇللار، كەمبەغەل دېھقانلار ۋە كاسىپلاردىن تەركىب تاپقان. قوزغىلاڭچىلار قانلىق قوراللىق كۈرەش ئارقىلىق، دۆلەت پايتەختىنى ئىشغال قىلغان، پادىشا ئوردىسىنى كۆيدۈرۈۋەتكەن، پادىشانى قولغا ئالغان، دۆلەت ئەمەلدارلىرىنى قوغلىۋەتكەن، ئەدلىيە ۋە مالىيە-باج ئورگانلىرىنى بىتچىت قىلىۋەتكەن. قىسقىسى "يەر-زېمىن خۇددى ساپال ياسايدىغان تەپكە چاقتەك چۆگىلىتىۋېتىلگەن"، ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار-

---

① بۇ — ئىككى پارچە ئەدەبىي ئەسەر، لېكىن بۇ ئەسەرلەر تارىخىي ماتېرىياللىق قىممەتكە ئىگە ئىدى. بۇ ئەسەرلەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تارىخىي دەۋر ئوتتۇرىدا ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ پىكرى بىردەك ئەمەس، كۆپ ساندىكىلەر بولاردا بايان قىلىنغان ۋەقەلەر بىرىنچى ئارىلىقتىكى دەۋردە يۈز بەرگەن دەپ ھېساپلىشىدۇ.

نىڭ جەننىتى گۇمران قىلىنغان!

قوزغىلاڭچىلار قۇلدارلارنىڭ ئۈستىلىق بىلەن بۇلاپ-تالاپ ئاچكۆزلۈك بىلەن توپلىۋالغان ئالتۇن-كۈمۈش بايلىقلىرى، ئېسىل كىيىم-كېچەكلىرى، ئاشلىق، چارۋا مال، ئۆي-ئىمارەتلىرى ۋە يەرلىرىنى ھەم دۆلەتنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشخانىلىرىنى مۇسادىرە قىلغان ھەمدە قۇلدارلارنى ئەمگەك قىلىشقا مەجبۇر قىلغان. "ئەسلىدىكى يوقسۇللار بايلىق ئىگىلىرىگە ئايلىنىپ قالدى"، "بايلىق ئىگىلىرى بولسا مۈلۈكسىز ئادەملەرگە ئايلىنىپ قالدى". بۇرۇن قۇل قىلىنىش بىلەن دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن قۇللار قەددى-قامىتىنى رۇسلاپ، خۇشاللىقتا چۆمۈپ، "بارغانسېرى مەغرۇرانە سۆزلەيدىغان بولۇپ كەتتى"، "نامراتلار نەزىر-چىراققا ئاتالغان بولكا يېمەكتە، مالايلار خۇشال-خورام يۈرمەكتە"!

بۇ قېتىمقى قۇللار ۋە كەمبەغەللەرنىڭ ئۇلۇغ ۋە زور قوزغىلىڭى نەچچە ئون يىل داۋاملاشقان، كېيىن باستۇرۇۋېتىلگەن.

**ئوتتۇرا پادىشالىق دەۋرىدىكى مىسىر جەمئىيىتى** تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 21-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ، مىسىر دۆلىتىنىڭ بىرلىكى يەنە پەيدىن-پەي ئەسلىگە كېلىپ، ئوتتۇرا پادىشالىق دەۋرىگە قەدەم قويغان. 12-سۇلالىنىڭ ئامېنېمخېت III (تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1842—1797) دەۋرىگە كەلگەندىلا، ئوبلاست باشلىقلىرىنىڭ تەپرىقە كۈچلىرى يوقىتىلىپ، قۇللۇق تۈزۈمىدىكى ھوقۇق مەركەزلەشتۈرۈلگەن دۆلەت ھەقىقىي تۈردە ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. 12-سۇلالىنىڭ 200 يىلدىن كۆپرەك ھۆكۈم سۈرگەن دەۋرى ئوتتۇرا پادىشالىقنىڭ گۈللەنگەن دەۋرى ئىدى.

خەلق قوزغىلىڭىنىڭ تۇرتكىسى ئارقىسىدا ئوتتۇرا پادىشالىق دەۋرى (تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 21-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 18-ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە)دە، ئىجتىمائىي ئىگىلىك جەھەتتە بەزىبىر يېڭى ئامىللار مەيدانغا كەلگەن. تۇچ قوراللار بارلىققا كېلىشكە باشلىغان. تۇچ مىس بىلەن قەلەينىڭ بىرىكمىسى، تۇچ ساپ مىستىن قاتتىق، ئۇنىڭدىن ياسالغان قورال-سايمانلار بىرقەدەر ئوتكۇر بولىدۇ، بۇ مېتال ئېرىتىش جەھەتتىكى زور ئىلگىرىلەش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەينەكچىلىكمۇ مۇشۇ دەۋردىلا ۋۇجۇتقا كەلگەن بىر يېڭى قول ھۈنەرۋەنچىلىك تارمىقى ئىدى. دېخانچىلىق سايمانلىرى جەھەتتە، تىك تۇتقۇچلۇق يېڭى تىپتىكى ساپان ئومۇمىي يۈزلۈك ئومۇملاشتۇرۇلغان، بۇنداق ساپان بىلەن يەر ھەيدىگەندە، ساپان ئۇچىنى توپىغا بېسىپ كىرگۈزۈپ يەرنى چوڭقۇر ھەيدەشكە بولاتتى، مەنجاناق بىلەن سۇ چىقىرىپ يەر سۇغىرىش ئۇسۇلىمۇ مۇشۇ دەۋردە باشلانغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سۇ ئىنشائاتلىرى، سۇغىرىش قۇرۇلۇشلىرىنى رېمونت قىلىش، كېڭەيتىش ۋە باشقۇرۇش ئىشلىرىمۇ ياخشىلىنىپ، دېخانچىلىقنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلگەن. مەسىلەن، مېمفىسقا غەربىي جەنۇپتىن 50 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىكى سازلىقتا غايەت زور سۇ قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلغان، كولنىڭ چورىسىگە توسما سېلىنىپ، ئەتراپىدىكى سازلىق قۇرۇتۇلۇپ، تېرىلغۇ يەر كولىمى كېڭەيتىلگەن.

ئوتتۇرا ۋە كىچىك قۇلدارلار تەبىقىسىنىڭ ئوسۇپ يېتىلىشى ئوتتۇرا پادىشالىق دەۋرىدىكى قۇللۇق تۈزۈم تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم بەلگىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ تولىسىنىڭ كېلىپ چىقىشى كەمبەغەل بولغاچقا، ئۇلار "تېگى پەسلەر" دېگەن مەنىدە "نېجىس"

دەپ ئاتالغان. ئۇلار يەر، هايۋان ۋە قوراللارنى ئىگىلىگەن؛ بۇلار-نىڭ ئاز ساندىكى "كۆچلۈك نىجىسلەر" دەپ ئاتالغانلىرى، كۆپىنچە، كاتتا بايلاردىن بولۇپ، دولەتنىڭ يۇقۇرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى بولالايتتى، بەزىلىرى هەتتا ئوبلاست باشلىقلىق مەرتىۋىسىگىمۇ ئېرىشكەن ئىدى. كۆپ ساندىكىلىرى چوڭ-كىچىك ئەمەلدارلار، چوڭ-كىچىك ئېكىنزارچىلار، چوڭ-كىچىك سودىگەرلەر ۋە ھاللىق قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشخانا ئىگىلىرى ئىدى.

قۇللارنىڭ سانى قەدىمقى پادىشالىق دەۋرىدىكىگە قارىغاندا كۆپەيگەن، بەزىلەر بىرقانچە يۈزلىگەن قۇلغا ئىگە بولۇۋالغان ئىدى. 12-سۇلالىدىكى فراۋوننىڭ بىر قوغىدىغۇچىلار باشلىقى ئەسكەر چېغىدا 60 قۇل ئىنئام ئالغان، كېيىن قوغىدىغۇچىلار باشلىقلىقىغا ئۇستۈرۈلگەندە يەنە 100 قۇل ئىنئام ئالغان. قۇللار تۇياق بويىچە ھىساپلىناتتى، ئۇلارنى پۈتۈنلەي ھايۋان ۋە نەرسە-كېرەكلەرگە ئوخشاش، مىراس قىلىپ قالدۇرۇشقا، تەقدىم قىلىشقا، ئوتتۇنۇپ بېرىشكە بولاتتى.

ھوكۇمران سىنىپنىڭ ئىچكى قىسمىدا، بۇ ۋاقىتتا يەرلىك ئوبلاست باشلىقلىرىنىڭ كۈچى خېلى كۈچلۈك ئىدى. ئۇلار ئۆز ئالدىغا يەر بولۇۋالاتتى، مەنسەپ ئورنىنى مىراس قىلىپ قالدۇراتتى، ئۆز ئوبلاستىنىڭ ھەربى، مەمۇرى، مالىيە، ئىلاھىيەتكە ئوخشاش چوڭ ھوقۇقلىرىغا ئىگە بولۇپ، فراۋوننىڭ چەكلىمىسىگە ناھايىتى ئاز ئۇچرايتتى. فراۋون ھوقۇق مەركەزگە مەركەزلەشتۈرۈلگەن ھاكىمىيەتنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئوبلاست باشلىقلىرى بىلەن ئۇزاق مۇددەت كۈرەش ئېلىپ بارغان، ئوبلاست باشلىقلىرىنىڭ كۈچى ئوتتۇرا پادىشالىقنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندىلا، ئاز-تولا

ئاجىزلاشقان.

**ھىكسوسلارنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى ۋە ئوتتۇرا پادىشالىقنىڭ ھالاك بولۇشى** 12-سۇلالە ھالاك بولغاندىن كېيىن، مىسىر يەنە بولۇنۇش ھالىتىگە چۈشۈپ قالغان. تارىختا بۇ ئىككىنچى ئارىلىقتىكى دەۋر (13-سۇلالىدىن 17-سۇلالىغىچە، تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 18-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن 16-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە) دەپ ئاتىلىدۇ. ئاسىيادىن كەلگەن ھىكسوسلارنىڭ مىسىرغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى بۇ دەۋردىكى زور تارىخىي ۋەقە بولدى. ھىكسوسلار ئىرق تەركىبى مۇرەككەپ بولغان بەزى كوچمەن چارۋىچى قەبىلىلەردىن تەشكىل تاپقان ئىدى. ئۇلار مىسىرغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن كېيىن، مىسىرغا يۈز يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ھوكۇمرانلىق قىلىپ، ئەينى زامانىدىكى مىسىرنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنى پەيدىن-پەي قوبۇل قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مىسىرلىقلارنىڭ ھىكسوسلاردىن ئات بېقىشنى ۋە ئات قوشۇلغان ھارۋىنى ئۇرۇشلاردا ئىشلىتىش تېخنىكىسىنى ئۆگىنىۋالغان بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. كېيىن يۇقۇرى مىسىر پەيدىن-پەي فىۋى ئەتراپىغا بىرلىككە كەلگەن ھەمدە ھىكسوسلارنى قوغلاپ چىقىرىش كۈرىشىنى ئېلىپ بارغان.

## 3-بولۇم مىسىرنىڭ قۇللۇق تۈزۈمىدىكى ئىمپېرىيىسى ۋە ئۇنىڭ زاۋال تېپىشى

**ئىمپېرىيىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئېگىلىكنىڭ تەرەققىي قىلىشى**

مىلادىدىن ئىلگىرىكى 16 ‐ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، فىرئەۋنىڭ هۆكۈمرانى ياخموس I (تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1567 — 1542) مىسىرغا باشچىلىق قىلىپ تاجاۋۇزچى هىكسوسلارنى قوغلاپ چىقىرىش ئۇرۇشىنى غەلىبىلىك ئېلىپ بارغان. مىسىرلىقلار تاجاۋۇزچىلارنى دۆلەت چېگرىسىدىن قوغلاپ چىقىرىپلا قالماستىن، بەلكى غەلىبىسىرى قوغلاپ زەربە بېرىپ پەلەستىننىڭ جەنۇبىي قىسمىغىچە يېتىپ بېرىپ، 3 يىل قورشاپ هۇجۇم قىلغاندىن كېيىن، هىكسوسلارنىڭ مۇهىم قورغىنى سارۇكىننى ئىشغال قىلغان. ياخموس I 18 ‐ سۇلالىنىڭ ئاساسىنى سالغۇچىسى ئىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، مىسىر تارىخى يېڭى پادىشالىق دەۋرى (تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1567 — 1085، "ئىمپېرىيە دەۋرى" دەپمۇ ئاتىلىدۇ)گە قەدەم قويغان. فىۋى پايتەخت قىلىنغان.

يېڭى پادىشالىق دەۋرىدە، مېتال ئېرىتىش ‐ قۇيۇش تېخنىكىسى ئۆسۈپ، تۇچ قورال ‐ سايمانلار ئومۇمىي يۈزلۈك قوللىنىلغان. بۇرۇن قۇيمىچىلار ئېرىتىش مېشىگە نەيچە بىلەن پۈلەپ يەل بېرەتتى، بۇ دەۋردە تېرىدىن ياسالغان، پۇت بىلەن باسىدىغان كورۇك ئىشلىتىلىش بىلەن تۇچ قورال ‐ جابدۇقلارنى ئېرىتىش ‐ تاۋلاش ئۈنۈمى ئۆستۈرۈلگەن. ئومۇمەن بىرلا توقۇمىچى باشقۇرىدىغان يېڭى شەكىلدىكى ئۆرە دەستىگاھ بارلىققا كەلگەن. دېخانچىلىق سايمانلىرى جەھەتتە، يېڭى شەكىلدىكى شوتىسىمان ساپان ئومۇمىي يۈزلۈك قوللىنىلىپ، تېرىقچىلىق ئۈنۈمى ئۆستۈرۈلگەن. ئات بىلەن خېچىرمۇ ئىشلىتىلىپ، قاتناش ‐ ترانسپورتنى ياخشىلاشقا پايدا يەتكۈزۈلگەن.

ئىچكى ‐ تاشقى سودىمۇ ئۆتمۈشتىكىگە قارىغاندا تەرەققىي قىلغان. تاشقى سودا دائىرىسى كېڭىيىپ، كىچىك ئاسىيا، ئىككى دەريا

ۋادىسى، قىزىل دېڭىزنىڭ جەنۇبىي قىرغىقى، يۇنان ۋە ئېگەي دېڭىزىدىكى ئاراللار بىلەن سودا ئالاقىسى ئورنىتىلغان. شۇ ۋاقىتتا يەنە نىل دەرياسىنىڭ تارمىقى بىلەن قىزىل دېڭىزنى تۇتاشتۇرىدىغان قانال چېپىلغان، بۇ قانال سۇۋەيش قانىلىنىڭ ئەڭ بالدۇرقى باشلانمىسى بولۇپ، تاشقى سودىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە بەلگىلىك رول ئوينىغان. تاشقى سودا، كوپىنچە، ھەربىي تالان-تاراج بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، ئۇنى ئاساسەن دۆلەت بىۋاستە كونترول قىلغان. ئىچكى سودا بولسا، كوپىنچە، ئىبادەتخانا ئىگىلىكى بىلەن باغلانغان، سودىگەرلەر ئىبادەتخانا ئېكىنزارلىقىدىن مال ئېلىپ ساتقان ھەمدە ئىبادەتخانىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. لېكىن ئەينى زاماندا تاۋار-پۇل مۇناسىۋىتى تېخى ئانچە تەرەققى قىلمىغان، قويما پۇل تېخى بارلىققا كەلمىگەن ئىدى، كىشىلەر يەنىلا نەرسىنى نەرسىگە تېگىشىش ئادىتى بويىچە سودا قىلاتتى.

ئىگىلىك تەرەققىياتى ئاساسىدا، 18-سۇلالىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى فىرئەۋنلار كەڭ كولەملىك تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى ئېلىپ بارغان، بۇنىڭ ئىچىدە تۇتموس III (تەخمىنەن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1490—1436) بولۇپمۇ ئەڭ روشەن كوزگە چېلىقىدۇ. ئۇ پەلەستىن بىلەن سۇرىيىگە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ 15 قېتىم ئەسكەر چىقىرىپ، نۇرغۇن جايلارنى ئىشغال قىلىۋېلىپ، ھە دەپ بۇلاپ تالىغان، خانتۇەيرانچىلىققا سالغان، ئىككى دەريا ۋادىسى، كىچىك ئاسىيا قاتارلىق جايلاردىكى قۇللۇق تۈزۈمىدىكى دولەتلەر ئارقا-ئارقىدىن مىسىرغا خىراج تولىگەن؛ ئۇ يەنە ئۇزى ئەسكەر باشلاپ چىقىپ غەربتە لىۋىيىگە، جەنۇبتا نۇبىيىگە تاجاۋۇز قىلغان. تاجاۋۇزچىلىق يۈزىسىدىن قىلىنغان ئۇرۇن سەپەرنىڭ نەتىجىسىدە مىسىرنىڭ



هارۋا ياساش



، رەخت توقۇش



مىس ئېرىتىش (تىكتىكى ياندىكىلەر پۇتى بىلەن كورۇك باسماقتا)



ئاياق چەملەش

يېڭى پادىشالىق دەۋردىكى قول ھۈنەرۋەنچىلىك

قۇدرەتلىك ھەربى ئىمپېرىيە قۇرۇلغان. بۇ ھەربى ئىمپېرىيە شىمالدا كىچىك ئاسىيا بىلەن، جەنۇبتا نىل دەرياسىنىڭ تۆتىنچى شاقىراتمىسى بىلەن تۇتاشقان بولۇپ، جەنۇبتىن شىمالغىچە بولغان چېگرا ئارىلىقى تەخمىنەن 3200 كىلومېتىر كېلەتتى، بۇ ھالەت 200 يىلدەك داۋاملاشقان.

تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قۇدرەتلىك ھەربى قوشۇنغا تايىنىپ ئېلىپ بېرىلغان. يېڭى پادىشالىق دەۋرىدىكى ھەربى قوشۇن، ئاساسەن، ھارۋىدا ئۇرۇش قىلىدىغان قوشۇن ۋە پىيادە ئەسكەرلەر قوشۇنى

www.uyghurkitap.com

دەپ ئىككى خىلغا بولۇنەتتى. ھارۋىدا ئۇرۇش قىلىدىغان قوشۇندىن ئىبارەت بۇ يېڭى ئەسكىرىي قوشۇن سىرتقا تاجاۋۇز قىلىشتا مۇھىم رول ئوينىغان ئىدى. ئۇلارنىڭ تولىسى ھاللىق تەبىقىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، كۆپ قىسىم ئۇرۇش غەنىمەتلىرى شۇلارغا تەئەللۇق بولاتتى. پىيادە ئەسكەرلەر يەنە ئوقياچىلار ۋە نەيزىچىلەرگە بولۇنەتتى، ئەينى زاماندىكى يا ئوقىغا ئومۇمى يۈزلۈك مىس ئۇچ بېكىتىلگەچكە، ئۇنىڭ تالاپەت كەلتۈرۈش كۈچى بىرقەدەر كۈچلۈك ئىدى. ھەربىي قوشۇن تىنچ ۋاقىتلاردا ئىككى چوڭ بولەككە بولۇنۇپ، ئايرىم-ئايرىم ھالدا دېلتىدا ۋە جەنۇبىي مىسىردا تۇراتتى؛ ئۇرۇش ۋاقتىدا بولسا بىرقانچە جۈنتۈەنگە بولۇنۇپ ئۇرۇشقا ئاتلىناتتى. ھەربىي ئەمەلدارلار، كۆپىنچە، خەلق ئىشلىرىنى قوشۇمچە ئىدارە قىلاتتى، شۇڭا يېڭى پادىشالىق دەۋرىدىكى مىسىر دۆلىتى روشەن ھەربىي ھۆكۈمرانلىق خاراكتېرىغا ئىگە ئىدى.

**يەر مۇناسىۋىتى** يېڭى پادىشالىق دەۋرىدىكى يەرگە بولغان ئىگىدارلىق شەكلى: دىخانلارنىڭ ئۈلۈش يەرلىرى، خان جەمەتى ياكى تورە ئاقسوڭەكلەر بىۋاستە ئىگىدارلىق قىلىدىغان چوڭ ئېكىنزارلىق، ئىبادەتخانا ئېكىنزارلىقى ۋە باشقىلاردىن ئىبارەت ئىدى.

دىخانلار كىچىك ئۈلۈش يەرلەرنى تېرىيتتى، شۇ ۋاقىتتا يەر ئېلىش-سېتىش بارلىققا كەلگەن بولۇپ، يەر ئېلىش-سېتىشنىڭ پۈتۈن رەسمىيىتى سوتتا بېجىرىلەتتى ھەمدە يەر تىزىملاش جەدۋىلىدە يەر ئىگىسىنىڭ ئىسىم-پەمىلىسى ساتقۇچىنىڭكىدىن سېتىۋالغۇچىنىڭكىگە ئۆزگەرتىلەتتى. بۇ ھال بۇنداق يەرلەرنىڭ خۇسۇسىي مۈلۈك بولۇپ قالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

خان جەمەتى ئېكىنزارلىقىنىڭ يېرىمۇ ئاز بولمايتتى. ئېكىنزار-

لىقتىكى ئەمگەكچىلەرنىڭ نۇرغۇنى قۇللار ۋە ۋەيران بولغان دېھقانلار ئىدى، قەۋرە رەسىملىرىدە ھەيدەش-تېرىش، ھوسۇل يىغىش ۋە ئەمگەكچىلەرگە ئوزۇق ئاشلىق تەقسىم قىلىپ بېرىش كۆرۈنۈشلىرى دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. لېكىن بۇ ۋاقىتتا خان جەمەتى ئېكىنزارلىقىنىڭ يەرلىرىنى ئۈلۈش يەرلەرگە بولۇپ بېقىندا دېھقانلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىش يولى بىلەن ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش، ئىجارە-سېلىق ئېلىش شەكلى بارلىققا كەلگەن، 20-سۇلالىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىگە كەلگەندە، بۇنداق شەكىل خېلى كۆپەيگەن.

ئاقسۆڭەك تورىلەر فراۋوننىڭ خان جەمەتى يەرلىرىدىن كۆپلىگەن يەر (بەزىدە ھەتتا قۇللىرى، دېھقانچىلىق سايمانلىرى ۋە ھايۋانلىرىدىن تارتىپ) ئىنئام ئالاتتى: ئۇلاردا ئۇچۇن خىزمەت قىلىدىغان مىرزىلار، ئوتتۇرا ۋە كىچىك ئەمەلدارلار، ھەربىيلەر، پادىشالىق پادىچىلىرى ۋە قول ھۈنەرۋەنلەرمۇ خىزمەت ئۆتەش يۈزىسىدىن ئۈلۈش يەر ئالاتتى، خىزمەت ئۆتەش ئۈچۈن ئېلىنغان بۇنداق ئۈلۈش يەرلەردىن يەنىلا فراۋونغا ئاز مىقداردا سېلىق تاپشۇرۇلاتتى. لېكىن فراۋون تورىلەرگە شەرتسىز ئىنئام قىلىنغان يەرلەرنى بولسا مىراس قىلىپ قالدۇرۇشقا ھەتتا ئېلىپ-سېتىشقا بولاتتى.

ئىبادەتخانا ئېكىنزارلىقىنىڭ يەرلىرى يېڭى پادىشالىق دەۋرىدە (بولۇپمۇ دىن ئىسلاھاتى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن) ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتقان. 20-سۇلالە دەۋرىدە، ئىبادەتخانا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ تېرىلغۇ يېرىنىڭ 15 پىرسەنتىگە ئىگە بولۇۋالغان. فىۋىدىكى پىرئامېن ئىبادەتخانىسىلا 2800 كۋادرات كىلومېتىرلىق تېرىلغۇ يەرنى، 500 پارچە ئۈزۈمزارلىق باغنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنى ئىگىلىۋالغان ھەمدە 169 كەنت-بازاردىن باج-سېلىق ئالغان.

ئىبادەتخانا ئېكىنزارلىغىنىڭ يەرلىرىدىن ئالۋاڭ-ياساق ئېلىش كەچۈرۈم قىلىنغان، ئۇنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش شەكلى خان جەمەتىنىڭكىگە ئوخشاپ كېتەتتى. تۇتموس III ئۆز دەۋرىدىلا، بىر ئامون ئىبادەتخانىسىغا ئىنئانە قىلىغان ئەسىر قۇللار "ئىبادەتخانىلار ئېقىندا" سۈپىتىدە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغان، شۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق ئېكسپىلاتاتسىيە شەكلى كۈندىن-كۈنگە كۆپەيگەن.

**قۇللۇق تۈزۈم ۋە ئىجتىمائىي سىنىپىي مۇناسىۋەت** يېڭى پادىشالىق دەۋرىدە، كەڭ كۆلەملىك تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى ئارقىلىق، بۇلاپ كېلىنگەن كۆپلىگەن ئەسىرلەر قۇل قىلىنغان. 18-سۇلالىنىڭ بىر فىرئەۋنى سۈرىيەدىن بىر قېتىمدىلا 101 مىڭدىن ئارتۇق ئەسىرنى بۇلىۋالغان. ئىمپېرىيە راۋاج تاپقان دەۋردە، فىرئەۋنلار يەنە بوي سۇندۇرۇلغان جايلارنى قەرەللىك بىلەن قۇل ۋە باشقا پۇل-پېچەك تاپشۇرۇپ تۇرۇشقا مەجبۇرلىغان. ئەينى زاماندا قۇل بازىرى بارلىققا كەلگەن بولۇپ، بىر قۇل ئادەتتە تەخمىنەن 200 گىرامدەك كۈمۈشكە يارايتتى، 3 قۇل ئاران بىر ئاتنىڭ باھاسىغا توغرا كېلەتتى. يېڭى پادىشالىق دەۋرىدە، قۇللارنىڭ سانى بۇرۇنقىدىن روشەن ھالدا كۆپەيگەن ئىدى.

كۆپلىگەن قۇللار خان جەمەتى ۋە ئىبادەتخانا ئېكىنزارلىقلىرىدا مەجبۇرىي يوسۇندا ئەمگەك قىلاتتى. تۇتموس III مەلۇم بىر قېتىم بىر ئامون ئىبادەتخانىسىغا 1500 دىن كۆپرەك ئەسىر قۇل تەقدىم قىلغان، 20-سۇلالىنىڭ بىر فىرئەۋنى بىر قېتىمدىلا بىر ئامون ئىبادەتخانىسىغا 62 مىڭدىن كۆپرەك قۇلنى تەقدىم قىلغان. ئوتتۇرا ۋە كىچىك قۇلدارلارمۇ قۇللار ئەمگىكىنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلاتتى، ئاز بولغانلىرى 3-4، كۆپ بولغانلىرى نەچچە ئون قۇل ئىشلىتەتتى.

قۇللار دېھقانچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللانغاندىن تاشقىرى، يەنە ئىشى ئېغىر بولغان تۈرلۈك قۇرۇلۇشلارنى سېلىش، جاپا-مۇشەققەتلىك مىس كانلىرى ۋە ئالتۇن كانلىرىنى ئېچىش بىلەنمۇ شۇغۇللىناتتى، شۇنىڭدەك پاتلىغۇچى، ھامماال بولاتتى. بەزى قۇللار قۇلدارلارغا پۇل تېپىپ بېرىدىغان سېتىقچى قىلىناتتى. يەنە قۇلدارلار قۇللارنى قەرەللىك ئىجارىگە بېرىپ ئىش ھەققى ئالىدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلگەن. قۇللار ئەمگىكى يېڭى پادىشالىق دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە بىردەك تارالغان ئىدى.

قۇللار ئىنتايىن ئېچىنىشلىق تۈردە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىناتتى ۋە ئېزىلەتتى، خالىغانچە ئىشلىتىلەتتى، دەھشەتلىك تۈردە دۇمبالىناتتى، ھەتتا ئۆلتۈرۈۋېتىلەتتى. ئەينى زاماندىكى تام رەسىملىرىدىن قۇللارنىڭ قاتتىق دۇمبالىنىۋاتقان كۆرۈنۈشلىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ، بەزى قۇللارنىڭ ھەتتا بۇرنى كېسىۋېتىلەتتى. قۇللارنىڭ كىيىم-كېچىكى، يېمەك-ئىچمىكى ئىنتايىن ئاددىي بولۇپ، كۆپ ھاللاردا، قىپ-يالىڭاچ يۈرەتتى. بۇنى ئەينى زاماندىكى قۇلدار ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئەيش-ئىشرەتلىك تۇرمۇشى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئاسمان-زېمىن پەرقلىنىدۇ.

قۇللارنىڭ قۇلدارلار سىنىپىغا قارشى تۈزلۈكسىز ئېلىپ بارغان قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرەشلىرى، ئادەتتە، ئىشنى ئاقسىتىش بىلەن ئىپادىلىنەتتى؛ يالغۇز ياكى توپلىشىپ قېچىپ كېتىشمۇ قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرىشىنىڭ بىر خىل شەكلى ئىدى، ئەينى ۋاقىتتىكى ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ خەت-ئالاقىلىرىدە قاچقان قۇللارنى قوغلاپ تۇتۇش مەسىلىسى قويۇلاتتى. بۇ كۈرەشلەر تەرەققىي قىلىپ

ئاخىردا قوراللىق قوزغىلاڭغا ئايلىناتتى.

دېخانلار قۇلدارلار دۆلىتىنىڭ باج-سېلىق ئېلىش، مەجبۇرى ئەمگەككە سېلىش ۋە ھەربى خىزمەت ئۆتەتكۈزۈشتەك ئېزىش ۋە قۇل قىلىشلىرىغا ئۇچرىغاچقا، بولۇنۇش كەسكىن بولاتتى. يۇقۇرى تەبىقىدىن بولغان ئاز ساندىكى ھاللىقلار كىچىك قۇلدارلارغا ئايلىناتتى، كەڭ دېخانلار بولسا نامراتلىشىپ خانىۋەيران بولاتتى، ئۈلۈش يەرلىرىدىن مەھرۇم قىلىنغان دېخانلار يا قەرزدار قۇللارغا ئايلىنىپ قالاتتى، يا پادىشا، ئىبادەتخانا ۋە ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئېكىنزارلىقلىرىغا بېرىپ ئەمگەك قىلىشقا مەجبۇر بولاتتى، ئۇلارنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ ئېچىنىشلىق ئىدى. نامرات دېخانلار قۇللار بىلەن بىرلىكتە تۈرلۈك شەكىللەردە قۇلدارلارغا قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرىشى ئېلىپ باراتتى.

يېڭى پادىشالىق دەۋرىدە قۇلدارلار سىنىپىنىڭ ئىچكى قىسمىدا يېڭى ئۆزگىرىش يۈز بەرگەن. كۆپلىگەن سۈيۇرغاللىق يەرلەرگە ئىگە تۇرە ئاقسۆڭەك بەگزادىلەر يېڭى پادىشالىق دەۋرىدە بۇرۇنقى ئۈستۈنلۈكىدىن مەھرۇم بولغان. يېڭىدىن شەكىللەنگەن ھەربى-مەمۇرى ئىسىلزادىلەر فراۋوننىڭ ئىستىبدات پادىشا ھاكىمىيىتىنىڭ ئاساسى تۈۋرۈكى بولۇپ قالغان ئىدى. بۇ يېڭى ئىسىلزادىلەر گۇرۇھى ئىچىدىكى بىرمۇنچە كىشىلەر ئوتتۇرا ۋە كىچىك قۇلدارلاردىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇلار يا ئوتتۇرا ۋە كىچىك ئەمەلدارلىقتىن مۇھىم ئەمەلگە كۆتىرىلەتتى، يا ئوتتۇرا ۋە كىچىك ھەربى ئەمەلدارلىقتىن ئۇرۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن يۇقۇرى دەرىجىلىك ھەربى ئەمەلدارلىققا كۆتىرىلەتتى. يۇقۇرى دەرىجىلىك ھەربى ئەمەلدارلار، كۆپىنچە، فراۋون تەرىپىدىن دۆلەتنىڭ ۋەزىر-



www.uyghurkitap.com

لىگەن، ياكى خەلق ئىشلىرىنى قوشۇمچە ئىدارە قىلىشقا تەيىنلىنەتتى.

يېڭى پادىشالىق دەۋرىدە، فىۋىدىكى پىر ئامىن ئىبادەتخانىسىنىڭ مۇتىۋەللىسى كاتتىۋاشلىغىدىكى روھانى ئاقسوڭەكلەر گۇرۇھى قولدارلار سىنىپى ئىچىدىكى قۇدرەتلىك بىر تەبىقە ئىدى. پىر ئامىن يېڭى پادىشالىق دەۋرىدە مىسىرنىڭ ئالى پىر ئاللاسى بولۇپ قالغان ئىدى، ئۇنىڭ روھانىلىرى دولەت سىياسىتىگە زور تەسىر كورسىتەلەيتتى، پىر ئاللانى دەستەك قىلىپ تۇرۇپ بىرەر پادىشا ئۇرۇغى ئەزاسىنىڭ پادىشالىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىشىنى قوللىيالايتتى. فىراۋونلار پادىشا ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، كوپىنچە، ئۆزلىرىنى پىر ئامىنىڭ ئوز پەرزەنتلىرى دىگەن ئەپسانىنى توقۇپ چىقىشاتتى. تۇتموس III بالىلىق يىللىرىدا پىر ئامىن ئىبادەتخانىسىدا روھانى بولغان، شۇ سەۋەپتىن، پادىشالىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىشقان ۋە پادىشالىق تەختىدىن مەھرۇم بولۇپ يەنە ئۇنىڭغا قايتا ئېرىشىشتە روھانى ئاقسوڭەكلەر گۇرۇھىنىڭ پۈتۈن كۈچ بىلەن قوللىشىغا سازاۋەر بولغان. بەزى يۇقىرى دەرىجىلىك روھانىلار ھەتتا ۋەزىر، سوتچىغا ئوخشاش دەھرى مەمۇرى مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆزلىرى بىۋاستە ئۈستىگە ئالغان. تۇتموس III تىن بۇيان، ھەربى تاجاۋۇزچىلىق يولىدىكى ئۇزاققا يۈرۈش قىلىشنىڭ غەلىبىسىنى ھوكۇمرانلار پىر ئامىنىڭ پانايىدىن بولدى دەپ ھىساپلاشقان ھەمدە پىر ئامىن ئىبادەتخانىسىغا كوپلىگەن ئالتۇن-كۈمۈش، يەر ۋە قۇل ھەدىيە قىلغان، شۇنىڭدەك ئۆزىگە بوي سۇندۇرۇلغان بەزىبىر ئاسىيا شەھەرلىرىدىن باج-سېلىق يىغىۋېلىش ھوقۇقىنىمۇ بەرگەن. جايلاردىكى ئىبادەتخانىلار كوپلىگەن يەر، قۇل ۋە باشقا بايلىقلارغا ئىگە بولۇۋالغان. ئىبادەتخانا مال-مۈلكىنىڭ كوپىيىشىگە ئەگىشىپ،

www.uyghurkitap.com

روھانىلار تەدرىجى ھالدا ئاتىسى ئولسە، بالىسى مىراسخور بولىدىغان ئىجتىمائىي گۇرۇھقا ئايلانغان.

**ئامىنخوتىپ IV نىڭ دىن ئىسلاھاتى** ئامىنخوتىپ IV (تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1379 — 1362) دەۋرىدە، فىراۋوننىڭ روھانىي ئاقسۆڭەكلەر بىلەن بولغان زىددىيىتى كەسكىنلەشكەن. ئۇ يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان ھەربىي-مەمۇرىي ئىسىلزادىلەرنىڭ قوللىشىغا تايىنىپ، دىن ئىسلاھاتى يۈرگۈزۈپ، فىۋىدىكى پىر ئامىن ئىبادەتخانىسىنىڭ مۇتىۋەللىسى ۋەكىللىكىدىكى مىراسخور ئاقسۆڭەكلەر گۇرۇھىغا زەربە بەرگەن (مىراسخور ئوبلاست باشلىقلىرىمۇ بۇ گۇرۇھقا كىرەتتى، چۈنكى جايلاردىكى ئىبادەتخانىلارنىڭ مۇتىۋەللىلىكىنى ئوبلاست باشلىقلىرى قوشۇمچە ئوتەيتتى). ئامىنخوتىپ يېڭى دىنىي ئەقىدىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، قۇياش مۇئەككىلى "ئاتون"غا ئالەمدىكى بىردىن-بىر خۇدا دەپ چوقۇنغان، ئامىنغا ۋە باشقا يەرلىك پىرلارغا ئېتىقات قىلىشنى مەنئى قىلغان؛ پىر ئامىن ئىبادەتخانىسىنىڭ يەرلىرىنى مۇسادىرە قىلىپ، ھەربىي ئاقسۆڭەكلەرگە تەقسىم قىلىپ بەرگەن؛ فىراۋوننىڭ ئوز ئىسمىدىكى "ئامىن" دېگەننى "ئاتون"غا ئالماشتۇرۇپ، "ئاخىناتون" دەپ يېڭى ئىسىم قويغان، بۇ "ئاتونغا پايدىلىق ئادەم" دېگەن مەنىدە ئىدى؛ فىۋىدىن يوتكىلىپ چىقىپ، باشقىدىن ئاخىتاتون (ھازىرقى ئېل-ئامارنا) دېگەن يېڭى پايتەخت قۇرغان، بۇ "ئاتوننىڭ نەزەر دائىرىسى" دېگەن مەنىدە ئىدى.

ئاخىناتون ھوكۇمرانلىق قىلغان 17 يىل ئىچىدە، دىن ئىسلاھاتى ۋاقىتلىق مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن. لېكىن ئۇ ھوكۇمرانلىق قىلغان دەۋرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، يىلمۇ-يىل كەڭ كولەملىك قوزغىلىش

ئېلىپ بېرىپ، ھەم خەلقنى چارچىتىپ ھالىدىن كەتكۈزگەنلىكى، ھەم مال-مۈلۈكنى بۇزۇپ چاچقانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇقۇملۇق كېسەل تارقالغانلىقى تۈپەيلىدىن، سىياسى ۋەزىيەت تۇراقسىزلىشىۋەرگەن. كۈچلۈك روھانى ئاقسۆڭەكلەر گۇرۇھى ئىسلاھاتقا قاتتىق ئۆچمەنلىك قىلىپ، يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ تارقىلىشى كونا پىرنىڭ بەرگەن جازاسى دەپ تەشۋىق قىلىپ، فراۋونغا قەست قىلىش ھەركىتىنى ئۇيۇشتۇرغان. ئاخېناتون ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ۋارىسى ناھايىتى تېزلا روھانى ئاقسۆڭەكلەر گۇرۇھى بىلەن مۇرەسسە قىلىپ، ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى بىكار قىلىپ، پىر ئامون قاتارلىق كونا پىرنىڭ ئەسلى ئورنىنى ۋە پىر ئىبادەتخانىلىرىنىڭ مال-مۈلكىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن.

ئامېنخوتېپ IV نىڭ دىن ئىسلاھاتى، ئەمەلىيەتتە، قۇلدارلار سىنىپىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى دىنىي نىقاپ ئاستىغا يوشۇرۇنغان كۆرەش ئىدى. ئىسلاھاتنىڭ مەغلۇپ بولۇشىنىڭ ئاساسىي سەۋەبى ئىسلاھاتتا تايىنىلغان كۈچ — يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان ھەربى-مەمۇرى ئىسلزادىلەر گۇرۇھى ئادەم سانى كۆپ بولمىغان ئاجىز بىر ئىجتىمائى تەبىقە بولۇپ، روھانى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ كۈچى ئۇلاردىن خېلى كۈچلۈك ئىدى. ئىسلاھاتنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، ئامېنخوتېپ IV تۆۋەن تەبىقىدىكىلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشمەكچى بولۇپ، باج-سېلىقنى تۆۋەنلىتىش ۋە ھەربىي خىزمەت ئۆتەشنى يەڭگىللىتىش توغرىسىدا ۋەدە بېرىپ چاقىرىق قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇنى ئەمەلدە كۆرسىتەلمىگەنلىكى ئۈستىگە، ئەكسىچە تۆۋەن تەبىقىدىكىلەرنىڭ يۈكىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتكەنلىكتىن، ئىسلاھات كەڭ ئىجتىمائى قوللاشقا ئېرىشەلمىگەن ئىدى.

**يېڭى پادىشالىقنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدىكى سىنىپىي كۈرەش** ئامېنخوتېپ IV ئۆلگەندىن كېيىن، قىسقىغىنا داۋالغۇش دەۋرىدىن كېيىن، ھەربىي قوشۇن سەردارى خارېمخېب (تەخمىنەن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 1335 — 1308) پادىشالىق تەختىنى قولغا كەلتۈرگەن. ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، مەمۇرىي ۋە ھەربىي جەھەتتە ئىسلاھات ئېلىپ بارغان. ھەربىلەر ۋە ئەمەلدارلارنىڭ ئاددىي ئاھالىنى بۇلاپ-تالىشىنىڭ قاتتىق مەنئى قىلىنىدىغانلىقى، خىيانەت قىلىش، پارا ئېلىشنىڭ قاتتىق مەنئى قىلىنىدىغانلىقى، خىلاپلىق قىلغۇچىلاردىن جىنايىتى ئېغىرلارنىڭ بۇرنى كېسىپ تاشلىنىدىغانلىقى ھەمدە ئاسىيا چېگرىسىدىكى قەلئەلەرگە سۈرگۈن قىلىنىدىغانلىقى، يېنىك بولغانلىرى يۈز دەررە ئۇرۇلىدىغانلىقى ۋە 5 جايى جاراھەتلەنگىچە ئۇرۇش شەرتلىكى توغرىسىدا پەرمان چىقارغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ يەنە پارا ئېلىش قىلمىشىغا خاتىمە بېرىش ئۈچۈن، سوراقچىلارنىڭ دۆلەت غەزنىسىگە باج پۇلى تاپشۇرۇشنى بىكار قىلىپ، قۇللۇق تۈزۈمنىڭ قانۇن-تۈزۈملىرىنى قوغدىغان. خارېمخېبنىڭ يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ئىسلاھات تەدبىرلىرى، ئۆزىنىڭ ئىچكى-تاشقى جەھەتتىكى ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەشكە پايدىلىق بولسۇن ئۈچۈن، ئىچكى سىنىپىي زىددىيەتلەرنى يۇمشىتىش، چوڭ-كىچىك قۇلدارلار تەبىقىسىنىڭ فراۋون ھاكىمىيىتىنى قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش مەقسىتىدە قوللىنىلغان ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ بۇ ئىسلاھات پەرمانى ئەمەلدارلارنىڭ شەخسىي غەرەزگە يېتىش ئۈچۈن ساختىپەزلىك قىلىشىنى ۋە خىيانەت، ئوغرىلىق قىلىشلىرىنى توساپ قالالماي، خەلق يەنىلا قاتتىق ئازاپ-ئوقۇبەت ئىچىدە قېلىۋەرگەن.

رامسېس II (تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1304 — 1237) دەۋرىدە، كىچىك ئاسىيادىكى كۈچلۈك دۆلەت خېتتى① بىلەن ئۇزاق مۇددەت ئۇرۇش قىلىپ، سۈرىيىنى تالاشقان. ئۇ يەنە كەڭ كۆلەمدە قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىپ، جايلاردا ئىبادەتخانا سالدۇرغان ۋە ئۆزى ئۈچۈن غايەت زور ھەيكەل ياساتقان، ھە دەپ كەيپ-ساپاغا بېرىلگەن. شۇنىڭ بىلەن خەلقنىڭ يۈكى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتكەن، سىنىپىي زىددىيەت كەسكىنلەشكەن. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن، مىسىر ئىچكى-تاشقى جەھەتتىن قىيىنچىلىقلارغا بوغۇلۇش داۋامىدا جىددىي رەۋىشتە زاۋالغا يۈز تۇتۇۋەرگەن.

19-سۇلالىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە، تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1200-يىلنىڭ ئالدى-كەينىدە، مىسىردا ئىرسۇ قوزغىلىڭى پارتلىغان. بۇ قۇللار ۋە تۆۋەن قاتلامدىكى ئەمگەكچى ئامما قاتناشقان بىر قېتىملىق ئىنقىلاۋىي كۈرەش ئىدى. ئەينى ۋاقىتتىكى مىسىرنىڭ كۆپلىگەن ئەسىر قۇللىرى ئىچىدە نۇرغۇنى سۈرىيىلىك قۇللار ئىدى، ئىرسۇمۇ سۈرىيىلىك ئىدى. ئۇ بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭغا رەھبەرلىك قىلىپ، قۇلدارلارنىڭ مال-مۈلكىنى مۇسادىرە قىلغان، بولۇپمۇ روھانىي قۇلدارلار گۇرۇھىغا ئاساسلىق زەربە بەرگەن، ئۇ پىرلارغا "خۇددى ئادەملەرگە مۇئامىلە قىلغاندەك" مۇئامىلە قىلغان، ئىبادەتخانا ۋە روھانىيلارغا پۈتۈنلەي تېۋىنمىغان. بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ بىرقانچە يىللارغىچە داۋاملىشىپ، كېيىن باستۇرۇلۇپ

① خېتتىلار ھىندى-ياۋروپا تىلىدا سۆزلىشىدىغان قەبىلە بولۇپ، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 15-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، كىچىك ئاسىيانى مەركەز قىلىپ، قۇللۇق تۈزۈمىدىكى كۈچلۈك دۆلەت قۇرغان، بۇ دۆلەت كېيىن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 13-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە گۇمران بولغان.

www.uyghurkitap.com

كەتكەن.

فرائون رامسېس III (تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1182 — 1151) ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە، فىرئەۋننىڭ قەۋرە ياساش ئىش ئورنىدىكى قول ھۈنەرۋەنلەر تورە ئاقسوڭەكلەرنىڭ تەمىنات ئەشيالىرىنى بەرمەي تۇتۇپ قالغانلىقىغا نارازىلىق بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن ئىش تاشلاش كۈرىشى قوزغىغان. بۇ قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشچىلىرىنىڭ كىشىلەرگە مەلۇم بولغان، دۇنيا تارىخىدىكى ئەڭ بالدۇرقى بىر قېتىملىق كۈرىشى ئىدى. ئىش تاشلىغان قوزغىلاڭچىلار ئىبادەتخانىلارنى ئىشغال قىلغان. ئۇلار نارازىلىق بىلدۈرۈپ: "بىز ئاچارچىلىق ۋە نامراتلىقنىڭ قىستىشى بىلەنلا بۇ يەرگە كەلدۇق. بىزدە كىيىم- كېچەك يوق، بەدىنىمىزگە سۈرتىدىغان ماي يوق، بېلىق يوق، كوكتات يوق" دېيىشكەن . ھۆكۈمرانلار ئامالسىز قېلىپ ئۇلارغا 50 تاغار ئاشلىق تارقىتىپ بەرگەن. ئەمما، كۈرەش داۋاملىق ئەۋج ئېلىۋەرگەن ھەمدە سىياسىي كۈرەش خاراكتېرىنى ئالغان. قوزغىلاڭچىلار: "بىز قايتمايمىز. سەن بېرىپ ئەمەلدارلارغا ئېيتىپ قوي، بىزنىڭ ئىبادەتخانا ئىچىگە تۇۋۇنگە كىلىشىمىز ئاچارچىلىقتىنلا ئەمەس. بىز بىر ئېغىز يوغان گەپ قىلىشىمىز كېرەك: ئەلھەق راستكى، جىنايەت دەل مۇشۇ يەردە كورۇلمەكتە" دەپ كورسەتكەن. بۇ قېتىمقى كۈرەش باستۇرۇۋېتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن قول ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ھەققانىي ئاۋازى ۋە قەھرىمانانە كۈرىشى مەڭگۈ ئۇنتۇلغۇسىز!

**كېيىنكى دەۋردىكى مىسىر** كېيىنكى دەۋردىكى مىسىر (21 — سۇلالىدىن 26 — سۇلالىگىچە، تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1085 — 525) نىڭ 500 يىلدا، مىسىر ئاساسىي جەھەتتىن بولۇنۇش ھالىتىدە تۇرغان. قۇللۇق تۈزۈمىدىكى دولەتنىڭ ئاجىزلىشىشى.

يات مىللەتلەرنىڭ ئۆزلۈكسىز تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى تۈپەيلىدىن، بەزى سۇلالىلەرنى يات مىللەتلەر قۇرغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە جەنۇبىي ۋە شىمالىي ئىككى سۇلالە بىرلا ۋاقىتتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئىدى.

ئىجتىمائىي ئىگىلىك بۇرۇنقىغا قارىغاندا يەنىمۇ راۋاجلانغان ئىدى. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 8-ئەسىر ئوتتۇرىسىدە، مىسىر تۆمۈر قورال دەۋرىگە قەدەم قويغان. تاۋار-پۇل ئىگىلىكى، خۇسۇسەن، تاشقى سودا بۇرۇنقىغا قارىغاندا راۋاجلانغان ئىدى. 26-سۇلالىنىڭ فىراۋونى نېكو ھوكۇمرانلىق قىلغان دەۋر (تەخمىنەن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 610—595)دە، نىل دەرياسى بىلەن قىزىل دېڭىز ئوتتۇرىسىدىكى قانالنى چېپىش قۇرۇلۇشى باشلانغان؛ ئېيتىشلارغا قارىغاندا، نېكو فىنىكىيىلىكلەرنى ئافرىقىنى بىر ئايلىنىپ چىقىشقا ئەۋەتكەن.

دېھقانلار يەنىلا ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنىش ۋە قۇل قىلىنىش ئورنىدا تۇراتتى. ئۇلارنىڭ يەرلىرى، كوپىنچە، قانۇنسىز ھالدا تارتىۋېلىناتتى، ئۆزلىرى ۋە پەرزەنتلىرى، كوپىنچە، نامراتلىقنىڭ قىستىشى بىلەن قەرزدار قۇللارغا ئايلىنىپ قالاتتى؛ شۇڭلاشقا دېھقانلارنىڭ قوزغىلاڭلىرى دائىم قوزغىلىپ تۇراتتى. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 10-ئەسىردە، بوستانلىق رايونىدا دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىغان ئىدى؛ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 9-ئەسىردە، مىسىردا بىرقانچە يىللار داۋام قىلغان كەڭ كۆلەملىك قوزغىلاڭ پارتلىغان ئىدى.

قەرزدار قۇللارنىڭ كەڭ تارقىلىشى شۇ دەۋردىكى قۇللۇق تۈزۈم مۇناسىۋىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئىدى. بۇ ھال، ئاساسەن، قۇلدارلار تالان-تاراج ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىشقا مادارسىز قالغانلىقتىن، قۇل

www.uyghurkitap.com

مەنبەسى ئازىيىپ كېتىپ، ئۆز مىللىتىدىكىلەرنى كۆپلەپ قۇل قىلغانلىقتىن كېلىپ چىققان ئىدى. 24-سۇلالىنىڭ فىراۋونى پوكېنلىبىپ (تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 720—715) دۆلەتنىڭ ئۇرۇش قىلىدىغان ئەسكىرى بولسۇن ئۈچۈن، ئادەمنى قەرز ئۈچۈن گۆرۈگە قويىدىغان نەرسە قىلىشنى مەنئى قىلىشقا مەجبۇر بولغان، بۇنىڭ بىلەن مىسىرلىقلار قەرز تۈپەيلىدىن قۇلغا ئايلىنىپ قالمايدىغان بولغان. لېكىن بۇنداق ئىسلاھات پەرمانى كەمبەغەللەر بىلەن بايلاردىن ئىبارەت ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈشنى توساپ قالالمايتتى، ئانچە زور رول ئوينىيالمايتتى.

مىسىرنىڭ كېيىنكى دەۋرىگە كەلگەندە، قۇللۇق تۈزۈمىدىكى دۆلىتى تازا زاۋالغا يۈز تۇتۇپ، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 525-يىلى پارسلار تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلۇپ، پېرسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ بىر ۋىلايىتىگە ئايلىنىپ قالغان.

## 4-بۆلۈم قەدىمقى مىسىر مەدەنىيىتى

**يېزىقى** قەدىمقى مىسىرنىڭ ئەڭ بالدۇرقى يېزىقى شەكىللىك يېزىق ئىدى، مەسىلەن، "سۇ" ≋ بىلەن، "كۈن"☉ بىلەن ئىپادىلىنەتتى. دەسلەپكى پادىشالىق دەۋرىدە، شەكىلنى بىلدۈرىدىغان بەلگىلەر، مەنىنى بىلدۈرىدىغان بەلگىلەر بىلەن تاۋۇشلۇق ھەرپلەر بىرلەشتۈرۈلگەن "مۇقەددەس يازما" (تەسۋىرىي شەكىل) بارلىققا كەلگەن؛ بۇنىڭدا 24 تاق ئۈزۈك تاۋۇش بولغان، بۇ ئىنسانلار ئەڭ بالدۇر ئىجات قىلغان تاۋۇشلۇق ھەرپلەر ئىدى. يېزىقنى

يېزىش شەكلى تەدرىجى ھالدا "روھانىلارچە شەكىل" (يازما شەكىل) ۋە "مەكتۇپ شەكلى" (ئورپ-ئادەت شەكلى)گە ئۆزگەرگەن، كېيىنكى مىسىر دەۋرىگە كەلگەندە يېزىق شەكلى مۇقىملاشقان. قەدىمقى مىسىرنىڭ يېزىقى باشتىن-ئاياق مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان يېزىقنىڭ ئېلىپبەلىك يېزىققا قاراپ مېڭىشى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتكۈنچى باسقۇچتا تۇرغان، لېكىن ساپ ئېلىپبەلىك يېزىققا تەرەققىي قىلالمىغان. لېكىن ئۇ ئىگەللىگەن تاۋۇشلۇق ھەرپ—24 تاق ئۈزۈك تاۋۇش بەلگىسى بولسا كېيىن فىنىكىيىلىكلەر ئىجات قىلغان ھەرپلىك يېزىققا تەسىر كۆرسەتكەن ئىدى.

19-ئەسىرنىڭ 20-يىللىرىدىن ئىلگىرىكى ۋاقىتلارغىچە، تۈرلۈك شەكىللەردىكى قەدىمقى مىسىر يېزىقىنى دەلىللەپ چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان ئادەم چىقمىغان ئىدى. 1822-يىلى، ياۋروپا ئالىملىرى روسېتتا خاتىرە تېشىغا① ئويۇلغان "مۇقەددەس يازما" ۋە ئورپ-ئادەت يېزىقى بىلەن قەدىمقى يۇنان يېزىقىنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىقلا قەدىمقى مىسىر يېزىقىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا دەلىللەپ چۈشەندۈرۈپ بېرەلىگەن.

**ئەدەبىياتى** قەدىمقى مىسىرنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرى ئىچىدە

① روسېتتا خاتىرە تېشىنى 1799-يىلى فىرانسىيىلىك بۇسا نىل دەرياسى ئېغىزىدىكى كىچىك شەھەر روسېتتادىن تاپقان بولۇپ، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 195-يىلى فىۋى روھانىيلىرى پتولېمېي V نىڭ تەختكە چىققانلىقىنى مەدھىيىلەپ ئويۇپ چىققان. ئۇنىڭدا قەدىمقى يۇنان يېزىقى، مىسىرنىڭ مۇقەددەس يازما شەكلى ۋە ئورپ-ئادەت شەكلىدىن ئىبارەت 3 خىل يېزىق بولۇپ، مەزمۇنى ئوخشاش. فرانسىيە ئالىمى چامپولليون 19-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا روسېتتا خاتىرە تېشىغا ئاساسەن قەدىمقى مىسىر يېزىقىنى ئوقۇپ چۈشەنگەن.

ئەپسانە، چۆچەك، تەۋەككۇلچىلىككە دائىر ھېكايە، ھېكمەتلىك سۆزلەر، ئۆرپ-ئادەت ۋە دىنغا دائىر نەزمى ۋاھاكازالار بولغان، بۇلار ئاساسەن قۇلدارلار ئۈچۈن خىزمەت قىلاتتى. ئەسەرلەردىكى باش قەھرىمانلارنىڭ تولىسى شاھزادىلەر، ئاقسۆڭەكلەر، تۇرە ۋەزىرلەر ۋە روھانىيلار قاتارلىق قۇلدارلار سىنىپىنىڭ ئەزالىرى ئىدى. قەدىمقى مىسىر ئەدەبىياتى پەلەستىننىڭ ھىبرىي ئەدەبىياتى ۋە قەدىمقى يۇنان ئەدەبىياتىغا تەسىر كۆرسەتكەن.

18-ئەسىرلەرنىڭ بىر قەۋرىسىدە، قۇل ھامىيلارغا ھېسداشلىق قىلىپ يېزىلغان بىر كۆپلىيت قوشاقنى ئوقۇدۇق، ئۇنىڭدا قۇللارنىڭ دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىۋاتقان قۇلدارلارغا نارازىلىق بىلدۇرۇش ساداسى مەلۇم دەرىجىدە بايان قىلىنغان: "نىمە خۇسۇستىن بىز كۈن بويى ئارپا ۋە بۇغداي توشۇيمىز؟ ئامبار تولدۇرۇلدى لىقمۇ-لىق، دانلار توكۇلۇپ چۈشمەكتە گىرۋەكلىرىدىن؛ چوڭ كېمىلەرگىمۇ قاچىلاندى لىقمۇ-لىق، دانلار پاتماي ئېقىپ چىقتى سىرتقا؛ گوياكى بىزنىڭ يۈرىكىمىز مىستىن قۇيۇلغاندەك قىستىماقتا بىزنى يەنە توشۇشقا!"

قەدىمقى مىسىردا، قۇلدار ھوكۇمرانلار سىنىپى ئوزلىرىنىڭ جىنايى ھوكۇمرانلىقىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن، دىنىي خۇراپاتلىقتىن مۇھىم قورال سۈپىتىدە پايدىلىنىپ، ئەمگەكچى خەلقنى زەھەرلىگەن ۋە قۇل قىلغان. قۇلدار روھانىيلار ئەمگەكچى خەلققە توختىماي ۋەز-نەسىھەت قىلىپ، ئۆلگەندىن كېيىنكى بەختكە ئېرىشىش ئۈچۈن خۇداغا نەزىرلىك سۇنۇش پەرزدۇر، دېيىشكەن. ھالبۇكى «ئۇمىت ئۈزگۈچىنىڭ ئۆز تەرۋاھى بىلەن گەپلىشىشى» دىگەن نەزمىدە بۇنداق ۋەز-نەسىھەتلەرگە قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلىنغان، ئاپتور خۇدا بار

ۋە "ئۆلگەندىن كېيىنكى دۇنيا" دىگەن بىرنىمىلەرگە زادىلا ئىشەنـ
مىگەن: "ئەگەر خۇدانىڭ ئەدىلىگىنى بىلىدىغان بولسام، ئەزىرلىكنى
ئۈنىڭغا سۇنغان بولاتتىم"؛ "گىرانىت تاش بىلەن بىنا سالىدىغان
ئاشۇ كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەزىرـچىراق سۇپىسىدا ھىچ نەرسە
يوقلۇغىنى كوردى. ئۇلار سال ئۈستىدە ئولدى، ئەمما ئەۋلات قالـ
دۇرمىغان كىشىلەر بىلەن ئوخشاش تەقدىرگە ئۇچرىدى."

**بىناكارلىقى ۋە تەسۋىرىي سەنئىتى** قەدىمقى مىسىرلىقلار
بىناكارلىق، ئەقۋاشلىق ۋە رەسساملىقتا ئوخشاش تەسۋىرىي سەنئەت
جەھەتلىرىدىمۇ غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرگەن.
گەرچە بۇلار قۇلدارلار سىنىپى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇرۇلغان
بولسىمۇ، لېكىن تولىسىنى ئەمگەكچى خەلق ئۆزلىرى بەرپا قىلغان
ۋە ئىجات قىلغان ئىدى. بۇلار قەدىمقى مىسىر ئەمگەكچى خەلقىنىڭ
ئەمگەكچانلىغى ۋە ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ ئۆچمەس داڭلىق نامايەندىسى
ئىدى. قەدىمقى مىسىرنىڭ بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ ئالاھىدىلىگى —
ھەيۋەتلىك ـ غايەت زور ھەم شەكلى ئاددى بولغانلىغى. مەسىلەن،
يېڭى پادىشالىق دەۋرىدىكى پايتەخت فىۋى (ھازىرقى لۇكسور ۋە
كارناك) دىكى ئىبادەتخانا قۇرۇلۇشى. كارناكتىكى پىر ئامىن ئىبادەتـ
خانىسىنىڭ چوڭ سارىيى 16 رەت تىزىلغان 134 پارچە غايەت زور
تاش تۈۋرۈك (ھەر بىرىنى 8 ئادەم قۇچاقلىيالايدۇ) تىن تەشكىل
تاپقان، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئىگىز بولغان 12 يۇمىلاق تۈۋرۈكنىڭ
ھەر بىرىنىڭ ئىگىزلىگى 21 مېتىر كېلىدۇ، پۈتكۈل ئاساسىي ئىبادەتـ
خانىنىڭ كولىمى 5 مىڭ كۇۋادىرات مېتىر بولۇپ، پۈتكۈل ئىبادەتـ
خانىنىڭ ئىگەللىگەن ئورنى 25 گىكتاردىن ئاشىدۇ، ئۇنىڭ يېنىدىكى
لۇكسور ئىبادەتخانىسىنىڭ كولىمىمۇ ئاسسەن ئاشۇنداق.

قەدىمقى مىسىرنىڭ نەقىشلىرىدە، ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ ئوبرازىنىڭ تولىسى ئۇدۇل كۆرۈنۈشلۈك لېكىن ئولۇك چىراي قىلىپ ئىشلەنگەن. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى "ئالىجاناپ" دەپ ھېساپلاپ ھالى چوڭلۇق قىلىدىغانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؛ ئەمگەكچى خەلقنىڭ ھەيكەللىرى، كۆپىنچە، تەسىرلىك ۋە جانلىق قىلىپ ئىشلەنگەن. قەدىمقى مىسىرنىڭ قاپارتما نەقىشلىرى ۋە تام رەسىملىرى ئەسەرلىرىدە دېھقانچىلىق ۋە قول ھۈنەر ئەمگەكلىرىگە دائىر بەزىبىر كۆرۈنۈشلەر ساقلىنىپ قالغان، بۇلار ئىنتايىن قىممەتلىك ماتېرىياللاردۇر. ھايۋاناتلارغا دائىر سىزما رەسىملەردە، بېلىق، ئۇچار قۇش ۋە باشقا جانىۋارلار خۇددى جېنى باردەكلا قىلىپ سىزىلغان، ئوتتەچۆپ ئارىسىغا يوشۇرۇنۇۋالغان تالا مۈشۈكى ۋە دەرەختە سايراۋاتقان كىچىك قۇش رەسىمى بۇلار ئىچىدە ئەڭ مەشھۇرى بولۇپ، ئوتتۇرا پادىشالىق دەۋرىدە سىزىلغان.

ئامېنخوتېپ IV نىڭ دىن ئىسلاھاتى دەۋرىدە، مىسىرنىڭ تەسۋىرىي سەنئىتى كونا دىنىي ئەنئەنىۋى ئاسارەتكە قارشى تۇرۇشتىكى شىددەتلىك ئېقىمدا تەسىرلىك ۋە جانلىق رېئالىزمغا يېقىنلاشقان.

ئەينى زاماندىكى سەنئەت ئۇستىلىرىنىڭ ماھارىتى بىلەن، ئاخېناتون ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى نېفېرتىتتەكلەرنىڭ ھەيكىلى شۇنىڭدەك تام رەسىملىرىدىكى ئاخېناتون بىلەن ئۇنىڭ خوتۇنى ۋە ئۇلارنىڭ 3 قىزىغا ئوخشاشلارنىڭ بۇرۇنقى ھالى چوڭلۇق قىلىدىغان سۈرۈن چىرايى ئۆزگەرتىلىپ، ئاددىي كىشىلەرنىڭ ئوبرازىغا ئايلاندۇرۇلغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىر يېڭى پادىشالىق دەۋرىدىكى بىر پارچە ھەجۋى رەسىمدە، بۆرىنىڭ قوي بېقىۋاتقان ۋە مۈشۈكنىڭ غاز بېقىۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان كۆرۈنۈشنى

كورىمىز، ئۇنىڭدا ئەينى زاماندىكى قۇلدار ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچى ئەمگەكچى خەلققە خۇددى بۇرنىنىڭ قوي پادىسىغا مۇئامىلە قىلغىنىغا ئوخشاش رەھىمسىز، ۋەھشىيانە مۇئامىلە قىلىدىغانلىقى چوڭقۇر ئوبرازلىق قىلىپ پاش قىلىنغان.

**ئىلىم-پەنى** ماركس مۇنداق دىگەن ئىدى: "نىل دەرياسىدا سۇنىڭ ئۆلغىيىش-تارتىلىش مەزگىللىرىنى ھىساپلاپ چىقىش ئېھتىياجى بىلەن مىسىر ئاسترونومىيىسى مەيدانغا كەلگەن"①. قەدىمقى مىسىر پەننى بىلىملىرىنىڭ مەيدانغا كېلىش ۋە تەرەققى قىلىش مەنبەسى ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشىنىڭ ئېھتىياجى ۋە ئەمىلىيىتى بولدى، ئاسترونومىيە، ماتېماتىكا قاتارلىقلار دەل ئاشۇنداق ئىدى. قەدىمقى مىسىر يىلنامىسى ئىنسانلارنىڭ ئەڭ بالدۇرقى كالىندارى، ئۇنىڭدا بىر يىل 3 پەسىلگە، جەمى 12 ئايغا، ھەر بىر ئاي 30 كۈنگە بولۇنىدۇ، يىل ئاخىرىغا 5 دىنىي بايرام كۈنىنى قوشۇپ، بىر يىل جەمى 365 كۈن قىلىنىدۇ. بۇنىڭدا ھەر بىر يىلنىڭ قۇياش يىلى بىلەن بولغان پەرقى تەخمىنەن توتتىن بىر كۈن بولۇپ، ھەر 4 يىلدا بىر كۈن پەرقلىنىدۇ. قەدىمقى رىمنىڭ يۇلىي يىلنامىسى قەدىمقى مىسىر يىلنامىسى ئاساسىدا تۈزىتىپ بېكىتىش بىلەن ۋۇجۇتقا كەلگەن. نىل دەرياسى ھەر يىلى تاشقاندىن كېيىن يەر كولىمىنى قايتىدىن ئولچەشكە توغرا كەلگەنلىگى ۋە ئېھرامغا ئوخشاش بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ئېھتىياجى بىلەن قەدىمقى مىسىرلىقلارنىڭ گىومې-

---

① ماركس: «كاپىتال». «ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەلىق نەشرى، 23-توم، 562-بەتتىكى (5) ئىزاھ.

تىرىسىسى بەكمۇ تەرەققىي تاپقان، ئۇلار تىك تۇت بولۇق، ئۇچ بولۇڭ، تراپېتسىيە ۋە چەمبەرلەرنىڭ يۈزىنى ھېسابلاپ چىقارالىغان، چەمبەر ئۇراقلىقىنى بولسا 3.16 ئېنىقلىقتىچە ھېسابلاپ چىقارالىغان. قەدىمقى مىسىرلىقلار تىببىي ئىلىم جەھەتتە مۇھىم مۇۋەپپەقىيەت قازانغان، چۈنكى ئۇلار مومىيا ياساشتا بىرقەدەر توغرا بولغان ئاناتومىيە بىلىملىرىنى توپلىغان ئىدى. ئۇلار يۈرەكنىڭ قان ئايلىنىش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە چوڭ مېڭىنىڭ ئادەم بەدىنىگە بولغان مۇھىم رولىنى بىلگەن ھەمدە ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمى، تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمى ۋە ئاياللار بۆلۈمى دىگەنگە ئوخشاش بۆلۈملەر ئايرىمىنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

## ئۈچىنچى باپ

# قەدىمقى غەربىي جەنۇبىي ئاسىيانىڭ قۇللۇق تۈزۈمىدىكى دۆلەتلىرى

بۇ باپتا بايان قىلىنغان غەربىي جەنۇبىي ئاسىيا رايونى، ئاساسەن، ئىككى دەريا (تىگىر دەرياسى ۋە ئېۋفرات دەرياسى) ۋادىسىنى ھەم ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى سۇرىيە ۋە پەلەستىننى كۆرسىتىدۇ. دەۋر دائىرىسى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3000-يىلى ئوپچۆرىسىدە سۇمېر شەھەر دۆلىتى شەكىللەنگەندىن تارتىپ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 6-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان دەۋر بىلەن چەكلىنىدۇ. بۇ رايون ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ بالدۇرقى مەنبەلىرىدىن بىرى، نۇرغۇن مىللەتلەر ئىلگىر-كېيىن بولۇپ بۇ جايدىكى تارىخ سەھنىسىگە چىقىپ،① مول-گۈزەل ماددىي ۋە مەنىۋى مەدە-

① بۇ يەردە مەيدانغا كەلگەن مىللەتلەرنى ئۇلارنىڭ تىل سىستېمىسى ۋە تارىخى بويىچە ئومۇمەن تۆۋەندىكىچە بۆلۈشكە بولىدۇ: (1) سۇمېرلىقلار، كۇردلار، كاسسىتلار، ئېلاملىقلار بىر تىل سىستېمىسىغا كىرىدۇ، بۇ قەدىمقى قەبىلە ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىرقى ۋە تىل سىستېمىسى ھازىر ئىلىم ساھەسىدە تېخى بېكىتىلمىدى. (2) تىلى سەمىت تىل سىستېمىسىغا كىرىدىغان قەبىلە ۋە مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى سەمىتلەر دەپ ئاتىلىدۇ. ئادەتتە، ئەرەب يېرىم ئارىلى سەمىتلەرنىڭ يۇرتى دەپ قارىلىدۇ. ئۇلار بىرقانچە مىڭ يىلدىن بۇيان، ئۆز-

نىيەت ياراتقان. بۇ جاينىڭ سۇغىرىلىدىغان يەر دېھقانچىلىقى راۋاجلانغان، سودا-سانائىتىمۇ ناھايىتى راۋاج تاپقان بولۇپ، شەرق تەرەپتىكى ئىران ۋە ھىندىستان بىلەنمۇ، غەرپ تەرەپتىكى مىسىر ۋە يۇنان بىلەنمۇ ناھايىتى بۇرۇندىنلا بېرىش-كېلىش قىلىشىپ كەلگەن.

بۇ ياپتا بايان قىلىنىدىغان تارىخنى ئاساسەن ئىككى باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ: سۇمېر-ئاككاد دەۋرى؛ بۇ دەۋردە ئىككى دەريا ۋادىسىدا قۇللۇق تۈزۈمىدىكى بىرمۇنچە كىچىك شەھەر دۆلەتلىرى ئەڭ ئاۋال راۋاج تاپقان بولۇپ، ئاككاد دەۋرىگە كەلگەندە دەسلەپكى قەدەمدە بىرلىككە كېلىشكە قاراپ ماڭغان. بۇ دەۋردە قۇللۇق تۈزۈمىدىكى زور ئىبادەتخانا ئىگىلىكى ۋە پادىشا جەمەتى ئىگىلىكى راۋاجلانغان. قەدىمقى بابىلون، ئاسسىرىيە، يېڭى بابىلون دەۋرى؛ بۇ ۋاقىتتا ھوقۇق مەركەزلەشتۈرۈلگەن قۇللۇق تۈزۈمىدىكى ئىمپېرىيە مەيدانغا كەلگەن، قۇللۇق تۈزۈم يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەرەققىي قىلغان، سودا-سانائەت گۈللەنگەن بولۇپ، ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىدىغان سودا-سانائەت شەھەرلىرى ئۇزاق مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. بۇنىڭدىن تاشقىرى، ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىي

---

لۇكسىز ھالدا غەربىي ئاسىيا ۋە شىمالىي ئافرىقىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كۆچۈپ يۈرگەن. قەدىمقى زاماندا، سەمىتلەرگە كىرىدىغانلار: ئامورىلار، ئارامېيانلار، ئاككادلىقلار، بابىلونلۇقلار، ئاسسىرىيىلىكلەر، خالدېيلار، كانائانلىقلار، ھېبرېيلار (جۈملىدىن ئىسرائىلىيىلىكلەر ۋە يەھۇدىيلار)، فىنىكىيىلىكلەر ۋە باشقىلار. ھازىرقى زامان ئەرەب مىللەتلىرىمۇ سەمىت تىل سىستېمىسىغا كىرىدۇ.

(3) تىلى ھىندى-ياۋروپا تىل سىستېمىسىغا كىرىدىغانلار: خېتتىلار، مىدىيەلىكلەر، پارس ۋە باشقىلار.

قىرغىقىدىكى فىنىكىيىنىڭ شەھەر دۆلەتلىرى ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ دېڭىز سودىسى ھوقۇقىنى بىر مەزگىل ئىگىلىگەن ئىدى؛ قەدىمقى غەربىي ئاسىيادا يەھۇدىي دىنى ۋە خىرىستىيان دىنى پەيدا بولغان ئىدى، بۇلار ھازىرمۇ تەسىر كۆرسەتمەكتە. شۇنىڭ ئۈچۈن، قەدىمقى غەربىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى قۇللۇق تۈزۈمىدىكى دۆلەتلەرنىڭ تارىخىنى يىغىنچاقلاپ ئۆتسەك، كىشىلەرنىڭ ھازىرقى دۇنيانى چوڭقۇر چۈشىنىشىگە، جاھانگىرلىككە قارشى كۆرەشنىڭ بوران-چاپقۇنلىرى ئەۋج ئېلىۋاتقان غەربىي ئاسىيا-ئوتتۇرا شەرق رايونىنى چوڭقۇر چۈشىنىشىگىمۇ ياردىمى بولىدۇ.

## 1-بۆلۈم سۇمېر-ئاككاد دەۋرى

**سۇمېرلىقلارنىڭ شەھەر دۆلىتى** ئاسىيانىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىدا تىگر دەرياسى بىلەن ئېۋفرات دەرياسى غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا قاراپ پاراللېل ئېقىپ ئىران قولتۇقىغا① قۇيۇلىدۇ. قەدىمقى ئىككى دەريا ۋادىسى رايونى، ئاساسەن، ھازىرقى ئىراق جۇمھۇرىيىتىگە توغرا كېلىدۇ. قەدىمقى گرېكلار بۇ رايوننى ئىككى دەريا ئارىلىقىدىكى جاي دېگەن مەنىدە "مېسوپوتامىيە" دەپ ئاتىغان، قەدىمقى ئىككى دەريا ۋادىسىنىڭ شىمالىي قىسمى ئاسسۇرىيە،

① ئىران قولتۇقىنىڭ غەربىي شىمالىي قىرغىقى 5 مىڭ يىلدىن بۇيرى پەيدىن-پەي شەرقىي جەنۇبقا قاراپ 200 نەچچە كىلومېتىر يۆتكەلگەن؛ ھازىرقى ئىككى دەريا دېڭىزغا قۇيۇلۇش ئېغىزىغا 110 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا قوشۇلۇپ چوڭ دەريا ھاسىل قىلىدۇ.

جەنۇبىي قىسمى بابىلونىيە دەپ ئاتىلىدۇ. بابىلونىيىنىڭ شىمالىي قىسمى ئاككاد، جەنۇبىي قىسمى سۇمېر دەپ ئاتىلىدۇ.

مىلادىدىن ئىلگىرىكى 4000-يىللاردا، سۇمېرلىقلار مېتال قوراللار بىلەن تاش قوراللار بىرلىكتە ئىشلىتىلگەن دەۋردە ياشىغان. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 4000-يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن 3000-يىللارنىڭ باشلىرىغىچە، سۇغىرىلىدىغان يەر دېخانچىلىقىنىڭ ۋە مىس ئېرىتىشكە ئوخشاش قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن، سۇمېرلىقلارنىڭ ئۇرۇقداش قەبىلىلىرى ئىچىدە جىددىي ئىجتىمائىي بۆلۈنۈش يۈز بەرگەن. ئولتۇراق جاي ئىزلىرىدىن ئەينى زاماندا كەمبەغەللىك بىلەن بايلىق پەرقىنىڭ ناھايىتى چوڭ بولغانلىقىنى، شۇنىڭدەك قۇللارنىڭمۇ مەيدانغا كەلگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3000-يىللارنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، سۇمېر رايونىدا قۇللۇق تۈزۈمىدىكى بەزى شەھەر دۆلەتلىرى پەيدىن-پەي شەكىللەنگەن، بۇلاردىن مەشھۇرلىرى لاگاش، ئۇرۇك، ئۇر قاتارلىقلار. بۇنداق شەھەر دۆلىتى بىر مەركىزىي شەھەر ۋە ئۇ ئەتراپىدىكى يېزا جامائەلىرىدىن تەركىب تاپقان، ئۇنىڭ ئاقساقاللار كېڭەشمىسى بولغان. پادىشا ئومۇمەن شەھەرنىڭ باش ئىلاھ ئىبادەتخانىسىنىڭ ئالىي مۇتەۋەللىسىدىن ئۆزگەرگەن بولۇپ، مەمۇرىي، ھەربىي ئىشلار ۋە نەزىر-چىراققا ئوخشاش ئىشلارنى باشقۇرغان، لېكىن ئۇنىڭ ھوقۇقى ئاقساقاللار كېڭەشمىسىنىڭ تىزگىنلىشىدە بولغان. يەنە خەلق يىغىنىمۇ بولغان، بەزىدە خەلق يىغىنى ھەتتا ئاقساقاللار كېڭەشمىسىنىڭ قارارىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا ھوقۇقلۇق بولغان، بۇ باشلانغۇچ جەمئىيەتنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى دېموكراتىك ئەنئەنىنىڭ قالدۇقى. شەھەر دۆلىتى ھاكىمىيىتىنىڭ ماھىيىتى قۇلدارلار

دىكتاتورىسى بولۇپ، ھوقۇق تۇتقان ئاقساقاللار قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى قۇلدارلار ئىدى. خەلق يىغىنىغا پەقەت پۇقرالارلا قاتنىشاتتى، قۇللار ۋە باشقا بېقىندىلار قاتنىشالمايتتى.

شەھەر دۆلەتلىرىنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي ئەھۋالى لاگاش ھەققىدىكى چۈشەنچىمىزنى بىرقەدەر ئېنىق قىلغاچقا، ئۇنى مىسالغا ئېلىپ چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ. لاگاشنىڭ ئىبادەتخانا ئىگىلىكى ئالاھىدە تەرەققىي قىلغان ئىدى، تەخمىنەن 20 چە ئىبادەتخانا بولۇپ، مولچەرلىنىشچە، تېرىلغان يەرنىڭ 50-60 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلاتتى، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە قۇللار ئومۇمىي سانىنىڭ تەخمىنەن ئىككىدىن بىر قىسمى ئىبادەتخانىلاردا ئەمگەك قىلاتتى. ئىبادەتخانا يەرلىرىنىڭ بىر قىسمى ئۈلۈش يەر شەكلى بىلەن ئىجارىگە بېرىلىپ باج ئېلىناتتى، بىر قىسمىنى بولسا قۇللار ۋە بېقىندىلار تېرىيتتى. ئىبادەتخانىلار يەنە بولكىخانا، ھاراقخانا، توقۇمىچىلىق ئىشخانىسى ۋە مېتال ئېرىتىش ئىشخانىسىمۇ قۇرغان ھەمدە كوپلىگەن چارۋا مال باققان ئىدى: بۇ ئىشلاردا ئەر-ئايال قۇللار ئەمگىكى ئاساس قىلىناتتى. بۇنىڭدىن باشقا، تۈرلۈك ئۆي-ئىمارەت قۇرۇلۇشلىرى ۋە سۇغىرىش قۇرۇلۇشلىرىدىمۇ قۇللار ئەمگىكى ئىشلىتىلەتتى. مولچەرلىنىشچە، قۇللار تەخمىنەن 20-30 مىڭ بولۇپ لاگاش ئومۇمىي ئاھالىسىنىڭ تەخمىنەن تۆتتىن بىر قىسمىدەكىنى تەشكىل قىلاتتى.

لاگاشنىڭ ئومۇمىي ئاھالىسىنىڭ كۆپچىلىكى يەنىلا يېزا جامائەسىدىكى دېھقانلار ئىدى. ئەڭ دەسلەپتە، جامائەنىڭ ئۈلۈش يەرلىرى تېخى قەرەللىك قايتا تەقسىم قىلىپ تۇرۇلاتتى، كېيىنچە ئۈلۈش يەرلەر ئېلىپ-سېتىلىدىغان بولغان. ئىبادەتخانىلار، ئاقسۆڭەكلەر

ۋە خان جەمەتىنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشى ۋە ئارتتۇرۇلۇشى بىلەن، يېزا جامائەسىنىڭ يەرلىرى كۈنسېرى ئازىيىپ كەتكەن، ئايرىم قۇلدار ئاقسۆڭەكلەر سېتىۋېلىش يولى بىلەن 100 گېكتاردىن 300 گېكتارغىچە يەر ئىگىلىۋالغان. يېزا جامائەسى دېھقانلىرى ماددى نەرسىلەر بىلەن تۆلىنىدىغان باج تاپشۇراتتى. مەجبۇرى ئەمگەك قىلاتتى ۋە ھەربى خىزمەت ئۆتەيتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە خان جەمەتىنىڭ ۋە ئىبادەتخانىنىڭ ئېتىزلىرىغا بېرىپ ئەمگەك قىلاتتى، مۇتەۋەللىلەر ئۆلگۈچىنىڭ ئائىلە تەۋەسىدىن يەرلىككە قويۇش ۋاقتىدا دىنىي رەسمىيەتكە ئىشلىتىلىدىغان كۆپ مىقداردىكى خىراجەتنى شىلىۋالاتتى، قۇلدار ئاقسۆڭەكلەر يېزا جامائەسى دېھقانلىرىنىڭ پۇل-ماللىرىنى زورلۇق-كۈچ بىلەن بىۋاستە تارتىۋالاتتى، بۇلارنىڭ ھەممىسى يېزا جامائەسى دېھقانلىرىنى تېزلىكتە خانىۋەيران قىلغان، ھەتتا قەرزدار قۇللارغا ئايلاندۇرۇپ قويغان ئىدى.

پادىشا لوگالاندا ھوكۇمرانلىق قىلغان دەۋر (تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2384—2378)دە، لاگاش شەھەر دۆلىتىدە سىنىپىي زىددىيەت تېخىمۇ كەسكىنلەشكەن. قۇلدارلار پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئومۇمى يۈزلۈك نازارەتچى، سوراقچى ۋە باجگىرلار قويۇپ، كېمىچىلەر، بېلىقچىلار ۋە چارۋىچىلارغىمۇ نازارەتچى ئەۋەتىپ، ماددى نەرسە بىلەن تۆلىنىدىغان باج يىققان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، لوگالاندا ئىبادەتخانا ئىگىلىكى ھەم مۇتەۋەللىلەرنىڭ مال-مۈلكى ۋە مەنپەئەتىگىمۇ ئاز-تولا دەخلى-تەرۇز قىلغان. بۇ ھالمۇ قۇلدارلار سىنىپىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئوخشاش بولمىغان گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ زور دەرىجىدە ئۆتكۈرلىشىشىگە تۈرتكە بولغان.

شۇ سەۋەبتىن، لاگاشتا سىنىپىي كۈرەش پارتلىغان. قۇلدار ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان ئۇرۇكاگىنا تۆۋەن قاتلامدىكى ئەمگەكچى خەلقنىڭ قارشىلىقىدىن پايدىلىنىپ، بەزى مۇتىۋەللىلەرنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 2378 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە لاگاشنىڭ پادىشا ھاكىمىيىتىنى تارتىۋالغان.

ئۇرۇكاگىنا تەختتە تۇرغان 6 يىل ئىچىدە، سۇغىرىش قانىلى چاپتۇرغان ھەمدە بەزىبىر ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى قوللانغان: ئىلگىرى پادىشا دەخلى - تەرۇز يەتكۈزگەن ئىبادەتخانا ھەم مۇتىۋەللىلەرنىڭ مال - مۈلكى ۋە مەنپەئەتىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن؛ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەممە يېرىگە تارالغان ھەر خىل نازارەتچى ۋە سوراقچىلارنى ئېلىپ تاشلىغان؛ ئاددى ئەسكەرلەرنىڭ مال - مۈلكىنى قوغدىغان؛ ئۆلگۈچىنىڭ ئائىلە تەۋەسىنىڭ يەرلىككە قويۇش ۋاقتىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان دىنىي رەسمىيەت ئۈچۈن تۆلەيدىغان خىراجىتىنى يەڭگىللەتكەن؛ ئوغرىلىق قىلىش، ئادەم ئۆلتۈرۈش ۋە يېتىم - يېسىرلەرنى ئاسىي تېپىشنى مەنئى قىلغان، ۋاھاكازالار. ئىسلاھات نەتىجىسىدە، لاگاشتىكى بىر قىسىم ئاھالىنىڭ پۇقرالىق ھوقۇقى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن، پۇقرالارنىڭ ئادەم سانى بۇرۇنقىدىن كۆپەيگەن، تۇتقان ئورنىدىمۇ ياخشىلىنىشلار بولغان.

ئۇرۇكاگىنا ئىسلاھاتى قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ تەرەققىياتى داۋامىدا ئاددى خەلقنىڭ ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قۇل قىلىشى ۋە ئېزىشىگە قارشى كۈرىشى ئىدى، ئىسلاھاتتىكى بىرمۇنچە تەدبىرلەر ئاقسۆڭەكلەرگە زەربە بەرگەن ھەم ئاددى خەلققە پايدا يەتكۈزگەن. لېكىن ئىسلاھات باشقا شەھەر دۆلەتلىرىدىكى قۇلدار ئاقسۆڭەكلەرنىڭ نارازىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغاچقا، ئۇلار لاگاشقا قارشى ئۇرۇش

قوزغىغان، ئۇرۇكاگىنا تەختكە ئولتۇرۇپ 7-يىلى لاگاش ئۇمما تەرىپىدىن يىمىرىلگەن.

**ئىككى دەريا ۋادىسىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى بىرلىككە كەلگەن دۆلەتلەر** مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3000-يىللارنىڭ باشلىرىدا، كوچمەن سامىتلار قەبىلىسى بابىلونىيىنىڭ شىمالىي رايونىغا قەدەممۇ-قەدەم ئىچكىرىلەپ كىرگەن ھەم ئۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ ئاككادلىقلار دەپ ئاتالغان. تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3000-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئاككاد رايونىدىمۇ قۇللۇق تۈزۈمىدىكى بەزى شەھەر دۆلەتلىرى تەدرىجىي شەكىللەنگەن.

ئاككاد شەھەر دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمرانى سارگون (تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2371—2316)، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئاددىي خەلقتىن كېلىپ چىققان نىكاسىز تۇغۇلغان بالا بولۇپ، كىچىك ۋاقتىدا باغۋەنمۇ بولغان ئىكەن، كېيىن ئاككاد ھاكىمىيىتىنى قولغا كەلتۈرگەن. سارگون كۆپ قېتىملىق ئۇرۇشلار ئارقىلىق، ئاككاد رايونىنى قەدەممۇ-قەدەم بىرلىككە كەلتۈرگەن ھەمدە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ سۈمېرنى بوي سۇندۇرۇپ، ئىككى دەريا ۋادىسىنىڭ جەنۇبىي قىسمىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئاككاد پادىشاھلىقىنى قۇرغان (تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2371—2191). شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، ئىككى دەريا ۋادىسى تارقاق شەھەر دۆلەتلىرىدىن تەرەققىي قىلىپ دەسلەپكى قەدەمدە بىرلىككە كەلگەن، ھوقۇق مەركەزلەشتۈرۈلگەن دۆلەتكە ئايلانغان. قۇللۇق تۈزۈم تەرەققىي قىلىپ، سىنىپىي كۈرەش كەسكىنلىشىپ كەتكەنلىكتىن، قۇلدارلارنىڭ قۇللار ۋە كەمبەغەل خەلقنىڭ قارشىلىقىنى باستۇرۇش ئېھتىياجىغا لايىقلىشىش يۈزىسىدىن بۇنداق بىرلىك مەيدانغا كەلگەن. لېكىن بىرلىك سۇ ئىنشائاتلىرىنى ئېخمۇ

زور كولەمدە قۇرۇپ، سودا ۋە قاتناش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە قولايلىق تۇغدۇرۇپ بەرگەن. ئىشلەپچىقىرىشنىڭ راۋاجلىنىشىغا پايدىلىق بولغان.

سارگون دولەت ماشىنىسىنى كۈچەيتىپ، 5400 كىشىلىك دائىمى ئارمىيە قۇرغان، ئۇلچەمنى بىرلىككە كەلتۈرگەن. ئۇنىڭ ۋارىسى دائىم ئەسكەر چىقىرىپ، سۇمېرنىڭ ھەرقايسى شەھەر دولەتلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، ھە دەپ قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈپ، قارشىلىقنى باستۇرغان. يىلمۇ-يىل ئۇرۇش بولۇپ تۇرغاچقا، ئەسىر قۇللار بۇرۇنقىدىن كۆپەيگەن، بەزى ئەركىن كىشىلەرمۇ خانىۋەيران بولۇپ قەرزدار قۇللارغا ئايلىنىپ قالغان، بېقىندىچىلارنىڭ ئورنى تۆۋەنلەپ، مۇستەقىللىقىدىن كۆنسېرى مەھرۇم بولغان.

لېكىن بۇ ۋاقىتتا، ھوقۇقنىڭ مەركەزگە مەركەزلەشتۈرۈلۈش تۈزۈمى تېخى ئانچە تەرەققى قىلىپ كېتەلمىگەن. پادىشا مانىشتۇسۇنىڭ يەر سېتىۋالغانلىقىغا دائىر ھازىر ساقلىنىۋاتقان يارنامە ئۇنىڭ ھەرقايسى شەھەر دولەتلىرىدىن كۆمۈش ياكى ئاشلىق ۋە باشقا نەرسىلەر بىلەن يەر سېتىۋالغانلىقىنى، يەرلەرنى ئۆز مەيلىچە ئىگىلىۋالالمىغانلىقىنى، شەھەر دولەتلىرىنىڭ مەلۇم مۇستەقىللىققا ئىگە ئىكەنلىكىنىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئورغۇنلىغان جامائە دېھقانلىرىنىڭ خانىۋەيران بولۇپ يېرىدىن مەھرۇم قالغانلىقىنىمۇ، مەملىكەت ئىچىدىكى سىنىپىي كۈرەشنىڭ كۆنسېرى كەسكىنلەشكەنلىكىنىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

سارگون ھوكۇمرانلىق قىلغان دەۋرنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىلا، مەملىكەت ئىچىدە بىرقانچە قېتىم قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەن. بىر قېتىم قوزغىلاڭچىلار ئوردىنى قورشىۋالغاندا، سارگون قورقۇپ

كېتىپ دەرھال موكۇۋالغان. كېيىن يەنە كوپ قېتىم قوزغىلاڭ كوتىرىلىپ، ئاككاد ھوكۇمرانلىقىنى ئاجىزلاشتۇرغان. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2191-يىلى، شەرقىي تاغلىق رايوندىكى كۇردلار ئىككى دەريا ۋادىسىغا بېسىپ كىرىپ، ئاككاد پادىشالىقىنى يوقاتقان.

ئۇنىڭدىن سەللا كېيىن، ئۇر شەھەر دولىتى باش كوتىرىپ چىقىپ، ئىككى دەريا ۋادىسىنىڭ جەنۇبىي رايونىنى يېڭىۋاشتىن بىرلىككە كەلتۇرگەن، بۇ تارىختا ئۇر III سۇلالىسى دەپ ئاتىلىدۇ (تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2113 — 2006). شۇ ۋاقىتتا، ئىككى دەريا ۋادىسى مىس قورال دەۋرىگە قەدەم قويغان. ئۇر ھوكۇمرانلىق قىلغان دەۋردە، مەركەزگە مەركەزلەشتۇرۇلگەن ھوقۇق يەنىمۇ كۇچەيتىلىپ، ئىككى دەريا ۋادىسىنىڭ تۇنجى يازما قانۇن دەستۇرى تۇزۇپ چىقىلغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىبادەتخانا ئىگىلىكى يوقىتىلىپ، ئۇنىڭ تولىسىنى خان جەمەتى ئىگىلىكى ئوزىگە قوشۇۋالغان. قۇللۇق تۇزۇمىدىكى خان جەمەتى قورۇقلىرى، چارۋىچىلىق مەيدانلىرى، يېزى-چىلان ئېكىنزارلىقلىرى ۋە قول ھۇنەرۋەنچىلىك ئىشخانىلىرى پۇتۇن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى قاپلاپ كەتكەن، مەركەزدىن تارتىپ جايلارغىچە مەمۇرى باشقۇرغۇچى خادىملار، نازارەتچىلەر ۋە كاتىپلارغا ئوخشاش ئادەم سانى كوپ بولغان قاتتىق ئىگىلىك باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى قۇرۇلغان. خان جەمەتى قورۇقلىرى ۋە ئىشخانىلىرى يوزلىگەن قۇللار ۋە بېقىندا ئەمگەكچىلەرنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغان، دېھقانچىلىقنىڭ ئالدىراش ۋاقىتلىرىدا زور تۇركۇمدىكى ياللانما ئىشچىلارنىمۇ ئىشلەتكەن، بېقىنغۇچىلارنىڭ ئورنى زور دەرىجىدە تووەنلەپ، ئۇلارنىڭ قۇللاردىن ھېچقانداق پەرقى قالمىغان.

قۇللارنىڭ ئەھۋالى ئىنتايىن ئېچىنىشلىق بولغان. بىر ئايال قۇللار ئەمگەك لاگېرىدا، قۇلدارلار قۇللارغا ھايۋان قاتارىدا مۇئامىلە قىلغانلىقتىن، بىر ئاي ئىچىدە 185 ئايال قۇل ۋە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىدىن 57 سى ئۆلۈپ، ئۆلگەنلەر 30 پىرسەنتكە يەتكەن.

خان جەمەتى ئىگىلىگى غەيرى تەبىئى ھالدا زور دەرىجىدە راۋاجلىنىپ، باشقۇرۇش ئاپاراتى چوڭىيىپ كەتكەن، قۇللار دەھشەتلىك زۇلۇمغا ئۇچراپ، سىنىپىي زىددىيەت ئىنتايىن ئۆتكۈرلىشىپ كەتكەن، شۇ سەۋەپتىن، ئۇر III سۇلالىسى ئۆزىنىڭ ھوكۇمرانلىغىنى ئۇزاققىچە ساقلاپ قېلىشقا قادىر بولالماي، يات مىللەتلەرنىڭ بېسىپ كىرىشى ئارقىسىدا ناھايىتى تېزلا ھالاك بولغان. شۇنىڭدىن كېيىنكى تەخمىنەن ئىككى يۈز يىل داۋامىدا، بىرقانچە كىچىك دۆلەت ئارا ئۇرۇش توختىماي بولۇپ تۇرغاچقا، ئىككى دەريا ۋادىسى يەنە بۆلۈنۈش ھالىتىگە چۈشۈپ قالغان.

## 2-بۆلۈم قەدىمقى بابىلون پادىشالىغى

**قەدىمقى بابىلون پادىشالىغىنىڭ قۇلدارلار دىكتاتۇرىسى** بابىلون ئېۋفرات دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا جايلاشقان شەھەر، بۇ شەھەر ئىككى دەريانىڭ ئارىلىقى ئەڭ يېقىن جايدا بولۇپ، ئىككى دەريا ۋادىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان، بۇ شەھەر غەربىي ئاسىيا سودا يوللىرىدىكى مۇھىم تۈگۈن ئىدى، شۇڭلاشقا ئورنى ئىنتايىن پايدىلىق ئىستراتېگىيىلىك ۋە ئىقتىسادىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، بابىلوننى مەركەز قىلغان بىرلىككە قولايلىق ئىدى.

مىلادىدىن ئىلگىرىكى 19-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ئاموررىلار بابىلوننى پايتەخت قىلغان دۆلەت قۇرغان، بۇ دۆلەت تارىختا قەدىمقى بابىلون پادىشاھلىقى دەپ ئاتىلىدۇ (تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 19-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 16-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە). شۇنىڭدىن كېيىن، بابىلون كۆنسېرى مۇھىم ئورۇن تۇتقاچقا، قەدىمقى زاماندا ئىككى دەريانىڭ پۈتكۈل جەنۇبىي ۋادىسى بابىلونىيە دەپ ئاتالغان. بابىلون ئىككى دەريا ۋادىسىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي قىسمىنى ھوقۇق مەركەزلەشتۈرۈلگەن قۇللۇق تۈزۈمىدىكى پادىشاھلىق قىلىپ بىرلىككە كەلتۈرگەن، بۇ ئۇنىڭ 6-ئەۋلات پادىشاھى خاممۇرابى (تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1728—1686) ① دەۋرىدە ئورۇنلانغان.

خاممۇرابى ئەتراپتىكى دۆلەتلەرنىڭ ئۆزئارا ئۈزمەي ئۇرۇش قىلىپ تۇرۇش ۋە بىر بىرىنى ئاجىزلىتىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، كەينى-كەينىدىن ئۇلارنى ھۇجۇم بىلەن يوقىتىپ، ئىككى دەريا ۋادىسىنى 30 نەچچە يىل بىرلىككە كەلتۈرۈش ئارقىسىدا، ھوقۇق مەركەزلەشتۈرۈلگەن بىرقەدەر مۇستەھكەم دۆلەتنى قۇرۇپ چىققان. دۆلەتنىڭ ھەربىي ۋە مەمۇرى ھوقۇقى، قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى ۋە ئەدلىيە-سوت قىلىش ھوقۇقى پادىشاھنىڭ قولىغا توپلانغان، ناھايىتى زور بىر تۆرىلەر ئاپپاراتى ئۇنىڭ ھوكۈمرانلىق يۈرگۈزۈ-شىگە ياردەملەشكەن. دۆلەتتە دائىمى ئارمىيە بولۇپ، ئۇنىڭ

① خاممۇرابى تەختتە تۇرغان يىللار ھەققىدە ئېيتىلىشلار ئوخشاش ئەمەس، بەزىلەر مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1792—1750-يىللار، ياكى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1704—1662-يىللار دەپ ھوكۈم قىلىشىدۇ.

جەمچىلىرى ئۆلۈش يەرلەرگە ئەۋلاتمۇ-ئەۋلات ئىگە بولۇپ تۇرغان. زورۇر تېپىلغاندا، يېزا جامائەسى دېھقانلىرىدىنمۇ ئارمىيە تەشكىل قىلىنغان. جايلارنىڭ مەمۇرى سىستېمىسىدا ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنى پادىشا تەيىنلىگەن. بابىلوننىڭ پانا بولغۇچى ئىلاھى مادۇكقا خۇددى كىشىلىك دۇنياسىدىكى بابىلون پادىشاسىنىڭ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئالى ھوكۇمرانى بولغىنىغا ئوخشاش، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىلاھى دەپ ئېتىقات قىلىنغان.

خامۇرابى قانۇنىنىڭ ① تۈزۈپ چىقىلىشىمۇ قەدىمقى بابىلون پادىشالىقىنىڭ ھوقۇق مەركەزلەشتۈرۈلگەن قۇللۇق تۈزۈمىدىكى ھاكىمىيىتىنىڭ كۈچەيگەنلىك ئالامەتلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا ھەرقايسى شەھەر دولەتلىرىنىڭ ئەسلىدىكى چىقارغان قانۇنلىرى بىكار قىلىنىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئەمىر-پەرمانلىرى بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن. بۇ ھازىر مەلۇم بولغان ئىنسانىيەت تارىخىدىكى تۇنجى مۇكەممەل رەك يازما قانۇن بولۇپ، كىرىش سۆز، قانۇن ماددىلىرى ۋە ئاخىرقى سوزدىن ئىبارەت 3 قىسىمغا بولۇنگەن، قانۇندا 282 ماددا بولۇپ، مەزمۇنى ئەرز رەسمىيەتلىرى، ئوغرىلارنى بىر تەرەپ قىلىش، ھەربىسلەرنىڭ ئۆلۈش يەرلىرى، يەر ئىجارىگە بېرىش، ئادەم ياللاش، سودا جازانىخورلۇغى ۋە قەرزدار قۇللار، ئائىلە ۋە مىراس، زىيان-زەخمەتكە ئۇچراش ۋە تولىتىش، قۇل

① خامۇرابى قانۇنىنىڭ ئەسلى تېكىستى بازالىت سوقىچاق خاتىرە تاش (ئېگىزلىگى تەخمىنەن 2.5 مېتىر، دىامېتىرى تەخمىنەن 1.5 مېتىر)نىڭ ئىككى تەرىپىگە مىخ يېزىقتا ئويۇپ قويۇلغان. 1901-يىلى، فرانسىيە ئارخېولوگى بۇنى ئىراننىڭ سۇسا دېگەن يېرىدىن تاپقان، كېيىن پارىژنىڭ لۇۋر مۇزېيىغا بولاپ ئېپكېتىلگەن.

www.uyghurkitap.com

مۇناسىۋىتىگە ئوخشاش جەھەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ قانۇن ئەينى زاماندىكى جەمئىيەت ئەھۋالىنى بىر قەدەر تولۇق ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇپ، قەدىمقى بابىلون قۇللۇق جەمئىيىتىنى چۈشىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

خاممۇرابى قانۇنى قۇلدارلار سىنىپىنىڭ مەنپەئەتىنى قاتتىق قوغدىغان، قۇلدارلارنىڭ قۇللارغا ۋە باشقا مال-مۈلۈكلەرگە بولغان خۇسۇسىي ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قوغدايتتى. قۇللار خالىغانچە ئۇرۇپ يارىدار قىلىناتتى، ھەتتا ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىلەتتى، قاتىلنىڭ خۇن تۆلىشى ھاجەتسىز ئىدى، چۈنكى بۇ پەقەت قۇلدارلارنىڭ مال-مۈلكىگە زىيان-زەخمەت يەتكۈزگەنلىك دەپ قارالغانلىقتىن، ئۆلگەن قۇلنىڭ ئىگىسىگە 20 شېكېل ① كۈمۈش پۇل تۆلىنەتتى، بۇ شۇ ۋاقىتلاردا بىر قۇلنىڭ ئوتتۇرىچە باھاسى ئىدى. لېكىن باشقىلارنىڭ قۇلىنى ئوغرىلىغۇچىلارغا، ياكى قاچقان قۇلنى يوشۇرۇۋالغۇچىلارغا بولسا ئۆلۈم جازاسى بېرىلەتتى، چۈنكى قۇللار دائىم قۇلدارلارنىڭ چاڭگىلىدىن قېچىپ چىقىشتەك كۈرەش ئۇسۇلىنى قوللانغانلىقتىن، قانۇندا قاتتىق ئالدىنى ئېلىش بەلگىلەنگەن. قانۇندا يەنە، ئەگەر قۇل ئۆز خوجايىنىنى ئىنكار قىلىشقا پېتىنسا، تەكشۈرۈپ ئىسپاتلانغان ھامان قۇلىنىڭ قۇلىغى كېسىپ تاشلىنىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. ئەينى زاماندا قۇللاردا بەلگە سۈپىتىدە ئالاھىدە قويۇلغان چاچ شەكلى بولاتتى. قانۇندا، ئەگەر ساتراچ باشقىلارنىڭ قۇلىنىڭ ئالاھىدە چاچ شەكلىنى ئۆز مەيلىچە چۈشۈرۈۋەتسە، ئۇنىڭ بارماقلىرى كېسىپ تاشلىنىدۇ، دەپ بەلگىلەن-

① بىر شېكېل 8.416 گىرامغا باراۋەر.

گەن ئىدى. قانۇن يەنە قۇلدارلارنىڭ يەرلىرىنى ئىجارىگە بېرىش، جازانىخورلۇق ئېكسپىلاتاتسىيىسى ۋە يالىلاش ئېكسپىلاتاتسىيىسى جەمەتلىرىدىكى مەنپەئەتىنىمۇ پۈتۈن كۈچ بىلەن قوغدايتتى.

**قەدىمقى بابىلون پادىشاھلىقىنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكى** قەدىمقى بابىلون پادىشاھلىقى دەۋرىدە، سۇغىرىش سىستېمىسى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، سۇ چىقىرىش قۇراللىرى ياخشىلانغان. ساپان ئاز-تولا يېڭىلىنىپ، ئۇنىڭغا ئۇرۇقدان ئورنىتىلغان. مىس قوراللار ئومۇمىي



قەدىمقى بابىلوننىڭ كاسسىت دەۋرىدىكى ساپانى

يۈزلۈك ئىشلىتىلگەن، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىشى يۈكسەلگەن. خاممۇرابى قانۇنىدا 10 خىل قول ھۈنەرۋەنچىلىك كەسپى تىلغا ئېلىنغان: خۇمدانچىلىق، تىكۈچىلىك، ئىسىل تاشچىلىق، مېتاللىچىلىق، ئويما ياسما، كۆنچىلىك، ياغاچچىلىق، كېمىسازلىق، بىناكارلىق ۋە باشقىلار، دېمەك قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلىرىدىكى ئىش تەقسىماتى خېلى ئىنچىكە بولغان. دېھقانچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىچكى-تاشقى سودىمۇ تەرەققىي قىلغان. بابىلون، سىپپار قاتارلىق شەھەرلەر مۇھىم سودا مەركىزى ئىدى. خان جەمەتى ئىگىلىكىنىڭ سودا گۇماشتىلىرى كۆپ مىقداردىكى ئىچكى-تاشقى سودىنى مونوپوليە قىلىۋېلىپ. دۆلەتنىڭ باج-سېلىق يىغىش ئىشلىرىنى ئىدارە قىلغان

www.uyghurkitap.com

ھەمدە جازانىخورلۇق ھەركەتلىرى ۋە يەر تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغان. بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىرمۇنچە قۇلدارلار خۇسۇسىي سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. تۇۋار ئىگىلىكىنىڭ مەلۇم دەرىجىدە راۋاجلىنىشى جەمئىيەتنىڭ كەمبەغەللەر ۋە بايلارغا بۆلۈنۈشىنى ئىلگىرى سۈرگەن، شۇڭا، قەدىمقى بابىلون دەۋرىدىكى ئىجارىگە بېرىش-ئېلىش مۇناسىۋىتى ۋە ياللاش-يالىنىش مۇناسىۋىتىدىمۇ راۋاجلىنىشلار بولغان، بۇلارنىڭ ھەممىسى خامۇرابىي قانۇنىدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

بابىلون دەۋرىدە، يېزا جامائەسىنىڭ بۆلۈنۈشى ناھايىتى جىددىلەشكەن، ئۆلۈش يەرلەرنى ئېلىپ-سېتىش، رەنىگە قويۇش، ئۆتۈنۈپ بېرىش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلغان، چوڭ ئوغۇل قوش ئۆلۈشكە ۋارىسلىق قىلالايدىغان بولغان. بۇنىڭدىن يېزا جامائەسىنىڭ ئۆلۈش يەرلىرىنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن خۇسۇسىيلار ئىگىدارلىقىدىكى يەرلەرگە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. يېزا جامائەسىنىڭ ئۆلۈش يەرلىرىنى ئىگىلىۋالغان كىشىلەرنىڭ دۆلەت غەزىنىسىگە ماددىي نەرسە بىلەن تۆلىنىدىغان باج-سېلىق تاپشۇرۇشى شەرت ئىدى، باج مىقدارى ئالغان ھوسۇلنىڭ تەخمىنەن ئوندىن بىر قىسمىدىن تۆتتىن بىر قىسمىغىچە بولاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار يەنە ئەمگەك قىلىپ بېرىشى ۋە ھەربىي خىزمەت ئۆتىشى شەرت ئىدى. ئادەت قانۇنى بويىچە، 3 يىلغىچە باج-سېلىق تاپشۇرمىغۇچىلار ۋە مەجبۇرىيەت ئۆتىمىگۈچىلەر ئۆلۈش يەرگە بولغان ئىگىدارلىق ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولاتتى. نەسلى قۇرۇغانلار ۋە قېچىپ كەتكەنلەرنىڭ ياكى 3 يىلغىچە باج-سېلىق تاپشۇرمىغۇچىلارنىڭ ئۆلۈش يەرلىرى جامائەنىڭ ئىختىيارىغا ئېلىنىپ باشقىدىن

تەقسىم قىلىناتتى. سۇ مەنبەلىرى (جۈملىدىن سۇغىرىش سىستېمىسى) ۋە يايلاقلار ھەقىقىي تۈردە يېزا جامائەسى ئىگىدارلىقىدا ئىدى ۋە ئۇنىڭدىن ھەر بىر ئائىلە ئورتاق پايدىلىناتتى.

پادىشا غايەت زور خان جەمەتى (ئوردا) ئىگىلىكىگە ئىگە بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئىبادەتخانا ئىگىلىكلىرى خان جەمەتى ئىگىلىكىگە بېقىناتتى. خان جەمەتى بىۋاستە ئىدارە قىلىدىغان يەرلەرنىڭ سانى خېلى كۆپ ئىدى. خاممۇرابىنىڭ خان جەمەتى ئىگىلىكىنىڭ تۈرلۈك ئىش-كۈشلىرى ھەققىدە لارسا ۋالىسىغا ئەۋەتكەن مەكتۇپلىرىدىن قارىغاندا، خان جەمەتى ئىگىلىكىنىڭ ئاساسىي قىسمى (يەرلەر، چارۋا ماللار ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشخانىلىرىغا ئوخشاشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئاساسەن سۈمېر رايونىغا مەركەزلەشكەن ئىدى. لېكىن قەدىمقى بابىلون دەۋرىدىكى خان جەمەتى يەر مۈلكىنىڭ باشقۇرۇلۇش ئۇسۇلى ئۇر III سۇلالىسى دەۋرىدىكى كەڭ كۆلەمدە مەركەزلەشتۈرۈپ باشقۇرۇشتىن پەرقلىنىدىغان بولغان ئىدى، بەلكى يەرلەر ئوخشاش بولمىغان ھالدا 3 گېكتاردىن 10 گېكتارغىچە بولغان ئۈلۈش يەرلەرگە بۆلۈنۈپ، خان جەمەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ھەر خىل كىشىلەرگە، مەسىلەن، خان جەمەتىنىڭ سودا گۇماشتىلىرى، ھەربىلەر، قول ھۈنەرۋەنلەر، چارۋىچىلار ۋە ئوتتۇرا-كىچىك ئەمەلدار قاتارلىقلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن، لېكىن ئاساسەن "ئولپان تۆلىگۈچىلەر" دېيىلگەنلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن. "ئولپان تۆلىگۈچىلەر" خان جەمەتىدىن ئۈلۈش يەر، ئۇرۇق، تېرىلغۇ ئۈلاقلىرى ۋە دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئالغاندىن كېيىن، ئۆز ئالدىغا تېرىقچىلىق قىلاتتى، ھەر يىلى خان جەمەتىگە خېلى زور مىقداردا ھوسۇل تاپشۇراتتى. ئۇلار ئۈلۈش

www.uyghurkitap.com

يەرلەرنى ساتالمايتتى ياكى رەنىگە قويالمايتتى، لېكىن ۋارىسلىق قىلىپ ئىگىدارلىق قىلالايتتى. "ئولپان تولىگۈچىلەر" ئەترەتنى بىرلىك قىلغان ھالىدا مەخسۇس كەسپىي نازارەتچىلەرنىڭ باشقۇرۇشىدا بولاتتى، دۆلەتنىڭ مەمۇرى دائىرىلىرى ئۇلارنى بىر جايدىن باشقا بىر جايغا يۆتكىيەلەيتتى.

قەدىمقى بابىلون پادىشالىقى دەۋرىدە، يەرنى ئىجارىگە بېرىش خېلى كەڭ تارقالغان، ئىجارە مۇددىتى ئومۇمەن بىر يىل بولاتتى، مېۋىلىك باغنىڭ ئىجارە مۇددىتى بولسا 5 يىل بولاتتى. تېرىلغۇ يەرگە ھوسۇلنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى ياكى ئىككىدىن بىر قىسمى، باغقا ھوسۇلنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى ئىجارە ئۈچۈن تاپشۇرۇلاتتى. خاممۇرابى قانۇنىدا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: "ئەركىن خەلق يەر ئىجارىگە ئېلىپ دېخانلار بىلەن ئىجارىلىشىپ تېرىيدۇ ھەمدە ئىجارە ھەققى ئالىدۇ، كېيىن ئاداد ① ئۇلارنىڭ ئېتىزلىرىنى سۇغا باستۇرۇۋېتىپ، ياكى كەلكۈن ئۇنىڭ ھوسۇلىنى ۋەيران قىلىۋەتسە، زىيان دېخانغا مەنسۇپ بولىدۇ." دېمەك، قانۇنىدىكى بەلگىلىمە ئىجارىگە بەرگۈچىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدىغان، ھالبۇكى ئىجارىگە ئېلىپ تېرىغۇچى دېخانغا پايدىسىز بولغان. ئىجارە ئېكسپىلاتاتسىيىسى دېخانلارنى خانىۋەيران بولۇپ قەرزدار قۇللارغا ئايلىنىشقا مەجبۇر قىلىشنىڭ بىر خىل يولى ئىدى.

خاممۇرابى قانۇنىدا ئەينى زاماندا "ئوردا قۇللىرى" دېيىلگەنلەرنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنغان، بۇنىڭدىن خان جەمەتى ئىگىلىكى ۋە ئىبادەتخانا ئىگىلىكىدە بەلگىلىك ساندىكى قۇللارنىڭ

---

① گۇلدۇرماما، چاقماق ۋە يامغۇر ئىلاھى.

بولغانلىغىنى كورۈۋېلىشقا بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئوتتۇرا ۋە كىچىك قۇلدارلارنىڭ راۋاج تاپقانلىغى ئەينى ۋاقىتتىكى قۇللۇق تۈزۈم تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم بىر بېلگى ئالاھىدىلىگى ئىدى. ئوتتۇرا ۋە كىچىك قۇلدارلار ئادەتتە 10 گىكتاردەك يەر ئىگىلىگەن بولۇپ، 3 ـ 5 تىن ئون نەچچىگىچە بولغان قۇلنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلاتتى. قۇل مەنبەسى، قۇل ئائىلىسىدە تۇغۇلغان ئەۋلاتمۇ ـ ئەۋلات قۇل بولىدىغان قۇللار پەرزەنتلىرىدىن تاشقىرى، ئاساسەن، سېتىۋېلىنغان قۇللار ياكى قەرزدار قۇللار ئىدى. ئەينى زاماندا، قەرزدارلىق قۇللۇق تۈزۈمى كەڭ تارقالغان، خاممۇرابى قانۇنىدا قەرزدار قۇللارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش مۇددىتى 3 يىل بىلەن چەكلىنە-دىغانلىغى بەلگىلەنگەن ھەمدە جازانىخورلۇق ھەركەتلىرىگە بەزىبىر چەكلىمىلەر قويۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىي تۇرمۇشتا بۇ خىل چەكلىمىنىڭ ئۈنۈمى ناھايىتى ئاز بولغان.

بابىلون دۆلىتىنىڭ تۇراقلىقلىغى ئۇزاققا بارمىغان، يات مىللەت-لەرنىڭ بېسىپ كىرىشى ناھايىتى زور تەھلىكە بولۇپ قالغان. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 16 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، قەدىمقى بابىلون خىتتىلار تەرىپىدىن يوقىتىلغان، لېكىن خىتتىلار ئۇزاق ئۆتمەيلا چېكىنىپ چىقىپ كەتكەن. 16 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، شەرقىي شىمال تەرەپتىن بېسىپ كىرگەن كاسسىتلار بابىلوننى ئىشغال قىلىۋالغان. كاسسىتلار ئەسلىدە ئېلامنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى تاغلىق رايوندا يېرىم دېخانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئېتنىك قەبىلە بولۇپ، مەدەنىيىتى بىرقەدەر ئارقىدا ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بابىلونىيە كاسسىتلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان 300 يىلدەك ۋاقىت ئىچىدە، ئومۇمەن ئالغاندا، ئىگىلىك

ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە خاراپلىشىش ھالىتىدە تۇرغان ئىدى.
مىلادىدىن ئىلگىرىكى 13 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، كاسسىت سۇلالىسى ھالاك بولغاندىن كېيىن، ئىككى دەريا ۋادىسى ئاسسىرىيە ئىمپېرىيىسى زومىگەرلىك قىلغان تارىخىي دەۋرگە قەدەم قويغان.

## 3 ـ بۆلۈم ئاسسىرىيە ۋە يېڭى بابىلون پادىشاھلىقى

**ئاسسىرىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ گۈللىنىشى** ئاسسىرىيىنىڭ ئاساسىي رايونى تىگىر دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىدىكى جايلار ئىدى. ئاسسىرىيە شەھىرى تىگىر دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا جايلاشقان، بۇ جاي قەدىمقى غەربىي ئاسىيانىڭ قاتناش ۋە سودا مەركىزى ئىدى، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3000 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا سۇمېر ـ ئاككادلارنىڭ شەھەر دۆلەتلىرى بۇ يەردە سودا پونكىتى قۇرغان.

ئاسسىرىيىلىكلەرنىڭ تىلى سېمىت تىلى سىستېمىسىغا كىرەتتى، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3000 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا، ئاسسىرىيە شەھىرىنى مەركەز قىلغان ھالدا پەيدىن ـ پەي شەھەر دۆلىتى شەكىللەنگەن. ئاسسىرىيە دۆلىتىنىڭ سودا ئىشلىرى تەرەققىي تاپقان، سودىگەرلەرنىڭ تەسىرى كۈچلۈك ئىدى، ئۇلار كىچىك ئاسىيانىڭ شەرقىي قىسمى قاتارلىق جايلاردا سودا پونكىتلىرىنى قۇرۇپ، ئېكسپلاتاتسىيە قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان. ئاسسىرىيە دۆلىتى بۇ پونكىتلاردا سودا بېجى يىغاتتى ھەمدە مەلۇم ئەدلىيە ھوقۇقى ۋە مەمۇرى ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى. بۇ پونكىتلار قۇللۇق تۈزۈمىدىكى

ئاسسۇرىيە دۆلىتىنىڭ مۇستەملىكىسى بولۇپ قالغان ئىدى.

مىلادىدىن ئىلگىرىكى 17-ئەسىردە ئاسسۇرىيە دۆلىتى يات مىللەتلەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغاچقا، تەسرىي كۈچى قايتىدىن ئاجىزلىشىپ كەتكەن، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 15-ئەسىرگە كەلگەندىلا، يەنە باش كۆتۈرۈپ، ئوتتۇرا ئاسسۇرىيە دەۋرى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 15-ئەسىردىن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 11-ئەسىرگىچە)گە قەدەم قويغان. بۇ ۋاقىتتا ئاسسۇرىيىدە جازانىخورلۇق ئەۋج ئالغان بولۇپ، قەرزدار قۇللۇق تۈزۈمى ئىنتايىن ئومۇمىي يۈزلۈك يولغا قويۇلغان، قەرز پۇل ئېلىش شەرتى ئېغىر بولغان، قەرز تۆلىگۈچىلەر، كۆپ ھاللاردا، پۈتۈن ئائىلىسى بويىچە قۇلغا ئايلىنىپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يېتىم بالىلارنى بېقىۋېلىشقا ئوخشاش ئۇسۇللار بىلەن ئۆز مىللىتىدىكىلەرنى قۇل قىلىشمۇ ناھايىتى كەڭ تارقالغان. ئوتتۇرا مەزگىلدىكى ئاسسۇرىيە دەۋرىدە، ئاسسۇرىيىنىڭ دۆلەت تۈزۈمى پادىشا ئىستىبدات تۈزۈمىگە ئايلانغان ھەمدە سىرتقا قاراپ كېڭىيىپ، سۈرىيىگە بېسىپ كىرىپ، مىسىر يېڭى پادىشالىقى بىلەن دەۋرداش چوڭ دۆلەت بولۇپ قالغان، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 11-ئەسىرگە كەلگەندە يات مىللەتلەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ يەنە ئاجىزلاشقان.

مىلادىدىن ئىلگىرىكى 10-ئەسىردە، ئىككى دەريا ۋادىسى تۆمۈر قورال دەۋرىگە قەدەم قويغان. ئاسسۇرىيە يەنە راۋاج تېپىپ، ئىمپېرىيە دەۋرى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 950—612) گە قەدەم قويغان. پادىشا تىگلاتپالاسار III (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 745—727) دەۋرىدە، ھەربىي قوشۇن ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنىپ، ئەسكەر ئېلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان، جەڭ ھارۋىسى قىسمى، ئاتلىق

www.uyghurkitap.com

قىسىم، ئېغىر قوراللانغان پىيادە ئەسكەرلەر قىسمى، يېنىك قوراللانغان پىيادە ئەسكەرلەر قىسمى، قۇرۇلۇش قىسمى قاتارلىق خىلمۇخىل ئەسكىرىي قىسىم خىللىرى قۇرۇلغان، ئۇلار تۆمۈر قوراللار بىلەن قوراللاندۇرۇلغان، جەڭگىۋارلىقى بىرقەدەر كۈچلۈك بولغان. ئاسسۇرىيە ئىمپېرىيەسى تەرەپ-تەرەپكە تاجاۋۇز قىلىپ ۋە كېڭەيمىچىلىك قىلىپ، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ سۈرىيىنى ۋە بابىلونىنى بېسىۋېلىپ، مىسىرنى بوي سۇندۇرۇپ، چوڭ ئىمپېرىيىگە ئايلانغان. ئۇنىڭ زېمىن دائىرىسى شەرقتە ئىران ئېگىزلىكىگىچە، غەربتە ئوتتۇرا دېڭىزغىچە ۋە مىسىرغىچە، شىمالدا جەنۇبىي كاپكازغىچە، جەنۇبتا ئىران قولتۇقىغىچە بولۇپ، تىگىر دەرياسى بويىدىكى نىنەۋىيە پايتەخت قىلىنغان.

ئاسسۇرىيە قۇلدارلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى ياۋۇزلۇقتا نام چىقارغان بولۇپ، ئۇرغۇنلىغان شەھەرلەر ۋەيران قىلىنغان، ئاھالە قىرغىن قىلىنغان، ئاياللار ۋە بالىلارمۇ ئامان قالمىغان، تاجاۋۇز قىلىنغۇچى خەلق ناھايىتى زور زىيانغا ئۇچرىغان. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 8-ئەسىرگە كەلگەندە، قىرغىنچىلىق سىياسىتى خەلقنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىغانلىقتىنلا، شۇنىڭدەك قۇلدارلارنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشىغىمۇ پايدىسىز بولغانلىقتىنلا، ئاسسۇرىيە ھۆكۈمرانلىرى ئۆزگىرىش ياساشقا مەجبۇر بولغان. بوي سۇندۇرۇلغان كۆپلىگەن خەلق ئۆلتۈرۈۋېتىلمەستىن، بەلكى بۇلاپ ئاسسۇرىيىگە ئاپىرىپ قۇل قىلىپ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغان.

**ئاسسۇرىيە ئىمپېرىيەسى دەۋرىدىكى قۇللۇق تۈزۈم ئىگىلىكى**

ئاسسۇرىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ پادىشالىرى ئېلىپ بارغان تالان-تاراج قىلىش خاراكتېرىدىكى ھەربىي ئۇرۇش سەپەر نەتىجىسىدە قۇللارنىڭ

سانى جىددى كۆپىيىپ كەتكەن. پادىشا جەمەتلىرى، تۇرە ئاقسوڭەك-لەر ۋە ئىبادەتخانىلارلا مىڭلىغان-يۈزلىگەن ئەسىر قۇللارغا ئىگە بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئادەتتىكى ئوتتۇرا ۋە كىچىك قۇلدارلارمۇ 5 تىن 20 گىچە قۇللارغا ئىگە بولۇۋالغان. قۇللار سۇغىرىش قۇرۇ-لۇشى ۋە ئۆي-ئىمارەت قۇرۇلۇشى ئەمگەكلىرى بىلەن شۇغۇللانغان-دىن تاشقىرى، دېھقانچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئەمگەكلىرى بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. يېقىنقى يىللاردا تېپىلغان بىر يادنامە شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 9-ئەسىردە ئاسسى-رىيىنىڭ بىر ئوردىسىنى سېلىش قۇرۇلۇشىدا پادىشا ئىمپېرىيىسىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن جەمى 63 مىڭدىن كۆپرەك ئەر-ئايال ئەمگەك كۈچىنى يىغىپ ئىيكىلىپ ئىشلەتكەن، بۇلارنىڭ ئىچىدە خېلى كۆپ قۇللار بولۇشى مۇمكىن.

مىلادىدىن ئىلگىرىكى 8-ئەسىرنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدىن باشلاپ، ئەسىر قۇللارنىڭ سانى بەك كۆپ بولۇپ كەتكەنلىكتىن، ئاسسىرىيە قۇلدارلىرى ھوكۇمرانلىق قىلىشقا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، دېھقانچىلىقتا قۇللارنى ئىكسپېلاتاتسىيە قىلىش ئۇسۇلىنى بىرئاز ئۆزگەرتكەن. ئۇلار ئون مىڭلىغان ئەسىر قۇللارنى ئائىلىنى بىرلىك قىلغان ھالدا ھەرقايسى جايلارغا تارقىتىپ ئارىلاش ئولتۇراقلاشتۇرغان ھەمدە ئوخشاش بولمىغان ئىرقتىكى ۋە تىلى ئوخشاش بولمىغان قۇللارنى مۇمكىن قەدەر بىر رايونغا ئارىلاش ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھوسۇلىنىڭ كۆپ قىسمىنى قۇلدارلارغا تاپشۇرۇش شەرتى بىلەن، ھەر بىر قۇل ئائىلىسىگە يەر تەقسىم قىلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ مۇستەقىل باشقۇرۇشىغا يول قويغان. قۇلنىڭ پۈتۈن ئائىلىسى، ھەتتا ئۇنىڭ ئىلكىدىكى ھەممە نەرسە يەنىلا خوجايىنىنىڭ مۈلكى بولۇپ

www.uyghurkitap.com

قالغان، قۇلدارلار قۇللارنى ساتقان ۋاقىتتىمۇ ئائىلىسىنى بۆلەك قىلغان شۇنىڭدەك، كۆپ ھاللاردا، يەرلىرى بىلەن بىللە سېتىۋەتكەن. بۇ ئاسسىرىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ مۇئەييەن شارائىتتا قۇللارغا قارىتا قوللانغان بىر خىل ئېكسپىلاتاتسىيە ئۇسۇلى.

سودا-سانائەتمۇ بۇ ۋاقىتتا ناھايىتى گۈللەنگەن، بىرمۇنچە شەھەرلەردىكى ئىبادەتخانىلار سودا-سانائەت مەركىزىگە ئايلىنىپ قالغان، مۇتىۋەللىلەر گۇرۇھى كۆپلىگەن قۇللارغا ئىگە بولۇۋېلىپ، سودا-سانائەت بىلەن شۇغۇللانغان ھەم جازانىخورلۇق قىلغان. چوڭ سودا-سانائەت شەھەرلىرى ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇۋالغان، ئۆز ئالدىغا قانۇن يۈرگۈزگەن ھەمدە مەلۇم ئالۋاڭ-ياساقلار ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان.

ئاسسىرىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ زورلۇق ھۆكۈمرانلىقى ئاجىز ۋە تۇراقسىز بولغان. بويسۇندۇرۇلغان جايلاردىكى خەلقنىڭ ۋە قۇللارنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرەشلىرى ئۈزۈلمەي بولۇپ تۇرغان، بابىلونىيە، سۈرىيە، فىنىكىيە ۋە مىسىر قاتارلىق جايلاردا قوزغىلاڭ ئۈزۈلۈكسىز بولۇپ تۇرغان. تەخمىنەن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 655-يىلى مىسىر ئالدى بىلەن مۇستەقىل بولغان. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 626-يىلى بابىلونىيەمۇ مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرگەن ھەمدە مىدىيە① بىلەن بىرلىشىپ، ئاسسىرىيىگە قارشى ئىتتىپاق تۈزگەن. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 612-يىلى بابىلون بىلەن مىدىيىنىڭ بىرلەشمە ئارمىيىسى نىنەۋىينى ئىشغال قىلغان، شۇنىڭ بىلەن ئاسسىرىيە ئىمپېرىيىسى ھالاك بولغان.

---

① مىدىيىلىكلەر ھەققىدە تۆتىنچى باپ، 1-بۆلۈمگە قارالسۇن.

**يېڭى بابىلون پادىشاھلىقى** تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1000-يىللارنىڭ باشلىرىدا، سەمىتلەرنىڭ بىر تارمىقى بولغان خالدىيلار قەبىلىسى بابىلونىيەگە قەدەممۇ-قەدەم بېسىپ كىرگەن. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 7-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، خالدىيلار بابىلون شەھىرىنى ئىشغال قىلىپ، يېڭى بابىلون پادىشاھلىقى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 626—538)نى قۇرغان. ئۇنىڭ زېمىن دائىرىسى ئىككى دەريا ۋادىسىنىڭ كۆپ قىسمىنى ۋە سۈرىيە، پەلەستىن قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

يېڭى بابىلون پادىشاھلىقى 88 يىل دەۋر سۈرگەن. ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى بابىلونىيەنىڭ بابىلون، سىپپار، نىپپۇر ۋە ئۇرۇك قاتارلىق شەھەرلىرىدە قۇللۇق تۈزۈمىدىكى تاۋار ئىگىلىكىدە ناھايىتى زور تەرەققىياتلار بولغان. ھەرقايسى مۇھىم شەھەرلەردىكى ئىبادەتخانىلار، كۆپىنچە، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، سودا ۋە جازانىخورلۇق ھەرىكەتلىرىنىڭ مەركىزى بولغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار يەنە تۈرلۈك ئىمتىيازلارغىمۇ ئىگە بولۇۋالغان، جۈملىدىن باج ۋە ئالۋاڭ قاتارلىقلاردىن خالاس قىلىنغان. مۇتىۋەللى قۇلدارلار گۇرۇھىنىڭ ئەينى زاماندا تەسىرى كۈچى ناھايىتى زور بولغان. ئۇلار، كۆپىنچە، سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ، پادىشاھنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ يېڭىسىنى تىكلەپ تۇرغان. تىجارەت دائىرىسى كەڭ بولغان باي سودىگەرلەرمۇ مەيدانغا كەلگەن، مەسىلەن، بابىلوندىكى سودىگەر ئېگىبى ۋە نىپپۇردىكى سودىگەر مۇراشۇلار ناھايىتى داڭلىق سودىگەرلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ نەچچە يۈزلىگەن قۇلى، بىر مۇنچىلىغان خالىڭ، ئۆي-ئىمارەت، ئىشخانا ۋە كۆپلىگەن يەرلىرى بولغان.

يېڭى بابىلون پادىشاھلىقى دەۋرىدە، شەھەرلەردىكى سودا-

www.uyghurkitap.com

سانائەت قۇلدارلىرى قۇللارنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىش جەھەتتىمۇ يېڭى ئۇسۇللارنى قوللانغان. بىر قىسىم قۇللار، كۆپىنچە، خوجايىنىدىن دەسمايە ئېلىپ، خوجايىنىنىڭ نامى بىلەن كىچىك دۇكان ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئۇستىخانىلىرىنى ئېچىپ مۇستەقىل تىجارەت قىلغان، لېكىن خوجايىنىغا شۇ قۇلىنىڭ ئۆز باھاسىنىڭ تەخمىنەن بەشتىن بىر قىسمىغا باراۋەر كېلىدىغان يىللىق خىراج تاپشۇرۇپ تۇرغان، بۇنىڭدىن باشقا يەنە دەسمايىنىڭ ئۆسۈمىنىمۇ تاپشۇرغان. قانۇندا، قۇلدارلار قۇللار باشقۇرۇۋاتقان مال-مۈلۈكلەرنى يەنىلا خالىغان ۋاقىتتا قايتۇرۇۋېلىشقا ھوقۇقلۇق بولغان.

يېڭى بابىلون پادىشاھلىقىنىڭ ھۆكۈمرانى نېبۇچادنېززار II (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 604 — 562) كۆپ قېتىم چەتكە قارىتا ئۇرۇش قوزغىغان، ئاساەن، سۈرىيە ۋە پەلەستىننى تالىشىپ مىسىر بىلەن ئۇرۇش قىلغان. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 586-يىلى، يېرۇسالېمنى ئىشغال قىلىپ يەھۇدىي پادىشاھلىقىنى يوقاتقان. نېبۇچادنېززار II ئۆلگەندىن كېيىن، دۆلەتنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە تۇراقسىزلىق يۈز بېرىپ، سىياسىي ئۆزگىرىش كەينى-كەينىدىن بولۇپ تۇرغان. شۇنىڭ بىلەن يېڭى بابىلون پادىشاھلىقى ناھايىتى تېزلا خاراپلىشىپ كەتكەن. بۇ ۋاقىتتا، پارسلار ئىران ئېگىزلىكىدە باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئۇزاق ئۆتمەيلا ئىككى دەريا ۋادىسىغا ئەسكەر كىرگۈزگەن. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 538-يىلى، يېڭى بابىلون پادىشاھلىقى پېرسىيە تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنغان.

# 4 - بۆلۈم فىنىكىيە قەدىمقى پەلەستىن

فىنىكىيە قەدىمقى فىنىكىيىنىڭ زېمىنى، ئاساسەن، ھازىرقى لىۋانغا توغرا كېلەتتى ھەم ئۇنىڭدىن سەل چوڭراق ئىدى، ئۇ ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىي قىرغىقىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى تار-ئۇزۇنچاق يەرگە جايلاشقان بولۇپ، شىمالدا كىچىك ئاسىيا بىلەن، جەنۇبتا پەلەستىن بىلەن تۇتىشاتتى، شەرقتە لىۋان تاغ تىزمىسى بىلەن چېگرىلىناتتى. فىنىكىيە غەربىي ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا دېڭىز بويىچە دۇنياۋى دېڭىز يولى ۋە قۇرۇقلۇق قاتنىشىنىڭ مۇھىم تۈگۈنى بولۇپ، سودا ئىشلىرى ۋە دېڭىز قاتنىشى ئۈچۈن پايدىلىق ئىدى.

مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3000 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا، فىنىكىيە-لىكلەرنىڭ شەھەر دۆلەتلىرى مەيدانغا كېلىشكە باشلىغان، بۇلاردىن ئەڭ بالدۇرقىسى بىبل بولسا كېرەك، ئەڭ مەشھۇرلىرى ئۇگارىت، سىدون ۋە تىر قاتارلىقلار. بۇلار قۇللۇق تۈزۈمدىكى شەھەر دۆلەت-لىرى ئىدى، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەت كەسكىن بولۇپ، ئۆزئارا زومىگەرلىك ھوقۇقى تالىشىش كۈرىشى دائىم بولۇپ تۇراتتى، زادى بىرلىككە كەلگەن دۆلەت بولۇپ شەكىللىنەلمىگەن.

مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1000 - يىللارنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، جەنۇبىي قىسمىدىكى تىر ئەڭ كۈچلۈك ئىدى. تىر شەھىرى ئىككى قىسمىدىن تەشكىل تاپقان، بىر قىسمى چوڭ قۇرۇقلۇق قىرغىقىدا، يەنە بىر قىسمى بولسا بىر ئارال شەھەر بولۇپ، چوڭ قۇرۇقلۇق بىلەن بولغان ئارىلىقىدا كەڭ بولمىغان دېڭىز بوغۇزى بار ئىدى.

www.uyghurkitap.com

شۇڭلاشقا، تىرنىڭ ئارال شەھىرىنى ئېلىش تەس بولغانلىقىدىن قەدىمقى دۇنيادا داڭ چىقارغان. قۇدرەتلىك ئاسسۇرىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ پادىشاھلىرى غەرپكە تاجاۋۇز قىلغاندا، پەقەت تىرلا ئامان قالغان. يېڭى بابىلون پادىشاھى نېبۇچادنېززار II تىرغا 13 يىلغىچە قورشاپ ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، ئاخىر بۇ ھۇجۇم سۈلھ تۈزۈش بىلەن نەتىجىلەنگەن. پېرسىيە ئىمپېرىيىسى باش كۆتۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، فىنىكىيە شەھەرلىرى ئۆز ئۆزىنى ئىدارە قىلىش ئىمتىيازىغا ئىگە بولغان، شۇنىڭدەك فىنىكىيىلىكلەر پېرسىيە دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ ئاساسىي كۈچى بولۇپ قالغان.

فىنىكىيىلىكلەر قەدىمقى زاماندا كۆزگە كۆرۈنگەن سودىگەر مىللەت ئىدى، ئۇلار ياغاچ ماتېرىياللىرى، ھاراق، بوياق ماتېرىياللىرىغا ئوخشاش نەرسىلەر بىلەن تىجارەت قىلاتتى، شۇنىڭدەك كۆپلەپ قۇل ئېلىپ ساتاتتى. فىنىكىيىنىڭ يېزا ئىگىلىكى (ئۈزۈم، ياغلىق زەيتۇن) ۋە قول سانائىتى (مېتالچىلىق، كېمىسازلىق، ئەينەكچىلىك ۋە توقۇمىچىلىق-بوياقچىلىق، ۋاھاكازالار) ناھايىتى تەرەققىي قىلغان، بۇ ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرىدا قۇللار كۆپلەپ ئىشلىتىلگەن. سودا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى فىنىكىيىلىكلەرنى قەدىمقى دۇنيادا دېڭىز قاتنىشى ۋە مۇستەملىكىچىلىك ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان مەشھۇر مىللەت بولۇپ قېلىش ئىمكانىيىتىگىمۇ ئىگە قىلغان، ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ ئاراللىرى ۋە قىرغاقلىرى فىنىكىيىنىڭ مۇستەملىكىلىرى بولغان. بۇلاردىن ئەڭ مەشھۇرى بولغان تىر تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 9-ئەسىردە شىمالىي ئافرىقىنىڭ دېڭىز قىرغىقىدا قۇرۇلغان كارفاگېن (ھازىرقى تۇنىس شەھىرىنىڭ يېنىدا) ئىدى.

فىنىكىيىلىكلەر مىسىرنىڭ ۋە ئىككى دەريا ۋادىسىدىكىلەر يېزىق-

نىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 13- ئەسىرنىڭ ئالدى-كەينىدە، جەمئى 22 ئۇزۇك تاۋۇش ھەرپىدىن تەركىپ تاپقان بىر يۈرۈش ئېلىپبەلىك يېزىق ئىجات قىلغان. قەدىمقى گرېكلار فىنىكىيە ھەرپلىرى ئاساسىدا، ئۇنىڭغا سوزۇق تاۋۇش ھەرپلىرىنى قوشۇپ، تېخىمۇ مۇكەممەل بولغان گرېك ھەرپلىرى سىستېمىسىنى تۈزۈپ چىققان، ۋاھالەنكى، گرېك ھەرپلىرى ھازىرقى زامان ياۋروپا ئەللىرى ھەرپلىرىنىڭمۇ بوۋىسى ئىدى. فىنىكىيە ھەرپلىرى ئارامېيان ھەرپلىرىگىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن، ئارامېيان ھەرپلىرى بولسا ھېبرىي ھەرپلىرى، ئەرەب ھەرپلىرى ۋە باشقا ھەرپلەرنىڭ بوۋىسى ئىدى. ھەرپنىڭ ئىجات قىلىنىشى ئىنسانلارنىڭ يېزىق تارىخىدا ئىنقىلاۋىي خاراكتېرلىق بىر ئۆزگىرىش. فىنىكىيە ھەرپلىرى سىستېمىسىنىڭ شەكىللىنىشى فىنىكىيىلىكلەرنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە قوشقان زور تۆھپىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**قەدىمقى پەلەستىن** پەلەستىن شىمالدا فىنىكىيە ۋە سۈرىيە بىلەن، جەنۇبتا سىناي يېرىم ئارىلى ۋە مىسىر بىلەن، غەرپتە ئوتتۇرا دېڭىز بىلەن، شەرقتە سۈرىيە-مېسوپوتامىيە يايلىقى بىلەن تۇتىشاتتى، يەر مەيدانى تەخمىنەن 26 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلەتتى. قەدىمقى پەلەستىن مەدەنىيىتىنىڭ ئىككى چوڭ مەركىزىي رايونى — مىسىر بىلەن ئىككى دەريا ۋادىسىنى باغلاپ تۇرىدىغان قاتناش تۈگۈنى، غەربىي ئاسىيا بىلەن شىمالىي ئافرىقىدىكى قۇللۇق تۈزۈمىدىكى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ توقۇنۇشۇش ۋە تالىشىشتىكى مەركىزىي نۇقتىلىرىنىڭ بىرى ئىدى.

ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلار ئىسپاتلىدىكى، پەلەستىندە كونا تاش قورال دەۋرى مەدەنىيىتى بولۇپ ئۆتكەن، يېڭى تاش قورال

دەۋردە بولسا، بۇ يەردىكى ئىپتىدائىي ئاھالە ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي چوقۇلاپ تېرىلىدىغان دېھقانچىلىققا ئەڭ بالدۇر ئۆتكەن قەبىلىلەرنىڭ بىرى ئىدى.

مىلاددىن ئىلگىرىكى 3000 ـ يىللاردا، كانائانلىقلار (سەمىتلەرنىڭ بىر تارمىقى) پەلەستىندە ئولتۇراقلىشىپ، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ، مىس قورال دەۋرىدە تۇرغان ئىدى. مىلاددىن ئىلگىرىكى 2000 ـ يىللاردا، پەلەستىن ئۇزاق مۇددەت مىسىرنىڭ ھوكۇمرانلىقى ئاستىدا تۇرغاچقا، تۇچ قورال دەۋرىگە قەدەم قويغان.

تەخمىنەن مىلاددىن ئىلگىرىكى 2000 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، بىر كوچمەن چارۋىچىلار قەبىلىسى پەلەستىنگە كىرىپ، كانائانلىقلارنى قەدەممۇ ـ قەدەم بويسۇندۇرغان ئىدى، بۇ كوچمەن چارۋىچىلار قەبىلىسى ھېبرېيلارنىڭ ئەجدادى ئىدى. ھېبرېيلار كانائانلىقلاردىن ئىلغار يېزا ئىگىلىكى ۋە مەدەنىيەتنى ئۆگىنىۋالغان. مىلاددىن ئىلگىرىكى 2000 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، ھېبرېي قەبىلىلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدا كەمبەغەللەر ۋە بايلارغا بولۇنۇش پەيدا بولغان ئىدى، ئۇلار ھەربىي دېموكراتىيە دەۋرىدە تۇراتتى، ئەينى زاماندا ئىككى چوڭ قەبىلە ئىتتىپاقى شەكىللەنگەن، شىمالدىكىسى ئىسرائىلىيە، جەنۇبتىكىسى يەھۇدى، دەپ ئاتىلاتتى.

تەخمىنەن مىلاددىن ئىلگىرىكى 13 ـ ئەسىردىن 12 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا، فىلىستىنلار (دېڭىزدىكى مىللەتنىڭ بىر تارمىقى) پەلەستىنگە① بېسىپ كىرگەن. ھېبرېيلار فىلىستىنلار بىلەن ئۇزاق

① پەلەستىن دېگەن بۇ يەر ئىسمى فىلىستىنلارنىڭ نامىدىن ئۆزگەرگەن بولۇپ، "فىلىستىنلارنىڭ دولىتى" دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.



قەدىمقى زامان يېزىقىدىكى ئۆزگىرىشلەر (1)



قەدىمقى زامان يېزىقىدىكى ئۆزگىرىشلەر (2)

مۇددەت كۈرەش ئېلىپ بارغان ھەمدە ئۇلاردىن تومۇر قوراللارنى ياساشنى ۋە ئىشلىتىشنى ئۆگىنىۋالغان. پەيدىن-پەي ئىسرائىلىيە — يەھۇدى دۆلىتى شەكىللەنگەن.

ئىسرائىلىيە بىلەن يەھۇدى قوللۇق تۈزۈمىدىكى ئىككى شەھەر دۆلىتى بولۇپ، يەھۇدى پادىشاسى داۋۇت (تەخمىنەن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 1013—973) ۋە ئۇنىڭ ئوغلى سۇلايمان (تەخمىنەن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 973—933)لار تەختتە تۇرغان دەۋرلەردە، بۇ ئىككى دۆلەت ۋاقىتىنچە بىرلىككە كەلگەن.

داۋۇت دەۋرىدە فىلىستىنلار ئىسرائىلىيە تەۋەسىدىن قوغلاپ چىقىرىلىپ، ئېرۇسالىم شەھىرى پايتەخت قىلىنغان ھەمدە ئېرۇسالىمدىكى زىئون تېغىدا ئىبادەتخانا ۋە ئوردا سېلىنغان①. بۇ قۇرۇلۇشلار سۇلايمان دەۋرىگە كەلگەندىلا پۈتكۈزۈلگەن.

مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 9 — 8 - ئەسىرلەردە، جەمئىيەتتىكى كەمبەغەللەر ۋە بايلارغا بۆلۈنۈشنىڭ كەسكىنلىشىشىگە ئەگىشىپ، شىمالدىكى ئىسرائىلىيەدە ۋە جەنۇبىتىكى يەھۇدىيەدا پەيدىن-پەي بىرمۇنچە كىشىلەر يەرلىرىدىن مەھرۇم بولغان، ھەتتا قەرزدار قۇللارغا ئايلىنىپ قالغان. بۇ ھال سىنىپىي كۈرەشنى كەسكىنلەشتۈرۈۋەتكەن، بۇنىڭ ئىپادىسى "پەيغەمبەرلەر ھەركىتى" دېيىلگەن ھەركەتتە كۆرۈلگەن. ئەينى ۋاقىتتا يەنىلا جەمئىيەتتىكى ئوتتۇرا ۋە

① زىئون تېغى شۇ سەۋەپ بىلەن يەھۇدى دىنى تەرىپىدىن مۇقەددەس تاغ دەپ قارىلىپ، بۇ ئارقىلىق دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارىلىپ كەتكەن يەھۇدىلارنى "زىئون تېغى ئەتراپىغا توپلىنىش" چاقىرىق قىلىنغان، ھازىرقى ياۋروپا ئەللىرى تىللىرىدىكى "زىئونىزىم" دېگەن سۆز يەھۇدى ئىرقچىلىقى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

تۆۋەن قاتلام خەلق بىلەن ئالاقىسى بولغان بەزى "پەيغەمبەرلەر" خۇدانىڭ نامىدىن پايدىلىنىپ، قۇلدار ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئاچكۆزلۈك بىلەن رەھىمسىز تۈردە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشتەك جىنايەتلىرىنى پاش قىلغان: "سىلەر ياخشىلىقنى ئۆچ كۆرۈپ، يامانلىققا ھېرىس بولدۇڭلار، كىشىلەرنىڭ تېرىسىنى سويۇۋالدىڭلار، كىشىلەرنىڭ ئۇستىخانلىرىدىن گۆش شىلىۋالدىڭلار، خەلقىمىزنىڭ گۆشىنى يېدىڭلار، ئۇلارنىڭ تېرىسىنى سويدۇڭلار، ئۇلارنىڭ ئۇستىخانلىرىنى سۇندۇردۇڭلار." "ئۇلار پۇلنى دەپ ئادىل ئادەملەرنى سېتىۋەتتى، بىر جۈپ كەشنى دەپ نامراتلارنى سېتىۋەتتى. ئۇلار نامراتلارنىڭ بېشىدىكى چاڭ-توزاڭنى كۆرسىمۇ ئاغزىغا سېرىق سۇ كېلىدىغان بولۇپ كەتتى."

مىلادىدىن ئىلگىرىكى 722-يىلى، شىمالدىكى ئىسرائىلىيە پادىشالىقى ئاسسۇرىيە ئىمپېرىيىسى تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنغان. جەنۇبتىكى يەھۇدى پادىشالىقى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 586-يىلى يېڭى بابىلون پادىشالىقى تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنغان، يەھۇدىلار ئەسىر سۈپىتىدە بابىلونغا ئېلىپ كېتىلگەن. بۇلار تارىختا "بابىلون تۇتقۇنلىرى" دەپ ئاتىلىدۇ. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 538-يىلى، پېرسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ بۈيۈك پادىشاسى كۇرۇس بابىلوننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، بابىلوندا تۇتقۇن بولۇپ تۇرغان يەھۇدىلارنىڭ يەھۇدى رايونىغا قايتىپ بېرىپ، ئېرۇسالىمدىكى ئىبادەتخانىنى قايتىدىن سېلىشىغا رۇخسەت قىلغان. ئېرۇسالىم يەھۇدىلارنىڭ مۇتىۋەللى قولدارلار گۇرۇھىنىڭ بىۋاستە ھوكۇمرانلىقى ئاستىدا تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن پېرسىيە ئىمپېرىيىسىگە ئىتائەت قىلغان.

مىلادىدىن ئىلگىرىكى 6-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، يەھۇدىلار

بابىلونىدىن ئېرۇسالېمغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، يەھۇدىي دىنى ئاخىر شەكىللىنىپ، باشقا خۇدالارغا چوقۇنۇشقا يول قويۇلماي، "يەھىيا"غا ئالەمدىكى بىردىن-بىر خۇدا دەپ چوقۇنىغان. يەھۇدىي دىنىنىڭ بۇنداق بىر خۇدالىق دىنىي ئەقىدىسى شۇ زاماندىكى بۈيۈك ئىمپېرىيە — پېرسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ تەڭداشسىز ھوقۇقى بولغان پادىشاسىنىڭ كىشىلەر كاللىسىدىكى بۇرمىلانغان ۋە خىيالىي ئىنكاسى ئىدى. يەھۇدىي دىنى يەھۇدىيلار خۇدا "يەھىيا"نىڭ "پەۋقۇلئاددە ياراتقان بەندىلىرى" دىگەننى تەرغىپ قىلغان، "يەھىيا" "قۇتقۇزغۇچ ئىگەم"نى ئەۋەتىپ يەھۇدىيلارنى قۇتقۇزۇۋالىدۇ، دەپ ئىشەنگەن، ۋاھاكازالار. «تەۋرات» ۋە «يەھۇدىيلارنىڭ نەسەپنامىسى بولغان ئۇلۇغ كىتاۋى» يەھۇدىي دىنىنىڭ دىنىي قەدىمىي كىتاۋى ئىدى. كېيىن رىم ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە راۋاج تاپقان خىرىستىيان دىنى يەھۇدىي دىنىنىڭ بىر خۇدالىق دىن ئەقىدىسىگە ۋە "قۇتقۇزغۇچ ئىگەم" توغرىسىدىكى چۈشەنچىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، يەھۇدىي دىنىنىڭ «تەۋرات»نى قوبۇل قىلغان، خىرىستىيان دىنى راۋاج تاپقاندىن كېيىن تۈزۈپ چىقىلغان «يېڭى ۋەسىيەت»تىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن «كونا ۋەسىيەت» دەپ ئاتالغان.

## 5- بولۇم   قەدىمقى ئىككى دەريا ۋادىسىنىڭ مەدەنىيىتى

يېزىقى   قەدىمقى ئىككى دەريا ۋادىسىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى يېزىقى سۇمېرلىقلار ئىجات قىلغان تەسۋىرىي يېزىق بولۇپ، مىلادىدىن

دىن ئىلگىرىكى 4000 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بۇنداق تەسۋىرىي يېزىق ۋۇجۇتقا كەلگەن ئىدى. ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ تەرەققى قىلىشى بىلەن بىللە، تەسۋىرىي يېزىقنىڭ مۇرەككەپ ھەم ئابستراكت ئۇقۇملارنى ئىپادىلەپ بېرىشى ناھايىتى قىيىن بولۇپ قالغان. شۇ سەۋەپتىن، تەسۋىرىي يېزىق مەنىلىك يېزىققا تەرەققى قىلغان، يەنى ئوخشاش بىر شەكىل ياكى ئوخشاش بولمىغان شەكىللەر بىرلەشتۈرۈلۈپ يېڭى ئۇقۇم ھاسىل قىلىنغان.

كېيىنچە ئاھاڭداش يېزىق مەيدانغا كەلگەن، يەنى ئوخشاش ئاھاڭلىق سوزلەرگە، كوپىنچە، بىرلا بەلگە ئىشلىتىلگەن. مەنىلىك يېزىق بىلەن ئاھاڭداش يېزىقنىڭ مەيدانغا كېلىشى بىلەن، ئوخشاش بىر شەكىل بەلگىسى بىرمۇنچە ئۇقۇملارنى بىلدۈرەلەيدىغان بولغان. شۇڭا سۇمېرلىقلار قوللانغان شەكىل بەلگىلىرى دەسلەپكى 2 مىڭدەكتىن كېيىنكى 500 نەچچىگە كېمەيگەن.

پېرسىيە ئىمپېرىيىسىدىن ئىلگىرى، قەدىمقى ئىككى دەريا ۋادىسىدىكى يېزىش قوراللىرى: لاي تاختىلار "قەغەز" قىلىنغان، ئۈچ بۇرجەك قىلىپ ئۇچلانغان قومۇش غولى، تاياقچە ياكى ئۇستىخانلار "قەلەم" قىلىنغان. كىشىلەر قۇرۇمىغان سىلىق ۋە يۇمشاق لاي تاختىلارغا قومۇش غولى بىلەن ھەر خىل شەكىللەرنى سىجاپ يازغان. قومۇشنىڭ باشتا بېسىلغان جايىدىكى ئىزى چوڭقۇرراق، چىقىرىۋېلىنغان چاغدا قېپقالغان ئىزى بولسا ئىنچىكە ۋە تارراق بولۇپ، بۇ خەتلەرنىڭ شەكلى ياغاچ مىخقا ئوخشاپ قالغانلىقتىن، مىخ يېزىق دەپ ئاتالغان.

سۇمېرلىقلار ئىجات قىلغان بۇ خىل مىخ يېزىق كېيىنكى ئاككادلىق، بابىلونلۇق، ئاسسۇرىيىلىك، خالدىي ۋە پارىس قاتارلىق

غەربىي ئاسىيانىڭ قەدىمقى خەلقى تەرىپىدىن قوللىنىلغان، لېكىن ھەرقايسىسى ئۆز تىلىنىڭ تەلىۋىگە لايىقلاشتۇرۇش ئۈچۈن سەل-پەل ئۆزگەرتكەن. بۇ خىل مىخ يېزىق مىلادىنىڭ ئالدى-كەينىگىچە بولغان ۋاقىتلارغا قەدەر ئىشلىتىلگەن، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىلغار بولغان ھەرپلىك يېزىق دەسسىگەندىن كېيىن، بۇنداق يېزىقنى بارا-بارا دەلىللەپ چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولمايدىغان بولۇپ قالغان. 19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئىران ئىگىزلىگىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى بېخىستۇندىكى تاشقا ئويۇلغان ئويما يېزىق① ئۈستىدىكى تەتقىقاتنىڭ ياردىمى بىلەنلا كىشىلەر قەدىمقى غەربىي ئاسىيانىڭ ھەر خىل تىللاردىكى مىخ يېزىقلىرىنى يەنە ئوقۇيالايدىغان بولغان.

**ئەدەبىياتى** سۈمېر دەۋرىدىلا ئەپسانە، داستان ۋە رىۋايەت ھېكايىلىرىگە ئوخشاش ئەدەبىي ئەسەرلەر مەيدانغا كەلگەن. كېيىنچە ئۇلارنىڭ تولىسى مۇتەۋەللىلەرنىڭ ئۆزگەرتىۋېلىشى ئارقىسىدا قۇلدار ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ خەلق ئاممىسىنى نادانلىقتا تۇتۇش ئېھتىياجىغا لايىقلاشتۇرۇلغان. سۈمېرلىقلارنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرىگە بابىلونلۇقلار ۋە ئاسسۇرىيىلىكلەر ۋارىسلىق قىلغان ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرغان، شۇنىڭدەك بۇ ئەسەرلەر غەربىي ئاسىيادىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەدەبىياتىغىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن. مەسىلەن، ھېبرېيلار-

① بېخىستۇن ئىراننىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، ھازىرقى خامادانغا غەربتىن تەخمىنەن 100 كىلومېتىر كېلىدۇ، پېرسىيە پادىشاسى دارىيۇس بۇ يەردىكى تاش يارغا ئۇزۇن ئويما خەتلەرنى ئويغۇزۇپ، ئۆزىنىڭ تۆھپىلىرىنى خاتىرىلەپ قويغان. ئويما يېزىق قەدىمقى پارسچە، ئېلامچە ۋە بابىلونچىدىن ئىبارەت ئوخشاش بولمىغان 3 خىل مىخ يېزىقتىن تەشكىل تاپقان، ئۇنىڭدا ئوخشاش بىر مەزمۇن خاتىرىلەنگەن.

نىڭ «تەۋرات»تىكى ئەپسانە ۋە رىۋايەتلىرى روشەن ھالدا سۇمېر ـ بابىلون ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، كېيىن بۇ ئامىللار خرىستىيان ئەدەبىياتى ئارقىلىق يېقىنقى زامان ياۋروپا ئەدەبىياتىغىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن.

سۇمېر ـ بابىلون ئەدەبىياتىدا، "دۇنياۋى توپان بالاسى" ھەققىدىكى ئەپسانە بار، ئۇنىڭدا بايان قىلىنىشىچە، نۇرغۇن خۇدالار كېڭىشىپ توپان بالاسى ئارقىلىق ئىنسانلارنى ۋە ھەممىۋا جانلىقلارنى ھالاك قىلىشنى قارار قىلىپتۇ، پەقەتلا مۇتىۋەللى پادىشا سېۋۇسۇدرا خۇداغا ئىخلاسمەنلىك بىلەن ئىبادەت قىلغاچقا، خۇدا چۈش ئارقىلىق ئۇنىڭغا بىشارەت بېرىپ قويۇپتۇ، ئۇ ئىشتىن ئاۋال چوڭ بىر كېمە ياساپتۇ، ئۇنىڭ ئائىلىسى تۈرلۈك قاناتلىق ۋە تۆت پۇتلۇق جانىۋارلارنى ئېلىپ كېمىگە چىقىۋاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ پۈتۈن دۇنيانى بېسىپ كەتكەن توپان بالاسىدىن قۇتۇلۇپ خۇدا بولۇپ قاپتۇ. بۇ ئەپسانە كېيىنكى ھېبرېيلارنىڭ «تەۋرات»ى (يەنى خرىستىيان دىنىنىڭ «كونا ۋەسىيەت»ى)دىكى توپان بالاسى ۋە نۇھ ئەلەيھىسسالام كېمىسى ھەققىدىكى ئەپسانىنىڭ ئاساس قىلىنغان نۇسخىسى. بۇ ئەپسانە قەدىمقى زاماندىكى ئىنسانلارنىڭ تەبىي ئاپەت ئالدىدا ئامالسىز بولغانلىقى بىلەن كېلىپ چىققان.

گىلگامىشنىڭ قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرى ھەققىدىكى داستان قەدىمقى ئىككى دەريا ۋادىسىدىكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئۇزاق مۇددەت ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرۈشى ئارقىسىدا پەيدىن ـ پەي شەكىللەنگەن. گەرچە ئۇنىمۇ كېيىن مۇتىۋەللىلەر ئۆزگەرتىۋالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا يەنىلا قەھرىمان گىلگامىشنىڭ ئىلاھىي ھاكىمىيەتكە قارشىلىق كۆرسىتىشتەك خەلقنىڭ ئارزۇ-

سىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئاساسىي ئىدىيىسى ساقلىنىپ قالغان. گىلگامىش شەيتانىنىڭ مۇھەببەت بىلەن ئېزىقتۇرۇشى ئۈستىدىن غالىپ كەلگەن، خەلققە زىيان-زەخمەت يەتكۈزگەن كالا جىن-شەيتاننى ئۆلتۈرگەن. ئۇ ئۆلۈم ئۈستىدىن غالىپ كېلىش ئۈچۈن، ئادەمنى قېرىلىقتىن ياشارتىپ بالىلىققا قايتۇرىدىغان مېھرىگىياھنى كۆرمىگەن جاپا-مۇشەققەت تارتىش ئارقىسىدا قولغا كەلتۈرگەن، ئەمما بۇ مېھرىگىياھنى قۇۋۇ يىلان ئوغرىلاپ يەۋالغان. گىلگامىشنىڭ ئوبرازىدا قەدىمقى ئىككى دەريا ۋادىسىدىكى ئىنسان ئەدەبىياتىدا تەسۋىرلەنگەن خەلق ئاممىسىنىڭ كۆرەشتىكى ئىگىلمەس-سۇنماسلىقى ۋە باتۇر-قورقماسلىقىدەك ئامىللار قوبۇل قىلىنغان. بۇ داستان مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1000-يىللاردىلا غەربىي ئاسىيادىكى ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا كەڭ تۈردە ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرگەن.

قەدىمقى ئىككى دەريا ۋادىسىدىكى بەزىبىر ئەدەبىي ئەسەرلەردە، ياۋۇز قۇللۇق جەمىيەتكە قارىتا گۇمانلىنىش ۋە پەيپەن قىلىش پوزىتسىيىسى تۇتتۇلغاچقا، ئۇنىڭدا مەلۇم دېموكراتىك ئىلغار ئامىللار بار ئىدى. مەسىلەن، «ئازاپ-ئوقۇبەت چەككۈچى دۇرۇس ئادەمگە مەدھىيە ئوقۇلغان نەزمە»دە مۇنداق بايان قىلىنغان: بىر سەمىمى دۇرۇس ئادەم خۇدا راۋا كورگەن بىرمۇنچە ئىشلار (بۇ "پادىشا ئالىلىرىغا خۇداغا تېۋىنغاندەك تېۋىنىمەن" دېگەنگە ئوخشاشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)نى قىلغاندىن كېيىنمۇ يەنىلا كۆلپەتلىك تەقدىردىن قېچىپ قۇتۇلالمىغان، ئۇ: "نىمىشقا ھەممىلا يەر ئېپلاس نەرسىلەر بىلەن تولۇپ كېتىدۇ؟" "مېنىڭ ئازاپ-ئوقۇبەتلىرىم كوپەيدىكى، تۈگىمىدى، زادى ئېرىشەلىمىدىم ئادالەتكە!" دەپ نالە قىلغان. شۇ سەۋەپتىن، ئۇ مۇنداق خۇلاسىگە كەلگەن: "ئادەم

نەزىرىدىكى ياخشى ئىشنى خۇدا يامانلىق دەپ قارايدىكەن، ئادەم يامان ئىش دەپ ھېساپلىغان ئىش خۇدا ئۈچۈن ئېيتقاندا ياخشىلىق بولىدىكەن. ئاسماندىكى خۇدالارنىڭ نىيىتىنى كىممۇ چۈشىنەلەيسۇن؟" مەسىلەن يەنە: «خوجايىن بىلەن قۇلنىڭ دىئالوگى» خوجايىن بىلەن قۇلنىڭ 12 مەسىلە ئۈستىدىكى سوئال-جاۋابىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، قۇل بىلەن قۇلدار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ ئانتاگونىستىك خاراكتېرىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. 12-مەسىلىدە قۇلدار قۇلىغا تەھدىت سېلىپ: "مەن سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، سەن مەندىن ئاۋال ئۆلىسەن" دېگەن. قۇل قەتئىيلىك بىلەن: "مەن ئۆلگەندىن كېيىن، سەن قۇلدارمۇ 3 كۈن ئۆمۈر كۆرىمەن دەپ خىيال قىلما" دەپ جاۋاپ قايتۇرغان. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇ ئەسەردە قۇللۇق جەمئىيىتىدىكى ئۆتكۈر-كەسكىن سىنىپىي كۈرەش ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىلگەن.

**ئىلىم-پەنى** قەدىمقى ئىككى دەريا ۋادىسىنىڭ ئىلىم-پەنىدە ئاسترونومىيە ۋە ماتېماتىكا جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەت بىرقەدەر زور بولغان. دېخانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئېھتىياجى ئاسترونومىيىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنى بەلگىلىگەن، چۈنكى كىشىلەر تۈرلۈك دېخانچىلىق ئىشلىرىنىڭ مەۋسۇمىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن بىرقەدەر توغرا يىلنامىگە مۇھتاج بولغان، ھالبۇكى بۇ ئاسمان ھادىسىلىرىنى كۆزىتىش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ئەينى زاماندا 5 چوڭ سەييارە بىلەن تۇرغۇن يۇلتۇزلار پەرق ئېتىلگەن، بىراق خاتا ھالدا كۈن بىلەن ئايمۇ سەييارە دەپ قارالغان؛ قىياسىي تەكشىلىك① بەلگىلەنگەن ھەمدە قىياسىي تەك-

① يەر شارى قۇياشنى ئايلىنىپ تۇرغانلىقتىن، كىشىلەردە كۈن ئاسمان

شىمالىكتىكى شىر يۇلتۇزلار تۈركۈمى، ئارازا يۇلتۇزلار تۈركۈمى، چوڭ قىسقۇچ پاقا يۇلتۇزلار تۈركۈمىگە ئوخشاش 12 يۇلتۇز تۈركۈمىنىڭ يۇلتۇز ھالىتى رەسىمى سىزىپ چىقىلغان، بۇ ناملار ياۋروپا ئاسترونومىيىسىدە تا ھازىرغىچە ئىشلىتىلىپ كېلىنمەكتە؛ كۈن تۇتۇلۇشنى ئالدىن مۆلچەرلەش ئىمكانىيىتى تۇغۇلغان؛ كەبىسە ئاينىڭ داۋام قىلىش ۋاقتى 29 كۈن 12 سائەت 44 مىنۇت $3\frac{1}{3}$ سېكۇنت دەپ ئۆلچەپ بېكىتىلگەن بولۇپ، ھازىرقى زامان ئاسترونومىيىسىدە ئۆلچەپ بېكىتىلگەن سانلىق ئاساس (29 كۈن 12 سائەت 44 مىنۇت 3 سېكۇنت) بىلەن ئاران $\frac{1}{3}$ سېكۇنتلا پەرقلىنىدۇ. ئەينى زاماندا، ئاسترونومىيە بىلىملىرى يىلنامە تۈزۈش ۋە ۋاقىت ھېسابلاش جەھەتلىرىدە قوللىنىلغان. ئۇلار ئاينىڭ تولۇش-كېمىيىشىگە ئاساسلىنىپ قۇياش كالېندارى ۋە ئاي كالېندارىنى تۈزۈپ چىققان، بىر ئاينى 4 ھەپتىگە بولۇپ، ھەر ھەپتىنى 7 كۈن قىلغان، بۇنىڭدا 7 يۇلتۇز (كۈن ۋە ئاينى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بىلەن باراۋەر قىلىنىپ، ھەر بىر يۇلتۇز خۇداسى بىر كۈننى ئىدارە قىلغان، كۈن خۇداسى ھەپتە كۈنىنى ئىدارە قىلغان، قالغان كۈنلەرنى ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئاي خۇداسى، مارس خۇداسى، مېركۇرى خۇداسى، يۇپىتېر خۇداسى، ۋېنېرا خۇداسى ۋە ساتورىن خۇداسى ئىدارە قىلغان، "ھەپتە" دېگەن سۆز يۇلتۇز قەرەلىنى بىلدۈرىدۇ. بىز ھازىرمۇ قوللىنىپ كېلىۋاتقان 7 كۈننىڭ بىر ھەپتە بولۇش تۈزۈمى ئەنە

---

بوشلۇقىدا ئايلىنىپ تۇرىدۇ دېگەن خاتا تونۇش پەيدا بولغان؛ ئاسترونومىيىدە كۈننىڭ ئاسمان بوشلۇقىدا كۆرۈنگەن ھەركەتلىنىش يولى "قىياسىي تەكشىلىك" دەپ ئاتالغان.

شۇنداق كېلىپ چىققان.

يەر ئۆلچەش ۋە ئاسترونومىيە يىلنامىسى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئېھتىياج قەدىمقى ئىككى دەريا ۋادىسى ماتېماتىكىسىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ۋە تەرەققىي قىلىشىغا سەۋەب بولغان. ئەينى زاماندا، ئۇلار 4 ئەمەلنىڭ ھېساب مەسىلىلىرى، ئاددىي كەسىر، ئىككى نامەلۇملۇق تەڭلىمە ۋە بەزىبىر ئۈچ نامەلۇملۇق تەڭلىمىلەرنى يېشىشنى ئىگىلىۋالغان، شاڭگاۋ قائىدىسىدىن پايدىلىنىشنى بىلىۋالغان. چەمبەرنىڭ ئايلانمىسى بىلەن دىامېتىرىنىڭ نىسبىتى 3 دەپ ئۆلچەپ بېكىتكەن. قىلىپسىز كوپ تەرەپلىكنىڭ يۈزى ۋە چوققا بولۇكىنى كېسىپ ئۈتكەن كونۇسنىڭ ھەجمىنى ھېسابلاپ چىقارغان، ۋاھاكازالار. ئۇلار 10 لۇق سىستېما① ۋە 60 لىق سىستېما بويىچە ھېسابلاش ئۇسۇللىرىنى قوللانغان ھەمدە بۇ ئىككى خىل ئۇسۇلنى بىرلەشتۈرگەن. 60 لىق سىستېما بويىچە ھېسابلاش ئۇسۇلى بىزنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا تا بۈگۈنكى كۈنگىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە، مەسىلەن، چەمبەر ئايلانمىسى 360 گرادۇسقا بولۇنىدۇ، بىر سائەت 60 مىنۇتقا، بىر مىنۇت 60 سېكۇنتقا بولۇنىدۇ.

**بىناكارلىقى ۋە تەسۋىرىي سەنئىتى** قەدىمقى ئىككى دەريا ۋادىسىنىڭ جەنۇبىي رايونىدا، تاش ۋە ياغاچ ماتېرىياللىرى كەمچىل بولغاچقا، ئۆي-ئىمارەتلەر ئاساسەن لاي ۋە خىشتىن سېلىنغان. بىرقانچە مىڭ يىللاردىن بۇيان ئۇرۇش ئاپىتى ۋە تەبىئىي ئاپەتلەر سەۋەبىدىن، ئىككى دەريا ۋادىسىدا ئىمارەتلارغا ئوخشاش قەدىمقى

① سان 10 غا توشقاندا بىرنى كۆتۈرۈلىدە قالدۇرۇپ سول تەرەپكە ئۈتكۈزۈش ئۇسۇلى. — تەرجىماندىن.

قۇرۇلۇشلارنى تېپىش ناھايىتى تەسكە توختايدۇ. يېقىنقى زامان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلار نەتىجىسىدە، خارابە ئىزلىرىغا ئاساسەن بابىلون شەھىرىنىڭ يېڭى بابىلون دەۋرىدىكى كۆلىمىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ: ئۇنىڭ سىرتقى رەڭلىك سېپىلىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 13.2 كىلومېتىر كېلىدۇ، ھەر 44 مېتىردا بىردىن مۇداپىئەلىنىش راۋىقى بار، بۇنىڭدىن پۈتۈن شەھەر بويىچە جەمئىي 300 نەچچىسى بار. شەھەرنىڭ شىمالىي قوۋۇقى — ئىشتار قوۋۇقى يېڭى بابىلون دەۋرىدىكى ئەمگەكچى خەلقنىڭ مەشھۇر بەدىئىي ئەسىرى ھېسابلىنىدۇ. قوۋۇق ئىككى قاناتلىق بولۇپ؛ ئېگىزلىكى 12 مېتىر كېلىدۇ، ئىككى تەرىپىدە راۋاق بولۇپ، قوۋۇق تېمى ۋە راۋاق تېمىدا كۆكۈش سىرلىق خىشتىن ئويۇپ ئورنىتىلغان ئەركەك شىر، ياۋا كالا ۋە يىلان باشلىق ئەجدىھا قاتارلىق ئاجايىپ-غارايىپ ھايۋانلارنىڭ قاپارتما نەقىشلىرىدىن جەمئىي 56 سى بار، پۈتۈن شەھەر سېپىلىدا بۇنداق قاپارتما نەقىشلەردىن جەمئىي 575 ى بار، بۇ قاپارتما نەقىشلەرمۇ قەدىمقى ئىككى دەريا ۋادىسىنىڭ مۇھىم بەدىئىي ئەسىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شەھەردىكى مەشھۇر قۇرۇلۇش پادىشا ئوردىسىدىكى "مۇئەللەق باغچا"، ئۇ تاش، خىش، قوغۇشۇن تاختا ۋە سېغىز تۇپىدىن قوپۇرۇلغان ۋە ئېگىزلىكى 25 مېتىر كېلىدىغان چوڭ سۇپا، ئۇنىڭ ئۈستىگە رەڭگا-رەڭ گۈل-گىيا، دەل-دەرەخلەر تىكىلگەن. كىشىلەر يىراقتىن پەقەت ئۇنىڭ ئۈستىدىكى دەل-دەرەخ، گۈل-گىيالارنىلا كۆرەلەيدۇكى، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يەر يۈزىنى كۆرەلمەيدۇ، شۇڭا ئۇ "مۇئەللەق باغچا" دەپ ئاتالغان.

قەدىمقى ئىككى دەريا ۋادىسىنىڭ شىمالىي قىسمى — ئاسسىرىيىدە بولسا كۆلىمى غايەت زور قۇرۇلۇش بولغان، مەسىلەن، مىلادىيىدىن

ئىلگىرىكى 8-ئەسىردىكى ئاسسۇرىيە پادىشا ئوردىسى (ھازىرقى كىرسابادتا) تەخمىنەن 1 مىليون 300 مىڭ كۇپ مېتىرلىق سۇپا ئۈستىگە سېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا جەمى 210 زال ۋە 30 ھويلا بار، ئۇ بىرمۇنچە غەلىتە ھايۋانلارنىڭ يوغان تاشتىن ئويۇلغان ھەيكەللىرى بىلەن بېزەلگەن.

# تۆتىنچى باب

# قەدىمقى ئىران، ھىندىستان ۋە كۇشان ئىمپېرىيىسى

ھىندىستان بىلەن ئىران ئۇزاق مەدەنىيەتكە ئىگە قەدىمقى دۆلەتلەر، بۇلاردا قۇللۇق تۈزۈم خېلى بۇرۇنلا مەيدانغا كېلىپ دۆلەت بولۇپ شەكىللەنگەن. ئۇلارنىڭ ئاھالىسىنىڭ تىلى ئاساسەن ھىندى-ياۋروپا تىل سىستېمىسىغا كىرىدۇ.

ھىندىستان قۇللۇق جەمئىيەت دەۋرىدە، ئۇزاق مۇددەت بىرمۇنچە كىچىك دۆلەتلەرگە بۆلۈنۈپ كەتكەن، پەقەت شىمالىي ھىندىستاندىلا قىسقا مۇددەت بىرلىك بارلىققا كەلگەن. ھەرقايسى رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىمۇ تەكشى بولمىغان. ھىندىستان قۇللۇق تۈزۈم جەمئىيىتى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىدى، مەسىلەن، ئائىلە باشلىقلىق قۇللۇق تۈزۈم ئامىللىرى بىرقەدەر كۆپ بولغان، نەسەپ تۈزۈمى مۇستەھكەم مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان، دىنىي كۈچلەر كۈچلۈك بولۇپ، سىنىپىي كۈرەش، كۆپ ھاللاردا، دىنىي نىقاپ ئاستىدا ئېلىپ بېرىلغان. بۇ يەردە باش كۆتۈرۈپ چىققان بۇددا دىنى كېيىنچە ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقىلىپ، دۇنيادىكى 3 چوڭ دىننىڭ بىرى بولۇپ قالغان.

ئىران پېرسىيە ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە غەربىي ئاسىيادىكى چوڭ

دۆلەت ئىدى. ئۇ باشلانغۇچ جەمئىيەتنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى كىچىك قەبىلىدىن ناھايىتى تېزلا تەرەققى قىلىپ ھوقۇق مەركەزگە مەركەزلەشتۈرۈلگەن قۇللۇق تۈزۈمىدىكى ئىمپېرىيىگە ئايلانغان، شەرق ئەللىرى بىلەن غەرپ ئەللىرى ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتا بەلگىلىك رول ئوينىغان.

ھىندىستان، ئىران خەلقى بىلەن مەملىكىتىمىز خەلقى قەدىمدىنلا دوستانە باردى-كەلدى قىلىشىپ كەلگەن. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2-ئەسىرنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە جاڭ چيەن باكترىيىگە بارغىنىدا، ھىندىستاندىن سېتىۋېلىپ كېلىنگەن سىچۇەن رەختلىرى ۋە سىچۇەننىڭ بامبۇك ھاسىسىنى كۆرگەن، بۇ ھال جۇڭگونىڭ خېلى بۇرۇنلا ھىندىستان بىلەن مۇناسىۋەت باغلىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ھىندىستاننىڭ بۇددا دىنى ۋە مەدەنىيىتى مەملىكىتىمىزگە كۆپ تەسىر كۆرسەتكەن. قەدىمقى زاماندىكى مەشھۇر خەلقئارا يول — "يىپەك يولى" ئىران ئېگىزلىكى تەۋەسىدىن ئۆتەتتى. كۇشان ئىمپېرىيىسىنى قۇرغۇچى ئۇلۇغ ياۋچىلار مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمال رايونىدا ھەرىكەتلىنىپ يۈرگەن كۆچمەن چارۋىچى مىللەت ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ باپتا قەدىمقى دۆلەتلەرنىڭ تارىخىنى ئۆگىنىش بىز ئۈچۈن تېخىمۇ ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 1 - بۆلۈم پېرسىيە ئىمپېرىيىسى

**پېرسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە كېڭەيمىچىلىكى** ئىران ئېگىزلىكى شىمالدا كاسپىي دېڭىزى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تۈزلەڭلىكىگە

تۇتىشىدۇ، شەرقىي شىمالدا بولسا ھىندىقۇش تاغ تىزمىسىدىن باشلىنىپ، غەربىي شىمالدا كاپكاز تاغ تىزمىسى بىلەن تۇتىشىدۇ؛ غەربىدە زاگروس تاغ تىزمىسى بار، جەنۇپتا ئىران قولتۇقى ۋە ئەرەب دېڭىزى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئۇنىڭ توت ئەتراپى يا ئېگىز تاغ بىلەن توسۇلۇپ تۇرىدۇ، يا دېڭىز بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ، ئۇ — بىر قەدەر ئېتىك ئىچكى قۇرۇقلۇق ئېگىزلىكى.

ئىران ئېگىزلىكىدىكى ئەڭ قەدىمقى ئاھالە ئېلام قەبىلىسى ئىدى. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 4000 ـ يىللاردا، ئۇلار زاگروس تاغ تىزمىسىنىڭ غەربىي جەنۇپ قىسمىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2000 ـ يىللارنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە قۇللۇق تۈزۈمدىكى كۆچلۈك دولەت بولۇپ شەكىللەنگەن، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 7 ـ ئەسىردە ئاسسىرىيە تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ، پەيدىن ـ پەي زاۋالغا يۈز تۇتقان.

مىلادىدىن ئىلگىرىكى 7 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، ئىران ئېگىزلىكىنىڭ غەربىي قىسمىدا مىدىيىلىكلەرنىڭ قۇللۇق تۈزۈمدىكى دولىتى شەكىللەنگەن، ئۇ يېڭى بابىلون پادىشالىقى بىلەن ھەربىي ئىتتىپاق تۈزۈپ، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 612 — 605 ـ يىللىرى ئاسسىرىيە ئىمپېرىيىسىنى يوقاتقان ھەم بولۇشۇۋالغان. لېكىن مىدىيە دولىتىنىڭ دەۋر سۈرگەن ۋاقتى قىسقا بولۇپ، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 550 ـ يىلى پېرسىيە تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنغان.

مىلادىدىن ئىلگىرىكى 7 ـ ئەسىردە مىدىيە قۇدرەت تاپقان چاغدا، پارسلارنىڭ قەبىلىلەر ئىتتىپاقى مىدىيىنىڭ ھوكۇمرانلىقىدا بولغان ئىدى. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 553 ـ يىلى، ئاخېمېنىد ئۇرۇقىدىن كېلىپ چىققان كۇرۇش (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 558 — 529) پارسلار-

ئىنىڭ قوزغىلىپ مىدىيىنىڭ ھوكۇمرانلىقىغا قارشىلىق كۆرسىتىشىگە باشلامچىلىق قىلىپ، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 550-يىلى مىدىيە پادىشاھلىقىنى يوقاتقان. شۇنىڭدىن كېيىن، كۇرۇس لەشكەر تارتىپ كىچىك ئاسىيانى بوي سۇندۇرغان، يەنە مىلادىدىن ئىلگىرىكى 538-يىلى بابىلون شەھىرىنى ئىشغال قىلىپ، يېڭى بابىلون پادىشاھلىقىنى يوقاتقان. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 529-يىلى، كۇرۇس ئوتتۇرا ئاسىياغا قارىتا ئېلىپ بارغان كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشىدا ئۆلگەن، بۇ ۋاقىتتا پېرسىيە ئىمپېرىيىسى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەنگەن. كۇرۇس ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى كامبىسېس II (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 529—522) مىلادىدىن ئىلگىرىكى 525-يىلى مىسىرنى بوي سۇندۇرغان.

مىلادىدىن ئىلگىرىكى 522-يىلى، مۇتىۋەللى گاۋماتا لەشكەر چىقىرىپ پېرسىيىگە قارشىلىق كۆرسىتىپ، ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغان ھەمدە باج-سېلىقنى 3-يىل بىكار قىلىش ۋە ھەربىي خىزمەت ئۆتەتمەسلىكنى چاقىرىق قىلغان، پېرسىيە ئىمپېرىيىسى زېمىنىدىكى بوي سۇندۇرۇلغان مىللەتلەر بىر مەھەل كەينى-كەينىدىن مۇستەقىل بولغان. گاۋماتا لەشكەر چىقارغاندىن كېيىن، كامبىسېس مىسىردىن مەملىكىتىگە قايتىش يولىدا ئۆلگەن. ئاخېمېنىد ئۇرۇقىدىن كېلىپ چىققان دارىيۇس I (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 521—485) پېرسىيە ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، گاۋماتانى ئۆلتۈرۈپ، ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغان. دارىيۇس I تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، پېرسىيە ئىمپېرىيىسى تەۋەسىدىكى بوي سۇندۇرۇلغان مىللەتلەرنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرەشلىرىنى دەھشەتلىك تۈردە باستۇرغان، ئىمپېرىيىنىڭ زېمىنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپلا قالماستىن، يەنە كېڭەيت-

كەن: شەرقتە ھىندى دەرياسىدىن باشلىنىپ، غەرپتە كىچىك ئاسىيانىڭ دېڭىز قىرغىقىغىچە يېتىپ بارغان ھەمدە ياۋروپادىكى فراكىيىسىنىڭ بىر قىسىم رايونىنى بىر مەھەل ئىشغال قىلىپ تۇرغان، جەنۇپتا مىسىر قوشۇلۇپ پۈتكۈل ئوتتۇرا-يېقىن شەرق رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، زېمىنى مىسلىسىز كەڭ بولغان قۇللۇق تۈزۈمدىكى بۈيۈك ئىمپېرىيە بولۇپ شەكىللەنگەن. دارىۋس I دەۋرىدىن ئېتىۋارەن، ئىمپېرىيىسىنىڭ سۇسا، ئېكباتانا، بابىلون، پېرسېپولىسلاردىن ئىبارەت 4 پايتەختى بولۇپ، پېرسىيە پادىشاسى ۋە ئۇنىڭ خاندانلىقى ھەر بىر پايتەختتە يىلنىڭ تۆت پەسلىدە نۆۋەت بىلەن تۇرغان.

دارىۋس I ئۆز ھوكۇمرانلىقىنىڭ كېيىنكى دەۋرىدە، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 492-يىلى ۋە 490-يىلى، غەرپكە ئىككى قېتىم لەشكەر ئەۋەتىپ يۇنانغا تاجاۋۇز قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن، يۇنان بىلەن پېرسىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش كۆپ يىللار داۋاملىشىپ، پېرسىيەنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاياقلاشقان، بۇ تارىختا "يۇنان-پېرسىيە ئۇرۇشى" دەپ ئاتىلىدۇ.

**دارىۋس I نىڭ ئىسلاھاتى** پېرسىيىنىڭ قەبىلىلەر ئىتتىپاقى تۈزۈمىدىن كەڭ رايونغا ھوكۇمرانلىق قىلىدىغان قۇللۇق تۈزۈمدىكى بۈيۈك ئىمپېرىيىگە تەرەققىي قىلىشى قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە ئورۇنلانغان. دارىۋس I غەربىي ئاسىيا رايونىنىڭ ئىككى مىڭ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيانقى قۇلدارلار دىكتاتۇرىسى تەجرىبىلىرىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، ھوقۇق مەركەزگە مەركەزلەشكەن مۇكەممەل دۆلەت تۈزۈمىنى تىكلىگەن.

پېرسىيە پادىشاسى تىپىك ئىستىبدات پادىشا بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەربىي، سىياسىي، مالىيە ۋە ئەدلىيە زور ھوقۇقلىرىنى

ئۆز قولىغا تۈپلىۋالغان. پادىشانىڭ قول ئاستىدا، مەركەزنىڭ ئالىي مەمۇرى ئورگىنىغا رەھبەرلىك قىلىدىغان، 7 ۋەزىردىن تەشكىل تاپقان كېڭەشمە بولغان. مەركەزنىڭ تۈرلۈك ئورگىنى ناھايىتى چوڭ بولغان، پادىشا ئىشخانىسىدا ئىمپېرىيە تەۋەسىدىكى تۈرلۈك تىللارنى پىششىق بىلىدىغان بىرمۇنچە كاتىپلار بولغان ھەمدە خەت-ئالاقە ئارخىپ ئامبىرى تەسىس قىلىنغان.

پۈتكۈل ئىمپېرىيە 23 ۋىلايەتكە ئايرىلغان. مەسىلەن، پېرسىيە، ئېلام، بابىلون، ئاسسۇرىيە، ئەرەبىستان، مىسىر ۋە باشقىلار. ھەر بىر ۋىلايەتتە ۋالىي تۇرغۇزۇلغان، ۋالىي مەمۇرى چوڭ ھوقۇقنى ۋە باج-سېلىق يىغىشقا نازارەت قىلىش چوڭ ھوقۇقنى تۇتقان. ۋىلايەتلەر ھەر يىلى دۆلەت غەزىنىسىگە بەلگىلىك سانىدا كۈمۈش تاپشۇرۇپ تۇرغان (ھىندىستان بولسا ئالتۇن تاپشۇرغان)، پۈتۈن ئىمپېرىيىنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەتلىرى ھەر يىلى سېلىق ئۈچۈن تاپشۇرغان كۈمۈشنىڭ ئومۇمى سانى 14 مىڭ 560 تالانت① (400 نەچچە تونna) بولغان، ھوكۇمران مىللەت تۇرۇشلۇق پېرسىيە ۋىلايىتىلا كەچۈرۈم قىلىنغان. ۋىلايەتلەرگە، كوپىنچە، پېرسىيە ئاقسۆڭەكلىرى ۋالىي بولغان، مەركەز ۋالىيلار ئۈستىدىن نازارەت قىلىش ئۈچۈن، "پادىشانىڭ كوز-قۇلىقى" دېگەن نامدىكى پايلاقچى ئەمەلدارلارنىمۇ پات-پات ئەۋەتىپ تۇرغان.

دارىيۇس I جايلارنىڭ ھەربىي، مەمۇرى ھوقۇقلىرىنى بولۇپ ھوكۇمرانلىق قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانغان، ھەر بىر ۋىلايەتكە ۋالىي قارىمىقىدا بولمىغان ھەربىي باشلىقلارنى تەيىنلىگەن، ئۇلار ۋىلايەت-

① تالانت تەخمىنەن 30 كىلوگىرامغا باراۋەر.

لەرنىڭ چوڭ شەھەرلىرىنى قوغدايدىغان ھەربىي قوشۇنغا قوماندانلىق قىلغان. پۈتۈن ئىمپېرىيە 5 ھەربىي رايونغا بۆلۈنگەن، ھەر بىر ھەربىي رايون باش ۋالىسى بىرقانچە ۋىلايەتنىڭ ھەربىي باشلىقلىرىنى باشقۇرغان. پېرسىيىنىڭ ئۆز قارىمىقىدىكى ھەربىي قوشۇنى ئىمپېرىيە ھەربىي قوشۇنىنىڭ يادروسى ھېساپلىنىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ۋىلايەتلەردە تۇرۇشلۇق ھەربىي قوشۇنلارنىڭ ئەمەلدارلىقىنى، كۆپىنچە، پارىسلار ئۈستىگە ئالغان. تېزلىكتە ھەربىي قوشۇن يۆتكەش ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئەمىر-پەرمانلىرىنى يەتكۈزۈپ تۇرۇش ئۈچۈن، ئىمپېرىيە تەۋەسىدە مۇكەممەل كارۋان يولى تورلىرى بەرپا قىلىنغان، ئۇنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 2400 كىلومېتىر كېلىدىغان غول لىنىيىسى غەرپتە كىچىك ئاسىيانىڭ دېڭىز قىرغىقىدىكى ئېفېستىن باشلىنىپ، شەرقتە پايتەختلەرنىڭ بىرى بولغان سۇساغىچە يېتىپ بارغان. جايلاردىكى ۋالىلارنىڭ كارۋان يولىدا ئۆتۈشۈپ تۇرغان سودا كارۋانلىرىنىڭ بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىشى شەرت ئىدى، بۇ ھال ئىمپېرىيە تەۋەسىدىكى جايلار ئوتتۇرىسىدىكى سودا ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئوبېكتىپ جەھەتتە ئىلگىرى سۈرگەن ئىدى.

دارىئۇس I ئىمپېرىيە تەۋەسىدە بىر تۇتاش پۇل قۇيۇش تۈزۈمىنىمۇ يولغا قويغان: پەقەت پادىشالا ئىمپېرىيە تەۋەسىدە ئۆتىدىغان "دارىك" ناملىق تىللانى① قۇيدۇرۇشقا ھوقۇقلۇق ئىدى، ۋىلايەتلەرنىڭ ۋالىسى كۈمۈش تەڭگە قۇيدۇرۇشقا ھوقۇقلۇق ئىدى، ئۆز ئۆزىنى ئىدارە قىلىدىغان شەھەرلەر بارماق قۇيدۇرۇشقىلا ھوقۇقلۇق

① ئېغىرلىقى تەخمىنەن 8.4 گىرام كېلىدۇ.

ئىدى. پۇل قويۇش تۈزۈمىنىڭ مەيدانغا كېلىشى، ئەينى زاماندا، زور بىر ئىلگىرىلەش ئىدى؛ شۇنداقلا غەربىي ئاسىيا بىلەن شىمالىي ئافرىقا رايونىدىكى تاۋار-پۇل مۇناسىۋىتى تەرەققىياتىنىڭ ئىنكاسى ئىدى.

دارىيۇس I يۈرگۈزگەن ئىسلاھات ھوقۇق مەركەزگە مەركەزلەشكەن قۇللۇق تۈزۈمىدىكى ئىمپېرىيىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملىگەن، ئىمپېرىيە تەۋەسىدىكى سودا-سانائەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا پايدىلىق بولغان، غەربىي ئاسىيا بىلەن شىمالىي ئافرىقا رايونلىرىنىڭ ئىقتىسات ۋە مەدىنىيەت ئالماشتۇرۇشىنى ئىلگىرى سۈرگەن ئىجابىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىسلاھات ئىدى.

**پېرسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكى** پېرسىيە ئىمپېرىيىسى ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايون كەڭ بولغاچقا، جايلارنىڭ ئىگىلىك تەرەققىياتى ناھايىتى تەكشىسىز ئىدى. پېرسىيىنىڭ ئۆزىدە ئىمپېرىيە قۇرۇلۇشىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىلا باشلانغۇچ جەمئىيەتنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىن قۇللۇق جەمئىيەتكە بۆرۈلۈش ئورۇنلانغان بولسىمۇ، لېكىن چەتئەللىكلەرگە تاجاۋۇز قىلىش ئۇرۇشىنىڭ غەلىبە قازىنىشىغا ئەگىشىپ، ئەسىر قۇللارنىڭ سانى جىددىي يوسۇندا كۆپەيگەن، بۇ ھال بۇ يەردىكى قۇللۇق تۈزۈم ئىگىلىكىنىڭ ئىلگىرىكىدىنمۇ تەرەققىي قىلىشىغا تەسىر كۆرسەتكەن. ئىرانىنىڭ شەرقىي قىسمىدا، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە باشقا چەت جايلاردا، يەنىلا باشلانغۇچ جامائە تۈزۈمى ساقلىنىپ قالغان. قۇللۇق تۈزۈم مۇناسىۋىتىدە كېچىكىپ تەرەققىيات بولغان. بەزى جايلاردا تېخى ئىپتىدائىي كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەرمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. بابىلونىيە، مىسىر ۋە ئوتتۇرا دېڭىز قىرغىقىدىكى ۋىلايەتلەر ئىمپېرىيە تەۋەسىدە تاۋار-

پۇل مۇناسىۋىتى بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان جايلار ئىدى.

بابىلون ۋە مىسىردا، پېرسىيە پادىشاسى ۋە تورە ئاقسۆڭەكلەر ئىلكىدىكى چوڭ قورۇقلار مەيدانغا كەلگەن. بابىلوننىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىدىكى ئىبادەتخانىلارمۇ كۆپلىگەن يەرلەرنى ئىگىلىۋالغان. مەسىلەن، ئۇرۇك شەھىرىدىكى بىر ئىلاھە ئىبادەتخانىسى ئىلكىدىكى مەلۇم بىر ئېكىنزارلىق بىر قېتىمدا 50 مىڭ بۇشېل (بىر بۇشېل 35.2 لىتىرغا باراۋەر) بۇغداي كىرىم قىلغان، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ يېرىنىڭ قانچىلىك چوڭ ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇ. بۇ يەرلەرنىڭ تولىسىنى قۇللار تېرىيدۇ، بەزىدە يەرلەر ئۇششاق پارچىلارغا بولۇنۇپ قۇللارنىڭ تارقاق باشقۇرۇشىغا بېرىلىدۇ، چىققان ھوسۇلنىڭ كۆپ قىسمى ئېلىۋېلىنىدۇ. پارچە يەرلەرنى تېرىغان ۋە دولەتنىڭ باج-سېلىق ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە ئۇچرىغان دېھقانلارمۇ ناھايىتى كۆپ، پېرسىيىنىڭ ئۆزىدە، ئوتتۇرا ئاسىيا قاتارلىق جايلاردا بولۇپمۇ ئاشۇنداق.

بابىلوننىڭ سودا-سانائىتى يەنىلا ناھايىتى گۈللەنگەن، كارۋان يوللىرى تەرەپ-تەرەپلەرگە تۇتاشقانلىقتىن، ئىمپېرىيىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى سودىگەرلەر، مەسىلەن، فىنىكىيە ۋە كىچىك ئاسىيا سودىگەرلىرى بۇ يەرگە كېلىپ سودا قىلىدۇ. سودا جازانىخورلۇق گۇرۇھى، مەسىلەن، بۇرۇنقى سودىگەر ئېگىبى ۋە سودىگەر مۇراشۇلار تېخىمۇ باي بولۇپ، بىرمۇنچە شەھەرلەردە سەرراپخانىلارنى قۇرۇپ، سودا ئىشلىرى ۋە جازانىخورلۇق ھەركەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان، ئۇرغۇن تورە ئاقسۆڭەكلەر ئۇلاردىن پۇل قەرز ئالغان. قول ھۈنەر-ۋەنچىلىك تارماقلىرىدىكى ئەمگەكلەرنىڭ تولىسىنى قۇللار ئىشلىگەن، بىراق يەنىلا بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا، كۆپىنچە، قۇللار مۇستەقىل

باشقۇرغان، ھەر يىلى قۇلدارلارغا يىللىق ئولپان تاپشۇرۇپ تۇرغان.

مىسىرنىڭ سودا-سانائىتىمۇ ناھايىتى راۋاج تاپقان بولۇپ، يۇنان بىلەن پائال تۈردە سودا ئالاقىسى قىلىپ تۇرغان، ھاراق، كاناپ، ئالتۇن-كۈمۈش، ياغاچ ماتېرىياللىرى ۋە باشقا تاۋارلار سودىسى بولغان. مىسىر ھەر يىلى پېرسىيىگە كۆپلەپ باج-سېلىق تاپشۇرۇپ، پېرسىيىنىڭ بۇ جايدا تۇرۇشلۇق ھەربىي قوشۇنىنىمۇ ئاشلىق بىلەن تەمىنلەپ تۇرغان، خەلق قاتتىق ئېكسپلاتاتسىيىگە ئۇچرىغان.

**پېرسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ ھالاك بولۇشى** ناھايىتى چوڭ پېرسىيە ئىمپېرىيىسى بىرلىككە كەلگەن ئىقتىسادىي بازىسى بولمىغان ۋاقىتلىق ھەربىي-مەمۇرىي بىرلەشمىلا ئىدى، ئۇنىڭدا مىللىي زىددىيەت ۋە سىنىپىي زىددىيەت ناھايىتى كەسكىن ئىدى، پېرسىيە قۇلدارلىرى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ھەربىي باستۇرۇش بىلەن ساقلايدىغان بولغاچقا، ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئۇزاققا بارماسلىقى تەبىئىي ئىدى. يېرىم ئەسىرگە سوزۇلغان يۇنان-پېرسىيە ئۇرۇشى پېرسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ كۈچىگە زور دەرىجىدە بەرھەم بەرگەن. مىلادىيدىن ئىلگىرىكى 5-ئەسىردىن 4-ئەسىرگىچە، ئىمپېرىيە دائىرىسىدە بوي سۇندۇرۇلغان مىللەتلەرنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرەشلىرى باشتىن-ئاياق ئۈزۈلمەي بولۇپ تۇرغان. مىسىردا مىلادىيدىن ئىلگىرىكى 465-ۋە 459-يىلى قوزغىلاڭ پارتلىغان، مىلادىيدىن ئىلگىرىكى 405-يىلىغا كەلگەندە، مىسىر پارسلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن بىر مەھەل قۇتۇلغان ئىدى. پېرسىيە ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى كۈرەشلەر، پادىشالىق تەختىنى تالىشىش ئۇرۇشلىرى ۋە يەرلىك بولۇنمە كۈچلىرى ئوتتۇرىسىدىكى يېغىلار تېخىمۇ ئارقا-ئارقىدىن بولۇپ تۇرغان. مىلادىيدىن ئىلگىرىكى 338-يىلىدىن 336-يىلىغىچە بولغان 3 يىل

ئىچىدىلا ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ پېرسىيىنىڭ ئىككى پادىشاسى ئوردا سىياسىي ئۆزگىرىشىدە ئۆلگەن. ئىچكى-تاشقى قاتمۇ-قات زىددىيەتلەر چىرمىۋالغان پېرسىيە ئىمپېرىيىسى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 5-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ جىددىي تۈردە زاۋالغا يۈز تۇتقان. ماكېدونىيە-يۇنانلار شەرق ئەللىرىگە تاجاۋۇز قىلغان چاغدا، پېرسىيە ئارمىيىسى قارشىلىق كۆرسىتىشكە مادارى يەتمەي، ھەممىلا جەڭدە مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، ئاخىر مىلادىدىن ئىلگىرىكى 330-يىلى ھالاك بولغان.

پېرسىيە مەدەنىيىتى شەرق ئەللىرىگىمۇ، غەرب ئەللىرىگىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن. پېرسىيە ئىمپېرىيىسى دەۋرىدىكى ھوقۇق مەركەزگە مەركەزلەشكەن تورسىلەر مەمۇرىيەت تۈزۈمى ماكېدونىيە-يۇنانلار غەربىي ئاسىيادا ۋە شىمالىي ئافرىقىدا قۇرغان قۇللۇق تۈزۈمىدىكى پادىشالىقلار تەرىپىدىن ۋارىسلىق قىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى كېيىنكى رىم ئىمپېرىيىسىمۇ مەلۇم تەسىرگە ئۇچراتقان. رىملىقلار پارسلاردىن كارۋان يولى ياساش تېخنىكىسى، شەھەر سېلىش تېخنىكىسى ۋە شەھەرگە ھۇجۇم قىلىش قوراللىرىنى ئىشلىتىش تېخنىكىسىنى ئۆگىنىۋالغان. پېرسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ دۆلەت دىنى — زورو ئاستېر دىنى رىم ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە شەكىللەنگەن خىرىستىيان دىنىغا تەسىر كۆرسەتكەن، ئۇ جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە مەملىكىتىمىزگە تارقىلىپ كىرگەن بولۇپ، ئاتەشپەرەسلىك دەپ ئاتالغان.

## 2 ـ بولۇم   فارفىيە ۋە ساسسان پېرسىيىسى

**فارفىيە پادىشالىقى** پېرسىيە ئىمپېرىيىسى ھالاك بولغاندىن كېيىن، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 330 ــ 247 ـ يىللىرى، ئىران ئېگىزلىكى ئىلگىرـ كېيىن بولۇپ ئالېكساندىر ئىمپېرىيىسى ۋە سېلېۋك سۇلالىسى ھوكۇمرانلىقىغا ئۆتكەن. ئارقىدىنلا فارفىيە پادىشالىقى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 250 ــ مىلادى 226) ئىراننىڭ شەرقىي شىمالىي قىسمىدا باش كوتىرىپ چىققان.

مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن بىر كوچمەن چارۋىچى قەبىلە فارفىيەگە كىرىپ، ئەسلىدە بار بولغان ئاھالە بىلەن بىرلىكتە قوزغىلاڭ كوتىرىپ، يۇنان قۇلدارلىرىنىڭ فارفىيەدىكى ھوكۇمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، فارفىيە پادىشالىقىنى قۇرغان.

مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، فارفىيەنىڭ زېمىنى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىنىڭ كوپ قىسمىنى، ئىران ئېگىزلىكى ۋە ئېۋفرات دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى پۈتكۈل مېسوپوتامىيە رايونىنى ئوز ئىچىگە ئالغان. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، فارفىيەنىڭ شەرقىي شىمالىي قىسمىدىكى دولەت چېگرىسى ئامۇ دەرياسىغا يېتىپ بارغان، كتېسفون پايتەخت قىلىنغان، شۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى چوڭ دولەت بولۇپ قالغان.

فارفىيە قۇللۇق تۈزۈمىدىكى دولەت، پادىشا، تورىلەر ۋە ئاقسو-

ئەكلەر كەڭ يەرلەرنى ئىگىلىۋېلىپ، قۇللارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلاتتى. قۇللارنىڭ بەزىلىرى ئەسىرلىكتىن قۇل بولغان، يەنە بەزىلىرى قەرزگە بوغۇلغانلىقتىن قۇلغا ئايلىنىپ قالغان. بۇنىڭدىن باشقا يەنە كەڭ يېزا جامائەسى دېھقانلىرى پارچە يەرلەرنى تېرىپ دۆلەتكە باج-سېلىق تاپشۇراتتى.

مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، قۇللۇق تۈزۈمىدىكى رىم دۆلىتى شەرققە قاراپ كېڭەيمىچىلىك قىلىپ، فارفىيە بىلەن ئۇزاق مۇددەت ئۇرۇش قىلغان، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 53-يىلى، فارفىيە رىم ئارمىيەسىنى قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىپ، سپارتاك قوزغىلىڭىنى باستۇرغان جاللات رىم باش قوماندانى كراسسنى ئۆلتۈرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئىككى تەرەپ ئۈزلۈكسىز كۈرەش قىلىپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ھېچقايسىسى ھەل قىلغۇچ غەلىبە قازىنالمىغان، كۈرەش تاكى ئەڭ ئاخىردا فارفىيە ساسان پېرسىيىسى تەرىپىدىن يوقىتىلغانغا قەدەر داۋاملاشقان.

فارفىيەنىڭ زېمىنى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيانى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، تەخمىنەن 500 يىل مىقداردا دەۋر سۈرگەن، شەرق ئەللىرى بىلەن غەرب ئەللىرى ئوتتۇرىسىدىكى سودا يولىنىڭ تۈگۈنى بولۇپ قالغان، قۇللۇق تۈزۈمىدىكى تاۋار-پۇل مۇناسىۋىتى بەكمۇ راۋاج تاپقان. مەملىكىتىمىزنىڭ تارىخنامىسىدە ئۇ "سودا قىلىشقا ئۇستا ئىدىكى، بىر پۇڭ-بىر مىسقالنىمۇ تالىشاتتى" دەپ خاتىرىلەنگەن. غەربىي خەن دەۋرىدە ئېلىمىز فارفىيە بىلەن ئىقتىسات ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى باشلىغان. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 115-يىلى، خەن سۇلالىسىنىڭ ۋۇدى خانى فارفىيەگە ئەلچى ئەۋەتكەن. فارفىيە ئەلچىسىمۇ "خەنگە كېلىپ تاماشا قىلىپ، چوڭ قۇش

تۇخۇمىسىنى ۋە لىچىيەن (يەنى رىم سېھىرگەر)ىسىنى خەنگە تەقدىم
قىلغان". مىلادى 97-يىلى، بەن چاۋ گەن يىڭنى رىم ئىمپېرىيىسىگە
ئەۋەتكەن، گەن يىڭ فارفىيىگە، ھەتتا ئىران قولتۇقىغىچە بارغان.
ئەينى زاماندا ئېلىمىزنىڭ يىپەك ۋە تۆمۈر بۇيۇملىرى ھەم باشقا
بۇيۇملىرى ئوتتۇرا ئاسىيادا. شۇنىڭدەك رىم قاتارلىق جايلاردا كەڭ
سېتىلغان، ئۆرۈك، شاپتۇل ۋە شېكەر قومۇشىمۇ شۇ ۋاقىتلاردا جۇڭ-
گودىن ئىران ئېگىزلىكىگە تارقالغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا،
بىدە، ئۈزۈم، ئانار ۋە ياڭاق قاتارلىقلار ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران
قاتارلىق جايلاردىن ئېلىمىزگە كىرگەن. مىلادى 148-يىلى، فار-
فىيە شاھزادىسى ئەن شىگاۋ ئېلىمىزنىڭ لوياڭ شەھىرىگە كېلىپ،
بۇددا دەستۇرىنى تەرجىمە قىلىش جەھەتتە توھپە ياراتقان. شۇنىڭ-
دىن كېيىن فارفىيىنىڭ بۇددا مۇرىتلىرى ئېلىمىزگە داۋاملىق
ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرغان.

**ساسان پېرسىيىسى** مىلادى 224-يىلى، پارىسلار ئىچىدىكى
ساسان جەمەتىدىن بولغان ئارداشىر I (مىلادى 226-241) لەش-
كەر تارتىپ فارفىيىنىڭ ھوكۇمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان،
مىلادى 226-يىلى كتېسفوننى ئىشغال قىلىپ، يەنىلا ئۇنى پايتەخت
قىلىپ، ئىراندا ساسان سۇلالىسى (مىلادى 226—642)نى قۇرغان،
تارىختا بۇ "يېڭى پېرسىيە ئىمپېرىيىسى" دەپ ئاتىلىدۇ.

ساسان پېرسىيىسىنىڭ زېمىنى ئاساسەن فارفىيىنىڭكى بىلەن
ئوخشاش ئىدى. ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكى فارفىيە دەۋرىدىكى-
دىنمۇ تەرەققىي قىلغان ئىدى. چەت-ياقا تاغلىق رايونلىرى بىرقەدەر
ئارقىدا بولغاندىن تاشقىرى، پېرسىيە، مىدىيە ۋە مېسوپوتامىيە
قاتارلىق ئاساسلىق رايونلىرىدا، قۇللۇق تۈزۈم مۇناسىۋىتى يەنىلا

يېتەكچى ئورۇندا تۇرغان. كېيىنچە، قۇللارنى قويۇپ بېرىش ھەققىدىكى بەلگىلىمىلەر. شۇنىڭدەك قۇللار قىسمەن ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىنى ئىگىلىيەلەيدىغان، توختام تۈزۈشۈشكە ھوقۇقلۇق بولىدىغان ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋاللار تۈزۈلۈكسىز مەيدانغا كېلىپ تۇرغان، قۇللارغا ئۇششاق-پارچە يەرلەرنى بۆلۈپ بېرىپ ماددى نەرسە ئېلىنىدىغان ئېكسپىلاتاتسىيە شەكلىمۇ يولغا قويۇلغان، قۇللۇق تۈزۈم مۇناسىۋىتىدە ئۆزگىرىشلەر بولغان. كەڭ يېزا جامائەسى دىخانلىرى ئۈستىگە ئېغىر باج-سېلىق ۋە ئالۋاڭ-ياساقلار يۈكلەنگەن بولۇپ، كۆنسېرى بېقىندىلىق ئورۇندا تۇرۇۋەرگەن.

ئاردىشىر I ئىمپېرىيە قۇرۇلۇشىنىڭ دەسلەپتە ئاتەشپەرەسلىكنى دۆلەت دىنى دەپ ئېلان قىلىپ، ئۇنى خەلققە ھوكۇمرانلىق قىلىشتىكى مۇھىم قورال قىلغان، ئاتەشپەرەسلىك مۇتىۋەللىلىرى ھوكۇمرانلار سىنىپىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى مۇھىم بىر گۇرۇھ بولۇپ، ئۇلار ناھايىتى زور مىقداردا يەر ۋە قۇللارنى ئىگىلىۋالغان بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە تۈرلۈك دىنىي رەسىم-قائىدىلەردىن پايدىلىنىپ خەلقنىڭ پۇل-ماللىرىنى قاقتى-سوقتى قىلىۋالغان، ئەدلىيە ۋە مائارىپ ھوقۇقىمۇ ئاتەشپەرەسلىك مۇتىۋەللىلىرى تەرىپىدىن مونوپولىيە قىلىۋېلىنغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، ساسان پېرسىيىسى دەۋرىدىكى تارىخىي شارائىتتا، مىلادى 3-ئەسىردىكى مانى دىنى ۋە مىلادى 5-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىكى مازداك ھەركىتىگە ئوخشاش، سىنىپىي كۈرەش، كوپ ھاللاردا، بىدئەتلىك شەكلىنى ئالغان.

مانى دىنى ئۇنىڭ ئاساسچىسى مانىنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان. مانى مىلادى 215-يىلى مېسوپوتامىيە يېزىسىدا تۇغۇلغان. ئۇ بەرپا قىلغان مانى دىنى ئاتەشپەرەسلىك، خرىستىيان دىنى ۋە بۇددا

دىنىنىڭ بەزى ئەقىدىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئالەمدە يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇقتىن ئىبارەت ئىككى باش بولىدۇ، ئەخلاق قائىدىلىرى جەھەتتە بولسا ياخشىلىق بىلەن يامانلىقتىن ئىبارەت ئىككى خىل خۇلۇق بولىدۇ. ئىككىسى مەڭگۈ توختىماي كۈرەش قىلىپ تۇرىدۇ، دېگەنلەرنى تەشەببۇس قىلغان. مانى دىنى ئاتەشپەرەسلىك مۇتىۋەللىلىرىنىڭ تۈرمۈشتا چىرىكلەشكەنلىكىگە ھۇجۇم قىلغان، كەمبەغەللەر بىلەن بايلار ئوتتۇرىسىدىكى تەڭسىزلىككە قارشى تۇرغان، شۇڭا ئۇ شەھەر ۋە يېزىلاردىكى ئەمگەكچى خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقالغان. لېكىن، ھۆكۈمرانلار سىنىپى بولۇپمۇ ئاتەشپەرەسلىك مۇتىۋەللىلىرى ئۇنىڭغا قاتتىق ئۆچمەنلىك قىلغان. مىلادى 275-يىلى، مانى "بىدئەتچىلىك قىلدى" دېگەن بەتنام بىلەن پاجىئەلىك تۈردە ئۆلتۈرۈلگەن.

يىلمۇ-يىل ئۈزۈلمەي بولۇپ تۇرغان چەتكە قارىتىلغان ئۇرۇش، ئېغىر باج-سېلىق ۋە ئالۋاڭ-ياساق شۇنىڭدەك قۇرغاقچىلىق ئاپىتى ۋە ئاچارچىلىق، خەلقنىڭ كۈن كەچۈرەلمەيدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشى، سىنىپىي كۈرەشنىڭ كۈنسېرى كەسكىنلىشىشى تۈپەيلىدىن، مىلادى 490-يىلى ئوپچورىسىدە مازداك ھەركىتى پارتلىغان. ئۇنىڭ كۈرەش تىغ ئۇچى دەل ئاتەشپەرەسلىك مۇتىۋەللى ئاقسۆڭەكلىرىگە ۋە دەھرى ئاقسۆڭەكلەرگە قارىتىلغان.

مازداك ئىراننىڭ شەرقىي شىمالىي قىسمىدىكى بىر شەھەردە تۇغۇلغان بولۇپ، ئەسلىدە ئاتەشپەرەسلىك مۇتىۋەللىسى ئىدى. ئۇ مانى دىنىنىڭ بەزىبىر ئاساسلىرىنى قوبۇل قىلىپ: (1) ئالەم سۇ، ئوت ۋە توپىدىن ئىبارەت ئۈچ ئېلېمېنتتىن تەركىب تاپىدۇ، يورۇقلۇق (ياخشىلىق خۇداسى) بىلەن قاراڭغۇلۇق (يامانلىق خۇداسى)

كۈرەش ئېلىپ باردۇ، يورۇقلۇق ئاخىر قاراڭغۇلۇق ئۈستىدىن غالىب كېلىدۇ؛ (2) سىنىپ ۋە تەبىقە زۇلمى ئۈستىگە قۇرۇلغان جەمئىيەت يامانلىق خۇداسىنىڭ مۇجەسسەمىدۇر، دىگەنلەردىن تېخىمۇ ئەجايىپ دىنىي ئەقىدە يارىتىلغان، يامانلىق خۇداسى ھوكۇمرانلىغىدىكى جەمئىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى تەشەببۇس قىلغان، يەر ۋە سۇ مەنبەسى قاتارلىق مال-مۈلۈكلەرگە ھەممە ئادەم باپ-باراۋەر ئىگە بولۇشنى چاقىرىق قىلغان.

مازداكنىڭ دىنىي ئەقىدىلىرى شەھەر ۋە يېزىلاردىكى ئەمگەكچى خەلقنىڭ چوڭقۇر قارشى ئېلىشىغا ۋە ئىتتىپاق قىلىشىغا سازاۋەر بولغان. مىلادى 490-يىلى ئۆپچۆرىسىدە، خەلق قوزغىلىڭى پايتەخت كتېسىفوندا پارتلاپ، ناھايىتى تېزلا پۈتۈن مەملىكەتكە يېيىلغان. قوزغىلاڭچىلار ئاقسۆڭەك-بايلارنىڭ ئاشلىق ئامبارلىرىنى چېقىپ تاشلىغان، ئۇلارنىڭ يەر ۋە مال-مۈلۈكلىرىنى تەقسىم قىلغان، بەزى ئاقسۆڭەكلەرنى باستۇرغان.

پادىشا كوباد I خەلقنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ تەبىقە قۇلدارلىرى كۈچلىرىگە زەربە بېرىشكە قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، باشتا مازداكنىڭ دىنىي ئەقىدىلىرىگە ئىتتىپاق قىلىدىغان قىياپەتكە كىرىۋالغان. كېيىن يەنە ئاقسۆڭەكلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، مىلادى 529-يىلى بۇ خەلق ھەركىتىنى دەھشەتلىك تۈردە باستۇرغان، مازداك ۋە نەچچە مىڭلىغان مۇرىتلار باتۇرلۇق بىلەن قۇربان بولغان، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە قىرغىن قىلىنغان قوزغىلاڭچىلار تەخمىنەن 80 مىڭغا يەتكەن.

مازداك ھەركىتىنىڭ ئۈچىنچى تارىخىي توھپىسى بولغانكى، بۇ ھەركەت چىرىك قۇللۇق تۈزۈمگە قاقشاتقۇچ زەربە بەرگەن، ساسسان

پېرسىيىسى شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن فېئوداللىق جەمئىيەتكە ئۆتكەن.
7 ـ ئەسىرگە كەلگەندە، پېرسىيە يېڭىدىن گۈللەنگەن ئەرەبىستان تەرىپىدىن يوقىتىلغان.

ساسان پېرسىيىسى بىلەن جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىن سۈي ۋە تاڭ سۇلالىلىرىگىچە بولغان جۇڭگو ئوتتۇرىسىدا دوستانە باردى ـ كەلدى بولۇپ تۇرغان، ئىككى مەملىكەت خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى باردى ـ كەلدىنىڭ كۆپىيىشى ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرگەن. جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەردىن بۇيان، پېرسىيە پادىشالىرى جۇڭگوغا كۆپ قېتىملاپ ئەلچى ئەۋەتكەن ھەمدە سوغا تەقدىم قىلغان. پېرسىيە سودىگەرلىرىمۇ جۇڭگوغا ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرغان، تاڭ دەۋرىدە چاڭئەنگە كەلگەن پېرسىيە سودىگەرلىرىنىڭ تولىسى كاتتا سودىگەرلەر ئىدى. شىئەننىڭ شەھەر ئەتراپى رايونىدىن قېزىپ تېپىلغان پېرسىيە كۈمۈش تەڭگىلىرىمۇ ئەينى زاماندا ئىككى مەملىكەت ئوتتۇرىسىدىكى سودا ئالاقىسىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئاتەشپەرەسلىك ۋە مانى دىنى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ جۇڭگوغا كىرىپ، جۇڭگودا تارقالغان، مانى دىنى كۆپ قېتىملاپ جۇڭگو دېھقانلىرى تەرىپىدىن فېئوداللىق زۇلۇمغا ئىتتىپاقلىشىپ قارشىلىق كۆرسىتىشنىڭ بىر خىل ۋاستىسى سۈپىتىدە پايدىلىنىلغان.

## 3 ـ بۆلۈم قەدىمقى ھىندىستان

### ھىندى دەرياسى ۋادىسىنىڭ قەدىمقى مەدەنىيىتى

ھىندىستان

www.uyghurkitap.com

دۇنيا بويىچە مەدەنىي قەدىمقى دۆلەتلەرنىڭ بىرى ئىدى. ھازىرقى جەنۇبىي ئاسىيا ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇقى، شىمالىي قىسمىدىكى نېپال قاتارلىق دۆلەتلەرنى ھېساپقا ئالمىغاندا، قەدىمقى زامانىدا ئومۇملاشتۇرۇپ ھىندىستان دەپ ئاتالغان، لېكىن بۇ رايون قەدىمقى زاماندا ھەقىقىي بىرلىككە كەلگەن دۆلەت بولۇپ شەكىللەنگەن ئەمەس.

جەنۇبىي ئاسىيا ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇقى تۆۋەندىكىدەك جۇغراپىيىلىك رايونلارغا بۆلۈنگەن: ھىمالايا تاغ تىزمىسى بىلەن ۋىندخيا تاغ تىزمىسى ئارىلىقىدىكى ھىندى دەرياسى ۋە گانگ دەرياسى ۋادىلىرىدىن تەركىپ تاپقان تۈزلەڭلىك شىمالىي ھىندىستان دەپ ئاتالغان؛ ۋىندخيا تاغ تىزمىسىنىڭ جەنۇبى تەرىپى جەنۇبىي ھىندىستان دەپ ئاتالغان. ۋىندخيا تاغ تىزمىسىدىن كىستنا دەرياسىغىچە بولغان ئارىلىق دېكان ئېگىزلىكى. قەدىمقى شىمالىي ھىندىستان ئاساسەن، غەربىي شىمالىي قىسمىنى ئافغانىستان بىلەن تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان بىرنەچچە تاغ ئېغىزى ئارقىلىق چەت بىلەن ئالاقە قىلاتتى. جەنۇبىي ۋە شىمالىي ھىندىستان ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش ناھايىتىمۇ قولايسىز ئىدى، ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ جەنۇبىي ئۈچى بىلەن دېكان ئېگىزلىكى ۋە شىمالىي قىسمى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىمۇ تەس ئىدى. ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ شەرق تەرىپىدە بېنگال قولتۇقى، غەرپ تەرىپىدە ئەرەپ دېڭىزى بار ئىدى، جەنۇپ تەرىپى بولسا ھىندى ئوكيان ئىدى. دېڭىز قىرغىقى لىنىيىسى قىسقا بولۇپ، ياخشى پورتلىرى كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن چەتئەل بىلەن بولغان قاتناش ئالاقە شارائىتى بىرقەدەر ياخشى ئىدى.

دراۋىدلار ھىندىستاننىڭ ئاساسىي ئىپتىدائىي ئاھالىسى دەپ

ئازلىدۇ. ئۇلارنىڭ تىلى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە، ھازىر جەنۇبىي ھىندىستاندا ئىشلىتىلىۋاتقان بەزىبىر مىللىي تىللار دراۋىد تىل سىستېمىسىغا كىرىدۇ.

ھىندىستاندىن تېپىلغان كونا تاش قورال مەدەنىيىتى خارابىلىرىنىڭ تولىسى ۋىندخيا تاغ تىزمىسىنىڭ جەنۇبىدىكى جايلاردا. يېڭى تاش قورال خارابىلىرى بىرقەدەر كەڭ تارقالغان، گانگ دەرياسى ۋادىسىدىمۇ تېپىلغان.

يېقىنقى 50 يىلدىن بۇيان، ھىندى دەرياسى ۋادىسىدا ناھايىتى كۆپ شەھەر مەدەنىيىتى خارابىلىرى تېپىلغان، بۇ خاراپپا مەدەنىيىتى① دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ جايلاشقان جايلىرى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، شەرقتە دېھلىدىن تارتىپ غەربتە سىند بىلەن ئىراننىڭ چېگرىسىغىچە، شىمالدا سىملا ئېدىرلىقىنىڭ جەنۇبىي تەرىپى، جەنۇبتا كامباي قولتۇقىنىڭ شەرقىي قىرغىقىغىچە بارىدۇ، چوڭ-كىچىك بولۇپ جەمئىي يۈزچە جايدا بار. دەۋرى تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2500-يىلدىن 1500-يىلغىچە بولغان ئارىلىققا توغرا كېلىدۇ. خارابىنىڭ ئەڭ چوڭلىرى خاراپپا ۋە موخېنجو-دارولار②.

خاراپپا مەدەنىيىتىنىڭ خارابىلىرى ئەينى زاماندىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىپ خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئاھالە ئاساسەن دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، مىستىن ياسالغان ئوتىغۇچ، ئوغاق، قورال-ياراق ۋە ئائىلە جابدۇق-

① ئەڭ ئاۋۋال پاكىستاندىكى مونتگومېرىنىڭ خاراپپا دېگەن يېرىدىن تېپىلغان بولغاچقا شۇ نام بىلەن ئاتالغان.

② ھىندى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا جايلاشقان بولۇپ، ھازىرقى پاكىستاننىڭ لاركانا دېگەن يېرىنىڭ يېنىدا.

www.uyghurkitap.com

لىرىنى ئىشلەتكەن. قول ھۈنەرلىرى مېتال ئېرىتىشتىن باشقا، يەنە يىپ ئىگىرىش، رەخت توقۇش ۋە ساپال قاچا ياساش ھۈنەرلىرىمۇ مەيدانغا كەلگەن. ساپال قاچا ياساشتا ساپال قاچا ياسايدىغان تەپكە چاق ئىشلىتىلگەن ھەمدە ساپال قاچىلارغا نەقىش ئىشلەنگەن ۋە ھايۋان، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ شەكىللىرى چۈشۈرۈلگەن. ئىسىل تاش، پىل چىشى ۋە باشقا نەرسىلەرگە نەقىش ئويۇش تېخنىكىسىمۇ ناھايىتى نەپىس بولغان. يەنە تاشتىن ئويۇلغان بەزىبىر تامغىلارمۇ تېپىلدى، ئۇنىڭغا نۇسخا ۋە خەتلەر ئويۇلغان، لېكىن ئۇنى تېخىچە ئوقۇپ تەرجىمە قىلىشقا مۇمكىنچىلىك بولمىدى.

خاراپپا مەدەنىيىتى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، ئەينى ۋاقىتتىكى دېھقانلار ئاساسەن بۇغداي، ئارپا قاتارلىق زىرائەتلەرنى تېرىغان، كېۋەز تېرىش بولسا دۇنيا تارىخىدا مۇشۇ يەردىلا ئەڭ بالدۇر بولغان. كالا، قوي، چوشقا ۋە توخۇ قاتارلىق ئۆي ھايۋانلىرى بولغان. كېيىنكى دەۋردىكى خاراپپا خارابىلىرىدىن ئات سۆڭەكلىرىمۇ تېپىلدى، لېكىن ئەينى ۋاقىتتا كىشىلەرنىڭ ئات ئىشلىتىشنى بىلگەن-بىلمىگەنلىكىنى تەھقىقلەشتۈرگىلى بولمايدۇ.

خاراپپا ۋە موخېنجو-دارولاردىن ئىبارەت ئىككى جايدىكى شەھەر خارابىلىرىنىڭ كۆلىمى خېلى زور بولۇپ، موخېنجو-دارو شەھىرىنىڭ ئىگەللىگەن ئورنى 260 گېكتار كېلىدۇ. كوچىلىرى رەتلىك جايلاشتۇرۇلغان، ئۇزۇنىغا ۋە توغرىسىغا گىرەلەشتۈرۈلگەن، ئاساسىي كوچىسىنىڭ كەڭلىكى 10 مېتىر كېلىدۇ. شەھەر ئىچىدە ناھايىتى زور ئاممىۋى سەراپ ئىچىلغان، بۇ دىنىي رەسىم-قائىدىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. ئۆي-ئىمارەتلەر ئومۇمەن خىشتىن سېلىنغان، بەزىلىرى چوڭ زال ۋە كۆپ ئېغىزلىق ئۆيلەرنى

ئۆز ئىچىگە ئالغان، يەنە ئىككى قەۋەتلىك بىنالارمۇ قۇرۇلغان ھەمدە يۇندا ئاققۇزۇش ئۈسكۈنىلىرىمۇ ياسالغان. يەنە بەزى كىچىك-كىچىك ئۆيلەردە يۇندا ئاققۇزۇش ئۈسكۈنىلىرى يوق. بۇ ئەھۋاللار جەمئىيەتتە مال-مۈلۈك جەھەتتىكى تەڭسىزلىك ۋە سىنىپلار قارىمۇ-قارشىلىقىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى، خەلقنى مەجبۇرى ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىشقا زورلايدىغان دۆلەت ماشىنىسى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىگە تايىنىپ بېيىپ سەمرىيدىغان ھۆكۈمرانلارنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

خاراپپا مەدەنىيىتىدىكى شەھەرلەرنىڭ جايلىشىش دائىرىسى جەھەتتە، شەرقتىن غەربكە بولغان ئۇزۇنلۇقى 1500 كىلومېتىردىن كۆپرەك، جەنۇبتىن شىمالغا بولغان ئۇزۇنلۇقى 1100 كىلومېتىر كېلىدۇ، لېكىن شەھەرلەرنىڭ پىلانلىنىش شەكلى ئاساسەن ئوخشايدۇ، جايلاردا ئوخشىشىپ كېتىدىغان گەز ۋە تارازا تېشى قاتارلىقلارنىڭ تېپىلغانلىقى بىرلىككە كەلگەن ئۆلچەمنىڭ بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئېھتىمال شەھەرلەر ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش ئالاقە بىرقەدەر قويۇق بولغان بولسا كېرەك، ھەتتا بىرلىككە كەلگەن بىر ھاكىمىيەتكە قارىغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. كامباي قولتۇقىنىڭ شەرقىي قىرغىقىنىڭ ئەرەب دېڭىزى بىلەن تۇتىشىدىغان جايىدىكى خاراپپا شەھىرىدە پەرەستان خارابىسى بار، تېپىلغان ساپال قاچىلار ئىچىدە چوڭ تىپتىكى يەلكەنلىك كېمە شەكلىدە ياسالغانلىرى بار. بۇنىڭدىن باشقا يەنە مېسوپوتامىيىنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان تامغا قاتارلىق نەرسىلەرمۇ قېزىپ تېپىلدى. بۇ ئەھۋاللار خاراپپا دەۋرىدىكى ھىندىلارنىڭ چەتئەللەر بىلەن دېڭىز قاتنىشى ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغانلىقىنى ھەمدە غەربىي ئاسىيا بىلەن ئالاقە قىلغانلىقىنى

www.uyghurkitap.com

چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

خاراپپا مەدەنىيىتى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 2000-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يوقالغان، لېكىن بۇنىڭ سەۋەبى تېخىچە ئېنىق ئەمەس. ئومۇمەن، پارچە-پۇرات سۆڭەكلەرنىڭ تېپىلغانلىقىغا ئاساسلىنىپ، ھىندى-ياۋروپا تىل سىستېمىسىدىكى بەزى قەبىلىلەرنىڭ ھىندىستانغا كىرگەندىن كېيىن كەڭ كۆلەمدە قىرغىنچىلىق قىلىشى ۋە بۇزغۇنچىلىق سېلىشى بىلەن خاراپپا مەدەنىيىتى يوقىلىپ بارغان بولۇشى مۇمكىن، كېيىن قەدىمقى ھىندىستان تارىخىدا ۋاقىتلىق چېكىنىش ھادىسىسى يۈز بەرگەن بولۇشى مۇمكىن، دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ.

**قۇللۇق تۈزۈمىدىكى دۆلەتنىڭ شەكىللىنىشى** تەخمىنەن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 2000-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ھىندى-ياۋروپا تىل سىستېمىسىغا كىرىدىغان بەزى قەبىلىلەر (بۇرۇن ئۇلار ئارىيانلار دەپ ئاتالغان) ئوتتۇرا ئاسىيا ئېگىزلىكىدىن جەنۇبقا يۆتكىلىپ ھىندىستانغا كىرگەن. ئۇلار خاراپپا مەدەنىيىتىدىن تۆۋەن بولغان ئىجتىمائىي تەرەققىيات باسقۇچىدا تۇرغان بولۇپ، ئىپتىدائىي جامائەسى پارچىلىنىشقا باشلىغان، ئاساسەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ تۇرمۇش كەچۈرگەن، ھىندىستانغا كەلگەندىن كېيىن دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى پەيدىن-پەي ئۆگىنىۋالغان. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 1000-يىللارنىڭ باشلىرىدا تۆمۈر قوراللارنى ئىشلىتىشنى باشلىغان. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ يۈكسىلىشى ۋە ئىگىلىكنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئىجتىمائىي سىنىپلارغا بۆلۈنۈشنى ئىلگىرى سۈرگەن. يېزا جامائەسىنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرى پەيدىن-پەي ھەر بىر ئائىلىنىڭ ئىگىدارلىقىغا ئۆتكەن، ئۇرۇقداش قەبىلىلەرنىڭ باشلىقلىرى كەڭ

يەرلەرنى ئىگىلىۋېلىپ، ئۇرۇشتا بايلىق ۋە ئەسىر بۇلاپ، ئەسىرلەرنى قۇلغا ئايلاندۇرۇپ، ئۆزلىرى چوڭ قۇلدارلاردىن بولۇپ قالغان. قۇللار هايۋان بىلەن پەرقسىز دىگۈدەك بولۇپ قېلىپ، ئەڭ ئېغىر ئەمگەكلەر بىلەن شۇغۇللانغان، هەتتا نەزىر-چىراق قۇربانى قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن قۇللار سىنىپى بىلەن قۇلدارلار سىنىپىدىن ئىبارەت قارىمۇ-قارشى ئىككى سىنىپ شەكىللەنگەن. قەبىلە باشلىقلىرى ۋارىسچى پادىشالارغا ئايلانغان، پادىشانىڭ خەلققە هوكۇمرانلىق قىلىشىغا ۋە خەلقنى قۇل قىلىشىغا، ئاساسەن، مۇتىۋەللىلەر بىلەن ياساۋۇللاردىن تەشكىل تاپقان قۇلدار ئاقسوڭەكلەر ياردەملەشكەن، شۇنداق قىلىپ قۇللۇق تۈزۈمىدىكى دۆلەت قەدەممۇ-قەدەم شەكىللەنگەن.

تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1000-يىللارنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1000-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە، هىندى دەرياسى ۋە گانگ دەرياسى ۋادىلىرىدا جەمى 20 دەك كىچىك دۆلەت مەيدانغا كەلگەن. بۇ قۇللۇق تۈزۈمىدىكى كىچىك دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا زېمىنلەرنى هوقۇقى تالىشىش يۈزىسىدىن دائىم ئۇرۇش بولۇپ تۇرغان.

قۇللۇق تۈزۈمىدىكى دۆلەتلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ئەگىشىپ، هىندىستاندا ئىجتىمائى تەبىقە تۈزۈمى يەنى نەسەپ (ۋارنا) [1]

---

① سانسكرىت تىلىدىكى "ۋارنا" سۆزى "سۈپەت"، "رەڭ" دىگەنگە ئوخشاش مەنىلەرگە ئىگە. كېيىنكى هىندىستاننىڭ فېوداللىق جەمىيىتىدە ئىجتىمائى تەبىقە تۈزۈمى تېخىمۇ مۇرەككەپ بولغان "جاتى" تۈزۈمىگە ئۆزگەرگەن. "ۋارنا" بىلەن "جاتى" نەسەپ دىگەن مەنىدە. "ۋارنا" بىلەن "جاتى" هەم بىر بىرىگە باغلىنىشلىق، هەم بىر بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. بۇلارنى

www.uyghurkitap.com

تۆزۈمى ۋۇجۇتقا كەلگەن، قۇلدار ئاقسوڭەكلەر سىنىپى ئۆزلىرىنىڭ سىنىپىي مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن، قەدەممۇ- قەدەم دىن ۋە قانۇننى سۈيى ئىستېمال قىلىپ، ئوخشاش بولمىغان سىنىپلار ۋە تەبىقىلەرنىڭ ھوقۇقى ۋە ئورنىنى تەبىقىگە ئايرىش شەكلى بىلەن مۇقىملاشتۇرغان. مۇتىۋەللى ئاقسوڭەكلەر براخمان ۋارنىسىنى، ھەربى ئاقسوڭەكلەر شاترىيە ۋارنىسىنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنى تۇغما ھۆكۈمران سىنىپ دەپ ھېساپلاپ، ئىلاھىي ھاكىمىيەت ۋە ھەربى، مەمۇرى ھاكىمىيەتلەرنى ئىگەللىۋېلىپ ئېكسپىلاتاتسىيىگە تايىنىپ جان باققان. ئاددى يېزا جامائەسى ئەزالىرى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىناتتى، ئۇلار ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنىدىغان ئۇششاق ئىشلەپچىقارغۇچىلار بولۇپ، ئۈچىنچى ۋارنا — ۋەيسىيىنى تەشكىل قىلغان ئىدى. بوي سۇندۇرۇلغۇچىلار، يېرىدىن مەھرۇم قالغۇچىلار، خانىۋەيران بولغانلىقتىن يېزا جامائەسى ئەزالىق سالاھىيىتىدىن مەھرۇم بولغۇچىلار ئورنى ئەڭ تۆۋەن بولغان تۆتىنچى ۋارنا — سۇدرانى تەشكىل قىلغان. ئۇلاردا ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىسى يوق بولۇپ، ئۇلار يا ياللانما ئىشچى، يا قول ھۈنەرۋەن، يا قۇل بولۇپ قالغان، يۇقۇرى دەرىجىلىك ۋارنا ئۈچۈن خىزمەت قىلىش — ئۇلارنىڭ مەجبۇرىيىتى بولغان. ئوخشاش بولمىغان ۋارنىلارنىڭ ئىجتىمائى ئورنى، ھوقۇقى، مەجبۇرىيىتى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىدا پەرقلەر بولغان، ئۆزئارا نىكالىنىشىمۇ چەكلىمىگە ئۇچرىغان.

---

پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن، بۇ باپتا "ۋارنا" كۆزدە تۇتۇلغان جايلار "نەسەپ (ۋارنا)" قىلىپ يېزىلدى.

براخمان دىنى قۇلدار ئاقسۆڭەكلەرنىڭ خەلققە ھۆكۈمرانلىق قىلىشتىكى يەنە بىر قورالى ئىدى. ئۇنىڭ مۇقەددەس كىتاۋى ۋېدا① ئىدى، ئۇ جەمئى 4 قىسىم بولۇپ، ئەڭ بالدۇرقىسى تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2000-يىللارنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە شەكىللەنگەن. براخمان دىنى ئارىيانلارنىڭ ئىپتىدائىي دىنىدىكى كۆپ خۇداغا چوقۇنۇشنى ساقلاپ قالغان ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلانغان، لېكىن بۇرۇن تەبىئەت كۈچلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ دېيىلگەن خۇداغا يېڭى خاراكتېر بەرگەن، مەسىلەن، ئىندرا خۇداسى ئەسلىدە گۈلدۈرماما-چاقماق خۇداسى ۋە مول ھوسۇل خۇداسى دەپ ئېتىقات قىلىناتتى، كېيىن پادىشا ھاكىمىيىتى ۋە ئاقسۆڭەكلەرنى قوغداش خۇداسىغا ئايلىنىپ قالغان. براخمان دىنى، ئادەملەرنىڭ قىلمىش-ئەتمىشلىرى "ئىپادە"نى② كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ئۆلگەندىن كېيىن قايتىدىن تۇغۇلىدۇ، قىلمىش ئىپادىسىنىڭ ياخشى-يامانلىقىغا قاراپ، يۇقۇرىراق ياكى تۆۋەن دەرىجىلىك ۋارىس بولۇپ تۇغۇلىدۇ، دەپ تەرغىپ قىلغان. براخمان دىنى ئېكىسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچىلار تارتقان جاپانىڭ سەۋەبىنى بۇ دۇنيادىكى قىلمىش ئىپادىسىگە تاقاپ قويۇپ، جاپاكەش كەڭ ئاممىنى ئاخىرەتتىكى بالا-قازانى ئېغىرلاشتۇرۇپ

---

① "ۋېدا" ئەسلىدە "بىلىم" دېگەن مەنىدە بولۇپ، دىن ھەققىدىكى بىلىملەر ئالاھىدە كۆزدە تۇتۇلاتتى، كېيىن براخمان دىنىنىڭ بىلىملىرى توپلانغان كىلاسسىك ئەسەرنىڭ نامى بولۇپ قالغان. ئۇ: «رىيگو ۋېدا»، «سامۇ ۋېدا»، «يېرۇ ۋېدا»، «ئاتاپو ۋېدا»لارغا بولۇنىدۇ.

② "ئىپادە" دېگەندە ئادەمدە نەپسى-ھەۋەس بولغاچقا، ئۇ جەزمەن ئىدىيە-ھەركىتىدە ئىپادىلىنىدۇ ۋە ھەركەت قىلىدۇ، بۇنداق ئىپادىلىنىش ۋە ھەركەتلىنىش "ئىپادە" دېيىلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

www.uyghurkitap.com

قويۇشنى ساقلىنىش ئۈچۈن زۇلۇمغا سەۋرى-تاقەت قىلىشقا، كۈرەش قىلماسلىققا دالالەت قىلغان. براخمان دىنى قۇللۇق تۈزۈم، نەسەپ (ۋارنا) تۈزۈمى ۋە قۇللۇق تۈزۈمىدىكى دۆلەت ھاكىمىيىتىنى مۇقەددەسلەشتۈرۈپ قويغان، بۇ دىن قۇلدارلار سىنىپىنىڭ مەنىۋى ھوكۈمرانلىق قورالى ئىدى. ئىپادىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش ۋە قايتىدىن تورىلىش ھەققىدىكى ئىدىيىگە كېيىن ھىندىستاندا مەيدانغا چىققان باشقا دىنلارمۇ ۋارىسلىق قىلغان بولۇپ، بۇ ئىدىيە خەلقنى ئۇزاق مۇددەت چۈشەپ قويغان مەنىۋى بويۇنتۇرۇق بولۇپ قالغان ئىدى.

**ماگادھانىڭ گۈللىنىشى** مىلادىدىن ئىلگىرىكى 6-ئەسىردىن 4-ئەسىرگىچە، گانگ دەرياسى ۋادىسىنى مەركەز قىلغان شىمالىي ھىندىستان تەپرىقىسىلەرنىڭ زومىگەرلىك تالىشىشى ھالىتىدىن قۇللۇق تۈزۈملۈك پادىشا ئىستىبداتلىقىدىكى بىرلىككە كەلگەن دۆلەتكە قاراپ راۋاجلانغان. بۇددا دىنى رىۋايەتلىرىگە قارىغاندا، ئەينى ۋاقىتتا شىمالىي ھىندىستاندا مۇھىمراق كىچىك پادىشالىق ۋە قەبىلىلەر ئىتتىپاقى 16 گە يەتكەن، ئۇلاردىن ئەڭ مۇھىمى گانگ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىغا جايلاشقان ماگادھا دۆلىتى ۋە گانگ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىنىڭ يۇقۇرىسىغا جايلاشقان كوسالا دۆلىتى. چەت جايلاردا يەنە بىرمۇنچە قەبىلىلەر ھەربىي دېموكراتىيە باسقۇچىدا تۇرغان. مەسىلەن، بۇددا دىنىنىڭ ئاساسچىسى ساكيامۇنى كېلىپ چىققان ساكيا قەبىلىسىدە①، ئۇنىڭ ئاتىسى سۇددودانا يەنىلا سايلام

① ساكيا قەبىلىسى ھازىرقى ھىندىستاننىڭ شىمالىي ئىشتاتى بىلەن نېپال چېگرىسىغا ئورۇنلاشقان، ساكيامۇنى تۇغۇلغان جاي لۇمبىنى ھازىرقى نېپال تەۋەسىدە.

ئارقىلىق ۋۇجۇتقا كەلگەن قەبىلە ئاقسـاقالى بولۇپ، چوڭ ئىشلارنى يەنىلا خەلق يىغىنىنىڭ مۇزاكىرىسى ئارقىلىق ھەل قىلغان.

شىمالىي ھىندىستان بىرلىككە كېلىشكە قاراپ مېڭىۋاتقان جەريانىدا، ماگادھا قەدەممۇ-قەدەم غەلىبە قازانغان. ئۇنىڭ تۇنجى داڭلىق پادىشاسى بىمبىسارا (تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 543 — 491) راجاگرىھا شەھىرى (ھازىرقى ھىندىستاننىڭ بىخار ئىشتاتىدىكى راجاگرىھا)نى پايتەخت قىلغان، ئۇ گانگ دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى جايلارنى بوي سوندۇرغان. ئۇنىڭ ئوغلى ئاجاتاساترۇ (تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 491 — 459) كۆپ يىللىق ئۇرۇش ئارقىلىق ماگادھانىڭ شىمالىدىكى بەزى جايلارنى بوي سۇندۇرغان، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ھوكۇمرانلىق قىلغان دەۋردە پادىشالىقنىڭ تېررىتورىيىسى بىر ھەسسە كېڭەيگەن، ماگادھا شىمالىي ھىندىستاندىكى ئەڭ كۈچلۈك پادىشالىق بولۇپ قالغان. ئۇنىڭ ئوغلى ئۇدايىن ھوكۇمرانلىق قىلغان دەۋردە (تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 5-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا) پاتالىپۇترا شەھىرى (ھازىرقى پاتنا شەھىرى)نى يېڭى پايتەخت قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىنكى 200 يىل ئىچىدە، ماگادھانىڭ پادىشا ھاكىمىيىتى ئوخشاش بولمىغان ھوكۇمرانلار ئۇرۇقداشلار قولىدا ئىككى قېتىم ئالماشقان، لېكىن ئۇنىڭ زېمىنى يەنىلا ئۈزلۈكسىز كېڭىيىۋەرگەن. ناندا سۇلالىسى ھوكۇمرانلىق قىلغان دەۋردە (تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 4-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىلىرىدا)، ماگادھانىڭ تېررىتورىيىسى شەرقتە براماپۇترا دەرياسىدىن تارتىپ غەربىي شىمالدا بىياس دەرياسى (ھىندى دەرياسىنىڭ بىر تارمىقى) غىچە بولغان پۈتكۈل شىمالىي ھىندىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

ماگادھا پادىشالىغىنىڭ شىمالىي ھىندىستاننى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكى سەۋەبچى بولغان. ماگادھا ئەينى ۋاقىتتا ھىندىستاننىڭ قۇللۇق تۈزۈم ئىگىلىكى بىرقەدەر تەرەققىي تاپقان جاي ئىدى، راجاگرىھا شەھىرى بىلەن پاتالىپۇترا شەھىرى ئەينى زاماندا مۇھىم سودا-سانائەت شەھەرلىرى ئىدى، بولۇپمۇ پاتالىپۇترا شەھىرى گانگ دەرياسى بىلەن سوك دەرياسىنىڭ قوشۇلغان يېرىگە جايلاشقان بولۇپ، سودا ۋە ئىستراتېگىيىلىك ئورنى ناھايىتى مۇھىم ئىدى.

قۇللۇق تۈزۈم ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن بىللە، ئىجتىمائىي سىنىپىي مۇناسىۋەتلەردىمۇ ئۆزگىرىش يۈز بەرگەن. نەسەپ (ۋارنا) تۈزۈمىنىڭ ئەڭ يۇقىرى قاتلىمىدا تۇرغان، ئىلاھىي ھاكىمىيەتكە ئىگە ئاقسۆڭەك قۇلدارلار گۇرۇھىدىن ئىبارەت بولغان براخمانلار ئىچىدىكى بىرمۇنچە كىشىلەر كۆپلىگەن يەرلەرنى ئىگىلىۋالغان چوڭ قۇلدارلاردىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەبلەغ ۋە مال-مۈلكىنىڭ، مال چارۋىلىرىنىڭ سانى يوق ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىمتىيازلىق ئورنىنى ساقلاپ قېلىشتا كۈچىنىڭ بېرىچە تىرىشىپ، براخمان دىنى بىلەن نەسەپ (ۋارنا) تۈزۈمىنى مۇقەددەس دەپ ھىساپلىشاتتى. شاترىيە ۋارنىسىمۇ ئۇرۇش داۋامىدا تالان-تاراج قىلىش ۋە تېرىتورىيە كېڭەيتىش ئۇسۇلى بىلەن كۈنساناپ بېيىغان ۋە كۈچەيگەن ئىدى. ئۇلار سىياسىي ۋە ھەربىي جەھەتلەردىلا ئەمەس، بەلكى دىن ۋە ئىجتىمائىي تەبىقە تۈزۈمىدىمۇ ئەڭ يۇقىرى ھۆكۈمرانلىق ئورنىدا تۇرۇشنى تەلەپ قىلاتتى. ۋەيسيە ۋارنىسىدىكى كۆپ سانلىق كىشىلەر يەنىلا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئەمگەكچى خەلق ئىدى.

لېكىن، قىسمەن ۋەيسىيلەر باي چوڭ سودىگەرلەرگە ئايلانغان ۋە قوشۇمچە ھالدا جازانىخورلۇق بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. شاتىرىيە بىلەن ۋەيسىيدىكى چوڭ سودىگەرلەر براخمان مۇتىۋەللى ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئىمتىيازلىق ئورنىغا قارشى تۇراتتى. ئىپتىدائى بۇددا دىنى مۇشۇ ھەربىي ئاقسۆڭەكلەر ۋە سودا-سانائەت قۇلدارلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان دىن ئىدى.

كەڭ ئەمگەكچى خەلق جۈملىدىن مۇتلەق كۆپ سانىدىكى سۇدرالار يەنىلا ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنىش ۋە قۇل قىلىنىش ئورنىدا تۇراتتى. ئۇرۇش كەينى-كەينىدىن بولۇپ تۇرغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى تېخىمۇ مۈشكۈل بولغانلىقتىن، نارازىلىق كەيپىياتى كۈنسېرى كۈچەيگەن ئىدى. بۇ تارىخىي دەۋردە جانلانغان "جاھانچىلىق"① پەلسەپىسى ئەمگەكچى خەلقنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلغان دۇنياقاراش ئىدى. ئۇنىڭ كونا-يېڭى دىنىي پەلسەپىلەر بىلەن بولغان قارىمۇ-قارشىلىقى ۋە كۈرىشى شۇ ۋاقىتتىكى سىنىپىي كۈرەشنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى ئىنكاسى ئىدى. ئىپتىدائى بۇددا دىنى دەۋرىدىكى شىمالىي ھىندىستاندا يەنە بىرمۇنچە باشقا دىنىي مەزھەپلەر ۋە پەلسەپە مەزھەپلىرى بولۇپ، "ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش" ۋەزىيىتى بارلىققا كەلگەن ئىدى.

**ئىپتىدائى بۇددا دىنى** بۇددا دىنىنىڭ ئاساسچىسى گاۋتام سىددارتا (تەخمىنەن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 563 — 483)، رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، نېپال بىلەن ھىندىستاننىڭ چېگرىسىدىكى ساكيا

---

① جاھانچىلىق سانسكرىت تىلىدىكى "لوكايىتا" دېگەن سۆز بولۇپ، "خەلق ئىچىدە تارقىلىپ يۈرگەن كۆزقاراش" دېگەن مەنىدە ئىدى.

قەبىلىسىنىڭ شاھزادىسى بولۇپ، 29 يېشىدا راھىپ بولۇپ دۇئا-ئىبادەت بىلەن شۇغۇللانغان، 7 يىلدا "بۇددا" (ئەۋلىيا) بولغان. بۇ "ئويغانغۇچى" دىگەن مەنىدە ئىدى، شۇنداقلا "ساكىيامۇنى" دەپمۇ ئاتالغان بولۇپ، بۇ ساكىيا ئۇرۇغىنىڭ زاھىدى① دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ ھازىرقى شىمالىي ئىشتات بىخار ئەتراپلىرىنى كېزىپ 40 نەچچە يىل يۈرۈپ دىن تارقاتقان. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن، بۇددا دىنى ھىندىستاندىلا ئۈزلۈكسىز تارقىلىپ قالماستىن، بەلكى ئاسيا ئەللىرىگىمۇ تارقالغان.

بۇددا دىنى براخمان دىنىنىڭ ئىپادە ۋە قايتىدىن تۇرىلىش دىگەن كوزقاراشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئادەمنىڭ تۇغۇلۇشى، قېرىشى، كېسەل بولۇشى، ئۆلۈشى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنىڭ ھەممىسى جاپا چېكىش دىمەكتۇر، جاپانىڭ يىلتىزى نەپسى-ھەۋەستۇر، نەپسى-ھەۋەس ئىپادىنى كەلتۈرۈپ چىقارغاچقا، قايتىدىن تورىلىشتىن خالى بولغىلى بولمايدۇ. بارلىق نەپسى-ھەۋەسلەرنى يوقاتقاندىلا، ئاندىن "راھەت-پاراغەت دۇنياسى"غا يەنى تۇغۇلمايدىغان، يوقالمايدىغان دۇنياغا يەتكىلى بولىدۇ، دۇئا-ئىبادەت بۇ راھەت-پاراغەت دۇنياسىغا يېتىشنىڭ بىردىن-بىر يولى، دەپ ھىساپلىغان. دۇئا-ئىبادەت قىلىشتا 5 پەرز يەنى جانلىقلارنى ئۆلتۈرمەسلىك، ئوغرىلىق قىلماسلىق، زىنا قىلماسلىق، يالغان گەپ قىلماسلىق ۋە شاراپ ئىچمەسلىك ئاساس قىلىنغان. بۇددا دىنى براخمان دىنىنىڭ چاكىنا رەسىم-قائىدىلىرىگە قارشى تۇرۇپ،

① دىنىي ئىبارە بولۇپ، جاھائەتتىن ئايرىلىپ، پىنھان يەرنى ماكان قىلىپ، مەخسۇس دىنىي ئىبادەت بىلەن شۇغۇللانغۇچى تەقۋادار كىشى دىگەن مەنىدە ئىدى. — تەرجىماندىن.

ھەر بىر ئادەم ئۆز ئالدىغا ئىستىقامەت قىلىش ئارقىلىق راھەت-
پاراغەت دۇنياسىغا يېتەلەيدۇكى، براخمانلىق يېتەكلىشىگە موھتاج
ئەمەس، نەزىر-چىراقلىقمۇ ياكى بۇتقا باش ئۇرۇشىمۇ موھتاج
ئەمەس، دېگەنلەرنى تەشەببۇس قىلغان. بۇددا دىنى تۆۋەن تەبىقە-
دىكى ۋارنىسىنىڭ دىنغا كىرىشىنى چەتكە قاقمىغان، خەلق ئوڭاي
چۈشىنىدىغان شۇۋە بىلەن دىن تارقاتقان، براخمانلارنىڭ ئىمتىياز-
لىق ئورنىغا قارشى تۇرغان، شۇڭا، ئەينى زاماندا مۇئەييەن ئىجابىي
ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. ماۋجۇشى مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن ئىدى:
"ساكيامۇنىمۇ ئاقسۆڭەك ھەم شاھزادە ئىدى، لېكىن ئۇ خەلق بىلەن
بىرلىكتە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن
ئىدى، شۇڭلاشقا خەلق ئۇنى خاتىرىلەيدۇ."① لېكىن، بۇددا دىنى
ھەرگىزمۇ قۇللار ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچى جاپاكەش كەڭ
ئاممىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئىدىيە ئەمەس ئىدى، ئۇ خەلقنى
نەپسى-ھەۋەسلەردىن خالاس بولۇپ، كۆرەشتىن ۋاز كېچىپ،
ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنىش ۋە ئېزىلىش ئازاۋىغا رازىمەنلىك بىلەن
سەۋرى-تاقەت قىلىشقا دالالەت قىلاتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئېكسپىلا-
تاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوغدايدىغان قورال
بولۇپ قالغان ئىدى. شۇڭا بۇددا دىنى مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن،
ناھايىتى تېزلا ھۆكۈمران سىنىپنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشىگە
ئېرىشكەن، مەسىلەن، ماگادھا دۆلىتىدە، بىمبىسارادىن تارتىپ
كېيىنكى ئاسوكا (تەخمىنەن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 273 — 232) غىچە

① «خەلق گېزىتى»نىڭ 1977-يىل 9-ئاينىڭ 23-كۈنىدىكى سانىدا
كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

بولغان پادىشالارنىڭ ھەممىسى بۇددا دىنىنىڭ مەشھۇر قوللىغۇچى-
لىرى ئىدى.

**جاھانچىلىق** قەدىمقى ھىندىستاننىڭ ماتېرىيالىستىك پەلسەپىسى
جاھانچىلىق ئىدى، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ئاساسچىسى
برىخاسپاتى ئىكەن، ئېيتىشلارىچە بۇددا دىنى دەۋرىدە بولسا ئۇنىڭ
ۋەكىلى ئاجىدوچىشىچىنپولو ئىكەن. ئۇنىڭ ئاساسىي پەلسەپىۋى
نۇقتىئەزىرى مۇنداق: دۇنيانىڭ ئاساسى — ماددا، ماددىنىڭ ئاساسىي
ئېلېمېنتى بولسا تۇپراق، سۇ، شامال، ئوت، ماددىنىڭ ھەركىتىدە
ئىچكى سەۋەپ بولىدۇ، دىيىش ئارقىلىق، ھەممە شەيئىلەرنى
ياراتقان ۋە ئۇنىڭغا خوجايىنلىق قىلىدىغان خۇدانى ئىنكار قىلغان؛
ئاڭ ماددىدىن پەيدا بولىدۇ، ئۇ ئادەم تېنىدىن ئايرىلمايدۇ،
ئۆلمەس جان دىگەن نەرسە بولمايدۇ، دىيىش ئارقىلىق، براخمان
دىنى ۋە بۇددا دىنى تەرغىپ قىلغان قايتىدىن تۇرىلىش بۇ دۇنيا-
دىكى قىلمىش ئىپادىسىگە باغلىق دىگەن سەپسەتىنى ئىنكار قىلغان
ھەمدە نەزىر-چىراق براخمانلارنىڭ پۇل-ماللارنى ئالداپ ئېلىۋې-
لىش ۋاستىسى دەپ قارىغان؛ ھىسسى بىلىش — بىلىشنىڭ بىردىن-بىر
مەنبەسى، شۇنداقلا بىردىن-بىر ئىسپاتلاش ئۇسۇلى؛ تەركى
دۇنياچىلىق ھاياتنىڭ مەقسىدى بىلەن زىت كېلىدۇ، شۇڭلاشقا ئۇ
بۇددا دىنىنىڭ ئادىمىزات دۇنياسىدىكى جاپالاردىن نەپسى-ھەۋە-
سلەردىن قول ئۈزۈش يولى بىلەن قۇتۇلۇش توغرىسىدىكى ۋەز-
نەسىھەتلىرىگە قارشى تۇرغان؛ ئۇ نەسەپ (ۋارنا) تۈزۈمىگە قارشى
تۇرۇپ، براخمانلارنىڭمۇ ياكى چاندرالارنىڭمۇ① قان تومۇرلىرى-

① چاندرا دىگەندە قەدىمقى ھىندىستان جەمىيىتىدە، 4 خىل نەسەپ
(ۋارنا) سىرتىدىكى "خارلار" دېيىلگەنلەر كوزدە تۇتۇلىدۇ.

دېكى قان ئوخشاشلا قىزىل رەڭلىك بولىدۇ، شۇڭلاشقا ئىنسانلار تۇغۇلۇشىدىنلا باراۋەر بولۇپ تۇغۇلغان، دەپ ھېسابلىغان.

جاھانچىلىقنىڭ پەلسەپىۋى نۇقتىئىنەزىرى ساددا ماتېرىيالىزىم ئىدى. ئۇ براخمان دىنى ۋە بۇددا دىنى قاتارلىق دىنلار بىلەن بولغان كۈرەش داۋامىدا مەيدانغا كېلىپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ تەلىۋىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، دۈشمەنلەر ئۇنىڭغا "بۇ دۇنيادىكىلەرنى ئەپچىل سۆز-ئىبارىلەر بىلەن قايمۇقتۇرىدۇ، ئەمما بۇ دۇنيادىكى ئەخمەق چاكىنا ئادەملەرنىڭ ئەھۋالى بىلەن خۇشاللىق تاپىدۇ" دەپ ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئەمگەكچى خەلق ئىچىدە زور ھەم ئۇزاققىچە تەسىرگە ئىگە بولۇپ تۇرغان.

**توز (ماتۇريا)① ئىمپېرىيىسىنىڭ قۇلدارلار دىكتاتۇرىسى**

مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 4-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، ماگادھادا توز سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى (تەخمىنەن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 324—185) تىكلەنگەن، رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئۇنىڭغا ئاساس سالغۇچى پادىشا چاندرا گۇپتا (تەخمىنەن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 324—298) ئەسلىدە پادىشاغا توز بېقىپ بېرىدىغان ئادەم بولۇپ، ئېھتىمال، خەلق قوزغىلىڭى ئارقىلىق پادىشا ھاكىمىيىتىنى تارتىۋالغان بولسا كېرەك، پاتالىپۇترا شەھىرىنى پايتەخت قىلغان.

ئاسوكا (تەخمىنەن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 273—232) دەۋرىدە، ئۇ كەڭ ئەمگەكچى خەلقنى تالان-تاراج قىلىشتىن كەلگەن بايلىقلارغا ۋە بۇ بايلىقلار بىلەن بېقىلغان ناھايىتى زور ھەربىي كۈچكە

① ماتۇريا — توز دېگەن مەنىدە — تەرجىماندىن.

www.uyghurkitap.com

تايىنىپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە چەتكە قاراپ كېڭەيمىچىلىك قىلغان. ئىمپېرىيىنىڭ زېمىنى ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ جەنۇبىي ئۇچىدىن تاشقىرى، شىمالدا ھىمالايا تېغىدىن جەنۇپتا مايسۇرنىڭ شىمالىغىچە، شەرقتە ئاسسامنىڭ غەربىي چېگرىسىدىن غەرپتە ھىندۇقۇش تېغىغىچە بولۇپ، ھىندىستان تارىخىدا يەر كۆلىمى كەڭ بولغان، بىرلىككە كەلگەن تۇنجى ئىمپېرىيە بولۇپ شەكىللەنگەن. ئاسوكا كالىنگا (ھازىرقى ئورىسسا)نى بويسۇندۇرغان ۋاقىتدا، 150 مىڭ ئادەمنى ئەسىرگە ئالغان، 100 مىڭ ئادەمنى ئۆلتۈرگەن، ئۇرۇش ئاپىتى بىلەن ئۆلگەنلەر يەنە بۇ ساندىن بىرمۇنچە ھەسسە ئېشىپ كەتكەن بولۇپ، قۇلدارلار دىكتاتۇرىسىنىڭ رەھىمسىزلىكى ۋە ۋەھشىلىكىنى ئاشكارىلاپ بېرىدۇ. لېكىن ئاسوكا شۇنىڭدىن كېيىن بولسا بۇددا دىنىنى ھە دەپ تەرغىپ قىلىپ، ئەمدى ئۇرۇشقا تايانماستىن، بەلكى بۇددا ئەقىدىسىگە تايىنىپ بويسۇندۇرۇش كېرەك، دېيىش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ ياۋۇز ھىلىسىنى يوشۇرۇپ، ساختا ھىلىسىنى ئىشقا سالغان. ئاسوكا بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلغان، ئەمما باشقا دىنلارغا قارىتا كەڭ قوساقلىق سىياسىتىنى قوللانغان.

ئوز سۇلالىسى قۇلدارلار دىكتاتۇرىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوغداپ قىلىش، قۇللار ۋە يېزا جامائەسىدىكى كەڭ دىخانلار ئۈستىدىن يۈرگۈزگەن ئېكسپىلاتاتسىيىسىنى كاپالەتلەندۈرۈش، سىياسى، ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي جەھەتلەردىكى كونتروللۇقنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، ھىندىستان تارىخىدا تۇنجى مۇكەممەل ھەم كۈچلۈك دۆلەت ماشىنىسىنى تىكلىگەن. پادىشا ھەربىي، مەمۇرى، ئەدلىيە قاتارلىق ئالى ھوقۇقلارنى تۇتقان، ئۇنىڭ قول ئاستىدا مەسلىھەت بېرىدىغان ئاقسۆڭەكلەر كېڭەشمىسى ھەم مەمۇرى، ھەربى ۋە باشقا

ئەمەلدارلار بولغان ھەمدە ھەممە جايلارنى قاپلاپ كەتكەن يوشۇرۇن ئەلچىلەر بولغان. ئىمپېرىيىسىنىڭ غەربىي قىسمى بىلەن جەنۇبىي قىسمى چېگرا ھەربىي مۇھىم جاي بولۇپ، ئايرىم-ئايرىم ھالدا بىرقانچە ئىشتاتقا بۆلۈنۈپ، شاھزادە باش ۋالى قىلىپ ئەۋەتىلگەن. ئوتتۇرا قىسمى بىلەن شەرقىي قىسمى باي رايون بولۇپ، پادىشاھنىڭ بىۋاستە ئىدارە قىلىشىدا بولغان. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3-ئەسىردە براخمان دىنىنىڭ ئەمىر-مەرۇپلىرى ۋە ئادەت قانۇنىغا ئاساسەن تۈزۈلگەن «مونۇ قانۇنى» مەيدانغا كېلىپ، قۇللارنىڭ خەلققە ھوكۇمرانلىق قىلىشتىكى ئاساسى بولۇپ قالغان. توز سۇلالىسى ناھايىتى زور ھەربىي كۈچكە ئىگە ئىدى، قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى پىيادە ئەسكەر، ئاتلىق ئەسكەر، ھارۋىدا ئۇرۇش قىلغۇچى ئەسكەرلەر ۋە پىل ئارقىلىق ئۇرۇش قىلغۇچى ئەسكەرلەردىن ئىبارەت 4 خىل ئەسكىرىي قوشۇنى ئوز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئىچكى جەھەتتە باستۇرۇش، سىرتقا قارىتا كېڭەيمىچىلىك قىلىشتىكى مۇھىم قورال ئىدى.

**توز ئىمپېرىيىسىنىڭ قۇللۇق تۈزۈم ئىگىلىكى** توز سۇلالىسى دەۋرىدە، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى يەنىمۇ ئىلگىرى يۈكسەلگەن. تومۇر قوراللارنى ياساش ۋە ئىشلىتىش خېلى ئومۇملاشقان، سۇغىرىش ئىشلىرىمۇ راۋاجلانغان، جايلاردا ئېرىق-ئۆستەڭلەر، كوللەر چېپىلغان ۋە قۇدۇقلار قېزىلغان. قول ھۈنەرۋەنچىلىكمۇ تەرەققىي قىلىپ، پاختا توقۇمىچىلىق بۇيۇملىرىنى ئىشلەيدىغان بەزى مەشھۇر رايونلار مەيدانغا كەلگەن. ھىندىستاننىڭ پاختا توقۇمىچىلىقى ئىككى مىڭ يىلغا يېقىن تارىخقا ئىگە ئىدى، ئەنگلىيە كاپىتالىزمى تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن كېيىنلا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. كېمىسازلىق،

www.uyghurkitap.com

بىناكارلىق، نەققاشلىقتا ئوخشاش ئىشلارمۇ تەرەققىياتقا ئېرىشكەن. ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن ئاسوكا دەۋرىدە يارلىق ئويۇلغان تاش تۈۋرۈكلەرنىڭ ئېغىرلىقى بەزىلىرىنىڭ 50 تونىغا كېلىدۇ، ئېگىزلىكى 15 مېتىردىن ئاشىدۇ. تۈۋرۈك ئۇچىدا، كوپىنچە، ئىنتايىن نەپىس ھايۋان شەكىللىرى ئويۇلغان، بۇلار ئەينى زاماندىكى قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقى ۋە ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ.

تۆز سۇلالىسى دەۋرىدە، قۇل مەنبەسى مۇنداق ئىدى: ئۇرۇش ئەسىرلىرى، ئۆزىنى قۇل قىلىپ ساتقۇچىلار، قۇل ئائىلىسىدە تۇغۇلغانلار، قەرزدار قۇللار، سېتىۋېلىنغانلار ياكى تەقدىم قىلىنغانلار، شۇنىڭدەك "گويا ئوتكۆزگەن"لىكتىن قۇل بولۇش جازاسى بېرىلگەنلەر، ۋەباشقىلار. قۇللار ئائىلە خىزمەتلىرىگە سېلىنىپلا قالماستىن، بەلكى ھاراق چىقىرىش، ياغ تارتىش، چارۋا بېقىش، يىپ ئېگىرىپ رەخت توقۇش ۋە قورۇلۇش سېلىشقا ئوخشاش ئىشلەپچىقىرىش ئەمگەكلىرى بىلەنمۇ شۇغۇللىناتتى. نۇرغۇنلىغان قۇللار پادىشانىڭ، ئىبادەتخانىنىڭ ۋە ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قورۇقلىرى، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشخانىلىرى ۋە كانلىرىغا ئوخشاش ئاساسلىق ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرىدا ئىشلىتىلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بەزى ھاللىق دېھقانلار ۋە ئوتتۇرا، كىچىك سودىگەرلەرمۇ قۇللارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلاتتى، سودىگەرلەر قۇللارنى كارۋانغا قاراشقا ۋە ئالتۇن كانلىرىنى تېپىشقا سالاتتى. بۇنىڭدىن ئەينى زاماندا قۇللۇق تۈزۈم مۇناسىۋىتىنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىغا چوڭقۇرلاپ كىرگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

قەدىمقى ھىندىستاندا، رەھىمسىز قۇلدارلار قۇللارنى خالىغانچە

ئۇراتتى ۋە خارلايتتى. قۇللارنى خۇددى ھايۋانغا ئوخشاش، ئوز مەيلىچە ئېلىپ ـ سېتىشقا، گورۇگە قويۇشقا ۋە ئالماشتۇرۇشقا بولاتتى. قانۇندا، بىر سۇدرا (قۇل)نى ئولتۇرۇۋەتسە، پەقەت 6 ئاي دەرۋىشلىك قىلسىلا ۋە براخمان قۇلدارىغا تولەم سۈپىتىدە 10 ئىنەك ۋە بىر ئۇي بەرسىلا كۇپايە، دەپ بەلگىلەنگەن ئىدى، بۇ بىر مۇشۇك ۋە بىر ئىتنى ئولتۇرۇۋەتكەنگە قارىتىلغان بەلگىلىمە بىلەن ئوخشاش ئىدى.

قۇللار ۋە باشقا ئەمگەكچى خەلقنىڭ قۇلدارلارغا قارشىلىق كورسىتىش يولىدىكى سىنىپىي كۇرەشلىرى باتۇرلۇق بىلەن ئېلىپ بېرىلغان ۋە كەسكىن بولغان ئىدى. ئېپىتىشلارغا قارىغاندا، ئاندا سۇلالىسى بىلەن توز سۇلالىسىنى قۇرغۇچىلارنىڭ كېلىپ چىقىشى سۇدرا بولۇپ، ئۇلار ئېھتىمال قوزغىلاڭ كوتىرىپ ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغان بولۇشى مۇمكىن. قانۇندا، براخمانلارنى ئولتۇرگۇچىلەرگە ياكى پادىشانىڭ ئېلانىنى ئويدۇرۇپ چىقارغۇچىلارغا ئولۇم جازاسى بېرىلىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن ھەمدە براخمانلار شاتىرىيلەر بىلەن "مۇستەھكەم بىرلىشىشى" كېرەك دەپ چاقىرىق قىلىنغان. مانا بۇلار خەلقنىڭ قارشىلىق كورسىتىش كۇرەشلىرىنىڭ كەسكىن بولغانلىقىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدۇ.

**توز ئىمپېرىيىسىنىڭ يەر مۇناسىۋىتى** توز ئىمپېرىيىسىنىڭ يەر كولىمى كەڭ بولۇپ، ئۇنىڭ تەۋەسىدە (بولۇپمۇ جەت جايلاردا) يەنىلا ئۇرۇقداشلىق قەبىلە تۇزۇمى مەۋجۇت ئىدى، بۇ قەبىلىلەرنىڭ ئاقساقاللىرى پەقەتلا ئىمپېرىيە پادىشاسىغا ئاتاپ ئولپان تولەيتتى، ئوز تەۋەسىدىكى باج ـ سېلىقلارنى بولسا ئوزلىرى يىغىۋالاتتى.

www.uyghurkitap.com

ئىمپېرىيىنىڭ گاڭگ دەرياسى ۋادىسىنى مەركەز قىلغان ئاساسلىق رايونلىرىنىڭ يەر مۇناسىۋىتىگە كەلسەك، بۇ تۆۋەندىكىچە بىرنەچچە خىل ئىدى: خان جەمەتى ئىگىدارلىق قىلىدىغان ۋە بىۋاسىتە كونتىرول قىلىدىغان يەرلەر، قۇلدار ئاقسۆڭەكلەر ئىگىلىۋالغان يەرلەر، يېزا جامائەسى ئىگىدارلىق قىلىدىغان يەرلەر.

خان جەمەتى بىۋاسىتە ئىگىدارلىق قىلىدىغان يەرلەر ئىچىدە، بىر قىسمى ئېچىلمىغان بوز يەر، ئورمان، كان ۋە كۆل، دەريالار ئىدى، ئەمما ئاساسلىقى خان جەمەتى قورۇقلىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا قۇللار، ياللانما ئىشچىلار ۋە تۇتقۇنلار ئىشلىتىلەتتى، دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى رېمونت قىلىدىغان تۆمۈرچى، ياغاچچىلارمۇ بولاتتى. بۇ—ئوردا ئىستىمالىنى بىۋاسىتە قامدايدىغان قۇللۇق تۈزۈمىدىكى قورۇق ئىدى. بەزىدە، خان جەمەتى قورۇقلىرى ئېشىنچە يەرلەرنى ئىجارىگىمۇ بېرەتتى، ئوخشاش بولمىغان شارائىتتا، ئىجارىگە ئالغۇچى ھوسۇلىنىڭ ئىككىدىن بىر قىسمىنى، ياكى تۆتتىن ئۈچ قىسمىنى، ياكى بەشتىن تۆت قىسمىنى تاپشۇراتتى.

قۇلدار ئاقسۆڭەكلەر ۋە ئىبادەتخانىلار ئىگىلىۋالغان يەرلەرمۇ ئوخشاش بولمىغان تىپلاردا ئىدى. بىر خىلى—پادىشا ھەر دەرىجىلىك ھەربىي، مەمۇرى ئەمەلدارلارغا، براخمان ئاقسۆڭەكلىرىگە ۋە بۇددا راھىبلىرىغا ئىنئام قىلغان بەزى يېزىلار بولۇپ، كۆپ بولغىنىدا 80 يېزا بېرىلەتتى، 4-5 يېزا ۋە بىر يېزا بېرىلىدىغانلىرىمۇ بولاتتى، ئۇلار بۇ يەرلەردە باج-سېلىق يىغاتتى. ئىككىنچى خىلى— پادىشا خان جەمەتى بىۋاسىتە ئىگىدارلىق قىلىدىغان يەرلەردىن ھەر دەرىجىلىك باجگىرلارغا ۋە باشقۇرغۇچى خادىملارغا، شۇنىڭدەك پادىشا ئوردىسىدىكى دوختۇر قاتارلىق خىزمەتچىلەرگە خىزمەت ئۆتەش

يۈزىسىدىن بولۇپ بەرگەن ئۆلۈش يەرلەر، ئۇلار بۇنداق ئۆلۈش يەرلەرنى ئېلىپ-سېتىشقا، ئۆتۈنۈشكە ياكى رەنىگە قويۇشقا ھوقۇقسىز ئىدى، كۆپ دېگەندە، پەقەت ئۆزىگە ئوخشاش ئۆلۈش يەر ئالغۇچىلارغىلا سېتىپ بېرەلەيتتى، بۇنداق يەرلەر، ئەھۋالدىن قارىغاندا، قوللار ۋە ياللانما ئىشچىلارغا تايىنىپ تېرىلسا كېرەك. ئۈچىنچى خىلى — پادىشا ياكى باشقا قولدار ئۇنسۇرلار براخمانلارغا ۋە بۇددا راھىپلىرىغا ھەدىيە قىلغان يەرلەر، جىن سۇلالىسى دەۋرىدە ئېلىمىزدىن ھىندىستانغا بارغان راھىپ فاشيەن مۇنداق دەپ بايان قىلغان: "ساكيامۇنى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن،...... پادىشالار، مۆتىۋەرلەر، ئىستىقامەتچى ئۆلىمالار كۆپلىگەن راھىپلارغا ئىسىل ئۆيلەرنى سېلىپ بەرگەن، ئۇلارنى يەر-زېمىن، باغ-ۋاران، پۇقرا، موزاي بىلەن تەمىن ئەتكەن، بۇ ھال تۆمۈر جىلدلىق كىتاپ قىلىپ خاتىرىلەپ قويۇلغان، ئۇ كېيىنكى پادىشالارغا قالغان، بۇنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا پېتىنغۇچىلار چىقمىغان، تا ھازىرقى كۈنگىچە يوقالمىغان." بۇنداق "يەر-زېمىن" ۋە "باغ-ۋاران" راھىپ ئاقسۆڭەكلەرنىڭ مال-مۈلكىگە ئايلىنىپ قالغان.

تۇز ئىمپېرىيىسىنىڭ مەركىزىي رايونىدىكى، يېزا جامائەسىدە، ئادەتتە، 100 دىن 500 گىچە دېھقان ئائىلىسى بولاتتى، كەنت باشلىغى دۆلەت تەرىپىدىن تەيىنلىنەتتى، بۇنىڭدىن باشقا باج-سېلىق ۋە نوپۇسقا ئوخشاش ئىشلارنى باشقۇرىدىغان باجگىرلار بولاتتى. بۇنىڭدىن تاشقىرى، ھەر بىر كەنتتە "ئاقساقاللار" (ئومۇمەن قولدارلار)دىن تەشكىل تاپقان كېڭەشمۇ بولاتتى، بۇ كېڭەش كەنت پاسىلى ۋە يەر پاسىلىغا دائىر تالاش-تارتىشلارنى ھەل قىلاتتى، يەر، باغ-ۋاران قاتارلىقلارنى ئېلىش-سېتىشقا گۇۋاچىلىق

www.uyghurkitap.com

قىلاتتى، ۋەخپى مال ـ مۈلۈكلەرنى ۋە يېتىم بالىلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى باشقۇراتتى، ۋاھاكازالار. ھەر بىر كەنتنىڭ ئۆز كەنتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان تۆمۈرچى، ياغاچچى، ساپالچى، زەرگەر ۋە ساتىراچلىرىمۇ بولاتتى.

يېزا جامائەسىدە، سۇ ئىنشائاتى ـــ سۇغىرىش سىستېمىسى، يايلاق ۋە ئورمان قاتارلىقلار جامائەت ئىگىدارچىلىقىدا بولۇپ، ئۇلاردىن پۈتۈن كەنت ئورتاق پايدىلىناتتى. يېزا جامائەسى يەرلىرىنىڭ ئاساسىي قىسمى ئۈلۈش يەر سۈپىتىدە ھەرقايسى ئائىلىلەرنىڭ تېرىشىغا بۆلۈپ بېرىلەتتى، بۇنداق ئۈلۈش يەرلەرنى مىراس قىلىپ قالدۇ- رۇشقا، ئىجارىگە بېرىشكە، رەنىگە قويۇشقا ۋە سېتىشقا بولاتتى، بۇ يەرلەر ئاساسىي جەھەتتىن خۇسۇسىي مۈلۈك بولۇپ قالغان ئىدى. لېكىن "ئۇرۇق ـ تۇققان، خوشنا، باي دېگەن تەرتىپ بويىچە يەر ۋە باشقا مال ـ مۈلۈكلەرنى سېتىۋېلىش كېرەك" ئىدى. دېمەك، يەر ساتقۇچىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇققىنى ئالدى بىلەن سېتىۋېلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى، ئۇنىڭدىن قالسا خوشنىسى، ئاخىردا ئاندىن باي قولدارلار ئىدى، بۇ ـــ جامائەنىڭ يەرگە بولغان ئىگىدارلىق ھوقۇقىنىڭ قالدۇق تەسىرى ئىدى. ماركس مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن ئىدى: «مونو قانۇنى» دەۋرىدە، شەخسلەرنىڭ ئۈلۈش يەرلىرىنى خۇسۇسىلارنىڭ مۈلكىگە ئايلاندۇرۇۋېلىشىنىڭ سەۋەبى "ئەمەلىيەتتە، ئىمتىيازلىق ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولغان كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مۈلۈكدارلىق سالاھىيىتىنى مۇستەھكەملەشكە ئۇرۇنغانلىقى" دىندۇر①. بۇ خىل

① ماركس: «كوۋالېۋسكىينىڭ ‹جامائەتنىڭ يەرگە بولغان ئىگىدارچىلىق تۈزۈمى ۋە ئۇنىڭ پارچىلىنىشىنىڭ سەۋەبى، جەريانى ۋە ئاقىۋىتى› دېگەن كىتاۋىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى»، خەلق نەشرىياتىنىڭ 1965 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 37 ـ بەت.

ئۆلۈش يەرلەرنى تېرىغۇچىلارنىڭ قوللۇق تۈزۈمىدىكى دولەتكە باج ـ سېلىق تاپشۇرۇش مەجبۇرىيىتى بار ئىدى (ھەر يىلى ئالغان ھوسۇ ـ لىنىڭ 12 دىن بىر قىسمىدىن ئۈچتىن بىر قىسمىغىچە، ئادەتتە ئال ـ تىدىن بىر قىسمىنى تاپشۇراتتى). قانۇنىي مىراسچىسى بولمىغان ئۆلۈش يەرلەر، يەر پاسىلى ماجىراسى سەۋەبىدىن تالاش ـ تارتىش قىلىنىپ ھەل بولمىغان يەرلەر ۋە ئىگىسىز يەرلەرنىڭ ھەممىسى پادىشا ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكۈزۈۋېلىناتتى، ياكى پادىشا باشقىلارغا بېغىشلاشتىن بولۇپ بېرەتتى.

**توز ئىمپېرىيىسى يىمىرىلگەندىن كېيىنكى ھىندىستان** توز ئىمپېرىيىسى يىمىرىلگەندىن كېيىن، سۇنگا سۇلالىسى (تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 185 ـــ 73) بىلەن كانۋا سۇلالىسى (تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 73 ـــ مىلادى 28) ئۇنىڭ ئىزىنى بېسىپ باش كوتىرىپ چىققان ئىدى، ئەمما ئۇلار گانگ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن ئېقىملىرىدىكى زېمىنىنىلا ساقلاپ قالالىغان. مىلادى 28 ـ يىلى، كانۋا سۇلالىسى بولسا ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ جەنۇبىي قىسمى ـ دىكى كۈچلۈك دولەت ئاندىرا تەرىپىدىن يوقىتىلغان، كېيىن تاكى مىلادى 4 ـ ئەسىردە گۇپتا ئىمپېرىيىسى راۋاج تاپقان دەۋرگىچە بولغان 300 يىل ئىچىدە ھىندىستان خاراپلىشىش ھالىتىدە تۇرغان.

قەدىمقى ھىندىستاندا سىياسىي جەھەتتە ھەر قېتىم بولۇنۇش يۈز بەرگەن ئەھۋالدا تۇرغان مەزگىلدە، يات مىللەتلەر، كوپىنچە، غەربىي شىمال چېگرىدىن بېسىپ كىرگەن ئىدى. مىلادىدىن ئىلگى ـ رىكى 6 ـ ئەسىردىن مىلادى 2 ـ ئەسىرگىچە بولغان بۇ 800 يىل ئىچىدە، ھىندىستان يات مىللەتلەرنىڭ تاجاۋۇزىغا 6 قېتىم ئۇچرىغان، بەزى يات مىللەتلەر تېخى ھىندىستاندا ئۆز ھوكۇمرانلىقىنىمۇ تىك ـ

www.uyghurkitap.com

لىگەن. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2-ئەسىردە، توز ئىمپېرىيىسى يىمىنلىگەندىن كېيىنمۇ ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ بىرنەچچە تۈركۈم يات مىللەت ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىي قىسمىغا بېسىپ كىرگەن. ئۇلۇغ ياۋچىلارنىڭ كۇشان ئىمپېرىيىسى يات مىللەتلەردىن تۈنجى بولۇپ ھىندىستاندا كۈچلۈك ھوكۇمرانلىق تىكلىگەنلەردىن ئىدى.

## 4-بۆلۈم كۇشان ئىمپېرىيىسى

**كۇشان ئىمپېرىيىسىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى** ئېلىمىزنىڭ تارىخ كىتابلىرىدا خاتىرىلىنىشىچە، كۇشان ئىمپېرىيىسىنى قۇرغۇچىلار ئۇلۇغ ياۋچىلاردۇر. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ياۋچىلار ئېلىمىزنىڭ گەنسۇ ئۆلكىسى دۇنخۇاڭ ئەتراپلىرىدىكى كوچمەن چارۋىچى قەبىلە ئىدى. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 170-يىلى ئوپچۇرىسىدە، ياۋچىلار ھونلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ، كوپ قىسمى غەرپكە كوچۇپ ئىلى دەرياسى ۋادىسىغا بارغان، ئۇزاق ئوتمەيلا يەنە داۋاملىق غەرپكە كوچۇپ، ئامۇ دەرياسى بىلەن سىر دەرياسى ئەتراپلىرىغا بارغان، غەرپكە كوچكەن بۇ بىر قىسىم ياۋچىلار تارىختا ئۇلۇغ ياۋچىلار دەپ ئاتىلىدۇ. جاڭ چيەن غەرپكە سەپەر قىلىپ ئۇلۇغ ياۋچىلار تۇرغان جايغا بارغان چاغدا (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 128-يىلى ئوپچۇرىسىدە)، ئۇلۇغ ياۋچىلارنىڭ ھەركەتلىنىش مەركىزى يەنىلا ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىدا بولۇپ، كوچمەن چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلاتتى، لېكىن ياۋچىلار ئەينى ۋاقىتتا ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى دىخانچىلىق رايونى—

باكترىيىنى① بوي سۇندۇرۇپ بولغان ئىدى. ئۇلۇغ ياۋچىلار غەرپكە كوچكەن چاغدا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ساكاسلار (شىفىيىلىكلەر) قەبىلىسىنى جەنۇپقا مېڭىشقا مەجبۇر قىلغان بولۇپ، بۇلار ئىچىدىكى تۇخارالىقلار دەپ ئاتالغان بىر قەبىلە مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا باكترىيىنى بوي سۇندۇرغان.

مىلادىدىن ئىلگىرىكى 125-يىلى ئۆپچۆرىسىدە، ئۇلۇغ ياۋچىلار ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا ئۆتۈپ باكترىيىنى بىۋاسىتە ئىشغال قىلغان. باكترىيىنىڭ ئەسلى ئاھالىسى ئاللىبۇرۇنلا ئولتۇراقلىشىپ قالغان دېخان مىللەت ئىدى، ساكاسلار ۋە ئۇلۇغ ياۋچىلار ئەسلى ئاھالىنىڭ ئىلغار دېخانچىلىقى ۋە مەدەنىيىتىنى ناھايىتى تېزلا قوبۇل قىلىپ كوچمەن چارۋىچىلىقتىن ئۆزگىرىپ، دېخانچىلىقنى ئاساس قىلىدىغان بولغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر مىللەت خەلقى بارا-بارا قوشۇلۇپ كەتكەن. بۇ جەرياندا، ئۇلۇغ ياۋچىلار ھوكۇمران مىللەت بولۇپ تۇرغان، ئۇلۇغ ياۋچىلار باكترىيىنى 5 بولەككە بولگەن، ھەر بىر بولىكىگە "تاجىلىق بەگ" دەپ ئاتالغان يولباشچى باشچىلىق قىلغان.

يۈز نەچچە يىلدىن كېيىن، تەخمىنەن مىلادى 1-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، 5 بولەك تاجىلىق بەگلەردىن بىرى بولغان كۇشان تاجىلىق بېگى كۇجۇلا كادفىس (تەخمىنەن مىلادى 1-ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يىرىمىدا) كۆچىيىپ، باشقا 4 بولەك تاجىلىق بەگنى يوقىتىپ، ئۆزىنى پادىشا قىلىپ تىكلەپ، دولەت نامىنى كۇشان دەپ ئاتىغان،

---

① باكترىيە ھىندۇقۇش تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكى، ھازىرقى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى تاجىكىستاننىڭ ئوتتۇرا جەنۇپ قىسمى ۋە ئامۇ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىدىكى رايونلارنى ئوز ئىچىگە ئالاتتى.

بۇ ھال قۇللۇق تۈزۈمىدىكى كۇشان دۆلىتىنىڭ بىرلىككە كەلگەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. كۇجۇلا كادفىس تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ غەربكە يۈرۈپ فارفىيىگە ھۇجۇم قىلىپ، مۇرۇ شەھىرىنى ئىشغال قىلغان، شەرقىي جەنۇپتا بولسا كابۇل دەرياسى ۋادىسى ۋە كەشمىر قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلغان. مىلادى 1 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، شىمالدا ئامۇ دەرياسىدىن تارتىپ جەنۇپتا ھىندى دەرياسىنىڭ يۇقۇرى ئېقىمىغىچە بولغان كۇشان ئىمپېرىيىسى شەكىللەنگەن.

ۋىما كادفىس (تەخمىنەن مىلادى 45 ـــ 78) داۋاملىق كۇشان پادىشاسى بولغان، ئۇ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ پۈتكۈل ھىندى دەرياسى ۋادىسىنى بويى سۇندۇرغان، پەنجاپ رايونىنى ئىشغال قىلغان. ئۇ بويى سۇندۇرۇلغان ھىندىستان رايونىنى بىر مۇئاۋىن پادىشانىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن، چۈنكى شۇ ۋاقىتتا كۇشان ئىمپېرىيىسىنىڭ ھوكۇمرانلىق مەركىزى يەنىلا ئوتتۇرا ئاسىيا ئىدى.

كۇشان ئىمپېرىيىسىنىڭ ئەڭ مەشھۇر ھوكۇمرانى كانىشكا (تەخمىنەن مىلادى 78 ـــ 120) ئىدى. ئۇنىڭ ھەربى تاجاۋۇزچىلىقتا قازانغان ئاساسىي مۇۋەپپەقىيىتى شىمالىي ھىندىستاننىڭ گانگ دەرياسى ۋادىسىنى بويى سۇندۇرۇۋېلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، شەرقتە بىنارېسقىچە (ھازىرقى ئاللاخاباد شەھىرىگىچە)، جەنۇپتا ناربادا دەرياسىغىچە بولغان پۈتكۈل شىمالىي ھىندىستاننى كۇشان ئىمپېرىيىسىنىڭ زېمىنىغا كىرگۈزۈۋالغان. ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى ئوتتۇرا ئاسىيادىن قەدىمقى ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىي قىسمىدىكى گاندخارا رايونىدىكى پۇرۇساپۇرا شەھىرى (ھازىرقى پاكىستاننىڭ پېشاۋار شەھىرى)گە يۆتكەلگەن. بۇ ۋاقىتتا كۇشان ئىمپېرىيىسىنىڭ ھوكۇمرانلىق مەركىزى جەنۇبىي ئاسىيا ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ

شىمالىي قىسمىدا ئىدى.

كۇشان ئىمپېرىيىسى كانىشكا ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە ئۆزىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە يەتكەن، زېمىنى غەربتە ئارال دېڭىزىدىن باشلىنىپ شەرقتە سۇڭلىڭ (پامىر ئېگىزلىكى)غا تۇتىشاتتى، شىمالدا كاڭجۈي① بار ئىدى، جەنۇپتا ھىندى دەرياسى ۋە گانگ دەرياسى ۋادىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. لېكىن، ئۇنىڭ تازا گۈللەنگەن دەۋرىدىمۇ، بىرلىكى مۇستەھكەم بولمىغان ئىدى، بوي سۇندۇرۇلغان بىرمۇنچە يەرلىك كىچىك پادىشالىق يەنىلا مەلۇم مۇستەقىللىقنى ساقلاپ قالغان ئىدى، پەقەت ئولپان تولەپلا قوياتتى، بەزىدە كۇشان ھۆكۈمرانلىرى پادىشا جەمەتلىرىنى قۇدىلاشتۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىقمۇ يەرلىك كىچىك پادىشالىقلارنى كونترول قىلىشنى ساقلاپ قالاتتى. ئىمپېرىيىنىڭ ئاساسىي ھۆكۈمرانلىق رايونى بولغان شىمالىي ھىندىستانغا قارىتا بولسا پادىشا جەمەتىنىڭ بىرقانچە ئەزاسىنى ئەۋەتىپ مۇئاۋىن پادىشا سۈپىتىدە باشقۇرغۇزغان ئىدى. كۇشان ھۆكۈمرانلىرى ئۆزلىرىنىڭ قۇللۇق تۈزۈمىدىكى ئىمپېرىيىسىنى ساقلاپ قېلىش ۋە مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، بۇددا دىنىدىن مەنىۋى قول قىلىش قورالى سۈپىتىدە تېخىمۇ كۈچلۈك پايدىلانغان. لېكىن، ھەربىي قوشۇن ئارقىلىق قوراللىق كۈچ ئىشلىتىپ بوي سۇندۇرۇش ۋە باستۇرۇش يەنىلا كۇشان ھۆكۈمرانلىرى قوللانغان ئاساسىي ئۇسۇل ئىدى.

كۇشان ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا، سىنىپىي كۈرەش بوي سۇندۇرۇلغان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرەش-

---

① كاڭجۈي — خارەزم.

لىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن ئىدى، ئىپتىشلارغا قارىغاندا، خەلق ئاممىسى كۇشان ھوكۇمرانلىرىنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە ۋە تاجاۋۇزچىلىق سىياسىتىگە نارازى بولغانلىقتىن، قوزغىلاڭ كۆتەرگەن، كانىشكا ئەنە شۇ قوزغىلاڭلاردا ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن.

**كۇشان ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكى** ئۇلۇغ ياۋچىلار باكترىيىگە ماكانلىشىپ قالغاندىن كېيىن، كوچمەن چارۋىچى قەبىلىسىدىن قەدەممۇ-قەدەم ئۆزگىرىپ دېخانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئاساس قىلىدىغان بولغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلۇغ ياۋچىلار باكترىيىنىڭ ئەسلى قۇللۇق تۈزۈم مۇناسىۋىتىنىڭ تەسىرى بىلەن تەدرىجى ھالدا باشلانغۇچ جەمىيەتتىن قۇللۇق جەمىيەتكە ئۆتكەن. مەملىكىتىمىزنىڭ قەدىمقى تارىخ كىتابلىرىدا خاتىرىلىنىشىچە، كۇشان ھوكۇمرانلىقىدىكى باكترىيىنىڭ ئىجتىمائىي ئۆرپ-ئادەتلىرى ئەينى زاماندىكى قۇللۇق تۈزۈمدە بولغان ھىندىستاننىڭكى بىلەن ئوخشاش بولغان. كۇشان ئىمپېرىيىسى ئىجتىمائىي تەرەققىيات سەۋىيىسى ئوخشاش بولمىغان بىرمۇنچە مىللەت ۋە رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولسىمۇ، لېكىن ئىمپېرىيىنىڭ بىرلىككە كېلىشى ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئالماشتۇرۇش ۋە راۋاجلىنىشنى ئازدۇر-كۆپتۇر ئىلگىرى سۈرگەن.

ئىمپېرىيىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى بېقىندا ئەللەردە، ئامۇ دەرياسى ۋە سىر دەرياسى ئەتراپلىرىدا، سۇغىرىلىدىغان دېخانچىلىق راۋاجلانغان، باشقا جايلاردا بولسا يەنىلا كوچمەن چارۋىچىلىق ئاساس قىلىنىۋەرگەن. باكترىيە رايونىدا، دېخانچىلىق ئاساس قىلىنغان، "يەرلىرى مۇنبەت بولۇپ، ھەممە نەرسە تېپىلىدۇ، ئالتۇن، كۈمۈش، گۆھەر-مەرۋايىت، ئاجايىپ-غارايىپ ھايۋانلار ۋە نەرسە-



www.uyghurkitap.com

كېرەكلەر جەھەتتە جۇڭگونىڭ ئىچكى جايلىرىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ"، بۇ يەرنىڭ چارۋىچىلىغىمۇ ناھايىتى راۋاج تاپقان، بولۇپمۇ ئات بېقىش ئىشلىرى ناھايىتى راۋاج تاپقان بولۇپ، ئەينى دۇنيادا ئات چىقىدىغان داڭلىق جاي بولۇپ قالغان.

پايتەخت پۇرۇساپۇرا شەھىرىگە يوتكەلگەندىن كېيىن، ئىمپېرىيەنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزى غەربىي جەنۇبتىن ھازىرقى پاكىستان تەۋەسىگە يوتكەلگەن. پۇرۇساپۇرا شەھىرىنىڭ چۆرىسى 40 نەچچە چاقىرىم بولۇپ، "تۈزلەڭلىكنىڭ تۆپىرىغى مۇنبەت، شەھەر سېپىللىق تۆپ-تۈز، ئاھالىسى جىق، ئورمانلىرى بۈك-باراقسان" ئىدى.

ئىمپېرىيە ھوكۈمرانلىغىدىكى ھىندىستان رايونىدا، دېھقانچىلىقمۇ، سودا-سانائەتمۇ ناھايىتى راۋاج تاپقان ئىدى. ھىندى دەرياسى ۋادىسىدا شالدىن باشقا، يەنە كوپ خىل زىرائەتلەر ۋە مېۋىلىك دەرەخلەر ئوستۇرۇلەتتى. پىل، كەركىدان، دەيىبىي①، ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، تومۇر، قەلەي ۋە باشقا بايلىقلار چىقاتتى.

كۇشان ئىمپېرىيىسى بىلەن غەرىپتە فارفىيە ۋە رىم، شەرقتە شەرقىي خەن ئىمپېرىيىسى ئوتتۇرىسىدا سودا ئالاقىسى بار ئىدى. ئىمپېرىيە تەۋەسىدىكى تاۋار-پۇل ئىقتىسادى خېلى تەرەققىي تاپقان؛ تارىختا ئوتكەن پادىشالار قۇيدۇرغان تىللا، تەڭگە، يارماق ۋە باشقا خىلدىكى پۇللار ئارخېولوگىيىلىك قېزىشلار ئارقىلىق تېپىلدى. يارماقنىڭ ئېقىشى تاۋار-پۇل مۇناسىۋىتىنىڭ پارچە سېتىش سودىسى

① بىر خىل تومىلىگۈچى ھايۋان بولۇپ، تاشپاقىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. — تەرجىماندىن.

ساھەسىگە چوڭقۇرلاپ كىرگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئىللا ئاساسەن شەرق ۋە غەرپتىكى ئىمپېرىيىلەر ئوتتۇرىسىدىكى سودا ئىشلىرىدا ئىشلىتىلگەن.

ئەينى زاماندا، مەشھۇر خەلقارا سودا يولى — "يىپەك يولى" كۇشان ئىمپېرىيىسى تەۋەسىدىن ئۆتەتتى، ئېلىمىزنىڭ يىپەك، سىرلانغان ئەسۋاپ-جابدۇقلىرى ۋە باشقا بۇيۇملىرى كۇشان تەۋەسى ئارقىلىق فارفىيە ۋە رىملارغا ئاپىرىپ سېتىلاتتى، رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ئەينەك ئەسۋاپلىرى ۋە گۆھىرى، ھىندىستاننىڭ خۇش پۇراق ماتېرىياللىرى، پىل چىشلىرى ۋە باشقا بۇيۇملىرى كۇشان ئىمپېرىيىسى ئارقىلىق شەرق ئەللىرى بىلەن غەرپ ئەللىرى ئوتتۇرىسىدا ئالماشتۇرۇلىدىغان تاۋارلاردىن بولۇپ قالغان ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا يەنە مىسىردىن چىقىپ قىزىل دېڭىزغا كېلىدىغان سودا يولى بولۇپ، سودا كېمىلىرى پەسىل شامىلىدىن پايدىلىنىپ ھىندى دەرياسى ئېغىزىغا كېلەلەيتتى، ئۇ يەردىن دەريا ئېقىمىغا قارشى يۇرۇپ پۇرۇشاپۇراغا كېلەتتى، ئاندىن شەرققە قاراپ يول ئېلىپ پامىر تېغىدىن ھالقىپ ئوتتۇپ مەملىكىتىمىز تەۋەسىگە كېلەتتى. «كېيىنكى خەن سالنامىسى»دە خاتىرىلىنىشىچە، كۇشان ھۆكۈمرانلىقىدىكى ھىندىستان رىم بىلەن "دېڭىز ئارقىلىق سودا قىلاتتى، ئالىدىغان پايدىسى 10 ھەسسە ئىدى".

**چوڭ يوللۇقلار بۇددا دىنى** ئىپتىدائى بۇددا دىنى ئاساسەن گانگ دەرياسى ۋادىسىدا تارقالغان ئىدى، قەدىمقى ھىندىستاننىڭ باشقا جايلىرىدا، بولۇپمۇ جەنۇبىي ھىندىستاندا، براخمان دىنىغا ۋە قەبىلە ئىلاھىغا چوقۇنۇش يەنىلا مۇھىم ئورۇن تۇتاتتى. ھىندىستاننىڭ ئىجتىمائى ئىگىلىكى ۋە سىنىپى كۆرەشلىرىنىڭ تەرەققى قىلى-

شىغا ئەگىشىپ، مىلادىنىڭ ئالدى-كەينىدە، بەزىبىر فېئوداللىزىم ئامىللىرى بىخ ئۇرۇپ چىققان ئىدى، براخمان قۇلدارلار گۇرۇھى سىنىپىي كۆرەشنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىگە لايىقلىشىش ئۈچۈن، شاتىرىيە ھەربىي-مەمۇرىي قۇلدارلار گۇرۇھى بىلەن تىل بىرىكتۈرگەن. بۇ دىندا ئەكس ئېتىپ، بۇددا دىنى براخمان دىنىنىڭ تەسىرىنى كۆنسېرى كوپلەپ قوبۇل قىلىپ، ئاخىر مىلادىنىڭ ئالدى-كەينىدە يېڭى بىر دىنىي مەزھەپ — چوڭ يوللۇقلار بۇددا دىنى① شەكىللەنگەن.

كانىشكا چوڭ يوللۇقلار بۇددا دىنىنىڭ ئېتىقاتچىسى بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، تەخمىنەن مىلادى 2-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كەشمىردە بۇددا دىنىنىڭ كىلاسسىك كىتابلىرىنى 4-قېتىم "توپلاش" چوڭ يىغىنى ئېچىلىپ، بۇددا نومى (تەۋرات) ۋە دىنىي قائىدىلەر يېڭىۋاشتىن تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن، شۇنىڭ بىلەن چوڭ يوللۇقلار بۇددا دىنى ھىندىستاندا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۈستۈنلۈككە ئېرىشكەن.

چوڭ يوللۇقلار بۇددا دىنى بالدۇرقى ئىپتىدائىي بۇددا دىنىدىن پەرقلىنەتتى: (1) ئىپتىدائىي بۇددا دىنى ياراتقۇچى ئالىي خۇدا دىگەننى ئىنكار قىلاتتى، چوڭ يوللۇقلار بۇددا دىنى بولسا ھەممىدىن

---

① بۇددىستلار ئۆزلىرىنىڭ "راھەت-پاراغەت دۇنياسى"غا يېتىپ بېرىش يولىنى ھارۋىغا ئوخشىتىپ ئاتاشقان، "چوڭ يول" دىگەندە چوڭ ۋە كەڭ بولغان قۇتۇلۇش يولى دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. چوڭ يوللۇقلار بۇددا دىنى راۋاج تاپقاندىن كېيىن، ئىپتىدائىي بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان مەزھەپلەر "تار يوللۇقلار" دەپ كەمسىتىلگەن.

ئۇستۈن تۇرىدىغان خۇدا — رۇلەيفوغا① چوقۇناتتى. بۇددا دىنىنىڭ ئاساسچىسى ساكيامۇنى پەقەتلا ئالى خۇدانىڭ ۋاقىتلىق مۇجەسسىمى ئىدى. (2) ئىپتىدائى بۇددا دىنى، بۇددا پەقەتلا مەخلۇقلارغا دۇنيا-ئىبادەت قىلىپ "راھەت-پاراغەت دۇنياسى"غا كىرىشنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، "راھەت-پاراغەت دۇنياسى"غا كىرەلىگەنلەر ئارخات بولىدۇ، لېكىن ھەممىلا ئادەم بۇددا (ئەۋلىيا) بولىۋەرمەيدۇ، دەپ ھىساپلايتتى. چوڭ يوللۇقلار بۇددا دىنى، بۇددانىڭ نۇرغۇن مۇجەسسەملىرى بولىدۇ، ئۇزاق ۋاقىت يىغىلغان ساۋاپلىق ئىشلىرى بىلەن "راھەت-پاراغەت دۇنياسى"غا كىرىشكە تېگىشلىك ئادەملەر ۋاقتىنچە كىرمەستىن، بۇ دۇنياغا چۈشۈپ، مەخلۇقلارغا ئاتاپ نەزىر-چىراق ئۆتكۈزسە "بۇدىساتۋا" بولالايدۇ؛ ھەرقانداق ئادەمنىڭ راھىپ بولۇپ دەرۋىشلىك قىلىشىنىڭ ھاجىتى يوق، پەقەت تەقۋادارلىققا ئىشىنىپ، بۇدىساتۋادىن ئىلتىجا سورىسىلا، بۇدىساتۋا بولالايدۇ، كېيىن يەنىلا بۇددا (ئەۋلىيا) بولالايدۇ، دەپ ھىساپلايتتى. دېمەك، چوڭ يوللۇقلار بۇددا دىنىنىڭ بىر قەدەر ئاسان ئەۋلىيا بولۇش ھەققىدىكى بۇ خىل ۋەز-نەسىھىتى ھەم ھۆكۈمرانلىق سىنىپىنىڭ ھايات چاغدا ئەيش-ئىشرەت ۋە كەيپ-ساپالىق تۇرمۇش كەچۈرۈش، ئۆلگەندىن كېيىن ئەۋلىيامۇ بولالايدىغان بولۇش دېگەن خام خىيالىغا باپ كېلەتتى، ھەم كەڭ ئەمگەكچى ئاممىنى ئالداشقا ۋە ئەخمەق قىلىشقا قولايلىق ئىدى، شۇڭلاشقا ئۇ كەڭ تارقىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان ئىدى.

بۇددا دىنى چوڭ يوللۇقلار ۋە تار يوللۇقلار دېگەن ئىككى چوڭ

---

① بۇددا دىنىنىڭ ئاساسچىسى ساكيامۇنى. — تەرجىماندىن.

دىنى مەزھەپكە بۆلۈنۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيا، جۇڭگو، ياپونىيە ۋە چاۋشيەن قاتارلىق جايلاردا ئاساسەن چوڭ يوللۇقلار بۇددا دىنى تارقالغان، تار يوللۇقلار بۇددا دىنى بولسا سىرىلانكا (سەيلون)، بىرما، تايلاند، كامبودژا، مالايشىيا قاتارلىق جايلاردا تارقالغان.

بۇددا دىنى مىلادىنىڭ ئالدى-كەينىدە كۇشان ئىمپېرىيىسى ئارقىلىق ئېلىمىزگە كىرگەن. مىلادى 2-ئەسىردىن باشلاپ، نۇرغۇن تولۇغ ياۋچى راھىبلار شەرققە سەپەر قىلىپ جۇڭگوغا كېلىپ، بىرمۇنچە بۇددا نوملىرىنى (كىتابلىرىنى) خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان. چوڭ يوللۇقلار بۇددا دىنىمۇ، تار يوللۇقلار بۇددا دىنىمۇ ئېلىمىزگە كىرگەن ئىدى، لېكىن تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە تار يوللۇقلار بۇددا دىنى يوقىلىشقا يۈزلىنىپ، چوڭ يوللۇقلار بۇددا دىنىلا تارقالغان. بۇددا دىنىنىڭ كىرىشى بىلەن بىللە، ئالاھىدە ئۇسلۇبتىكى بۇددا دىنى سەنئىتى—گاندخارا سەنئىتىمۇ ئېلىمىزگە كىرىپ، ئېلىمىز تەۋەسىدىكى بۇددا دىنى سەنئىتىگە تەسىر كۆرسەتكەن.

**كۇشان ئىمپېرىيىسىنىڭ زاۋال تېپىشى** كۇشان ئىمپېرىيىسى يەر كۆلىمى كەڭ، كۆپ مىللەتلىك دۆلەت ئىدى، بىراق ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى مۇستەھكەم ئەمەس ئىدى. كانىشكا ئۆلگەندىن كېيىن، ئىمپېرىيە كۈنسېرى زاۋالغا يۈز تۇتقان. مىلادى 3-ئەسىرگە كەلگەندە، ئۇ باكتىرىيىنى، كابۇل دەرياسى ۋادىسىنى ۋە ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىي قىسمىنىلا ساقلاپ قالالىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ناھايىتى تېزلا بىرقانچە كىچىك پادىشاھلىققا بۆلۈنۈپ كەتكەن. شۇ ۋاقىتتا، ساسان پېرسىيىسى غەرىپتە كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ، ئۇزاق ئۆتمەيلا ھازىرقى ئافغانىستان ئەتراپلىرىنى بېسىۋالغان. مىلادى 4-ئەسىردە،

www.uyghurkitap.com

ھىندىستاننىڭ گۇپتا سۇلالىسى كوتىرىلىپ چىقىپ، ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىي قىسمىغا بولغان ھوكۇمرانلىقىنى ناھايىتى تېزلا تىكلىۋالغان، لېكىن كۇشانلىقلارنىڭ كىچىك پادىشاھلىقلىرى يەنىلا ھىندۇقۇش تېغىنىڭ شىمالىدا ساقلىنىپ قالغان. مىلادى 5-ئەسىردە، ئاق ھونلار شەرقتىن كېلىپ، باكتېرىيىنى ئىشغال قىلىۋالغان ھەمدە ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىي قىسمىغا بېسىپ كىرىپ، كۇشاننىڭ قالدۇق كۈچلىرىنى يوقاتقان.

## بەشىنچى باپ

# قەدىمقى يۇنان

يۇنان ياۋروپادا ھەممىدىن ئاۋۋال مەدەنىيەت ياراتقان قەدىمىي مەملىكەت، ئۇنىڭ مەدەنىيىتى كېيىن ياۋروپا ئەللىرى مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەن، شۇ سەۋەپتىن، ياۋروپالىقلار قەدىمقى يۇنان مەدەنىيىتىنى "كىلاسسىك مەدەنىيەت" دەپ ئاتايدۇ.

يۇنان ياۋروپانىڭ جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان، يۇنان يېرىم ئارىلى (بالقان يېرىم ئارىلىنىڭمۇ بىر قىسمى)لى ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكى بەزى ئاراللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دېڭىز قىرغىقى لىنىيىسى بەكمۇ ئەگرى-بۈگرى، ئاراللار يۈلتۇزدەك كەڭ تارقالغان. ئوتتۇرا دېڭىز-نىڭ سۈيى بۇ يەردە يەنە ئىككى كىچىك دېڭىزغا بۆلۈنىدۇ: شەرقىي تەرىپى ئېگەي دېڭىزى، غەربىي تەرىپى ئىئونىيە دېڭىزى. دېڭىزغا يېقىن ھەم تاغلىرى كۆپ بولغانلىقى يۇنان رايونىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكى. پۈتۈن رايوندا شىمالىي قىسمىدىن باشقا دېڭىز بىلەن بولغان ئارىلىقى 50 كىلومېتىردىن ئاشىدىغان بىرمۇ يېرى يوق. پۈتۈن زېمىنى تاغ-چوققىلار تۇراپ كەتكەن، تاغلار جايلارنى كىچىك-كىچىك پارچىلارغا بۆلۈۋېتىپ، ئىچكى قۇرۇقلۇق قاتنىشىنى توساپ قويغان، تېرىلغۇ يەرلەر ئاز قالغان.

يۇنانىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ئۇنى قەدىمقى شەرق مەدەنىيىتى بىلەن ئوڭايلا يېقىنلىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان، دېڭىزدىن ئۆتۈپ جەنۇپقا قاراپ ماڭسا، كرېت ئارىلى ئارقىلىق مىسىرغا بارغىلى بولىدۇ، شەرققە قاراپ ماڭسا، كىچىك ئاسىيا يېرىم ئارىلى ئارقىلىق بابىلونغا بارغىلى بولىدۇ، بۇ مەدەنىي قەدىمقى دۆلەتلەر يۇنانىنىڭ دەسلەپكى تارىخىي تەرەققىياتى ئۈچۈن پايدىلىق تەسىر كۆرسەتكەن.

قەدىمقى يۇنان ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي ئوخشاش بولمىغان قۇللۇق تۈزۈمدىكى ناھايىتى كۆپ شەھەر دۆلەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئافىنانىڭ سودا-سانائىتى تەرەققىي تاپقان، كۆپرەك قۇللار ئەمگىكى ئىشقا سېلىناتتى، سىياسىي تۈزۈمى قۇلدارلارنىڭ دېموكراتىيە تۈزۈمى ئىدى؛ سپارتا دېخانچىلىقنى ئاساس قىلاتتى، يەر ۋە قۇللار دۆلەت ئىلكىدە ئىدى، سىياسىي تۈزۈمى قۇلدار ئاقسۆڭەكلەرنىڭ مۇشتۇمزورلۇق جۇمھۇرىيەت تۈزۈمى ئىدى. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 4-ئەسىردە، شەھەر دۆلىتى تۈزۈمى يىمىرىلىشكە قاراپ ماڭغان، ماكېدونىيە—يۇنان ئىمپېرىيىسى راۋاج تېپىپ، غەربىي ئاسىيا، شىمالىي ئافرىقا قاتارلىق جايلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان، لېكىن بىرلىككە كەلگەن ئىقتىسادىي ئاساسى بولمىغاچقا، ئۇزاق ئۆتمەيلا يىمىرىلگەن.

## 1-بۆلۈم كرېت ۋە مىكېنى مەدەنىيىتى

**كرېت مەدەنىيىتى** قەدىمقى يۇنانىنىڭ ئەڭ بالدۇرقى قۇللۇق تۈزۈمدىكى دۆلىتى كرېت ئارىلىدا مەيدانغا كەلگەن. تەخمىنەن

مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2500 ـ يىلى ئوتتۇرىسىدا، كرېت يېڭى تاش قورال دەۋرىدىن مېتال قوراللار بىلەن تاش قوراللار بىرلىكتە ئىشلىتىلگەن دەۋرگە تەرەققىي قىلغان، باشلانغۇچ جامائە تۈزۈمى پەيدىن ـ پەي پارچىلىنىپ، قۇللۇق جەمئىيەتكە ئۆتۈشكە باشلىغان. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2000 ـ يىلىغا كەلگەندە، كرېت ئارىلىدا ئەڭ بالدۇرقى قۇللۇق تۈزۈمىدىكى دۆلەتلەر مەيدانغا كەلگەن، ئۇلار دەسلەپتە يەنىلا بەزىبىر مۇستەقىل كىچىك دۆلەتلەر بولۇپ، كېيىنچە بارا ـ بارا قوشۇلۇپ كەتكەن، پۈتۈن ئارال كنوسسوسنى مەركەز قىلغان پادىشالىقنىڭ① قارمىقىدا بولغان. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 17 ـ ۋە 16 ـ ئەسىرلەر بۇ دۆلەتنىڭ گۈللەنگەن دەۋرى ئىدى، ئۇنىڭ ئاساسىي خارابىسى مەشھۇر كنوسسوس خان ئوردىسىدۇر. بۇ خان ئوردىسىنىڭ كۆلىمى ناھايىتى زور، تۈزۈلۈشى مۇرەككەپ، ئۆيلىرى بەك كۆپ بولۇپ، بىر بىرىگە ئەگرى-بۈگرى ھالدا تۇتىشاتتى، شۇڭا كېيىن گرېكلار ئۇنى ئەپسانىلەردىكى "سىرلىق ئوردا" دەپ قارىغان ئىدى. ئارخېئولوگلار خان ئوردىسىنىڭ خارابىلىرى ئۈستىدە بىرقەدەر تەپسىلىي قېزىش ۋە تەتقىق قىلىش ئېلىپ بېرىپ، ئەينى زاماندىكى كنوسسوس ھۆكۈمرانلىرىنىڭ كۆپلىگەن بايلىقلارنى شىلىۋالغانلىقىنى، نۇرغۇنلىغان قۇللارنى ئىشقا سالغانلىقىنى ھەمدە كرېتنىڭ چەتئەل بىلەن بولغان سودىسىنى باشقۇرۇپ، مىسىر، سۇرىيە، كىچىك ئاسىيا قاتارلىق جايلار بىلەن قويۇق ئالاقە قىلىشىپ تۇرغانلىقىنى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خان ئوردىسى قۇرۇلۇشى ۋە ھۈنەر ـ سەنئەتنىڭ نەپىس بولغانلى-

① قەدىمقى يۇنان رىۋايەتلىرىدە، كنوسسوسنىڭ ھۆكۈمرانى مىنوس پادىشا دەپ ئاتالغان، شۇڭا ياۋروپا ۋە ئامېرىكا تارىخشۇناسلىق ساھەسىدىكىلەر كرېت مەدەنىيىتىنى مىنوس مەدەنىيىتى دەپمۇ ئاتىغان.

ىنىڭ قەدىمقى كرىت ئەمگەكچى خەلقىنىڭ ئىجادىي قابىلىيىتىنىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى.

كرىت مەدەنىيىتىنى ياراتقۇچىلار كېيىنكى گرېكلار بىلەن بىر مىللەت ئەمەس ئىدى، ئەينى زاماندا گرېكلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى يەنىلا ياۋروپا چوڭ قۇرۇغلۇقىنىڭ شەرقىي قىسمىدا ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، يۇناننىڭ ئۆز زېمىنىغا تېخى كىرمىگەن ئىدى. كرىتنىڭ بۇ قەدىمقى مىللەتلىرى مىسىر ۋە غەربىي ئاسىيانىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى ئاستىدا، ئۆز مەدەنىيىتىنى ياراتقان. كنوسسوس خان ئوردىسىدىكى تام رەسىملىرىمۇ، ساپال قاچىلاردىكى رەڭلىك رەسىملەرمۇ قەدىمقى سەنئەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە مەشھۇر ئەسەرلىرى بولۇپ سانىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۇسلۇبى بىرقەدەر روشەن، رىياللىقنى تەسۋىرلەپ بېرىش خاھىشىغا ئىگە. كرىتلىقلار ئۆز يېزىقىنىمۇ ئىختىرا قىلغان، ئۇلار ئەڭ دەسلەپتە تەسۋىرىي خەت شەكلىنى قوللانغان، كېيىن يىپسىمان خەت شەكلىگە تەرەققىي قىلغان، لېكىن بۇ يېزىقلارنى ھازىر تېخى ئوقۇپ چۈشەنگىلى بولمايدۇ.

كرىت مەدەنىيىتىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرىدە، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىدە روشەن تەرەققىياتلار بولغان، بولۇپمۇ قول ھۈنەرۋەنچىلىك ناھايىتى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن. ئۇنىڭ مىستىن ياسالغان بۇيۇملىرى، ئالتۇن-كۈمۈش ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇملىرى، ساپال قاچىلىرى ۋە كېمىسازلىقى ناھايىتى تەرەققىي تاپقان. كرىت ئىشچىلىرى نەپىس، كۆركەم بولغان كۈندىلىك لازىمەتلىكلەرنى ياساشقىلا ماھىر بولۇپ قالماستىن، بەلكى يىراققا قاتنايدىغان پۇختا ۋە يېنىك دېڭىز كېمىسىنىمۇ ياسىيالىغان. كرىتنىڭ چەتئەل بىلەن بولغان سودىسىمۇ ناھايىتى راۋاج تاپقان، قەدىمقى يۇنان رىۋايەت-

لىرىدە كنوسسوسنىڭ مىنوس پادىشاسى دېڭىز ئارمىيىسى قۇرغان ۋە دېڭىزغا بولغان زومىگەرلىك ھوقۇقىنى قولىدا تۇتقان تۇنجى ئادەم دەپ قارالغان. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 16 ـ ئەسىرنىڭ ئالدى ـ كەينىدە، كرېتنىڭ تەسىرى كۈچلىرى ئېگەي دېڭىزىدىكى بەزى ئاراللار ۋە ئوتتۇرا، جەنۇبىي يۇنان دېڭىز قىرغىقى رايونلىرى (مەسىلەن ئافىنا)غا كېڭىيىپ، بۇ جايلاردىكى ئاھالىدىن ئولپان ئالغان ھەمدە كرېت مەدەنىيىتىنى يۇناننىڭ ئۆز زېمىنىغا تارقاتقان.

**مىكېنى مەدەنىيىتى** كرېتنىڭ تەسىرى كۈچلىرى يۇناننىڭ ئۆز زېمىنىغا كېڭەيگەن چاغدا، بۇ جايلاردىكى ئاھالىمۇ پەيدىن ـ پەي باشلانغۇچ جەمئىيەتتىن قۇللۇق جەمئىيەتكە ئۆتۈپ، قۇللۇق تۈزۈمدىكى دۆلەتنى تەشكىل قىلغان. مىكېنى جەنۇبىي يۇناندا مۇھىم بىر مەدەنىيەت مەركىزى ئىدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن ھازىرغىچە، مىكېنى قەدىمىي شەھىرى ئۈستىدە بىرقەدەر تەل ـ توكۇس قېزىش ئېلىپ بېرىلدى ھەمدە ئۇنىڭ قەدىمقى يېزىقى ئوقۇپ چۈشىنىۋېلىندى. مىكېنى يېزىقى ئۈستىدىن ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتقا ئاساسەن، مىكېنىلىقلار بىلەن كېيىنكى گرېكلارنىڭ ئوخشاش بىر مىللەتكە كىرىدىغانلىقى (ئۇلارنىڭ تىلى قەدىمقى گرېك تىلىنىڭ ئىئونىيە ـ ئاركادىيە شىۋىسىگە كىرىدۇ) مەلۇم بولدى، ئۇلار يۇنان يېرىم ئارىلىغا شىمال تەرەپتىن كىرگەن. مىكېنىلىقلار كېلىشتىن ئىلگىرى، مىكېنى رايونىدا كرېتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بەزى كىچىك دۆلەتلەر بولغان، مىكېنىلىقلار كەلگەندىن كېيىن، بۇ كىچىك دۆلەتلەرنى يوقىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ قۇللۇق تۈزۈمدىكى دۆلىتىنى قۇرۇپ، پەيدىن ـ پەي تەرەققىي قىلىپ، كرېت بىلەن قارشىلىشالايدىغان قۇدرەتلىك تەسىرى كۈچ بولۇپ قالغان (تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1600 ــ 1450).

مىكېنىنىڭ ھۆكۈمرانلىرىنى، ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارغا ئاساسەن، ئىلگىرى-كېيىن ئۆزئارا ئىز باسقان تىك قۇدۇقسىمان قەۋرىلىك سۇلالە ۋە گۈمبەز قەۋرىلىك سۇلالە دېگەن ئىككى سۇلالىگە بۆلۈشكە بولىدۇ. گۈمبەز قەۋرىلىك سۇلالە مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 1500-يىلى ئوتتۇرىسىدا مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، بۇ سۇلالە ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە مىكېنى دۆلىتى قۇدرەت تېپىپ گۈللەنگەن باسقۇچقا قەدەم قويغان. بۇرۇن، مىكېنى خۇسۇسەن قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن سودا جەھەتلىرىدە كرېتنىڭ چوڭراق تەسىرىگە ئۇچرىغان ئىدى، لېكىن كېيىن مىكېنى تەدرىجىي ھالدا كرېت بىلەن رىقابەتلەشكەن ھەمدە ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەن. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 1450 — 1400-يىللىرى، كرېتتىكى كنوسسوس خان ئوردىسىنىڭ مىكېنى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغانلىقى مىكېنى تەسىرى كۈچلىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. مىكېنى مەدەنىيىتى پەيدىن-پەي كرېت مەدەنىيىتىنىڭ ئورنىنى ئالغان، مىكېنىنىڭ چەتئەل بىلەن بولغان سودىسىمۇ كرېتنىڭ چەتئەل بىلەن بولغان سودىسىنىڭ ئورنىنى ئالغان. مىكېنىچە گۈمبەز قەبرىلەرنىڭ يۇناننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن چىققانلىقى ئۇنىڭ تەسىرى كۈچلىرىنىڭ كەڭ تارقالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

مىكېنى ھۆكۈمرانلىرى سانائەتتە ۋە دېخانچىلىقتا كۆپلىگەن قۇللارنى ئىشلەتتى. پادىشا ۋە ئىبادەتخانا ئەڭ چوڭ قۇلدار، شۇنداقلا ئەڭ چوڭ يەر ئىگىسى ئىدى. پىلوستىن تېپىلغان بىر پارچە لاي تاختا ھۆججەتتە خاتىرىلىنىشىچە، پەقەت مەلۇم بىر بولەك جايدىلا پادىشا 60 ئۈلۈش يەر، ھەربىي قوماندان 10 ئۈلۈش يەر

(ھەر 2.4 ئۆلۈش يەر تەخمىنەن بىر گېكتار كېلىدۇ) ئىگىلىۋالغان، يەنە پىلوسىنىڭ باشقا ماتېرىياللىرىغا قارىغاندا، ئاددى دېخانلاردىن ھەر بىر ئائىلىنىڭ ئىگىلىگەن يېرى بىر ئۆلۈشكىمۇ يەتمىگەن، بۇ كىچىككىنە يەر بىلەن پۈتۈن ئائىلىنى باقالمىغاچقا، دېخانلار پادىشانىڭ ياكى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ يېرىنى ئىجارىگە ئېلىپ تېرىغان. مىكېنى ھوكۇمرانلار سىنىپىنىڭ قۇللار ۋە دېخانلار ئۈستىدىكى دەھشەتلىك ئېكسپىلاتسىيىسى ۋە زۇلمى سىنىپىي زىددىيەتلەرنى كۈنسېرى ئوتكۇرلەشتۈرۈۋەتكەن، قۇللار بىلەن دېخانلارنىڭ قارشىلىقى كۈنسېرى كۈچەيگەن. ھوكۇمرانلار مۇستەھكەم قەلئەلەر سېلىشنى قارشى تەدبىر قىلغان ۋە بۇلار ئارقىلىق خەلق قوزغىلىڭىنىڭ يالقۇنىنى توساشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ مۇداپىئەلىنىش تەدبىرلىرى ئۇلارنى قۇتقۇزۇپ قالالمىغان. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1400-يىلى ئۆپچۆرىسىدە، مىكېنىدىكى كنوسسوس خان ئوردىسى ۋە كرىتنىڭ بىرمۇنچە شەھەرلىرى پاچاقلاپ تاشلانغان، بۇنىڭ يات مىللەتلەرنىڭ بېسىپ كىرىشى ئارقىسىدا بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان تارىخىي ماتېرىيال يوق، ئېھتىمال بىر قېتىملىق خەلق قوزغىلىڭىدا پاچاقلاپ تاشلانغان بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، كرىتنىڭ قۇللۇق تۈزۈم ئىگىلىكى زەئىپلىشىشكە قاراپ ماڭغان، مىكېنىنىڭ ھوكۇمران كۈچلىرىمۇ قاخشاتقۇچ زەربىگە ئۇچرىغان. مىكېنى مەدەنىيىتىنىڭ زور بىر ئىجادىيىتى ئۇنىڭ ئۆز يېزىقىنى ئىختىرا قىلغانلىقى، ئۇ كرىت يېزىقىنىڭ يېپىسمان خەت شەكلىدىن تەرەققى قىلىپ ۋۇجۇتقا كەلگەن①، ھازىرقى زامان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلار ئارقىسىدا،

① ئارخېئولوگىيىدە كرىتنىڭ يېپىسمان يېزىقى "يېپىسمان يېزىقنىڭ A خىلى"، مىكېنىنىڭكى بولسا "يېپىسمان يېزىقنىڭ B خىلى" دەپ ئاتىلىدۇ.

پېلوستا مىكېنى يېزىغىدىكى بىرمۇنچە لاي تاختا ھۆججەتلەر تېپىلدى، بۇلار شۇ دەۋرنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم تارىخىي ماتېرىيال بولۇپ قالدى.

مىكېنى مەدەنىيىتىنىڭ كېيىنكى مەزگىلى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 13 ــ 12 ـ ئەسىرلەر)دە، ئېگەي دېڭىزىنىڭ شەرقىي قىرغىقى، كىچىك ئاسىيا يېرىم ئارىلىغا جايلاشقان تروي شەھىرى كۈنسېرى بېيىپ، مىكېنى باشچىلىقىدىكى گرېكلارنىڭ دىققەت ئېتىۋارىنى قوزغىغان. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 12 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، مىكېنى ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر بىرلەشمە ئارمىيە تەشكىللەپ دېڭىزدىن ئۆتۈپ ترويغا (خارابىسى ھازىرقى تۈركىيىنىڭ ھىسارلىك دېگەن يېرىدە، يەنى داردانېل بوغۇزى ئېغىزىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا) يۈرۈش قىلغان، مانا بۇ ـــ يۇنانىنىڭ قەدىمقى رىۋايەتلىرىدىكى مەشھۇر تروي ئۇرۇشى. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، تروي شەھىرى ئەڭ ئاخىردا گرېكلار "ياغاچ ئات ھىلىسى" ئىشلەتكەنلىكتىن، ئاخىر ئىشغال قىلىنىۋېلىنغان، ھازىرقى زامان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلار ئارقىسىدا تروي قەدىمىي شەھىرىنىڭ خارابىلىرىدە تېپىلغان بەزىبىر دەلىل ـ ئىسپاتلار تروي شەھىرىنىڭ راستىنلا شۇ ۋاقىتتا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. لېكىن مىكېنىلىقلار يىراققا يۈرۈش قىلىش داۋامىدا ناھايىتى زور زىيانلارغىمۇ ئۇچرىغان. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەيلا چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ شىمالىي قىسمىدىن دورىيانلار ناملىق يەنە بىر تۈركۈم يۇنان قەبىلىسى بېسىپ كىرگەن، ئۇلار مىكېنىنى ۋە باشقا قۇللۇق تۈزۈمدىكى دۆلەتلەرنى يوقىتىپ، قەدىمقى يۇنان تارىخىنى يېڭى بىر دەۋرگە كىرگۈزگەن.

## 2 ـ بۆلۈم  يۇناننىڭ قۇللۇق تۈزۈمدىكى شەھەر دۆلەتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى

**ھومېر دەۋرى** دورىيانلار مىكېنىلىقلار بىلەن بىر مىللەت ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتى باسقۇچى بىرقەدەر ئارقىدا بولۇپ، ئىپتىدائىي باشلانغۇچ جەمئىيەت باسقۇچىدا ئىدى. ئۇلار يۇنانغا بېسىپ كىرگەندىن كېيىن، مىكېنى، پىلوس قاتارلىق قۇللۇق تۈزۈمىدىكى دۆلەتلەرنى بوي سۇندۇرغان، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 11 ـ ئەسىردىن 9 ـ ئەسىرگىچە بولغان بۇ بىرنەچچە يۈز يىل ئىچىدە، باشلانغۇچ جەمئىيەتتىن سىنىپىي جەمئىيەتكە ئۆتكەن. بۇ دەۋردىكى ئاساسىي تارىخىي ماتېرىيال قەدىمقى يۇناننىڭ ئىككى پارچە داستانى «ئىلىئادا» ۋە «ئودىسسا» ئىدى، رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، بۇ داستانلارنىڭ ئاپتورى ھومېر ئىكەن، شۇڭلاشقا بۇ دەۋر "ھومېر دەۋرى" دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ئىجتىمائىي ئىگىلىك جەھەتتە، داستاندا يەر ئىگىلەشتە تەڭسىزلىكنىڭ پەيدا بولغانلىقى، جامائە ئەزالىرى كىچىك ئۇلۇش يەرنىلا ئىگىلىگەنلىكى، باي ئۇرۇقداش ئاقسۆڭەكلەر بولسا كەڭ يەرلەرنى ئىگىلىۋالغانلىقى، لېكىن، جامائەنىڭ يەر مۈلۈكچىلىكى يەنىلا خېلى زور تەسىرگە ئىگە ئىكەنلىكى، تولۇق خۇسۇسىي يەر ئىگىدارچىلىقىنىڭ تېخى بارلىققا كەلمىگەنلىكى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. سىياسىي تەشكىل جەھەتتە، داستاندا شۇ ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي تەشكىل

www.uyghurkitap.com

ھۆجەيرىسىنىڭ ئاتا جەمەت ئۇرۇغى ئىكەنلىكى، بىرقانچە ئۇرۇق قوشۇلۇپ قېرىنداش ئۇرۇق بولغانلىقى، يەنە قېرىنداش ئۇرۇقلار قوشۇلۇپ قەبىلە بولغانلىقى، قەبىلە ئۈستىدە قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ بولغانلىقى ئېيتىلغان. گرېكلارنىڭ يولباشچىلىرى ئاخىلى، ئودىسسېيغا ئوخشاشلار پادىشا بولمىسىمۇ، لېكىن ھەربىي ئىشلار دېموكراتىيىسى باسقۇچىدىكى ھەربىي يولباشچىلار ئىدى، خەلق يىغىنىمۇ، ئاقساقاللار كېڭەشمىسىمۇ يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئىدى، ھالبۇكى، ھەقىقىي دۆلەت ئېنىقچە مەيدانغا كەلمىگەن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئېنگېلس مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن ئىدى: بۇ دەۋردىكى يۇنانىنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمىدە، "قەدىمقى ئۇرۇقداشلىق تەشكىلى يەنىلا تولىمۇ ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئىدى، ئەمما ئۇنىڭ پارچىلىنىشىنىڭ باشلانغانلىقىنىمۇ كۆردۇق".①

تۆمۈرنىڭ ئىشلىتىلگەنلىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ يۈكسەلگەنلىكىنىڭ روشەن بىر ئالامىتى، كرېت، مىكېنى دەۋرلىرىدە تۆمۈرنى ئىشلىتىش تېخى بىلىنمىگەن ئىدى، ھومېر دەۋرىگە كەلگەندە تۆمۈردىن قورال-سايمان ياساش باشلانغان. دېھقانچىلىقتا كالا بىلەن يەر ھەيدەش ۋە دەرەخلەرنى كېسىۋېتىپ يەر ئېچىش، چوڭقۇر ھەيدەش، ئوغۇتلاشقا ئوخشاش تېخنىكىلار يۇنانىڭ تاغلىق جايلىرى ۋە ئېدىرلىقلىرىدا دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇشتا زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ئىدى. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ يۈكسىلىشى بىلەن بىللە، سىنىپلارغا بۆلۈنۈشمۇ كۈنسېرى

① ئېنگېلس: «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى». «ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى». خەلق نەشرىياتىنىڭ 1972-يىل خەنزۇچە نەشرى، 4-توم، 104-بەت.

روشەنلەشكەن. داستاندا قەبىلە يولباشچىلىرى ۋە ئۇرۇقداش ئاقسوڭەكلەرنىڭ كۆپلىگەن يەر، قۇل ۋە مال-مۈلۈكلەرنى ئىگىلەۋالغانلىقى، خانىۋەيران بولغان جامائە ئەزالىرىنىڭ بولسا ياللانما ئىشچىلارغا ھەتتا قەلەندەرلەرگە ئايلىنىپ كەتكەنلىكى ئېيتىلغان. قۇللار ئىچىدىكى كۆپ ساندىكىلەر ئۇرۇش ئەسىرلىرى ياكى باشقىلارنىڭ سېتىۋېتىشى بىلەن كەلگەن ئىدى. داستاندا، كۆپ ھاللاردا، ئاقسوڭەكلەرنىڭ قۇلى بىلەن ئۇنىڭ يەر مۈلكى بىر قاتارغا قويۇپ تىلغا ئېلىنغان، جامائەنىڭ كۆپلىگەن ئۇلۇش يەرلىرىنى ئىگىلىۋالغان بىر قۇلدار بىرلا ۋاقىتتا نەچچە ئون قۇلغا ئىگە بولۇۋالغان. لېكىن، ئومۇمەن ئالغاندا، قۇللارنىڭ سانى كىرېت ۋە مىكېنى دەۋرىدىكىگە يەتمەيتتى، بىۋاسىتە ھالدا دېخانچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا ئىشلىتىلگەن قۇللارنىڭ سانى تېخىمۇ ئاز ئىدى. ھومېر دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە كەلگەندە، سىنىپلارغا بۆلۈنۈش ۋە سىنىپىي قارشىلىق كۈنسېرى ئېغىرلىشىپ، قۇللۇق تۈزۈمىدىكى دۆلەتنىڭ شەكىللىنىشىگە سەۋەب بولغان.

**يۇنان شەھەر دۆلەتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى** ھومېر دەۋرىدىن كېيىن، يۇناننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا قۇرۇلغان قۇللۇق تۈزۈمىدىكى دۆلەتلەر بىر شەھەرنى مەركەز قىلغان بولۇپ، ئەتراپىدىكى بىرنەچچە كەنتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىچىك دۆلەتلەر ئىدى، مانا بۇلار شەھەر دۆلەتلىرى دېيىلەتتى. دۆلەت كىچىك، خەلقىنىڭ ئاز بولغانلىقى بۇ شەھەر دۆلەتلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنىڭ بىرى ئىدى، بىرنەچچە ئون مىڭ كۋادرات كىلومېتىرلا كېلىدىغان يۇنان يېرىم ئارىلىغا 200 نەچچە يۇنان شەھەر دۆلىتى جايلاشقان ئىدى. بۇ شەھەر دۆلەتلىرىنىڭ تولىسى دېڭىز قىرغىقىغا ۋە دېڭىزغا ناھايىتى

يېقىن تۈزلەڭلىكلەرگە جايلاشقان، ئېگىز قورۇقلۇقتىكى تاغلىق جايلار ۋە شىمالىي يۇنان قاتارلىق ئىقتىسادى راۋاج تاپمىغان جايلاردا ناھايىتى ئاز ئىدى. ئۇلاردىن ئەڭ مۇھىملىرى ئوتتۇرا يۇناندىكى ئافىنا، جەنۇبىي يۇناندىكى كورىنىس ۋە سپارتا، كىچىك ئاسىيادىكى مىلىت قاتارلىقلار ئىدى. ھەرقايسى يۇنان شەھەر دۆلەتلىرى مۇستەقىل-ئۆزىگە ئۆزى خوجا ئىدى، بەزىدە مەلۇم گۇرۇھ بولۇپ ئۇيۇشۇپ، چوڭراق شەھەر دۆلىتىنى ئىتتىپاق باشلىقى قىلىۋالاتتى، لېكىن دائىم ئۆزئارا رىقابەتلىشەتتى. شەھەر دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇشلارمۇ ناھايىتى كۆپ بولۇپ تۇراتتى. بۇ شەھەر دۆلەتلىرى ئىجتىمائىي تۈزۈم، ئۆرپ-ئادەت، تىل-يېزىق، دىنىي ئېتىقات ۋە مەدەنىي ئەنئەنە جەھەتلىرىدە يەنە ئاساسىي جەھەتتىن بىردەك ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئۆزلىرىنى بىرلا مىللەتكە كىرىمىز دەپ ھېسابلىشاتتى، ھەممىسى ئۆزلىرىنى "گرېكلار" دەپ ئاتىشاتتى، يۇنان شەھەر دۆلەتلىرى دائىرىسىگە كىرمەيدىغان بارلىق دۆلەت ۋە مىللەتلەرنى "يات ئەللىكلەر" ياكى "ياۋايى مىللەتلەر" دەپ ئاتىشاتتى.

شەھەر دۆلەتلىرىنىڭ قۇرۇلغانلىقى، تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. ھومېر دەۋرىدىن كېيىن، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 8—7-ئەسىرلەردە، يۇناننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىدە ناھايىتى زور ئۆسۈشلەر بولغان. تۆمۈر كان ئېچىش ۋە تۆمۈر قورال ئىشلىتىش كۈنسېرى ئومۇملاشقان. دېھقانچىلىق جەھەتتە، ياغاچ ساپانلارغا تۆمۈر چىش بېكىتىلگەن، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى تەدرىجىي كېڭەيگەن. ساناەتتە، رودا ئېرىتىش، ساپال

قاچا ياساش ۋە كېمە ياساشقا ئوخشاش كەسپلەر خېلى تەرەققى تاپقان. يۇناننىڭ ھەرقايسى جايلىرىنىڭ بولۇپمۇ كىچىك ئاسىيا دېڭىز قىرغىقىدىكى جايلارنىڭ شەرق ئەللىرى بىلەن بولغان سودىسى ناھايىتى گۈللەنگەن، سودا ئىشلىرى زور دەرىجىدە راۋاجلانغان. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 7-ئەسىردە، يۇنان قۇيما پۇل ئىشلىتىشنى باشلىغان، يەنى شەھەر دولىتى ھوكۇمىتى قۇيدۇرغان مېتال پۇلنى ئىشلەتكەن، بۇ — ئەينى ۋاقىتتا ئاۋار ئىگىلىگىنىڭ تەرەققى تاپقانلىقىنىڭ مۇھىم بەلگىسى.

گرېكلارنىڭ ئەسلىدىكى ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمى يېمىرىلگەن. يەرلەر بۆلۈۋېلىنىپ خۇسۇسى مۈلۈككە ئايلاندۇرۇلغان، ئۇرۇقداش ئاقسۆڭەكلەر يەرلەرنى بارغانسېرى كۆپ ئىگىلىۋالغان، ئادەتتىكى ئۇرۇق ئەزالىرىنىڭ بەزىلىرى خانىۋەيران بولۇپ قېچىپ كەتكەن، ئۇلارنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى ئېزىلگۈچى ئۇششاق دېھقانلاردىن بولۇپ قالغان. ئاقسۆڭەكلەر ھەم چوڭ يەر ئىگىلىرى، ھەم چوڭ قۇلدارلار ئىدى، ئۇلار ھەم قۇللارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلاتتى، ھەم ئۇششاق دېھقانلارنىڭ يەرلىرىنى ئۇستىلىق بىلەن بۇلاپ-تالاپ ئۆزىنىڭ قىلىۋالاتتى. يەنە بىر جەھەتتىن، سودا-سانائەتنىڭ تەرەققى قىلىشى سىنىپلارغا بۆلۈنۈش جەريانىنى تېخىمۇ تېزلەتكەن، سىنىپىي زىددىيەتلەر كۈنسېرى ئۆتكۈرلىشىپ، سىنىپىي زۇلۇم قورالى — دولەت ئاخىر مەيدانغا كەلگەن.

يۇنان شەھەر دولەتلىرىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى تەخمىنەن 200—300 يىل ۋاقىتنى بېسىپ ئۆتكەن. (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 8—6-ئەسىرلەر)، بىرمۇنچە يۇنان شەھەر دولەتلىرى شەكىللىنىش جەريانىدا خەلقنى چەتئەللەرگە كۆچۈرۈش ھەركىتىنى ۋە ھوقۇق

دائىرىسىدىن ھالقىغۇچىلارنىڭ سىياسى ھوكۇمرانلىقىنى باشتىن
كەچۈرگەن. خەلقنى چەتئەلگە كوچۈرۈش، ماھىيەتتە، قۇللۇق تۈزۈمى
دىكى شەھەر دولەتلىرىنىڭ كېڭەيمىچىلىك ۋە تاجاۋۇزچىلىق ھەركىتى
ئىدى، كوچكەن خەلق ئىچىدە خانىۋەيران بولغان ئۇششاق دېھقان
لارمۇ، سىياسى جەھەتتە ھوقۇقتىن مەھرۇم بولغان ئاقسوڭەكلەرمۇ
بولغان، ئۇلار چەتئەلگە بېرىپ باشقىدىن يېڭى جاي تېپىپ، يېڭى
شەھەر دولىتى تەشكىل قىلىپ، يەرلىك ئاھالىسىنى قۇل قىلغان ۋە
تالان-تاراج قىلغان، قۇللارنى قولغا چۈشۈرگەن، سودا ئېكسپلا-
تاتسىيىسى بىلەن شۇغۇللانغان، ۋاھاكازالار. بۇ ھەركەت نەتىجىسىدە
يۇنانچە شەھەر دولەتلىرى باشقا جايلارغىمۇ تارقالغان، مەسىلەن،
ئىتالىيەدە، فرانسىيىنىڭ جەنۇبىي قىسمى، سىتسىلىيە ئارىلى ۋە
قارا دېڭىز قىرغىقى قاتارلىق جايلاردا يۇنانچە شەھەر دولەتلىرى
قۇرۇپ چىقىلغان. يېڭى دولەت بىلەن ئانا دولەت ئوتتۇرىسىدا
بىر قەدەر قويۇق ئىقتىسادىي ئالاقە بولۇپ تۇرغان، شۇڭلاشقا خەلقنى
كوچۈرۈشمۇ يۇنان سودا-سانائىتىنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن،
شۇنىڭغا ئەگىشىپ، يۇناننىڭ قۇلدارلار سىنىپى ئىچىدە سودا-
سانائەت قۇلدارلىرى تەبىقىسى باش كوتىرىپ چىققان.

ھوقۇق دائىرىسىدىن ھالقىغۇچىلار دىگەندە دولەت ھاكىمىيىتىنى
زورلۇق كۈچ بىلەن سىياسى ئۆزگىرىش قوزغاش يولى بىلەن قولغا
كەلتۈرگەن ئىستىبداتلار كوزدە تۇتۇلىدۇ، ھوقۇق دائىرىسىدىن
ھالقىغۇچىلار سىياسىسىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئەينى ۋاقىتتىكى
سىنىپىي كۈرەشنىڭ نەتىجىسى ئىدى. يۇنان شەھەر دولەتلىرى
راۋاج تاپقان دەسلەپكى چاغلاردا، ھاكىمىيەتنىڭ تولىسى ئاقسوڭەك
قۇلدارلارنىڭ قولىدا ئىدى، ئۇلار قۇللارنىلا باستۇرۇپ قالماستىن،

بەلكى تووەن تەبىقىدىكى ئەركىن خەلقنىڭ ئەزگەن، ھەتتا ئۇلارنى قۇلغا ئايلاندۇرۇپ قويغان، كېيىن مەيدانغا كەلگەن سودا ـ سانائەت قۇلدارلىرىنىڭ چەتكە قېقىلىپ، ھاكىمىيەتتىن ئۇز ئۈلۈشى بويىچە بەھرىمەن بولالمىغان. شۇ سەۋەپتىن سودا ـ سانائەت قۇلدارلىرى رەھبەرلىكىدىكى تووەن تەبىقە ئەركىن خەلقنىڭ ئۇرۇقداش ئاقسوڭەكلەرگە قارشى تۇرۇش كۈرىشى مەيدانغا كەلگەن، بەزى شەھەر دۆلەتلىرى كۈرەش داۋامىدا ئۇرۇقداش ئاقسوڭەكلەرنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ھوقۇق دائىرىسىدىن ھالقىغۇچىلار سىياسىتىنى ئورنىتىپ، سودا ـ سانائەت قۇلدارلىرىغا مۇناسىپ كېلىدىغان سىياسەتنى ئىجرا قىلغان.

يۇنان شەھەر دۆلەتلىرىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئورتاقلىق ۋە مۇرەككەپ سىنىپىي كۈرەشنى باشتىن كەچۈرگەن، ئافىنا بىلەن سپارتا ئۆز ئالدىغا تىپ بولالايدۇ. ئۇلارغا مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ماتېرىياللارمۇ بىرقەدەر كوپ، شۇڭا يۇنان شەھەر دۆلەتلىرىنىڭ تارىخىنى شۇلارنى ۋەكىل قىلىپ قىسقىچە بايان قىلىمىز.

**ئافىنا** تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 8 ـ ئەسىردە، ئافىنا شەھەر دۆلىتى شەكىللىنىشكە باشلىغان. قەدىمقى رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا، ئافىنا پادىشاسى (باسىلېۋس) تېسۇس تۇنجى ئاساسىي قانۇننى تۈزۈپ چىققان. تېسۇس مىكېنى دەۋرىگە مەنسۇپ قەھرىمان، تېسۇس ئاساسىي قانۇن تۈزگەن دېيىلگىنى، روشەنكى، ئويدۇرما. ئەمما بۇ رىۋايەت بەزىبىر تارىخىي پاكىتلارنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ: شەھەر دۆلەتلىرى دەسلەپ قۇرۇلغان چاغدا مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان قانۇن تۈزۈش جەريانى بولغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ تېسۇس ئاساسىي قانۇنىدا، ئالدى بىلەن،

www.uyghurkitap.com

ئافىنادا مەركىزىي باشقۇرۇش ئورگىنى تەسىس قىلىپ، ئىلگىرى ھەرقايسى قەبىلىلەر مۇستەقىل بىر تەرەپ قىلىدىغان قىسمەن ئىشلارنى بۇ يەردىن قۇرۇلغان مەركىزىي ئورگاننىڭ بىر تۇتاش بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇش بەلگىلەنگەن. ئۇنىڭدىن قالسا، پۈتۈن خەلق ئۇرۇق، قېرىنداش ئۇرۇق، ياكى قەبىلە بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، بىردەكلا ئاقسۆڭەك، دېھقان ۋە قول ھۈنەرۋەن دېگەن ئۈچ سىنىپقا بۆلۈنگەن ھەمدە پەقەت ئاقسۆڭەكلەرلا ھۆكۈمەت ئەمەلدارى بولالايدۇ دەپ بەلگىلەنگەن. ئالدىنقى تەدبىر ئەمدىلا بىخ ئۇرۇپ چىققان دۆلەت ئاپپاراتىنىڭ ئۇرۇقداشلىق ئاپپاراتىنىڭ ئورنىنى ئالغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، كېيىنكىسى دۆلەتنىڭ سىنىپىي دىكتاتۇرىسىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، بۇ دىكتاتۇرا ئۇرۇقداش ئاقسۆڭەك قۇلدارلارنى ھاكىمىيەتنى مونوپولىيە قىلىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان.

ئافىنا پادىشاسىنىڭ پادىشالىق ئورنى كېيىنكى چاغلاردا ۋارىسلىق قىلىشتىن سايلاشقا ئۆزگەرتىلگەن، ئافىنا جۇمھۇرىيەت ھاكىمىيىتى تۈزۈمىدىكى شەھەر دۆلىتى بولۇپ قالغان. شەھەر دۆلىتىنىڭ باشلىقى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچى ئەمەلدار ھېسابلىناتتى، دەسلەۋىدە ئۆمۈر بويى ۋەزىپە ئۆتەيتتى، كېيىن 10 يىلدا بىر تەيىنلىنىدىغان، ئاخىردا (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 7-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا) بىر يىلدا بىر تەيىنلىنىدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. باش ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچى ئەمەلدار "يىل نامى ئەمەلدارى" دەپ ئاتالغان، ئۇنىڭ ئىسمى شۇ يىلنىڭ نامى قىلىنغان؛ پادىشا ئىككىنچى ئورۇندا تۇراتتى، شۇنداقلا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچى ئەمەلدارنىڭ بىرى ھېسابلىناتتى؛ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچى ئۈچىنچى ئەمەلدار ھەربىي

قوماندان دەپ ئاتىلىپ، ھەربىي قوشۇنغا قوماندانلىق قىلاتتى؛ بۇلاردىن باشقا يەنە 6 نەپەر ئەدلىيە ئەمەلدارى بولۇپ، ھەممىسى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچى 9 ئەمەلدار دەپ ئاتىلاتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇرۇقداش ئاقسۆڭەكلەر ئىچىدىن سايلىناتتى. ھەربىي، مەمۇرى چوڭ ھوقۇقنى تۇتىدىغان يەنە بىر ئاپارات ئاقسۆڭەكلەر كېڭەشمىسى ئىدى، كېڭەشمە ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچى ئەمەلدار ئاقسۆڭەكلەردىن تەشكىل تېپىپ، ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچى ئەمەلدارلارنى كورسىتىش ۋە جازالاش، جىنايى ئىشلار ئەنزىسىنى سوراش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى. ھەربىي دېموكراتىيە تۈزۈمىدىن قېپقالغان خەلق يىغىنى ساقلىنىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىسمى بار جىسمى يوق ئىدى، ھەتتا ئۇنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچى ئەمەلدارلارنى سايلاشتىكى شەكلەن ھوقۇقىمۇ ئاقسۆڭەكلەر كېڭەشمىسى تەرىپىدىن تارتىۋېلىنغان، خەلق يىغىنى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 7 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندىلا ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. بۇنداق سىياسى تۈزۈم شارائىتىدا، ئەلۋەتتە، ئۇرۇقداش ئاقسۆڭەك قۇلدارلارلا تولۇق سىياسى ۋە ئىقتىسادىي ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولالايتتى، ئۇلار ھاكىمىيەتنى مونوپوليە قىلىۋالغان، يەرلەرنى ئىگىلىۋالغان بولۇپ، ھەم قۇللار ئاممىسىنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلاتتى ۋە ئېزەتتى، ھەم ئافىنادىكى ئۇششاق دېھقانلار ۋە قول ھۈنەرۋەنلەرنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلاتتى ۋە ئېزەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئافىنا شەھەر دۆلىتىدە، ئۇششاق دېھقانلار ۋە قول ھۈنەرۋەنلەرنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ئاددىي خەلق بىلەن ئاقسۆڭەك قۇلدارلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كۈنسايىن ئوتكۈرلەشكەن. ئېنگېلس مۇنداق دەپ كورسەتكەن ئىدى: "ئاقسۆڭەكلەر-

نىڭ ھوكۇمرانلىقى كۈنسايىن كۈچەيدى، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 600-يىللار ئۈچۈرۈسىغا كەلگەندە چىداپ تۇرغۇسىز دەرىجىگە يەتتى."①

قەدىمقى يۇنان پەيلاسوپى ئارىستوتېل «ئافىنانىڭ سىياسىي تۈزۈمى» دېگەن كىتاۋىدا ئەينى ۋاقىتتىكى ئافىنا ئاقسۆڭەكلەر دىكتاتۇرىسىنىڭ ئەھۋالىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دېگەن: "بۇ ۋاقىتتىكى ئافىنانىڭ سىياسىسى تامامەن ئاقسۆڭەك مۇشتۇمزورلارنىڭ ھوكۇمرانلىقىدىن ئىبارەت بولغان، كەمبەغەللەرنىڭ ئۆزى ۋە ئۇلارنىڭ بالا-چاقىلىرىمۇ، ئەمەلىيەتتە، بايلارنىڭ قولىغا ئايلىنىپ قالغان؛ ئۇلار قوغدالغۇچى ۋە ئالتىدىن بىر ئۈلۈشلۈكچىلەر② دەپ ئاتالغان، ئەگەر ئۇلار يەر ئىجارىسى تاپشۇرالمىسا، ئۇلارنىڭ ئۆزى ۋە پەرزەنتلىرى قولغا ئايلىنىپ قالىدۇ". ئاددىي خەلقنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكى ئامما قاتتىق ئازاپ-ئوقۇبەتلىك سىنىپىي زۇلۇم ئاستىدا، قوزغىلىپ كۈرەش قىلىشىلا كېرەك ئىدى. ئافىنادىكى ئاددىي خەلق ئاممىسىنىڭ ئاقسۆڭەكلەر ھوكۇمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش كۈرىشى بىر قاتار سىياسىي ئىسلاھاتلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە سەۋەبچى بولغان، بۇنىڭ بىلەن ئافىنا دۆلىتى پەيدىن-پەي

---

① ئېنگېلس: «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى». «ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، خەلق نەشرىياتىنىڭ 1972-يىل خەنزۇچە نەشرى، 4-توم، 107-بەت.

② يەنى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ يېرىنى ئىجارىگە ئېلىپ تېرىيدىغان ياكى يېرىنى ئاقسۆڭەكلەرگە رەنىگە قويغان ئىجارىكەش دېخانلار ئالغان ھوسۇلنىڭ ئالتىدىن بىر قىسمىنىلا ساقلاپ قالالايتتى، ئالتىدىن بەش قىسمىنى يەر ئىگىسىگە تاپشۇراتتى.

ئۆزگىرىپ قۇللۇق تۈزۈم دېموكراتىيىسى يولغا قويۇلغان دۆلەتكە ئايلانغان، ئاددى خەلق ئاممىسى قۇلغا ئايلىنىپ قېلىش تەقدىرىدىن قۇتۇلغان، ئۇلارنىڭ سىياسى ئورنىمۇ ئاز-تولا يۇقۇرى كۆتىرىلگەن.

بۇ بىر قاتار سىياسى ئىسلاھاتلار شۇنىڭ ئۈچۈن ئەمەلگە ئاشالىغانكى، يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان سودا-سانائەت قۇلدارلىرى مۇھىم رول ئوينىغان. ئۇلارمۇ قۇللار ۋە يالانما ئىشچىلارنى دەھشەتلىك تۈردە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغان ھەمدە جازانىخورلۇققا ئوخشاش ئۇسۇللار بىلەن ئۇششاق دېھقانلار ۋە مۇستەقىل قول ھۈنەرۋەنلەرنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار سىياسى جەھەتتە يەنىلا ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئېزىشى ۋە چەتكە قېقىشىغا ئۇچرىغان، شۇڭا ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئىمتىيازىغا قارشى تۇرۇش جەھەتتە ئۇلاردا ئۇششاق دېھقانلار ۋە قول ھۈنەرۋەنلەر بىلەن بىرلىشىش مۇمكىنچىلىكى بولغان. بۇ سودا-سانائەت قۇلدارلىرىنىڭ تەسىرى كۈچى كۈندىن-كۈنگە زورىيىپ بارغانسېرى، ئۇلار ھاكىمىيەتنى ئۆزلىرى قولغا ئېلىش كويىدا بولۇشقان. ئۇلارنىڭ ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش يولىدىكى كۈرەشلىرىدە، ئۇششاق دېھقانلار ۋە قول ھۈنەرۋەنلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش زۆرۈر بولغاچقا، ئۇلار ئاددى خەلقنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكى ئاممىنىڭ قەرز تۆلەشنى بىكار قىلىش، قۇل قىلىشقا ۋە ئېزىشكە قارشى تۇرۇش تەلىپىگە مەلۇم دەرىجىدە ماقۇل بولغان. كۈرەش نەتىجىسىدە سودا-سانائەت قۇلدارلىرى ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغان.

بۇ بىر قاتار سىياسى ئىسلاھاتلارنىڭ تۇنجى قېتىمقىسى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 594-يىلى ئېلىپ بېرىلغان سولون ئىسلاھاتى. سولون ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، كېيىن سودا-سانائەت

بىلەن شۇغۇللانغان، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى سۆكىدىغان ۋە جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىنى ئېچىپ تاشلايدىغان بەزىبىر شېئىرلارنىمۇ يازغان. ئۇ بۇ ئۇسۇللار ئارقىلىق ئاددىي خەلقنىڭ تۆۋەن قاتلىمىنىڭ ھىمايىسىگە، بولۇپمۇ سودا-سانائەت قۇلدارلىرى سىنىپىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەينى ۋاقىتتىكى ئافىنادا سىنىپىي مۇناسىۋەت ئىنتايىن جىددىيلەشكەن پەيتتە، ئۇ ئاددىي خەلقنىڭ يار-يۆلەك بولۇشى ئارقىسىدا، ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچى ئەمەلدارلىقنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ھەمدە قانۇن تىكلىگۈچى ئالىي ھوقۇققا ئېرىشىپ، سىياسىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا ھوقۇقلۇق بولغان.

سولون ئىسلاھاتىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق بولغان: بىرىنچى، "قەرزگە بوغۇلۇشنى بىكار قىلىش پەرمانى"نى ئېلان قىلغان، يەنى قەرز تۆلەش ۋە قەرزگە بوغۇلۇش سەۋەبىدىن قۇل قىلىشنى بىكار قىلغان. بۇ پەرمانغا ئاساسەن، ئاددىي خەلقنىڭ ئاقسۆڭەكلەرگە بوغۇلغان قەرزى بىكار قىلىنغان، قەرزگە بوغۇلۇش سەۋەبىدىن قۇلغا ۋە "ئالتىدىن بىر ئۈلۈشلۈكلەر"گە ئايلىنىپ قالغان ئاددىي خەلق قايتىدىن ئەركىنلىككە ئېرىشكەن، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئافىنادا قەرزدار قۇللۇقلۇق تۈزۈمى مەڭگۈ مەنئى قىلىنغان. ئىككىنچى، جىمىكى پۇقرا مال-مۈلكى ۋە سالاھىيىتىگە قاراپ 4 دەرىجىگە ئايرىلغان. شۇنىڭ بىلەن سودا-سانائەت قۇلدارلىرى بىلەن ئۇرۇقداش ئاقسۆڭەك قۇلدارلار باراۋەر ئورۇنغا ئىگە بولغان، ئىككىلىسى 1-ۋە 2-دەرىجىلەرگە كىرگۈزۈلگەن، ئادەتتىكى ئۇششاق دېھقانلار ۋە قول ھۈنەرۋەنلەرنىڭ كۆپ قىسمى 3-دەرىجىگە كىرگۈزۈلگەن، ياللانما ئىشچىلار ۋە نامرات پۇقرالار بولسا 4-دەرىجىگە

مەنسۇپ بولغان. سولون يەنە، 1-ۋە 2-دەرىجىدىكىلەر ئالى ئەمەل تۇتسا بولىدۇ، 3-دەرىجىدىكىلەر تۆۋەن دەرىجىلىك ئەمەل تۇتسا بولىدۇ، 4-دەرىجىدىكىلەر ئەمەل تۇتۇشقا بولمايدۇ، دەپ بەلگىلىگەن. بۇ بەلگىلىمىلەر مۇشۇ ئىسلاھاتنىڭ ئاساسەن سودا-سانائەت قۇلدارلىرىنىڭ ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىشى ئۈچۈن يول ئېچىپ بەرگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۈچىنچى، ئاقسۆڭەكلەر كېڭەشمىسىنىڭ ھوقۇقلىرىنى چەكلەش ۋە ئاجىزلىتىش ئۈچۈن بەزى سىياسىي ئاپپاراتلار تەسىس قىلىنغان، مەسىلەن، 400 كىشىلىك كېڭەشمە تەسىس قىلىنغان، بۇ كېڭەشمە ئافىنادىكى 4 قەبىلىنىڭ ھەرقايسىسى 100 دىن ئادەم سايلاپ چىقىش بىلەن تەشكىل قىلىنغان، بۇنىڭغا 4-دەرىجىدىكىلەردىن باشقا دەرىجىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى سايلىنالىغان. بۇ كېڭەشمە خەلق يىغىنىنىڭ لايىھىسىنى تەييارلاش ۋە تەكشۈرۈپ مۇھاكىمە قىلىشقا مەسئۇل بولغان، بۇ كېڭەشمە خەلق يىغىنىنىڭ دائىمىي كومىتېتى سۈپىتىدە ئاقسۆڭەكلەر كېڭەشمىسىگە تەئەللۇق ھوقۇقلارنى ئۆتكۈزۈۋالغان. بۇنىڭدىن باشقا يەنە سوت مەسلىھەتچىلىرى سودىمۇ تەسىس قىلىنغان، جىمىكى پۇقرا سوت مەسلىھەتچىسىلىككە سايلىنالايدىغان بولغان، شۇنىڭ بىلەن ئاقسۆڭەكلەرنىڭ سوتنى مونوپوللىيە قىلىۋېلىش ھوقۇقى بۇزۇپ تاشلانغان. تۆتىنچى، سودا-سانائەتكە ئىلھام بېرىدىغان بەزى تەدبىرلەر قوللىنىلغان. مەسىلەن، پۇل تۈزۈمى ئىسلاھ قىلىنغان، سىرتقى جايلاردىن ئافىناغا كۆچۈپ كېلىپ ئورۇنلاشقان ئۇستىلار مۇكاپاتلانغان ھەمدە ئۇلارغا پۇقرالىق ھوقۇقى بېرىلگەن، پۇقرالارنىڭ قول ھۈنەر تېخنىكىسىنى ئۆگىنىشى تەشەببۇس قىلىنغان، ۋاھاكازالار. يۇقۇرىدا ئېيتىلغان تۆت جەھەتنى ئومۇملاشتۇرغاندا،

www.uyghurkitap.com

كورۇۋېلىشقا بولىدۇكى، سولون ئىسلاھاتىنىڭ يادروسى باشتىن-ئاياق سودا-سانائەت قۇلدارلىرىنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت بولغان.

ئېنگېلس مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن ئىدى: "سولون سىياسىي ئىنقىلاپ دەپ ئاتىلىدىغان بىر قاتار ئىنقىلاپلارنى باشلاپ بەردى ۋە باشلاپ بەرگەندىمۇ مۈلۈكچىلىككە تېگىش ئارقىلىق باشلاپ بەردى،......سولون ئېلىپ بارغان ئىنقىلاپ داۋامىدا قەرزدارلارنىڭ مال-مۈلكىنى قوغداش ئۈچۈن ھەقدارلارنىڭ مال-مۈلكىگە زىيان يەتكۈزۈلۈشى كېرەك ئىدى."① بۇ يەردە ئېيتىلغان ھەقدارلار، ئاساسەن، ئۇرۇقداش ئاقسۆڭەك قۇلدارلارنى كۆرسىتىدۇ، قەرزدارلار ئاددىي خەلقنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكى ئاما. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇرۇقداش ئاقسۆڭەك قۇلدارلارنىڭ خۇسۇسىي مال-مۈلۈك ھوقۇقىغا تېگىپ، ئاددىي خەلقنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكى ئاممىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش جەھەتتە سولون ئىسلاھاتى ئىنقىلاۋىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى، ئۇنىڭ ئاددىي خەلق ئەڭ كۆپ ئالقىشلىغان ئىسلاھات تەدبىرى دەل قەرز تۆلەشنى بىكار قىلىش، قەرزدار قۇللۇق تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. لېكىن، سولوننىڭ ئۆزى ۋە ئۇ ۋەكىللىك قىلغان ئاشۇ سودا-سانائەت قۇلدارلىرى سىنىپى يەنىلا ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپ بولغانلىقتىن، بۇ ئىسلاھاتتا قەرز تۆلەش بىكار قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن قەرز تۆلەشنى پەيدا قىلىدىغان سىنىپىي ئېكسپىلاتاتسىيىنىڭ مەنبەسى بىكار قىلىنمىغان،

① ئېنگېلس: «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى». «ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، خەلق نەشرىياتىنىڭ 1972-يىل خەنزۇچە نەشرى، 4-توم، 110—111-بەتلەر.

ئافىنا ئاددى خەلقنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكى ئاممىنىڭ ئەھۋالىدا بەزىبىر ياخشىلىنىشلار بولغان بولسىمۇ، لېكىن تۈپ ئاساستىن ياخشىلىنىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ھالبۇكى سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتلەردە ئالغان پايدىسى ئەڭ زور بولغانلار يەنىلا سودا-سانائەت قۇلدارلىرى سىنىپى ئىدى.

سولون ئىسلاھاتىدىن كېيىن، ئافىنا شەھەر دۆلىتىنىڭ سىياسىي تەرەققىياتى ئاساسىي جەھەتتىن ئىسلاھات ئېچىپ بەرگەن يولنى بويلاپ ماڭغان، يەنى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ھاكىمىيىتىنى مونوپول قىلىۋېلىشى قەدەممۇ-قەدەم چەكلەنگەن ۋە بىكار قىلىنغان، بۇنىڭ بىلەن سودا-سانائەت قۇلدارلىرى ھوقۇق تۇتقۇچى ھۆكۈمران سىنىپقا كۆتۈرۈلگەن ھەمدە ئافىنانىڭ قۇلدارلار سىنىپى دىكتاتۇرىسىغا دېموكراتىيە تونى يېپىلغان.

سولوندىن كېيىنكى بىر ھەل قىلغۇچ سىياسىي ۋەقە مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 509 — 508-يىللىرى يۈرگۈزۈلگەن كلىسفېن ئىسلاھاتىدىن ئىبارەت بولغان. ئۇنىڭدا تامامەن رايون پرىنسىپى بويىچە ئايرىلغان سايلام رايونى ئۇرۇق قەبىلىلىرى بويىچە تەشكىل قىلىنغان كونا سايلام رايونىنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، ئۇرۇقداش ئاقسۆڭەكلەر كۈچلىرىگە يەنىمۇ قاتتىق زەربە بېرىلگەن. ئەسلىدە ئافىنا 4 قەبىلىگە بۆلۈنەتتى، سايلام قەبىلە تەشكىلى بويىچە ئېلىپ بېرىلاتتى، ئۇرۇقداش ئاقسۆڭەكلەر قەبىلىدىكى ئەنئەنىۋى تەسىرى كۈچىگە تايىنىپ، سايلامنى ئاسانلا ئۆز چاڭگىلىغا ئېلىۋالاتتى. كلىسفېن ئەسلىدىكى 4 قەبىلىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، پۈتۈن ئافىنانى 10 سايلام رايونىغا ئايرىپ، ئەسلىدە ئاقسۆڭەكلەر كونترول قىلىدىغان 4 قەبىلە چېگرىسىنى تەل-تۆكۈس بۇزۇپ تاشلاپ، ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىنىڭ قالدۇقلىرىنى

www.uyghurkitap.com

تازىلانغان، يېڭى سايلام رايونىنىڭ ئاساسىي قاتلام بىرلىكى "دېم" ئىدى، يەنى يېزا دەرىجىلىككە باراۋەر كېلىدىغان ئاپتونوم رايون ئىدى، ئۇنىڭدا پۇقرا ئۇرۇق ئايرىماستىن، بەلكى ئۆزى تۇرۇشلۇق دېم بويىچە تىزىمغا ئالدۇراتتى ۋە سايلام ئېلىپ باراتتى. ئۇرۇق تەۋەلىكىنىڭ ئورنىنى پۈتۈنلەي جاي تەۋەلىكى ئالغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئېنگېلس مۇنداق دېگەن ئىدى: كلىسفېن ئىسلاھاتى دەۋرىگە كەلگەندە، "ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قالدۇقلىرىمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ يوقالدى".①

كلىسفېن قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ دېموكراتىك سىياسىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ يولغا قويغان. ئۇ "500 كىشىلىك كېڭەشمە"نى سولوننىڭ "400 كىشىلىك كېڭەشمە"سىنىڭ ئورنىغا دەسسەتكەن، يەنى بۇ كېڭەشمە 10 سايلام رايونىدا ھەر بىر رايون 50 تىن ۋەكىل سايلاش بىلەن تەشكىل قىلىنغان. 4-دەرىجىدىكىلەردىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى ۋەكىللىككە سايلىنالىغان. بۇ كېڭەشمە مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ۋە چەتئەل ئەلچىلىرىنى قوبۇل قىلىدىغان، خەلق يىغىنى ئۈچۈن لايىھە تەييارلايدىغان ۋە قارارلارنى ئىجرا قىلىدىغان تېخىمۇ زور ھوقۇققا ئىگە بولغان. خەلق يىغىنى قانۇن تۈزىدىغان ئالىي ئورگان بولۇپ قالغان، ئەڭ ئاخىرقى دەرىجىلىك باشقۇرۇش ھوقۇقى خەلق يىغىنىغا مەنسۇپ بولغان، ھەر بىر ئافىنا پۇقراسى بۇ يىغىنغا قاتنىشالايدىغان بولغان ھەم ئاۋاز بېرىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولالىغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، كلىسفېن يەنە "ساپال پارچىسىغا

① ئېنگېلس: «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى»، «ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، خەلق نەشرىياتىنىڭ 1972 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 4 - توم، 113 - بەت.

ئىسمىنى يېزىپ سۈرگۈن قىلىش قانۇنى"نىمۇ تۈزۈپ چىققان. ئۇنىڭدا، خەلق يىغىنى دۆلەتكە خەۋپ يەتكۈزىدىغان ئۇنسۇرلارنى سۈرگۈن قىلىشنى ئاۋاز بېرىش ئارقىلىق قارار قىلىشقا ھوقۇقلۇق، دەپ بەلگىلەنگەن، ئاۋاز بېرىش ۋاقتىدا ھەر بىر پۇقرا ئۆزى سۈرگۈن قىلىش كېرەك دەپ ھېساپلىغان ئادەمنىڭ ئىسمىنى قولۇلە قېپىغا ياكى ساپال پارچىسىغا يېزىپ قوياتتى، ئەگەر بىراۋ ئۈچۈن تاشلانغان بېلەت 6 مىڭدىن ئېشىپ كەتسە، ئۇ دەرھال دۆلەتتىن قوغلاپ چىقىرىلاتتى، 10 يىلدىن كېيىن ئاندىن قايتىپ كېلىشكە رۇخسەت قىلىناتتى. بۇ چارە ئاددىي خەلق ئاممىسى قارشى ئالمايدىغان ئادەملەر ئۈچۈن ناھايىتى قاتتىق تەھدىت ئىدى.

كلىسفېن ئىسلاھاتى ئارقىلىق ئافىنا شەھەر دۆلىتىنىڭ دېموكراتىيە شەكلىدىكى دۆلەت تۈزۈمى ئاخىرقى ھېساپتا تىكلەنگەن، بۇنداق دۆلەت تۈزۈمى ئافىنا ئاددىي خەلقىنىڭ ئاقسۆڭەكلەرگە قارشى كۆرىشىنىڭ غەلىبە قازانغانلىقى ۋە ئافىنا دۆلىتىنىڭ شەكىللىنىش جەريانىنىڭ ئاخىر تاماملانغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. لېكىن، ئافىنا شەھەر دۆلىتى يەنىلا قۇلدارلار دىكتاتورىلىقىدىكى قۇللۇق تۈزۈمىدىكى دۆلەتلا ئىدى. ماۋجۇشى مۇنداق دەپ تەلىم بەرگەن ئىدى: "دېموكراتىيە دېگەن نەرسە بەزىدە مەقسەتتەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، بىر خىل ۋاستىدىنلا ئىبارەت."① ئافىنانىڭ قۇللۇق تۈزۈمىدىكى دېموكراتىك سىياسىسى ئۆزىنىڭ قۇللۇق تۈزۈمىدىكى ئىقتىسادىي بازىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلاتتى، يەنى ئۇ قۇلدارلار سىنىپى

① ماۋزېدۇڭ: «خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتنى توغرا ھەل قىلىش مەسىلىسى ھەققىدە». «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، 5 ـ توم، 1977 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 589 ـ بەت.

ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنىڭ بىر خىل ۋاستىسى ئىدى. ئافىنا شەھەر دۆلىتىنىڭ پۇقرالىرىنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى باراۋەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشى قۇللارنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ھالدا بىردەك باستۇرۇشنى مەقسەت قىلاتتى. بۇ سىياسىي شارائىتتا، بارلىق قۇللارنىڭ ھايات-ماماتلىق ھوقۇقى خوجايىنىنىڭ قولىدا بولغاچقا، ھېچقانداق سىياسىي ھوقۇقتىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايتتى، ئەلۋەتتە. ئەركىن خەلق ئىچىدىمۇ ئاياللاردا پۇقرالىق ھوقۇقى بولمايتتى. پۇقرالىق ھوقۇقىغا ئىگە ئۇششاق دىخان، قول ھۈنەرۋەن ۋە ياللانما ئىشچى قاتارلىقلارنىڭ شەكىل جەھەتتىكى باراۋەرلىكىمۇ كاپالەتلىك قىلىنمايتتى، ئىقتىسادىي سەۋەپلەردىن، ئۇلار دائىم يىغىنلارغا قاتنىشالمايتتى، سايلىنىپ ئەمەلدار بولۇشقىمۇ تېخىمۇ ئېغىز ئاچقىلى بولمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاتالمىش ئافىنا دېموكراتىك سىياسىسى، ئەمەلىيەتتە، سودا-سانائەت قۇلدارلىرىنىڭ دىكتاتۇرىسىلا ئىدى.

**سپارتا** سپارتا شەھەر دۆلىتى تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 8-ئەسىردە، سپارتالىقلارنىڭ ئەسلى ئاھالىنى بوي سۇندۇرۇشى جەريانىدا قۇرۇلغان ئىدى. سپارتا رايونىدىكى ئەسلى ئاھالىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى مەجبۇرى ھالدا دۆلەت قۇلىغا ئايلاندۇرۇلۇپ، ھېلوتلار دەپ ئاتالغان، چەت جايلارغا قوغلىۋېتىلگەن ۋە ئەسلىدە چەت جايلاردا ياشىغان ئاز قىسىم ئاھالە باشقا بىر تەبىقە بولۇپ تەشكىللىنىپ، سىياسى جەھەتتە بېقىنىدى ئورۇندا ياشىغان، ئۇلار پېرىئېكلار دەپ ئاتالغان. بارلىق سپارتالىقلار بولسا ھۆكۈمرانلارغا ئايلىنىپ، پەقەتلا ھېلوتلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشقا تايىنىپ ياشىغان.

ئىقتىسادىي تۈزۈم جەھەتتە، سپارتالىقلار ھېلوتلار ئۈستىدىكى

ئېكسپىلاتاتسىيىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، قۇللار ۋە يەرلەرنى دۆلەت ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈۋېلىشتەك بىر يۈرۈش تۈزۈمنى يولغا قويغان، سپارتا شەھەر دۆلىتى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ يەرلىرىنى بىرنەچچە مىڭ پارچە ئۇششاق ئۈلۈش يەرلەرگە بۆلگەن، پۇقرادىن ھەر بىر ئائىلە بىر ئۈلۈشتىن ئالغان، بۇ يەرلەرنى ئېلىپ-سېتىشقا، ئۆتۈنۈشكە، ياكى بۆلۈپ مىراس قىلىپ قالدۇرۇشقا رۇخسەت قىلىن-مايتتى. بارلىق ھېلوتلارمۇ ئائىلە ياكى كەنت بويىچە ئۆزى قاراشلىق بولغان بەلگىلىك ئۈلۈش يەرنى تېرىيتتى، ئالغان ھوسۇلنى بەلگىلىمە بويىچە ئۈلۈش يەرنىڭ ئىگىسىگە تاپشۇراتتى. ھېلوتلار بارلىق سپارتالىقلارنىڭ قۇلى، يەنى دۆلەتنىڭ قۇلى ھېسابلىناتتى، لېكىن سپارتالىقلار ئۆز ئۈلۈش يېرىدىكى ھېلوتلارنى ئۆز مەيلىچە سېتىۋې-تەلمەيتتى، ھەيدىۋېتەلمەيتتى ۋە ھوسۇلنى ئۆز ئىختىيارىچە ئېلىۋالال-مايتتى. بۇنداق تۈزۈم ھېلوتلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ۋە باستۇرۇش غەرىزىدە، سپارتا پۇقراسىنىڭ كەمبەغەللەر ۋە بايلارغا بۆلۈنۈپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن قوللىنىلغان ئىدى. پېرىيېكلارغا قىلىنغان مۇئامىلە قەدەر ئەھۋال ياخشى ئىدى، ئۇلار سىياسىي جەھەتتە ھوقۇقسىز بولسىمۇ، لېكىن جىسمانىي جەھەتتە ئەركىن ئىدى، سودا-سانائەت بىلەن شۇغۇللىنالايتتى، يەر ۋە مال-مۈلكى ئۆز قولىدا ئىدى. پېرىيېكلارنىڭ سپارتا شەھەر دۆلىتىگە ئولپان تاپشۇرۇشى ۋە ھەربىي خىزمەت ئۆتەپ بېرىشى شەرت ئىدى.

سىياسىي تۈزۈم جەھەتتە، سپارتادا قۇلدار ئاقسۆڭەكلەرنىڭ مۇشتۇمزورلۇق جۇمھۇرىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغان ئىدى. سپارتانىڭ دۆلەت ئاپاراتى پادىشا، ئاقساقاللار كېڭەشمىسى، خەلق يىغىنى ۋە مۇپەتتىش ئەمەلدارلاردىن تەشكىل تاپاتتى. پادىشادىن ئىككى

بولۇپ، ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئىككى پادىشا جەمەتىدىن ۋۇجۇتقا كېلەتتى، ئۇرۇش ۋاقتىدا ھەربىي قوشۇنغا قوماندانلىق قىلاتتى. ئادەتتىكى چاغلاردا ئۇلارنىڭ ھوقۇقى چوڭ بولمايتتى. خەلق يىغىنىنىڭمۇ ئىسمى بار، جىسمى يوق بولۇپ، ئاقسوڭەكلەر ئوتتۇرىغا قويغان قانۇن لايىھىسىگە پەقەتلا ئالقىشلاپ ئاۋاز بېرەتتىيۇ، ئۇنى مۇزاكىرە قىلىش ھوقۇقى يوق ئىدى. ھەربىي-مەمۇرى ئەمەلىي ھوقۇق مۇپەتتىش ئەمەلدارلار ۋە ئاقساقاللار كېڭەشمىسىنىڭ قولىدا بولاتتى، ئۇلار پۈتۈنلەي ئاقسوڭەكلەردىن تەركىپ تاپاتتى، شەكىلدە خەلق يىغىنىدا سايلاش يولى بىلەن ۋۇجۇتقا كېلەتتى. ئاقساقاللار كېڭەشمىسى سپارتانىڭ ئالىي سىياسى ئورگىنى بولۇپ، بارلىق چوڭ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قارار قىلاتتى. بەش كىشى مۇپەتتىش ئەمەلدارلىققا قويۇلاتتى، ئۇلارنىڭ ۋاكالەت مۇددىتى بىر يىل بولاتتى، ئۇلار پادىشاغا نازارەت قىلىش ۋە ئۇنى سوراققا تارتىشقا، ئاقساقاللار كېڭەشمىسىنى چاڭگىلىدا تۇتۇشقا، پۇقرانىڭ تۇرمۇشىنى باشقۇرۇشقا ھوقۇقلۇق ئىدى، شۇڭا ئۈچۈن، ئۇلار ئەمەلىيەتتىكى ھۆكۈمرانلار ئىدى. سپارتا سىياسى تۈزۈمىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىگى ئۇنىڭ كۈچلۈك ھەربىي باستۇرۇش تۈسىنى ئالغانلىغى ئىدى. بارلىق سپارتا پۇقراسىنىڭ ھەممىسى قاتتىق ھەربىي تەشكىل ئىچىدە بولاتتى، ياشلارنىڭ ھەر كۈنى ھەربىي تەلىم-تەربىيىگە قاتنىشىشى، كوللېكتىپ يېتىپ-قوپۇشى، قولىغا قورال ئېلىپ ھېلوتلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا ھەر ۋاقىت تەييار تۇرۇشى شەرت ئىدى. ياشانغانلارنىڭمۇ دائىمى ھەربىي خىزمەت ئۆتىشى شەرت ئىدى. ئوغۇل باللار 7 ياشتىن باشلاپلا كوللېكتىپ تۇرمۇش كەچۈرۈپ، تۈرلۈك قاتتىق ھەربىي تەلىم-تەربىيە بىلەن مەشغۇل بولاتتى، ئۇلارغا ھېلوتلار



www.uyghurkitap.com

ئۈستىدىن قانلىق ھوكۇمرانلىق قىلىشتەك قۇلدارلىق ئىدىيىسى سىڭدۈرۈلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، پۈتكۈل سپارتالىقلار جەمئىيىتى بەئەينى بىر ھەربىي لاگېر بولۇپ، ئۇنىڭ تۈرلۈك تۈزۈملىرى سپارتالىقلارنىڭ كۈچلۈك ھەربىي باستۇرۇش كۈچىنى ساقلاپ قېلىشنى مەقسەت قىلاتتى.

سپارتا شەھەر دۆلىتىدە، ھېلوتلار بارلىق سپارتالىقلارنىڭ قۇلى. شۇنداقلا بارلىق سپارتالىقلارنىڭ دۈشمىنى ئىدى، سپارتا دۆلىتى ھېلوتلارنى باستۇرۇشنى ھەممە سىياسەتلىرىنىڭ چىقىش نۇقتىسى قىلغان ئىدى. ھەر يىلى يېڭى مۇپەتتىش ئەمەلدار ۋەزىپىگە چىققاندا، ئالدى بىلەن ھېلوتلارغا قارشى "ئۇرۇش ئېلان قىلىش" مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، سپارتا پۇقراسىنىڭ ھېلوتلار ئۈستىدىن ئاشكارا ھەم "قانۇنلۇق" ھالدا قانلىق ھوكۇمرانلىق قىلالايدىغانلىقىنى بىلدۈرەتتى. ئاندىن سپارتا ھوكۇمىتى ياش يىگىتلەرنى ھېلوتلار ئولتۇراقلاشقان جايغا بېرىپ كۆزىتىش، پايلاش، تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش، تۇتقۇن قىلىش ۋە قىرغىن قىلىش، ئەڭ قاۋۇل، باتۇر ۋە قارشىلىق كۆرسىتىش روھىغا ئىگە ھېلوتلارنى يوقىتىشقا ئۇيۇشتۇراتتى. قۇللارنى باستۇرۇشتەك بۇنداق قانلىق جىنايى قىلمىش سپارتا دۆلىتىنىڭ ھەممىدىن مۇھىم ۋە دائىملىق ۋەزىپىسى دەپ قارىلاتتى. كۈندىلىك تۇرمۇشتا، سپارتالىقلار بىلەن ھېلوتلارنىڭ چەك-چېگرىسىمۇ ئىنتايىن قاتتىق ئايرىلاتتى، ھېلوتلار چېكىدىن ئاشقان خورلاشلارغا ئۇچرايتتى.

سپارتا شەھەر دۆلىتىنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي تۈزۈمى يۇنان شەھەر دۆلەتلىرىنىڭ قۇلدارلار سىنىپى دىكتاتۇرىسىنىڭ ماھىيىتىنى تېخىمۇ روشەن ئاشكارىلاپ بەرگەن ئىدى. بۇ تۈزۈمنىڭ بارلىق

سىياسەتلىرىنىڭ تۈپ مەقسىدى ھېلوتلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ۋە باستۇرۇشنى كاپالەتلەندۈرۈش ئىدى. لېكىن بۇنداق تۈزۈم ھېلوتلارنىڭ قارشىلىقىنى ھەرگىزمۇ توساپ قالالمىغان، شۇنداقلا ئىگىلىك تەرەققىياتىنىڭ تەلمۈنگىمۇ لايىقلىشالمىغان. ھېلوتلار قوزغىلىڭىنىڭ قاخشاتقۇچ زەربىسى ۋە قۇللۇق تۈزۈمىدىكى ئىگىلىك تەرەققىياتىنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا، بۇ تۈزۈم مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 5-ئەسىرگە كەلگەندىلا بارا-بارا يىمىرىلگەن.

## 3-بۆلۈم يۇنان-پېرسىيە ئۇرۇشى ۋە ئافىنانىڭ زومىگەرلىك ھوقۇقى

**يۇنان بىلەن پېرسىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش** مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 492-يىلى، پېرسىيە قوشۇنى يۇنانغا بېسىپ كىرگەنلىكتىن، يۇنان بىلەن پېرسىيە ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش باشلانغان. بۇ تارىختىكى مەشھۇر ئۇرۇش تەخمىنەن يېرىم ئەسىرگە سوزۇلۇپ، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 449-يىلىغا كەلگەندىلا، ئىككى تەرەپنىڭ سۈلھى شەرتنامە تۈزۈشى بىلەن ئاياقلاشقان. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 6-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، پېرسىيە ئىمپېرىيىسى زېمىنىنى كىچىك ئاسىيا يېرىم ئارىلىغىچە كېڭەيتكەندە، كىچىك ئاسىيانىڭ دېڭىز قىرغىقىدىكى يۇنان شەھەر دۆلەتلىرى بىلەن توقۇنۇش يۈز بەرگەن، بۇ شەھەر دۆلەتلىرىدىن ئەڭ چوڭ شەھەر دۆلىتى بولغان مىلېت (ھازىرقى تۈركىيىنىڭ مېندېرېس دەرياسى ئېغىزىدا) مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 500-يىلى پېرسىيىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندە، يۇنانىنىڭ ئۆز

زىمىنىدىكى ئافىنا مەدەت بەرگەن، مىلىت كۆرەشتە مەغلۇپ بولغان-
دىن كېيىن، پېرسىيە ئىمپېرىيىسى ئۆزىنىڭ غەربىي رايونىدىكى
ھوكۇمرانلىقنى ھەقىقى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن يۇنانىنى بوي سۇن-
دۇرماقچى بولغان. يۇنانىنىڭ ئەڭ چوڭ ئىككى شەھەر دولىتى —
ئافىنا بىلەن سپارتا پېرسىيىنىڭ تاجاۋۇزىغا ئەڭ قاتتىق قارشىلىق
كورسەتكەن. سپارتانىڭ پېرسىيىگە قارشىلىق كورسىتىشتىكى ئاساسىي
مەقسىدى سىياسى جەھەتتىكى مۇستەقىللىقنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن
ئىدى، ئافىنانىڭ پېرسىيىگە قارشىلىق كورسىتىشىدە بولسا مۇستە-
قىللىقنى ساقلاپ قېلىشتىن باشقا، يەنە تېخىمۇ مۇھىم ئىقتىسادىي
جەھەتتىكى سەۋەپمۇ بار ئىدى. چۈنكى بۇ ۋاقىتتا ئافىنا ئىگىلىك
جۇش ئۇرۇپ تەرەققىي قىلغان باسقۇچتا تۇرۇۋاتاتتى، ئۇنىڭ كىچىك
ئاسىيا ۋە قارا دېڭىز رايونى بىلەن بولغان سودىسى تازا راۋاج
تاپقان بولۇپ، ئەگەر پېرسىيىنىڭ كىچىك ئاسىيادىكى ھوكۇمرانلىقىغا
يول قويۇلىدىغان بولسا، ئافىنانىڭ ئىگىلىك تەرەققىياتى ئىنتايىن
زور توسالغۇغا ئۇچرايتتى.

يۇنان-پېرسىيە ئۇرۇشى ئىككى باسقۇچقا بولۇنىدۇ، ئاساسلىق
جەڭ بىرىنچى باسقۇچتا (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 492 — 497) بولغان،
پېرسىيىنىڭ تاجاۋۇزچى كۈچى ئاساسىي جەھەتتىن چېكىندۇرۇلگەن.
ئىككىنچى باسقۇچى ئافىنانىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ پېرسىيىنى كىچىك
ئاسىيا دېڭىز قىرغاقلىرىدىن چېكىنىپ چىقىشقا مەجبۇر قىلىپ، كىچىك
ئاسىيادىكى يۇنان شەھەر دولەتلىرىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئەسلىگە
كەلتۈرۈشى، ئاخىردا ئافىنا بىلەن پېرسىيىنىڭ سۇلھى شەرتنامە
تۈزۈشى بىلەن ئاياقلاشقان (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 479 — 449).
يۇنان-پېرسىيە ئۇرۇشىدا، بولۇپمۇ ئۇنىڭ بىرىنچى باسقۇچىدا،

www.uyghurkitap.com

پېرسىيە تاجاۋۇزچى ئىدى. يۇنان شەھەر دۆلەتلىرى پۇقرالىرى ۋەتىنىنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە ئەركىنلىكى ئۈچۈن پېرسىيىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى ئۇرۇش قىلغان، ئۇلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ ئۇرۇش ھەققانىي ئۇرۇش ئىدى. دەل ئاشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ، يۇنان سان جەھەتتە تۆۋەن ئورۇندا تۇرغان ھەربىي قوشۇنى بىلەن پېرسىيەنىڭ ناھايىتى زور ئەسكىرىي قىسمىنى مەغلۇپ قىلالىغان ئىدى، بۇ دۇنيا تارىخىدا كىچىك دۆلەتنىڭ چوڭ دۆلەتنى مەغلۇپ قىلغانلىقىنىڭ بىر ئەمەلىي مىسالى.

يۇنان-پېرسىيە ئۇرۇشىدا مەشھۇر ئىككى جەڭ بولغان، بىرى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 490-يىلى بولغان ماراfون جېڭى. ئەينى ۋاقىتتا پېرسىيىنىڭ زور قوشۇنى يۇنانغا ئېچكىرىلەپ كىرىپ، ئافىناغا شىمال تەرەپتىن قىستاپ كەلگەن، ئافىنا قوشۇنى ئۇرۇش قىلىشنى قەتئىي تەشەببۇس قىلغان مىلتىئادنىڭ باشچىلىقىدا ئۇرۇشقا ئاتلىنىپ، ئافىنانىڭ يېنىدىكى مارافون تۈزلەڭلىكىدە ھەل قىلغۇچ جەڭ سېپىنى تۈزگەن. سان جەھەتتىن ئالغاندا، پارسلار ئافىنا قوشۇنىدىن 10 ھەسسە ئارتۇق ئىدى، لېكىن ئافىنا پۇقرالىرىدىن تەركىب تاپقان ئافىنا قوشۇنى ئىنتايىن باتۇرلۇق ۋە قەيسەرلىك بىلەن جەڭ قىلغانلىقتىن، ئاخىر پېرسىيىنىڭ زور قوشۇنى مارافوندىن چېكىنىشكە مەجبۇر بولغان. يەنە بىر مەشھۇر جەڭ شۇنىڭدىن 10 يىل كېيىن بولغان، ئەينى ۋاقىتتا پېرسىيە پادىشاسى شېرشېس ئۆزى نەچچە يۈز مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ يۇنانغا يۈرۈش قىلىپ، ئەسكەرلىرىنى ئىككىگە بۆلۈپ دېڭىز ۋە قۇرۇقلۇقتىن تەڭلا ھۇجۇم قىلغان. قۇرۇقلۇق يولى تەرەپتە، سپارتا پادىشاسى لېونىداس باشچىلىق قىلغان 300 كىشىلىك كىچىك قوشۇننى ئاساس قىلغان يۇنان قوشۇنى

فىرموپىلدا ئۇزىدىن نەچچە ئون ھەسسە ئارتۇق بولغان كۈچلۈك دۈشمەنگە مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا توساپ زەربە بەرگەن، ئاخىردا پارسلار چىغىر يول بىلەن ئارقا تەرەپتىن قاپسىۋېلىپ، سپارتالىقلار ئالدى ۋە ئارقا تەرىپىدىن دۈشمەنگە دۇچكەلگەن ئەھۋال ئاستىدىلا، 300 سپارتالىقنىڭ ھەممىسى جەڭ قىلىپ ئۆلگەن. ئەمما، پىرسىيە-نىڭ باھايىتى زور دېڭىز ئارمىيىسى ئافىنانىڭ سالامىس قولتۇغىدا ئافىنا سەركەردىسى تېمىستوكل قوماندانلىق قىلغان ئافىنا كېمە قىسمى تەرىپىدىن يوقىتىلغان، شۇ سەۋەپتىن، پىرسىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى نائىلاج ئارقىغا چېكىنگەن، ئاخىردا پلاتىيا جېڭىدە يۇنان بىرلەشمە ئارمىيىسىنىڭ قاتتىق زەربىسىگە ئۇچراپ، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 479-يىلى يۇنان يېرىم ئارىلىدىن پۈتۈنلەي چېكىنىپ چىقىپ كەتكەن.

يۇنان-پىرسىيە ئۇرۇشىنىڭ نەتىجىسى پىرسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ روھىغا قاتتىق بەرھەم بەرگەن، لېكىن بۇ قېتىمقى ئۇرۇشنىڭ مەغلۇبىيىتى پەقەت ئۇنىڭ زېمىن كېڭەيمىچىلىكى جەريانىدا ئۇچرى-غان ئوڭۇشسىزلىقلا بولغاچقا، ئىمپېرىيىنىڭ ئۆلى تېخى خەۋپكە ئۇچرىمىغان ئىدى. يۇنان شەھەر دۆلەتلىرى ئۈچۈن، بولۇپمۇ ئافىنا ئۈچۈن بۇ قېتىمقى ئۇرۇش ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ئىدى. ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى ئافىنانىڭ ھەربىي ئەمەلىي كۈچىنى ۋە سىياسىي ئابرويىنى زور دەرىجىدە ئۇستۇرۇپ، ئافىنانى يۇنانغا زومىگەرلىك قىلىش ئورنىغا ئىگە قىلغان.

**ئافىنا زومىگەرلىك ھوقۇقىنىڭ تىكلىنىشى** يۇنان-پىرسىيە ئۇرۇشى جەريانىدا، ئافىنا باشقا شەھەر دۆلەتلىرى بىلەن بىرلىشىپ، دېڭىز ئىتتىپاقى قۇرغان (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 478-يىلى ياكى

477 ـ يىلى)، ئىتتىپاقنىڭ باش ئورگىنى دېلوس ئارىلىدا قۇرۇلغاچقا، دېلوس ئىتتىپاقى دەپمۇ ئاتالغان. ئافىنا ئىتتىپاقنىڭ يولباشچىسى بولغان. كېيىن بۇ ئىتتىپاق قەدەممۇ ـ قەدەم كېڭىيىپ، ئىتتىپاققا قاتناشقان شەھەر دۆلىتى 200 نەچچىگە كۆپەيگەن. ئافىنا ئەنە شۇ ئىتتىپاق ئارقىلىق كۆپ ساندىكى يۇنان شەھەر دۆلەتلىرىنى كونترول قىلىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ زومىگەرلىك ھوقۇقىنى تىكلىگەن. ئىتتىپاق ئىچىدە، ئافىنا دېڭىز ئارمىيىسى مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن، كېمە ئەترىدى سانى باشقا شەھەر دۆلەتلىرىنىڭ بارلىق كېمە ئەترىدى سانىنىڭ يىغىندىسىدىنمۇ ئېشىپ كەتكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىتتىپاققا قاتناشقان شەھەر دۆلەتلىرىنىڭ ئافىناغا بوي سۇنۇشى توغرا كەلگەن، ئۇنداق قىلمىسا، ئافىنانىڭ تەھدىتىگە ھەتتا ھۇجۇمىغا ئۇچرايتتى. ئافىنا ئىتتىپاقتىن پايدىلىنىپ، ئىتتىپاققا قاتناشقان شەھەر دۆلەتلىرىنى سىياسىي جەھەتتىن ئېزەتتى، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئېكسپلاتاتسىيە قىلاتتى، ئىتتىپاققا قاتناشقان شەھەر دۆلەتلىرى تاپشۇرغان ئىتتىپاق پۇلى ئافىناغا قىلىنغان تارتۇققا ئايلىنىپ قالغان، ئافىنا ئۇنى ئۆزىنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشى ۋە مالىيە چىقىمى ئۈچۈن سەرپ قىلغان. ئافىنا زومىگەرلىك ھوقۇقىنىڭ تىكلەنگەنلىكى ئۇنىڭ قۇلدارلار سىنىپى دىكتاتۇرىسىنىڭ تالان ـ تاراج قىلىش خاراكتېرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئافىنا زومىگەرلىك ھوقۇقىنىڭ تىكلىنىشى ئافىنانىڭ قۇللۇق تۈزۈم ئىگىلىكى ئۈچۈن كەڭ بازار ۋە تولۇق مالىيە مەنبەسى ئېچىپ بەرگەن. ئۇرۇش كۆپلىگەن قۇللارنى ئافىناغا كىرگۈزگەن. مۆلچەرلىنىشىچە، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 5 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئافىنا تازا گۈللەنگەن دەۋردە، قۇللارنىڭ سانى ئەركىن خەلق

نوپۇسىنىڭ ئومۇمىي سانىدىن ئېشىپ كەتكەن. ئافىنا مېتاللىچىلىق، كېمىسازلىق، قورال-ياراق، ساپال قاچا ياساش، كۆنچىلىك ۋە بىناكارلىقتا ئوخشاش ساھەلەردە پۈتۈن يۇنان بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭ بۇيۇملىرى چەتئەللەرنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئاپىرىپ سېتىلغان ھەمدە ئۇ پەيدىن-پەي باشقا سانائەت شەھەر دۆلەتلىرىنى چەتكە قېقىپ چىقارغان.

بۇ ۋاقىتتا ئافىنادا تولىسى سودا-سانائەت قۇلدارلىرى سىنىپى ھاكىمىيەتنى ئىگەللەپ تۇرغان ئىدى. ئۇرۇقداش ئاقسۆڭەكلەر بىلەن دېموكراتىيىچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش دولقۇنسىمان بىر ئۆرلەپ بىر پەسىيىپ تۇراتتى، بەزىدە يەنىلا ناھايىتى كەسكىنلىشىپ كېتەتتى، سودا-سانائەت قۇلدارلىرى كەڭ ئاممىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش ئۈچۈن، يەنىلا دېموكراتىك سىياسىنى يولغا قويغان ئىدى، پېرىكل ئۇنىڭ داڭلىق ۋەكىلى ئىدى. ئۇ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 443 — 429-يىللىرى ئۇدا باش سەردار بولۇپ، ئافىنا-نىڭ ئالىي ھۆكۈمرانى بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە، ئافىنانىڭ ئىگىلىكى گۈللەنگەن، مەدەنىيىتى راۋاج تاپقان، تەسىرى كۈچى ئەڭ زور بولغان. بۇ ۋاقىتتا، ئافىنا ئاقسۆ-ڭەكلەر كېڭەشمىسىنىڭ ھوقۇقى ئۈزۈل-كېسىل بىكار قىلىنغان، ھاكىمىيەت يۇرگۈزگۈچى ئەمەلدارلىق ۋە باشقا ھەممە مەمۇرى ئەمەل-دارلىق بارلىق تەبىقىدىكى پۇقراغا ئېچۈۋېتىلگەن ھەمدە بۇ ئەمەل-دارلار ھەر بىر سايلام رايونىدا چەك تارتىش يولى بىلەن ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈلگەن، شۇنىڭ بىلەن ئاقسۆڭەكلەرنىڭ سىياسى كۈچىگە توپ ئاساسىدىن زەربە بېرىلگەن. ھەر بىر پۇقرا خەلق يىغىنىدا ئۆز لايىھىسىنى قويالايدىغان ۋە مۇزاكىرىگە قاتنىشالايدىغان بولغان،

خەلق يىغىنىنىڭ قارارى ئالى ھوقۇققا ئىگە بولغان، 500 كىشىلىك كېڭەشمىنىڭ ۋە سوراق مەسلىھەتچىلىگىدىكى سوتنىڭ ئەزالىرىنىڭ چەك تارتىش يولى بىلەن ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈلگەن، بۇلار ئەمەلىي ھوقۇق تۇتقان مەمۇرى ئورگانغا ۋە ئەدلىيە ئورگىنىغا ئايرىم-ئايرىم ھالىدا ۋەكىللىك قىلغان، بۇ كېڭەشمە ئەزاسى بولغان پۇقرا تۇرمۇش ياردەم پۇلى ئېلىشقا باشلىغان، بۇنىڭ بىلەن كەمبەغەل پۇقرانىڭ ۋەزىپە ئۆتىشىگىمۇ شارائىت يارىتىلغان. لېكىن، قۇللۇق تۈزۈم ئىگىلىگى ۋە ئافىنانىڭ زومىگەرلىك ھوقۇقى ئاساسىغا قۇرۇلغان بۇنداق دېموكراتىك سىياسى ئۆزىگە خاس چەكلىمىلىكىنىمۇ بارغانسېرى روشەن ئاشكارىلاپ قويغان. ئۇنىڭدىكى پۇقرالار دائىرىسى كېڭەيمەستىن، بەلكى كۈندىن-كۈنگە تارايغان. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 451-يىلى بىر قانۇن چىقىرىلىپ، ئاتا-ئانىسى ئافىنالىق بولغان ئەرلەرلا پۇقرا بولالايدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن، كېيىن بۇ قانۇن قاتتىق ئىجرا قىلىنغاچقا، نەتىجىدە يېڭى پۇقرا قوبۇل قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئورۇن قالدۇرۇلمايلا قالماستىن، بەلكى پۇقرالىق ھوقۇقىغا ئىگە 5 مىڭ كىشى لاياقەتسىز دەپ قارىلىپ قوغلاپ چىقىرىلغان ياكى قۇل قىلىپ سېتىۋېتىلگەن. بۇنىڭدىن تاشقىرى، ئەسلىدە بار بولغان يۇقۇرى-تۆۋەن دەرىجىلىك ئەمەلنى چەك تارتىش يولى بىلەن ئۇستىگە ئېلىشقا بولسىمۇ، لېكىن ھەربى، مەمۇرى چوڭ ھوقۇقنى تۇتىدىغان سەردارلىق① ئەمەلى باشتىن-ئاياق سايلام رىقابىتىدىن ۋە سايلامدىن ئۆتكۈزۈلەتتى ھەمدە سەردار

① جەمى 10 سەردار بولاتتى، ھەر بىر سايلام رايونى بىرنى سايلايتتى، 10 سەردار كومىتېتى تەشكىل قىلىناتتى، ئۇنىڭ كاتتىۋېشى باش سەردار دەپ ئاتىلاتتى.

بولغۇچىلار ئۇدا سايلانسا، ئۇدا سەردار بولۇۋېرسە بولىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن ئىدى، ئۇلارنىڭ باشقا ئەمەلدارلارغا ئوخشاش خەلق يىغىنىغا دوكلات قىلىشىنىڭمۇ ھاجىتى يوق ئىدى، بۇلار، روشەنكى، سودا-سانائەت قۇلدارلىرىنى سەردار بولۇش ئارقىلىق ھوكۇمەتنى چاڭگىلىدا تۇتۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ئىدى، پېرىكىل دەل ئۇدا 15 يىل باش سەردار بولغانلىقتىن، ئافىنا ھاكىمىيىتىنى ئۆز قولىغا ئېلىۋالغان ئىدى.

**پېلوپونېس ئۇرۇشى** ئافىنانىڭ زومىگەرلىكى دېلوس ئىتتىپاقىغا كىرگەن ئوتتۇرا ۋە كىچىك شەھەر دۆلەتلىرىنىڭلا نارازىلىقىنى قوزغاپ قالماستىن، بەلكى يەنە بىر ئەڭ چوڭ يۇنان شەھەر دۆلىتى سپارتانىڭمۇ قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرىغان. بۇ ئىككى ئەڭ چوڭ يۇنان شەھەر دۆلىتىنىڭ قارىمۇ-قارشىلىقى ئىنتايىن ئۆتكۈر بولغان، سپارتا پېلوپونېس ئىتتىپاقىنى تەشكىللەپ، ئافىنا بىلەن كۈرەش قىلىپ، يۇنانغا بولغان زومىگەرلىكنى تالاشقان. سپارتانىڭ ئاقسۆڭەكلەر سىياسىي بىلەن ئافىنانىڭ قۇلدارلار دېموكراتىك سىياسىي ئوتتۇرىسىدىمۇ ناھايىتى زور زىددىيەت تۇغۇلغان، پېرىكىل سپارتاغا قارشى كۈچلەرنى ھەممىلا يەردە يۆلەپ ئۇستۇرگەن، سپارتا بولسا ھەرقايسى جايلاردىكى ئافىناغا قارشى ھاكىمىيەتلەرنى كۈچىنىڭ بىرىچە قوللىغان، ئىككىلا تەرەپ ئوتتۇرا ۋە كىچىك شەھەر دۆلەتلىرىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا تۇرلۇك ئۇسۇللار بىلەن ئارىلاشقان، شۇنىڭ بىلەن زىددىيەت كۈندىن-كۈنگە ئۆتكۈرلەشكەن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سپارتا بىلەن ئافىنانىڭ زىددىيىتىدە چوڭقۇر ئىقتىسادىي سەۋەبمۇ بار ئىدى. پېلوپونېس ئىتتىپاقى چوڭ سودا-سانائەت شەھەر دۆلىتى كورىنىسنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. كورىنىس

ئەزەلدىن غەربىي يۇنان دېڭىز قىرغىقى ۋە سىتسىلىيە قاتارلىق جايلاردا ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولۇپ كەلگەن ئىدى، ئەمدى ئافىنا بارا-بارا شەرقتىن غەربكە سىلجىپ، كورىنىتنىڭ تەسىردىي كۈچ دائىرىسىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەچكە، ئافىنا بىلەن كورىنىس ئوتتۇرىسىدا كەسكىن توقۇنۇش يۈز بەرگەن. بۇ زىددىيەت ۋە توقۇنۇشلار ئاخىردا ئافىنا بىلەن سپارتا ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ ئۇرۇش بولۇپ پارتلىغان، بۇ ئۇرۇش تارىختا پېلوپوننېس ئۇرۇشى دەپ ئاتىلىدۇ (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 431 — 404-يىللىرى، بۇنىڭ ئىچىدە 421 — 414-يىللىرى ئۇرۇش بىر مەھەل توختاپ قالغان).

ئۇرۇشنىڭ دەسلىۋىدە، ئافىنا ئۆزىنىڭ دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ ئۈستۈنلۈكىگە تايىنىپ، قۇرۇقلۇقتا مۇداپىئەلىنىش، دېڭىزدىن ھۇجۇم قىلىش ئىستراتېگىيىسىنى قوللانغان. سپارتانىڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى ئافىنانىڭ شەھەر ئەتراپ رايونىغا ھۇجۇم قىلىپ كىرگەن، يېزىلار قاتتىق بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان، ئافىنانىڭ شەھەر ئىچىگە توپلىنىپ قالغان ئاھالە ۋابا كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، ئۆلۈم-يېتىم ئىنتايىن كۆپ بولغان، پېرىكلمۇ كېسەل تېگىپ ئۆلگەن، ئافىنا تەدرىجى يېڭىلگەچكە، بىر مەھەل سپارتا بىلەن سۈلھى تۈزگەن. كېيىن ئافىنانىڭ دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ ئاساسىي كۈچى سىتسىلىيە ئارىلىغا يۈرۈش قىلىپ، پۈتۈن ئارمىيە گۇمران بولغان، دېلوس ئىتتىپاقىدىكى بەزى شەھەر دۆلەتلىرى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يۈز ئۆرۈگەن، ئافىنانىڭ قۇللار ئارمىيىسىمۇ كەسكىن كۆرەش قوزغاپ، 20 مىڭدىن ئارتۇق قۇلنىڭ كەڭ كولەمدە قېچىپ كېتىشى يۈز بەرگەن، شۇنىڭ بىلەن ئافىنا تەدرىجى ھالدا خەلقى كەمبەغەللىشىش ۋە بايلىقى تۈگەشتەك قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان. سپارتا تەرەپ ئۈزلۈكسىز ئەسكەر ئەۋەتىپ

ئافىناغا تاجاۋۇز قىلغان ھەممە پېرسىيىنىڭ ياردىمىگە يۆلىنىپ دېڭىز ئارمىيىسى قۇرۇپ، ئافىنانىڭ ئىچكى-تاشقى زىددىيەتلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، بارا-بارا ئۈستۈنلۈك قازىنىۋالغان. بۇ قېتىمقى چوڭ ئۇرۇش ئاخىرى ئافىنانىڭ پاجىئەلىك مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاياقلاشقان. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 404-يىلى تۈزۈلگەن سۈلھى شەرتنامىدا، ئافىنانىڭ شەھەر مۇداپىئەسىنى ئېلىپ تاشلىشى، 12 ھەربىي كېمىنىلا ساقلاپ قېلىشى، دېلوس ئىتتىپاقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشى، سپارتانىڭ زومىگەرلىكىنى ئېتىراپ قىلىشى، چەتئەللەردىكى كۆپ قىسىم بېقىندا يەرلىرىدىن ۋاز كېچىشى شەرت، دەپ بەلگىلەنگەن. ئافىنا گەرچە چوڭ شەھەر دۆلەتلىك ئورنىنى ساقلاپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن زور دەرىجىدە خاراپلاشقان ئىدى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇش قەدىمقى يۇنان شەھەر دۆلەتلىرىنىڭ تارىخىدىكى بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولغان ئىدى. ئۇرۇشتىن كېيىن، مەيلى يېڭىلگۈچىنىڭ بولسۇن، ياكى يەڭگۈچىنىڭ بولسۇن، شەھەر دۆلەتلىرىنىڭ ھەممىسى ئىقتىسادىي جەھەتتىن زەئىپلىشىش، دېھقانلار خانىۋەيران بولۇش، ئاقسۆڭەكلەر ھاكىممۇتلەقلىق قىلىش، بايلار زورلۇق-زومبۇلۇق قىلىشتەك ۋەزىيەتكە يۈزلەنگەن، يۇناننىڭ قۇللۇق تۈزۈمىدىكى شەھەر دۆلەتلىرى تۈزۈمى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن زاۋالغا يۈزلەنگەن.

## 4-بۆلۈم قۇللۇق تۈزۈم ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە قۇللارنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرىشى

**قۇللۇق تۈزۈم ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشى** مىلادىدىن ئىلگىرىكى 5-ئەسىر يۇناننىڭ قۇللۇق تۈزۈم ئىگىلىكى يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان دەۋر بولۇپ، دېھقانچىلىق، سانائەت ۋە سودا ئىشلىرى ناھايىتى بەك گۈللەنگەن. ئىگىلىكنىڭ بۇنداق گۈللىنىشىنى قۇللار ئەمگىكى ياراتقان ئىدى. قول ھۈنەرۋەنچىلىكتە قۇللار ئەمگىكى ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى. يۇنان شەھەر دۆلەتلىرىنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشخانىلىرى، ئادەتتە، 5—6 دىن 10 غىچە قۇل ئىشلىتەتتى، 100 چە قۇل ئىشلىتىدىغان چوڭ ئىشخانىلارمۇ بار ئىدى. كانلاردا قۇللار ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلەتتى، مەسىلەن، ئافىنانىڭ لاۋرىم كۈمۈش كانىدا ئون مىڭدىن ئارتۇق قۇل ئىشلىتىلگەن. قۇلدارلار ئۆزلىرىنىڭ ئىشخانىسى ۋە كان مەيدانىدا ئۆز قۇللىرىنىلا ئىشلىتىپ قالماستىن، بەلكى يەنە باشقىلارنىڭ قۇللىرىنىمۇ ئىجارىگە ئېلىپ ئىشلىتەتتى؛ ئىجارىگە بېرىش ئۈچۈنلا مەخسۇس قۇل باقىدىغان قۇلدارلارمۇ بولاتتى، بەزى قۇلدارلارنىڭ مىڭدىن ئارتۇق ئىجارىگە بېرىدىغان قۇللىرى بولاتتى. دېھقانچىلىقتا بولسا، ئاساسەن، ئەركىن ئۇششاق دېھقانلار ئىشلەيتتى، قۇللار ئەمگىكىنى تولىسى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ چوڭ قورۇقلىرى ئىشلىتەتتى، بەزى ھاللىق ئۇششاق دېھقانلارنىڭمۇ بىر-ئىككى



كۆن ياساش



ئاياق تىشلەش



يىپ ئىگىرىش



يۇڭ ئىگىرىش

قەدىمقى يۇنانىنىڭ قول ھۈنىرى

قۇلى بولاتتى.

يۇنانىنىڭ شەھەر دۆلەتلىرىدە قەرزدار قۇللۇقلۇق تۈزۈمىنىڭ ئومۇمىي يۈزلۈك بىكار قىلىنغانلىقى، شەھەرنىڭ ئۆزىدىكى پۇقرالار ۋە

www.uyghurkitap.com

قۇللارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىنىڭ ئىقتىسادىي سەۋەبتىن ئۆز شەھرىدە قولغا ئېلىنىپ قالمايدىغانلىقى سەۋەبىدىن، شەھەر دۆلەتلىرىدىكى قۇللارنىڭ ھەممىسى باشقا يەرلىكلەردىن ئىدى، قۇللارنىڭ كېلىش مەنبەسى، ئاساسەن، ئۇرۇش ئەسىرلىرى ۋە سېتىۋېلىنغان ئاھالە ئىدى. يۇنان-پېرسىيە ئۇرۇشى ۋە پېلوپوننېس ئۇرۇشى مەزگىلىدە، كۆپلىگەن ئۇرۇش ئەسىرلىرى قۇل قىلىپ سېتىۋېتىلگەن، ئىشغال قىلىنغان شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسىمۇ، كۆپ ھاللاردا، قۇل قىلىپ سېتىۋېتىلەتتى. قۇل مەنبەسى تولۇق بولغانلىقتىن، بەزى يۇنان شەھەر دۆلەتلىرى ئىگە بولۇۋالغان قۇللارنىڭ سانى كۈندىن-كۈنگە كۆپەيگەن. مولچەرلىنىشىچە، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 431-يىلى، ئافىنا ئاھالىسىنىڭ ھەممىسى 400 مىڭ بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئافىنالىقلار 168 مىڭ، چەت شەھەر دۆلەتلىرىدىن بولغانلار 32 مىڭ، قۇللار 200 مىڭ. باشقا سودا-سانائەت چوڭ شەھەر دۆلەتلىرى، مەسىلەن، كورىنس، مىلېت، سىراكۇزا قاتارلىقلارمۇ ئاساسەن شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتەتتى. ئەلۋەتتە، شەھەر دۆلەتلىرىنىڭ ئەھۋالى ناھايىتى تەكشىسىز ئىدى، بەزىبىر شەھەر دۆلەتلىرىدىمۇ قۇللار ئازراق بولۇپ، ئۇششاق دېھقانلار يەنىلا ئاساسلىق ئاھالە ئىدى. قۇللار سانائەت ۋە دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدىلا ئىشلىتىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىدىكى ئاساسىي كۈچنى ھاسىل قىلىپلا قالماستىن، بەلكى يۇنان جەمئىيىتىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش ساھەسىدىمۇ ئاساسلىق ئەمگەك كۈچى ئىدى، مەسىلەن، ئۆي ئىشلىرى، ھۈنەر-سەنئەت، سودا ئىشلىرى، سۇ قاتنىشى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلاردا، ھەتتا ھۆكۈمەت ئارماقلىرىنىڭ چاپارمەنلىك ۋە مۇھاپىزەتچىلىككە ئوخشاش ئىشلىرىدىمۇ قۇللارغا تايىنىلاتتى.

ساناھەت ۋە دېخانچىلىقنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە سودىنىڭ راۋاج تېپىشى ئارقىسىدا، تاۋار ئىگىلىكى يۇناننىڭ قۇللۇق تۈزۈم ئىگىلىكىدە بىرقەدەر زور سالماقنى ئىگەللەيتتى. يۇنان شەھەر دۆلەتلىرىنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىك تارماقلىرى ئەلۋەتتە تاۋار ئىشلەپچىقىراتتى، دېخانچىلىقتىمۇ تاۋار ئىشلەپچىقىرىلاتتى، مەسىلەن، ئافىنانىڭ قۇلدارلار دېخانچىلىق مەيدانى ۋە ئۇششاق دېخانلار ئىشلەپچىقارغان ئۈزۈم، ياغلىق زەيتۇن قاتارلىقلارنىڭ نۇرغۇنى بازاردا سېتىلاتتى. تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئىچكى-تاشقى بازارلارنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن، پۇلنىڭ ئىشلىتىلىشىنىمۇ تېخىمۇ ئومۇملاشتۇرغان. لېكىن بۇ خىل تاۋار ئىگىلىكى قۇللۇق تۈزۈم ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن ئىدى. ئومۇمەن ئالغاندا، يۇناننىڭ قۇللۇق تۈزۈم ئىگىلىكى يەنىلا تەبىئىي ئىگىلىك بولۇپ، ناھايىتى كۆپ قىسىم مەھسۇلاتلار تاۋار ئەمەس ئىدى ھەم ئوبوروتقا كىرگۈزۈلمەيتتى. بۇنداق تاۋار ئىگىلىكى كاپىتالىستىك تاۋار ئىگىلىكىدىن ماھىيەتتە پەرقلىنىدۇ.

قۇللۇق تۈزۈم ۋە تاۋار ئىگىلىكى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان شارائىتتا، كۆپ ساندىكى يۇنان شەھەر دۆلەتلىرىنىڭ خۇسۇسىي يەر مۈلۈكچىلىكىمۇ تەرەققىي قىلغان. شەھەر دۆلەتلىرى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇرۇقداشلىق جامائەلىرىنىڭ ئەسلىدە بار بولغان يەرلىرى، ئومۇمەن، ئۈلۈش يەرلەرگە بۆلۈنۈپ، پۇقرانىڭ رەنگە قويۇشتا، ئۆتۈنۈشكە ۋە سېتىشقا بولىدىغان خۇسۇسىي مۈلككە ئايلىنىپ قالغان. كېيىن، ئاددىي خەلقنىڭ ئاقسۆڭەكلەرگە قارشى كۈرىشى داۋامىدا، ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىنىڭ يەر مۇناسىۋىتى جەھەتتىكى بەزى بىر قالدۇقلىرى (مەسىلەن، يەرلەرنى ئۇرۇق سىرتىدىكىلەرگە سېتىۋېتىشكە

رۇخسەت قىلماسلىق، ۋاھاكازالار)دىن يەنە ھېساپ ئېلىنغان، شۇنىڭ ئۈچۈن، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 5-ئەسىرگە كەلگەندە، يۇنانىڭ خۇسۇسىي يەر مۈلۈكچىلىكى تولۇق تىكلەنگەن ئىدى. لېكىن بۇنداق خۇسۇسىي يەر مۈلۈكچىلىكىگە شەھەر دۆلىتى تۈزۈمى ۋە قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ تامغىسى بېسىلغان ئىدى. يەرلەر ئەسلىدە شەھەر دۆلىتىنىڭ يەرلىرى بولغانلىقتىن، پەقەت پۇقرالارلا يەر ئىگىلەشكە ھوقۇقلۇق ئىدى، ئاددىي خەلقنىڭ ئاقسۆڭەكلەرگە قارشى كۈرىشى غەلىبە قىلغان شارائىتتا، يەنىلا پۇقرالا بولىدىكەن، يەر تەقسىم قىلىپ بېرىلىشى كېرەك دېگەن پرىنسىپ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىزچىللاشتۇرۇلغان، بۇنىڭ بىلەن يۇنانىڭ خۇسۇسىي يەر مۈلۈكچىلىكى شەھەر دۆلىتى تۈزۈمى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن. ھەرقايسى شەھەر دۆلەتلىرىنىڭ يەر تۈزۈمىدىمۇ پەرقلەر بولغان، ئافىنادەك بۇنداق شەھەر دۆلىتىدە، يەرگە خۇسۇسىي ئىگىدارلىق قىلىش مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 6-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 4-ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان يۈز نەچچە يىل ئىچىدە، ئۆز ئالدىغا تېرىقچىلىق قىلىدىغان دېھقانلارنىڭ ئاز يەرگە بولغان ئەركىن مۈلۈكچىلىك ھالىتى ئاساس قىلىنغان؛ ھالبۇكى سپارتادەك بۇنداق شەھەر دۆلىتىدە، يەرگە خۇسۇسىي ئىگىدارلىق قىلىش قۇلدارلار سىنىپى — سپارتا پۇقراسىنىڭ تامامەن يەر ئىگىلىشى بولۇپ ئىپادىلەنگەن، ئەمما دۆلەت ئىختىيارىدىكى يەرلەر پۇقرانىڭ شەخسىي ئىگىلىشىگە تەقسىم قىلىپ بېرىلىدىغان ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ پۈتكۈل قۇلدارلار سىنىپىنىڭ يەرلىرىنى كوللېكتىپ ئىگىلىشى ۋە قۇللارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشى بولۇپ ھېساپلىناتتى. كېيىن، ئىگىلىكنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، يەر قوشۇۋېلىش ۋە دېھقانلارنىڭ خانىۋەيران بولۇشىدەك ھادىسىلەر

كۆنسېرى جىددىيلەشكەن، شەھەر دۆلىتى تۈزۈمىمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ گۇمران بولغان.

**يۇنان قۇللىرىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرىشى** يۇنان قۇلدارلىرى قۇللارغا ئىنتايىن دەھشەتلىك مۇئامىلە قىلاتتى. شەھەر دۆلىتى تۈزۈمى شارائىتىدا، مەيلى ئافىنانىڭكىدەك دېموكراتىك سىياسىي بولسۇن، ياكى سپارتانىڭكىدەك ئاقسۆڭەكلەر سىياسىي بولسۇن، قۇللار ئامىسى مىسلىسىز ئېغىر ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە زۇلۇمغا ئۇچرايتتى. قۇللار ئەمگىكىدىن كەڭ تۈردە پايدىلىنىش قۇللار بىلەن قۇلدارلار ئوتتۇرىسىدىكى سىنىپىي زىددىيەتنى كۈندىن-كۈنگە ئۆتكۈرلەشتۈرۈۋەتكەن. قۇلدارلار قۇللارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشتا ئىنتايىن ئاچكۆز ۋە شەپقەتسىز ئىدى، بۇ جەھەتتە، ئەڭ گەۋدىلىك بولغىنى كانلاردا ئىشلىتىلگەن قۇللار ئىدى. مەسىلەن، ئافىنانىڭ لاۋرىم كۈمۈش كانىدا ئىشلىتىلگەن قۇل ئون مىڭ كىشىگە يەتكەن. ئۇنىڭدا ياشلارلا بولۇپ قالماستىن، يەنە بالىلار، ئاياللار ۋە قېرىلارمۇ بولغان. قۇللار ئۇدا ئون نەچچە سائەت ئىشلىگەندىن كېيىنلا ئاندىن نۆۋەتلىشەتتى، بىر قەدىمىي يۇنان يازغۇچىسى مۇنداق دېگەن: ئۇلار "كېچە-كۈندۈزلەپ خاڭدا ئىشلەپ قاتتىق ھېرىپ-چارچىغانلىقتىن، كۆپلەپ ئۆلۈپ تۇرىدۇ، يىقىلىپ تۇرىدۇ. ئۇلار مەشغۇلاتنى توختىتالمايدۇ، ئاراممۇ ئالمايدۇ". يۇنان قۇللىرى ئىنتايىن دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيىگە ئۇچراپلا قالماستىن، بەلكى قاتتىق ۋەھشىيانە خورلاش ۋە باستۇرۇشلارغىمۇ ئۇچرايتتى. قەدىمقى يۇنان قۇلدارلار سىنىپى، قۇللار ئادەم ئەمەس، بەلكى بىر خىل تىرىك قورال ۋە مۈلۈكتىنلا ئىبارەت، دەپ تەرغىپ قىلىپ، قۇلدارلار قۇللارنى ئۆز مەيلىچە خورلىسا بولۇۋېرىدۇ دەيدىغان ئەكسىيەتچىل

www.uyghurkitap.com

نەزىرىيىنى تەشۋىق قىلغان. ئۇلار قۇلدارلار قۇللارنىڭ ئۆلۈش-تىرىلىشى بىلەن كارى بولمىسا بولىۋېرىدۇ، "قامچىلاش، ئېتىپ ئۆلتۈرۈش، قەستلەپ ئۆلتۈرۈش، تەتۈر ئېسىش، كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈش، تېرىسىنى سويۇش، ئۇگە ئۈستىخانلىرىنى سۇندۇرۇش، بۇرنىغا ئاچچىقسۇ قۇيۇش، قوسىقىغا خىش باستۇرۇش-مانا بۇلارنىڭ ھەممىسىنى قىلسا بولىۋېرىدۇ" دەپ ۋالاقلاشقان. بۇ قۇلدارلار گەپ-سۆزلىرىدە ئاشۇنداق غالجىرلاشقان، ئەمەلىي ھەركىتىدە قۇللارغا مۇئامىلە قىلىشتا بولسا تېخىمۇ ۋەھشى ۋە رەھىمسىز بولغان.

ئېزىش قانچە قاتتىق بولسا، قارشىلىق شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ. يۇنان قۇللار ئاممىسى قۇلدارلار سىنىپىنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دىكتاتۇرىسى ئاستىدا، قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرىشىنى ئۈزلۈكسىز قوزغاپ تۇرغان. ئافىنانىڭ قۇللۇق تۈزۈمىدىكى دېموكراتىك ھاكىمىيىتىنىڭ سىنىپىي ماھىيىتىمۇ ئىنتايىن ئوچۇق ئاشكارىلانغان. ئافىنا ھۆكۈمىتى قاچقۇن قۇللارنى قوغلاپ تۇتۇش ۋە قۇللارنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشىدىن ساقلىنىشنى ئۆزىنىڭ دائىملىق خىزمىتى قىلغان، قۇللارنى نازارەت قىلىدىغان ۋە قاچقۇنلارنى پايلايدىغان بىر تۈركۈم مەخپىي پايلاقچىلارنى مەخسۇس باققان. ھەم دۆلەتلەر ئارا شەرتنامە تۈزگەندە، قۇللارنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشى ۋە قېچىپ كېتىشىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئۆزئارا ياردەم بېرىش لازىملىقىنى ئىزاھلىغان. ئەمما قۇلدارلار سىنىپىنىڭ بارلىق باستۇرۇش ۋاستىلىرى ھېچنېمىگە دال بولالمىغان. قۇللارنىڭ قاينام-تاشقىنلىق قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرىشىدە، ئىشنى ئاقسىتىش، يوشۇرۇن قېچىپ كېتىش، ئايرىم قۇلدارلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىش، كەڭ كۆلەمدە قېچىپ كېتىشتىن تارتىپ تاكى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ئۇرۇش قىلىشقىچە

بولغان ھەر خىل ھەر ياڭزا شەكىللەر قوللىنىلغان. بۇنىڭدا قېچىپ كېتىش ئىنتايىن ئومۇمىي يۈزلۈك ھادىسە بولۇپ، بۇنىڭ نەتىجىسىدە قۇلنىڭ ئۆزىلا ئەركىنلىككە ئېرىشىپ قالماستىن، بەلكى قۇلدارلار-غىمۇ قاتتىق زەربە بېرىلگەن. يەنە كېلىپ، قېچىپ كېتىشنىڭ ئۆزى بىر قاتار قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، قۇللار قېچىپ كېتىشتىن بۇرۇن، كۆپ ھاللاردا، ئالدى بىلەن قۇلدارلارنىڭ قورال سايمانلىرىنى ۋە ئات-ئۇلاقلىرىنى ۋەيران قىلىۋەتكەن، قۇلدارلارنى ئۇرغان ھەتتا ئۆلتۈرۈۋەتكەن. كەڭ كۆلەملىك، ئاممىۋى خاراكتېرلىق قېچىپ كېتىش قۇلدارلارغا تېخىمۇ ئەجەللىك زەربە بەرگەن، مەسىلەن، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 412-يىلى پېلوپونېس ئۇرۇشى مەزگىلىدە، ئافىنانىڭ قول ھۈنەرۋەن قۇللىرىدىن 20 مىڭ كىشى كوللېكتىپ قېچىپ كېتىپ، ئافىنا ئىگىلە-گىنى ئىنتايىن زور زىيانغا ئۇچرىتقان.

جەمئىي كۆرەش شەكىللىرى ئىچىدە، قۇللارنىڭ قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشىدىن قۇلدارلار سىنىپى بەكمۇ قاتتىق قورقاتتى، شۇڭا ئۇلار بۇنىڭدىن بەكمۇ قاتتىق ئېھتىيات قىلاتتى ھەم ئۆزلىرى يازغان تارىخنامىلەردە قۇللارنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش كۆرەشلىرىنى چېنىنىڭ بېرىچە يوققا چىقىراتتى ۋە بۇرمىلايتتى. لېكىن، قۇللار قوزغىلىڭىدىن ئىبارەت بۇ تارىخىي پاكىتنى قۇلدارلار سىنىپى ھەرگىزمۇ يوشۇرۇپ قالالمايدۇ. قۇللارنى دۆلەت ئىختىيارىدا قىلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان سپارتادا، قۇللارنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش كۆرىشى ئىنتايىن كەسكىن بولغان. مەسىلەن، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 640-يىلى پارتلىغان ھېلوتلارنىڭ زور قۇللار قوزغىلىڭى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ 20 يىلغا يېقىن داۋاملاشتۇرۇلغان، قوزغىلاڭچىلار

ئۆزىنىڭ يولباشچىسى ئارىستومېنىسنىڭ باشلامچىلىقىدا سپارتا شەھىرىنى ئىشغال قىلىشقا ئازلا قالغان. يۈز نەچچە يىلدىن كېيىن، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 464-يىلى پۈتكۈل سپارتا دۆلىتىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتكەن ھېلوتلارنىڭ زور قۇللار قوزغىلىڭى يەنە بىر قېتىم پارتلىغان. شۇ ۋاقىتتا سپارتا رايونىدا يەر تەۋرىگەن بولۇپ، ھېلوتلار قۇلدارلار دىكتاتۇرىسى ئاپپاراتىدا يەر تەۋرەش كەلتۈرۈپ چىقارغان قالايمىقانچىلىقلاردىن پايدىلىنىپ، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئۆزئارا ماسلىشىپ، زور ھەيۋەت بىلەن قەدىمقى يۇنان تارىخىدا مىسلىسىز ئۇلۇغ كۆرەشلەرنى ئېلىپ بارغان. قوزغىلاڭچى ھېلوتلار ناھايىتى تېزلا كۈچلۈك قوشۇن بولۇپ ئۇيۇشۇپ، ئەينى ۋاقىتتا پۈتۈن يۇنان بويىچە ئەڭ كۈچلۈك دەپ ئاتالغان سپارتا قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنى كۆپ قېتىم مەغلۇپ قىلغان. قوزغىلاڭچىلار ئارمىيىسى سپارتا قۇلدارلىرىنىڭ ئۇۋىسى — سپارتا شەھىرىگە شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، سپارتا قۇلدارلار سىنىپىنى ئۈزۈل-كېسىل ھالاك بولۇش خەۋپىگە يۈزلەندۈرگەن. سپارتالىقلار ئالدىراپ-تېنەپ ئۆزىگە خوشنا، قۇللۇق تۈزۈمىدىكى شەھەر دۆلەتلىرىدىن ۋە نەچچە يۈز چاقىرىم يىراقتىكى ئافىنادىن مەدەت تىلىگەن، ئۇلار ئىنتايىن زور بەدەل بېرىش ئارقىلىقلا ئۆزلىرىنىڭ شەھىرىنى ساقلاپ قالغان. شۇنىڭدىن كېيىن، ھېلوتلارنىڭ قوزغىلاڭچى قوشۇنى تاغلىق جايلارغا يۆتكىلىپ كىرىپ، خەتەرلىك يەر تۈزۈلۈشىگە تايىنىپ پۇختا مۇداپىئەلىنىپ، سپارتالىقلار بىلەن داۋاملىق ئۇرۇش قىلغان. ئۇلار سپارتانىڭ غەربىي تەرىپىدىكى ئىتوم تېغىدا ئىستىھكام ياساپ، بارگاھ قۇرۇپ، كۈرەشنى 10 يىل قەتئىي داۋاملاشتۇرغان. سپارتالىقلار ۋە قۇللۇق تۈزۈمىدىكى باشقا شەھەر دۆلەتلىرىنىڭ بىر-

لىشىپ قورشاپ ھۇجۇم قىلىشى ھېلوتلار قوزغىلاڭچى ئارمىيىسىنىڭ كۈرەش ئىرادىسىنى ۋە غەلىبە قازىنىش ئىشەنچىنى تەۋرىتەلمىگەن، ئۇلار كۈرەش داۋامىدا پەيدىن-پەي راۋاج تېپىپ، سپارتا قۇلدارلىرىنى بارغانسېرى ئالاقزادە قىلىۋەتكەن. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، سپارتا قۇلدارلىرى ئاخىر قوزغىلاڭچىلار ئارمىيىسى ئوتتۇرىغا قويغان شەرتلەرنى قوبۇل قىلىپ، قوزغىلاڭچى قۇللارنىڭ ئەركىنلىككە ئېرىشىپ سپارتادىن كېتىشىگە يول قويغان. پېلوپونېس ئۇرۇشى مەزگىلىدە، ھېلوتلار يەنە كوپ قېتىملاپ كەڭ كولەمدە قاچقان ھەمدە قوزغىلاڭ كوتەرمەكچى بولغان. ھېلوتلارنىڭ قەتئىي ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى سپارتا قۇلدارلىرىغا ناھايىتى قاتتىق زەربە بەرگەن. سپارتانىڭ قۇللار ۋە يەرلەرنى دولەت ئىختىيارىدا قىلىش تۈزۈمى ۋە ھەربىي باستۇرۇش تۈزۈمى ئەسلىدە قۇللار قوزغىلىڭىغا تاقابىل تۇرۇش مەقسىتىدە قەدەممۇ-قەدەم تۈزۈپ چىقىلغان ئىدى، لېكىن قۇللار قوزغىلىڭىنىڭ زەربىسى ئارقىسىدا، بۇ ئەكسىيەتچىل تۈزۈملەر بارغانسېرى رول ئوينىيالماي قېلىپ، ئاخىر مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 4-ئەسىردىن كېيىن پۈتۈنلەي يىمىرىلگەن.

## 5-بولۇم يۇنان شەھەر دولەتلىرىنىڭ زاۋال تېپىشى ۋە ماكېدونىيىنىڭ كېڭەيمىچىلىكى

يۇنان شەھەر دولەتلىرىدە سىنىپىي كۈرەشنىڭ ئوتكۈرلىشىشى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 4-ئەسىردە، يۇنان شەھەر دولەتلىرىدە سىنىپىي كۈرەش ئوتكۈرلىشىپ، شەھەر دولىتى تۈزۈمى بارا-بارا زاۋال

تاپقان، تارىختا بۇ "شەھەر دۆلىتى كرىزىسى" دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا شەھەر دۆلىتى تۈزۈمى قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي تەرەققىياتىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىگە لايىقلىشالماي قالغان، سىنىپىي كۈرەش كەسكىنلەشكەن ئەھۋال ئاستىدا، يۇناننىڭ قۇلدارلار سىنىپى ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، تېخىمۇ كۈچلۈك دىكتاتۇرا ئورنىتىشنى تەلەپ قىلاتتى، شۇڭلاشقا شەھەر دۆلىتىنىڭ دېموكراتىك سىياسىي دېگەن تونىنى تەدرىجىي چۆرۈپ تاشلاپ، ئاقسۆڭەكلەر بىلەن پادىشاھنىڭ ئىستىبدات ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلىگەن.

مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 4-ئەسىردە، يۇناننىڭ يىرىك قۇللۇق تۈزۈم ئىگىلىكى ئۇششاق دېھقانلار ئىگىلىكى ۋە ئۇششاق قول ھۈنەر-ۋەنچىلىك ئىشخانىلىرىنى چەتكە قېقىش ۋە ۋەيران قىلىش ئاساسىدا زورىيىپ، بەيدىن-پەي راۋاج تاپقان. ئافىنا بۇنىڭ تىپىك مىسالى. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 5-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، ئافىنانىڭ ئۇششاق دېھقانلار ئىگىلىكى پېلوپونىس ئۇرۇشىدا ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، نۇرغۇنلىغان دېھقانلار يەرلىرىنى ئامالسىز تۆۋەن باھادا سېتىۋېتىپ، شەھەرگە ئېقىپ كىرگەن؛ قول ھۈنەرۋەنچىلىك توختاپ قالاي دەپ قالغان، بولۇپمۇ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 412-يىلى 20 مىڭدىن ئارتۇق قول ھۈنەرۋەن قۇللارنىڭ كەڭ كولەمدە قېچىش ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، قول ھۈنەرۋەنچىلىك تېخىمۇ سۇنۇپ، ئىككىنچىلەپ ئەسلىگە كەلتۈرۈشى تەس بولغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان. چوڭ قۇلدارلار سىنىپى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يەرلەرنى ئۆزىنىڭكىگە قوشۇۋېلىپ، ھە دەپ ھايانكەشلىك سودىسى ۋە جازانىخورلۇق بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۇرۇش جەريانىدا تازا



www.uyghurkitap.com

بېسىپ كەتكەن. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 4-ئەسىردە، بۇنداق كەمبەغەللەر ۋە بايلارغا بۆلۈنۈش يۈزلىنىشى بارغانسېرى ئەۋج ئالغان. ئەينى زاماندىكى ئافىنالىقلار مۇنداق دېيىشكەن: "ھازىرقى كۈندە بەزى پۇقرالارنىڭ چاكارلىرى توپ-توپ بولۇپ كەتتى، سەپ-سەپ زور قوشۇندەك قۇللارغا ئىگە بولۇۋالدى، باشقا پۇقرالارنىڭ ئاددىيسى بىرەر ئائىلە قۇلىمۇ يوق." "ھازىر بەزى ئادەملەر كەڭ زېمىنغا ۋە بايلىقلارغا ئىگە بولۇۋالدى، باشقىلارنىڭ ئولىمە، دوپپىسىنى قويغۇدەكمۇ يېرى يوق." باشقا شەھەر دۆلەتلىرىدىمۇ ئەھۋال ئافىنادىكى بىلەن ئانچە پەرقلەنمەيتتى، سپارتادەك بۇنداق رايوندىمۇ، كەمبەغەللەر ۋە بايلارغا بۆلۈنۈش ناھايىتى روشەن بولغان، ئۈلۈش يەرلەر بارا-بارا خۇسۇسىي مۈلۈككە ئايلىنىپ قالغان، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئىگىلىۋالغان يەرلىرى ناھايىتى كۆپ بولغان، ئاددىي پۇقرالاردىن يەرلىرىدىن مەھرۇم بولغۇچىلارمۇ كۈندىن-كۈنگە كۆپەيگەن. بولۇپمۇ سپارتا ئافىنانى يەڭگەندىن كېيىن، يۇنانغا بىر مەھەل خوجايىنلىق قىلغان، ئۇنىڭ ھوكۇمران سىنىپى كۆپلىگەن بايلىقلارنى تالان-تاراج قىلىپ، پۈتۈن يۇنان بويىچە ئەڭ باي قۇلدارلاردىن بولۇپ قالغان. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، يۇناندىكى ئۇششاق دېھقانلار ۋە مۇستەقىل قول ھۈنەرۋەنلەر تەبىقىسى كۈنسېرى خاراپلاشقان. ئەينى ۋاقىتتا، ئىقتىسادىي جەھەتتە چوڭ قۇلدارلارنىڭ قورۇ-زېمىنى ۋە يىرىك قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشخانىلىرى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن، چوڭ قۇلدارلار سىنىپى يۇنان شەھەر دۆلەتلىرىدىكى ئەڭ زور ھوقۇق ۋە كۈچكە ئىگە كىشىلەردىن بولۇپ قالغان، ئاددىي خەلقنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكىلىرىنىڭ كۈرىشى قايتىدىن قوزغالغان.

قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، قۇللارنىڭ قۇل-

دارلارغا قارشىلىق كۆرسىتىش كۆرىشى ئادەتتىن تاشقىرى كەسكىن-لىشىپ كەتكەن، ئەركىن خەلقنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى سىنىپىي كۆرەش — خانىۋەيران بولغان دىخانلار، قول ھۈنەرۋەنلەر ۋە تىجارەتچى ئاممىنىڭ چوڭ قۇلدارلارغا قارشى كۆرىشىمۇ تەرەققىي قىلىپ ئەزەلدىن كورۇلۇپ باقمىغان ئۆتكۈرلىشىش دەرىجىسىگە يەتكەن. ئەينى زامانىدىكى ئاقسۆڭەك قۇلدارلار پەيلاسوپى پلاتون مۇنداق دەپ ئېتىراپ قىلماي تۇرالمىغان: "ھەر بىر شەھەر دۆلىتى، مەيلى ئۇ قانچىلىك كىچىك بولسا بولسۇن، ھەممىسى قارىمۇ-قارشى ئىككى دۆلەتكە بۆلۈنۈپ كەتتى، بىرى كەمبەغەللەرنىڭ شەھەر دۆلىتى، بىرى بايلارنىڭ شەھەر دۆلىتى بولۇپ قالدى." "كەمبەغەللەر شەھەرلەردە توپلىنىپ ئولتۇراقلاشقان، يانلىرىدا تىغ يوشۇرۇپ يۈرىدۇ، بەزىلىرى قاتمۇ-قات قەرزلەرگە بوغۇلۇپ قالدى، بەزىلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان ئادىمى يوق دىرەكسىز يوقاپ كەتتى، بەزىلىرىنىڭ بولسا بېشىغا بۇ ئىككى خىل بەختسىزلىك تەڭلا كەلگەچكە، غەزەپ-نەپرىتى تولۇپ تاشماقتا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مال-مۈلكىنى تارتىۋالغان كىشىلەرگە قارشىلىق كۆرسىتىشكە ھەر ۋاقىت تەييار تۇرماقتا — ئۇلار قوزغىلاڭ كۆتەرمەكچى بولۇۋاتىدۇ." بىرمۇنچە شەھەر دۆلەتلىرىدە خانىۋەيران بولغان دىخانلار، قول ھۈنەرۋەنلەر بىلەن باشقا تۆۋەن قاتلامدىكى ئاددى خەلق بىرلىشىپ ھەركەت قىلغان قوزغىلاڭلار كۆتىرىلگەن، بەزىدە قۇللارمۇ قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىغا قاتنىشىپ، چوڭ قۇلدارلار سىنىپىدىن بىرلىكتە ئۆزۈل-كېسىل ھېساپ ئالغان، ئارگوس شەھەر دۆلىتىدىكى كالتەكچىلەر گۇرۇھى قوزغىلىڭى بۇنىڭ تىپىك بىر مىسالى. ئارگوس پېلوپونېس يېرىم ئارىلىدىكى مۇھىم بىر شەھەر دۆلىتى ئىدى، بۇ دۆلەتتە

سىنىپىي كۈرەش ناھايىتى كەسكىن بولۇپ كەتكەن، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 5 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، بۇ يەردە بىر قېتىملىق زور كۆلەملىك قۇللار قوزغىلىڭى پارتلاپ، قوزغىلاڭچى قۇللار يېقىن ئەتراپتىكى قەلئەلەرنى بىر مەھەل ئىشغال قىلىپ تۇرغان، ئارگوس-نىڭ قۇلدارلار ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا ئازلا قالغان. مىلا-دىيەدىن ئىلگىرىكى 4 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، ئارگوستا يەنە كەڭ كۆلەملىك خەلق قوزغىلىڭى پارتلىغان، قوزغىلاڭچى خەلق بۇرۇنقى قۇللار قوزغىلىڭىنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، كالى-تەك ـ توخماقلارنى قورال قىلىپ، مەخسۇسلا ئاقسۆڭەك قۇلدارلارغا زەربە بەرگەن، شۇڭلاشقا كالتەكچىلەر گۇرۇھى دەپ نام ئالغان. تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، ئارگوسنىڭ قوزغىلاڭچىلار ئاممىسى جىنايى قىلمىشلىرى روشەن بولغان 1 مىڭ 200 دىن كۆپرەك ئاقسۆڭەك قۇلدارنى باستۇرۇپ، ئۇلارنىڭ مال-مۈلۈكلىرىنى مۇسادىرە قىلغان ۋە تەقسىم قىلىۋەتكەن.

سىنىپىي كۈرەشنىڭ ئۆتكۈرلىشىشى ئارقىسىدا، قۇلدارلار سىنىپى شەھەر دۆلىتىنىڭ دېموكراتىك سىياسىي تۈزۈمىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى تېخىمۇ ياخشى كاپالەتلەندۈرەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۈمىدىنى تېخىمۇ كۈچلۈك دىكتاتۇرىغا باغلىغان، شۇنىڭ بىلەن، يۇنان شەھەر دۆلەتلىرىنىڭ ئەسلىدىكى دېموكراتىيە تۈزۈ-مىنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەندەك بىلىنگەن. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 4 ـ ئەسىردە، يۇنان قۇلدارلار سىنىپىنىڭ مەشھۇر مەدەنىيەتچىلىرى، مەسىلەن، ئافىنانىڭ ئىدىيالىستىك پەيلاسوپى پلاتون بىلەن تارىخ-شۇناسى كسېنوفونلار چوڭ قۇلدارلار سىنىپىنىڭ يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ئوي-خىياللىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىقىپ

ئافىنانىڭ دېموكراتىك سىياسىسى ۋە شەھەر دۆلىتى تۈزۈمىگە قارشى* تۇرغان. بۇ ۋاقىتتا، يۇنانىنىڭ شىمالىي قىسمىدا ماكېدونىيە پادىشاھلىقى باش كۆتۈرۈپ چىققان ئىدى. ماكېدونىيە مىلادىدىن ئىلگىرىكى 4-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قۇللۇق تۈزۈمىدىكى دۆلەت بولۇپ شەكىللىنىپ، يۇنان مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلغان، يۇنان شەھەر دۆلەتلىرى بىلەن قويۇق باردى-كەلدى قىلغان. پادىشاھ فىلىپ II (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 359—336) دەۋرىدە، تەسىرى كۈنچى كۈندىن-كۈنگە ئۆرلىگەن، يۇنانىنىڭ چوڭ قۇلدارلار سىنىپى بۇ پادىشاھلىقنىڭ ھەربىي ئىستىبدات ھۆكۈمرانلىقىغا تايىنىپ خەلقنى باستۇرۇپ، قۇلدارلار دىكتاتۇرىسىنى قوغداپ قالماقچى بولغان. ھەرقايسى يۇنان شەھەر دۆلەتلىرى ماكېدونىيىنى ياقلايدىغان ۋە ماكېدونىيىگە قارشى تۇرىدىغان ئىككى تەرەپكە بۆلۈنۈپ كەتكەن، ياقلايدىغانلار چوڭ قۇلدارلار سىنىپىنى ئاساس قىلغان؛ ياقلىمايدىغانلار شەھەر دۆلىتى تۈزۈمىگە يەنە خام خىيالدا بولۇۋاتقان بەزى كىشىلەردىن تەركىب تاپقان، لېكىن ئۇلار ئاجىز-ئىقتىدارسىز ئىدى. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 338-يىلى، ماكېدونىيە پادىشاسى فىلىپ II ماكېدونىيىگە قارشى تۇرغۇچىلارنىڭ بىرلەشمە ئارمىيىسىنى ئۇزۇل-كېسىل مەغلۇپ قىلىپ، پۈتكۈل يۇنانىنى ماكېدونىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالغان. يۇنان شەھەر دۆلەتلىرى نامدا بار، ئەمەلدە يوق بولۇپ قالغان، چوڭ قۇلدارلار سىنىپىنىڭ ماكېدونىيىنى ياقلىغۇچىلىرى ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىۋالغان، شەھەر دۆلەتلىرى ماكېدونىيىنىڭ بېقىندىسىغا ئايلىنىپ قالغان، شەھەر دۆلىتى تۈزۈمىمۇ تارىخ سەھنىسىدىن چۈشكەن.

**ماكېدونىيە ۋە يۇنان قۇلدارلىرىنىڭ شەرق ئەللىرىگە تاجا-**

**ۋۇز قىلىشى** ماكېدونىيە پادىشاسى يۇناننى كونترول قىلىۋالغاندىن كېيىن، يۇنان چوڭ قۇلدارلار سىنىپى بىلەن بىرلىشىپ،* شەرق ئەللىرىگە تاجاۋۇز قىلىش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويغان. شەرق ئەللىرىگە تاجاۋۇز قىلىش ۋە شەرق ئەللىرىنى تالان-تاراج قىلىش يۇنان چوڭ قۇلدارلار سىنىپىنىڭ بۇرۇندىنلا كۆزلەپ كەلگەن شىرىن خىيالى ئىدى. ماكېدونىيىنى ياقلىغۇچىلارنىڭ كاتتىۋېشى، ئافىنا چوڭ قۇلدارلار سىنىپىنىڭ گۇماشتىسى ئىسوكرات كوپ قېتىملاپ: "بىز ئۇرۇشنى ئاسىياغا ئېلىپ بېرىپ، بايلىقىنى يۇنانغا ئېلىپ كېلەيلى!" دەپ جار سالغان ئىدى. ئۇلار شەرقنىڭ بايلىقىنى تالان-تاراج قىلىش كويىدىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇرۇش ئارقىلىق ئامما دىققەت-ئېتىبارىنى بۇراپ، ئىچكى كىرىزىسنى پەسەيتىش ئۈمىدىدىمۇ بولغان ئىدى. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 337-يىلى، ماكېدونىيە پادىشاسى فىلىپ II كورىنتتا پۈتۈن يۇنان شەھەر دۆلەتلىرى يىغىنىنى ئېچىپ، بىر تەرەپتىن، يۇنان شەھەر دۆلەتلىرىنى ماكېدونىيىنىڭ رەھبەرلىك ئورنىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر قىلغان ۋە ئاددىي خەلق ھەرىكىتى ھەم قۇللار قوزغىلىڭىنى قەتئىي باستۇرىدىغانلىقىنى قايتا تەكىتلىگەن؛ يەنە بىر تەرەپتىن، پېرسىيىگە يۈرۈش قىلىدىغانلىقىنى جاكالاپ، ماكېدونىيە پادىشاسى كاتتىۋاشلىقىدىكى تاجاۋۇزچى قوشۇننى تەشكىللىگەن. فىلىپ II ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۆلتۈرۈلگەن، شەرق ئەللىرىگە تاجاۋۇز قىلىش ھەرىكىتىنى ئۇنىڭ ئوغلى ئالېكساندىر (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 336—323) ئورۇنلىغان.

ئالېكساندىر مىلادىدىن ئىلگىرىكى 334-يىلى باھاردا قوشۇن باشلاپ يولغا چىققان، ماكېدونىيىنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى ۋە ئېغىر قوراللانغان پىيادە ئەسكەرلىرىنى ئاساسىي كۈچ قىلغان، يۇنان شەھەر

دۆلەتلىرىنىڭ ياللانما قوشۇنىنى ياردەمچى كۈچ قىلغان، ئومۇمىي ئەسكەر سانى ئارانلا 35 مىڭدىن كۆپرەك، ئۇرۇش كېمىسىمۇ ئارانلا 160 تىن كۆپرەك بولغان، بۇنداق ئاجىز ئەسكىرىي كۈچ ناھايىتى زور پېرسىيە ئىمپېرىيىسىنى بوي سۇندۇرۇشتا بەكمۇ يېتەرسىزلىك قىلىدىغاندەك كۆرۈنەتتى. ئەمما، غەربىي ئاسىيا ۋە مىسىرنىڭ كەڭ رايونلىرىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان پېرسىيە ئىمپېرىيىسى خاراپلىشىپ كەتكەن، ئىمپېرىيە دائىرىسىدىكى ھەر مىللەت خەلقى پېرسىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۈزلۈكسىز قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقان، پۈتكۈل ئىمپېرىيە يىمىرىلىشكە يۈزلەنگەن ئىدى. بۇ ئەھۋال ماكېدونىيە ئۈچۈن پايدىلىق ئىدى. ئالېكساندىر ئاسىياغا بېسىپ كىرگەندىن كېيىن، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 333-يىلى سۈرىيىدىكى ئىسسوس جېڭىدە پېرسىيە پادىشاھى دارىئۇس III بىۋاستە باشچىلىق قىلغان ئاساسىي قوشۇننى زور مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىپ، دەرھال مىسىرغا بېسىپ كىرگەن. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 330-يىلى، ئالېكساندىر پېرسىيىنىڭ پايتەختى پېرسېپولىسنى ئىشغال قىلىپ، پېرسىيە ئىمپېرىيىسىنى يوقاتقان. يۇنان قۇلدارلىرى سابىق پېرسىيە ئىمپېرىيىسى زېمىنىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھۆكۈمرانى بولۇپ قالغان، بۇنداق ئەھۋالدا، يۇنان قۇلدارلىرى ھەرقايسى جايلاردىكى خەلق ئاممىسىنىڭ قارشىلىقىغا دۇچ كەلگەنلىكتىن، پېرسىيە قۇلدارلىرىنىڭ "بوي سۇندۇرۇش ئىشلىرى"نى ئېلىپ بېرىشى ئانچە ئاسانغا چۈشمەيدىغان بولۇپ قالغان. ئالېكساندىر مەركىزىي ئاسىيا رايونىغا بېسىپ كىرگەن چاغدىلا يەرلىك خەلقنىڭ قەتئىي قارشىلىقىغا ئۇچراپ، ھۇجۇمدا زور ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىغان، بىرقانچە تايانچ پونكىتنى ئىشغال قىلغان بولسىمۇ، لېكىن كەڭ زېمىننى كونترول

قىلىشقا ئامالسىز قالغان. كېيىن، ئالېكساندىر ھىندىستانغىمۇ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 327-يىلى)، ھىندى دەرياسى ۋادىسىدا قاتتىق قارشى زەربىگە ئۇچراپ، يىراققا يۈرۈش قىلىشنى نائىلاج توختىتىپ، بابىلونغا چېكىنىپ كەلگەن.

ئالېكساندىر بۇ بىر قاتار تاجاۋۇزچىلىق ھەركەتلىرى ئارقىلىق، ياۋروپا، ئاسىيا، ئافرىقا قىتئەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۈيۈك ئىمپېرىيە قۇرغان. لېكىن، ئۇنىڭ ئىمپېرىيىسى تامامەن ھەرقايسى ئەللەر خەلقىگە تاجاۋۇز قىلىش، ئۇلارنى تالان-تاراج قىلىش ۋە قۇل قىلىش ئۈستىگە قۇرۇلغانلىقتىن، مۇستەھكەملىنەلمىگەن. ئالېكساندىر مىلادىدىن ئىلگىرىكى 323-يىلى ئۆلگەندىن كېيىن، يۇنان ھۆكۈمرانلىقىدىكى جايلار ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا ئۇرۇش بولۇپ، ئاخىر مىسىردىكى پتولېمېي پادىشالىغى، سۈرىيەدىكى سېلېۋك پادىشالىغى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باكترىيە پادىشالىغىغا ئوخشاش بىرقانچە مۇستەقىل پادىشالىققا بۆلۈنۈپ كەتكەن.

بۇ مەزگىلدە، شەرقتىكى ھەرقايسى جايلار (مىسىر، سۈرىيە، بابىلون، كىچىك ئاسىيا قاتارلىقلار) يۇنان — ماكېدونىيىلىكلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىغى ئاستىدا تۇرغانلىقتىن، يۇناننىڭ ئۆز زېمىنىنىڭ شەرق ئەللىرى بىلەن بولغان ئالاقىسى كۈچىيىپ، گرېكلارنىڭ ئىقتىسات ۋە مەدەنىيەت مەركىزى پەيدىن-پەي شەرققە يۆتكەلگەن، يۇناننىڭ ئۆز زېمىنى بولسا ئۇنىڭ ئەكسىچە كۈنسايىن خاراپلاشقان.

## 6-بولۇم  يۇنان مەدەنىيىتى

**ماتېرىيالىزم بىلەن ئىدىيالىزم ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش**

يۇنان پەلسەپىسى يۇنان جەمئىيىتىدىكى سىنىپى كۈرەشنىڭ ئىنكاسى ئىدى. قەدىمقى يۇنان پەيلاسوپلىرى، ئومۇمەن، قۇلدارلار سىنىپىنىڭ ئىدىيە جەھەتتىكى ۋەكىللىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى قۇللۇق تۈزۈمنى ئاقلايتتى، جەمئىيەت تارىخى قارىشى جەھەتتە ھەممىسى ئىدىيالىست ئىدى، ئەينى زاماندا، پەلسەپىدە ماتېرىيالىزم بىلەن ئىدىيالىزم ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشمۇ يۈز بەرگەن، بۇ كۈرەش مەركەزلىك ھالدا دېموكرىت لۇشيەنى بىلەن پىلاتون لۇشيەنىنىڭ قارىمۇ-قارشىلىقى بولۇپ ئىپادىلەنگەن ئىدى، بۇ سودا-سانائەت قۇلدارلىرىنىڭ ئاقسۆڭەك قۇلدارلارغا قارشى كۈرىشىنىڭ ئىنكاسى ئىدى.

يۇنان پەلسەپىسىدە ساددا ماتېرىيالىزم بىلەن دىيالېكتىكا سودا-سانائەت قۇلدارلىرىنىڭ ئىدىيىسىگە ۋەكىللىك قىلاتتى، ئۇنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرى ھېراكلىت (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 6-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى) ۋە دېموكرىت (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 460—370)لار ئىدى. ھېراكلىت كىچىك ئاسىيانىڭ غەربىي دېڭىز قىرغىقىدىكى ئېفېسنىڭ پەيلاسوپى بولۇپ، ساددا دىيالېكتىكا ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭ قارىشىچە، ماددى نەرسە بولغان ئوت كائىناتنىڭ مەنبەسى، دۇنيانى قانداقتۇ بىرەر ئىلاھ ياراتمايدۇ، بەلكى ئوتنىڭ ئۆزگىرىشى كائىناتنى پەيدا قىلىدۇ؛ شەيئىلەر تەرەققىي قىلىپ،

ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، "ھەممە نەرسە ئېقىپ تۇرىدۇ، ھەممە نەرسە ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ". دەريا سۈيى توختىماي ئېقىپ تۇرغانلىقتىن، ئادەمنىڭ ئوخشاش بىر دەريا ئېقىمىدىن ئىككى قېتىم ئۆتۈشى مۇمكىن ئەمەس. ھېراكلىت يەنە شەيئىلەرنىڭ باغلىنىشى ۋە ئۆزگىرىشىدىن قارىمۇ-قارشىلىق بىرلىكى ۋە كۈرىشى داۋلىسىنىمۇ بىلۋالغان، ئۇ: "كۈرەش — كائىناتنىڭ ئاتىسى" دىگەن. ئۇ يەنە: "بىزدە تۇغۇلۇش بىلەن ئۆلۈش، ئويغىنىش بىلەن ئۇخلاش، ياشلىق بىلەن قېرىلىق ئوخشاش نەرسە. كېيىنكىسى ئۆزگەرسە، ئالدىنقىسىغا ئايلىنىدۇ، ئالدىنقىسى يەنە ئۆزگەرسە، كېيىنكىسىگە ئايلىنىدۇ" دىگەن. لېنىن مۇنداق دەپ كورسەتكەن ئىدى: "ھېراكلىتنىڭ نەزىرىدە، دۇنيانىڭ ئاساسىي قانۇنىيتى...... 'قارىمۇ-قارشى تەرەپكە ئايلىنىش قانۇنىيتى' دۇر".①

دېموكرىت شىمالىي يۇناندىكى ئابدېرا شەھىرىلىك بولۇپ، ھەرقايسى جايلارغا بېرىپ ساياھەت قىلىپ، بىلىم ئۆگەنگەن، مىسىر ۋە بابىلون قاتارلىق جايلارغا بارغان. ئۇ ناھايىتى كوپ ئەسەر يازغان، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولغان، ئەپسۇسكى، ئۇلاردىن پەقەت پارچە-پۇرات پارچىلىرىلا ساقلىنىپ قالغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، پلاتون دېموكرىتقا ئىنتايىن ئۆچ بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى كويدۇرۇۋەتمەكچى بولغان ئىكەن، بۇنىڭدىن ئەينى ۋاقىتتىكى كۈرەشنىڭ كەسكىن ئىكەنلىكىنى كورۇۋېلىشقا بولىدۇ. دېموكرىتنىڭ ئەسەرلىرىدىن ساقلىنىپ قالغىنىنىڭ شۇنچە ئاز بولۇشى

① لېنىن: «لاسساللنىڭ «ئېفېسلىق قاراڭغۇ ھېراكلىتنىڭ پەلسەپىسى» دىگەن كىتاۋىدىن ئۈزۈندىلەر». «لېنىن ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 38 – توم، 391 – بەت.

جەزمەن ئەكسىيەتچىلەرنىڭ مۇشۇ نىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

دېموكرىت قەدىمقى زاماندىكى مەشھۇر ماتېرىيالىستىك پەيلاسوپ، ئۇ "ئاتوم نەزەرىيىسى"نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كائىنات ئاتومدىن ھاسىل بولىدۇ، ئاتوم — پارچىلىغىلى بولمايدىغان ئەڭ كىچىك ماددى زەررە، ئۇلارنىڭ سانى ناھايىتى كۆپ بولىدۇ، خاراكتېرى ئوخشايدۇ، لېكىن شەكىل جەھەتتە چوڭ-كىچىكلىك پەرقى بولىدۇ، دەپ قارىغان. دېموكرىت يەنە، ئاتوم ئۈزلۈكسىز ھەركەت قىلىپ تۇرىدۇ، ھەركەت ئاتومنىڭ ئۆزىدە ئەزەلدىن بار بولغان بولىدۇ؛ سانسىز ئاتوملار بوشلۇقتا ئۈزلۈكسىز ھەركەتلىنىپ، ئۆزئارا سوقۇلۇپ يۇرۇپ، دۇنيانى ۋە ئۇنىڭدىكى شەيئىلەرنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن، كۈن، ئاي ۋە يۇلتۇزلارمۇ ئاتومدىن ھاسىل بولغان، ھەتتا ئادەمنىڭ روھىمۇ ئاتومدىن ھاسىل بولغان، دەپ قارىغان. بىلىش نەزەرىيىسى جەھەتتە، دېموكرىت ساددا ئىنكاس نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان، ئۇ، شەيئىلەرنى ھاسىل قىلىدىغان ئاتوم توپىدىن شەيئىلەرنىڭ كولەڭگىسى ئۈزلۈكسىز چىقىپ تۇرىدۇ، بۇ كولەڭگىلەر ئادەمنىڭ سەزگۈ ئەزالىرىغا ۋە كۆڭلىگە تەسىر كۆرسىتىپ، ئادەمنىڭ تۇيغۇسى ۋە ئىدىيىسىنى پەيدا قىلىدۇ، دەپ قارىغان.

دېموكرىتنىڭ ئاتوم نەزەرىيىسى ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، بۇ نەزەرىيىنىڭ دۇنيانىڭ ماددا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىققانلىقى، ماددىنىڭ تۈزۈلۈشىنى بىرقەدەر چوڭقۇر قىلىپ چۈشەندۈرۈپ بەرگەنلىكى، ھەركەتنىڭ ماددىنىڭ خۇسۇسىيىتى ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەنلىكى يېقىنقى زامان ئىلىم-پەندىكى ئاتوم نەزەرىيىسىگە تەسىر كۆرسەتكەن.

يۇنان پەلسەپىسىدە ئىدىيالىزمنىڭ ئاساسىي ۋەكىللىرى سوكرات

(مىلادىدىن ئىلگىرىكى 469 — 399) بىلەن پىلاتون (مىلادىدىن ئىلگىرىدىكى 427 — 347) لار ئىدى. سوكرات ئاقسۆڭەك قۇلدارلار مۇتەپەككۇرى بولۇپ، ئافىنادا مولللىق قىلىپ، دىنىي خۇراپاتلىق ۋە ئىدىيالىزىمنى تەشۋىق قىلاتتى، ئۇ، تەبىئەتنى خۇدا ياراتقان، تەبىئەتنى تەتقىق قىلىش كۇپپارلىق بولىدۇ، ئادەم پەقەت ئۆزىنىڭ كۆڭلىنىلا تەتقىق قىلىشى لازىم، دەپ قارىغان. ئۇ ئافىنانىڭ دېموكراتىيە تۈزۈمىگە قارشى تۇرغان. دېموكراتىيىچىلەرنىڭ يولباشچىلىرىغا خالىغىنىچە ھۇجۇم قىلغان، شۇنىڭ ئۈچۈن ئافىنا دېموكراتىك ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. 2 مىڭ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، ياۋروپا ئەكسى-يەتچىلىرى سوكراتنى "ئەۋلىيا" دەپ ھۆرمەتلەپ، ئۇنىڭ ئىدىيالى-زىمىنى تەرغىپ قىلىپ، تارىخنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە قارشى تۇرۇپ كەلمەكتە.

سوكراتنىڭ شاگىرتى پىلاتون ئۇستازىنىڭ ئىدىيالىزىمىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرغان. پىلاتون، رىيال دۇنيا ئۇستىدە تەجرىبىدىن خالى يەنە بىر ئىدىيە دۇنياسى بولىدۇ، ئىدىيە بىرلەمچى، رىياللىق ئىككىلەمچى، يەنى روھ بىرىنچى، ماددا ئىككىنچى، رىياللىق ئىدى-يىدىن ھاسىل بولغان، ماددا روھنىڭ ئىدارە قىلىشىدا بولىدۇ، دەپ قارىغان. بۇ سەپسەتىلەر كېيىنكى ھەممە ئىدىيالىزىمنىڭ ئاساسى بولۇپ قېلىپ، ناھايىتى يامان تەسىر پەيدا قىلغان. پىلاتون يەنە «غايىۋى دۆلەت»نى يېزىپ، ئاقسۆڭەك قۇلدارلار دىكتاتۇرىسىنى تەرغىپ قىلغان. ئۇنىڭ غايىۋى دۆلىتىدە 3 دەرىجە بولغان: بىرىن-چىسى — ھۆكۈمران سىنىپ، ئۇنىڭ تۇغما رولى دۆلەتنى باشقۇرۇش؛ ئىككىنچىسى — جەڭچى، بۇلار ھۆكۈمرانلارنى قوغداش ئۈچۈن باتۇر-

www.uyghurkitap.com

لۇق بىلەن جەڭ قىلىشى كېرەك؛ ئۈچىنچىسى — دېھقانلار ۋە قول ھۈنەرۋەنلەر، بۇلار ئۆز ئىشىدا شۈكۈر قىلىپ ئەمگەك قىلىشى، ئالدىنقى ئىككى خىل ئادەملەرنى بېقىشى كېرەك. قۇللار زادىلا ئادەم ھېسابلانمىغاچقا، ئويلاپ كۆرۈشنىڭمۇ ھاجىتى بولمىغان. بۇ — ئىنتايىن ئەكسىيەتچىل بولغان "ئەقلىي ئەمگەك قىلغۇچىلار باشقىلارنى ئىدارە قىلىدۇ، جىسمانىي ئەمگەك قىلغۇچىلار باشقىلار تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنىدۇ" دېيدىغان نەزەرىيە، شۇنداقلا تارىخنى قەھرىمانلار ياراتقان دېيدىغان ئەكسىيەتچىل قاراشنىڭ كونكرېت گەۋدىلىنىشى.

پلاتوننىڭ ئوقۇغۇچىسى ئارىستوتېل (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 384 — 322) مەشھۇر يۇنان پەيلاسوپلىرىنىڭ بىرى. ئۇ ئىدىيالىزىم بىلەن ماتېرىيالىزىم ئوتتۇرىسىدا ئارىسالدا بولۇپ يۈرگەن ئىككى مەنبەچىلىك تەرەپدارى. ئۇ، بىر تەرەپتىن، ئىدىيە دۇنياسى رېئال دۇنيانىڭ ئاساسى ۋە مەنبەسى بولالمايدۇ، دەپ قارىسا، يەنە بىر تەرەپتىن، شەكىل ماددىنى بەلگىلەيدۇ، مەقسەت تەرەققىياتنى بەلگىلەيدۇ، ئىلاھ بىلەن تەپەككۇر — دۇنيانىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى دېگەنلەرنىمۇ تەكىتلەپ، ئاساسىي جەھەتتىن يەنىلا ئىدىيالىستىقا يانىدۇ. ئارىستوتېل پەلسەپە، لوگىكا، فىزىكا، بىولوگىيە، ئېتىكىچىلىك، سىياسى ۋە ئەدەبىيات — سەنئەت نەزەرىيىسىگە ئوخشاش جەھەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بىرمۇنچە ئەسەرلەرنى يازغان، بۇ ئەسەرلەر كېيىنكى غەرب بۇرژۇئا مەدەنىيىتىگە ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن.

**ئەدەبىياتى ۋە سەنئىتى** ھومېر داستانى يۇناننىڭ ئەڭ بالدۇرقى مەشھۇر ئەدەبىي ئەسىرى، ئۇنىڭدا ئوبرازلار گەۋدىلىك،

ۋەقەلىكلەر جانلىق ۋە يۇنان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ جەۋھىرى مۇجەسسەملەشتۈرۈلگەن.

مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 5 ـ ئەسىردە، ئافىنانىڭ ئەدەبىيات ئىجادىيىتى تىراگېدىيە بىلەن كومېدىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تىياتىرنى ئاساس قىلغان. شەھەر دۆلىتى ھۆكۈمىتى تىياتىر ئىجات قىلىش ۋە قويۇشنى بىۋاسىتە ئۇيۇشتۇرغان ۋە باشقۇرغان، ئافىنا شەھىرىدە ئون مىڭ ئادەم سىغىدىغان ئۈستى ئوچۇق تىياتىر بولغان، بىلەت سېتىلمايلا قالماستىن، بەلكى تىياتىر كورگەن پۇقىراغا قوشۇمچە ياردەم پۇلى بېرىلىپ، قۇللارنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنىشىدىن كەلگەن قان ـ تەرلىرىدىن پايدىلىنىپ پۇقرا سېتىۋېلىنىپ، قۇلدارلار دىكتاتۇرىسى ھۆكۈمرانلىغى ئۈچۈن جامائەت پىكرى پەيدا قىلىنغان. ئافىنادا تىراگېدىيە ۋە كومېدىيىلەرنى ئىجات قىلىش بۇ ۋاقىتتا مىسلىسىز گۈللىنىپ، بىرقەدەر كورۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈل ـ گەن. تىراگېدىيە بويىچە ۋەكىللىك خاراكتېرغا ئىگە 3 يازغۇچىنىڭ ئۈچىلىسى ئافىنالىق ئىدى: ئېسخىل (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 524 ـــ 456)، سوفوكىل (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 496 ـــ 406)، ئېۋرىپىد (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 485 ـــ 406). ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىگە مۇس ـ تەسناسىز ھالدا قۇلدارلار سىنىپىنىڭ تامغىسى بېسىلغان، ھەممىسى ئافىنانىڭ قۇلدارلار دىكتاتۇرىسىنى بىردەك قوغدىغان ۋە ماختىغان. بۇنىڭدىن باشقا، بۇ تىراگېدىيىلەردە يەنە شەھەر دۆلىتى پۇقرال ـ رىنىڭ تۇرمۇشى بىرقەدەر رېيال ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، ئاددى خەلقنىڭ ئاقسۆڭەكلەرگە قارشى كۆرىشى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. ئېسخىل «پرومېتيۇس» دىگەن تىياتىردا پرومېتيۇسنىڭ ئاسماندىكى ئوتنى ئوغرىلاپ ئىنسانلارغا بەرگەنلىكىنى، گەرچە زېۋس خۇدانىڭ

دەھشەتلىك ئوچ ئېلىشقا ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا قەتئىي باش ئەگمەسلىكنى تەسۋىرلەپ، ئىستىبدات ئىلاھىي ھاكىمىيەتكە قارشى تۇرۇشقا جۈرئەت قىلغان بىر قەھرىمان كۈرەشچىنىڭ ئوبرازىنى ياراتقان، ماركس بۇنىڭغا يۇقىرى باھا بەرگەن. ئاساسەن پېرىكىل دەۋرىدە پائالىيەت ئېلىپ بارغان سوفوكلىسنىڭ ئەسەرلىرىدە ئافىنا ئاددىي خەلقىنىڭ ئۆزىنىڭ شەھەر دۆلىتى دېموكراتىك سىياسىتىغا بولغان ئىشەنچى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئېۋرىپىدنىڭ ئەسەرلىرىدە ئەر بىلەن ئايال باراۋەر دېگەنگە ئوخشاش ئىدىيىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئافىنانىڭ ئەڭ بۈيۈك كومېدىيە يازغۇچىسى ئارىستوفان (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 450 ـــ 385) ئىدى. ئۇ قىزىقارلىق ياكى خىيالىي شەكىللەر ئارقىلىق ئېغىر مەسىلىلەرگە باھا بېرىشكە، شەخسلەرنى مەسخىرە قىلىشقا ماھىر ئىدى، شۇنداقلا جەمئىيەتتىكى تەكشىسىزلىكلەرنى ۋە كەمبەغەللىك بىلەن بايلىق پەرقلىرىنى سۆككەن، ئۇ ئافىنا ئوششاق دېھقانلىرىنىڭ ئىدىيىسىگە ۋەكىللىك قىلاتتى.

يۇنانىنىڭ بىناكارلىقى ۋە سەنئىتىدىمۇ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 5 ـ ئەسىردە يۈكسەك مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن. پېرىكىل دەۋرىدە سېلىنغان ئافىنا مۇھاپىزەت شەھىرى قۇرۇلۇشى كلاسسىك قۇرۇلۇشلارنىڭ مەشھۇر نامايەندىسى دەپ قارالغان. يۇنان قۇرۇلۇشلىرىدا بەزى ئەنئەنىۋى ئۇسلۇپ شەكىللىرى مۇقىملاشتۇرۇلغان، ئۇنىڭ ياۋروپا قۇرۇلۇشلىرىغا بولغان تەسىرى ناھايىتى چوڭ. ئافىنانىڭ تەسۋىرىي سەنئەت خۇسۇسەن ئەيكەلتاشلىقىدا رېئالىزىملىق ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتە گەۋدىلىك ئىلگىرىلەشلەر بولغان، ئۇرغۇن جانلىق ۋە گۈزەل ھەيكەل ۋە قاپارتما نەقىشلەر ئىجاد قىلىنغان، بۇلارنىڭ ئىچىدە مەشھۇرلىرى، مەسىلەن، ھەيكەلتاراچ

مىرون ياسىغان تەنھەركەتچىنىڭ ھەيكىلى ۋە فىدىياس ياسىغان ئافىنا ئايال خۇداسىنىڭ ھەيكىلى دۇنيا نەپىس سەنئەت تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئافىنانىڭ رەسساملىق سەنئىتىدىمۇ رىياللىق بەدىئىي تەسۋىرلەنگەن، مەشھۇر تام سىزما ئەسەرلىرىدىن بىرەرسىمۇ ساقلىنىپ قالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ساپال كومزەكلەرگە سىزىلغان رەسىملەر — "كومزەك رەسىملىرى" ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە. بۇلار رەسىم تۈزۈلۈشىنىڭ نەپىسلىكى ۋە ئوبرازلىرىنىڭ جانلىقلىغى بىلەن داڭلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلاردا قەدىمقى يۇناننىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىمۇ رەسىم ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىلگەن، ئۇلار تارىخ ۋە ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتىدىكى مۇھىم ماتېرىياللار.

**ئىلىم-پەنى ۋە تارىخشۇناسلىقى** يۇناننىڭ تارىخشۇناسلىققا دائىر ئەسەرلىرى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 5-ئەسىردىن باشلاپ قەدەممۇ-قەدەم پىشىپ يېتىلگەن، بۇنى شەھەر دۆلىتى سىياسىسىنىڭ راۋاجلىنىشىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. ئەسىرى تولۇق ساقلىنىپ كەلگەن تۇنجى تارىخشۇناس — ھېرودوت پېرىكلىنىڭ دوستلىرىدىن بىرى ئىدى، ئۇنىڭ «تارىخ» دېگەن ئەسىرىدە ئاساسەن يۇنان-پېرسىيە ئۇرۇشى بايان قىلىنغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە قەدىمقى مىسىر ۋە ئىككى دەريا ۋادىسىدىكى ئەللەرنىڭ تارىخىمۇ تىلغا ئېلىنغان. ياۋروپا ئەللىرىدە ھېرودوت "تارىخ ئاتىسى" دەپ ئاتىلىدۇ. يەنە بىر مەشھۇر تارىخشۇناس فۇكىدىد ئافىنانىڭ سەردارى بولغان، پېلوپونېس ئۇرۇشىغا قاتناشقان ۋە «پېلوپونېس ئۇرۇشى تارىخى»نى يېزىپ، ۋەقەلىكنى ھەقىقىي، توغرا بايان قىلىپلا قالماستىن، بەلكى كونكرېت پاكىتلار ئىچىدىن تارىخنىڭ

سەۋەپ-نەتىجە مۇناسىۋىتىنى ئىزدەشكە ئېتىۋار بەرگەن، دىنىي خۇراپاتنىڭ تەسىرلىرىدىن مەلۇم دەرىجىدە خالىي بولالىغان. لېكىن ئۇلار قۇلدارلار سىنىپىنىڭ تارىخشۇناسلىرى بولغاچقا، پەقەت قۇلدارلار سىنىپى ۋەكىللىرىنىڭ ھەر خىل پائالىيەتلىرىنىلا بايان قىلغان، ئەينى زامانىدىكى تارىخنىڭ ھەقىقىي ياراتقۇچىلىرى — جاپاكەش كەڭ قۇللار ئاممىسىنى تىلغا ئالمىغان دېسىمۇ بولىدۇ.

يۇناننىڭ پەن-تېخنىكا بىلىملىرى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ قەدەممۇ-قەدەم جۇغلانغان. ئەڭ دەسلەپكى پەيلاسوپلار ئۆز نۆۋىتىدە يەنە مەشھۇر پەن ئالىملىرى ئىدى، مەسىلەن، فالېس ئاسترونومىيىنى تەتقىق قىلىش بىلەن داڭ چىقارغان ئىدى، ئۇ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 585-يىلدىكى كۈن تۇتۇلۇشىنى ئالدىنالا توغرا مۆلچەرلىگەن؛ پىتاگوراس گېئومېترىيە ۋە ماتېماتىكىغا پىششىق بولۇپ، گېئومېترىيىدىكى "پىتاگوراس تېئورېمىسى"نى، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، شۇ كەشىپ قىلغان. ماتېرىيالىزمنىڭ ئۇلۇغ ۋەكىلى دېموكرىت ئاسترونومىيە، گېئولوگىيە، فىزىكا، ھاۋا رايى ۋە بىئولوگىيە قاتارلىق پەنلەرنى تەتقىق قىلغان؛ ماتېماتىكا ۋە گېئومېترىيە جەھەتلىرىدە كونۇس، پىرامىدا ۋە شارنىڭ ھەجىملىرىنى ھېسابلاش ئۇسۇلىنى ئوتتۇرىغا قويغان. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 5-ئەسىرگە كەلگەندە، يۇناندا تىببىي ئالىم ھىپپوكرات، ئاسترونوم مېتونغا ئوخشاش بەزىبىر مەخسۇس ئالىملارمۇ مەيدانغا چىققان، ئالدىنقىسى غەرب تىبابەتچىلىكى ۋە دورىگەرلىكى ساھەسىدىكىلەر تەرىپىدىن "تىبابەتچىلىكنىڭ ئاتىسى" دەپ ئاتالغان، كېيىنكىسى قۇياش يىلىنىڭ دەۋر قىلىش ۋاقتىنى بىرقەدەر توغرا ھېسابلاپ چىقىپ، يۇنان يىلنامىسىنى مۇكەممەللەشتۈرگەن. لېكىن، يۇنان ئىلىم-پەنىنىڭ

يۇكسەك دەرىجىدە گۈللىنىشى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 3-2 ئەسىرلەردە بولغان ئىدى. ئەينى زاماندىكى ئىلىم-پەن پائالىيەتلىرىنىڭ مەركىزى مىسىرنىڭ ئىسكەندەرىيە شەھىرى ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن، شۇ ۋاقىتتىكى يۇنان ئىلىم-پەنى مۇۋەپپەقىيەتلىرى، ئەمەلىيەتتە، يۇناننىڭ شەرق مىللەتلىرى خەلقى بىلەن مەدەنىيەت ئالماشتۇرغانلىقىنىڭ جەۋھىرى ئىدى. ئىسكەندەرىيە ئالىمى ئېراتوسفېن (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 276—193) يەر شار شەكىللىك دىگەن توغرا ھوكۇمگە ۋە مىسىرنىڭ جەنۇبىي، شىمالىي قىسىملىرىدىكى ئىككى ئورۇندا كۈننىڭ قىيسىق يۆلۈكلىرىنىڭ پەرقىغە ئاساسلىنىپ، يەر شارىنىڭ چەمبەر ئۇزۇنلۇقىنى 39 مىڭ 700 كىلومېتىر دەپ ھىساپلاپ چىققان، بۇ سان ئەمەلىي سانغا خېلى يېقىنلىشىدۇ. ئاسترونوم ئارىستارك (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 310—230) قۇياش مەركىزى تەلىماتىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ماتېماتىك ئوكلىد (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 3-ئەسىرنىڭ باشلىرى) «گېئومېترىيىنىڭ ئەسلى» دىگەن كىتاپنى يازغان، بۇ كىتاپ تا ھازىرغىچە پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە بولۇپ كەلمەكتە. بۇ كىتاپ مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى شۈي گۇاڭچى قاتارلىق كىشىلەر تەرىپىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، ئېلىمىزدە ئەڭ بالدۇر تەرجىمە قىلىنغان غەرب ئىلىم-پەنىگە دائىر مەشھۇر ئەسەر.

يۇنان مەدەنىيىتىنىڭ بارلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرى خەلق ئاممىسىنىڭ سىنىپىي كۈرەشلىرىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن قولغا كەلتۈرۈلگەن، شۇنداقلا قۇللار ئەمگىكى ئاساسىدا كېلىپ چىققان. قۇللار ئەمگىكى بارلىق يۇنان مەدەنىيىتىنىڭ يارىتىلىشىنى ماددى ئاساس بىلەن تەمىن ئېتىپلا قالماستىن، بەلكى شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇلار ئېلىپ

بارغان ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشى ۋە سىنىپىي كۈرەش بارلىق مەدەنىيەتنىڭ بىردىن-بىر مەنبەسى ئىدى، يەنە كېلىپ نۇرغۇنلىغان زور مەدەنىيەت ئىجادىيەتلىرىنى بىۋاستە ھالدا قۇللار ياراتقان. مەسىلەن، بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرى ۋە ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇملىرىنى قۇللار ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن. بەزى قۇللار تىياتىر قويۇشقا ۋە ئەدەبىيات ئىجادىيەتلىرىگە قاتناشقان. مەشھۇر «ئېزوپ مەسەللىرى»نىڭ ئاپتورى قۇل ئىدى، رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئېزوپ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 6-ئەسىردە ياشىغان ئادەم، ئۇنىڭ مەسەللىرىنىڭ ئىدىيىسى چوڭقۇر، ئوبرازى جانلىق، ئۆزى قىسقا ۋە ئىخچام بولۇپ، ئۇنىڭدا توۋەن قاتلامدىكى ئاددىي خەلق ۋە قۇللارنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ بېرىلگەنلىكتىن، دۇنيانىڭ ھەرقايسى ئەللىرىدە كەڭ تارقالغان.

# ئالتىنچى باپ

## قەدىمقى رىم

رىم جايلاشقان ئىتالىيە يېرىم ئارىلى ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، پۈتكۈل يېرىم ئارال يەر شەكلى جەھەتتىن تار ۋە ئۇزۇنچاق، شەكلى ئۆتۈككە ئوخشاپ كېتىدۇ، جەنۇبتىن شىمالغا بولغان ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن مىڭ كىلومېتىر كېلىدۇ، شەرقتىن غەرىپكە بولغان كەڭلىكى تەخمىنەن 100 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ، شىمالىي قىسمىدا ئالپس تاغ تىزمىسى بار، يېرىم ئارالنىڭ ئۆزىدە يەنە ئاپېننىن تاغ تىزمىسى پۈتۈن زېمىنىنى ئۇزۇنىغا كېسىپ ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ يۇنان، سۈرىيە، مىسىر، شىمالىي ئافرىقا، ئىسپانىيەلەر بىلەن بولغان دېڭىز قاتنىشى بىرقەدەر قولايلىق.

رىم ئەسلىدە قۇللۇق تۈزۈمدىكى كىچىك شەھەر دۆلىتى ئىدى، بىرقانچە يۈز يىللىق كېڭەيمىچىلىك ئارقىلىق، ئۇ زېمىنى ياۋروپا، ئاسىيا، ئافرىقا قىتئەلىرىنى بېسىپ ئۆتىدىغان بۈيۈك ئىمپېرىيە بولۇپ قالغان. رىم دۆلىتىدە سىنىپىي كۈرەش ئۆتكۈر ۋە مۇرەككەپ بولغان، قۇللارنىڭ قۇلدارلارغا قارشى كۈرىشى، ئاددىي خەلقنىڭ ئاقسۆڭەكلەرگە قارشى كۈرىشى، ئېزىلگۈچى مىللەتلەرنىڭ قۇلدار ئەزگۈچىلەرگە قارشى كۈرىشى ئۈزۈلمەي بولۇپ تۇرغان، بىر بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن. بولۇپمۇ قۇللار ئاممىسىنىڭ قوراللىق

كۈرىشى دۇنيا قۇللۇق جەمئىيىتى تارىخىدا كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئورۇن تۇتىدۇ. قۇللار ۋە باشقا ئېزىلگۈچى خەلق تەكرار كۆرەشلەر ئارقىلىق ئاخىر رىم ئىمپېرىيىسىنى پاچاقلاپ تاشلىدى، ئەنە شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن غەربىي ياۋروپا فېوداللىق جەمئىيەتكە ئۆتتى.

## 1- بۆلۈم قەدىمقى ئىتالىيە ۋە رىمنىڭ پادىشاھ ھاكىمىيىتى دەۋرى

**ئىتالىيىنىڭ قەدىمقى ئاھالىسى** ئىتالىيە يېرىم ئارىلىدىن كونا تاش قورال دەۋرى بىلەن يېڭى تاش قورال دەۋرلىرىنىڭ مەدەنىيەت خارابىلىرى تېپىلدى، بۇ يىراق قەدىمقى زامان مەدەنىيىتىنى ياراتقان ئاھالە رىملىقلارغا ئوخشىمايدىغان مىللەت ئىدى. رىملىقلار لاتىن مىللىتىگە كىرەتتى، ئۇلارنىڭ ئەسلى يۇرتى ئىتالىيىنىڭ شىمالىدىكى ياۋروپا ئىچكى قۇرۇقلۇقىدا ئىدى، تەخمىنەن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 2000 - يىلىنىڭ باشلىرىدىلا تۈركۈم - تۈركۈملەپ ئىتالىيىگە كىرگەن. قەدىمقى زامان تارىخىدا، دەل ئاشۇ شىمال تەرەپتىن ئىتالىيىگە كىرگەن ھەمدە ئىتالىيىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەر ئىتالىيىنىڭ قەدىمقى ئاھالىسىنىڭ ئاساسىي غولى ئىدى. ئۇلار تۈركۈم - تۈركۈملەپ كىرگەن چاغدا، ئىتالىيە مىس قورال دەۋرىگە قەدەم قويغان ئىدى، كېيىن يەنە تەرەققىي قىلىپ تۆمۈر قورال دەۋرى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 10 - ئەسىرنىڭ باشلىرى)گە كەلگەندە، باشلانغۇچ جامائە تۈزۈمى تەدرىجىي پارچىلانغان.

رىملىقلار تەۋە بولغان لاتىن مىللىتى ئىتالىيىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان. باشلانغۇچ جەمئىيەت قۇللۇق جەمئىيىتىگە ئۆتكەن چاغدا، لاتىنلار قۇللۇق تۈزۈمىدىكى بەزىبىر كىچىك شەھەر دۆلەتلىرىنى قۇرغان، رىم ئەنە شۇلارنىڭ بىرى ئىدى. ھازىرقى زامان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلار تەتقىقاتى ئارقىلىق، ئومۇمەن، رىم شەھىرى تەخمىنەن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 7-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، يۇنانىنىڭكىدىن سەل كېيىنرەك مەيدانغا كەلگەن دەپ قارالماقتا. لاتىنلار رىم شەھىرىنى سېلىش بىلەن بىللە يەنە ئون نەچچە شەھەر-بازارلارنىمۇ سالغان. بىراق، ئىتالىيە يېرىم ئارىلىدا لاتىنلار-دىن باشقا يەنە بىرمۇنچە مىللەتلەر بار ئىدى، بۇلاردىن ئاساسلىق-لىرى ئوتتۇرا ئىتالىيىدە دۆلەت قۇرغان ئېتروۋرىيىلىكلەر ۋە ئىتالىيىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا ۋە سىتسىلىيە ئارىلىدا بىرمۇنچە كوچمەنلەر شەھەر دۆلىتى قۇرغان گرېكلار ئىدى. بۇ ۋاقىتتىكى ئىتالىيە يېرىم ئارىلىدا ئىرقىي مۇرەككەپ، مىللەت كۆپ بولۇپلا قالماستىن؛ بەلكى ھەرقايسى جايلارنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتى بەكمۇ تەكشىسىز ئىدى، بەزىلىرى سىنىپىي جەمئىيەتكە قەدەم قويۇپ، قۇللۇق تۈزۈمىدىكى پادىشالىق دۆلەت ياكى شەھەر دۆلىتى قۇرغان ئىدى. بەزىلىرى بولسا يەنىلا باشلانغۇچ جەمئىيەتنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە تۇراتتى. رىم ئىتالىيە يېرىم ئارىلىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش جەريانىدا، يۇقۇرىدا ئېيتىلغان مىللەتلەر بىلەن بىرقانچە يۈز يىلغا سوزۇلغان كۈرەشلەرنى ئېلىپ بارغان. رىم تارىخىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، ئۇنىڭ بىر ئاساسىي رەقىبى ئېترۇرىيە ئىدى.

مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 7—5-ئەسىرلەردە، ئېتروۋرىيىلىكلەر ئوتتۇرا ئىتالىيىدىكى قۇدرەتلىك بىر كۈچ ئىدى. ئۇلار پادىشا، ياكى

ئاقسۆڭەكلەر ھوكۇمرانلىق قىلىدىغان قۇللۇق تۈزۈمىدىكى بەزى كىچىك دۆلەتلەرنى قۇرغان. ئېترۇرىيىلىكلەر ئارىلاشما مىللەت ئىدى، ئۇنىڭ ئاساسىي ئاممىسى ئىتالىيانلار بولۇپ، يۇقۇرى قاتلام ھوكۇمرانلىرى كىچىك ئاسىيا قاتارلىق جايلاردىن دېڭىز ئارقىلىق كەلگەن بەزىبىر يات مىللەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئۇلارنىڭ گرېكلار بىلەن قويۇق سودا ئالاقىسى بار ئىدى، قول ھۈنەرۋەنچىلىكمۇ بىرقەدەر تەرەققى تاپقان ئىدى. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 6-ئەسىرگە كەلگەندە، ئېترۇرىيىنىڭ تەسىرى كۈچى تازا ئۇلغىيىپ، كونترول قىلىۋالغان جايلىرى شىمالدا ئالپىس تېغىغىچە، جەنۇپتا لاتىن مىللەتلىرىگىچە بولغان، رىممۇ بىر مەزگىل شۇلارنىڭ ھوكۇمرانلىقىدا بولغان. ئېترۇرىيە جەمئىيىتىدىكى سىنىپىي زىددىيەتلەر ئىنتايىن ئۆتكۈر بولغان، قۇلدار ئاقسۆڭەكلەر قۇللارنىلا ئېزىپ ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىپ قالماستىن، بەلكى بوي سۇندۇرۇلغۇچى كەڭ ئاھالىنىمۇ ئەزگەن ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغان، شەھەرلەر ئارا دائىم يېغا بولۇپ تۇرغان. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 6-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، ئېترۇرىيە ئىتالىيىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى يۇنان شەھەر دۆلەتلىرى بىلەن توقۇنۇش پەيدا قىلغان ھەم يېڭىلگەن، شۇنىڭدىن باشلاپ بارا-بارا خاراپلاشقان. رىم پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ باش كۆتىرىپ چىقىپ، ئېترۇرىيە شەھەرلىرىگە قارشى كۈرەش ئېلىپ بارغان، كېيىن ئاخىر ئۇنى بوي سۇندۇرغان. ئۇزاق مۇددەتلىك ئۇچرىشىش ۋە باردى-كەلدى قىلىشىشلار ئارقىسىدا، ئېترۇرىيىنىڭ سودا-سانائىتى ۋە مەدەنىيىتى دەسلەپكى رىمغا بىرقەدەر چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن.

**رىمنىڭ پادىشا ھاكىمىيىتى دەۋرى** رىم تارىخىنىڭ ئەڭ

بالدۇرقى باسقۇچى "پادىشا ھاكىمىيىتى دەۋرى" يەنى رىۋايەتلەردە ئېيتىلغان پادىشا (رېكس) ھوكۇمرانلىق قىلغان دەۋر دەپ ئاتىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ دەۋردە جەمئىي 7 پادىشا ئۆتكەن، ئۇلار تەخمىنەن 200 يىلدىن كۆپرەك دەۋر سۈرگەن ئىكەن. لېكىن بۇ رىۋايەتلەرنىڭ چىنلىقى بەكمۇ شۈبھىلىك. ئەمەلىيەتتە، پادىشا ھاكىمىيىتى دەۋرى رىمنىڭ شەھەر قىلىپ قۇرۇلغىنىدىن تارتىپ پادىشا ئاغدۇرۇپ تاشلىنىپ جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغانغا قەدەر تەخمىنەن يۈز نەچچە يىلنى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 7-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 510-يىلغىچە) باشتىن كەچۈرگەن.

ئېنگېلس مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن ئىدى: "رىملىقلار پادىشالىق دەۋرى دەپ ئاتالغان دەۋردىمۇ ئۇرۇق، قېرىنداش ئۇرۇق ۋە قەبىلە ئاساس قىلىنغان ھەمدە شۇلاردىن راۋاجلىنىپ چىققان ھەربىي دېمو-كراتىيە تۈزۈمى شارائىتىدا ياشىغان."① دېمەك، ئەينى زاماندىكى رىم جەمئىيىتى تەرەققىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، بۇ جەمئىيەت باشلانغۇچ جەمئىيەتتىن قۇللۇق جەمئىيەتكە ئۆتۈش باسقۇچىدا تۇرغان، بۇ ئۆتۈش پادىشا ھاكىمىيىتى دەۋرىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىگە كەلگەندىلا ئورۇنلىنىپ، رىم قۇللۇق تۈزۈم دۆلىتى شەكىللەنگەن. ئۇنىڭ بەلگىسى قەدىمقى رىۋايەتلەردە ئېيتىلغان پادىشا سېرۋىي تۇللىيىنىڭ ئىسلاھاتى ئىدى.

رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، رىملىقلار ئەسلىدە 300 ئۇرۇققا بۆلۈنگەن، ھەر ئون ئۇرۇق بىر قېرىنداش ئۇرۇقنى تەشكىل قىلىپ،

---

① ئېنگېلس: «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى». «ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، خەلق نەشرىياتىنىڭ 1972-يىل خەنزۇچە نەشرى، 4-توم، 124-بەت.

www.uyghurkitap.com

كۇرىيە دەپ ئاتالغان، ئۇن قېرىنداش ئۇرۇق بىر قەبىلىنى تەشكىل قىلغان، پۈتۈن رىمدا جەمئىي 3 قەبىلە بولغان. رىم شەھەر قىلىپ قۇرۇلۇشنىڭ دەسلىۋىدە، پادىشا، ئەمەلىيەتتە، "كۇرىيە يىغىنى" دەپ ئاتالغان خەلق يىغىنىدا سايلىنىدىغان ھەربىي دېموكراتىيە تۈزۈمىدىكى ھەربىي يولباشچىلا ئىدى. لېكىن، ئەينى ۋاقىتتا رىم جەمئىيىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا سىنىپلارغا بۆلۈنۈش بىرقەدەر روشەنلەشكەن ئىدى. ھەربىي يولباشچى پادىشادىن تاشقىرى، ئۇرۇقداش ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ھوقۇقى ۋە كۈچىمۇ زور دەرىجىدە كۈچەيگەن، ئۇلار ئەسلىدىكى ئۇرۇق كېڭەشمىسىنى مونوپوللىيە قىلىۋېلىپ، "سىنات" ("ئاقساقال") دېگەن ھۆرمەت نامىغا ئېرىشكەن، كېڭەشمىمۇ "سىنات" دەپ ئاتالغان، ھەقىقىي ھوقۇق ئىگەللىگەن بۇ ئورگان تۈرلۈك جامائەت ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلاتتى، كۇرىيە يىغىنىغا قويۇلىدىغان مۇھىم لايىھە (مەسىلەن، پادىشا سايلاش ۋە قانۇن تۈزۈشكە ئوخشاش)لەرنى ئالدىنالا مۇزاكىرە قىلىپ قارار قىلاتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن كۇرىيە يىغىنى، ئەمەلىيەتتە، سىناتنىڭ قورالى بولۇپ قالغان ئىدى. ئىقتىسادىي جەھەتتە، ئۇرۇقداش ئاقسۆڭەكلەر ئۇرۇقنىڭ جامائەت يەرلىرىنى ئىگىلىۋېلىپ، قۇللار ۋە بېقىندۇچىلارنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلاتتى. ئەينى زاماندا، رىمنىڭ يەرلىرىنىڭ ئاز بىر قىسمى ئۇششاق ئۇلۇش يەر سۈپىتىدە ئائىلىلەرنىڭ خۇسۇسىي ئىگىدارلىق قىلىشىغا تەقسىم قىلىپ بېرىلەتتى، لېكىن كۆپ قىسمى نامدا يەنىلا ئۇرۇقنىڭ جامائەت ئىگىدارلىقىدا بولسىمۇ، بۇ جامائەت ئىگىدارلىقىدىكى يەرلەر، ئەمەلىيەتتە، ئاقسۆڭەكلەر تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىناتتى. ئۇرۇقداش ئاقسۆڭەكلەر ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىدە چاڭگىلىغا ئېلىۋالغان ئىمتىيازلىرىدىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرىنىڭ

ئورنىنى مۇستەھكەملەشكە جېنىنىڭ بېرىچە تىرىشاتتى.

ئىجتىمائىي ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە رىم شەھىرىنىڭ تەدرىجىي كېڭىيىشى بىلەن بىللە، رىم رايونىنىڭ نوپۇسى كۈنسايىن كۆپىيىپ كەتكەن، كۆپەيگەن نوپۇسنىڭ بىر قىسمى چەتتىن كەلگەن كۆچمەنلەر، بىر قىسمى بويسۇندۇرۇلغان رايونلارنىڭ، ئاساسەن، لاتىن رايونىنىڭ ئاھالىسى ئىدى. ھەممىسى يېڭى ئاھالە كونا ئۇرۇق-داشلىق تۈزۈمىنىڭ سىرتىدا بولغانلىقتىن، ئاددىي خەلق دەپ ئاتىلاتتى. ئۇلار كىشىلىك ئەركىنلىككە ئىگە كىشىلەر ئىدى، يەر-زېمىن تۇتالايتتى، باج-سېلىق تاپشۇرۇشى ۋە ھەربىي خىزمەت ئۆتىشى شەرت ئىدى. ئەمما ئۇلار ھېچقانداق ئەمەل تۇتالمايتتى؛ كۇرىيە يىغىنىغىمۇ قاتنىشالمايتتى، جامائەت ئىگىدارچىلىقىدىكى يەرگىمۇ ئېرىشەلمەيتتى. ئاددىي خەلق ئۇرۇقداش ئاقسۆڭەكلەرنىڭ سىياسىي جەھەتتىن ئېزىشىگە ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن قۇل قىلىشىغا ئۇچرايتتى. ئۇلار ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئىمتىيازلىرىغا ۋە ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قورالىغا ئايلىنىپ قالغان ئۇرۇق ئاپپاراتىغا قارشى تۇراتتى، بۇ كۈرەشلەر دەل رىۋايەتلەردە ئېيتىلغان سېرۋىي تۇللىي ئىسلاھاتىنى ئالغا سۈرۈشنىڭ سەۋەبى ئىدى.

سېرۋىي تۇللىي رىمنىڭ رىۋايەتلەردە ئېيتىلغان 6-پادىشاسى (تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 578—534) ئىدى، ئۇ ئېلىپ بارغان ئىسلاھاتنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: بارلىق رىملىقلار مال-مۈلكىگە قاراپ 5 دەرىجىگە ئايرىلغان، 100 مىڭ ئاس ①

---

① ئاس — رىم پۇلى، لېكىن ئاسنىڭ مەيدانغا چىقىشى مىلادىدىن ئىلگى-رىكى 4-ئەسىردىن بالدۇر بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. تارىخنامىلەردە بۇ قېتىمقى ئىسلاھاتتا مال-مۈلۈك ئاس بىلەن ھېسابلانغان دېيىلىشى كېيىنكىلەرنىڭ

پۇلى بارلار 1-دەرىجە، 75 مىڭ ئاس پۇلى بارلار 2-دەرىجە، 50 مىڭ ئاس پۇلى بارلار 3-دەرىجە، 25 مىڭ ئاس پۇلى بارلار 4-دەرىجە، 11 مىڭ (ياكى 12 مىڭ 500) ئاس پۇلى بارلار 5-دەرىجە قىلىنغان، مال-مۈلكى 5-دەرىجىنىڭكىدىن تۆۋەن بولغانلار "يوقسۇللار" دەپ ئاتىلىپ، دەرىجىگە كىرگۈزۈلمىگەن. ھەر بىر دەرىجە مالىيە كۈچى بويىچە پەرقلىق ساندىكى ھەربىي قوشۇن بىلەن تەمىن ئېتكەن، يۈز كىشىلىك تۆۋەن بىرلىك قىلىنىپ، 1-دەرىجە 80 پىيادە ئەسكەرلەر يۈز كىشىلىك تۆۋەنى ھەم 18 ئاتلىق ئەسكەرلەر يۈز كىشىلىك تۆۋەنى چىقارغان؛ 2-دەرىجە 22 نى، 3-دەرىجە 20 نى، 4-دەرىجە 22 نى، 5-دەرىجە 30 نى چىقارغان، دەرىجىگە كىرمىگەن يوقسۇللار پەقەت بەلگە خاراكتېردا بىرنىلا چىقارغان. ئاۋاز بېرىشتە يۈز كىشىلىك تۆۋەن بىرلىك قىلىنغان، بىر تۆۋەن بىر ئاۋاز قىلىنىپ، يۈز كىشىلىك تۆۋەن يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇلغان، ئۇ ئەسلىدىكى كۇرىيە يىغىنىنىڭ سىياسىي رولىنىڭ ئورنىنى ئالغان.

رىۋايەتلەردە ئېيتىلغان بۇ قېتىمقى ئىسلاھاتنىڭ مەزمۇنى، ئەمەلىيەتتە، بىر قېتىملىق ئىسلاھاتتىلا تولۇق ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ ئىسلاھات خېلى ئۇزاق تارىخىي تەرەققىياتنىڭ نەتىجىسى بولۇشى كېرەك ئىدى. بۇ قېتىمقى ئىسلاھاتنىڭ ئەھمىيىتى، ئاساسەن، ئۇنىڭ ئۇرۇقداش ئاقسۆڭەكلەرگە ۋە ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىگە زەربە بېرىپ، مال-مۈلۈك بويىچە دەرىجىگە ئايرىشقا ۋە مۈلۈكدارلارنىڭ ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىشىغا كاپالەت

يەر باھاسى بويىچە پۇلغا سۇندۇرۇپ ھېسابلىغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئەينى زاماندا مال-مۈلۈك جەھەتتىكى سالاھىيەت بەلكىم باشقا ئۇسۇللار بىلەن ھېسابلانغان بولۇشى مۇمكىن.

بېرىش يۆنىلىشىگە ۋەكىللىك قىلغانلىقى. ئېنگېلس بۇ ئىسلاھاتنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتىنى يەكۈنلەپ مۇنداق دېگەن ئىدى: "ئۇنداق قىلىپ، رىمدىمۇ پادىشا ھاكىمىيىتى دەپ ئاتالغان نەرسە بىكار قىلىنىشتىن بۇرۇن، شەخسىي قانداشلىق مۇناسىۋىتى ئاساس قىلىنغان قەدىمقى ئىجتىمائىي تۈزۈم بۇزۇۋېتىلگەن، ئۇنىڭ ئورنىغا رايون ئايرىمىسى ۋە مال-مۈلۈك پەرقى ئاساس قىلىنغان يېڭى، ھەقىقىي دۆلەت تۈزۈمى دەسسىتىلگەن." ①

پادىشا ھاكىمىيىتى دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، رىمنىڭ قۇللۇق تۈزۈمىدىكى دۆلىتى بىر مەھەل ئېتروۋرىيىلىكلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان، رىۋايەتلەردە ئېيتىلغان 5-، 7-پادىشالارنىڭ ئىككىلىسى ئېتروۋرىيىلىك ئىدى. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 510-يىلى، پادىشا خەلق قوزغىلىڭىدا ئاغدۇرۇپ تاشلانغان، شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن رىمدا پادىشا قويۇلماستىن، بەلكى بىر يىلدا بىر ئالمىشىپ ۋەزىپە ئۆتەيدىغان ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچى ئىككى ئەمەلدار مەمۇرىي كاتتىۋاشلىقلىققا سايلىنىپ، رىم جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان.

## 2-بۆلۈم رىم جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە كېڭەيمىچىلىكى

جۇمھۇرىيەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئاددىي خەلق بىلەن

① ئېنگېلس: «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى». «ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، خەلق نەشرىياتىنىڭ 1972-يىل خەنزۇچە نەشرى، 4-توم، 126-بەت.

ئاقسۆڭەكلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش رىم جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇپ دەسلەپكى چاغلاردا، ھاكىمىيەت يەنىلا ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قولىدا ئىدى. ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچى دۆلەت باشلىقى بولغان ئىككى ئەمەلدارلىققا پەقەت ئاقسۆڭەكلەرلا ئولتۇرالايتتى. پادىشا ھاكىمىيىتى دەۋرىدە ئەمەلىي ھوقۇقنى قولغا ئېلىۋالغان سىنات جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغاندىن كېيىن تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ تەرەققىي قىلىپ ئاقسۆڭەكلەر ھۆكۈمرانلىقىنىڭ يادرو ئاپپاراتىغا ئايلىنىپ، رىم دۆلىتىنىڭ مەمۇرىي ۋە ھەربىي ئىشلىرىنىڭ قوماندانلىق مەركىزى بولۇپ قالغان ئىدى. ئاددىي خەلق ئاممىسى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىغى ئاستىدا، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئاقسۆڭەكلەرنىڭ دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە ئۇچرايتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىياسىي ھوقۇقى يوق ئىدى. ئاقسۆڭەكلەر دۆلەت ئىگىدارلىقىدىكى كۆپلىگەن يەرلەرنى ئىگىلىۋالغان ئىدى، ئاددىي خەلق بولسا دۆلەت ئىگىدارلىقىدىكى يەرلەرنى تەقسىم قىلىشقا ئارىلىشالمايتتى، نۇرغۇنلىغان ئاددىي خەلق ئىلاجسىز ئاقسۆڭەكلەر ئىگىلىۋالغان يەرلەرگە بېرىپ ئەمگەك قىلىپ، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە ئۇچرايتتى. ئاددىي خەلق، كۆپىنچە، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ جازانىسىغا بوغۇلۇپمۇ قالاتتى، نۇرغۇن ئاددىي خەلق قەرزگە بوغۇلغانلىقتىن قۇلغا ئايلىنىپ قالاتتى، قەرزدار قۇللۇقلۇق تۈزۈمىنىڭ يۈرگۈزۈلۈشى ئاددىي خەلقنىڭ ئەڭ ئېغىر ئازاپ-ئوقۇبىتى بولۇپ قالغان ئىدى، ئاددىي خەلق قەرزگە بوغۇپ قۇل قىلىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى قاتتىق تەلەپ قىلاتتى. ئاقسۆڭەكلەر بىلەن ئاددىي خەلق ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت قۇللۇق جەمىيەتتىكى نېگىزلىك زىددىيەت — قۇللار بىلەن قۇلدارلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بىلەن چەكلىنىپ تۇراتتى. ئاددىي خەلقنىڭ

ئاقسۆڭەكلەرگە قارشى كۈرەشى، ئاساسەن، يەر مەسىلىسى ۋە قەرزدارلىق مەسىلىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا بولۇپ تۇراتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاددى خەلقنىڭ سىياسى ھوقۇقنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىمۇ بولۇپ تۇراتتى. بۇ كۈرەشلەردىن جۇمھۇرىيەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى تارىخىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ھاسىل بولغان ئىدى.

ئەينى زاماندا، رىم دائىم چەتكە قارىتا ئۇرۇش ئېلىپ بېرىپ تۇرغان، بەزىدە چەت دۈشمەنلەرنىڭ ناجاۋۇزچىلىق تەھدىدىگىمۇ دۇچكېلىپ تۇرغان ئىدى. بۇ ئۇرۇشلاردا، ئاددى خەلق رىم ئارمىيىسىنىڭ تايانچ كۈچى ئىدى، شۇڭلاشقا ئاددى خەلق ئۇرۇش قىلىشنى رەت قىلىش يولى بىلەن ئاقسۆڭەكلەرگە قارشى كۈرەش قىلغان ئىدى. بۇ — رىم تارىخىدىكى "بولۇنۇش ھەركىتى". ئاددى خەلق كۈرەش داۋامىدا بەزى غەلىبىلەرگە ئېرىشكەن، بىر قاتار ھوقۇقلارنى قولغا كەلتۈرگەن. ئاددى خەلق غەلىبىسىنىڭ بىرىنچى مۇنىسى خەلقنى قوغدىغۇچى ئەمەلدارنىڭ قويۇلغانلىقى ۋە ئاددى خەلق كېڭەشمىسىنىڭ قۇرۇلغانلىقى ئىدى. خەلقنى قوغدىغۇچى ئەمەلدارلىققا پەقەت ئاددى خەلقلا قويۇلاتتى. ئۇلار ئاددى خەلق كېڭەشمىسىدە سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇتقا كېلەتتى، مەمۇرى ئەمەلدارلارنىڭ ئاددى خەلقنىڭ ھوقۇقىغا دەخلى-تەرۇز قىلىدىغان پەرمانلىرىنى رەت قىلىۋېتىشكە ھوقۇقلۇق ئىدى. كېيىن، ئاددى خەلق كېڭەشمىسى قانۇن چىقىرىش ھوقۇقىنى تەدرىجى ھالدا قولغا كەلتۈرگەن، كېڭەشمە ماقۇللىغان قارارلار دولەت قانۇنلىق خاراكتېرغا ئىگە بولاتتى، ئۇنىڭغا ئاقسۆڭەكلەرنىڭمۇ ئەمەل قىلىشى شەرت ئىدى. بۇ كۈرەش مۇنىسى يۈز يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئېلىپ بېرىلغان

تەكرار-تەكرار كۆرەشلەر ئارقىسىدا، ئاخىردا مىلادىدىن ئىلگىرىكى 287-يىلىلا ھورتېنزىي قانۇنى دېگەن نام بىلەن قارارلاشتۇرۇلغان. شۇنىڭدىن كېيىن، ئاددىي خەلق كېڭەشمىسى رىم دۆلىتىنىڭ تولۇق قانۇن چىقىرىش ھوقۇقىغا ئىگە يۇقىرىلار كېڭەشمىسىگە ئايلىنىپ، تىرىبۇس① كېڭەشمىسى دەپ ئاتالغان. بۇ يۈز يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە، ئاددىي خەلق ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچى ئەمەلدار (مىلادىيدىن ئىلگىرىكى 367-يىلىدىكى لىتسىنىي — سېكستىي قانۇنى) ۋە باشقا يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدار بولۇش ھوقۇقىنىمۇ ئارقا-ئارقىدىن قولغا كەلتۈرگەن، ئاددىي خەلق ئاقسۆڭەكلەر بىلەن تەڭلىنالمايدىغان چەكلىمە ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. ئىقتىسادىي جەھەتتە قانۇن چىقىرىشتا، قەرزدار قۇللۇقنى بىكار قىلىش ھەققىدىكى پەرمان (مىلادىيدىن ئىلگىرىكى 326-يىلىدىكى پوتېلىيا قانۇنى) ماقۇللىنىپ، دۆلەت ئىگىدارلىقىدىكى يەرلەرنى ئىگىلەشتىكى ئەڭ يۇقىرى نورما 500 يۇگېر (تەخمىنەن 125 گېكتار) قىلىپ بېكىتىلگەن. يېزى كەمچىل بولغان بەزى ئاددىي خەلق رىمنىڭ چەتئەللەرنى بوي سۇندۇرۇش ئۇرۇشى جەريانىدا بىرقانچە ئۆلۈش يەرگە ئىگە بولغان، شۇنىڭ بىلەن يەر مەسىلىسىدىكى جىددىيلىك سەل-پەل پەسەيگەن.

ئاددىي خەلق 200 نەچچە يىللىق كۆرەش ئارقىلىق قەرزدار قۇللۇق تۈزۈمىنى بىكار قىلغان ۋە بەزىبىر سىياسىي ھوقۇقلارنى قولغا كەلتۈرگەن. لېكىن سىياسىي ھوقۇقلاردىن ھەقىقىي بەھرىمەن بولۇش ئاددىي خەلقنىڭ يۇقىرى قاتلىمى بىلەنلا چەكلەنگەن.

---

① قەبىلە دېگەن مەنىدە. — تەرجىماندىن.

مەسىلەن، ھاكىمىيەت يۇرگۇزگۇچى 2 ئەمەلدارنىڭ بىرى ئاددى خەلقتىن بولۇشى شەرت دېيىلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا ئاددى خەلقنىڭ يۇقۇرى قاتلىمىدىكىلەرلا، يەنى ئاددى خەلق ئىچىدىكى باي قۇلدارلار سىنىپىدىكىلەرلا سايلىنالىغان، چۈنكى ئەينى زاماندا ھاكىمىيەت يۇرگۇزگۇچى ئەمەلدارغا مائاش بېرىلمەيدىكەن، نامراتلارنىڭ سايلام رىقابىتى ئېلىپ بارالىشى ھەم ۋەزىپە ئۆتىشى زادىلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. نەتىجىدە يەقەتلا ئاددى خەلقنىڭ يۇقۇرى قاتلىمىدىكىلەر ئاقسوڭەكلەر بىلەن بىرلىشىپ كېتىپ، يېڭى ئاقسوڭەك ھوكۇمرانلار سىنىپىنى تەشكىل قىلىپ، ھاكىمىيەتنى قولىغا ئېلىۋالغان.

قەرزدار قۇللۇقلۇق تۈزۈمى بىكار قىلىنغانلىقتىن، رىم قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ تەرەققىياتى بىر مىللەتتىكىلەرنى قۇل قىلىش يولىدىن خالى بولغان. قۇلدارلار ئەمگەك كۈچىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، چەتكە تاجاۋۇز قىلىش ئۇرۇشى داۋامىدا قۇل بۇلاپ-تالاشقا تىرىشقان، شۇڭلاشقا چەتكە قارىتىلغان كېڭەيمىچىلىكنى كۈچەيتكەن. ئاددى خەلقنىڭ ئاساسىي ئامىسى بولغان ئۇششاق دېھقانلار شۇنىڭدىن كېيىن قۇلغا ئايلىنىپ قالمايدىغان بولغان، ئۇلارنىڭ پۇقرالىق ھوقۇقى كاپالەتلەندۈرۈلگەن. قۇلدارلار يەنە ئۇششاق دېھقانلارغا بۇلاپ كەلگەن يەرلەردىن بىرئاز بولۇپ بېرىشكە ئوخشاش ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ئۇششاق دېھقانلارنى چەتكە تاجاۋۇز قىلىش ئۇرۇشى داۋامىدا ئۆزلىرىنىڭ كەتمىنىنى چاپقۇزۇشقا قىزىقتۇرغان. ئۇششاق دېھقانلاردىن تەشكىل قىلىنغان ھەربىي قوشۇن رىمنىڭ كېڭەيمىچىلىك قىلىشىدىكى ئاساسىي كۈچ بولۇپ قالغان. لېكىن، بۇ مەسىلىسى ھەل بولۇپ كەتمىگەن، تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنىڭ ئېلىپ بېرىلىشى

بىلەن بىللە، يەرلەرنى قوشۇۋېلىش ۋە ئۇششاق دېھقانلارنىڭ خانىۋەيران بولۇش جەريانىمۇ جىددىيلىشىپ، كېيىنكى يېڭى كۈرەشلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

**رىمنىڭ چەتكە قارىتىلغان كېڭەيمىچىلىكى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرىشى** رىم شەھەر دۆلىتى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 4-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، لاتىن مىللىتىنىڭ شەھەر دۆلەتلىرى ئىچىدە چوڭراقلا دۆلەت ھېساپلىناتتى. كېيىن ئۇزاق مۇددەتلىك كۈرەشلەر ئارقىلىق، نۇرغۇن جايلارنى تارتىۋېلىپ، لاتىن شەھەر دۆلەتلىرىنىڭ ھاكىم بېگى بولۇپ قالغان. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 4-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 3-ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە، رىم 3 قېتىم سامنى ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىپ، ئىتالىيىنىڭ ئوتتۇرا ۋە جەنۇبىي تاغلىق جايلىرىدىكى سامنىتلىقلارنى مەغلۇپ قىلغان. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 3-ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، رىم ئىتالىيىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى يۇنان شەھەر دۆلەتلىرىنىمۇ ئارقا-ئارقىدىن مەغلۇپ قىلىپ، پۈتۈن ئىتالىيە يېرىم ئارىلىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان.

رىم ئىتالىيە رايونىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن، بىر سەكرەپلا غەربىي ئوتتۇرا دېڭىزدىكى كۈچلۈك دۆلەت بولۇۋالغان. ھازىر تۇنىس بىلەن ئالجىرىيىنىڭ دېڭىز قىرغاقلىرىنى مەركەز قىلغان كارفاگېن ئەينى زاماندا رىم بىلەن قارشىلىششقا قادىر بولغان غەربىي ئوتتۇرا دېڭىز دۆلىتى ئىدى. كارفاگېن قەدىمقى فىنىكىيىلىكلەر قۇرغان، زىمىنى شەرقتە سىتسىلىيە ئارىلىدىن باشلىنىپ، غەربتە ئىسپانىيە ۋە ماراكەشكىچە بارىدىغان، يېزا ئىگىلىكى ۋە سودا ئىشلىرى بىرقەدەر تەرەققىي تاپقان، غەربىي ئوتتۇرا دېڭىزدىكى سودا ئىشلىرىنى مونوپولىيە قىلىۋالغان قۇللۇق تۈزۈمىدىكى دۆلەت

ئىدى. سىتسىلىيە ئارىلى رايونىدا، بۇ دۆلەت رىمنىڭ كېڭەيمىچىلىك تىغ ئۇچى بىلەن بىۋاسىتە توقۇنۇشۇپ قالغان ئىدى. بۇ قۇللۇق تۈزۈمىدىكى ئىككى كۈچلۈك دۆلەت بايلىق مەنبەلىرى ۋە قۇللارنى تالىشىش، غەربىي ئوتتۇرا دېڭىزغا بولغان زومىگەرلىك ھوقۇقىنى تالىشىش يۈزىسىدىن ھايات-ماماتلىق ھەل قىلغۇچ ئۇرۇش ئېلىپ بارغان ئىدى. لېنىن مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن ئىدى: "رىم بىلەن كارفاگېن ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش، **ھەر ئىككى تەرەپتىن** قارىغاندا، جاھانگىرلىك ئۇرۇشىدۇر."① بۇ زور ئۇرۇش تارىختا "**پۇنى ئۇرۇشى**" (چۈنكى رىملىقلار كارفاگېننى "پۇنى" دەپ ئاتايتتى) دەپمۇ ئاتالغان، بۇ ئۇرۇش ئىلگىر-كېيىن 3 قېتىم ئېلىپ بېرىلىپ، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 264-يىلىدىن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 147-يىلىغىچە سوزۇلغان، ئاخىردا كارفاگېننىڭ ئۈزۈل-كېسىل مەغلۇپ بولۇشى بىلەن ئاياقلاشقان. ئۇرۇشنىڭ دەسلىپىدە ئىككىلا تەرەپتە يېڭىش-يېڭىلىش بولغان، كېيىن كارفاگېن سەركەردىسى ھاننىبال ئىككىنچى قېتىملىق ئۇرۇش (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 218—202) تا ئىتالىيىگە يۈرۈش قىلىپ، رىم دۆلىتىنى يوقىتىۋېتىشكە تاسلا قالغان. رىم سەركەردىسى شىپىئو قوشۇن باشلاپ چىقىپ كارفاگېننىڭ ئۆز زېمىنىغا ھۇجۇم قىلىپ بارغان، ھاننىبال شۇنىڭدىن كېيىنلا ئىتالىيىدىن چېكىنىپ چىققان. شۇنىڭدىن كېيىن كارفاگېن بارا-بارا يېڭىلىشكە باشلىغان، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 147-يىلى، كارفاگېن شەھىرى قولدىن كەتكەن، قېپقالغان ئاھالىدىن نەچچە ئون مىڭ ئادەمنىڭ ھەممىسى قۇل

① لېنىن: «پارتىيە پروگراممىسىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش ھەققىدە». «لېنىن ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 26-توم، 142-بەت.

قىلىپ سېتىۋېتىلگەن. رىم ئەسلىدە كارفاگېنغا قاراشلىق بولغان كەڭ زېمىننى بېسىۋېلىپ، غەربىي ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ ھۆكۈمرانى بولۇپ قالغان. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن كارفاگېن رايونى رىمنىڭ بىر ئۆلكىسى قىلىپ ئايرىلىپ، "ئافرىقا" دەپ ئاتالغان.

رىم غەربىي ئوتتۇرا دېڭىز رايونىنى بويسۇندۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، شەرقىي ئوتتۇرا دېڭىز رايونىغا قاراپ كېڭەيمىچىلىك ئېلىپ بارغان. شۇ ۋاقىتتا شەرقىي ئوتتۇرا دېڭىز رايونىدا يۇناننىڭ ماكېدونىيە پادىشالىغى، مىسىرنىڭ پتولېمېي پادىشالىغى ۋە سۈرىيە-نىڭ سېلېۋك پادىشالىغى قاتارلىق دۆلەتلەر بولۇپ، بۇ دۆلەتلەر ئاجىزلىشىپ، رىمغا تەڭ كېلەلمەيدىغان بولۇپ قالغان، 4 قېتىملىق ماكېدونىيە ئۇرۇشى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى-دىن 2-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە) ۋە سۈرىيە ئۇرۇشى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 192—188) ئارقىلىق، رىم بۇ دۆلەتلەرگە قاتتىق زەربە بېرىپ، ئەسلىدە ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىغىدا بولغان كەڭ رايونلارنى پەيدىن-پەي ئۆزىگە بويسۇندۇرۇۋالغان. رىم بۇ رايونلاردا ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئىللىرىيە، ماكېدونىيە، ئاسىيا، سۈرىيە قاتارلىق مەمۇرى ئۆلكىلەرنى تەسىس قىلىپ ھۆكۈم سۈرگەن.

رىمنىڭ ھەرقايسى رايونلارنى بويسۇندۇرۇشى جەريانىدا، كەڭ ئەمگەكچى ئامما ھەممىدىن قاتتىق ئازاپ-ئوقۇبەتكە ئۇچرىغان. ئۇلار ئېچىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر قۇل قىلىپ سېتىۋېتىلگەن، مەسىلەن، رىم يۇناننىڭ شىمالىي قىسمىدىكى ئېپىروس رايونىنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان بىر قېتىملىق جەڭدىلا 150 مىڭ يەرلىك ئاھالىنى قۇل قىلىپ سېتىۋەتكەن؛ تېخىمۇ كۆپ ئادەملەر يۇرت-ماكانىدىن ئايرىلىپ خانىۋەيران بولۇپ كەتكەن. بويسۇندۇرۇلغان-



www.uyghurkitap.com

دىن كېيىن، رىم قۇلدارلىرى جايلاردا بىرمۇنچە كاتالار ۋە يەرلەرنىمۇ زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋېلىپ، خەلقنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغان، ئۆلكىلەرنىڭ باش ۋالىيلىرى ئەسكىلىك قىلىپ، ئېغىر باج-سېلىقلارنى سېلىپ، خەلقنى ھە دەپ تالان-تاراج قىلغانلىقى ئۈچۈن، ھەرقايسى رايونلار خەلقىنىڭ كەسكىن قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرىشى قوزغالغان. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 2-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، يۇنان شەھەر دۆلەتلىرىدىن كورىنس باش بولۇپ رىم ھۆكۈمرانلىقىغا قارشىلىق كۆرسىتىش يۈزىسىدىن قوزغىلاڭ كۆتەرگەن، كورىنسلىقلار كۈرەش جەريانىدا بەزىبىر ئىلغار سىياسىي ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بارغان، ھەتتا ئون مىڭدىن كۆپرەك قۇلنى ئازات قىلغان. قوزغىلاڭ باشقا يۇنان شەھەر دۆلەتلىرىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشەلمىگەنلىكتىن، ئاخىر مەغلۇپ بولغان. ئىسپانىيە زېمىنىدىمۇ رىمغا قارشى كۈرەشلەر ئۈزلۈكسىز بولۇپ تۇرغان، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 143-يىلى، ئىسپانىيىنىڭ شىمالىي قىسمىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلۈپ، قوزغىلاڭچىلار رىم ئارمىيىسىنى قورشىۋېلىپ، سۈلھى شەرتنامىسى ئىمزالاشقا مەجبۇر قىلغان. كۈرەش 10 يىل داۋاملاشتۇرۇلغان. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 132-يىلى، كىچىك ئاسىيادىكى پارگام خەلقى ئارىستونىكنىڭ رەھبەرلىكىدە قوزغىلاڭ كۆتەرگەن، قۇللار ۋە دېھقانلار قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىغا قاتناشقان، كىچىك ئاسىيانىڭ باشقا جايلىرىمۇ قوزغىلىپ ئاۋاز قوشقان، ئۇلارنىڭ كۈچى ناھايىتى زور بولغان. قوزغىلاڭچىلار ئارمىيىسى باستۇرۇش ئۈچۈن كەلگەن رىم ئارمىيىسىنى تارمار قىلىپ، ئۇنىڭ قوماندانىنى ئەسىرگە ئېلىۋالغان. كېيىن رىم تېخىمۇ كۆپ قوشۇن ئەۋەتىپ قوزغىلاڭنى باستۇرۇپ، كەڭ كۆلەمدە قىرغىنچىلىق قىلغان، پارگاممۇ يوقىتىۋېلىنغان.

www.uyghurkitap.com

**رىم قۇللۇق تۈزۈم ئىگىلىگىنىڭ تەرەققىياتى** مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 2-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، رىمنىڭ قۇللۇق تۈزۈم ئىگىلىگى ناھايىتى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن، جەمئىيەتتىكى سىنىپىي مۇناسىۋەتلەردىمۇ نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر بولغان.



كىشەن بىلەن ئەمگەك قىلىۋاتقان قۇل



قۇللار گىرەچىسى (ياقىدىكى خەتلەر: مېنى تۇتۇۋېلىڭلار، قاچۇرۇۋەتمەڭلار)

رىمنىڭ ئاقسۆڭەك قۇلدارلار سىنىپى تالان-تاراج قىلىش ئۇرۇشى داۋامىدا ئەڭ زور مەنپەئەتنى قولغا كىرگۈزۈۋالغان. ئۇرۇشتا بۇلىۋېلىنغان قۇللار ۋە مال-مۈلۈكنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۇلارنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ كەتكەن، بوي سۇندۇرۇش بىلەن كەلگەن يەرلەر باشتا رىم دۆلىتىنىڭ نامىدىكى "دۆلەت ئىختىيارىدىكى يېرى" قىلىنغان، ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ ئەڭ زور ئۈلۈشىنى ئۇلار ئىگىلىۋالغان. ئۇلار دۆلەتنىڭ ھەربىي، مەمۇرى ئەمەلدارى بولۇپمۇ چەت ئۆلكىلەرنىڭ باش ۋالىيلىقى ۋە باج-سېلىق ئەمەلدارلىقى قاتارلىق ئەمەلدارلىرى بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە، ئۆز مەيلىچە خىيانەتچىلىك ۋە بۇلاڭچىلىق قىلغان، دېمەك رىمنىڭ بوي سۇندۇرۇشلىرى نەتىجىسىدە، بۇ رىم ئاقسۆڭەك قۇلدارلىرى سەمرىپ تىقلىپ كەتكەن. ئۇلار كەڭ

يەرلەرنى ئىگىلىۋېلىپ، كوپلىگەن قۇللار ئەمگىكىدىن پايدىلىنىپ، قۇللۇق تۈزۈمىدىكى چوڭ قورۇقلارنى تەشكىل قىلغان. ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئىتالىيىدە ۋە سىتسىلىيە ئاراللىرىدا، قۇللۇق تۈزۈمىدىكى بۇنداق چوڭ قورۇقلار خېلى كوپ بولغان. بىر چوڭ قورۇقتا تەخمىنەن نەچچە يۈز مودىن نەچچە مىڭ موغىچە يەر بولغان، نەچچە ئوندىن نەچچە يۈزگىچە قۇل ئىشلىتىلگەن، ئاشلىق ۋە ئىقتىسادىي زىرائەتلەر ئىشلەپچىقىرىلغان، ياكى چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىلغان. قۇلدارنىڭ ئوزى ھەمىشە قورۇقتا تۇرمىۋەرمەي، ئۇنى مەجبۇس ۋەزىپىدىكى قورۇق بېشىغا ۋاكالىتەن باشقۇرغۇزغان. بىر قۇلدارنىڭ، كوپىنچە، مۇشۇنداق چوڭ قورۇقتىن بىرقانچىسى، ھەتتا ئون نەچچىسى بولغان، بۇ قورۇقلار ئىتالىيىنىڭ ھەممە جايلىرىدا بولغان. رىم شەھىرى ئىچىدە، قۇلدارلار كوپلىگەن قۇللارنى بىناكارلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە تۈرلۈك ئائىلە ئەمگەكلىرىگىمۇ سالغان. كانلاردىمۇ ئىشلەپچىقىرىشقا پۈتۈنلەي قۇللار ئىشلىتىلگەن. رىمدا قۇللار ئەمگىكىدىن پايدىلىنىشنىڭ كەڭ بولغانلىقى قەدىمقى زامان تارىخىدا كورۈلۈپ باقمىغان. رىمدا قۇل نەرقىنىڭ تۆۋەن بولغانلىقىمۇ قەدىمقى دۇنيادا ھېچقاچان كورۈلمىگەن. مەسىلەن، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 1-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، قۇللارنىڭ سېتىلىش نەرقى شۇنداق ئەرزان بولغانكى، بىر ئادەمنىڭ نەرقى 4 دراكما① بولغان، يەنى 2 سەر كۈمۈشكە يەتمەيدۇ.

رىم قۇلدارلىرىنىڭ قۇللار ئۈستىدىن يۈرگۈزگەن ئېكسپىلاتاتسىيىسى ئادەتتىن تاشقىرى دەھشەتلىك بولغان. قۇلدارلار سىنىپىنىڭ

① دراكما — قەدىمقى يۇناننىڭ كۈمۈش پۇل بىرلىكى. — تەرجىماندىن.

ۋەكىلى كاتو كىتاپ يېزىپ قۇللۇق تۈزۈمدىكى قورۇقلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى بولۇپمۇ قۇللارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشتىكى ھەر خىل "ئەپ"نى مەخسۇس بايان قىلغان. ئۇ قورۇق بېشىغا قۇللارنى يىل بويى ئەمگەك قىلىشقا مەجبۇرلاشنى، يىلنىڭ 4 پەسلىدە ھاۋا رايىغا قارىماستىن، ھېيت-ئايەم دېمەستىن، قۇللارنى بىر دەممۇ ئارام ئالغۇزماسلىقنى جېكىلىگەن. ئۇ قۇلنىڭ قانچىلىك نورما ئاشلىق يېيىشى، قانچىلىك ياغ-تۇز ئىشلىتىشى، قانداق ئىچىملىك ئىچىشى، قانداق كىيىملەرنى كىيىشى كېرەكلىكىگىنىمۇ بەلگىلىگەن، بۇ، ئەسلىيەتتە، قۇللارنى ئاچ-يالىڭاچ ئەھۋالدا ئەمگەك قىلىشقا مىڭبىر ھىلە-مىكىر بىلەن مەجبۇر قىلغانلىق. رىم قۇلدارلىرىنىڭ قۇللارغا قىلىدىغان مۇئامىلىسى ئىنتايىن دەھشەتلىك ۋە ۋەھشىيانە بولغان، مەسىلەن، ئاچ قوساق قۇللارنىڭ ئۇن تارتقان ۋاقتىدا ئۇننى ئوغرىلىقچە يەۋېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، قۇللارنىڭ بويىنىغا يوغان تاقاق سېلىپ قويغان. قېچىپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، نۇرغۇنلىغان ياش-قاۋۇل قۇللارغا ئەمگەك قىلغاندا كىشەن سېلىپ قويغان. قۇللار سەل-پەل گەپ ياندۇرۇپ قويسىلا، تىلىنى داغلىغان، قاچقان قۇللارنىڭ بەدىنىگە تامغا باسقان. بولۇپمۇ قارشىلىق كۆرسەتكەن ۋە قوزغىلاڭ كۆتەرگەن قۇللارنى رىم ھۆكۈمىتى قاتتىق باستۇرغان، نۇرغۇنلىغان كىشىلەر دارغا مىخلىنىپ ئېچىنىشلىق ھالدا ئۆلتۈرۈلگەن. ئەمما، رىم قۇلدارلىرىنىڭ ھەرقانداق ۋەھشىيانە باستۇرۇشلىرى قۇللارنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش غەزەپ دولقۇنىنى توساپ قالالمىغان. رىم قۇللۇق تۈزۈم ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، قۇللار ئاممىسى كەڭ كۆلەملىك، ئۇزاققا سوزۇلغان قوراللىق كۈرەشلەرنى ئېلىپ بارغان.

چوڭ زېمىندارلارنىڭ يەرلەرنى قوشۇۋالغانلىقى تۈپەيلىدىن، رىمنىڭ تۇرغۇنلاشقان ئۇششاق دېھقانلىرى يەرلىرىدىن مەھرۇم بولغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇزاق مۇددەتلىك ئۇرۇشنىڭ تەسىرى ۋە جازانەخورلۇقنىڭ قىستىشى ئارقىسىدا، ئۇششاق دېھقانلاردىن خانىۋەيران بولۇپ يەرلىرىدىن مەھرۇم بولغانلار تېخىمۇ كۆپ بولغان. ئەركىن ئۇششاق دېھقانلار خانىۋەيران بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى دېھقانچىلىق ياللانما ئىشچىلىرىغا ئايلىنىپ قالغان، كۆپ قىسمى شەھەرگە ئېقىپ كىرىپ، كەسىپسىز سەرگەردانلارغا ئايلىنىپ، دۆلەتنىڭ ياردىمىگە يۆلىنىپ تۇرمۇش كەچۈرىدىغان بولۇپ قالغان. ئۇلار بايلارنىڭ يەرلەرنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشىغا قارشى تۇرغان، قولدىن كەتكەن ئۇششاق پارچە يەرلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىپ، يەرلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا كۈرەش ئېلىپ بارغان. ئۇششاق دېھقانلارنىڭ خانىۋەيران بولۇشىغا ئەگىشىپ، رىم ئارمىيىسىنىڭ ئەسكەر مەنبەسى ئاجىزلاشقان، ئارمىيىنىڭ جەڭگىۋارلىقى تۆۋەنلەپ كەتكەن. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 2-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، ھەربىي ئىسلاھات يۈرگۈزۈلۈپ، مۈلۈكدار پۇقرانى ھەربىي خىزمەت ئۆتەشكە ئېلىشتەك ئىلگىرىكى تۈزۈمدىن ۋازكېچىلىپ، ئەسكەر ئېلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان، ئەركىن خەلق ئۆز ئىختىيارى بىلەن ھەربىي قوشۇنغا قاتنىشىدىغان بولغان. ھەربىي خىزمەت ئۆتىگەن مەزگىلدە ھۆكۈمەتتىن ئايلىق بېرىلگەن، قوشۇندىن قايتقاندىن كېيىن يەر تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن. مۇشۇ تەرىقىدە قۇرۇلغان كەسپىي ئارمىيە كېيىنچە باش قوماندان قولىدىكى ھوقۇق ۋە مەنپەئەت تالىشىش قورالىغا ئايلىنىپ، قۇلدارلارنىڭ ھەربىي ھاكىممۇتلەقلىق ئورنىتىشى ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بەرگەن.

رىم ئوتتۇرا دېڭىز رايونىدىكى چوڭ دۆلەت بولۇپ قالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تاشقى سودىسى زور دەرىجىدە راۋاجلانغان. رىم ئەسلىدە دېھقانچىلىق دۆلىتى بولۇپ، قۇللۇق تۈزۈمىدىكى بىر مۇنچە چوڭ قورۇقلار تاۋار ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللانمايتتى، پەقەت بەزىبىر ئوتتۇرا دەرىجىلىك قورۇقلاردىلا ئۈزۈم ھارىقى ۋە زەيتۇن يېغى ئىشلەپچىقىرىپ، جايلارغا يەتكۈزۈپ بېرەتتى. سودا ئىشلىرىدا، ئاساسەن، شەرق ئەللىرى رىمغا زىبۇ-زىننەت بۇيۇملىرى ۋە قول ھۈنەر بۇيۇملىرىنى كىرگۈزەتتى. رىم قۇللدارلىرى ئۈزلۈكسىز بۇلاپ كېلىنگەن ئالتۇن-كۈمۈشلەرگە تايىنىپ سودا-سېتىق قىلاتتى. پۇل ھەرىكىتىنىڭ كۆپىيىشى ۋە سودىنىڭ راۋاجلىنىشى ئارقىسىدا، رىمدا سودا جازانىخورلىرى تەبىقىسى باش كۆتىرىپ چىققان، ئۇلار ئاتلىقلار دەپ ئاتالغان. بۇلار چەتكە تاجاۋۇز قىلىش ئۇرۇشىنى قوللايتتى، ھەرقايسى ئۆلكىلەردىن باج-سېلىق يىغىشنى ھۆددىگە ئالاتتى، مەمۇرى ئۆلكىلەرنى تالان-تاراج قىلىش جەريانىدا قالتىس بېيىپ كەتكەن ئىدى، لېكىن سىياسى جەھەتتە ئۇلار تېخى ئەمەلىي ھوقۇققا ئىگە ئەمەس ئىدى، شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ سىنات ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن زىددىيىتى بار ئىدى، ئۇلار، كۆپىنچە، ئاددى خەلقنىڭ نارازىلىقىدىن پايدىلىنىپ، سىناتقا قارشى كۈرەش ئېلىپ باراتتى.

## 3-بۆلۈم رىمدىكى قۇللار قوزغىلىڭى ۋە ئاددى خەلقنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرىشى

بىرىنچى قېتىملىق سىتسىلىيە قۇللار قوزغىلىڭى سىتسىلىيە

ئارىلى قەدىمقى رىمنىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش مەركىزى بولۇپ، "رىمنىڭ ئاشلىق سېڭى" دېگەن نامغا ئىگە ئىدى. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2-ئەسىردە، رىم ھەرقايسى جايلاردىن بۇلاپ كەلگەن قۇللارنىڭ نۇرغۇنىنى سىتسىلىيىگە ئاپىرىپ، چوڭ قورۇقلاردا مەجبۇرى ئەمگەك قىلدۇراتتى. سىتسىلىيە ئارىلى قۇللار توپلىنىپ ئەمگەك قىلىدىغان جاي بولۇپ قالغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرىشى تېخىمۇ كەسكىنلىشىپ، ئاخىر كەڭ كولەملىك قۇللار قوزغىلىڭى بولۇپ پارتلاپ چىققان ئىدى.

بىرىنچى قېتىملىق سىتسىلىيە قۇللار قوزغىلىڭى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 137-يىلى قوزغالغان. ئەينى ۋاقىتتا دەل رىملىقلار شەرقىي ئوتتۇرا دېڭىز رايونىنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، شەرقىي قىسىمدىكى جايلاردا، مەسىلەن، يۇنان، ماكېدونىيە، سۈرىيىلەردە خەلق رىم تەرىپىدىن بۇلاڭ-تالاڭ بىلەن قۇل قىلىنىپ، سىتسىلىيىدىكى چوڭ قورۇقلارغا توپلانغان ئىدى. رىم قۇلدارلىرى ئۇلارغا ئىنتايىن قەبىھ ۋە شەپقەتسىز مۇناسىۋەتتە بولغان، بىر رىم قۇلدارى ھەتتا قۇللارغا كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچمەك بەرمەي، ئۇلارنى يولۇچىلارنى بۇلاپ جان بېقىشقا مەجبۇر قىلغان. ئاشۇ قۇلدارنىڭ قورۇغىدا، ئېۋنۇس ئىسىملىك سۈرىيىلىك قۇل ھەمراھلىرى بىلەن بىرلىشىپ، تۇغ ئېلىپ قوزغىلاڭ كۆتىرىپ، قۇلدارنى ئۆلتۈرۈپ، قورۇقنى ئىگىلەپ، زور قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنى ئۇيۇشتۇرغان. ئېۋنۇسنىڭ قۇللار قوزغىلاڭچى قوشۇنى ناھايىتى تېزلا ئېننا شەھىرىنى ئېلىپ، قوزغىلاڭ يالقۇنىنى پۈتۈن ئارالغا تۇتاشتۇرغان، قوزغىلاڭغا قاتناشقان قۇللار 200 مىڭغا يەتكەن. يەنە بىر چوڭ شەھەر ئاگرىگېنتتا، قۇللار قوزغىلىڭىنىڭ يولباشچىسى كلېئونمۇ قۇدرەتلىك قوشۇن

تەشكىللەپ، ئېۋنۇسنىڭ قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىغا قوشۇلغان. سىتسىلىيىدىكى مۇھىم شەھەرلەرنىڭ ھەممىسى قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان. رىم قۇلدارلىرىنىڭ سىتسىلىيىدىكى ھۆكۈمرانلىقى يىمىرىلىشكە يۈزلەنگەن.

قوزغىلاڭچى قۇللار ئۆز دۆلىتىنى تەشكىللەپ، ئېۋنۇسنى پادىشا قىلغان، قۇللارنىڭ ھەممىسى بۇ دۆلەتنىڭ ئەركىن پۇقراسى بولۇپ قالغان، نۇرغۇن قۇللار سەركەردە ۋە ۋەزىر بولغان. ئۇلار رىم قۇلدارلىرىدىن ئۈزۈل-كېسىل ھېساپ ئالغان، جىنايىتى چېكىدىن ئاشقان بىرمۇنچە قۇلدارلار باستۇرۇلغان، ئۇلارنىڭ قورۇقلىرى مۇسادىرە قىلىنغان. قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ئۇششاق دېھقانلارغا ۋە ئۇششاق قول ھۈنەرۋەنلەرگە چېقىلمىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ھېسداشلىقى ۋە قوللىشىغا ئېرىشكەن. قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ئۆزلىرىنىڭ قورال-ياراق زاۋۇدىنىمۇ قۇرۇپ، قورال-ياراق ياساپ، رىم بىلەن ئۇزاق مۇددەت ئۇرۇش قىلىشقا ھازىرلانغان. رىمنىڭ قۇللار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇشقا ئەۋەتكەن ئارمىيىسى ئۇدا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغانلىقتىن، رىم قۇلدارلار سىنىپى قاتتىق ئالاقزادە بولغان.

بىرىنچى قېتىملىق سىتسىلىيە قۇللار قوزغىلىڭى 5 يىل (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 137 — 132) قەتئىي بەرداشلىق بەرگەن. رىم قۇلدارلىرى قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ كۈندىن-كۈنگە زورىيىدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئەسكىرىي كۈچىنى توپلاپ، ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچى ئەمەلدارنى ئەسكەر باشلاپ بېرىپ باستۇرۇشقا ئەۋەتكەن (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 132-يىلى). قوزغىلاڭچى قۇللار قەتئىي قارشىلىق كۆرسىتىپ، باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ،

رىم ئارمىيىسىنى ھەر بىر ئالغا ئىلگىرىلىگەن قەدەمدە ئىنتايىن ئېغىر چىقىم تارتقۇزغان. ئاخىردا، قوزغىلاڭچىلارنىڭ يولباشچىسى كلېئون جەڭدە قۇربان بولغان، رىملىقلار قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ پايتەختى ئېننانى ئىشغال قىلغان، ئېۋنۇس ئەسىرگە چۈشۈپ تۈرمىدە ئۆلگەن.

بىرىنچى قېتىملىق سىتسىلىيە قۇللار قوزغىلىڭى رىم قۇللىرىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرىشىنىڭ تەرەققىي قىلىپ يېڭى سەۋىيىگە يەتكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. قۇللار ئۆزلىرىنىڭ قوشۇنى ۋە دۆلىتىنى تەشكىللىگەن، كۈرەشنىڭ كۆلىمى مىسلىسىز زورىيىپ، چوڭ ياغىنغا ئايلانغان. 5 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە، قۇللار سىتسىلىيىنىڭ كۆپ قىسىم رايونلىرىنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق خوجايىنى بولۇپ قالغان. قوزغىلاڭ ئاخىردا مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن ناھايىتى زور تەسىر پەيدا قىلغان، نۇرغۇن جايلاردا كەينى-كەينىدىن قۇللار قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلگەن.

**ئاددىي خەلقنىڭ كۈرىشى ۋە گراككۇ ئىسلاھاتى** مىلادىدىن ئىلگىرىكى 133-يىلى، سىتسىلىيىدە بىرىنچى قېتىملىق زور قۇللار قوزغىلىڭى پارتلاپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، رىم ئاددىي خەلقىنىڭ كۈرىشىمۇ يېڭى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن. ئەسلىدە ئاددىي خەلق ئارىسىدا ئومۇمىي يۈزلۈك تارقالغان، يەرنى باراۋەر تەقسىم قىلىش چاقىرىقى ئەمدى تېببىرىي گراككۇ ۋەكىللىكىدىكى دېموكراتىك ئىسلاھاتچىلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن. گراككۇنىڭ كېلىپ چىقىشى سىنات ئاقسۆڭەك بولۇپ، ئۇنىڭ ئاددىي خەلق ھەركىتىنى قوللاشتىن مەقسىتى ئۇششاق دېھقانلارنىڭ ئورنىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق رىم ئارمىيىسىنى ئوڭشاپ، قۇلدارلار سىنىپىنىڭ ئۇزاق كەلگۈسى مەنپەئەتىنى

www.uyghurkitap.com

كاپالەتلەندۈرۈش ئىدى. ئاددى خەلق ئاممىسى تىبېرىي گراككۇنى خەلق قوغداش ئەمەلدارلىقىغا سايلىغان ھەمدە ئۇنىڭ پۇقرالار يىغىنىدا يەر ئىسلاھاتى قانۇنى لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىنى قەتئىي قوللىغان. ئۇنىڭدا، ئاقسۆڭەكلەر ئىگىلەيدىغان دۆلەت يېرى ھەر بىر ئائىلىنىڭكى ئەڭ يۇقىرى بولغاندا مىڭ يۈگېردىن ئاشمايدىغان قىلىپ چەكلىنىدۇ، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئارتۇقچە ئىگىلىۋالغان يەرلىرى مۇسادىرە قىلىنىدۇ ھەمدە ھەر بىر ئادەمگە 30 يۈگېردىن قىلىپ كەمبەغەل پۇقرالارغا تەقسىم قىلىپ بېرىلىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ قانۇن لايىھىسى پۇقرالار يىغىنىدا ماقۇللانغاندىن كېيىن، سىنات ئاقسۆڭەكلىرى ئۇنىڭغا جېنىنىڭ بېرىچە قارشى تۇرغان، ئۇلار زورلۇق كۈچ ئىشلىتىپ، پۇقرالار يىغىنىغا قوراللىق ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، گراككۇنى ۋە ئاددى خەلق ئاممىسىدىن 400 ئادەمنى ئۆلتۈرگەن، كېيىن يەنە بارلىق ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، قانۇننىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا توسقۇنلۇق قىلغان. ئاددى خەلق داۋاملىق كۈرەش ئېلىپ بارغان، 10 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 123-يىلى ۋە 122-يىلى، ئاددى خەلق تىبېرىينىڭ ئىنىسى گاي گراككۇنى خەلق قوغداش ئەمەلدارلىقىغا داۋاملىق سايلاپ، يەر ئىسلاھاتىنى داۋاملىق ئېلىپ بارغان. گاي ئاكىسىنىڭ يەر ئىسلاھاتى قانۇنىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن ھەمدە ئاشلىقنىڭ باھاسىنى تۆۋەنلىتىش، كىچىك ئاسىيانىڭ باج-سېلىق يىغىش ھوقۇقىنى ئاتلىقلارغا ھۆددىگە بېرىش، چەت ئۆلكە كوچىمەنلىرى ئارىسىدىكى يوقسۇللارغا يەر تەقسىم قىلىپ بېرىشكە ئوخشاش بەزى يېڭى قانۇنلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ ئاتلىقلار ۋە ئاددى خەلق بىلەن بىرلىشىپ سىناتقا بىرلىكتە قارشى تۇرۇشقا تىرىشقان. سىنات ئاقسۆڭەك-

لىرى غالىجىرلىق بىلەن قايتۇرما ھۇجۇم قىلىپ، قورال كۈچى ئىشلىتىپ گاينى ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن، ئىسلاھات شۇنىڭ بىلەن مەغلۇپ بولغان.

ماركس مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن ئىدى: "رىم جۇمھۇرىيىتىنىڭ تارىخى سەل-پەل چۈشىنىلىدىغانلا بولسا، شۇنى بىلىش مۇمكىنكى، يەر مۈلكىنىڭ تارىخى رىم جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەخپىي تارىخىنى ھاسىل قىلغان."① رىمنىڭ "ئىچكى تارىخىنى كىچىك يەر مۈلۈكچىلىكى بىلەن چوڭ يەر مۈلۈكچىلىكى ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەشكە روشەن ھالدا يىغىنچاقلاش مۇمكىن".② گراككۇ ئىسلاھاتى ۋەكىللىك قىلغان ئاددىي خەلق كۈرىشى يەر مەسىلىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئېلىپ بېرىلغان. ئاددىي خەلقنىڭ ئاقسۆڭەكلەرنىڭ يەر ئىگىلىۋېلىشىنى چەكلەشنى ۋە دۆلەت ئىگىدارلىقىدىكى يەرلەرنى يېڭىۋاشتىن بۆلۈشنى تەلەپ قىلىشى بۇ كۈرەشنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ئىدى. ئاكا-ئۇكا گراككۇ ئىسلاھاتى چوڭ يەر مۈلۈكچىلىكىنى بەلگىلىك دەرىجىدە ئاجىزلاتقان، لېكىن، قۇللۇق تۈزۈمىدىكى ئىگىلىكنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، يەرلەرنىڭ توپلىنىپ قېلىشى، ئۇششاق دېھقانلارنىڭ خانىۋەيران بولۇشى مۇقەررەر ئىدى. ئۇششاق دېھقانلار تەبىقىسى ئەمدى جۇمھۇرىيەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكىدەك ئۇنداق قۇدرەتلىك بولالماستىن، كۆپىنچە زاۋالغا يۈز تۇتقا-

① ماركس: «كاپىتال»، 1-توم. «ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى». خەنزۇچە نەشرى، 23-توم، 99-بەتتىكى ئىزاھ(33).

② ماركس: «ئېنگېلسقا يېزىلغان خەت (1855-يىل 3-ئاينىڭ 8-كۈنى)»، «ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 28-توم، 438-بەت.

www.uyghurkitap.com

لىقتىن، ئۇلارنىڭ كۆرىشى مەغلۇپ بولاتتى. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 111-يىلى، قانۇن چىقىرىلىپ ئاقسۆڭەكلەر ئىگىلىۋالغان دۆلەت يەرلىرى مەڭگۈ خۇسۇسىلارغا تەئەللۇق دەپ ئېتىراپ قىلىنىپ، قۇلدارلارنىڭ چوڭ يەر مۈلۈكچىلىكىنىڭ ئۈستۈنلۈكى تىكلەنگەن. خانىۋەيران بولغان ئۇششاق دېھقانلار بارغانسېرى بىر توپ لۈكچەك پرولېتارلارغا ئايلىنىپ، تەييارتاپلارچە تۇرمۇش كەچۈرۈپ، بەزىبىر چوڭ قۇلدارلارغا بېقىندا بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھوقۇق ۋە مەنپەئەت تالىشىشىدىكى قورالىغا ئايلىنىپ قالغان. ھەمىشە ئۆزگىرىپ تۇرغان، ئۇلاردا قىلچىمۇ پرىنسىپاللىق بولمىغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاددىي خەلقنىڭ ئاقسۆڭەكلەرگە قارشى كۆرىشى، ھامان، ئەركىن خەلقنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى كۆرەشتىنلا ئىبارەت بولۇپ، قۇللار بىلەن ئەركىن خەلق ئوتتۇرىسىدىكى ھاڭدىن ئاتلاپ ئۆتەلمىگەن، قۇللارنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش كۆرىشى بىلەن بىرلىشىپ كېتەلمىگەن، بۇ ھال يۇنان، رىم ئاددىي خەلقنىڭ كۆرىشىدىكى توپ ئاجىزلىق ئىدى.

**ئىككىنچى قېتىملىق سىتسىلىيە قۇللار قوزغىلىڭى** بىرىنچى قېتىملىق سىتسىلىيە قۇللار قوزغىلىڭى باستۇرۇۋېتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن، قۇللارنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش غەزەپ ئوتى ئۆچمىگەن ئىدى. 20 نەچچە يىلدىن كېيىن، سىتسىلىيە ئارىلىدا يەنە كەڭ كۆلەملىك قۇللار قوزغىلىڭى پارتلىدى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 104 — 101). ئەينى ۋاقىتتا، رىم باشقا رايونلاردىكى خەلقنىڭ قارشىلىقىنى باستۇرۇش بىلەن بەنت بولۇپ كەتكەچكە، قوزغىلاڭچى قۇللار ناھايىتى تېزلا 20 مىڭ پىيادە ئەسكەر ۋە 2 مىڭ ئاتلىق ئەسكەرگە ئىگە قوشۇن تەشكىل قىلىپ، سالۋىيۇسنى پادىشا قىلىپ تىكلىدى. باشقا رايونلاردىكى

قوزغىلاڭچىلار قوشۇنلىرىمۇ سالۋىۇسنىڭ قوماندانلىغىنى قوبۇل قىلىپ، قوشۇلۇپ ھەيۋەتلىك قوشۇننى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى. ئۇلار ترىوكلا شەھىرىنى ئىشغال قىلىپ، ئۇزلىرىنىڭ دۆلىتىنى قۇردى. قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى رىم ئارمىيىسىنى ئۇدا ئىككى قېتىم قاتتىق مەغلۇپ قىلىپ، ئۇزلىرىنىڭ ھاكىمىيىتىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملىدى. ئۇلار ياش ۋە قاۋۇل قوزغىلاڭچىلارنى ئارمىيىگە كىرگۈزدى، مەخسۇس ھەركەتچان ئۇرۇش ئېلىپ بېرىپ، رىم قۇلدارلىرىنىڭ ھەربى، مەمۇرى ئورگانلىرى، ئامبارلىرى ۋە ئوتەڭلىرىگە ھەر تەرەپتىن ئۈشتۈمتۇت زەربە بېرىپ تۇردى. باشقا قوزغىلاڭچى قۇللار قۇلدارلارنىڭ قورۇقلىرىنى تارتىۋېلىپ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ مال-مۈلكىگە ئايلاندۇرۇپ، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنى ئاشلىق، ئات ۋە باشقا ھەربى لازىمەتلىكلەر بىلەن تەمىنلىدى.

رىم قۇلدارلىرى ئاخىردا پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئەسكىرىي كۈچىنى توپلاپ، ئىنتايىن زور كۈچ سەرپ قىلىپلا قوزغىلاڭنى باستۇرۇۋەتتى. قوزغىلاڭچى قۇللار ئىنتايىن قاتتىق قارشىلىق كورسەتتى. قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ باش سەردارى ئافىنون قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى. قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ ئەسىرگە چۈشكەن ئاز ساندىكى جەڭچىلىرى رىمغا ئاپىرىلىپ گلادىياتور① قىلىندى، لېكىن ئۇلار ئۇنىڭچە تىز پۈكمەستىن، مەشق مەيدانىدا بىر بىرىنى خەنجەر بىلەن ئولتۈرۈشتى. رىم قۇلدارلىرى ئۇدا ئىككى قېتىم يۈز بەرگەن كەڭ كولەملىك قۇللار قوزغىلىڭىدىن قاتتىق ئالاقزادە بولۇپ،

① قىلىچۋاز دىگەن مەنىدە بولۇپ، قەدىمقى رىمدا مەخسۇس قىلىچۋازلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر خىل قۇل. — تەرجىماندىن.

قۇللارنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش غەزەپ دولقۇنىنى توساپ قېلىش خام خىيالىدا سىتسىلىيە ئارىلىدا تېرروۇرلۇق باستۇرۇش تۈزۈمىنى قالجىرلىق بىلەن يولغا قويىدى. ئۇلار سەللا قارشىلىق كۆرسىتىش نىيىتىدە بولغان مىڭلىغان، تۈمەنلىگەن قۇللارنى قىرغىن قىلىپلا قالماستىن، بەلكى، ئارالدا قۇللار ھەرقانداق قورالغا يېقىنلىشىشقا بولمايدۇ، ئەگەر قۇلنىڭ قورال تۇتقانلىقى كۆرۈلۈپ قالسا، قۇلدار ئۇنى دەررۇ ئۆلتۈرۈۋەتسە بولىدۇ، دەپ بەلگىلىدى. لېكىن، بۇ ھەممە ۋاسىتىلەر قۇللارنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش غەزەپ دولقۇنىنى توساپ قالالمىدى، ئىككىنچى قېتىملىق سىتسىلىيە قۇللار قوزغىلىڭى-دىن 30 يىل كېيىن، رىمنىڭ يۈرىكى بولغان جايدا يەنە قەدىمقى دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ قۇللار قوزغىلىڭى — سپارتاك رەھبەرلىك قىلغان زور قوزغىلاڭ پارتلىدى.

**سپارتاك قۇللار زور قوزغىلىڭى** مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، رىمدىكى سىنىپىي كۈرەش ئىنتايىن ئۆتكۈر ۋە مۇرەككەپ بولۇپ، ئىتالىيانلارنىڭ رىم پۇقرالىقى ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى قوزغىلىڭى، كىچىك ئاسىيا ۋە ئىسپانىيىنىڭ رىمغا قارشى ئۇرۇشلىرى يۈز بەردى. رىمنىڭ ئىچكى قىسمىدا، سىنات، ئاتلىقلار، ئاددى خەلق ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشلەر، قۇلدارلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى كۈرەشلەرمۇ كەڭ كۆلەملىك قانلىق توقۇنۇشقا ئايلانغان ئىدى. لېكىن، رىم جەمئىيىتىدىكى ئېڭىزلىك زىددىيەت يەنىلا قۇللار بىلەن قۇلدارلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئىدى. قۇلدارلار ھوقۇق ۋە مەنپەئەت تالىشىش جەريانىدا ھەتتا قۇللارنى ئازات قىلىش ۋاسىتىسىنى قوللانغان بولسىمۇ، لېكىن سەللا پۇت تىرىۋالسىلا، قۇللارنى ھە دەپ باستۇراتتى. كەڭ قۇللارمۇ

بارلىق ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ، قۇلدارلارغا قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرىشىنى قوزغايتتى. مانا شۇنداق ۋەزىيەت ئاستىدا، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 73-يىلى سپارتاك باشچىلىقىدىكى قۇللار زور قوزغىلىڭى پارتلىدى.

سپارتاك فراكىيىلىك (هازىرقى بۇلغارىيە ئەتراپلىرى) بولۇپ، رىملىقلار ئۇنى ئەسىرگە ئېلىپ قۇل قىلىپ سېتىپ، رىمنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى كاپۇيە شەھىرىدىكى قۇل گلادىئاتورلۇق كۇرسىغا ئاپىرىپ مەشىق قىلدۇرغان. ئەينى زاماندا گلادىئاتور قۇل بولۇش ئەڭ ئېچىنىشلىق ئىش ئىدى، چۈنكى قۇلدارلار قۇللارنىڭ گلادىئاتورلۇق بىلەن جان تالىشىپ ئېلىشىشىدىن هوزۇر ئالاتتى، ۋاھالەنكى، گلادىئاتورلار پاجىئەلىك هالدا ئۆلۈپ كېتىش ئاقىۋىتىدىن خالىي بولالمايتتى. سپارتاك نەچچە ئونلىغان گلادىئاتور قۇللارغا خىزمەت



جەڭ قىلىۋاتقان سپارتاك

ئىشلەپ، قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرىشى ئېلىپ بارغانىدىلار، بۇنداق جاھالەتلىك تەقدىردىن قۇتۇلغىلى بولمىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن. ئۇنىڭ قوزغىتىشى ئارقىسىدا، نەچچە ئونلىغان گىلادىئاتور قول ئىتتىپاقلىشىپ، قولىغا قورال ئېلىپ ئىسيان كۆتىرىپ، ۋېزۇۋىي يانار تېغىغا چىقىپ ئورۇنلىشىپ، ئەتراپتىكى قۇلدارلار قورۇقلىرىغا ھەر تەرەپتىن ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، قۇللارنى قوزغىلىپ كۆرەش قىلىشقا چاقىرغان. قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ناھايىتى تېز كېڭىيىپ ئون مىڭدىن ئارتۇق كىشىگە يەتكەن، بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ يېتىپ كەلگۈچىلەر ئىچىدە قۇللارلا بولۇپ قالماستىن، خانىۋەيران بولغان بىر قىسىم دېھقانلارمۇ بولغان. رىم قۇلدارلىرىنىڭ باستۇرۇشقا ئەۋەتكەن ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى قايتا-قايتا تارمار قىلىنغان، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى تاغدىن تۆزلەڭلىككە بېسىپ چۈشۈپ، پۈتكۈل كاپۇيە رايونىنى ئازات قىلغان، بۇنىڭ بىلەن قوزغىلاڭچىلارغا قاتناشقان قۇللار 120 مىڭ كىشىگە كۆپىيىپ، ھەيۋىتى بارغانسېرى زورايغان، شەرقىي ئىتالىيىدىكى قۇلدارلار ھاكىمىيىتى ئومۇمى يۈزلۈك يىمىرىلىشكە يۈزلەنگەن.

لېكىن، قوزغىلاڭ رىمنىڭ قۇللۇق تۈزۈمىدىكى دۆلىتىنىڭ يۈرىكىدە قوزغالغان بولۇپ، قۇلدارلار سىنىپى پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ قوزغىلاڭچىلار بىلەن قارشىلاشقانلىقتىن، قوزغىلاڭ كۆتىرىلگەن رايوندا تۇراقلىق ھاكىمىيەت تىكلەش بىرقەدەر قىيىن بولغان. سپارتاك مۇشۇ ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ ئۆزلۈكسىز ھۇجۇم قىلىش ئىستىراتېگىيىسىنى قوللىنىپ، ئۇدا ھۇجۇمغا ئۆتۈشىنى، قوراللىق يۈرۈش قىلىش ئۇسۇلى بىلەن ئىتالىيىدىن بوسۇپ چىقىپ، ئاخىردا بارلىق قوزغىلاڭچى قۇللارنى

ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرۈشنى بەلگىلىگەن. قوزغىلاڭچىلارنى قۇللار ئاممىسى ئۈچۈن دوزاق بولغان بۇ ئىتالىيە يېرىم ئارىلىدىن بوسۇپ چىقىپ كېتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، سپارتاك پۈتۈن قوشۇننى باشلاپ جەنۇبىي ئىتالىيىدىن شىمالغا قاراپ يۈرۈش قىلىپ توپ-توغرا شىمالىي ئىتالىيىدىكى پو دەرياسى ۋادىسىغا يېتىپ بارغان، يەنە ئەسكەرلىرىنى جەنۇپقا قايتۇرۇپ سىتسىلىيە بوغۇزىغا كەلگەن. لېكىن ئۇ بۇ پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرالمىغان. رىم قۇلدارلار سىنىپى قۇل قوزغىلاڭچىلار زور قوشۇننىڭ ئىتالىيە يېرىم ئارىلىدا تەرەپ-تەرەپكە كوچۇپ يۈرۈۋاتقانلىقىنى كورۇپ، قاتتىق ساراسىمىگە چۈشكەن، ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچى ئەمەلدار بولۇش ئۈچۈن ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىقىپ سايلام رىقابىتى ئېلىپ بېرىشقا ھېچكىممۇ پېتىنالمىغان، كېيىن، ملك تەسلىكتە چوڭ قۇلدار كراس ھاكىممۇتلەقلىق ھوقۇقىغا ئىگە ھەربىي قوماندانلىققا سايلانغان، ئۇ 6 جۇڭتۇەنگە قوماندانلىق قىلىپ قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىغا تاقابىل تۇرغان، كراس قوشۇن ئىچىدە ۋەھشىيانە بولغان "ئونىدىن بىرىگە ئولۇم جازاسى بېرىش" (يەنى كوللېكتىپ قاچقان ئەسكەرلەرنىڭ ئونىدىن بىرىنى ئولتۈرۈش)نى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، رىم ئەسكەرلىرىنى ئۇرۇش مەيدانىغا بېرىپ قۇلدارلار ئۈچۈن غالىبلىق قىلىشقا مەجبۇر قىلغان ھەممە چېكىنىدا ئۇرۇش قىلىۋاتقان قوشۇنلىرىنى قايتۇرۇپ كېلىپ، قۇللار قوزغىلاڭچى قوشۇنى بىلەن ھەل قىلغۇچ ئۇرۇش ئېلىپ بارغان. قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى سپارتاكنىڭ رەھبەرلىكىدە، باتۇرلۇق بىلەن زەربە بەرگەن، رىم ھوكۇمەت ئەسكەرلىرى يەنىلا كەينى-كەينىدىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچراۋەرگەن. لېكىن، قوزغىلاڭچىلار قوشۇننىڭ ئىچكى قىسمىدا بولۇنۇش پەيدا بولۇپ، كۆرەشچانلىق

ئاجىزلىشىپ، ئاخىر رىم ھوكۇمرانلىرى تەرىپىدىن جەنۇبىي دېڭىز قىرغىقىدىكى تار جايغا قاپسىلىپ قالغان. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 71 - يىلى باش كۈزدە، سپارتاك قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ئاخىرقى قېتىملىق زور ھەل قىلغۇچ جەڭ ئېلىپ بارغان. سپارتاك ئەسكەرلىرىنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، پۈتۈن قوشۇننى باشلاپ رىم سېپىگە بوسۇپ كىرىپ، ئۇدۇل رىمنىڭ قوماندانلىق مەركىزىگە قاراپ ئېتىلغان. ئۇ رىمنىڭ ئالى قوماندانى كراسنى① بۇ قېتىمقى جەڭدە ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرمەكچى بولغان، لېكىن ئۇنى تاپالماي قالغان، رىمنىڭ ئىككى ھەربىي ئەمەلدارىنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان. قوزغىلاڭچى قۇللار مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ قەھرىمانلىق بىلەن كۈرەش قىلغانلىقىغا دائىر قەھرىمانلىقلار ئەينى ۋاقىتتىكى كىشىلەرنىڭ قەلبىدىن مەڭگۇ ئورۇن ئالغان، رىم تارىخچىلىرىمۇ: "قوزغىلاڭچى قۇللار ئىستىھكامغا ھۇجۇم قىلىپ كىرگەندە ئۆلۈمگە پەسەنت قىلمايتتى، قىلىچمۇ قورقمايتتى. سپارتاك كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان باتۇرلۇق بىلەن ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا يۈرۈپ جەڭ قىلاتتى، ئۇ ئۇلۇغ سەرداردەك قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان ئىدى" دەپ ئېتىراپ قىلماي تۇرالمىغان.

سپارتاك قوزغىلىڭى رىم قۇلدارلار سىنىپىغا قاتتىق زەربە بېرىپ، رىم قۇللۇق تۈزۈم جەمئىيىتىنىڭ ئاساسىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەت-

① كراس بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ ئۆلمەي قالغان بولسىمۇ، لېكىن كېيىن پارفىيىگە تاجاۋۇز قىلىش ئۇرۇشىدا پارفىيە خەلقى تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن. تاجاۋۇزچىلىققا قارشى شەرق مىللەتلىرى قوزغىلاڭچى قۇللار ئۈچۈن ئىنتىقام ئالغان.

كەن. قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ئىتالىيە يېرىم ئارىلىدا ئۇششۇ-تۇششا ئۇرۇش قىلىپ، يېتىپ بارغانلا يېرىدە قۇللارنى ئازات قىلغان، قۇلدارلار سىنىپىنىڭ دىكتاتۇرا ئورگانلىرىنى پاچاقلاپ تاشلىغان، قۇللۇق تۈزۈم ئىگىلىكىگە بولۇپمۇ قۇللۇق تۈزۈمىدىكى چوڭ قورۇقلارغا زەربە بەرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن دېھقانچىلىقتىكى ئۇششاق ئىگىلىك قەدەممۇ-قەدەم راۋاجلىنىپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە پايدىلىق بولغان. قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ بىر يۈرۈش ھەركەتچان ۋە جانلىق ئىستراتېگىيىسى ۋە تاكتىكىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھەربىي ئىنتىزامى ياخشى بولغان، ھەربىي لازىمەتلىكلەرنى يىغقاندا قىممىتى بويىچە پۇل بەرگەن، ئۇششاق دېھقانلارغا دەخلى-تەرۇز قىلمىغان. بۇ سىياسەتلەرمۇ كەڭ ئاممىنىڭ ھىمايىسىگە ۋە ئالقىشىغا ئېرىشكەن. بۇ قېتىمقى قۇللار قوزغىلىڭى رىمدىكى قۇللار قوزغىلىڭىنىڭ ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. سپارتاك قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ رەھبىرى ۋە تەشكىلاتچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن قەدىمقى زامان تارىخىدىكى خەلق يولباشچىسىنىڭ ئۇلۇغۋار ئوبرازىنى تىكلەپ بەردى. پرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلاۋىي ئۇستازلىرى سپارتاكقا ۋە ئۇ رەھبەرلىك قىلغان قوزغىلاڭ كۈرىشىگە ناھايىتى يۇقىرى باھا بەرگەن ئىدى. ماركس سپارتاك "ئالىيجاناب خىسلەتكە ئىگە ئىدى، قەدىمقى زامان پرولېتارىياتىنىڭ ھەقىقىي ۋەكىلى ئىدى"① دەپ ماختىغان. لېنىن "سپارتاك بۇنىڭدىن تەخمىنەن 2 مىڭ يىللار بۇرۇنقى بىر قېتىملىق ئەڭ

① «ماركس-ئېنگېلس خەت-چەكلىرى توپلىمى»، سەنلىيەن كىتاپخانىسىنىڭ 1958-يىل خەنزۇچە نەشرى، 3-توم، 18-بەت.

زور قۇللار قوزغىلىڭىدىكى ئەڭ ئاتاقلىق بىر قەھرىمان ئىدى"① دەپ ھېساپلىغان.

سپارتاك قوزغىلىڭى شۇنىڭ ئىسپاتلىدىكى، قۇللۇق جەمئىيەتتە، قۇللار ئاممىسى — تارىخنىڭ ھەقىقى خوجايىنى، ئۇلار ئېلىپ بارغان سىنىپى كۈرەش ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشى تارىخنىڭ ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولدى. تارىخي تەرەققىياتنىڭ سەۋەبىنى ئاز ساندىكى "قەھرىمان" شەخسلەرگە مەنسۇپ قىلىپ قويۇشتەك تارىخنى قەھرىمانلار ياراتقان دەيدىغان ئەكسىيەتچىل قاراش تامامەن خاتا.

## 4 - بۆلۈم جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىنىڭ گۇمىران بولۇشى ۋە ئىمپېرىيە تۈزۈمىنىڭ تىكلىنىشى

**كايزانىڭ ھاكىممۇتلەقلىقى** ئارقا- ئارقىدىن ئۈزۈلمەي بولۇپ تۇرغان قۇللار قوزغىلاڭلىرى رىم قۇلدارلار دىكتاتۇرىسىغا قاتتىق زەربە بەرگەنلىكتىن، قۇلدارلار سىنىپى ئۆزلىرىنىڭ ھوكۇمرانلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، جۇمھۇرىيەتلىك ھاكىمىيەت تۈزۈمىدىن قۇتۇلۇپ، ھەربى ھاكىممۇتلەقلىقنى تىكلەشكە تىرىشتى. بۇ سىنىپنىڭ ۋەكىلى كايزا (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 101 — 44) ئاشكارا ھالدا: "جۇمھۇرىيەت — ئەھمىيىتى يوق، مەزمۇنىمۇ يوق قۇرۇق گەپ"

---

① لېنىن: «ماركس، ئېنگېلس ۋە ماركسىزىم توغرىسىدا»، ئۇيغۇرچە يېڭى يېزىق نەشرى، 773 - بەت.

دېگەن. بۇنىڭدىن باشقا، ئەينى ۋاقىتتا رىم كىچىك بىر شەھەر دۆلىتىدىن تەرەققى قىلىپ ئوتتۇرا دېڭىزنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالغان چوڭ دۆلەت بولۇپ قالغان ئىدى، سىنات ئاقسۆڭەكلىرى مونوپولىيە قىلىۋالغان ھاكىمىيەت ۋەزىيىتىنىڭ ئېھتىياجىغا لايىق كەلمەي قالغان ئىدى، باشقا ئاقسۆڭەكلەر تەبىقىسى ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، ھاكىمىيەتكە قاتنىشىشنى تەلەپ قىلاتتى. شۇ سەۋەپتىن، رىمدا ھاكىمىيەت ئاساسىنى كېڭەيتىش، دۆلەت ماشىنىسىنى كۈچەيتىش يولىدا كۆرەش قوزغىلىپ، شۇ ۋاقىتتىكى تارىخىي شارائىتتا، ئۇ تەكرار تالىشىشتەك بىر ئەسىرگە يېقىنراق سوزۇلغان قانلىق ئىچكى ئۇرۇش ئارقىلىق، ئاخىر رىم ئىمپېرىيە تۈزۈمىنىڭ تىكلىنىشىگە سەۋەپچى بولغان ئىدى.

ئەسلىدە رىم جۇمھۇرىيىتىنىڭ سىياسى، ئىقتىسادىي تۈزۈمىدا مونوپولىيىلىك ئورۇننى ئىگىلىۋالغان سىنات ئاقسۆڭەكلىرىمۇ ھوكۇمرانلىق كۈچىنى كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ مەقسىدى ئۆزلىرىنىڭ ئىمتىيازلىرىنى ۋە سىناتنىڭ ئەنئەنىۋى كۈچلىرىنى داۋاملىق ساقلاپ قېلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، سىياسىنى ئىسلاھ قىلىشقا قارشى تۇراتتى، باشقا قۇلدارلار تەبىقە-سىنىڭ ھاكىمىيەتتىن پارچىلاپ بەھرىمەن بولۇشىغا يول قويمايتتى. بۇ سىياسەت قۇلدارلار سىنىپى ئىچىدىكى باشقا تەبىقىلەرنىڭ جۈملىدىن ئاتلىقلار تەبىقىسى ۋە سىرتتىقى جايلاردىكى مەمۇرى ئۆلكىلەرنىڭ قۇلدارلىرىنىڭ قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرىغان ئىدى. ئاتلىقلارنىڭ سىياسى ئورنى سىنات ئاقسۆڭەكلىرىنىڭكىدىن تۆۋەن بولغاچقا، ئۇلار سىناتنىڭ سىرتىغا قېقىپ چىقىرىلغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار سىناتنىڭ ئىمتىيازىنى چەكلەشنى ياكى بىكار قىلىشنى،

سىناتنىڭ تىزگىنلىشىدىن قۇتۇلغان شەخس ھاكىممۇتلەقلىق قىلىدىغان ھاكىمىيەتنى تىكلەشنى ئۈمىد قىلاتتى؛ سىرتقى ئۆلكىلەردىكى قۇلدارلار سىنىپى رىم قۇلدارلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋالغان بولسىمۇ، لېكىن رىم پۇقرالىقى ھوقۇقىغا ئېرىشەلمەي، رىم قۇلدارلار سىنىپى دىكتاتۇرىلىقىدىكى ھوكۇمرانلىق ئورگىنىغا كىرەلمەگەچكە، ئۇلارمۇ ھاكىمىيەتنى سىنات مونوپولىيە قىلىۋالىدىغان كونا تۈزۈمنى ئۆزگەرتىشنى ئۈمىد قىلاتتى. شۇڭا، قۇلدارلار سىنىپىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەت ئىنتايىن مۇرەككەپ بولغان، ئۇلار ئوخشاش بولمىغان گۇرۇھ ۋە مەزھەپلەرگە بۆلۈنۈپ، ھوكۇمرانلىق ھوقۇقىنى تالىشىش يۈزىسىدىن دەھشەتلىك كۈرەشلەرنى ئېلىپ بارغان ئىدى. ئاددى خەلقمۇ بۇ كۈرەشكە قاتناشقان. ئەينى ۋاقىتتا، ئاددى خەلقتىن خانىۋەيران بولغانلار بارغانسېرى كۆپەيگەن، ئۇلار ھەربىي سەپتىن قايتقان ئەسكەرلەر بىلەن بىرلىكتە يەر تەلەپ قىلغان، قەرزدارلىقنى بىكار قىلىشنى تەلەپ قىلغان ھەمدە كۆپ ھاللاردا، ئاتلىقلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، سىنات ئاقسۆڭەكلىرىگە قارشى تۇرغان ئىدى. لېكىن ئاددى خەلق مۇستەقىل سىياسىي كۈچ بولۇپ شەكىللىنەلمەيدىغان بولۇپ قالغاچقا، ئاددى خەلق بارغانسېرى كۆپلەپ بايلارنىڭ قوينىغا ئۆزلىرىنى ئېتىپ، ئۇلارنىڭ ھوقۇق ۋە مەنپەئەت تالىشىشتىكى قورالى بولۇپ قالغان ئىدى.

كايزا سۇنغان سىنات ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان ئىدى، ئۇ يەنىلا سايلام بېلەتىگە ئىگە ئاددى خەلق ئاممىسىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئاددى خەلق ئاممىسىنىڭ قەرزدارلىقنى بىكار قىلىش ۋە يەرلەرنى يېڭىۋاشتىن تەقسىم قىلىش تەلىۋىنى بىر مەھەل قوللاپ، باشقا ئىككى سىياسىي ئاقساقال پومپېي

ۋە كراس بىلەن "ئۈچلەر ئىتتىپاقى" تۈزگەن. بۇلار تارىختا "ئالدىنقى ئۈچلەر" دەپ ئاتىلىدۇ. كايىزا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچى ئەمەلدار بولۇپ (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 59-يىلى)، گاللىيىنىڭ باش ۋالىسى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 58—49) بىلەن بىرلىكتە، گاللىيىدىكى گېرمانلارغا ھۇجۇم قىلغان ھەمدە دېڭىزدىن ئۆتۈپ بىرىتانىيىگە ھۇجۇم قىلغان، شۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم ئارمىيىگە ۋە كۆپلىگەن مەبلەغ، مال-مۈلۈكلەرگە ئىگە بولۇۋالغان، شەخسىي ئابرۇيىنى تىكلىۋالغان ئىدى. كايىزا ئاددىي خەلق ۋە ئاتلىقلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، سىنات ئاقسۆڭەكلىرىگە قارشى تۇرۇشنى چاقىرىق قىلغان ئىدى، بۇنىڭدىن مەقسەدى سىناتنىڭ ھەربىي-مەمۇرىي ئەمەلىي ھوقۇقىنى تارتىۋېلىشتىن ئىبارەت ئىدى. سىنات ئاقسۆڭەكلىرى كايىزاغا قارشى گۇرۇھ ئۇيۇشتۇرۇپ، كايىزا بىلەن پومپېي ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ، پومپېينىڭ ھاكىمۇتلەقلىق تىكلىشىنى ھىمايە قىلغان، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 49-يىلى ئىككى تەرەپ ئۇرۇش باشلىغان. ئۇرۇش مىلادىدىن ئىلگىرىكى 45-يىلى ئاياقلىشىپ، پومپېي مەغلۇپ بولغان، كايىزا رىمنىڭ ھاكىمدارى بولۇپ قالغان.

كايىزانىڭ غەلىبە قىلغانلىقى سىنات ئاقسۆڭەكلىرى دىكتاتۇرىسىنىڭ گۇمران بولغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. كايىزا ھاكىمۇتلەقلىق قىلغان مەزگىلدە، رىم قۇلدارلار ھاكىمىيىتىنىڭ ئاساسىنى كېڭەيتىشكە تىرىشىپ، سىنات ۋە ئاتلىقلار بىلەن سىرتقى ئۆلكە قۇلدارلىرىنىڭ يەنىمۇ بىرلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئۇ سىنات ئىچىدىكى دۈشمەن ئۇنسۇرلارنى تازىلاپ چىقىرىپ، ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك ئادەملىرىنى سىناتقا ئورۇنلاشتۇرغان، سىناتنىڭ ئادەم سانىنى 900 كىشىگە

كوپەيتىپ، ئاتلىقلارنىڭ سىناتقا كىرىشى ئۈچۈن يول ئېچىپ بەرگەن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە سىناتنى ئەمەلىي ھوقۇقى بولمىغان مەسلىھەت ئورگىنىغا ئايلاندۇرۇپ قويغان. ئۇ يەنە سىرتقى ئۆلكە قۇلدارلىرىغا رىم پۇقرالىقى ھوقۇقىنى ۋە مۇھىم ئەمەللەرنى بەرگەن، مەمۇرى ئۆلكىلەرنى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ياخشىلىغان، مەمۇرى ئۆلكە شەھەرلىرىنىڭ ئۆز ئۆزىنى ئىدارە قىلىش ھوقۇقىنى ئۇستۇرگەن، شۇنداق قىلىپ، ئۆزىنىڭ ھەربىي ھاكىممۇتلەقلىق ھوكۇمرانلىقىنى رىمدىكى پۈتكۈل قۇلدارلار سىنىپىنىڭ ئېھتىياجىغا تېخىمۇ لايىقلاشتۇرغان، شۇنىڭ بىلەن رىمنىڭ ئىمپېرىيە تۈزۈمى ئاساسىي جەھەتتىن تىكلەنگەن. لېكىن، يەنە بىر جەھەتتىن، ئۇ ئاددىي خەلق ۋە قۇللارغا بولغان ھوكۇمرانلىقنى كۈچەيتكەن. قەرزدارلىقنى بىكار قىلىش ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇرمىغان، پەقەت تۇتتىن بىر قىسمىنىلا كېمەيتكەن، يەر تەقسىم قىلىش ئىنتايىن ئاستا ئېلىپ بېرىلغان، بۇ ھال ئاددىي خەلقنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىغان. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 48-يىلى ۋە 47-يىلى، رىم ئاددىي خەلقى قوزغىغان قوزغىلاڭ كايزانىڭ قول ئاستىدىكىلەر تەرىپىدىن قانلىق تۈردە باستۇرۇلغان.

تەل-توكۇس گۇمران قىلىنمىغان سىنات ئاقسۆڭەكلىرى يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمىگەن، "جۇمھۇرىيەتچىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش" شوئارىدىن پايدىلىنىپ، كايزاغا قارشى سىياسىي سۇيىقەست تۈيۈشتۈرغان. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 44-يىل 3-ئاينىڭ 15-كۈنى، كايزا سىنات يىغىنىغا قاتناشقان ۋاقىتتا سۇيىقەستچىلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن. كايزانى ئۆز قوللىرى بىلەن ئۆلتۈرگەن برۇتۇ بىلەن كاسسىي ئەسلىدە كايزانىڭ ئىشەنچلىك ئادەملىرى بولۇپ، ئۇلار "جۇمھۇرىيەتچىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش" شوئارىدىن

پايدىلانساق، ئاممىنى جەلپ قىلالايمىز دەپ ئويلاشقان، ئەمەلىيەتتە، ئۇلارنىڭ تەتۈرلۈكلىرى ئاددىي خەلق ئاممىسىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمىگەن، كۆپ قىسىم ئارمىيە يەنىلا كايزاچى سەركەردىلەرنىڭ قولىدا قالغان، شۇڭلاشقا كايزاغا قارشى گۇرۇھتىكىلەر ناھايىتى تېزلا مەغلۇپ بولغان.

**ئىمپېرىيە تۈزۈمىنىڭ تىكلىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى** كايزانىڭ ئىزىنى بېسىپ چىققۇچىلار ئۇنىڭ پاردەمچىسى، ئەينى يىللاردىكى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچى ئەمەلدار ئانتونى ھەم كايزانىڭ جىيەن نەۋرىسى ئوكتاۋىي ۋە ئاتلىق ئەسكەرلەر ئەمەلدارى لېپىدلار ئىدى. ئۇلار بىر مەزگىللىك تالاش-تارتىشلاردىن كېيىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 43-يىلى "ئۈچلەر ئىتتىپاقى"نى تۈزگەن، بۇلار تارىختا "كېيىنكى ئۈچلەر" دەپ ئاتىلىدۇ. بۇلار ئىچىدە ئانتونى بىلەن ئوكتاۋىينىڭ تەسىرى كۈچى زور بولۇپ، بىر بىرىدىن ئىمپېرىيىنىڭ ئالىي رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تالاشقان. ئوكتاۋىي رىمنى ۋە غەربىي ئوتتۇرا دېڭىزنى كونتۇرول قىلىۋېلىپ، مىسىرنى تايانچ پونكىت قىلغان ئانتونىغا ھۇجۇم قىلغان. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 30-يىل، ئانتونى ئۇرۇشتا يېڭىلىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان، ئوكتاۋىي يېڭىپ چىققان. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 27-يىل، ئوكتاۋىي قەستەن سىناتقا قارىتا دۆلەتنىڭ تېچلىنىپ بولغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ تەركى دۇنيالىققا قايتىدىغانلىقىنى، جۇمھۇرىيەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەكلىپ قىلىدىغانلىقىنى جاكالىغان. ئالدىبۇرۇنلا ئۇنىڭغا باش ئېگىپ ئىتائەت قىلغان سىنات ئۇنى قەتئىي قالدۇرۇپ قالىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن، شۇنىڭ بىلەن ئوكتاۋىي داۋاملىق ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋەرگەن. ئۇ ھۆرمەت بىلەن "ئاۋگۇست" ("مۇقەددەس" دېگەن مەنىدە) ئاتىلىپ، تۇنجى

پادىشا بولۇپ قالغان (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 27 ــ مىلادى 14). رىم ئىمپېرىيىسى شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن باشلانغان.

ئوكتاۋىي ئاۋگۇست كايزانىڭ ئولتۇرۇلۇش ساۋىقىدىن ئىبرەت ئېلىپ، ئۆزىنىڭ ئىمپېرىيە تۈزۈمىدە جۇمھۇرىيەتنىڭ بەزىبىر ئالامەتلىرىنىمۇ ساقلاپ قالغان، پادىشا دېگەن نامنى قوللانماستىن، بەلكى ئۆزىنى "بىرىنچى پۇقرا" دەپ ئاتىغان، بۇ ئالىي باشلىق دېگەن مەنىدە بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق شەكلى "ئالىي باشلىقلىق تۈزۈمى" دەپمۇ ئاتالغان. ئەمەلىيەتتە، ئۇ ئۇمۇرۋايەتلىك دۆلەت باشلىقى بولۇپ، ئارمىيىنى ئۆز قولىدا تۇتقان، مەمۇرى، ئەدلىيە ۋە دىنىنىڭ چوڭ ھوقۇقلىرىنى ئۆز چاڭگىلىغا ئېلىۋالغان، ئۇنىڭ ھوقۇقى ئىستىبدات پادىشالارنىڭ ھوقۇقى بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشاش بولغان. ئالىي باشلىقلىق تۈزۈمى شارائىتىدا، پادىشالىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىشتا، كورۇنۇشتە ۋارىسلىق تۈزۈمى قوللىنىلماستىن، بەلكى سىنات تەرىپىدىن سايلىنىش بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، پادىشا ھايات ۋاقتىدا ئۆزىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇققىنىنى ۋارىسلىققا بەلگىلەپ قويىاتتى، سايلام پەقەتلا شەكىل بولۇپ قالاتتى. ئوكتاۋىيدىن كېيىن، رىم ئىمپېرىيىسى بۇ خىل ئالىي باشلىقلىق تۈزۈمىنى 200 نەچچە يىلغىچە قوللانغان.

رىم پادىشاسى، ئاساسەن، ئارمىيە ۋە تورىلەرگە يۆلىنىپ ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى، رىمدىكى ۋە سىرتقى جايلاردىكى قولدارلار سىنىپى ئۇنىڭ ئارمىيە ۋە تورە يادروسىنى ھاسىل قىلاتتى. رىم ئارمىيىسى 28 جۇنتۇەن ۋە بىر مۇھاپىزەت قوشۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى، ئالدىنقى چېگرىدىكى ئولكىلەرنى ساقلايتتى، كېيىنكىسى پايتەختتە تۇراتتى. ئارمىيە كەسىپىي خاراكتېرلىق دائىمى ئارمىيە بولۇپ،

ئىمپېرىيىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە ئەسكەرلەرنىڭ ھەربىي خىزمەت ئۆتەش مۇددىتى 20 يىلغا سوزۇلغان، ئارمىيە تامامەن پادىشانىڭ ياكى ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ قورالىغا ئايلىنىپ قېلىپ، كېيىنكى ئىچكى ئۇرۇشنىڭ داۋاملىشىشىغا سەۋەبچى بولغان. ئىمپېرىيىدە سىنات ۋە خەلق يىغىنى قاتارلىق ئاپاراتلار ساقلىنىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ پەقەت زىننەت ئۈچۈنلا بولۇپ، ئەمەلىي ھوقۇق بىۋاسىتە پادىشانىڭ ئاغزىغا قارايدىغان ھەر دەرىجىلىك تۆرىلەرنىڭ قولىدا ئىدى. ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي ئاپاراتلاردىكى تۆرىلەر پادىشانىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنۇشنىلا بىلەتتى، "پادىشانىڭ ئىرادىسى — ئالىي قانۇندۇر" دەپ قارايتتى، ئۇلارنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى خەلق ئۈستىدىن دىكتاتۇرا يۈرگۈزۈش ئىدى. رىم پادىشاسىنىڭ ھوكۇمرانلىقى ئاستىدا، قۇللار ۋە كەڭ خەلق ئاممىسى مىسلىسىز دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيىگە ۋە باستۇرۇشقا ئۇچرايتتى. ئوكتاۋىي رىم پادىشاسى بولۇش بىلەنلا قۇللارنى قاتتىق جازالاش قانۇنىنى ئىجرا قىلدۇرغانلىقىنى قايتىلاپ-قايتىلاپ تەكىتلىگەن، خوجايىنىنى ئۆلتۈرگەن قۇللار ۋە قاتىل بىلەن بىر يەردە يېتىپ قوپقان قۇللارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ دېگەنگە ئوخشاش قانۇنلارنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن. ئوكتاۋىي ئۆزىنىڭ قۇلدارلار ئۈچۈن خىزمەت قىلغان "تۆھپە"لىرى ئۈستىدە توختالغان چېغىدا: "مەن خوجايىنىڭكىدىن قېچىپ كەتكەن شۇنىڭدەك قولىغا قورال ئېلىپ دۆلەتكە قارشىلىق كۆرسەتكەن قۇللاردىن 30 مىڭىنى تۇتۇۋالدىم ھەم ئۇلارنى خوجايىنىنىڭ ئۆلتۈرۈۋېتىشىگە تاپشۇرۇپ بەردىم" دېگەن. ئالىي باشلىقلىق ھاكىمىيەت قۇللار ئۈچۈن قانلىق دىكتاتۇرا ئىدى. يەنە بىر جەھەتتىن، ئىمپېرىيە تۇزۇمى ئەڭ ئەكسىيەتچى سىنات ئاقسۆڭەكلىرىگە زەربە بەرگەنلىكى، ئاتلىقلار،

ئوتتۇرا ۋە كىچىك قۇلدارلارنىڭ مەنپەئەتىگە ئۈستۈۋار بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ بەزى سىياسەتلىرى ئوبيېكتىپ جەھەتتە قۇللۇق تۈزۈم ئىگىلىگىنىڭ راۋاجلىنىشىغا پايدىلىق بولغان ئىدى.

مىلادى 1-ئەسىر ۋە 2-ئەسىر — بۇ 200 يىل رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ قۇدرەت تاپقان دەۋرى① ئىدى. ئىمپېرىيىنىڭ زېمىنى مىسلىسىز كېڭىيىپ، شىمال تەرەپ چېگراسى هازىرقى ياۋروپادىكى ئەنگلىيە، غەربىي گېرمانىيە، ئاۋسترىيە، ۋېنگرىيە ۋە رومىنىيە قاتارلىق جايلارغا باراتتى، شەرق تەرىپى بىر مەھەل غەربىي ئاسىيادىكى ئېۋفرات دەرياسىغىچە بارغان ئىدى، جەنۇب تەرىپى ئافرىقىدىكى مىسىر ۋە سۇداننىڭ شىمالىي قىسمى، لىۋىيە، تۇنىس، ئالجىرىيە قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى، غەرب تەرىپى ئاتلانتىك ئوكيان بىلەن تۇتىشاتتى. لېكىن، ئەمەلىيەتتە، رىمنىڭ كېڭەيمىچىلىكى ئۇنىڭ ئەمەلىي كۈچىنىڭ ئەڭ يۇقىرى چېكىگە يەتكەن ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن تارىختا ئۆتكەن پادىشالار تاشقى سىياسەت جەھەتتە ئەينى هالەتنى ساقلاپ قالغان. رىم ئارمىيىسىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنىڭ تەدرىجىي ئاجىزلىشىشى، سىنىپىي زىددىيەت ۋە مىللىي زىددىيەتنىڭ كۈنسېرى كەسكىنلىشىشى ئارقىسىدا رىم قۇلدارلىرى تاجاۋۇزچىلىق ئېلىپ بېرىشقا مادارسىز قالغان. ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ تارىخچىلىرى بۇ 200 يىللىق "رىم تىنچلىقى" دەۋرى دەپ ئاتاشقان، ئەمەلىيەتتە، رىم قۇلدارلار سىنىپىنىڭ هوكۇمرانلىقىنىڭ تىنچ بولۇشى مۇتلەق مۇمكىن ئەمەس ئىدى. قۇللارنىڭ قارشىلىق

① يۇلىي كلاۋدىي سۇلالىسى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 27 — مىلادى 68)، فلاۋىيىۋ سۇلالىسى (69 — 96) ۋە ئانتونىي سۇلالىسى (96 — 192)نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

كۆرسىتىش كۈرەشلىرى ۋە ئېزىلگۈچى مىللەتلەرنىڭ قوزغىلاڭلىرى ئۈزۈلمەي بولۇپ تۇرغان ئىدى. مەسىلەن، مىلادى 61-يىلى بىرىتانىيىدە يۈز بەرگەن ئايال بودىكا رەھبەرلىكىدىكى قوزغىلاڭ، مىلادى 66-يىلدىكى يەھۇدىي خەنجەرچىلەر پارتىيىسى قوزغىلىڭى، ۋاھاكازالار. ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىچكى ئۇرۇش ۋە ئوردا سىياسىي ئۆزگىرىشى تېخىمۇ كۆپىيىپ دائىم يۈز بېرىپ تۇرغان، بۇلارنىڭ كەينى-كەينىدىن بولۇپ تۇرۇشى ۋە دەھشەتلىك بولۇشىمۇ تارىختا ئاز كۆرۈلىدۇ.

**ئىمپېرىيىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى ئىجتىمائىي ئىگىلىك** رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئىجتىمائىي ئىگىلىك ئەسلىدىكى ئاساستا ئاز-تولا راۋاجلانغان، بولۇپمۇ ھەرقايسى مەمۇرىي ئۆلكىلەرنىڭ ئىگىلىكىدە ئۆرلەشلەر بولغان. ئىمپېرىيە تەرتىپىنىڭ نىسبىي مۇقىم بولۇشى، مەمۇرىي ئۆلكىلەر ئورنىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى، قاتناشنىڭ راۋاج تېپىشى، تېخنىكىنىڭ ئالماشتۇرۇلۇشى ئىگىلىكنىڭ راۋاجلىنىشىغا پايدا يەتكۈزگەن. ئۈزلۈكسىز بولۇپ تۇرغان قۇللار قوزغىلاڭلىرى ۋە خەلقنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرەشلىرىمۇ قۇللۇق تۈزۈمنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىگە ۋە قۇلدارلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا زەربە بېرىپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنى ئالغا سىلجىتقان.

مىسىر ۋە شىمالىي ئافرىقىلاردا سۇغىرىش سىستېمىسى ياخشىلىنىپ، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى كېڭەيگەچكە، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشى زور دەرىجىدە راۋاجلانغان، قول سانائەت ۋە سودا ئىشلىرىمۇ تازا گۈللەنگەن. ياۋروپادىكى گاللىيە (ھازىرقى فرانسىيە) ۋە ئىسپانىيە قاتارلىق جايلاردا كانچىلىق، قول سانائەت ۋە ئۈزۈمچىلىك راۋاج تاپقان. ئوتتۇرا دېڭىز ئىمپېرىيىنىڭ ئىچكى كۆلىگە ئايلىنىپ، دېڭىز قاتنىشى

راۋاجلانغان. رىم ھۆكۈمىتى ئۆز تەۋەسى ئىچىدە بىرمۇنچە كەڭ يوللارنى ياساتقان، قۇرۇقلۇق قاتنىشىمۇ ناھايىتى قولايلىق بولغان. شەرق ۋە غەرپ ئەللىرى ئوتتۇرىسىدىكى تاۋار ئالماشتۇرۇش كۆپ بولغان، ئاشلىق، ھاراق، ياغ، قوغۇشۇن، قەلەي ۋە ساپال قاچىغا ئوخشاش ئاساسىي تاۋارلار كۆپلەپ توشۇپ سېتىلغان، شىمالىي ياۋروپانىڭ كەھرىۋاسى، ئافرىقىنىڭ پىل چىشى، شەرق ئەللىرىنىڭ خۇش پۇراق ماتېرىيالى ۋە گۆھەرگە ئوخشاش ھەرقايسى جايلارنىڭ زىبۇ-زىننەت بۇيۇملىرىمۇ سېتىلغان. پايتەخت رىمدىن تاشقىرى، مىسىرنىڭ سودا پورتى ئىسكەندىرىيەمۇ تەرەققىي قىلىپ خەلقئارالىق سودا-سانائەت چوڭ شەھىرىگە ئايلانغان. ئېلىمىزنىڭ يىپىگىمۇ مەشھۇر "يىپەك يولى" ئارقىلىق رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئاپىرىپ سېتىلىپ، رىملىقلارنىڭ بەكمۇ قەدىرلىشىگە مۇيەسسەر بولغان، ئەينى ۋاقىتتىكى گرېكلارمۇ، رىملىقلارمۇ جۇڭگونى "سېرىس" يەنى يىپەك دۆلىتى دەپ ئاتىغان. ئېلىمىزنىڭ تارىخنامىسىدە خاتىرىلىنىشىچە، رىمنىڭ ئەلچىلىرى ۋە سودىگەرلىرى قۇرۇقلۇق يولى ۋە دېڭىز يولى بىلەن كۆپ قېتىملاپ جۇڭگوغا كەلگەن، مەسىلەن، «كېيىنكى خەن سالنامىسى»دە خاتىرىلىنىشىچە، خۇەندى خانى يەننىڭ 9-يىلى (166-يىلى) رىم پادىشاسى ئانتونىن① ئەۋەتكەن ئەلچى رىنەن (ۋېيتنامنىڭ جەنۇبىي قىسمى)دىن ئۆتۈپ پىل چىشى ۋە كەركىدان مۈڭگۈزى ئېلىپ كەلگەن ھەمدە جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن سودا مۇناسىۋىتى ئورناتقان. 3 پادىشالىق دەۋرى ۋە جىن

---

① ئانتونىن — ئانتونى سۇلالىسىنىڭ 4-پادىشاسى مارك ئاۋرېلىي ئانتونىن (161 — 180).



www.uyghurkitap.com

سۈلالىسى دەۋرىدىمۇ رىمنىڭ ئەلچى ئەۋەتكەنلىگىگە دائىر خاتىرىلەر بار.

ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىدىمۇ بەزى ئىلگىرىلەشلەر بولغان. بۇ دەۋردە چاقلىق سايان ۋە زىرائەت ئورۇغۇچ بارلىققا كەلگەن، سۇ تۈگمىنى كەڭ ئىشلىتىلگەن. بىناكارلىقتا قوشما غالتەكلىك كوتەرگۈچ قوللىنىلغان، كانلاردا سۇ چىقىرىۋېتىش چىغىرىغى ئىشلىتىلگەن، تېخنىكىلىق ئىش تەقسىماتى بىرقەدەر ئىنچىكە بولغان، قول سانائەتتە بەزى ئاددىي ماشىنىلار ئىشلەپچىقىرىلغان ۋە ئىشلىتىلگەن، دېڭىز قاتنىشى تېخنىكىسىمۇ خېلى راۋاج تاپقان. شەرق ۋە غەرب ئەللىرى ئوتتۇرىسىدا تۈرلۈك نازۇك قول سانائەت بۇيۇملىرىنىڭ ئالماشتۇرۇلۇشى ۋە تېخنىكا ئالماشتۇرۇشىمۇ قەدىمقى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن يېڭى ئىستىقبال ئېچىپ بەرگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى قەدىمقى زامان جەمئىيىتىدىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ بۇ ۋاقىتقا كەلگەندە تەرەققىي قىلىپ يېڭى سەۋىيىگە يەتكەنلىگىنى، قۇللۇق تۈزۈمىدىكى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئۇنىڭغا لايىقلىشالماي قالغانلىغىنى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ بارغانسېرى ئۆتكۈرلەشكەنلىگىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

قۇللۇق تۈزۈمىدىكى چوڭ قورۇقلاردا رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە زاۋال تېپىش ئالامىتى كۆرۈلگەن، ئۇنىڭدىن بارغانسېرى نەپ تەگمەيدىغان بولۇپ قالغان. قۇللارنىڭ كېلىش مەنبەسى ئۈزۈلۈپ قالغان، نەرقى قىممەتلەشكەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قۇللار ئىشنى ئاقسىتىش، قورال-سايمانلارنى بۇزۇپ تاشلاش، قېچىپ كېتىپ قارشىلىق كۆرسىتىشتەك شەكىللەر بىلەنمۇ قۇلدارلارغا زەربە

بەرگەن. شۇ ۋاقىتتا قۇللارنى ئازات قىلىش ئەھۋاللىرى بارغانسېرى كۆپەيگەن. ئازات قىلىنغان قۇل، كۆپىنچە، ئۇششاق بىر پارچە يەرگە بەنت قىلىنغان ۋە خوجايىنىغا بەلگىلىك دەرىجىدە مەجبۇرى ئەمگەك قىلىپ بېرىشى شەرت بولغان. بۇنىڭدىن تاشقىرى، قۇلغا بەلگىلىك يەر، دۇكان، ئىشخانا بۆلۈپ بېرىلىپ، ئۇنىڭ مۇستەقىل تىجارەت قىلىشىغا يول قويۇلىدىغان، بىر قىسىم كىرىمىنى خوجايىنىغا قەرەللىك تاپشۇرۇپ تۇرىدىغان ئەھۋاللارمۇ ناھايىتى كۆپ بولغان ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسىدە قۇللارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشقا بولغان قىزىقىشىنى ئۆستۈرۈپ، قۇللۇق تۈزۈمنى زاۋال تېپىشتىن قۇتقۇزۇۋېلىش مەقسەت قىلىنغان ئىدى.

## 5-بۆلۈم رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ھالاك بولۇشى

**كېيىنكى مەزگىللەردىكى رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىقتىسادى ۋە سىياسىسى** 3-ئەسىردىن باشلاپ، رىمنىڭ قۇللۇق تۈزۈمىدىكى جەمئىيىتى كرىزىسقا قاراپ مېڭىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت تېخىمۇ ئۆتكۈرلەشكەن، ئىقتىسات ۋە سىياسى كۈنسېرى زاۋالغا يۈز تۇتقان. ئوردا، تۆرىلەر سېنتمىسى ۋە ئارمىيە ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ، بۇ قولدارلار دىكتاتورىسى ئاپاراتى 3-ئەسىردىن كېيىن ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئېغىر يۈككە ئايلىنىپ قالغان. ئېغىر ئالۋاڭ-ياساقلار يېزىلارنى ۋە شەھەرلەرنى خاراپلاشتۇرغان، ئەسلىدە بىرقەدەر راۋاج تاپقان كانلار، ئىشخانىلار ئارقا-ئارقىدىن خانىۋەيران بولۇپ،

ئىجارەتنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئامالسىز قېلىپ، ئىجارەتنى توختاتقان.
قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ كۆنسېرى زاۋال تېپىشى بىلەن بىللە، يېڭى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ بىخى خاراكتېرىدىكى قۇل دېھقانلىق تۈزۈمىمۇ كۆنسېرى تەرەققىي قىلغان. قۇل دېھقان دېگىنىمىز قۇلدارنىڭ يېرىدە تېرىقچىلىق قىلىدىغان ئىجارىكەشتۇر، ئۇ ئۇششاق پارچە يەرلەرنى تېرىپ، قۇلدارغا ئىجارە تاپشۇراتتى ۋە مەجبۇرىي ئىشلەپ بېرەتتى، جىسمانىي جەھەتتە مۇئەييەن بېقىندىلىق مۇناسىۋەتكە ئىگە ئىدى، مەسىلەن، ئۆز ئىختىيارىچە يوتكىلىپ كېتەلمەيتتى، ئۇلارنى يەر بىلەن بىرگە قوشۇپ سېتىۋېتىشكە بولاتتى، ۋاھاكازالار. قۇل دېھقانلارنىڭ بەزىلىرى ئەسلىدىكى ئەركىن ئىجارىكەشلەر ئىدى، بەزىلىرى ئەسلىدىكى قۇللار ئىدى. ئۇنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكى قۇللۇق تۈزۈمىدىكى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ۋاقتى ئۆتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. شۇڭا ئېنگېلس ئۇنى "ئوتتۇرا ئەسىردىكى يانچىلارنىڭ ئەجدادى"① دېگەن ئىدى. لېكىن قۇلدارلار سىنىپى دىكتاتۇرىسى تېخى ئاغدۇرۇپ تاشلانمىغان ۋاقىتتا، قۇلدارلار ھامان قۇل دېھقانلارنى شەكلى ئۆزگەرگەن بىر خىل قۇل دەپ قارايتتى، "بۇ خىل قۇل دېھقانلار گەرچە قۇللار دەپ قارالمىسىمۇ، لېكىن ئەركىن كىشىلەر دەپمۇ قارالمايتتى، ئۇلار ئەركىن كىشىلەر بىلەن نىكاھلىنالمايتتى، ئۇلارنىڭ ئۆز ئىچىدە نىكاھلىنىشىمۇ قانۇنلۇق دەپ قارالمايتتى، بەلكى قۇللارنىڭ نىكاھلىنىشى بىلەن ئوخشاش

---

① ئېنگېلس: «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى». «ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، خەلق نەشرىياتىنىڭ 1972-يىل خەنزۇچە نەشرى، 4-توم، 146-بەت.

www.uyghurkitap.com

نىكالىنىش دەپ قارىلاتتى"①. قۇل دېخانلارنىڭ قۇلدارلار دىكتا-تۇرىسى شارائىتىدىكى قانۇنىي ئورنى قۇللارنىڭكىگە يېقىن كېلەتتى، قۇلدارلار پۇرسەت بولسىلا، قۇل دېخانلارنى يەنە ئەسلىدىكى قۇللارغا ئايلاندۇرۇۋېلىشقا جېنىنىڭ بېرىچە تىرىشاتتى.

سىياسى جەھەتتىكى قالايمىقانچىلىق ۋە چىرىكلىكمۇ كۈندىن-كۈنگە ئېغىرلاشقان ئىدى. مۇھاپىزەت قوشۇنى ۋە سىرتقى ئۆلكە جۇنتۇەنلىرى، كۆپىنچە، ئۆز ئالدىغا پادىشا تىكلىۋالاتتى ھەمدە بۇ مۇناسىۋەت بىلەن قانلىق جەڭ ئېلىپ باراتتى، بەزىدە ھەتتا بىر يىلدا 4 پادىشا يەڭگىۋشلىنەتتى؛ سىياسى ۋەزىيەت ناھايىتى قالايمىقان ئىدى. 253-يىلدىن 268-يىلغىچە، نامدا پادىشا يەنىلا بار بولسىمۇ، لېكىن جايلاردىكى جۇنتۇەنلەر ۋە مەمۇرى ئۆلكىلەر ئۆز-لىرىنىڭ ھوكۇمرانلىرىنى تىكلىۋالغان بولۇپ، "30 زالىم پادىشالىق"قا بولۇنۇش ۋەزىيىتى شەكىللەنگەن ئىدى. كرىزىسنىڭ ئەۋج ئېلىشى داۋامىدا، رىم قۇلدارلار سىنىپى يەنىلا جېنىنىڭ بېرىچە جان تالىشىپ، ھالاكەتتىن قۇتۇلۇشقا تىرىشقان، شۇنىڭ ئۈچۈن رىم پادىشاسى دىئوكلېتىان ۋە كونستانتىنلار يۈرگۈزگەن بەزى "ئىسلاھات"لار مەيدانغا كەلگەن ئىدى.

دىئوكلېتىان (284—305) مۇستەبىت پادىشا ھاكىمىيىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتكەن، پادىشانى ئىلاھ دەپ ئاتىغان، رەسمىي نامىنى ئالىي باشلىقتىن پادىشاغا ئۆزگەرتكەن، ۋەزىرلەرنى پادىشاغا يۈكۈنۈپ باش ئۇرىدىغان قىلغان، شۇنىڭ بىلەن ھوقۇقى ھېچقانداق چەكلى-

---

① ئېنگېلس: «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى». «ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، خەلق نەشرىياتىنىڭ 1972-يىل خەنزۇچە نەشرى، 4-توم، 146-بەت.

مىگە تۆچرىمايدىغان پادىشالىق تۈزۈمنى تىكلىگەن ئىدى. ئۇ يەنە ئىمپېرىيىنى 4 رايونغا ئايرىپ، ھەربىي، مەمۇرى ھوكۇمرانلىقنى مەمۇرى رايونلارغا بولۇش يولى بىلەن كۈچەيتكەن ئىدى. كونستانتىن (306 — 337) شەرق ئەللىرىنىڭ بايلىقىغا تايىنىپ ھوكۇمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىش غەرىزىدە، ئىمپېرىيىنىڭ مەمۇرى مەركىزىنى رىمدىن شەرقتە يېڭىدىن سېلىنغان پايتەخت كونستانتىنوپول (ھازىرقى تۈركىيىدىكى ئىستامبۇل)غا كوچۈرگەن ئىدى. ئۇ يەنە خەلقنى زورلۇق بىلەن قۇل قىلىشنى كۈچەيتىپ، خوجايىن قۇلنى ئولتۇرۇۋېتىش ھوقۇقىغا ئىگە دىگەننى ئىككى مەرتە تەكىتلىگەن. كەمبەغەللەرنىڭ باللىرىنى سېتىشنى قانۇنلۇق دەپ جاكالىغان، قۇل دىخانلار ۋە ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادىنى خوجايىنىنىڭ يېرىگە مۇقىملاشتۇرۇپ قويۇش كېرەك، قاچقان قۇل دىخانلارنى كىشەن سېلىپ ئەسلى ئورنىغا قايتۇرۇپ كېلىش كېرەك، دەپ بەلگىلىگەن، بۇ ئارقىلىق قۇل دىخانلارنى قۇللار بىلەن ئوخشاپ كېتىدىغان ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويۇشقا تىرىشقان ھەمدە تۇرلۇك ئەمىر-پەرمانلىرىدا قۇل دىخانلارنى ئېزىشنى كۈچەيتكەن ئىدى. ئەلۋەتتە، بۇ ئەكسىيەتچىل تەدبىرلەر رىمنىڭ قۇللۇق تۈزۈمىدىكى ئىمپېرىيىسىنىڭ زاۋال تېپىشىنى توساپ قالالمايتتى، قاتتىق باستۇرۇش تېخىمۇ زور قارشىلىق كورستىشنىلا قوزغايتتى، خالاس.

**خىرىستىيان دىنىنىڭ راۋاج تېپىشى ۋە تارقىلىشى** خىرىستىيان دىنى رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ قۇللۇق جەمئىيىتىدىكى كىرىزىسىنىڭ كۈنسېرى ئېغىرلىشىشىدەك تارىخىي ئارقا كورۇنۇش ئاستىدا راۋاج تاپقان ۋە تارقالغان. خىرىستىيان دىنى مىلادى 1-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بەرپا قىلىنىپ، پەلەستىندىكى يەھۇدىلارنى مەركەز قىلغان

هالدا بارا-بارا سۈرىيە، كىچىك ئاسىيا ۋە مىسىرلارغا تارقىلىپ كىرگەن. خىرىستىيان دىنىنىڭ كىتابلىرىدا دىنىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا دائىر ئويدۇرۇپ چىقىلغان بىر يۈرۈش ئەپسانىلەر تەرغىپ قىلىنغان، ئەمەلىيەتتە، خىرىستىيان دىنىنىڭ راۋاج تېپىشىنىڭ ئۆزى ئەينى ۋاقىتتىكى پەلەستىن رايونىدىكى سىنىپىي كۈرەشنىڭ بىر خىل ۋاستىلىق ئىنكاسى ئىدى.

پەلەستىندىكى يەھۇدىيلار رىم شۇ يەردە ھوكۇمرانلىقىنى تىكلىگەندىن كېيىن، رىمنىڭ ھوكۇمرانلىقىغا قارشىلىق كورسىتىش كۈرىشىنى ئارقا-ئارقىدىن ئۈزۈلدۈرمەي قوزغاپ تۇرغان. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 53-يىلى، يەنى رىم يەھۇدىيلارغا 10 يىل ھوكۇمرانلىق قىلغاندىن كېيىن، يەھۇدىي خەلقى كەڭ كولەملىك قوزغىلاڭ كوتەرگەن. شۇنىڭدىن 50 يىل ئۆتكەندىن كېيىن (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 4—3)، يەھۇدىي خەلقى يەنە قوزغىلاڭ كوتەرگەن، رىم پادىشاسى قوزغىلاڭنى ئىنتايىن ۋەھشىيانە باستۇرغان بولسىمۇ، لېكىن 10 يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، يەھۇدىي خەلقى يەنە "خەنجەرچىلەر پارتىيىسى" ناملىق مەخپىي تەشكىلاتنىڭ رەھبەرلىكىدە قوزغىلاڭ كوتەرگەن. "خەنجەرچىلەر پارتىيىسى"نىڭ قوزغىلاڭ كوتىرىش كۈرىشى بىرقانچە 10 يىل داۋاملاشقان، مىلادى 66-يىلىغا كەلگەندە، ئاخىر كولىمى مىسلىسىز بولغان يەھۇدىي خەلقىنىڭ زور قوزغىلىڭى بولۇپ پارتلىغان، كۈرەش 3 يىل مىقدارىدا داۋاملىشىپ، ئاخىردا رىم تەرىپىدىن باستۇرۇۋېتىلگەن.

قەدىمقى زامان قۇللۇق جەمئىيىتىنىڭ تارىخىي شارائىتىدا، خەلقنىڭ رىمنىڭ ھوكۇمرانلىقىغا قارشىلىق كورسىتىش كۈرىشى ئىدىئولوگىيە ساھەسىدە ئەكس ئەتكەندە، يېڭى دىننىي ئىدىيە ۋە دىننىي

مەزھەپنى شەكىللەندۈرگەن. يەھۇدىيلار ئەسلىدە يەھۇدىي دىنىغا ئىشىنەتتى، بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭدىن بەزىبىر مەخپىي مەزھەپلەر بۆلۈنۈپ چىققان بولۇپ، ئۇلارنىڭ رىمغا سىياسىي جەھەتتە قارشىلىق كۆرسەتىدىغان "خەنجەرچىلەر پارتىيىسى"گە ئوخشاش ھەر خىل مەخپىي تەشكىلاتلار بىلەن زىچ ئالاقىسى بولغان ئىدى. بۇ يېڭى دىنىي مەزھەپلەر ئىچىدە "قۇتقۇزغۇچى ئىگەم" ئىنسانلارنى قۇتۇلدۇرىدۇ، دېگەننى تەرغىب قىلىدىغان بىر خىل ئىدىيە تارقالغان، خرىستىيان دىنى ئەنە شۇلار ئىچىدىكى بىر مەزھەپتىن راۋاجلىنىپ چىققان. بۇ ئەڭ دەسلەپتە پەلەستىندىكى يەھۇدىي تۆۋەن قاتلام خەلقى ئارىسىدا كېلىپ چىققان، كېيىن كىچىك ئاسىيا قاتارلىق جايلاردا كەڭ تارقالغان، ئاخىر باشقا دىنىي مەزھەپلەرنى چەتكە قېقىپ، يەھۇدىيلار ئىچىدە ئەنئەنىچى يەھۇدىي دىنى بىلەن قارىمۇ-قارشىلىشىدىغان يېڭى دىن بولۇپ قالغان. بۇ جەريانغا تەخمىنەن بىر ئىككى يۈز يىل ۋاقىت كەتكەن.

مىلادىي 2-ئەسىرگە كەلگەندە، خرىستىيان دىنىنىڭ ئاساسىي كىتابلىرىدىن بىرى بولغان «ئىنجىل» تۈزۈپ چىقىلغان. بۇ ۋاقىتتىكى خرىستىيان دىنى دەسلەپكى خرىستىيان دىنى دەپ ئاتىلىدۇ. رىۋايەتلەردىكى دىن ئاساسچىسى ۋە ئاساسىي مۇرىتلارنىڭ ھەممىسى ئەمگەكچى خەلقتىن كېلىپ چىققان، مەسىلەن، باغاچچى، بېلىقچى، چارۋىچى، قەلەندەر ھەتتا قۇل. دەسلەپكى خرىستىيان دىنى، ھەممە ئادەم باراۋەر دېگەننى تەرغىب قىلغان، بايلارغا قارشى تۇرغان، رىمنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆچمەنلىك بىلدۈرگەن. «ئىنجىل» جەمئىي 4 قىسىم بولۇپ، مەزمۇنلىرى ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ، تۇتىلىسىدە خرىستىيان دىنىنىڭ ئاساسچىسى ئەيسا خرىستوسنىڭ

ھاياتىدىكى ئىش-پائالىيەتلىرى بايان قىلىنغان. ئەيسا، ئەمەلىيەتتە، دىنىي رىۋايەتلەردىكى شەخس، مىلادى 1-ئەسىردىكى بارلىق تارىخىي ماتېرىياللاردا ئەيسا تىلغا ئېلىنمىغان، ئۇنىڭ «ئىنجىل»دا ئېيتىلغان ئىش-پائالىيەتلىرىگە دائىر بايانلىرىمۇ تامامەن ئەپسانە. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ئانىسى مەريەم خۇدانىڭ "غايىۋانە روھى" بىلەن ئىككى قات بولغانىمىش، شۇڭلاشقا ئەيسا خۇدانىڭ ئۆز ئوغلى بولۇپ، ئىنسانلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن بۇ دۇنياغا كەلگەن "قۇتقۇزغۇچى ئىگەم" ئىمىش ("خىرىستوس"نىڭ ئەسلى مەنىسى). ئەيسا پەلەستىندە دىن تارقاتقان ۋاقتىدا، ئازاپ-ئوقۇبەتكە سەۋرى-تاقەت قىلىنسا، دىنغا ئېتىقات قىلىنسىلا، قۇتقۇزۇشقا ئېرىشكىلى بولىدۇ دەيدىغان دىنىي ئەقىدىنى ھەدەپ تەشۋىق قىلغان ھەم كېسەل داۋالاش، ئالۋاستى-ئېزىتقۇلارنى قوغلاپ چىقىرىش، ئۆلگەنلەرنى تىرىلدۈرۈشكە ئوخشاش موجىزىلەرنىمۇ كۆرسەتكەن. ئاخىردا پەلەستىندىكى يەھۇدى دىنىنىڭ يۇقۇرى قاتلام كىشىلىرى رىمنىڭ باش ۋالىسى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ئەيسانى قولغا ئېلىپ كرېست دارغا مىخلاپ ئۆلتۈرگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن خىرىستىيان دىنى كرېستنى بەلگە قىلىدۇ. «ئىنجىل»دا يەنە، ئەيسا ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىپ جەننەتكە كىرگەن، دېيىلىدۇ. بۇ ئەپسانىلەرنىڭ ھەممىسى، روشەنكى، ھېچقانداق چىنلىققا ئىگە ئەمەس ئىدى، ۋاھالەنكى، بۇ دىنىي خۇراپات خىرىستىيان دىنى ئەقىدىسىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى ھاسىل قىلغان.

دەسلەپكى خىرىستىيان دىنى، ئادەملەر ئەيساغا ئېتىقات قىلىپ، دىنىي ئەقىدىگە ئىتائەت قىلسىلا، مۇرىت بولالايدۇ، دەپ جاكالايدۇ. ئۇ مۇرىت قوبۇل قىلىشتا ئىرق ئايرىمايدۇ، ئېزىلگۈچى سىنىپلارنىمۇ

ئانچە كەمستمەيدۇ، شۇڭلاشقا بىرقەدەر تېز تارقىلىپ، ئىمپېرىيە ھوكۇمرانلىقى ئاستىدىكى كەڭ ھەر مىللەت ئاددى خەلقى تەبىقىسى ئارىسىدا قارشى ئېلىشقا ئېرىشەلىگەن. دەسلەپكى خىرىستىيان دىنىنىڭ بەزى تەشكىلاتلىرى تېخى مال-مۈلۈكلەرنى ئومۇمنىڭ ئىختىيارىدا قىلىپ، ئۆزئارا ھەمكارلىشىشنىمۇ يولغا قويغان. لېكىن ئۇ سىياسى جەھەتتە زورلۇق كۈچ بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىشكە قارشى تۇرىدىغان، باشتىن-ئاياق دىنىي خاراكتېردىكى بىر خىل مەخپىي ئۇيۇشما بولغان. دەسلەپكى خىرىستىيان دىنى رىمنىڭ ھوكۇمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش پوزىتسىيىسىنى تۇتقانلىقتىن، بولۇپمۇ ئۇ رىم پادىشاسىغا چوقۇنۇشنى ئېتىراپ قىلمىغانلىقتىن، ئىمپېرىيە ھوكۇمىتىنىڭ دەھشەتلىك زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ، نۇرغۇن خىرىستىيان مۇرىتلىرى رەھىمسىز جازا بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن. لېكىن سىياسى زىيانكەشلىك توۋەن قاتلامدىكى ئاددى خەلقنى جەلىپ قىلىش كۈچىگە ئىگە بولغان بۇ دىننىڭ تارقىلىشىنى توساپ قالالمىغان. مىلادى 4-ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، خىرىستىيان دىنى رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ كەڭ رايونلىرىغا تارقىلىپ بولغان.

خىرىستىيان دىنىنىڭ كەڭ تارقىلىشى بۇ دىننىڭ ئۆزىدە سۈپەت ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. دەسلەپكى خىرىستىيان دىنى، ئاساسەن، توۋەن قاتلامدىكى ئاددى خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ، قۇللۇق جەمىيەت زۇلمىتىنى ئاشكارىلاش ۋە رىم پادىشاسىنىڭ ھوكۇمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش جەھەتلىرىدە خەلقنىڭ ئاۋاز قوشۇشىغا ۋە ھىمايە قىلىشىغا ئېرىشكەن ئىدى. لېكىن، خىرىستىيان دىنى دىن بولۇش سۈپىتى بىلەن باشتىن-ئاياق خەلقنىڭ كۈرەش ئىرادىسىنى بىخۇتلاشتۇرۇشتەك ئەكسىيەتچىل رول ئوينىغاچقا، بولۇپمۇ زىددى-

يەتتى مۇرەسسەلەشتۈرۈلگەن ئىتائەتچانلىق ۋە مېھرىۋانلىقا ئوخشاش ئەقىدىلەرنى تەكىتلىگەچكە، ھۆكۈمرانلار سىنىپى تەرىپىدىن ناھايىتى تېزلا پايدىلىنىپ كېتىلگەن. ميلادى 4-ئەسىردىن كېيىن، بىر مۇنچىلىغان يۇقۇرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ۋە ئىسىلزادىلەر دىنىي جەمئىيەتكە كىرگەن، دىنىي جەمئىيەتنىڭ ئۆزى مۇ كۆپلىگەن مال-مۈلۈككە ئىگە بولۇۋېلىپ، ھۆكۈمرانلار سىنىپى ئۈچۈن كەم-كۈتىسىز خىزمەت قىلىدىغان قورالغا ئايلىنىپ قالغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە خىرىستىيان دىنىنىڭ ئىمپېرىيىنىڭ كەڭ رايونلىرىدا تارقىلىشىمۇ ئىمپېرىيە ھۆكۈمرانلىرىنى ئۇنىڭ پايدىلىنىشقا بولىدىغان بىر كۈچ ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان. رىم پادىشاسى كونستانتىن ئەنە شۇنى نەزەردە تۇتۇپ، 313-يىلى ئاتالمىش "مىلان كەچۈرۈم پەرمانى"نى جاكالاپ، خىرىستىيان دىنىغا زىيانكەشلىك قىلىش سىياسىتىنى خىرىستىيان دىنىنى قوللاش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش سىياسىتىگە ئۆزگەرتكەن، بۇنىڭ بىلەن خىرىستىيان دىنى ھۆكۈمران ئورۇنغا كۆتىرىلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن، خىرىستىيان دىنى ئىزچىل تۈردە ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ھۆكۈمرانلار سىنىپى قولىدىكى كۈچلۈك قورال بولۇپ كەلگەن. رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە، خىرىستىيان دىنى رىم پادىشاسىنىڭ لىگىشىپ قالغان قولدارلار ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملىشىگە ياردەملەشكەن؛ فېئوداللىق جەمئىيەت دەۋرىدە، ئۇ ياۋروپا ئەللىرىدىكى فېئوداللارنىڭ ئاساسىي تۈۋرۈكى بولغان؛ كاپىتالىستىك جەمئىيەتتە بولسا بۇرژۇئازىيە ۋە بارلىق ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ غالچىسى، شۇنداقلا قەبىھ مۇستەملىكىچىلىكنىڭ قول چومىقى بولۇپ قالدى.

**خەلق قوزغىلىڭى ۋە يات مىللەتلەرنىڭ تاجاۋۇزى** رىم

پادىشاسىنىڭ ۋەھشىيانە ھوكۇمرانلىقى ۋە سىياسى جەھەتتىكى ئۈزلۈك مۇددەتلىك قالايمىقانچىلىق ۋەزىيىتى نەتىجىسىدە، رىم ئىمپېرىيىسى زېمىنىدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈزلۈكسىز قارشىلىق كورسەتكەن ۋە قوزغىلاڭ كوتەرگەن. بۇ قوزغىلاڭلاردا، قۇللار ۋە قۇل دېخانلار ئاساسىي كۈچ بولغان، شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە قوزغىلاڭ كەڭ ئەمگەكچىلەر تەبىقىسىنى—نامرات دېخانلار، چارۋىچىلار ۋە ئېزىلىشكە ئۇچرىغان يات مىللەتلەرنىمۇ ئوز ئىچىگە ئالغان ئىدى. 3—ئەسىردىن بۇيان، خەلق قوزغىلاڭلىرىنىڭ ئۇرۇش ئوتى ئۈزلۈكسىز ئۇلغىيىپ، ئىمپېرىيىنىڭ ھەممە جايلىرىغىچە دېگۈدەك تۇتاشقان. مىلادى 238—يىلى، شىمالىي ئافرىقىدىكى ئالجىرىيىدە قۇللار ۋە قۇل دېخانلار قوزغىلىڭى پارتلىغان. مىسىردا 3—ئەسىردە بۇكىلىد دەپ ئاتالغان چارۋىچىلار قوزغىلىڭى توختىماي بولۇپ تۇرغان. گاللىيىدە، 3—ئەسىردە كەڭ كولەملىك باگاۋدا ھەركىتى قوزغالغان. باگاۋدا جەڭچى دېگەن مەنىدە بولۇپ، قوزغىلاڭچىلار قۇللار، قۇل دېخانلار ۋە كەمبەغەللەرنى تايانچ قىلىپ، قۇدرەتلىك ئارمىيە تەشكىللەپ، كەڭ رايونلارنى ئىشغال قىلىپ، باي ئاقسوڭەكلەرنى ۋە چوڭ قۇلدارلارنى ئولتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ يەرلىرى، ھايۋان ۋە مال-مۈلۈكلىرىنى تەقسىم قىلغان. سىرتقى ئولكىلەردىلا ئۇرۇش ئوتى لاۋۇلداپ يانغان خەلق قوزغىلىڭى كوتىرىلىپ قالماستىن، بەلكى ئىتالىيىنىڭ ئوز زېمىنىدىمۇ قۇللار قوزغىلىڭى كەينى-كەينىدىن ئۈزۈلمەي بولۇپ تۇرغان. بۇنىڭ ئىچىدە سىتسىلىيە قۇللار قوزغىلىڭى (263—يىلى)نىڭ كولىمى شۇنىڭدىن 200—300 يىل ئىلگىرىكى قۇللار قوزغىلىڭىنىڭ كولىمى بىلەن ئوخشاش بولغاچقا، رىم قۇلدارلىرى قاتتىق ئالاقزادە بولۇپ كەتكەن.

4 ـ ئەسىردىن كېيىن، رىم ئىمپېرىيىسى يەنە يات مىللەتلەرنىڭ هۇجۇم قىلىش تەھدىتىگە ئۇچرىغان. يات مىللەتلەر دىگەندە، ئىمپېرىيىنىڭ چېگرا جايلىرىدا ئولتۇراقلاشقان مىللەتلەر كوزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇلارنىڭ تولىسى تېخىچە باشلانغۇچ جەمئىيەتتىن قۇللۇق جەمئىيەتكە ئۆتۈش باسقۇچىدا تۇراتتى، رىم ئىمپېرىيىسى ئۆز چېگرىسىدىكى مىللەتلەرنى قۇل قىلىدىغان ۋە بوي سۇندۇرىدىغان ئەكسىيەتچىل سىياسەتنى ئىزچىل يۈرگۈزۈپ كەلگەن ئىدى، بەزى يات مىللەتلەر رىمنىڭ هوكۇمرانلىقىدا ئىدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە نۇرغۇنلىغان كىشىلەر رىمنىڭ قۇلى ۋە قۇل دېخانلىرى ئىدى، بەزىلىرى رىمغا مەجبۇرى ئەسكەر بولغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، پۇرسەت بولسىلا، بۇ يات مىللەتلەر رىمغا قارشى قوزغىلاڭ كوتىرەتتى، بەزىدە قۇللار ۋە قۇل دېخانلار قوزغىلىڭى بىلەنمۇ بىرلىشىپ كېتەتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، يات مىللەتلەر ئىچىدىكى بەزى ئۇرۇقداش ئاقسۆڭەكلەرمۇ رىم ئىمپېرىيىسى تەۋەسىگە بېسىپ كىرىپ بايلىقلارنى بۇلاش ـ تالاش كويىدا بولۇشاتتى. رىمنىڭ چېگرىسىدىكى يات مىللەتلەرنىڭ هۇجۇمى مىللەتلەرنىڭ دۇنياۋى مىقياستىكى كەڭ كولەملىك كوچۈش هەركىتىنىڭ تۈرتكىسىگىمۇ ئېرىشكەن ئىدى. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، جۇڭگونىڭ خەن سۇلالىسى ئۆز تەۋەسىدىكى هونلارغا زەربە بېرىپ، ئۇلارنى يېڭىپ، بىر قىسىم هونلارنى غەرپكە كوچۈشكە مەجبۇر قىلغان ئىدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى، ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدا ئولتۇراقلاشقان بەزى مىللەتلەر، مەسىلەن، ئۇلۇغ ياۋچىلار هونلارنىڭ زۇلمىغا ئۇچرىغانلىقتىن، ئۇلارمۇ غەرپكە كوچۈپ ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرگەن ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەزى مىللەتلەرنىڭ ياۋروپاغا قاراپ يوت-

كېلىشىگە تۈرتكە بولغان ئىدى. بۇنداق شەرقتىن غەربكە كۆچۈش دولقۇنى شۇنىڭدىن كېيىنكى بىرقانچە يۈز يىل ئىچىدە ئۈزلۈكسىز بولۇپ تۇرغان ئىدى. مىلادى 3-ئەسىردىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كەڭ يايلاقلاردا ئولتۇراقلاشقان هونلار يەنە غەربكە قاراپ يۆتكەلگەن، 4-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، هونلار ياۋروپاغا كىرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئەسلىدە رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ چېگرىسىدا ئولتۇراقلاشقان يات مىللەتلەرنىڭ ئىمپېرىيە تەۋەسىگە يۆتكىلىشىگە تەسىر كۆرسەتكەن.

ئەسلىدە دۇناي دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدا ئولتۇراقلاشقان گېرمان مىللىتىدىن بولغان گوتلار مىلادى 3-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شەرقىي ۋە غەربىي تارماقلارغا بۆلۈنۈپ كەتكەن، شەرقىي گوتلار هونلارغا ئەل بولغان، غەربىي گوتلار بولسا دۇناي دەرياسىدىن ئۆتۈپ رىم ئىمپېرىيىسى زېمىنىغا كىرگەن. باشتا رىم هۆكۈمىتى ئۇلارنىڭ تۇرۇپ قېلىشىغا قوشۇلغان، لېكىن بۇ يات مىللەتلەر باراۋەر مۇئامىلىگە ئېرىشەلمىگەن، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا قىلىچە كاپالەتلىك قىلىنمىغان، بەزىدە ئۇلار هەتتا ئىلاجسىزلىقتىن بالىلىرىنى سېتىپ ئاشلىققا تېگىشكەن. رىم قۇلدارلىرى گوتلارغا ئىنتايىن ۋەھشىيانە مۇئامىلە قىلغاچقا، گوتلار قۇللار ۋە قۇل دېھقانلار بىلەن بىرلىشىپ قوزغىلاڭ كۆتەرگەن. 378-يىلى، رىم ئارمىيىسىنىڭ ئاساسىي كۈچى ئادرانوپولدا گوتلار تەرىپىدىن تەل-تۆكۈس يوقىتىلغان، پادىشا ۋالېنس جەڭدە ئۆلگەن. بۇنىڭ بىلەن يات مىللەتلەر ۋە قۇللار قوزغىلىڭىنىڭ بىرلىشىشىنىڭ غايەت زور كۈچ-قۇدرىتى نامايەن قىلىنغان. شۇنىڭدىن كېيىن، رىم پادىشاسى هۇجۇم قىلىپ كىرگەن يات مىللەتلەر ئالدىدا ئامالسىز قېلىپ، ئۇلارغا ماكانلىشىش

ئۇچۇن بەلگىلىك يەر ئاجرىتىپ بېرىشكە ھەم ئۇلارنى ئاشلىق ۋە ھايۋان بىلەن تەمىنلەشنى كاپالەتلەندۈرۈشكە مەجبۇر بولغان. 4-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 5-ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە، ئىمپېرىيە چېگرىسىدىكى گېرمان مىللەتلىرىمۇ غەربىي گوتلارغا ئوخشاش پەيدىن-پەي رىم ئىمپېرىيىسى تەۋەسىگە كۆچۈپ كىرگەن ھەمدە ئۈزلۈكسىز قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ تۇرغان.

**رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ھالاك بولۇشى** مىلادى 4-ئەسىردە، رىم ئىمپېرىيىسى لىكشىپ قالغان، ئۇنىڭ ئىگىلىكى زاۋالغا يۈز تۇتقان، شەھەرلىرى خاراپلاشقان، باج-سېلىقلىرى ئېغىرلاشقان، ئاچارچىلىق، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ۋە خالىغانچە زىيانكەشلىك قىلىش ئەۋج ئالغان، شەھەرلەردىكى ئوتتۇرا تەبىقىدىكىلەر ئارقا-ئارقىدىن خانىۋەيران بولغان، پەقەت چوڭ زېمىندارلارنىڭ كۈچلىرىلا تەرەققى قىلغان. كەڭ ئەمگەكچى خەلق تېخىمۇ قاتتىق ئازاب-ئوقۇبەت ئىچىدە قالغان. ئۇلار قوراللىق قوزغىلاڭ تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، قۇللۇق تۈزۈمىدىكى ئىمپېرىيىگە ئەڭ ئاخىرقى ھۇجۇمنى قوزغىغان. 4-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن ئېتىۋارەن، ئىمپېرىيىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا خەلق قوزغىلىڭىنىڭ يالقۇنى تۇتاشقان. غەربىي رايونلاردىكى ئەنگلىيە، ئىسپانىيە، گاللىيىلەردە خەلقنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى ئۇدا يۈز بېرىپ تۇرغان، بولۇپمۇ گاللىيىدىكى باگاۋدا ھەرىكىتى ئالدىنقى ئەسىردىن باشلاپلا يېزىلاردا كەينى-كەينىدىن ئۈزۈلمەي كېڭەيگەن ئىدى، ئەمدى ئاخىر يەنە بىر قېتىم پەلەككە يەتكەن يالقۇن بولۇپ پارتلاپ چىققان. باگاۋدا ھەرىكىتىگە ماسلاشقان ھالدا رىم ئىمپېرىيىسى تەۋەسىدىكى يات مىللەتلەر — گېرمانلاردىن بولغان ۋانداللار، فرانكلار ۋە غەربىي گوتلارمۇ ھەرىكەتكە

كېلىپ، بىرلىكتە رىم قۇلدارلىرى ھاكىمىيىتىنىڭ گاللىيىدىكى ھوكۇمرانلىغىنى بىتچىت قىلغان. 5-ئەسىرگە كەلگەندە، رىمنىڭ گاللىيە، برىتانىيە ۋە ئىسپانىيىلەردىكى ھوكۇمرانلىغى پۈتۈنلەي يىمىرىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا گېرمان مىللەتلىرىنىڭ كىچىك پادىشالىقلىرى دەسسىگەن.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شىمالىي ئافرىقىدىمۇ "ئاگونىست"① ناملىق ھەرىكەت قوزغالغان. ئۇ كورۇنۇشتە خىرىستىيان دىنىنىڭ بىر بىدئەتچىلىك ھەرىكىتىدەك، يەنى ئەنئەنىۋى دىنىي ئەقىدىنى ئېتىراپ قىلمايدىغان پروتېستانت مەزھىپىدەك بولسىمۇ، لېكىن، ئەمەلىيەتتە، قۇللار ۋە ئاددىي خەلق قوزغىلىڭى خاراكتېرىغا ئىگە ئىدى. بۇ ھەرىكەت ئىجتىمائىي باراۋەرلىكنى، مال-مۈلۈكلەرگە ئومۇم ئىگىدارلىق قىلىشنى ۋە رىم قۇلدارلىرىنىڭ ھوكۇمرانلىغىنى ئۈزۈل-كېسىل ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى تەلەپ قىلاتتى. رىمنىڭ شىمالىي ئافرىقىدىكى ھوكۇمرانلىغى بۇ ھەرىكەتنىڭ تەۋرىتىۋېتىشى ئارقىسىدا چاك-چېكىدىن بوشۇلگەن، 5-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ۋاندالللار يەنە ئىسپانىيىدىن شىمالىي ئافرىقىغا كىرىپ، شۇ يەردىكى رىم ھوكۇمىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان.

ئىتالىيىنىڭ ئۆز زېمىنىدا "مەڭگۈلۈك شەھەر" دەپ ئاتالغان رىم ئەمەلىيەتتە خەلق قوزغىلىڭى ۋە يات مىللەتلەر ھۇجۇمىنىڭ كەلكۈنىنى توساپ قالالمىغان. 401-يىلى، غەربىي گوتلار يولباشچىسى ئالارىكنىڭ باشلامچىلىغىدا ئالپس تېغىدىن ئۆتۈپ، رىمغا ھۇجۇم

① "ئاگونىست" گرېكچە سۆز بولۇپ، جەڭچى، گىلادىئاتور دېگەن مەنىلەردە. — تەرجىماندىن.

قىلغان، يول بويى ئىتالىيەدىكى ئېزىلگۈچى ئاممىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن، بەزى قۇللار ئۇنىڭ قوشۇنىغا قوشۇلغان. 408 ـ يىلى، ئالارىك يەنە بىر قېتىم ئىتالىيىگە يۈرۈش قىلىپ، رىم شەھىرىگە قورشاپ ھۇجۇم قىلغان. 410 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، رىم شەھىرى ئىچىدىكى قوزغىلاڭچى قۇللار رىم شەھىرىنىڭ دەرۋازىسىنى غەربىي گوتلارغا ئېچىپ بەرگەن، قۇلدارلار سىنىپىنىڭ بۇ ئۇۋىسى ئاخىر ئېزىلگۈچى ئاممىنىڭ ئالقىش سادالىرى ئىچىدە ئۇزۇل ـ كېسىل پاچاقلاپ تاشلانغان. كېيىن، 455 ـ يىلى، ۋاندالىلار رىمنى يەنە ئىشغال قىلىپ، قۇلدارلار كوز ـ كوز قىلغان ئاتالمىش "مەڭگۈلۈك شەھەر"نى قۇللۇق تۈزۈم گۆرگە تىقىلغان خارابىگە ئايلاندۇرۇۋەتكەن.

مىلادى 395 ـ يىلى، رىم ئىمپېرىيىسى ھوكۇمىتى شەرقىي ۋە غەربىي بولەككە بولۇنۇپ كەتكەن، شەرقىي ئىمپېرىيە كونستانتىنوپولنى پايتەخت قىلغان، غەربىي ئىمپېرىيە رىمنى پايتەخت قىلغان، شەرقىي ۋە غەربىي ئىمپېرىيەلەر ئايرىم ـ ئايرىم خوجىدارلىق قىلغان. غەربىي ئىمپېرىيىنىڭ گاللىيە ۋە شىمالىي ئافرىقىدىن مەھرۇم بولغانلىقى ۋە رىمنىڭ قايتا ـ قايتا ئىشغال قىلىنغانلىقى غەربىي ئىمپېرىيىنىڭ چاك ـ چېكىدىن بوسۇلگەنلىكىنى، ئاتالمىش رىم پادىشاسىنىڭ قۇرۇق نامدىنلا ئىبارەت بولۇپ قالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. 476 ـ يىلىغا كەلگەندە، غەربىي رىمنىڭ ئاخىرقى بىر پادىشاسى بىكار قىلىنغاچقا، ئاشۇ يىل غەربىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ھالاك بولغانلىقىنىڭ بەلگىسى دەپ قارالغان.

رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ھالاك بولغانلىقى ياۋروپا قۇللۇق جەمئىيىتى تارىخىنىڭ ئاياقلاشقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئوتتۇرا دېڭىز رايونىدىكى ۋە ياۋروپادىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۇز-

لىرىنىڭ فېئوداللىق جەمئىيەت تارىخىنى باشلىغان. قۇللارنى يادرو قىلغان خەلق ئاممىسى داۋاملىق تۈردە ئۈزۈلدۈرمەي ئىنقىلاۋىي كۆرەشلەرنى ئېلىپ بارغان، دەل مۇشۇ ئىنقىلابلارلا تارىخنى ئالغا سىلجىتىپ، قۇللۇق جەمئىيەتنى فېئوداللىق جەمئىيەتكە بۇرىغان. بۇرژۇئازىيە ۋە كونا-يېڭى شىۋجېڭجۇيىچىلار بۇ ئەڭ ئېگىزلىك پاكىتنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ، ئۆزلىرىنىڭ "سىنىپىي مۇرەسسە نەزەرىيىسى"نى دەلىللەش غەرىزىدە، رىم قۇلدارلار سىنىپىنىڭ ئۆزى "ئۆز ھوكۇمرانلىقىنى تاپشۇرۇپ بەرگەن" دەپ جۆيلۈشكەن. بېرنشتېيندىن تارتىپ خرۇششېۋلارغىچە ھەممىسى بۇنداق شىۋجېڭجۇيىسلىق سەپسەتىنى ھە دەپ تەرغىپ قىلىشقان. لېكىن، خۇددى ئېنگېلس كورسەتكەندەك: رىم ئىمپېرىيىسى مۇشكۈل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان ئىدى، "پەقەت بىر قېتىملىق ئۈزۈل-كېسىل ئىنقىلاپلا بۇنداق مۇشكۈل ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالالايتتى"①. قۇلدارلارنىڭ ھوكۇمرانلىقى دەل ئاشۇنداق خەلق قوزغىلىڭىنىڭ ئۈزۈل-كېسىل ئىنقىلاپ دولقۇنىدا، ئۇزاق مۇددەت، تەكرار-تەكرار ۋە ئۈزۈلدۈرمەي ئېلىپ بېرىلغان قۇللار ئىنقىلاۋىنىڭ كەلكۈنى ئىچىدە غەرق بولغان ئىدى.

① ئېنگېلس: «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى». «ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، خەلق نەشرىياتىنىڭ 1972-يىل خەنزۇچە نەشرى، 4-توم، 147-بەت.

www.uyghurkitap.com

# ئىككىنچى قىسىم
# ئاخىرقى قەدىمقى زامان تارىخى

## بىرىنچى باپ
## قەدىمقى چاۋشيەن ۋە ياپونىيە

چاۋشيەن بىلەن ياپونىيە ئېلىمىزنىڭ يان خوشنىسى، بۇ مەملىكەتلەر خەلقى بىلەن ئېلىمىز خەلقى ئوتتۇرىسىدا قەدىمدىن تارتىپلا دوستانە بېرىش-كېلىش، زىچ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش بولۇپ كەلگەن، بۇلار بىر بىرىگە ياردەملىشىپ، بىر بىرىگە تۈرتكە بولۇپ، نۇرغۇنلىغان شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ياراتقان ئىدى.

بۇ ئىككى مەملىكەتتىكى قۇللۇق جەمئىيەتنىڭ فېئوداللىق جەمئىيەتكە ئۆتۈشى مەسىلىسى ھەققىدە تارىخشۇناسلىق ساھەسىدىكىلەرنىڭ كۆزقاراشلىرى ئوخشاش ئەمەس. بۇ مەسىلە قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ ئالاھىدىلىكى، فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ مەيدانغا كېلىشىنىڭ كونكرېت جەريانى، فېئوداللىق جەمئىيەتكە قەدەم قويۇلغان ۋاقىت ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك بىر قاتار مەسىلىلەرگە چېتىشلىق.

بۇ مەملىكەتلەرنىڭ فېودالىق يەر مۈلۈكچىلىكى شەكلىدە، ئۇز تەرەققىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە جۇڭگونىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن فېودالىق دولەت يەر مۈلۈكچىلىكى ساقلانغان، مەسىلەن، ياپونىيىنىڭ نوۋەتلىك يەر تۈزۈمى ۋە چاۋشيەنىڭ تېرىلغۇ يەر-ئوتۇن ئورمانلىقى-مەرتىۋە تۈزۈمى، ۋاھاكازالار. فېودالىق دولەتلەر ھوقۇق مەركەزگە مەركەزلەشكەن ھوكۈمرانلىقنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، كوپلىگەن يەرلەرنى ۋە خەلقنى كونتىرول قىلىۋېلىپ، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشنى كوزلىگەن. لېكىن، يەرگە دولەت ئىگىدارلىق قىلىشتەك بۇنداق فېودالىق تۈزۈم، ماھىيەتتە، فېودالار سىنىپىنىڭ خۇسۇسى مۈلۈكچىلىكىنىڭ بىر خىل شەكلى ئىدى، بۇ تۈزۈم فېودالارنىڭ شەخسى خۇسۇسى يەر مۈلۈكچىلىكىنى چەتكە قاقالمايتتى، بەلكى، كوپ ھاللاردا، بۇنداق خۇسۇسى مۈلۈكچىلىكنى تولۇقلاپ تۇراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، دولەت ئىگىدارلىقىدىكى يەرلەر بىلەن بىرلىكتە، كوپىنچە، مەنسەپ يېرى ۋە مەرتىۋە يېرىگە ئوخشاش شەكىللەردە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان فېودالارنىڭ چوڭ يەر مۈلۈكچىلىكىمۇ بولاتتى. فېودالار ھەمىشە ئۆزلىرىنىڭ خۇسۇسى مۈلۈكچىلىكىنى مۇستەھكەملەش ۋە كېڭەيتىش غەرىزىدە، دولەت بىلەن يەر تالىشىش كۈرىشى ئېلىپ باراتتى، كۈرەش، ئومۇمەن، يەرلەرگە دولەت ئىگىدارلىق قىلىش تۈزۈمىنىڭ يىمىرىلىشى، فېودالارنىڭ خۇسۇسى يەر مۈلۈكچىلىكىنىڭ غەلىبە قازىنىشى بىلەن نەتىجىلىنەتتى.

بۇ مەملىكەتلەردىكى دېھقانلارنىڭ، ئومۇمەن، يېرى ناھايىتى ئاز، ياكى پۈتۈنلەي يېرى يوق ئىدى، زىممىسىدىكى باج-سېلىق ۋە ئالۋاڭ-ياساق ئېغىر بولۇپ، دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيىگە ئۇچرايتتى. قانۇندا، گەرچە ئۇلار، كوپىنچە، پۇقرالىق سالاھىيىتىگە

www.uyghurkitap.com

ئىگە بولسىمۇ، لېكىن، ئەمەلىيەتتە، جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدا بولۇپ، ھېچقانداق سىياسىي ھوقۇققا ئىگە ئەمەس ئىدى. بۇنىڭدىن ئاشقىرى، بۇ مەملىكەتلەردىكى فېئوداللىق جەمئىيەتتە تۆرلۈك قارا خەلق ۋە قۇللارمۇ ئۇزاق مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئىدى، ئۇلارنىڭ تۇتقان ئورنى تېخىمۇ تۆۋەن، ئەھۋالى تېخىمۇ ئېچىنىشلىق ئىدى.

فېئوداللىق ھاكىمىيەتنىڭ تۈزۈلمىسى جەھەتتە، چاۋشيەن ۋە ياپونىيەلەرنىڭ ھوكۇمرانلار سىنىپى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە جۇڭگونىڭ تۈزۈمىنى قوللىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇق مەركەزگە مەركەزلەشتۈرۈلگەن دۆلىتىنى قۇرغان ئىدى. فېئوداللىق ئىگىلىكنىڭ يېتىم بولغانلىقى تۈپەيلىدىن، ھوقۇق مەركەزگە مەركەزلەشتۈرۈلگەن شارائىتتىمۇ يەنىلا فېئوداللىق تەبىقە ساقلىنىپ قالغان، بەزىدە تېخى فېئوداللىق تەبىقە ئاساس قىلىنغان ئىدى. ھوقۇق مەركەزگە مەركەزلەشتۈرۈلگەن فېئوداللىق دۆلەتلەر ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي بازىسىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، خەلقنى ناھايىتى زور دائىمىي ئارمىيە ۋە قاتتىق قانۇن بىلەن باستۇراتتى، خەلقنى باج-سېلىق ۋە ئالۋاڭ-ياساق ئېلىش يولى بىلەن شىلىۋالاتتى. بۇنىڭدىن تاشقىرى، بۇ دۆلەتلەردىكى ئۇرۇقداشلىق ھاكىمىيىتى، ئەرلەر ھاكىمىيىتى ۋە ئىلاھىي ھاكىمىيەت (بۇددا دىنى ئاساس قىلىنغان) لەرمۇ خەلقنى بوغۇشتا مۇھىم رول ئوينىغان ئىدى.

بۇ دۆلەتلەردىكى دېھقانلار فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە زۇلۇمغا قارشىلىق كۆرسىتىش يۈزىسىدىن كۆپ قېتىملاپ دېھقانلار قوزغىلىڭى ۋە دېھقانلار ئۇرۇشى ئېلىپ بارغان ئىدى. بۇ قوزغىلاڭلار ۋە ئۇرۇشلارنىڭ كۆلىمىنىڭ زور بولۇشى، ۋاقتىنىڭ ئۇزاق بولۇشى،

قاتناشقان ئادەم سانىنىڭ كوپ بولۇشى جەھەتلىرىدىن قارىغاندا، دۇنيا تارىخىدا ناھايىتى كۆزگە كورۈنەرلىك بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ئۇلار ھەرقايسى دولەتلەردىكى فېودال ھوكۈمرانلىقىغا قاتتىق زەربە بېرىپ، تارىخنى ئالغا سىلجىتقان ئىدى.

چاۋشيەن ۋە ياپونىيىلەردىن تاشقىرى، ئاسيانىڭ شەرقىي رايونلىرىدىكى باشقا مەملىكەتلەرمۇ، مەسىلەن، كامبودژا، لائوس، ۋيېتنام، بىرما، تايلاند، ھىندونېزىيە قاتارلىقلارمۇ ئۆزلىرىگە خاس ئۇزاق تارىخ ۋە مەدەنىيەتكە ئىگە ئىدى. مەسىلەن، كامبودژىنىڭ 12-ئەسىردە سېلىنغان ئاڭكور تاش بۇتخانىسىنى ئالساق، بۇ بۇتخانىدا تاشتىن مۇنار ۋە ئىبادەتخانا ياسالغان، بۇ مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، كامبودژا خەلقىنىڭ ئۇلۇغ ئىجادىيىتى.

## 1-بۆلۈم چاۋشيەن

چاۋشيەن ئاسيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان، شىمالىي تەرىپى جۇڭگو بىلەن دەريالار (يالۇجياڭ، تۇمېنجياڭ دەريالىرى) ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدۇ، جەنۇبىي تەرىپى ياپونىيە بىلەن چاۋشيەن بوغۇزى ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدۇ. چاۋشيەن بىلەن جۇڭگو تاغ-دەريالىرى تۇتىشىپ تۇرىدىغان، چىش بىلەن كالپۇكتەك يېقىن خوشنا مەملىكەتلەر. قەدىمدىن بۇيان، تاجاۋۇزچىلار دائىم چاۋشيەنىي جۇڭگوغا ھۇجۇم قىلىشتىكى كوۋرۈك قىلىشقا ئۇرۇنۇپ كەلگەن ئىدى. تارىختا، جۇڭگو-چاۋشيەن ئىككى مەملىكەت خەلقى بىرقانچە قېتىم مۇرىنى-مۇرىگە تىرەپ جەڭ قىلىپ، ئورتاق دۈشمەنگە زەربە

www.uyghurkitap.com

بەرگەن ئىدى.

چاۋشىيەنىڭ شىمالىي قىسمىدا چوقۇپ ياسالغان كونا تاش قوراللار تېپىلدى. يېڭى تاش قورال دەۋرىدىكى ئىپتىدائى ئاھالىنىڭ ماكانلاشقان كونا ئىزى ھەرقايسى جايلارغا تارقالغان. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 5-ئەسىردىن كېيىن، مىس قوراللار بارلىققا كېلىشكە باشلىغان، ئۇنىڭغا ئەگىشىپلا تۆمۈر قوراللار تېز تەرەققىي قىلغان. چاۋشىيەنىڭ شىمالىي تەرەپلىرىدە، قۇللۇق تۈزۈمىدىكى قەدىمقى چاۋشىيەن دۆلىتى مەيدانغا كەلگەن. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 2-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، جۇڭگونىڭ يەن دۆلىتىلىك ۋېي مەن دىگەن ئادەم كوچمەنلەرنى باشلاپ يالۇجياڭ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، قەدىمقى چاۋشىيەنگە ئەل بولۇپ، ئۇنىڭ غەربىي چېگرىسىنى ساقلاپ بەرگەن. كېيىن ۋېي مەن پىگراڭغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، پادىشانى ئولتۇ-رۇپ ئۆزىنى پادىشا قىلىپ تىكلىگەن. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 2-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاسى ۋۇدى تاجاۋۇزچىلىق ۋە كېڭەيمىچىلىك قىلىپ، قەدىمقى چاۋشىيەننى يوقىتىپ، تۆت ۋىلايەت تەسىس قىلغان، ئۇلار ئىچىدە لېلاڭ ۋىلا-يىتى ھوكۇمرانلىق مەركىزى قىلىنغان. چاۋشىيەنىدىكى ھەرقايسى قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ 20 نەچچە يىللىق قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرىشى ئارقىسىدا، خەن سۇلالىسى ۋىلايەتلىرىنىڭ بەزىلىرى نائىلاج ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان، بەزىلىرى شىمالغا قاراپ يۆتكىلى-ۋېرىپ، ئاخىردا پىگراڭنى مەركەز قىلغان لېلاڭ ۋىلايىتىلا قېپقالغان.

**چاۋشىيەننىڭ قۇللۇق جەمئىيىتى** قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن بىللە، چاۋشىيەن يېرىم ئارىلىدا پەيدىن-پەي 3

دۆلەت مەيدانغا كەلگەن: گاۋگۇلى يېرىم ئارالنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى يالۇجياڭ دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدا، بەيجى يېرىم ئارالنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىدا، شىنلو شەرقىي جەنۇبىي قىسمىدا ئىدى. گاۋگۇلىدا مىلادى 1-ئەسىردە قۇللۇق تۈزۈم مەيدانغا كەلگەن، بۇ قۇللار ئىچىدە ئەسىر قۇللار ۋە جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن قۇل بولۇپ قالغانلار بار ئىدى. قۇلدار ئاقسۆڭەك "چوڭ ئائىلە"گە قارىمۇ-قارشى ھالدا ئاددىي خەلق "تۆۋەن ئائىلە" دەپ ئاتىلىپ، قاتتىق ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىناتتى، ئەمەلدار، ئارمىيە قاتارلىق دۆلەت ماشىنىسىمۇ بارلىققا كەلگەن ئىدى، 4-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن ئېتىۋارەن، گاۋگۇلى زور كۈچ بىلەن جەنۇپقا قاراپ كېڭەيمىچىلىك قىلىپ، بەيجى ۋە شىنلولار بىلەن ئۇزاق مۇددەت ئۇرۇش قىلىپ، تېررىتورىيىسىنى پەيدىن-پەي يېرىم ئارالنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغىچە كېڭەيتكەن. 5-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا پايتەختىنى پىڭرائڭغا يۆتكىگەن. قۇللۇق تۈزۈممۇ تەرەققىي قىلىپ، قەرزدار قۇللار مەيدانغا كەلگەن.

بەيجى 3-ئەسىردە خەنجياڭ دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى سابىق ماخەن① رايونىدا شەكىللەنگەن قۇللۇق تۈزۈمىدىكى دۆلەت ئىدى. ئۇنىڭ يېرى مۇنبەت بولۇپ، بۇ يېرىم ئارالدا ئەڭ ئاۋال شال تېرىلغان ئىدى. قۇللار ئاقسۆڭەكلەر ئائىلىسىدە چاكار قىلىپ ئىشلىتىلەتتى، قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى بىلەنمۇ شۇغۇللاندۇرۇلاتتى. بەيجى دائىم گاۋگۇلىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرايتتى، جەڭدە

① چاۋشيەن يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا مىلادىيەدىن ئىلگىرى ۋە كېيىن ماخەن، چېنخەن، مۇخەن دېگەن 3 قەبىلە ئىتتىپاقى شەكىللەنگەن، شۇڭا كېيىن چاۋشيەن ئۈچ خەن ياكى خەن دەپمۇ ئاتالغان.

ئۇدا مەغلۇپ بولۇپ تۇراتتى، كېيىن يەنە شىنلولىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، ئۇنىڭ دولەت كۈچى تېخىمۇ ئاجىزلاشقان ئىدى.

شىنلو چىڭجۇنى مەركەز قىلغان بولۇپ، 3-، 4-ئەسىرلەردە چېنخەن قەبىلە ئىتتىپاقى رايونىدا تەرەققى قىلىپ چىققان قۇللۇق تۈزۈمدىكى دولەت ئىدى. 3 دولەت ئىچىدە، شىنلو يەرلىرى ئەڭ باي ۋە ئاۋات دولەت ئىدى. دولەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى ئاقسوڭەكلەر كېڭەشمىسى قارار قىلاتتى، 5-ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگىچىمۇ، پادىشالىق تەختكە ۋارىسلىق قىلىنماستىن، بەلكى ئۇنى ئاقسوڭەكلەر گۇرۇھى سايلايتتى. ئاقسوڭەكلەر بىرقانچە دەرىجىگە ئايرىلاتتى، يۇقۇرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىقنى مۇقىم دەرىجىدىكى ئاقسوڭەكلەر ئۆز ئۈستىگە ئالاتتى، پادىشا ئاقسوڭەك ياشلار ئارىسىدىن مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنىغا تاللاپ ئوستۇرەتتى. 6-ئەسىردە، شىنلونىڭ ئىجتىمائى ئىگىلىكى ناھايىتى تېز تەرەققى قىلغان، تۆمۈر سايمانلار ئومۇمى يۈزلۈك ئىشلىتىلگەن، كالا بىلەن يەر ھەيدەش ئادەم كۈچى بىلەن يەر ھەيدەشنىڭ ئورنىنى باسقان. قۇللار ئازات قىلىنىپ، پەيدىن-پەي فېوداللىق جەمىيەتكە ئوتۇشكە باشلىغان. شىنلو چەتكە قارىتىلغان ئۇرۇشتا كوپ قېتىملاپ غەلىبە قازىنىپ، تېررىتورىيىسىنى خەنجىيىڭ تەرەپلىرىگىچە كېڭەيتكەن، شىمالغا قاراپ كېڭىيىپ، ھەتتا شيەنجىڭ جەنۇبىي ۋىلايىتىگىچە يېتىپ بارغان. 562-يىلى، شىنلو يېرىم ئارالنىڭ جەنۇبىي ئۇچىنى 200 يىل مىقداردا بېسىپ ياتقان ياپونىيە تاجاۋۇزچى كۈچلىرىنى قوغلاپ چىقارغان.

3 دولەت قۇلدارلىرىنىڭ ھوكۇمرانلىقى ئاستىدىكى قۇللار بىلەن ئاددى خەلق ئۈزلۈكسىز قارشىلىق كورسىتىش كۈرىشى ئېلىپ بارغان. ھوكۇمرانلار سىنىپى يازغان تارىختا، "بۇلاڭچىلار كوپىيىپ قوزغىلىپ

تۇردى» دەپ تەكرار-تەكرار خاتىرىلەنگەن، بۇ خەلقنىڭ قوزغىلاڭ كۆرسىتىشكە قىلىنغان ھاقارەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يەرلەرنى تاشلاپ قېچىپ كېتىشمۇ بىر خىل ئاساسلىق قارشىلىق كۆرسىتىش ۋاستىسى ئىدى، 3 دۆلەت تۈز ئالدىغا بولۇنۇۋالغان ۋەزىيەت دەل خەلقنىڭ قېچىپ كېتىشىگە قولايلىق بولغان ئىدى. 4-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، بەيجى پادىشاسى گاۋگۇلىغا ھۇجۇم قىلماقچى بولۇپ، «كەڭ كۆلەمدە ئەسكەر ئالغان، خەلق ئېغىر ئالۋاڭ دەستىدىن كۆپلەپ شىللوغا كېتىپ قالغاچقا، نوپۇس ئازايغان». قېچىپ كەتكەنلەرنىڭ سانى، كۆپىنچە، بىرقانچە مىڭ ئادەمگە ياكى بىرقانچە مىڭ ئائىلىگە يېتىپ، قۇلدارلار سىنىپىغا قاخشاتقۇچ زەربە بەرگەن.

6-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ، جۇڭگونىڭ سۇي، تاڭ ئىمپېرىيىلىرى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ چاۋشيەنگە تاجاۋۇز قىلغان، كېيىن تاڭ سۇلالىسى شىللو بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، 7-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بەيجى بىلەن گاۋگۇلىنى يوقىتىپ، تۇتۇق مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىپ ھۆكۈمرانلىق قىلغان. چاۋشيەن خەلقى تاڭ سۇلالىسىنىڭ فېئوداللىق زۇلمىغا قەتئىي قارشى تۇرغانلىقتىن، 676-يىلى تاڭ سۇلالىسى ئەندۇڭ تۇتۇق مەھكىمىسىنى يۆتكەپ كېلىشكە مەجبۇر بولغان. شىللو يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ يېرىم ئارالنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، بولۇنۇش ھالىتىگە خاتىمە بەرگەن. چاۋشيەن بۇنىڭ بىلەن فېئوداللىق جەمئىيەتكە ئۆتكەن.

**فېئوداللىق ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى**

شىللو بىرلىككە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى يەنىمۇ يۇكسەلگەن. سۇلۇق ئېتىزلارنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمى كېڭەيگەن، زىرائەتلەرنىڭ تۈرىمۇ كۆپەيگەن. قول سانائەتتە كېمە،

uyghurkitap.com

ساپال قاچا، سىرلانغان ئەسۋاپ-جابدۇقلار ۋە قورال-ياراق
ياساشقا ئوخشاش كەسىپلەر بارلىققا كەلگەن، ئوردا ئاقسۆڭەكلىرى
ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان تارماقلار ئەڭ كۆپ تەرەققى قىلغان،
سودا ئىشلىرى تەرەققى تېپىپ، پايتەخت چىڭجۇ ئىچكى-تاشقى
سودا مەركىزى بولۇپ قالغان، ئۇنىڭ تاڭ سۇلالىسى ۋە ياپونىيە
بىلەن بولغان سودىسىمۇ ناھايىتى راۋاج تاپقان، شىنلونىڭ سودا
كېمىلىرى دائىم شىنلو بىلەن ياپونىيە ئارىلىقىدا قاتناپ تۇرغان.
شىنلو فېئوداللىق دۆلەت بولۇپ، پادىشا ۋە ھۆكۈمرانلار سىنىپى
كەڭ يەرلەرنى ئىگىلىۋېلىپ، خەلقنى ئېكىسپىلاتاتسىيە قىلاتتى.
بىرلىككە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇلار يەرلەرنى تۆھپىكارلار،
ئاقسۆڭەكلەر ۋە ئىبادەتخانىغا تەمىنات يەر سۈپىتىدە تېخىمۇ كۆپلەپ
ئىنئام قىلىپ بەرگەن، بەزى ئىبادەتخانىلارنىڭ ئىنئام ئالغان يەر-
لىرى ئون مىڭ گېكتارغا يەتكەن. 8-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، يەنە
"تۇپۇسقا قاراپ يەر بېرىش تۈزۈمى" تۈزۈلۈپ، ھۆكۈمەت كونترول-
لۇقىدىكى يەرلەرنى 16 ياشتىن يۇقىرى بولغان ئەر تۇپۇسنىڭ
ئېرىشىشىغا تەقسىم قىلىپ بەرگەن، 60 يېشىدا يەر قايتۇرۇۋېلىنغان،
يەر ئالغان دېھقانلار دۆلەتكە ئىجارە ۋە باج-سېلىق تاپشۇرغان.
شۇنداق قىلىپ ئۇلار دېھقانلارنى يەرگە بەنت قىلىپ قويۇپ، ئەمگەك
كۈچىنى كاپالەتلەندۈرگەن، بۇ ئارقىلىق يەر ئىجارىسى، قول سانائەت
بۇيۇملىرى ياكى يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلارنى شىلىۋالغان ھەمدە
دېھقانلارنى مەجبۇرلاپ تۈرلۈك ھاشارلارغا سالغان. شىنلو ھۆكۈمران-
لىرى يەنە تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈشتەك
سىياسىي تۈزۈمىدىن پايدىلىنىپ، تالان-تاراج قىلىش ۋە باستۇرۇش
بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تۈرلۈك ئاپپاراتلارنى تەسىس قىلىپ، دۆلەت

ماشىنىسىنى كۈچەيتكەن.

فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، فېئوداللارنىڭ چوڭ يەر مۈلۈكچىلىكى ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ بارغان. ئاقسۆڭەك تۆرىلەر تەمىنات يەرنى قايتۇرۇش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، بەلكى ھەممىلا يەردە دېخانلارنىڭ نوپۇس يەرلىرىنى ئۆزلىرىگە قوشۇۋېلىپ، چوڭ قورۇق-لارنى قۇرۇپ چىققان. دېخانلار، كۆپىنچە، 60 ياشقا كىرىپ يەرنى قايتۇرۇپ بەرگىچىلا ئۆزلىرى ئىگىدارلىق قىلىپ پايدىلىنىدىغان يەر-لىرىنى سېتىۋېتىشكە مەجبۇر بولغان. 8-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، جۇڭگونىڭ شىمالىي ۋىلايىتىنىڭ چىڭجۇ دېگەن يېرىدىكى 10 ئائىلىلىك بىر كەنتتە 9 ئائىلە ئەڭ تۆۋەن ئائىلە بولۇپ، پەقەت بىر ئائىلىلا تۆۋەن ئوتتۇرا ئائىلە ئىكەن، بۇ ھال يېزىلاردىكى نامراتلىشىشنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. 9-ئەسىرگە كەلگەندە، شىنلو ھوكۇمرانلار سىنىپىنىڭ ئىچكى قىسمىدا پادىشالىق تەختىنى تالىشىش كۈرىشى ئۈزلۈكسىز بولۇپ تۇرغان، سىياسىي جەھەتتە چىرىكلىشىپ، پارىخورلۇق ئومۇمىي ئىشقا ئايلىنىپ قالغان. ھوكۇمرانلار سىنىپى ئوتتۇرىسىدىكى يېغىلار دېخانلارغا ئېغىر ئالۋاڭ ۋە ھەربىي خىزمەت ئۆتەش مەجبۇرىيىتى ئېلىپ كەلگەن.

فېئوداللىق قورۇقلارنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئارقى-سىدا دۆلەتنىڭ باج-سېلىق كىرىمى كۈندىن-كۈنگە ئازىيىپ كېتىپ، دېخانلارنىڭ يۈكى تېخىمۇ ئېغىرلاشقان. پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كۆپ قېتىملاپ دېخانلار قوزغىلىڭى پارتلاپ تۇرغان، بىر يەردە بېسىلسا، يەنە بىر يەردە كۆتۈرۈلۈپ، يۈز يىل مابەينىدە ئۈزۈلمەي بولۇپ تۇرغان. 896-يىلى قوزغالغان قىزىل ئىشتانلىق قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ۋە شۇ مەزگىلدىكى سېرىق ياغلىق-

لىق قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى يەرلىك مەھكىمىلەرگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغان، قىزىل ئىشتانلىق قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى تېخى پايتەخت چاڭئەنگىمۇ بىۋاسىتە تەھلىكە سالغان. دېخانلار قوزغىلىڭى دولقۇنىنىڭ زەربىسى ئاستىدا، مەركىزىي ھاكىمىيەت خاراپلىشىۋەرگەن. جايلاردىكى ئوتتۇرا-كىچىك فېئوداللار، بىر تەرەپتىن، قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن دېخانلارنى ئالداپ ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىپ، ئەسلىدىكى يەرلىك ھاكىمىيەتكە ھۇجۇم قىلغان بولسا؛ يەنە بىر تەرەپتىن، گاۋگۇلى بىلەن بەيجىنى قايتا گۈللەندۈرۈشنى چاقىرىق قىلىپ، ئىككى دۆلەتنىڭ كونا ئېزىدا ئىككى سۇلالە قۇرغان، زاۋال تاپقان شىنلو يېرىم ئارىلىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمىدىكى ئالقانچىلىك جايىنىلا ساقلاپ قالغان. 3 دۆلەت تىركىشىپ تۇرغان ۋەزىيەت يېڭىۋاشتىن شەكىللەنگەن، بۇ كېيىنكى 3 دۆلەت دەپ ئاتىلىدۇ. 918-يىلى، گاۋگۇلىنىڭ ھەربىي سەركەردىسى ۋاڭ جيەن ھۆكۈمرانلارنى ئاغدۇرۇپ ئۆزى ھۆكۈمران بولۇپ، دۆلەت نامىنى گاۋلى دەپ ئۆزگەرتكەن. 919-يىلى پايتەختىنى سۇڭيۈي (ھازىرقى كەيچېڭ)گە يۆتكىگەن. 935-يىلى، گاۋلى شىنلونى يوقاتقان، ئىككىنچى يىلى كېيىنكى بەيجىنى يوقاتقان، شۇنىڭ بىلەن گاۋلى سۇلالىسى چاۋشيەن يېرىم ئارىلىنى بىرلىككە كەلتۈرگەن.

گاۋلى سۇلالىسى فېئوداللىق دۆلەت يەر مۈلۈكچىلىكىنى يولغا قويۇپ، كۆپلىگەن يەرلەرنى ھۆكۈمەتنىڭ چاڭگىلىغا ئېلىشقا تىرىشقان ھەمدە ھوقۇق مەركەزلەشتۈرۈلگەن ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، دۆلەت ماشىنىسىنى كۈچىنىڭ بېرىچە كۈچەيتكەن. 976-يىلى، "تېرىلغۇ يەر-ئوتۇن ئورمانلىقى-مەرتىۋە" پەرمانىنى جاكالاپ، تېرىلغۇ يەر ۋە تاغ ئورمانلىقىنى تىزىملىغان، ھەربىي،

مۆلكى ئەمەلدارلارنى ئەسكەرلەرگىچە بىرنەچچە دەرىجىگە بولگەن، دەرىجىگە قاراپ "يەر بەرگەن" (تېرىلغۇ يەر ۋە تاغ ئورمانلىقىدىكى ئوتۇن ئېلىنىدىغان يەرنى ئوز ئىچىگە ئالىدۇ). ئالى ئەمەلدارلار 110 دوۋسىلىك① تېرىلغۇ يەر، 110 دوۋسىلىك ئوتۇن ئورمانلىقى ئالاتتى؛ ئەڭ تۆۋەن بولغانلىرى 21 دوۋسىلىك تېرىلغۇ يەر، 10 دوۋىلىك ئوتۇن ئورمانلىقى ئالاتتى. ئۇلار يەرلەردىن باج-سېلىق ئېلىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولاتتى، لېكىن مىراس قىلىپ قالدۇرۇشقا بولمايتتى. بۇنداق يەرلەر خۇسۇسى يەرلەر دەپ ئاتىلاتتى، خۇسۇسى يەرلەرنى تېرىغان دىخان ئالغان ھوسۇلنىڭ 50 پىرسەنتىنى فېودالغا تاپشۇراتتى. تېرىلغۇ يەرنىڭ مۇتلەق كوپ قىسمىنى دولەت بىۋاستە ئىدارە قىلاتتى، بۇنداق يەر ھوكۇمەت يېرى دەپ ئاتىلاتتى، بۇنداق يەرلەرنى تېرىغان دىخانلار ھوسۇلنىڭ 25 پىرسەنتىنى دولەتكە تاپشۇراتتى. تېرىلغۇ يەر-ئوتۇن ئورمانلىقى-مەرتىۋە، ئاساسى جەھەتتىن، ھوكۇمرانلار سىنىپىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى يەر تەقسىم قىلىش ئۇسۇلىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئارقىسىدا دولەتنىڭ يەرگە بولغان كونتىروللۇقى كۈچەيتىلگەن ۋە بۇ ئۇسۇل ھوقۇق مەركەزگە مەركەزلەشكەن ھاكىمىيەتكە پايدىلىق بولغان ئىدى. لېكىن فېودالار ئوزىگە تەۋە يەرلىرىگە بولغان ھوقۇقىنى مۇستەھكەملەش غەرىزىدە، "تېرىلغۇ يەر-ئوتۇن ئورمانلىقى-مەرتىۋە" تۈزۈلۈپ ئىككىنچى يىلىلا، توھپىكارلارغا ئىنئام

① يەرنىڭ مو سانى مەھسۇلات مىقدارى بىلەن ھېساپلانغان بولۇپ، 10 باغلام شال بىر كوتىرىم، 100 كوتىرىم بىر دوۋە، بىر دوۋە تەخمىنەن ئىككى دەن (100 جىڭ) كېلەتتى، ئۇنىڭ بىر كولىمى يەرنىڭ ئۇنۇملۇك ۋە ئۇنۇمسىزلىكىگە قاراپ پەرقلەندۈرۈلەتتى.

uyghurkitap.com

قىلىنغان يەرلەرنى مىراس قىلىپ قالدۇرۇشقا يول قويۇلمىغانلىقىنى جاكالىغان. ئاقسۆڭەك، تۆرە، ئىبادەتخانا قاتارلىقلار يەرلەرنى ناھايىتى تېزلا ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ، ئۇرۇق-ئەۋلادلىرىغا مىراس قىلىپ قالدۇرۇپ، چوڭ قورۇقلارنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن، "بىر قورۇقنىڭ يەرلىرى مۇنبەت بولغان، ۋىلايەت-ناھىيىلەردىن ھالقىغان" ۋەزىيەت بارلىققا كەلگەن. خۇسۇسىي يەرلەر كۈنسېرى كېڭەيگەن، ھۆكۈمەت يەرلىرى كۈنسېرى ئازايغان، 12-ئەسىرگە كەلگەندە، تېرىلغۇ يەر-ئوتۇن ئورمانلىقى-مەرتىۋە بويىچە يەر بېرىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش يۈتۈنلەي مۇمكىن بولماي قالغان.

ئىشلەپچىقىرىش بىلەن بىۋاسىتە شۇغۇللىنىپ، دەھشەتلىك تۈردە ئېزىلگۈچىلەر، ئاساسەن، دېھقانلار، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قارا خەلق ۋە قۇللار ئىدى. دېھقانلار باج-سېلىق تاپشۇراتتى، مەجبۇرىي ئەمگەك قىلاتتى ۋە ھەربىي خىزمەت ئۆتەيتتى، قانۇندا، مۇمىن پۇقرا ھېساپلىناتتى، لېكىن دەھشەتلىك تۈردە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىناتتى ۋە ئېزىلەتتى، كۆپىنچە، گويا ئوتكۆزگەنلىكى ۋە قەرزگە بوغۇلغانلىقى سەۋەبىدىن قۇل ۋە قارا خەلققە ئايلىنىپ قالاتتى. شىنلو دەۋرىدە، قۇللار ئىشلەپچىقىرىشتا خېلىلا مۇھىم ئورۇن تۇتقان. شۇنداق بىر ئائىلە ئاقسۆڭەكنىڭ 3 مىڭ قۇلى بولغان. گاۋلى سۇلالىسىدىمۇ ئەھۋال ئاشۇنداق ئىدى، خۇسۇسىي يەرلەرنىڭ تولىسىنى قۇللار تېرىپ بېرەتتى. چوڭ فېئوداللارنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشى ۋە شىلىۋېلىشىنى يېتەرلىك قۇل بىلەن تەمىن ئېتىشنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، گاۋلى سۇلالىسىنىڭ قانۇنىدا، ئاتا جەمەتى ياكى ئانا جەمەتىنىڭ 8 ئەۋلادىدىن ناۋادا بىرەر ئادەم قۇل بولغان بولسا، ئۇنىڭ ئۇرۇق-ئەۋلادىمۇ مۇقەررەر قۇل بولىدۇ، دەپ

بەلگىلەنگەن. قارا خەلقنىڭ تۇتقان ئورنى دېخانلار بىلەن قۇللارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، ئايرىم-ئايرىم ھالدا مەھەللە ۋە تارماقلارغا تەۋە ئىدى. مەھەللە—ھوكۇمەت ئىگىلىگىدىكى قول سانائەت ئۇستىلىرى ئولتۇراقلاشقان جاي، قارا خەلق ۋە گۇناكارلاردىن بولغان ئۇستىلارنىڭ تولىسى بۇ يەردە ئولتۇراتتى. تارماق—قارا خەلق ئولتۇراقلاشقان ئالاھىدە مەمۇرى رايون. قارا خەلق نوپۇسىنىڭ كوپ بولۇشى چاۋشيەنىڭ فېوداللىق جەمئىيىتىنىڭ چوڭ بىر ئالاھىدىلىكى ئىدى. ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىنى دەل ئاشۇ دېخانلار، قارا خەلق ۋە قۇللار ئىلگىرى سۈرگەن ئىدى. 12-ئەسىردە گاۋلىغا ئەلچى بولۇپ بارغان سۇڭ سۇلالىسىلىق شۇي جىڭ دېگەن ئادەم «شۇەنخې خاتىنىڭ بۇيرۇغىغا بىنائەن گاۋلىغا ئەلچى بولۇپ بارغىنىمدا سىزغان رەسىملىرىم ۋە كورگەن-ئاڭلىغانلىرىم» دېگەن كىتاۋىدا مۇنداق دەپ خاتىرىلىگەن: چاۋشيەنىڭ تۇزلەڭلىك يېرى ئاز. "تۇزلەشتۇرۇلگەن يەرلەرنىڭ تولىسى تاغلىقتا بولۇپ، ئىگىز-پەس بولغاچقا، ھەيدەشكە بەك كۈچ كېتىدۇ، يىراقتىن قارىسا، خۇددى پەلەمپەيگە ئوخشاپ كېتىدۇ". بۇ سوزلەر گاۋلى كەڭ ئەمگەكچى خەلقى ئاققۇزغان قان-تەرنىڭ مىۋىسىنى ئەينەن تەسۋىرلەپ بەرگەن.

**گاۋلى خەلقىنىڭ فېوداللىق ھوكۇمرانلىقى ۋە يات مىللەتلەرنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى كۇرىشى** 12-ئەسىرنىڭ 70-يىللىرىدىن كېيىن، گاۋلىنىڭ ھوقۇق مەركەزلەشتۇرۇلگەن ھاكىمىيىتى فېودال مۇلكى ئەمەلدارلاردىن ھەربى سەركەردىلەرنىڭ قولىغا ئوتكەن، ئۇلار سىياسى رەقىپلىرىنى قىرغىن قىلىپ، پادىشانى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، خەلق ئۇستىدىن تېخىمۇ دەھشەتلىك ھوكۇمرانلىق يۇرگۈزۈپ، زورلۇق قىلىپ تۇرلۇك ئالۋاڭ-ياساقلارنى ئېلىشنى

www.uyghurkitap.com

كۆچەيتكەن. ئاقسۆڭەكلەر ۋە ئىبادەتخانىلار قورۇقلاردا تېرىقچىلىق قىلىدىغان ئەمگەكچى خەلقنى رەھىمسىزلىك بىلەن شىلىۋېلىش بىلەنلا قالماستىن، جازانىخورلۇق ئېكسپلاتاتسىيىسىنىمۇ يۈرگۈزگەن. 12-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، فېئوداللىق ئېكسپلاتاتسىيە ۋە زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش يۈزىسىدىن، ھەممىلا جايدا دېھقانلار، قارا خەلق ۋە قۇللارنىڭ قوزغىلاڭلىرى ئەۋج ئالغان. 1176-يىلى، ۋاڭ يى، ۋاڭ سويىلارنىڭ رەھبەرلىكىدە، گۇڭجۇنىڭ مىڭخې دېگەن مەھەللىسىدە قوزغىلاڭ پارتلىغان. قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى گۇڭجۇنى ئىشغال قىلغان، باستۇرۇش ئۈچۈن كەلگەن ھۆكۈمەت قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلغان. چىڭشاڭ، چۈەنلو ۋىلايەتلىرىدىكى دېھقانلار بۇنىڭغا ئاۋاز قوشۇپ ماسلاشقان، ھەيۋىتى ناھايىتى زور بولغان. ۋاڭ يى جىڭجى (پايتەخت ۋە ئۇنىڭ ئەتراپى) ۋىلايىتىگە يۈرۈش قىلىپ، كەيچېڭگە ھۇجۇم قىلماقچى بولغاندا، ھۆكۈمرانلار سىنىپى سوھبەت قىلىش نامى بىلەن ۋاڭ يىنى ئالداپ تۇتۇۋېلىپ تۈرمىگە تاشلىغان. شۇنىڭ بىلەن قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ئاستا-ئاستا تارقاپ كەتكەن. 1177-يىلى، پىڭئەن ۋىلايىتىدە دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىغان، قوزغىلاڭچىلار غەربىي پايتەخت پىڭراڭنى بىر مەھەل ئىشغال قىلغان. 90-يىللارنىڭ ئالدى ۋە كەينىدە، چىڭشاڭ ۋىلايىتىنى مەركەز قىلغان ھالدا زور كۆلەملىك دېھقانلار قوزغىلىڭى يەنە بىر قېتىم پارتلىغان. 1198-يىلى، كەيچېڭدىكى خۇسۇسىي قۇل ۋەن جى قاتارلىق 6 كىشى جەمئىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكى بىرقانچە مىڭ خۇسۇسىي قۇلغا رەھبەرلىك قىلىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، "ئۈچ خەنىدە قارا خەلقنىڭ يەنە مەۋجۇت بولۇشىغا يول قويمايمىز" دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، قۇللۇق تۈزۈم ئېكسپلاتاتسىيىسىنىڭ قالدۇقلىرىنى يوقات-

ماقچى بولغان. خائىننىڭ مەخپىي مەلۇمات بېرىپ قويغانلىقىدىن، قوزغىلاڭ باستۇرۇۋېتىلگەن. 1200-يىلى، چىنجۇدىمۇ ھوكۇمەت قۇللىرى بىلەن خۇسۇسى قۇللار بىرلەشكەن كەڭ كۆلەملىك قوزغىلاڭ پارتلىغان، لېكىن فېئودال ھوكۇمرانلار سىنىپىنىڭ غالچىلىرى قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ئارىسىغا كۆز بوياپ كىرىۋېلىپ، رەھبەرلىكنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغانلىقتىن، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ ئىچكى قىسمىدا بۆلۈنۈش پەيدا بولۇپ، قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغان. كېيىن، تارقىلىپ كەتكەن دېھقانلار يۈننەنشەن ۋە تەيبەيشەن تاغلىرىنى تايانچ بازا قىلىپ، كۆرەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرغان.

گاۋلى سۇلالىسى دەۋر سۈرگەن 400 نەچچە يىل ئىچىدە، چاۋشيەن خەلقى فېئوداللىققا قارشى كۆپ قېتىملاپ كۆرەش ئېلىپ بارغاندىن تاشقىرى، يات مىللەتلەرنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشىگىمۇ قايتا-قايتا قارشىلىق كۆرسىتىپ، مۇستەقىللىقىنى قوغداش، زالىملىققا زەربە بېرىشتەك شەرەپلىك ئەنئەنىسىنى ئىپادىلىگەن. 13-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، يۈەن سۇلالىسىنىڭ موڭغۇل ھوكۇمرانى چاۋشيەنگە كۆپ قېتىم تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن، پادىشا ئالدى بىلەن دېڭىز ئارىلىغا قېچىپ بېرىۋېلىپ، يا ئۇرۇشماي، يا سۈلھى قىلماي تۇرۇۋالغان. 1258-يىلى تىز پۈكۈپ تەسلىم بولغان. موڭغۇل ھوكۇمرانى كەيچېگىدا شەرقىي مەمۇرى ئۆلكە تەسىس قىلىپ، دالۇخۇاچىنى دۆلەت ئىشلىرىغا نازارەت قىلىشقا ئەۋەتىپ، خەلقنى قاقتى-سوقتى قىلغان، قىلمىغان ئەسكىلىكلىرى قالمىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، گاۋلىنى ياپونىيىگە تاجاۋۇز قىلىشتىكى بازا قىلىپ، زورلۇق بىلەن ئەسكەر، ئۇستا ئالغان، ھەربىي ئاشلىق ۋە كېمە يىققان. گاۋلىنىڭ پۈتۈن زېمىنىدا قاتتىق ئازاپ-ئوقۇبەت ھوكۈم سۈرۈپ، خەلق كۈن كەچۈ-

www.uyghurkitap.com

رەلمەيدىغان هالغا چۈشۈپ قالغان. كەڭ گاۋلى خەلقى پىدائىيلار قوشۇنى تەشكىللەپ، زور قۇربان بېرىشلەردىن يانماي، دۈشمەنگە باتۇرلۇق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەن. پادىشا تەسلىم بولغاندىن كېيىن، بىر بۆلۈك گاۋلى ئەسكەرلىرى دېڭىز ياقىسىنى بويلاپ جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ جىنداۋ ئارىلىغا بېرىپ، مۇھىم جاينى ئىگە-لەپ قارشىلىق كۆرسەتكەن. ئۇلار يېرىم ئارالنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىنى كونترول قىلىپ، جۇڭچىڭ ۋىلايىتىگە قاراپ كېڭەيگەن. جەنۇبىي قىسمىدىكى خەلق ئارقا-ئارقىدىن ئاۋاز قوشقان، كەيچېڭ-دىكى قۇللارمۇ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىغا ئاۋاز قوشۇپ، يۈەن سۇلالىسى ئارمىيىسىگە ۋە دۈشمەنگە تەسلىم بولغان ئاقسۆڭەكلەرگە زەربە بېرىپ، يۈەن سۇلالىسى ئارمىيىسىنىڭ دېڭىز بويىدىكى جايلاردىن پايدىلىنىپ كېمە ياساپ ياپونىيىگە يۈرۈش قىلىش پىلانىنى بۇزۇۋەتكەن. جىنداۋ ئارىلى قولدىن كەتكەندىن كېيىن، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى جېجۇداۋ ئارىلىغا يۆتكىلىپ بېرىپ داۋاملىق قارشىلىق كۆرسەتكەن.

جۇڭگونىڭ يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى دېخانلار زور قوزغىلىڭى يۈەن سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان، شۇنداقلا گاۋلىنىڭ مۇستەقىللىقىمۇ پايدىلىق شارائىت تۇغدۇرۇپ بەرگەن ئىدى. 1392-يىلى، گاۋلىنىڭ باش سەركەردىسى لى چېڭگۈي پادىشانى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆزى چىقىپ، پايتەختىنى خەنچېڭغا يۆتكەپ، دۆلەت نامىنى چاۋشيەنگە ئۆزگەرتكەن. ئۇ، ئادەتتە لى سۇلالىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

**لى سۇلالىسى دەۋرىدىكى فېئوداللىق جەمئىيەت** لى سۇلالىسى قۇرۇلۇش بىلەنلا يەر تۈزۈمى ئىسلاھ قىلىنىپ، "دەرىجە يەر قانۇنى"

تۈزۈلۈپ، مۈلكى ۋە ھەربى ئەمەلدارلار 18 دەرىجىگە ئايرىلىپ، جىڭجى ۋىلايىتىدە ئۇلارغا 150 دوۋىلىكتىن 10 دوۋىلىككىچە يەر تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن، بۇ يەرلەر "دەرىجە يەرلىرى" دەپ ئاتالغان. جايلاردا، "ھەربى يەر" دېگەن نام بىلەن 5 دوۋىلىكتىن 10 دوۋىلىك-كىچە بولغان يەرلەر يەرلىك ئوتتۇرا ۋە كىچىك فېئوداللارغا تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن، ھەر قېتىم يېڭى پادىشا تەختكە چىققاندا، ئادەت بويىچە بەزى بىر "توھپىكارلار"نى بېكىتىپ، ئۇلارغا يەر ئىنئام قىلاتتى. دەرىجە بېرىلگە ئېرىشكۈچىلەرنىڭ ئۇرۇق-ئەۋلادى بۇ يەرلەرگە ۋارىسلىق قىلىپ، بىۋاستە ئىشلەپچىقارغۇچىلاردىن ماددى يەر ئىجارىسى شىلىۋالاتتى. بۇنىڭدىن تاشقىرى، كۆپلىگەن يەرلەرنى ئادەتتىكى دېھقانلار ئىگىلەپ ۋە تېرىپ، دۆلەتكە ئىجارە تۆلەيتتى، ھاشارغا ئىشلەپ بېرەتتى. دەرىجە يەر قانۇنىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە، مەيلى ھوكۇمەت يېرى ئۇچۇن بولسۇن، مەيلى خۇسۇسى يەر ئۇچۇن بولسۇن، بىۋاستە ئىشلەپچىقارغۇچىلار ناھايىتى ئېغىر ئىجارە تۆلەيتتى، يەنى بىر دوۋىلىك سۇلۇق يەر ئۇچۇن 30 كۆرە يېرىك گۈرۈچ، بىر دوۋىلىك بىنەم يەر ئۇچۇن 30 كورە قارا ئاش-لىق تاپشۇراتتى. دەرىجە يېرى قانۇنىنىڭ يولغا قويۇلۇشى مەركەز-نىڭ يەرلەرنى كونتىرول قىلىشىنى كۈچەيتكەن. گاۋلى سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى، يەر قوشۇۋېلىش ئەۋج ئالغان، چوڭ قورۇقلاردا ئوزلىرىنى "لەشكەر ئەلچى"، "دادخاھ"① ۋاھاكازا دەپ ئاتىۋالغان ئائىلە خىزمەتكارلىرى مەيدانغا كەلگەن. ئۇلار قولىدا شەخسى ئەسكەر

---

① يەرلىك ئەمەلدارلارغا ياردەملىشىپ ئومۇم ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىدىغان كىشىلەر. — تەرجىماندىن.

تۇتقان، بۇ ئارقىلىق قاتمۇ-قات ئېكسپلاتاتسىيە قىلىپ، ئېرىشىنى
كۆچەيتكەن، ھەتتاكى "بىر مو يەرنىڭ ئىگىسى 5 ـ 6 گە
يېتەتتى، يىللىق ئىجارىسى 7 ـ 8 ئۇلۇشقا باراتتى"، بىۋاسىتە ئىش-
لەپچىقارغۇچىلار قورۇقلارغا تەۋە بولۇپ، بىرنەچچە قاتلام ئېكسپلا-
تاتسىيىگە ۋە زۇلۇمغا ئۇچرايتتى. لى سۇلالىسى تىكلەنگەندىن كېيىن،
دېخانلار بىۋاسىتە دۆلەتنىڭ ئىدارە قىلىشىدا بولۇپ، ئوتتۇرىلىقتىكى
ئېكسپلاتاتسىيە ئازايغان، بۇ ھال ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ
راۋاجلىنىشى ئۈچۈن ئازدۇر-كۆپتۇر پايدىلىق روللارنى ئوينىغان.
گاۋلى سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، مەملىكەت بويىچە تېرىل-
غۇ يەرنىڭ ئومۇمىي سانى 800 مىڭ دۆۋىلىك ئىدى، 15 ـ ئەسىرنىڭ
باشلىرىغا كەلگەندە بىر مىليون دۆۋىلىككە، 15 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇ-
رىلىرىدا بىر مىليون 600 مىڭ دۆۋىلىككە كۆپەيگەن. 14 ـ ئەسىرنىڭ
ئاخىرلىرىدىن كېيىن، ياپون قاراقچىلىرىنىڭ پاراكەندىچىلىكلىرى
ئاساسىي جەھەتتىن توسالغان، 1419 ـ يىلى ئۇلارنىڭ ئۇۋىسى
بولغان سۇسىما ئارىلىدىمۇ تازىلاش ئېلىپ بېرىلىپ، باي جەنۇبىي
رايوندا، خەلقنىڭ تېچ-ئامان ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىشى
كاپالەتلەندۈرۈلگەن. 15 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، نوپۇس 180
مىڭ ئائىلىدىن كۆپىيىپ 226 مىڭ ئائىلىگە يەتكەن. قول سانائەتمۇ،
سودا ئىشلىرىمۇ تەرەققىي قىلغان. سودىگەرلەر خەنچېڭ ۋە باشقا
شەھەرلەردە دۇكان ئاچقان، سەييارە سودىگەرلەر بۇيۇملارنى ئېلىپ
جايلار ئارا قاتناپ تۇرغان، جايلاردىكى چار بازارلارمۇ راۋاج تاپقان.
لېكىن، قول سانائەت يەنىلا ھۆكۈمەتنىڭ قولىدا بولغاچقا، قول
سانائەتچىلەر بىلەن سودىگەرلەر قاتتىق سالاھىيەت چەكلىمىسىگە
ئۇچراپ تۇرغان، سودا ئىشلىرى ۋە قول سانائەت تەرەققىياتىنىڭ

ئاستا بولغانلىقى سەۋەبىدىن، مىتال پۇل ۋە قەغەز پۇللار ئىشلىتىلمىگەن. گاۋلى دەۋرىدىكىگە ئوخشاشلا، ئاشلىق، پاختا رەخت پاكى كاناپلار يەنىلا ئومۇمى ئالماشتۇرۇش ۋاستىسى قىلىنغان.

لى سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، يەر ئىگىلىش-سېتىشقا بولمايدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن ئىدى، 1424-يىلى ئىگىلىش-سېتىشقا يول قويۇلغان، بولۇنۇش شۇنىڭدىن تارتىپ تېزلەشكەن. 15-ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىدا جياگيۇەن ۋىلايىتىنىڭ ئىستاتىستىكا قىلىشىچە، "قالدۇق ئائىلە"① 17.7 پىرسەنتنى، "ئاخىرقى قالدۇق ئائىلە" 67.4 پىرسەنتنى، جەمى 85.1 پىرسەنتنى تەشكىل قىلغان. جياگيۇەن ۋىلايىتى ئەينى ۋاقىتتا ئارقىدا قالغان جاي ھېسابلىناتتى، جەنۇپتىكى باي 3 ۋىلايەت (جوگچېڭ، چۇەنلو، چىڭشاڭ)لاردا بولۇنۇش تېخىمۇ ئېغىر ئىدى. ئاقسۆڭەك تورىلەرگە ئوخشاش چوڭ فېئوداللار ئاچكۆزلۈك قىلىپ، ئۈستىلىق بىلەن بۇلاپ-تالاپ، يەرلەرنى ئىگىلىۋالغان. 15-ئەسىرنىڭ 50-يىللىرىدا "يەرسىز دېھقانلار نەچچە ئوندىن ئۈچ قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ"غان ۋىلايەت شەكىللەنگەن. كەڭ يەرلەرنى ئىگىلىۋالغان فېئوداللاردىن خۇسۇسى قۇل ئىشلىتىپ ئىرىقچىلىق قىلىدىغانلىرى بولمىغان ئىدى. 15-ئەسىرنىڭ كېيىنكى مەزگىلىگە كەلگەندە، ھوكۇمەت چاكارلىرىنىڭ سانى تەخمىنەن 260 مىڭ، خۇسۇسى چاكارلارنىڭ ئومۇمى سانى تېخىمۇ كوپ بولغان. چاكارلار قارا خەلق سالاھىيىتىدە بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ كىچىك پارچە يەرلىرى ۋە ئات-ئۇلاقلىرى بولاتتى ۋە

① ئائىلە دەرىجىسى چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك، قالدۇق، ئاخىرقى قالدۇق دېگەن 5 دەرىجىگە ئايرىلغان، قالدۇق ئائىلىلەر 6 دوۋىلىكتىن يۇقۇرى يەر ئىگىلىگەن، ئاخىرقى قالدۇق ئائىلىلەر 5 دوۋىلىكتىن تۆۋەن يەر ئىگىلىگەن.

ئۇلار يانچىلارغا ئوخشاپ كېتەتتى. كۆپلىگەن مومىن پۇقرا ھېسابلانغان دېھقانلار خانىۋەيران بولغاندىن كېيىن، يا يېرىنى سېتىۋېتەتتى، يا يېرىنى فېئودالىلارغا بېرىپ، ئۆزلىرى ئۇلارنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ قالاتتى. قۇللار لى سۇلالىسىنىڭ فېئودالىلىق جەمئىيىتىدە ئاساسىي ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ بىرى ئىدى.

ھۆكۈمەتنىڭ ھەربىي-مۈلكىي ئەمەلدارلىرى فېئودال پومېشچىكلار سىنىپىدىن تاللىناتتى، ئۇلار ئىككى گۇرۇھ دەپ ئاتىلىپ، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتلەردە ئىمتىيازلىق تەبىقە بولۇپ شەكىللەنگەن ئىدى. ئىككى گۇرۇھ ئاستىدا "ئوتتۇرىدىكىلەر" تەبىقىسى بولاتتى، ئۇلار، ئاساسەن، تەرجىمانلىق، تىبابەتچىلىك-دورىگەرلىك، ئەدلىيە، مالىيە جەھەتلەردىكى ئەمەللەرگە قويۇلاتتى. مەركەز ۋە يەرلىك مەھكىمىلەردىكى تۆۋەن دەرىجىلىك ئەمەلدارلىق سالاھىيىتى تېخىمۇ تۆۋەن بولغان "خەتتاتلار" قويۇلاتتى. ئىككى گۇرۇھ، ئوتتۇرىدىكىلەر، خەتتاتلار ئوخشاش بولمىغان تەبىقىلەرگە مەنسۇپ بولسىمۇ، لېكىن ھەممىسىلا خەلقنى ئېزىدىغان ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان ھۆكۈمرانلار سىنىپى ئىدى. سودىگەرلەر مومىن پۇقرالارغا كىرەتتى، لېكىن ئۇلارنىڭ سالاھىيىتى تۆۋەنرەك بولاتتى، ئۇلار بىلەن مومىن پۇقرا دېھقانلار، قول سانائەتچىلەر تۈرلۈك فېئودالىلىق تەۋەلىك مۇناسىۋىتىگە چۈشەپ قويۇلغان ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەمەلدار بولالمايتتى، چاۋشيەننىڭ فېئودالىق جەمئىيىتىدىكى دەرىجىنىڭ مۇرەككەپلىكى ۋە پۇقرا بىلەن قارا خەلق ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ قاتتىقلىقى لى سۇلالىسى دەۋرىدە ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكەن ئىدى.

دېھقانلار يەرلىرىدىن مەھرۇم بولۇپ، غەيرىي يۇرتلارغا قېچىپ

بېرىپ، ئىجارىكەشلەرگە ياكى قۇللارغا ئايلىناتتى. ئەسلى جايدىكى-
لەرنىڭ نوپۇسى ئازىيىپ كەتكەن بولسىمۇ، زېمىنىگە ئالغان دۆلەت
مەجبۇرىيىتى ئۆزگەرمىگەنلىكتىن، قېچىپ كەتمىگەن دېھقانلارنىمۇ
خانىۋەيران قىلىۋېتىشقا يېقىنلاشتۇراتتى. سىنىپىي زىددىيەت كەسكىنلىشىپ،
خەلق تۈرلۈك شەكىللەرنى قوللىنىپ كۈرەش ئېلىپ باراتتى. ئۇلار
يا باج-سېلىق تاپشۇرۇشنى رەت قىلاتتى، يا تاغ ئىچكىرىسىگە
ۋە دېڭىز ئاراللىرىغا قېچىپ بېرىپ بوز يەر ئاچاتتى. 1467-يىلى، شېيەن-
جىياڭ ۋىلايىتىدە دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلاپ پۈتۈن ۋىلايەتنى قاپلىغان
ئىدى. كەڭ دېھقانلار ھۆكۈمەتنىڭ تۈرلۈك ئېزىش تەدبىرلىرىنى
بىكار قىلىش شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ 10 كۈن بولمايلا ۋىلايەت-
تىكى ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلارغا ئۆلۈم جازاسى بەرگەن ئىدى.
مۇشتۇمزور لى شەيمۇ ھۆكۈمەتنىڭ بەزى تەدبىرلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ
يەر ۋە چاكارلارنى قانۇنسىز ئىگىلىۋېلىشىغا توسالغۇلۇق قىلغانلىقى-
ئۈچۈن ھۆكۈمەتكە نارازى بولغاچقا، دېھقانلار قوزغىلاڭچى قوشۇنىغا
كۆز بوياپ كىرىۋالغان ھەممىدە رەھبەرلىك ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا
كىرگۈزۈۋالغان ئىدى. قوزغىلاڭچىلار باشتا ھۆكۈمەت قوشۇنىغا
قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ، باستۇرغىلى كەلگەن ھۆكۈمەت قوشۇنىنى
چېكىنىشكە مەجبۇر قىلغان ئىدى. لېكىن قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ
رەھبىرى ھۆكۈمەت قوشۇنىنىڭ قورال-ياراقلىرى ۋە سانىدىن قور-
قۇپ كېتىپ، ئاساسىي كۈچنى چېكىندۈرۈشتەك مەغلۇبىيەتچىلىك
ئىستراتېگىيىسىنى قوللانغان، شۇ سەۋەپتىن، ئەسكىرىي كۈچنى يىغ-
ۋاشتىن رەتكە سالغان ھۆكۈمەت قوشۇنى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان
ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى يۈز يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە، كىچىك
كولەملىك قوزغىلاڭلار ئۈزۈلمەي بولۇپ تۇرغان. يەرلىرىدىن مەھرۇم

www.uyghurkitap.com

بولغان دېخانلار قوللىرىغا قورال ئېلىپ، ھەممىلا جايدا ئىككى گۇرۇھقا تويۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، فېوداللىق ھوكۇمرانلىق تەرتىپىگە زەربە بەرگەن.

**ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا زەربە بېرىش يولىدىكى ۋەتەن قوغداش ئۇرۇشى** 16-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، چاۋشيەن ھوكۇمرانلار سىنىپىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئۇزاق مۇددەت داۋاملاشقان يوت تېپىشىش ۋە كۈرەش باشلانغان. جايلاردىكى ئوتتۇرا ۋە كىچىك فېودالالارنىڭ تەسىرى كۈچلىرى مەركەزگە قىستىلىپ كىرىۋېلىپ، مەركەزدىكى كونا ئاقسۆڭەكلەر بىلەن ھوقۇق ۋە تەسىرى كۈچ تالاشقان. ئۇلار يېڭىپ چىققاندىن كېيىن، پارتىيە-گۇرۇھلارغا بۆلۈنۈۋېلىپ، مەنسەپنى قولغا ئېلىۋېلىپ، ئۆزئارا يوت تېپىشكەن. ئىككى گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەت تاكى 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە داۋاملىشىپ، خەلققە چەكسىز بالايى-ئاپەتلەرنى كەلتۈرۈپ بەرگەن. 16-ئەسىردە، چاۋشيەن سىياسى جەھەتتە چىرىكلەشكەن، گۇرۇھلار رىقابىتى كەسكىنلەشكەن ۋاقىتتا، ياپونىيە دەسلەپكى قەدەمدە بىرلىككە كېلىپ بولغان ئىدى. فېڭجيەن شيوجى ياپونىيىنىڭ فېودال سامورايلىرىنىڭ تالان-تاراج ئېلىپ بېرىش تەلۋىگە لايىقلىشىش ئۈچۈن، جۇڭگوغا ۋە چاۋشيەنگە ھۇجۇم قىلىش غەرىزىدە، ئوكتەملىك بىلەن چاۋشيەنگە تاجاۋۇز قىلىش ئۇرۇشىنى قوزغىدى. چاۋشيەندە ئۇزاقتىن بۇيان ھەربى تەييارلىق بوشىشىپ كەتكەن، ھەربى خىزمەت مەجبۇرىيىتى ئوتەش ئورنىغا، كوپىنچە، قاتتىق قوللۇق بىلەن يۈرگۈزۈلگەن ھەربى رەخت سېلىقى① دەسسىتىلگەن، مەركەز-

① سېلىق تاپشۇرۇش ھەربى خىزمەت ئوتەشنىڭ ئورنىغا دەسسىتىلگەن بولۇپ، بۇنداق سېلىق ئۈچۈن تاپشۇرۇلغان رەخت ھەربىي رەخت دەپ ئاتالغان.

دىمۇ ياكى جايلاردىمۇ دۈشمەندىن مۇداپىئەلىنىدىغان ئەسكەر
بولمىغان. ھەربىي قورال-ياراق ۋە تەمىنات زاپىسى تېخىمۇ كەمچىل
بولغان. جايلاردىكى دېڭىز ۋە قورۇقلۇق ئارمىيىسى سەركەردىلىرى-
نىڭ ھەممىسىلا دېگۈدەك توخو يۈرەكلەردىن ئىدى. شۇڭا، 1592-
يىلى يازدا ياپونىيىنىڭ تاجاۋۇزچى قوشۇنلىرى فۇشەن شەھىرىدە
قۇرۇقلۇققا چىقىپ، 20 كۈندىن كېيىنلا پايتەختنى بېسىۋالغان، غەر-
بىي شىمالدا پىڭراڭغا، شەرقىي شىمالدا شيەنجىڭ ۋىلايىتىنىڭ
شىمالىي قىسمىغا بېسىپ كىرگەن. ئۇلار بارغانلا يېرىدە ئادەم ئۆلتۈر-
گەن، ئوت قويغان، ياۋۇزلارچە بۇزغۇنچىلىق قىلغان، چاۋشيەن
خەلقى ئىنتايىن زور بالا-قازاغا ئۇچرىغان. خەلق كۈرەشكە ئاتلى-
نىپ، پىدائىيلار قوشۇنى تەشكىللەپ، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا
قارشى ئۇرۇش ئېلىپ بېرىپ، دۈشمەن ئارمىيىسىگە ھەممىلا جايدا
توساپ زەربە بەرگەن. لى شۈنچېن جەنۇبىي تەرەپتە دېڭىز ئارمى-
يىسىنى تەشكىللەپ ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلىپ، دۈشمەنگە قارشى-
لىق كۆرسەتكەن. ئۇ ئىستراتېگىيىدە ماھىر بولغانلىقى، ھەربىي
ئەمەلدارلىرى بىلەن ئەسكەرلىرىنىڭ ھەممىسى دۈشمەنگە بىردەك
لەنەت-نەپرەت ياغدۇرغانلىقى ئۈچۈن، كەڭ خەلقنىڭ قوللىشىغا
ئېرىشكەن. ئۇ يەنە چاۋشيەن دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ ئەنئەنىسىگە
ۋارىسلىق قىلىپ، تاشپاقىسمان ئېپچىل ۋە چاققان ئۇرۇش كېمىسى-
نى① ياساپ چىقىشقا باشچىلىق قىلىپ، كۆپ قېتىملاپ دېڭىز ئۇرۇشى

---

① تاشپاقىسمان كېمىنىڭ سىرتىغا تۆمۈر تاختا يېپىلغان بولۇپ، دۈش-
مەن زەمبىرىكى زەخىملەندۈرەلمەيتتى؛ كېمىنىڭ ھەممە تەرىپىگە پۈتۈنلەي
ئۇچلۇق پىچاقلار ئورنىتىلغاچقا، دۈشمەنلەر كېمىگە چىقىشقا پېتىنالمايتتى.
كېمە بولمىسىگە ئورنىتىلغان زەمبىرەك سىرتقا ئوق چىقىراتتى ھەم ئوت
چاچاتتى.

www.uyghurkitap.com

ئېلىپ بېرىپ، دۈشمەننىڭ 300 دىن ئارتۇق كېمىسىنى چۆكتۈرۈۋەتكەن، زەخمىلەندۈرۈلگەنلىرى سان-ساناقسىز بولغان. دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ غەلىبىسى تەمىنات بازىسى بولغان چۇەنلو ۋىلايىتىنى قوغداپ قالغان، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ سۇ ھەم قۇرۇقلۇقتىن تەڭلا بېسىپ كىرىش پىلانىنى بۇزۇپ تاشلىغان.

دېڭىزدا غايەت زور غەلىبە قازىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، قۇرۇقلۇقتا كەڭ خەلق تەشكىللىگەن پىدائىيلار قوشۇنى چەبدەسلىك بىلەن ھەركەت قىلىپ، دۈشمەنگە ئېغىر زەربە بەرگەن. ھۆكۈمەت قوشۇنىمۇ بارا-بارا تەرتىپكە سېلىنىپ، جەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قولغا كەلتۈرگەن. مىڭ سۇلالىسى ياردەمچى قوشۇن ئەۋەتىپ، چىش بىلەن كالپۇكتەك يېقىن بولغان چاۋشيەننى قوللىغان. 1593-يىلى، چاۋشيەن-جۇڭگو قوشۇنلىرى دۈشمەن قوشۇنىنىڭ ئاساسىي كۈچىنى تارمار قىلىپ، پيڭراڭ بىلەن كەيچېڭنى قايتۇرۇۋالغان. ياپونىيە قوشۇنى تەمىناتتىن قىيىنلىشىپ، ئەسكەرلىرىنىڭ روھى چۈشۈپ، نائىلاج خەنچېڭدىن چېكىنىپ چىققان. چاۋشيەن زېمىنىنىڭ كۆپ قىسمى قايتۇرۇۋېلىنغان، ياپونىيە قوشۇنى جەنۇبىي دېڭىز قىرغاقلىرىغا چېكىنىپ بېرىۋالغان.

ياپونىيە تاجاۋۇزچىلىق پىلانى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاچقا، ئىلاجسىزلىقتىن سۈلھى قىلىشىشنى ئوتتۇرىغا قويغان. 1593-يىلى كۈزدىن ئېتىۋارەن، تېچلىق سۆھبىتى 3 يىل داۋاملاشقان. ياپونىيە ئوتتۇرىغا قويغان يولسىز تەلەپلەر رەت قىلىنىپ، سۈلھى كېڭىشى بۇزۇلغان. لى سۇلالىسى ھۆكۈمىتى گۇرۇھلار رىقابىتى تۈپەيلىدىن لى شۇنچېننى ۋەزىپىسىدىن بىر مەزگىل قالدۇرۇۋەتكەن، ئۇنىڭ ئىزىغا چىققۇچى خىيانەت قىلىپ، چېكىنىشىپ، مۇداپىئەنى بوشاشتۇ-

روپ قويغان. 1597-يىلى يازدا، فېڭچېن شىيۇجى يەنە ئەسكەر چىقىرىپ سۇ ھەم قۇرۇقلۇقتىن ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ ھۇجۇم قىلىپ، دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ قەلئەسىنى ۋە جەنۇبىي قىسمىدىكى جايلارنى ئىشغال قىلىۋالغان. لى شۈنچېن يېڭىۋاشتىن خىزمەتكە تەيىنلىنىپ 3 ۋىلايەتتىكى دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ سەردارى بولۇپ، دېڭىز ئارمىيىسىنى قايتا رەتكە سېلىپ دۈشمەنگە قارشىلىق كۆرسەتكەن. 1598-يىلى، مىڭ سۇلالىسى ياردەمچى قوشۇنىنى كۆپەيتىپ، دۈشمەنگە قۇرۇقلۇقتىن ھۇجۇم قىلغان. تاجاۋۇزچىلار قوشۇنى قايتا-قايتا مەغلۇپ بولۇپ ئۇرۇشتىن بىزار بولغان. ئۇزاق ئۆتمەيلا، فېڭچېن شىيۇجى ئالغىمۇ باسالمايدىغان، ئارقىسىغىمۇ يانالمايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ، دەرت-ئەلەمدە ئاغرىپ ئۆلۈش ئالدىدا، ئەسكەرلىرىنى چاۋشيەندىن چېكىندۈرۈپ چىقىشنى ۋەسىيەت قىلغان. جۇڭگو-چاۋشيەن قوشۇنلىرى قەھرىمانلىق بىلەن قوغلاپ زەربە بېرىپ، دۈشمەننىڭ قايتىش يولىنى ئۈزۈپ تاشلىغان. شەرقىي جەنۇبىي دېڭىز قىرغىقىدا بولغان دېڭىز ئۇرۇشىدا، لى شۈنچېن ياپونىيە ئارمىيىسىنىڭ سەركەردىسىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ، مىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ باش قوماندانىنى قورشىۋالغان ياپونىيە كېمىلىرىنى چېكىندۈرگەن. مىڭ سۇلالىسىنىڭ 70 ياشلىق پېشقەدەم سەركەردىسى دېڭ زىلۇڭنىڭ ئۇرۇش كېمىسىگە ئوت كەتكەندە، لى شۈنچېن كېمە بىلەن ياردەمگە كېلىۋاتقاندا سول كۆكرىكىگە ئوق تەككەن. ئۇ سالماقلىق بىلەن جەڭنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۆلۈمنى قول ئاستىدىكىلەرگە بېرىپ ۋاكالەتەن بۇيرۇق بەرگۈزۈپ، داۋاملىق جەڭ قىلدۇرغان. بۇ قېتىمقى دېڭىز ئۇرۇشىدا ياپونىيە ئارمىيىسى قاتتىق مەغلۇپ قىلىنىپ، دۈشمەننىڭ 450 چوڭ-كىچىك كېمىسى چۆكتۈرۈۋېتىلگەن، ياپونىيە

ئارمىيىسىنىڭ 15 مىڭ ئادىمى يوقىتىلغان. مۇرىسى ــ مۇرىگە تىرەپ جەڭ قىلغان لى شۇنچېن بىلەن دېڭ زىلۇڭ مەرتلەرچە قۇربان بولغان. 7 يىللىق جاپا ــ مۇشەققەتلىك جەڭ ئارقىلىق، چاۋشيەن ــ جۇڭگو قوشۇنى ۋە خەلقى ئاخىر ياپون تاجاۋۇزچى قوشۇنىنى قوغلاپ چىقىرىپ، فېڭچېن شيۇجىنىڭ چاۋشيەن ــ جۇڭگو مەملىكەتلىرىنى بوي سۇندۇرماقچى بولغان تەلۋىلەرچە پىلانىنى بىتچىت قىلغان.

**قەدىمقى جۇڭگو ــ چاۋشيەن خەلقىنىڭ دوستانە باردى ــ كەلدىسى** جۇڭگو بىلەن چاۋشيەن دەريا بىلەنلا بولۇنۇپ تۇرىدۇ، ئىككى مەملىكەت خەلقىنىڭ باردى ــ كەلدىسى ناھايىتى كوپ بولۇپ كەلگەن. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2 ــ ئەسىردىلا يەن دولىتىنىڭ كوپلىگەن ئەمگەكچى خەلقى چاۋشيەنگە كوچۇپ بېرىپ ئولتۇراقلاشقان، شۇنىڭدىن كېيىنكى زامانلاردا جۇڭگولۇقلار چاۋشيەنگە بېرىپ تۇرغان. گاۋلى سۇلالىسىنىڭ پايتەختى كەيچېڭدا بىرلەچچە يۈز جۇڭگولۇق ئولتۇراقلاشقان، ئۇلاردىن نۇرغۇن كىشىلەر دوختۇرلۇق تېخنىكىسى ۋە مۇزىكىغا پىششىق بولغانلىقى، ياكى قەلەم ــ ئەلەم قابىلىيىتى بولغانلىقى ئۈچۈن، چاۋشيەن ھوكۇمىتىدە ۋەزىپە ئوتىگەن. خەنزۇلاردىن باشقا، جۇڭگونىڭ ئاز سانلىق مىللەتلىرىدىن، مەسلەن، كىدان①، جۇرجىن②، موڭغۇل، ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەردىمۇ چاۋشيەندە تۇرۇپ قالغۇچىلار بولغان. چاۋشيەنلىكلەرمۇ جۇڭگوغا تۇزلۇكسىز كېلىپ، جۇڭگونىڭ مەدەنىيىتى ۋە ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ياردەم يەتكۈزگەن. 9 ــ ئەسىرنىڭ

---

① كىدان ــ قەدىمقى مىللەت. ــ تەرجىماندىن.

② جۇرجىن ــ مانجۇلارنىڭ قەدىمقى ئاتا ــ بوۋىسى. ــ تەرجىماندىن.

ئوتتۇرىلىرىدا، جياڭسۇ ۋە شەندۇڭ ئۆلكىلىرىنىڭ دېڭىز بويلىرىدىكى رايونلىرىدا ئولتۇراقلاشقان شىنلولۇقلار شىنلو كوچىسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. ئۇلار شەندۇڭدىن چاۋشيەنگىچە بولغان دېڭىز قاتنىشى بىلەن شۇغۇللانغان، بەزىلىرى تېخى شەندۇڭ-جياڭسۇنىڭ ئىچكى قۇرۇقلۇقلىرىدىمۇ ترانسپورت ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولغان.

مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشمۇ ناھايىتى كوپ بولغان. قەدىمقى چاۋشيەننىڭ يېزىقى بولمىغاچقا، خەنزۇچە يېزىقنى ئىشلىتىپ كەلگەن ئىدى، 15-ئەسىرگە كەلگەندە، ئېلىپبەلىك ھەرپ (چاۋشيەن ھەرپلىرىنى) ئىشلەپ چىققان، لېكىن كېيىن ناھايىتى ئۇزاققىچە، ھوكۇمەتنىڭ خەت-ئالاقىلىرى، دولەت تارىخىغا دائىر ئەسەرلەر ۋە ئەدىبلەرنىڭ ئەسەرلىرىدە يەنىلا خەنزۇچە يېزىق قوللىنىلغان. نۇرغۇنلىغان چاۋشيەنلىكلەر چوڭقۇر خەنزۇ ئەدەبىياتشۇناسلىق بىلىملىرىنى پىششىق بىلەتتى، جۇڭگو تارىخىدا چاۋشيەنلىكلەردىن مەنسەپ-مەرتىۋە ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ ئىمتىھاندىن ئوتكەنلەرمۇ بولغان. مەسىلەن، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شىنلولۇق سۆي جى يۈەن 12 يېشىدا سودا كېمىسى بىلەن جۇڭگوغا كەلگەن، 18 يېشىدا ئوردا ئىمتىھانىدىن ئوتكەن، ۋەتىنىگە قايتقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ خەتتاتلىقى، شېئىر ۋە ماقالىلىرى شىنلودا ناھايىتى زور تەسىر پەيدا قىلغان، ئۇ يازغان «دالچىن خان باغچىسىدا يېزىقچىلىق ۋە خەتتاتلىق بىلەن كۈن كەچۈرۈش» تاڭ سۇلالىسىنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشىمىزدىكى مۇھىم ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بەي جۈيىنىڭ شېئىرلىرى ۋە جاڭ جىنىڭ ماقالىلىرىنى چاۋشيەنلىكلەر قىزىقىپ ئوقۇيدۇ، چاۋشيەنلىكلەر ئىچىدە ناھايىتى كەڭ تارقالغان. چاۋشيەننىڭ مەشھۇر راھىبى خۇي چاۋ بۈيۈك ساياھەتچى ئىدى، ئۇ

جۇڭگوغا بۇددا نومىنى ئىزدەپ كەلگەن، كېيىن جۇڭگودىن ھىندىستانغا بېرىپ بۇددا نومىنى 8 يىل ئۆگەنگەن، كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق چاڭئەن شەھىرىگە قايتىپ كېلىپ، ئاخىرقى ئۆمرىنى ۋۇتەيشەن تېغىدا ئۆتكۈزگەن، «ھىندىستان دۆلىتىگە بارغانلىرىدىن قىسسە» دېگەن كىتابنى يازغان، ئۇنىڭ ھىندىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا قاتارلىق جايلارغا دائىر قىممەتلىك ماتېرىياللىرى ساقلىنىپ قالغان. سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە چاۋشيەنلىك رەسسام لى نىڭ جۇڭگوغا كەلگەن، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى بەكمۇ ماختاشقا سازاۋەر بولغان، نۇرغۇن جۇڭگو رەسساملىرى ئۇنىڭدىن ئۆگەنگەن.

پەن-تېخنىكا ۋە تىبابەتچىلىك-دورىگەرلىك جەھەتلىرىدىمۇ ئىككى مەملىكەت خەلقى ئۆزئارا ئىلىم ئالماشتۇرغان. جۇڭگو 11-ئەسىردە لاي ھەرپ مەتبەچىلىكىنى ئىختىرا قىلغان بولسىمۇ، لېكىن تارقالمىغان ئىدى، 13-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، چاۋشيەن خەلقى كونىدىن يېڭىنى يارىتىپ، مىس ھەرپ ئىختىرا قىلغان، بۇ ياۋروپالىقلارنىڭ مىخ مەتبەچىلىكىنى قوللانغىنىدىن يۈز نەچچە يىل بالدۇر بولغان. 15-ئەسىردە چاۋشيەن قوغۇشۇن ھەرپىنى قۇيۇشنىمۇ باشلىغان. 15-ئەسىرگە كەلگەندە جۇڭگودىمۇ قوغۇشۇن ھەرپ كەڭ تارقىلىپ كەتكەن. تىبابەتچىلىك جەھەتتە، چاۋشيەن باشتا جۇڭگو تىبابەتچىلىكىنى ئۆگەنگەن، كېيىن ئۆزلىرىمۇ تىبابەتچىلىكنى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ناھايىتى نۇرغۇن تىببىي كىتابلارنى تۈزۈپ چىققان. 17-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا نەشر قىلىنغان «شەرق تىبابەتچىلىكىنىڭ قىممەتلىك ئەينىكى» دېگەن كىتاب مىڭ، چىڭ سۇلالىسى دەۋرلىرىدە جۇڭگو ۋە ياپونىيە تىبابەتچىلىك ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئەھمىيەت بېرىشىگە سازاۋەر بولغان، جۇڭگودا

كەڭ بېسىپ ئارقىتىلغان.

## 2 ـ بۆلۈم يايونىيە

ياپونىيە بېنجۇ، جيۇجۇ، سىكو، بېيخەيداۋ دېگەن تۆت چوڭ ئارال ۋە بىرنەچچە يۈز كىچىك ئارالدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ئاسىيانىڭ شەرقىي شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان. ئاراللىرى ساپلا ئېگىز ـ پەس ئېدىرلىق بولۇپ، كەڭ تۈزلەڭلىك يوق، پەقەت دېڭىز بويلىرىدىلا ۋە دەريا قىرغاقلىرىدىلا دېخانچىلىق قىلىشقا بولىدۇ. دېڭىز قىرغىقى لىنىيىسى ئۇزۇن، بېلىقچىلىقى ناھايىتى راۋاج تاپقان. ياپونىيە بىلەن جۇڭگو سۇ بىلەنلا ئايرىلىپ تۇرىدىغان خوشنا مەملىكەت، ئىككى مەملىكەت خەلقى قەدىمدىن تارتىپلا قويۇق باردى ـ كەلدى قىلىشىپ كەلگەن.

**ئالدىنقى فېوداللىق دەۋردىكى ياپونىيە** ياپونىيىدە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كونا تاش قورال دەۋرىگە دائىر نۇرغۇن خارابىلەر تېپىلدى، يېڭى تاش قورال دەۋرىگە دائىر خارابىلەردىن تېپىلغىنى تېخىمۇ كۆپ. ياپونىيىدە ئەڭ بالدۇر ئولتۇراقلاشقانلار شيۇگشىلار ۋە شياپىلار ئىدى. ھازىرقى ياپونلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىسى ئاسىيانىڭ شىمالىي قىسمىدىكى چوڭ قۇرۇقلۇقتىن ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىن ياپونىيە ئاراللىرىغا كەلگەندىن كېيىن قوشۇلۇپ كېتىش ئارقىسىدا ۋۇجۇتقا كەلگەن بولسا كېرەك.

ياپونىيە ئاراللىرىدىن خۇسۇسەن شەرقىي قىسمىدىكى يېڭى تاش قورال دەۋرىگە دائىر خارابىلەردىن قولدا ياسالغان، ئاغامچا نەقىش ـ

www.uyghurkitap.com

لىق قارا ساپال قاچىلار① كۆپلەپ تېپىلدى. ئاغامچا نەقىش مەدەنىيىتى تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 5000—6000-يىللاردا باشلىنىپ، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2-ئەسىرگىچە داۋاملاشقان. بۇ دەۋردىكى ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى، ئاساسەن، سىلىقلاپ ياسالغان تاش قوراللار ئىدى، كىشىلەر بېلىق تۇتۇش ۋە ئوۋ ئوۋلاش بىلەن تۇرمۇشىنى قامدايتتى، باشلانغۇچ جامائە تۈزۈمىدە ئومۇملۇشۇپ تۇرمۇش كەچۈرەتتى، كەمبەغەللەر بىلەن بايلارغا بولۇنۇش ۋە كىشىنى كىشى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ھادىسىلىرى يوق ئىدى.

مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1-ئەسىردىن مىلادى 2-ئەسىرگىچە بولغان خارابىلەردىن تېپىلغان ساپال قاچىلارنىڭ تولىسى ساپال قاچا ياسايدىغان تەپكە چاق بىلەن ياسالغان جىگەر رەڭلىك مىشىگۈچە ساپال قاچىلار② ئىدى. بۇ مەدەنىيەت ياپونىيىنىڭ غەربىي قىسمىنى مەركەز قىلىدۇ، پەيدىن-پەي شەرققە قاراپ تارقىلىپ، مىشىگۈچە مەدەنىيەت دەپ ئاتىلىدۇ. ئەينى ۋاقىتلاردا جۇڭگو ۋە چاۋشيەندىن مىس قورال قۇيۇمچىلىقى تارقىلىپ كىرگەن، لېكىن مىس ناھايىتى ئەتىۋارلىق بولغاچقا، ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرىدا يەنىلا تاش قوراللار ئاساس قىلىنغان. بۇ دەۋردىكى ئەڭ مۇھىم ئىلگىرىلەش دېھقانچىلىقنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكى بولۇپ، شال ئاساسىي زىرائەت ئىدى. مىشىگۈچە مەدەنىيەت دەۋرىدە كەمبەغەللەر بىلەن بايلارغا

---

① ساپال قاچىنىڭ ئەتراپىنى ئاغامچا بىلەن ئوراش، ياكى ئاغامچىنىڭ تولۇق شەكلىنى چۈشۈرۈش ئارقىلىق ھاسىل قىلىنغان نەقىش بولغانلىقتىن ئاغامچا نەقىشلىق ساپال قاچا دەپ ئاتالغان.

② ئەڭ دەسلەپتە توكيونىڭ مىشىڭ دېگەن يېرىدىن تېپىلغانلىقتىن، قەدىمى نام بويىچە شۇنداق ئاتالغان.

بولۇنۇش باشلانغان. بەزى قەۋرىلەردە، نەزىر-چىراق بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان. مىستىن ۋە قاشتېشىدىن ياسالغان قوشۇپ كۆمۈلگەن بۇيۇملار تېپىلدى، بۇ ئۇرۇق باشلىقلىرىنىڭ بىرقەدەر كۆپ بايلىققا ۋە مەلۇم دىنىي ئىمتىيازغا ئىگە ئىكەنلىكىنى، پەيدىن-پەي ئىمتىيازلىق ئاقسۆڭەكلەرگە ئايلانغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. دېمەك، باشلانغۇچ جەمئىيەت تەدرىجى يىمىرىلىشكە يۈزلەنگەن.

تەخمىنەن مىلادى 2-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ تۆمۈر قوراللار ئىشلىتىلگەن. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ يۈكسىلىشى ئېكسپىلاتاتسىيىگە ئىمكانىيەت بەرگەن. جيۇجۇنىڭ شىمالىي قىسمىدا شىيماتەي دېگەن قۇللۇق تۈزۈمدىكى دۆلەت مەيدانغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئايال پادىشاسىنىڭ ئىلكىدە مىڭلىغان قۇل بولغان، ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن مەجبۇرى قوشۇپ كۆمۈلگەن قۇل 100 نەچچىگە يەتكەن. ئايال پادىشانىڭ قول ئاستىدا ئەمەلدارلار ۋە ناھايىتى كۆپ مۇھاپىزەتچىلەر بولغان، ئۇنىڭ قارىمىقىدا 20 نەچچە قەبىلە بولغان. لېكىن شىيماتەيدە تېخىچە مۇكەممەل، مۇقىم دۆلەت ئاپپاراتى بارلىققا كەلمىگەن، ئايالنىڭ پادىشا بولغانلىقىدىن ھەتتا ئانىلىق ھوقۇقى تۈزۈمىنىڭ قالدۇقلىرىنىڭ تېخىچە رول ئوينىغانلىقىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

مىلادى 3-ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، بېنجۇنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا داخې① دېگەن قۇللۇق تۈزۈمدىكى يەنە بىر دۆلەت باش كۆتۈرۈپ چىققان. داخېدىكى قۇلدارلار قۇللارغا يېقىن كېلىدىغان

---

① ھازىرقى نەيلياڭ ناھىيىسى تەۋەسىدە.

"قەبىلە پۇقراسى"نى ئىشقا سېلىپ ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللانغان. قەبىلە پۇقراسىدا كىشىلىك ئەركىنلىكى يوق ئىدى، ئۇلارنى خالىغانچە ئۆلتۈرۈۋېتىشكە بولمىسىمۇ، لېكىن ھەدىيە قىلىشقا بولاتتى. قەبىلە پۇقراسىنىڭ كۆپ قىسمى ئۆزلىرى كوللېكتىپ بولۇپ ئۇيۇشۇۋالاتتى، ئۆز باشلىقى بولاتتى، ئىنتايىن ئاز ساندىكى مال-مۈلۈك ۋە ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى بولاتتى. ئۇلار كوللېكتىپ ھالدا چوڭ قۇلدارلار قورۇغىدا يېتىپ قوپۇپ تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىناتتى. نۇرغۇنلىغان چاۋشيەن ۋە جۇڭگو ئەمگەكچى خەلقى يا سىنىپىي زۇلۇمدىن ۋە ئۇرۇش ۋەيرانچىلىقىدىن قېچىش، يا بولمىسا ئەسىرگە ئېلىنىش يولى بىلەن ياپونىيىگە ئېقىپ كىرىپ، زورلۇقچە قەبىلە پۇقراسىغا قوشۇۋېتىلگەن ئىدى. دېڭىزدىن ئۆتۈپ كەلگەن بۇ ئەمگەكچى خەلق بىرقەدەر ئۈستۈن ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى ۋە سايمانلىرىنى ئالغاچ كېلىپ، تۆمۈر قوراللارنىڭ ئىشلىتىلىشىنى پەيدىن-پەي ئومۇملاشتۇرغان. خۇسۇسەن قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى، مەسىلەن، مېتال تاۋلاش ۋە توقۇمىچىلىق ساھەلىرىدە ئۇلار مۇھىم رول ئوينىغان. قەبىلە پۇقراسىنىڭ تىرىشچانلىق بىلەن ئەمگەك قىلىپ بايلىق يارىتىشى ئارقىسىدا، داخېنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكى تەرەققىي قىلىپ كەتكەن.

داخې دۆلىتىنىڭ باشلىقى ساماۋى خان دەپ ئاتىلاتتى، ساماۋى خان بىلەن چوڭ قۇلدارلار قەبىلە پۇقراسى ۋە كەڭ ئەمگەكچى خەلقنى دەھشەتلىك تۈردە ئېزەتتى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلاتتى. قەدىمقى قەۋرىستانلىق دەپ ئاتالغان ساماۋى خان ۋە خان جەمەتىدىكىلەرنىڭ قەۋرىسى بۇنداق سىنىپىي زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىنىڭ گۇۋاھچىسى بولالايدۇ، بۇ قەۋرىلەر ھازىرمۇ نەيليانىڭ ئەتراپلىرىدا

ساقلىنىپ تۇرماقتا. قەدىمقى قەۋرىستانلىقنىڭ كوپ قىسمى 3-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 7-ئەسىرگىچە ياسالغان، قەۋرىلەرنىڭ ئېگىزلىكى 7-8 مېتىر كېلىدۇ. قەۋرىستانلىقنىڭ چورىسىگە لايىدىن ياسالغان ئاخسىرەتلىك بۇيۇملار (قوشۇپ كومۇلگەن بۇيۇملار) كومۇلگەن، ئۇنىڭغا ئەر-ئايال ياساۋۇللار ۋە ھايۋانلارنىڭ شەكىللىرى چۈشۈرۈلگەن. قەۋرىدىكى قوشۇپ كومۇلگەن بۇيۇملار ئىچىدە قورال-ياراق، قاشتېشىدىن ياسالغان ئەسۋاپلار، مىس ئەينەك ھەم ئالتۇن-كۈمۈش زىننەت بۇيۇملىرى ۋە باشقا نەرسىلەر بار، جۇڭگودىن ۋە چاۋشيەندىن كىرگۈزۈلگەن ئەيش-ئىشرەت بۇيۇملىرىمۇ بار. داخې ھوكۇمرانلار سىنىپى قەبىلە پۇقراسى ياراتقان بايلىقلارغا تايىنىپ ئەملىي كۈچەيتىپ، قەدەممۇ-قەدەم كېڭىيىپ، 5-ئەسىرگە كەلگەندە ياپونىيىنى ئاساسىي جەھەتتىن بىرلىككە كەلتۈرگەن.

داخې دولىتىنىڭ ھوكۇمرانلار سىنىپى يەر ۋە خەلق تارتىۋېلىش ئۈچۈن، قۇللۇق تۈزۈمىدىكى دولەت قۇرۇلۇپ ئۇزاق ئوتمەيلا، ياپونىيىنىڭ ھەرقايسى ئاراللىرىدىكى قەبىلىلەر تولۇق بىرلىككە كېلىپ بولالمىغان مەزگىلدىلا چەتكە قارىتا كېڭەيمىچىلىك ئېلىپ بارغان، ئۇنىڭ تاجاۋۇزچىلىق تىغ ئۇچى ئالدى بىلەن، دېڭىز ئارقىلىق تۇتىشىپ تۇرىدىغان چاۋشيەن يېرىم ئارىلىغا قارىتىلغان. 4-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، داخې يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇبىي ئۇچىدىكى رېنانى① بېسىۋېلىپ ۋە تايانچ پونكىت قىلىپ، شىمالغا قاراپ يىلە قۇرۇتمەك يېيىشنى باشلىغان. 6-ئەسىرگە كەلگەندە، شىنلو

① ھازىرقى فۇشەن، جىنخەي ئەتراپلىرى.

قوْدرەت تېپىپ، بېسىۋېلىنغان يەرلەرنى قايتۇرۇۋالغان. 562-يىلى رېنىانى بېسىپ ياتقىنىغا 200 نەچچە يىل بولغان داخې ئاچاۋۇزچى كۈچلىرى ئاخىر چاۋشيەن يېرىم ئارىلىدىن قوغلاپ چىقىرىلغان.

**داخۇا ئىسلاھاتى** مىلادى 646-يىلى ئېلىپ بېرىلغان داخۇا ئىسلاھاتى ياپونىيە جەمئىيىتىنىڭ قۇللۇق تۈزۈمىدىن فېودالىلىق تۈزۈمگە ئۆتكەنلىكىنىڭ ئالامىتى ئىدى.

داخۇا ئىسلاھاتىنىڭ ھارپىسىدا، قۇلدار ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قەبىلە پۇقراسىنى خۇسۇسىنىڭ قىلىۋېلىش تۈزۈمى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن توسالغۇ بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇلار كەڭ يەرلەرنى ئىگىلىۋېلىپ، تۈزلۈكسىز ھالدا ئاددى خەلقنى ئۇزلىرىنىڭ خۇسۇسى قەبىلە پۇقراسىغا ئايلاندۇرۇۋېلىپ، دەھشەتلىك تۈردە ئېكسپلاتاتسىيە قىلغان ئىدى. قەبىلە پۇقراسى ۋە كەڭ خەلق ئاممىسى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ يەرلەرنى قوشۇۋېلىشىغا، قەبىلە پۇقراسىنى قۇل قىلىشىغا ۋە ئۇلارنى تالاش-تارتىش ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىشىغا قاتتىق غەزەپلەنگەن، سىنىپىي زىددىيەت كەسكىنلەشكەن ئىدى. ھوكۇمرانلار سىنىپىنىڭ ئىچكى قىسمىدا خان جەمەتى بىلەن قۇلدار ئاقسۆڭەكلەر ئوتتۇرىسىدىكى قەبىلە پۇقراسى ۋە يەر تالىشىش كۈرەشمۇ ناھايىتى ئۆتكۈرلەشكەن ئىدى. ياپونىيە خان جەمەتى ۋە جۇڭگودا ئوقۇغان بەزى ئوقۇغۇچىلار سۈي، تاڭ سۇلالىلىرىنىڭ فېودالىق تۈزۈمىدىن ئۆلگە ئېلىش ئارقىلىق، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، ھوقۇق مەركەزگە مەركەزلەشتۈرۈلگەن ھاكىمىيەتنى تىكلەش يولى بىلەن ھوكۇمرانلىقنى مۇستەھكەملەشكە ئىرادە باغلاپ، كونا ئاقسۆڭەكلەرگە قارشى كەسكىن كۈرەش ئېلىپ بارغان ئىدى. 7-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ئالدى بىلەن تەخت ۋارىسى شېڭدې

دەسلەپكى قەدەمدە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ مۇشتۇمزورلارنىڭ مىراسخورلۇق تۈزۈمىنى بايقۇت قىلىش ئۈچۈن، 12 ئۇنۋان دەرد-جىسىنى بەلگىلىگەن. شۇنىڭدەك 17 ماددىلىق ئاساسىي قانۇن بېكىتىپ، قانۇن-تۈزۈملەرنى ۋە ھوقۇقنى مەركەزگە توپلاشنى تەكىتلىگەن. 645-يىلى، ئىسلاھاتچىلاردىن خان ئوغلى جۇڭداشيوڭ، جۇڭچېن لىيەنزۇ قاتارلىقلار ئوردا سىياسىي ئۆزگىرىشى قوزغاپ، كونا ئاقسوڭەك سۇۋوشىنىڭ كۈچلىرىنى يوقىتىپ، ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغان. تىكلەنگەن ساماۋى خان 646-يىلى (داخۋانىڭ 1-يىلى) ئىسلاھات يارلىقى جاكارلىغان. ئىسلاھاتنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق بولغان: 1. يەر ۋە خەلق دۆلەت ئىگىدارلىقىغا ئۆتكۈزۈلگەن؛ قەبىلە پۇقراسىمۇ پۇقرالاردىن بولۇپ قالغان، ئەمما يەنىلا قۇللار مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. 2. ھەر 6 يىلدا جان سانىغا قاراپ نوپۇس يېرى بولۇپ بېرىلگەن①، يەر ئالغۇچى ئۆلگەندىن كېيىن يەر قايتۇ-رۇۋېلىنغان. يەر ئالغۇچىلار ئىجارە تۆلەش، ھاشارغا ئىشلەش ۋە سېلىق تاپشۇرۇشنى زىممىسىگە ئالغان②. 3. ھوقۇق مەركەزگە مەركەزلەشكەن دۆلەت تۈزۈمى تۇرغۇزۇلۇپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ

---

① ئەرلەرنىڭ 2 پارچە (بىر پارچە تەخمىنەن 1.5 مو)؛ ئاياللارنىڭ ئۈچتىن ئىككى ئۈلۈش، چاكارلار مومىن پۇقرا ھېسابلىنىپ ئۈچتىن بىر ئۈلۈش.

② ھەر بىر پارچە ئۈچۈن 2 باغلام 2 تۇتام شال (بىر باغلام شالدىن 5 شىڭ گۈرۈچ چىقىدۇ) ئىجارە تۆلىنەتتى؛ ھەر بىر ئادەم ھەر يىلى 10 كۈن ھاشارغا ئىشلەيتتى؛ جايلارنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرى بىلەن سېلىق ئېلىناتتى، ئومۇمەن، ھەر بىر ئائىلە بىر جاڭ 2 چىدىن رەخت تاپشۇراتتى.

www.uyghurkitap.com

تۇزۇمگە تەقلىت قىلىنىپ مەركەز ۋە يەرلىك ئاپپاراتلار ھەم ئەمەللەر① تەسىس قىلىنىپ، مەنسەپ ۋە مەرتىۋىگە ۋارىسلىق قىلىش يولغا قويۇلغان. 4. ئەسكەر ئېلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان.

يېڭى تۈزۈم شارائىتىدا، قەبىلە پۇقرالىرى مۇشتۇمزور قۇلدار-لارنىڭ قۇل قىلىشىدىن قۇتۇلۇپ، دۆلەتنىڭ دېھقانلىرىغا ئايلىنىپ، مەلۇم باج-سېلىق ۋە ئالۋاڭ-ياساقلارنى زىممىسىگە ئالغان، خۇسۇسىي قورا-جاي ۋە باغ-ۋارانىغا ئىگە بولالىغان، تاغ ئورمانلىقى ۋە كۆللەردىن پايدىلىنالىغان، ئۆز ئائىلىسىگە نىسبىي مۇستەقىل ئىگىلىككە ئىگە بولالىغان، بۇلار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا پايدىلىق بولغان. كونا قۇلدار ئاقسۆڭەكلەر تىرىلىش قەستىدە بولۇپ، ئىسلاھاتقا قارشى تۇرغان، 664-يىلى قەبىلە پۇقراسى تۈزۈمى بىر مەھەل ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. 672-يىلى، خان ئوغلى داخەيرېن ئىسلاھاتقا قارشى تۇرغان ۋە تىرىلىش قەستىدە بولغان كونا قۇلدار ئاقسۆڭەكلەرنى ئەسكەر تارتىپ چىقىپ مەغلۇپ قىلغان. 673-يىلى، تەختكە ئولتۇرۇپ تيەنۋۇ سامماۋى خان دەپ ئاتىلىپ، تۈرلۈك ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بارغان. 675-يىلى، قەبىلە پۇقراسى تۈزۈمى ئاخىرقى ھېساپتا بىكار قىلىنغان ھەمدە پادىشالار ۋە

---

① مەركەزدە ئىلاھىيەت بېگى ۋە مەمۇرىيەت بېگى دېگەن ئىككى ئاپپارات تۇرغۇزۇلغان، مەمۇرىيەت بېگى ئاستىدا 8 ۋازارەت بار ئىدى. كېيىن مەمۇرىيەت بېگى باشلىق قويۇپ، ئۇنى مەمۇرى ۋەزىر دەپ ئاتىغان. جايلاردا بەگلىك تەسىس قىلىنغان، بەگلىك ئاستىدا ۋىلايەت تەسىس قىلىنغان. باشلىقلار دۆلەت مۇتىۋەللىسى، ۋىلايەت مۇتىۋەللىسى دەپ ئاتالغان. بەگلىكلەر سانىدا بىرقانچە قېتىم ئۆزگىرىش بولغان، 824-يىلى 66 بەگلىك 2 ئارال (يىچى، سۇسما) قىلىپ بېكىتىلگەن.

ۋەزىرلەر ئىلكىدىكى "تاغ، سازلىق، ئارال ۋە سۇ بويلىرىدىكى جايلار؛ ئورمان، دالا ۋە كوللەر"مۇ دۆلەت ئىگىدارلىقىغا ئۆتكۈزۈۋېلىنغان. 701-يىلى (داباۋنىڭ 1-يىلى) «داباۋ پەرمانى» تۈزۈپ چىقىلىپ، ئىسلاھاتتىن بۇيان فېئوداللىق تۈزۈمنى مۇستەھكەملىگەن تەدبىرلەر قانۇن شەكلى بىلەن مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. يېرىم ئەسىرلىك كۈرەش ئارقىلىق، فېئوداللىق تۈزۈمگە ئۆتۈش ئاخىر ئورۇنلانغان.

نوۋەتلىك يەر تۈزۈمى داخۋا ئىسلاھاتىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى، بۇ تۈزۈم ياپونىيىنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىك تەرەققىياتى ئاساسىدا، تاڭ سۇلالىسىنىڭ باراۋەر يەر تۈزۈمى ئۆلگە قىلىنىپ ياپونىيىدە يولغا قويۇلغان يەرگە بولغان دۆلەت مۈلۈكچىلىكى ئىدى. ماركس يەرگە بولغان دۆلەت مۈلۈكچىلىكىنى شەرھلىگەن ۋاقتىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن ئىدى: "ئۇ يەرلەردە، دۆلەت ـــ ئالىي پومېششىك. ئۇ يەرلەردە، ئىگىلىك ھوقۇقى ـــ پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە مەركەزلەشكەن يەر ئىگىدارلىقى ھوقۇقى". "بېقىندىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ سىياسىي جەھەتتە ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە، ئاددىي پۇقرالىق دۆلەتكە نىسبەتەن بولمىسا بولمايدىغان بويسۇنۇش مۇناسىۋىتىدىن تاشقىرى، يەنە بىرقانداق تېخىمۇ قاتتىق شەكىلنىڭ بولۇشى ھاجەتسىز."① ۋاھالەنكى، ئېكسپىلاتاتسىيە شەكلى يەر ئىجارىسى ئېلىش بىلەن باج ئېلىشنىڭ قوشۇلمىسى ئىدى. ياپونىيىنىڭ فېئوداللىق جەمئىيىتىدىكى نوۋەتلىك يەر تۈزۈمى دەۋرىدىكى ئەھۋالى ماركسنىڭ ھۆكمىگە

---

① ماركس: «كاپىتال»، خەلق نەشرىياتىنىڭ 1966-يىل خەنزۇچە نەشرى، 3-توم، 925-بەت.

ئۇيغۇن كېلىدۇ. بۇنداق يەرگە بولغان دولەت مۇلۇكچىلىكىنىڭ يولغا قويۇلۇشى فېودالىق دولەتنىڭ ئىگىلىكىنى بىرقەدەر تۇراقلاشتۇرغان، ھوقۇقنىڭ مەركەزگە مەركەزلەشتۇرۇلىشىنى كۇچەيتىشكە پايدىلىق بولغان. لېكىن، كېيىن ئىگىلىكىنىڭ راۋاجلىنىشى نوۋەتلىك يەر تۇزۇمىنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەبچى بولغان.

**نوۋەتلىك يەر تۇزۇمىدىن قورۇق تۇزۇمىگىچە بولغان ئوزگىرىشلەر** 710-يىلى، ياپونىيە پادىشالىغى پايتەختىنى پىڭجيىڭ پايتەختىگە (نەيلياگىغا) يوتكەش بىلەن، نەيلياڭ دەۋرى (710—794) باشلانغان. بۇ ۋاقىتتا نوۋەتلىك يەر تۇزۇمى ئومۇمى يۇزلۇك يولغا قويۇلغان، ئىجتىمائى ئىشلەپچىقىرىش كۇچلىرى سەل يۇكسەلگەن، دىخانچىلىقمۇ، قول سانائەتمۇ راۋاجلانغان.

نوۋەتلىك يەر ئالغان دىخانلار ئىجارە تولەش، ھاشارغا ئىشلەش، سېلىق تاپشۇرۇشتەك ئېغىر يۇكنى زىممىسىگە ئېلىپ، دەھشەتلىك ئېكسپلاتاتسىيىگە ئۇچرىغان. تولىنىدىغان ئىجارە ئالغان ھوسۇلنىڭ 3 پىرسەنتىگىلا توغرا كەلسىمۇ، لېكىن ھەر ئائىلىگە جان سانىغا قاراپ بولۇپ بېرىلگەن يەر بەك ئاز بولۇپ، پۇتۇن يىللىق نورما ئاشلىغىنىڭ بەشتىن ئۇچ قىسمىنىلا ئىشلەپچىقىرالىغانلىقتىن، مۇشۇ 3 پىرسەنت بىلەنلا دىخانلارنىڭ زورۇر ئەمگىكى شىلىۋېلىنغان. ھاشار يۇكى ناھايىتى ئېغىر بولۇپ، 10 كۇندىن خېلى كوپ ئېشىپ كەتكەن، يەرلىك خىلمۇ-خىل ھاشارلار ئىككى ئايغا يېتىپ، تېرىقچىلىققا تەسىر يەتكۇزگەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە "ئوسۇم ئېلىنىدىغان قەرز" دەپ ئاتالغان جازانە ئېكسپلاتاتسىيىسىمۇ بولغان.① دىخانلار

---

① ھوكۇمەت ياكى ئاقسوڭەكلەر سىيرىقتال ۋاقىتلاردا دىخانلارغا شال

تورمۇشىنى ئەپلەپ-سەپلەپ قامداش ئۈچۈن، ھۆكۈمەت يېرىنى ياكى ئاقسۆڭەكلەر ۋە باشقىلارنىڭ خۇسۇسى يەرلىرىنى ئىجارىگە ئېلىشقا مەجبۇر بولغان. بەزى دېخانلار نوپۇس رويخېتىنى يالغاندىن ياساپ چىقىپ، ئەرنى ئايال دەپ، ياش قۇرامىغا يەتكەنلەرنى قېرى ياكى كىچىك بالا دەپ مەلۇم قىلىش يولى بىلەن باج-سېلىق ۋە ھاشارلاردىن ئۆزىنى قاچۇرغان ياكى بولمىسا تۇرمانلىق تاغلارغا قېچىپ بېرىپ، توپلىنىپ قوزغىلاڭ كۆتىرىپ قارشىلىق كۆرسەتكەن.

دېخانلاردىن تاشقىرى يەنە قۇللار ۋە قارا خەلقمۇ بار ئىدى. قۇللارنىڭ سانى تەخمىنەن پۈتۈن مەملىكەت ئاھالىسىنىڭ 10 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلاتتى، ئۇلار ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئۆيلىرىدە ئىشلىتىلەتتى، ياكى ئۇلار ئۈچۈن سانائەت ۋە دېخانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىناتتى. قارا خەلق پەس كەسىپ دىيىلگەن ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قالدۇق قەبىلە پۇقراسى ئىدى، مەسىلەن، ھاراقچى، بوياقچى، كېمىچى، سازچى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار، بۇلار بۇيۇم ئىشلىگۈچى پۇقرالار①، پارچە-پۇرات ئىشلارنى قىلغۇچىلار دەپ ئاتىلاتتى. بۇنداق ئورۇن ئەۋلاتتىن-ئەۋلاتقا داۋاملىشاتتى، كەسىپ ئۆزگەرتىشكە يول قويۇلمايتتى.

خان جەمەتى ۋە چوڭ-كىچىك قولدارلار بىۋاستە ئىشلەپچىقار-

---

قەرز بېرىپ، كۈزدە 30 پىرسەنتتىن 50 پىرسەنتكىچە ئۆسۈم ئالغان، بۇ ئۆسۈم ئېلىنىدىغان قەرز دەپ ئاتالغان. كېيىنچە ھۆكۈمەت قەرز بەرمەي تۇرۇپمۇ ئۆسۈم ئېلىۋەرگەن، بۇ شەكلى ئۆزگەرگەن بىر خىل باج بولۇپ قالغان.

① تۇردا ئۈچۈن ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇملىرىنى ياسايدىغان ۋە پارچە-پۇرات ئىشلىرىنى قىلىدىغان يېرىم ئەركىن خەلق، قەبىلە پۇقراسىنىڭ بىر خىلى، ئورنى قۇللار بىلەن ئاددى خەلقنىڭ ئارىلىقىدا ئىدى. — تەرجىماندىن.

ئۇيغۇن كېلىدۇ. بۇنداق يەرگە بولغان دولەت مۈلۈكچىلىكىنىڭ بولغا قويۇلۇشى فېودالىق دولەتنىڭ ئىگىلىكىنى بىرقەدەر تۇراقلاشتۇرغان، ھوقۇقىنىڭ مەركەزلەشتۈرۈلىشىنى كۈچەيتىشكە پايدىلىق بولغان. لېكىن، كېيىن ئىگىلىكنىڭ راۋاجلىنىشى نوۋەتلىك يەر يەرلەرنىڭ تولۇسىنى مىراس قالدۇرۇشقا بولمايتتى. ئىبادەتخانا ۋە ئىلاھىي جەمىيەتلەرنىڭ ئىلاھ يېرى ۋە ئىبادەتخانا يېرى بولاتتى. يۇقۇرىدا ئېيتىلغان يەرلەر يا دېھقانلارغا ئىجارىگە بېرىلەتتى، يا قۇللارنى ئىشلىتىش بىلەن تېرىلاتتى. ئاقسۆڭەكلەر يەنە ئەمەل ۋە مەرتىۋىسىگە قاراپ ئايرىم-ئايرىم ھالدا موھۇرلەپ بېرىلگەن ئائىلە-لەرگە ئىگە بولاتتى ۋە موھۇرلەپ بېرىلگەن ئائىلىلەر تاپشۇرغان ئىجارە ھەققىنىڭ يېرىمىدىن، ئۈستىدىكى ھاشار ۋە سېلىقىنىڭ ھەممىسىدىن بەھرىمەن بولاتتى.

لېكىن ئاقسۆڭەكلەر بۇلار بىلەن قانائەتلىنىپ قالمايتتى، ئۆزلىرىنىڭ يەرگە بولغان ھوقۇقىنى مۇستەھكەملەشكە ۋە يېرىنى كېڭەيتىشكە كۈچىنىڭ بېرىچە تىرىشاتتى. شۇڭلاشقا، بىر تەرەپتىن، قۇللار ۋە بېقىندا دېھقانلارنى ئىشقا سېلىپ بوز يەر ئاچقۇزسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۈستىلىق بىلەن بۇلاپ-تالاپ، دېھقانلارنىڭ يېرىنى تارتىۋالاتتى. نۇرغۇنلىغان دېھقانلار نامراتلىقتىن ۋەيران بولۇپ، ئىلاجسىزلىقتىن يەرلىرىنى ئاقسۆڭەككە "ئامانەت"كە قويۇپ، ئۇنىڭ ئىجارىكەشىگە ئايلىنىپ قالاتتى. 743-يىلى، ھوكۇمەت بوز يەرلەر مەڭگۈ خۇسۇسىي ئىگىدارلىقىدا بولىدۇ دەپ بەلگىلەپ، ئاقسۆڭەك-لەرنىڭ بوز يەرلەرنى تېخىمۇ كۆپ ئاچتۇرۇشىغا ئىلھام بەرگەن. شۇنداق قىلىپ، فېودالىق دولەتنىڭ مەركەزدىكى خان جەمەتى بىلەن فېودال ئاقسۆڭەكلەرنىڭ يەر تالىشىشى نەتىجىسىدە، ئاقسۆ-

ڭەكلەرنىڭ خۇسۇسىي يەر مۈلۈكچىلىكى تۈزلۈكسىز راۋاجلانغان، دۆلەت يەر مۈلۈكچىلىكى كۈندىن-كۈنگە بۇزۇلۇپ، نوۋەتلىك يەر تۈزۈمىنى يولغا قويۇش تەس بولۇپ قېلىپ، ئاۋال 6 يىلدا بىر نوۋەتلەشتۈرۈشتىن 12 يىلدا بىر نوۋەتلەشتۈرۈشكە ئۆزگەرتىلگەن، كېيىن 20 يىلغا، 50 يىلغا ئۆزگەرتىلگەن، 10-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە پۈتۈنلەي توختىغان.

پىڭئەن دەۋرى① (794—1192)دە ئاقسوڭەكلەرنىڭ خۇسۇسىي يەر مۈلۈكچىلىكى پەيدىن-پەي ھۆكۈمران ئورۇنغا چىقىۋالغان، ياپونىيە بۇنى قورۇق تۈزۈمى دەپ ئاتىغان. ئاقسوڭەكلەر، كۆپىنچە، قورۇقنى بىرلىك قىلغان ھالدا يەر ئارقىلىق ئېكسپىلاتاتسىيە ئېلىپ باراتتى، ئەسلىدىكى بىر كەنت، كۆپ ھاللاردا، بىر قورۇق بولاتتى، ئەمما بوز يەر ئېچىش بىلەن ۋۇجۇتقا كەلگەنلىرىمۇ بولاتتى، ئۇلارنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ئوخشاش بولمايتتى، يەرلىرىنىڭ بەزىسى تۇتىشىپ كېتەتتى، بەزىسى جايلاردا تارقاق بولاتتى، تۈزۈلۈشى مۇرەككەپ ئىدى. قورۇق يەرلىرى سۇلۇق يەرلەرنى ئاساس قىلاتتى، ئۇنىڭدىن قالسا يەنە تاغ ئورمانلىقى، كۆل-سازلىق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار قوشۇمچە قىلىناتتى. قورۇقلاردىكى بىۋاستە ئىشلەپچىقارغۇچىلار دۆلەت يۇقرالىرىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن بېقىندا دېھقانلار ئىدى، ئۇلار ئائىلىنى بىرلىك قىلغان ھالدا سۇلۇق يەرلەرنى تېرىيتتى، تاغ ئورمانلىقى ۋە سۇ مەنبەلىرىدىن ئورتاق پايدىلىنىشقا ھوقۇقلۇق ئىدى. قورۇق يۇقرالىرى قورۇق ئىگىسىگە ئالغان

① ياپونىيە تارىخىدا ئادەت بويىچە دەۋرلەر مەركىزىي ھاكىمىيەتنىڭ تۇرغان جايى بىلەن ئاتىلاتتى. 794-يىلى پايتەخت پىڭئەنىڭە (جىڭدۇغا) يۆتكەلگەن، شۇنىڭ بىلەن پىڭئەن دەۋرى باشلانغان.

ھوسۇلىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى تاپشۇراتتى، بۇنىڭدىن باشقا يەنە كۆمۈر، بورا، ئاغامچا، رەخت، مېۋە، ھاراققا ئوخشاش كۈندىلىك لازىمەتلىكلەرنىمۇ تاپشۇراتتى. بەزى قورۇقلاردا ئەمگەك بىلەن تۆلىنىدىغان يەر ئىجارىسىمۇ بولاتتى، يەنى بىۋاسىتە قاراشلىق بىر پارچە قورۇق يېرى ئاجرىتىلاتتى، ئۇنى دېھقانلار ھەقسىز تېرىيتتى، ھوسۇلنىڭ ھەممىسى قورۇق ئىگىسىگە تەئەللۇق بولاتتى، لېكىن بۇنداق يەرلەرنىڭ كۆلىمى ئادەتتە چوڭ بولمايتتى. بۇنىڭدىن باشقا، قورۇق پۇقرالىرى قۇرۇلۇش سېلىش، يۈك توشۇش، يول ياساش، مۇھاپىزەت قىلىشقا ئوخشاش مەجبۇرىيەتنىمۇ ئۈستىگە ئالاتتى. بەزى قورۇقلاردا قوشۇمچە قول ھۈنەرۋەنلەرمۇ بولاتتى، ئۇلار ئۆزىنى ئۆزى تولۇق قامدىيالايتتى، تەنھا ئىگىلىك بىرلىكىنى شەكىللەندۈرگەن ئىدى. بىر فېئودالنىڭ ھەرقايسى جايلارغا تارالغان نۇرغۇن قورۇقلىرى بولاتتى، ئۇلاردىن تۈرلۈك بۇيۇملارنى يىغىپ، ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولاتتى.

قورۇقنى باشقۇرغۇچى قورۇقچى دەپ ئاتىلاتتى، ئۇلارنى قورۇق ئىگىسى تەيىنلەيتتى، كىچىك قورۇق ئىگىلىرىدىن ئۆزىنىڭ قورۇقىنى مەركەزدىكى نوپۇزلۇق مەنسەپدارلارغا "ئامانەت"كە قويۇپ، ئۆزى قورۇقچى بولۇۋېلىپ يەرلەرنى كونتىرول قىلىدىغانلارمۇ بولاتتى. 9 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، تەسىرى كۈچلۈك ئىگە نۇرغۇن فېئوداللىق قورۇقلار چىقارماسلىق، كىرگۈزمەسلىك ھوقۇقىغا ئىگە بولۇۋالغان ئىدى، يەنى دۆلەتكە ئىجارە تاپشۇرمايدىغان، ھۆكۈمەتنىڭ يەرلەرنى كۆزدىن كەچۈرىدىغان ۋە باج ئالىدىغان ئەمەلدارلىرىنى قورۇققا كىرگۈزمەيدىغان بولۇۋالغان ئىدى، كېيىنچە تەرەققى قىلىپ ئەمەلدارلارنىڭ قورۇققا گۇناكار تۇتۇشقا

كىرىشنىمۇ رەت قىلىدىغان بولۇۋالغان ئىدى. كىچىك ئاقسۆڭەكلەر چىقارماسلىق، كىرگۈزمەسلىك ھوقۇقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن، ئېغىمۇ كۆپ يەرلىرىنى ئارقا-ئارقىدىن ئامانەتكە قويۇشقان ئىدى. ئاقسۆڭەكلەرنىڭ چوڭ يەرگە بولغان خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئارقىسىدا، ئەدلىيە، مەمۇرىي جەھەتلەردىمۇ مۇستەقىل بولغان رايونلار ۋۇجۇتقا كەلگەن، ئۇلار مەركەزنىڭ كونترول قىلىشىدىن قۇتۇلۇپ، فېئوداللىق تەپرىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

**بارگاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقى** قورۇقلارنىڭ راۋاج تېپىشىغا ئەگىشىپ، سىياسىي جەھەتتە سامورايلارنىڭ تەسىرى كۈچى مەيدانغا كەلگەن. سامورايلار ئەسلىدە يەرلىك قورۇق ئىگىلىرى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن تۈپلىگەن قوراللىق كۈچ بولۇپ، پەيدىن-پەي تەرەققىي قىلىپ يەرلىك مۇشتۇمزورلارنى يادرو قىلغان فېئودال ھەربىي ئاقسۆڭەكلەرگە ئايلانغان ئىدى، ئۇلار خوجايىنلىق ۋە بېقىندىلىق مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، كەڭ كۆلەمدە يەر ئىگىلىۋالاتتى، ئۇرۇش يولى بىلەن تالان-تاراج قىلىشنى كەسىپ قىلغان ئىدى، ئۇلارنىڭ تەسىرى كۈچلۈك ئىدى. دۆلەت يەر مۈلۈكچىلىكىنىڭ بۇزۇلغانلىقى، خان جەمەتى كۈچلىرىنىڭ كۈنسايىن زاۋالغا يۈز تۇتقانلىقى سەۋەبىدىن، ھېيئەن دەۋرىدە مەركەزدىكى چوڭ ئاقسۆڭەك تېگىۋەنشى ئوردا ئىشلىرىغا ئۆزبېشىمچىلىق بىلەن ئارىلىشىپ، ساماۋى خاننى ئۆز مەيلىچە بىكار قىلغان ۋە يېڭىنى تۇرغۇزغان. شۇنىڭ بىلەن ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى كۈرەش كەسكىنلەشكەن ئىدى. سامورايلار ھەربىي كۈچ بولۇپ، كۈرەش قىلىشىۋاتقان ئىككىلا تەرەپ ئۇلارغا تايىنىپ ھاكىمىيەت تالىشاتتى. شۇڭلاشقا سامورايلار كۈندىن-كۈنگە مۇھىم ئورۇن

www.uyghurkitap.com

تۇتقان ئىدى. يېڭىئەرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىدە، سامورايلار كۆەندۈك، گۆەنشى دېگەن چوڭ گۇرۇھقا بولۇنۇپ مەركەز ھاكىمىيىتىنى تارتىۋېلىش يولىدا ئۆزئارا كۈرەش ئېلىپ بارغان ئىدى. 1185-يىلى، گۆەندۈگىدىكى يۈەنشى گۆەنشىدىكى پىڭشىنى مەغلۇپ قىلىپ، مەركەز ھاكىمىيىتىنى قولغا چۈشۈرۈۋالغان. 1192-يىلى لىيەنساڭدا بارگاھ قۇرۇلغان، ئۇ نامدا يەنىلا ساماۋى خاننىڭ ھوكۇمرانلىقىغا ھۆرمەت قىلىغان، بارگاھ باشلىقى چەتئەللىكە قارىتا جازا يۈرۈش قىلغۇچى چوڭ سەركەردە دەپلا ئاتالغان بولسىمۇ، لېكىن، ئەمەلىيەتتە، بارگاھ ساماۋى خاننىڭ سىرتىدىكى يېڭى ھوكۇمەت بولۇپ قېلىپ، ساماۋى خان قورچاققىلا ئايلىنىپ قالغان؛ شۇنىڭ بىلەن ياپونىيىدە ھەربىي فېودال ئاقسۆڭەكلەر دىكتاتۇرىسى باشلانغان.

لىيەنساڭ بارگاھى (1192—1333) ھوكۇمرانلىقىنىڭ ئاساسى سامورايلار دەپ ئاتالغان ھەربىي فېودال ئاقسۆڭەكلەر ئىدى. سامورايلار سەركەردىگە ئىسمىلىك دەپتىرى بېرىپ، قەسەم ئىچىپ ساداقەت بىلدۈرەتتى، شۇنىڭ بىلەن خوجايىنلىق ۋە بېقىندىلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىلاتتى. بارگاھ سامورايلارنىڭ ئائىلە مىراسلىق يېرىگە بولغان ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى قوغدايتتى، ياكى ئۇلارغا يېڭىۋاشتىن يەر ئىنئام قىلاتتى، سامورايلار ئولپان تاپشۇرۇش ۋە ئەگىشىپ جەڭگە چىقىش مەجبۇرىيىتىنى ئۆتەيتتى. سامورايلار سەركەردىنىڭ بىۋاسىتە قاراشلىق سامورايلىرى (پادىشالىق ئادىمى) ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق بولمىغان سامورايلار (پادىشالىق سىرتىدىكىلەر) دېگەن ئىككى بۆلەككە بۆلۈنەتتى، ئۇلار كەڭ يەرلەرنى ئىگىلىۋالاتتى، خىزمەت ئورنىنى مىراس قالدۇراتتى، دېمەك، بىرخىل ھەربىي ئىمتىيازلىق تەبىقە شەكىللەنگەن ئىدى. سەركەردىنىڭ قول ئاستىدا

ھوكۇمەت ئىشلىرىغا نايىپلىق قىلىدىغان (ياردەملىشىدىغان) "ھوقۇق يۈرگۈزگۈچى" بولۇپ، ئۇنىڭغا ھوقۇقلۇق ۋەزىر بېيتياۋشى[①] ۋارىسلىق قىلاتتى. يەنە مەمۇرى، ھەربى ۋە ئەدلىيە ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدارلارمۇ بولاتتى، مۇقىم بىرقانچە ساموراي مۇشۇنداق ئەمەلدارلىققا تەيىنلىنەتتى، بۇمۇ، كوپىنچە، مىراس قالدۇرۇلاتتى. سەركەردە سامورايلارنى جايلاردىكى قورۇقلارنىڭ "يەر بېشى" قىلىپ ئەۋەتەتتى، ئۇلار قورۇقلارنى مۇھاپىزەت قىلىش، يەرلەرنى باشقۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيتتى. يەر بېشى ئەسلىدە قورۇقتىكى ھەر بىر ئۇچاستىكا يەردىن مائاش سۈپىتىدە 5 شىڭدىنلا ھەربى ئاشلىق ئېلىشى مۇمكىن ئىدى، لېكىن ئۇلار بارگاھنىڭ ھوقۇق ۋە كۈچىدىن پايدىلىنىپ قورۇق يەرلىرىنى پەيدىن-پەي زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋېلىپ، قورۇق پۇقرالىرى قورۇق ئىگىسىگە تاپشۇرىدىغان يىللىق ئۆلپاننى تارتىۋېلىپ، دېخانلارنى شىلىۋېلىشنى كۈچەيتىپ، ئاقسۆڭەك قورۇق ئىگىسىنىڭ ئورنىغا ئۆتۈۋالاتتى. بارگاھ يەنە سامورايلارنى ھەرقايسى بەگلىكلەرگە "باش نازارەتچى" قىلىپ ئەۋەتەتتى، ئۇلار بەگلىك تەۋەسىدىكى سامورايلارغا باشچىلىق قىلاتتى، ئۇلارغا بارگاھنىڭ بۇيرۇقلىرىنى يەتكۈزەتتى، چوڭ گۇناكارلارنى تۇتاتتى ۋە بىر تەرەپ قىلاتتى، بەگلىك تەۋەسىدىكى قاتناشنى باشقۇراتتى. باش نازارەتچى، ئەمەلىيەتتە، يەرلىك مەمۇرىيەتنى كونترول قىلىۋېلىپ، ئەسلىدىكى يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى ئىگەللىۋالاتتى. باش نازارەتچىلەرنىڭ تولىسى خىزمەت ئورنىنى مىراس قالدۇراتتى، بەزى سامورايلار بىرقانچە

① ئەمەلىي ھوقۇق تۇتىدىغان مۇشتۇمزور. — تەرجىماندىن.

بەگلىكىنىڭ باش نازارەتچىلىگىنى قوشۇمچە ئۆتەيتتى، مەسىلەن، بارگاھنىڭ ھوقۇقلۇق ۋەزىرى بېيتياۋشى ئائىلىسىنىڭ ئەزالىرىلا 30 بەگلىكنىڭ باش نازارەتچىلىك خىزمەت ئورنىنى ئىگىلىۋالغان ئىدى. پايتەختتىكى مەركىزىي ھوكۇمەتنىڭ ئىسمى بار، جىسمى يوق بولۇپ قالغان ئىدى، قورۇق پۇقرالىرىنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش بىلەن كۈن كەچۈرىدىغان ئاقسوڭەكلەرنىڭ كىرىمى كۈندىن ـ كۈنگە ساموراي لار تەرىپىدىن تارتىۋېلىنغان ئىدى. بارگاھ باش نازارەتچى ۋە يەر بېشى ئارقىلىق پۈتۈن مەملىكەتنىڭ مەمۇرى، مالىيە ۋە ھەربى ھوقۇقلىرىنى ئىگەللىگەن ئىدى.

ليەنساڭ بارگاھنىڭ ئاخىرقى يىللىرى، سامىماۋى خان بارگاھقا نارازى بولۇپ يۇرگەن بىر بولۇك ساموراي لار بىلەن تىل بىرىكتۇرۇپ، ئەسكەر باشلاپ چىقىپ بارگاھقا قارىتا جازا يۇرۇشى ئېلىپ بېرىپ، ساموراي لار ئوتتۇرىسىدا يىغا قوزغىۋەتكەن. 1335 ـ يىلى، ئەسلى كۈچى ئەڭ كۈچلۈك بولغان ساموراي زۇلى زۇنشى سامىماۋى خان خۇتىخۇنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، باشقىدىن قورچاق تىكلىگەن، ئۆزى چەتئەلگە قارىتا جازا يۇرۇشى قىلغۇچى چوڭ سەركەردە بولغان، پايتەختتە بارگاھ قۇرغان، شۇنىڭ بىلەن شىتىڭ بارگاھى① (1336 ــ 1573) نىڭ ھوكۇمرانلىقى باشلانغان.

ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان سامىماۋى خان خۇتىخۇ مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەي، پايتەختتىنىڭ جەنۇبىدىكى جىيې دىگەن يەرگە قېچىپ بېرىپ، بەزى يەرلىك ساموراي لارنى توپلاپ، زۇلى زۇنشى تىكلە-

---

① ئۇچىنچى ئەۋلات سەركەردىدىن باشلاپ بارگاھ جىگدۇنىڭ شىتىڭ دىگەن يېرىگە ئورۇنلاشقانلىقتىن قەدىمى نام بىلەن شۇنداق ئاتالغان.

گەن ساماۋى خان بىلەن قارشىلاشقان، 1392 ـ يىلىغا كەلگەندىلا شىمال تەرەپ بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ، جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرى (1336 ـــ 1392) دەپ ئاتالغان. زۇلى زۇنشى بىيتياۋشىنىڭ كونا تۈزۈمنى ئورنەك قىلىپ، ئۆزى بىلەن بىر ئۇرۇقتىن بولغان ساموراىلارنى كوپلىگەن بەگلىكلەرنىڭ باش نازارەتچىسى قىلىپ ئەۋەتكەن ھەم ئۇلارغا تېخىمۇ چوڭ ھوقۇق بەرگەن. بەگلىكلەرنىڭ يەرلىك ئەمەلدارلىرى كونتۇرول قىلىپ تۇرغان يەرلەر ۋە غوجىلارنىڭ قورۇقلىرى ئۇلارنىڭ ئىدارە قىلىشىدا بولغان، تېرىقچىلىق قىلىدىغان دېخانلارمۇ ئۇلارنىڭ قارمىقىدا بولغان، ئۇلار بۇ يەرلەر ۋە خەلقنى قول ئاستىدىكى ساموراىلارغا ئىنئام قىلىشقا ھوقۇقلۇق بولغان. شۇنداق قىلىپ، باش نازارەتچى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ بەگلىك مۇتەۋەللىسى ۋە قورۇق ئىگىسىنىڭ سىياسى ـ ئىقتىسادىي ھوقۇقلىرىنى تارتىۋېلىپ، كەڭ يەرگە ئىگە باش نازارەتچى دەپ ئاتىلىپ، بىر تەرەپنى بولۇۋالغان چوڭ فېوداللارنى شەكىللەندۈرگەن، جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش ئارقىلىق ھەرقايسى بەگلىكلەرنىڭ كەڭ يەرگە ئىگە باش نازارەتچىسى پۈتۈن بەگلىك تەۋەسىگە ھوكۇمرانلىق قىلىدىغان فېودال بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۆزلىرى كونتۇرول قىلىپ تۇرغان زېمىنىنىڭ سىرتىغا قاراپ تەسىرىي كۈچلىرىنى كېڭەيتىپ، ئۆزئارا ھۇجۇم قىلىشقان، 1467 ـ يىلى (يىڭرېنىنىڭ 1 ـ يىلى)غا كەلگەندە يىڭرېن مالىمانچىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. سەركەردىگە ۋارىسلىق قىلىش مەسىلىسى يۈزىسىدىن شىچۈەنشى 24 بەگلىكنىڭ تەخمىنەن 160 مىڭ ئەسكىرىي كۈچىنى، شەنمىڭشى 20 بەگلىكنىڭ تەخمىنەن 110 مىڭ ئەسكىرىي كۈچىنى توپلاپ، جىڭدۇنىڭ شەرق، غەرب تەرەپلىرىدە تىركىشىپ،

ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ 10 يىل شىددەتلىك ئۇرۇش ئېلىپ بارغان. جىڭدۇ ۋە ئۇنىڭ شەھەر ئەتراپىي رايونى ئۇرۇش ئوتىنىڭ ۋەيران قىلىشى ئارقىسىدا كۆيۈپ خارابىگە ئايلانغان، ئاقسۆڭەكلەر ۋە راھىبلار ئارقا-ئارقىدىن جايلارغا قېچىپ كەتكەن، پاناھلىنىشقا ئامالسىز قالغان كەڭ خەلق قاتتىق ئازاپ-ئوقۇبەت ئىچىدە بولۇشچە دەپسەندە قىلىنغان، چەكسىز بالا-قازاغا ئۇچرىغان. شىتىڭ بارگاھىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىمۇ زور دەرىجىدە ئاجىزلاشقان، لېكىن يېڭىرىن مالىمانچىلىقىدىن كېيىن ئۇرۇش توختاپ قالمىغان، پەقەتلا ئۇرۇش مەيدانى جىڭدۇدىن جايلارغا يۆتكەلگەن. كەڭ يەرگە ئىگە باش نازارەتچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەت ئەۋج ئېلىپ، 1573-يىلغىچە 100 يىلغا يېقىن يېغا بولغان، بۇ بەگلىكلەر ئۇرۇشى دەۋرى (1467—1573) دەپ ئاتالغان.

**دېخانلارنىڭ زور قوزغىلىڭى** بارگاھ دەۋرىدە، دېخانلار ئېغىر پاجىئەلىك ئېكسپىلاتاتسىيىگە ۋە زۇلۇمغا ئۇچرىغان ئىدى. ئۇلار دېخانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ 40 پىرسەنتىنى ھەتتا 60 پىرسەنتىنى فېئودالارغا تاپشۇراتتى، يەنە تاغ ئورمانلىقى مەھسۇلاتلىرى، سۇ مەھسۇلاتلىرى ۋە تۈرلۈك قول سانائەت بۇيۇملىرى بىلەنمۇ تەمىنلەيتتى، شۇنداقلا ھەر خىل مەجبۇرى ئەمگەكلەرنى قىلاتتى. قورۇق ئىگىسى ۋە دۆلەت مۇتەۋەللىسىدىن باشقا يەنە باش نازارەتچى ۋە يەر بېشىمۇ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىپ، قاتلاممۇ-قاتلام شىلىۋالغاچقا، دېخانلار قاتتىق ئازاپ-ئوقۇبەت ئىچىدە تۇراتتى. شىتىڭ دەۋرىدە، تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، جازانە مۇناسىۋىتىمۇ يېزىلارغا چوڭقۇرلاپ كىرگەن. فېئودالار ئەيش-ئىشرەت ۋە ئىسراپخورلۇق بىلەن شۇغۇللانغانلىقى

ئۈچۈن، كۆپ ھاللاردا، يەرلىرىنى رەنىگە قويۇش، ياكى يەر ئىجارىسىنى ۋاكالىتەن يىغىپ بېرىش يولى بىلەن سودىگەرلەردىن قەرز ئالاتتى. سودىگەرلەر، بىر تەرەپتىن، ئىجارە يىغىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ دېھقانلارنى شىلىۋالاتتى، يەنە بىر تەرەپتىن، سېرىقتال پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ دېھقانلارغا بىۋاسىتە ئۇسۇمىگە قەرز بېرىپ، ئۇلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كەڭ يەرگە ئىگە باش نازارەتچىلەر تەپرىقىلەر ئارا يىغا قوزغاپ، ھەممىلا يەردە كۆيدۈرۈش، ئۆلتۈرۈش، بۇلاش-تالاش ئېلىپ بارغانلىقتىن، ئاچارچىلىق ۋە يوقسۇللۇق كېسەللىك ئەۋج ئېلىپ، يېزىلار خاراپلاشقان، فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە زۇلۇمغا قارشىلىق كۆرسىتىش يۈزىسىدىن، 15-ئەسىردە دېھقانلار قوزغىلىڭى ئارقا-ئارقىدىن ئۈزۈلمەي بولۇپ تۇرغان. 1428-يىلدىن 1499-يىلغىچە، ياپونىيىدە 60 نەچچە قېتىم دېھقانلار قوزغىلىڭى يۈز بەرگەن، بولۇپمۇ جىڭدۇ، نەيلياڭ، شەنجېڭ قاتارلىق جايلاردىكى كۆرەش ئەڭ كەسكىن بولغان.

1428-يىلى (جېڭچاڭنىڭ 1-يىلى)، جىڭدۇنىڭ يېنىدىكى جىنجياڭ بەگلىكىدىكى دېھقانلار قەرزدارلىقتىن قۇتۇلۇش يۈزىسىدىن قوزغىلاڭ كۆتەرگەن. ئۇلار گوروخانىلارغا ئۈشتۈمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، گوروگە قويۇلغان نەرسە-كېرەكلەرنى تارتىۋېلىپ، خەت-ھۆججەتلەرنى كۆيدۈرۈۋەتكەن. قوزغىلاڭ ناھايىتى تېزلا جىڭدۇ، نەيلياڭ ۋە ئۇنىڭغا يېقىن بولغان بەگلىكلەرنى قاپلىغان. داخې بەگلىكى دېھقانلىرىنىڭ تاش بۇتقا "جېڭچاڭنىڭ 1-يىلىدىن كېيىن، شېخۇنىڭ شەھەر ئەتراپى يېزىلىرىدا قەرزدارلارنىڭ بولۇشىغا مەڭگۈ يول قويمايمىز" دەپ ئويۇپ قويغان قەسىمى ھېلىمۇ نەيلياڭ ناھىيىسىدە قەد كۆتىرىپ تۇرۇپ، شۇ قېتىمقى دېھقانلار كۈرىشىنىڭ غەلىبىسىنى

خاتىرىلىمەكتە. 1429 ـ يىلى، بومو بەگلىكىدىكى (ھازىرقى بىڭگو ناھىيىسىدە) دىخانلار قوزغىلىڭى ساموراي لارنىڭ بەگلىكلەر ئىچىدە غالجىرلىق قىلىشىغا يول قويمايمىز دېگەن ياڭراق شوئارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، باش نازارەتچىنىڭ قوشۇنىنى تارمار قىلغان، سامورايلار تەسىرىي كۈچلىرىنى قوغلاپ چىقىرىۋەتكەن. 15 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە، ھەرقايسى جايلاردىكى دىخانلار ئۈزلۈكسىز قوزغىلاڭ كوتەرگەن، جىيى بەگلىكىدىكى (ھازىرقى خېگېشىيەن ناھىيىسىدە) دىخانلار "باش نازارەتچىنى كىرەك قىلمايمىز، جىيى بەگلىكىنى دىخانلارنىڭ ئوز بەگلىكىگە ئايلاندۇرىمىز!" دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويغان. 1485 ـ يىلى، شەنچېڭ بەگلىكىدىكى (ھازىرقى جىڭدۇ دىيارىدا) كۈرەش دىخانلار قوزغىلىڭى دولقۇنىغا كوتىرىلگەن. شەنچېڭ بەگلىكىدىكى ئىككى فېئوداللار گۇرۇھى ئىچكى ماجرا پەيدا قىلىپ، بەگلىك ئىچىدە ھەرقايسىسى ئوز ئالدىغا چازا قۇرۇپ باج ئالغان ھەمدە زورلۇقچە سېلىق يىغىپ، ئالۋاڭ سېلىپ، خەلققە بالايى ـ ئاپەت كەلتۈرگەن. شەنچېڭ بەگلىكىدىكى دىخانلار قوزغىلىپ قارشىلىق كورسىتىپ، ئىككى تەرەپنىڭ ئەسكىرىي كۈچىنى چېكىندۈرۈپ چىقىپ كېتىشىنى، چازىلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ۋە باشقىلارنى تەلەپ قىلغان. خەلق كۈرىشىنىڭ بېسىمى ئاستىدا، ئىككى تەرەپ فېئوداللىرى ئامالسىز شەنچېڭ بەگلىكىدىن چېكىنىپ چىققان. دىخانلار ئوز ھاكىمىيىتىنى قۇرۇپ، 38 ۋەكىلدىن تەشكىل تاپقان ئورگاننى سايلاپ چىقىپ، بەگلىك تەۋەسىدىكى مەمۇرى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلغان. يەنە قانۇن تۈزۈپ، يەر ئىجارىسىنى كېمەيتكەن ۋە بىكار قىلغان. دىخانلارغا پايدىلىق بولغان باج ـ سېلىق نورمىسىنى بەلگىلىگەن. شەنچېڭ بەگلىكىدىكى خەلقنىڭ ئوز ئوزىنى ئىدارە

قىلىشى 7 يىلغىچە داۋاملاشقان، لېكىن ۋەكىللەرنىڭ تولىسى ئوتتۇرا، كىچىك پومېشچىكلار تەبىقىسىدىكى تۆۋەن دەرىجىلىك سامۇرايلار بولۇپ، ئۇلار رەھبەرلىك ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغانلىقتىن، فېوداللىققا قارشى تۇرۇش تەل-تۆكۈس بولماي قېلىپ، قوزغىلاڭ ئاخىر مەغلۇپ بولغان.

شەنچېڭ بەگلىكى دېھقانلىرىنىڭ قوزغىلىڭىدىن كېيىنلا ياپونىيە خەلقى يەنە پاك دۇنيا مەزھىپى مۇرىتلىرىنى يادرو قىلغان ھالدا قوزغىلاڭ كۆتەرگەن. پاك دۇنيا مەزھىپى بۇددا دىنى پاك دۇنيا مەزھىپىنىڭ بىر تارمىقى ئىدى، ئۇنىڭ دىنىي ئەقىدىسى بۇ دۇنيانى يامان كۆرۈش، پاك دۇنيانى ئارمان قىلىش ئىدى، ناماس① ئامىتاب-خا② دەپ ئايەت ئوقۇسىلا راھەت-پاراغەت دۇنياسىدا قايتىدىن تۆرىلىدۇ، دەپ ھېسابلايتتى، بۇ مەزھەپ دېھقانلار ئارىسىدا كەڭ تارالغان، ئېزىلگۈچى دېھقانلار ئاممىسى پاك دۇنيا مەزھىپىنىڭ تەشكىلىي شەكلىنى قوللىنىپ، فېئودال كۈچلەر بىلەن ئېلىشقان. 1487-يىلى، جىياخې بەگلىكىدىكى پاك دۇنيا مەزھىپى دېھقانلىرى چوڭ يەر ئىگىسى فۇجىيەن جېڭچىننىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشىلىق كۆرسىتىپ، قوراللىق كۈرەش ئېلىپ بارغان، شىمالىي قۇرۇقلۇقتىكى③ دېھقانلار كېلىپ ياردەم بەرگەن، پاك دۇنيا مەزھىپى غەلىبە قازىنىپ، جىياخې قاتارلىق 3 بەگلىكنى ئىشغال قىلغان، جېڭچىن ئۆزىنى

① ناماس — ھۆرمەتلەش، جېنىنى ئاتا قىلىش مەنىسىدە. — تەرجىماندىن.

② ئامىتابخا — "چەكسىز نۇر"، "چەكسىز ئۆمۈر" دېگەن مەنىدە بولۇپ، "جەننەت" مۇئەككىلى ئىمىش. — تەرجىماندىن.

③ شىمالىي قۇرۇقلۇق دېگەندە بېيجۇدىكى روشىيا، يۈېچىيەن، جىياخې، نىگدېڭ، يۈېجۇڭ، يۈېخۇ، زودۇدىن ئىبارەت 7 بەگلىك كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئۆزى ئۆلتۈرۈۋالغان. كۆرەش جىڭدۇ، دابەن تەرەپلىرىگە كېڭەيگەن، شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر ئەسىر ئىچىدە، جياخې بەگلىكى پاك دۇنيا مەزھىبى مۇرىتلىرى تەرىپىدىن كونترول قىلىنغان، لېكىن ھاكىمىيەتنى راھىبلار چاڭگىلىغا ئېلىۋالغانلىقتىن، ئۇ يەنىلا دىخانلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان ۋە ئېزىدىغان فېئوداللىق ئورگانغا ئايلىنىپ قالغان. كېيىن دىخانلارنىڭ كۈرىشى يەنىلا راۋاجلانغان، قوزغىلاڭ 16-ئەسىردە ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ، فېئودال تەپرىقە كۈچلىرىگە قاتتىق زەربە بەرگەن، ياپونىيىنىڭ بىرلىككە كېلىشىگە پايدىلىق بولغان.

**سودا-سانائەتنىڭ تەرەققى قىلىشى ۋە شەھەرلەرنىڭ راۋاج تېپىشى** لىيەنساڭ دەۋرىدىن باشلاپ، ياپونىيىدە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ يۈكسىلىشى كۈنسايىن روشەنلەشكەن. دىخانچىلىقتا جۇڭگودىن كىرگەن ئىلغار تېخنىكا ئومۇمىي يۈزلۈك قوللىنىلغان، يېزىلاردىكى ئائىلە قول سانائىتىنىڭ بىر قىسمى مۇستەقىل قول سانائەتكە ئايلانغان، تاۋار-پۇل مۇناسىۋىتىدە راۋاجلىنىشلار بولغان، سودا-سانائەتنىڭ تەرەققى قىلىشى ئارقىسىدا شەھەرلەر مەيدانغا كەلگەن. ياپونىيە شەھەرلىرىنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى كۆپ خىل ئىدى، بەزىلىرى مەمۇرىي مەركەزنىڭ تەرەققىي قىلىشىدىن ۋۇجۇتقا كەلگەن، بەزىلىرى پورتلاردىن، ئوتەڭلەردىن ۋە ئىبادەتخانا ئالدىدىكى بازاردىن تەرەققى قىلىپ ۋۇجۇتقا كەلگەن ئىدى. شەھەر ئاھالىسى، ئاساسەن، سودا-سانائەتچىلەر ئىدى. قول سانائەتچىلەر كەسىپداشلار ئۇيۇشمىسىنى تەشكىل قىلىپ، ھەربىر رايوندىكى مەلۇم كەسىپنىڭ قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىشنى مونوپوللۇق قىلىۋېلىپ، باشقىلارنى يەتكە قېقىپ قول تىققىلى قويمايتتى ھەمدە چوڭ

يەر ئىگىسىگە بەلگىلىك ئولپان تاپشۇراتتى.

16-ئەسىردە، ياپونىيىدە 200 دىن ئارتۇق شەھەر بارلىققا كەلگەن، سودا-سانائەت خېلى گۈللەنگەن ئىدى، جىڭدۇنىڭ توقۇمىچىلىقى، جىبى شەھىرىنىڭ توقۇمىچىلىقى، سىرلانغان ئەسۋاپ-جابدۇقلىرى، قورال-ياراق ياساش كەسپى، لىيەنساڭنىڭ مىتال تاۋلاش ۋە قۇيمىچىلىقتا ئوخشاش كەسىپلەرنىڭ مەملىكەت بويىچە داڭقى چىققان ئىدى. تاشقى سودا ئىشلىرىمۇ ناھايىتى راۋاج تېپىپ، جوڭگو، چاۋشيەن ۋە باشقا ئاسىيا ئەللىرى بىلەن كەڭ سودا-سېتىق ئالاقىسى ئورنىتىلغان ئىدى. قىلىچ-شەمشەر، سىرلانغان ئەسۋاپ-جابدۇقلار، چىمىلدىق، قاتلىما يەلپۈگۈچ، ئالتۇن-كۈمۈش بۇيۇملار ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار چەتكە چىقىرىلاتتى؛ يارماق پۇل (ئۇ ۋاقىتتا ياپونىيە پۇل قۇيمايتتى، جوڭگونىڭ قۇيما پۇلىنى ئىشلىتەتتى)، تاۋار-دۇردۇن، پاختا، شېكەر، ئەينەك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار چەتتىن كىرگۈزۈلەتتى. لېكىن ئەينى ۋاقىتتىكى تاشقى سودىنىڭ تولىسىنى چوڭ يەر ئىگىلىرى كونترول قىلىۋالغان ئىدى. 16-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، غەربىي ياۋروپانىڭ مۇستەملىكىچى كۆچلىرىمۇ ياپونىيىگە بېسىپ كىرىشكە باشلىغان ئىدى، غەرپنىڭ سودىگەرلىرى ۋە دىن تارقاتقۇچىلىرى ياپونىيىگە كېلىپ ھەركەتلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ تەسىرىي كۈچىنى كېڭەيتىش كويىدا مىلتىق-زەمبىرەكلەرنى ئېلىپ كىرىپ، چوڭ يەر ئىگىلىرىنىڭ ئۇرۇش قىلىشى ئۈچۈن بەرگەن ئىدى.

سودا-سانائەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئارقىسىدا شەھەرلەرنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى كۈچىيىپ، بەزى چوڭ شەھەرلەر فېئودالالارنىڭ تىزگىنلىشىدىن بارا-بارا قۇتۇلۇپ، ئۆز ئۆزىنى ئىدارە قىلىشنى

قولغا كەلتۈرگەن ئىدى. مەسىلەن، جىيۇجۇدىكى چاڭچى شەھىرىمۇ، شىچىن بەگلىكىدىكى پىڭچېڭ شەھىرىمۇ شەھەردىكى كاتتا سودىگەرلەردىن تەشكىل تاپقان شەھەرلىك پارلامېنتنى سايلاپ چىقىپ، شەھەرنىڭ مەمۇرى ئىشلىرىنى باشقۇرغان ئىدى، خۇسۇسەن دابەن قولتۇغى ئىچىگە جايلاشقان جېي شەھىرى 15-ئەسىردە ياپونىيىنىڭ تاشقى سودا مەركىزى بولۇپ قالغان ئىدى، ئۇنىڭ جۇڭگو ۋە چاۋشيەن بىلەن بولغان باردى-كەلدىسى قويۇق بولغان ئىدى. سودا-سانائىتى گۈللەنگەن، نوپۇسى كۆپىيىپ، ئەسىرىي كۆچى كۆچەيگەن ئىدى. بۇ شەھەر فېئودااللارغا يىللىق ئولپان تاپشۇرۇشنى توختىتىپ، ئۆز ئۆزىنى ئىدارە قىلىشنى قولغا كەلتۈرگەن ئىدى، 36 كاتتا سودىگەردىن شەھەر ھاكىمىيىتىنى تەشكىل قىلغان، سوت قۇرغان ۋە ياللانما قوشۇندىن تەشكىل تاپقان ئارمىيىگە ئىگە بولغان ئىدى، ئىستىھكام ۋە خەندەكلىرى پۇختا ئىدى، ياۋروپالىقلار ئەينى ۋاقىتتا بۇ شەھەرنى ياپونىيىنىڭ ۋېنېتسىيىسى دەپ ئاتىشاتتى.

شەھەر ئاھالىسىنىڭ كۈچلىرى تەدرىجى باش كۆتىرىپ، سودا-سانائەت ھەركەتلىرىگە ئوڭايلىق تۇغدۇرۇش مەقسىدىدە، چوڭ يەر ئىگىسىنىڭ فېئوداللىق تەپرىقىسىگە قارشى كۈرەشنى قانات يايدۇرۇپ، ئۆز ئۆزىنى ئىدارە قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈش ھەركىتىنى باشلىغان، بۇ ھەركەت بەزى جايلاردا راۋاجلىنىپ قوراللىق كۈرەشكە ئايلانغان ئىدى. لېكىن ياپونىيىنىڭ شەھەر ئاھالىسى كۈچلىرى بىرقەدەر ئاجىز ئىدى، نۇرغۇنلىغان سودا-سانائەت چوڭ يەر ئىگىلىرىنىڭ قولىدا بولغاچقا، شەھەرلەردىكى ئۆز ئۆزىنى ئىدارە قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈش ھەركىتى بىر مەھەل بىخ ئۇرۇپ چىققاندىن كېيىنلا يىمىرىلگەن ئىدى. ئەڭ داڭلىق بولغان جېي شەھىرىمۇ 16-ئەسىرنىڭ

ئاخىرلىرىدا جۇتىيەن شىنچاڭ تەرىپىدىن بوي سۇندۇرۇلۇپ، قورالسىزلاندۇرۇلغان، نۇرغۇنلىغان شەھەر ئاھالىسى دايەن شەھىرىگە كوچۇپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان، شەھەرلەردىكى ئۆز ئۆزىنى ئىدارە قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈش ھەركىتى بارا-بارا يىمىرىلىپ، ياپونىيەنىڭ شەھەرلىرى يەنىلا فېئوداللارنىڭ كونتروللۇغىدا قېلىۋەرگەن ئىدى.

**ياپونىيىنىڭ بىرلىككە كېلىشى** سودا-سانائەتنىڭ تەرەققى قىلىشى، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىقتىسادىي ئالاقىسىنىڭ كۈچەيتىلىشى دولەتنىڭ بىرلىككە كېلىشىگە ئالدىنقى شەرت يارىتىپ بەرگەن ئىدى. پۈتۈن مەملىكەتنىڭ بىرلىككە كېلىشىگە پايدىلىق بولغان ئۆزگۈلمەي كوتىرىلىپ تۇرغان خەلق قوزغىلىڭى فېئودال تەپرىقە كۈچلىرىگە قاتتىق زەربە بەرگەن ئىدى.

بەگلىكلەر ئۇرۇشى دەۋرىگە قەدەم قويۇلغان چاغدا، يەرلەرنى مەركەزلەشتۈرۈش كۈچەيتىلىپ، ياپونىيىنىڭ فېئوداللىق چوڭ يەر مۈلۈكچىلىكى يەنىلا تەرەققى قىلماقتا ئىدى. ئوتتۇرا، كىچىك فېئودال لار، كوپىنچە، يەرلىرىنى چوڭ فېئوداللارغا ئامانەت قويۇپ، ئوزلىرى ئۇنىڭ چاكىرى بولۇپ قالاتتى. بۇلار بارا-بارا چوڭ يەر ئىگىسىنىڭ قەلئەسىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان، يەرلەردىن پەقەت باج-سېلىقلا ئالىدىغان، ئەمما باشقۇرۇشقا ئارىلاشمايدىغان، يەرلىرىدىن ئاجرىلىپ چىققان كەسپىي ھەربىي بولۇپ، ئۇرۇش ئارقىلىق تالان-تاراج قىلىشنىلا كەسىپ قىلىۋالغانلار ئىدى. چوڭ زېمىندارلار ئۇلارنىڭ قوراللىق كۈچلىرىگە تايىنىپ ئۆزلۈكسىز ھالدا قوشۇۋېلىش ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىپ، خەلققە ناھايىتى زور زىيانلارنى كەلتۈرەتتى.

بەزى ئوتتۇرا، كىچىك فېوداللار چوڭ زېمىندارلار كۈچلىرىنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق كۈچىيىپ كېتىشىنى خالىمايتتى، ئۇلار خەلقنىڭ قارشىلىقىنى باستۇرۇشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، پۈتۈن مەملىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش كويىدا ئىدى. چوڭ سودىگەرلەرمۇ پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا سودا-سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پايدىلىق بولسۇن ئۈچۈن، بىرلىككە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىشاتتى. جۇتيەن شىنچاڭنىڭ بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىشلىرى ئەنە شۇلارنىڭ قوللىشى ئاستىدا قوزغىتىلغان ئىدى.

جۇتيەن شىنچاڭ (1534—1582) ۋېيجاڭ بەگلىكىدىكى① بىر ئوتتۇرا دەرىجىلىك فېودال ئىدى، ئۇ سامورايلاردىن تەشكىل قىلىنغان ئاتلىق ئەسكەرلەرگە تايىنىپ ۋە دېھقانلارنى ھاشارغا تۇتۇپ پىيادە ئەسكەر تەشكىل قىلىپ، پورتۇگالىيىلىكلەر ئېلىپ كىرگەن غەرپ ئەللىرىنىڭ مىلتىق-زەمبىرەكلىرىنى ئىشلىتىپ، 1558-يىلدىن ئېتىۋارەن، يېقىن ئەتراپتىكى مېينۇڭ، جىنجياڭ، يۈيچيەن قاتارلىق بەگلىكلەرنى ئارقا-ئارقىدىن قوشۇۋالدى. 1568-يىلى، جىڭدۇنى ئىشغال قىلدى. 1573-يىلى، سەركەردە زۇلى يىجاۋنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، شىتىڭ بارگاھىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بەردى. جۇتيەن ھاكىمىيەتنى كونترول قىلىۋالغاندىن كېيىن، ساماۋى خانىغا كورۇنۇشتە ئىتائەت قىلغاندەك بولۇپ، سەركەردە دېگەن نامنى قوللانمىدى. ئۇ پاك دۇنيا مەزھىپى دېھقانلىرىنىڭ قوزغىلىڭىنى دەھشەتلىك تۈردە باستۇردى ھەمدە يەرلەرنى تەكشۈرۈشكە كىرىشىپ، دېھقانلارنى فېوداللارنىڭ يەرلىرىگە بەنت قىلىپ قويۇپ،

---

① ھازىرقى ئەيچى ناھىيىسىنىڭ مىڭگۇۋۇ ئەتراپلىرى.

دىخانلارنىڭ يۈكىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى. ئۇ يەنە دىخانلارنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، قورال-ياراقلىرىنى تاپشۇرۇشى توغرىسىدا قاتتىق بۇيرۇق چۈشۈردى.

جۇتيەن شىنچاڭ پۇل تۈزۈمىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، كان ئېچىپ، كەسپداشلار ئۇيۇشمىسى ۋە چارىلارنى بىكار قىلىپ، سودىگەرلەرنىڭ ئەركىن قاتناپ تۇرۇشىغا ۋە سودا قىلىشىغا يول قويدى. ئۇ يەنە ئىبادەتخانا كۈچلىرىگە زەربە بېرىپ، ئىبادەتخانىلارنى ئاقىتىۋەتتى، ھەتتا راھىبلارنى ئۆلتۈردى ھەمدە ئىبادەتخانا بىلەن قارشىلىشىش ئۈچۈن كاتولىك دىنىنى تەشەببۇس قىلدى، لېكىن جۇتيەن شىنچاڭ ياپونىيىنىڭ بىرلىككە كېلىشىنى ئىشقا ئاشۇرالمىدى، 68 بەگلىكتىن ئۇ ئاران 30 بەگلىكنىلا كونتۇرول قىلالىدى.

1582-يىلى، جۇتيەن قول ئاستىدىكىلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈۋېتىلدى، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى سەركەردە فېڭچېن شيۇجى (1536—1598) ئۇنىڭ بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇردى. شيۇجى دابەن شەھرىنى تايانچ بازا قىلىپ، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ 4 قېتىم ئۇرۇش ئېلىپ بېرىپ، ياپونىيىنى دەسلەپكى قەدەمدە بىرلىككە كەلتۈردى. ئۇ ئۇرۇشتا يېڭىلگەن چوڭ زېمىندارلارنىڭ يەرلىرىنى كېمەيتىپ، ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى سەركەردىلىرىگە موھۇرلەپ تەقسىم قىلىپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ تەسىرىي كۈچىنى يېتىشتۈردى. سودىگەرلەرگە سودا ئەركىنلىكى بەردى، ئەمما تاشقى سودىنى يەنىلا تىزگىنلىۋالدى.

فېڭچېن شيۇجى ئاساسىي تەدبىرنى دىخانلارنى باستۇرۇش تەرىپىگە قارىتىپ، خەلق ئىچىدىكى قورال-ياراقلارنى مۇسادىرە قىلىپ، خەلقنىڭ قىلىچ ئېسىپ يۈرۈشىنى مەنئى قىلدى، شۇنىڭدىن باشلاپ

www.uyghurkitap.com

قورال-ياراق ئېلىپ يۈرۈش سامۇرايلارنىڭ ئىمتىيازى بولۇپ قالدى. ئۇ يەر تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، يەرنىڭ كولەم بىرلىكىنى بېكىتىپ، يەرلەرنى ئۈنۈملۈك ۋە ئۈنۈمسىزلىككە قاراپ تۆت دەرىجىگە ئايرىپ، ئۆلچەملىك مەھسۇلات مىقدارىنى بەلگىلىدى. دېھقانلار تاپشۇرىدىغان يىللىق ئۆلپاننىڭ ئىككى ئۈلۈشىنى ئومۇمغا، بىر ئۈلۈشىنى دېھقانغا (يەنى ئۈچتىن ئىككى ئۈلۈشىنى فېئودالغا تاپشۇرۇش، ئۈچتىن بىر ئۈلۈشىنى دېھقانغا قالدۇرۇش) تەۋە قىلىپ بەلگىلەپ، ماددى نەرسە تاپشۇرغۇزۇپ، ئېكسپىلاتاتسىيىنى زور دەرىجىدە كۈچەيتىۋەتتى. يەنە دېھقانلارنى 5 كىشىلىك گۇرۇپپىغا ياكى 10 كىشىلىك گۇرۇپپىغا ئايرىپ، بىر ئائىلە گۇناھ ئۆتكۈزسە، قالغان ئائىلىلەر بىللە جازاغا تارتىلىدىغان بىر خىل چېتىلما كېپىللىكنى شەكىللەندۈردى. تىزگىنلەشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئاھالە (جۈملىدىن ساموراي، سودىگەر قاتارلىقلار)نىڭ رۇخسەت ئالماي تۇرۇپ ئۆز كەسپىنى ياكى تۇرار جايىنى يەڭگۈشلىۋېلىشىغا بولمايدىغانلىقىنى بەلگىلىدى. بۇ ئەھۋاللار فېئوداللىق دۆلەت ماشىنىسىنىڭ كۈچەيتىلىشىدە ھەممىدىن ئاۋال خەلقنى باستۇرۇش مەقسىتىگە يېتىش كۆزلەنگەنلىكىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

فېڭچېن شيۇجىنىڭ چاۋشيەن بىلەن جۇڭگونى بويسۇندۇرۇشنى مەقسەت قىلغان غالجىرانە تاجاۋۇزچىلىق قارا نىيىتى بولغان ئىدى. ئۇ 1592-يىلىدىن باشلاپ 300 مىڭ ئەسكەر چىقىرىپ چاۋشيەنگە ھۇجۇم قىلغاندا، چاۋشيەن-جۇڭگو قوشۇنلىرىنىڭ بىرلىشىپ زەربە بېرىشى ئارقىسىدا، ياپونىيە قوشۇنى قەدەمدە بىر مەغلۇپ بولۇپ چېكىنگەن، فېڭچېن شيۇجى دەرت-ئەلەم ئىچىدە ئۆلۈپ، ئۇنىڭ

تاجاۋۇزچىلىق پىلانى پۈتۈنلەي بەربات بولغان ئىدى.

پىكچېن شىۋجى ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى سەركەردە دېچۇەن جياكاڭ (1542 — 1616) ئۇنىڭ ئورنىنى بېسىپ، ئۆزىنىڭ دۈشمىنى — چوڭ زېمىندارلارنى قەدەممۇ-قەدەم يوقىتىپ، 1600-يىلدىكى گۇەنيۈەن (ھازىرقى چىفۇ ناھىيىسىدە) جېڭىدە، 40 نەچچە چوڭ زېمىندارنىڭ بىرلەشمە قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قازاندى. 1603-يىلى، دېچۇەن جياكاڭ چەتئەلگە قارىتا جازا يۈرۈشى قىلغۇچى چوڭ سەركەردە بولۇپ، جياڭخۇ (ھازىرقى توكيو)دا بارگاھ قۇردى. ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى تاكى مىڭجىنىڭ يېڭىلىققا كۆچۈشىگە قەدەر داۋاملاشتى.

**دېچۇەن بارگاھى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردىكى سىنىپىي مۇناسىۋەت** دېچۇەن بارگاھىنىڭ بىۋاستە قارىمىقىدىكى غوجىلىق يەرلەر پۈتۈن ياپونىيە تەۋەسىدىكى 66 بەگلىك ئىچىدىكى 47 بەگلىككە تارقالغان، بۇلار جياڭخۇ، جىڭدۇ، دابەن، جىپې، چاڭچى قاتارلىق مۇھىم شەھەرلەر ھەم بەزى دەريا-دېڭىز قولتۇقلىرى ۋە كانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. غوجىلىق يەرلەر ئىشلەپچىقىرىدىغان يىللىق گۈرۈچ مەھسۇلاتى 7 مىليون دادەن ئۆپچۆرىسىدە بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەت مەھسۇلات مىقدارىنىڭ تەخمىنەن تۆتتىن بىر قىسمىغا باراۋەر كېلەتتى. بارگاھ پۈتۈن مەملىكەتتىكى يەرلەرنى چوڭ فېئوداللارغا بەرگەن ئىدى، مەھسۇلات مىقدارى 10 مىڭ دادەندىن ئارتۇق يەرگە ئىگە بولغۇچىلار چوڭ زېمىندار دەپ ئاتىلاتتى، ئۇلاردىن جەمئى 200 نەچچىسى بار ئىدى، ئەڭ چوڭىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى بىر مىليون دادەندىن ئاشاتتى. بارگاھ بىلەن مۇناسىۋىتى يىراقلاشقان ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئۇزاق مۇددەت دۈشمەنلەشكەن چوڭ

زېمىندارلارنىڭ تولىسىغا غەربىي جەنۇبتىكى ياكى شەرقىي شىمالدىكى چەت جايلار موھۇرلەپ بېرىلگەن، بارگاھتىكىلەر بىلەن بىر سىللەتتىن بولغان ۋە ئۇلارغا يېقىن بولغان چوڭ زېمىندارلارغا باي جايلار ياكى قولايلىق مۇھىم جايلار موھۇرلەپ بېرىلگەن ئىدى. سەركەردىلەر ۋە چوڭ زېمىندارلارنىڭ قول ئاستىدا ئوز ئالدىغا ساموراي‌لىرى بولاتتى، ئاز ساندىكى ساموراي‌لار موھۇرلەپ بېرىلگەن يەرگە ئىگە بولاتتى، كوپ ساندىكىلىرى مائاش ئالاتتى. جىڭدۇدىكى ساماۋى خاننىڭ قۇرۇق نامىلا قالغان ئىدى، بۇرۇنقىدەكلا قىلچە سىياسىي ھوقۇقى يوق ئىدى، مالىيە كىرىمى جەھەتتە، ئۇنىڭ ئاز بولغاندا، ھەر يىللىق مەھسۇلات مىقدارى ئاران 10 مىڭ دادەنلىك يېرىلا بولاتتى.

سەركەردىلەر، چوڭ زېمىندارلار ۋە ساموراي‌لارنىڭ ھوكۈمرانلىقى كەڭ دېھقانلارنى دەھشەتلىك تۈردە ئېزىش ۋە رەھىمسىزلەرچە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىدى. بەگلىكلەر ئۇرۇشى دەۋرىدىلا، چوڭ زېمىندارلار ئوز تەۋەسىدىكى خەلقنى ۋە يەرلەرنى بىۋاستە، بىر تۇتاش ئىدارە قىلىپ، دېھقانلارنى كونتۇرول قىلىش ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ئۈچۈن، تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، يەرلەرنى ئوز كونتۇروللۇقىغا ئوتكۈزۈۋېلىپ، دولەت مۇتەۋەللىسى، قورۇق ئىگىسى، قورۇق ئەمەلدارى ۋە يەر بېشى قاتارلىقلارنىڭ دېھقانلار ئۈستىدىن يۈرگۈزگەن كوپ باشلىق ھوكۈمرانلىقى ۋە قاتلاممۇ-قاتلام ئېكسپىلاتاتسىيىسىنى قەدەممۇ-قەدەم يوقاتقان ئىدى. فېڭچېن شيۇجى دۈشمەنلىرىنى بىرقانچە قېتىملاپ يېڭىش پۇرسىتىدىنمۇ پايدىلىنىپ، تېخىمۇ كوپ جايلاردا يەر تەكشۈرۈشنى ئېلىپ بېرىپ، قورۇق تۈزۈمىنىڭ قالدۇقلىرىنى يەنىمۇ

ئىلگىرىلەپ يوقاتقان ئىدى. دىچۇەن بارگاھى فېڭچېن دەۋرىدىكى تۈزۈمگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئادەم سانى كوپ بولغان بىۋاستە ئىشلەپچىقارغۇچى ئۇششاق دېخانلارنى ئېتىراپ قىلغان ئىدى. ئۇششاق دېخانلار ئائىلىنى بىرلىك قىلاتتى، ئائىلە ئىگىسى بارگاھتىن تېرىقچىلىق ھوقۇقى ئالاتتى. ئۇلار يەرگە بېقىناتتى، يەرلەرنى ئېلىپ-سېتىشقا، ئوتتۇنۇشقا ياكى پارچىلاشقا بولمايتتى. قورۇق ۋە باشقا ئوتتۇرا تەبىقىنىڭ يەر ئىگىلىۋېلىشى توگىتىلگەن، كەنت يەرلىك ئاساسى قاتلام بىرلىكى بولۇپ قالىغان ئىدى، بارگاھ ياكى چوڭ زېمىندار ئۇلاردىن يىللىق ئولپاننى ئەمەلدار ئەۋەتىپ بىۋاستە يىغاتتى.

دىچۇەن بارگاھى تۈرلۈك ۋاستىلەرنى قوللىنىپ دېخانلار ئۈستىدىن ھوكۇمرانلىق يۈرگۈزگەن ۋە ئۇلارنى ئەزگەن ئىدى. "ئۇلار قىينچىلىق تارتىپمۇ قالمىسۇن، ئەركىن بولۇپمۇ كەتمىسۇن، مانا بۇ—دېخانلارغا قىلىنىدىغان مېھرى-شەپقەتتۇر"، "كۈنجۈتنىمۇ، دېخاننىمۇ قانچە باسسا، شۇنچە كوپ ياغ چىقىدۇ". بۇ ياۋۇز قارا نىيەت دەل بارگاھنىڭ سىياسەت يۈرگۈزۈشتىكى چىقىش نۇقتىسى ئىدى. دېخانلار-نىڭ ئولتۇراق جايىنى كوچۈرۈش ۋە تېرىيدىغان زىرائەت تۈرلىرىنى تاللاش ئەركىنلىكى ئېلىپ تاشلانغان ئىدى، يىللىق ئولپان نىسبىتى: 5 ئۈلۈشى ئومۇمنىڭ، 5 ئۈلۈشى دېخاننىڭ بولاتتى، ھەتتا تېخىمۇ ئېغىر بولاتتى، سۇلۇق يەر ئۇچۇنمۇ، بىنەم يەر ئۇچۇنمۇ گۈرۈچ تاپشۇرۇش بەلگىلەنگەن، يەنە سۇ ئىنشائاتى، ترانسپورت ۋە ئۇرۇش قىلىش جەھەتلىرىدىكى ئەرلەر ئۇچۇن سېلىنغان ئالۋاڭ ھەم شۇنىڭغا ئوخ-شاش يۈتمەس-توگىمەس ئالۋاڭلارمۇ بولاتتى. بارگاھ ئىقتىسات قىلىشنى قاتتىق يولغا قويۇش تۇغرىسىدا دائىم بۇيرۇق چىقىرىپ،

www.uyghurkitap.com

دىخانلارنىڭ كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچمەكلىرىگىمۇ چەك قويۇپ تۇراتتى، مەسىلەن، دىخانلار گۆرۈچ ئىشلەپچىقارسا، يىللىق ئولپانىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، قارا ئاشلىق يېيىشىگىلا رۇخسەت قىلاتتى. كەنتلەردە 5 ئائىلە چېتىلما كېپىللىك قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، دىخانلارنى ئۆزئارا نازارەت قىلىشقا مەجبۇر قىلاتتى، ئۇلاردىن بىرەر ئائىلە ئالۋاڭ-ياساقتىن قاچسا، ياكى گۇناكارنى يوشۇرسا، پۈتۈن گۇرۇپپىدىكىلەر بىرلىكتە جازاغا تارتىلاتتى. دىخانلار دائىم قاتتىق ئازاپ-ئوقۇبەت ئىچىدە تۇراتتى، يەرسىز كەمبەغەل دىخانلار تېخىمۇ بەك ئولۇم گىرداۋىدا تىترىكىشەتتى.

بارگاھ لىيەنساڭدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كەلگەن ساموراپلارغا ھۆرمەت قىلىشتەك ئەنئەنىنى داۋاملاشتۇرۇپ، جۇڭگونىڭ فېودالىق جەمىيەتتىكى تەرتىپلىرىدىن پايدىلىنىپ، كىشىلەرنى سالاھىيىتى ئوخشاش بولمىغان تۆت ئىجتىمائى دەرىجىگە، يەنى ساموراپلار، دىخانلار، قول سانائەتچىلەر ۋە سودىگەرلەرگە ئايرىغان، ئومۇمەن، مىراسخورلۇق ئۆزگەرمىگەن، ئۆزئارا نىكالىنالمىغان، ھەتتا كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچمەك، يېتىش-قوپۇش جەھەتلىرىدىمۇ پەرقلەندۈرۈش بەلگىلەنگەن ئىدى. ساموراپلار "تۆت خىل پۇقرا"غا باش بولۇپ تۇراتتى، ئۇلار (ئائىلە تەۋەلىرى بىلەن قوشۇلۇپ) 25-26 مىليون ئاھالىنىڭ تەخمىنەن 10 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلاتتى، ئاھالىنىڭ 80 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدىغان دىخانلارغا ۋە تەخمىنەن 10 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدىغان سودىگەرلەر، قول سانائەتچىلەر ۋە باشقىلارغا ھوكۇمرانلىق قىلاتتى. ساموراپلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىمۇ قاتتىق دەرىجە پەرقى بولاتتى، مەسىلەن، سەركەردىگە بىۋاستە قارايدىغان ساموراپلار ئىچىدە، سەركەردە بىلەن

كورۇشەلەيدىغان ۋە كورۇشەلمەيدىغان پەرقلىق دەرىجە بولاتتى. سەركەردە بىلەن چوڭ زېمىندارلار ئوتتۇرىسىدا، خۇسۇسەن بارگاھ قوّرۇلۇشتىن بۇرۇنلا ئۇزاق مۇددەت دۈشمەنلىشىپ كەلگەن چوڭ زېمىندارلار ئوتتۇرىسىدا ئوتكۇر زىددىيەت مەۋجۇت ئىدى. بارگاھ نىزام تۈزۈپ، ئوز ھوكۇمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، چوڭ زېمىندارلارغا خىلمۇ-خىل چەكلىمە قويۇپ ۋە مۇداپىەلىنىشىنى يولغا قويۇپ، چوڭ زېمىندارلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈچ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاش ۋە بارگاھنىڭ چوڭ زېمىندارلارغا بولغان مۇتلەق ئۈستۈن-لۈكىنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشقان ئىدى. لېكىن ئۇلار دېخانلارنى باستۇرۇش ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش جەھەتلىرىدە بىردەك ئىدى. ئائىلە ساموراپىلىرى سەركەردە ۋە چوڭ زېمىندارلارنىڭ ھوكۇمرانلىق قىلىشتىكى تۈۋرۈكى ئىدى، بۇنداق ساموراپىلار قىلىچ ئېسىپ يۈرۈش ئىمتىيازىغا ئىگە ئىدى. دېخانلار ساموراپىلارغا يولۇقۇپ قالسا، باش كىيىمىنى قولىغا ئېلىپ يول بېرىشى شەرت ئىدى. ئاۋادا ساموراپىلار ئاددى خەلق ئەدەپسىزلىك قىلدى دەپ قارىسا، ئۇلارنى ئىزلىنىشكە مەجبۇر قىلاتتى، ھەتتا ئولتۇرۇۋەتسىمۇ جىنايەت ھېساپلانمايتتى. ئادەتتە، دېخانلار ۋە سودىگەرلەرنىڭ ئىسمىنىڭلا بولۇشىغا يول قويۇلاتتى، ئەمما پەمىلىسىنىڭ بولۇشىغا رۇخسەت قىلىنمايتتى، ساموراپىلارنىڭ ئىمتىيازىنى نامايەن قىلىش ئۈچۈن پەمىلىسىنىڭ بولۇشىغا يول قويۇلاتتى. بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ دېچۇەن ھوكۇمرانى "ئوز نېسىۋىسىگە شۈكۈر قىلىش"نى تەرغىپ قىلىپ، سالاھىيەت دەرىجە پەرقىنى بار كۈچى بىلەن قوغداش ئارقىلىق ساموراپىلار دېكتا-تۇرلىقىدىكى ھوكۇمرانلىقىنى مۇستەھكەملىگەن ئىدى. دېچۇەن ھوكۇمرانى ئىدىئولوگىيە جەھەتتىمۇ ساموراپىلارنى تۈۋرۈك قىلىپ

يېتىشتۈرۈپ، بەگلىكلەر ئۇرۇش دەۋرىدىن تارتىپ ئۇزاق مۇددەت تەرغىپ قىلىنىپ كەلگەن "ساموراي‌لار ئەخلاقى"نى راۋاجلاندۇرۇپ، ئۇنى ساموراي‌لىق① دەپ ئاتاپ، "سادىقلىق، ئىنساپلىق، باتۇرلۇق"نى كوز-كوز قىلغان ئىدى، بۇنىڭدىن مەقسىدى، كۆچىنىڭ بىرىچە، ساموراي‌لارنى خوجايىنىغا قارىغۇلارچە سادىقەتلىك كورسىتىدىغان، باتۇرلۇق بىلەن قاتتىق ئېلىشىدىغان، ئۆزى ئۈچۈن كەتمەن چاپىدىغان، قىلىچ ئاسار غالچا قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىش ئىدى.

كەڭ دېھقانلار سەركەردە ۋە چوڭ زېمىندارلارنىڭ باستۇرۇشى ۋە ئېكىسپىلاتاتسىيە قىلىشىغا قارشى دېچۋەن بارگاھى قۇرۇلغان كۈندىن باشلاپلا قارشىلىق كورسەتكەن، 260 نەچچە يىل ئىچىدە، ئىسيان ۋە قوزغىلاڭلار كۆپ‌ئىساناپ كوپەيگەن. كۈرەش كۆنساناپ كەسكىنلەشكەن ئىدى. 1637-يىلىلا، داۋيۇەن (ھازىرقى چاگچى ناھىيىسىدە) دېھقانلىرى بارگاھ يېڭىدىن تەيىنلىگەن چوڭ زېمىندارلارنىڭ ۋەھشىيانە ھوكۈمرانلىقىغا قارشى قوزغىلاڭ كوتەرگەن، 25 مىڭ كىشى داۋيۇەن شەھىرىنى 5 ئاي مىقداردا قەتئىي ساقلىغان ئىدى. بارگاھ 100 نەچچە مىڭ كىشىلىك زور قوشۇننى يوتكەپ ئۇلارنى باستۇرغان، ھەتتا گوللاندىيە سودا كېمىسىگە دېھقانلار قوشۇنىنى توپقا تۇتۇشنى نومۇسسىزلارچە مۇراجەت قىلغان ئىدى. قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ئاشلىقى تۈگەپ ياردەم ئۈزۈلۈپ قالغانلىقتىن، مەغلۇپ بولدى، يولباشچىسى تيەنساۋ سىلاڭ شىجېن ۋە 10 مىڭدىن ئارتۇق دېھقان قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى. كېيىن ئاندا-ساندا قارشىلىق كورسىتىش كۈرەشلىرى ناھايىتى ئۇزاققىچە داۋاملاشتى.

---

① ساموراي‌لار رىئايە قىلىدىغان فېئوداللىق ئەخلاق. — تەرجىماندىن.

كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ جاپالىق ئەمگىكى ۋە تىرىشىپ تېرىقچىلىق قىلىشى ئارقىسىدا، دېڭجۇەن بارگاھى ھوكۇمرانلىغىنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ناھايىتى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن، تاۋار-پۇل مۇناسىۋىتىمۇ يەنىمۇ راۋاج تاپقان ئىدى. باي سودىگەرلەر ئۆز قولىدىكى كۆپلىگەن پۇلدىن پايدىلىنىپ، خانىۋەيران بولغان دېھقانلاردىن قانۇنغا خىلاپ ھالدا يەر سېتىۋالغان ھەمدە سەركەردە ۋە چوڭ زېمىندارلارغا ئۆسۈمگە قەرز بەرگەن ئىدى. شەھەردە ئەيش-ئىشرەت بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ئادەتلىنىپ كەتكەن ۋە چوڭ زېمىندارلارنىڭ دېھقانلارنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشىدىن كەلگەن مائاش ئاشلىغىغا يۆلىنىپ جان باقىدىغان ساموراپلارمۇ كۆنساناپ جازانىخورلۇق تورىغا چۈشۈپ قالغان ئىدى. سودىگەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى تۆۋەن بولسىمۇ، لېكىن ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئەمەلىي كۈچى كۈندىن-كۈنگە كۈچىيىپ كەتكەچكە، مۇنداق سۆزلەر تارقالغان: "دايەن سودىگەرلىرى بىرلا غەزەپكە كېلىدىغان بولسا، جاھاندىكى چوڭ زېمىندارلار دىر-دىر تىترەپ كېتىدۇ". فېئودىن شىيۇجى دەۋرىدە چەتئەللەر بىلەن بولغان سودا خېلى راۋاج تاپقان ئىدى. دېڭجۇەن بارگاھى چەتئەللەر بىلەن بولغان قاتناش ۋە سودا ئىشلىرىنىڭ كاتولىك دىنىنى ئېلىپ كىرىپ، بارگاھقا قارشى چوڭ زېمىندارلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋالسا، ئۆزىنىڭ ھوكۇمرانلىقىغا پايدىسىز بولۇپ قېلىشىدىن قورققان ئىدى. داۋيۇەن قوزغىلاڭچى دېھقانلىرى ئىچىدىمۇ نۇرغۇن كاتولىك مۇرىتلىرى بار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، 1639-يىلى بارگاھ ئەڭ ئاخىرقى «دۆلەتنى قامال قىلىش پەرمانى»نى چۈشۈرۈپ، چەتئەللەر بىلەن سودا قىلىشنى مەنئى قىلىپ، چەتئەل سودىگەرلىرى ۋە دىنچىلىرى-

نىڭ ھەممىسىنى قوغلاپ چىقارغان، پەقەت جۇڭگو بىلەن گوللاندىيە سودىگەرلىرىنىڭلا چاڭچىدا سودا قىلىشىغا يول قويغان ئىدى. ئىچكى فېئوداللىق ھوكۇمرانلىقىنىڭ قاتتىق بېسىمى ۋە چەتئەللەر بىلەن بولغان سودا قامال قىلىنغان ئەھۋال ئاستىدا، ياپونىيە كاپىتالىزمىنىڭ بىخى راۋاجلىنالمىغان ئىدى.

**قەدىمقى جۇڭگو-ياپونىيە خەلقىنىڭ دوستانە باردى-كەلدىسى**

جۇڭگو-ياپونىيە خەلقى قەدىمدىن تارتىپلا قويۇق باردى-كەلدى قىلىشىپ كەلگەن، جۇڭگونىڭ ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى ئۈزلۈكسىز تۈردە ياپونىيىگە ئېلىپ كىرىلگەن، مەسىلەن، پىلە بېقىش يىپەك چىقىرىش، شايى توقۇش، ساپال قاچا ياساشقا ئوخشاش تېخنىكىلارنى جۇڭگو كۆچمەنلىرى ياپونىيىگە ئاپىرىپ تونۇشتۇرغان ئىدى. 7-ئەسىردە، دېخانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان سۇ چاقپىلىكى، جوتۇ ۋە ھەر خىل قول سانائەت تېخنىكىلىرىمۇ ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ياپونىيىگە ئېلىپ كىرىلىپ، ياپونىيە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ يۈكسىلىشىگە ياردەم كۆرسەتكەن ئىدى. كېيىن ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى جەھەتتىكى ئالماشتۇرۇش يەنىلا ئۈزلۈكسىز داۋاملاشقان ئىدى، مەسىلەن، 13-ئەسىردە ياپونىيىلىك جىياتېڭ سىلاڭ زوۋيىمېن جۇڭگونىڭ تيەنمۇشەن تېغىغا كېلىپ فار-فۇر قاچا-قۇچا پىشۇرۇش تېخنىكىسىنى ئۆگەنگەن. مەملىكىتىگە قايتقاندىن كېيىن ئوتتا پىشۇرۇپ ياسالغان پىيالىگە "تيەنمۇ" دەپ نام بەرگەن ئىدى. جۇڭگونىڭ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە، فۇجيەنلىك ئويىما خەت ئىشچىسى يۈي لياڭفۇ، چېن مېڭرۇڭ قاتارلىق 50 نەچچە كىشى ياپونىيىگە كۆچۈپ بېرىپ، خەت ئويۇش بىلەن شۇغۇللىنىپ، ياپونىيىنىڭ مەتبەئە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن ھەسسە

قوشقان ئىدى.

7-ئەسىردىن ئېتىۋارەن، ياپونىيە جۇڭگونىڭ سۇي ۋە تاڭ سۇلالىلىرىگە ئەلچى ئەۋەتىشكە باشلىغان ئىدى. 9-ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە، تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچى تەيىنلەپ ئەۋەتىش 19 قېتىمغا يەتكەن. تاڭ سۇلالىسىگە ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ خادىملىرى 200 دىن 500 گىچە بولغان ماتروسلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. جۇڭگودا تۇرۇپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلار ۋە راھىبلار، كۆپىنچە، ئەلچىلەر ئۆمىكى بىلەن بىللە كېلەتتى. ئۇلار جۇڭگودا ئون نەچچە يىل، ھەتتا 20 نەچچە يىل ئوقۇيتتى، جۇڭگونىڭ قانۇن-تۈزۈملىرىنى، مەدەنىيىتىنى، تېخنىكىسىنى، تىبابەتچىلىك-دورىگەرلىك ئىلىملىرىنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنى ۋەتىنىگە ئېلىپ بېرىپ، جۇڭگو-ياپونىيە ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتا ناھايىتى زور رول ئوينىغان ئىدى. 8-ئەسىردە ياپونىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇپ ئوقۇغان ئوقۇغۇچىسى ئابې جۇڭمالۇي (جۇڭگوچە ئىسمى چاۋ خېڭ) 19 يېشىدا جۇڭگوغا كېلىپ، چاڭئەندە① ئوقۇغان. كېيىن ھۆكۈمەت تەرىپىدىن كاتىپ نازارەتچىسىلىككە قويۇلۇپ. كىلاسسىك كىتابلارنى باشقۇرغان ئىدى. جۇڭگو شائىرلىرى لى بەي، ۋاڭ ۋېي قاتارلىقلار بىلەن ئىناق ئۆتكەن، جۇڭگودا ۋاپات بولغان ئىدى. ياپونىيىلىك راھىبلاردىن جۇڭگوغا سېھىرگەرلىك ئۆگىنىش ئۈچۈن كەلگەنلەر ئىچىدە كۇڭ خەي، زۈي چېڭ، يۈەن رېن قاتارلىقلار بار. كۇڭ خەي بۇددا دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، ياپونىيىدە مەخپىي دىن مەزھىپىنى قۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى جۇڭگونىڭ ئەدە-

① ھازىرقى شىئەن شەھىرى. — تەرجىماندىن.

بىياتى ۋە يېزىقشۇناسلىقىنىمۇ تەتقىق قىلغان، مەملىكىتىگە قايتقاندىن كېيىن، جۇڭگونىڭ ئەدەبىيات تەنقىدچىلىكىنى تونۇشتۇرغان ھەمدە يايپونىيەنىڭ تۇنجى لۇغىتىنى تۈزۈپ چىققان ئىدى. ئۇنىڭ خەتتاتلىقى جۇڭگودىمۇ، يايپونىيەدىمۇ ناھايىتى يۇقىرى باھاغا ئېرىشكەن. يۈەن رېننىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى «تاڭ سۇلالىسىگە كېلىپ سەپەرگەرلىك ئۆگىنىپ سەيلە قىلىشتىن خاتىرە» دېگەن كىتاۋى تاڭ سۇلالىسى تارىخىغا دائىر قىممەتلىك ماتېرىيالدۇر.

8-ئەسىردە، جۇڭگولۇق راھىپ جيەن جېن يېشى 60 تىن ئاشقان، ئىككىلا كۆزى كورمەس بولۇپ قالغان بولسىمۇ، يەنىلا خەۋپ-خەتەرلەردىن قورقماي، ئۆزىنىڭ شاگىرتى بىلەن بىللە، بوران-چاپقۇنلارنى باشتىن كەچۈرۈپ، دېڭىزدىن شەرققە ئۆتۈپ يايپونىيەگە بارغان، بۇددا دىنىنىڭ نۇرغۇنلىغان مۇقەددەس كىتاپلىرىنى ئېلىپ بارغان، بىناكارلىق ۋە نەققاشلىق سەنئىتىنىمۇ تونۇشتۇرغان ئىدى. جيەن جېن «دورا ئۆسۈملۈكلىرى»نى پىششىق تەتقىق قىلىپ، جۇڭگونىڭ تىبابەتچىلىك-دورىگەرلىك ئىلمىنىمۇ يايپونىيەگە تارقىتىپ، يايپونىيەنىڭ خەنزۇ تىبابەتچىلىكى ئۈچۈن ئاساس سېلىپ بەرگەن ئىدى.

يايپونىيەنىڭ قەدىمقى زاماندا يېزىقى بولمىغاچقا، خەنزۇچە خەتلەرنى خاتىرىلەش قورالى سۈپىتىدە قوللانغان ئىدى. كېيىن خەنزۇچە خەتلەرگە تەتبىقلاپ يايپون ھەرپلىرى ئىجات قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما خەنزۇچە يېزىق يەنىلا كەڭ تارقىلىۋەرگەن. خەنزۇچە يېزىلغان نۇرغۇن كىتاپلار ساقلىنىپ قالغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ كۆپلىگەن ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇملىرى يايپونىيەگە ئېلىپ كېلىنگەن، يايپونىيەنىڭ نەيلياڭ شەھىرىدىكى مۇزېينىڭ جىڭساڭ قوراسىدا تاڭ سۇلا-

لىسىنىڭ ئۇرغۇنلىغان ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇملىرى ۋە كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى ھېلىمۇ ساقلىنىپ تۇرماقتا. مەسىلەن، مىس ئەينەك، قىلىچ، گەز، موبى (يۇڭ قەلەم)، سىيادان، ھەر خىل مۇزىكا ئەسۋاپلىرى، چىملىدىق ۋە ئاياق، قاش تېشى كەشتىلەنگەن بەلۋاغ ۋاھاكازالار، يەنە بەزىلىرى ئەينى ۋاقىتتىكى ياپونىيە ئۇستىلىرى جۇڭگونىڭكىگە تەقلىت قىلىپ ياسىغان قول سانائەت بۇيۇملىرى بولۇپ، بۇلار ئىنتايىن قىممەتلىك بۇيۇملاردۇر، بۇ بۇيۇملار جۇڭگو بىلەن ياپونىيە ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ مول بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

جۇڭگو بىلەن ياپونىيە ئوتتۇرىسىدىكى سودا مۇناسىۋىتى تاڭ سۇلالىسىدىن كېيىنمۇ ئۈزۈلمەي داۋاملاشقان، سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە جۇڭگو ياپونىيىگە فار-فۇر قاچا-قۇچىلار، يېزىق قۇراللىرى، شايى-دۇردۇن، خۇشخەت ۋە رەسىم، تۈرلۈك دورا ماتېرىياللىرى، خۇش پۇراق ماتېرىياللار ۋە باشقا بۇيۇملارنى كىرگۈزگەن، ياپونىيە جۇڭگوغا ئاساسەن گۈڭگۈرت، ياغاچ ماتېرىياللار، سىرلانغان ئەسۋاپ-جابدۇقلار، قىلىچ، يەلپۈگۈچ ۋە باشقا بۇيۇملارنى كىرگۈزگەن. مىڭ سۇلالىسى ياپون قاراقچىلىرىنىڭ زىيان-زەخمەت يەتكۈزۈشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، شەخسلەرنىڭ تاشقى سودا بىلەن شۇغۇللىنىشىنى مەنئى قىلغان، لېكىن رۇخسەت گۇۋاھنامىسى بار ياپونىيە سودا كېمىلىرىنىڭ جۇڭگوغا كېلىشىگە يەنىلا يول قويغان. دېچۈەن بارگاھى دۆلەتنى قامال قىلغاندىن كېيىنمۇ يەنىلا جۇڭگو سودىگەرلىرىنىڭ چاڭچىدا سودا قىلىشىغا رۇخسەت قىلغان، بۇنىڭدىن ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي ئالاقىنىڭ قويۇق بولغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

## سەككىزىنچى باپ

# ھىندىستاننىڭ فېوداللىق جەمىيىتى

ھىندىستاننىڭ قۇللۇق جەمىيىتى مىلادى كىرگەندىن كېيىن كۆنىدىن-كۈنگە زاۋالغا يۈز تۇتۇپ يىمىرىلىشكە باشلىغان، فېودالىلىق تۈزۈم پەيدىن-پەي مەيدانغا كېلىپ، بىرقانچە ئەسىرگە سوزۇلغان تەرەققىيات جەريانىنى باشتىن كەچۈرۈپ، تەخمىنەن 7-ئەسىردە شەكىللەنگەن.

ھىندىستان فېودالىلىق جەمىيىتىدە، بولۇپمۇ ئىسلام دىنى ھوكۈمرانلىرى ھىندىستاندا ھاكىمىيەتكە ئىگە بولغاندىن كېيىن، يەرگە بولغان دۆلەت ئىگىدارچىلىقى يەر مۈلۈكچىلىكىنىڭ يېتەكچى شەكلى بولۇپ قالغان. ماركس ھىندىستاندا "**يانچىلىق تۈزۈمى** بولمىغان"① دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. يېزا جامائەسى ھىندىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ساقلانغان، دېھقانلار ۋارىتا تۈزۈمىنىڭ بوغۇشىغا ناھايىتى قاتتىق ئۇچرىغان.

ھىندىستاننىڭ فېودالىلىق جەمىيىتىدە، دىنىنىڭ تەسىر كۈچى ناھايىتى زور بولۇپ، بۇددا دىنى، ھىندى دىنى، ئىسلام دىنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش دىنلار تارقالغان، فېودالىلىق ئىلاھىي ھاكىمىيەت

---

① ماركس: «كوۋالېۋىسكىينىڭ ‹كوممۇنا يەر ئىگىدارچىلىقى ۋە ئۇنىڭ پارچىلىنىش سەۋەبلىرى، جەريانى ھەم ئاقىۋىتى› دىگەن كىتابىدىن ئۈزۈندىلەر»، خەلق نەشرىياتىنىڭ 1965-يىل خەنزۇچە نەشرى، 70-بەت.

خەلقنى ناھايىتى قاتتىق ئەزگەن. خەلقنىڭ قارشىلىق ھەركەتلىرىنىڭ تولىسى دىنىي مەزھەپ كۆرۈشى شەكلىدە ئېلىپ بېرىلغان.

16 ـ ئەسىردىن باشلاپ، ھىندىستاننىڭ بەزى رايونلىرىدا فېئوداللىق ئىگىلىك ئاجىزلىشىشقا قاراپ يۈز تۇتۇپ، كاپىتالىزىمنىڭ ئاجىز بىخلىرى پەيدا بولۇشقا باشلىغان. لېكىن ئىقتىساتنىڭ تەرەققىياتى تەكشى بولمىغانلىقى، بەزى جايلاردا فېئوداللىق تۈزۈم يەنىلا ناھايىتى كۈچلۈك بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېزا جامائەسىنىڭ بىرقەدەر ئۇزاق مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقى، ۋارنا تۈزۈمى بۇغۇپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، كاپىتالىستىك ئېلېمېنتلارنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى ئاستا بولغان. بۇنىڭغا ئۇلىنىپلا غەرب مۇستەملىكىچى قاراقچىلىرى تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، ھىندىستان جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا تېخىمۇ زور توسالغۇ بولغانلىقى ئۈچۈن، ھىندىستان بارا ـ بارا ئەنگلىيىنىڭ مۇستەملىكىسى بولۇپ قالغان.

## 1 ـ بۆلۈم ھىندىستاندا فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ شەكىللىنىشى

**گۇپتا سۇلالىسىدىن ھارشاۋاردھاناغىچە بولغانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى** مىلادى 3 ـ ئەسىردىن باشلاپ، كۇشان ئىمپېرىيىسى تەدرىجى ئاجىزلاپ بارغانلىقى ئۈچۈن، شىمالىي ھىندىستان قايتىدىن بىرقانچە كىچىك دۆلەتكە بۆلۈنۈپ كەتكەن. 4 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ماگادھادا گۇپتا سۇلالىسى باش كۆتەرگەن، ئۇنىڭ پادىشاسى چاندار گۇپتا ئىدى، ئۇ ئۇز دەۋرىدە (320—330)، زېمىننى كېڭەيتىپ، پاتالى پۇترا شەھىرىنى قولغا كىرگۈزۈپ، گانگ دەريا-

www.uyghurkitap.com

سىنىڭ ئوتتۇرا ۋادىسىدىكى جايلارنى ئىشغال قىلغان. ئۇنىڭدىن كېيىن، گۇپتا پادىشالىغى كوپ يىللار ئۇرۇش قىلىش ئارقىلىق، گانگ دەرياسىنىڭ يۇقۇرى ۋادىسى ۋە ئوتتۇرا ھىندىستاندىكى بەزى كىچىك دولەتلەرنى ئۆزىگە بوي سۇندۇرغان ھەم جەنۇبىي ھىندىستانغا ھۇجۇم قىلىپ، ئورىسساغا بېسىپ كىرىپ، شەرقىي دېڭىز قىرغاقلىرى بىلەن توپ-توغرا مادراسقا بارغان. ئارقىدىنلا غەربىي ھىندىستاننى بېسىۋېلىپ، ئۆز زىمىنىنى ئەرەپ دېڭىزىغىچە كېڭەيتكەن، 5-ئەسىرنىڭ بېشىدا شىمالىي ھىندىستاننى قايتىدىن بىرلىككە كەلتۈرگەن.

5-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئېفتالىتلار ھىندىستانغا تاجاۋۇز قىلىشقا باشلاپ، بارا-بارا پەنجاپنى، جۇمنا دەرياسى بىلەن گانگ دەرياسى ۋادىلىرىنى ھەم راجاستخان، گۇجارات قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلغان، شۇنىڭ بىلەن گۇپتا سۇلالىسى يىمىرىلگەن. 6-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ئېفتالىتلار دولىتى پەنجاپتىكى شاكالا شەھىرىنى پايتەخت قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا، زىمىنى غەرپتە كاسپى دېڭىزىغىچە بولغان جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چوڭ دولەت بولۇپ قالغان. ئېفتالىت ھوكۇمرانلىرى ھىندى دىنى ۋە تىلىنى قوبۇل قىلىش ئارقىسىدا بارا-بارا يەرلىك ئاھالىگە قوشۇلۇپ كەتكەن. 528-يىلى شىمالىي ھىندىستاندىكى پادىشا ۋە بەگلەرنىڭ بىرلەشمە قوشۇنلىرى ئېفتالىتلارنى مەغلۇپ قىلغان، شۇنىڭدىن كېيىن ئېفتالىتلارنىڭ كۈچى بىردىنلا ئاجىزلاپ كېتىپ، 567-يىلى تۈركلەر ۋە ئىرانلىقلار تەرىپىدىن يوقىتىلغان.

6-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، دېھلىنىڭ شىمالىدىكى كىچىك تانىسا بەگلىگى ئاستا-ئاستا كۈچىيىشكە باشلىغان. پادىشا ھارشاۋاردھانا

(606—647) ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە، ئۇنىڭ 5 مىڭ پىللىق
قوشۇنى، 20 مىڭ ئاتلىق ئەسكىرى، 50 مىڭ پىيادە ئەسكىرى
بولۇپ، ئۇ ئۈزلۈكسىز تۈردە چەتكە كېڭىيىپ، شىمالىي ھىندىستاننى
ئاساسىي جەھەتتىن بىرلىككە كەلتۈرۈپ، گانگ دەرياسىنىڭ غەربىي
قىرغىقىدىكى كانائۇج شەھىرىنى پايتەخت قىلغان. جۇڭگونىڭ مەش-
ھۇر ئالىمى شۈەنجۇاڭ دەل مۇشۇ چاغدا ھىندىستانغا ساياھەت
قىلىپ، بىزگە ئەينى زامانىدىكى ھىندىستاننىڭ ئەھۋالى ھەققىدە
قىممەتلىك يازما خاتىرىلەرنى قالدۇرغان.

شۈەنجۇاڭ ۋە باشقىلارنىڭ خاتىرىسىدىن قارىغاندا، ئەينى
زاماندا ھىندىستاندا ھوقۇقنىڭ مەركەزگە مەركەزلىشىشى تېخى بىر-
قەدەر ئاجىز بولغان، كىچىك فېئودال بەگلىكلەر، قەبىلىلەر ناھايىتى
كۆپ بولۇپ "كۆرگەنلا جاي دۆلەت دەپ ئاتىلىۋېرىدىكەن"، تىل ۋە
ئۆرپ-ئادەتلىرىمۇ بىر بىرىگە ئوخشاشمايدىكەن. خەلقنى باستۇرى-
دىغان دۆلەت ماشىنىسى راۋاجلانغان، ھەربىي قوشۇن ۋارىس-
لىق تۈزۈمى بويىچە كەسپىي ھەربىلەردىن تەشكىللىنەتتى، جازا
قانۇنىدا بۇرۇننى، قولنى كېسىش قاتارلىق خىلمۇ-خىل ئېغىر جازا
بار ئىدى، لېكىن يېنىك جىنايەتكە پۇل تۆلەشكە بولاتتى. سوت
ھۆكۈمىدە تۈرلۈك خۇراپىي ھۆكۈم ئۇسۇللىرى بولاتتى: مەسىلەن،
ئەيىپلەنگۈچى سۇغا چۆكتۈرۈلەتتى، ياكى قىزىتىلغان تۆمۈر بىلەن
بەدىنى كۆيدۈرۈلەتتى، ئەگەر ئەيىپلەنگۈچى سۇغا چۆكۈپ كەتسە
ياكى جاراھەتلەنسە، گۇناكار ھىساپلىناتتى. بۇ باشلانغۇچ جەمئىيەت
ئادەتلىرىنىڭ قالدۇقى ئىدى.

پادىشا ھارشاۋاردھانا ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن،
بىر تەرەپتىن، ھە دەپ تاجاۋۇزچىلىق قىلىش، قىرىش-چېپىش بىلەن

شۇغۇللانسا، يەنە بىر تەرەپتىن، بۇددا دىنى ۋە ھىندى دىنىغا چوقۇناتتى، كەڭ تۈردە سەدىقە يىغىپ، راھىپ، ئۆلىمالارنى باقاتتى، دىنىي خۇراپىلىقتىن پايدىلىنىپ ئالدامچىلىق قىلاتتى. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن، جايلار ئارقا-ئارقىدىن مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ھىندىستان ئۇزاق مۇددەتلىك پارچىلىنىش ھالىتىگە كىرىپ قالدى.

**فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ شەكىللىنىشى** ھىندىستاندا فېئوداللىق تۈزۈم مىلادى 3-ئەسىردە، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ خېلى بۇرۇن تەدرىجى ئۇسۇپ يېتىلىپ، ئۇزاق مۇددەتلىك تەرەققىيات جەريانىنى بېشىدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، تەخمىنەن 7-ئەسىردە شەكىللەنگەن.①

مىلادىدىن كېيىنكى ئەڭ دەسلەپكى بىرقانچە ئەسىر داۋامىدا، ھىندىستاننىڭ ئىشلەپچىقىرىشى راۋاج تاپقان. سۇ ئىنشائاتلىرى قۇرۇلۇشى كۈندىن-كۈنگە كۆپەيگەن، تېرىلغۇ يەر مەيدانى بارغانسېرى كېڭەيگەن ھەمدە يەر توجۇپىلەپ تېرىلىدىغان بولغان. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ تۈرى كۆپ بولۇپ، شال ۋە باشقا ئاشلىق زىرائەتلىرى، كۆكتات، مېۋە-چېۋە قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى چىقىدىغان بولغان. جۇڭگونىڭ پىلىچىلىك تېخنىكىسى كىرگەندىن كېيىن، ھىندىستاندا يىپەك توقۇمىچىلىقى راۋاجلانغان، پاختا توقۇمىچىلىق مەھسۇلاتلىرى نەپىس ئىشلىنىدىغان بولغان، مېتالچىلىق، زىبۇزىننەت بۇيۇملىرى، قورال ياساشقا ئوخشاش قول ھۈنەرۋەنچىلىكمۇ خېلى نام چىقارغان. شەھەرلەر كۆپ بولغاچقا، سودا ئىشلىرى بەك

---

① ھىندىستاننىڭ فېئوداللىق تۈزۈمىنىڭ ئالاھىدىلىكى، قۇلدارلىق تۈزۈمىنىڭ فېئوداللىق تۈزۈمگە ئۆتۈشى قاتارلىق مەسىلىلەر تېخى يېتەرلىك تەتقىق قىلىنمىغاچقا، بۇ يەردە مەلۇم بولغان ئەھۋاللار ئاددىيلا تونۇشتۇرۇلدى.

گۈللەنگەن. ھىندىستاننىڭ فېئوداللىق جەمئىيىتى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ دەل مۇشۇنداق ئورلىشى ئاساسىدا تەدرىجىي شەكىللەنگەن.

قۇللۇق تۈزۈم ئاللىقاچان زەئىپلەشكەن. مىلادىدىن كېيىنكى ئەڭ دەسلەپكى بىرقانچە ئەسىر ئىچىدە يېزىلغان «سىياسەتنامە»① دېگەن كىتابتا، ھورلەرنى ئىككىنچىلەپ قۇلغا ئايلاندۇرماسلىق تەلەپ قويۇلغان ھەم پادىشا جەمەتىنىڭ قۇل ئىشلەتمەيدىغان تېرىلغۇ يەرلىرىنى تەقسىم قىلىپ دېھقانلارغا ئىجارىگە بېرىش تەشەببۇس قىلىنغان، پادىشادىن پۇلىنى تۆلەشنى خالىغان قۇللارنى بوشىتىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈش تەلەپ قىلىنغان. بۇ ھال قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ زەئىپلەشكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئۆسكەنلىكتىن، ھىندىستاننىڭ بەزى جايلىرىدىكى يېزا جامائەلىرىمۇ پارچىلىنىشقا قاراپ يۈزلەنگەن. «سىياسەتنامە»دىن مەلۇم بولۇشىچە، ئوغۇلنىڭ ۋارىسلىق ھوقۇقى بارغانسېرى مۇھىم ئورۇنغا ئۆتكەن، بەزى چاغدا ئاتا ھايات چېغىدىلا ئائىلە مۈلكىنى بالىلىرىغا بۆلۈپ بېرىۋەتكەن، بۇ ھال چوڭ ئائىلىنىڭ پارچىلىنىپ، كىچىك ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىي بىرلىك بولۇپ قالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. جامائەنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرى تەدرىجىي ھالدا خۇسۇسىي مۈلۈك بولۇپ قالغان. يەرگە بولغان خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك-

① «سىياسەتنامە» مىلادىدىن بۇرۇنقى مائورىيا (تۈز) پادىشالىقىنىڭ ۋەزىرى چوموتتىرىيا تەرىپىدىن يېزىلغان دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ. لېكىن بۇ ئەسەر كېيىنكىلەرنىڭ تولۇقلاپ تۈزگەنلىكى ئارقىلىق تەخمىنەن مىلادىدىن كېيىنكى 2 ـ، 3 ـ ئەسىرلەردە رەسمىي كىتاب بولۇپ چىققان.

نىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن بىللە، جامائە ئەزالىرى تەبىئى ھالدا پارچىلىنىشقا قاراپ ماڭغان، شۇنىڭ بىلەن يەر سېتىۋېلىش ۋە يەر سېتىپ بېرىش ھادىسىلىرى بارلىققا كەلگەن. يەر سېتىۋېلىش ۋە يەر سېتىپ بېرىشتە ئۆز تۇققانلىرى ۋە ئۆز مەھەللىسىدىكىلەرنىڭ شىپەتلىك ھوقۇقى بولىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەرنى باشقا مەھەللىدىكىلەرگە سېتىپ بېرىشكە بولىدىغانلىقىمۇ كورسىتىلگەن. شۇنداق قىلىپ بەزى جايلاردا جامائەنىڭ يەرگە بولغان مۇلۇكچىلىكى يىمىرىلگەن.

جامائە ئەزالىرىنىڭ پارچىلىنىشى نەتىجىسىدە، ئاز سانلىق كىشىلەر باي بولۇپ، يېرىنى ئىجارىگە بېرىپ، ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچىلارغا ئايلانغان. كوپ سانلىق كىشىلەر نامراتلىقتىن خانىۋەيران بولۇپ، ئىجارىكەش دېھقانغا ئايلىنىپ قالغان، بۇلار يومشىشكىلار بەرگەن دېھقانچىلىق سايمانلىرى ۋە ئۇرۇق بىلەن يومشىشكىلارنىڭ يەرلىرىنى تېرىغان، يەردىن چىققان ھوسۇلنىڭ پەقەت ئوندىن بىرىنىلا ئالغان، يىل بويى ئەمگەك قىلسىمۇ، ئائىلىسىنى باقالماي دەھشەتلىك ئېكسپلاتاتسىيىگە ئۇچرىغان.

لېكىن، تاۋار ئىشلەپچىقىرىشى تېخى راۋاجلانمىغان ئەھۋالدا، جامائە ئەزالىرىنىڭ پارچىلىنىشى يەنىلا ئاستا بولغان ھەم ئانچە ئومۇمىي يۈزلۈكمۇ بولمىغان، ئەمەلىيەتتە، جامائە ئىچىدىكى پارچىلىنىشتىن كېلىپ چىققان فېئوداللار يەنىلا ناھايىتى ئاز بولغان. فېئودالىلىق تۈزۈمىنىڭ ئۇسۇشى جەريانىدا بولسا ئۈستقۇرۇلما—دولەت ھاكىمىيىتى ناھايىتى زور رول ئوينىغان. گۇپتا سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدىن باشلاپ، دولەت يەرنى ۋەزىر-رىشايىلەرگە بارغانسېرى كوپلەپ ھەدىيە قىلىپ بەرگەنلىكتىن، دېھقانلار كۈندىن-كۈنگە

يەردىن مەھرۇم قىلىنىپ، فېئوداللارنىڭ ئېكسپلاتاتسىيىسىگە مەھكۇم قىلىنغان.

شۇڭنجۇاڭنىڭ خاتىرىسىدىن قارىغانىدا، يەرگە ئىگە بولغانلار، ئاساسەن، ھەربى، مۇلكى ئەمەلدارلار، ئۇلىمالار ۋە راھىپلار. يەر ھەدىيە قىلىش ھوجىجەتلىرىدىن، ئاساسەن، ئىبادەتخانا، راھىپلارغا ھەدىيە قىلىنغان يەر توغرىسىدىكى ھوجىجەتلەر ساقلىنىپ قالغان. بۇنى باشقۇرۇش مەڭگۇ كەسىپ دەپ تونۇلغان. يەر ھەدىيە قىلىش دىگەنلىك، يەرنى شۇ يەردىكى خەلق بىلەن بىللە ھەدىيە قىلىپ بېرىش، دىگەنلىك بولىدۇ، يەرگە ئىگە بولغۇچىلار بۇ يەردىن باج ئېلىش يولى بىلەن ئېكسپلاتاتسىيە يۈرگۈزىدۇ. مەسىلەن، ئەينى زاماندا بۈددا دىنىنىڭ مەركىزى بولغان نارادا بۈتخانىسىغا "پادىشاھلىق ئەھمىيەت بېرەتتى، ئۇنى تەمىنلەپ تۇرۇش ئۈچۈن يۈزدىن ئارتۇق مەھەللىنى بولۇپ بەرگەن ئىدى. ھەر بىر مەھەللىدە ئىككى يۈزدىن ئارتۇق ئائىلە بولۇپ، ئۇلار كۈندە بىرقانچە يۈز كۈرە تېرىق، بىرقانچە يۈز چىلەك سۈت-قايماق تاپشۇرۇپ تۇراتتى"، ئىبادەتخانا چوڭ يەر ئىگىسى بولۇپ قالغان ئىدى.

يەر ھەدىيە قىلىش توغرىسىدىكى بەزى ھوجىجەتلەردە، يەرگە ئىگە بولغۇچىلار باج يىغىۋېلىش ھوقۇقىدىن باشقا، دىخانلارنى ھەقسىز ئەمگەككە سېلىش، سۇ ئىنشائاتلىرى ياسىتىش، شەھەر-قورغانلار، ئۇردا سالدۇرۇش، كوۋرۇك ياسىتىش ۋە قاتناش ئىشلىرىغا ئىشلىتىش ھوقۇقىمۇ ئىگە ئىكەنلىكى بەلگىلەنگەن. فېئوداللارنىڭ خەلقنى تىزگىنلىشىگە ئاسانلىق تۇغدۇرۇش ئۈچۈن، بەزى چاغدا، دولەت ئەمەلدارلىرىنىڭ ھەدىيە قىلىنغان يەرگە ئاياق باسماسلىقى بەلگىلەنگەن. شۇنىڭ بىلەن فېئوداللار سىنىپى بۇ ھەدىيە قىلىنغان

يەر ئارقىلىق تېزلا ئۇسۇپ يېتىشكەن.

شەخسىي فېئوداللار تىزگىنلەپ تۇرىدىغان دېھقانلار دۆلەت يېغىۋالىدىغان يەر بېجىنى (ئادەتتە ھوسۇلنىڭ ئالتىدىن بىر قىسمىنى) فېئوداللارغا تاپشۇراتتى، بەزىدە ئۇلارغا باشقا باجلارنىمۇ تاپشۇراتتى ھەم ھەر خىل ھەقسىز ئەمگەكلەرنى قىلىپ بېرەتتى. فېئوداللار يەنە، كۆپ ھاللاردا، دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى خالىغانچە كۆپەيتىپ، ئېكسپىلاتاتسىيىسىنى كۈچەيتەتتى. بۇنىڭدىن باشقا، دۆلەت بىۋاستە تىزگىنلەپ تۇرىدىغان دېھقانلارمۇ بولاتتى، ئۇلار بۇرۇنقى جامائە تۈزۈمىنى داۋاملاشتۇرغاچقا، كىچىك، پارچە يەرلەرنى تېرىپ، دۆلەتكە باج تولەيتتى، شۇڭا نجۇاڭ ئۇلارنى "ئەسلى قائىدە بويىچە، جان سانىغا قاراپ ئىجارىگە يەر تېرىيتتى" دەپ، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى تاڭ سۇلالىسىنىڭ تەڭ ئۈلۈشلۈك يەر تۈزۈمىدىكى دېھقانلارغا ئوخشاتقان. ئەمما ئۇ چاغدا، دېھقانلار يانچىلارغا ئايلانغان، ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى سىنىپلار ئۇلارنى ۋارنا تۈزۈمى بىلەن بوغۇپ تۇراتتى.

**ۋارنا تۈزۈمىنىڭ ئۆزگىرىشى** فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن بىللە، قۇللارلار سىنىپىنىڭ خەلققە ھۆكۈمرانلىق قىلىشىدىكى تايانچىسى بولغان ۋارنا تۈزۈمى بۇ چاغدا تېخىمۇ ئەشەددىيلىشىپ كەتكەن. ۋارنا شارائىتىدا، ئەمگەك تەقسىماتى سەۋەبىدىن، تۇراقلىق كەسپىي ئىجتىمائىي گۇرۇھلار — "جاتى"لار① شەكىللەنگەن. جاتىلار قاتتىق تەبىقىچىلىك ۋە يەكلىمىچىلىك خاراكتېرىدا بولاتتى،

---

① بۇ سۆز ئەسلىدە ھايات دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان ئىدى، غەرپلىكلەر ئادەتتە ئۇنى "كاست" دەيتتى. مەملىكىتىمىزدە ۋارنا بىلەن جاتىنى بىردەكلا "تەسەپداشلىق" دەپ ئاتايدۇ.

كەسپ ئاتىدىن بالىغا مىراس قالاتتى ۋە زادىلا ئۆزگەرتىلمەيتتى، ھەر بىر گۇرۇھ ئۆز گۇرۇھىدىن نىكاھلىناتتى ھەمدە ئۆز ئىچىدە باشقۇرۇش ئاپاراتلىرى ۋە ئورتاق بوي سۇنىدىغان بەلگىلىمىلەر بولاتتى. براخمان بىلەن كىشاترىيانىڭ ئۆز ئىچىدە ھېچقانداق ئەمگەك تەقسىماتى بولمايتتى، شۇغۇللاشقا، جاتى، ئاساسەن، ئىككى تۆۋەن قاتلام ۋارنادىن شەكىللەنگەن ئىدى، بەزى كەسپلەر ۋايسيا ۋارناغا مەنسۇپ ئىدى، ئورنى تۆۋەنرەك تۆمۈرچى، ساپالچىلار سودراۋارناغا مەنسۇپ ئىدى. پەس كەسپ دەپ قارالغان كەسپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ۋە جەمئىيەتتە ئورنى ئەڭ تۆۋەن بولغان كىشىلەر بولسا ئارىلاشقىلى بولمايدىغان جاتى ياكى "پەسلەر" بولۇپ قالغان، بۇلارنىڭ ئەھۋالى بەكمۇ ئېچىنىشلىق بولۇپ، چەت-ياقا جايلاردا باشايتتى، ئۇلار شەھەرنىڭ ئاۋات يەرلىرىدىن ئۆتكەندە تاك-تاك ئۇراتتى، بۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئۆزىنى دالدىغا ئالاتتى. ئەمگەكچى خەلقنىڭ جاتىلىرى ئارىسىدىكى يەكلىمىچىلىك ۋە ئارازلىق فېودال ھوكۇمرانلار سىنىپىنىڭ ھوكۇمرانلىقى ۋە ئېكسپلاتاتسىيەسىگە پايدىلىق ئىدى. مىڭ يىلدىن ئارتۇق ھوكۇم سۈرگەن فېوداللىق جەمئىيەتتە، جاتى پارچىلىنىپ ۋە يېڭىدىن پەيدا بولۇپ، كۈندىن-كۈنگە مۇرەككەپلىشىپ كەتكەن، بۈگۈنكى كۈندىمۇ بىرقانچە مىڭغا يېتىدۇ. ھازىرقى ئارىلاشقىلى بولمايدىغان پەسلەر تەبىقىسىگە كىرىدىغانلار يەنە بىرقانچە ئون مىليونغا يېتىدۇ.

**ھىندى دىنى** ھىندى دىنى براخمان دىنى بىلەن بۇددا دىنىنىڭ ئۇزاق مۇددەت قوشۇلۇشى ئارقىسىدا پەيدا بولغان. 4-ئەسىردىن كېيىن، ھىندى دىنى فېوداللىق ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ شەكىللىنىشى بىلەن بىللە پەيدىن-پەي راۋاجلانغان. بۇددا دىنى

بولسا ئۆزى كېلىپ چىققان ھىندىستاندا ئاجىزلىشىپ كەتكەن.

ھىندى دىنى خۇددى براخمان دىنىغا ئوخشاشلا، مەلۇم بىر ئۇلىما تەرىپىدىن كەشىپ قىلىنغان ئىدىيىۋى سىستىما بولماستىن، بەلكى جەمئىيەتنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تەرەققىيات جەريانىدا شەكىللەنگەن دىنىي ئېتىقات، پەلسەپە، ئەدەبىيات، ئۆرپ-ئادەتلەرنىڭ يىغىندىسى. ھىندى دىنىنىڭ كىلاسسىكلىرى كەۋيا (داستان)، ستوترا (مەدھىيە)، مەھەتمىيا (چۆچەك)، پۇرانا (رىۋايەت) ۋە پەلسەپە، ئېتىكا قاتارلىق ئەسەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇ ئەسەرلەر، كۆپىنچە، نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ قولىدىن ئۆتكەن، بىرقانچە ئەسىر جەريانىدا پۈتكەن، بۇ ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى كۆپ ۋە چېرماش ھەم قارىمۇ-قارشى.

ھىندى دىنىمۇ "كارمان" ۋە سامسارا ئىدىيىسىنى تەرغىپ قىلىدۇ، سامسارادىن قۇتۇلۇشنىڭ ئۈچ خىل يولى بولىدۇ: مەرىپەت يولى — ماددا بىلەن روھ ئۈستىدە پەلسەپىلىك ئىزدىنىش؛ پائالىيەت يولى — جەمئىيەتنىكى تەبىقىلەر قەتئىي يوسۇندا بەلگىلەنگەن قائىدە بويىچە ھەر خىل پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىش؛ ئىخلاس قىلىش يولى — ئىلاھقا ئىخلاس بىلەن ئېتىقات قىلىش، بۇنداق قىلغاندا، ئىلاھنىڭ مېھرىنى قولغا كەلتۈرۈپ گۇنادىن خالى بولىدۇ. فېئودال ھۆكۈمرانلار پائالىيەت يولىنى تەرغىپ قىلىش ئارقىلىق كەڭ خەلقنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ، ھەرقايسى تەبىقىدىكى خەلقنى "ئۆز ئىشى" بىلەنلا بولۇپ، قارشىلىق كۆرسەتمەسلىككە مەجبۇر قىلىدۇ، ئىخلاس قىلىش يولى كىشىلەردىن ئىلاھنى مەدھىيىلەپ تاۋاپ قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىلاھنىڭ ھەيكىلىنى ياساش، ئىبادەتخانا سېلىش، مال-مۈلۈكنى سەدىقە قىلىش، ھەشەمەتلىك نەزىر-چىراق ئۆتكۈ-



www.uyghurkitap.com

زۇش قاتارلىقلار ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن. ھوكۇمرانلىق قىلغۇچى سىنىپلار بۇ پائالىيەتلەردىن پايدىلىنىپ، مال-مۈلكىنى كوز-كوز قىلاتتى، ئالدامچىلىق قىلاتتى، كەمبەغەللەر بولسا ئۆز نىڭ ئىخلاسمەنلىگىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئەڭ ئاخىرقى بىر تامچا قان-تەرىنىمۇ قالدۇرماي ئاققۇزاتتى.

ھىندى دىنىنىڭ ئۈچ ئاساسىي ئىلاھى بار ئىدى: براخمان — دۇنيانى يارانقۇچى ئىگە، ۋىشنۇ — دۇنيانى ساقلىغۇچى ئىگە، سىۋا — دۇنيانى بۇزغۇچى ئىگە، كېيىنكى ئىككى ئىلاھنى تەرغىپ قىلغۇچى مەزھەپلەر ناھايىتى كەڭ تارقالغان. ھىندى دىنى ھەر بىر ئىلاھنىڭ سانسىز نامايەندىسى بولۇشنى تەشەببۇس قىلىپ، ھىندىستاندا پەيدا بولغان تۈرلۈك دىنلارنىڭ ئاساسىي ئىلاھلىرىنى ھىندى دىنى ئىلاھلىرىنىڭ نامايەندىسى دەپ ھىساپلاپ، باشقا دىنلارنى ھىندى دىنىنىڭ تەرەققىيات جەريانىدىكى تۈۋەنرەك باسقۇچ دەپ قاراپ، ھىندى دىنى بىلەن باشقا دىنلارنى مۇرەسسەلەشتۈرۈپ بىرلەشتۈردۇ.

فېوداللىق جەمىيەتتە، دىخانلار ۋە قول ھۈنەرۋەنلەرنىڭ جاپا چېكىپ ئەمگەك قىلىشى ئارقىسىدا، خىلى نۇرغۇن بايلىق توپلانغان، فېودال ھوكۇمرانلار سىنىپى بۇ بايلىقلارنى خالىغانچە بۇزۇپ-چېچىپ، سەرپ قىلىپ، قۇللارغا قارىغاندا تېخىمۇ ئەيش-ئىشرەتلىك ۋە چىرىك تۇرمۇش كەچۈرەتتى. جىسمانى ئەزالارنىڭ رولىدىن ھوزۇر ئېلىش ھىندى دىنى تەرغىپ قىلىدىغان ھايات يولىدىكى توت خىل مەقسەتنىڭ بىرى ئىدى. سىۋانىڭ ھەم زاھىتلىق پىرى، ھەم ئۇسسۇل پىرى بولۇشىمۇ دەل مۇشۇ ئىدىيىنى ئەكس ئەتتۈرەتتى. ھىندىستان، — دەپ كورسەتكەن ئىدى ماركىس، — ئەيش-ئىشرەت دۇنياسى بىلەن قايغۇ-ھەسرەت دۇنياسىنىڭ يىغىندىسى، "بۇنداق غەلىتە قوشۇلۇش

ھادىسىلىرى ھىندىستان دىنىنىڭ قەدىمقى ئەنئەنىلىرىدە بولغان ئىدى، بۇ دىن ھىسسى لەززەتلەرگە ئارتۇقچە بېرىلىپ كېتىش دىنى، ھەم دۇنيا لەززەتلىرىدىن مەھرۇم قىلغۇچى تەركىچىلىك دىنى".① ئېزىلگۈچى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچى ئەمگەكچى خەلق ئەگەر ھىندى دىنىنىڭ ئەقىدىلىرىگە بويسۇنىدىغانلا بولسا، ئۇ ھالدا، كۆرەش ئىرادىسىنى بىخۇتلاشتۇرۇپ، ئۇ دۇنيا توغرىسىدىكى خام خىيالغا بېرىلىپ كېتەتتى؛ ھوكۇمرانلىق قىلغۇچى سىنىپلارمۇ ھىندى دىنى تەرغىپ قىلغان تۇرمۇش مەقسىتىدىن پايدىلىنىپ، ھېچ ئەيمەنمەستىنلا ئەيش-ئىشرەتكە بېرىلىپ، كەيپ-ساپا سۈرگەن ئىدى.

**ھىندىستاننىڭ فېوداللىق بۆلۈنۈشى** 7-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، شىمالىي ھىندىستاندا بۆلۈنمىچىلىك ۋەزىيىتى كېلىپ چىققان ئىدى. ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمال قىسمىدا بەزى ئۇرۇقلار باش كۆتىرىپ چىقىپ، ھەربىي تەشكىلاتلار قۇرۇپ، يەرلىك ئاقسۆڭەكلەرگە قوشۇلۇپ، ھەربىي خىزمەت ئۆتىگەن ئىدى، بۇ ئادەملەر "راجاپۇد" (ئاقسۆڭەك پەرزەنتلىرى) دەپ ئاتالغان ئىدى. ئۇلار كۈندىن-كۈنگە كۈچىيىپ، شىمالىي ھىندىستاندا بىرمۇنچە بەگلىكلەرنى قۇرغان ۋە بۆلۈنمىچىلىكنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، دائىم ئۇرۇش قوزغاپ تۇرغان ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە 8-ئەسىردە باش كۆتەرگەن پۇرادھارا سۇلالىسى ھەممىدىن كۈچلۈك بولۇپ، كاناۋج شەھىرىنى ئىشغال قىلغان ئىدى، بۇ سۇلالە گانگ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ۋادىسىدىكى

① ماركس: «برىتانىيىنىڭ ھىندىستاندىكى ھوكۇمرانلىقى»، «ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، خەلق نەشرىياتىنىڭ 1972-يىل خەنزۇچە نەشرى، 3-توم، 62—63-بەتلەر.

كەڭ زېمىنىنى ئىگەللەپ، شەرقتە بېنگالدىكى پالا سۇلالىسى بىلەن ئۇزاق مۇددەت كۈرەش قىلغان ئىدى. 10 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، پۇرادھارا سۇلالىسىنىڭ تەسىر كۈچى ئىنتايىن كۈچىيىپ، شىمالىي ھىندىستاندا بىر مەزگىل دەۋران سۈرگەندىن كېيىن، 11 ـ ئەسىردە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن مەغلۇپ بولۇپ يوق قىلىنغان ئىدى.

جەنۇبىي ھىندىستاندا ئىزچىل تۈردە جىددىي بۆلۈنمىچىلىك بولۇپ كەلگەنلىكتىن، بىرقەدەر تۇراقلىق بىر تۇتاش ھاكىمىيەت زادىلا بولۇپ باقمىغان ئىدى. 6 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا چالكى سۇلالىسى باش كوتەرگەن، بۇ سۇلالە دەسلەپتە كىرىشنا دەرياسىنىڭ يۇقۇرى ۋادىسىدا ھازىرقى بومباي شەھىرىنىڭ يېنىدا ئىدى، بۇرا- جىسسا II (609 ــ 642) پادىشا بولۇپ تۇرغان چاغدا، بۇ پادىشالىق شىمالدا ناربادا دەرياسىغىچە، جەنۇپتا كاۋېرى دەرياسىغىچە كېڭىيىپ، جەنۇبىي ھىندىستاننىڭ كوپ قىسمىنى ئوز ھاكىمىيىتىنىڭ ھوكۇمرانـ لىقى ئاستىغا ئالغان ئىدى. 8 ـ ئەسىردە، چالكى جەنۇپقا كەلگەن مۇسۇلمانلارنى مەغلۇپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن، كېيىن راشدىراكۇد سۇلالىسى تەرىپىدىن يوقىتىلغان ئىدى.

راشدىراكۇد چالكىنىڭ تەختىنى ئىگەللىگەندىن كېيىن، جەنۇبىي ھىندىستاندا ئىككى ئەسىر زوراۋانلىق يۈرگۈزگەن، ئەرەپلەر بىلەن دوستانە سودا ـ سېتىق مۇناسىۋەتلىرىنى ساقلاپ كەلگەن ئىدى. 9 ـ ئەسىردە، ئەرەپ ساياھەتچىلىرى جەنۇبىي ھىندىستانغا ساياھەت قىلىپ، راشدىراكۇد پادىشالىقى، باغدات خەلىپىسى، شەرقىي رىم پادىشاسى ۋە جوڭگو پادىشاسىنى ئەينى زاماندا دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك ھوكۇمرانلار دەپ ئاتاشقان ئىدى. 10 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىر-

لىرىغا كەلگەندە، راشدراكۇدىنىڭ كۈچى تەدرىجى ئاجىزلاپ كەتكەن.

## 2 - بۆلۈم ھىندىستاندا فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ راۋاجلىنىشى

**دېھلى سۇلتانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى** 7 - ئەسىردىلا، ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى سىنىپى ھىندىستانغا تاجاۋۇز قىلغان ئىدى. 8 - ئەسىردە، ئەرەبلەر ھازىرقى پاكىستاننىڭ سىند رايونىنى ئىستىلا قىلىپ، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلىگەن. 10 - ئەسىردە، تۈركلەرنىڭ ھازىرقى ئافغانىستاننى مەركەز قىلغان غەزنىۋى سۇلالىسى باش كۆتەرگەن، 1001 - يىلدىن باشلاپ ئۇنىڭ پادىشاسى مەھمۇت كۆپ قېتىم لەشكەر تارتىپ كېلىپ ھىندىستانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن. بۇنداق تاجاۋۇز 26 يىل ئىچىدە 15 قېتىمدىن كۆپرەك بولۇپ ئۆتكەن. غەزنىۋى پادىشالىقىنىڭ لەشكەرلىرى پەنجابنى بېسىپ ئۆتۈپ، كاناۋۇج شەھىرىنى ئېلىپ، ئوتتۇرا ھىندىستاننى، گۇجارات ۋە باشقا جايلارنى ئاياق ئاستى قىلغان، بۇلاپ - تالىغان، شۇنىڭ بىلەن شىمالىي ھىندىستاننىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكى قاتتىق ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان.

12 - ئەسىردە، ئافغانىستان زېمىنىدا يەنە گۇد سۇلالىسى باش كۆتەرگەن، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىرى 1175 - يىلدىن باشلاپ يەنە ھىندىستانغا تاجاۋۇز قىلغان، 12 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، ئۇلار بېنگال، بىھار ۋە باشقا جايلارنى ئىشغال قىلىپ، شىمالىي

ھىندىستاننى تامامەن ئۆزىگە قارىتىۋالغان. غەزنىۋى بىلەن گود ئىككىلىسى ئىسلام دۆلەتلىرى ئىدى، كۆپ قېتىم ئىستىلا قىلىش ئارقىلىق، ئىسلام دىنىنىڭ تەسىر كۈچى ھىندىستانغا چوڭقۇرلاپ كىرگەن، شىمالىي ھىندىستاندىكى ئىسلام ھۆكۈمرانلىرى دېھلىنى مەركەز قىلغان ھالدا 1206-يىلدىن باشلاپ سۇلتان① ئۇنۋانىنى ئالغان، شۇنىڭ بىلەن ھىندىستان تارىخىدا دېھلى سۇلتانلىقى (1206 — 1526) باشلانغان.

سۇلتان — دېھلى سۇلتانلىقىنىڭ ئالىي ھۆكۈمرانى، سۇلتان كاتتا ھەربىي، مەمۇرىي ھوقۇققا ئىگە ئىدى، ئۇنىڭ قول ئاستىدا ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ ھەر خىل ئىشلارنى بېجىرىدىغان بەزى ۋەزىرلەر بولاتتى. ھەربىي قوشۇن، ئاساسەن، ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار، ئىرانلىقلار، ئافغانلاردىن تەشكىللەنگەن بولۇپ، ئاتلىق ئەسكەر ئاساس قىلىناتتى. مەملىكەت بىرقانچە ئۆلكىگە ئايرىلغان، سۇلتان بۇ ئۆلكىلەرنى باشقۇرۇشقا باش ۋالىي تەيىنلىگەن، باش ۋالىيلىرىنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان ئاقسۆڭەكلىرىدىن بولغان. ھىندى دىندىكىلەر تۆۋەنرەك ئەمەلدارلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. باش ۋالىنىڭ ھوقۇقى ناھايىتى زور بولۇپ، كۆپ چاغلاردا، ئۆزىگە قاراشلىق مەلۇم رايونلارنىڭ مۇستەقىل ھۆكۈمرانى بولۇۋالغان. ئۆلكىدىن باشقا يەنە ھىندى دىندىكى بەگ-خوجىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى كىچىك بەگلىكلەرمۇ بولغان، بۇلارنىڭ مەركەزدىن ئالغان مۇستەقىللىقى تېخىمۇ زور بولغان.

---

① نوپۇزلۇق كىشى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، بەزى ئىسلام ئەللىرىدە دۆلەت باشلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

سۇلتان ئالاۋۇددىن (1296—1316) تەختتە تۇرغان چېغىدا، كەڭ كۆلەمدە كېڭەيمىچىلىك يۈرگۈزگەن، ئەسكەر چىقىرىپ ھىندى دىنىدىكى بەزى بەگ-خوجىلارنى بويسۇندۇرغان ھەم بىرقانچە قېتىم دېككانغا يۈرۈش قىلىپ، كاۋېرى دەرياسى ۋادىسىغىچە يېتىپ بېرىپ، ھىندىستاننىڭ پۈتۈن زېمىنىنى دېگۈدەك ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئېلىۋالغان. ئالاۋۇددىن قولىدا زور قوشۇن تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن، باج-سېلىقلارنى كېڭەيتكەن، يەر بېجى ھوسۇلنىڭ ئىككىدىن بىر ئۈلۈشىگە يەتكەن، يەنە باشقا يېڭى باج-سېلىقلارنىمۇ قوشۇپ ئالغان، دېھقانلار ئېغىر ئېكسپلاتاتسىيىگە ئۇچراپ، ھايات يولىنى تاپالمىغانلىقتىن، بەزىلىرى قېچىپ كەتكەن، بەزىلىرى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ھۆكۈمرانلارغا زەربە بەرگەن. ئەسكەرلەرنىڭ ئۆز مائاشىغا تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرۈشىگە كاپالەت بېرىش ئۈچۈن، ئالاۋۇددىن يەنە بازارنى قاتتىق باشقۇرغان، ئاشلىق، ياغ، تۇز، رەخت قاتارلىقلارنىڭ باھاسىنى بەلگىلەپ قويغان، سودىگەرلەرنىڭ مال باھاسىنى ئاشۇرۇشىغا يول قويمىغان. ئالاۋۇددىننىڭ ھۆكۈمرانلىقى گەرچە بىر مەزگىل دەۋر سۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن. يىلمۇيىل ئۇرۇش بولۇپ تۇرغاچقا، دۆلەت غەزىنىسى كۈندىن-كۈنگە قۇرۇقلىنىپ، خەلقنىڭ قارشىلىقى كۈچىيىپ، ھۆكۈمرانلىقى كۈچەيەلمىگەن، ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن، فېئوداللار ئارىسىدا جېدەل-ماجىرالار چىقىپ، دېككاننىڭ ھەرقايسى جايلىرى دېھلىنىڭ ئىسكەنجىسىدىن ئايرىلىپ چىققان.

14-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، تۈركلەشكەن موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىدىن بولغان تۆمۈر① زور قوشۇن باشلاپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىن ھىندىستانغا

---

① تۆمۈر دۆلىتى 14-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ماۋەرائۇننەھرى (ئامۇ دەرياسى

تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن، ئۇ ئۆتكەنلا يېرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىغان ۋە بۇلاپ-تالىغان، دېھلىنى ئالغاندىن كېيىن، ھۈنەرۋەنلەرنى تۇتۇپ كەتكەن، باشقا ئاھالىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك قىرىپ تاشلىغان، مال-مۈلكىنى تامامەن بۇلاپ كەتكەن. تۆمۈرنىڭ تاجاۋۇزى، ئاللىقاچان پارچىلانغان دېھلى سۇلتانلىقىغا ئېغىر زەربە بولغان، جايلاردىكى فېئوداللار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، كەينى-كەينىدىن مۇستەقىل بولۇۋالغان، دېھلى ھاكىمىيىتى ئۆزىگە يېقىن جايلارنىلا باشقۇرىدىغان بىر كىچىك بەگلىك بولۇپ قالغان، 1526-يىلىغا كەلگەندە تامامەن يوقالغان.

**يەر تۈزۈمى ۋە دېخانلارنىڭ ئەھۋالى** ئىسلام دىنىدىكى فېئوداللار ئۆزىنىڭ فېئودallıq ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ھىندىستانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن كېيىن، ئىستىلاچىلارنىڭ قورال كۈچىگە تايىنىپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە يەرگە بولغان فېئوداللىق دۆلەت مۈلۈكچىلىكىنى① تىكلىگەن. نامدا سۇلتان مەملىكەتتىكى بارلىق زېمىننىڭ ئالىي ھوقۇقدارى ھېساپلىنىپ، قول ئاستىدىكى ۋەزىر-ۋەزىرانلارغا مەلۇم زېمىننى ھەدىيە سۈپىتىدە تەقسىم قىلىپ بېرىدىغان ياكى ئۇلارنىڭ زېمىنىنى مۇسادىرە قىلىدىغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، سۇلتان مەملىكەتتىكى

---

بىلەن سىر دەرياسى ئارىلىقى) رايونىدا باش كۆتۈرۈپ، ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىران، ئافغانىستان قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلغان. شەرقتە ھىندىستانغا، غەربتە كىچىك ئاسىياغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن. ناھايىتى بەك كۈچىيىپ كەتكەن. 1405-يىلى تۆمۈر ئۆلگەندىن كېيىن، بۇ دۆلەت ھالاكەتكە يۈزلىنىپ، 15-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا يوقالغان.

① ئوتتۇزىنچى باپ، 3-بۆلۈمگە قارالسۇن.

بارلىق زېمىنىنىڭ ئىگىسى بولالمىغان، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يەرلەر پەقەت پۈتۈن مەملىكەت زېمىنىنىڭ بىر قىسمىلا بولغانلىقتىن، نۇرغۇن يەر ئۇنىڭ چاڭگىلىدا بولمىغان، ئۇ يەرلەردىن باجمۇ ئالالمىغان.

دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يەرنىڭ كېلىش مەنبەسى، ئاساسەن، ئىستىلا جەريانىدا ئۆلتۈرۈلگەن ياكى قېچىپ كەتكەن بۇرۇنقى ھىندى ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ مۇسادىرە قىلىنغان زېمىنى ئىدى. بۇنداق يەر، ئاساسەن، ئىككى خىلغا ئايرىلاتتى: بىر قىسمى خاس دەپ ئاتىلىپ، سۇلتانغا قاراشلىق يەر ئىدى، بۇ يەرلەرنى دۆلەتنىڭ مالىيە ئورگانلىرى بىۋاسىتە باشقۇراتتى، بۇ يەرنى تېرىيدىغان دېھقانلار دۆلەتكە باج-سېلىق تۆلەيتتى، بۇ باج-سېلىق ئوردا خىراجىتى ۋە دۆلەت چىقىمى ئۈچۈن ئىشلىتىلەتتى. يەنە بىر قىسمى سۇلتان فېئوداللارغا ھەدىيە قىلىپ بېرىدىغان يەر بولۇپ، ئىقتار دەپ ئاتىلاتتى، بۇنداق يەرگە ئىگە بولغانلارنىڭ سۇلتانغا ھەربى خىزمەت ئۆتەش مەجبۇرىيىتى بولاتتى، چاقىرىق قىلىنغاندا، بۇنداق فېئوداللار بىر قىسىم قوشۇن باشلاپ ئۇرۇشقا قاتنىشاتتى، بۇ يەرلەر فېئوداللارنى بېقىش ۋە ئەسكەرلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن بېرىلەتتى، ئىقتار فېئوداللار ھوقۇقىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە قاراپ ئاز ۋە كۆپ بولاتتى، ھەتتا پەقەت بىرلا ئەسكەرنى تەمىنلەيدىغان كىچىككىنە ئىقتارمۇ بولاتتى.

دەسلەپتە، ئىقتارغا ۋارىسلىق قىلىش يولىغا قويۇلماي، پەقەت قىسقا مۇددەتكىلا بېرىلگەن ۋە سۇلتان خالىغان چېغىدا قايتۇرۇۋېلىپ تۇرغان. ئىگىدارچىلىق قىلىنىدىغان يەرگە ئىگە بولغۇچىلارنىڭ ئورۇن-مەرتىۋىسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ، مۇقىم بىر ئورۇندىلا بولماي، ئۆزگىرىپ تۇرغان. ئىسلام دىنىدىكى ھەربى فېئودال ئاق-

سودىگەرلەر ئۆزىنىڭ بەرگە بولغان ھوقۇقنى مۇستەھكەملەشكە، يېرىنى كېڭەيتىشكە تىرىشقان. 14-ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، نۇرغۇن ئېقتار باج تۆلىمەيدىغان ئىمتىيازغا ئىگە بولغان، يەردىن كىرگەن بارلىق ئېكسپىلاتاتسىيە كىرىمى بەرگە ئىگە بولغۇچىلارغا مەنسۇپ بولغان، فېودالالار تەدرىجى يوسۇندا ۋارىسلىق يولى بىلەن يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان ۋە سۇلتانغا ھەربىي خىزمەت ئۆتىمەيدىغان بولغان، شۇنىڭ بىلەن مەركەزنىڭ ھوقۇقى ئاجىزلىشىپ كەتكەن.

سۇلتان يەنە بەزى يەرلەرنى ئىسلام ئۆلىمالىرىغا، دىنىي كاتتى-ۋاشلارغا بەرگەن، بۇنداق يەرلەر ئىنئام دەپ ئاتالغان. يەنە بەزى يەرلەرنى مەسچىت، مەدرىسىلەرگە بەرگەن، ئۇلارنىڭ خىراجىتى ئېكسپىلاتاتسىيىدىن كىرگەن كىرىم بىلەن تەمىن ئېتىلگەن، بۇنداق يەر ۋەخپى دەپ ئاتالغان. ئىنئام يەرلەر ۋارىسلىق قىلغۇچىلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولغان، ۋەخپى يەرلەرمۇ ئىگە بولغۇچى ئورۇنغا مەڭگۈگە مەنسۇپ بولغان، سۇلتان بۇ يەرلەرنى ئىككىنچىلەپ قايتۇرۇۋالمايدىغان بولغان. دۆلەتمۇ بۇ يەرلەرنى تېرىغان دېھقانلاردىن باج ئالمىغان، بۇ دېھقانلارنىڭ باج مىقدارىنى فېودالالار بەلگىلەپ بەرگەن ۋە بۇ يەرلەر شۇ فېودالالارنىڭ شەخسىي ئىگىدارچىلىقىدا بولۇپ قالغان.

يەنە نۇرغۇن يەرلەر ھىندى دىنىدىكى فېودالالارنىڭ قولىدا بولۇپ، ئۇلار سۇلتانغا پەقەت ئازلا سوغا سۇنۇپلا تۇرغان.

كەڭ دېھقانلار فېودالالارنىڭ دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە ۋە زۇلمىغا ئۇچراپ تۇرغان. بۇ چاغلاردا ھىندى دېھقانلىرى يەنىلا يېزىلاردا ۋارىتا تۈزۈمىسىنىڭ ئاسارىتىدە ئىدى. يېزا جامائەسىنىڭ تاشقى شەكلىلا ساقلانغان بولۇپ، جامائەگە تەئەللۇق ئوتلاق،

ياپلاقلاردىن بارلىق دېھقانلار كوللېكتىپ پايدىلىناتتى. ھەر بىر ئائىلە ئۆزىگە تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن يەرگە ۋارىسلىق قىلاتتى، بۇ يەرلەرنى ئېلىش-سېتىشقا، ئۆتۈنگە ۋارىسلىق قىلىشقا ۋە ئۆتۈنۈپ بېرىشكىمۇ بولاتتى. دېھقانلار يەر تېرىش ئۈچۈن، دۆلەتكە ياكى شەخسىي فېئوداللارغا يەر بېجى ئۈچۈن ھوسۇلنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى تاپشۇراتتى. ئىسلام دىنىدا بولمىغان ئوتتۇرا ياشلىق ئەرلەر يەنە جان بېجى (ئاساسەن پۇل) ۋە باشقا خىلمۇ-خىل سېلىقلارنىمۇ تاپشۇراتتى. ئېكسپىلاتاتسىيە ناھايىتى ئېغىر، يېزىلاردا پارچىلىنىش كەسكىن بولغاچقا، نۇرغۇن دېھقانلار خانىۋەيران بولغان ئىدى، ئەمما يېزا باشلىقى قاتارلىق يېزىدىكى باج-سېلىق يىغىشقا مەسئۇل بولغان يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر، بىر تەرەپتىن، يەر بېجى تۆلىمەيتتى، يەنە بىر تەرەپتىن ساختىپەزلىك بىلەن، قەدەممۇ-قەدەم باي بولاتتى، بەزىلىرى كىچىك فېئوداللارغا ئايلانغان ئىدى.

**شەھەرلەر ۋە سودا-سانائەت** دېھلى سۇلتانلىقى دەۋرىدە، ھىندىستاننىڭ سودا-سانائىتى ناھايىتى گۈللەنگەن ئىدى، يىپەك، پاختا توقۇلمىلار، گىلەم، ئالتۇن-كۈمۈش بۇيۇملار مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا داڭلىق ئىدى. شىمالىي ھىندىستاندىكى چوڭ شەھەرلەر ئارا سودا جانلانغان، بەزى دېھقانلارمۇ شەھەرگە كىرىپ دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى سېتىپ، پۇلنى دۆلەتكە تاپشۇرغان. بېنگال قولتۇقى ۋە ئەرەپ دېڭىزى قىرغىقىدىكى بەزى مۇھىم پورتلار جۇڭگو، ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا قاتارلىق جايلار بىلەن دائىم سودا ئالاقىسى قىلىپ تۇرغان.

ھىندىستاندا قۇللۇق جەمئىيىتىدىلا بىرمۇنچە شەھەرلەر بولغان. فېئوداللىق جەمئىيەتكە ئۆتكەندە، سودا-سانائەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى

بىلەن بىللە، يېقىندىن يەنە نۇرغۇن شەھەرلەر بارلىققا كەلگەن. ھىندىستاننىڭ شەھەرلىرى سودا-سانائەت مەركىزى ھېسابلىنىدۇ، شۇنداقلا يەنە بەزىلىرى مەمۇرى مەركەز ھېسابلىنىدۇ. بەزى شەھەرلەرنى، مەسىلەن، پايتەخت دېھلىنى فېودالار قۇرغان، سۇلتان ھەم ۋەزىر-ئەمەلدارلار، ئەسكەرلەر كۆپلەپ شەھەرلەرگە كىرىپ ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، نۇرغۇن سودا-سانائەتچىلەرنى ئېلىپ كېلىپ شەھەرلەرنى ئاۋاتلاشتۇرغان. ئىبادەتخانا، پورت بار جايلارغا ۋە يول ئۈستىگە چۈشكەن بەزى شەھەرلەر سودا-سانائەتچىلەرنىڭ توپلىنىشى بىلەن بىنا بولغان. مەسىلەن، كامبەي شەھىرى ئىلگىرى سىۋا ئىلاھ بۇتخانىسى يېنىدىكى بىر مەھەللە بولۇپ، دېڭىز قولتۇقىغا يېقىن، قاتناش قولايلىق بولغانلىقتىن، تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ گۈللەنگەن شەھەرگە ئايلانغان.

شەھەر قول سانائەتچىلىرى مۇستەقىل ئۇششاق ئىشلەپچىقارغۇچىلار ئىدى، ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشخانىلىرى بولغان، ئۆزى ئىشلەپچىقىرىپ، ئۆزى ساتقان، دۆلەتكە باج تۆلىگەن. ئوردىنى تەمىنلەيدىغان دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ھۆكۈمەت سانائىتىمۇ بولغان. ھۆكۈمەت سانائىتىنىڭ كۆلىمى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، ئۇنىڭدا قۇللار ئەمگەك قىلغان، ئۇلارغا دۆلەت ئاش-تاماق بەرگەن، ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلات دۆلەتكە تەئەللۇق بولغان. مەلۇم بىر توقۇمىچىلىق مەيدانىدا ھەتتا 4 مىڭ قۇل ئىشلىگەن.

شەھەرلەرگە فېودالار ھۆكۈمرانلىق قىلغان. شەھەرلەردىكى ماگىزىنلار، دۇكانلار، سارايلارنىڭ كۆپىنچىسى يۇقۇرى دەرىجىلىك ئەمەلدار ۋە ۋەزىرلەرنىڭ بولۇپ، ئۇلار بۇنىڭدىن ھەددىدىن ئارتۇق ئىجارە ئالغان. شەھەر باشلىقىنى سۇلتان تەيىنلىگەن، ئۇ يەنە

بازار باشقۇرىدىغان ئەمەلدارلارنى تەيىنلەپ باج يىغقان. ئادەتتىكى تاۋارلاردىن 2.5 پىرسەنت سودا بېجى ئېلىنغان، باشقا ھەرخىل باجلارنى قوشقاندا، تاۋار قىممىتىنىڭ تۆتتىن بىرىگە توغرا كەلگەن. باج-سېلىق ئېغىر بولغانلىقى، فېئودالار كۆپ تەرەپتىن زۇلۇم سالغانلىقى ئۈچۈن، نۇرغۇن ئۇششاق قول سانائەتچىلەر فېئودالارنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىشكە مەجبۇر بولغان ۋە بۇنىڭ بەدىلى ئۈچۈن ئۆز مەھسۇلاتىنىڭ بىر قىسمىنى فېئودالارغا بىكارغىلا بەرگەن، ھەتتا نائىلاج مۇستەقىللىقىدىن مەھرۇم بولۇپ، فېئودالارنىڭ ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشخانىلىرىغا بېرىپ ئىشلىگەن. ئىچكى-تاشقى سودا سودىگەرلەرنىڭ ئىلكىدە بولۇپ قالغان، بەزى-لىرى نۇرغۇن مەبلەغقە ئىگە بولۇۋېلىپ، جازانىخورلۇق قىلغان، ياكى باجنى كوتىرىگە ئېلىۋالغان، ناھايىتى زور تەسىرى كۈچكە ئىگە بولۇۋالغان. يەنە بەزىلىرى يەر سېتىۋېلىپ يەرنى دېھقانلارغا ئىجارىگە بېرىپ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغان.

**خەلقنىڭ قارشىلىق ھەركەتلىرى** فېئودالارنىڭ دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيىسى ۋە زۇلمى شەھەر-يېزا خەلقىنىڭ كەڭ كۆلەملىك قارشىلىقىنى قوزغىغان. 1301-يىلى دېھلىدە خوجا مولىنىڭ رەھبەر-لىكىدىكى خەلق قوزغىلىڭى پارتىلىغان، قوزغىلاڭچىلار ئەللاۋۇددىنى سۇلتان قىلىپ، پەرلىك ئەمەلدارلارنى ئۆلتۈرگەن، تۈرمىلەرنى ئېچىپ مەھبۇسلارنى بوشاتقان، قورال-ياراق ۋە ئالتۇن-كۈمۈش-لەرنى كەمبەغەللەرگە تارقىتىپ بەرگەن. سۇلتان ئالاۋۇددىن قوزغىلاڭنى باستۇرغان، خوجا مولا ئۇرۇشتا ئۆلگەن، ئەللاۋى ئۆلتۈرۈلگەن. 1419-يىلى پەنجاپتا سەئىن رەھبەرلىكىدىكى كەڭ كۆلەملىك دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتىلىغان، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى

تەشكىللىنىپ، باستۇرۇشقا كەلگەن فېئوداللارنىڭ قوشۇنى بىلەن جەڭ قىلغان، كېيىن دېخانلار قوزغىلىڭى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ سەلىن قۇربان بولغان.

ئەينى زاماندىكى تارىخىي شارائىتتا، خەلقنىڭ قارشىلىق ھەرىكەتلىرى، كۆپىنچە، دىنىي بىدئەتچىلىك تۈسىنى ئېلىپ، ئەتئەنىۋى دىنغا ۋە فېئوداللىق زۇلۇمغا قارشى تۇرۇپ، كەڭ كۆلەملىك ئاممىۋى ھەركەت بولۇپ شەكىللەنگەن.

15 ـ ئەسىردە گۇجارات قاتارلىق جايلارغا تارقالغان دىنىي مەزھەپ ماھدى (قۇتقۇزغۇچى) مەزھىپى بولۇپ، ئۇنىڭ مەشھۇر يولباشچىسى مۇھەممەت مۇلۇك باراۋەرلىكنى تەرغىپ قىلىپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى باراۋەرلىك پرىنسىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىپ، تۆۋەن تەبىقە خەلقنى ئارىسىدا كەڭ كۆلەملىك قوللاشقا ئېرىشىپ، ئەنئەنىۋى ئىسلام دىنى تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان. ئۇ ھەرقايسى جايلاردا سەرگەردانلىقتا يۈرۈپمۇ ھەركەتنى توختاتمىغان ۋە تەشكىلات ئۇيۇشتۇرغان. تەشكىلاتقا قاتناشقۇچىلار ئۆز كىرىمىنى ئومۇمغا تاپشۇرغان، بۇ كىرىم كوللېكتىپ بويىچە تەڭ تەقسىم قىلىپ ئىشلىتىلىپ، باشلانغۇچ كوممۇنىزىم تۇرمۇشى يولغا قويۇلغان. مۇھەممەت ئۆلگەندىن كېيىن، بۇ مەزھەپ داۋاملىق تەرەققىي قىلغان، بەزى جايلاردا فېئوداللار بىلەن قوراللىق توقۇنۇشلارمۇ يۈز بەرگەن.

15 ـ ئەسىردە كەڭ تارقالغان يەنە بىر مەزھەپ ــ بەختى مەزھىپىنىڭ تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك رەھبىرى كەبىر (1380 ــ 1418) ئىدى. ئۇ ۋاراناستىكى توقۇمىچىلىق ئىشچىسى ئىدى، كەبىر بىرلا ئىلاھ مەۋجۇت، ئۇنىڭغا ئىخلاس بىلەن ئېتىقات قىلغاندىلا، ئۇنىڭ ھىمم-

www.uyghurkitap.com

تىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ، دەپ تەرغىب قىلغان. ئۇ ۋارنا تۈزۈمىگە، ھىندى دىنى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ نۇرغۇن قائىدىلىرىگە قارشى تۇرغان. ئۇ: «ئەگەر يالىڭاياق ماڭسا، ئاللا دەرگاھىغا يەتكىلى بولىدۇ، دېيىلسە، ئۇ ھالدا، بۇ ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ھەمدەمىگە ئېرىشەلەيدۇ، دېگەنلىك بولىدۇ. ئەگەر چاچنى چۈشۈرۈش گۇناھدىن ساقىت قىلىدۇ، دېيىلسە، ئۇ ھالدا، قويلارمۇ ئىدرەككە ئىگە بولالايدۇ، دېگەنلىك بولىدۇ» دېگەن. كەبىرنىڭ دىنىي تەلىماتى شەھەر تۆۋەن قاتلام خەلقنىڭ ئارىسىدا ناھايىتى كەڭ تارقالغان، ئۇنىڭ تەلىماتى بارغانسېرى فېئوداللىققا قارشى تۈس ئېلىپ ناھايىتى زور تەسىر قوزغىغان. دەسلەپكى شىق دىنى ئۇنىڭ نۇرغۇن مەزمۇنىنى قوبۇل قىلغان.

**جەنۇبىي ھىندىستان دۆلەتلىرى** دېھلى سۇلتانلىقى تەدرىجى ھالاكەتكە يۈزلەنگەن چاغدا، دېككان ئېگىزلىكىدە باھمان ۋە ۋىسايانىگار دېگەن ئىككى كۈچلۈك دۆلەت باش كۆتەرگەن.

باھمان دېھلى سۇلتانلىقىنىڭ باش ۋالىيلىرى باشقۇرغان رايونلاردىن ئايرىلىپ چىققان مۇسۇلمان دۆلىتى بولۇپ، بىدار شەھىرىنى پايتەخت قىلغان، بۇ دۆلەت ئوتتۇرا ھىندىستان رايونىغا ئىككى ئەسىر (1347—1526) ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋە جەنۇبتىكى ۋىسايانىگار دۆلىتى بىلەن ئۇزاق مۇددەت ئۇرۇش قىلىپ، بەزىدە يەڭگەن ۋە بەزىدە يېڭىلگەن. مەملىكەت ئىچىدە ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈش ئاجىزراق بولۇپ، جايلاردىكى فېئوداللارنىڭ مۇستەقىللىقى كۈچلۈك بولغان، ئۇلار خەلقنى دەھشەتلىك ئەزگەن ۋە ئېكسپلاتاتسىيە قىلغان، كەڭ دېھقانلار، قول سانائەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشى نامراتلىشىپ، ئىنتايىن ئېچىنىشلىق ھالەتتە قالغان. 15-ئەسىرنىڭ

ئاخىرلىرى بۇ دۆلەت پارچىلانغان.

ۋىسسايانىگار دۆلىتى كىرىشنا دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى كەڭ زېمىننى ئىگەللەپ، ئىككى يۈز يىل (1336—1565) دەۋر سۈرگەن. بۇ ھىندى دىنى دۆلىتىنىڭ ئاھالىسى كۆپ بولغان. يېزا ئىگىلىكى، سانائىتى ۋە سودا ئىشلىرى راۋاجلانمىغان، بىرمۇنچە شەھەرلىرى ۋە پورتلىرى بولغان. كالىكوتتا شەھىرى خەلقارا سودا مەركىزى ئىدى، جۇڭگودىن كىرگەن نۇرغۇن بۇيۇملار مۇشۇ جاي ئارقىلىق ئافرىقا ۋە ياۋروپاغا توشۇلاتتى. ئېلىمىزنىڭ مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن جېڭ خې باشچىلىقىدىكى ئوكيان كېمىلىرى نۇرغۇن قېتىم كالىكوتتا شەھىرىگە ۋە باشقا شەھەرلەرگە بارغان ئىدى. بۇ يەردىن قارىمۇچ، يېزا، پىل چىشى، رەڭ بوياق، قەنت، پاختا رەختلەر چەتكە چىقىرىلاتتى. بولۇپمۇ پاختا رەخت داڭلىق ئىدى.

ۋىسسايانىگاردا يەر مۈلۈكچىلىكى ئۈچ خىل بولغان: بىر خىلى — دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدىكى يەر، بىر خىلى — فېئوداللارنىڭ شەخسىي ئىگىدارچىلىقىدىكى يەر، بۇ يەرلەرنى ئېلىش-سېتىش، سوغا قىلىش ۋە ئۆزىنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش فېئوداللارنىڭ ئىختىيارىدا بولغان، يەنە بىر خىلى — ئىبادەتخانىلار ئىگىدارچىلىقىدىكى يەر. يەر ئېلىش-سېتىش ئەۋج ئالغانىكى، پادىشانىڭ ئۆزىمۇ يەر ئالاتتى ۋە ساتاتتى. ماركس: "كىرىشنانىڭ جەنۇبىدىكى قاتمۇ-قات تاغلىق جايلاردا ھەقىقەتەنمۇ يەرگە بولغان خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ساقلانغانىدەك تۇرىدۇ" ① دەپ كۆرسەتكەن ئىدى.

① ماركس. «ئېنگېلسقا خەت (1853-يىل 6-ئاينىڭ 14-كۈنى)». «ماركس-ئېنگېلس خەت-چەكلەر تاللانمىسى»، خەلق نەشرىياتىنىڭ 1962-يىل خەنزۇچە نەشرى، 80-بەت.

www.uyghurkitap.com

يېزا دېخانلىرى تېرىغان يەردىن ئىجارە تاپشۇراتتى، ئىجارە، ئادەتتە، ماددى نەرسە تاپشۇرۇش شەكلىدە بولاتتى، ئىجارىگە پۇل تاپشۇرۇشمۇ تەدرىجى رەسمىيلەشكەن ئىدى. دېخانلار دەھشەتلىك ئېغىر زۇلۇمغا ۋە ئېكسپلاتاتسىيىگە ئۇچرىغانلىقتىن، ئۈزلۈكسىز قارشىلىق كۆرسەتكەن، بەزىلىرى تۈركۈم-تۈركۈملەپ قېچىپ كەتكەن، بەزىلىرى قولىغا قورال ئېلىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، فېئوداللىق ھۆكۈمرانلىققا قاتتىق زەربە بەرگەن ئىدى.

## 3-بۆلۈم دەسلەپكى مەزگىلدىكى مۇغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىغى

**ئىجتىمائىي ئىگىلىكنىڭ راۋاجلىنىشى** 16-ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا، فېئودال بابۇر (1482—1530) ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئەسكەر باشلاپ كېلىپ، ئافغانىستان ئەتراپىنى ئىشغال قىلغان، كابۇلنى مەركەز قىلىپ تۇرۇپ، ھىندىستانغا تاجاۋۇز قىلىپ، 1526-يىلى دېھلىنى بېسىۋالغان. ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىرقانچە يىل داۋامىدا، ئۇنىڭ ھاكىمىيىتى شىمالىي ھىندىستاننىڭ نۇرغۇن جايلىرىغىچە كېڭىيىپ، ھىندىستان مۇغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ ئاساسىنى تىكلىگەن. ①
كېيىن بۇ ئىمپېرىيە جەنۇبىي ھىندىستانغىچىمۇ كېڭىيىپ، ھىندىستان-

---

① بابۇر تۆمۈرنىڭ 6-ئەۋلات نەۋرىسى. ئۇنىڭ ئۆزى ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى موڭغۇل ئەمەس ئىدى، لېكىن بابۇر چاقىرىق قىلىشقا پايدىلىق بولۇشىنى كۆزلەپ ئۆزىنى مۇغۇل دەپ ئاتىغان، بۇ موڭغۇل سۆزىنىڭ ئۆزگەرگەن تۈرى. بۇنىڭ دۆلىتى ئادەتتە مۇغۇل ئىمپېرىيىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

نىڭ كۆپ قىسمىنى بىرلىككە كەلتۈرگەن، بۇ ئىمپېرىيە نامدا تاكى 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىغىچە (1526 — 1858) دەۋر سۈرۈپ كەلگەن.

موغۇل ئىمپېرىيىسى قۇرۇلغان دەسلەپكى يۈز يىل ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىش راۋاجلانغان، ئىگىلىك گۈللەنگەن. يېزا ئىگىلىكىدە تاۋار ئىشلەپچىقىرىش كېڭەيگەن، ئىقتىسادىي زىرائەتلەردىن نىل بوياق، شېكەر قومۇشى، كېۋەز قاتارلىقلارنى تېرىپ ئۆستۈرۈش ئۈزلۈكسىز راۋاجلانغان، بازارغا كىرگەن تاۋار ئاشلىقمۇ كۈندىن - كۈنگە كۆپەيگەن. بەزى جايلاردىكى يېزا قول سانائىتىمۇ بازارلارنى خېلى كەڭ دەرىجىدە تەمىنلەش ئۈچۈن تاۋار ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەن. سودا جازانىخورلۇقى كاپىتالى ئۈزلۈكسىز تۈردە يېزىلارغا چوڭقۇر كىرىپ، يېزىلارنىڭ پارچىلىنىشىنى كۈچەيتىۋەتكەن.

سودا - سانائەت ئوبدانلا راۋاجلانغان. ئاگرا، دېھلى، ئاللاھاباد، پاتنا، كالكۇتتا، مادراس قاتارلىق نۇرغۇن شەھەرلەر ناھايىتى ئاۋاتلاشقان. قول سانائەت تارماقلىرى كۆپەيگەن، ھۈنەر - سەنئىتى ئېشىپ بارغان. 16 - ئەسىردە ئېلىنغان مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، ئەينى زاماندىكى ھىندىستاندا ئىشلەپچىقىرىلغان پاختا بۇيۇملار 30 خىلغا، يىپەك بۇيۇملار 26 خىلغا، يۇڭ بۇيۇملار 23 خىلغا، كىمخاپ 19 خىلغا يەتكەن، ئۇنىڭدىن باشقا ھەر خىل رەڭلىك گىلەم - ئەدىيال، پەرىجە - تونلار ئىشلەپچىقىرىلغان. نۇرغۇن توقۇلما بۇيۇملار مەملىكەت ئىچىدىلا داڭلىق بولۇپ قالماي، يىراقتىكى ياۋروپانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغىمۇ ئېلىپ بېرىپ سېتىلغان.

نۇرغۇن شەھەرلەر ئارىلىقىدا دائىمىي خاراكتېرلىق سودا كارۋانلىرى قاتناپ تۇرغان. چوڭ يوللار تۇتاشقان جايلاردىكى يول بويلىرىدا يەنە نۇرغۇن ماگازىنلار بولغان. 16 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا غەرپلىك بىر

كىشىنىڭ قالدۇرغان خاتىرىسىدە يېزىلىشىچە، ئاگرادىن پاتىپۇرغىچە بولغان ئارىلىق 20 چاقىرىم كەلسىمۇ، يول بويلىرىغا زىچ سودا دۇكانلىرى جايلاشقان ئىكەن، بۇ ئوتتۇرىدا ماڭغان ئادەم زادىلا شەھەردىن ئايرىلماي، بەلكى ئاۋات بازاردا تۇرغاندەك ھىس قىلىدىكەن. بېنگال بىلەن غەربىي ھىندىستان ئارىلىقىدا گانگ دەرياسى ئارقىلىق نۇرغۇن مال توشۇلۇپ تۇرغان، بۇنىڭ ئىچىدە زىبۇ-زىننەت بۇيۇملىرىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئادەتتىكى شەھەر ئاھالىسى ئەمنىلەيدىغان بۇغداي، گۈرۈچ، شېكەر قاتارلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرىمۇ بولغان. شىمالىي ھىندىستاندا ئاساسەن بىر تۇتاش بازار شەكىللەنگەن. بېنگال بىلەن گۇجاراتتا تاشقى سودا ناھايىتى راۋاجلانغان، سودا كېمىلىرى شەرقتە جۇڭگوغا، غەربتە ئافرىقىغا قاتناپ تۇرغان، نۇرغۇن ھىندى سودىگەرلىرى ھەتتا يىراقلارغا سەپەر قىلىپ شەرقىي-جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرىگىچە بېرىپ، پونكىت قۇرۇپ، خەلقارا سودا بىلەن شۇغۇللانغان.

ئاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ئىككى قۇتۇپقا بولۇنۇشنى كەسكىنلەشتۈرۈۋەتكەن. بىرمۇنچە قول سانائەتچىلەر نامراتلىقتىن ۋەيران بولۇپ، تىرىكچىلىك قىلالماي، ياللانما ئەمگەكچىلەرگە ئايلىنىپ كەتكەن. ئەينى زاماندا نۇرغۇن شەھەرلەرنىڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇشىدا ياللانما ئىشچىلار ئىشلىتىلگەن، ھەتتا شىرخان پاتنا پورتىنى ياساتقاندىمۇ ياللانما ئىشچىلار ئىشلەتكەن. يەنە بىر تەرەپتىن، غايەت زور سودا كاپىتالى باش كۆتەرگەن. 16-ئەسىردە گۇجاراتلىق چوڭ باي ۋىساۋارا سۇراتتا باش دۇكان قۇرۇپ، ئىمپورت ۋە ئېكسپورت سودىسى بىلەن شۇغۇللانغان، ئاگرا، كاكىناد قاتارلىق جايلاردا شۆبە دۇكانلار قۇرۇپ، گۇجارات بىلەن غەربىي جەنۇبىي دېڭىز

ياقىلىرىدىكى سودىنى مونوپول قىلىۋالغان.

تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ئاساسىدا، قول سانائەت تارماقلىرىدا كاپىتالىزم بىخلىرى پەيدا بولۇشقا باشلىغان، سودا كاپىتالىنىڭ قول سانائەتچىلەرنى تىزگىنلىشى، ھۆددىگە ئېلىپ سېتىش تۈزۈمىنىڭ پەيدا بولۇشى بۇنىڭ ئەينى زامانىدىكى ئاساسىي شەكلى بولغان. يەنى سودىگەرلەر قول سانائەتچىلەرگە ئالدىن پۇل بەرگەن، قول سانائەتچىلەر بۇ پۇلغا خام ئەشيا سېتىۋېلىپ، پىششىقلاپ ئىشلىگەن، مەھسۇلاتنى سودىگەرلەر ئېلىۋېلىپ، سودىگەرچىلىك قىلىپ ئۇنىڭدىن پايدا ئالغان. سودىگەرلەر، كۆپ ھاللاردا، پۇرسەت تېپىپ مەھسۇلاتنىڭ تەننەرق باھاسىنى تۆۋەنلىتىپ، قول سانائەت ئىشچىلىرىنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغان. ئىشچىلار مەلۇم ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن كاپىتالنىڭ چاڭگىلىغا كىرىپ قالغانلىقتىن، ئېكسپىلاتاتسىيىگە ئۇچراۋەرگەن. ئەينى زاماندا بۇنداق ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى جەنۇبىي ۋە شىمالىي ھىندىستاننىڭ بەزى جايلىرىدا ساقلانغان. ئەمما، قول سانائەتنىڭ ئاساسىي شەكلى يەنىلا فېئوداللىق ئۇششاق ئىشلەپچىقىرىش بولۇپ، ۋارنا تۈزۈمىنىڭ قاتتىق ئاسارىتىدە تۇرىۋەرگەن. فېئودال خانلىقلار قول سانائەتچىلەرنى كۆپ تەرەپتىن ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىپ ۋە ئېزىپ، سودا-سانائەتنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇن بولۇپ تۇرغان.

**يەر تۈزۈمى** موغۇل ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە، يېزىلاردا يەرگە ۋارىسلىق قىلىش، يەرنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش، سېتىش ۋە سېتىۋېلىش خېلى كەڭ ئومۇملاشقانلىقتىن، سىنىپىي بۆلۈنۈش جىددىيلەشكەن. پەنجابنىڭ بىر يېزىسىنىڭ 17-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى جان بېجى ھۆججىتىگە قارىغاندا، يېزىدا تېرىلغۇ يېرى بولغان ئۇششاق

دېھقانلار پۈتۈن يېزىدىكى ئەرلەر ئومۇمى سانىنىڭ تەخمىنەن 100 دە 50 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان، ئەمما 5 پىرسەنتىكە يېقىن ئەرلەر پومىششىكلار، جازانىخورلار دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن. يوقسۇللار، مەجبۇرەن ئىجارىگە يەر تېرىغۇچىلار سەككىز پىرسەنتنى ئىگىلىگەن. كەڭ دېھقانلار فېئوداللىق دۆلەتنىڭ ئىجارە-باجلىرى ئارقىسىدا، دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيىگە ئۇچراپ تۇرغان، يەر بېجى بەكمۇ ئېغىر بولغان، دەسلەپتە، ئومۇمەن، ئەتىياز پەسلىدە ھوسۇلنىڭ ئىككىدىن بىر قىسمى، كۈزدە ئۈچتىن بىر قىسمىنى تاپشۇرغان. كېيىن بىردەكلا ئىككىدىن بىر قىسمى تاپشۇرۇلىدىغان بولغان. يەر بېجىدىن باشقا، يەنە جان بېجى، تاۋار بېجى، بازار بېجى، بېلىق تۇتۇش بېجى، ھەج-تاۋاپ بېجى قاتارلىق خىلمۇ-خىل ئېغىر باج-سېلىقلار قويۇلغان. فېئوداللىق دۆلەت باجنى ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمىنىمۇ يولغا قويۇپ، مەلۇم رايوننىڭ باج كىرىمىنى سودىگەرلەرنىڭ يىغىشىغا تاپشۇرغان. سودىگەرلەر ئالدى بىلەن دۆلەتكە بىر قېتىمدىلا يېتەرلىك باج سوممىسى تاپشۇرغاندىن كېيىن، مەزكۇر رايوندىن ئۆز مەيلىچە باج يىغىۋېلىپ، كۆپ تەرەپلىمە قاقتى-سوقتى قىلىپ، دېھقانلارنىڭ قان-تەرىنى شورىغان. شۇنىڭ ئۈستىگە دېھقانلار دائىم ھاشارغا تۇتۇلغان، بۇمۇ ئۇلار ئۈچۈن بىر خىل ئېغىر يۈك بولغان.

موغۇل ئىمپېرىيىسى دېھلى سۇلتانلىقىنىڭ يەر تۈزۈمىگە ۋارىسلىق قىلىپ، دۆلەت بىۋاسىتە باشقۇرغان يەردىن باشقا، يەنە كەڭ يەرلەرنى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئافغانىستاندىن كەلگەن ئىسلام فېئودallىرىغا ھەدىيە قىلىپ بەرگەن، بۇ يەرلەر جەگىر دەپ ئاتالغان، يەرگە ئىگە بولغۇچىلار جەگىردار دەپ ئاتالغان. يەرگە ئىگە بولغۇچىلار بېرىلگەن

يەردىن كىرگەن دارامەتىنىڭ ئاز-كۆپلۈكىگە قاراپ، ھوكۇمەتنى ئاتالىق ئەسكەر بىلەن تەمىنلىشى، ئۇرۇش بولغان چاغدا قول ئاستىدىكىلەرنى باشلاپ ئۇرۇشقا چىقىشى شەرت قىلىنغان. ئادەتتە جەگىرنىڭ كۆلىمى خېلى چوڭ بولۇپ، نەچچە مىڭ گىكتار، ھەتتا نەچچە تۈمەن گىكتارغا يەتكەن. فېئودال تەيرىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، جەگىردارنىڭ بېرىلگەن يەرگە ۋارىسلىق قىلىشىغا يول قويۇلمىغان، ئۇلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ بايلىقى بالىلىرىغا قالدۇرۇلماي، دۆلەت غەزىنىسىگە تاپشۇرۇلغان. بىر يەرنى ئۇزاق مۇددەت ئىگىلىلۈۋېلىپ، چوڭ يەر بولۇۋالغۇچى بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، جەگىردار بېرىلگەن يەرنى پات-پات ئالماشتۇرۇپ تۇرۇشى، ئادەتتە ئۈچ يىلدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىم بولغان. شۇڭلاشقا جەگىردار تامامەن تەييارتاپ سىنىپقا ئايلىنىپ قالغان، ئاچكۆزلۈك بىلەن خەلقنى بۇلاپ-تالىغان، بۇزۇپ-چېچىپ خالىغانچە ئىسراپ قىلغان، بايلىقنى توپلىمىغان، ئىگىلىكنى ياخشى يولغا قويمىغان، شۇ سەۋەپتىن، دېھقانلار تېخىمۇ ئېغىر كۈلپەتكە ئۇچراپ تۇرغان. چوڭ-كىچىك جەگىردارلارنىڭ ھەممىسى موغۇل خانىنىڭ ئىلكىدە بولغان، ئۇلار ئارىسىدا بىر بىرىگە بېقىنىش مۇناسىۋىتى بولمىغان، يەر بىلەن بولغان ئالاقىسىمۇ چىڭ بولمىغان، بۇ ھال غەرب فېئودال-لىق جەمئىيىتىدىكى فېئوداللارغا ئوخشىمايدۇ.

موغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ چەت-ياقا رايونلىرىدا ياكى ھەربى جەھەتتىن كۆچى يېتىپ بارالمىغان تاغ-ئېدىرلىق جايلاردا، ھىندى دىنىدىكى بەگ-خوجىلار ياكى قەبىلە باشلىقلىرى يەنىلا ئىگەللىگەن يېرىگە ۋارىسلىق قىلىۋېرىپ، زېمىندار دەپ ئاتالغان. ئۇلار دېھقان-لاردىن يەر ئىجارىسى ئۈچۈن نەرسە ئالغان، بەزىدە ئەمگەك

www.uyghurkitap.com

قىلدۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغان. شىلىۋالغان نەرسىلەرنىڭ بىر قىسمىنى مۇقىم مىقدار بويىچە مەركىزىي ھۆكۈمەتكە تاپشۇرغان. ھۆكۈمەت ئۇلارنىڭ باج ئېلىش مىقدارىنىڭ قانچىلىك ياكى باج ئېلىش ئۇسۇلىنىڭ قانداق بولۇشى بىلەن كارى بولمىغان. زېمىندارلار موغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ ھەممە يەرلىرىگە تارقالغان. ئەڭ چوڭ زېمىندارلار بېنگال، بىھار، ئورىسسا، راجپۇتانا ۋە ئافغانىستاننىڭ كابۇل قاتارلىق جايلىرىدىن زېمىن ئىگىلىۋالغان. مىللەت، ئېتىقاتنىڭ ئوخشاشماسلىقى ۋە سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى مۇستەقىللىق زېمىندارلارنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمەتتىن قۇتۇلۇش غەرىزىنى كۈچەيتكەن.

**ئەكبەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى** بابۇر قۇرغان ئىمپېرىيە مۇستەھكەملىنەلمىگەن، ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن، فېئوداللارنىڭ ئىچىدە جىدەل-ماجىرالار پەيدا بولۇپ، بابۇرنىڭ ئوغلى بىر مەزگىل ھىندىستاندىن قوغلاندى قىلىنغان. 1556-يىلى بابۇرنىڭ نەۋرىسى ئەكبەر (1556—1605) تەختتە ئولتۇرغان. ئەكبەر ئىسلام دىنى فېئوداللىرى بىلەن ھىندى دىنى فېئوداللىرىنىڭ قوللىشىغا تايىنىپ، كۈچلۈك قوشۇن تەشكىللەپ، ھەر تەرەپكە تاجاۋۇز قىلىپ، زېمىننى كېڭەيتكەن. شىمالدا ھىمالايا تاغلىرىغىچە، جەنۇپتا گوداۋار دەرياسىغىچە، غەرپتە گۇجاراتقىچە، شەرقتە بېنگالغىچە بولغان جايلارنىڭ ھەممىسى موغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ تەۋەلىكى بولۇپ قالغان. پەقەت جەنۇپتىلا ھىندى دىنىدىكى بەزى مۇستەقىل كىچىك پادىشاھلىقلار ساقلىنىپ قالغان.

ئەكبەر ھوقۇقنى مەركەزگە مەركەزلەشتۈرۈشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللانغان. ئۇ، ئالدى بىلەن، مەركەز-

نىڭ ھوقۇقىنى كۈچەيتىپ، باش ۋەزىر ۋە مالىيە، دىن-ئەدلىيە ۋەزىرلىرىنى تەيىنلىگەن. پۈتۈن دۆلەتنى 15 ئۆلكىگە ئايرىپ، ھەر بىر ئۆلكىگە ھەربىي ئىشلارنى باشقۇرىدىغان باش ۋالى بەلگىلىگەن ھەم يەنە ئايرىم ھالدا ئەدلىيە، مالىيە ئەمەلدارلىرىنى ئەۋەتكەن. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى مەركەز بىۋاستە باشقۇرغان. يەنە مەملىكەتنىڭ ھەممە يېرىگە چارلىغۇچىلارنى ئورۇنلاشتۇرغان. موغۇللارغا باش ئەككەن ھىندى دىنىدىكى بەگ-خوجىلار زېمىندارلار سۈپىتىدە ئۆز يېرىدە مۇختارىيەتكە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا باش ۋالىلارنىڭ كونتروللىقىدا بولغان. بەگ-خوجىلارنىڭ ۋارىسلىقى خاننىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتۈشى شەرت بولغان، ئۇلارغا يەنە گورو سۈپىتىدە ئۆز قىزلىرىنى ئوردىغا سۇنۇش شەرتى قويۇلغان.

ئەكبەر جايلارنىڭ مەركەزدىن يىراقلىشىش غەرىزىنىڭ كۈچىيىشى-نىڭ ئالدىنى ئېلىش بىلەن بىللە، تەدبىر قوللىنىپ، ھۆكۈمران سىنىپلار ئارىسىدا مىللەت، ئېتىقادنىڭ ئوخشاشماسلىقى تۈپەيلىدىن چوڭقۇرلاشقان زىددىيەتنى مۇرەسسە قىلىش تەدبىرىنى كۆرگەن. ئەكبەر تەختتىكى چېغىدا، ھەربىي ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىران، ئافغانىستانلىق مۇسۇلمان غەيرى مىللەتلەردىن قويغان. 16-ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىدىن كېيىن 200 دىن ئارتۇق ھەربىي ئەمەلدار ئىچىدە، ئوتتۇرا ئاسىيا قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن غەيرى مىللەتلەر 39 پىرسەنتنى، ھىندىستانلىق مۇسۇلمانلار 40 پىرسەنتنى، ھىندى دىنىدىكىلەر 21 پىرسەنتنى تەشكىل قىلغان. يەرلىك ئەمەلدارلارمۇ ئۆزئارا ئارىلاشتۇرۇپ تەيىنلەنگەن. ئەكبەر ھىندى دىنىدىكى بەگ-خوجىلارنى يۇقۇرى دەرىجىلىك ئەمەلگە قويغاندىن تاشقىرى، يېقىنچىلىق يۈزىسىدىن

راجپۇت بېگىنىڭ مەلىكىسىنى خانىش قىلغان. ئەكبەر كەڭ ھىندى خەلقىگە بولسا دېھلى سۇلتانلىقىنىڭ ئىسلام دىنىغا يان باسىدىغان ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، غەيرى ئىسلام دىنىدىكىلەر تۆلەيدىغان جان بېجى ۋە ھىندى دىنىدىكىلەر تۆلەيدىغان ھەج-تاۋاپ ھەققىنى بىكار قىلغان، دىنىي ئېتىقادىنى مەجبۇرى ئۆزگەرتكەن ھىندى دىنىدىكىلەرنىڭ ئەسلى دىنىي ئېتىقادىغا قايتىشىغا رۇخسەت قىلغان. ئۇ يەنە ھەر خىل دىنلار ئارىسىدىكى قارىمۇ-قارشىلىقلارنى بىرلىككە كەلتۈرمەكچى بولۇپ، ھەر خىل دىنلارنىڭ ئەقىدىلىرىنى بىر بىرىگە يۇغۇرۇپ، ئۆز ئىلتىمەتچىلىگىدە بىر خىل "مۇقەددەس دىن" تەسىس قىلغان. خەلقنىڭ سىنىپىي كۈرەش ئىرادىسىنى بوشاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئەكبەر دىنىي كەڭچىلىكتىن پايدىلىنىپ، مۇغۇل سۇلالىسىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىغا نىسبەتەن بىر قوغداش پەردىسى تۇتقان. ئەكبەر يەنە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ يەرلەرنى تەپسىلى ئۆلچەتسكەن، يەرلەرنىڭ ياخشى-ناچىرىنى ئايرىتقان، يېڭى يەر بېجى مىقدارىنى ۋە باج ئېلىش ئۇسۇلىنى بەلگىلەپ، باجنى بىرقەدەر يەڭگىللەتكەن. لېكىن ئوتتۇرا قىسمىدىكى رايونلاردا باجنى پۇل يىغىشنى بەلگىلەپ، دېھقانلارنى بازارغا بېرىپ ئاشلىق سېتىشقا مەجبۇر قىلغان، نەتىجىدە دېھقانلار ئاشلىقنىڭ ئەرزانلىقىدىن زىيان تارتىپ، تېخىمۇ چوڭقۇر ئېكسپىلاتاتسىيىگە گىرىپتار بولغان. ئۇ يەنە ئىسلام دىنى قائىدىسى بويىچە، ھىندى دىنىنىڭ تۇل خوتۇنلارنى بىللە دەپنە قىلىدىغان، نارەسىدە باللارنى نىكاھلاندۇرىدىغان ئەسكى ئادەتلىرىنى چەكلەپ، قايتا نىكاھلىنىشنىڭ قانۇنى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان، بۇ ئىسلاھاتلار ئىجابىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى.

**خەلقنىڭ قارشىلىق ھەركەتلىرى** ئەكبەرنىڭ ئۆز ھۆكۈمرانـ

لىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن قوللانغان تەدبىرى قۇدرىتىنى ئۇزاق ساقلاپ قالالمىغان، موڭغۇل سۇلالىسىنىڭ گۈللىنىشى ئاران يۈز يىلدىن ئاشقان. موڭغۇل سۇلالىسى ناھايىتى گۈللەنگەن زامانىدىمۇ، فېئودال ھۆكۈمرانلار بىلەن كەڭ خەلق ئوتتۇرىسىدىكى سىنىپىي زىددىيەت يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان، سىنىپىي كۈرەش توختاپ قالمىغان، بەلكى، ئاساسەن، دىنىي مەزھەپلەر كۈرىشى شەكلى بىلەن داۋاملاشقان. دېھلى سۇلتانلىقى دەۋرىدە كۆچەيگەن مەھدى (قۇتقۇزغۇچى) مەزھىپىنىڭ ئەگەكچىلەر بىلەن سودىگەرلەر ئىچىدە ئىناۋىتى ناھايىتى يۇقىرى بولغان. ئۇلار، ئەگەر قۇتقۇزغۇچىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى باشلانسا، ئادىل تەرتىپ ئورنىتىلىدۇ، دەپ قارىغان. ئۇلار ئۈزلۈكسىز زىيانكەشلىككە ئۇچراپ تۇرغان بولسىمۇ، يەنىلا داۋاملىق تەرەققىي قىلىۋەرگەن. 16-ئەسىردىن 17-ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە، مەھدى ئېتىقادىنىڭ بايرىقى ئاستىدا، پەنجاپ ۋە باشقا رايونلاردا نۇرغۇن قېتىم خەلق قوزغىلاڭلىرى بولۇپ ئۆتكەن.

پەنجاپتا ئىسلام دىنى بىلەن ھىندى دىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان شىق① مەزھىپىمۇ باش كۆتەرگەن. بۇ مەزھەپ ئىلاھنىڭ ئالدىدا شىق مەزھىپىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى باراۋەر بولۇپ، پەقەت بىر كۈندە ئۈچ قېتىم تاۋاپ قىلىپ، ئىلاھنىڭ نامىنى ياد ئوقۇغاندىلا، ئاندىن سامسارا-چاكرا (گۇنا)دىن قۇتۇلغىلى بولىدۇ، دەپ قاراپ، بىر خۇدالىقنى تەرغىپ قىلىپ، ھىندى دىنىنىڭ مۇرەككەپ يوسۇنلىرىغا ۋە ۋارنا پەرقلىرىگە قارشى تۇرغان. بۇ مەزھەپتىكىلەرنىڭ

---

① شىق دېگەن سۆز ھىندى تىلىدا "شاگىرت" دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ سۆز بۇ مەزھەپكە ئەڭ دەسلەپ ئېتىقات قىلغۇچىلارغا بېرىلگەن نام.

بىرمۇنچىسى تازىلىق ئىشچىلىرى، كونچى ۋە ئامىراك مۇسۇلمان قاتارلىق توۋەن قاتلام جاتى ۋە قارا خەلقتىن بولغان. شىق مەزھىپى-نىڭ ئۆز ئالدىغا دىنىي تەشكىلاتلىرى بولۇپ، باشلىقى "گۇرۇ" دەپ ئاتالغان، بۇ مەزھەپتە بەشىنچى ئەۋلاتتىن باشلاپ ۋارىسلىق يولغا قويۇلغان. 17-ئەسىردە، شىق مەزھىپىدىكىلەر قورالLIق قوزغىلاڭ كۆتىرىپ ئامرىتسارنى مەركەز قىلىپ، ھىمالايا تاغلىرىدا قورول ياساپ، مۇغۇل سۇلالىسىگە قارشى چىققان. 17-ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 18-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، شىق مەزھىپى تەشكىلاتى ئىسلاھات يۈرگۈزۈپ، مۇرىتلىرىنى ئىككى تۈرگە ئايرىغان: بىر قىسمى ئادەت-تىكى كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار بولۇپ، كۆپرەك سودىگەرلەر قاتلىمى؛ يەنە بىر خىلى كەسپىي ھەگچىلەر بولۇپ، كۆپ قىسمى دىخانلاردىن كېلىپ چىققان. كېيىنكىلەر پەھلىۋاننى سىنگى (ئارسلان) دەپ ئاتاشقان، بۇلارنىڭ ئۇزۇن چاچ ۋە ساقال قويۇش قاتارلىق بەش خىل بەلگە سېلىشى بەلگىلەنگەن، بۇلار 20 مىڭ كىشىدىن تەرەققى قىلىپ 100 مىڭ كىشىگە يەتكەن. شىق مەزھىپى-نىڭ كۈچىنىڭ ئېشىشى مۇغۇل ئىمپېرىيىسىگىلا تەھدىت سېلىپ قالماستىن، ھىندى دىنىدىكى يەرلىك فېوداللارغىمۇ خاتىرجەمسىزلىك كەلتۈرگەنلىكتىن، بۇلار بىرلىشىپ شىق مەزھىپىدىكىلەرنى باستۇرغان ۋە ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلغان. شىق مەزھىپى مۇرىتلىرى قايتا-قايتا كۈرەش ئېلىپ بېرىپ، ھۆكۈمەت مەھكىمىلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئېلىنغان باجلارنى تارتىۋېلىپ، فېوداللارنىڭ مال-مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىپ، دىخانلارغا تەقسىم قىلىپ بەرگەن. شىق مەزھىپى مۇرىتلىرى-نىڭ ئۈزلۈكسىز تۈردە ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى مۇغۇل سۇلالىسىنىڭ پەنجاپتىكى ھۆكۈمرانلىقىغا قاتتىق زەربە بەرگەن.

**مۇغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ زاۋالغا يۈز تۇتۇشىنىڭ باشلىنىشى** مۇغۇل سۇلالىسى زادىلا مۇستەھكەم بىرلىككە كېلەلمىگەن، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى يېتىملىك بۇنداق بىرلىككە كېلەلمەسلىكنىڭ تۈپ سەۋەبى بولغان، دىنلارنىڭ ئوخشاشماسلىقى، مىللەتلەرنىڭ مۇرەككەپلىكى بۆلۈنۈشنى تېخىمۇ كەسكىنلەشتۈرۈۋەتكەن. ئەكبەر ئۆلگەندىن كېيىن، مۇغۇل ئىمپېرىيىسىدە جېدەل-ماجرا ئەۋج ئالغان. ئاتا-بالا ۋە قېرىنداشلار تەخت تالىشىپ بىر بىرى بىلەن توختىماي ئۇرۇش قىلىشقان. فېئوداللارمۇ پات-پاتلا ئىسيان كۆتۈرۈپ، مەركىزىي ھۆكۈمەتكە قارشى چىققان. ھىندى دىنىدىكى مەركىزىي ھۆكۈمەتكە بۇرۇندىنلا گەدەنكەشلىك قىلىپ كەلگەن بەزى بەگ-خوجىلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قوزغىلىپ مۇستەقىل بولۇۋالغان.

فېئودال دۆلەتنىڭ ھەربىي كۈچى، ئاساسەن، جەگىردارلارغا تايانغان، لېكىن دېخانلارنى خالىغانچە تالان-تاراج قىلىش ئۈچۈن، جەگىردارلار ئۆزىنىڭ يەرگە بولغان ھوقۇقىنى مۇستەھكەملەشكە ۋە جەگىرنى تەدرىجىي ۋارىسلىق قىلىدىغان مۈلككە ئايلاندۇرۇشقا تىرىشقان. ئۇلار پۇل-مۈلۈك شىلىۋېلىش ئۈچۈن بەلگىلىمە بويىچە يېتەرلىك ئەسكەر ئالماي، پەقەت ھەربىي كورەك بولغاندىلا ۋاقىتلىق ئادەم يالالاپ كورەككە قاتناشتۇرۇپ، كورەك تۈگىگەندىن كېيىن ئۇلارنى تارقىتىۋەتكەن. تەييارلانغان ئات-ئۇلاق، ھەربىي قوراللارمۇ كېرەكتىن چىققان، ئۇرۇشقا يارىمىغان. ھەربىي يەر تەقسىمات تۈزۈمى كۈندىن-كۈنگە بۇزۇلغانلىقى ئۈچۈن، ئىمپېرىيەنىڭ ھەربىي كۈچى ئاجىزلاپ كەتكەن.

ھۆكۈمران سىنىپلار ئەيش-ئىشرەتكە بېرىلىپ بەتخەشلىك قىلغان، شاھجاھان (1628—1657) ئۆلگەن خانىشى ئۈچۈن تېكىن

www.uyghurkitap.com

مەھەر گۆمبىزىنى سالدۇرغان، بۇ گۆمبەزنى 40 مىڭ رۇپى سەرپ قىلىپ 20 يىلدا پۈتتۈرگەن. دىخانلار ئۈستىدىكى ئېكسپىلاتاتسىيە ئۆزلۈكسىز ئېغىرلىشىپ بارغان، 16-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا يەر بېجىنىڭ ئومۇمى سوممىسى 166 مىليون رۇپى بولغان، 17-ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە كۆپىيىپ 387 مىليون رۇپىغا يەتكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇرغاقچىلىق بولۇپ، ئېتىزلار قاغجىراپ قاقاسلىققا ئايلىنىپ، يېزىلار ۋەيران بولغان، جاپا چەككەن خەلق ئارقا-ئارقىدىن قوزغىلاڭ كۆتەرگەن.

ئەۋرەڭ زىپ (1659—1707) تەختتىكى چاغدا، جەنۇپقا قارشى ئۇزاق مۇددەت ئۇرۇش قىلغانلىقتىن، جەنۇبىي ھىندىستاندىكى نۇرغۇن جايلار ئادەم ئاياق باسمايدىغان خارابىلەرگە ئايلىنىپ كەتكەن، شىمالىي ھىندىستاندىكى فېئوداللار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مۇستەقىللىق دەۋا قىلىپ، مەركەزنىڭ ھوقۇقىنى ئاجىزلاشتۇرغان. ئەۋرەڭ زىپ يەنە ھىندى دىنىدىكىلەرگە ۋە ئىسلام دىنىنىڭ شىئە مەزھىپىگە زىيانكەشلىك قىلىپ، ھىندى دىنىدىكىلەر تاپشۇرىدىغان جان بېجىنى يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈپ يىغىۋالىدىغان بولغان، ئۇلارنىڭ پىلىگە مىنىپ، تەختىراۋاندا ئولتۇرۇشىنى چەكلەپ، كەڭ خەلقنىڭ نارازىلىقى ۋە قارشىلىقىنى قوزغىغان، شىمالدىكى شىئە مەزھىپى ۋە جەنۇپتىكى ماراتا خەلقى ئۇزاق مۇددەت كۈرەش قىلىپ، ئىمپېرىيە ھۆكۈمرانلىقىغا زەربە بەرگەن.

موغول ئىمپېرىيىسىنىڭ تەدرىجى ئاجىزلىشىشى غەرپ مۇستەملىكىچى قاراقچىلىرىغا پۇرسەت تۇغدۇرۇپ بەرگەن. ئۇلار 16-ئەسىردىلا سودا ۋاستىسى بىلەن تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن، 17-ئەسىرگە كەلگەندە، قەدەممۇ-قەدەم تېخىمۇ قاتتىق ھۇجۇم قىلىپ، ھىندىستاننى

تەدرىجى ھالدا ئۆز مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇۋالغان.

## 4 - بۆلۈم قەدىمقى ھىندىستان مەدەنىيىتى ۋە جۇڭگو - ھىندىستان خەلقىنىڭ دوستانە باردى - كەلدىسى

**قەدىمقى ھىندىستان مەدەنىيىتى** ھىندىستان دۇنيادىكى قەدىمقى مەدەنى مەملىكەتلەرنىڭ بىرى، ھىندىستان ئەمگەكچىلىرى شانلىق مەدەنىيەت يارىتىپ، دۇنيا مەدەنىيىتىگە غايەت زور تۆھپە قوشقان. ھىندىستاننىڭ دىنى، سەنئىتى شەرقىي ئاسىيا، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا، ئوتتۇرا ئاسىيا قاتارلىق جايلارغا زور تەسىر كۆرسەتكەن.

ھىندىستان ئەدەبىياتىدىكى «ماخاباراتا» ۋە «راماياناھ» دېگەن ئىككى مەشھۇر كاتتا داستان ئەسلىدە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئىجادىيىتى بولۇپ، تارقىلىش داۋامىدا نۇرغۇن قېتىم تولۇقلىنىپ ۋە تۈزىتىلىپ، تەخمىنەن گۇپتا سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندىلا، سانسكرىت تىلىدا يېزىلىپ كىتاب بولغان. بۇلارنىڭ ھەجمى ناھايىتى چوڭ، مەزمۇنى، كۆپىنچە، ئەپسانە ھېكايىلەردىن بولۇپ، مەلۇم تارىخىي ماتېرىياللىق قىممىتىمۇ بار.

گۇپتا سۇلالىسى دەۋرى — ھىندىستان سانسكرىت تىلى ئەدەبىياتى تازا گۈللەنگەن دەۋر. خەلق ئارىسىدا ئۇزاق مۇددەت داۋامىدا شەكىللەنگەن ھېكايە، مەسەل ۋە چۆچەكلەر بۇ چاغدا كۆپلەپ توپلام قىلىپ ئىشلەنگەن. بۇلارنىڭ ئەڭ مەشھۇرلىرىدىن بولغان

«پانچاتانترا» ۋە «ھىتو پادىشاھلار»، ئاساسەن پادىشا، ۋەزىر، براخمان، مۇتەۋەللى قاتارلىقلارنىڭ ساختىپەزلىكى، ئاداۋەتخورلىقى، پەسكەشلىكىنى سوككەن ۋە پاش قىلغان، ئاددى خەلقنى تۈز كۆڭۈل، قەھرىمان ۋە پاراسەتلىك قىلىپ تەسۋىرلىگەن. كېيىنكى بەزى ئەدىبىي ئەسەرلەرمۇ فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى سىنىپىي زىددىيەت ۋە كۈرەشنى ئەكس ئەتتۈرگەن، مەسىلەن، «مىركچاكاتىكا» دېگەن مەشھۇر دىرامما چارۋىچىلار قوزغىلىڭىنىڭ پادىشانى ئۆلتۈرگەنلىكىنى يۇقىرى دولقۇن قىلىش بىلەن تاماملىنىدۇ. خەلق ھېكايىلىرى توپلىمى «سىماساناد ۋاترىمسىكا»دا: "شاھىنشاھلار زۇلۇم سالسا، خەلقنى ئالدىرايمىز دېمىشتا پەرز تۇتۇپ ئىلاھىنى، ئەل ئىچىدە پاش توكۇپ، نەزىر بېرىپ ئوقۇيمىز كالامنى!" دېگەن بىر كۇپلېت شېئىر يېزىلغان، بۇ شېئىر خەلقنىڭ ئەزگۈچىلەرگە بولغان نەپرىتىنى ئىپادىلىگەن. مىلادى ۵-ئەسىردە ئۆتكەن كالىداسا دېگەن كىشى مەشھۇر ئەدىب، دىراماتورگ بولۇپ، نۇرغۇن دىرامما يازغان، ئۇنىڭ مەشھۇر «ئابھىجنانا ساكۇنتالا» دېگەن دىراممىسىدا پادىشا بىلەن ئاددى بىر يۇقىرا قىزنىڭ مۇھەببىتى تەسۋىرلەنگەن، دىراممىدىكى شەخسلەرنى تەپسىلى تەسۋىرلىگەن، ئۇنىڭدا مەنىلىك ۋە كىشىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان سۆزلەر ئىشلىتىلگەن، بۇ ئەسەر ئەينى زامانىدىكى جەمئىيەت ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

جەنۇپتىكى كانچى بىلەن شىمالدىكى نالاندا مەدەنىيەت مەركىزى ئىدى. شۈەنجۇاڭنىڭ خاتىرىسىگە قارىغاندا، نالاندا ئالىي بىلىم يۇرتى بولۇپ، 10 مىڭ ئوقۇغۇچىسى بولغان. بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى چەتئەللىك ئىكەن. بۇ يەردە بۇددا كىلاسسىكلىرىلا تەتقىق قىلىنىپ قالماستىن، بەلكى باشقا بىرمۇنچە پەنلەرمۇ تەتقىق قىلىنغان.

قەدىمقى ھىندىستاندا ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، تىبابەتچىلىك ناھايىتى تەرەققىي قىلغان، رەقەم خېلى بۇرۇنلا پەيدا بولغان، كېيىنچە ○ بەلگىسىمۇ ئىجات قىلىنغان. بۇ رەقەملەر ئەرەپلەر ئارقىلىق ھەرقايسى جايلارغا تارقىلىپ، ھازىر پۈتۈن دۇنياغا ئومۇملاشتى. 6-ئەسىردە ھىندىستاندا چەمبەرەك نىسبىتىنى 1416چى قىلىپ ناھايىتى توغرا ئۆلچەنگەن.

بىناكارلىق، رەسساملىق، نەققاشلىقتا، ئاساسەن، تاش غارلىرى سەنئىتى ۋەكىللىك قىلىدۇ. ماخاراشترا ئىشتاتىدىكى ۋۇندىيا تېغىنىڭ ئېتىكىگە جايلاشقان ئاجانتا تاش غارى قورام تاشلاردىن تېشىپ ياسالغان غار ئىبادەتخانا، بۇ ئىبادەتخانىدا 29 غار بولۇپ، ئەڭ بۇرۇنقىسى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 2 — 1 ئەسىردە، ئەڭ كېيىنكىسى مىلادى 7-ئەسىردە ياسالغان. ئاساسىي قىسمى چالۇكىيە سۇلالىسى دەۋرىدە ياسالغان. غارغا سىزىلغان تام رەسىملىرىنىڭ رەڭگى ناھايىتى گۈزەل، تېخنىكىسى ئۈستۈن بولۇپ، گەرچە بۇددا نوملىرىدىكى ۋەقەلىكلەر كوپىرەك ھىكايە قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئەينى زاماندىكى رىيال جەمئىيەتنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ماخاراشترا ئىشتاتىدىكى ئورانجاباد شەھىرىنىڭ پەيدىكى تاققا جايلاشقان ئايرۇرا دىگەن مەشھۇر غارمۇ ئاساسەن راشدىراكۇد سۇلالىسى دەۋرىدە ياسالغان، بۇ غاردا بۇددا دىنى، ھىندى دىنىنىڭ ئىبادەتخانىلىرى بولۇپ، غارغا ئويۇلغان بىرمۇنچە تاش ھەيكەللەر قىممەتلىك سەنئەت بۇيۇملىرى ھىساپلىنىدۇ.

ئىسلام دىنى ھىندىستانغا كىرگەندىن كېيىن، مەدىنىيەت جەھەتتە بىرمۇنچە تەسىر كورسەتكەن. ھىندىستانغا كەلگەن مۇسۇلمانلار پارس تىلى بىلەن يەرلىك ھىندى تىلىنى ئارىلاشتۇرۇپ قوللىنىپ،

ئۇردۇ تىلىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ چاغدا ئەدەبىي ئەسەرلەر سانسكرىت تىلىدا يېزىلماي، بەلكى يەرلىك شىۋە ئەدەبىياتى تازا ئەۋج ئالغان. دېھلى سۇلتانلىقى دەۋرىدىكى مەشھۇر ئەدىپ ئەمىر خۇسرۇ نۇرغۇن شېئىر ۋە تارىخىي ئەسەرلەرنى يازغان. موغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا، ئەدەبىيات تېخىمۇ گۈللەنگەن. مەسىلەن، شائىر تۇرشى داس «رامايانا» داستانىنى باشقىدىن ھىندى تىلىدا يېزىپ چىققاندا، بۇ ئەسەرنى كىشىلەر زوق بىلەن ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈرۈپ كەڭ تارقاتقان.

ئىسلام دىنى كىرگەندىن كېيىن، بىناكارلىق، نەققاش-رەسساملىق سەنئىتىمۇ ناھايىتى راۋاجلانغان. جايلاردا نۇرغۇن مەچىت، پادىشا قەۋرىلىرى ياسالغان بىر پۈتۈن شەھەرلەر بىنا قىلىنغان، بۇنىڭ ئىچىدە ئاگرا شەھىرىدىكى تېكىن مەھەر قەۋرىسى ناھايىتى مەشھۇر. بۇ قەۋرە سارايلار، راۋاقلار، ئۈچلۈق مۇنارلار ۋە كۆللەردىن تەركىپ تاپقان، ھەممىسلا كاتتا ئاق مەرمەردىن ياسالغان، ئەينەك، ھېقىق بىلەن بىر-بىرىگە ماسلاشتۇرۇپ خۇددى مەرۋايىتتەك نۇرلۇق بېزەلگەن. بۇ قەۋرە ھىندىستان فېودال ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئەيش-ئىشرەتلىك، چىرىك تۇرمۇشىنى چوڭقۇر ئېچىپ بېرىدۇ، شۇنداقلا ئەمگەكچى خەلقنىڭ بۈيۈك سەنئەت ئىجادىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

**جۇڭگو-ھىندىستان خەلقىنىڭ دوستانە باردى-كەلدىسى**

جۇڭگو-ھىندىستان خەلقىنىڭ دوستانە باردى-كەلدىلىرى ناھايىتى ئۇزاق زامانلاردىن باشلانغان. بۇددا دىنى شەرقىي خەن دەۋرىدە مەملىكىتىمىزگە كىرگەن، دەسلەپتە ئارساكت، ئوتتۇرا ئاسىيا راھىپلىرى ئارقىلىق كىرگەن، كېيىن ھىندىستان راھىپلىرى ئۇزلۇكسىز تۈردە

جۇڭگوغا كېلىدىغان بولغان. 5 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ھىندى راھىبى كامارا جىۋا جۇڭگوغا كېلىپ تەرجىمانلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ نۇرغۇن بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە قىلىپ چىققان.

ھىندىستانغا بېرىپ دىن ئۆگىنىپ زىيارەت قىلغۇچىلار 4 — 10 ئەسىردىكى تارىخ سەھنىسىدە زادىلا ئۈزۈلۈپ قالمىغان. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىملىرى فاشيەن بىلەن شۈەنجۇاڭ. 5 - ئەسىرنىڭ بېشىدا فاشيەن نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى باشتىن كەچۈرۈپ، ھىندىستانغا بېرىپ 15 يىل تۇرۇپ، نۇرغۇن بۇددا نوملىرىنى ئېلىپ قايتقان ھەم «بۇددا ۋەتىنى» دېگەن مەشھۇر بىر كىتاب يازغان. شۈەنجۇاڭ 629 - يىلى جۇڭگودىن چىقىپ 645 - يىلى قايتقان. ئۇ بۇ جەرياندا ھىندىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى ساياھەت قىلغان، نالاندا ئىبادەتخانىسىدا 5 يىل بۇددا نوملىرىنى ئۆگىنىپ، ھىندى تىلى ۋە پەلسەپىسىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، 600 قىسىمدىن ئارتۇق بۇددا نومىنى ئېلىپ قايتىپ كېلىپ تەرجىمە قىلغان. ئۇنىڭ ھىندىستان تارىخى، جۇغراپىيىسى ھەققىدە يازغان «غەربىي رايون خاتىرىلىرى» دېگەن كاتتا ئەسىرى ھىندىستان تارىخىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن قىممەتلىك ماتېرىيال. شۈەنجۇاڭ ھىندىستان مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىپلا قالماستىن، بەلكى جۇڭگو مەدەنىيىتىنىمۇ ھىندىستانغا تونۇشتۇرغان، مەسىلەن، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە خوشاللىق ئۇسسۇلى بولغان "چىن پادىشاسىنىڭ سەپنى بۇزۇشى" دېگەن ئۇسسۇلنى ھىندىستانغا تارقاتقان، ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن، لاۋزىنىڭ «ئەخلاقنامە» دېگەن كىتاۋىنى سانسكرىت تىلىغا تەرجىمە قىلىپ ھىندىستانغا ئەۋەتكەن.

بۇددا دىنى گۈللەنگەن چاغدا ھىندىستاندا تاش غارلىرىنى قېزىش، نەقىش - رەسساملىق ئادىتى ناھايىتى كەڭ تارقالغان.

بۇ ئادەت جۇڭگوغىمۇ كىرگەن، ئىلمىزدىكى يۇنگاڭ، دۇڭخۇاڭ، مەيجىشەن قاتارلىق تاش غار سەنئەتلىرى ھىندىستان سەنئىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، مۇنار جۇڭگو قەدىمقى بىناكارچىلىقىنىڭ بىر خىل شەكلى بولسىمۇ، لېكىن مۇنارنىڭ نامىلىرى ۋە ياسىلىشى تامامەن ھىندىستاندىن كەلگەن.

جۇڭگو-ھىندىستان ئوتتۇرىسىدىكى سودا ئالاقىسىمۇ ئەسلىدىنلا ناھايىتى گۈللەنگەن، بېنگال، جەنۇبىي ھىندىستاننىڭ شەرقىي ۋە غەربىي قىرغاقلىرى جۇڭگو سودا كېمىلىرى قاتنايدىغان جايلار ئىدى، ھىندىستان سودا كېمىلىرىمۇ يۇك بېسىپ چۈەنجۇغا كېلىپ ساتاتتى. 15-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا جېڭ خې دېگەن ئادەمنىڭ ئوكيان كېمىسى بىرقانچە قېتىم ھىندىستانغا بارغان، ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ، بېنگال، كالىكوتتا قاتارلىق جايلاردا سودىگەرچىلىك قىلغان، كالكوتتا شەھىرىدە جېڭ خېنىڭ تاش خاتىرىسى ياسالغان، بۇ ئىككى دۆلەت خەلقىنىڭ دوستانە ئالاقىسىنىڭ خاتىرىسى، جۇڭگودىن ئىپار، يىپەك، فار-فۇر قاچىلار، مىس پۇل، كامفۇرا قاتارلىقلار باراتتى، ھىندىستاندىن قارىمۇچ، گوھەر، مەرۋايىت ۋە پاختا رەختلەر كېلەتتى.

ئىلىم-پەن جەھەتتە، جۇڭگو تىبابەتچىلىك كىتابلىرىدا ھىندىستان تىبابەتچىلىكى توغرىلىق خاتىرىلەر بار. ھىندىستاننىڭ ئىلمىي نوجۇملۇق كالىندارىمۇ جۇڭگوغا كىرگەن. جۇڭگونىڭ قەغەز ياساش تېخنىكىسى ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق ھىندىستانغا كىرگەن ۋە ھىندىستان مەدەنىيىتىنىڭ تارقىلىشى ئۈچۈن پايدا يەتكۈزگەن.

## توققۇزىنچى باپ

# ئەرەپ ئىمپېرىيىسى

ئەرەپ يېرىم ئارىلى دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ يېرىم ئارال، بۇ ئارالنىڭ شەرق تەرىپى ئىران قولتۇقىغا يېقىن، غەرپ تەرىپى قىزىل دېڭىز، جەنۇپ تەرىپى ئەرەپ دېڭىزى بىلەن تۇتاشقان، يەر مەيدانى 3 مىليون كۋادىرات كىلومېتىر. يەر تۈزۈلۈشى غەرپتىن شەرققە قاراپ قىيپاش سوزۇلغان، كۆپ قىسىم جايلىرى قۇملۇق چۆل ۋە سەھرا، ھاۋاسى بەك ئىسسىق، يامغۇر-يېغىن بەك ئاز. پەقەت غەربىي جەنۇپتىكى يەمەن رايونى ۋە باشقا جايلاردىلا تېرىقچىلىق قىلىشقا بولىدىغان ئازغىنا كوكۆلەيدان بار.

يېرىم ئارالدىكى ئاھالىسىنىڭ كۆپ قىسمى، تەبىي شارائىتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغانلىقتىن، كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، بۇ يەرلەردە خورما ئۆستۈرۈلىدۇ، توگە، ئۆشكە بېقىلىدۇ. يېرىم ئارالنىڭ غەربىي قىسمىنىڭ قىزىل دېڭىز قىرغىقىدىكى ھىجاز رايونى ئەڭ قەدىمقى زاماندا شەرق بىلەن غەرپ ئوتتۇرىسىدىكى مۇھىم سودا يولى بولغان. ھىندىستاندىن كېلىدىغان ماللار دېڭىز يولى بىلەن توشۇلۇپ يەمەنگە چۈشۈرۈلەتتى، ئاندىن توگىلەرگە ئارتىلىپ، قىزىل دېڭىز قىرغاقلىرى ئارقىلىق ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىي قىرغاقلىرىغا يوتكەپ كېلىنەتتى. بۇ يەردىن ئاندىن غەربىي

ياۋروپانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا توشۇلاتتى. يەمەن رايونىنىڭ سۇ ئىنشائاتلىرى بىلەن سۇغىرىلىدىغان يېزا ئىگىلىكى راۋاجلانغان سودا ئىشلىرى ۋە قول سانائىتىمۇ ئىنتايىن گۈللەنگەن، يەمەندە مىلادىدىن ئىلگىرىلا قۇلدارلىق تۈزۈمىدىكى دولەت بارلىققا كەلگەن، ئۇ ئىران، شەرقىي رىم قاتارلىق دولەتلەر بىلەن بىرىش-كېلىش قىلىپ تۇرغان.

يېرىم ئارالدىكى ئاھالىنىڭ كوپ قىسمى ئەرەبلەر. ئۇلار 7-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدىلا بىرلىككە كېلىپ، غەربىي ئاسىيا، شىمالىي ئافرىقىدىكى كەڭ رايونلارنى ئىشغال قىلىۋالغان ۋە بۇ رايونلارنىڭ ئەسلىدىكى ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتى ئاساسىدا فېودالىلىق دولەت قۇرغان. كېيىن ئۇزاق مۇددەت ئۇزئارا سىڭىشىش جەريانىنى باشتىن كەچۈرۈپ، غەربىي ئاسىيا، شىمالىي ئافرىقا رايونىدىكى خەلق ئەرەپ مىللىتى بولۇپ شەكىللەنگەن، ئۇلارنىڭ بىرلىككە كەلگەن دىنى (ئىسلام دىنى) بىلەن تىلى (ئەرەپ تىلى) بولغان.

ئەرەپ خەلقى شەرەپلىك ئىنقىلاۋىي كۈرەش ئەنئەنىسىگە ئىگە خەلق، ئۇلار، فېودالىلىق جەمئىيەتتە، فېودال ھوكۈمرانلىققا قارشى نۇرغۇن قېتىم ئۇلۇغ كۈرەش بورانلىرىنى قوزغىغان، بۇ كۈرەشلەر ۋاقتىنىڭ ئۇزاق بولۇشى، كولىمىنىڭ زور بولۇشى جەھەتتىن ئېيتقاندا، جۇڭگو تارىخىدا بولۇپ ئوتكەن دېھقانلار ئۇرۇشىدىن قېلىشمايدۇ. ئەرەپ خەلقى يەنە ئەمگەكچان-پاراسەتلىك خەلق، ئۇلار يۇنان ۋە رىمنىڭ كىلاسسىك مەدەنىيىتىنى ساقلاپ ۋە تارقىتىپ، شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئۇلار يەنە ئەينى زاماندا دۇنيا بويىچە ئىلغار بولغان مەدەنىيەتنى

قوبۇل قىلىپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، شانلىق ئەرەب مەدەنىيىتىنى يارىتىپ، مۇھىم تۆھپە قوشقان.

## 1-بۆلۈم ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ شەكىللىنىشى

### 6-، 7-ئەسىرلەردىكى ئەرەب جەمئىيىتىنىڭ ئەھۋالى

مىلادى 6-ئەسىردىن 7-ئەسىرگە قەدەم قويىغان چاغدا، يېرىم ئارالدىكى ئەرەبلەرنىڭ كۆپ قىسمى كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇش بىلەن تىرىكچىلىك قىلىپ كەلگەنلىكتىن بەدۋىلەر① دەپ ئاتالغان. ئۇلار ماكانلىشىش ئۈچۈن سۇلۇق ۋە ئوتلاقلىق يەرلەرنى ئىزدەپ، توختىماي كۆچۈپ يۈرگەن، توگە گۆشى يەپ، توگە سۈتى ئىچىپ، تۇرمۇشى نامراتلىقتا ئۆتكەن، ياز كۈنلىرى دائىم ئاچارچىلىقنىڭ دەردىنى تارتقان. بەدۋىلەر ئۇرۇق ۋە قەبىلىلەردىن تەركىپ تاپقان، ھەرقايسى ئۇرۇق ۋە قەبىلىلەرنىڭ ئۆزىگە خاس يايلاقلىرى، ئۆزلىرى چوقۇنىدىغان خۇدالىرى بولغان. ئۇرۇق ئىچىدىكى ئەزالار ئاساسىي جەھەتتىن ھوقۇقتا باراۋەر بولسىمۇ، لېكىن بولۇنۇپ چىققان بىرقەدەر باي ئۇرۇق ئاقسوڭەكلىرى خېلى كۆپ مال-مۈلۈككە ۋە قۇللارغا ئىگە بولۇۋالغان. قەبىلە باشلىقلىرى شەكلەن سايلىنىپ چىقىدىغان بولسىمۇ، ئەمما، كۆپىنچە، بايلار جەمەتىدىن بولاتتى. ئۇلار ئادەتتە كۆچمەن چارۋىچىلارغا باشچىلىق

① كۆچۈپ يۈرۈپ چارۋا باقىدىغانلار دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. — تەرجىماندىن.

قىلاتتى، ئىچكى جىدەل-ماجىرالارنى ھەل قىلاتتى، ئۇرۇش چاغلىرىدا ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلاتتى. قەبىلە باشلىقلىرى قەبىلە ئەسلزادىلىرى كېڭىشىدە سىياسەتچىلىك قىلىپ، كۈندىلىك ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلاتتى. پۈتكۈل ئۇرۇقنىڭ ئۆز ئەزالىرىنى قوغداش مەجبۇرىيىتى بولاتتى، ئەگەر مەلۇم بىر كىشى باشقا ئۇرۇق تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلسە، پۈتۈن ئۇرۇق قارشى ئۇرۇقتىن، ھەتتا مەلۇم چىنىنى تولىتىۋالغىچە، ئۆچ ئالماي قالمايتتى. شۇ سەۋەپتىن، ھەرقايسى ئۇرۇقلار، قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدا ئەۋلاتتىن-ئەۋلاتقىچە پىغىلار بولۇپ تۇراتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قەبىلىلەر سۇ مەنبەسى ۋە يايلاقلارنى تالىشىپ بىر-بىرى بىلەن توختىماي ئۇرۇش قىلىپ تۇراتتى، بۇ ھال ئۇلارنىڭ ھاياتىغا ۋە مال-مۈلكىگە زور زىيانلارنى كەلتۈرۈپ تۇرغان ئىدى.

دېخانچىلىق قىلىشقا بولىدىغان ئاز ساندىكى جايلاردا مۇقىم ئولتۇراقلاشقان ئارپا، بۇغداي تېرىش، خورما ئۆستۈرۈشتەك دېخانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قەبىلىلەر بولغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە ساپالچىلىق، توقۇمىچىلىق، مېتال ئېرىتىش، قورال-ياراق ياساشقا ئوخشاش قول سانائەتلىرىمۇ تەرەققىي قىلىشقا باشلىغان. مەككە بىلەن مەدىنە شەھەرلىرى ھىجاز رايونىدا ئىدى. مەككە شەھىرىدە قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ ھەرقايسى ئۇرۇقلىرى ئولتۇراقلاشقان ئىدى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى كارۋان سودىسى بىلەن شۇغۇللىناتتى، شۇڭا سىنىپىي بۆلۈنۈش ئېنىق بولۇپ، دۆلەت شەكىللىنىش ھارپىسىدا تۇراتتى. ئۇرۇق ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ نۇرغۇن مال-مۈلكى ۋە يەرلىرىنى تېرىيدىغان، چارۋىلىرىنى باقىدىغان قۇللىرى بار ئىدى. ئۇلار سودا ئىشلىرى بىلەنمۇ شۇغۇللىناتتى، قوشۇمچە جازانە-



www.uyghurkitap.com

خورلۇقمۇ قىلاتتى، جازانىخورلۇقنىڭ ئۇسۇمى يۈز پىرسەنتكە يەتكەن ئىدى. قۇرەيش ئۇرۇغىنىڭ ئاقسۆڭەكلىرى كېڭەش ئۇيۇشتۇرۇپ، دائىم كەئبە ئىبادەتخانىسىغا يىغىلىپ، كارۋان سودىسىنى ۋە باشقا ئىشلارنى مۇھاكىمە قىلاتتى. كەئبە بىر خىل تۆت چاسا ئىمارەت بولۇپ، ئۇنىڭ تېمىغا بىر پارچە ھەجەرۇل ئەسۋەت — قارا تاش قويۇلغان، بەزى ئەرەبلەر بۇ قارا تاشنى مۇقەددەس نەرسە دەپ تونۇغاچقا، ھەر يىلى قىش پەسلىدە كېلىپ ئۇنىڭغا تاۋاپ قىلىپ تۇرغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلار مەككە شەھىرىدە يەرمەنكە ئېچىپ، قول سانائەت بۇيۇملىرىنى، قورال ۋە باشقا نەرسىلەرنى ئالماشتۇرۇپ تۇرغان، مەككە ئاقسۆڭەكلىرى بۇنداق سودىدىن نۇرغۇن مەنپەئەت ئالغان. مەككە شەھىرىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى مەدىنە، ئاساسەن، دېھقانچىلىق مەركىزى بولۇپ، ئۇ يەردە سودا-سانائەت ئانچە راۋاج تاپمىغان.

مىلادى 6-ئەسىردە، ئىران بىلەن ۋىزانتىيە يەمەننى قولغا كىرگۈزۈش، سودا يولىنى تىزگىنلەپ تۇرۇش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلغان. 525-يىلى ھەبەشىستان ۋىزانتىيىنىڭ قوللىشى بىلەن يەمەننى بېسىۋالغان. 572-يىلى ئىران ھەبەشلەرنى يەمەندىن قوغلاپ چىقىرىپ، يەمەندە ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلىگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىران قولتۇغىدىن ئىككى دەريا ۋادىسىنى بېسىپ ئۆتۈپ ئوتتۇرا دېڭىزغا بارىدىغان يەنە بىر سودا يولى ئېچىپ، تاۋارنىڭ يەمەندىن ئۆتۈشىنى چەكلىگەن. ئۇرۇش كەلتۈرۈپ چىقارغان بۇزغۇنچىلىق ئارقىسىدا سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشلىرى رېمونت قىلىنماي قالغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە سودا يولىنىڭ ئۆزگەرتىلگەنلىكى بىلەن، يەمەن بارا-بارا قاقاسلىققا ئايلانغان.

www.uyghurkitap.com

سودا يولىنىڭ ئۆزگەرتىلگەنلىكى ھىجاز رايونى ئىقتىسادىنىڭ ئاجىزلاپ بېرىشىغا سەۋەب بولۇپ، سىنىپىي زىددىيەتنى كەسكىنلەشتۈرۈۋەتكەن. مەككە قاتارلىق جايلاردىكى باي سودىگەرلەر سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنالماي، جازانىخورلۇق قىلىپ كەمبەغەللەرنىڭ يىلىكىنى شورىغان. ئەسلىدە سودا كارۋانلىرىغا تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلىپ كەلگەن مۇھاپىزەتچىلەر ۋە ھامماللار ئىشسىز قېلىپ، ھايات يولى تاپالماي قالغان. جەمىيەتتە پاراكەندىچىلىك پەيدا بولۇپ، تۆۋەن قاتلام خەلقنىڭ قارشىلىقى بارغانسېرى كۈچەيگەن. ئەرەبلەرنىڭ ئۇرۇق ۋە قەبىلىلىرىنىڭ ئېسىلزادىلىرىنىڭ خەلقنىڭ قارشىلىقىنى باستۇرۇش ئۈچۈن، چەتتىن مال-مۈلۈك ۋە يەر-زېمىن بۇلاش يولىدا بىر كۈچ بولۇپ ئۇيۇشۇشى زۆرۈر بولغان. دېمەك، دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى پىشىپ يېتىلىشىپ قالغان.

**ئىسلام دىنىنىڭ مەيدانغا كېلىشى** بىرلىككە كەلگەن دۆلەتنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش تەلىۋى ئىدېئولوگىيە جەھەتتە بىر خۇدالىق دىنىنىڭ بارلىققا كېلىشىنى ئەكس ئەتتۈرۈش بولۇپ ئىپادىلەنگەن. شۇ چاغلاردا ئەرەب يېرىم ئارىلىدا بىر خۇدالىق دىنىنى تەشۋىق قىلىدىغان نۇرغۇن "پەيغەمبەر" (ئالدىن بىلگۈچى) پەيدا بولغان، مۇھەممەت (570—632) مانا شۇلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئۇرۇق ئاقسۆڭەكلىرىدىن كېلىپ چىققان، سودا كارۋانلىرىغا ئەگىشىپ پەلەستىن، سۈرىيە قاتارلىق جايلارغا بېرىپ سودىگەرچىلىك قىلىش داۋامىدا خىرىستىيان دىنى، يەھۇدى دىنى ۋە باشقا دىندىكىلەر بىلەن ئۇچراشقان ۋە بۇ دىنلاردىن خەۋەردار بولغان. ئەينى زامانىدىكى ئىجتىمائىي شارائىت ئاستىدا، ئۇ، بۇرۇنقى دىنلارنىڭ بەزى دىنىي ئەقىدىلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، يېڭى دىن—ئىسلام

دىنىنى (ئىسلام دېگەن سۆز بويسۇنۇش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ) ياراتقان.

ئىسلام دىنى بىر خۇدالىق دىن، ئۇ ئالدى بىلەن قۇرەيش قەبىلىسى تاۋاپ قىلىدىغان ئاساسىي ئىلاھ — ئاللانى ئالەمنىڭ ئىگىسى، دۇنيانىڭ بىردىن-بىر خۇداسى دەپ كۆرسىتىپ، پۈتۈن ئالەمدىكى كائىناتلارنىڭ ھەممىسى ئاللانىڭ ئىلكىدە بولىدۇ، دەپ قارىغان. مۇھەممەتنى بولسا ئاللانىڭ ئەلچىسى، "پەيغەمبەر" (ئالدىن بىلگۈچى)، بۇ دۇنياغا كېلىپ ئاللانىڭ ۋەھيىسىنى يەتكۈزگۈچى، ئىنسانىيەتنى تەربىيىلىگۈچى، دەپ تونۇغان. بۇنداق بىر خۇدالىق دىن ئەرەپنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە مەلۇم ئاكتىپ رول ئوينىغان. ئىسلام دىنى ئەمدىلا تەشۋىق قىلىنىشقا باشلىغان چاغدا، بۇ دىن تۇۋەن قاتلام خەلقنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، جازانىخورلۇققا قارشى تۇرغان، نامرات — ئاجىزلار ۋە يېتىم-يېسىرلەرگە خەير-ساخاۋەت قىلىش كېرەك دەپ چاقىرىق قىلغان، قۇللارنى قويۇپ بېرىشنى ماقۇل كۆرگەن، شۇڭا بەزى كەمبەغەل ۋە قۇللار ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان بولغان.

دىن ھامان ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار خەلقنى ئېزىدىغان روھىي قورال، ئىسلام دىنىمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس. ئىسلام دىنى خىرىستىيان دىنىنىڭ ئۇ دۇنيالىق تەلىماتىغا ۋارىسلىق قىلىپ، روھ ئۆلمەيدۇ دېگەنگە ئىشىنىش لازىملىقىنى، ئەگەر ئادەم ھايات ۋاقتىدا خۇداغا ئېتىقات قىلسا، سەۋرى-تاقەت قىلسا، ئات-كالا ئورنىدا ئىشلەشكە رازى بولسا، ئۆلگەندىن كېيىن جەننەتكە كىرىدىغانلىقىنى، ئاللادىن يۈز ئۆرۈگەنلەرنىڭ دوزاققا

كۆرسىتىدىغانلىقىنى تەشۋىق قىلغان. بىراق، قۇملۇق چۆللەردە ياشىغان مۇسۇلمانلار جەننەتنى سۈپ-سۈزۈك سۇلار ئېقىپ تۇرىدىغان، خىلمۇ-خىل مېۋىلەر بىلەن تولغان ياپ-يېشىل بوستانلىق دەپ، دوزاقنى ئوتتا كۆيۈپ جازالىنىدىغان جاي دەپ پەرەز قىلغان.

ئىسلام دىنى ئۆز ئېتىقادچىلىرىغا 5 تۈرلۈك ئاساسىي مەجبۇرىيەت (بەش پەرز) بەلگىلىگەن. ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار مۇسۇلمان (بۇ ئاللاغا ئېتىقاد قىلغۇچى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ) دەپ ئاتالغان، مۇسۇلمانلار تۆۋەندىكىلەرنى ئورۇنلىشى شەرت: 1-ئىمان كەلتۈرۈش — خۇدا بەرھەق، مۇھەممەت ئاللانىڭ ئەلچىسى، "پەيغەمبەر" دۇر دەپ بىلىش، ناماز ئوقۇش، ئېتىقات قىلىش؛ 2-ناماز ئوقۇش — بىر كۈندە بەش ۋاق ناماز ئوقۇش، ھەر ھەپتىنىڭ بەشىنچى كۈنى جۈمە ئوقۇش؛ 3-زاكات بېرىش — ھەر بىر ئادەم مال-مۈلكىنىڭ 40 تىن بىرىنى كەمبەغەللەرنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن سەرپ قىلىش. بۇ ئەمەلىيەتتە دۆلەتنىڭ باج-سېلىقى. شۇنداقلا ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ خەلق ئۈستىدىن قىلىدىغان ئېكسپىلاتاتسىيىسى؛ 4-روزا تۇتۇش — روزا تۇتۇش ۋاقتى ھىجرىيە بويىچە رامىزان (9-) ئايدا بولىدۇ، روزا تۇتقاندا كۈندۈزى بىر نەرسە يېيىش مەنئى قىلىنىدۇ؛ 5-ھەج قىلىش — ئۆمرىدە بىر قېتىم مەككىگە بېرىپ كەئبە مەسجىت ھارامدا ھەج-تاۋاپ قىلىش.

ئىسلام دىنى خۇسۇسىي مال-مۈلۈكنى قوغدايدۇ، ئوغرى-قاراقچىلارنىڭ ئوڭ قولىنى كېسىشنى بەلگىلىگەن، قوللۇق تۈزۈمنى ئېتىراپ قىلىدۇ، كۆپ خوتۇنلۇقنى تەشەببۇس قىلىدۇ. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ دىنىنىڭ سىنىپىي ئەزگۈچىلىك ماھىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئەرەپلەرنىڭ ھوكۇمرانلار سىنىپى ئىسلام دىنىدىن پايدىلىنىپ "غازات" ("مۇقەددەس ئۇرۇش") دېگەننى تەشۋىق قىلدى. مۇسۇلمانلار بىدئەتچىلەرگە قارشى جازا يۈرۈشى قىلىش، خۇداغا ئىشىنىشنى تەشۋىق قىلىش يولىدا قۇربان بولسا، ئۆلگەندىن كېيىن جەننەتكە كىرىدۇ، دېيدۇ. شۇنىڭ بىلەنلا قالماستىن، يەنە "غازات"قا قاتناشقۇچىلارغا ھەق بېرىشنى بولاپ كەلگەن ئۇرۇش غەنىمەتلىرىنى — ئالتۇن-كۈمۈش، مال-چارۋا، قۇل قاتارلىق ئولجىلارنىڭ ھەممىسىنى تەقسىم قىلىشنى بەلگىلىگەن. بۇ ئولجىلارنىڭ بەشتىن بىرى "پەيغەمبەر" ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇق-جەمەتىگە ھەمدە يېتىم-يېسىرلەرگە تەئەللۇق بولىدۇ، قالغان بەشتىن تۆت قىسمى پىيادە ئەسكەرلەر بىلەن ئاتلىق ئەسكەرلەرگە تەئەللۇق بولىدۇ، كېيىنكىلەرنىڭ ئىگە بولغانلىرى ئالدىنقىلارنىڭكىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ بولىدۇ. بۇ ھال ئەرەپلەر ئېلىپ بارغان كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق-بۇلاڭچىلىق ماھىيىتىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئىسلام دىنىنىڭ دەستۇرى — «قۇرئان». ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدىسى بويىچە ئېيتقاندا، قۇرئان ئاللانىڭ ۋەھيىسى، بۇ ۋەھيىنى بۇ دۇنيادىكى ئادەملەرگە ئاللانىڭ ئەلچىسى مۇھەممەت يەتكۈزگەن. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ كۆپ قىسمى مۇھەممەتنىڭ ھەر خىل سورۇنلاردا سۆزلىگەن سۆزلىرى بولۇپ، مۇھەممەت ھايات ۋاقتىدا پارچە-پۇرات خاتىرە سۈپىتىدە تارقىلىپ يۈرگەن، ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، بۇ خاتىرىلەر يىغىپ رەتلىنىپ بىر پۈتۈن كىتاب قىلىپ چىقىرىلغان بولۇشى مۇمكىن، بۇ — ئەرەپلەرنىڭ دەسلەپكى ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشتا خېلىلا پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە تارىخىي ماتېرىيال.

**ئەرەپ دۆلەتلىرىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە كېڭەيمىچىلىكى**

مۇھەممەت تەخمىنەن 610-يىلى مەككىدە دىن تارقىتىشنى باشلىغان. دەسلەپتە ئۇنىڭ ساھابىلىرى ناھايىتى ئاز بولغان، پەقەت ئۆزىنىڭ تۇغقانلىرىلا ئىدى. بۇ دىن مەككىدىكى ئۇرۇق ئاقسوڭەكلىرىنىڭ ئەسلىدىكى قەبىلە خۇداسىغا بولغان ئېتىقادىغا خىلاپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھوقۇقى ۋە كۈچىگە زىيان يەتكۈزگەچكە، ئۇلار مۇھەممەتكە ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىگە زىيانكەشلىك قىلغان. 622-يىلى مۇھەممەت ۋە ئۇنىڭ ئاز ساندىكى ساھابىلىرى يېرىم كېچىدە مەدىنىگە قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان (ئىسلام كالىنداردا بۇ يىل ھىجرىيىنىڭ باشلانغان يىلى ھېساپلىنىدۇ). مەدىنىدە بىر مۇنچە ئادەملەر مەككە سودىگەرلىرى ئىچىدىكى جازانىخورلارنىڭ ئوسۇم شىلىۋېلىشىغا ئۇچرىغانلىقتىن، مەككىلىكلەرگە بەكمۇ ئۆچ بولۇپ كەتكەن. مۇھەممەت مەدىنىگە كەلگەندىن كېيىن، ئىسلام دىنى ناھايىتى تېز تارقالغان، نەتىجىدە ئىلاھىي ھوقۇقلۇق دۆلەت بارلىققا كەلگەن، مۇھەممەت بۇ دۆلەتنىڭ يولباشچىسى بولغان. مۇھەممەت ئەسكەر باشلاپ بېرىپ مەككىگە ھۇجۇم قىلىپ، مەككىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلغان. نەتىجىدە ئۇرۇش كېلىپ چىققان، ھەر ئىككى تەرەپتە غەلىبە قىلىشمۇ، مەغلۇپ بولۇشمۇ بولغان. كېيىن سوھبەت ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق مۇرەسسەگە كەلگەن. مەككە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، مۇھەممەتنى پەيغەمبەر دەپ ئېتىراپ قىلغان؛ كەئبە ۋە قاراتاش ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس نەمۇنىسى دەپ ئېتىراپ قىلىنغان، شۇنىڭ بىلەن مەككە ئاقسوڭەكلىرىنىڭ ھوقۇق مەنپەئەتىمۇ ساقلاپ قېلىنغان. مۇھەممەت 630-يىلى مەككىگە كەلگەن. ئىسلام دىنىنىڭ يېرىم ئارالدىكى باشقا قەبىلىلەر ئىچىگە تارقىلىشىغا ئەگىشىپ، مۇھەممەت ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق گۇرۇھىنىڭ تەسىرى كۈچى-

كۈندىن-كۈنگە زورايغان، 632-يىلى مۇھەممەت ئۆلگەن چاغلارغا كەلگەندە، ئەرەپ يېرىم ئارىلى ئاساسىي جەھەتتىن بىرلىككە كېلىپ قالغان.

مۇھەممەت ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ يېقىنلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۇزاق مۇددەت تالاش-تارتىش بولغان، نەتىجىدە ئۇنىڭ يېقىن دوستى ۋە قېيناتىسى ئەبۇ بەكرى خەلىپە (ۋارىس)لىككە سايلانغان. ئەرەپ دولەت ئاپپاراتى مۇكەممەللىشىشكە قاراپ يۈزلەنگەن، خەلىپە دولەت باشلىقى بولۇپ، ھەربى، سىياسى، دىنىي جەھەتتىكى چوڭ ھوقۇقلارنى ئۆز چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغان. ئۇنىڭ ساھابىلىرىنىڭ ھەممىسى، ئەينى زاماندا، ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى بولغان، ئۇ بۇ ئەسكەرلەرنى سىرتقا تاجاۋۇز قىلىش، بۇلاڭ-تالاڭ قىلىش ئىشلىرىغا سالغان. ئەسلىدىكى ئۇشرە-زاكات باجغا ئۆزگەرتىلىپ، كەلگ ئاھالىدىن باج ئالىدىغان بولغان، ئىسلام قىلىنغان غەيرى دىندىكى قەبىلىلەرمۇ باج-سېلىق تاپشۇرۇشقا مەجبۇر بولغان.

ھوكۇمرانلار سىنىپى ئەرەپ دولىتى قۇرۇلغان دەسلەپكى چاغدىلا تاجاۋۇزچىلىقنى باشلىغان. شۇ چاغدا، شەرق تەرەپتىكى ئىران بىلەن غەرب تەرەپتىكى ۋىزانتىيە ئوتتۇرىسىدا ئۇزاق مۇددەت ئۇرۇش بولۇپ كەلگەنلىكتىن، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ھالسىزلىنىپ كەتكەنلىگى ئەرەپلەرنىڭ كېڭەيمىچىلىك قىلىشىغا پايدىلىق پۇرسەت بولۇپ قالغان، 636-يىلى ئەرەپ قوشۇنى ۋىزانتىيە قوشۇنىنى تارمار قىلىپ، دەمەشقنى ئىشغال قىلغان، 638-يىلى قۇددۇسقا (ئېرۇسالىمغا) بېسىپ كىرىپ، 640-يىلىغا كەلگەندە، سۈرىيە، پەلەستىن قاتارلىق جايلارنىڭ ھەممىسىنى ئىشغال قىلغان. بۇنىڭ كەينىدىنلا شەرقتە ئىرانغا ھۇجۇم قىلىپ، 642-يىلى ئىران ساسانىلار سۇلا-

www.uyghurkitap.com

لىسنى يوقاتقان، شۇ يىلى مىسىرنى بويسۇندۇرۇپ، ئىسكەندەرىيە شەھىرىنى ئىشغال قىلغان.

ئەرەب ھۆكۈمرانلار سىنىپى ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلار بۇلاڭچىلىق ئۇرۇشى ئىدى، ئىستىلا قىلىش جەريانىدا نۇرغۇن مال-مۈلۈك تالان-تاراج بولۇپ كەتكەن، ئۆي-ئىمارەتلەر ۋەيران بولغان، نۇرغۇن خەلق قۇللارغا ئايلانغان، قېپقالغان ئائىلە ئەرەب ھۆكۈمرانلىرىغا باج-سېلىق تاپشۇرۇشقا مەجبۇر بولغان. بۇ باج-سېلىقلار نامدا ئەسكەرلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىلىدىغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، بۇ باج-سېلىقلارنىڭ كۆپ قىسمىنى ھەربىي ئەمەلدار، ئاقسۆڭەكلەر، قەبىلە ئاقساقاللىرى يەپ كەتكەن. بۇلار ئۇرۇشتا تازا باي بولۇپ، ناھايىتى نۇرغۇن مال-مۈلۈك ۋە قۇللارغا ئىگە چوڭ زەردارلارغا ئايلانغان.

## 2-بۆلۈم ئۇمايىيا سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى

**دەسلەپكى خەلىپىلىك دۆلەتلەردىكى ئىجتىمائىي زىددىيەت**

ئەرەب دۆلىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە كېڭەيمىچىلىك قىلىشىغا ئەگىشىپ، جەمئىيەتتىكى سىنىپىي زىددىيەت تېخىمۇ ئەۋج ئالغان. ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەرنى بىر قۇل خەنجەر سېلىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا ئوسمان (644—656) ئۈچىنچى خەلىپە بولغان. ئوسمان قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ ئۇمايىيا ئۇرۇقىدىن بولۇپ، تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئۆز يېقىنلىرىنى ئىشقا قويۇپ ۋە كۆپلەپ يەر-مۈلۈككە ئىگە قىلىپ، تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتكەنلىكتىن،

ناھايىتى زور نارازىلىقلارنى پەيدا قىلغان. تۇۋەن قاتلامدىكى خەلق ئوسماننىڭ ھوكۇمرانلىقىغا ئارقا-ئارقىدىن قارشى چىققان، يۇقۇرى قاتلامدىكى ھوكۇمرانلار ئوتتۇرىسىدىمۇ ھوقۇق-مەنپەئەت تالىشىپ، پات-پات جىدەل-ماجرالار بولۇپ تۇرغان. مۇھەممەتنىڭ كۆيوغلى ئەلى دەسلەپتىلا خەلىپىلىككە ۋارىسلىق قىلىشنى تەلەپ قىلغان، بۇ چاغدا، ئۇ تۇۋەن قاتلامدىكىلەرنىڭ نارازىلىقىدىن پايدىلىنىپ ئوسمانغا قارشى چىققان. 656-يىلى قارشى گۇرۇھ مىسىر ۋە باشقا جايلاردىن ئاز ساندىكى كىشىلەرنى توپلاپ، مەدىنىگە كېلىپ، شۇ يەردىكى كىشىلەر بىلەن بىرلىشىپ خەلىپە ئوسماننىڭ ئوردىسىنى قورشىۋالغان. بۇ چاغدا ئوسماننىڭ قولىدا ئەسكەر بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ بىر تەرەپتىن سوھبەت ئوتكۇزۇشكە ماقۇل بولۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن، ئاستىرتىن جايلارغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئەسكەر يوتكەپ كېلىپ، ئۇلارنى باستۇرماقچى بولغان. لېكىن ئوسماننىڭ خېتى قارشى تەرەپنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىپ، قوراللىق توقۇنۇش يۈز بېرىپ، ئوسمان ئولتۇرۇلۇپ، ئەلى خەلىپىلىككە ئولتۇرغان.

ئۇمايىيا جەمەتىدىكىلەر ھاكىمىيەتنىڭ قولىدىن كېتىپ قالغانلىقىغا تەن بەرمەي، ئەلى ئوسماننىڭ ئولتۇرۇلۇشىگە چېتىشلىق، خەلىپە بولسا بولمايدۇ، دەپ تەشۋىق قىلىپ، سۇرىيە باش ۋالىسى مۇئاۋىيە باشچىلىقىدا ئەلىگە قارشى كۇرەش باشلىغان. بىرقانچە ئاي ئۇرۇش قىلغان بولسىمۇ، ھېچقايسى تەرەپ ھەل قىلغۇچ غەلىبىگە ئېرىشەلمەي، ماجرانى سوھبەت ئوتكۇزۇپ ھەل قىلماقچى بولغاندا، ئەلى گۇرۇھى ئىچىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر نارازى بولۇپ، ئۇنىڭدىن بولۇنۇپ چىقىپ كەتكەن. ئەلى بىلەن مۇئاۋىيە داۋاملىق ئۇرۇش

قىلىپ، 661-يىلى ئەلى قىلىچ بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن، مۇئاۋىيە خەلىپە بولۇپ، دەمەشقنى پايتەخت قىلغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇمايىيالار سۇلالىسى (661—750) (بۇ ئىلىمىزنىڭ قەدىمقى كىتابلىرىدا ئاق كىيىملىك تازىقلار دەپ ئاتىلىدۇ)نىڭ ھوكۇمرانلىقى باشلانغان. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن خەلىپىنى سايلاش خەلىپىگە ۋارىسلىق قىلىشقا ئۆزگەرتىلگەن.

خەلىپىلىككە ۋارىسلىق قىلىش مەسىلىسى ئىسلام دىنىدىكى مەزھەپلەرنىڭ ماجىراسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، بۇ ماجىرالار ئاساسەن ھوكۇمرانلار سىنىپى ئىچىدىكى مەنسەپ تالىشىش كۆرىشى بولسىمۇ، لېكىن مەلۇم ئىجتىمائى زىددىيەتنىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەتتى. ئەنئەنىچىلەر سۈننى مەزھىبى دەپ ئاتالغان، ئۇلار خەلىپىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلغان. ئەلىنى ھىمايە قىلغۇچىلار شىئە مەزھىبى دەپ ئاتالغان. ئۇلار ئەلى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرىلا مۇھەممەتنىڭ ۋارىسى بولالايدۇ، دەپ قاراپ، خەلىپىنىڭ رەھبەرلىكىگە قارشى چىققان، ئەلى ئۆلگەندىن كېيىن، شىئە مەزھىبى ئۇنىڭ ئۇرۇق-ئەۋلادىنى باشلىق قىلىپ، خەلىپىگە قارشى يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ھەركەتلەرنى ئېلىپ بارغان، بۇ مەزھەپ ئىراننىڭ جەنۇبى ۋە ئىراق قاتارلىق جايلارغا تارقالغان.

ئەلىدىن نارازى بولۇپ شىئە مەزھىپىدىن ئايرىلىپ چىققانلار خاۋارجلار دەپ ئاتالغان. بۇ مەزھەپ توۋەن قاتلامدىكى ئاممىنىڭ بەزى تەلەپلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئىپتىدائى دېموكراتىك-باراۋەرلىكنى يولغا قويۇپ، ئۇرۇش غەنىمەتلىرىنى ئادەتتىكى ئەسكەرلەر ئارىسىدا تەقسىم قىلىش، يەرنى مۇسۇلمانلارغا ئومۇمى مۈلۈك قىلىپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلىپ، خەلىپە مۇرىتلار تەرىپىدىن سايلىنىپ

ۋۇجۇتقا كېلىشى، ئاللاغا مۇتلەق بوي سۇنۇشى كېرەك. ئۇنداق بولمىسا ئۇنى ئاغدۇرۇپ تاشلىسا بولىدۇ دەپ قارىغان. ئۇلار كېيىنكى خەلىپىلەرنىڭ ھەممىسىنى زالىم پادىشا دەپ قاراپ، ئۇلارغا ئۈزلۈكسىز تۈردە قارشى تۇرۇپ، باتۇرلارچە قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلىپ، ئۇمايىيا سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا نۇرغۇن قېتىم تەھدىت سالغان.

**ئۇمايىيا سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى** ئۇمايىيا سۇلالىسى سۈرىيىنى مەركەز قىلىپ تۇرۇپ، ئۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئەرەب ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن ۋىزانتىيە ئاقسۆڭەكلىرىگە تايىنىپ ھۆكۈمرانلىق قىلغان. بۇ سۇلالە ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدە، شىئە مەزھىپى بىلەن خاۋارىجلار مەزھىپىنىڭ ھەممە يەردە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكى، ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىمۇ توختىماي ئۇرۇش بولۇپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، بىر مەھەل ئىككى خەلىپە تەختكە چىقىپ، بىر بىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ، خەلىپە مالىك (685—705) دەۋرىگە كەلگەندىلا، ئاندىن ئاساسىي جەھەتتىن تىنچلانغان. مالىك ھەججاجنى ئىراقنى ئىشغال قىلىشقا ئەۋەتىپ، شۇ جايدىكى شىئە مەزھىپى بىلەن خاۋارىجلار مەزھىپىدىكىلەرنى كۆپلەپ قىرىپ تاشلىغان، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، 20 يىل ئىچىدە ئۆلتۈرۈلگەنلەر 130 مىڭ كىشىگە يەتكەن.

7-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، ئەرەب دۆلىتى يەنە كەڭ كۆلەمدە سىرتقا قاراپ كېڭەيمىچىلىك قىلىپ، ئالدى بىلەن شىمالىي ئافرىقىغا ھۇجۇم قىلغان، 8-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا پۈتكۈل ئافرىقىنى بېسىۋالغان. 711-يىلى دېڭىز ئارقىلىق يىراققا يۈرۈش قىلىپ پىرېنېي يېرىم ئارىلىدىكى گېرمانلارغىمۇ ھۇجۇم قىلىپ، 714-يىلى يېرىم

ئارالنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشغال قىلغان. 732-يىلى فرانسىيىنىڭ پوئاتىيى دېگەن يېردە بولغان ئۇرۇشتا، ئەرەب قوشۇنلىرى فرانك قوشۇنلىرى تەرىپىدىن مەغلۇپ بولغان، شۇنىڭدىن باشلاپ، ئەرەبلەر ياۋروپانىڭ ئىچكى قۇرۇقلۇقىغا ھۇجۇم قىلىشنى توختاتقان. شەرقتە ئىراننى بويلاپ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى ئىشغال قىلىپ، توپ-توغرا پامىر ئېگىزلىكىگىچە بارغان. 8-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى خەلىپە دۆلىتى شەرق تەرەپتە ھىندى دەرياسىدىن باشلىنىپ، غەرب تەرەپتە ئاتلانتىك ئوكيانغا تۇتاشقان، ياۋروپا، ئاسىيا، ئافرىقىدىن ئىبارەت 3 قىتئەنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن زېمىنغا ئىگە بىر فېئوداللىق چوڭ دۆلەت بولۇپ قالغان.

ئەرەب ھۆكۈمرانلىرى سىرتقا قارىتا كېڭەيمىچىلىك قىلىشنى باشلىغان چاغلاردا، تېخى بىر تۇتاش ھۆكۈمرانلىق ئورگانلىرىنى تىكلىمىگەن. ئۇلار ئىستىلا قىلغان جايلاردا پەقەت بىۋاستە تالان-تاراج قىلىش ياكى قاقتى-سوقتى قىلىپ ئولپان ئېلىش بىلەنلا بولۇپ، ۋىزانتىيە بىلەن ئىراننىڭ بۇرۇنقى مەمۇرى ئورگانلىرىنى ۋە ئەمەلدارلىرىنى شۇ پېتى ساقلاپ قالغان، باج تۈزۈمى، پۇل، ھۆكۈمەت ئومۇمى يۈزلۈك قوللىنىدىغان تىل ئۆز پېتىچە قالغان. ئەرەب ئىستىلاچىلىرى ھەرقايسى جايلاردا ھەربىي گەزەرمىلەرنى قۇرۇپ ئەسكەر تۇرغۇزۇپ، يەرلىك ئاھالىنى قاتتىق نازارەت ئاستىغا ئالغان. بۇ ھەربىي گەزەرمىلەر كېيىنچە باسرا، كۇفە قاتارلىق شەھەرلەرگە ئوخشاش شەھەرلەرگە ئايلانغان.

ئەرەب قوشۇنى بارلىق قۇرامىغا يەتكەن ئەرلەردىن تەشكىل قىلىنغان، ئۇرۇق، قەبىلىلەر ھەربىي بىرلىك قىلىپ تەشكىللەنگەن،

ئەسلىدىكى ئۇرۇق ئاقساقاللىرى قوماندان بولغان. قوشۇن تۈرلىرىدىن ئاتلىق ئەسكەر ۋە پىيادە ئەسكەر بولۇپ، ئاتلىق ئەسكەرلەر ئاساسەن نەيزە بىلەن، پىيادە ئەسكەرلەر بولسا ئوقيا، قىلىچ، خەنجەر بىلەن قوراللانغان. ئەسكەرلەرنىڭ سانى دەسلەپتە ئانچە كۆپ بولمىغان، ئۇمايىيا سۇلالىسى ۋاقتىدا تەخمىنەن 60 مىڭ ئەسكەر بولغان. ئەمما دىنىي خۇراپاتلىقنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن، ئۇرۇش قىلغاندا ئەسكەرلەرنىڭ روھى خېلى ئۈستۈن بولغان. ئەسكەرلەرنىڭ ھەركەت قىلىشتا چاققان بولغانلىقى، چۆل-جەزىرىلەردە ئۇرۇش قىلىشقا ماھىر بولغانلىقى ئۇلارنى كېڭەيمىچىلىك قىلىشتا پايدىلىق شەرتلەر بىلەن تەمىنلىگەن.

ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان رايونلارنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، ھۆكۈمرانلار سىنىپى كۈچلۈك قوشۇن ساقلاشتىن تاشقىرى، يەنە دىققەت-ئېتىبارىنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ۋە تالان-تاراج قىلىشنى كۈچەيتىشكە بۇراپ، مالىيە ۋە باج ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدارلارنى تەيىنلەشكە باشلىغان. ئەرەپ دۆلىتىنىڭ بېجى ئاساسەن ئىككى خىل بولغان: بىر خىلى — يەر بېجى، بۇنداق باج يەرنىڭ ياخشى-يامانلىقىغا، ئېلىنغان ھوسۇلنىڭ ئاز-كۆپلۈكىگە قاراپ بەلگىلەنگەن، بەزىدە باج ھېساۋىغا ماددى نەرسىلەر ئېلىنغان، بەزىدە نەق پۇلمۇ ئېلىنغان. يىغىدىغان باج مىقدارىنىڭ يۇقۇرىسى ئېلىنغان ھوسۇل مىقدارىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىدىن ئۈچتىن ئىككى قىسمىغىچە يەتكەن، بۇ ھال ئاھالىگە ئېغىر يۈك بولغان. شەخسلەرنىڭ يەرلىرىدىن ئۇشرە يىغقان. يەنە بىر خىلى — جان بېجى، بۇنداق باج پەقەت غەيرى ئىسلام دىنىدىكى قۇرامىغا يەتكەن ئەرلەردىن ئېلىنغان، باج ئېلىش دەرىجىسى مال-مۈلۈك ئەھۋالىغا قاراپ

www.uyghurkitap.com

بەلگىلەنگەن، پەقەت پۇلــلا ئالــغان. خەلق جان بېجىــدىن قېچىپ، كەينى-كەينىدىن ئىسلام دىنىغا ئېتىــقات قىلــغان. ئىســلام دىنىغا كىرگەن غەيرى ئەرەپلەرمۇ بىر مەھەل يەنىلا جان بېجى تاپشۇرۇپ تۇرغان، خەلىپە ئۇمەر II (717—720) زامانىسىغا كەلگەندىلا، ئاندىن بۇ باج ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان.

يەرلىك ئورۇنلاردا مەمۇرى ئۆلكىلەر تەسىس قىلىــنىپ، ئۆلكىلەرنى باشــقۇرۇشقا باش ۋالى قويۇلــغان. باش ۋالى ئەســلىدە شۇ جايدا تۇرۇشلۇق ئەسكەرلەرنىڭ باشلىقى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە دىنىنىڭمۇ باشــلىقى بولاتتى، كېيىنچە، ئۇلار، باج ئېلىشــتىن باشقا، مەمۇرى ئىشلارنىمۇ باشقۇرىدىغان بولغان. 7-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، ئەرەپ تىلى ھوكۇمەت تىلى قىلىپ بەلگىلەنــگەن ھەمدە پۇل ئىسلاھاتى يۈرگۈزۈلۈپ، ئەرەپ پۇلى ئومۇمى يۈزلۈك ئىشلىتىلىدىغان پۇل بولغان.

**ئىجتىمائى ئىگىلىك ئەھۋالى** ئۇمايىيا سۇلالــىسى دەۋرى فېئوداللىق مۇناسىۋەت شەكىللەنگەن دەۋر. ئەرەپــلەر ئەسلىــدە باشلانغۇچ جەمىيەتنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا تۇراتتى، لېكىن ئۇلار ئىستىلا قىلغان جايلاردا قەدىمقى مەدەنىيەت ۋە فېئوداللىق مۇناسىۋەت بار ئىدى. ئەرەپلەر كەلگەندىن كېيىن، شۇ يەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، فېئوداللىق خاراكتېردىكى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىگە ئۆزگەرگەن. ئەرەپ يېرىم ئارىلىدا كوچمەن ئۇرۇق ۋە قەبىلىلەر ساقلىنىپ قالغان. ئەرەپلەردە ئەسلىدە قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ ئېلېمېنتلىرى پەيدا بولۇشقا باشلىغانلىقى، يەنە كېلىپ كەڭ كولەملىك ئۇرۇشلار ئارقىــلىق يەنە ناھايىتى نۇرغۇن قۇللارغا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەرەپ جەمىيىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ ئېلېمېنتلىرى خېلى ئۇزاق

ۋاقىتلارغىچە ساقلىنىپ تۇرغان، ئەمما يېتەكچى ئورۇنغا ئۆتمىگەن.

ئىستىلا قىلىش جەريانىدا ئەرەپ ھۆكۈمرانلار سىنىپى بۇلاپ-تالاپ تۇرغۇنلىغان يەرگە ئىگە بولۇۋالغان. سۈرىيە، ئىراق، مىسىر قاتارلىق جايلاردىكى ئەسلىدە ۋىزانتىيە ۋە ئىران خان جەمەتىگە تەۋە يەرلەر، پومېشچىكلار ئۆلتۈرۈلۈپ ياكى قېچىپ كېتىپ قالغان يەرلەر، شۇنىڭدەك ئىگىسىز بوز يەرلەرنىڭ ھەممىسى بۇ چاغدا ئەرەپ دۆلىتىنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتۈپ، خەلىپە تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنىدىغان بولغان. بۇنىڭدىن باشقا، ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر جەمەتى ئىراقتا، ئۇمايىيا جەمەتى سۈرىيىدە، ئەلى جەمەتى ئىران ۋە ئىراقتا كەڭ زېمىن ئىگىلىگەن. بۇرۇنقى ھۆكۈمرانلار سىنىپى تەسلىم بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى يەنە ئۆزلىرىنىڭ يەر-مۈلكىنى ساقلاپ قالغان. بۇ پومېشچىكلاردىن فېئودال ھۆكۈمرانلار سىنىپى بارلىققا كېلىپ، شۇ يەردىكى دېھقانلارنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلغان.

ئەرەپ ئەللىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئىشلەپچىقىرىشقا قاتناشماي، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى ئېلىپ ھەربىي گەزەرمىلەرگە بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ، ئۇرۇش بىلەنلا بولۇپ، بۇلاڭ-تالاڭ قىلىش ۋە ئۇرۇش غەنىمەتلىرىنى بولۇشۇۋېلىشقا تايىنىپ جان باققان. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇق، قەبىلە تەشكىللىرىنى ساقلاپ قالغان، غەيرى ئەرەبلەر بىلەن نىكاھلانمىغان. يەرلىك ئاھالە ئىچىدىكى بەزى كىشىلەر ئىسلام دىنىغا كىرىپ، دائىم ئەرەپ ئاقسۆڭەكلىرىگە بېقىنىپ تۇرمۇش كەچۈرگەن. بۇنداق كىشىلەرنىڭ تولىسى ھۈنەرۋەن، تېۋىپ، مىرزا ۋە شائىرلارغا ئوخشاش قابىلىيەتلىك ئادەملەر ياكى زىيالىيلار ئىدى. بۇ كىشىلەر بارا-بارا بىر ئوتتۇرا تەبىقە بولۇپ شەكىللىنىپ، ئۆزىنىڭ تەسىر كۈچىنى بارغانسېرى كېڭەيتكەن، ئۆمەر II دەۋرىدە ئېلىپ

بېرىلگان ئىسلاھات دەل مۇشۇ ئادەملەرنى ئۆز يېنىغا تارتىشنى مەقسەت قىلغان.

كەڭ دېھقانلار، قول سانائەت ئىشچىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى بۇرۇنقى دىنغا ئېتىقاد قىلغان، شۇڭا ئۇلارغا دىنىي جەھەتتە كەڭچىلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىنغان. ئەمما ئۇلار دۆلەتنىڭ ئېغىر باج-سېلىقىغا ۋە پومېشچىكلارنىڭ زۇلمىغا ئۇچراپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۇچىسى ئىللىقىدەك كىيىم، قورسىقى تويغىدەك ئاش كۆرمەي، مۇھتاجلىقتا تۇرمۇش كەچۈرگەن. باجگىرلارنىڭ قاقتى-سوقتىسى ئېغىر بولغان، باج-سېلىقنى تاپشۇرالمىغانلار زىندانغا تاشلانغان، ياكى دەررىگە بېسىلىش، ئاپتاپقا سېلىپ كۆيدۈرۈشتەك جازالار بىلەن جازالىنىپ، خىلمۇ-خىل جەۋرى-زۇلۇمغا مۇپتىلا بولغان.

قۇللار جەمئىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمى ھېسابلانغان. كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشىدا، بەزىدە بىر قېتىمدىلا 2-3 يۈز مىڭ قۇل قولغا چۈشۈرۈلگەن. ھۆكۈمرانلار سىنىپى ئىچىدىكى بەزى ئادەملەرنىڭ 20-30 مىڭ قۇلى بولغان، يەنە نۇرغۇن دۆلەت قۇللىرىمۇ بولغان. نۇرغۇن شەھەرلەردە قارا تەنلىك ۋە ئاق تەنلىك قۇللار سودىسى قىلىنىدىغان قۇل بازارلىرى بولغان. قۇللار سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشلىرىنى ياساش، زەيكەشلىكلەرنى سۈيىنى چىقىرىۋېتىپ قۇرۇتۇش، يەر تېرىشقا ئوخشاش ئەڭ مۇشكۈل ئەمگەكلەرگە سېلىنغان.

فېئوداللىق زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، دېھقانلار، قۇللار ئاممىسى نۇرغۇن قېتىم ئۇلۇغ كۈرەشلەرنى ئېلىپ بېرىپ، فېئودال ھۆكۈمرانلارغا ناھايىتى قاتتىق زەربە بەرگەن.

**خەلق قوزغىلاڭلىرى** ئۇمايىيا سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى بارغانسېرى خەلقنىڭ بولۇپمۇ ئىران ئەتراپىدىكى خەلقنىڭ نارازىلى-

غىنى قوزغىغان. بۇ جايلاردىكى دىخانلار يەر بېجى ۋە جان بېجى ئارقىلىق بولىدىغان قاتتىق زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقى، ئىران فېئودالىلىرىمۇ بېسىمغا تەن بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ جايلار ئۇمايىيا سۇلالىسىگە قارشى ھەر خىل دىنىي مەزھەپلەرنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان مەركىزى بولۇپ قالغان، شىئە مەزھىپى بىلەن خاۋارىجلار مەزھىپىنىڭمۇ مەلۇم تەسىر كۈچى بولغانلىقى ئۈچۈن، بىرقانچە قېتىم قوزغىلاڭ كۆتەرگەن.

8 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئىراق فېئودالىرىدىن ئابباس ئۇمايىيا سۇلالىسىگە قارشى ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۆزىنى مۇھەممەتنىڭ تاغىسى ئابباسنىڭ ئەۋلادى دەپ ئاتاپ، ئۇمايىيا سۇلالىسىنىڭ خەلىپىلىككە ۋارىسلىق قىلىشىنى قانۇنسىز دەپ ئەيىبلەپ، ئۇمايىياغا قارشى تۇرغۇچى ھەر خىل كۈچلەر بىلەن ئالاقە باغلاپ، ئۇمايىيا سۇلالىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىماقچى بولغان.

747 - يىلى ئىرانلىق قۇل ئەبۇ مۇسلىم ئابباس گۇرۇھى بىلەن ئالاقە باغلاپ، خۇراسان دېگەن يەردە قوزغىلاڭ كۆتەرگەن چاغدا، باج - سېلىقلارنى كېمەيتىش، ھەقسىز ئەمگەكنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى ئۈچۈن، بۇ قوزغىلاڭغا بىر مەھەل دىخانلار، قۇللار، قول سانائەتچىلەر شۇنىڭدەك شىئە مەزھىپى، خاۋارىجلار مەزھىپىنىڭ ھەر خىل گۇرۇھ ئاممىسى كەينى - كەينىدىن قاتناشقان. شۇ قاتاردا بۇ قوزغىلاڭغا ئۇمايىيا سۇلالىسىدىن نارازى بولغان بەزى ئىران فېئودالىرىمۇ قاتناشقان. قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى مەرۋى شەھىرىنى ئىشغال قىلغان، كېيىنكى يىلى نىشاپورنى بېسىۋالغان. 750 - يىلى قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى تىگر دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىدىكى دەججاپ دەرياسىنىڭ بويىدا خەلىپە قوشۇنىنىڭ ئاساسىي

كۆچنى تارمار قىلغان، خەلىپە مىسىرغا قېچىپ كەتكەن، ئەمما ئابباس ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ ئاببااسىلار سۇلالىسى (750 — 1258) (ئىپلەمىزدە قەدىمقى زاماندا قارا چاپانلىق تازىقلار دەپ ئاتالغان)نى قۇرغان. ئابباس ئۇمايىيا جەمەتىگە رەھىمسىز مۇئامىلە قىلىپ، ئۇلارنى سۈرمىدە كۆپلەپ قولغا ئېلىپ، قىرغىن قىلغان. بەختىگە يارىشا بىرلا كىشى قېچىپ قۇتۇلۇپ، ئىسپانىيىگە بېرىپ كېيىنكى ئۇمايىيالار سۇلالىسى (756 — 1031)نى قۇرغان، شۇنىڭدىن باشلاپ ئىسپانىيە ئەرەب ئىمپېرىيىسىدىن قۇتۇلغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئاببااسىلار سۇلالىسى ھەممە يەردە خەلق قوزغىلاڭلىرىنى باستۇرغان، ھەم كۆچى بارغانسېرى ئۆلغىيىپ كېتىۋاتقان مۇسۇلمىنى ئولتۇرۇپ، ھوكۇمرانلىقىنى ۋاقىتلىق تۇراقلاشتۇرۇۋالغان.

## 3-بۆلۈم ئەرەب ئىمپېرىيىسىنىڭ تازا گۈللىنىشى ۋە بۆلۈنۈشى

**ئاببااسىلار سۇلالىسىنىڭ ھوكۇمرانلىقى** خەلق قوزغىلاڭلىرىنى باستۇرغاندىن كېيىن، خەلىپە مەنسۇر (754 — 775) تىگر دەرياسىنىڭ ياقىسىدا يېڭى پايتەخت باغداتنى سالدۇرغان، بۇ شەھەرنى سېلىشقا 100 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم 4 يىل ئىشلىگەن، 4 مىليون دىنار (ئەرەب تەڭگىسى)دىن ئارتۇق پۇل خەجلىگەن. 762-يىلى پايتەختنى بۇ يەرگە كوچۈرۈپ كەلگەن.

ئاببااسىلار سۇلالىسى دەۋرىدە، ھوكۇمرانلار گۇرۇھى ئىچىدە ئىران فېوداللىرىنىڭ تەسىرى بارغانسېرى كۈچەيگەن، ئەرەب ھوكۇمرانلىرى سىنىپى ئىران فېوداللىرىنىڭ چارىسى بويىچە، ھوقۇق مەركەزگە

مەركەزلەشتۈرۈلگەن دۆلەت ئاپپاراتىنى قۇرۇپ، سىياسەت بىلەن دىن
بىرلەشكەن ئىلاھىي ھاكىمىيەت ھۆكۈمرانلىقىنى يۈرگۈزگەن، ھۆكۈمەت
بىلەن دىنىي ئورگانلار بىر گەۋدە بولۇپ، قانۇنىدا «قۇرئان» ۋە
مۇھەممەتنىڭ سۆز-ھەرىكەتلىرى خاتىرىلەنگەن «ھەدىس»نى ئاساس
قىلغان، مەدەنىيەت، ئىدىيىنى تامامەن ئىسلام دىنى بىلەن تىزگىنـ
لەپ، خەلقنى رەھىمسىز باستۇرغان ۋە شەپقەتسىز تالان-تاراج قىلـ
غان.

ئالىي ھۆكۈمران خەلىپە بۇ چاغدا ئىران پادىشاسىنى دوراپ سەلـ
تەنەتلىك ئوردا سالدۇرۇپ، چۇۋالچاق ئوردا قائىدە-يوسۇنلىرىنى
يولغا قويغان. ئۇنىڭ ئۆزى ئىچكىرى ئوردىدا ئولتۇرۇپ، يۈزلە-
گەن-مىڭلىغان ھەرەم ئاغىسى ۋە كېنىزەكلەرنى ئىشقا سېلىپ، ئەيش-
ئىشرەتلىك تۇرمۇشقا بېرىلىپ كەتكەن. ۋەزىر خەلىپىگە ۋاكالىتەن
ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى باشقۇرغان. ۋەزىردە ھەرقايسى ئۆلكىلەرنىڭ
باش ۋالىلىرىنى ۋە قازىلىرىنى خىزمەتكە تەيىنلەش-خىزمەتتىن
ئېلىپ تاشلاش ھوقۇقى بولغان، ئۇنىڭ مەنسۇپىگە كۆپ ھاللاردا،
بىر ئائىلە جەمەتى ۋارىسلىق قىلغاچقا، خەلىپە ئۈچۈن تەھدىت
پەيدا بولغان. بيۇروكراتلىق ئورگانلار كۈنسايىن تەرەققى
قىلىپ، مەركەزدە باج ئىدارىسى، ئەدلىيە مەھكىمىسى، ساقچى ئىدا-
رىسى، پوچتا ئىدارىسى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىدارىلەر قۇرۇلغان،
خەلىپە قازىلارنى ھەرقايسى جايلارغا ئەۋەتىپ ئەنزىلەرنى تەكشۈرۈپ
بىر تەرەپ قىلدۇرغان. سىنىپىي كۆرەش كەسكىنلىشىپ ۋە ئىجتىمائىي
تۇرمۇش مۇرەككەپلىشىپ، پەقەت «قۇرئان» ۋە «ھەدىس»كە ئاسا-
لىنىپ ھۆكۈم قىلىش مۇۋاپىق كەلمەيدىغان بولۇپ قالغاچقا، قازى-
لارنىڭ قانۇننى بايان قىلغاندا، يېڭى ئىبارىلەر بىلەن چۈشەندۈ-

روشى ئارقىسىدا، ھۆكۈمرانلار سىنىپىغا خىزمەت قىلىدىغان بىر مۇنچە قانۇنشۇناسلار كېلىپ چىققان. پوچتا ئىدارىسى پېرسىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ ئۇسۇلى بويىچە ئۆزگەرتىلىپ، مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا پوچتا بېكىتى قۇرۇپ تەرەپ-تەرەپكە قاتنايدىغان چوڭ يوللارنى ئاچقان، خەۋەرلەر ۋە بۇيرۇقلار شەرقتە سىر دەرياسىدىن باشلىنىپ، غەربتە ماراكەشكىچە بولغان جايلارغا ناھايىتى تېزلا يېتىپ بارىدىغان بولغان. پوچتا ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدارلار مەخسۇس ھەرقايسى ئۆلكىلەردىكى ئاممىسىنىڭ ئەھۋالىنى ۋە ئەمەلدارلارنىڭ ئىش-ھەركەتلىرىنى تەكشۈرۈپ، ئۆز ۋاقتىدا مەركەزگە خۇپىيانە دوكلات قىلىپ تۇرغان.

ئىسلام دىنىدىمۇ ئۆزگىرىش پەيدا بولغان. ئىسلام دىنىدا خىرىستىيان دىنىدىكىدەك مۇرەككەپ مەرتىۋە-دەرىجە تۈزۈمى ۋە مەخسۇس ۋەزىپىلىك نۇرغۇنلىغان دىن تارقاتقۇچىلار بارلىققا كەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئىسلام دىنىدىمۇ مەخسۇس ئىسلام دىنىنى تەتقىق قىلىپ، ئالدامچىلىق تەشۋىقاتلىرىنى ئېلىپ بارىدىغان ئىلاھىيەتشۇناس، قانۇنشۇناسلار بارا-بارا ئايرىلىپ چىققان. بۇ چاغدا ئىسلام دىنىنىڭ ئىچكى قىسمىدا تۆۋەن قاتلام خەلقلىرى ئارىسىغا تارالغان سوپىلار مەزھىپى باش كۆتۈرۈپ چىققان. ئۇ دەرۋىشلىك، پەرز تۇتۇش، دۇئا-تالاۋەت قىلىش، پاسىق ئالەمدىكى بەختتىن ۋاز كېچىشكە ئوخشاش ئۇسۇللار ئارقىلىق ئاللا بىلەن ئادەمنىڭ بىرلىككە يېتىشىنى تەشەببۇس قىلغان. سوپىلار مەزھىپى بارا-بارا كەسپىي مۇرىتلارغا ئايلىنىپ، سەدىقىگە تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرۈپ، ئاممىغا سەۋرى-تاقەتلىك، ئىتائەتمەن بولۇشنى تەشۋىق قىلىپ، زىيانلىق رول ئوينىغان.

ھوقۇقنىڭ مەركەزگە مەركەزلىشىشىنىڭ كۆچىيىشى خەلقنىڭ تېخىمۇ زور قارشىلىقىنى قوزغىغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھوكۇمرانلار گۇرۇھى ئىچىدىكى زىددىيەتنىمۇ كەسكىنلەشتۈرگەن. خەلىپە جەمەتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىمۇ ھوقۇق تالىشىپ، دائىم بىر بىرىنى ئۆلتۈرۈشكەن، خەلىپە بىلەن ۋەزىرلەر ئوتتۇرىسىدىمۇ شۇنداق ئىشلار بولۇپ تۇرغان. مەشھۇر بەرمەق جەمەتى مەنسۇر زامانىسىدىن باشلاپلا ۋەزىرلىك قىلىپ كەلگەن، ھوقۇقىمۇ ناھايىتى چوڭ بولغان، بۇنىڭغا خەلىپە رەشىت (786 — 809) ھەسەت قىلىپ، يوقىلاڭ بانا - سەۋەپلەرنى كورسىتىپ، ئۇلنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىغان، جەمەتىدىكىلەرنىڭ بەزىلىرىنى ئۆلتۈرگەن، بەزىلىرىنى زىندانغا تاشلىغان، مال - مۈلكىنى پۈتۈنلەي بولۇشۇپ تۈگەتكەن. رەشىت گۇمانخور، رەھىمسىز بولۇشتا نامى چۇر كەتكەن، ئۇ ئولگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى ھوكۇمرانلىق ھوقۇقىنى تالىشىپ ئىچكى ئۇرۇش قوزغىغان. ئاكىسى مومىن ئىنىسى ئەمىنىنى مەغلۇپ قىلىپ، باغداتنى خانىۋەيران قىلغان، ئاخىرى ئەمىننى ئۆلتۈرۈپ، خەلىپىلىككە (813 — 833) ئۆلتۈرغان.

**يەر تۈزۈمى** ئەرەپلەر ئەسلىدە ئۇرۇقداشلىق جەمىيىتىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا تۇرغان كوچمەن چارۋىچى مىللەت بولغاچقا، ئۇلارنىڭ يەر توغرىسىدىكى خۇسۇسى مۈلۈكچىلىك ئىدىيىسى ئانچە ئەۋج ئالمىغان. ئەرەپ فېئوداللىرى قىسقا مۇددەت ئىچىدە كەڭ رايونلارغىچە كېڭىيىپ بېرىپ، ئىستىلاچى بولۇش ھوقۇقى ۋە كۈچىگە تايىنىپ، فېئوداللىق دولەت ئىگىدارلىقىدىكى يەر تۈزۈمى شەكلىنى ئورناتقان. ماركس مۇنداق دەپ كورسەتكەن: "ئىسلام دىنى مۇرىتلىرى پىرىنسىپ جەھەتتە پۈتكۈل ئاسىيادا خۇسۇسى يەر مۈلۈكچى-

www.uyghurkitap.com

لىكنىساق مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى، ئالدى بىلەن بەلگىلەپ چىققان."① بۇنداق دۆلەت ئىگىدارلىقىدىكى يەر تۈزۈمى شەكلى ئاستىدا، دۆلەت ئالىي زېمىندار بولۇپ، ئىشلەپچىقارغۇچىلارنى بىۋاسىتە تىزگىنلەپ تۇرىدۇ، ئېغىر يەر بېجى شىلىۋالىدۇ. بۇ يەردە يەر ئىجارىسى بىلەن زاكات بىر بىرىگە ئارىلىشىپ كەتكەن. كېيىن ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى بىلەن بىللە، ئىسلام دىنىدىكى دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق يەر تۈزۈمىنى يولغا قويغان.

شۇ چاغدا ئەرەپ دۆلەتلىرىدە تۇۋەندىكىدەك بىرنەچچە خىل يەر مۈلۈكچىلىكى شەكلى بولغان: بىر خىلى — خەلىپە بىۋاسىتە باشقۇرىدىغان يەر؛ يەنە بىر خىلى، ئاساسىي يەر مۈلۈكچىلىكى شەكلى بولۇپ، ئېقتار دەپ ئاتالغان، بۇنداق يەرنى خەلىپە ۋەزىرلىرىگە ھەدىيە قىلىپ بەرگەن، بۇ بەزىدە فېئوداللار تالان-تاراج قىلىپ قولغا كىرگۈزۈۋالغان يەر ئۆتچۈن ئۆتەيدىغان بىر خىل رەسمىيەت بولۇپ قالغان. بۇنداق يەرگە ئىگە بولغانلارنىڭ تولىسى ئەسكەر بولۇپ، ئۇلار قوشۇنغا يېتەكچىلىك قىلىپ خەلىپىگە ھەربىي خىزمەت ئۆتەپ بېرىش شەرتى بىلەن بۇ يەرلەرگە مەڭگۈ ئىگىدارلىق قىلغان پاكى ئۆزى ئىگە بولغان يەلەردىن مەلۇم مەزگىل باج-سېلىق ئالغان. ئېقتار تۈزۈمى 7-ئەسىردە يولغا قويۇلغان، 8—9-ئەسىرلەردە تەدرىجى يوسۇندا كەڭ تارقالغان. فېئوداللار بۇ يەرلەرنى بارا-بارا ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي مۈلكىگە ئايلاندۇرۇۋالغان، پەقەت ئۇ يەرگە ئىگە بولۇش شەرتىنى ئادا قىلىدىغانلا بولسا، بۇ يەرلەرنى ئەۋلادلىرىغا

---

① ماركس: «ئېنگېلسقا (1853-يىل 6-ئاينىڭ 14-كۈنى)»، «ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 28-توم، 272-بەت.

قالدۇرۇش ياكى باشقىلارغا ئۆتكۈنۈپ بېرىش ھوقۇقىغا ئىگە بولغان، خەلىپە ئادەتتە، ئۇلارنىڭ يەرلىرىنى تارتىپ ئالمىغان.

مىچىتلەرگە تەۋە بولغان يەرلەر ۋەخپى دەپ ئاتالغان. بۇنداق يەرنىڭ ئىگىلىرى ھېچقانداق مەجبۇرىيەت ئۆتىمىگەن، دۆلەتكە باج-ئۈ تاپشۇرمىغان. يەرنى باشقىلارغا ئۆتكۈنۈپ بېرىشكە يول قويۇلمىغان، ئۇنىڭدىن كىرگەن كىرىمنى مىچىتلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قامداشقا سەرپ قىلغان. كېيىن بەزى فېئوداللار دۆلەت مەجبۇرىيەت-لىرىدىن قېچىپ، مىچىتلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئېغىتار يېرىنى ۋەخپى يەرگە ئايلاندۇرۇۋالغان، شۇنىڭ بىلەن خۇسۇسى يەر مۈلۈكچىلىكى راۋاجلانغان.

ئاز ساندىكى فېئوداللارنىڭ خۇسۇسى يېرى مۈلۈك دەپ ئاتالغان، بۇ ئىختىيارى سېتىش، سېتىۋېلىش ۋە باشقىلارغا ئۆتكۈنۈپ بېرىشكە بولىدىغان يومشىقلارنىڭ خۇسۇسى مۈلكىگە ئايلانغان.

يەرنى بىۋاستە تېرىغۇچى كەڭ دېھقانلار ئەۋلادتىن-ئەۋلادقىچە كىچىككىنە پارچە يەرلەرنى تېرىپ، ئېغىر باج-سېلىق تۆلەپ كەلگەن. باجگىرلار زورلۇق بىلەن تۆرلۈك ئالۋاڭ-ياساق ئېلىپ، بۇنىڭ ئىچىدىن زىخ-زىخ چىقارغان، بەزىدە ھىجرىيە بىلەن قەمەرىيەنىڭ پەرقىدىن پايدىلىنىپ، بىر يىلدا ئىككى قېتىم باج ئالغان، بەزىدە باجنى پۇلغا ئۆزگەرتىپ، دېھقانلارنى ئاشلىقىنى بازارغا ئېپىرىپ سېتىشقا مەجبۇر قىلىپ، سودىگەرلەرگە ئېكىسپىلاتاتسىيە قىلدۇرغان. دېھقانلار، كۆپ ھاللاردا، باج-سېلىقنىڭ دەستىدىن مال-مۈلكىدىن ئايرىلىپ، جان باقالمىغان.

**ئىقتىسات بىلەن مەدەنىيەتنىڭ گۈللىنىشى** ئابباسلار سۇلالىسى قۇرۇلغان دەسلەپكى چاغلار، —8-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن 9-

ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىغىچە بولغان دەۋر — ئەرەپ ئىمپېرىيىسىنىڭ ئازا گۈللەنگەن دەۋرى. سۈرىيە، ئىككى دەريا ۋادىلىرى، مىسىر، ئىران قاتارلىق جايلاردا يىراق قەدىمقى زاماندىلا راۋاجلانغان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە ئىلغار مەدەنىيەت بار ئىدى، بۇ شۇ چاغلاردا تېخىمۇ زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن.

ئىككى دەريا ۋادىلىرى، دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى جايلار، مىسىر ۋە ئىران قولتۇقىنىڭ شەرقىي قىرغاقلىرىدا يېزا ئىگىلىكى ناھايىتى گۈللەنگەن. ئىككى دەريا ۋادىلىرى ۋە دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى جايلاردا مۇرەككەپ سۇغىرىش سىستېمىسى ياسالغان، دەريا-ئۆستەڭلەر ئۇزۇنى ۋە توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈشكەن، بىرمۇنچە كاناللاردا كېمە قاتنىغان، دەريا قىرغاقلىرىغا نۇرغۇن سۇ تۈگمىنى ۋە شامال تۈگمىنى سېلىنغان. بۇ جايلاردىن شال، بۇغداي، شېكەر قومۇش، خورما، ئۈزۈم، تاۋۇزغا ئوخشاش مول دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى ۋە مېۋىلەر چىقاتتى.

قول سانائەتمۇ ناھايىتى گۈللەنگەن، كانچىلىق، توقۇمىچىلىق، ساپالچىلىق، قەغەزچىلىق، مېتاللارنى پىششىقلاپ ئىشلەشكە ئوخشاش كەسىپلەرنىڭ ناھايىتى داڭقى بار ئىدى. ھىندۇقۇش تېغىدىكى كۈمۈش كانىدا 10 مىڭ ئىشچى كۈمۈش قازاتتى. بۇنىڭدىن باشقا، دەمەشقنىڭ كىمخاۋى، بۇخارانىڭ گىلىمى، سۈرىيىنىڭ ئەينىكى يىراقتىكى ياۋروپاغا ئاپىرىپ سېتىلىدىغان مەشھۇر مەھسۇلاتلار ئىدى. باغدات، باسرا قاتارلىق شەھەرلەر گۈللەنگەن سودا-سانائەت شەھەرلىرى ئىدى. مىسىر، ھىندىستان شۇنىڭدەك جۇڭگودىن كېلىدىغان خۇش پۇراق بۇيۇملار، بوياق، يىپەك، جانان قاچىلار، پىل چىشى، كېپەك ئالتۇنغا ئوخشاش خىلمۇ-خىل ماللار بۇ يەردە ئالماشتۇرۇ-

لاتتى، قۇل سودىسىمۇ ناھايىتى ئەۋج ئالغان ئىدى. ئەرەب سودىگەرلىرى جانلانغان تاشقى سودا بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئۇلار ئاسىيا، ياۋروپا ۋە ئافرىقىنى ئارىلاپ چىقاتتى. جۇڭگونىڭ تاڭ ـ سۇڭ سۇلالىرى دەۋرىدە، ئۇلار گۇاڭجۇ، ياڭجۇ، چۈەنجۇ قاتارلىق جايلارغا توختىماي قاتناپ تۇراتتى.

ئەرەب ئىمپېرىيىسىدە باغدات، باسرا، كۇفە، دەمەشق ۋە قاھىرەگە ئوخشاش كۆلىمى زور، ئاھالىسى كوپ نۇرغۇن شەھەرلەر بار ئىدى. شەھەرلەر سودا ـ سانائەت مەركىزى، شۇنداقلا يەنە ھوكۇمرانسىنىپلارنىڭ سىياسى مەركىزى ئىدى، بۇ شەھەرلەردە ئاقسۆڭەك ـ تۆرىلەردىن باشقا، سودا ـ سانائەتچىلەرمۇ ياشايتتى. قۇل سانائەت ئىشلىرى بىلەن قۇللارمۇ، ئەركىن كىشىلەرمۇ شۇغۇللىناتتى. قۇللار ھوكۇمەت باشقۇرغان قول سانائەت ئىشخانىلىرىدا ئىشلەيتتى، ئەركىن كىشىلەر بولسا ئۆزى مۇستەقىل باشقۇرىدىغان ئۇششاق ئىشخانىلاردا ئىشلەيتتى، ئۆزى ئىشلەپچىقىرىپ، ئۆزى ساتاتتى. ئۇلار مەخسۇس كەسىپ بويىچە مۇقىم مەھەللىلەردە ئولتۇراتتى، دولەت ئۇلارنى ئەمەلدارلارنى ئەۋەتىپ نازارەت قىلاتتى. شەھەرلەرگە دولەت ئەۋەتكەن ئەمەلدارلار ھوكۇمرانلىق قىلاتتى. مۇختارىيەت يولغا قويۇلمايتتى.

ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، 8 ـ، 9 ـ ئەسىردە ئەرەب ئىمپېرىيىسىنىڭ مەدەنىيىتىدە گۈللىنىش مەنزىرىسى بارلىققا كەلگەن ئىدى. جايلاردىكى مېچىتلەر ئۆز قارىمىقىدا نۇرغۇن كۇتۇپخانا ۋە مەكتەپلەرنى قۇرغان، شۇنداقلا دولەت ۋە شەخسلەرمۇ كۇتۇپخانا ۋە مەكتەپلەرنى قۇرغان ئىدى. بەزى كۇتۇپخانىلار كەڭ تۈردە كىتاپ يىغىپ، نەچچە يۈز مىڭ نۇسخا كىتاپ ساقلىغان. بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، بۇ كۇتۇپخانىلار ئالىملارنى يىغىپ، ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرى

بىلەن بۇ شۇغۇللانغان. كىلاسسىك مەدەنىيەت غەربىي ياۋروپادا كۈندىن-كۈنگە يوقىلىپ كېتىۋاتقان بىر مەزگىلدە، ئەرەبلەر يۇنان، رىم ئەسەرلىرىنى كۆپلەپ تەرجىمە قىلغان، بۇ ئەسەرلەر تەرجىمە قىلىنىش ئارقىسىدا ساقلىنىپ قالغان. جۇڭگونىڭ قەغەز ياساش تېخنىكىسى 8-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تارقىلىپ كىرگەندىن كېيىن، ئىلىم-پەننىڭ تارقىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىغان.

بۇ چاغدا، ئاسترونومىيە، ماتېماتىكا، تىببىي ئىلىم ساھەلىرىدە كۆزگە كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەر بارلىققا كەلگەن. بەزى چوڭ شەھەرلەردە رەسەتخانىلار قۇرۇلۇپ، بىرقەدەر نازۇك ئەسۋاپلار ياسىلىپ، كۆزىتىش ئېلىپ بېرىلىپ، قىممەتلىك ماتېرىياللار توپلانغان. ماتېماتىكا جەھەتتە ھىندىلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى راۋاجلاندۇرۇلۇپ، ئالگېبرا ۋە گېئومېترىيە كەشىپ قىلىنغان. تىببىي ئىلىم ساھەسىدىمۇ ناھايىتى كۆپ ئىلگىرىلەشلەر بارلىققا كەلگەن، مەشھۇر تىببىي ئالىم ئىبنى ئەلى ئىبنى سىنا (980—1037) «تىبابەتچىلىك قانۇنى» دېگەن كىتابنى يازغان، بۇ كىتاب ياۋروپادا تا 17-ئەسىرگىچە دەرسلىك قىلىپ قوللىنىلغان.

مەشھۇر تارىخ ئالىمى تەبىرى (838—923) «ئەنبىيالار ۋە شاھىنشاھلار تارىخى» دېگەن يىلنامە شەكلى نامىلىق ئەسەر يازغان، بۇ ئەسەرگە ئالەمنىڭ يارالغانلىقى ھەققىدىكى رىۋايەتلەردىن باشلاپ تا 915-يىلغىچە بولغان ۋەقەلەر بايان قىلىنغان مول تارىخىي ماتېرىياللار كىرگۈزۈلگەن. مەسئۇدى (—956) ئۆزى ساياھەت قىلغان ئاسىيا، ئافرىقىدىكى ھەرقايسى جايلارنىڭ تارىخى، جۇغراپىيىسى، ئىجتىمائىي ئۆرپ-ئادەتلىرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋاللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جەمئىي 30 توملۇق «ئالتۇن دالا» دېگەن مەشھۇر

ئەسەرنى يازغان. ئەدەبىي ئەسەر «مىڭ بىر كېچە»دە، دەسلەپتە
پارسلار ھەققىدىكى ھېكايىلەر بايان قىلىنغان، كېيىن ئەرەبىستان،
مىسىر، ھىندىستان ھەققىدىكى ھېكايىلەر كىرگۈزۈلۈپ 16-ئەسىردە
ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كىتاب بولۇپ چىققان. بۇ كىتاپتا ئەرەب ئىمپې-
رىيىسى ئىچىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالى ئەكس
ئەتتۈرۈلگەن، بەزى جايلىرىدا فېئودال ھۆكۈمرانلارغا قارىتىلغان
نارازىلىق ۋە مەسخىرە ئىپادىلەنگەن. بەزى ھېكايىلىرىدا جۇڭگومۇ
تىلغا ئېلىنىپ، جۇڭگو خەلقى بىلەن ئەرەب خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى
دوستلۇق مۇناسىۋەتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

مەملىكىتىمىز تاڭ-سۇڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە ئەرەب ئىمپېرىيىسى-
دىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن زىچ ئالاقە ئورناتقان ۋە دوستانە
باردى-كەلدى قىلىپ تۇرغان. جۇڭگو قەدىمقى زاماندا ئەرەپلەرنى
تازىق دەپ ئاتىغان، تازىقلاردىن جۇڭگوغا سودىگەرچىلىك قىلىشقا
كەلگەنلەر ناھايىتى كۆپ بولغان، ئۇلار جۇڭگوغا خۇش پۇراق
بۇيۇملار، دورا ماتېرىياللىرى، ئۈنچە-مەرۋايىتلارنى ئېلىپ كېلىپ
سېتىپ، قايتىشىدا تاۋار-دۇردۇن ۋە جانان قاچىلارنى سېتىۋېلىپ
كەتكەن. بىرمۇنچە ئەرەپلەر جۇڭگودا ئولتۇراقلىشىپ قالغان، ئۇلار-
نىڭ بەزىلىرى جۇڭگودا ئەمەلدارلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. جۇڭگو-
لۇقلاردىنمۇ تازىققا بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغانلار بولغان. مەسىلەن،
تاڭ سۇلالىسىدىكى دۇخۇەن تازىققا بېرىپ 10 يىلدىن ئارتۇق تۇرغان،
ئۇ جۇڭگوغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئىككى دۆلەت خەلقىنىڭ
مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىغا پايدىلىق بولغان «ساياھەتنامە» دېگەن
ئەسەرنى يازغان. جۇڭگونىڭ مىلتىق دورىسى، كومپاس، قەغەزچىلىق
تېخنىكىسى ئالدى بىلەن ئەرەپلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ، ئاندىن

www.uyghurkitap.com

ئۇلار ئارقىلىق غەربكە تارالغان.

ئەرەپ مەدەنىيىتىنى ئەينى زاماندا ئىمپېرىيە ئىچىدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىرلىكتە ياراتقان، بۇ مەدەنىيەت شۇ زامانلاردا شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاسىيا، ئافرىقا ۋە ياۋروپاغا مۇھىم تەسىر كۆرسەتكەن.

**سىنىپىي كۈرەشنىڭ كەسكىنلىشىشى** خەلىپە دۆلىتىدە سىنىپىي زۇلۇم ناھايىتى قاتتىق بولغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە مىللىي زۇلۇم بىلەن دىنىي كەمسىتىش قوشۇلغانلىقتىن، كەڭ خەلق ئاممىسى ئادەتتىن تاشقىرى ئازاپ چېكىپ، فېوداللىق زۇلۇمغا قارشى ئۇلۇغ كۈرەشلەرنى ئېلىپ بارغان. ئابباسىلار سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن بېرى قوزغىلاڭلار ئارقا-ئارقىدىن بولۇپ تۇرغان، بىر يەردە پەسەيسە، يەنە بىر يەردە كۆچىيىپ، زادىلا توختاپ قالمىغان. بۇنداق قوزغىلاڭلار، كۆپ ھاللاردا، دىنىي تون بىلەن نىقاپلانسىمۇ، سىنىپلارنىڭ دىنىي مەزھەپلەر كۈرىشى شەكلى ئاستىدا ئېلىپ بارغان ھايات-ماماتلىق ئېلىشىشى ئىدى.

مىلادى 776 — 783 - يىللىرى ماۋەرەئۇننەھرىدە دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىغان، قوزغىلاڭچىلارنىڭ باشلىقى ھاشىم ئىبنى ھەكىم رەخت پاتلاش ئىشچىسى بولۇپ، نۇرغۇن قېتىم ھۆكۈمەتكە قارشى قوزغىلاڭغا قاتناشقانلىقى ئۈچۈن، ئۇزاق مۇددەت نەزەربەنت ئاستىغا ئېلىنغان. بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ خۇررامىت دىنىنى نىقاپ قىلىپ ئېلىپ بېرىلغان. خۇررامىت دىنى ئىسلام دىنىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇپ، سىنىپىي زۇلۇم ۋە تەڭسىزلىكنى جىن-ئالۋاستىلار پەيدا قىلغان دەپ قاراپ، خەلقنى بۇنىڭغا قارشى كۈرەشكە چاقىرىپ، يەرگە

ئومۇم ئىگىدارچىلىق قىلىشنى، ئومۇمى يۈزلۈك تەڭ-باراۋەر بولۇشنى، دۆلەتنىڭ باج-سېلىق ۋە ئالۋاڭ-ياساقلىرىنى بىكار قىلىشنى تەلەپ قىلغان. ھەكىن ئۆزىنى "مۇغەننا" يەنى پەرەنجىلىك ئادەم دەپ ئاتاپ ۋە يالغاندىن ئىلاھنىڭ نامايەندىسى قىلىپ كۆرسىتىپ، يۈزۈمدە نۇر بولغانلىقتىن باشقىلار يېقىن كېلىپ كۆرۈشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ، دەپ دائىم يېشىل پەرەنجى ئىشلەتكەنلىكتىن، بۇ قوزغىلاڭ مۇغەننا قوزغىلىڭى دەپ ئاتالغان. قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى فېئوداللارنىڭ يەرلىرىنى تارتىۋېلىپ دېھقانلارغا بەرگەن، ئەسكەر تەشكىللەپ ئۇرغۇن شەھەرلەرنى بېسىۋالغان، سەمەرقەنتكىمۇ بېسىپ كىرگەن. ئەرەب فېئوداللىرى ناھايىتى زور كۈچ سەرپ قىلىپ، ئاران دېگەندە قوزغىلاڭنى باستۇرغان.

816 — 837-يىللىرى بۇگۈنكى ئەزەربەيجان ۋە غەربىي ئىراندا باباق قوزغىلىڭى پارتلىغان. باباق قوزغىلىڭىمۇ خۇررامىت مەزھىبىنى تۇغ قىلىپ تۇرۇپ ئېلىپ بېرىلغان، بۇ قوزغىلاڭچىلارنىڭ باشلىقى يومشىشكىنىڭ كالىسىنى باققۇچى كەمبەغەل باباق ئىدى. ئۇ كۈچلۈك قوشۇن تەشكىللەپ، خەلىپىنىڭ قوشۇنىنى 3 قېتىم مەغلۇپ قىلىپ، ناھايىتى زور غەلىبە قازانغان. ئەمما قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ئىچىگە بىرمۇنچە فېئودالىلار سۇقۇنۇپ كىرىۋالغانلىقتىن، ئۇلار قوزغىلاڭنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا سۇنى لېيىتىپ بېلىق تۇتۇپ، قوزغىلاڭنىڭ غەلىبىسىدىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرىنىڭ مال-مۈلكىنى كۆپەيتكەن. ئۇلار كېيىن ۋەزىيەتنىڭ ئۆزلىرىگە پايدىسىز تەرەپكە قاراپ ئۆزگىرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىدىن يۈز ئۆرۈپ، خەلىپە قوشۇنىغا تەسلىم بولۇپ، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى لاگېرى ئىچىدە قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلغان. 837-يىلى

uyghurkitap.com

ئۇزاق مۇددەت كۈرەش قىلىش ئارقىسىدا قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ ئاساسىي كۈچى مەغلۇپ بولغان. فېوداللار باباقنى خائىنلىق قىلغانلىقتىن، ئۇ جازاغا تارتىلىپ، قاتتىق تاياق يەپ، ئاخىرى قۇربان بولغان.

869 ـ يىلى باسرادا ئىمپېرىيىنىڭ يۈرىگىنى مۇجىغان زەڭگىلەر زور قوزغىلىڭى پارتلىغان. شۇ چاغلاردا زانگىبار ئاراللىرىدىن سېتىۋېلىپ ئېلىپ كېلىنگەن نۇرغۇن ئافرىقا قۇللىرى ئېۋفرات دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىدا يىغىلىپ ئولتۇراقلىشىپ، سازلىقلارنى سۈيىنى چىقىرىۋېتىپ قۇرۇتقاپ، تېرىلغۇ يەر ئېچىپ، ئېغىر ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇلار رەھىمسىز ئېكسپىلاتاتسىيىگە چىداپ تۇرالماي، 869 ـ يىل 2 ـ ئايدا ئەلى ئىبنى مۇھەممەتنىڭ رەھبەرلىكىدە زەڭگىلەر قوزغىلىڭىنى قوزغىغان. مۇھەممەتنىڭ تەشەببۇسلىرى خاۋارجلار مەزھىپىنىڭ قاراشلىرىغا ئوخشاپراق كەتكەن، ئۇ دىيانەتسىز خەلىپىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى، ھەممە ئادەم ھوقۇقتا باراۋەر بولۇشنى، زەڭگى بولسىمۇ ئاق كۆڭۈل كىشىلەر خەلىپە بولۇشنى تەرغىب قىلغان. قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى تېزدىن ئۆلغىيىپ، بۇ قوشۇنغا قۇللار، نېگىر ئەسكەرلەر، كوچمەن چارۋىچى بەدەۋلەرنىڭ ھەممىسى قاتنىشىپ، 2 يۈز مىڭ كىشىگە يەتكەن. ئۇلار باسرا قاتارلىق شەھەرلەرنى بېسىۋېلىپ، ئىككى دەريانىڭ تۆۋەن ۋادىسىنى ئىشغال قىلىپ، پايتەخت باغداتقا تەھدىت سالغان، ھۆكۈمەت قوشۇنىنى بىرقانچە نۆۋەت مەغلۇپ قىلىپ، ناھايىتى زور غەلىبىگە ئېرىشكەن. لېكىن قوزغىلاڭچىلارنىڭ رەھبەرلىرى غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، ئايىنىپ ئۆزگىرىپ، كەڭ يەرلەرنى قولغا كىرگۈزۈپ، يېڭى پومېشچىكلارغا ئايلىنىپ، دېھقانلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە

قىلغان. قوزغىلاڭغا قاتناشقان قۇللار گەرچە ئەركىنلىككە ئېرىشكەن بولىسىمۇ، ئەمما قۇللۇق تۈزۈم بىكار قىلىنمىغان، بەزى جايلارنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، يەنە قۇل بولاش ئىشلىرى يۈز بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن قوزغىلاڭ قۇللار ۋە دېھقانلارنىڭ قوللىشىدىن ئايرىلىپ قالغان، قول ئاستىدىكىلەرنىڭ نىيىتى بوزۇلۇپ، ئەسكەرلەرنىڭ روھى چۈشۈپ كەتكەن، فېئوداللار بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، 883-يىلى قوزغىلاڭنى باستۇرغان.

9-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىراقتا كارامەتچىلەر ھەركىتى قوزغالغان. كارامەت مەزھىپى بىلەن شىئە مەزھىپىنىڭ بىر بىرىگە چېتىلىشلىق يەرلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ئەلى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىنىڭ يولباشچى بولۇشىنى ئېتىراپ قىلغان، ئىجتىمائى باراۋەرلىكنى، مال-مۈلۈك ئومۇملۇقىنى تەشەببۇس قىلغان. ئۇلارغا ئىراقلىق دېھقان ھەبىنىدان كارامەت دىگەن ئادەم يولباشچى بولغان. ئۇلار ئەڭ دەسلەپتە زەڭگىلەر قوزغىلىڭىغا قاتناشقان، قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىنمۇ، داۋاملىق كۈرەش قىلىۋەرگەن. 890-يىلدىكى بىرىنچى قېتىملىق قوزغىلاڭغا دېھقانلار ۋە كوچمەن چارۋىچى بەدۇئىلەر قاتناشقان. ئۇلار خەلىپە قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىپ، شىمالىدىكى نۇرغۇن يەرلەرنى ئىشغال قىلىپ، تەدرىجى كېڭىيىپ سۈرىيە قاتارلىق جايلارغىچە بارغان. ئۇلار بارىدا ھاكىمىيەت قۇرۇپ، كۈرەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرغان. 929-يىلى مەككىگە ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ، خەلىپە ھاكىمىيىتىگە ئۈزلۈكسىز تۈردە غايەت زور زەربە بەرگەن، نەتىجىدە خەلىپە ھاكىمىيىتىنىڭ ھالاك بولۇشى تېزلەشكەن.

**ئەرەپ ئىمپېرىيىسىنىڭ بولۇنۇشى** خەلىپە ھاكىمىيىتى خەلق

قوزغىلاڭلىرىنىڭ زەربىسى ئاستىدا بۇ يەرنى دەپ. ئۇيەردىن قۇرۇق قېلىپ، تازا رەسۋاسى چىقىپ، ناھايىتى تېزلا زاۋاللىققا قاراپ يۈز تۇتقان. جايلاردىكى فېئوداللار بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، مۇستەقىل بولۇۋالغان، بۇنىڭ بىلەن دۆلەت پارچىلانغان. 8-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىلا ئىسپانىيە بۆلۈنۈپ چىقىپ كەتكەن. 9-ئەسىرگە كەلگەندە تۇنىس، ماراكەش، مىسىر، سۈرىيە شۇنىڭدەك شەرقتىكى خۇراسان، ئىرانلاردا، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا نۇرغۇن كىچىك پادىشاھلىقلار بارلىققا كەلگەن، بۇلار شۇ يەرلەرنى ئۆز ئالدىغا ئىگىلىۋېلىپ، خەلىپىنىڭ كونتۇرول قىلىشىدىن قۇتۇلغان.

909-يىلى تۇنىس ئەتراپىدا فاتىمە سۇلالىسى (909—1171) قۇرۇلغان، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانى ئۆزىنى مۇھەممەتنىڭ قىزى فاتىمەنىڭ ئەۋلادى دەپ ئاتاپ، شىئە مەزھىپىگە ئېتىقات قىلىپ، خەلىپىلىك ھورمىتىگە ئىگە بولۇۋالغان. فاتىمە سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى شىمالىي ئافرىقىدىكى كۆچمەن چارۋىچى بەربەرلەرنىڭ ھەربىي كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، ھە دەپ سىرتقا قاراپ كېڭەيمىچىلىك قىلغان. 966-يىلى مىسىرنى ئىشغال قىلىپ، ئۇزاق ئۆتمەيلا پايتەختىنى مىسىرغا كۆچۈرۈپ، ھۆكۈمرانلىق مەركىزىنى مىسىرغا يۆتكىگەن. 10-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا سۈرىيە، پەلەستىن ۋە ھىجاز رايونلىرىنىمۇ ئىشغال قىلىپ، شىمالىي ئافرىقا ۋە غەربىي ئاسىيادىكى بىر چوڭ دۆلەتكە ئايلانغان. شۇ چاغدا، مىسىرنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى راۋاجلانغان، ئىقتىسادىي گۈللەنگەن ئىدى، شۇڭا ئۇ ۋىزانتىيە ۋە ئىتالىيەدىكى نۇرغۇن شەھەر، شۇنىڭدەك ھىندىستان ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش جايلار بىلەن بىرمۇنچە سودا ئالاقىسى ئورنىتىپ، بېرىش-كېلىش قىلىپ تۇراتتى.

ئەرەپ ئىمپېرىيىسىنىڭ خەلىپىسى ھوكۇمرانلىق قىلىدىغان جايلاردىن، 10-ئەسىردىن كېيىن، ئەمەلىيەتتە پەقەت باغداتنى مەركەز قىلغان ئىككى دەريا ۋادىسى ئەتراپىدىكى جايلارلا قالغان، تەسىر دائىرىسىمۇ تارىيىپ كەتكەن ئىدى. خەلىپە ئۆزىنىڭ ئورنىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن تۈركلەرنى چاقىرىپ كېلىپ مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنىنى تەشكىل قىلغان بولسىمۇ، ئەمما شۇ زامات مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنىدىكى سەركەردىلەرنىڭ كونتۇرول قىلىشى ئاستىدا قېلىپ، قىلىچە ئەمەلىي ھوقۇقى يوق قورچاققا ئايلىنىپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ مەمۇرى ھوقۇقلىرىدىن بارغانسېرى ئايرىلىپ، پەقەت دىنىي جەھەتتىكى ئابرويىنىلا ساقلاپ قالغان. 1258-يىلىغا كەلگەندە، موڭغۇل قوشۇنى باغداتنى بېسىۋېلىپ، خەلىپىنى ئۆلتۈرگەن، ئەرەپ ئىمپېرىيىسى ئاخىر بېرىپ ھالاك بولۇپ تۈگەشكەن.

www.uyghurkitap.com

## ئونىنچى باپ

# تۈركلەر ۋە موڭغۇللارنىڭ فېودال دولەتلىرى

تۈركلەر بىلەن موڭغۇللار ئەسلىدە ئېلىمىز زېمىنىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى كەڭ يايلاقلاردا ياشايدىغان كوچمەن چارۋىچى مىللەتلەر ئىدى، بۇلار بۇرۇندىنلا ئىچكى ئۆلكىلەردىكى خەنزۇلار بىلەن باردى-كەلدى قىلىپ تۇرغان ھەمدە خەنزۇلاردىن ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى قوبۇل قىلىپ، كۈندىن-كۈنگە گۈللىنىپ كەلگەن ئىدى. ئۇلار ئىلگىر-ئاخىر بولۇپ شەرقىي ئاسىيا يايلاقلىرىدىن غەرپكە قاراپ كېڭىيىپ، ئاسىيا، ئافرىقا ۋە ياۋروپادىكى كەڭ جايلارنى كېسىپ ئۆتۈپ، نۇرغۇن جايلارنى ئىستىلا قىلىپ، ناھايىتى چوڭ دولەتلەرنى قۇرغان ئىدى. ئىلغار رايونلارنىڭ تەسىرى ئاستىدا، تېزدىنلا باشلانغۇچ جەمئىيەتتىن فېوداللىق جەمئىيەتكە ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلاردا يەنە كوچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى، ئۇرۇقلارنىڭ قانداشلىق مۇناسىۋەتلىرى خېلى ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە ساقلىنىپ كەلگەن ئىدى.

موڭغۇل فېودallىرى 13-ئەسىردە كېڭەيمىچىلىك تاجاۋۇزچىلىقىنى ئېلىپ بېرىپ، ئەينى زاماندا ئاسىيا ۋە ياۋروپا قۇرۇقلۇغىدىكى كوپلىگەن مەدەنى دولەتلەرنى ئىستىلا قىلىپ، ناھايىتى زور

ۋەيرانچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىدى. شۇنىڭدەك زېمىندا ئىجتىمائىي ئىگىلىكنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى بىردەك بولمىغان، مىللەتلەر مۇرەككەپ بولغان ھەمدە تۈلارنىڭ بىرلىككە كەلگەن ئىقتىسادىي ئاساسىمۇ بولمىغان ئىدى. موڭغۇل فېئوداللىرى دەھشەتلىك قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈپ تالان-تاراج قىلغانلىقى ئۈچۈن، سىنىپىي زىددىيەت، مىللىي زىددىيەتلەر ئىنتايىن ئۆتكۈرلىشىپ، خەلق توختىماي قارشىلىق كۆرسىتىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، موڭغۇل ئىمپېرىيىسى غىل-پال كۆرۈنۈپلا كۆزدىن غايىپ بولۇپ، ناھايىتى تېزلا پارچىلىنىپ يىمىرىلگەن.

تۈركلەر ئوتتۇرا ۋە غەربىي ئاسىيا قاتارلىق جايلاردا بەزى دۆلەتلەرنى قۇرغان، بۇنىڭ بىر تارمىقى كىچىك ئاسىيادىكى يەرلىك مىللەتلەر بىلەن ئۇزاقىچە سىڭىشىپ كېتىپ، تەدرىجىي ھالدا تۈرك مىللىتى بارلىققا كەلگەن. ئوسمانلى تۈركلىرىمۇ 14-ئەسىردىن باشلاپ كۈچىيىپ، ئىككى ئەسىر داۋامىدىكى تەرەققىيات جەريانىنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، ئاسىيا، ئافرىقا، ياۋروپانى كېسىپ ئۆتىدىغان دېلىتدا چوڭ ئىمپېرىيە بولۇپ قۇرۇلۇپ، تارىختا تەسىر پەيدا قىلغان. يېقىنقى زامان ياۋروپا كاپىتالىستىك ئەللىرى كۈچەيگەن دەۋرگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، كۈندىن-كۈنگە ئارقىدا قېلىپ ۋە چىرىكلىشىپ، مۇستەملىكىچىلەرنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ بولۇشۇۋېلىش ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالغان.

www.uyghurkitap.com

# 1-بۆلۈم تۈركلەر دۆلىتى

**جۇڭگو تارىخىدىكى تۈركلەر** تۈركلەر ئاخىرقى قەدىمقى زاماندا ئېلىمىزنىڭ شىمالىدا ياشىغان كوچمەن چارۋىچى قەبىلىلەرنىڭ بىرى. 5-ئەسىردە، تەخمىنەن تيانشان تاغلىرى بىلەن ئالتاي تاغلىرى ئارىلىقىدىكى جايلاردا ياشايتتى. يېزىپ قالدۇرۇلغان تارىخىي خاتىرىلەردە: ئۇلار "چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى، سۇلۇق جاي، ئوت-چۆپلۈك يايلاقلارنى ئىزدەپ كوچۈپ يۈرەتتى"، "يېزىقى يوق ئىدى، ياغاچلارغا بەلگە ئويۇپ خاتىرىلەيتتى، ئاينىڭ ئاخىرلىرى سىرتقا چىقىپ بولاڭچىلىق قىلاتتى"، "ئاتىسى-ئاكىسى ئۆلۈپ كەتسە، ئوغۇللىرى ئۆگەي ئانىلىرىنى، ئىنىلىرى يەڭگىلىرىنى خوتۇنلۇققا ئالاتتى" دېيىلگەن. بەلكىم، ئۇلار باشلانغۇچ جەمئىيەتنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا تۇرغان بولسا كېرەك. تۈركلەر ھەمىشە جۇڭگونىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىگە ئۈشتۈمتۇت تاجاۋۇز قىلىپ تۇراتتى، شۇنىڭدەك جۇڭگونىڭ ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى قوبۇل قىلىپ، پەيدىن-پەي تەسىر كۆچەيتىپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە باشقا قەبىلىلەرنى يۇتۇپ تۇراتتى. 6-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، تۈركلەر ئاۋال شىمالىي جۇ پادىشاھلىقى بىلەن بىرلىشىپ، چۆل-دەشتنىڭ شىمالىنى سورىغان جوجانلارنى① يوقىتىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئىراندىكى

---

① جوجانلار دۆلىتىمىزنىڭ تارىخىي كىتابلىرىدا رو-رو دەپمۇ ئاتىلىدۇ، 4-5-ئەسىرلەردە تيانشان تاغلىرىدىن شىڭئەنلىڭ تاغلىرىغىچە بولغان كەڭ زېمىندا كوچۈپ يۈرەتتى. نۇرغۇن قېتىم شىمالىي ۋېي پادىشاھلىقى بىلەن جەڭ

ساسانىلار سۇلالىسى بىلەن بىرلىشىپ، ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىشغال قىلىپ تۇرغان ئېفتالىتلار دۆلىتىنى ئېلىپ، ئاسىيانىڭ شىمالىي قىسمىنى ئوتتۇرىدىن كېسىپ ئۆتكەن چوڭ دۆلەتكە ئايلانغان ئىدى، ئۇنىڭ زېمىنى شەرقتە لياۋخې دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمى، غەربتە كاسپىي دېڭىزى، شىمالدا بايقال كۆلى، جەنۇبتا چىڭخەيگىچە يېتىپ بارغان ئىدى. تۈركلەر ئەينى زاماندا ئىران ۋە شەرقىي رىم بىلەن سودا جەھەتتە بېرىش-كېلىش قىلىپ تۇراتتى.

تۈرك دۆلىتىنىڭ باشلىقى خاقان دەپ ئاتىلاتتى، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى بىرمۇنچە ئۇرۇق ئاقسۆڭەكلىرى كېڭەيمىچىلىك قىلىش جەريانىدا كەڭ يەرلەر (ئوتلاقلار)، چارۋىلار ۋە قۇللارنى قولغا كىرگۈزۈپ، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپقا ئايلانغان ئىدى. كەڭ چارۋىچىلار يەنىلا ئۇرۇق، قەبىلىلەرنى ئاساسىي بىرلىك قىلغان ھالدا چارۋا باقاتتى، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى كۈندىن-كۈنگە نامراتلىشىشقا يۈزلىنىپ، ئورنى تۆۋەنلىگەن ئىدى. بارلىق ئەركىن چارۋىچىلارنىڭ ھەممىسى جەڭچى ھېسابلىناتتى، ئۇلار ئۇرۇقلار بويىچە قوشۇن بولۇپ تەشكىللىنىپ، خاقان بىللە جەڭگە ئاتلىناتتى. تۈرك خاقانلىقىنىڭ زېمىنى كەڭ، ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى تەكشى ئەمەس ئىدى، بۇ خاقانلىقنىڭ شەرقىي قىسمى قۇملۇق، سەھرا بولۇپ، بۇ جايدا ياشايدىغانلارنىڭ تولىسى كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر ئىدى، غەربىي قىسمى مەملىكىتىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونى

قىلغان ئىدى. 6-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، تۈركلەر بىلەن جۇ پادىشاھلىقى ئۇلارنى يوقاتقان، ئۇنىڭ غەربكە كۆچكەن بىر قىسمى ياۋروپا تارىخىدا ئاۋارلار دەپ ئاتىلىدۇ.

ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئەتراپلىرىدىكى جايلار بولۇپ، بۇ جايلاردا يېزا ئىگىلىكى ۋە قول سانائەت بىرقەدەر راۋاجلانغان ئىدى. بۇ جايلاردا تىلى، ئۆرپ-ئادەتلىرى بىر-بىرىگە ئوخشاشمايدىغان نۇرغۇن قەبىلىلەر ياشايتتى. تۈرك ھۆكۈمرانلار سىنىپى قەبىلىلەردىن ئالۋاڭ-ياساق ئېلىپ، ئۇلارنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلاتتى. بىرلىككە كەلگەن ئىقتىسادىي ئاساسى كەمچىل بولغان بۇنداق دۆلەتنىڭ ئۇزاق مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكى تەبىئىي ئىدى. 6-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، پادىشا سۈي ۋېندى تۈركلەرنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، تۈركلەر ئاستا-ئاستا شەرقىي تۈرك ۋە غەربىي تۈرك دېگەن ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتكەن، شەرقىي تۈركلەر موڭغۇلىيىنى مەركەز قىلغان ھالدا موڭغۇلىيە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارغا جايلاشقان، غەربىي تۈركلەر شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانى مەركەز قىلغان ھالدا شۇ ئەتراپتىكى جايلارغا جايلاشقان.

تۈركلەر شەرقىي تۈرك ۋە غەربىي تۈرككە بۆلۈنۈپ كەتكەندىن كېيىن، دۆلەت ئىچىدە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرەشلىرى ئەۋج ئالغان، ھۆكۈمرانلار سىنىپى ئىچىدىمۇ كونا ئۇرۇق ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن يېڭىدىن باش كۆتۈرۈپ چىققان تۇردىلەر ئوتتۇرىسىدا جېدەل-ماجىرا بولغان شۇنىڭدەك خانلىق تەختكە ۋارىسلىق قىلىش ئۈستىدە تالاش-تارتىش يۈز بەرگەن، شۇنىڭ بىلەن بارا-بارا ئاجىزلىشىپ كەتكەن. سۈي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرى ۋە تاڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا، تۈركلەرنىڭ تەسىرى يەنە كۈچەيگەن، شەرقىي تۈرك خانلىغىنىڭ قولىدا تۇتۇپ تۇرغان ئەسكىرى بىر مىليوندىن ئېشىپ كەتكەن. تاڭ سۇلالىسى ئۈچۈن ئېغىر تەھدىت بولۇپ قالغان. غەربىي تۈركلەرمۇ ناھايىتى كۈچەيگەن، جۇڭگو

راھىبى شۈەن جۇاڭ 628 ـ يىلى سۇياب شەھىرىدە (ھازىرقى سوۋېت ئىتتىپاقى قازاقىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتىدىكى چۇي دەرياسى ۋادىسىدا) غەربىي تۈرك خانى يابغۇ خاقاننى كورگەنىدە، ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ كورۇنۇشى ھەيۋەتلىك "توگىلىك ۋە ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىڭ سانىنى بىلگىلى بولمايدۇ" دىگەن. شۇ چاغلاردا، سەمەرقەنت، تالاس قاتارلىق شەھەرلەردە سودا ـ سانائەت گۈللەنگەن، جۇڭگو، ھىندىستان بىلەن سودا يۈزىسىدىن بېرىش ـ كېلىش ناھايىتى كوپ بولغان.

تۈركلەر ئۇزغۇن قېتىم ھۇجۇم قىلغانلىقتىن، تاڭ تەيزۇڭ ئەسكەر چىقىرىپ تۈركلەرگە زەربە بېرىپ، 630 ـ يىلى شەرقىي تۈركلەرنى يوقاتقان، 659 ـ يىلىغا كەلگەندە غەربىي تۈركلەرمۇ تاڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن ھالاك قىلىنغان. تاڭ ئىمپېرىيىسى تۈركلەرنىڭ جايلىرىدا ئايماق مەھكىمىسى تەسىس قىلغان، شۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيامۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ زىمىنى ئىچىگە كىرىپ كەتكەن.

**سەلجۇق تۈرك دولىتى** تاڭ سۇلالىسى تۈركلەرنى يوقاتقاندىن كېيىن، ئۇزغۇن تۈرك قەبىلىلىرى يەنىلا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كوچمەن چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈپ يۈرگەن. مىلادى 1000 ـ يىلى ئۆپچۆرىسىدە، بۇلارنىڭ بىر تارمىقى بولغان سەلجۇق تۈركلىرى ئاقساقالى سەلجۇقنىڭ رەھبەرلىكىدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالى يايلاقلىرىدىن سىر دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ۋادىسىغا كوچۈپ كېلىپ، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان، ئارىدىن ئۇزاق ئوتمەيلا خۇراسانغا بېسىپ كىرگەن. سەلجۇق دەسلەپتە ئافغانىستان قاتارلىق جايلارنى بېسىۋالغان غەزنىۋى (962 — 1186) سۇلالىسىگە بوي سۇنۇپ تۇرغان. 1040 ـ يىلى ئاقساقال توغرۇلبەك ئەسكەر

www.uyghurkitap.com

باشلاپ كېلىپ غەزنىۋىلەرنى مەغلۇپ قىلىپ، ئەسىرىي كۆچىنى ئىراننىڭ غەربىي تەرىپىگە قاراپ كېڭەيتكەن.

1055-يىلى تۇغرۇلبەگ باغداتقا بېسىپ كىرىپ، خەلىپىنى سۇلتان ئۇنۋانىنى بېرىشكە مەجبۇر قىلغان. كېيىن سەلجۇقلار غەربىي تەرەپتىكى ۋىزانتىيە بىلەن توقۇنۇشۇپ قالغان، 1071-يىلى قان كۆلىنىڭ شىمالىدىكى مەشئەت جېڭىدە ۋىزانتىيە قوشۇنىنى قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىپ، پادىشانى ئەسىر ئالغان، كىچىك ئاسىيانى ئىشغال قىلىپ، ئەسىرىي كۆچىنى ناھايىتى ئۇلغايتقان، ئۇنىڭ زېمىنى شەرقتە ھىندۇقۇش تاغلىرىغىچە، غەربتە ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىي قىرغاقلىرىغىچە سوزۇلغان. شۇنىڭ بىلەن ئەينى زاماندا ئاسىيانىڭ غەربىدىكى چوڭ فېئوداللىق دۆلەتكە ئايلانغان.

سەلجۇقلار دۆلىتى تۈرك ھەربىي ئاقسۆڭەكلىرىگە تايىنىپ ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، كەڭ كولەمدىكى يەرلەرنى ھەربىي خىزمەت ئۆتەش شەرتى بىلەن ئۇلارغا ھەدىيە (ئىقتار) قىلىپ بەرگەن. ئىقتارچىلار ئۆزىگە قاراشلىق يەرنى تېرىيدىغان خەلقتىن باج-سېلىق ئېلىپ، ئۇلارنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلغان. چوڭ فېئوداللار تېخىمۇ كەڭ جايلارنى ئىگىلەپ، مەمۇرى ھوقۇققا ئىگە بولۇۋېلىپ، بىر قىسىم جايلارنى ئۆزىگە قارىتىپلا، خۇددى مۇستەقىل دۆلەتتەك بولۇۋالغان.

سۇلتان مالىك (1072—1092) تىن بۇرۇن، سەلجۇقلار دۆلىتىنىڭ مەركىزى خۇراساندا بولغان، سۇلتان مالىك ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا، مەركەزنى ئاندىن باغداتقا يۆتكىگەن. بۇ چاغدا ئىران فېئوداللىرىنىڭ كۈچى ھۆكۈمرانلار سېپىدە بارغانسېرى ئۇلغايغان، خۇراسانلىق ۋەزىر مۇلك مالىكنىڭ تايىنىدىغان ئادىمى بولۇپ قالغان. سەلجۇقلار دۆلىتى شۇ چاغلاردا ئىنتايىن گۈللەنگەن،

سۇ قۇرۇلۇشلىرىمۇ كۆپلەپ ياسالغان. يوللارمۇ رەتلىك-تەكشى ياسالغان، سودا كارۋانلىرىنىڭ قاتناپ تۇرۇشى كاپالەتكە ئىگە بولغان. باغدات قاتارلىق جايلارنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىمۇ راۋاجلانغان، مەكتەپلەر سېلىنغان، ئىسلام دىنىنىڭ كلاسسىك ئەسەرلىرى تەتقىق قىلىنغان.

مالىك ئۆلگەندىن كېيىن، ھۆكۈمرانلار سىنىپى ئوتتۇرىسىدا ئىچكى جاڭجال پەيدا بولۇپ، سەلجۇقلار دۆلىتى پارچىلانغان، كىچىك ئاسىيا رۇم سۇلتانلىق دۆلىتى بولۇپ قالغان، شەرقىي قىسمىدا، 12—13-ئەسىر ئارىلىقىدا خارەزىملەر باش كۆتۈرۈپ، ئىران ۋە ئافغانىستان قاتارلىق جايلارنى بېسىۋالغان، ئىككى دەريا ۋادىسى ئەتراپىدىكى جايلارنىمۇ ئۇششاق دۆلەتلەر تەقسىم قىلىۋېلىپ، بىر بىرىگە قارشى تۇرۇش قىلغان، نەتىجىدە بىرلىككە كەلگەن دۆلەت بارا-بارا پارچىلانغان.

**ئەھلى سەلىپنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى كۆرەش** سەلجۇقى تۈرك دۆلىتى پارچىلىنىشقا قاراپ ماڭغاندىن كېيىن، غەرب فېئوداللىرى ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىي قىرغاقلىرى ئەتراپىدىكى جايلارغا تاجاۋۇزچىلىق خاراكتېرىنى ئالغان ئەھلى سەلىپنىڭ① يۈرۈش قىلىشىنى باشلىغان. غەربىي ياۋروپا فېئوداللىرى 1095-يىلىدىن باشلاپ، توپ-توپ بولۇپ كېلىپ شەھەرلەرگە ھۇجۇم قىلغان، ئاھالىنى قىرىپ چاپقان ۋە بۇلاپ-تالىغان. 1099-يىلى يېرۇسالېم مۇنقەرز بولۇپ، نۇرغۇن ئاھالە قىرىلغان، شەھەرلەر تالان-تاراج قىلىنىپ،

① ئەھلى سەلىپ توغرىسىدا مۇشۇ كىتابنىڭ ئون بىرىنچى بابى، 3-بۆلۈمگە قارالسۇن.

قۇپ-قۇرۇق بولۇپ قالغان. بۇ ۋەقە تارىختا كوزگە كورۇنەرلىك چوڭ قىرغىنچىلىق ۋەقەسى بولۇپ قالغان. بۇ ھەقتىكى خەۋەر باغدات سۇلتانى ۋە خەلىپىسىگە يېتىپ بارغان بولسىمۇ، ئەمما پارچىلىنىپ كەتكەن سەلجۇقلار دولىتى بىردەك ھەركەتكە كېلەلمىگەنلىكتىن، قەتئىي قايتۇرما زەربە بېرەلمىگەن، نەتىجىدە ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىي قىرغاقلىرى ئەتراپىدىكى جايلارنى بارا-بارا ئەھلى سەلىپ قوشۇنى ئىشغال قىلىۋالغان.

1127-يىلدىن باشلاپ سەلجۇقلاردىن بولغان شەنكى مۇسۇلنىڭ باش ۋالىسى بولغاندىن كېيىن، كۈندىن-كۈنگە كۈچىيىپ، ئىككى دەريا ۋادىسىنى ۋە سۈرىيىنىڭ كوپ قىسمىنى بېسىۋالغان. 1144-يىلى، شەنكى ئەسكەر باشلاپ چىقىپ، ئەھلى سەلىپ قوشۇنى بېسىۋالغان ئېدېسسا شەھىرىنى ئېلىپ، ھۇجۇم ئوتىنى ئېدېسسا كىنەزلىكىنىڭ پۈتۈن زېمىنىغا تۇتاشتۇرغان. كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى داۋاملىق ئەسكەر باشلاپ يۈرۈپ، ئەھلى سەلىپ قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئىستىلا قىلىنغان جايلارنى قايتۇرۇۋالغان.

1171-يىلى سۈرىيىدىكى كۈردلاردىن بولغان سالائىددىن مىسىر فاتىمە سۇلالىسىنىڭ خەلىپىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، دىنىي ئېتىقادىنى سۈننىي مەزھىپىگە ئۆزگەرتىپ، باغدات خەلىپىسىنى دىنىي يولباشچى قىلىپ، ئۆزىنى سۇلتان دەپ ئاتىغان، شۇنىڭ بىلەن مىسىردا ئايۇپ سۇلالىسى (1171—1250) باشلانغان. سالائىددىن (1171—1192) ھەرقايسى جايلارنى قورال كۈچى بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈپ، سۈرىيە، دەمەشقنى، ئىككى دەريا ۋادىسىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى جايلارنى ئىگىلىگەن، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەھلى سەلىپ قوشۇنىغا قارشى كۈرەش قىلغان. سالائىددىن قوشۇنى 1187-

يىلى تەيبارى كۆلىنىڭ بويىدا ئەھلى سەلىپ قوشۇنىنى قاتتىق مەغلۇپ قىلىپ، دېڭىز بويىلىرىدىكى نۇرغۇن شەھەرلەرنى ۋە ئېرۇسالېمنى قايتۇرۇۋالغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يەنە ئەھلى سەلىپ قوشۇنىنىڭ 4-قېتىملىق ھۇجۇمىغا زەربە بېرىشكە قوماندانلىق قىلىپ، ئۇلارنى بىرقانچە قېتىم مەغلۇپ قىلغان.

شەرق خەلقى ئەھلى سەلىپ قوشۇنىنىڭ تاجاۋۇزىغا قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىپ، ئىجارە-سېلىق تۆلەشكە قارشى تۇرۇپ، خوجىلارنى ئۆلتۈرۈپ، قوشۇن تۈزۈپ تەشكىللىنىپ، نۇرغۇن قېتىم قوزغىلاڭ كۆتەرگەن. ئەھلى سەلىپ قوشۇنى خەلقنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشى بىلەن ھەممە جايدا دۇچ كېلىپ، بىر قەدەممۇ ئىلگىرى باسالمىغان. ئەھلى سەلىپ قوشۇنى 6-قېتىم مىسىرغا ھۇجۇم قىلىپ قاتتىق مەغلۇپ بولغان، ئەھلى سەلىپ قوشۇنىنىڭ قوماندانى بولغان فرانسىيە پادىشاسىمۇ ئەسىرگە چۈشكەن. 1291-يىلىغا كەلگەندە ئەھلى سەلىپ قوشۇنى ئاخىرقى مىساپىتا شەرقتىن قوغلاپ چىقىرىلغان.

## 2-بۆلۈم موڭغۇل ئىمپېرىيىسى

**موڭغۇل دۆلىتىنىڭ باش كۆتىرىشى** موڭغۇللار مەملىكىتىمىزدىكى قېرىنداش مىللەتلەردىن بىرى، 12-ئەسىردە، دۆلىتىمىزنىڭ سەددىچىن سېپىلىنىڭ شىمالى، بايقال كۆلىنىڭ جەنۇبى، شەرق تەرەپتە چوڭ شىنئەنلىڭ، غەرب تەرەپتە ئالتاي تاغلىرىغىچە بولغان كەڭ كەتكەن يەرلەرگە نۇرغۇن موڭغۇل قەبىلىلىرى جايلاشقان. شۇ

چاغدا موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ تەرەققىياتى تەكشى ئەمەس ئىدى، ئەمما ئومۇمەن باشلانغۇچ جەمئىيەتتە كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرەتتى. كالا، قوي، ئات قاتارلىق چارۋىلار كوللېكتىپنىڭ مۈلكى ھېساپلىنىپ ئومۇملاشتۇرۇپ بېقىلاتتى. چارۋا مال باقىدىغان ئاساسىي بىرلىك قورو (موڭغۇلچە دائىرە دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتىلاتتى، مىڭ ئەتراپىدىكى كىگىز ئۆيگە قەبىلە باشلىقلىرى رەھبەرلىك قىلاتتى. قونالغۇدا كىگىز ئۆيلەرنى يۇمىلاق قىلىپ تىكەتتى.

موڭغۇللار ئوتتۇرا جۇڭگو تۈزلەڭلىكىنىڭ شىمالىدىكى جايلاردا ياشىغانلىقى ئۈچۈن، دائىم يۆلەك-تىرە، چارۋىلارنى خەنزۇلار بىلەن ئالماشتۇرۇپ، خەنزۇلارنىڭ ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى قوبۇل قىلغان ئىدى. 12-ئەسىرنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدىن باشلاپ، تۆمۈر قوراللارنى بارغانسېرى كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىدىغان، ھەر خىل ئۇرۇش قوراللىرىنى ۋە چارۋا مال بېقىشقا كېرەكلىك بۇيۇملارنى ياسىيالايدىغان بولغان. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، باشلانغۇچ جامائە تۈزۈمى تەدرىجىي پارچىلىنىپ، باي ئائىلىلەر پەيدا بولغان، ئۇلار قورودىن ئايرىلىپ چىقىپ، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل چارۋا مال باقىدىغان بولغان. قەبىلە باشلىقلىرى (خان) ۋە ئاقسۆڭەكلەر (نويان) نۇرغۇن چارۋا مال، مال-مۈلۈك ۋە قۇللارنى قولغا كىرگۈزۈپ، بارغانسېرى باي بولۇپ كەتكەن. قەبىلىلەرنىڭ ياپىلاقلىرى، سۇ مەنبەلىرىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ئۆز قولىغا كىرگۈزۈپ، ئادەتتىكى قەبىلە ئەزالىرىنى (ناراد) قۇل قىلىپ، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغان.

خان ۋە نويانلارنىڭ ئەتراپىدا بىر تۈركۈم مۇھاپىزەتچى قوشۇن-

لار (نەۋكەرلەر) پەيدا بولغان. ئۇلار ئىشلەپچىقىرىشقا قاتناشماي، ئۇرۇش قىلىشنى كەسىپ قىلىۋالغان، قەبىلە باشلىقلىرى بىلەن بىللە جەڭگە چىقىپ، ئۇلارنىڭ قوماندانلىقىغا بوي سۇنۇپ، بولاڭ-تالاڭ قىلغان ھەمدە ئاددىي چارۋىچىلارنىڭ قارشىلىقىنى باستۇرغان. نويانلار نەۋكەرلەرنىڭ قوراللىق كۈچىگە تايىنىپ، ئۆز كۈچىنى كۈندىن-كۈنگە ئۇلغايتقان، ئۇلار سۈلۈق، ئوت-چۆپلۈك جايلارنى، يايلاقلارنى تارتىۋېلىش غەرىزىدە توختىماي ئۇرۇش قىلىپ تۇرغان، شۇنىڭدەك "ئالەمنى پاراكەندە قىلىپ، ئۆزئارا ھۇجۇم قىلىشىپ، كىشىلەرنى ئارام تاپتۇرمىغان". 12-ئەسىرنىڭ باشلىرى، 13-ئەسىرنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا بىرلىككە كېلىش موڭغۇل قەبىلىلىرى ئۈچۈن ئىنتايىن جىددىي مەسىلە بولۇپ قالغان.

بىرلىككە كەلگەن موڭغۇل دۆلىتىنى قۇرۇش جەريانىدا، چىڭگىزخان (1162—1227) مۇھىم رول ئوينىغان. چىڭگىزخاننىڭ ئەسلى ئىسمى تېمىرچىن ئىدى، ئۇ قەبىلە ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. چىڭگىزخاننىڭ ئاتىسى ئۆلگەندىن كېيىن، قەبىلە ئەزالىرى پىتىراپ كەتكەن، چىڭگىزخان ئۆزىنى كېرەي قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئوڭ خاننىڭ قويىنىغا ئاتقان، ھەممىدىن ئاۋال ئوڭ خان بىلەن بىرلىشىپ، شۇ چاغدا تەسىر كۈچى ناھايىتى كۈچلۈك بولغان جامۇخا قەبىلىسىنى مەغلۇپ قىلغان، ئۇنىڭدىن كېيىن ئوڭ خاننىمۇ يەڭگەن، ئەڭ ئاخىرىدا شۇ چاغدىكى موڭغۇللار ئىچىدە بىرقەدەر ئىلغار نايمان قەبىلىسىنى تارمار قىلىپ، موڭغۇلىيىنى بىرلىككە كەلتۈرگەن.

1206-يىلى موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ باشلىقلىرى ئونون دەرياسىنىڭ ياقىسىدا يىغىلىش قىلىپ، تېمىرچىننى ئۇلۇغ خاقان قىلىپ سايلاپ، چىڭگىزخان دەپ ئاتىغان. شۇنىڭ بىلەن بىرلىككە كەلگەن

موڭغۇل دۆلىتى بارلىققا كەلگەن.

موڭغۇل شۇ چاغدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدىغان فېئوداللىق دۆلەت ئىدى، پۈتۈن خەلقى جاگۇن (يۈز بېشى)، مىڭگەن (مىڭ بېشى)، تۈمەن دېگەنگە ئوخشاش تارماقلارغا بۆلۈنەتتى، بۇرۇنقى قەبىلە باشلىقلىرى مىڭگەن، تۈمەن بولاتتى، بۇ ئەمەللەر مىراس بولۇپ قالاتتى. بۇ مەمۇرى تەشكىللەر ئەينى زاماندا يەنە ھەربى تەشكىل بولۇپ، قورامىغا يەتكەن بارلىق ئەرلەرنىڭ ھەممىسى ھەربى خىزمەت ئۆتەيتتى، جەڭگە قاتنىشاتتى، ئەسكەرلىرىنىڭ ئومۇمى سانى يۈز مىڭدىن ئاشاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، چىڭگىزخان يەنە قاۋۇل-بەستلىك ياشلارنى تاللىۋېلىپ، ئۆزىنى مۇھاپىزەت قىلغۇچى قوشۇن (كېشىگ) تەشكىل قىلغان ئىدى، بۇ ئەسكەرلەرنىڭ سانى 10 مىڭ بولۇپ، ناھايىتى خىل قوشۇن ئىدى.

چىڭگىزخان ئەدلىيە ئورگانلىرىنىمۇ قۇرۇپ، جارغۇ (ئىش باشقۇرۇش ئەمەلدارلىرى) تەسىس قىلىپ، موڭغۇللارنىڭ ئادەت قانۇنى (جاساق)نى خاتىرىلەشكە باشلاپ، ئۇنى قانۇن قىلغان. جاساقتا خاننىڭ نوپۇزى تەڭداشسىز قىلىپ بەلگىلەنگەن، نويانلارمۇ خانغا باش ئېگىپ بويسۇنۇشى شەرت بولغان. خۇسۇسى مۈلۈكمۇ قاتتىق ھىمايە قىلىنغان، قاچقان قۇللارنى ھەمدە ئەسىرلەرنى يوشۇرغانلارغا، چوڭ ئوغرى-بۇلاڭچىلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، دىنىي ئىشلارنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدارلارنىمۇ قويغان ھەمدە ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىقىدىن پايدىلىنىپ، ھەر خىل ئىشلارنى خاتىرىلىگەن.

**موڭغۇل دۆلىتىنىڭ كېڭەيمىچىلىكى** چىڭگىزخان موڭغۇللار-

نى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، كەڭ كولەملىك تاجاۋۇزچىلىق خاراكتېرىدىكى يىراقتا يۈرۈش قىلىشنى باشلىغان. 1209-يىلى موڭغۇل قوشۇنى گەنسۇ ئەتراپىدا قۇرۇلغان غەربىي شيا① (تاڭغۇت) پادىشاھلىقىنى مەغلۇپ قىلغان، 1211-يىلى خۇاڭخې دەرياسى ۋادىسىدىكى ئالتان خانلىقىغا ھۇجۇم قىلىپ، سەنشى، خېبېي، شەندۇڭ قاتارلىق جايلارنى بېسىۋالغان. مۇشۇ قېتىمدىكى ئۇرۇشتا، موڭغۇللار خەنزۇلارنىڭ ھەربىي تېخنىكىسىنى ئۆگەنگەن ھەمدە خەنزۇ ئۇستىكارلارنى تۇتۇپ كېلىپ توپ ياساپ، جەڭگىۋارلىقىنى تېخىمۇ ئۇستۇرگەن. 1219-يىلى چىڭگىزخان ئىككى يۈز مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ ئوتتۇرا ئاسىياغا بېسىپ كىرىپ، خارەزىمگە تاجاۋۇز قىلغان. خارەزىم، شۇ چاغدا، بىر چوڭ دولەت بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا، ئافغانىستان، شۇنىڭدەك ئىران قاتارلىق جايلارنى ئىگىلەپ تۇراتتى، سودا ئىشلىرى تەرەققى تاپقان، بايلىقىمۇ مول ئىدى. بۇ دولەتنىڭ ھوكۇمرانلار سىنىپى ئەسكىرىي كۈچلەرنى توپلاپ ئاقابىل تۇرۇشقا جۈرئەت قىلالماي، پەقەت ئەسكەرلەرنى تارقىتىپ شەھەرلەرنىلا قوغداپ، پاسسىپ مۇداپىئەدە تۇرغان. موڭغۇل قوشۇنى ئالدى بىلەن سەمەرقەنتنى بېسىۋېلىپ، قاتتىق خانىۋەيران قىلىۋەتكەن، "شەھەردە دائىمى ئولتۇرۇشلۇق ئائىلىنىڭ سانى يۈز مىڭدىن ئارتۇق بولسىمۇ. ئەمما دولەت خانىۋەي-

① غەربىي شيا — مەملىكىتىمىزدىكى چياڭزۇ مىللىتىنىڭ بىر تارمىقى بولغان تاڭغۇتلار 11-ئەسىردە قۇرغان دولەت، بۇ دولەت نىڭشيا، گەنسۇ ئەتراپىدىكى جايلارنى ئىگىلىگەن. ئۇنىڭ ئاھالىسى تاڭغۇت، خەنزۇ، تۈبۈت (تىبەن)، خۈيزۇ قاتارلىق مىللەتلەر ئىدى. بۇ دولەتنى 13-ئەسىردە موڭغۇللار يوقاتقان.

ران بولغانلىقتىن، بۇ ئائىلىنىڭ ئۇندىن بىر قىسمىلا قېپقالغان. بۇنىڭ كەينىدىنلا، ئۇرگەنچكە قورشاپ ھۇجۇم قىلغان، شەھەرنى قوغداپ تۇرغان قوشۇن باتۇرلارچە تاقابىل تۇرۇپ، يىرىم يىلدىن ئارتۇق ئېلىشقان، موڭغۇل قوشۇنى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئەمما ئاخىرى يەنە ئۇرگەنچنى ئېلىپ، قاتتىق تالان-تاراج قىلغان، ئاھالە ئىچىدىكى ھۈنەرۋەنلەرنى بولاپ كەتكەن، ئاياللار ۋە ياش ئوسمۇرلەرنى قۇل قىلغان، ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسىنى دىگۇدەك قىرىپ تاشلىغان، ئامۇ دەرياسىنىڭ دامبىسىنى بۇزۇپ شەھەرگە سۇ قويۇۋەتكەن، شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن شەھەر سازلىققا ئايلانغان، كېيىن موڭغۇل قوشۇنى خارەزىمنىڭ پۈتۈن زېمىنىنى ئىشغال قىلىۋالغان، شاھزادە جالالىدىن كۈچ ئۇيۇشتۇرۇپ داۋاملىق قارشىلىق كورسەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ھېچبىر نەتىجە چىقىرالمىغان. 1221-يىلى چىڭگىزخاننىڭ قوشۇنى جالالىدىننى ھىندىستانغىچە قوغلاپ بېرىپ، ھىندى دەرياسىنىڭ بويىدا ئۇنىڭ قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلغان، جالالىدىن ئۆزى يالغۇز قېچىپ كەتكەن.

موڭغۇل قوشۇنى خارەزىمنى يوقاتقاندىن كېيىن، داۋاملىق ئالغا قاراپ ئىلگىرىلەپ، كاپكاز تاغلىرىدىن ئۆتۈپ، دون دەرياسى ۋادىلىرىغا بېسىپ كىرگەن. شۇ جايلاردا كوچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىدا ياشايدىغان تۈركلەردىن بولغان پولوۋېتسلار رۇسلار بىلەن بىرلىشىپ بىرلەشمە قوشۇن تەشكىللەپ موڭغۇللارغا قارشىلىق كورسەتكەن. 1223-يىلى كالكا دەرياسىنىڭ بويىدا بولغان ھەل قىلغۇچ جەڭدە بىرلەشمە قوشۇن مەغلۇپ بولغان، رۇس فېودال پادىشا-كىنەزلىرىنىڭ ھەممىسى دىگۇدەك ئۆلتۈرۈلگەن. رۇسلارنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، موڭغۇل قوشۇنىنىڭ ئاساسىي كۈچى قايتا

قوشۇلۇپ، يەنە غەربىي شيا پادىشالىقىنى قامال قىلغان. چىڭگىز-خان 1227-يىلى غەربىي شيا پادىشالىقىغا ھۇجۇم قىلىۋاتقان چاغدا كېسەل بولۇپ ئۆلگەن.

1229-يىلى ئۆگۆتاي (1229—1241) خانلىق تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ خاقان بولغان. ئۇ ھوكۇمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە، موڭغۇل قوشۇنى تاجاۋۇزنى داۋاملاشتۇرىۋەرگەن. ئۇ ئەڭ ئاۋال جەنۇبىتىكى ئالتان خانلىقىغا ھۇجۇم قىلىپ، 1234-يىلى ئالتان خانلىقىنى يوقاتقان. 1236-يىلى چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىسى باتۇ ئەسكەر باشلاپ ياۋروپاغا قاراپ يۈرۈش قىلىپ، ئالدى بىلەن رۇسلارغا ھۇجۇم قىلغان. ئۇ چاغدا، روسىيە نۇرغۇن ئۇششاق بەگ-كىنەزلىكلەرگە بۆلۈنۈپ كېتىپ، بىر بىرىگە قارشى ئۇرۇش قىلىشقا كىرىشىپ كەتكەنلىكتىن، بىرلىشىپ تاشقى دۈشمەنگە قارشى تۇرالمىغان. شۇڭا موڭغۇل قوشۇنى ئاسانلا ريازان، كولومنا، موسكۋا، ۋىلادىمىر قاتارلىق شەھەرلەرنى بېسىۋالغان. 1238-يىلىنىڭ باشلىرىدا ۋولگا دەرياسىنىڭ تارمىقى سىتى دەرياسىنىڭ بويىدا رۇس قوشۇنىنىڭ ئاساسىي كۈچىنى يوقاتقان.

1240-يىلى كۈزدە، باتۇ قوشۇنىنى باشلاپ روسىيىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا ھۇجۇم قىلىپ، كيېۋ قاتارلىق جايلارنى ناھايىتى تېز بېسىۋالغان. بۇنىڭ كەينىدىن ئەسكەرلىرىنى ئىككى يولغا بۆلۈپ ئىلگىرىلىگەن، بىر يولى پولشاغا ھۇجۇم قىلغان، يەنە بىر يولى ۋېنگرىيىگە ھۇجۇم قىلغان. پولشاغا ھۇجۇم قىلغان موڭغۇل قوشۇنى كىراكوۋ قاتارلىق شەھەرلەرنى ئىشغال قىلغان، 1241-يىلى 4-ئايدا، ئودار دەرياسىنىڭ بويىدىكى لىگنىتسا دىگەن جايدا پولشا-گېرمانىيە بىرلەشمە قوشۇنىنى تارمار قىلغان بولسىمۇ، ئەمما كېيىن

چېخوسلوۋاكىيە قوشۇنىدىن يېڭىلىپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، موڭغۇل قوشۇنىنىڭ يەنە بىر تارمىقى ۋېنگرىيە قوشۇنىنى يەڭگەن. 1242-يىلى باتۇ قوشۇنىنى باشلاپ بېرىپ ئادرىياتىك دېڭىزىنىڭ شەرقىي قىرغاقلىرى ۋە جەنۇبىي ياۋروپانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ بۇلاڭچىلىق قىلغان، ئۇنىڭدىن كېيىن، ۋولگا دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىغا قايتىپ كېلىپ، قىپچاق خانلىقى (1240—1480)نى قۇرۇپ، ساراي شەھىرىنى پايتەخت قىلىپ، روسىيىگە ۋە غەربىي سىبىرىيەدىكى كەڭ جايلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان.

مۆڭكەخان (1251—1259) ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە، موڭغۇللار يەنە ئاسىيانىڭ غەربىي قىسمىغا يۈرۈش قىلغان. 1256-يىلى خۇلاگۇ قوشۇنىنى باشلاپ غەربىي ئىرانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، ئىككى دەريا ۋادىسىغىچە ئىچكىرىلەپ كىرگەن. 1258-يىلى باغداتنى بېسىۋېلىپ، خەلىپىنى ئۆلتۈرۈپ، ئابباس سۇلالىسىنى يوقاتقان. باغدات خانىۋەيرانچىلىقتا ئۇچراپ خارابىگە ئايلانغان، نەچچە يۈز مىڭ ئاھالە قىرىلىپ تۈگىگەن، نۇرغۇن سەنئەت بۇيۇملىرى ۋە ھەيۋەتلىك ئىمارەتلەر بۇزۇلۇپ ھېچنېمىسى قالمىغان. خۇلاگۇ قوشۇنىنى باشلاپ داۋاملىق تۆردە غەرپكە قاراپ ئىلگىرىلەپ، توپ-توغرا دەمەشققە بارغان، كېيىن مىسىر قوشۇنىدىن يېڭىلىپ، غەرپكە يۈرۈش قىلىشنى توختىتىشقا مەجبۇر بولۇپ، ئىران، ئافغانىستان، غەربىي ئاسىيا ئەتراپلىرىدا ئېل خانلىقى (1258—1388)نى قۇرغان.

مۆڭكە ئۆلگەندىن كېيىن، قۇبىلاي (1260—1294) ئۆزىنى خان قىلىپ تىكلىگەن. 1271-يىلى دۆلەت نامىنى يۈەن دەپ ئۆزگەرتىپ،

پايتەختىنى خان بالىق (بۈگۈنكى بېيجىڭ)قا كۆچۈرۈپ كەلگەن. 1279-يىلى موڭغۇللار جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنى يوقاتقان. موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرى يەنە چاۋشيەن، ياپونىيەگە تاجاۋۇز قىلىپ، جەنۇپتا بىرما، ھىندونېزىيە، گاۋاي قاتارلىق جايلارنى بېسىۋالغان. بىرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە، دۇنيا تارىخىدا مىسلى كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئىمپېرىيە بولۇپ شەكىللەنگەن.

**موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ يىمىرىلىشى** قىسقا ۋاقىت ئىچىدە قۇرۇلغان چوڭ موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ ئۇزاق مۇددەت ھۆكۈم سۈرۈپ تۇرالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ بىرلىككە كەلگەن ئىقتىسادىي ئاساسى بولمىغانلىقى، پەقەت ۋاقىتلىق ھەربىي ئىستىلا ئارقىلىق تەشكىللەنگەن دۆلەت بولغانلىقى، ئىچكى قىسمى زىددىيەتلەر بىلەن تولۇپ تاشقانلىقى ئۈچۈن، ناھايىتى تېزلا پارچىلىنىشقا باشلىغان.

چىڭگىزخان ھايات ۋاقتىدا ئىستىلا قىلغان جايلارنى ئۆزىنىڭ تۆت ئوغلىغا بۆلۈپ بەرگەن، كېيىن ئىستىلا قىلىنغان جايلارنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، تۆت ئۇلۇس بولۇپ شەكىللەنگەن، بۇلار: ئۆگۆتاي (موڭغۇلىيىنىڭ غەربى)، چاغاتاي (مەملىكىتىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا)، ئېل (ئىران، ئافغانىستان، غەربىي ئاسىيا قاتارلىق جايلار)، قىپچاق (روسىيە، سىبىرىيىنىڭ غەربىي قىسمى)دىن ئىبارەت تۆت چوڭ خانلىق دەپ ئاتالغان. موڭغۇللار ئۆزى تۇرغان يەرلەر ۋە ئوتتۇرا جۇڭگو تۈزلەڭلىكى ئۇلۇغ خان تۇرىدىغان جاي قىلىنغان، قاراقورۇم (بۇ ئۆگۆتاي زامانىدا بىنا قىلىنغان، ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى ئۇلانباتورنىڭ غەربىي جەنۇبى)نى پايتەخت قىلغان. نامىدا

ھەرقايسى خانلار ئۇلۇغ خانغا مەنسۇپ بولاتتى، ئۇلارنىڭ ئورنىنى ئۇلۇغ خان بېكىتەتتى.

ئىستىلا قىلىش جەريانىدا، موڭغۇللارنىڭ فېئوداللىق مۇناسىۋەتلىرى تېز راۋاجلانغان، سىنىپىي زىددىيەتلىرىمۇ كەسكىنلەشكەن. مىڭگەن، جاگۇنغا ئوخشاش ئاقسوڭەكلەر ئۇرۇش داۋامىدا باي بولۇشقان، ئەمما كەڭ چارۋىچىلارنىڭ ئورنى تۆۋەنلەپ، ھوكۇمرانلار سىنىپىنىڭ چارۋىچى قۇللىرىغا ئايلانغان. ئەسكەر بولغانلار يارىدار، مېيىپ بولۇپ ئۆلگەن ياكى جايلاردا سەرسان بولۇپ يۈرگەن، ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى زىممىسىگە باج-سېلىق ۋە ئالۋاڭ-ياساق چۈشۈپ، ئېكسپىلاتاتسىيىگە ئۇچرىغان. ئۇنىڭدىن قالسا، موڭغۇل ھوكۇمرانلىرى بىلەن ئىستىلا قىلىنغان كەڭ خەلق ئوتتۇرىسىدىمۇ ئۆتكۈر زىددىيەت ساقلانغان. موڭغۇل ھوكۇمرانلار سىنىپىنىڭ ھەربىي ئىستىلاسى ئۆزىنىڭ رەھىمسىزلىكى بىلەن داڭقى پۈتۈن ئالەمگە پۇر كەتكەن: ئۇلار ھەر بىر جاينى بېسىۋالغاندىن كېيىن، شۇ جايدىكى ئاھالىنى دائىم كەڭ تۈردە قىرىپ چاپقان، بۇلاپ-تالىغان، زور بۇزغۇنچىلىق كەلتۈرگەن، بۇ ھال خەلقنىڭ قاتتىق ئۆچمەنلىكى ۋە قارشىلىقىنى قوزغىغان. ئىستىلا قىلىنغان خەلقنىڭ زىممىسىگە چارۋا مال بېجى، يەر بېجى، پوچتا بېكەتلىرىنى ئات بىلەن تەمىنلەش ۋە ھەقسىز ئەمگەك قىلىپ بېرىشقا ئوخشاش ئېغىر باج-سېلىق، ئالۋاڭ-ياساقلار چۈشكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە مىللىي كەمسىتىش بولغاچقا، قاتمۇ-قات زىددىيەتلەر پەيدا بولغان. خەلق دائىم قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ قارشىلىق كۆرسىتىپ تۇرغان، مەسىلەن، 13-ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقى شىددەتلىك قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، موڭغۇل ھوكۇمرانلىرىغا قارشى تۇرغان.

موگغۇل هوكۇمرانلار سىنىپى بۇ قارشىلىققا تېخىمۇ ئېغىر بېسىم سىياسىتىنى قوللانغان، نەتىجىدە زۇلۇم چوڭقۇرلاشقانسېرى، قارشىلىق كورسىتىشمۇ كۈچىيىپ، ئۇلار ئوز ھاكىمىيىتىنى بارغانسېرى مۇستەھكەملىيەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغان. ھوكۇمرانلار سىنىپىنىڭ ئىچكى قىسمىدا، پادىشالىق تەختى ۋە ھوقۇق-تەسىرى كۈچ تالىشىپ، ئۆزلۈكسىز ئىچكى ئۇرۇش قىلىپ، بىر بىرىنى رەھىمسىز ئولتۇرگەن، ھەرقايسى سۇيۇرغاللىقلارمۇ مەركەزدىن ئايرىلىپ، ئوز يىلگىنىچە ئىش كورۇپ، مۇناسىۋىتى كۈندىن-كۈنگە يىراقلاشقان.

14-ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا، ئوغۇتاي ئولۇس چاغاتاي ئولۇسقا قوشۇلغان. چاغاتاي خانلىرى ماۋەرەئۇننەھرنى ئۇزلىرىنىڭ هوكۇمرانلىق مەركىزى قىلىپ، يەرلىك ھوكۇمرانلار سىنىپى بىلەن بارغانسېرى ئاپاق-چاپاق بولۇپ كەتكەن، ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىپ، ئاردىن ئۇزاق ئوتمەيلا ئىككى قىسمغا بولۇنۇپ كەتكەن. 14-ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا، ماۋەرەئۇننەھردە تومۇر ھاكىمىيىتى باش كوتەرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ كۈچى پۈتۈنلەي زاۋالغا يۈز تۇتقان.

قىپچاق خانلىقى (يەنى ئالتۇن ئوردا خانلىقى) غەربىي سىبىرىيە ۋە روسىيە قاتارلىق جايلارغا هوكۇمرانلىق قىلغان، رۇس پادىشاھزادىلىرى ئالتۇن ئوردا خانلىقىغا بويسۇنغان، ئۇلپان تاپشۇرۇپ تۇرغان ھەمدە خاننىڭ مەرتىۋە ئاتا قىلىشقا سازاۋەر بولۇپ ئالاھىدە ھورمەتكە ئىگە بولغان. موگغۇل ھوكۇمرانلار سىنىپى جايلارغا ئەمەلدارلارنى ئەۋەتىپ، تۇشمۇ-تۇشتىن باج-سېلىق ئېلىپ قاقتى-سوقتى قىلىپ، خەلقنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغان، ھەمدە باسقاق①

① بىر قىسىم يەرلىك ئاماللىنى يىغىپ قوشۇن تەشكىللىگەن، بۇ قوشۇن

تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، باستۇرۇشنى كۈچەيتكەن. ۋولگا دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى ئوتلاقلاردا ياشايدىغان بىر قىسىم موڭغۇللار نويانلارنىڭ باشچىلىقىدا ئاۋالقىدەكلا كوچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشى-نى كەچۈرگەن، ئۇلار بارا-بارا يەرلىك تۈركلەر ئىچىگە سىڭىپ كەتكەن. نويانلارنىڭ مۇستەقىللىقى بارغانسېرى زورىيىپ، خانغا قارشى تۇرغان، بەزىدە خانغا قارشى كۈرەش قىلغان. 14-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، ئالتۇن ئوردا خانلىقى يەرلىك خەلقنىڭ قارشىلىقىغا ۋە تومۇر قوشۇنىنىڭ ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، كۈچى ئاجىز-لاشقان، 15-ئەسىرگە كەلگەندە پارچىلىنىپ، قازان، ئاستىراخان ۋە قىرىم خانلىقلىرى بولۇنۇپ كەتكەن.

ئېل خانلىقى ئىراننى مەركەز قىلغان، ھۆكۈمرانلار سىنىپى موڭغۇللار، تۈركلەرنىڭ ھەربىي فېئودال ئاقسۆڭەكلىرىنى ۋە يەرلىك فېئودال پومېشچىكلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرى-نىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىسى دەھشەتلىك بولغان، يېزىلار قاتتىق خانى-ۋەيران قىلىنغان، خەلق قېچىپ كېتىپ، تۇشمۇ-تۇشتىن قوزغىلاڭ كوتىرىپ قارشىلىق كورسەتكەن. غازان خان (1295—1304) زامانىغا كەلگەندە، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان. ھۆكۈمرانلار سىنىپى ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلغان، دېھقانلارنى قانۇن بىلەن يەرگە بەنت قىلغان ھەم دېھقانلارنىڭ قارشىلىقىنى قاتتىق جازا-قانۇنلار بىلەن باستۇرغان: شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خەلقنىڭ نارازىلىقىنى پەسەيتىش ئۈچۈن، باج تۈرىنى بەلگىلىگەن، سۇ ئىنشائاتلىرى

---

موڭغۇل ئەمەلدارلىرىنىڭ باشچىلىقىدا خەلق ئۈستىدىن نازارەت قىلىپ، باج-سېلىق سۈيلىگەن.

قۇرغان. ئەمما، بۇلار ئىل خانلىقىنى ھالاكەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالال-
مىغان. خەلق قوزغىلاڭلىرىنىڭ زەربىسى ئاستىدا، 14-ئەسىرنىڭ
ئوتتۇرىلىرىدا بۇ دۆلەت ئاخىر چاك-چېكىدىن پارچىلىنىپ
كەتكەن.

موڭغۇل ھوكۇمرانلىرى قۇرغان يۈەن سۇلالىسىنى 1368-يىلى
جۇ يۈەنجاڭ رەھبەرلىك قىلغان دېھقانلار قوزغىلىڭى ئاغدۇرۇپ
تاشلىغان. موڭغۇللارنىڭ كۆپچىلىگى موڭغۇل يايلاقلىرىغا چېكىنگەن
بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا ئىچكىرى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت باغلاپ
كەلگەن.

**موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ تارىخىي ئورنى** ناھايىتى زور
موڭغۇل ئىمپېرىيىسى دۇنيا تارىخىدا مەلۇم تەسىر پەيدا قىلغان.
موڭغۇل مىللىتىنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇلار دەسلەپتە ئۇرۇق، قەبىلە-
لەرنىڭ پىغىلىقلىرىنى تۈگىتىپ، بىرلىككە كەلگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە
ئىلغار مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققى
قىلدۇرۇپ، فېئوداللىق جەمئىيەتكە كىرگەن. موڭغۇل ئىمپېرىيىسى
قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھوكۇمرانلار سىنىپى ئۆزلىرىنىڭ ھوكۇمرانـ-
لىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، پوچتا تۈزۈمىنى تىكلەپ، سودا يوللى-
رىنى قوغداپ، سودا ئىشلىرىنى مۇكاپاتلىغان. بۇنىڭ بىلەن بىر
مەزگىل جۇڭگودىن توپ-توغرا غەربىي ياۋروپاغا بارىدىغان قاتناش
خېلى راۋاجلانغان. قاراقورۇم بىلەن خان بالىقتا ماللار دۆۋە-دۆۋە
توپلىنىپ، سودىگەرلەر يىغىلغان. ئىتالىيىلىك سودىگەر ماركوپولو
دەل مۇشۇ چاغدا جۇڭگوغا كېلىپ ئۇزاققىچە تۇرغان، ئۇ ئۆزىنىڭ
سەرگۈزەشتىلىرىگە ئاساسەن يازغان «ماركوپولونىڭ ساياھەت خاتىرى-
لىرى» دېگەن كىتاب ئوتتۇرا ئەسىردىكى ياۋروپالىقلارنى شەرقنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئەھۋالى بىلەن تونۇشتۇرىدىغان قىممەتلىك ئەسەر.

موڭغۇل ھۆكۈمرانلار سىنىپى ئېلىپ بارغان ئۇرۇش — كەڭ كۆلەملىك تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى، ئۇلار تەرەپ-تەرەپكە تاجاۋۇز قىلىش جەريانىدا بىرمۇنچە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ھالاك قىلغان، نۇرغۇن ماددى ۋە مەنىۋى بايلىقلارنى ۋەيران قىلىۋەتكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ھۈنەرۋەنلىرىنى بۇلاپ، ئۇلارنى قاراقورۇمغا كۆچۈرۈپ كەلگەن، نەتىجىدە بەزى جايلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى توختاپ قالغان. بۇ ھال تەبىي ھالدا ھەرقايسى ئەل خەلقىنىڭ قارشىلىقىنى قوزغىغان، خەلقنىڭ زەربە بېرىشى بىلەن موڭغۇل ئىمپېرىيىسى تېزدىنلا چاك-چېكىدىن پارچىلىنىپ، گۇمران بولغان.

سوۋېت سوتسىيال جاھانگىرلىكى ئۇيۇق يولغا كىرىپ قالغاندا، ئاتالمىش "سېرىق ئاپەت" يەنى موڭغۇللارنىڭ كېڭەيمىچىلىك قىلىش مەسىلىسىدىن پايدىلىنىپ بىزگە دارىتملاپ ھۇجۇم قىلىپ، جۇڭگو كېڭەيمىچىلىك قىلىپ تاجاۋۇز قىلماقتا، چىڭگىزخاننىڭ تەھدىتى يەنە يېتىپ كەلدى، دەپ جار سالدى. سېرىق ئاپەت نەزەرىيىسىنى گېرمانىيە جاھانگىرلىكىنىڭ كاتتىۋېشى ۋىلگېلم II جۇڭگو ئىنقىلابىغا قارشى تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق سىياسىتىنى يۈرگۈزۈش ئارقىلىق جۇڭگونى بۆلۈۋېلىش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. تارىخنىڭ تەرەققىياتى ئاللىقاچان ۋەتۋەرىكنى چىقىرىۋەتكەن بۇ ئەسكى بايراقنى سوۋېت سوتسىيال جاھانگىرلىكىنىڭ كۆتىرىپ چىقىشى پەقەت ئۇلارنىڭ جۇڭگوغا قارشى، كوممۇنىزىمغا قارشى كېڭەيمىچىلىك ياۋۇز ئەپتى-بەشىرىسىنى ئاشكارىلاپلا بېرىدۇ، خالاس.

## 3-بۆلۈم ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيىسى

**ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيىسىنىڭ باش كۆتىرىشى** ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيىسى كىچىك ئاسىيا يېرىم ئارىلىدا باش كۆتىرىپ چىققان. بۇ يەرنىڭ توت ئەتراپىدا ئېگىز تاغلار قەد كۆتىرىپ تۇرىدۇ، ئوتتۇرىسى كەڭ كەتكەن ئېگىزلىك، ھاۋاسى قۇرغاق ۋە ئىسسىق، بۇ چارۋا بېقىشقا تازا باپ كېلىدىغان جاي. تۈركىيە ياۋروپا، ئاسىيا ۋە ئافرىقا قىتئەلىرىنىڭ چېگرىداش يېرىگە جايلاشقان، بۇ جاي قەدىمدىن تارتىپلا، ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى دۆلەتلەر ئىچىدە مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەن.

11-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، كىچىك ئاسىيا يېرىم ئارىلىدا رۇم سۇلتانلىقى ۋۇجۇتقا كەلگەن، بۇ سۇلتانلىققا قارايدىغان ئاھالىنىڭ تولىسىنى ئوتتۇرا ئاسىيادىن كۆچۈپ كەلگەن تۈركلەر تەشكىل قىلغان، ئۇلار يەنىلا كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنى كەچۈرگەن، ئۇلارنىڭ ئاز بىر قىسمى ئولتۇراقلىشىشقا باشلىغان. بۇنىڭدىن باشقا، بۇرۇنقى يۇنانلىقلار، ئارمىنىيىلىكلەر ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مىللەتلەرمۇ بولۇپ، كېيىن ئۇزاق سىڭىپ كېتىش جەريانىدا تۈرك مىللىتى① شەكىللەنگەن. موڭغۇل قوشۇنى غەرپكە تاجاۋۇز قىلغاندىن كېيىن، رۇم سۇلتانلىقى پارچىلىنىپ نۇرغۇن ئۇششاق بەگلىكلەرگە بولۇنۇپ

---

① بۇ تۈركلەر قەدىمقى تۈركى سۆزىدىن كېلىپ چىققان، بۇ كېيىنچە كىچىك ئاسىيادا شەكىللەنگەن مىللەتنى كۆرسىتىدۇ.

كەتكەن، مانا بۇلارنىڭ ئىچىدىن بولۇنۇپ چىققان بىرى ئوسمان دەپ ئاتالغان. ئوسمان تۈركلىرى ئەسلىدە ئانچە چوڭ بولمىغان بىر تۈرك قەبىلىسى بولۇپ، موڭغۇللار غەربكە كۆچكەن چاغدا، ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيادىن غەربكە كۆچۈپ، كىچىك ئاسىياغا كېلىپ، رۇم سۇلتانلىقىدىن كىچىك بىر پارچە يەر ئېلىپ، يېرىم ئارالنىڭ غەربىي شىمال بۇرجىكىگە ئورۇنلاشقان. ئۇلارنىڭ باشلىقى ئوسمان (1282 — 1366) رۇم سۇلتانلىقىنىڭ پارچىلىنىشىدىن پايدىلىنىپ، تەسىر كۈچىنى كېڭەيتىپ، مۇستەقىل بولۇۋالغان، كېيىن بۇ دۆلەت ئوسمانلى تۈركلەر دەپ ئاتالغان.

ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ تۈۋرۈكى پۈتكۈل كىچىك ئاسىيا يېرىم ئارىلىدىكى تۈرك ھەربىي فېئودال ئاقسۆڭەكلەر ئىدى. بۇ ئاقسۆڭەكلەر ئۆز قەبىلىسىنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرىگە قوماندانلىق قىلغان، بۇلاڭچىلىق قىلىش ئۇلارنىڭ تەبىئىتىگە ئايلانغان، شۇڭا ئوسمانلى دۆلىتى دەسلەپتىلا چەتكە تاجاۋۇز قىلغان. بۇ دۆلەت ئالدى بىلەن ۋىزانتىيىنىڭ كىچىك ئاسىيادىكى زېمىنىنى بېسىۋالغان، ئارقىدىنلا تىغ ئۇچىنى بالقان يېرىم ئارىلىغا قاراتقان، شۇ چاغدا بۇ يېرىم ئارالدىكى بۇلغارىيە، سېربىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ فېئوداللىرى ئىچكى جەھەتتە جېدەل-ماجىرا تۇغدۇرۇپ، بىر بىرىگە تاجاۋۇز قىلىپ، بىر بىرىنى تالان-تاراج قىلىپ تۇرغان، بۇ ھال تۈركلەرنىڭ ھۇجۇم قىلىشىغا ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بەرگەن.

1362-يىلى تۈرك قوشۇنى ياۋروپا قىتئەسىنى ھۇجۇم بىلەن ئالغان، ئارقىدىنلا بۇلغارىيە، سېربىيىگە ئۈزلۈكسىز ھۇجۇم قىلىپ تۇرغان، بۇلغارىيە بېقىندى بولۇپ تارتۇق تۆلىگەن، سېربىيىمۇ كەينى-كەينىدىن مەغلۇپ بولغان. سۇلتان باپازىت (1389 — 1402)

زامانىدا، تېخىمۇ زور تاجاۋۇزچىلىق پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ،
ئەسكەر چىقىرىپ ئىراكى ۋە بۇلغارىيىنىڭ پۈتۈن زېمىنىنى بېسىۋالغان
ھەمدە كىچىك ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى ئىستىلا قىلغان.
1396-يىلى دۇناي دەرياسىنىڭ بويىدىكى نىكوپىولدا تۈرك قوشۇنى
ياۋروپا فېئوداللىرىنىڭ بىرلەشمە قوشۇنىنى قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچ-
رىتىپ، 10 مىڭدىن ئارتۇق ئاتلىقلارنى ئەسىر ئالغان. 1399-يىلى
تومۇر قوشۇن باشلاپ شەرقتىن كىچىك ئاسىياغا تاجاۋۇز قىلىپ
كىرىپ، 1402-يىلى ئەنقەرەدە تۈرك قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىپ،
كىچىك ئاسىيانى قاتتىق خانىۋەيران قىلىۋەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن،
تۈركىيىدە خەلق قوزغىلاڭلىرى يۈز بەرگەنلىكى ۋە ھوكۇمرانلار
سىنىپى ئوتتۇرىسىدا جېدەل-ماجىرالار پەيدا بولغانلىقى ئۈچۈن،
فېئودااللار سىرتقا بولغان تاجاۋۇزنى ۋاقىتنچە توختىتىشقا مەجبۇر
بولغان.

1453-يىلى تۈركلەر ئىككى يۈز مىڭ ئەسكەر توپلاپ، بۇ ئەس-
كەرلەرنى ئۇرۇش كېمىسى ۋە زەمبىرەكلەر بىلەن قوراللاندۇرۇپ،
ئىككى ئايدىن ئارتۇق قاتتىق جەڭ قىلىپ، كونستانتىنوپولنى ئىشغال
قىلغان، شۇنىڭ بىلەن مىڭ يىلدىن ئارتۇق مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن
رىم دۆلىتى ئاخىرى ھالاك بولغان. تۈرك قوشۇنى شەھەردە 3 كۈن
بۇلاڭچىلىق قىلىپ، ئاھالىنىڭ كۆپ قىسمىنى قىرىپ تاشلىغان ياكى
بۇلاپ كېلىپ قۇل قىلغان، مال-مۈلۈكلەرنىڭ ھەممىسىنى بۇلاپ
قۇرۇق قىلىپ قويغان، ئىشىك-دەرۋازىلار تاقالغان، كىشى-
لەردىن قىلچە ئەسەر قالمىغان. كېيىن كونستانتىنوپول شەھىرىنىڭ
ئىسمى ئىستامبۇلغا ئۆزگەرتىلىپ، تۈركىيىنىڭ پايتەختى بولۇپ
قالغان، بۇرۇنقى سوفىيە چېركاۋى مەسچىت قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن.

15 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، تۈركلەر يېڭىۋاشتىن كىچىك ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى بوي سۇندۇرۇپ، قارا دېڭىزنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى قىرىم خانلىقىنى بېسىۋېلىپ، پۈتكۈل بالقان يېرىم ئارىلىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ئىشغال قىلغان. شەرقىي جەنۇبىي ياۋروپا خەلقى تۈرك فېوداللىرىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى قەيسەرانە كۈرەش قىلىپ، مولداۋىيە ۋە ۋالافىيە قاتارلىق جايلار-دىكى تۈرك قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلغان.

**تۈركىيىنىڭ فېودالىق ھوكۇمرانلىقى ۋە دېخانلارنىڭ ئەھۋالى**

تۈركىيە ھوكۇمرانلىقى ئەرەپ ئىمپېرىيىسىنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئىسلام دىنىغا ئىشىنىدىغان فېودال مۇستەبىت دولەت. دولەت باشلىقى سۇلتان دەپ ئاتىلىپ، ھەربىي، مەمۇرى، دىنىي چوڭ ھوقۇقلارنى قولىدا تۇتقان. تۈركىيە يەرگە دولەت ئىگىدارلىق قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ ھەممە يەرنى ھەربىي خىزمەت ئوتەش شەرتى بىلەن فېودال ئاقسوڭەكلەرنىڭ ۋارىسلىق قىلىشىغا ھەدىيە قىلىپ بەرگەن، بۇلاردىن فېودال ئاتلىق ئەسكەرلەر قوشۇنى تەشكىل قىلىنغان، بۇنىڭدىن تاشقىرى يانىسار دەپ ئاتالغان مۇنتىزىم پىيادە ئەسكەرمۇ تەشكىل قىلىنغان. بۇنىڭ تۈزۈمى 14 ـ ئەسىردە باشلانغان بولۇپ، 15 ـ ئەسىرگە كەلگەندە پەيدىن ـ پەي مۇكەممەللەشكەن، يانىسارلار دەسلەپتە ئەسىرگە چۈشكەن قۇللاردىن تەشكىل قىلىنغان، كېيىن بالقان قاتارلىق جايلاردىكى 10 ياشتىن 15 ياشقىچە بولغان غەيرى دىندىكى ئوسمۇرلەرنى پەيدىن ـ پەي يىغىپ كېلىپ ئەسكەر قىلىدىغان بولغان، ھەر بەش يىلدا بىر قېتىم ئەسكەر ئېلىپ ئۇلارغا ئىسلام دىنىغا قاتتىق ئېتىقات قىلىش تەربىيىسى ۋە قاتتىق ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە بەرگەن. ئۇلارنىڭ توي قىلىشىغا يول

قويىماي، كوللېكتىپ تۇرمۇشىنى يولغا قويىغان، ئىنتىزام قاتتىق بولغان، ئەمما يۇقۇرى مائاش ئېلىپ، ئىمتىيازدىن بەھرىمەن بولغان ھەمدە ھەربىي، مەمۇرى ئەمەلدارلىقىغا ئۆستۈرۈلۈش ئىمكانىيىتى بولغان. يانىسارلار زەمبىرەك قاتارلىق ئوت ئاچقۇچ قوراللار بىلەن قوراللاندۇرۇلغان، شۇڭىا ئۇلار جەڭدە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان.

كىچىك پارچە يەرلەرگە ئىگە بولغان دىخانلار يەرنى مىراس قىلىپ ئىشلەتكەنلىكتىن، ئېغىر ئىجارە ـ باج تۆلىگەن. دولەت دىخانلارنى نوپۇسقا ئورنىتىپ، ئۇلارنىڭ ئىختىيارىي كوچۇشىنى چەكلىمەكچى بولغان، كېيىن 15 يىلدىن 20 يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا قاچقان دىخانلارنى قوغلاپ تۇتۇش بەلگىلەنگەن.

دىخانلار باج ـ سېلىق ئۈچۈن ئاساسەن ماددى نەرسىلەر تاپشۇرغان. مۇسۇلمان دىخانلار ئۇشرە تۆلىگەن، ئاشلىق، پاختا، مېۋە قاتارلىقلارنىڭ ئوندىن بىر قىسمىنى تاپشۇرغان، غەيرى مۇسۇلمانلار يۇقۇرى مىقداردا يەر بېجى تاپشۇرغان. باج ئۇلار ئالغان ھوسۇلنىڭ ئوچتىن بىرى ياكى ئىككىدىن بىرىگە يەتكەن. بۇنىڭدىن باشقا، چارۋا مال بېجى، ئوي بېجى، نىكا بېجى دىگەنگە ئوخشاش خىلمۇ ـ خىل باج ـ سېلىقلارمۇ بولغان، غەيرى مۇسۇلمانلار يەنە جان بېجى تاپشۇرغان. ھەر خىل ئېغىر ئالۋاڭ ـ ياساق ۋە ھاشارلارمۇ بولغان.

تۈركلەر ئېلىپ بارغان كەڭ كولەملىك تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىدا، نۇرغۇن قۇللارنى بۇلاپ كەلگەن، بۇ قۇللار قىلىنىغان ئەمگەك ناھايىتى كوپ بولغان، بۇ قۇللارنىڭ زور كوپچىلىكى يەر تېرىش ۋە كان ئېچىشقا، ياكى ئۇرۇش كېمىلىرىدە قولۋاقچىلىققا سېلىنغان. بىر قىسمى ئوردىلاردا چاكار، ئاغۋات ۋە دىدەك بولۇپ

www.uyghurkitap.com

ئىشلىگەن، بۇلارنىڭ ئەھۋالى ئىنتايىن ئېچىنىشلىق بولغان.

**ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ داۋاملىق كېڭەيمىچىلىك قىلىشى**

تۈركلەر 16 ـ ئەسىردە غەرپ ۋە شەرق تەرەپلەرگە قاراپ كېڭەيمىچىلىك قىلىپ، چوڭ ئىمپېرىيىگە ئايلانغان.

16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ئەزەربەيجاندا ئىرانلىقلاردىن بولغان سافاۋى سۇلالىسى باش كۆتىرىپ (1502 ـــ 1722)، تەدرىجى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى جايلارنى شۇنىڭدەك ئىران، ئىراق قاتارلىق جايلارنى بوي سۇندۇرغان، زېمىنى شەرق تەرەپتە ئافغانىستان، غەرپ تەرەپتە ئېۋفرات دەرياسى، شىمال تەرەپتە ئامۇ دەرياسى، جەنۇپ تەرەپتە ئىران قولتۇغىچە بولغان جايلارغىچە سوزۇلغان. تېبرىزنى پايتەخت قىلىپ، چوڭ دۆلەت بولۇپ شەكىللەنگەن. تۈركلەرنىڭ كېڭەيمىچىلىكى ئىران بىلەن توقۇنۇش پەيدا قىلغان، سۇلتان سەلىم (1512 ـــ 1520) سۈننى مەزھىپىنى ئەنئەنىۋى مەزھەپ قىلىش نامى بىلەن، شىئە مەزھىپىگە ئېتىقات قىلىدىغان سافاۋى سۇلالىسىگە قارشى جاھات ئېلان قىلىپ، نۇرغۇن قوشۇن باشلاپ بېرىپ ئىرانغا ھۇجۇم قىلغان. 1514 ـ يىلى ھەر ئىككى تەرەپ ئىراننىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئۇرمىيا كۆلى (ھازىرقى رىزايە كۆلى) نىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى چاھاردىلان دېگەن جايدا جەڭ قىلغان. جەڭگە ھەر تەرەپتىن يۈز مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەر قاتناشقان. تۈرك قوشۇنى غەلىبە قازىنىپ، تېبرىزنى ئىشغال قىلغان، نۇرغۇن مال ـ مۈلۈك ۋە ھۈنەرۋەنلەرنى بۇلاپ كەلگەن.

كەينىدىنلا سەلىم قوشۇن باشلاپ بېرىپ، سۇرىيىگە ھۇجۇم قىلغان. سۇرىيىگە شۇ چاغدا مىسىرنىڭ مەملۇك دېگەن سۇلتانى①

① 1250 ـ يىلى مىسىرنىڭ ئايۇپ سۇلالىسى گۇمران بولغاندىن كېيىن،

ھوكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان. 1516-يىلى تۈرك قوشۇنى ئەرەبى دىگەن جايدا مىسىر قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلغان، ئۇنىڭدىن كېيىن دەمەشىق، پەلەستىننى ئىگەللىگەن. 1517-يىلى قاھىرەنى ئىشغال قىلىپ، شۇ چاغدا مىسىرغا تەۋە بولغان ھىجاز، مەككە، مەدىنە شەھەرلىرىنى بېسىۋالغان. شۇنىڭدىن كېيىن تۈرك سۇلتانلىرى خەلىپە دەپ ئېتىراپ قىلىنىپ، ئىسلام دىنىنىڭ يولباشچىسىغا ئايلانغان.

سۇلتان سۇلايمان I (1520—1566) ھوكۈمرانلىق قىلىۋاتقان دەۋرلەردە، سۇلايمان ئەسكەر چىقىرىپ ياۋروپاغا ھۇجۇم قىلغان، 1521-يىلى بېلگراد (شۇ چاغدا بېلگراد ۋېنگرىيىگە قارايتتى)نى بېسىۋالغان، 1526-يىلى دۇناي دەرياسىنىڭ بويىدىكى مۇخاچ دىگەن جايدا ۋېنگرىيە قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلغان، ئۇنىڭدىن كېيىن بۇدا شەھرىگە بېسىپ كىرىپ، ئۇ يەردىكى قورچاقلارنى يولەپ تۇرغۇزۇپ، جايلارنى ئوت قويۇپ كويدۇرۇپ، بۇلاپ-تالاپ، ئاھالىنى قىرىپ-چېپىپ ئوز دولىتىگە قايتقان.

1529-يىلى سۇلايمان تۇرغۇن ئەسكەر باشلاپ بېرىپ، ۋېنانى قامال قىلىۋالغان بولسىمۇ، ۋېنانى ئۇزاققىچە ئالالماي، قورشاۋنى بىكار قىلىپ چېكىنىشكە مەجبۇر بولغان. شۇنىڭدىن كېيىن تۈرك قوشۇنى ۋېنگرىيىگە بىرقانچە قېتىم ھۇجۇم قىلغان، دېڭىز ئۈستىدە گېرمانىيە ۋە ۋېنتسىيە پاراخوتلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، غەربىي

---

ھاكىمىيەت، مەملۇك (قۇل دىگەن مەنىدە) مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنى ئەمەلدارلىرىدىن بولغان سۇلتانىنىڭ قولىغا ئوتۇپ كەتكەن. بۇ ھاكىمىيەت 200 يىلدىن ئارتۇق ھوكۈم سۈرۈپ، تارىختا مەملۇك سۇلتانلىغى دەۋرى (1250—1517) دەپ ئاتالغان.

www.uyghurkitap.com

ياۋروپاغا تەھدىت سالغان.

شەرق تەرەپتە، سۇلايمان داۋاملىق ئەسكەر چىقىرىپ ئىران بىلەن ئېلىشىپ، باغداتنى ئېلىپ، ئىككى دەريا ۋادىلىرىنى ئىشغال قىلغان، ئارمىنىيە بىلەن گىروزىيىنىڭمۇ بىر قىسمىنى يۇتۇۋالغان. ئافرىقا قىتئەسىدە، مىسىردىن غەرپكە قاراپ ئىلگىرىلەپ ترىپولى بىلەن ئالجىرىيىنى بېسىۋالغان. ئوسمان ئىمپېرىيىسى ئاسىيا، ئافرىقا ۋە ياۋروپا قىتئەلىرىگە تۇتاشقان چوڭ ئىمپېرىيىگە ئايلانغان.

تۈركىيىنىڭ كېڭەيمىچىلىكى ئارقىسىدا مۇھىم ئاقىۋەتلەر پەيدا بولغان. تۈركىيە شەرقىي ئوتتۇرا دېڭىزنى كونترول قىلىپ، جايلاردا چازىلار قۇرۇپ، باج ئالغان، ئىتالىيە سودىگەرلىرىنىڭ سودىنى مونوپول قىلىۋېلىشىنى چەكلەپ، غەربىي ياۋروپا سودىگەرلىرىنىڭ تېخىمۇ ئاكتىپلىق بىلەن شەرققە بارىدىغان باشقا يېڭى سۇ يولى ئىزدىشىگە تۈرتكە بولغان. شۇ چاغدا غەربىي ياۋروپادا كاپىتالىزم ئاللىقاچان پەيدا بولغان، يىراق ئوكيانلارغا سەپەر قىلىش ۋە مۇستەملىكە بۇلاشمۇ باشلانغاچقا، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ سودا رىقابىتىدىن كېلىپ چىققان زىددىيەتلەر كۈندىن-كۈنگە كەسكىنلەشكەن ئىدى. تۈركىيە ھەربىي جەھەتتە غەربىي ياۋروپاغا ناھايىتى زور تەھدىت سېلىپ تۇرغاچقا، ياۋروپادىكى بەزى دۆلەتلەر قارشى تەرەپنى بېسىش غەرىزىدە، تۈركىيىگە ياخشىچاق بولماقچى بولغان، فرانسىيە تۈركىيە بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، گېرمانىيە پادىشاھلىقىغا قارشى تۇرغان، شۇنىڭ بىلەن غەربىي ياۋروپادىكى خەلقئارا كۈرەش ۋەزىيىتى تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ كەتكەن.

**شەھەرلەر بىلەن سودا-سانائەت** 16-ئەسىردە تۈركىيىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى خېلى زور دەرىجىدە ئاشقان. شەھەر ئاھالىسى

كوپەيگەن، سودا-سانائەتتە مەلۇم گۈللىنىشلەر بارلىققا كەلگەن. ئوردا، ھەربى قوشۇن ۋە فېوداللارنى تەمىنلەيدىغان توقۇمىچىلىق، قورال-ياراق ياساش، كىيىم-كېچەك، ئاياق تىكىشكە ئوخشاش قول سانائەتلەر ئالدى بىلەن تەرەققى قىلغان، ئۇنىدىن باشقا ساپالچىلىق، ياغاچچىلىق، بىناكارلىق، كانچىلىققا ئوخشاش كەسپلەرمۇ خېلى تەرەققى قىلغان. شۇ چاغدا روسىيە تۈركىيىنىڭ گىلەم توقۇغۇچى، بوز توقۇغۇچى ھۈنەرۋەنلىرىنى ھۈنەر ئۆگىتىشكە تەكلىپ قىلغان.

شەھەر قول سانائەتچىلىرى كەسپداشلار ئۇيۇشمىلىرىغا ئۇيۇشتۇرۇلغان. كەسپداشلار ئۇيۇشمىلىرى قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىشنى قاتتىق نازارەت قىلىپ ۋە تىزگىنلەپ، مەھسۇلاتلارغا سەرپ قىلىنىدىغان خام ئەشيالارنىڭ سۈپىتىنى، مەھسۇلات تۈرىنى ۋە مەھسۇلاتلارنىڭ باھاسىنى بەلگىلىگەن، قول سانائەتچىلەر كۆرسىتىپ بېرىلگەن جايدا خام ئەشيا سېتىۋالغان ۋە ئۆزلىرىنىڭ مەھسۇلاتىنى ساتقان، بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىشقا يول قويۇلمىغان. كەسپداشلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ ئەزالىرى مۇستەقىل ئۇششاق ئىشلەپچىقارغۇچىلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ باشلىقلىرى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇتقا كەلگەن ئاقساقاللاردىن بولغان. ئاقساقاللارنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ئەزالارنىڭ نىزامنامىگە رىئايە قىلىشىنى نازارەت قىلىش بولغان، شۇنىڭدەك ھۈنەرۋەنلەرنىڭ نىزامنامىگە خىلاپلىق قىلغان ئىشلىرىنى—تا جەرىمانە قويۇشتىن كەسپداشلار ئۇيۇشمىسىدىن قوغلاپ چىقىرىشقىچە بولغان ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىدىغان ھەيئەت تەسىس قىلىنغان. يەرلىك قازىلار ئاقساقاللارغا ۋە ھەيئەتكە رەھبەرلىك قىلغان. قازىلار يەنە مال باھاسىنى بەلگىلىگەن، كەسپداشلار ئۇيۇشمىلىرى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن جىدەل-ماجىرالارنى كېسىم قىلغان، كەسپداشلار ئۇيۇش-

مىسىنىڭ ئىش دائىرىسىنى بەلگىلىگەن، شۇڭا قول سانائەتچىلەر ھۆكۈمەتنىڭ قاتتىق كونتىرول قىلىشى ئاستىدا تۇرغان.

ھۆكۈمەت كەسپداشلار ئۇيۇشمىلىرى ھۈنەرۋەنلىرىنى ئېغىر باج سېلىپ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىپ، ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى تۆۋەن باھا بىلەن زورلاپ سېتىۋالغاچقا، ھۈنەرۋەنلەر بۇنىڭغا ئىنتايىن نارازى بولۇپ، ھەمىشە ھۆكۈمەتكە قارشى كۈرەشلەرنى قوزغاپ تۇرغان. كەسپداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىمۇ تەڭسىزلىك بولۇپ، كەسىبەغەللەر بىلەن بايلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت ۋە كۈرەشلەر تولۇپ تاشقان.

دۆلەت سودا-سېتىق ئىشلىرىنىمۇ ناھايىتى قاتتىق كونتىرول قىلغان. بازارلار قاتتىق باشقۇرۇلغان. خەلقارا سودا جەھەتتە ۋېنېتسىيە قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن سودىگەرلەر سۇلتاننىڭ رۇخسىتىنى ئالغاندىن كېيىن، پورتلارغا كىرىپ-چىقىپ يۈرۈپ، شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى سودا بىلەن شۇغۇللانغان.

**خەلقنىڭ قارشىلىق كۈرەشلىرى** 16-ئەسىر تۈركىيىدە سىنىپىي كۈرەش جىددىي ئۇلغايغان دەۋر. فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ راۋاجلىنىشى نەتىجىسىدە دېھقانلار ئۈستىدىكى ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە زۇلۇم كۈچىيىپ كەتكەن، دېھقانلارنىڭ ئەھۋالى جىددىي تۈردە ناچارلىشىپ كەتكەن، شۇ سەۋەبتىن، دېھقانلار ھەرقايسى جايلاردا قوزغىلاڭ كۆتەرگەن ۋە كۈرەش قوزغىغان.

تۈركىيە فېئودال دۆلىتىنىڭ باج-سېلىق ئېكسپىلاتاتسىيىسى بۇرۇندىنلا ناھايىتى ئېغىر بولۇپ كەلگەن، كېيىن بىرىپ كونا باج-سېلىقلارنىڭ سانى كۆپەيگەنىنىڭ ئۈستىگە، يېڭى باج-سېلىقلارمۇ ئۈزلۈكسىز تۈردە ئېشىپ بارغان. 15-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن

باشلاپ، ھۆكۈمەت كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشىنىڭ ئېھتىياجىنى قامدايمىز دېگەن بانا بىلەن پەۋقۇلئاددە باج ئالىدىغان بولغان، باج-سېلىقلارنىڭ تۈرى كۆپەيگەن، باجگىرلار ياكى باجنى كۆتىرە ئالغۇچىلار ئوتتۇرىدىن قاقتى-سوقتى قىلىپ، بىر يىلدا بىرقانچە قېتىم باج يىغقان. پەۋقۇلئاددە باجنى يىغىشتا ھالقىسىمان كۆتىرىگە ئېلىش ئۇسۇلى قوللىنىلغان، بىرقانچە ئائىلە بىر گۇرۇپپا بولۇپ تەشكىللىنىپ، ئەگەر بىر ئائىلە قېچىپ كەتسە، قاچقان ئائىلە تۆلەيدىغان باجنى باشقا ئائىلىلەر ئۆز زىممىسىگە ئېلىپ بۆلۈشۈپ تۆلىگەن. بۇ باج خەلققە ناھايىتى كۆپ زىيان سالغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە پۇلنىڭ كۈرسىنىڭ چۈشۈشى، مال باھاسىنىڭ ئۇچقاندەك ئۆرلىشى، ھەقسىز ئەمگەكلەرنىڭ كۆپىيىشى، جازانىخورلارنىڭ قىيىن-قىستاقلىرى ئارقىسىدا يېزا ئاھالىسى نامراتلىشىپ، تولۇم گەرداۋىغا بېرىپ قالغان، ۋەيران بولغانلار، قېچىپ كەتكەنلەر ناھايىتى كۆپەيگەن. قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرىشىنىڭ غايەت زور بوران-چاپقۇنلىرى ئۈزلۈكسىز ئۆردە كۆتىرىلىپ تۇرغان.

1508-يىلى ئىسلام دىنىنى تارقاتقۇچى كەمبەغەل نۇر ئەلىنىڭ رەھبەرلىكىدە، توكات ئەتراپىدا قوزغىلاڭ كۆتىرىلگەن، بۇ قوزغىلاڭغا 3-4 مىڭ كىشى قاتنىشىپ، ھۆكۈمەت قوشۇنىنى بىرقانچە قېتىم مەغلۇپ قىلغان، كۈرەش بىرقانچە يىل داۋاملاشقاندىن كېيىن، سەلىم I ئاخىرى ئەسكەر چىقىرىپ قوزغىلاڭنى باستۇرغان. 1511-يىلى كىچىك ئاسىيانىڭ غەربىي جەنۇب قىسمىدىكى ئانتاليا رايونىدا شاھقۇلى رەھبەرلىكىدە قوزغىلاڭ كۆتىرىلگەن. شاھقۇلى دىن تارقىتىش نامى ئاستىدا، خەلق ئىچىدە تەشۋىق-تەرغىبات خىزمەتلىرىنى ئېلىپ بارغان. قوزغىلاڭ پارتلىغاندىن كېيىن، ناھايىتى تېزلا بۇ

قوزغىلاڭغا 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم قاتنىشىپ، ئۆلكە باشلىقىنىڭ قول ئاستىدىكى قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلغان، نەتىجىدە بۇ قوزغىلاڭغا قاتناشقانلارنىڭ سانى كۆپىيىپ 20 مىڭ كىشىگە يەتكەن، جۈملىدىن بۇنىڭغا ئاز بىر قىسىم فېئوداللارمۇ قاتناشقان. بۇ قوزغىلاڭنىڭ تەسىر دائىرىسى بۇرساغىچە كېڭىيىپ، مەرمەر دېڭىزىغا بارغان. سۇلتان چوڭ ۋەزىرنى ئەسكەر چىقىرىپ قوزغىلاڭنى باستۇرۇشقا ئەۋەتكەن، شاھقۇلى كىچىك ئاسىيانىڭ شەرقىي جەنۇبىغا چېكىنىپ، كۆرەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرغان بولسىمۇ، ئاخىر مەغلۇپ بولغان.

1519-يىلى توكات، ئاماسيادا يەنە جالالنىڭ قوزغىلىڭى بولغان. جالال ئاممىنى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە چاقىرىش ئۈچۈن، "قۇتقۇزغۇچ ئىگە" پات ئارىدا بارلىققا كېلىدۇ، دەپ تەشۋىق قىلغان. كېيىن، ئۇ ئۆزىنى يەنە "قۇتقۇزغۇچ ئىگە" دەپ ئاتىغان. قوزغىلاڭ باشلىنىشى بىلەن قوزغىلاڭغا 20 مىڭ كىشى قاتنىشىپ، ئەنقەرەگە قاراپ يۈرۈش قىلغان. سۇلتان سەلىم I ئەسكەر چىقىرىپ قوزغىلاڭنى باستۇرۇپ، قوزغىلاڭچىلارنى رەھىمسىز تۈردە قىرغان. دېھقانلار ئاممىسى غەيرەت ئۇستىگە غەيرەت قوشۇپ كۆرەش قىلغان. 1526-يىلى تېخىمۇ زور قوزغىلاڭلار كىچىك ئاسىيانىڭ شەرقىي قىسمىنى قاپلىغان، بۇنىڭ ئىچىدە تەسىر كۈچى ئەڭ زور بولغىنى كالېندىر رەھبەرلىكىدىكى قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى بولۇپ، بۇ قوشۇننىڭ 30 مىڭ ئادىمى بولغان ھەمدە قوزغىلاڭغا ئۇششاق فېئوداللارمۇ قاتنىشىپ، كىچىك ئاسىيانىڭ شەرقىي ۋە ئوتتۇرا قىسمىنى بېسىۋالغان. كالېندىر ئۆزىنى شاھ دەپ ئاتاپ ئوسمان سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا تەھدىت سالغان. سۇلتان سۇلايمان چوڭ ۋەزىرنى ئەسكەر باشلاپ بېرىپ قوزغىلاڭنى باستۇرۇشقا ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ئەمما 1527-



www.uyghurkitap.com

يىلى قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى تەرىپىدىن بىتچىت قىلىنغان. چوڭ ۋەزىر قوزغىلاڭ كۆتەرگەنلەرنىڭ كەينىگە كىرىپ كەتكەن فېئوداللارنى ئىسيان كۆتۈرۈشكە كۈشكۈرتكەن، سۇيىقەست ئەمەلگە ئېشىپ قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى پارچىلانغان. ئۇنىڭ كەينىدىنلا كالېندېر قوشۇنى مەغلۇپ بولغان، كالېندېرمۇ قۇربان بولغان.

16-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى، 17-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، تېخىمۇ زور دېھقانلار قوزغىلىڭى دولقۇنى تۈركىيىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى قاپلىغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئېزىلگۈچى مىللەتلەرنىڭ مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى كۈرەشلىرىمۇ ئۈزلۈكسىز ئەۋج ئالغان. 16-ئەسىرنىڭ 90-يىللىرىدا، "جالالى قوزغىلىڭى" دەپ ئاتالغان كەڭ كۆلەملىك دېھقانلار كۆرىشى كىچىك ئاسىيا، سۈرىيە، پەلەستىن قاتارلىق جايلارغا يېيىلغان. بۇنىڭ ئىچىدە قارا يەزىدى رەھبەرلىكىدىكى قوزغىلاڭ بەكمۇ داڭ چىقارغان. كىچىك فېئودال قارا يەزىدى 1599-يىلى قوزغىلاڭ كۆتەرگەن، ئۇنىڭ 20-30 مىڭ ئەسكىرى بولغان، بۇلارنىڭ ئىچىدە كەمبەغەل دېھقان، نامرات چارۋىچىلارمۇ، ئۇششاق فېئوداللارمۇ بولغان، ئۇلار كىچىك ئاسىيانىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمىنى ئىشغال قىلىپ، ئۆز كۈچىنى ئۈزلۈكسىز ئۆلغايتقان. 1600-يىلى ئۇ كايسېرى شەھىرىنى بېسىۋېلىپ، ئۆزىنى سۇلتان دەپ جاكالىغان ھەمدە ئەمەلدارلارنى تەيىنلەپ، باج-سېلىق يىغىپ، فېئودال خان بولۇپ قالغان. 1601-يىلى ئۇ مەغلۇپ بولۇپ، تاغقا قېچىپ بېرىپ، ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۆلۈپ كەتكەن.

1603-يىلى، جەمئى ئادىمى 200 مىڭغا يەتكەن يۈزدىن ئارتۇق قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى كىچىك ئاسىيادا كەڭ كۆلەملىك دېھقانلار

www.uyghurkitap.com

قوزغىلاڭنى كۆتەرگەن. كالپىندىر ئوگلوت رەھبەرلىكىدىكى قوزغىلاڭ تۈركىيە فېئودالللىرىنىڭ جېنىنى ئېلىپ يەردە قويغان. ئوگلوت ئەنقەرەلىك دېخان بولۇپ، 1592-يىلىلا كۈرەشنى باشلىغان، ئۇنىڭ دەسلەپتە پەقەت 80 دىن ئوشۇقلا ئادىمى بولغان، ئاردىن ئۇزاق ئۆتمەيلا ئادىمى كۆپىيىپ 30 مىڭ كىشىگە يەتكەن، بۇرسانى بېسۋېلىپ، مەرمەر دېڭىزىغىچە يېتىپ بارغان، باستۇرغىلى كەلگەن ھۆكۈمەت قوشۇنىنى يېڭىپ، كىچىك ئاسىيانىڭ غەربىي قىسمىنى تىزگىنلىگەن. 1608-يىلى جەڭدە مەغلۇپ بولۇپ، ئىرانغا چېكىنگەن. دېخانلار ئۇرۇشىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىغا دېخانلارنىڭ ئۆزىگە خاس چەكلىمىلىكى سەۋەپ بولغاندىن باشقا، فېئودالارنىڭ سۇنىلېيتىپ بىلىن تۇتۇشى، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ئىچىدە بولگۇنچىلىك تۇغدۇرۇشى، ئاسىلىق قىلىشىمۇ ناھايىتى مۇھىم بىر ئامىل بولغان.

داغدۇغىلىق، بىر كۆتىرىلىپ، بىر پەسىيىپ تۇرغان دېخانلار قوزغىلىڭى ئوسمان ئىمپېرىيىسىگە قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى تەۋرىتىپ، 16-ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ئۇنىڭ زاۋالغا قاراپ مېڭىشىنى تېزلەتكەن.

## ئون بىرىنچى باپ

# غەربىي ياۋروپادىكى فېئوداللىق جەمئىيەت

غەربىي ياۋروپا رايونى ئۈچ تەرىپى دېڭىز بىلەن — شىمال تەرىپى شىمالىي دېڭىز، غەرب تەرىپى ئاتلانتىك ئوكيان، جەنۇب تەرىپى ئوتتۇرا دېڭىز بىلەن ئورالغان، ئومۇمى كۆرۈنۈشى چوڭ بىر يېرىم ئارالغا ئوخشايدىغان رايون، ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئاراللارمۇ كۆپرەك، بۇلارنىڭ ئىچىدە بىرىتانىيە تاقىم ئاراللىرى، ئىسلاندىيەلەر ئەڭ چوڭ ئاراللار. ئۇنىڭ يەر تۈزۈلۈشى تەكشى، دەريالىرى كۆپ، پەقەت ئىتالىيىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى ئالپس تاغلىرى ۋە فرانسىيىنىڭ ئىسپانىيە بىلەن چېگرىداش پىرېنېي تېغىلا ئېگىزلىك ھېساپلىنىدۇ. بۇ جايىنى دېڭىز-ئوكيانلار ئوراپ تۇرغاچقا، ئۇنىڭ ھاۋاسى مۆتىدىل ۋە نەم، يامغۇر مىقدارى كۆپ بولۇپ، دېھقانچىلىق قىلىشقا باپ كېلىدۇ.

قۇللۇق تۈزۈمىدىكى رىم ئىمپېرىيىسى غەربىي ياۋروپاغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان چاغدا، ئىتالىيىنى مەركەز قىلغان ھالدا شىمالغا قاراپ كېڭىيىپ، رېين دەرياسى، دۇناي دەرياسى ۋادىلىرىغىچە بارغان. رىم ئىمپېرىيىسى ھالاك بولغاندىن كېيىن، گېرمانلار غەربىي ياۋروپانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا نۇرغۇن فېئودال دۆلەتلىرىنى قۇرغان، غەربىي ياۋروپانىڭ فېئوداللىق تۈزۈمى ياۋروپانى قايتىدىن

گۈللىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىغاچقا، رىمنىڭ قۇللۇق تۈزۈمىگە قارىتاندا چوڭ بىر ئىلگىرىلەش ھېساپلىناتتى. ئەمما شەرقتىكى دۆلەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا، غەربىي ياۋروپانىڭ فېئوداللىق جەمئىيىتى دەسلەپكى چاغلاردا نىسبىي ھالدا قالاق ئىدى، ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىي قىلمىغان، شەھەرمۇ يوق دېيەرلىك دەرىجىدە ئىدى، تاۋار ئوبوروتى ئاجىز، تەبىي ئىگىلىك ھۆكۈمران ئورۇندا تۇراتتى، فېئودال تەپرىقچىلىك ئېغىر ئىدى. بۇنداق ئەھۋال 400 يىلچە داۋام قىلغان.

فېئوداللىق جەمئىيەتتە تۇرغان غەربىي ياۋروپادا يەرگە پۈتۈنلەي فېئودallar ئىگىدارلىق قىلاتتى، دېھقانلاردا يەرگە ئىگىدارلىق قىلىش ھوقۇقى بولمايتتى. چوڭ-كىچىك فېئوداللار يەرلەرنى قاتلاممۇ-قاتلام سۆيۈرغال قىلىشىپ، مۇرەككەپ بىر دەرىجىنى شەكىللەندۈرگەن، بۇنداق فېئوداللىق يەر مۈلۈكچىلىكى شەكلى تەبىقە مۈلۈكچىلىكى دەپ ئاتالغان ئىدى. فېئوداللار دېھقانلارنى ئىنتايىن دەھشەتلىك تۈردە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىغان ۋە ئەزگەن، خېلى ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە، ئەمگەك بىلەن تولىنىدىغان يەرئىجارىسى ئېلىش بىلەن دېھقانلارنىڭ قان-تەرىنى شوراپ كەلگەن ئىدى، بۇنىڭدىن باشقا دېھقانلارنى قاتتىق، ئىقتىسادتىن تاشقىرى مەجبۇرلاش ئارقىلىقمۇ بوغۇپ تۇرغانلىقتىن، دېھقانلار جىسمانى ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم بولۇپ يانچىلارغا ئايلانغان ئىدى.

غەربىي ياۋروپانىڭ فېئوداللىق جەمئىيىتىدە بىر بىرىگە قارىمۇ-قارشى بولغان ئاساسىي سىنىپلار دېھقانلار بىلەن فېئوداللار ئىدى. فېئوداللار — ئىشلىمەي چىشلەيدىغان ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى ۋە تەييارتاپ ئىدى. دېھقانلار ئاممىسى ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشى ۋە سىنىپىي كۈرەشنىڭ ئاساسىي قوشۇنى، ماددىي بايلىق ياراتقۇچى ۋە

مەدەنىيەت بايلىقىنىڭ بۇلىقى ئىدى. غەربىي ياۋروپا دېھقانلىرى فېوداللارنىڭ ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشىغا ۋە ئېزىشىگە قارشى تۇرۇشنى كوزلەپ ئۈزلۈك كۈرەشلەرنى ئېلىپ بارغان. بۇنداق سىنىپىي كۈرەش غەربىي ياۋروپا فېوداللىق جەمىيىتى تارىخىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ھېساپلىنىدۇ. دېھقانلار كۈرىشىنىڭ تەرەققىيات جەريانى بولغان. بۇ كۈرەشلەرنىڭ تولىسى دەسلەپتە تارقاق، ئىستىخىيىلىك ھالدىكى قارشىلىق كورسىتىش كۈرىشى بولغان، كېيىنكى چاغلاردا تەجرىبىلەر ئۈزلۈكسىز تۇردە توپلىنىپ، ئۈزلۈكسىز ھالدا ئۆسۈپ بارغان. غەربىي ياۋروپادىكى سىنىپىي كۈرەش، 14-ئەسىردىن باشلاپ، تەشكىللىك، كەڭ كولەملىك دېھقانلار ئۇرۇشى دەۋرىگە قەدەم تاشلىغان.

## 1-بولۇم غەربىي ياۋروپادا فېوداللىق جەمىيەتنىڭ مەيدانغا كېلىشى

**فېوداللىق دولەتلەرنىڭ قۇرۇلۇشى** غەربىي ياۋروپادا گېرمانلار فېودال دولەتلەرنى قۇرغان. گېرمانلار رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان، مىلادىنىڭ ئالدى-كەينىدە، رېين دەرياسى، دۇناي دەرياسى ۋە ۋىسلا دەرياسى ئارىلىقىدىكى كەڭ جايلارنى ئىگىلەپ، نۇرغۇن قەبىلىلەرگە بولۇنۇپ، رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىچكى زېمىنىغا ئۈزلۈكسىز تۇردە ھۇجۇم قىلىپ تۇرغان. ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات باسقۇچى، ئۇمۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، يەنىلا باشلانغۇچ جەمىيەتنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرى ھالىتىدە تۇرغان بولۇپ،

uyghurkitap.com

ئاددى دىخانچىلىق ۋە قول سانائەت بىلەن شۇغۇللانغان، چارۋىچىلىقمۇ خېلى زور سالماقنى ئىگىلىگەن. يەر تېخى خۇسۇسى مۈلۈككە ئايلانمىغان بولسىمۇ، ئەمما بايلىقى كۆپرەك بولغان ئۇرۇق ئاقسۆڭەكلىرى بارلىققا كەلگەن، ئۇلار قول ئاستىدا يەنە ئۆزىگە ئەگىشىپ ماڭىدىغان بىر تۈركۈم خۇسۇسى ئەسكەرلەرنى بېقىپ، مەخسۇس ئۇرۇش قىلىش ۋە بۇلاڭچىلىق قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان.

مىلادى 4-ۋە 5-ئەسىرلەردە، ئۇرۇق ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ بۇلاڭچىلىق قىلىش نىيىتىنىڭ ۋەسۋەسىگە سېلىشى، شۇنداقلا بۇ چاغدا شەرقتىن كەلگەن ھونلارنىڭ قىستىشى ئارقىسىدا، گېرمانلار تۈركۈم-تۈركۈملەپ جەنۇبقا قاراپ مېڭىپ، دائىم پۈتكۈل قەبىلە بويىچە يېڭى يەرلەرگە كۆچۈپ تۇرغان، تارىختا بۇ "مىللەتلەرنىڭ ئومۇمىي كۆچۈشى" دەپ ئاتالغان. جەنۇبقا كۆچۈپ كەلگەن گېرمانلار رىم تەۋەسىدىكى قۇللار، قۇل دىخانلارنىڭ قوزغىلاڭلىرىغا ماسلىشىپ، قۇللۇق تۈزۈمىدىكى رىم ئىمپېرىيىسىنى بىتچىت قىلىپ تاشلىغان، نەتىجىدە رىم زامانىدىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئاساسىدا، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ بىرمۇنچە فېودال دۆلەتلەر قۇرۇلغان: شىمالىي ئافرىقىدا ۋاندال پادىشالىقى، ئىسپانىيىدە غەربىي گوت پادىشالىقى، ئىتالىيىدە شەرقىي گوت پادىشالىقى، گاللىيىدە فرانك پادىشالىقى، برىتانىيىدە ئانگلو-ساكسونلار پادىشالىقى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش پادىشالىقلار قۇرۇلغان. بۇنىڭ ئىچىدە فرانك پادىشالىقى ئۇزاقراق دەۋر سۈرگەن ۋە مۇھىم رول ئوينىغان.

فرانكلار ئەسلىدە رېين دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىدا ياشىغان، كېيىن پەيدىن-پەي جەنۇبقا كۆچۈپ كېڭەيگەن. پادىشا كلوۋى (481—511) زامانىسىدا، بۇ دۆلەت خرىستىيان دىنىنى قوبۇل

قىلغان، نۇرغۇن قېتىم ئۇرۇش قىلىپ ھەممىدە باشقا قەبىلىلەرنى ئۆزىگە قارىتىپ، رىم گاللىيىسىنىڭ پۈتۈن زېمىنىنى بېسىۋالغان. 6-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، فرانك غەربىي ياۋروپادا ئەڭ كۈچلۈك فېئودال دۆلەتكە ئايلانغان.

**فېئودالىق تۈزۈمنىڭ ئۇسۇپ يېتىلىشى** فرانكلار ئەسلىدە گېرمان قەبىلىلىرى ئىچىدە قالاق قەبىلە ئىدى. گاللىيىگە بېسىپ كىرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئاقسۆڭەكلەر، خۇسۇسىي ئەسكەرلەر رىم قۇلدارلىرىنىڭ كەڭ يەرلىرىنى ھەممىدە باشقا يەرلەرنى تارتىۋالغان، ئەسلىدىكى قۇل دېخانلار ۋە قۇللارنى تېرىقچىلىق قىلدۇرۇش يولى بىلەن ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغان. رىم گاللىيىسىدىكى ساقلىنىپ قالغان بەزى پومېششىكلارمۇ قۇل دېخانلار ۋە قۇللارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغان. رىم قۇلدارلىرىنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقى بىتچىت قىلىنغاندىن كېيىن، قۇل دېخانلارنىڭ ئەھۋالى ياخشىلىنىپ، ئۇلار بىرقەدەر مۇستەقىل مال-مۈلۈك ھوقۇقىغا ئىگە بولغان. بۇ چاغدا، كەڭ قۇللارمۇ پارچە-پارچە يەرلەرنى تېرىيالايدىغان، مۇستەقىل ئىگىلىككە ئىگە ئۇششاق ئىشلەپچىقارغۇچىلارغا ئايلانغان. فېئودالىق تۈزۈمنىڭ راۋاجلىنىشى جەريانىدا، قۇللار، قۇل دېخانلار ۋە ئەركىن دېخانلارنىڭ ھەممىسى ئۆزگىرىپ بېقىندا دېخانلارغا ئايلانغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە گېرمان ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن رىم قۇلدارلىرىمۇ بارا-بارا بىر يەرگە قوشۇلۇپ، يېڭى ھۆكۈمرانلار سىنىپى — فېئوداللار سىنىپىغا ئايلانغان.

كەڭ گېرمان ئەمگەكچىلىرى ئامممىسى گاللىيىگە كىرگەندىن كېيىن، ئاۋالقىدەكلا ئۇرۇقلار بويىچە ئولتۇراقلىشىپ، يېزىلارنى شەكىللەندۈرگەن، بۇ يېزىلار يېزا جامائەسىگە ئايلىنىپ، ماك دەپ

ئاتالغان. يەرلەرگە ماك ئىگىدارلىق قىلغان. ماك يەرلەرنى ھەربىر ئائىلىگە تېرىش ئۈچۈن تەقسىم قىلىپ بەرگەن، ھەر بىر ئائىلىنىڭ يەرنى سېتىش-سېتىۋېلىش ۋە باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىشىگە يول قويمىغان. جامائە ئەزالىرىدا پەقەت ئۆزى ئولتۇرغان ئۆي ئەتراپىدىكى پارچە-پۇرات يەرلەرگە ئىگىدارلىق قىلىش ھوقۇقىلا بولغان. ئۇنىڭدىن باشقا، پۈتۈن يېزىنىڭ ئومۇمى يۈزلۈك پايدىلىنىشىغا تەۋە بولغان ئورمانلىقلار، كۆللەر ۋە يايلاقلارمۇ بولغان. جامائە ئەزالىرى سىياسى جەھەتتە ھوقۇقتا باراۋەر بولغان، ياش قۇرامىغا يەتكەن ئەرلەر ئەزالارنىڭ ئومۇمى يىغىنىغا قاتنىشىپ، چوڭ-چوڭ ئىشلارنى مۇزاكىرە قىلىپ بەلگىلىگەن ھەمدە باشقۇرغۇچى خادىملارنى سايلاپ چىققان. يېزا جامائەسىدە ئەركىن دېھقانلارنىڭ ئورنى ئانچە مۇستەھكەم بولمىغان. ئۇلار تېرىغان يەرلەر يەيدىن-يەيي خۇسۇسى مۈلۈككە ئايلانغان. شۇنىڭ بىلەن باي-كەمبەغەللەرگە بولۇنۇش كېلىپ چىقىپ، بەزى دېھقانلار خانىۋەيران بولۇپ، يەرلىرىدىن مەھرۇم بولغان. فېودال ئاقسۆڭەكلەر بىلەن دىنىي جەمىيەتلەر بولسا چېرايلىق نامىلار ئارقىلىق دېھقانلارنىڭ يەرلىرىنى بولىۋالغان. خانىۋەيران بولغان دېھقانلار فېودالىلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇلارغا قۇل بولۇشقا مەجبۇر بولۇپ، بارا-بارا جىسمانى ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم بولغان.

ئەركىن دېھقانلارنىڭ خانىۋەيران بولۇشى ئارقىسىدا دۆلەتنىڭ ئەسكىرى كۈچ مەنبەسى بارغانسېرى ئاجىزلاپ كەتكەن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، فېوداللارنىڭ مۇستەقىللىقى يەيدىن-يەيي كۈچەيگەن. فرانكىنىڭ ئوردا ۋەزىرى (بۇ-ئەمەل نامى، خان ئوردىسىدىكى باش مەنسەپ، بۇ شۇ چاغدا، ئەمىلىيەتتە، دۆلەتنىڭ

ئالى ھوكۇمرانى بولۇپ قالغان) كارل مارتېل (715 — 741) زامانىسىدا، بۇرۇن يەرلەرنى ئاقسۆڭەكلەرگە مەڭگۈ خۇسۇسى مۈلۈك سۈپىتىدە شەرتسىز ئىنئام قىلىش چارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ھەربىي خىزمەت ئۆتەش شەرت قىلىنىدىغان، سۆيۈرغاللىق يەر تەقسىم قىلىپ بېرىلىدىغان بولغان، بۇنداق يەر بەخشەندە يەر دەپ ئاتالغان. بەخشەندە يەر تاپشۇرۇۋالغۇچىلارنىڭ ئاتلىق ئەسكەر بولۇش ۋەزىپىسىنى ئۆتەشى ئۇنىڭ ئۈستىگە يەرگە ۋارىسلىق قىلىماسلىقى، ئۆلگەندىن كېيىن، يەر تەقسىم قىلىپ بەرگۈچىگە قايتۇرۇپ بېرىشى شەرت بولغان. بەخشەندىلىك تۈزۈمى يۈرگۈزۈلگەنلىكتىن، كەڭ يەرلەر ۋە شۇ يەردىكى دېھقانلارمۇ بىراقلا فېئوداللارنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ كەتكەن. 9-ئەسىرگە كەلگەندە، بەخشەندە يەرلەر پەيدىن-پەي مىراس بولۇپ قالىدىغان يەرلەرگە ئايلانغان. بەخشەندە يەر تۈزۈمى ئارقىلىق فېئوداللار ئاتلىق ئەسكەرلەر قوشۇنىنى تەشكىل قىلغان، ئىلگىرى خەلق ئەسكەرلىرىدىن تەشكىل قىلىنغان پىيادە ئەسكەرلەر بارا-بارا ئىشقا سېلىنماي ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان، خەلق ئاممىسى قوراللىنىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغان، فېئودالار بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ خەلق ئۈستىدىن ئېلىپ بېرىلىدىغان باستۇرۇشنى كۈچەيتىشكە ئۆرۈنغان.

كارل مارتېل ۋە ئۇنىڭ ئوغلى پىپىن (741 — 768) بەخشەندە يەر تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ قۇرغان قوراللىق كۈچكە تايىنىپ، نۇرغۇن قېتىم سىرتقا قارىتا ئۇرۇش ئېلىپ بېرىپ، زېمىننى كېڭەيتەكەن. پىپىن 751-يىلى فرانكنىڭ پادىشالىق ئورنىنى رەسمىي تارتىۋالغان، شۇنىڭ بىلەن كارلىن سۇلالىسى باشلانغان. پادىشا چارلىس (768 — 814) زامانىسىغا كەلگەندە، ئۇ ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئۆمرىدە 50

www.uyghurkitap.com

قېتىمدىن ئارتۇق بۇلاڭچىلىق ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىپ، دۆلەت زېمىنىنى شەرقتە ئېلبا دەرياسىغىچە، غەربتە ئىسپانىيىگىچە، جەنۇبتا ئىتالىيىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يەرلەرگىچە كېڭەيتكەن. چارلېس يەنە پاپا بىلەن تىل بىرىكتۈرگەن، 800-يىلى پاپا تاج كىيدۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، ئۇنىڭغا "رىملىقلارنىڭ پادىشاسى" دېگەن ئۇنۋان (كونا تارىخشۇناسلار شۇنىڭدىن ئېتىبارەن كارلنى چارلېس دەپ ئاتايدىغان بولغان، چارلېس دېگەن سۆز ئۇلۇغ پادىشا دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ)نى بەرگەن، ئۇ ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، بۇرۇنقى رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ نامىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئابرۇيىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش غەرىزىدە بولغان.

تۇختىماي بولۇپ تۇرغان ئۇرۇشلار دېھقانلارنى ناھايىتى يامان ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان. بەزى دېھقانلار فېوداللارنىڭ پاناھىغا ئېرىشىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن شۇ يەردە ئەۋلادتىن-ئەۋلادقىچە تېرىقچىلىق قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ يېرىنى فېوداللارغا ياكى دىنىي جەمئىيەتلەرگە ھەدىيە قىلغان، لېكىن يەنە فېوداللارغا مەجبۇرىيەت ئۆتەشنى ئۈستىگە ئالغان. بەزى دېھقانلار نامراتلىقتىن خانىۋەيران بولۇپ، يەرلىرىدىن ئايرىلغان، فېوداللارنىڭ ئالدىغا بېرىپ، فېوداللارغا ئىشلەشكە مەجبۇر بولۇپ، ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم بولغان. جايلاردىكى فېودال، بولۇپمۇ دىنىي جەمئىيەتلەر ئۈستىلىق بىلەن قاقتى-سوقتى قىلىپ، دېھقانلارنىڭ يەرلىرىنى بۇلاپ-تالىغان. 9-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، كەڭ دېھقانلار يەرلىرىدىن ئايرىلىپ، جىسمانى ئەركىنلىكىنى يوقىتىپ، يانچىلارغا ئايلانغان. دەل ئېنگېلس كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، بۇ جەرياندا

"ئاساسەن سىياسىي ۋاستە، زورلۇق كۈچ ۋە ھىيلە ئىشلىتىش"[①] رول ئوينىغان. فېئوداللىزىمنىڭ ۋۇجۇتقا كەلگەنلىكى، ئەمگەكچى خەلققە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بىر بالايى-ئاپەتتۇر.

فېئودال چوڭ يەر مۈلۈكلىرىنىڭ ئۇسۇپ يېتىلىشى بىلەن فېئودالالارنىڭ ھوقۇقى كۈندىن-كۈنگە زورايغان، ئۇلار ئۆز ئالدىغا جاي ئىگىلىۋېلىپ، مەركەزنىڭ چەكلىمىسىگە بوي سۇنمىغان، ئەسلىدە رىم ئىمپېرىيىسىنى دوراپ دەسلەپكى قەدەمدە قۇرغان بەزى مەمۇرى باشقۇرۇش سىستېمىلىرىمۇ بارا-بارا ئۆز رولىنى يوقاتقان. 8-، 9-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى فرانك دۆلىتىدە "ئالاھىدە ئىمتىيات ھوقۇقى" تۈزۈمى ئومۇمى يۈزلۈك يولغا قويۇلغان، يەنى پادىشا فېئوداللارنىڭ ئۆزىگە بىۋاستە قاراشلىق جايلاردا سىياسىي، ئەدلىيە ھوقۇقى بولىدىغانلىغىنى ئېتىراپ قىلغان، دۆلەت ئەمەلدارلىرىنىڭ بۇ جايلارغا كىرىشىگە يول قويۇلمايدىغانلىغى، فېئودالىلارنىڭ ئۆزىگە بىۋاستە قاراشلىق جايلاردا ئەدلىيە-سوت قىلىش، جىنايەتچىلەرنى تۇتۇش ۋە جەرىمانە يىغىش ھوقۇقىغا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ھوقۇقلارغا ئىگە ئىكەنلىكى بەلگىلەنگەن. شۇنىڭ بىلەن فېئودالالار ئۆز زېمىنى دائىرىسىدە سىياسىي ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى بىلەن يەرگە ئىگىدارلىق قىلىش ھوقۇقىنى بىرلەشتۈرۈۋالغان، فېئودالىق تەپرىقە كۈچەيگەن، نەتىجىدە مەركەزنىڭ ھوقۇقى ئاجىزلاشقان، دۆلەت جايلاردىكى فېئودالالارغا تايىنىپ دېھقانلارنى باستۇرغان، شۇنىڭدىن تارتىپ دېھقانلارنىڭ يانچىلارغا ئايلىنىش جەريانى تېخىمۇ تېزلەشكەن،

① ئېنگېلس: «فرانك دەۋرى». «ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 19-توم، 542-بەت.

www.uyghurkitap.com

چارلېس ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۇرۇق-ئەۋلادى ھاكىمىيەت ۋە يەر تالىشىپ بىر بىرى بىلەن كۆرەش قىلىشقانلىقتىن، دۆلەت پارچە-پارچە بولۇپ بۆلۈنۈپ كەتكەن. 843-يىلى پادىشالىقنى تالاشقان 3 تەرەپ ۋېردېندا توختام تۈزۈپ دۆلەتنى 3كە بۆلگەن. رېين دەرياسىنىڭ شەرقى - شەرقىي فرانك پادىشالىقىغا بولۇپ بېرىلگەن، شېلدا دەرياسى ۋە ماسئو دەرياسىنىڭ غەربى فرانك پادىشالىقىغا بولۇپ بېرىلگەن، ئارىلىقتىكى يەرلەردىن تارتىپ ئىتالىيىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغىچە بولغان جايلار چارلېسنىڭ چوڭ ئوغلى لوتېرنىڭ زېمىنى بولۇپ قالغان. بۇنداق بۆلۈنۈش ھازىرقى دەۋردىكى گېرمانىيە، فرانسىيە ۋە ئىتالىيەدىن ئىبارەت 3 دۆلەتنىڭ ئۇلىنى سالغان.

**فېودالىلىق يەر مۈلۈكچىلىكى ۋە فېودالىق تەبىقە تۈزۈمى**

فېودالىق جەمئىيەتنىڭ ئاساسى — فېودالىق يەر مۈلۈكچىلىكى. فېودال غەربىي ياۋروپادا بارلىق يەرلەرنىڭ ھەممىسىگە فېوداللار ئىگىدارلىق قىلاتتى، شۇڭا بۇ "خوجىسىز يەر بولماس" دەپ ئاتىلاتتى، چوڭ فېوداللار ئۆزىگە بىۋاستە باشقۇرىدىغان بىر پارچە يەر قالدۇرۇپ، قالغان يەرلەرنى كىچىك فېوداللارغا تەقسىم قىلىپ بېرەتتى، مۇشۇنداق قاتلاممۇ-قاتلام يەر تەقسىم قىلىپ بېرىش ئارقىسىدا فېودالىق تەبىقە تۈزۈمى ۋۇجۇتقا كەلگەن ئىدى، يۇقۇرىدىكىلەر خوجايىن، تۆۋەندىكىلەر مالاي دەپ ئاتىلاتتى. خوجايىن بىلەن مالاي ئوتتۇرىسىدا ئورتاق مەجبۇرىيەت بولاتتى، خوجايىن مالايىنى قوغدايتتى، مالاي خوجايىنىغا سادىق بولۇش ھەققىدە قەسەم بېرىپ، خوجايىن نامىدىن ئۇرۇشقا قاتنىشاتتى، ئۇنىڭغا مەلۇم پۇل ۋە نەرسە تاپشۇراتتى.

فېوداللار ئۆزلىرىنىڭ يەرلىرىنى قورۇقلارغا ئايرىپ باشقۇراتتى، تېپىك بىر قورۇق ئاساسىي جەھەتتىن بىر يېزا بولاتتى، قورۇق فېوداللارنى تۇرمۇشقا كېرەكلىك ئاز ساندىكى زىبۇ-زىننەت بۇيۇم-لىرىدىن باشقا، ھەممە نەرسە بىلەن جۇملىدىن تۈرلۈك دېھقانچىلىق-قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرى ۋە قول سانائەت مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەيتتى. فېوداللار ئىشلەپچىقىرىشنى ئۆزى باشقۇرماي-تتى، پەقەت خوجىدارلىرىنى ئەۋەتىپ يەر ئىجارىسى يىغىپ، پۈتۈن-لەي تەييارتاپلىق تۇرمۇش كەچۈرەتتى. دەسلەپكى مەزگىللەردە، فېوداللار يىل بويى ئۆزلىرىنىڭ بالا-چاقىلىرىنى ھەتتا ياساۋۇللىرى-نىمۇ ئارقىسىغا سېلىپ، جايلارنى ئارىلاپ يۈرەتتى، بۇ قورۇقتىن ئۇ قورۇققا بېرىپ، بارغانلا يېرىدە يەپ-ئىچىپ، قاقتى-سوقتى قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەيش-ئىشرەتلىك ھەۋەسىنى قاندۇراتتى.

ھەر بىر فېودال ئۆزىنىڭ تەۋەلىك دائىرىسىدە ئەڭ چوڭ ھۆكۈمران ھېسابلىناتتى، ئۇلار مەمۇرى ۋە ئەدلىيە چوڭ ھوقۇقىغا ئىگە بولۇۋېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ تەۋەلىك دائىرىسىدىكى ئاھالىنى خالىغانچە ئېزەتتى، مۇشۇنداق فېودallar خوجايىن دەپ ئاتىلاتتى. ئۇلار فېودال ئاقسۆڭەكلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۇنۋانى، مەسىلەن، كىنەز، گىراف، بارونلۇقتىن تارتىپ تا ئەڭ كىچىك ئاتلىقلارغىچە ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا مىراس بولۇپ قالاتتى. چوڭ فېوداللار پەۋقۇ-لئاددە زور ھوقۇققا ئىگە بولۇپ، ئۆزىنىڭ تەۋەلىك دائىرىسىدە سوت قۇراتتى، باج-سېلىق يىغاتتى، جازا قۇراتتى، مېتال پۇل چىقىر-راتتى، دېمەك، راستىنلا بىر يەرلىك خان بولۇۋالاتتى.

ئەينى زاماندا، غەربىي ياۋروپادا فېودالىلىق بولۇنۇش ھالىتى ئېغىر ئىدى، پادىشا ھاكىمىيىتى ئاجىز ئىدى، پادىشا نۇرغۇن فېودال

ئاقسۆڭەكلەرنىڭ بىرلا ھىساپلىناتتى. تەسىر كۆچىمۇ، كۆپ ھال-
لاردا، ئاجىزراق ئىدى. مەملىكەت خاراكتېرلىق مەمۇرى سىستېما،
باج ئېلىش تۈزۈمى، ئەدلىيە ئورگىنى، بىرلىككە كەلگەن قانۇن
يوق ئىدى، پادىشانىڭ قولىدىمۇ دائىمى ئارمىيە يوق ئىدى. فېوداللار
ئوتتۇرىسىدا، ئاساسەن، يەرنى سۈيۈرغال قىلىشقا تايىنىش ئارقىسىدا
بارلىققا كەلگەن مۇناسىۋەت ساقلانغان ئىدى، ئەمما فېودالدا ئۆزى-
نىڭ بېقىندىسىنىڭ بېقىندىسىنى بىۋاسىتە باشقۇرۇش ھوقۇقى
بولمايتتى، بۇ "بېقىندامنىڭ بېقىندىسى ماڭا بېقىندا ئەمەس"
دېگەنلىكتۇر. شۇڭا فېوداللىق بولۇنۇش ھالىتى ئېغىر، توقۇنۇشلارمۇ
كەسكىن ئىدى، دائىم ئۇرۇش بولۇپ تۇراتتى.

پادىشا ھاكىمىيىتىنىڭ ئاجىزلىشىپ كەتكەنلىكى ھوكۇمران سىنىپ-
لارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھوقۇق تەقسىماتى مەسىلىسى بولۇپ،
بۇ ھال فېوداللىق دۆلەتتىكى سىنىپىي ئېزىلىش قاتتىق ئەمەس دېگەن
مەنىنى بىلدۈرمەيتتى. ئەينى زاماندا فېوداللار يانچىلار ئۈستىدىن
دەھشەتلىك دىكتاتۇرا يۈرگۈزۈپ، يانچىلارنى ھەممە سىياسى
ھوقۇقتىن مەھرۇم قىلغان ئىدى، شۇڭا ئۇلار جەمىيەتتە ئەڭ تۆۋەن
قاتلام بولۇپ ئوتەتتى. ئۇلارنىڭ قولىغا قورال ئېلىپ ئۇرۇشقا
قاتنىشىشىغا يول قويۇلمايتتى. بۇ فېوداللىق دۆلەتنىڭ سىنىپىي
ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىدۇ.

**دېھقانلارنىڭ ئەھۋالى** غەربىي ياۋروپانىڭ فېوداللىق جەمى-
يىتىدىكى دېھقانلارنىڭ ھەممىسى ئاساسىي جەھەتتىن يانچىلار
ئىدى. ئۇلار قۇللارغا ئوخشىمايتتى، فېوداللىق جەمىيەتتىكى
دېھقانلارنىڭ ئۆز ئائىلىدىغا مۇستەقىل ئىگىلىكى، ئۆزلىرى تېرىيدى-
غان كىچىك پارچە يەرلىرى ۋە ئۆزلىرى ئىشلىتىدىغان ئاددى دېھقان-

چىلىق قۇللىرى بولاتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلاردا قۇللارغا قارىغاندا بىرقەدەر زور ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقى بولاتتى. فېئوداللار دېخانلارنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىش ئۈچۈن، زورلۇق كۈچ بىلەن بولىدىغان ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، دېخانلارنى يەرگە باغلاپ قويۇپ، جىسمانىي جەھەتتىن ئاسارەتتە تۇتاتتى. شۇ چاغدىكى ئىشلەپچىقىرىش ۋە باشقا شارائىتلارنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا، غەربىي ياۋروپادىكى فېئوداللار دېخانلارنى ناھايىتى قاتتىق تىزگىنلىگەن، دېخانلارنىڭ ھەممىسى جىسمانىي ئەركىنلىكتىن مەھرۇم بولغان، بۇنداق دېخانلار يانچىلار دەپ ئاتالغان. يانچىلارنى فېئوداللار ئۆز مەيلىچە ئۆلتۈرەلمىگەندىن باشقا، يانچىلار ئىنسانلىق قەدىر-قىممىتى جەھەتتىن قۇللار بىلەن ئوپ-ئوخشاش ئىدى. شۇڭا ئېنگېلس مۇنداق دېگەن ئىدى: ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى يانچىلىق تۈزۈمىدە "قەدىمقى دەۋردىكى قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ نۇرغۇن تەركىپلىرى بار ئىدى"①.

يانچىلار ئىقتىسادىي جەھەتتىن فېئوداللارنىڭ ئېكسپلاتاتسىيىسىگە ئۇچرىغان، شۇ چاغدا ئەمگەك بىلەن تۆلىنىدىغان يەر ئىجارىسى ئاساسىي ئېكسپلاتاتسىيە شەكلى بولغان. غەربىي ياۋروپادىكى قورۇقلارنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرى ئادەتتە ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن: بىر قىسمى فېئوداللارغا بىۋاسىتە قاراشلىق يەر بولۇپ، بۇنىڭدىن چىققان ھوسۇلنىڭ ھەممىسى فېئوداللارغا تەئەللۇق بولغان، يەنە بىر قىسمى يانچىلارغا بەرگەن ئۈلۈش يەر بولۇپ، بۇ يەردىن

---

① ئېنگېلس: «مارك»، «ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 19-توم، 364-بەت.

www.uyghurkitap.com



ئېلىنغان ھوسۇل يانچىلارغا تەئەللۇق بولغان. يانچىلار ئۆزلىرىنىڭ قورال-سايمانلىرى بىلەن فېئودالنىڭ يېرىگە ئادەتتە ھەر ھەپتىدە 3 كۈن ھەقسىز ئىشلەپ بېرەتتى. دېھقانچىلىق ئالدىراش بولغان مەزگىللەردە، يەنە يانچىلارنىڭ ھەقسىز ئەمگەك قىلىپ بېرىش ۋاقتى مەجبۇرى رەۋىشتە ئۇزارتىلاتتى. بۇنىڭدىن باشقا، يانچىلار يەنە ئوتۇن ئېپكېلىش، ئوت-چۆپ ئورۇش، يول ياساش، كۆۋرۈك سېلىش، ئۆي سېلىشقا ئوخشاش ئىشلارنى ۋە خىلمۇ-خىل ئۇششاق-چۈششەك ئىشلارنى قىلاتتى. فېئودالار سىرتقا چىقىپ ئۇرۇش قىلغاندا، يانچىلار ئاشلىق، ۋە يوت-چۆپ توشۇيتتى، ئات-ئۇلاغلارنى باقاتتى. شۇنداق قىلىپ، بىر يىلدا ئېشىپ قالغان ۋاقىت ئانچە كۆپ بولمايتتى. يانچىلار كۆپ ھاللاردا ئۆزلىرىنىڭ يەرلىرىنى تېرىشقا ۋاقىت چىقىرالمايتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە دېھقانچىلىق پەسىللىرىنى دائىم قولدىن كەتكۈزۈپ قوياتتى.

يانچى جىسمانىي جەھەتتىن ئەركىن ئەمەس ئىدى، مەلۇم بىر فېئودالغا قاراشلىق بولۇپ، فېئودالغا جان بېجى تاپشۇراتتى. قانۇن يانچىدا مال-مۈلۈك ھوقۇقى بولىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلمايتتى، يانچى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، بالىلىرى مال-مۈلۈككە ۋارىسلىق قىلىش ۋاقتىدا، فېئودالارغا ۋارىسلىق قىلىش بېجى (بۇ ئىستىقامەت بېجى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) تاپشۇراتتى. كۆچۈش ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم ئىدى، ئەگەر باشقا يېزىدىكىلەر بىلەن نىكالانماقچى بولسا، نىكا بېجى تاپشۇراتتى. قانۇن بويىچە، يانچى فېئودالارنىڭ سوتىدا سوراقتا تارتىلسا، بۇنىڭ ئۈچۈنمۇ خىلمۇ-خىل باج-سېلىق تاپشۇراتتى.

يانچىلارنىڭ زىممىسىگە چۈشكەن ھەر خىل سېلىقلارنى ساناپ

تۈگەتكىلى بولمايتتى. ياتچىلار ئەسلىدىنلا جامائەگە تەۋە يەرلەر-دىكى ئورمانلىقلار، يايلاقلار ۋە باشقىلاردىن پايدىلىنىش ئۈچۈن، فېئوداللارغا خىراج تاپشۇرۇش كېرەك ئىدى. تۈگمەن، بولكا ئوچىقى قاتارلىقلارنى ئىشلىتىش ئۈچۈنمۇ فېئوداللارغا خىراج تاپشۇراتتى. بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، يەنە فېئوداللارغا خىلمۇ-خىل نەرسىلەرنى، مەسىلەن، تۇخۇم، مېۋە-چېۋە، قوي يۇڭى، كەندىر، توخۇ، چوشقا، چىراق يېغى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى تاپشۇرۇشى لازىم ئىدى. دىنىي جەمئىيەتلەرگىمۇ ئۆشرە ۋە باشقا باجلارنى تاپشۇرۇشى كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە فېئودالىلىق دۆلەتنىڭ تۈرلۈك ئېغىر ئالۋاڭ-ياساقلىرىمۇ بارا-بارا ياتچىلارنىڭ ئۈستىگە چۈشكەن ئىدى. فېئوداللار ياتچىلارنى دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر تامچا قېنىنىمۇ قويماي پۈتۈنلەي شورۇۋالاتتى، ياتچىلار ئۈچىسى ئىلىنغىدەك كىيىم، قورسىقى تويـ-غۇدەك ئاش كۆرمەي، ئۆمۈر بويى جاپا چېكىپ، ھايۋاندىن بەتتەر تۇرمۇش كەچۈرەتتى.

فېئودالارنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىسى ۋە زۇلمىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، غەربىي ياۋروپادىكى دېخانلار بۇرۇندىنلا قارشىلىق كور-سىتىپ كەلگەن. 9-ئەسىردە، گېرمانىيىدە ساكسونىيە دېخانلىرى كەڭ كۆلەملىك قوزغىلاڭ كۆتىرىپ، فېئوداللارنى قوغلاپ چىقىرىپ، بۇرۇنقى ئەركىنلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلغان. 10-ئەسىردە، فرانسىيەدىكى نورماندىيىدىمۇ دېخانلارنىڭ فېئوداللارنىڭ ئەمىر-پەرمان چىقىرىپ ئېزىشىگە قارشى تۇرۇش، ھەر خىل ھوقۇق-لارنى قولىغا كەلتۈرۈش يولىدا ئېلىپ بارغان ھەرىكەتلىرى قوز-غىلىپ، دەھشەتلىك تۈردە باستۇرۇلغان. 1024-يىلى فرانسىيەدىكى

برىتانىيىدە دىخانلار قوزغىلىڭى پارتلىغان، قوزغىلاڭچىلار فېوداللارنى ئۆلتۈرگەن، نۇرغۇن قەلئەلەرنى كۆيدۈرۈۋەتكەن ھەمدە باستۇرۇشقا كەلگەن فېودالالارغا قارشى قاتتىق جەڭ قىلىپ، ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان باتۇرلۇقىنى ئىپادىلىگەن. بۇ قوزغىلاڭلار فېودال كۈچلەرگە زەربە بېرىپ، دىخانلارنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلىغان، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق بولغان.

## 2-بۆلۈم غەربىي ياۋروپادا فېوداللىق جەمئىيەتنىڭ راۋاجلىنىشى

**شەھەرلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى** 11-ئەسىردە غەربىي ياۋروپادىكى فېوداللىق جەمئىيەت كۆزگە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە راۋاجلانغان، شەھەرلەرنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكى مانا بۇنىڭ بەلگىلىرىدىن بىرى. بۇرۇنقى زاماندىكى فېودال غەربىي ياۋروپادا شەھەرلەر يوق، تەبىي ئىگىلىكنىڭ خاراكتېرى ئىنتايىن گەۋدىلىك ئىدى. كەنتلەر خىلۋەت ئىقتىسادىي بىرلىك بولۇپ، بۇنىڭدا يېزا ئىگىلىكى ئاساس قىلىناتتى، ئاددىي قول سانائەتمۇ بولاتتى، بۇلارنىڭ تولىسى ئائىلە قوشۇمچە كەسىپ شەكلىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇراتتى، ئەرلەر تېرىقچىلىق قىلاتتى، ئاياللار توقۇمىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى، ئۇلار چەت بىلەن ھېچقانداق ئالاقە قىلمايتتى. ئالماشتۇرۇش ئىشلىرى ناھايىتى ئاز بولغاچقا، سودا-سانائەت مەركىزى بولغان شەھەرلەر يوق ئىدى، ھەتتا بۇرۇنقى زاماندىكى رىم شەھەرلىرىمۇ ئەسكىرەپ ۋەيران بولۇپ كەتكەن. بۇنداق ئەھۋال شۇ چاغدىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ

تۇۋەن بولغانلىقى ۋە گېرمانلارنىڭ باشلانغۇچ جەمئىيەتتىن بىۋاستە فېوداللىق جەمئىيەتكە كىرگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ئېنگېلس مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن ئىدى: "ئوتتۇرا ئەسىر ياۋايى باشلانغۇچ ھالەتتىن تەرەققىي قىلىپ كەلگەن"①، شۇڭا ئۇ ئۆرگۈن نەرسىلەرنى باشتىن قىلىشقا توغرا كېلەتتى.

ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئۈزلۈكسىز تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا، 11-ئەسىردە غەربىي ياۋروپادا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى مەلۇم دەرىجىدە ئۆسكەن، بۇنىڭ بىلەن ئېتىزدا دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى كۆپەيگەنلىكتىن، قول سانائەت كۈندىن-كۈنگە يېزا ئىگىلىكىدىن ئاجرىلىپ چىققان. ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىنىڭ راۋاجلىنىشى ئارقىسىدا، ئالماشتۇرۇش بىرقەدەر نورمال بولغان، مەخسۇس سودا-سانائەتچىلەر يېزىلاردىن ئاجرىلىپ چىقىپ، قورول، ئىبادەتخانىنىڭ ئەتراپلىرى ۋە كۆۋرۈك، كوچىنىڭ ئاغزى قاتارلىق جايلارغا توپلىشىپ، مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن ئاستا-ئاستا سودا-سانائەت شەھەرلىرى بارلىققا كەلگەن. شەھەرلەر فېوداللارنىڭ ئىگىلىك زېمىنىدا بارلىققا كەلگەنلىكتىن، فېودال لار شەھەرنى ئۆزەمنىڭ خۇسۇسىي مۈلكۈم دەپ قاراپ، خالىغىنىچە قاقتى-سوقتى قىلغان. شەھەرلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە راۋاجلىنىشى ئۈچۈن، باشتىلا فېودال لارغا قارشى كەسكىن كۈرەشلەر قانات يايدۇرۇلغان. مەسىلەن، 11-ئەسىردە ئىتالىيىدە مىلان شەھىرى خەلقى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، فېودال لارنى قوغلاپ چىقارغان، فرانسىيىدىكى لان

① ئېنگېلس: «گېرمانىيىدىكى دېھقانلار ئۇرۇشى». «ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 7-توم، 400-بەت.

شەھەرى خەلقى 12 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتىرىپ، باش ئېپىسكوپنى ئۆلتۈرۈپ، مۇختارىيەت جامائەسىنى قۇرغان ۋە باشقىلار. قوراللىق كۈرەش ياكى پۇل بىلەن سېتىۋېلىش ئارقىلىق غەربىي ياۋروپادىكى نۇرغۇن شەھەرلەر مۇختارىيەت ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرگەن.

شەھەرلەردە مۇختارىيەتنىڭ تەشكىلىي شەكلى ئەسلىدىكى ماك جامائەسىنىڭ ئاساسىدا راۋاجلانغان. چۈنكى شەھەر ئاھالىسىنىڭ تولىسى يېزىلاردىن كەلگەن ۋە يېزا جامائەسىنىڭ قالدۇق تەشكىللىرى ئۇلارنىڭ ئېسىدە ھېلىقىدەك ئېنىق تۇرغاچقا، ئۇلار مۇشۇنداق شەكىلگە تەقلىد قىلىپ، شەھەرلەردە مۇختارىيەت ئورگانلىرىنى تەشكىل قىلغان. مۇختارىيەت يولغا قويۇلغان شەھەرلەردە سايلام ئارقىلىق شەھەرلىك پارلامېنت ۋە باشقا ھۆكۈمەت خادىملىرى بارلىققا كەلتۈرۈلگەن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ سودى. قوراللىق خەلق ئەسكىرى، باج ـ مالىيە سىستېمىلىرى ۋە باشقىلارنى قۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىشىنى ئۆزلىرى باشقۇرغان، فېئودالλارغا پەقەت بەلگىلىك مىقداردا پۇللا تاپشۇرغان. شەھەرلەرنىڭ مۇختارىيەت ھوقۇقى غەربىي ياۋروپادا ئوخشاشمۇ بولۇپ كەتمىگەن، بەزىلىرى، مەسىلەن، ئىتالىيىنىڭ ۋېنېتسىيە. گېنۇيە قاتارلىق شەھەرلىرى تەرەققىي قىلىپ مۇستەقىل شەھەر جۇمھۇرىيىتىگە ئايلىنىپ، ئۆز ئالدىغا ئۇرۇش ئېلان قىلىش، سۈلھى تۈزۈش، پۇل قويۇشقا ئىمكانىيەت ياراتقان: بەزىلىرى پەقەت بىرەلا ئىمتىيازغا ئىگە بولالىغان، فېئودالλار يەنىلا شەھەرلەرگە ئەمەلدار ئەۋەتىپ، بۇ شەھەرلەرنى شۇ شەھەرلەردىكى سايلام ئورگانلىرى بىلەن بىرلىكتە باشقۇرغان؛ يەنە بەزى شەھەرلەرنىڭ پۈتۈنلەي مۇختارىيەت ھوقۇقى بولمىغان. ئەمما ئۇمۇمەن قىلىپ

ئېيتقاندا، غەربىي ياۋروپادا شەھەر مۇختارىيەت ھوقۇقىنىڭ ئۇزاق مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقى ئۇنىڭ شەرقتىكى دۆلەتلەرنىڭ فېئوداللىق شەھىرىگە ئوخشىمايدىغان بىر چوڭ ئالاھىدىلىكى. ئەلۋەتتە، غەربىي ياۋروپادىكى شەھەر ھاكىمىيىتى يەنىلا فېئوداللىق خاراكتېردا ئىدى، شۇنداقلا بۇ ھاكىمىيەت فېئودال شەھەر ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ۋە ئېزىش ئورگىنى ئىدى، مۇختارىيەت شەكلى بۇنداق ماھىيەتنى ئۆزگەرتەلمەيتتى.

شەھەر ئاھالىسى، ئاساسەن، سودا-سانائەتچىلەر بولۇپ، ئەركىن كىشىلەر ھېساپلىناتتى. ئەگەر بىرەر يانچى شەھەرگە قېچىپ كىرىۋالغاندىن كېيىن بىر يىل بىر كۈن تۇتقان بولسا، ئەركىن كىشى دېگەن لاياقەتكە ئىگە بولاتتى. «شەھەر ھاۋاسى كىشىنى ئەركىن قىلىدۇ» دېگەن سۆز مۇشۇ مەنىدە ئېيتىلغان. سىنىپىي كۈرەشنىڭ كەسكىنلىشىشىگە ئەگىشىپ، يانچىلار ئارقا-ئارقىدىن شەھەرلەرگە قېچىپ كىرگەچكە، شەھەرلەرنىڭ تەرەققىياتىدىمۇ يانچىلارنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرەشلىرىنىڭ كۆچەيگەنلىكى ئەكس ئېتىپ تۇرغان ئىدى.

ئۇستىقىل ئۇششاق تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىلار بولغان شەھەر قول سانائەتچىلىرىنىڭ ئۆز ئىشخانىلىرى، قورال-سايمانلىرى بولاتتى، مەھسۇلاتنى ئۆزى ئىشلەپچىقىرىپ، ئۆزى ساتاتتى. ئۇستىلىرىغا ياردەملىشىپ ئىشلەپ ھۈنەر ئۆگىنىدىغان بىر-ئىككى شاگىرتى بولاتتى. شاگىرتلار ئۇستىكار بولغاندىن كېيىن ئىمتىكار دەپ ئاتىلىپ، ئۇستىسىنىڭ يېنىدا بىر-ئىككى يىل ئىشلەپ، مەلۇم پۇل توپلاپ، سىناقتىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇستا بولۇپ، ئۆز ئالدىغا دۇكان ئاچاتتى.. ئوخشاش كەسىپتىكى كاسىپلار بىرلىشىپ كەسىپداشلار ئۇيۇشمىسى قۇراتتى، باشقۇرۇش ئورگانلىرىنى سايلاپ چىقاتتى، مەلۇم خىراجەت تاپشۇرۇپ، پاراۋانلىق-ھەمكارلىقنى

يولغا قويالتى، مۇقىملىقنى ساقلاپ، رىقابەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، قائىدە-تۈزۈم تۈزەتتى، مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتى ۋە باھاسىنى بەلگىلەپ چىقاتتى.

شەھەرلەردە باي-كەمبەغەللىك بولۇنۇش ئۈزلۈكسىز پەيدا بولۇپ، بارا-بارا ئۈچ تەبىقە كېلىپ چىققان. چوڭ سودىگەرلەر، كاتتا زېمىندارلار شەھەر ئاقسۆڭەكلىرى ھېساپلىناتتى؛ ئارىلىقتىكى تەبىقە بولغان كاسىپلار، ئۇششاق تىجارەتچىلەر شەھەر ئاھالىسى دەپ ئاتىلاتتى؛ ئەڭ نامرات بولغان مەدىكارلار، شاگىرتلار شەھەر كەمبەغەللىرى بولۇپ، ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە زۇلۇمغا ئۇچرايتتى. شەھەر ھاكىمىيىتىنى پۈتۈنلەي شەھەر ئاقسۆڭەكلىرى ئۆز چاڭگىلىدا تۇتاتتى، كۆپ ھاللاردا، شەھەر ئاھالىسىمۇ ھاكىمىيەتكە ئېلىشالمايتتى، سايلام بىر خىل شەكىللا ئىدى.

شەھەرلەرنىڭ پەيدا بولۇشى سىنىپىي كۈرەش ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە سەۋەبچى بولدى. شەھەر سودا-سانائەتچىلەرنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلغاچقا، ئەركىن سودىنى يولغا قويۇشنى تەلەپ قىلغان، پادىشا ھاكىمىيىتىنىڭ كۈچىيىشى ۋە دۆلەتنىڭ بىرلىككە كېلىشىنى قوللىغان، فېئوداللىق تەپرىقىقە قارشى تۇرغان. دەل شەھەرلەرنىڭ قوللىشى بىلەن، ئەنگلىيە، فرانسىيە قاتارلىق بەزى دۆلەتلەرنىڭ پادىشا ھاكىمىيىتى بارا-بارا كۈچەيگەن. شەھەرلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى سىنىپىي كۈرەشمۇ ناھايىتى كەسكىن بولغان. شەھەر ئاقسۆڭەكلىرى، شەھەر ئاھالىسى ۋە شەھەر كەمبەغەللىرى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشلەر ئەۋج ئالغان ۋە بۇ كۈرەشلەر يېزىلاردىكى كۈرەشلەر بىلەنمۇ بىر بىرىگە ماسلاشقان. شەھەر ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن فېئودال ئاقسۆڭەكلەر ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈپ، شەھەردىكى

www.uyghurkitap.com

باشقا ئاھالىنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلغان ۋە ئەزگەن. شەھەر ئاھالىسى ھەم ئاقسۆڭەكلەرنىڭ زورلۇق-زومبۇلۇقىغا قارشى تۇرغان، ھەم دېھقانلار، كەمبەغەللەرنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلغان ۋە ئەزگەن. شۇڭلاشقا، كۈرەش جەريانىدا، كۆپ ھاللاردا، ئۇلارنىڭ ئىككى يۈزلىملىكلىكى ئاشكارا بولۇپ قالغان. شەھەر كەمبەغەللىرى دېھقانلارنىڭ فېئوداللىققا قارشى تۇرۇشتىكى ئىشەنچلىك ئىتتىپاقچىسى بولغان ھەمدە كۆپ ھاللاردا، ئۆزىنىڭ پۈرولېتارلىق ئورنىنى چىقىش قىلىپ، مال-مۈلۈكنى ئومۇمنىڭ قىلىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان، بۇنداق ئەھۋالنى كېيىنكى دېھقانلار تۇرۇشىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

**فرانسىيەدە پادىشا ھاكىمىيىتىنىڭ كۈچىيىشى** 843-يىلى ۋېردېن شەرتنامىسىدىن كېيىن، فرانك دۆلىتىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى جايلار فرانسىيە بولغان. دەسلەپكى چاغلاردا فرانسىيەدە بۆلگۈنچىلىك-تەپرىقىچىلىك ناھايىتى ئېغىر بولغان، جەنۇپ بىلەن شىمال ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرمۇ چوڭراق بولغان، تىل، ئۆرپ-ئادەت، ئىقتىسادىي ئەھۋاللارمۇ بەكلا پەرقلىق بولغان. پادىشا ھاكىمىيىتى ئاجىزلىشىپ كەتكەنلىكتىن، پادىشا ئىلكىدە پەقەت لۇۋار دەرياسى بىلەن سېنا دەرياسى ئارىلىقىدىكى تار ۋە ئۇزۇن كەتكەن يەرلەرلا قالغان، ئۇنىڭدىن باشقا جايلاردىكى فېئوداللار پادىشانىڭ ئەمرىگە بويى سۇنمىغان. 1154-يىلى ئانجۇنىڭ بارونى ھېنرى ئەنگلىيەنىڭ پادىشاسى قىلىنغان، ھېنرى فرانسىيەنىڭ ئانجۇ، مېن، تۈرېن، نورماندىيە، ئاكۋىتانىيە قاتارلىق جايلىرىنى ئۆز ئىلكىگە ئالغان. بۇ يەرلەر فرانسىيەنىڭ يېرىمىدىن

كوپرەگىنى تەشكىل قىلغان.① فرانسىيە بىرلىككە كېلىش ئۈچۈن، ئەنگلىيىگە قارشى كۈرەش قىلغان، بۇ كۈرەش سوزۇلۇپ بىرقانچە ئەسىر داۋام قىلغان.

فرانسىيە پادىشاسى فىلىپ II (1180—1223) يەر-زېمىن تالىشىپ ئەنگلىيە پادىشاغا قارشى كۈرەشنى ئەۋج ئالدۇرغان. ئۇ شەھەرلەرنىڭ قوللىشىغا تايىنىپ، دىپلوماتىك ۋاستە ۋە ھەربىي كۈچلەردىن پايدىلىنىپ، ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ ئانجۇ، مېن، تۇرېن، نورماندىيە قاتارلىق جايلارنى قايتۇرۇۋېلىپ، پادىشا زېمىنىنى نەچچە ھەسسە كېڭەيتكەن. لۇئى IX (1226—1270) زامانىسىدە، فېئوداللارنىڭ توپىلىڭى تىنچلاندۇرۇلۇپ، فېئوداللار ئوتتۇرىسىدىكى شەخسىي ئۇرۇش چەكلەنگەن. پادىشانىڭ ئەدلىيە ھوقۇقى كېڭەيتىلگەن ھەمدە پۇل قۇيغان، بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن مەملىكەت بويىچە پۇل تېزلا بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى پادىشا ھاكىمىيىتىنى كۈچەيتىشكە پايدىلىق بولغان.

فىلىپ IV (1285—1314) زامانىسىدە، فرانسىيىدە پادىشا ھاكىمىيىتى داۋاملىق كۈچەيگەن. فىلىپ 1302-يىلى فرانسىيە تارىخىدا تۇنجى قېتىملىق ئۈچ تەبىقە يىغىنىنى ئاچقان، ئۈچ

① غەربىي ياۋروپادىكى فېئودال ئاقسۆڭەكلەر جەمئىيىتى ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا نىكالىنىش ئۆز زېمىنىنى كېڭەيتىشنىڭ بىر خىل ۋاستىسى بولغان. ھېنرىنىڭ ئاپىسى ئەنگلىيە پادىشاسى ھېنرى I نىڭ قىزى، ئاتىسى ئانجۇنىڭ بارونى. ھېنرى I نىڭ ئوغلى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئوغۇل نەۋرىسى (قىزىنىڭ ئوغلى) ھېنرى پادىشالىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلغان، شۇڭا ھېنرى II (1154—1189) دەپ ئاتالغان. ئەنگلىيە پادىشاسى ھېنرى II ئەنگلىيە، فرانسىيىنىڭ كەڭ يەرلىرىنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالغان.

تەبىقە يىغىنىغا دىنىي جەمىيەت ئاقسۆڭەكلىرى، دەھرىي ئاقسۆڭەكلەر ۋە شەھەر ئاھالىسىدىن ئىبارەت ئۈچ تەبىقىنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشقان، يىغىننىڭ ئېچىلىش ۋاقتى ۋە ۋەكىللەرنىڭ سانى پادىشا تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. يېڭى باجنى تەقسىم قىلىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىش يىغىننىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى بولغان، يىغىن ئېچىلغاندا بۇ مەسىلىنى ھەرقايسى تەبىقىلەر ئايرىم-ئايرىم مۇزاكىرە قىلغان، ئەڭ ئاخىرقى ئاۋازغا قويغان چاغدا، ھەر بىر تەبىقە پەقەت بىرلا ئاۋاز بېرىش ھوقۇقىغا ئىگە بولغان. كەڭ دېھقانلار ۋە شەھەر كەمبەغەللىرىنىڭ ئۈچ تەبىقە يىغىندا زادى ۋەكىللىرى بولمىغان. ئۈچ تەبىقە يىغىنىنىڭ ئېچىلىشى شەھەر ئاھالىسى كۈچىنىڭ ئۆسكەنلىكىنى، پادىشا بىلەن شەھەر ئاھالىسى ئىتتىپاقىنىڭ مۇقىم شەكىلگە كىرگەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، فرانسىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە پايدىلىق بولغان. پادىشا بىلەن تەبىقە ۋەكىللىرى يىغىنى بىرلەشتۈرۈلگەن بۇنداق ھاكىمىيەت شەكلى تەبىقە-پادىشالىق تۈزۈمى دەپ ئاتالغان.

**ئەنگلىيەدە پادىشا ھاكىمىيىتىنىڭ راۋاجلىنىشى** ئانگلو-ساكسونلارنىڭ 5-، 6-ئەسىرلەردە برىتانىيىگە كىرىشى بىلەن بەزى كىچىك دۆلەتلەر شەكىللەنگەن، بۇ دۆلەتلەر ئۈزلۈكسىز تۈردە بىرىنى بىرى ئۆزىگە قوشۇۋالغان. 1066-يىلى فرانسىيىنىڭ نورماندىيە كىنەزى ۋىلگېلم ئەسكەر باشلاپ تاجاۋۇز قىلىپ كېلىپ ئەنگلىيىنى بويسۇندۇرغان ۋە پادىشالىق تاجىنى كىيىپ، ۋىلگېلم I (1066—1087) دەپ ئاتالغان.

ۋىلگېلم I ئىستىلا قىلىش ئاساسىدا بىرقەدەر كۈچلۈك پادىشا ھاكىمىيىتىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن. ئۇ پۈتۈن مەملىكەتتىكى تېرىل-

غۇ يەرنىڭ يەتتىدىن بىرىنى ۋە كەڭ ئورمانلىقلارنى قولغا كىرگۈزۈ-
ۋېلىپ، ئۆزىگە سادىق بولۇش تومۇرىسىدا جىمىكى فېئودالالارغا قەسەم
ئىچمىش، ئۇنىڭ بىۋاسىتە باشقۇرۇشىغا ئىستائەت قىلىش ھەققىدە
ئەمر چۈشۈرگەن. باج-سېلىق ئېلىش ئۈچۈن 1086-يىلى پۈتۈن
مەملىكەت بويىچە يەر تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان، فېئودالىلارنىڭ
ئىگىدارلىقىدىكى يەر، بېقىندىلار ۋە قورۇقلارنىڭ يەر ئەھۋالى،
ئائىلە ئەھۋالى، مال-مۈلۈك ئەھۋالىنى تەپسىلىي تەكشۈرگەن ۋە
تىزىمغا ئالغان. تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى تۈزۈپ كىتاب قىلىپ
چىقىپ، بۇنى "قىيامەت سورىقى"① دەپ ئاتىغان. تەكشۈرۈش
ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئەنگلىيىدە مۇتلەق زور كۆپچىلىك يەرلەر
فېئودالىلارنىڭ ئىگىدارلىقىدا بولغان، كەڭ بىۋاسىتە ئىشلەپچىقار-
غۇچىلارنىڭ كۆپ قىسمى يانچىلارغا ئايلانغان. فېئودالىلىق تۈزۈم
شەكىللەنگەن.

ۋىلگېلم ئۆلگەندىن كېيىن پادىشا ھاكىمىيىتى ئۈزلۈكسىز تۈردە
كۈچەيگەن بولسىمۇ، ئەمما فېئودال تەبىقە كۈچلەر ناھايىتى
كۈچلۈك بولغانلىقتىن، تۇرۇپ-تۇرۇپ پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇپ
تۇرغان. جون لاكلاند (1199—1216) ھوكۇم سۈرگەن چاغلاردا،
فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنىڭ پۇللىرىنى، يەرلىرىنى ئاقتى-سوقتى قىلغان-
لىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە فرانسىيىدىكى كەڭ زېمىننى قولدىن بېرىپ
قويغانلىقى ئۈچۈن، نارازىلىقلار كېلىپ چىققان. فېئودالالار بىرلىشىپ

① بۇ ئاتالغۇنىڭ كېلىپ چىقىشى، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، تەكشۈرگەندە، خۇددى كاتولىك دىنىنىڭ قىيامەت سورىقى ئالدىدىكىدەك ھەر بىر ئادەم راست گەپ قىلىشى كېرەك ئىكەن.

توپىلاڭ كۆتىرىپ، جون لاكىلاندنى 1215 ـ يىل 6 ـ ئايدا ئاساسىي نىزامنى ئىمزالاشقا مەجبۇر قىلغان.

ئاساسىي نىزامنىڭ مۇھىم مەزمۇنى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ھوقۇقىنى پادىشانىڭ دەخلى ـ تەرۇزىگە ئۇچراتماي، قوغداشتىن ئىبارەت ئىدى. بۇ ئاساسىي نىزامدا پادىشا فېئودالاردىن خالىغانچە ئولپان ـ سېلىق ئالالمايدۇ. ئاقسۆڭەكلەرنى مەيلىچە قولغا ئالالمايدۇ ۋە ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى مۇسادىرە قىلالمايدۇ، ۋاھاكازا دەپ بەلگىلەنگەن. ھەتتا يەنە، ئەگەر پادىشا بۇ بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلسا، فېئوداللار قورال كۈچى بىلەن قارشى تۇرۇش ھوقۇقىغىمۇ ئىگە، دىگەن بىر چۈشەندۈرۈشمۇ كىرگۈزۈلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، ئاز ساندا شەھەر ئاھالىسىگە مۇناسىۋەتلىك، مەسىلەن، سودا ئەركىنلىكىنى قوغداش، ئۆلچەمنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە باشقىلار توغرىسىدىكى بەزى ماددىلارمۇ كىرگۈزۈلگەن. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، ئاساسىي نىزامنىڭ ئاساسىي روھى پادىشا ھاكىمىيىتىنى چەكلەشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇنىڭدا شۇ چاغلاردا ئارقىغا چېكىنىش خاھىشى بار ئىدى، پەقەتلا شەھەر، سودا ـ سانائەت ۋە باشقىلارغا ئالاقىدار ماددىلارلا ئىجابى ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. كېيىن، ئەنگلىيە بۇرژۇئازىيىسى فېئودال پادىشا ھاكىمىيىتىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئاساسىي نىزامنىڭ بەزى ماددىلىرىنى ئومۇمى خەلق ئەھمىيىتىگە ئىگە دەپ چۈشەندۈرگەن، شۇڭا بۇرژۇئازىيە بۇ ئاساسىي نىزامنى ئەنگلىيە ئاساسىي قانۇنىنىڭ ئۇلى دەپ تا بۈگۈنگىچە ماختاپ كەلمەكتە. ئەمەلىيەتتە، ئاساسىي نىزام كېيىن چۈشەندۈرۈپ ئۆتكەندىكىدەك، بۇرژۇئازىيە تەرغىپ قىلغان ئەركىنلىك، خەلق ھوقۇقى دىگەنگە ئوخشاش روھلار بولمىغان، بەلكى پۈتۈنلەي

فېئوداللىق خاراكتېردىكى بىر ھۆججەت ئىدى.

جون ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا ئاساسىي نىزامنى ئىنكار قىلغان، شۇنىڭ بىلەن فېئوداللىق ئىچكى ئۇرۇش كېلىپ چىققان، ئۇ ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ئىچكى ئۇرۇش داۋاملىشىۋەرگەن. 13-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلىرى دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئۆزىنى قوللايدىغان كۈچ ئىزدەش مەقسىدىدە پارلامېنت يىغىنىنى چاقىرىشقا باشلىغان. بىرىنچى قېتىملىق پارلامېنت يىغىنى 1265-يىلى ئېچىلغان. بۇ يىغىنغا چوڭ ئاقسۆڭەكلەرلا قاتنىشىپ قالماستىن، بەلكى يەرلىك ئاتلىقلار ۋە شەھەر ئاھالىسىنىڭ ۋەكىللىرىمۇ قاتناشقان. 14-ئەسىردە، پارلامېنت يۇقىرى پالاتا ۋە تۆۋەن پالاتا دىگەن ئىككى بۆلۈككە بۆلۈنگەن، يۇقىرى پالاتا تەقۋادار ئاقسۆڭەكلەردىن تەركىب تاپقان، تۆۋەن پالاتا ئاتلىقلار ۋە شەھەر ئاھالىسى ۋەكىللىرىدىن تەركىب تاپقان، ئۇنىڭ ئاساسىي خىزمەت ھوقۇقى باج ئېلىشنى مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتىشتىن ئىبارەت بولغان، كېيىن يەنە قانۇن تۈزۈش ھوقۇقىغا ئېرىشكەن، شۇنداق قىلىپ ئەنگلىيىدىمۇ تەبىقىلىق پادىشالىق تۈزۈم ئورنىتىلغان. فرانسىيىدىكى ئۈچ دەرىجىلىك يىغىنغا ئوخشاش، ئەنگلىيە پارلامېنتىمۇ پۈتۈنلەي فېئودال دۆلەت ئاپپاراتىنىڭ بىر قىسمى، شۇنداقلا سىنىپىي ئېزىش ئورگىنى ئىدى. كەڭ ياناپسلارنىڭ پارلامېنتتا ئۆز ۋەكىلى بولمايتتى، پارلامېنتمۇ ئېزىلگۈچى خەلقنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلالمايتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 3-بۆلۈم فېئوداللىق دىنىي جەمئىيەت

**دىنىي جەمئىيەت تەسىرىي كۈچلىرىنىڭ كۈچىيىشى** رىم ئىمپېرىيىسى ھالاك بولغاندىن كېيىن، خرىستىيان دىنىي جەمئىيەتلىرى ساقلىنىپ قېلىپ، قۇللىرىلار دىنىدىن فېئوداللار دىنىغا ئايلىنىپ، فېئوداللارغا خىزمەت قىلغان. شەرقىي رىم بىلەن غەربىي رىمنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، خرىستىيان دىنىي جەمئىيىتىنىڭ ئىككى جايدىكى تەرەققىياتىدىمۇ بارا-بارا ئانچە-مۇنچە پەرقلەر كېلىپ چىققان. شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسى بىرلىككە كەلگەن پادىشا ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ كەلگەن، شۇڭا جايلاردىكى ئېپىسكوپلار پادىشانىڭ رەھبەرلىكىگە بوي سۇنغان. دۆلەت ھاكىمىيىتىگە بېقىنغان①. غەربىي ياۋروپادا فېئوداللىزىمنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا پادىشا ھاكىمىيىتى ئاجىزراق، فېئوداللىق تەپرىقىلەر كۆپرەك بولغان، كاتولىك دىنى شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆز كۈچىنى كېڭەيتكەن. رىم ئېپىسكوپى ئۆزىنىڭ مەرتىۋىسىنى يۇقىرىدىن كەلگەن (ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ئەيسانىڭ تۇنجى مۇرىتى ئىمىش) دېگەن بىمەنە سۆزلەرنى ئويدۇرۇپ چىقارغان، 4-ئەسىر-

① 11-ئەسىردە، شەرق ۋە غەرب دىنىي جەمئىيەتلىرى ئەڭ ئاخىرى رەسمىي ئايرىلىپ، شەرقتىكىسى پراۋوسلاۋىيە (يۇنان پراۋوسلاۋىيىسى) دەپ ئاتالغان. ئۇ روسىيە، شەرقىي جەنۇبىي ياۋروپا، يۇنان قاتارلىق جايلارغا تارقالغان. غەربتىكىسى كاتولىك دىنى دەپ ئاتالغان، ئۇ ياۋروپانىڭ زور كۆپچىلىك جايلىرىغا تارقالغان.

دىن باشلاپ پاپا دەپ ئاتالغان، ئۇ خرىستىيان دىنىي جەمئىيىتىنىڭ ئىشلىرىدا ئەڭ ئالىي ھوكۇمرانلىق ھوقۇقىغا ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلغان. 8-ئەسىردە، فرانك پادىشاسى پىپىن ئىتالىيىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى يەرلەرنى پاپاغا ھەدىيە قىلغان، بۇ پاپا ئىگىدارلىقىدىكى خوجىلىق يەرلەرنىڭ ئاساسىنى تىكلەپ بەرگەن. شۇنىڭدىن كېيىنكى پاپىلار ھەددىدىن ئېشىپ يالغان ھوججەتلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىپ، رىم پادىشاسى كونستانتىن غەربىي ياۋروپادىكى جايلارغا بولغان ھوكۇمرانلىق ھوقۇقىنى پاپاغا ھەدىيە قىلغان دەپ، پاپانىڭ ئومۇمىي ھاكىمىيەتنى ئىدارە قىلىدىغان ئالىي ھوقۇقى بولۇشنى تەلەپ قىلغان. شۇنىڭ بىلەن دىنىي جەمئىيەت پەيدىن-پەي قۇدرەتلىك سىياسىي كۈچكە ئايلانغان.

دىنىي جەمئىيەت فېئودال تەبىقە تۈزۈمى پىرىنسىپىغا بىنائەن، ئۆزىنىڭ مەرتىۋە-دەرىجە تۈزۈمىنى تىكلەپ، بىر يۈرۈش قاتتىق ھوكۇمرانلىق سىستېمىسىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. پاپانىڭ ئاستىدا باش ئېپىسكوپ، ئېپىسكوپلار قويۇلغان، ئېپىسكوپلارنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ئۆزىگە بىۋاسىتە قاراشلىق جايلىرى بولغان. ئۇلار بۇ جايلارنىڭ دىنىي ئىشلىرىنى باشقۇرغان، خەلققە ھوكۇمرانلىق قىلىش ۋە خەلقنى زەھەرلەش ئۈچۈن، ھەتتا تۆۋەندە ئەڭ كىچىك يېزا-كەنتلەردىمۇ چېركاۋ سالغان، دىن تارقاتقۇچىلارنى تەيىنلىگەن. دىنىي جەمئىيەت غەربىي ياۋروپادا فېئودال چوڭ يەر ئىگىسى ھېسابلىنىدۇ، ئۇنىڭ يەرلىرى ناھايىتى كۆپ. قانداق مەملىكەتتە بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، دىنىي جەمئىيەت ئىگىلىگەن يەرلەر شۇ مەملىكەت يېرىنىڭ ئادەتتە ئۈچتىن بىر قىسمىدىن ئارتۇقراقىنى تەشكىل قىلىدۇ، كۆپلىگەن يانچىلارنى بىۋاسىتە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدۇ ھەمدە بارلىق

www.uyghurkitap.com

ئاھالىسىدىن ئۆشرە يىغىدۇ، شۇنىڭ بىلەنلا قالماستىن، بەلكى خىلمۇ-خىل دىنىي خۇراپاتلىقتىن پايدىلىنىپ قاقتى-سوقتى قىلىدۇ. شۇڭا دىنىي جەمئىيەت ئىنتايىن باي بولۇپ كەلگەن، دىن تارقاتقۇچىلار، موناخلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەيش-ئىشرەتلىك تۇرمۇشتا پەس-ئېپلاسلىق بىلەن ئۆتكەن. دىنىي جەمئىيەت يەنە كېلىپ مەدەنىي بىلىملەرنى مونوپول قىلىۋالغۇچى ئىدى. ئوتتۇرا ئەسىردە، غەربىي ياۋروپالىقلارنىڭ تولىسى ساۋاتسىز ئىدى، پەقەت دىن تارقاتقۇچىلارلا ساۋاتلىق بولۇپ، خەلققە تەۋراتنى ئوقۇپ بېرەتتى، قائىدە-نىزاملارنى چۈشەندۈرەتتى، مومىن-ئىتائەتمەن بولۇشنى، قۇل بولۇشنى تەشۋىق قىلىش يولى بىلەن ئالدامچىلىق قىلاتتى. سىياسى، قانۇن، پەلسەپە، ئەدەبىيات — بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىلاھىيەتنىڭ دىدەكلىرى دېيىلەتتى، ئىلاھىيەتكە لايىق كەلمىگەن ئىدىيە، تەلىماتلارنىڭ ھەممىسى چەكلىنەتتى، تەشۋىق قىلىشقا يول قويۇلمايتتى، ۋاتىكان بۇنىڭ ئۈچۈن مەھكىمە-شەرئىي قۇرۇپ، كىتاپلارنى كۆيدۈرەتتى، ھەتتا ئادەملەرنى كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرەتتى. دىنىي جەمئىيەتتە يەنە موناستىر تۈزۈمى بولغان، بۇنى ئەسلىدە بەزى مۇرىتلار ئۆزلىرى تەشكىللىگەن، موناستىر بۇ دۇنيادىن بىزار بولغانلار چەت-ياقا جايلارغا بېرىپ ئىستىقامەت قىلىپ تۇۋا قىلىدىغان بىر خىل پاسسىپ تەركچىلىك جايى ئىدى. ئەمما ئۇزاق ئۆتمەيلا بۇنىڭدىن ھۆكۈمرانلار سىنىپى پايدىلىنىپ، ئۇنى كەڭ تۈردە قۇرۇشقا كىرىشكەن، موناستىر جايلاردا بەس-بەس بىلەن قۇرۇلۇپ، كۆپلىگەن ئەر-ئايال موناخلارنى توپلاپ، ئالداش ياكى ئاقسۆڭەكلەرنى ئىئانە قىلدۇرۇش قاتارلىق ۋاستىلەر بىلەن كەڭ تۈردە ئىگىلىك توپلىغان. موناستىر باشلىقلىرىنىڭ ھەممىسى چوڭ فېئوداللاردىن بولغان، موناستىرلار

ياكى ئۇرغۇن يەرلەرنى ئىگىلىگەن ياكى سودا-سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، جازانىخورلۇق قىلغان. موناستىرنىڭ يانچىلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ۋاستىسى، كوپ ھاللاردا، دەھرى فېئوداللارنىڭكىدىنمۇ دەھشەتلىك بولغان.

**ئەھلى سەلىپنىڭ شەرققە تاجاۋۇز قىلىشى** دىنىي جەمئىيەتلەر ئوزلىرىنىڭ كۈچىنى ئۇلغايتىش ئۈچۈن، 11-ئەسىردە بۇلاڭچىلىق خاراكتىرىدىكى ئەھلى سەلىپ ئۇزۇن سەپەرنى ئۇيۇشتۇرغان. شۇ چاغلاردا سەلجۇق تۈركلىرى ئوتتۇرا شەرققە باش كوتىرىپ، خىرىستىيان مۇرىتلىرى مۇقەددەس جاي دەپ قارىغان ئېرۇسالىم (رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، ئەيسانىڭ قەۋرى شۇ يەردە ئىمىش)نى ئىشغال قىلىۋالغان. پاپا ئوزىنىڭ ھوكۇمرانلىقىدىكى جايلارنى كېڭەيتىپ، پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، شەرقىي پىراۋوسلاۋىيىنى يۇتۇۋېلىش ئۈچۈن، غەربىي ياۋروپادا دىنىي تەلۋىلىكنى قوزغاپ، ئەسكەر ئۇيۇشتۇرۇپ شەرققە بېرىپ بۇلاڭ-تالاڭ قىلغان. ئەھلى سەلىپ تاجاۋۇزىغا غەربىي ياۋروپا فېئوداللىرى ئاساسىي كۈچ بولۇپ قاتناشقان، ئۇلارنىڭ مەقسىدى شەرققە بېرىپ يەر ۋە مال-مۈلۈك بۇلاش ئىدى، بولۇپمۇ فېئودال خوجىلىق يەرلەرگە چوڭ ئوغۇل ۋارىسلىق قىلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، يەرگە ۋارىسلىق قىلىشقا بولمايدىغان باشقا كەنجى ئوغۇللار يەرسىز ئاتلىقلارغا ئايلىنىپ قېلىپ، تۇرمۇشى نامراتلىقتا ئوتكەچكە، سىرتقا چىقىپ بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشنى جىددىي تەلەپ قىلغان. نەتىجىدە ناھايىتى زور بىر كۈچ ۋۇجۇتقا كېلىپ، ئەھلى سەلىپ تاجاۋۇزىدىن ئىبارەت تەتۈر دولقۇن كوتىرىلگەن. نەپسى يامان بەزى غەربىي ياۋروپا سودىگەرلىرى، مەسىلەن، ئىتالىيىنىڭ ۋېنىتسىيە، گېنۇيە قاتارلىق شەھەرلىرىدىكى

سودىگەرلەرمۇ شەرققە بېرىپ باي بولۇشنى كۆزلەپ ئەھلى سەلىپنى پائال قوللىغان. ئۇنىڭدىن باشقا، خانىۋەيران بولغان بەزى دېخانلارمۇ دىنىنىڭ تەسىرى ئاستىدا، فېئوداللارنىڭ تەھدىت سېلىشى ۋە قىزىقتۇرۇشى ئارقىسىدا، ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە زۇلۇمدىن قۇتۇلۇش مەقسىتىدە ئەڭ دەسلەپتە ئەھلى سەلىپكە قاتناشقان. ئەلۋەتتە، بۇنداق پاسسىپ ئۇسۇل دېخانلارغا تېخىمۇ زور ئازاب-ئوقۇبەتلا ئېلىپ كېلەتتى، خالاس.

1095-يىلى، ئۇربان II فرانسىيىنىڭ كلېرمون دېگەن يېرىدە يىغىن چاقىرىپ، قۇترىتىش نۇتقى سۆزلەپ، شەرققە بېرىپ مۇقەددەس مەقبەرەلەرنى قۇتقۇزۇشقا چاقىرغان ھەمدە شەرقتە باي، مۇنبەت يەرلەر بار، بۇلاڭ-تالاڭ قىلسا بولىدۇ دېگەن. ئەھلى سەلىپ ھەركىتى شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن باشلانغان، جايلاردىكى فېئوداللار ئارقا-ئارقىدىن شەرققە بارىدىغان قوشۇن تەشكىللىگەن، بۇ قېتىمقى ھەركەتكە قاتناشقان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز كىيىمىگە كرېست بەلگىسىنى تىكتۈۋالغان، شۇڭلاشقا بىلەن بۇ ئەھلى سەلىپ دەپ ئاتالغان. 1096-يىل 2-ئايدا، تېزلا يىغىلغان دېخانلار ئەھلى سەلىبى رېين، دۇناي دەرياسى ئەتراپىنى بويلاپ تۈركۈم-تۈركۈمگە بولۇنۇپ يولغا چىققان، ئۇلار قورالمۇ، تەمىناتمۇ تەييارلىۋالالمىغان، ھەتتا ماڭىدىغان يولنىمۇ بىلمىگەن. ئۇلار يول بويى يۇرۇش قىلىپ ھالىدىن كەتكەنلىكتىن، كىچىك ئاسىياغا بارغاندىن كېيىن سالجۇقلار تەرىپىدىن بىتچىت قىلىنىپ، ئورۇنسىز قۇربان بولغان. دېخانلار ئەمەلىيەتتىن تەجرىبە-ساۋاق ئېلىپ، شەرققە بارغان بىلەنمۇ ئۆزلىرىنى فېئوداللارنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالالمايدىغانلىقىنى بىلىپ، ئەھلى سەلىپكە قاتنىشىشنى بارا-بارا توختاتقان.

1096-يىلى كۈزدە، فرانسىيە، گېرمانىيە، ئىتالىيە فېوداللىرى تەشكىللىگەن ئەھلى سەلىپ سەپىرىنى باشلىغان، تەخمىنەن 30-40 مىڭ ئادەم ئىككىنچى يىلى ئەتىيازدا كونستانتىنوپولغا يېتىپ بارغان، دېڭىزدىن ئۆتۈپ سەلجۇقلارغا ھۇجۇم قىلىپ، كەينى-كەينىدىن ئېرۇسالىمنى ۋە باشقا جايلارنى ئىشغال قىلىپ، مەيلىچە بۇلاڭ-تالاڭ قىلغان، بۇزغۇنچىلىق يۈرگۈزگەن ھەمدە غەربىي ياۋروپانىڭ تۈزۈمگە بىنائەن مۇشۇ جايلاردا نۇرغۇن فېودال ئۇششاق دۆلەتلەرنى قۇرۇپ، يەرلىك ئاھالىنى پاتچىلارغا ئايلاندۇرۇپ، زورلۇق بىلەن ئېكسپلاتاتسىيە قىلغان. مانا بۇ بىرىنچى قېتىمدىكى ئەھلى سەلىپ.

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا سەلجۇقلار جىددىي قايتۇرما ھۇجۇم قوزغىغان، بولۇپمۇ مىسىرلىق سالاھىدىن ئېرۇسالىمنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، غەربىي ياۋروپا فېوداللىرى قاتتىق چۆچۈپ كېتىپ، ئىككىنچى قېتىم (1147-يىلى باشلانغان) ۋە ئۈچىنچى قېتىم (1189-يىلى باشلانغان) ئەھلى سەلىپنى تەشكىللىگەن. ئۈچىنچى قېتىمقى ئەھلى سەلىپكە شۇ چاغدا ياۋروپادا قۇدرەتلىك پادىشالاردىن گېرمانىيە پادىشاسى فرېدرىخ I، ئەنگلىيە پادىشاسى كارل، فرانسىيە پادىشاسى فىلىپ II باشچىلىق قىلغان، ئەمما قاتمۇ-قات ئىچكى زىددىيەتلەر تۈپەيلىدىن، فرېدرىخ سەپەر ئۈستىدە سۇغا چۆكۈپ ئۆلگەن، فىلىپ كېسەلنى باھانە قىلىپ دۆلىتىگە قايتىپ كەتكەن، پەقەت كارللا شەرقتە قىرغىنچىلىق تاجاۋۇزچىلىقنى يۈرگۈزگەن بولسىمۇ، ئەڭ ئاخىرغىچىمۇ ئېرۇسالىمنى ئالالمىغان.

تۆتىنچى قېتىملىق ئەھلى سەلىپ (1202-1204) ئۆزىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق تەبىئىتىنى تازا تولۇق ئاشكارىلىغان. ئۇ ئىسلام دىنى مۇرتلىرىغا ھۇجۇم قىلمىغان، «مۇقەددەس مەقبەرە»نى ئازات

www.uyghurkitap.com

قىلالمىغان. بەلكى ئېتىقادى ئوخشاش بولغان خىرىستىيان دىنىدىكى ۋىزانتىيىگە ھۇجۇم قىلغان. 1204-يىلى 4-ئايدا كونستانتىنوپولنى ئېلىپ، بىر ھەپتىگىچە ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈش، بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشنى داۋام قىلدۇرغان، نەچچە يۈز يىللار داۋامىدا توپلانغان مەدەنىي بايلىقلارنىڭ ھەممىسى خانىۋەيران قىلىۋېتىلگەن. ۋىزانتىيە شۇنىڭدىن كېيىن كۈندىن-كۈنگە زاۋالغا يۈز تۇتۇپ، ھالاكەت يولىغا ماڭغان.

تۆتىنچى قېتىملىق ئەھلى سەلىپتىن كېيىن، ئەھلى سەلىپ ھەركىتى پەسىيىشكە قاراپ ماڭغان. شۇنىڭدىن كېيىنمۇ غەربىي ياۋروپا فېوداللىرى نۇرغۇن قېتىم ئەھلى سەلىپ تەشكىللەپ باققان بولسىمۇ، ئەمما كۈچى كۈندىن-كۈنگە ئاجىزلىشىپ كەتكەن. ئەڭ زور ئېپلاسلىق شۇكى، فېوداللار يەنە بالىلار ئەھلى سەلىپىنى تەشكىللەپ، زور بىر تۈركۈم نارەسىدە بالىلارنى ئالداپ، شەرق تەرەپكە يولغا سالغان، بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى سەپەر ئۈستىدە سۇغا غەرق بولۇپ ئۆلگەن، بىرمۇنچىسى ئادەم بېدىكلىرى تەرىپىدىن سېتىلىپ قۇلغا ئايلانغان، بۇ ھال تارىختا ئادەمنى چۆچۈتىدىغان جىنايەت ئىدى. 13-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىلا، ئەھلى سەلىپ ئەڭ ئاخىرقى ھېساپتا توختىتىلغان. بۇنداق تاجاۋۇزچىلىق ھەركەت ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئون نەچچە قېتىمغا يېتىپ، 200 يىلچە داۋام قىلىپ، ئوتتۇرا شەرق، شىمالىي ئافرىقا خەلقىگە ۋە غەربىي ياۋروپا خەلقىگە نۇرغۇن بالايى-ئاپەت ئېلىپ كەلگەن.

**ئىشقا قويۇش ھوقۇقىنى تالىشىش** دىنىي ھوقۇق كۈچەيگەندىن كېيىن، دىنىي ھوقۇق بىلەن پادىشا ھاكىمىيىتى ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش پەيدا بولغان. پاپا ئەڭ ئاۋال گېرمانىيە پادىشاسى بىلەن

توقۇنۇشقان.

843 ـ يىلى فرانك دولىتى بولۇنۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ شەرقىي قىسمى بارا ـ بارا گېرمانىيە پادىشالىقى بولۇپ شەكىللەنگەن. بۇ دولەتتە رىم قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ تەسىرى ئازراق بولغاچقا، ئەر ـ كىن دېھقانلار ئۇزاق مۇددەت ساقلىنىپ تۇرغان. قەبىلىلەر ئاساسىدا شەكىللەنگەن بىرمۇنچە فېودال كىچىك ئىشتاتلار چوڭ ـ راق مۇستەقىللىققا ئىگە بولغان. پادىشا ئوتتون I (936 ـــ 973) ئۆز زامانىسىدە، ئىتالىيىگە بىرنەچچە قېتىم تاجاۋۇز قىلغان، رىمنى ئىشغال قىلىپ، پاپانى ئىسكەنجىگە ئېلىپ، ھەرقايسى دولەتلەرنى بوي سۇندۇرماقچى بولغان. 961 ـ يىلى ئوتتون ئىتالىيىنىڭ شىمالىي قىسمىنى بېسىۋالغان، 962 ـ يىلى رىمدا پاپا ئۇنىڭغا پادىشالىق تاجىنى كىيگۈزۈپ پادىشا قىلىپ، ئىمپېرىيە قۇرغان، كېيىن بۇ "گېرمان مىللىتى مۇقەددەس رىم ئىمپېرىيىسى" دەپ ئاتالغان (962 ـــ 1806) . ئۇ گېرمانىيىدىن باشقا، يەنە ئىتالىيىنىڭ شىمالىي قىسمى بىلەن ئوتتۇرا قىسمىنى ئۆز ھوكۇمرانلىقى ئاستىغا ئالغان، شۇنىڭ ئۈچۈن شۇنىڭدىن كېيىن پادىشا بولغانلار دائىم ئەسكەر چىقىرىپ، ئىتالىيىگە تاجاۋۇز قىلىپ. ئىتالىيىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى شەھەرلەر بىلەن توقۇنۇش پەيدا قىلىپ تۇرغان.

پادىشا بىلەن پاپا ئوتتۇرىسىدا بولغان توقۇنۇشنىڭ سەۋەبى ئىشقا قويۇش ھوقۇقى مەسىلىسى يەنى ئىمپېرىيە ئىچىدىكى ئېپىسكوپ، موناستىر باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرگە قويۇشنى پادىشا تەيىنلەمدۇ، ياكى پاپا تەيىنلەمدۇ دېگەن مەسىلە ئىدى. بۇنداق ۋەزىپىلەرگە قويۇشنى باشتا پادىشا تەيىنلەيتتى، 11 ـ ئەسىردىن باشلاپ، دىنىي جەمئىيەتلەر ئىچىدە ھەركەت ئېلىپ بېرىلىپ،

www.uyghurkitap.com

دەھرىلەرنى خىزمەتكە قويۇشقا قارشى تۇرۇپ، بارلىق دىنىي خىزمەتلەرگە ئادەم قويۇشنى پاپا تەيىنلەش تەشەببۇس قىلىنغان. بۇ پادىشا ھاكىمىيىتى ئۈچۈن قاتتىق زەربە بولغان، بۇنداق بولغاندا، پادىشا ئۆزىگە قارايدىغان نۇرغۇن دىنىي جەمئىيەت يەرلىرىدىن مەھرۇم بولاتتى، شۇ سەۋەپتىن توقۇنۇشنىڭ كېلىپ چىقىشى مۇقەررەر ئىدى. بۇ ھال غەربىي ياۋروپادىكى ھوكۇمرانلار گۇرۇھى ئىچىدىكى ئۆزئارا چىشلىشىش زىددىيىتى بولۇپ، پاپا بىلەن پادىشا يەر ۋە ھوقۇق تالىشىش، غەربىي ياۋروپاغا بولغان زومىگەرلىك ئورنىنى تالىشىش يولىدا كۈرەش قىلاتتى.

1073-يىلى، گرىگورى VII (1073—1085) پاپا بولۇپ سايلانغان. ئۇ ئەسەبىلەشكەن دىنىي ھوقۇق ئەلاچىلىقى تەرەپدارى، شۇنداقلا زومىگەر، ھىلىگەر سىياسون ئىدى. ئۇ پاپانىڭ ھوقۇقىنى ئاللا ئىلتىپات قىلغان، شۇڭا بۇ ھوقۇق ھەممە دەھرى ھوقۇقتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، پاپا دىنىي خىزمەتلەرگە تەيىنلەشكە ۋە دىنىي خىزمەتلەردىن ئېلىپ تاشلاشقا ھوقۇقلۇق بولۇپ قالماستىن، بەلكى پادىشانىمۇ ئەمەلدىن قالدۇرالايدۇ، دەپ قارايتتى. شۇ چاغدا تەختتە ئولتۇرغان پادىشا ھېنرى IV (1056—1106)مۇ تەكەببۇر، تازا قارا نىيەت بولغاچقا، توقۇنۇش ئاشكارا تۈس ئالغان. 1075-يىلى گرىگورى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ دەھرىلەرگە خىزمەت بېرىش ھوقۇقىنى ئەمەلدىن قالدۇرغان. ئىككىنچى يىلى ھېنرى IV ۋورمىستا دىنىي يىغىن ئېچىپ، پاپانى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقىنى جاكالىغان، گرىگورى جاۋاپ تەرىقىسىدە، ھېنرىنى دىندىن قوغلاپ چىقىرىپ، ئۇنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋالغان. گېرمانىيە چېگرىسى ئىچىدىكى فېوداللار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھېنرىنىڭ ئەمرىگە بويسۇنمىغان،

ئەسكەر تارتىپ، ئۇنىڭغا قارشى چىققان. 1077-يىلى ھېنرى
نائىلاج تىز پۈكۈپ، ئىتالىيىنىڭ كانوسسا قەلئەسىگە بېرىپ پاپا
بىلەن كۆرۈشۈپ، گۇناھىنى كەچۈرۈشنى تەلەپ قىلغان. نەتىجىدە
ئۇنىڭ دىنىي سالاھىيىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن، بۇنىڭ بىلەن ئۇ
ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ، دۆلەتتىگە قايتقاندىن كېيىن فېئوداللارنىڭ
توپىلىڭىنى باستۇرغان، ھەم پاپاغا قارشى كۈرەشنى قانات يايدۇرغان.
ھېنرى ئەسكەر باشلاپ رىمغا باستۇرۇپ كىرىپ، پاپانى قوغلاپ
چىقىرىپ، يېڭىدىن پاپا تىكلىگەن.

كېيىن پاپا بىلەن پادىشا ئالماشقان بولسىمۇ، ئەمما بۇ كۈرەش
ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ كەلگەن، تا 1122-يىلى ھەر ئىككى تەرەپ
ۋورمستا كېلىشىم ئىمزالىغاندىن كېيىنلا، ئاندىن مۇرەسسەگە
كېلىشكەن. كېلىشىمدە ئېپىسكوپ سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇتقا كېلىدۇ،
ئەمما پادىشا ياكى ئۇنىڭ ۋەكىلى سايلام يىغىنىغا قاتنىشالايدۇ، ئارى-
لىشالايدۇ. ئېپىسكوپقا خىزمەت بەرگەندە، پاپا دىنىي ھوقۇق بېرىدۇ،
ئۈزۈك ۋە ھاسا شەرتلىك بەلگە قىلىنىدۇ، پادىشا ئومۇمىي ھوقۇق
بەرگەندە، ھاسا شەرتلىك بەلگە قىلىنىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن.

ئىشقا قويۇش ھوقۇقىنى تالىشىش كۈرىشى گېرمانىيە تارىخىغا
پاسسىپ ئاقىۋەت ئېلىپ كەلگەن، فېئوداللار پۇرسەتتىن غەنىيمەت
بىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ تەسىر كۈچىنى كېڭەيتىپ، فېئوداللىق تەپرىقى-
لەرنى كۈچەيتكەن. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، گېرمانىيە پادىشالىقى
يەنە ئۈزلۈكسىز تۈردە ئىتالىيە شەھىرى ۋە پاپا بىلەن بولغان
تالاش-تارتىشقا پېتىپ قېلىپ، ئۆزىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى بىر تەرەپ
قىلىشقا قۇربى يەتمىگەن، نەتىجىدە گېرمانىيە تېخىمۇ ئۇزاق
مۇددەتكىچە بىرلىككە كېلەلمىگەن.

www.uyghurkitap.com

11-، 12-ئەسىرلەر پاپا ھوقۇقى تازا گۈللەنگەن دەۋر ئىدى، پاپا ئىننوكېنت III (1198—1216) زامانىسىدە ناھايىتى كۈچەيگەن. ئىننوكېنت دىنىي ھوقۇق ھەممىدىن ئەلا، چۈنكى ئۇ تەڭرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، شۇڭا پادىشا، خانلار ئۇنىڭغا بويسۇنۇشى لازىم دېگەننى تەشەببۇس قىلغان. ئۇ غەربىي ياۋروپادا دەۋر سۈرۈپ يۈرگەن چاغلاردا، گېرمانىيىنىڭ تەسىر كۈچىنى ئىتالىيىدىن قوغلاپ چىقىرىپ، پادىشانى كونتىرول قىلىپ بويسۇندۇرغان، ئەنگلىيە-فرانسىيە ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشكە ئارىلاشقان، ئەنگلىيە پادىشاسىنى ئۆزىگە ئىتائەت قىلىشقا مەجبۇرلىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە شەرققە تاجاۋۇز قىلغان تۆتىنچى قېتىملىق ئەھلى سەلىپنى قوزغىغان ۋە يات دىندىكىلەرگە ھەدەپ زىيانكەشلىك قىلىپ، ناھايىتى ئەكسىيەتچىلىك قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئىجتىمائىي ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، غەربىي ياۋروپا ئەللىرىدە پادىشا ھاكىمىيىتى كۈچەيگەن، پاپانىڭ تەسىر كۈچى سىقىپ چىقىرىلىپ، كۈندىن-كۈنگە زاۋاللىققا يۈز تۇتقان. 14-ئەسىردە، پاپا فرانسىيە پادىشاسى بىلەن بولغان كۈرەشتە قاتتىق مەغلۇپ بولغان. شۇنىڭدىن كېيىن فرانسىيە پادىشاسى پاپانى ئاۋېيلۇڭدا 70 يىلغىچە نەزەربەنت قىلىپ، قورچاققا ئايلاندۇرۇپ قويغان، پاپا شۇنىڭدىن تارتىپ ئەيىۋاشقا كېلەلمىگەن. ھەرقايسى ئەللەردىكى دىنىي جەمئىيەتلەر بارا-بارا ئۆز مەملىكىتىنىڭ پادىشاسىغا بويسۇنغان، ئۆز مەملىكىتىدىكى فېئوداللارغا خىزمەت قىلغان، دۆلەتتىن ئۈستۈن تۇرىدىغان پاپا ھۆكۈمرانلىقىدىكى دۆلەت قۇرۇش قائىدىسى ئاخىر بىتچىت بولغان.

**فېئوداللىق دىنىي جەمئىيەتلەرگە قارشى كۈرەش دىنىي**

جەمئىيەت فېوداللىق زۇلۇمنىڭ ئومۇملاشقان ۋەكىلى، خەلق فېوداللىزىمغا قارشى كۈرەشنىڭ تىغىنى، كۆپ ھاللاردا، ئالدى بىلەن دىنىي جەمئىيەتكە قارىتىدۇ، ئەمگەكچى خەلق ئوتتۇرىسىدا تارقالغان بىدئەتچىلىك فېوداللىق دىنىي جەمئىيەتكە قارشى تۇرۇش تەلىۋىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. بىدئەتچىلىك تۆۋەن قاتلام خەلقى ئوتتۇرىسىدا تارقالغان ئەنئەنىۋى دىنغا ئوخشىمايدىغان دىنىي مەزھەپنى كۆرسىتىدۇ، ئادەتتە دىنىي تونىنى پەردە قىلىپ تۇرۇپ فېوداللىزىمغا قارشى ئىدىيىۋى مەزمۇننى يوشۇرىدۇ، بەزىدە تەرەققىي قىلىپ خەلق ھەركىتىگە، ھەتتا قوراللىق قوزغىلاڭغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. 12-ئەسىردە فرانسىيىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى نۇرغۇن شەھەرلەردە ئالبى بىدئەتچىلىكى تارقالغان. ئۇلار دىنىي جەمئىيەتنىڭ ئەيش-ئىشرەتلىك تۇرمۇشىغا، دىنىي جەمئىيەتنىڭ مال-مۈلۈككە ئىگە بولۇشىغا قارشى تۇرۇپ، ئۇشرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى، چۇۋالچاق دىنىي مۇراسىملارنى بىكار قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان ھەمدە ئېكسپلاتاتسىيە ۋە زۇلۇم بىلەن تولغان، نامراتلار بىلەن بايلار تەڭشەلمىگەن بۇ دۇنيانى تەڭرى ياراتمىغان، بەلكى ئالۋاستى ياراتقان، دەپ ھېسابلىغان. ئالبى مەزھىپى شەھەر خەلقىنىڭ فېوداللىزىمغا قارشى ئىدىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن، دىنىي جەمئىيەتلەرنى ناھايىتى قاتتىق ئالاقزادىلىككە چۈشۈرۈپ قويغان، پاپا بىۋاستە ئەھلى سەلىپنى تەشكىللىگەن، بۇنىڭغا كۆپلىگەن فېودال ئاتلىقلار قاتناشقان، 13-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، فرانسىيىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا ئالبى مەزھىپىنى باستۇرغان، نۇرغۇن شەھەرلەر خانىۋەيران قىلىنغان، ئاھالە ئۆلتۈرۈلگەن، مال-مۈلۈكلەر پۈتۈنلەي تالان-تاراج قىلىنغان.

www.uyghurkitap.com

1143 ـ يىلى رىمدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلۈپ، جۇمھۇرىيەت تۈزۈمى ئاساسىدىكى ھۆكۈمەت تەشكىل قىلىنىپ، جەڭدە پاپا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن. بۇ قېتىمقى دىنىي جەمئىيەتكە قارشى كۈرەشتە ئارنولد مۇھىم رول ئوينىغان. ئۇ ئېپتىدائىي شەھەر ئاھالىسى تەبىقىسىدىن كېلىپ چىققان مۇتەپەككۇر بولۇپ، ۋەخپى يەرلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى، پاپانىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى تارتىۋېلىپ، جۇمھۇرىيەت تۈزۈمى ئاساسىدىكى رىم ھۆكۈمىتى قۇرۇشنى تەلەپ قىلغان. كېيىن قوزغىلاڭچىلار ئىچىدە ئىختىلاپ پەيدا بولۇپ، يۇقىرى قاتلامدىكىلەر بىلەن پاپا مۇرەسسەلەشكەن، ئارنولد ناتىلاج سىرتقا چىقىپ كەتكەندە، گېرمانىيە پادىشاسى ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

فېئوداللىزىمغا قارشى كۈرەش بىر پەسىيىپ، بىر ئۆرلەپ داۋاملاشقان، 14 ـ ئەسىرگە كەلگەندە كەڭ كۆلەملىك دېھقانلار ئۇرۇشىغا ئايلانغان.

## 4 ـ بۆلۈم دېھقانلارنىڭ زور قوزغىلاڭلىرى

**سىنىپىي زىددىيەتنىڭ كەسكىنلىشىشى** 13 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى 14 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا غەربىي ياۋروپانىڭ ئىگىلىكى غايەت زور دەرىجىدە ئىلگىرىلىگەن. بوز يەر ئېچىلىپ، تېخنىكا ياخشىلىنىپ، مەھسۇلات مىقدارى ئاشۇرۇلغان؛ شەھەر نوپۇسى كۆندىن ـ كۈنگە كۆپىيىپ، سودا ـ سانائەت ئىشلىرى گۈللىنىپ، ئېچكى ـ تاشقى سودا راۋاجلانغان؛ تاۋار ـ پۇل مۇناسىۋىتى تەبىئى ئىگىلىكنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا زەربە بېرىپ ھەرقايسى جايلارنىڭ

ئىقتىسادىي ئالاقىسىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتكەن.

يېزا قورۇق ئىگىلىكى كۈندىن-كۈنگە يېمىرىلىشكە قاراپ ماڭغان. يانچىلار پاسسىپلىق قىلىپ ئىشنى ئاقساتقانلىقتىن، فېئودالـلارنىڭ يەرلىرىدىن چىققان مەھسۇلاتنىڭ مىقدارى كۈنسايىن تۆۋەنلەپ كەتكەن. شۇڭا ئۇلار ئەمگەك بىلەن تۆلىنىدىغان يەر ئىجارىسىدىن ئارقا-ئارقىدىن ۋازكېچىپ، ئۇنى نەرسە بىلەن تۆلىنىدىغان يەر ئىجارىسىگە ئۆزگەرتكەن، يەنى قورۇقنى باشقۇرماي، يەرلەرنىڭ ھەممىسىنى دېھقانلارنىڭ تېرىشىغا تەقسىم قىلىپ بېرىپ، ھەر يىلى دېھقانلاردىن مەلۇم مىقداردا دانلىق زىرائەت ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى ئالىدىغان بولغان. نەرسە بىلەن تۆلىنىدىغان يەر ئىجارىسى دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى ئۇستۇرۇشكە بىرقەدەر پايدىلىق بولغان بولسىمۇ، ئەمما يېزىلاردا باي-كەمبەغەللەرگە بۆلۈنۈشنى تېزلەتكەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تاۋار-پۇل مۇناسىۋىتى راۋاجلانغانلىقى ئۈچۈن، كۆپلىگەن فېئوداللارمۇ دېھقانلاردىن يەر ئىجارىسىگە پۇل ئالىدىغان بولغان. دېھقانلار ئاشلىقىنى پۇلغا ئالماشتۇرۇشتا سودىگەرلەرنىڭ ئېكسپلاتاتسىيىسىگە ئۇچرىغان، شۇنىڭ بىلەن يېزىلاردا بۆلۈنۈش كەسكىنلەشكەن. نۇرغۇن ھاللىقراق دېھقانلار پۇل تۆلەپ جىسمانى ئەركىنلىكىنى ئۆز قولىغا ئالغان، ئەمما دېھقانلارنىڭ كۆپ قىسمى ھەم فېئوداللارنىڭ ئېكسپلاتاتسىيىسىگە، ھەم تاۋار ۋە جازانىخورلۇق ئېكسپلاتاتسىيىسىگە ئۇچرىغاچقا، ئۇلارنىڭ ئەھۋالى ئۈزلۈكسىز ناچارلاشقان، سىنىپىي زىددىيەت كەسكىنلەشكەن.

شەھەرلەردىكى زىددىيەتمۇ ئەۋج ئالغان. كەسپداشلار ئۇيۇشمىسىدىكى بېيىغان ئۇستىلار ئىشلەپچىقىرىشتىن ئايرىلىپ چىقىپ،

تىجارەت قىلىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىغا ئايلانغان، ئامراتلىقتا قالغان ئۇستىلار كۈندىن-كۈنگە ۋەيران بولۇپ، ياللىنىپ ئىشلەيدىغان كىشىلەرگە ئايلىنىپ قالغان. ئىشكارلار، شاگىرتلار بۇ چاغدا ئۇستا بولۇش مەرتىۋىسىگە ھەرگىزمۇ ئېرىشەلمەيدىغان مەڭگۈ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچى كەمبەغەللەرگە ئايلىنىپ قالغان. تاۋار-پۇل مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئارقىسىدا، بىرمۇنچە شەھەرلەردە ئاز ساندا چوڭ سودىگەرلەر، باي جازانىخورلار ۋە كارخانا ئىگىلىرى كېلىپ چىققان، ئۇلار شەھەر مەمۇرىيىتىنى مونوپولىيە قىلىۋېلىپ، تۆۋەن قاتلامدىكىلەرنى ئەزگەن، بۇنىڭ بىلەن شەھەرلەردىكى ئاددىي خەلقنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىنى قوزغالغان.

توختىماي بولۇپ تۇرغان فېئوداللىق يېغىلىقلار نەتىجىسىدە، ھەممە يەرنى ئادەم ئۆلتۈرۈپ، مال-مۈلۈكنى بۇلاپ تالان-تاراج قىلىدىغان ياللانما ئەسكەرلەر قاپلاپ كەتكەنلىكتىن، دېھقانلار ئىنتايىن ئېچىنىشلىق ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىپ، ھەققەتەن ئەتىگىنى ئاخشىمىغا كۆزى يەتمەيدىغان بولۇپ قالغان. 14-ئەسىرگە كەلگەندە، ئاچ-يالىڭاچلىق، ئاغرىق-سىلاقمۇ غەربىي ياۋروپاغا شىددەت بىلەن زەربە بەرگەن. 1348-يىلدىن باشلاپ قارا داغ كېسىلى (يەنى چۇما) نۇرغۇن قېتىم پەيدا بولغان، جايلاردا يېزىپ قالدۇرۇلغان خاتىرىلەردىن قارىغاندا، ئۆلگەن ئادەملەر ئۈچتىن بىر قىسمىدىن كۆپرەك بولغان، جەمئىيەت داۋالغۇپ تىنچلىنالمىغان، زىددىيەت تېخىمۇ ئۆتكۈرلەشكەن.

دېھقانلار بىلەن شەھەر كەمبەغەللىرى فېئوداللىق زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئۇلۇغ كۈرەشلەرنى قوزغىغان، بۇنىڭ بىلەن

14-ئەسىردە غەربىي ياۋروپادا سىنىپىي كۈرەش يېڭى بىر باسقۇچقا قەدەم قويغان. ئەنە شۇ چاغلاردا، ئىقتىسادىي ئالاقە كۈچەيگەنلىكتىن، دېھقانلار بىلەن شەھەر كەمبەغەللىرى كەڭ دائىرىدە فېئودالـلارغا قارشى قوشۇن تەشكىللەپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىنقىلاۋىي يولباشچىلىرىنى سايلاپ چىقىپ ھەممە شۇ چاغلاردىكى بايلار باي، كەمبەغەللەر كەمبەغەل بولغان ھادىسىلەردىن، خىرىستىيان دىنىنىڭ ئەسلىدىكى باراۋەر بولۇش توغرىسىدا بەرگەن دىنىي ئەقىدىلىرىدىن ئۆزلىرىنىڭ فېئودالـلارغا قارشى مۇستەقىل ئىدىيىۋى سىستېمىسىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن، شۇنىڭ بىلەن دېھقانلار ئۇرۇشى كۈندىن-كۈنگە تەشكىللىنىش يولىغا قاراپ ماڭغان.

دېھقانلارنىڭ بارغانسېرى كەسكىنلىشىپ كېتىۋاتقان قارشىلىقىنى باستۇرۇش ئۈچۈن، پادىشا شەھەرلەرنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا ئۆز ھاكىمىيىتىنى ھەدەپ كۈچەيتكەن، ھەرقايسى مەملىكەتلەردە ھوقۇقنىڭ مەركەزلەشتۈرۈلۈشى ئۆزلۈكسىز كۈچەيتىلگەن. پادىشا شەھەرلەرنىڭ پۇلى بىلەن ياللانما قوشۇن قۇرۇپ، بۇ قوشۇن بىلەن ھەم دېھقانلارنى باستۇرغان، ھەم فېئودالـلىق تەپرىقىلەرنى تۈنجۇقتۇرغان. شۇنىڭ بىلەن دۆلەتنىڭ سىنىپىي ماھىيىتى بارغانسېرى ئاشكارىلانغان، دېھقانلار كۈرىشىنىڭ تىغ ئۇچى بارغانسېرى دۆلەت ھاكىمىيىتىگە قارىتىلغان.

14-ئەسىردە، 1302-يىلدىن 1307-يىلغىچە شىمالىي ئىتالىيىدە كۆتۈرۈلگەن دالكىنو دېھقانلار قوزغىلىڭى①، 1358-يىلى فرانسـ

① دالكىنو قوزغىلىڭى 1303-يىلى ئىتالىيىنىڭ شىمالىي قىسمىدا يۈز بەرگەن، بۇنىڭغا دالكىنو رەھبەرلىك قىلغان، ئۇ قوزغىلاڭچى دېھقانلار

يىدە كۆتۈرۈلگەن جاكۆرىي قوزغىلىڭى، 1381-يىلى ئەنگلىيىدە كۆتۈرۈلگەن ۋات تايلېر قوزغىلىڭى ۋە 1378-يىلى فلورېنتسىيادا كۆتۈرۈلگەن مويكا ئىشچىلىرى قوزغىلىڭى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش كەڭ كۆلەملىك سىنىپىي كۈرەشلەر بولغان. تۆۋەندە ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيىدە بولغان دېھقانلار قوزغىلىڭىنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

**جاكۆرىي قوزغىلىڭى ۋە فرانسىيىنىڭ بىرلىككە كېلىشى** 14-ئەسىردە فرانسىيە يەنىلا بىرلىككە كەلمىگەن ئىدى، بۇ چاغدا ئەنگلىيە پادىشاھى فرانسىيىدە يەنىلا بەزى خوجىلىق يەرلەرنى ئىگەللەپ تۇراتتى. مۇشۇ يەرلەرنى شۇنىڭدەك پادىشالىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىنى تارتىشىش ئۈچۈن ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە ئوتتۇرىسىدا ئۇزاق مۇددەت ئۇرۇش بولغان ئىدى، بۇ ئۇرۇش يۈز يىللىق ئۇرۇش (1337—1453) دەپ ئاتالغان. ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە فرانسىيە ئارقا-ئارقىدىن مەغلۇپ بولغان، 1356-يىلى فرانسىيىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى پۇئاتىيدا بولغان جەڭدە فرانسىيە قوشۇنى قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ، فرانسىيە پادىشاھى جون بىلەن زور بىر تۈركۈم ئاقسۆڭەكلەر ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان. ئەنگلىيە فرانسىيىنىڭ كەڭ يەرلىرىنى بېسىۋالغان. ئەنگلىيە قوشۇنى بىلەن فرانسىيە قوشۇنى فرانسىيىدە مەيلىچە دەپسەندىچىلىك يۈرگۈزۈپ، خەلقنى چەكسىز ئازاب-ئوقۇبەتتە قالدۇرغان.

فرانسىيە تەخت ۋارىسى چارلىس ھۆكۈمرانلىقىنى داۋاملىق ساقلاپ

---

قوشۇننى تەشكىللەپ ئىبادەتخانىلارنى بۇزۇپ چاققان، قورۇقلارنى ۋەيران قىلغان، باستۇرۇشقا كەلگەن قوشۇنلارنى نۇرغۇن قېتىم مەغلۇپ قىلىپ، 4 يىلغىچە بەرداشلىق بېرىپ تۇرغان، ئاخىرى مەغلۇپ بولغان.

قىلىش ئۈچۈن، 1356 ـ يىلى 3 دەرىجىلىك يىغىن چاقىرغان، ئاقسۆڭەكلەر كۆپلەپ ئەسىرگە چۈشۈپ كەتكەنلىكتىن، 3 دەرىجىلىك يىغىنىدا ئۈچىنچى تەبىقە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن، پارىژلىق باي سودىگەر ئاتىن مارسېل خەلقنىڭ نارازىلىقىدىن پايدىلىنىپ، چارلىسنى مەجبۇرلاپ 1357 ـ يىلى «مارت ئۇلۇغ پەرمانى»نى جاكالاتقان، پەرماندا 3 دەرىجىلىك يىغىننىڭ ئۆز ئالدىغا يىغىن چاقىرىشقا، يىلدا ئىككى قېتىم يىغىن ئۆتكۈزۈشكە ھوقۇقلۇق ئىكەنلىكى، باج ئېلىشنى بەلگىلەيدىغانلىقى، باج ـ سېلىقنىڭ ئىشلىتىلىشىنى نازارەت قىلالايدىغانلىقى ھەمدە پادىشاغا مەسلىھەتچى بولۇشقا ۋەكىل ئەۋەتەلەيدىغانلىقى، ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى تەرتىپكە سېلىشنى تەلەپ قىلالايدىغانلىقى، فېئوداللىق يېغىلىقلارنى چەكلىيەلەيدىغانلىقى قەيت قىلىنغان. مارسېل چارلىسنى تىزگىنلەپ، پارىژدا ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى يۈرگۈزگەن. چارلىس «مارت ئۇلۇغ پەرمانى»نى يولغا قويۇش نىيىتىدە بولمىغاچقا، پارىژدىن قېچىپ چىقىپ، ئەسكەر توپلاپ، پايتەختنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ، پارىژنى ئاچارچىلىقتا قالدۇرغان. بۇ چاغدا فرانسىيىنىڭ شىمالىدا جاكۇرىي دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىغان. جاكۇرىي فېئودالارنىڭ دېھقانلارنى كەمسىتىپ ئېيتقان سۆزى ئىدى، شۇڭا قوزغىلاڭ شۇ نام بىلەن كۆتىرىلگەن.

قوزغىلاڭ 1358 ـ يىل 5 ـ ئايدا شىمال تەرەپتىكى بوۋۋى دېگەن بىر كىچىك يېزىدا باشلانغان، قەھرى ـ غەزەپكە كەلگەن دېھقانلار بولاڭ ـ تالاڭ قىلىشقا كەلگەن فېئودالارغا زەربە بېرىپ، ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى ئۆلتۈرگەن، بۇ كەڭ كۆلەملىك قوزغىلاڭنىڭ كۆتىرىلىشى ئۈچۈن سىگنال بولۇپ قالغان. قوزغىلاڭ شىددەت بىلەن كېڭىيىپ، ناھايىتى تېزلا شىمال تەرەپنى قاپلىغان. قوزغىلاڭچى

دېخانلارنىڭ يولباشچىسى گىللوم كارل كۆرەش تەجرىبىسىگە ئىگە ئادەم بولۇپ، دېخانلار قوشۇنىنى تەشكىللەپ، فېئوداللارنىڭ قەلئەلىرىنى گۇمران قىلىپ، فېئوداللارنى قىرىپ-چاپقان. دېخانلار: "بارلىق ئاقسۆڭەكلەرنى بىرنىمۇ قالدۇرماي يوقىتايلى" دېگەن جەڭگىۋار شوئارنى ئوتتۇرىغا قويغان، بۇ دېخانلارنىڭ فېئوداللىزىمغا ئۆزۈل-كېسىل قارشى روھىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەتتى.

بەزى شەھەرلەردىكى كەمبەغەللەرمۇ قوزغىلىپ دېخانلارغا ئاۋاز قوشقان بولسىمۇ، ئەمما زور كۆپچىلىك شەھەرلەر بايلارنىڭ كونتۇروللۇغىدا بولغانلىقى ئۈچۈن، دېخانلاردىن گۇمانلانغان ھەتتا ئۇلارغا دۈشمەنلىك بىلەن قارىغان. پارىژدىكى مارسېل شەھەر باي سودىگەرلىرىنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلغان ھەمدە دېخانلارغا ئاكتىپ ياردەم بەرمىگەن. ئۇ دەسلەپتە دېخانلار قوشۇنىدىن پارىژنىڭ سىرت بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، پارىژنى ئاچارچىلىق تەھدىتىدىن قۇتۇلدۇرۇشنى تەلەپ قىلغان. دېخانلار قوشۇنى شۇنداق قىلغاندىن كېيىن، ئۇ دېخانلارغا ھەقىقى تۈردە ياردەم بەرمەي، ئەكسىچە، چارلىس بىلەن مۇرەسسە قىلىشماقچى بولغان.

ھىلىگەر فېئوداللار بۇ چاغدا ئاللىقاچان تەييارلىق كۆرۈپ قويغانلىقى ئۈچۈن، دېخانلار قوشۇنىنى قىستاپ كەلگەن، 6-ئايدا بوۋېسنىڭ مەيلو ئەتراپىدا دېخانلار قوشۇنى فېئوداللار بىلەن ھەل قىلغۇچ ئۇرۇش قىلغان. فېئوداللار ئالدى بىلەن كارلنى يالغاندىن سۆھبەتكە چاقىرغان، ئەمما ۋەدىسىگە ۋاپا قىلماي ئۇنى قاماپ قويغان، ئۇنىڭدىن كېيىن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يولباشچىسىدىن ئايرىلغان دېخانلار قوشۇنىغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلغان، نەتىجىدە دېخانلار قوشۇنى

ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان، بۇنىڭ بىلەن فېوداللار ھەدەپ قىرغىنچىلىق يۈرگۈزگەن، قېرى-ئاجىز، ئايال ۋە بالا دېمەستىن قىرىپ تاشلىغان، قۇربان بولغانلار 20 مىڭ كىشىگە يەتكەن، كارلىمۇ دەھشەتلىك تۈردە ئۆلتۈرۈلگەن. دېھقانلار قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، پارىژدىكى مارسېلمۇ ناھايىتى تېزلا مۇللاق ئاتقان، چارلېس پارىژنى يېڭىۋاشتىن ئىشغال قىلغان، فېوداللار ھوكۇمرانلىقى ھەممىلا يەردە خالىغانچە قىرغىنچىلىق يۈرگۈزگەن.

جاكۇرېي قوزغىلىڭى — فرانسىيە دېھقانلىرىنىڭ ئىچكى-تاشقى فېوداللارنىڭ زۇلمىغا ۋە دەپسەندىچىلىكىگە قارشى ئېلىپ بارغان ئۇلۇغ ھەركىتى ئىدى. ئەينى چاغدىكى تارىخىي شارائىت تۈپەيلىدىن، قوزغىلاڭنىڭ ئېنىق پۇروگىراممىسى بولمىغانلىقى، تەشكىللەش ئىشى ئانچە ياخشى ئۇيۇشتۇرۇلمىغانلىقى، ئىستىخىيىلىك خاھىش بولغانلىقى، شەھەر ئاھالىسى پەقەت ئۆزىنىڭلا شەخسىي مەنپەئەتىنى كۆزلەپ، دېھقانلار كۈچىدىن پايدىلىنىپ، دېھقانلارغا ھەقىقىي تۈردە ياردەم بەرمىگەنلىكى — مانا مۇشۇ سەۋەپلەر ئارقىسىدا دېھقانلار قوزغىلىڭى ئاخىردا مەغلۇپ بولغان. ئەمما بۇ قوزغىلاڭ فېوداللارغا قاتتىق زەربە بېرىپ، فرانسىيىنىڭ كېيىنكى بىرلىككە پايدىلىق بولغان.

شۇنىڭدىن كېيىن ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە ئوتتۇرىسىدا بولغان يۈز يىللىق ئۇرۇش داۋاملىق بولۇپ تۇرغان، بەزىدە توختىغان، بەزىدە داۋاملاشقان. 15-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ئەنگلىيە قوشۇنى يەنە كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قىلغاندا، فرانسىيە ۋەزىيىتى خەتەرلىك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان. 1428-يىلى ئەنگلىيە قوشۇنى ئورلېانغا ھۇجۇم قىلغان. ئورلېان جەنۇبىي فرانسىيىگە ئۆتىدىغان دەرۋازا

www.uyghurkitap.com

بولغاچقا. ناۋادا قولدىن كېتىپ قالىدىغان بولسا، فرانسىيىنىڭ ھەممە يېرى خەپ ئىچىگە چۈشۈپ قالاتتى. مانا شۇ چاغدا يېزىلىق قىز جىننادارك ۋەتىنىنى ھالاكەت خەۋپىدىن قۇتقۇزۇشقا ئاتلانغان. ئۇ شامپان بىلەن لوتارىنگىيە چېگرىلانغان جايدىكى بىر كىچىك يېزىدا تۇغۇلغان، ئۇ تېخى 20 ياشقا تولمىغان چېغىدا فرانسىيە تەخت ۋارىسى چارلىس بىلەن كۆرۈشۈپ، چارلىسنى باسمىچىلارغا قارشى ئۇرۇشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشقا قايىل قىلغان. جىننادارك ئۇرۇشقا بىۋاستە قاتنىشىپ، ئەسكەر باشلاپ بېرىپ، ئورلېياننى مۇھاسىرىدىن قۇتقۇلدۇرغان. فرانسىيە قوشۇنى پىداكارلىق بىلەن جەڭ قىلىپ، ئەنگلىيە قوشۇنىنى يېڭىپ، ئورلېياننى قايتۇرۇۋالغان. ئۇنىڭدىن كېيىن جىننادارك كارلغا داۋاملىق تۈردە ئالغا ئىلگىرىلەپ، پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي پارىژنىمۇ قايتۇرۇۋېلىش توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەن. بۇ چاغدا فرانسىيە خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك كەيپىياتى يۇقىرى ئۆرلەپ ئەنگلىيە قوشۇنىغا قارشى ئارقا-ئارقىدىن كۆرەشكە ئاتلانغان. پادىشا جىننادارككا ئاقسۆڭەك نامىنى بەرگەندە ئۇ بارلىق مال-مۈلۈك ۋە مەنسەپ-مەرتىۋىنى قوبۇل قىلمىغان. فرانسىيە فېئوداللىرى بىر دېھقاننىڭ شۇنداق يۇقىرى شۆھرەتكە ئىگە بولغانلىقىنى كۆرۈپ، ئىنتايىن چۆچۈپ، ئەنگلىيە فېئوداللىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ خائىنلىق ھەركەتلىرىنى ئېلىپ بارغان. بىر قېتىملىق جەڭدە، جىننادارك چېكىنىپ شەھەرگە قايتىپ كىرىپ كەتمەكچى بولغاندا شەھەرنى قوغداپ تۇرغان فرانسىيە قوشۇنى ئۇنى قوۋۇق سىرتىدا قالدۇرغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان. فرانسىيە پادىشاسى كارل ئۇنى قۇتقۇزمىغان، ئاخىردا ئۇنى دۈشمەن قوشۇنى ئاپال داخان قاتارىدا كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

گەرچە جېنادىلارك قۇربان بولغان بولسىمۇ، ئەمما فرانسىيە خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى كۈندىن-كۈنگە ئۆسۈپ، كوپلىگەن جايلاردا ئەنگلىيىگە قارشى پارتىزانلىق ھەركەتلىرى قانات يايغان، نەتىجىدە ئەنگلىيە قوشۇنى ئارقا-ئارقىدىن مەغلۇپ بولغان. 1453-يىلىغا كەلگەندە يۈز يىللىق ئۇرۇش فرانسىيىنىڭ غەلىبە قازىنىشى بىلەن ئاياقلاشقان. كالې پورتىدىن باشقا، ئەنگلىيە فرانسىيىدىكى بارلىق زېمىندىن ئايرىلغان، فرانسىيە ئاساسىي جەھەتتىن سىياسىي بىرلىكنى ئىشقا ئاشۇرغان.

**ئەنگلىيىدىكى ۋات تىلېر قوزغىلىڭى** 14-ئەسىردە ئەنگلىيىدە پۇل بىلەن تۆلىنىدىغان يەر ئىجارىسى كەڭ تارقالغان، بەزى جايلاردا يانچىلارنى جىسمانىي جەھەتتىن كونتىرول قىلىش بوشىشقا باشلىغان. يۇڭ توقۇمىچىلىق سانائىتىمۇ كۈندىن-كۈنگە راۋاجلانغان، تاۋار-پۇل مۇناسىۋىتى تەرەققىي قىلغان. قارا داغ كېسىلى ۋە ئۇندا بولۇپ تۇرغان ئاپەت تۈپەيلىدىن، ئەمگەك كۈچىنىڭ كېمىيىپ كەتكەنلىكى ناھايىتى چوڭقۇر ھېس قىلىنغان، ھۆكۈمرانلار سىنىپى تەتۈر يول تۇتۇپ، بىر تەرەپتىن، ئاتالمىش ئەمگەك قانۇنىنى چاكالاپ، ئەمگەكچى خەلقنى تۆۋەن باھادا ياللىنىشقا مەجبۇر قىلغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىشلەپ بېرىشنى ئاساس قىلغان يانچىلىق تۈزۈمىنى كۈچەيتىپ، ئەمگەك كۈچلىرىنى يەرگە بەنت قىلىپ قويغان، شۇنىڭ بىلەن شەھەر ۋە يېزىلاردا سىنىپىي زىددىيەت ھەممىلا يەردە كەسكىنلەشكەن.

خەلقنىڭ شۇ چاغدىكى فېئودالىزمغا قارشى كەيپىياتىنى لوللارد مەزھىپى دەپ ئاتىلىدىغان بەزى ئامرات دىن تارقاتقۇچىلار ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. ئۇلار جايلاردا دىن تارقىتىپ، جەمىيەتتىكى

باراۋەرسىزلىكنى سوكۇپ: "ئادەم ئاتام يەر تېرىغان، ھاۋا ئانام رەخت توقۇغان چاغلاردا كىم ئاقسوڭەك ئىكەن!" دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەڭ مەشھۇرلىرىدىن جون باللى فېئوداللىزىمغا قارشى بىرقەدەر مۇكەممەل نەزەرىيىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، فېئوداللارنىڭ ۋەھشىيلىكىنى، ئەيش-ئىشرەتكە بېرىلگەنلىكىنى پاش قىلغان، فېئودال ئاقسوڭەكلەرنى يوقىتىشنى، مال-مۈلۈكنى ئومۇمنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكۈزۈشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئاممىنى قوزغىلىپ ئىنقىلاب قىلىشقا چاقىرغان. باللىنىڭ تەشۋىقاتى ئاممىنىڭ ئاڭقىغا ئېرىشىپ، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنىڭ ئىدىيىۋى تەييارلىقى بولۇپ قالغان.

1381-يىل 5-ئايدا باج-سېلىقنى كۆپەيتىشكە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، ئەنگلىيىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى ئېسسېكس ۋە كېنت قاتارلىق ۋىلايەتلەردىكى دېھقانلار قوزغىلاڭ كۆتەرگەن، بۇ قوزغىلاڭ ئۇزاق ئۆتمەيلا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەممە جايلىرىنى قاپلىغان. قوزغىلاڭچى دېھقانلار فېئوداللارنىڭ قەلئەلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، قاماپ قويۇلغان جون باللىنى قويۇپ بەرگەن ھەمدە تامچى ۋات تىلېرنى يولباشچى قىلىپ، قوراللىق قوشۇن تەشكىللەپ، داغدۇغا بىلەن لوندونغا قاراپ يۈرۈش قىلغان. لوندون كەمبەغەللىرى دېھقان قېرىنداشلىرىغا ماسلىشىپ، شەھەر دەرۋازىسىنى ئېچىپ بەرگەن. دېھقانلار 6-ئاينىڭ 30-كۈنى لوندونغا بېسىپ كىرگەن.

دېھقانلار قوشۇنى لوندوننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئېپىسكوپ ۋە مالىيە ۋەزىرى قاتارلىق ئەكسىيەتچى ئاقسوڭەكلەرگە ئۆلۈم جازاسى بەرگەن، خان ئوردىسىنى كويدۇرۇۋەتكەن، ئارخىپلارنى كويدۇرۇپ تاشلىغان، تۈرمىلەرنى ئېچىپ گۇناكارلارنى قويۇپ بەرگەن. شۇ چاغلاردا زور بىر تۈركۈم ئاتلىقلار فرانسىيىدە جەڭ

قىلىۋاتقان ئىدى، ھۆكۈمرانلار سىنىپى مالىماتاڭ بولۇپ كەتكەن، پادىشا چارلېس II لوندون مۇنارىغا يوشۇرۇنۇۋالغان ئىدى، ئۇ نائىلاج دېھقانلار قوشۇنى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى.

بىرىنچى قېتىملىق سۆھبەت لوندوننىڭ شەرقىي شىمالىدىكى كىچىك يېزا — مېرئىندا ئۆتكۈزۈلگەن. دېھقانلار يانچىلىق تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى، دېھقانلار يېرىنىڭ ھەر بىر موسىغا 4 پېنس ئىجارە ئېلىشنى، ئەركىن سودىنى يولغا قويۇشنى، قوزغىلاڭچىلارغا كەچۈرۈم قىلىشنى تەلەپ قىلىپ، ھاللىقراق دېھقانلارنىڭ تەلىۋىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. پادىشا يالغاندىن بۇ تەلەپلەرگە ماقۇل بولغان، بىر قىسىم دېھقانلار بۇنىڭغا ئالدىنىپ، تارقىلىپ ئۆيلىرىگە قايتىپ كەتكەن.

ۋات تايلېر باشچىلىقىدىكى كەمبەغەل دېھقانلار قېپقىلىپ كۈرەشنى داۋاملاشتۇرغان، ئۇلار پادىشا بىلەن سمىتفېلد مەيدانىدا قايتىدىن سۆھبەت ئۆتكۈزگەن. تايلېر ئەمگەكچى خەلققە قارشى بارلىق پەرمانلارنى بىكار قىلىشنى، دىنىي جەمىيەتلەر يەرلىرىنى مۇسادىرە قىلىپ كەمبەغەل دېھقانلارغا بۆلۈپ بېرىشنى، فېئوداللار ئىمتىيازىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى ۋە ئۇلار بېسىۋالغان يېزىلاردىكى ئومۇمنىڭ يەرلىرىنى قايتۇرۇۋېلىشنى، يانچىلىق تۈزۈمىنى بىكار قىلىشنى ۋە باشقىلارنى تەلەپ قىلغان، بۇ تەلەپلەر كەمبەغەل دېھقانلارنىڭ فېئوداللىزىمغا قارشى تەلىۋىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. ئەمما فېئوداللار ئاۋال تەييارلىق كۆرۈپ قويغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى چاپىنىنىڭ ئىچىگە ساۋۇت كىيىپ، خەنجەر تىقىپ كىرىپ، سۆھبەت ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان چاغدا ئوشتۇمتۇت تايلېرغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى ئۆلتۈرگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن دېھقانلارنى ئالداپ دېھقانلارنىڭ

www.uyghurkitap.com

بارلىق تەلۋىسىنى ماقۇل كۆرگەنلىكىنى ئىزھار قىلىپ، ئۇلارنى ئۆيلىرىگە قايتىشقا دەۋەت قىلغان. ئارقىدىنلا جاللاتلىق قىلىچىنى ئوينىتىپ، دېھقانلار ئۈستىدىن چوڭ قىرغىنچىلىق ئېلىپ بارغان. بۇنىڭ بىلەن لوندون ۋە پۈتۈن مەملىكەت قان دېڭىزىغا غەرق بولغان. تارقىلىپ كەتكەن دېھقانلار قوشۇنى گەرچە تەشكىللىنىپ قارشىلىق كۆرسىتىپ باققان بولسىمۇ، ئەمما بەك كېچىكىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئاخىر مەغلۇپ بولغان، جون باللىمۇ قولغا ئېلىنىپ قۇربان بولغان.

1381 ـ يىلدىكى قوزغىلاڭ فرانسىيىنىڭ جاكۇرىي قوزغىلىڭىغا قارىغاندا تېخىمۇ تەشكىللىك، كۆرەش نىشانىمۇ ناھايىتى ئېنىق بولغاچقا، فېئوداللىق تۈزۈمگە ناھايىتى قاتتىق زەربە بەرگەن. فېئوداللارنىڭ ئىشلەپ بېرىش تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولغانلىقىدىن ئىبارەت ئەكسىيەتچىل خاھىشىنى بىتچىت قىلىپ تاشلىغان. دېھقانلار ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرگەن. 14 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، ئەنگلىيە ئۆز ئالدىغا تېرىقچىلىق قىلىدىغان دېھقانلار كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدىغان دۆلەتكە ئايلانغان. جەمئىيەت تەرەققىياتى تېخىمۇ تېز بولغان، بۇ ھال ئەنگلىيىنىڭ كېيىنچىرەك بالدۇرلا كاپىتالىزىم جەمئىيىتىگە قەدەم قويۇشىغا پايدىلىق بولغان.

1381 ـ يىلدىكى قوزغىلاڭدىنمۇ كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، دېھقانلار فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ ئورنىغا قانداق جەمئىيەتنى دەسسىتىدىغانلىقى توغرىسىدىكى پۇروگىراممىنى ئوتتۇرىغا قويالمايتتى، دېھقانلارنىڭ تەشكىلچانلىقىمۇ ناچار ئىدى. بولۇپمۇ يەككە ئۇششاق دېھقانلارنىڭ بولۇنۇشى ئىچكى قىسمىدا بىرلىككە كېلەلمەسلىكنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە شەھەرلەردىكى يۇقىرى قاتلامدىكىلەرنىڭ

خائىنلىق ھەرىكەتلىرى، دۈشمەنلەرنىڭ كۈچىنىڭ نىسبىي ھالدا كۈچىيىشىگە ئوخشاش ئامىللار قوشۇلۇپ، بۇ قوزغىلاڭنىڭ مەغلۇپ بولۇشىغا سەۋەبچى بولغان.

www.uyghurkitap.com

## ئون ئىككىنچى باپ

# شەرقىي ياۋروپادىكى فېئودال دۆلەتلەر

بۇ باپتا ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسى ۋە سلاۋيانلار قۇرغان فېئودال دۆلەتلەر بايان قىلىنىدۇ. 4-، 5-ئەسىرلەردە، سلاۋيانلار ۋىسلا دەرياسىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى شەرقىي ياۋروپا تۈزلەڭلىكىدە ياشايتتى، كېيىن ئاستا-ئاستا شەرقىي سلاۋيانلار، غەربىي سلاۋيانلار ۋە جەنۇبىي سلاۋيانلار دېگەن 3 تارماققا بۆلۈنۈپ كەتكەن ئىدى. شەرقىي سلاۋيانلار روسىيەنى، غەربىي سلاۋيانلار پولشا بىلەن چېخوسلوۋاكىيەنى قۇرغان، جەنۇبىي سلاۋيانلار 6-، 7-ئەسىرلەردە بالقان يېرىم ئارىلىغا بېسىپ كىرىپ، ۋىزانتىيەنىڭ قۇللۇق تۈزۈم ئاساسىدىكى ئىمپېرىيەسىنىڭ شۇ يەردىكى ھۆكۈمرانلىقىغا زەربە بېرىپ، بالقان يېرىم ئارىلىدا سېربىيەگە ئوخشاش بەزى فېئودال كىچىك دۆلەتلەرنى قۇرغان ئىدى. ۋىزانتىيە زېمىنى ئاسىيا بىلەن ياۋروپاغا ئۆتۈشەتتى، ۋىزانتىيە 7-ئەسىردە فېئودال دۆلەتكە ئۆزگەرگەن، مەدەنىيەت جەھەتتە شەرقىي ياۋروپاغا بەزى تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن ئىدى.

شەرقىي ياۋروپادىكى دۆلەتلەرنىڭ فېئوداللىق جەمئىيىتى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ئىدى. غەربىي ياۋروپاغا سېلىشتۇرغاندا، رىم قۇللۇق تۈزۈمى پەيدا قىلغان تەسىر ئازراق بولغان،

ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى دەسلەپتە غەربىي ياۋروپانىڭكىدىنمۇ ئارقىدا قالغان، فېئوداللىق جەمئىيەتكە كىرىشمۇ غەربىي ياۋروپادىن كېيىنرەك بولغان ئىدى. سلاۋيانلارنىڭ بەزى دۆلەتلىرى قۇللۇق تۈزۈمنى باشتىن كەچۈرمەيلا، توغرىدىن-توغرا فېئوداللىق جەمئىيەتكە كىرگەن، فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش ۋاقتى ئۇزاقراق بولغان ئىدى. ئەركىن دېھقانلار يانچىلارغا ئايلىنىپ قېلىشتا ئۇزاق جەرياننى بېشىدىن كەچۈرگەن ئىدى. 15-ۋە 16-ئەسىرگە كەلگەندە، غەربىي ياۋروپادىكى بەزى دۆلەتلەردە ئاللىقاچان كاپىتالىزىم بارلىققا كەلگەن چاغلاردا، شەرقىي ياۋروپادىكى دۆلەتلەرنىڭ تولىسىدا ئىشلەپ بېرىش ئاساسىدىكى يانچىلىق تۈزۈمىنى كۈچەيتىش ئەھۋاللىرى يۈز بېرىپ، يانچىلىق تۈزۈمى ئاخىر ۋۇجۇتقا كەلگەن ئىدى. دېھقانلارنىڭ ئېغىر ھالدا جىسمانىي جەھەتتە قۇل قىلىنىشى ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە دەھشەتلىك ھالدا ئېزىلىشى جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا توسقۇن بولغان ئىدى.

## 1- بۆلۈم ۋىزانتىيە

**يۇستىنىيانىڭ قۇللۇق تۈزۈمىنى تىرىلدۈرۈش يولىدىكى ئەكسىيەتچىل سىياسىتى ۋە بۇ سىياسەتنىڭ بىتچىت بولۇشى** رىم ئىمپېرىيەسى 395-يىلى شەرقىي ۋە غەربىي قىسىملارغا بۆلۈنگەنتى. شەرقىي رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ زېمىنى بالقان يېرىم ئارىلىنى، كىچىك ئاسىيا، سۈرىيە، پەلەستىن، مىسىر قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى، پايتەختى كونستانتىنوپول قەدىمىي يۇناندىن كۆچۈپ بارغان

خەلق قورغان شەھەر — ۋىزانتىيىنىڭ كونا ئورنى بولغاچقا، ۋىزانتىيە ئىمپېرىيىسى دەپمۇ ئاتىلاتتى.

خەلق قوزغىلاڭلىرىنىڭ ۋە گېرمانلارنىڭ ھۇجۇم قىلىپ زەربە بېرىشى ئارقىسىدا، ئاللىقاچان ۋەتۋەرىگى چىقىپ كەتكەن غەربىي رىم ئىمپېرىيىسى 476-يىلى گۇم بولغان ئىدى. قۇللار بىلەن قول دېھقانلارنىڭ قوزغىلاڭلىرى، گېرمانلارنىڭ ھۇجۇملىرىمۇ قۇلدارلارنىڭ ۋىزانتىيە ئىمپېرىيىسىدىكى ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتكەن ئىدى. ۋىزانتىيە پادىشاسى يۇستىنىيان (527—565) زاۋالغا يۈز تۇتقان قۇلدارلار سىنىپىنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىپ، قۇللۇق تۈزۈمنى ھالاك بولۇشتىن قۇتقۇزۇپ قېلىشقا ئۇرۇندى. ئۇ تەختكە چىقىشى بىلەنلا، كۈچ ئۇيۇشتۇرۇپ، رىم جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن تارتىپ تا ئۆزى تەختتە تۇرغان چاغلارغىچە بولغان ۋاقىتلاردا جاكالانغان ئەمىر-پەرمانلارنى ۋە موتىۋەرلەر كېڭىشىنىڭ قارارلىرىنى رەتلەپ، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ «يۇستىنىيان قانۇنلىرى»، «قانۇن-قائىدىلەر توپلىمى»، «قانۇن ئومۇمى پروگراممىسى» ۋە «يېڭى پەرمانلار» دېگەن كىتابلارنى تۈزۈپ، «دىگېست» (رىم قانۇنلىرى دەستۇرى) دەپ ئاتىدى. بۇ ياۋروپا تارىخىدا سېستىمىلىق تۈزۈپ چىقىلغان تۇنجى قانۇن بولۇپ؛ كېيىن بۇ قانۇن ياۋروپادىكى دۆلەتلەرنىڭ قانۇنىغا خېلىلا زور تەسىر كۆرسەتكەن.

4-ئەسىردىن 6-ئەسىرگىچە ۋىزانتىيىدە يەنىلا قۇللۇق تۈزۈم ئاساسىدىكى ئېكسپىلاتاتسىيە مۇناسىۋىتى ساقلىنىپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدا فېئوداللىزم ئامىللىرى يېتىشمەكتە ئىدى. يۇستىنىيان قانۇنلىرى قۇلدارلارنىڭ قۇللار بىلەن قول دېھقانلار ئۈستىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەشنى كۆزلەپ تۈزۈپ چىقىلغان ئىدى.

قانۇنلار ھوكۇمران سىنىپلارنىڭ ئىمتىيازىنى ھەدەپ قوغدىغان، پادىشادا چەكسىز ھوقۇق بولۇشىنى تەكىتلىگەن؛ قۇللار بىلەن قۇل دېخانلاردا ھوقۇق بولماي، خوجايىنغا بويسۇنۇشى شەرت قىلىنغان، قاچقۇنلار ئېغىر جازاغا تارتىلىدىغان بولغان. يۇستىنىيان قانۇن تۈزۈش تەدبىرىنى قوللىنىپ ئەمدىلا مەيدانغا چىققان فېئودالىزىم كۈچلىرىنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئۇرۇنغان، مەسىلەن، ئۇلارنىڭ ئەسكەر بېقىشىنى ۋە قورۇقلاردا ئۆز ئالدىغا تۈرمىلەر قۇرۇشى ۋە باشقىلارنى چەكلىگەن بولسىمۇ، ئەمما ۋىزانتىيە قۇللۇق تۈزۈمىدىكى جەمئىيەتتە بولغان ئۆزگىرىشلەرنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولغان، شۇڭا «يېڭى پەرمانلار»غا قۇللارنى قويۇپ بېرىشكە رۇخسەت قىلىنىدۇ، دېگەن بەلگىلەر كىرگۈزۈلگەن.

يۇستىنىيان قۇللۇق تۈزۈم ئاساسىدىكى رىم ئىمپېرىيىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىيالىدا بولۇپ، ئىمپېرىيىنىڭ بارلىق ئادەم كۈچى، ماددى كۈچى ۋە مالىيە كۈچىنى سەپەرۋەر قىلىپ، بىر قاتار ئەكسىيەتچىل ئۇرۇشلارنى قوزغىغان ئىدى. 534-يىلى ۋىزانتىيە قوشۇنى شىمالىي ئافرىقىغا يۈرۈش قىلىپ، ۋاندال پادىشالىقىنى يوقاتقان ئىدى. تاجاۋۇزچى قوشۇن ئىشغال قىلىۋالغان جايلاردا يەرلىك رىم قۇلدارلىرىنىڭ ئۇرۇق-پۇشتىغا بولۇپ بەرگەن، قويۇپ بېرىلگەن قۇللارنى ۋە قۇل دېخانلارنى قۇلدارنىڭ ئىلكىگە ئۆتكۈزۈپ بەرگەن ئىدى. 535-يىلى ۋىزانتىيە قوشۇنى ئىتالىيىگە بېسىپ كىرىپ، سىتسىلىيە ئارىلىنى ۋە ئىتالىيىنىڭ جەنۇبىي قىسمىنى بېسىۋالغان، كېيىن ھۇجۇم قىلىپ رىمنىمۇ بېسىۋېلىپ، ئىستىلاچىلار ئىتالىيە خەلقى بىلەن شەرقىي گوتلارغا قايتىدىن قۇللۇق تۈزۈم كىشەنلىرىنى سالغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر

ۋاقىتتا، يۇستىنىيان غەربىي گوتلارنىڭ ئىچكى قالايمىقانچىلىقلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئەسكەر چىقىرىپ ئىسپانىيىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمىنى بېسىۋالغان ئىدى.

دەھشەتلىك سىنىپىي زۇلۇم، ئېغىر ئالۋاڭ-ياساق ۋە باج-سېلىق، ئۇرۇشنىڭ ئېغىر يۈكى، — دانا بۇلارنىڭ ھەممىسى مەملىكەت ئىچىدىكى شەھەر-يېزا ئەمگەكچى خەلقنىڭ زىممىسىگە چۈشكەنلىكتىن، كەڭ قۇللار، قۇل دېھقانلار ۋە شەھەر كەمبەغەللىرىنىڭ نارازىلىقى ئەۋجىگە چىققان ۋە ئۇلار قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ قارشى چىققان. يۇستىنىيان تەختكە ئولتۇرۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، 532-يىلى ئىمپېرىيىنىڭ يۈرىكى كونستانتىنوپولدا قايىنام-تاشقىنلىق نىكار قوزغىلىڭى① پارتلىغان. قوزغىلاڭچىلار ئاممىسى ئاقسۆڭەكلەر ۋە بايلارنىڭ قورا-جايلىرىنى كۆكۈم-تالقان قىلىۋەتكەن، مەھكىمىلەرنى ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتكەن، تۈرمىلەرگە ھۇجۇم قىلغان، خان ئوردىسىغا بېسىپ كىرگەن. ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ قورقۇپ جان-ئىمانى چىقىپلا كەتكەن، يۇستىنىيان شەھەرنى تاشلاپ قاچماقچى بولغان. كېيىن ھۆكۈمرانلار قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ئىچىدە بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلىپ، قوزغىلاڭنى دەھشەتلىك تۈردە باستۇرۇۋەتكەن. تاجاۋۇزغا ئۇچرىغان جايلاردىكى خەلقمۇ جىددىي تۈردە قوزغىلىپ ۋىزانتىيىگە قارشى تۇرغان. شىمالىي ئافرىقا خەلقى 536-يىلدىن باشلاپ قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ تىرىلىشىگە قارشى خەلق قوزغىلاڭلىرىنى 10 يىلغىچە داۋاملاشتۇرغان؛ شەرقىي گوتلار قۇللۇققا قارشى تۇرۇش

① نىكار — غەلىبە دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇنى قوزغىلاڭچىلار ئوتتۇرىغا قويغان.

يۈزىسىدىن ۋىزانتىيە ئىمپېرىيىسىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتەرگەندە، بۇ قوزغىلاڭغا ئىتالىيە قۇللىرى بىلەن قۇل دېھقانلىرى قوشۇلۇپ، بىر مەزگىل، رىم بىلەن ئىتالىيىنىڭ كۆپ قىسىم يەرلىرىنى ئازات قىلىپ، تاجاۋۇزچى قوشۇننى يېرىم ئارالنىڭ غەربىي جەنۇب بۇرجە-كىگە قوغلىۋەتكەن. 555-يىلغا كەلگەندە، يۇستىنىيان يېڭى تاجاۋۇز-چىلىق ئۇرۇشى قوزغاشقا قۇربى يەتمەيدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان. ئۆزىنى كۈچلۈك دەپ مەيدىسىگە ئۇرۇپ يۈرگەن ۋىزانتىيە ئىمپېرىيىسى سىلاۋيانلار، ھونلار شۇنىڭدەك ئىران بىلەن بولغان جەڭلەردە ھامان مەغلۇپ بولۇپ تۇرغان. يۇستىنىيان ئۆلۈپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، لومباردىيىلىكلەر شىمال تەرەپتىن ئىتالىيىگە ھۇجۇم قىلىپ كىرگەن، قۇللار بىلەن قۇل دېھقانلارمۇ قوزغىلاڭ كۆتىرىپ، ۋىزان-تىيە قوشۇنىنى ئىتالىيىنىڭ شىمالىي ۋە ئوتتۇرا قىسىملىرىدىن قوغلاپ چىقارغان. 6-ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىدا، ۋىزانتىيىنىڭ ئىسپانىيە-دىكى زېمىنلىرىنىمۇ غەربىي گوتلار قايتۇرۇۋالغان. يۇستىنىيانىنىڭ قۇللۇق تۈزۈمى ئاساسىدىكى رىم ئىمپېرىيىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش يولىدىكى ئەكسىيەتچىل سىياسىتى ئاخىر ئۈزۈل-كېسىل بەربات بولغان.

**ۋىزانتىيە ئىمپېرىيىسىدىكى ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر ۋە ئۇنىڭ زاۋال تېپىشى** 6-ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 7-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ۋىزانتىيە جەمئىيىتىدە كەسكىن ئۆزگىرىشلەر بولدى. خەلق قوزغىلاڭلىرى **ھەممىلا** يەردە كۆتىرىلىپ، بۇ قوزغىلاڭلار مىسىر، سۈرىيە، پەلەستىن ۋە بالقان يېرىم ئارىلىدىكى جايلارغىچە تارقالدى. شەھەر خەلقىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرەشلىرىمۇ ئۈزلۈكسىز تۈردە پارتلاپ تۇردى، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى قۇللۇق

www.uyghurkitap.com

تۈزۈمىنىڭ ئەكسىيەتچىل ھوكۈمرانلىقىغا قاتتىق زەربە بەردى. شۇن-
نىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يات مىللەتلەرنىڭ ھۇجۇمىمۇ بارغانسېرى
كۈچەيدى، سىلاۋىيانلار، ئاۋارلار ئۈزلۈكسىز تۈردە جەنۇپقا قاراپ
كوچۈپ، بالقان يېرىم ئارىلىغا بېسىپ كىردى. ئۇلار قۇللۇق تۈزۈ-
مىدىكى چوڭ قورۇقلارنى ۋەيران قىلىپ، يەرلەرنى تارتىۋالدى.
ۋە تەقسىم قىلدى ھەمدە شۇ جايلاردا ئولتۇراقلىشىپ، يەرلىك
ئاھالە بىلەن قوشۇلۇپ كەتتى. 7-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە،
بالقان يېرىم ئارىلىنىڭ بەزى جايلىرىدا سىلاۋىيانلار ئاساسلىق
ئاھالە بولۇپ قالدى.

خەلق قوزغىلاڭلىرىنىڭ ۋە يات مىللەتلەرنىڭ ھۇجۇمىنىڭ قاتمۇ-
قات زەربە بېرىشى ئارقىسىدا، قۇللۇق تۈزۈمىدىكى دۆلەتنىڭ ئەكسى-
يەتچىل ھوكۈمرانلىقى تامامەن گۇمران بولدى. 602-يىلى دۇناي
دەرياسى ياقىسىدا تۇرۇشلۇق قوشۇن تۆۋەن دەرىجىلىك ئەپىتسەر
فوكاسنىڭ رەھبەرلىكىدە قوزغىلاڭ كۆتەردى. پايتەخت خەلقىنىڭ
قوللاپ قۇۋۋەتلىشى ئارقىسىدا، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى كونستانتىنو-
پولنى ھۇجۇم بىلەن ئېلىپ، پادىشانى ئۆلتۈرۈپ، فوكاس پادىشا-
لىق تەختىگە (602—610) ئولتۇردى. موتىۋەر ئاقسۆڭەكلەر فوكاس-
قا قارشى تۇرۇپ بىر قاتار ئىچكى ئۇرۇش قوزغاپ، ئاخىرى فوكاسنى
ئاغدۇرۇپ تاشلىدى، يەرلىك فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنىڭ تەسىر
كۈچىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئىراكلى (610—641) ھاكىمىيەتنى
قولغا كىرگۈزۈپ، قالدۇق قۇلدارلار بىلەن مۇرەسسەلىشىپ، ھوكۈم-
رانلىق يۈرگۈزدى. ۋىزانتىيە شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن فېئودال دۆلەتكە
ئايلاندى.

ئىراكلى تەختكە چىققاندىن كېيىن، ۋىزانتىيىنىڭ فېئوداللىق

ئىقتىسادى راۋاجلىنىپ، كۆندىن-كۈنگە ھوكۇمرانلىق ئورۇنغا ئۆتتى①، بۇ چاغدا ئىمپېرىيىدە ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىش يۈز بەردى، ئۇنىڭ زېمىنى ناھايىتى كۆپ تارىيىپ كەتتى. 7-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئەرەبلەر ئوتتۇرا شەرق بىلەن شىمالىي ئافرىقىنى بېسىۋالغاندا، ۋىزانتىيە پەقەت كىچىك ئاسىيا بىلەن بالقان يېرىم ئارىلىنىلا ساقلاپ قالغان ئىدى. ھوقۇقنىڭ مەركەزلىشىشى بىر ئاز ئاجىزلىشىپ قالغانلىقتىن، ھەربىي رايون باشلىقلىرى ھەربىي رايوننىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مەمۇرى ئىشلار بىلەن ھەربىي ئىشلارنى بىر تۇتاش باشقۇرىدىغان بولغان، بۇنىڭ بىلەن جايلارنىڭ ھوقۇقى كۈچىيىپ كەتكەن ئىدى. رىم ھوكۇمرانلىقىنىڭ تەسىرى كۈندىن-كۈنگە ئاجىزلىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، دۆلەت تىلى لاتىن تىلىدىن گىرېك تىلىغا ئۆزگەرتىلگەن ئىدى. ئەمما قوللۇق تۈزۈمنىڭ ئىقتىسادىي تەركىۋى ناھايىتى ئۇزاققىچە ساقلىنىپ، تا 11-ئەسىرگىچە داۋاملاشتى.

فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ راۋاجلىنىشى داۋامىدا. فېئودال چوڭ پومېششىكلار يەرلەرنى ئۆز يەرلىرىگە قوشۇۋېلىپ، ئورغۇنلىغان ئۇششاق دېھقانلارنى ۋەيران قىلىۋەتكەچكە، سىنىپىي زىددىيەت كەسكىنلىشىپ كەتكەن ئىدى. 9-10-ئەسىرلەردە، كەڭ كولەملىك دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ كەينى-كەينىدىن پارتلىشى، دىنىي نىقاپ بىلەن ئېلىپ بېرىلغان خەلقنىڭ قارشىلىق ھەركەتلىرىنىڭمۇ ئۈزلۈك-

---

① ۋىزانتىيىنىڭ قانداق قىلىپ قۇللۇق تۈزۈمدىن فېئوداللىق تۈزۈمگە ئۆتكەنلىكى توغرىسىدىكى مەسىلە تېخى ھەل بولمىغان، ئۇنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

سىز كوتىرىلشى ھوكۇمران سىنىپلارغا قاقشاتقۇچ زەربە بولغان ئىدى. يات مىللەتلەرنىڭ ھۇجۇمىغۇ ئۈزۈلمەي بولۇپ، 9 — 10 - ئەسىرلەردە، بالقان يېرىم ئارىلىدا قۇدرەتلىك بۇلغارىيە پادىشالىغى قۇرۇلۇپ، ۋىزانتىيىنى نۇرغۇن قېتىم مەغلۇپ قىلىپ، يېرىم ئارالنىڭ جەنۇبىي قىسمىنىڭ دېڭىز ياقىسىدىكى جايلىرىغا چېكىنىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلغان ئىدى. 11 - ئەسىردە، بۇلغارىيە ئاجىزلىشىپ كەتتى، كىچىك ئاسىيادا يەنە سالجۇق تۈركلىرى باش كوتىرىپ چىقىپ، پۈتكۈل كىچىك ئاسىيانى ئۆزىگە قارىتىۋالدى. 1204 - يىلى كونستانتىنو- پولنى ئەھلى سەلىپ ئىشغال قىلىۋالدى، شۇنىڭ بىلەن ۋىزانتىيە دولىتى ھالاك بولدى. 60 يىلدىن كېيىن يېڭىۋاشتىن قۇرۇلغان ۋىزانتىيە دولىتى دېڭىز بوغۇزىدىكى ئالقاندەك يەردە سەكراتتا چۈشۈپ قالدى، 1453 - يىلغا كەلگەندە، ئاخىر، تۈركىيە تەرىپىدىن يوقىتىلدى.

ۋىزانتىيىدە ساقلىنىپ قالغان كىلاسسىك مەدەنىيەت كېيىن غەربىي ياۋروپاغا كىردى، ۋىزانتىيە مەدەنىيىتى، ئاساسەن، شەرقىي ياۋرو- پادا، بولۇپمۇ روسىيىدە چوڭ تەسىر كورسەتكەن ئىدى. 9 - ئەسىر- دە، ۋىزانتىيىنىڭ دىن تارقاتقۇچىسى كيرىل يىلەن مىفودىيا ئىجات قىلغان سىلاۋيان ھەرىپى ھازىرقى رۇس، بۇلغار، يۇگوسلاۋىيە ھەرىپىنىڭ مەنبەسى ئىدى. روسىيىنىڭ دىنى، سەنئىتى، بىناكار- لىغى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلىرى دەسلەپتە ۋىزانتىيىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئىدى.

## 2 ـ بۆلۈم   چېخلار بىلەن پولەكلەر

چېخ ۋە پولەك دۆلەتلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى  مىلادى 6 — 7 ـ ئەسىرلەردە، ياۋروپانىڭ ئوتتۇرا قىسمىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى ۋىسلا دەرياسى ۋە غەرب تەرىپىدىكى ئېلبا دەرياسى ۋادىلىرىدىكى جايلاردا غەربىي سلاۋيانلار ياشايتتى. بۇلاردىن چېخلار بىلەن مورلاۋىيانلار ئېلبا دەرياسىنىڭ يۇقىرى ۋادىسىدا، پولەكلەر ۋىسلا دەرياسى بىلەن ئودېر دەرياسى ۋادىلىرىدا ياشايتتى. 9 ـ ئەسىردە، مورلاۋىيە دۆلىتى ۋۇجۇتقا كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما مۇستەھكەملىنىپ كېتەلمىگەچكە، ۋېنگرىيە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن كېيىن، 10 ـ ئەسىردە يىمىرىلىپ كەتتى.

مورلاۋىيە دۆلىتى ھالاك بولغاندىن كېيىن، 10 ـ ئەسىردە چېخلار دۆلىتى بارلىققا كەلدى. دەسلەپكى چاغلاردا چېخلار دۆلىتىدە فېئوداللىق تەرىقە ئېغىر، مەركەزنىڭ ھوقۇقى ئاجىز بولغان ئىدى. 1086 ـ يىلى مۇقەددەس رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ خانى ھېنرى IV چېخ كىنەزى فولاتىسوۋ II (1062 — 1092) غا پادىشا دېگەن نامنى بەردى، شۇنىڭ بىلەن چېخ ئىمپېرىيىنىڭ تەركىبىگە كىردى. 13 ـ ئەسىردە، چېخ ياۋروپادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ بىرىگە ئايلاندى، پادىشا ۋاتسىلاۋ (1230 — 1253) زامانىسىدە، تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن موڭغۇل قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلدى. 14 ـ ئەسىردە، چېخ پادىشاسى ئىمپېرىيىنىڭ 7 چوڭ پادىشا نامزاتىدىن بىرى بولدى، بەزىدە خان بولۇپمۇ سايلاندى.

12 ــ 13 ـ ئەسىرلەردە، چېخ دۆلىتىدە فېئوداللىق تۈزۈم شەكىللەندى، ئۇرغۇنلىغان دېخانلار يەرلىرىدىن مەھرۇم بولۇپ، فېئوداللارغا بېقىنىپ، بارا ـ بارا يانچىلارغا ئايلىنىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، زور بىر تۈركۈم گېرمانىيە كۆچمەنلىرى چېخ زېمىنىغا كۆچۈپ كىردى، بۇلاردىن بىرمۇنچىسى دېخان ۋە قول سانائەتچىلەر بولغاچقا، بۇلار چېخلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ راۋاجلىنىشىغا پايدا يەتكۈزدى. ئەمما دىنىي ئاقسۆڭەكلەر بىلەن دەھرىي ئاقسۆڭەكلەردىن بولغان گېرمانىيە فېئوداللىرىمۇ چېخ زېمىنىغا بېسىپ كىرىپ، چېخلارنىڭ دىنىي جەمئىيەتتە مۇھىم خىزمەت تۇتۇپ، كەڭ ـ كەڭ يەرلەرنى ئىگىلىۋېلىپ، چېخ دېخانلىرى بىلەن گېرمانىيە كۆچمەنلىرىنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلدى. چېخ پادىشاسى كىرىمنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، گېرمانىيە سودىگەرلىرى، قول سانائەتچىلىرىنى چاقىرىپ كېلىپ چېخ شەھەرلىرىگە ئورۇنلاشتۇردى، ياكى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ شەھەر قۇرۇشىغا، ئىمتىيازلىق بولۇشىغا يول قويدى. شۇنىڭ بىلەن چېخ زېمىنىدا گېرمان دىنىي ئاقسۆڭەكلىرى، دەھرىي ئاقسۆڭەكلىرى ۋە شەھەر ئاقسۆڭەكلىرىدىن تەركىپ تاپقان ئىمتىيازلىقلار گۇرۇھى شەكىللىنىپ، كەڭ چېخ خەلقىنى بىۋاستە ئەزدى ۋە ئېكسپلاتاتسىيە قىلدى، شۇ سەۋەپتىن، سىنىپىي زىددىيەت بىلەن مىللىي زىددىيەت گىرەلىشىپ كەتتى.

پولەك دۆلىتى 13 ـ ئەسىردە قۇرۇلۇپ، بىر مەھەل خېلىلا كۈچەيگەن بولسىمۇ، ئەمما ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا تەپرىقە ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى. گېرمان كۆچمەنلىرى پولشاغا كىرگەن بولسىمۇ، لېكىن چېخلارنىكىدەك كۆپ بولمىدى ۋە ئاساسەن شەھەرلەرگە ئورۇنلىشىپ، شەھەر يۇقۇرى قاتلىمى بولۇپ شەكىللەندى. 11-

ئەسىردىن باشلاپ، گېرمانىيە فېوداللىرى بالتىق دېڭىزىنىڭ شەرقىي تەرىپىنى بويلاپ تاجاۋۇزچىلىق يۈرگۈزۈپ، بالتىق دېڭىزى ياقىسىدىكى سلاۋيانلارغا ھۇجۇم قىلدى، كېيىن پولشا تۈپرىقىغىمۇ تۈزلۈكسىز تۈردە ئۈشتۈمتۇت تاجاۋۇز قىلىپ تۇردى. تاجاۋۇزچىلىق قىلىش ئۈچۈن، پاپانىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشى ئارقىسىدا، گېرمانىيە فېودالىرى ئاتلىقلار تۈۋەنلىرى تەشكىل قىلىپ، خىرىستىيان دىنىنى تەشۋىق قىلىش نىقاۋى بىلەن، بالتىق دېڭىزىنىڭ شەرقىي ۋە جەنۇبىي قىرغاقلىرىدىكى جايلارغا قوراللىق ھۇجۇم قىلدى. 13-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، لىۋونىيە ئاتلىقلار تۈۋەنى ئېستونىيە، لاتۋىيە قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلدى. ئۇزاق ئۆتمەيلا، پولشا فېودالىرى پرۇسلارغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن (بالتىق دېڭىزىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدا ياشايدىغان يەرلىك ئاھالە)، گېرمانىيىنىڭ تېۋتون ئاتلىقلار تۈۋەنىنى باشلاپ كەلدى. تېۋتون ئاتلىقلار تۈۋەنى پرۇسلارنى قىرىپ-چېپىپ كەڭ يەرلەرنى بېسىۋالدى. 1237-يىلى تېۋتون ئاتلىقلار تۈۋەنى لىۋونىيە ئاتلىقلار تۈۋەنى بىلەن بىرلىشىپ، پولشاغا ناھايىتى زور تەھدىت سالدى. كېيىنكى چاغلاردا دۆلىتىنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن، پولشا بىلەن گېرمانىيە فېودالىرى ئوتتۇرىسىدا ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە كۆرەش بولۇپ تۇردى.

**چېختىكى دېھقانلار ئۆرۈشى** 14-ئەسىردە چېخ ئىقتىسادىدا ناھايىتى زور تەرەققىياتلار بارلىققا كەلدى. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش يۈكسەلدى. نوۋەتلىك تېرىش تۈزۈمى ئومۇمىي يۈزلۈك كېڭەيتىلدى. ئىقتىسادىي زىرائەتلەر تېرىقچىلىقىمۇ تۈزلۈكسىز كېڭەيتىلدى. خۇسۇسەن كان سانائىتى بەكمۇ تەرەققىي قىلدى، تۆمۈر، ئالتۇن، مىس قاتارلىق رۇدىلار ياۋروپادا داڭ چىقاردى،

كۆتىنا تېخى كۆمۈش كان ساناۋىتىنىڭ مەركىزى بولۇپ، ئۇ يەردە قۇيۇلغان كۆمۈش پۇل — گالىوش پۈتۈن ياۋروپادا ئومۇمىي يۈزلۈك ئاقاتتى. ئىچكى-تاشقى سودا گۈللەندى، شەھەر خەلقى كۆپەيدى، 14-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە شەھەرلەر 100 دىن ئېشىپ كەتتى.

ئاۋار-پۇل مۇناسىۋىتى راۋاجلانغانلىقتىن، چېخنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى يېزىلاردا يەر ئىجارىسىگە پۇل ئېلىش ئومۇملاشتى، دېھقانلار فېودااللار بىلەن سودىگەرلەرنىڭ ئىككى تەرەپلىمە ئېكسپلاتاتسىيىسىگە ئۇچراپ، ئازاپ-ئوقۇبەت ئىچىدە قالغان، يېزىلاردا بولۇنۇش كەسكىنلىشىپ، سىنىپىي زىددىيەتمۇ ئوتكۇرلىشىپ كەتكەن ئىدى. شەھەرلەردە كەڭ شەھەر پۇقرالىرى گېرمان شەھەر ئاقسوڭەكلىرىنىڭ زۇلمى ۋە ئېكسپلاتاتسىيىسىگە ئۇچراپ، ئىنتايىن نارازى بولغان، دېھقانلار بىلەن پۇقرالار فېودالىزىمغا قارشى ئاساسىي كۈچ بولۇپ ئۇيۇشقان ئىدى.

شەھەرلەر پۇقرالىرى شەھەر ئاقسوڭەكلىرىنىڭ بوزەك قىلىشىدىن نارازى ئىدى، ئۇلار ئوزلىرىنىڭ ئورنىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، گېرمان شەھەر ئاقسوڭەكلىرىنى قوغلاپ چىقىرىشقا ئىنتىزار ئىدى. چېخ ئوتتۇرا، كىچىك فېودااللىرى چوڭ فېودال ئاقسوڭەكلەرنىڭ زورلۇق-زومبۇلۇقىدىنمۇ نارازى ئىدى، گېرمان ئاقسوڭەكلىرىنىڭ دىنىي جەمىيەتلەرنى چاڭگاللىغا ئېلىۋالغانلىقىغىمۇ قارشى ئىدى، نۆۋەتتىكى مىللى ئۇرۇشتا، ئۇلار شەھەر خەلقى بىلەن بىرلىكتە بىر مەھەل قوزغىلاڭ كوتەرگەن دېھقانلار قوشۇنىغا قاتناشتى. ئەمما ئۇلار قەتئى بولماي، ئىككىلىنىپ، ئاخىر بېرىپ خائىنلىق قىلىش يولىغا قاراپ ماڭدى.

فېودالىزىمغا قارشى كۆرەشنىڭ تىغ ئۇچى ئەڭ ئالدى بىلەن دىنىي جەمىيەتكە قارىتىلدى. دىنىي جەمىيەت ئەڭ چوڭ فېودال ئەزگۈچىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى گېرمانىيە فېودالىلىرىنىڭ چېخ خەلقىنى ئەزگەنلىكىنىمۇ گەۋدىلەندۈرگەنلىكتىن، 14 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ، چېخ خەلقى دىنىي جەمىيەتلەرگە قارشى كۆرەشلەرنى قوزغىۋەتتى. بۇ ھەركەتكە چېخ دىن تاراتقۇچىسى جون ھۇس (1371 ــ 1415) رەھبەرلىك قىلغان ئىدى.

ھۇس دېھقان ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان، پراگا داشۆبىسىنىڭ پىروفېسسورى، مۇدىرى ۋە بېتلېخىم چېركاۋىنىڭ دىن تارقاتقۇچىسى بولغان ئىدى، ئۇ دىنىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، گېرمان فېودال- لىرىنىڭ دىنىي جەمىيەتلەرنى كونتىرول قىلىشىدىن قۇتۇلۇشىنى تەشەببۇس قىلاتتى. ھۇس دىن تاراتقۇچىلارنىڭ ئەيش ـ ئىشرەت ۋە كەيپ ـ ساپا سۈرۈش، خىيانەت قىلىش ـ پارە ئېلىشتەك يىرگىنىش- لىك قىلمىشلىرىنى رەھىمسىز ئۇردە پاش قىلغان ۋە قاتتىق مەسخىرە قىلغان ئىدى، ئۇ دىنىي جەمىيەتلەرنىڭ كوپلىگەن يەرلەرنى ئىگە- لەپ تۇرۇشى بارلىق جىنايەتلەرنىڭ مەنبەسى دەپ قاراپ، دىنىي جەمىيەتلەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىپ، دولەت ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈشنى تەشەببۇس قىلاتتى. ئۇ دىن تاراتقۇچىلارنىڭ ئومۇمى ھاكىمىيەتكە بوي سۇنۇشنى، ھەشەمەتلىك دىنىي مۇراسىملارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى، چېخ تىلىدا ئىبادەت قىلىشنى ۋە دىن تارقىتىشنى تەلەپ قىلاتتى.

1412 ـ يىلى پاپا چېخىيىگە ئادەم ئەۋەتىپ گۇناھنى كەچۈرۈم قىلىش تۇمارىنى بازارغا سېلىپ، خەلقنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئالداپ ئېلىۋالماقچى بولغانىدا، ھۇس ئۇنى قاتتىق سوكۇپ، ئىسلاھات

ئېلىپ بېرىشنى چاقىرىق قىلغان ئىدى، غەزىۋى ئۆرلەپ تاشقان پراگا تۆۋەن قاتلام ئاھالىسى بىلەن كەمبەغەل ئوقۇغۇچىلار داغدۇغىلىق نامايىش ئۆتكۈزۈپ، رىم ۋاتىكانىنىڭ نومۇسسىز بۇلاڭتالىڭىغا قارشى تۇردى، ئەمما بۇ نامايىش باستۇرۇلدى. ھۇس ئىلاجسىز پراگادىن چىقىپ كېتىپ، جەنۇپتىكى يېزىلارغا بېرىپ داۋاملىق پائالىيەت يۈرگۈزدى.

ھۇس شەھەر ئاھالىسى سىنىپىنىڭ مۇتەپەككۇرى بولۇپ، پەقەت ۋاتىكان بىلەن دىنىي جەمىيەتنىڭ چىرىكلىكىگىلا ھۇجۇم قىلاتتى، دىننى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلمايتتى، شۇنداقلا فېوداللىق تۈزۈمنى رەت قىلمايتتى. ئەمما ئۇنىڭ ۋە ئۇنىڭ تەلىماتىنى ھىمايە قىلغۇچى دىنىي ئىسلاھاتچىلارنىڭ (بۇ كېيىن ھۇسچىلار دەپ ئاتالغان) پائالىيەتلىرى ئېزىلگۈچى خەلق ئاممىسى ئىچىدە فېودال دىنىي جەمىيەتلەرگە قارشى تۇرۇشنىڭ چوڭ يانغىنىنى تۇتاشتۇرغاچقا، رىم ۋاتىكانى، گېرمانىيە دىن تارقاتقۇچىلىرى ۋە ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھۇسقا بولغان ئۆچمەنلىكى چوڭقۇرلاشقان ئىدى. 1414-يىلى كونستانتس (بۈگۈنكى گېرمانىيە زېمىنى ئىچىدە) دا چاقىرىلغان دىنىي يىغىندا ھۇس سوتقا تارتىلدى ھەمدە 1415-يىلى بىدئەتچى دىگەن گۇنا بىلەن ئوتتا كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈلدى.

ھۇسنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەر چېخ خەلقىنىڭ ئىنتايىن زور غەزەپ-نەپرىتىنى قوزغىدى. كەڭ دېھقانلار، قول سانائەتچىلەر ۋە شەھەر پۇقرالىرى ئارقا-ئارقىدىن قوزغىلىپ، چېركاۋلارنى كۆيدۈرۈپ تاشلاپ، دىن تارقاتقۇچىلارنى قوغلاپ چىقىرىپ، دىنىي جەمىيەتلەرنىڭ يەرلىرىنى تارتىۋالدى. 1419-يىلى 7-ئايدا پراگا شەھەر ئاھالىسى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، قىسمەن

شەھەرلەرنى ئىشغال قىلدى، بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن دېخانلار قوراللىق قوشۇنىنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشىگە ئىگە بولۇپ، چېخ تارىخىدىكى ئۇلۇغ دېخانلار ئۇرۇشىنى باشلىدى. بۇ قېتىمقى دېخانلار ئۇرۇشى ھۇس دىنىي ئىسلاھاتى بايرىقى ئاستىدا باشلانغانلىقى ئۈچۈن، ھۇس ئۇرۇشى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

قوزغىلاڭ كۆتەرگەن ئاساسىي ئاممىسى دېخانلار، قول سانائەتچە- لەر، كان ئىشچىلىرى ئىنقىلاۋىي لاگېرنىڭ سول قانىتى بولۇپ ئۇيۇشۇپ، چېخنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى تابور شەھىرىنى تايانچ بازا قىلدى، شۇڭا ئۇلار تابور مەزھىپى دەپ ئاتىلاتتى. تابور مەزھىپى فېئوداللىق باج-سېلىقنى ۋە پانچىلارنىڭ مەجبۇرىيىتىنى ئېلىپ تاشلاپ، پومېششىكلارنىڭ يەرلىرىنى مۇسادىرە قىلىپ دېخان- لارغا بۆلۈپ بېرىپ، خەلق باشقۇرىدىغان جۇمھۇرىيەت قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلاتتى. تابور مەزھىپى ئىچىدىكى رادىكاللار ھەتتا خۇسۇسىي مال-مۈلۈكنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ۋە مال-مۈلۈكنى ئومۇمنىڭ ئىگىدارلىقىغا ئۆتكۈزۈشنى يولغا قويۇش، تەبىقە بولمىغان، ئەركىن دىنىي جەمئىيەت جامائەسىنى قۇرۇشنى تەلەپ قىلاتتى.

چېخ ئوتتۇرا، كىچىك ئاقسۆڭەكلىرى، ھاللىقراق شەھەر ئاھالىسى ۋە باشقىلار ئىنقىلاۋىي لاگېرنىڭ ئوڭ قانىتى ئىدى. ئۇلار ئادەت- تىكى مۇرىتلار مۇقەددەس غىزا يېگەن چاغدا دىن تارقاتقۇچىلارغا ئوخشاش مۇقەددەس جام بىلەن مەي ئىچىشكە ھوقۇقلۇق بولۇشنى تەشەببۇس قىلغانلىقى ئۈچۈن، مۇقەددەس جامچىلار مەزھىپى دەپ ئاتىلاتتى. مۇقەددەس جامچىلار دىنىي جەمئىيەتلەرنىڭ مۇستەقىل بولۇشىنى، دىنىي جەمئىيەتلەرنىڭ مال-مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىشنى

www.uyghurkitap.com

ۋە دىن تارقىتىش ئەركىنلىكى بولۇشنى تەشەببۇس قىلاتتى. ئۇلار خەلق ئاممىسىنىڭ كەسكىن ھەركىتىدىن قورقۇپ، موتىدىل ۋاسىتىلەر بىلەن ئىسلاھات مەقسىدىگە يېتىشنى تەشەببۇس قىلغان بولسىمۇ، باشتىن-ئاياق ئىككىلىنىپ مۇرەسسە قىلىپ كەلگەنلىكتىن، ئەڭ ئاخىر تەسلىم بولۇپ خائىن بولۇپ كەتتى.

چېخ خەلقىنىڭ قوزغىلىڭى ئەكسىيەتچىلەرنى قاتتىق چۆچۈتۈۋەتكەن ئىدى، پاپانىڭ باشچىلىقىدا، 1420-يىلى ئەتىيازدا، چېخ بىدئەتچىلىرىگە قارشى جازا يۈرۈشى قىلىدىغان ئەھلى سەلىپ تەشكىل قىلىنغانلىقى جاكارلاندى، بۇنىڭغا مۇقەددەس رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ پادىشاسى سىگىزمۇند باشچىلىق قىلىپ، پراگاغا ھۇجۇم قىلدى. قەھرىمان چېخ خەلقى ئۆز ۋەتىنىنى قوغداشقا ئاتلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئاتاقلىق ھەربىي قوماندانى جون زىزكا (1378—1424) نىڭ قوماندانلىقى ئاستىدا، پراگا ئەتراپىدا ئىستىھكام قۇرۇپ، دۈشمەنگە توساپ زەربە بەردى، قانلىق جەڭ قىلىش ئارقىلىق ئەھلى سەلىپنىڭ ھۇجۇمىنى چېكىندۈردى، زىزكا ھەربىي لازىمەتلىكلەر بېسىلغان ھارۋىنى تۆمۈر زەنجىر بىلەن چېتىپ، دۈشمەن بوسۇپ ئۆتەلمەيدىغان، مۇستەھكەم، ھەركەتچان قورغانغا ئايلاندۇردى، ھۇجۇمغا ئۆتكەن چاغدا ھارۋىغا يېنىك توپ-زەمبىرەكلەرنى قاچىلاپ، تېز ھەركەت قىلدى، نەتىجىدە گېرمان ئاتلىق ئەسكەرلىرى جەڭ ھارۋىسىدىن ئېتىلغان توپ-زەمبىرەكلەرنىڭ گۈلدۈرلىگەن ئاۋازىنى ئاڭلىغان ھامان، كەينى قولتۇقلاپ ئارقىغا قارىماي قۇيرۇغىنى خادا قىلدى. 1421-يىلى ئەتىيازغا كەلگەندە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىنى ئازات قىلدى ھەمدە 1421-يىلى كۈز ۋە 1422-يىلى يازدا ئەھلى سەلىپنىڭ ئىككىنچى

ۋە ئۈچىنچى قېتىملىق ھۇجۇمنى تارمار قىلىپ، شانلىق غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

1424-يىلى زىنكا بەختكە قارشى ۋاپات بولۇپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن يېڭىدىن سايلاپ چىققان ھەربىي قوماندان چوڭ-كىچىك ئاكا-ئۇكا پروكوپلار دېھقانلار قوشۇنىنىڭ ئۇرۇش قىلىشىغا داۋاملىق رەھبەرلىك قىلىپ، 1427-يىلى ۋە 1431-يىلى ئەھلى سەلىپنىڭ تۆتىنچى ۋە بەشىنچى قېتىملىق ھۇجۇمىنى بىتچىت قىلدى. دۈشمەنلەرنى يوقىتىش ئۈچۈن، دېھقانلار قوشۇنى يەنە ئۆزلۈكىدىن چەتئەلگىچە چىقىپ قوغلاپ زەربە بېرىپ، ساكسونىيە، براندېنبۇرگ ۋە بالتىق دېڭىزىغىچە باردى.

دېھقانلار قوشۇنى ھەربىي ئىشلار جەھەتتە ئىچكى-تاشقى ئەكسىيەتچى كۈچلەر ئۈستىدىن غايەت زور غەلىبە قازانغان بىر چاغدا، ئىنقىلاپ لاگېرى ئىچىدە بۆلگۈنچىلىك پەيدا بولدى. مۆقەددەس جامچىلار ئەسلىدىنلا دېھقانلار قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ ۋاقىتلىق ھەمرالىرى ئىدى، ئەھلى سەلىپنىڭ ئۈچىنچى قېتىملىق ھۇجۇمى چېكىندۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇلار دىنىي جەمئىيەتنىڭ مال-مۈلكىنى بولۇشۇۋېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ يەرلىرىنى كېڭەيتتى، شەھەردىكى گېرمان ئاقسۆڭەكلىرىنى قوغلاپ چىقىرىپ، شەھەر ھاكىمىيىتىنى ئۆز چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالدى، بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ تەلىۋى قاندۇرۇلدى. شۇڭا ئۇلار فېوداللىققا قارشى ھەركەت چوڭقۇر راۋاجلىنىپ كەتسە، ئۆزىمىز قولغا كەلتۈرگەن مەنپەئەتكە زىيان يېتىپ قالىدۇ، دەپ، پاپا، پادىشا بىلەن مۇرەسسەلىشىشكە ئۆرۈندى. ئەكسىيەتچىلەر ئەھلى سەلىپنىڭ 5-قېتىملىق ھۇجۇمى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىپ، تەسلىمچىلىك نەيرەڭلىرىنى ئىشلەتتى،

مۇقەددەس جامچىلار بىلەن كېلىشىم تۈزۈشۈپ، دىنىي جەمئىيەتلەرنىڭ مۇسادىرە قىلىنىپ كەتكەن مۈلكىنى قايتۇرۇۋالماسلىققا، مۇقەددەس غىزا يېگەندە، ئاددىي مۇرىتلارنىڭ مۇقەددەس جامدا مەي ئىچىشىگە ماقۇل بولىدى. شۇنىڭ بىلەن مۇقەددەس جامچىلار پۈتۈنلەي خائىنلىق قىلىپ، دېخانلار ئۇرۇشىنى تۇنجۇقتۇرغان جاللاتقا ئايلاندى.

1434-يىل 5-ئايدا، مۇقەددەس جامچىلار قوشۇنى دېخانلار قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلدى، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ قوشۇنى لىپاندا كەسكىن ئۇرۇش قىلدى. جەڭنىڭ ھەل قىلغۇچ پەيتىدە تابور مەزھىپى ئىچىدىن خائىن چىققانلىقتىن، چوڭ پروكوپ جەڭدە ئۆلدى، شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن قوشۇن ھالاكەتكە ئۇچرىدى. يارىدار بولغان ئون مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەرنى مۇقەددەس جامچىلار دەھشەتلىك تۈردە قىرىپ تاشلىدى، ھەتتا ئاياللار بىلەن بالىلارمۇ بالا-قازادىن ئامان قالالمىدى. ئەمما دېخانلار قوشۇنىنىڭ قېچىپ قالغان قىسمى ئىنتايىن قىيىن شارائىتتىمۇ جەڭنى توختاتماي قەتئىي داۋاملاشتۇردى، 1437-يىلى چېخ دېخانلار ئۇرۇشى ئاخىر باستۇرۇۋېتىلدى.

فېئودال ئاقسۆڭەكلەر دېخانلاردىن غالىجىرلىق بىلەن تەتۈر ھېساپ ئالدى: يانچىلار ئۆز خوجايىنلىرىنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلىندى؛ يانچىلار خوجايىنلىرىنىڭ رۇخسىتىسىز ئۆز ئىختىيارى بىلەن يۆتكىلىپ كېتەلمەيدىغان، ئۇنداق قىلسا، قاچقۇنلار قاتارىدا جازالىنىدىغان بولدى. چېخ دېخانلىرى قايتىدىن فېئوداللىق زۇلۇمنىڭ قاتتىق ئازاپ-ئوقۇبىتى ئىچىدە قالدى.

چېخ دېخانلىرى ئۇرۇشى ياۋروپا تارىخىدا ئەڭ ئاتاقلىق بولغان

دىخانلار ئۇرۇشلىرىنىڭ بىرى. چېخ دىخانلىرى بىلەن شەھەر پۇقرالىرى فېئوداللىق زۇلۇمغا ۋە مىللىي زۇلۇمغا قارشى بايراقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، سىنىپىنىڭ ئازاتلىقى ۋە مىللەتلەر مۇستەقىللىقى ئۈچۈن، قۇربان بېرىشتىن قورقماي، ئالدىنقىلىرىنىڭ ئىزىنى كەينىدىكىلىرى بېسىپ، ئىنتايىن مۇشكۇل كۈرەشلەرنى ئېلىپ بېرىپ، گېرمانىيىنىڭ چېختىكى ئەكسىيەتچىل كۈچلىرىگە قاقشاتقۇچ زەربە بەردى، بۇنىڭ بىلەن چېخ مەلۇم مەزگىل ئىچىدە مۇقەددەس رىم ئىمپېرىيىسىدىن قۇتۇلۇپ مۇستەقىل بولدى. بۇ ھال چېخ تارىخىدا شانلىق بىر سەھىپە بولۇپ يېزىلدى.

چېخ دىخانلىرى ئۇرۇشى ئىدىيە جەھەتتىن ئىلاھىي ھاكىمىيەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى تەۋرىتىپ قويدى ھەمدە كېيىنكى دىنىي ئىسلاھاتقا تەسىر كۆرسەتتى. چېخ دىخانلىرى ئۇرۇشىنىڭ تەسىرى ئاللىقاچان بىر مەملىكەت دائىرىسىدىن چىقىپ كەتتى، قوزغىلاڭچى قوشۇن چەتئەلدە ئۇرۇش قىلغاندا جايلاردىكى ئېزىلگۈچى ئاممىنىڭ قارشى ئېلىشقا ۋە قوللاپ قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشتى، بۇ ئەينى ۋاقىتتا بۇ دۆلەتلەردىكى فېئوداللىزمغا قارشى كۈرەشلەرنىڭ ئۇلغىيىشىغا تۈرتكە بولدى.

**پولشادا يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ كۈچىيىشى** 14-ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا، پولشا پادىشا ھاكىمىيىتى ئوتتۇرا، كىچىك ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قوللىشىغا تايىنىپ، فېئوداللىق تەپرىقىلەرنى بارا-بارا تۈگىتىپ، بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ئەمەلگە ئاشۇردى، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىقتىسادىمۇ مەلۇم تەرەققىياتلارغا ئېرىشىپ، پولشا كۈندىن-كۈنگە كۈچەيدى. 1358-يىلى خان جەمەتى قۇدا چۈشۈش ئارقىسىدا پولشا بىلەن لىتۋا بىرلەشتى. لىتۋا 13-ئەسىردە گۈللەن-

گەن بالتىق دېڭىزىنىڭ قىرغىقىدىكى دۆلەت بولۇپ، 14-ئەسىردە، ھازىرقى ئۇكرائىنا بىلەن بېلورۇسىيىنىڭ كەڭ زېمىنىدىن تارتىپ تا قارا دېڭىزنىڭ شىمالىي قىرغاقلىرىغىچە بولغان جايلارنى ئىگىلەپ تۇرغان كۈچلۈك دۆلەت ئىدى. پولشا لىتۋا بىلەن بىرلەشكەندىن كېيىن، تېۋتون ئاتلىقلار تۈەنىگە قارشى كۈرەشنى ئەۋج ئالدۇردى، 1410-يىلى پولشا-لىتۋا بىرلەشمە ئارمىيىسى گرۇنۋالد ئۇرۇشىدا تېۋتون ئاتلىقلار تۈەنىنى مەغلۇپ قىلدى، ئاتلىقلار تۈەنىنىڭ كۈچى شۇنىڭدىن تارتىپ ئاجىزلىشىپ كەتتى. 1462-يىلىغا كەلگەندە، ئىككى تەرەپ كېلىشىم تۈزۈشتى، پولشا بالتىق دېڭىزىنىڭ قىرغاق-لىرىدىكى بىر قىسىم يەرگە ئىگە بولدى، ئاتلىقلار تۈەنىنىڭ زېمىنى تارىيىپ، ئاستا-ئاستا پولشانىڭ بېقىندىسى بولۇپ قالدى. 15-ئەسىردە، پولشا يەنە پادىشا جەمەتىگە قۇدا چۈشۈش ئارقىلىق، بىر مەھەل ۋېنگرىيە، چېخ قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن بىرلىشىپ، ياۋروپا-دا ئەڭ چوڭ دۆلەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. ئەمما بۇنداق بىرلىشىش ئۇزاققا داۋام قىلالمىدى، فېئوداللار ئوتتۇرىسىدا بولغان ھوقۇق-مەنپەئەت تالىشىش ۋاقىتلىق بىرلىشىشنى تېزدىن بولۇپ تاشلىدى.

15-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ، پولشانىڭ ئىگىلىكى يۈكسەلدى، سودا-سانائەت شەھەرلىرى كۆپەيدى، ۋارشاۋا 16-ئەسىردە تەرەققىي قىلغان ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا بالتىق دېڭىزى قىرغىقىدىكى شەھەرلەر، مەسىلەن، تورۇن، گدانسك شەھەرلىرىمۇ تېز تەرەققىي قىلدى، تاشقى سودا بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئاساسەن ئاشلىق ئېكسپورت قىلىپ، غەربىي ياۋروپانى تەمىنلىدى. لېكىن، ئومۇمەن ئېيتقاندا، پولشانىڭ شۇ چاغدىكى ئىگىلىك سەۋىيىسى

غەربىي ياۋروپانىڭكىدىن يەنىلا خېلى ئارقىدا ئىدى.

15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ، پولشادا ئىگىلىك تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئالامىتى مېھنەت قىلىپ بېرىدىغان قورۇق تۈزۈمىگە ئۆتۈش بولدى، شۇنىڭ بىلەن دېخانلارنىڭ ئەھۋالى ئىنتايىن يامانلىشىپ، يانچىلىق تۈزۈمى ۋۇجۇتقا كەلدى. شۇ چاغلاردا، ئىچكى ـ تاشقى ئىگىلىك تەرەققىي قىلغانلىقتىن، بولۇپمۇ غەربىي ياۋروپا كاپىتالىزمى گۈللەنگەنلىكتىن، تاۋار ئاشلىققا بولغان ئېھتىياج ناھايىتى كۆپ ئاشقان ئىدى، بۇ ھال پولشا فېئودال ئاقسۆڭەكلىرىنى تېخىمۇ كۆپ ئاشلىق بۇلۇۋېلىپ، ئىچكى ـ تاشقى بازارلارنى تەمىنلەپ، پۇل تېپىپ باي بولۇشقا رىغبەتلەندۈرگەن ئىدى.

پولشا فېئوداللىرى، ئالدى بىلەن دىنىي جەمىيەت، ئۇنىڭدىن قالسا كىچىك ئاقسۆڭەكلەر ـــ بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرى باشقۇرۇۋاتقان يەرلەرنى كېڭەيتىش كويىدا بولغانلىقى ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن يېزىلاردىكى ئومۇمنىڭ يەرلىرىنى بولىۋالغان بولسا، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دېخانلارنىڭ يەرلىرىنىمۇ بىۋاسىتە تارتىۋالغان ئىدى، بۇنىڭ بىلەن يېزىلاردىكى يېرى يوق ياكى يېرى ئاز دېخانلارنىڭ سانى ھەدەپ كۆپەيگەن ئىدى. پولشا فېئوداللىرى كەڭ زېمىنلارنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، قورۇقلار قۇرۇپ، ئاشلىققا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، ئەمگەك بىلەن تۆلىنىدىغان يەر ئىجارىسى شەكلىدىكى ئېكسپىلاتاتسىيىنى يولغا قويدى، شۇ سەۋەپتىن، ئەمگەك بىلەن تۆلىنىدىغان يەر ئىجارىسى ئاساسىي يەر ئىجارىسى شەكلىگە ئايلاندى، ئەسلىدىكى ماددى نەرسە بىلەن تۆلىنىدىغان يەر ئىجارىسى ۋە رەسمىيلىشىپ كەتكەن پۇل بىلەن تۆلىنىدىغان يەر ئىجارىسى يەنە ئازايتىلدى، دېخانلارنىڭ ئەمگەك قىلىپ بېرىدىغان ۋاقتى ئۈزلۈكسىز

ئۆردە كۆپەيدى. 16 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، ئەمگەك قىلىپ بېرىش ۋاقتى كۆپىيىپ ھەر ھەپتىدە 5 ـ 6 كۈنگە يەتتى، بۇنىڭدىن باشقا، دېھقانلارنىڭ زىممىسىگە يەنە تۈرلۈك ماددى نەرسىلەر تاپشۇرۇش، خىلمۇ ـ خىل باج ـ سېلىق تۆلەش سېلىقى، شۇنىڭدەك تۈرلۈك ئالۋاڭ ـ ياساقلار چۈشۈپ، دېھقانلار دەھشەتلىك تۈردە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىندى.

پولشانىڭ فېئودال دۆلىتى نۇرغۇن ئەمىر ـ پەرمانلارنىمۇ چاكالاپ، دېھقانلار ئۈستىدىن ئېلىپ بېرىلغان ئادەتتىن تاشقىرى ئىقتىسادىي زورلۇقنى كۈچەيتتى. 1496 ـ يىلى، قاچقان دېھقانلارنى قوغلاپ تۇتۇپ كېلىش مۇددىتىنىڭ چەكلىمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، فېئوداللارنىڭ دېھقانلارنى قوغلاپ تۇتۇپ كېلىش مۇددىتى چەكلەنمەيدىغان بولدى. 1518 ـ يىلى، فېئوداللارنىڭ دېھقانلار ئۈستىدىن سوت قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكى بەلگىلەندى. 1543 ـ يىلى دېھقانلارنىڭ كۆچۈپ كېتىشى پۈتۈنلەي چەكلەندى. شۇنىڭدىن كېيىن، دېھقانلار خوجايىنى ماقۇل بولمىسا، يەرلىرىگە ۋارىسلىق قىلالمايدۇ، يەرلىرىنى ئېلىپ ساتالمايدۇ، رەنىگە قويۇلمايدۇ، ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى ئۆيلىنەلمەيدۇ، دېگەنگە ئوخشاش نۇرغۇن بەلگىلىمىلەرمۇ چىقىرىلدى. شۇنداق قىلىپ، دېھقانلار جىسمانى جەھەتتىن پۈتۈنلەي خوجايىنغا بېقىندىغان نەق يانچىغا ئايلىنىپ قالدى.

يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ كۈچىيىشى ۋە مېھنەت قىلىپ بېرىدىغان قورۇق تۈزۈمىنىڭ تارقىلىشى شۇ چاغدا يالغۇز پولشادىلا ئەمەس، ئېلبا دەرياسىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى ئوتتۇرا ۋە شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرىدىمۇ ئومۇملاشقان ھادىسە ئىدى. بۇ تۈزۈم غەربىي ياۋروپا

فېئودالىق جەمئىيەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى مېھنەت قىلىپ بېرىدىغان يانچىلىق تۈزۈمىدىن تاۋار ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىش جەھەتتىلا پەرقلىنەتتى. فېئوداللار ئۆزى باشقۇرىدىغان يەرلەرنى كېڭەيتىپ، يانچىلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىپ، تاپقان ئاشلىقى بىلەن ئاساسەن ئىچكى-تاشقى بازارلارنىڭ ئېھتىياجىنى قامدايتتى. بولۇپمۇ شۇ چاغدا غەربىي ياۋروپادا كاپىتالىزم باش كۆتۈرۈشكە باشلىغانلىقى، سودا-سانائەت تەرەققىي قىلغانلىقى، شەھەر نوپۇسى كۆپەيگەنلىكى، شەرقىي ياۋروپانىڭ ئاشلىق بىلەن تەمىنلىشىگە كۈندىن-كۈنگە كۆپلەپ بېقىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، شەرقىي ياۋروپانىڭ مېھنەت قىلىپ بېرىدىغان يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ كۈچەيتىلىشىگە تېخىمۇ كۆپ تەسىر كۆرسەتكەن ئىدى.

پولشا دېھقانلىرى ئۈزلۈكسىز تۈردە كۆرەش قوزغاپ، فېئوداللارنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشىنى ۋە قۇل قىلىشىنى كۈچەيتىشىگە قارشى تۇردى. 15-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، پولشانىڭ جەنۇبىي قىسمىدا كەڭ كۆلەملىك دېھقانلار قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلدى، قوزغىلاڭ 16-، 17-ئەسىرگىچە توختىماي داۋاملاشتى. 1630-يىلى كراكوۋ رايونىدىكى دېھقانلار قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، قورۇقلارنى خانىۋەيران قىلىپ، ئەمەلدارلارنىڭ تۇرار جايلىرىنى ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈپ تاشلاپ، فېئوداللارغا ناھايىتى قاتتىق زەربە بەرگەن ئىدى.

كىچىك ئاقسۆڭەكلەر يانچىلىق تۈزۈمىنى كۈچەيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، سودا-سانائەتنى كونترول قىلىشنىمۇ كۈچەيتىپ، باج تۆلىمەي ئاشلىق ئېكسپورت قىلىش ۋە باج تۆلىمەي تاۋار توشۇشقا ئوخشاش ئىمتىيازلارغا ئىگە بولۇۋالدى، بۇنىڭ بىلەن سودا-سانائەتچىلەر چەتكە قېقىلدى، بۇ ھال پولشا ئىگىلىكىنىڭ كېيىن

زاۋالغا يۈز تۇتۇشقا سەۋەب بولدى.

كىچىك ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولۇشى مۇقەررەر سۇرەتتە سىياسىي جەھەتتە ئەكس ئەتتى، 16-ئەسىردىكى پولشا كىچىك ئاقسۆڭەكلەر موستەبىتلىگىدىكى دۆلەتكە ئايلىنىپ قالدى. كورۈنۈشتە، 15-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا پولشادا پارلامېنت قۇرۇلۇپ، تەبىقىلىق-پادىشالىق تۈزۈم ئورنىتىلغان بولسىمۇ، ئەمما پارلامېنتتا شەھەر ۋەكىللىرى يوق ئىدى. پارلامېنت يۇقىرى پالاتا، تۆۋەن پالاتا دېگەن ئىككى پالاتاغا بولۇنەتتى، تۆۋەن پالاتاغا كىچىك ئاقسۆڭەكلەر ۋەكىللىك قىلاتتى، ئۇلارنىڭ هوقۇقى بارغانسېرى چوڭايدى. پارلامېنت پادىشانى سايلاش، ئۇرۇش ئېلان قىلىش، سۈلھ تۈزۈش، ھەربىي، سىياسىي، مالىيىگە دائىر تۈرلۈك چوڭ ئىشلارنى بەلگىلەشكە هوقۇقلۇق ئىدى. تۆۋەن پالاتا ئىختىيارىي رەت قىلىش هوقۇقىنى يولغا قويغان ئىدى، يەنى قارارلار بىردەك ماقۇللىنىشى شەرت ئىدى، ھەرقانداق بىر ئاقسۆڭەك قارشى تۇرسا، قانۇن لايىھىسى ئىناۋەتسىز بولاتتى. كىچىك ئاقسو-ڭەكلەر زورلۇق-زومبولۇق قىلىپ، خەلق ئۈستىدىكى ئېكسپىلاتات-سىيىسى ۋە زۇلمىنى بارغانسېرى كۈچەيتكەن ئىدى.

1569-يىلى پولشا بىلەن لىتۋا يېڭى بىرلەشمە تۈزۈمىنى ئورنى-تىپ، پولشا-لىتۋا پادىشالىقىنى تەشكىل قىلدى، ئىككى دۆلەت بىر پارلامېنت قۇرۇپ، بىر پادىشا سايلاپ چىقتى، ئەمما ئىچكى ئىشلاردا ئاپتونومىيە هوقۇقىنى يۈرگۈزدى. بالتىق دېڭىزىنىڭ ئېغىزىنى قولغا كەلتۈرۈش يۈزىسىدىن، پولشا بىلەن روسىيە ئوتتۇرى-سىدا ئۇزاق مۇددەت ئۇرۇش بولغان ئىدى، 17-ئەسىردە، پولشا فېئودالىرى روسىيىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، روسىيىنىڭ ئىچكى

ئىشلىرىغا ئارىلاشتى، ئەڭ ئاخىردا ئۆزى مەغلۇپ بولۇپ تۈگەشتى.

## 3-بۆلۈم روسىيە

**كىيېۋ روسىيىسى** 6—9-ئەسىرگىچە بولغان ۋاقىتلاردا، شەرقىي سلاۋيانلار، ئاساسەن، دىنېستر دەرياسىنىڭ شەرقىي تەرىپى، دون دەرياسىنىڭ يۇقۇرى ئېقىمىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى، شىمال تەرىپى ئىلمېن كولى بىلەن، جەنۇپ تەرىپى بوگۇنكى كىيېۋ بىلەن تۇتىشىدىغان شەرقىي ياۋروپا تۈزلەڭلىكىدە ياشايتتى. سلاۋيانلار بىلەن يەنە شىمال تەرەپتىكى فىنلانلار—ئۇگارلار، شۇنىڭدەك سكاندىناۋىيە يېرىم ئارىلىدىن ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرىدىغان ۋانگارلار (نومانلار) ئارىلىشىپ ياشايتتى. شەرقىي سلاۋيانلار شۇ چاغدا باشلانغۇچ جەمىيەتنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا ياشايتتى، ئىشلەپچىقىرىشمۇ قالاق-راق ئىدى، دېھقانچىلىقتا ئوت قويۇپ ئورتەپ تېرىقچىلىق قىلىناتتى؛ ئۇنىڭدىن باشقا، چارۋىچىلىق، ئوۋ ئوۋلاش، تېرىئۇيلىش-يىغىش بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققى قىلىشى ئارقىسىدا، باشلانغۇچ جامائە پەيدىن-پەي پارچىلىنىپ، يېزا جامائەلىرى بارلىققا كەلدى. جامائەنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئورمان، يايلاق، سۇ مەنبەسى كوللېكتىپنىڭ ئىگىدارلىقىدا بولۇپ، بۇلاردىن جامائە ئەزالىرى ئورتاق پايدىلىناتتى، تېرىلغۇ يەرلەر ئائىلىلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىلەتتى. كېيىن ئۈلۈش يەرلەر بارا-بارا مۇقىملىشىپ، ئائىلىنىڭ خۇسۇسىي مال-مۈلكىگە ئايلاندى، جامائەنىڭ ئىچكى قىسمىدا باي-نامراتلارغا بولۇنۇش پەيدا بولدى. شۇنىڭ بىلەن

بىر ۋاقىتتا، ئۇرۇق باشلىقلىرى ۋە قەبىلە ئاقساقاللىرى خىزمەت ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، ئۇرۇشتا ئولجا ئالغان ئۇرۇش غەنىيمەتلىرىنى، جۈملىدىن ئەسىرلەرنى ئۆزىنىڭ شەخسىي مۈلكى قىلىۋېلىپ ھەممە نۇرغۇن ياخشى يەرلەرنى ئىشغال قىلىۋېلىپ، ھاللىق ئاقسۆڭەكلەرگە ئايلاندى، باشقا قەبىلىداشلار بارا-بارا قۇل قىلىندى.

سىنىپلار پەيدا بولغانلىقتىن، قەبىلىلەر ياكى قەبىلىلەر ئىتتىپاقى راۋاجلىنىپ دۆلەتكە ئايلىنىپ، بارا-بارا بىرمۇنچە بەگلىكلەر مەيدانغا كەلدى. ئەينى زاماندا، جەنۇبتىكى كىيېۋ بىلەن شىمالدىكى نوۋگورود ئەڭ مۇھىم بەگلىكلەر ئىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئەڭ دەسلەپكى چاغلاردا ۋاگارلاردىن لولىك نوۋگورود كىنەزى بولغان ئىدى. 882-يىلى نوۋگورود كىنەزى، ئولىكنىڭ پۇشتى ئولېگ كىيېۋنى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارنى بويسۇندۇرۇپ، يېڭى بىر دۆلەتنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى. بۇ دۆلەت كىيېۋنى مەركەز قىلاتتى، تارىختا ئۇ كىيېۋ روسىيىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

دۆلەت ۋۇجۇتقا كەلگەندىن كېيىن، فېئوداللىق مۇناسىۋەت ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندى. كىنەز، ئاقسۆڭەك، دىنىي جەمئىيەت①، يەرلەرنى بۇلاپ-تالاپ چوڭ پومېشچىكقا ئايلاندى، كەڭ دېھقانلار يا نامراتلىشىپ ۋەيران بولۇپ، يەرلىرىدىن مەھرۇم بولدى، يا قەرزدار بولۇپ، بارا-بارا بېقىندا دېھقانغا ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە نۇرغۇن قۇللارمۇ مەۋجۇت ئىدى.

---

① 988-يىلى كىيېۋ روسىيىسى ۋىزانتىيىدىن خىرىستىيان دىنىنى قوبۇل قىلغان، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن دىنىي جەمئىيەت روسىيە ھۆكۈمرانلار سىنىپى قولىدىكى خەلقنى ئېزىدىغان كۈچلۈك قورالغا ئايلانغان.

كيېۋ روسىيىسى بولۇنگەن، باشلانغۇچ جامائەنىڭ قالدۇقلىرى ساقلىنىپ قالغان بەزى فېودال كىچىك ئىشتاتلارنىڭ قوشۇلمىسى ئىدى، ئىشتاتلار ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت يوق ئىدى. ھەر بىر ئىشتاتنىڭ باشلىقى كىنەز دەپ ئاتىلىپ، كيېۋ كىنەزلىكىگە ئولپان ۋە باج-سېلىق تاپشۇرۇش مۇناسىۋىتىلا بار ئىدى، بۇلار ئوتتۇرىسىدا دائىم ئۇرۇش بولۇپ تۇراتتى. كىنەز ئاستىدىكى ئاقسۆڭەكلەر يەنە ئۆز ئالدىغا كىنەزلەرنى ئالماشتۇرۇپ، تالاپ ئىشلىتىپ تۇرغاچقا، فېوداللار ئوتتۇرىسىدىكى يېغا تېخىمۇ كەسكىنلىشىپ كەتكەن ئىدى.

12-ئەسىردە، ئىچكى ماجىرالار كۈندىن-كۈنگە كۈچىيىپ كەتكەنلىكتىن، كيېۋ روسىيىسى پۈتۈنلەي پارچىلىنىپ، بەزى مۇستەقىل كىنەزلىك بولۇپ بۆلۈنۈپ كەتتى. 13-ئەسىردە، موڭغۇللار غەربكە تاجاۋۇز قىلغاندا، روسىيىدىكى بەگلىكلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئالتۇن ئوردا خانلىقىغا تەسلىم بولۇپ، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوبۇل قىلدى. ماركس مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: "شۇنداق قىلىپ، نورمان رۇسلىرى سەھنىدىن پۈتۈنلەي غايىب بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ قېپقالغان ئاندا-ساندا ئىزلىرى چىڭگىزخاننىڭ دەھشەتلىك تۈردە مەيدانغا چىقىشى بىلەن پۈتۈنلەي غايىب بولدى."①

**شەرقىي شىمالىي رۇس فېوداللىق يانچىلىق تۈزۈمى ئاساسىدىكى ئىگىلىكنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى** 14—15-ئەسىرلەردە، شەرقىي شىمالىي روسىيىنىڭ ئىگىلىكى راۋاجلىنىپ، بۇ جايدا بارا-بارا

① ماركس: «18-ئەسىردىكى دىپلوماتىيە تارىخىنىڭ سىرى»، 5-باپ. «تارىخ تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1978-يىل 1-سانى.

موسكۋا كىنەزلىگى مەيدانغا كەلدى.

شەرقىي شىمالىي روسىيىنىڭ كەڭ كەتكەن يەرلىرى دەھرى ئاق‑
سۆڭەكلەر بىلەن دىنىي جەمىيەت ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قولىدا ئىدى.
14‑ئەسىردە، فېئوداللىق مىراس قالىدىغان خوجىلىق يەر فېئوداللىق
يەر مۈلۈكچىلىكىنىڭ ئاساسىي شەكلى ئىدى. مۇستەقىل كىنەزلىكلەر
شەھەرلەرگە ھەمدە يەنە ئۈزلۈكسىز تۈردە تېخىمۇ كىچىك خوجىلىق
يەرلەرگە بۆلۈنگەن ئىدى. خوجىلىق يەرلەرنىڭ چوڭ‑كىچىكلىكى
ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، فېئودال ئاقسۆڭەكلەرمۇ تەبىقە قاتلىمىنى
شەكىللەندۈرگەن ئىدى، كىنەزلىكنىڭ باشلىقى ئۇلۇغبەگ دەپ
ئاتىلاتتى، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەر شەھەر بېگى (بەگلەر دەپمۇ
ئاتىلاتتى) بۇلارنىڭ ئاستىدا يەنە چوڭ ئاقسۆڭەكلەر (بويارلار) ۋە
ئوتتۇرا، كىچىك ئاقسۆڭەكلەر بولاتتى. فېئودallardا ئۆزلىرىنىڭ
خوجىلىق يەرلىرىدە يەرگە ئىگىدارلىق قىلىش ھوقۇقى بولۇپلا قالماس‑
تىن، بەلكى سىياسىي جەھەتتىن ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقىمۇ
بولاتتى، خوجىلىق يەر دائىرىسىدىكى دېھقانلارنى سوت قىلالايتتى.
فېئودالлارنىڭ يەرلىرى ئادەتتە بىر بىرىگە تۇتىشىپ كەتمەيتتى،
پارچە‑پارچە يەرلەر بىر بىرىگە گىرەلىشىپ كېتەتتى، يەرلەر
كىچىك‑كىچىك ئېتىزلارغا ئايرىلىپ دېھقانلارنىڭ تېرىشىغا بېرىلەتتى،
يەر ئىجارىسى ئۈچۈن ئاساسەن ماددىي نەرسە تۆلىنەتتى، فېئودالлار‑
نىڭ ئۆزلىرى باشقۇرىدىغان يەرلەر ناھايىتى ئاز بولاتتى.

15‑ئەسىردىن باشلاپ، يېڭى فېئوداللىق يەر مۈلۈكچىلىكى شەك‑
لى — سۈيۈرغاللىق بارلىققا كەلدى. يەنى موسكۋا كىنەزلىكىنىڭ
ھوقۇقىنى مەركەزلەشتۈرۈشىنىڭ راۋاجلىنىشى بىلەن بىللە،
دۆلەت يەرلەرنى خىزمەت ئۆتىگۈچى ئاقسۆڭەكلەرگە (ئادەتتە تۆلەمسى

ھەربىي خىزمەت ئۆتەيتتى) ھەق سۈپىتىدە بولۇپ بېرىلىدىغان بولدى. بۇنداق يەرلەرگە ۋارىسلىق قىلىشقا، شۇنىڭداقلا بۇنداق يەرلەرنى سېتىشقا ياكى باشقىلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە بولمايتتى. سۈيۈرغاللىق تۈزۈم ئۈزلۈكسىز ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، 16-ئەسىرگە كەلگەندە تېخىمۇ كەڭ يولغا قويۇلدى، شۇنىڭ بىلەن ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈشنى قوللاپ قۇۋۋەتلەيدىغان ئوتتۇرا، كىچىك پومېشچىكلار قاتلىمى يېتىشتۈرۈلۈپ، فېئوداللىق تەپرىقچىلەرگە قارشى كۈرەش ئېلىپ بېرىلدى.

دېھقانلار ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشى ۋە سىنىپىي كۈرەش ئېلىپ بېرىپ، جەمئىيەتنى ئالغا باستۇرىدىغان ئاساسىي ئەمگەكچى ئامما ئىدى. دېھقانلار، ئەينى ۋاقىتتا، سالاھىيىتى ۋە ئورنىنىڭ ئوخشاش بولمىغانلىقىغا قاراپ بىرنەچچە خىلغا بۆلۈنەتتى: بىر قىسىم دېھقانلار دۆلەتكە قاراشلىق يەرلەردە ئولتۇرۇشلۇق بولۇپ، جامائە تەشكىلىنى ساقلاپ قالغان ئىدى، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى تېرىيدىغان ئۈلۈش يېرى ۋە كوللېكتىپ پايدىلىنىدىغان جامائەت يەرلىرى (يايلاق، ئورمانزارلىق، سۇ مەنبەسى ۋە باشقىلار) بولاتتى، ئۇلار دۆلەت تەرىپىدىن بىۋاستە ئېكسپلاتاتسىيە قىلىناتتى، دۆلەتكە تۈرلۈك پۇل ۋە ماددىي نەرسىلەر تاپشۇراتتى؛ يەنە بىر قىسىم دېھقانلار فېئوداللارغا بېقىندا ئىدى، فېئوداللاردىن كىچىك بىرەر پارچە يەر ئېلىپ تېرىقچىلىق قىلىپ، يەر ئىجارىسى ئۈچۈن ماددىي نەرسە تاپشۇراتتى ۋە باشقا ئۇششاق-چۈشەك ئىشلارنى قىلىپ بېرەتتى. دېھقانلارنىڭ جەمە-كىسى دۆلەتكە تۈرلۈك باج-سېلىق تۆلەيتتى، مەسىلەن، ئىمارەت سېلىش، يول توشۇشقا ئوخشاش ئېغىر ئەمگەكلەرنى قىلىپ بېرەتتى. ناھايىتى قاتتىق ئېكسپلاتاتسىيە قىلىناتتى ۋە ئېزىلەتتى.

موسكۋا كىنەزلىگىنىڭ ھوقۇقىنى مەركەزلەشتۈرۈشىنى كۈچەيتىشى ئارقىسىدا، دېخانلارنىڭ ئورنى كۈندىن-كۈنگە ناچارلاشتى. 15-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ، فېوداللار دېخانلارنىڭ يەرلىرىنى بۇلاپ-تالاشنى كۈچەيتكەنلىكتىن، دېخانلارنىڭ ئۈلۈش يەرلىرى ئۈزلۈكسىز تۈردە ئازىيىپ باردى. فېوداللار تېخىمۇ كۆپ ئاشلىقنى بىۋاستە قولغا كىرگۈزۈپ، بازارنىڭ ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن، ئۆزلىرى باشقۇرۇۋاتقان يەرلەرنىڭ كۆلىمىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ، ئەمگەك بىلەن تۆلىنىدىغان يەر ئىجارىسىنى يولغا قويدى. 16-ئەسىر ئەمگەك بىلەن تۆلىنىدىغان يەر ئىجارىسى كەڭ تۈردە ئومۇملاشقان دەۋر بولۇپ، كۆپلىگەن يەرلەردە ئەمگەك بىلەن تۆلەنىدىغان يەر ئىجارىسى ماددى نەرسە بىلەن تۆلىنىدىغان يەر ئىجارىسىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەن، ئەمگەك قىلىپ بېرىدىغان ۋاقىت ئادەتتە دېخانلارنىڭ ئەمگەك ۋاقتىنىڭ يېرىمىنى ئىگىلىگەن ئىدى. ئەمگەك بىلەن تۆلىنىدىغان يەر ئىجارىسىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، فېوداللار دېخانلارنى يەرگە بەنت قىلىپ قويۇشقا تېخىمۇ كۆپ ئۇرۇندى. 15-ئەسىردە، دېخانلار ئومۇمەن كۆچۈش ئەركىنلىكىگە ئىگە بولغان بولسىمۇ، ئەمما بارا-بارا چەكلەندى. 1497-يىلى دېخانلارنىڭ پەقەت يۇرىيېپ كۈنى (11-ئاينىڭ 26-كۈنى)نىڭ ئالدى-كەينىدىكى بىر ھەپتە ئىچىدە قەرزىنى تۆلەپ بولغاندىن كېيىن، فېوداللار بىلەن تۈگىشىپ باشقا خىزمەت تېپىشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن ئىدى، 1550-يىلغا كەلگەندە، دېخانلارنىڭ پەقەت يۇرىيېپ كۈنىلا كېتىشكە رۇخسەت قىلىنىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. 1581-يىلى تېخىمۇ چەكلىنىپ، چەكلەنگەن يىل پەرمانى ئېلان قىلىنىپ، دېخانلارنىڭ چەكلىنگەن يىل ئىچىدە يۇرىيېپ كۈنى

كوچۇشى چەكلىنىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. 1597 ـ يىلى يەنە قولغا ئېلىش پەرمانى ئېلان قىلىنىپ، پومېشچىكلار قېچىپ كەتكىنىگە 5 يىل توشمىغان دېھقانلارنى سۈرۈشتە قىلىپ قايتۇرۇپ كېلىشكە ھوقۇقلۇق دەپ بەلگىلەندى. بېقىندا دېھقانلارنىڭ ئەھۋالى ئىنتايىن خاراپلىشىپ، يانچىلىق تۈزۈمى پەيدىن ـ پەي ۋۇجۇتقا كەلدى.

**چار روسىيىنىڭ شەكىللىنىشى** چار روسىيە موسكۋا كىنەزلىكىدىن ۋۇجۇتقا كەلگەن. موسكۋا 12 ـ ئەسىردە ئەسلىدىكى بىر كىچىك يېزىدىن مەيدانغا كەلگەن ئىدى، موسكۋا شەرقىي شىمالىي روسىيىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا ئورۇنلاشقانلىقى، ئوكا دەرياسى بىلەن ۋولگا دەرياسىدىكى مۇھىم سودا يولىنى بوغۇپ تۇرغانلىقى، يات مىللەتلەرنىڭ ئۈشتۈمتۇت ھۇجۇملىرىغا ئاز ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن، مۇساپىرلار بۇ يەرگە يىغىلىپ، تېزلا راۋاجلىنىپ مۇھىم شەھەرگە ئايلانغان ھەمدە ئەتراپىدىكى جايلار بىلەن قوشۇلۇپ مۇستەقىل كىنەزلىك بولۇپ شەكىللەنگەن ئىدى.

14 ـ ئەسىردە، شەرقىي شىمالىي روسىيە ئىگىلىكىنىڭ راۋاجلىنىشى موسكۋانىڭ بىرلىككە كېلىشىگە ئالدىنقى شەرت ھازىرلاپ بەردى. بۇ بىرلىككە كەلتۈرۈش جەريانى 14 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا باشلانغان ئىدى. موسكۋا ئۇلۇغ بېگى پارا بېرىش ۋە باشقا ۋاستىلەرنى ئىشلىتىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ رەقىبى ئۇلۇغ بەگ تۋېرنى يەڭدى، ئالتۇن ئوردا خانلىقىدىن ۋاكالىتەن ئولپان ئېلىش ھوقۇقىنى ئېلىپ، ئالتۇن ئوردا خانلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ رەقىبىنى چەتكە قاقتى ۋە تەسىر كۈچىنى كېڭەيتتى.

ئىۋان III (1462 ـــ 1505) تەختتە تۇرۇۋاتقان چېغىدا، چوڭ فېئوداللار بىلەن ئۇزاق مۇددەت كۈرەش قىلىپ، ئەتراپتىكى روستوۋ،

ياروسلاۋ كىنەزلىكىنى بېسىۋالدى، نوۋگورودنى ئىشغال قىلىپ، ئۇنىڭ كەڭ يەرلىرىنى ئۆز زېمىنىگە قوشۇۋالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۆۋېرنىمۇ ئىشغال قىلىپ، زېمىنىنى ھە دەپ كېڭەيتتى. بۇ چاغدا ئالتۇن ئوردا خانلىقى ئاللىقاچان كىچىك دۆلەتلەرگە بۆلۈنۈپ، بىر بىرىگە ھۇجۇم قىلىپ تۇرغان، مەركىزىي ئالتۇن ئوردىنىڭ ھوقۇقى كۈندىن-كۈنگە ئاجىزلىشىپ، روسىيىنى تىزگىنلەپ تۇرالمايدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. 1480-يىلدىن باشلاپ رۇسلار ئالتۇن ئوردا خانلىقىغا ئولپان، باج-سېلىق تۆلىمەيدىغان بولۇپ، موڭغۇللارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلغان ئىدى.

ئىۋان IV (1533—1584) تەختكە چىققان چاغدا ئەمدىلا 3 ياش ئىدى، چوڭ ئاقسۆڭەكلەر ھوقۇق ۋە مەنپەئەت تالىشىشقا بېرىلىپ كەتكەنلىكتىن، خەلقنىڭ نارازىلىقى قوزغالغان ئىدى، 1547-يىلغا كەلگەندە موسكۋادا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى. بۇ چاغدا ئىۋان IV ياش قۇرامىغا يەتكەنلىكتىن، چار پادىشا① دەپ تاج كىيدۈرۈلگەندىن كېيىن، ھاكىمىيەتنى ئۆز قولىغا ئالغان ئىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن چار روسىيە دەپ ئاتالدى. ئىۋان IV ئالدى بىلەن خەلق قوزغىلىڭىنى باستۇردى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىسلاھات يۈرگۈزۈپ، چوڭ ئاقسۆڭەكلەرنىڭ تەسىر كۈچىنى ئاجىزلىتىپ، پادىشا ھاكىمىيىتىنى كۈچەيتتى: تۈرلۈك ئىشلارنى باشقۇرۇش ئۈچۈن، كەينى-كەينىدىن ھەر خىل يامۇللارنى قۇرۇپ، ئوتتۇرا، كىچىك ئاقسۆڭەكلەرنى ئۆستۈرۈپ كاتىپلىق ۋەزىپىسىگە قويدى. قانۇن چىقىرىپ، پۈتۈن مەملى-

① "چار" دېگەن سۆز رىم پادىشاسى كايزاغا بەرگەن نامنىڭ رۇسچە تەلەپپۇزى.

كەتنىڭ قانۇنىنى بىرلىككە كەلتۈردى. پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئەدلىيە ئورگانلىرىنى قۇرۇپ، سايلىنىپ چىققان كىچىك ئاقسۆڭەكلەرنى سوت ئىشلىرىنى قىلىدىغان سوتچى قىلىپ تەيىنلىدى. ھەربىي خىزمەت ئۆتەش قانۇنىنى ئېلان قىلىپ، باستۇرۇش كۈچىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ھەر بىر فېئودالنىڭ 163.8 گېكتار يەرنى بىرلىك قىلغان ھالدا بىردىن قوراللىق ئاتلىق ئەسكەر چىقىرىشنى بەلگىلىدى.

چوڭ ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قولىدا يەنىلا كەڭ يەرلەر بولغانلىقتىن، ئۇلار پادىشا ھاكىمىيىتىنى كۈچەيتىش تەدبىرلىرىگە كۈچىنىڭ بېرىچە قارشى تۇرغان ئىدى. ئىۋان IV چوڭ ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسىنى پاچاقلاپ تاشلاش ئۈچۈن، چار پادىشا ئالاھىدە باشقۇرۇش تەدبىرىنى قوللىنىپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى يەرلەرنى بويارلار دۇماسى① باشقۇرىدىغان ئادەتتىكى رايون ۋە چار پادىشا بىۋاستە تاپشۇرۇۋالغان ئالاھىدە باشقۇرۇش رايونى دەپ ئىككىگە ئايرىغان ئىدى. مۇھىم ئىقتىسادىي، ھەربىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان رايونلارنى چار پادىشا ئالاھىدە باشقۇرىدىغان رايونلار قىلىپ ئايرىپ، پادىشا ھاكىمىيىتىنى قوللايدىغان ئوتتۇرا، كىچىك ئاقسۆڭەكلەرگە بۆلۈپ بەرگەن ئىدى. مىراس قالغان خوجىلىق يەرلەردىن مەھرۇم بولغان چوڭ ئاقسۆڭەكلەر كەم يەر ئۈچۈن يىراق جايلاردىكى ئادەتتىكى رايونلاردىن يەر ئالاتتى. چوڭ ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قارشىلىقىنى بىتچىت قىلىش ئۈچۈن، ئالاھىدە باشقۇرۇلىدىغان جۈنتۈەن قۇرۇلۇپ، ئىسلاھات ئېلىپ

① چوڭ ئاقسۆڭەكلەر دۇماسى بولۇپ، 15 — 17 - ئەسىرلەردە ئاقسۆڭەكلەردىن تەشكىللەنگەن كېڭەش ئورگىنى ئىدى.

بىرىش تەدبىرلىرى كاپالەتلەندۈرۈلدى. يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان تەدبىرلەر نەتىجىسىدە، ئەكسىيەتچى چوڭ ئاقسۆڭەكلەرنىڭ تەرىققىي قىلىشىغا زەربە بېرىلدى، ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى ئورنىتىلدى، بۇ روسىيىنىڭ راۋاجلىنىشىغا پايدىلىق بولغان ئىلغار ئەھمىيەتكە ئىگە تەدبىر ئىدى.

**17 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا رۇس خەلقىنىڭ فېئوداللىق زۇلۇمغا ۋە چەتئەللىكلەرنىڭ قوراللىق تاجاۋۇزىغا قارشى كۈرىشى** 16 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى ئورنىتىلغاندىن كېيىن، فېئوداللار دىخانلارنى ئېزىش ۋە ئېكىسپىلاتاتسىيە قىلىشنى كۈچەيتتى. دىخانلار ئاچارچىلىقتىن ۋە باج ـ سېلىقنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، توپ ـ توپ بولۇپ دون دەرياسى، ۋولگا دەرياسى بويلىرى قاتارلىق ئادەم شالاڭ كەڭ يەرلەرگە قېچىپ بېرىپ، ئۆزلىرىنى كازاك (بۇ ئەسلىدە تۈركى تىل بولۇپ، ئۆز قەبىلىسىدىن ئايرىلغان، چەكلەنمەيدىغان، ئەركىن ئادەم دېگەن سۆز) دەپ ئاتىغان ئىدى. دىخانلارنىڭ قېچىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئىۋان IV چەكلەش يىلىنى جاكالىغان ھەم قاچقان دىخانلارنى تۇتۇشنى كۈچەيتكەن ئىدى. 1601 ـ يىلىدىن باشلاپ، ئۇدا 3 يىل ئاچارچىلىق يۈز بېرىپ، دىخانلار ئاچلىقتىن تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ ئۆلدى، پومىشچىكلار، سودىگەرلەر، ئىبادەتخانىلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئاشلىق بېسىمدارلىقى ئارقىسىدا، تازا بېيىدى. كەڭ دىخانلار قوزغىلىپ ئېكىسپىلاتاتسىيە ۋە زۇلۇمغا قارشى تۇردى، 1606 ـ يىلى بولوتنىكوۋ باشچىلىقىدىكى دىخانلار ئۇرۇشى قوزغالدى.

ئىۋان بولوتنىكوۋ يانچىلىقتىن كېلىپ چىققان قېيىقچى ئىدى، بىر مەزگىل چەتئەللەرگە قېچىپ چىقىپ تۇرۇپ، قوزغىلاڭ كۆتىرىلىش

ۋاقتىدا دون دەرياسى بويىغا قايتىپ كېلىپ، قوزغىلاڭ پارتلىغاندىن كېيىن، ئاممىنىڭ يولباشچىسى بولۇپ تونۇلدى. 1606 ـ يىل 7 ـ ئايدا، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى پوتىيولدىن يولغا چىقىپ، كولومنا ئارقىلىق موسكۋاغا قاراپ يۈرۈش قىلدى. يول بويى تەشۋىق ۋارىقى تارقىتىپ، دېھقانلار ۋە چاكارلارنى قوزغىلىپ پومېشچىكلارنى يوقىتىشقا چاقىردى، فېئوداللاردىن تارتىۋالغان يەرلەرنى دېھقانلارغا قايتۇرۇپ بېرىشكە ماقۇل بولدى.

دېھقانلار، مالايلار، دون دەرياسى بويىدىكى كازاكلار ۋە شەھەر پۇقرالىرى قوزغىلاڭنىڭ ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچى ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، بىر قىسىم ئاقسۆڭەكلەر دېھقانلار ئۈرۈشىدىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرىنىڭ سىنىپىي مەقسىدىگە يېتىش ئۈچۈن، بىر مەزگىل قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىغا سۇقۇنۇپ كىرىۋالغان ئىدى.

بولوتنىكوۋنىڭ قوشۇنى 10 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىسلىرىدىن باشلاپ موسكۋاغا قورشاپ ھۇجۇم قىلدى، 12 ـ ئايدا چار پادىشا قوشۇنى بىلەن ھەل قىلغۇچ ئۇرۇش قىلدى، ھالقىلىق پەيتتە، ئىنقىلاپ قوشۇنى ئىچىگە سۇقۇنۇپ كىرىۋالغان يەرلىك ئاقسۆڭەكلەر چار پادىشاغا تەسلىم بولغانلىقتىن، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ، كالۇگاغا چېكىندى، كالۇگادا چار پادىشا قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىپ، 1607 ـ يىلى ئەتىيازدا تۇلا شەھىرىگە يېتىپ بېرىپ، يەنە بىر تارماق قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىغا قوشۇلدى، دۈشمەن كۆپ، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ئاز ۋە ئوزۇق ـ تۈلۈك، قورال ـ ياراق كەمچىل بولسىمۇ، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى قۇربان بولۇشتىن قورقماي، قەھرىمانلارچە كۈرەش قىلدى ۋە كۆپ قېتىم ئۆزلۈكىدىن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، چار پادىشا قوشۇنىنى ئېغىر زىيانلارغا ئۇچراتتى. چار پادىشا قوشۇنى

www.uyghurkitap.com

دەريا قېشىنى بۇزۇپ شەھەرگە سۇ قويۇپ بەردى. ھەمدە ئەگەر تەسلىم بولىساڭلار ھاياتىڭلارغا كاپالەتلىك قىلىمىز دەپ ئاگاھلاندۇرۇش قىلدى. بولوتنىكوۋ ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قېلىشنى ئويلاپ، قوشۇنى بىلەن تەسلىم بولدى. نەتىجىدە دېھقانلار قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئاخىر چار پادىشا تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.

بولوتنىكوۋنىڭ دېھقانلار ئۇرۇشى، روسىيە تارىخىدا، فېئوداللىق-يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ زۇلمىغا قارشى تۇرۇش خاراكتېرىغا ئىگە بولغان بىرىنچى قېتىملىق داغدۇغىلىق دېھقانلار ئۇرۇشى ئىدى. ئۇنىڭ تىغ ئۇچى فېئوداللارغىلا قارىتىلىپ قالماستىن، بەلكى شۇ چاغدىكى چار پادىشا ھاكىمىيىتىگىمۇ قارىتىلغان ئىدى. قوزغىلاڭ روسىيىنىڭ تەڭدىن كۆپ قىسمىدا كۆتۈرۈلگەن، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ سانى كۆپىيىپ 60 مىڭدىن 100 مىڭ كىشىگە يەتكەن ئىدى. ئىشغال قىلىنغان رايونلاردا ئاقسۆڭەكلەر بىلەن باي سودىگەرلەرنى قاتتىق جازالاپ، يانچىدارلارغا قارشى بولغان خەلق ھاكىمىيىتىنى تىكلەپ، فېئوداللارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا كۈچلۈك زەربە بەرگەن ھەمدە كېيىنكى فېئوداللىزمغا قارشى كۈرەش ئۈچۈن تەجرىبە-ساۋاق ھازىرلاپ بەرگەن ئىدى.

1610-يىلى پولشا بىلەن شۋېتسىيە قوشۇنى ئىلگىر-ئاخىر بولۇپ روسىيىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. فېئودال ھۆكۈمرانلار سىنىپى چەتتىن تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن دۈشمەنلەرگە قەتئىي قارشى تۇرۇشقا جۈرئەت قىلالماي، ئەكسىچە ئۆزىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ۋەتەننى سېتىپ، دۈشمەننى ئۆز زېمىنىغا باشلاپ كىرىپ، پولشا قوشۇنلىرىنىڭ موسكۋاغا بېسىپ كىرىشىگە يول قويىدى ھەمدە پولشا شاھزادىسىنى چار پادىشا دەپ ئېتىراپ قىلدى. ئەمما كەڭ خەلق ئاممىسى پەيدا-

لار قوشۇنىنى تەشكىللەپ، ۋەتەننى ئازات قىلىش يولىدا كۈرەش قىلىپ، تاجاۋۇزچىلارغا زەربە بەردى. 1612 - يىل 10 - ئايدا، مىنىن بىلەن پاجارىسكىينىڭ رەھبەرلىكىدە پىدائىيلار قوشۇنى شىددەتلىك جەڭ قىلىپ موسكۋانى ئازات قىلدى.

روسىيە خەلقىنىڭ پولشا، شۋېتسىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا زەربە بېرىپ قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى فېودال ھوكۇمرانلار سىنىپى تارتىۋالدى. 1612 - يىلنىڭ ئاخىرىدا تورىلەر يىغىنى چاقىرىلىپ①، رومانوۋ جەمەتىدىن بولغان مىخائىل (1613 — 1645) چار پادىشا بولۇپ سايلاندى. شۇنىڭدىن باشلاپ روسىيە تارىخىدا رومانوۋ خانلىقى ھوكۇمرانلىقى (1613 — 1917) باشلاندى.

**17 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدىكى دېھقانلار ئۇرۇشى** رومانوۋ خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، دېھقانلار ئۇرۇشىنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغان فېوداللار ھوكۇمرانلىقى كۆچەپ ئەسلىگە كەلتۈردى ۋە كۈچەيتتى، دېھقانلار ئۈستىدىن ئېلىپ بېرىلغان زۇلۇمنى تېخىمۇ ئەشەددىيلەشتۈردى.

چار پادىشا مىخائىل ئۆز ھاكىمىيىتىنى قوغدايدىغان مۇستەھكەم ئارقا تىرەك تىكلەش ئۈچۈن يەرلەرنى كۆپلەپ كىچىك ئاقسۆڭەكلەرگە ھەدىيە قىلىپ بەردى، بۇ يەرلەردىن بىر قىسمى ۋارىسلىق قىلىنىدىغان يەر سۈپىتىدە ھەدىيە قىلىندى. كېيىن فېوداللار ئۆلۈش يەرلەرنى پۈل تولەپ ۋارىسلىق يەرلەرگە ئايلاندۇرۇۋالسا بولىدۇ، دەپمۇ بەلگىلىدى. 1649 - يىلى يېڭى قانۇن ماقۇللاپ، ئۆلۈش يەر-

① ئەسلىدە ئاقسۆڭەكلەر ۋەكىللىرىنىڭ يىغىنى ئىدى، كېيىن كازاكلارنىڭ باشلىقى ۋە باي سودىگەرلەر قاتناشقان.

www.uyghurkitap.com

لەرگە ۋارىسلىق قىلىشقا بولىدۇ، دەپ بەلگىلىدى، يەرلەرنىڭ ۋارىسلىق قىلىنىدىغان قىسمى يەر تاپشۇرۇۋالغۇچىنىڭ خۇسۇسىي مۈلكى بولىدۇ دەپ قەيت قىلىندى ھەمدە ۋارىسلىق قىلىنىدىغان خوجىلىق يەرلەر ئەۋلاتتىن-ئەۋلاتقا قالىدىغان يەرلەر، خىزمەت كۆرسىتىپ ئىگە بولىدىغان يەرلەر ۋە پۇل تۆلەش ئۇسۇلى بىلەن ئىگە بولىدىغان يەرلەر دېگەن 3 خىلغا بۆلۈندى. بۇنىڭ بىلەن، ئۆلۈش يەرلەر بىلەن ۋارىسلىق قىلىنىدىغان يەرلەرنىڭ پەرقى كۈندىن-كۈنگە تارايدى. 1649-يىلدىكى قانۇندا قوغلاپ تۇتۇپ كېلىش يىل چەكلىمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، پومېششىكلاردا يانچىلارنىڭ ئۆزىنى ۋە ئەمگىكىنى باشقۇرىدىغان تولۇق ھوقۇقلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى يانچىلارنىڭ مال-مۈلكىنى ۋە ئوغۇل-قىزلىرىنىمۇ باشقۇرىدىغان تولۇق ھوقۇقىمۇ بولىدۇ، دەپ بەلگىلىنىپ، دېھقانلار ئاخىر يەرگە چىڭ بەنت قىلىپ قويۇلدى. فېئودال ھۆكۈمرانلار سىنىپى دۆلەت ھاكىمىيىتىدىن پايدىلىنىپ، ئاللىقاچان شەكىللەنگەن يانچىلىق تۈزۈم مۇناسىۋىتىنى قانۇندا قەيت قىلدى، 1649-يىلدىكى قانۇن روسىيەدە فېئوداللىق-يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ شەكىللەنگەنلىكىنىڭ ئالامىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يانچىلاشتۇرۇشنىڭ تاماملىنىشىغا ئەگىشىپ، دېھقانلار تېخىمۇ قاتتىق ئېكسپىلاتاتسىيىگە ئۇچرىدى. فېئودال ئاقسۆڭەكلەر دېھقانلارنىڭ يەرلىرىنى تېخىمۇ كۆپلەپ بۇلاپ-تالىغانلىقتىن، دېھقانلارنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرى ئۆزلۈكسىز ئازىيىپ باردى، 17-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئوتتۇرا قىسمىدىكى رايونلاردا دېھقانلارنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرى 20—25 پىرسەنت ئازىيىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دېھقانلارنىڭ سەيىسى كۆپەيدى؛ پومېششىكلارنىڭ يەرلىرىنى تېرىپ بېرىش

بىلەنلا قالماي، يەنە نۇرغۇن خىلمۇ ـ خىل قول سانائەت ئەمگەكنى، تىرانسپورت ئىشلىرىنى ۋە باشقىلارنى قىلىدىغان بولدى. شەرقىي ياۋروپادىكى باشقا دۆلەتلەرنىڭكىگە ئوخشاش روسىيىدىمۇ مېھنەت يانچىلىقى تۈزۈمى ئاستىدىكى ئىگىلىكمۇ ۋۇجۇتقا كەلدى.

فېودالىزىم ـ يانچىلىق تۈزۈمى زۇلمىنىڭ كۈچىيىشى شەھەر بىلەن يېزىلاردىكى ئەمگەكچى خەلقنىڭ كەسكىن قارشىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. 17 ـ ئەسىردە، شەھەر قوزغىلىڭى ۋە دېھقانلار قوزغىلىڭى ناھايىتى كۆپ بولدى، دائىرىسى ئەڭ چوڭ بولغان ستېپان رازىن رەھبەرلىكى قىلغان دېھقانلار ئۇرۇشى بۇنىڭ بىرى ئىدى.

ستېپان رازىن كازاكلاردىن كېلىپ چىققان، 1667 ـ يىلى ئەتىياز ـ دا، دون كازاكلىرىغا باشچىلىق قىلىپ، دون دەرياسى، كاسپىي دېڭىزى قاتارلىق جايلاردا چار پادىشا ۋە باي سودىگەرلەرنىڭ ئاشلىق پاراخوتلىرىغا ئۇشتۇمتۇت زەربە بەرگەن ۋە پېرسىيە قىرغاقلىرىدىكى جايلارنى قولغا كىرگۈزۈۋالغان ئىدى. 1670 ـ يىل 4 ـ ئايدا رەسمىي قوزغىلاڭ كۆتەردى. 6 ـ ئايدا مۇستەھكەم مۇداپىئە ئىستىھكاملىرى بولمىغان ئاستىراخاننى ئېلىپ، ئارقىدىنلا ۋولگا دەرياسى تەرەپكە يۈرۈش قىلىپ، سالاتوۋ بىلەن سامارانى ئازات قىلدى. 9 ـ ئايدا سىمبىرسكنى قورشاۋېلىپ، خەلققە قوزغىلىپ ئوزىغلارنى ئەزگۈچى ـ لەرنى يوقىتىڭلار، قوشۇن ئەۋەتىپ جايلاردا قوزغىلاڭ كۆتەرگەن دېھقانلارغا ياردەم قىلىڭلار. "خائىنلارنى يوقىتىپ، مىر① دېگەن قان شورىغۇچ ئالۋاستىنى يوقىتىڭلار"، "ئازلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىڭلار، كۆپچىلىك چوڭ ئاقسوڭەك خائىنلارنىڭ خائىنلىق قىلىشى

---

① روسىيىدىكى يېزا جامائەسىنىڭ نامى.

بىلەن پۈتۈنلەي تونۇپ كەتمىسۇن" دەپ چاقىرىق قىلدى. بۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل ۋولگا دەرياسى ۋادىسىنى قوزغىلاڭ قاپلاپ كېتىش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى موسكۋا ئەتراپىدىكى كولومنا ۋە بېلو دېڭىزى قىرغىقىدىكى يېزىلارنىڭ ھەممىسى قوزغىلاڭغا ئاۋاز قوشتى. ئەمما رازىن چار پادىشانىڭ شەخسەن ئۆزىگە قارشى تۇرمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى، نەتىجىدە بۇنداق خاتا تونۇش قوزغىلاڭغا نۇرغۇن زىيان كەلتۈردى.

دېخانلار ئۇرۇشىنىڭ تېز سۈرئەت بىلەن راۋاجلىنىشى ھوكۇمرانلار سىنىپىنى ئىنتايىن قاتتىق ئالاقزادە قىلىۋەتتى. نەتىجىدە چار پادىشا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، موسكۋا بىلەن چەت ئۆلكىلەردىكى ئاقسۆڭەكلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئەسكەر چىقىرىپ رازىن بىلەن ئۇرۇش قىلدى. 10-ئاينىڭ باشلىرىدا شىددەتلىك جەڭ قىلىش ئارقىسىدا، رازىننىڭ قوشۇنى يېڭىلىپ، دون دەرياسى تەرەپكە چېكىندى. 1671-يىل 4-ئايدا ھاللىق كازاكلار ساتقىنلىق قىلىشى ئارقىسىدا، رازىن 6-ئايدا موسكۋادا ئۆلتۈرۈلدى.

**چار روسىينىڭ چەتكە قارىتىلغان كېڭەيمىچىلىكى** ھوقۇق مەركەزلەشتۈرۈلگەن دۆلەت ۋۇجۇتقا كەلگەن دەۋردىن باشلاپ، چار روسىيە فېئوداللىرى ئۆزىنىڭ بۇلاڭ-تالاڭ قىلىش ئارزۇسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، غالجىرلىق بىلەن تاجاۋۇزچىلىق-كېڭەيمىچىلىكنى ئېلىپ باردى. غەرب تەرەپتە، ئۇ ئالدى بىلەن بالتىق دېڭىزى ئەتراپىدىكى جايلارنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈپ يېڭى يەرلەرگە ئىگە بولماقچى ھەمدە غەربىي ياۋروپا بازارلىرىغا بارىدىغان ئەپلىك يولغا ئىگە بولماقچى بولۇپ، دېڭىزغا چىقىش ئاغزىنى تارتىۋېلىش كۈرىشىنى باشلىۋەتتى. 16-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا

بالتىق دېڭىزى رايونىغا لىۋونىيە ئاتلىقلار تۆەنى ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. ئۇ ھالدىن كېيىن زاۋالغا يۈز تۇتقان ئىدى. 1558-يىلى چار روسىيە لىۋونىيە ئاتلىقلار تۆەنى باشقۇرىدىغان جايلارغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەنلىكتىن، لىۋونىيە ئۇرۇشى باشلاندى. ئۇرۇشنىڭ دەسلىۋىدە روسىيە قوشۇنى غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، پولشا، لىتۋا، شۋېتسىيە قاتارلىق دۆلەتلەر فېئوداللىرىنىڭ قارشىلىقى قوزغالدى، شۇنىڭ بىلەن خەلقارا ئۇرۇشقا ئايلاندى، روسىيە قوشۇنى مەغلۇپ بولۇپ، 1583-يىلغا كەلگەندە ئۇرۇش ئاياقلاشتى. روسىيە فېئودالىرى دېڭىزغا چىقىش ئاغزىنى تارتىۋېلىش مەقسىتىگە يېتەلمىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، روسىيە يەنە پولشا، لىتۋا پادىشالىقى بىلەن ئۇزاق مۇددەت ئۇرۇش قىلغان ئىدى. 17-ئەسىرنىڭ 60-يىللىرى روسىيە دنېپر دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى ئۇكرائىنا يەرلىرىنى ئۆزىگە قوشۇۋالدى.

شەرق تەرەپتە، 16-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا روسىيە فېئوداللىرى ئالدى بىلەن ئالتۇن ئوردا خانلىقىدىن بۆلۈنۈپ چىققان بەزى ئۇششاق خانلىقلارنى ئۆزىگە قارىتىۋالدى، 1552-يىلى قازان خانلىقىنى يوقاتتى، 1556-يىلى ئاستىراخان خانلىقىنى يوقاتتى، زېمىنى كېڭىيىپ ۋولگا دەرياسى ۋادىلىرىغىچە يېتىپ باردى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇرال تاغلىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ، سىبىرىيىگە تاجاۋۇز قىلدى، 1558-يىلى باي سودىگەردىن بولغان ستروگانوۋ جەمەتى ئۇرالدا تۇزچىلىقنى باشقۇرۇشنى مونوپول قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇپ، ياللانما ئەسكەر توپلاپ، كاما دەرياسى ئەتراپىدىكى يەرلەرنى بېسىۋېلىپ، ۋارىسلىق قىلىنىدىغان زېمىن قىلىۋالدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قېچىپ دون دەرياسىغا كېلىۋالغان دېھقانلارنى يىغىپ، كازاكلار

ئەترىدىنى تەشكىل قىلىپ، يالماكنىڭ باشچىلىقىدا ئۇرال تاغ تىزمىلىرىدىن ئۆتۈپ، سىبىرىيە خانلىقىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. بۇ مۇستەملىكىچى قوشۇن يەرلىك خەلقنىڭ قەيسەرانە قارشىلىقىغا ئۇچرىدى، يالماك پاتىپاراق بولۇپ قاچقاندا سۇغا چۈشۈپ ئۆلۈپ، تېگىشلىك جازاسىنى تارتتى. 16-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن 17-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان ۋاقىتلاردا، چار روسىيە مۇستەملىكىچىلىرى كىچىك قوراللىق كۈچ ئۇيۇشتۇرۇپ، سىبىرىيە-نىڭ غەربىي قىسمىدىن ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ، ئوب دەرياسى بىلەن لېنا دەرياسى ۋادىسىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، سىبىرىيىنىڭ شەرقىي قىسمىغا قاراپ ئىلگىرىلەپ، مۇھىم جايلاردا مۇستەھكەم قورغانلارنى قۇردى. بۇ قاراقچىلار بارغانلا يەردە، ئادەملەرنى قىرىپ چاپتى، ئۆيلەرنى ئوت قويۇپ كۆيدۈردى. ئاياللارنىڭ ئىپپەت-نومۇسىغا تەگدى، نەرسە-كېرەكلەرنى بۇلاپ-تالىدى. شۇ چاغدا، چار روسىيە قاراقچىلىرى مەملىكىتىمىزنىڭ خېيلۇڭجياڭ دەرياسى ۋادىسىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، جۇڭگو قوشۇنى ۋە خەلقى بىلەن توقۇنۇشقان ئىدى. 1689-يىلى جۇڭگو-چار روسىيە نېرچې-نىسكى شەرتنامىسى ئىمزالىنىپ، ئىككى دۆلەتنىڭ چېگرىسى شەرق تەرەپتە ئارگۇنا دەرياسى، گوربىست دەرياسىغىچە، تاشقى ھىنگان تېغىدىن دېڭىزغىچە چېگرا قىلىنىدۇ، دەپ بەلگىلەندى.

چار روسىيە مۇستەملىكىچى قاراقچىلىرىنىڭ شۇ چاغلاردا سىبىرىيىدە ئىگىلىگەن ئاز ساندا بازىلىرى بار ئىدى، ئۇلار بۇ يەرلەرنى ئاساسىي بازا قىلىپ، تەرەپ-تەرەپكە چىقىپ بۇلاڭ-تالاڭ قىلىپ، ھەددى ھېسابسىز جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزدى. 17-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يالغۇز سىبىرىيىدىن باج ئورنىدا ئالغان قارا بولغۇنلا روسىيە

دۆلەت غەزنىسى كىرىمىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى تەشكىل قىلغان ئىدى. سىبىرىيىدىكى ھەر مىللەت خەلقى بۇ قاراقچىلارنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇزاققىچە قەيسەرلىك بىلەن قارشى تۇردى، پۈتكۈل 17- ئەسىر ئىچىدە قوزغىلاڭ توختاپ قالمىدى، مۇستەملىكىچىلەرگە ناھايىتى قاتتىق زەربە بەردى.

www.uyghurkitap.com

## ئون ئۈچىنچى باپ

# قەدىمقى ئامېرىكا قىتئەسى ۋە قەدىمقى سەھرايى كەبىرنىڭ جەنۇبىدىكى ئافرىقا

جەنۇبىي ۋە شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسى ھەم سەھرايى كەبىرنىڭ جەنۇبىدىكى ئافرىقا (يەنى نېگىرلار ئافرىقىسى) خېلى ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ئىنسانلار تىرىكچىلىك قىلىپ كەلگەن جاي ئىدى. ئامېرىكا قىتئەسى قۇرۇقلۇقى ھىندىيان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تارىخىي سەھنىسى ئىدى. سەھرايى كەبىرنىڭ جەنۇبىدىكى ئافرىقا بولسا، ئاساسەن، قارا تەنلىك ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تارىخىي سەھنىسى ئىدى. ھىندىيانلار بىلەن نېگىرلار ھەرگىزمۇ بۇرژۇئازىيە ھاقارەتلىگەندەك قانداقتۇ "پەس مىللەت" ئەمەس، ئۇلار مىلادىدىن ئاۋال بىر-ئىككى مىڭ يىل ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزاق ۋاقىتلاردىلا، مۇشۇ ئىككى جايدا نۇرغۇن قەدىمىي مەدەنىيەت مەركىزىنى قۇرغان ۋە شانلىق ھىندىيان مەدەنىيىتى ۋە نېگىرلار مەدەنىيىتىنى ياراتقان ئىدى. 15-ئەسىردە ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىرى تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشتىن ئاۋالقى خېلى ئۇزاق مەزگىللەرگىچە ئافرىقىنىڭ بەزى قەدىمىي مەدەنىيەت مەركەزلىرى ئاسىيا، ياۋروپا، شىمالىي ئافرىقىدىكى بەزى جايلار بىلەن ئالاقىدار ئىدى، ئامېرىكا قىتئەسى قۇرۇقلۇقى ئاساسىي جەھەتتىن بېكىنمە ھالەتتە ئىدى. ئامېرىكا قىتئەسى

بىلەن نېگىرلار، ئافرىقىسىنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىك تەرەققىياتى ۋە شانلىق مەدەنىيىتى ھىندىئانلار بىلەن نېگىرلارنىڭ مۇستەقىل ئىجادىي ئەمگىكىنىڭ مېۋىسى بولۇپ، ئۆزىنىڭ روشەن مىللىي خۇسۇسىيىتى بىلەن، ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا پارلاق نۇر چاچتى، ئەمما ئۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ يەنە ئىنسانلار تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ ئورتاق قانۇنىيىتى بويىچە ئالغا قاراپ راۋاجلاندى. ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىرى تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن كېيىنلا، ئاندىن "ئۇلارنىڭ مۇستەقىل تەرەققىياتى توختاپ قالدى"①. ئامېرىكا بىلەن ئافرىقا مۇستەملىكىچىلىكنىڭ زۇلمەتلىك گىرداۋىغا پېتىپ قالدى.

## 1-بۆلۈم ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ھىندىئان ھەر مىللەت خەلقى

**ھىندىئان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جايلىشىشى** ئامېرىكا قىتئەسى (شىمالىي ئامېرىكا بىلەن جەنۇبىي ئامېرىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) غەربىي يېرىم شارغا جايلاشقان بولۇپ، ئورنى تىنچ ئوكيان بىلەن ئاتلانتىك ئوكياننىڭ ئوتتۇرىسىدا، ئۇنىڭ ئومۇمىي يەر مەيدانى 42 مىليون 540 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر. ياۋروپالىقلار تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشتىن ئاۋال، جەنۇبىي ۋە شىمالىي ئامېرىكىدىكى ئاھالە ئومۇ-

---

① ئېنگېلس: «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى». «ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، خەلق نەشرىياتىنىڭ 1972-يىل خەنزۇچە نەشرى، 4-توم، 20-بەت.

مەن، ھىندىئانلار، دەپ ئاتىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى تەخمىنەن بۇنىڭدىن 20 نەچچە مىڭ يىل ئىلگىرى ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك ۋاقىت ئىلگىرى ئاسىيانىڭ شەرقىي شىمالىي قىسمىدىن چىقىپ بېرىنگ بوغۇزىدىن ئۆتۈپ، كۆپ قېتىمغا بۆلۈنۈپ ئامېرىكا قۇرۇقلۇقىغا كۆچۈپ كەلگەن ئىدى. شۇنداقلا ئوكيانىيە تەرەپتىن جەنۇبىي ئامېرىكىغا كۆچۈپ كەلگەنلەرمۇ بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىرقلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە راۋاجلىنىشى جەھەتتە، قەدىمقى دەۋرلەردىكى ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ھىندىئانلار بىلەن موڭغۇلىيە ئىرقى ئوتتۇرىسىدا مەلۇم ئۇرۇقداشلىق مۇناسىۋىتى بار. ھىندىئانلارنىڭ ئەجدادلىرى ئامېرىكا قىتئەسىگە كىرگەندىن كېيىن، بۇ يېڭى دۇنيانىڭ شىمالىدىن تارتىپ جەنۇپقىچە بولغان كەڭ زىمىنغا جايلىشىپ، قوشكېزەكتەك كۆپىيىپ، ئىنتايىن كۆپ ھىندىئانلار گۇرۇھىنى بارلىققا كەلتۈردى. بەزى ئالىملارنىڭ مۆلچەرلىشىچە، ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىرى كېلىشتىن ئىلگىرى، جەنۇبىي ۋە شىمالىي ئامېرىكىدىكى ھىندىئانلار ئائىلىسى تەخمىنەن 15 مىليوندىن تارتىپ 40 مىليوندىن يۇقىرى ئىدى، ئۇلارنىڭ تىلى ۋە شىۋىسى نەچچە مىڭ خىلدىن ئاشاتتى.

ھىندىئانلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى ئامېرىكا قىتئەسىگە كەلگەندىن كېيىن. يېڭى تەبىئى شارائىتقا ماسلىشىپ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل يېڭى ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت ياراتتى. ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ ئەڭ شىمالىدىكى ئېسكىمولار دېڭىز ھايۋانلىرى (دېڭىز پىلى، تىيولېن، كىت قاتارلىقلار)نى تۇتۇپ تىرىكچىلىك قىلاتتى. كانادا ئورمانلىقلىرىدا سەرسان بولۇپ يۈرگەن ئارگونلار بۇغا كوندۇرغۇچى ۋە چوڭ يىرتقۇچ ھايۋانلار ئوۋلىغۇچىلار ئىدى. ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا ۋە شىمالىي

قىسمىدىكى چوڭ ياپىلاقلاردا ياشايدىغان ئوۋچى قەبىلە داكوتالار ۋە باشقىلار ياۋا كالا ئوۋلاشنى ئاساسىي تۇرمۇش ۋاستىسى قىلاتتى. ئامېرىكىنىڭ شەرقىي رايونىدىكى ئوكيۇلار ۋە ئامېرىكىنىڭ غەربىي جەنۇبىي تەرىپىدىكى پابىلولار خېلى بۇرۇنلا تۇراقلىق تۇرمۇش كەچۈرۈشنى باشلىغان ئىدى. جەنۇبىي ئامېرىكا قۇرۇقلۇقىدىكى كەڭ رايونلاردا، مەيلى ئامازون دەرياسى ۋادىسىنىڭ ئىسسىق بەلۋاغ ئورمانلىقىدىكى توپىپ-گۇرانىي تىل سىستېمىسىدىكى ھىندىئانلار قەبىلىسى بولسۇن، ياكى ئارگېنتىنا كەڭ ياپىلاقلىرىدىكى ھىندىئانلار بولسۇن، — بۇلارنىڭ ھەممىسى بېلىق تۇتۇش، ئوۋچىلىق ۋە مېۋە-چېۋە يىغىش بىلەن تۇرمۇش كەچۈرەتتى. يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان بۇ ھىندىئانلار قەبىلىسى ياكى قەبىلە ئىتتىپاقىنىڭ زور كۆپچىلىكى 15-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىرى تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشتىن ئاۋال، ئانىلىق ئۇرۇقداشلىقتىن ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىققا ئوتۇش باسقۇچىدا ياشايتتى.

ئالاھەزەل مىلادىدىن ئاۋالقى 2 مىڭ يىلىدىن 3 مىڭ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا مېكسىكىدىن ئوتتۇرا ئامېرىكىدىكى گۋاتېمالانى بويلاپ جەنۇبىي ئامېرىكىدىكى ئاندېس تېغىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئېگىزلىكلەردە، تىنچ ئوكيان قىرغاقلىرىدىكى رايونلاردا، باشلانغۇچ ئۇسۇلدا دېھقانچىلىق قىلىش بارلىققا كېلىشكە باشلىغان، تەخمىنەن مىلادىدىن بىر مىڭ يىل ئىلگىرى سۇغىرىش سىستېمىلىرى بارلىققا كېلىشكە باشلىغان ئىدى، بۇ جايلاردىكى ئاھالە تۇراقلىق دېھقانچىلىق ئىگىلىكى پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ھىندىئانلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى ياۋا ئوسۇملۈكلەردىن ئىنتايىن مۇھىم بىر خىل زىرائەتنى — كوممە قوناقنى يېتىشتۇرۇپ چىققان، يەنە

ياڭيۇ، شوخولا، ئاپتاپپەرەس، كوك تاماكا، كاكاۋ، خاسىڭ، پۇرچاق تۇرىدىكى ۋە ئىسسىق بەلۋاغدا ئۇسىدىغان ياڭيۇ تۇرىدىكى بەزى زىرائەتلەرنىمۇ يېتىشتۈرۈپ چىققان ئىدى. بۇ ــ ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ھىندىيانلارنىڭ ئىنسانلارنىڭ ماددى تۇرمۇشىغا قوشقان ئۇلۇغ تۆھپىسى. بۇ زىرائەتلەر ئالىقاچان پۈتۈن دۇنياغا تارالدى.

دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنىڭ راۋاجلىنىشى، ئالتۇن، كۈمۈش ۋە مىس قاتارلىق مېتاللارنىڭ ئېرىتىلىشى ئىجتىمائىي بايلىقنى كۆپەيتىپ، ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىنى ۋە سىنىپىي بولۇنۇشنى ئىلگىرى سۈردى، شۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا ئامېرىكا بىلەن جەنۇبىي ئامېرىكىنىڭ بەزى جايلىرىدا بىرقەدەر يۈكسەك بولغان بىرمۇنچە مەدەنىيەت مەركەزلىرى بارلىققا كېلىپ، بۇ جايلار پەيدىن-پەي سىنىپىي جەمئىيەتكە قەدەم قويدى.

قەدىمقى ئامېرىكا قىتئەسىدە تازا ۋەكىللىك خاراكتېرىغا ئىگە بولغان مۇنداق 3 چوڭ مەدەنىيەت مەركىزى بولغان: بىرىنچىسى ــ ھازىرقى مېكسىكىنىڭ يۇكاتان يېرىم ئارىلى ۋە گۋاتېمالا قاتارلىق جايلارنى مەركەز قىلغان مايالار مەدەنىيىتى؛ ئىككىنچىسى ــ مېكسىكا ئېگىزلىكى ئويمانلىقىنى مەركەز قىلغان قەدىمقى ئازتېكلار مەدەنىيىتى؛ ئۈچىنچىسى ــ ئېكۋادور، پېرۇ، بولىۋىيەدىكى كەڭ جايلارغا تارالغان قەدىمقى ئىنكا مەدەنىيىتى. بۇ مەدەنىيەتلەرنىڭ ھەر بىرى ئۆزىگە خاس تارىخىي خۇسۇسىيەتلىرى بويىچە شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىپ، ھىندىيانلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئەقىل-پاراسىتىنى ۋە ئىجادىي كۈچىنى ئىپادىلەپ بەرگەن ئىدى.

**ئوتتۇرا ئامېرىكىدىكى مايا قەدىمقى مەدەنىيىتى** تەخمىنەن مىلادىدىن ئاۋالقى بىر مىڭ يىلنىڭ باشلىرىدا، ئوتتۇرا ئامېرىكىدىكى



www.uyghurkitap.com

گۋاتېمالا، ھوندۇراس، يۇكاتان يېرىم ئارىلىدا، مايا مىللىتىدىن بولغان ھىندىئانلار تۇراقلىق دېھقانچىلىق بىلەن تىرىكچىلىك قىلاتتى. مىلادىنىڭ ئالدى-كەينىدە، يۇكاتان يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇبىي بۆرجىكىدىكى پېتېن-ئىچا كولى بويىدا نۇرغۇن "شەھەر دۆلىتى" يەنى نەزىر-چىراق ئۆتكۈزۈش مەركەزلىرى بارلىققا كەلگەن ئىدى. مايالار ئادەم قېتىش ھايۋانسىمان قەبىلە خۇداسىغا چوقۇناتتى. مايالارنىڭ "شەھەر دۆلىتى" قەبىلە خۇداسىغا سىغىنىدىغان ئېھرام شەكلىدىكى ئىبادەتخانا بىنالىرىنى مەركەز قىلغان ئاھالە پونكىتلىرىدىن تەركىپ تاپاتتى. ھەشەمەتلىك ئىبادەتخانا ۋە تەزىر-چىراق ئۆتكۈزۈش مەيدانىنى نۇرغۇن پاكار-پاكار ئاھالە كەپىلىرى ئوراپ تۇراتتى. "شەھەر دۆلىتى"نىڭ ھۆكۈمرانلار سىنىپى مۇتىۋەللىلە ئاقسۆڭەكلەر بولۇپ، ئۇلار "تورە" دەپ ئاتىلىدىغان ئاقساقاللار ئىدى. ئاھالە دېھقانلارنى ئاساس قىلاتتى، بۇلار يېزا جامائەلىرىنى تەشكىل قىلاتتى. يەرلەر يېزا جامائەلىرىنىڭ ئىگىدارلىقىدا بولۇپ، ھەرقايسى ئائىلىنىڭ تېرىشىغا تەقسىم قىلىپ بېرىلەتتى، ھەر ئۈچ يىلدا بىر قېتىم يېڭىۋاشتىن تەقسىم قىلىناتتى. مۇتىۋەللە ئاقسۆڭەكلەر سىنىپى مۇشۇنداق يېزا جامائەلىرى تەشكىلاتلىرى ئارقىلىق كەڭ دېھقانلارنى قول قىلاتتى، يېزا جامائەلىرىنىڭ ھوقۇقى پۈتۈنلەي "تورە"لەر تەيىنلىگەن باشقۇرغۇچىلار (ئاتالمىش "يېزا باشلىقى") نىڭ قولىدا بولاتتى، دېھقانلار ئولپان-باج تۆلەيتتى، ھەقسىز ئىشلەپ بېرەتتى، يېزا جامائەلىرىدىكى بەزى كەمبەغەل ۋە ۋەيران بولغان دېھقانلار قۇللارغا ئايلىنىپ قالاتتى، مۇتىۋەللە ئاقسۆڭەكلەر ئۇرۇش ئارقىلىقمۇ ئەسىرلەرنى كۆپلەپ قول قىلىۋالاتتى.

مىلادى 4-ئەسىردىن 9-ئەسىرگىچە بولغان دەۋر مايالار

قۇللۇق تۈزۈمى ئاساسىدىكى شەھەر دۆلىتىنىڭ گۈللىنىشكەن دەۋرى بولدى. شۇ چاغدا ھازىرقى گۋاتېمالا، ھوندۇراس ۋە مېكسىكىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا تارالغان چوڭ-كىچىك سىياسىي-دىنىي مەركەزلەر يۈزدىن ئېشىپ چۈشەتتى. 10-ئەسىردىن كېيىن، مېكسىكا رايونىدىكى تولتېكلار جەنۇبقا كۆچۈپ بېرىپ مايالار بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇرۇپ، يۇكاتان يېرىم ئارىلىنىڭ شىمالىي قىسمىدا بىر قاتار يېڭى شەھەر دۆلىتىنى قۇردى، شۇنىڭ بىلەن مايالار مەدەنىيىتىدە يەنە بىر يېڭى يۈكسىلىش بارلىققا كەلدى. ۋاقتى مىڭ يىلدىن ئارتۇق بولغان تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، مايالارنىڭ شەھەر دۆلەتلىرى دائىم بىر-بىرى بىلەن جەڭ قىلىپ تۇردى، ئاھايىتى چوڭ گۈللىنىش-زاۋالىغا يۈز تۇتۇشلار بولۇپ ئۆتتى. 16-ئەسىرنىڭ باشلىرى ئىسپانىيە مۇستەملىكىچىلىرى تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن چاغدا، مايا مەدەنىيىتى خاراپلاشقان ئىدى.

مايالارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسى ئانچە ئۆسمىگەن، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى جەھەتتە يېڭى تاش قورال دەۋرىدىن پۈتۈنلەي ئۆتۈپ بولالمىغان ئىدى. ئەمما مايالار ئاسترونومىيە، ماتېماتىكا، بىناكارلىق ۋە سەنئەت قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆز ئالدىغا ناھايىتى يۈكسەك سەۋىيىگە يەتكەن ئىدى.

مايالار يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىش ئۈچۈن، ئاسمان ھادىسىلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ، ئۆزىگە خاس بىر يۈرۈش يىلنامە ياراتتى. بىر يىلنى 18 ئايغا، ھەر ئاينى 20 كۈنگە ئايرىپ، ئۇنىڭغا 5 كۈن "پەرھىز كۈن"نى قوشۇپ، جەمى 365 كۈن قىلغان ئىدى. ھەر 4 يىلدا بىر كۈندىن قوشۇلاتتى. مايالار يەنە كۈن كۆيۈش ۋاقتىنى ۋە ئاي، زوھرە يۇلتۇز ۋە باشقا سەييارىلەر-

نىڭ دەۋرىلىك ئايلىنىش ۋاقتىنى ھېسابلاپ چىققان ئىدى. نۇرغۇن ھازىرقى زامان ئالىملىرى مايالارنىڭ ئاسترونومىيە ھەققىدىكى بىلىمى ئوتتۇرا ئەسىردىكى ياۋروپالىقلارنىڭ بىلىمىدىن كۆپ ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. مايالارنىڭ ماتېماتىكا جەھەتتە 20 لىك سىستېمىسىنى قوللىنىشى، ساناقتا "O" ئۇقۇمىنى ئىشلىتىشى ياۋروپالىقلاردىن ئالاھەزەل 800 يىل بۇرۇن ئىدى. مايالار مىلادىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدىلا ئۆزلىرىنىڭ شەكىللىك بەلگىلەردىن تۈزۈلگەن ئاھاڭلىق بەلگە ۋە مەنىلىك بەلگىلەر ئاساسىدىكى ھەرپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يېزىق سىستېمىسىنى ئىجاد قىلغان ئىدى، شۇڭا بۇ يېزىق بىر خىل ھەم ئاھاڭنى بىلدۈرىدىغان، ھەم مەنىنى ئۇقتۇرىدىغان "مەنىلىك-ئاھاڭلىق يېزىق" بولۇپ قەدىمقى شەرق ئەللىرىنىڭ يېزىقى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش تەرەققىيات باسقۇچىنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن ئىدى. مايالار مۇشۇ يېزىقنى قوللىنىپ، دىن، رىۋايەت، تارىخ، ئاسترونومىيىگە ئائىت نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان، كېيىن ئىسپانىيە مۇستەملىكىچىلىرى بۇ ئەسەرلەرنى بىدئەت دەپ قاراپ، بىرىنىمۇ قالدۇرماي دىگۈدەك كۆيدۈرۈۋەتكەن.

مايالارنىڭ شەھەر بىنالىرى ناھايىتى سەلتەنەتلىك ئىدى، مەسىلەن، كابىن شەھىرىنىڭ مەركىزىي قىسمى 5 مەيدان ۋە مەركىزىي قەلئەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان غايەت زور بىنالار تۈركۈمى بولۇپ، بىرمۇنچىسى يىلنامە، ئاسترونومىيە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىلىملەر ئۈستىدىكى ئىلمىي پائالىيەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىنالار ئىدى، مەسىلەن، مەلۇم ئىبادەتخانا كۈن تۇتۇلۇشنىڭ ھەققىي ۋاقتىنى تاپقانلىقىنى خاتىرىلەشكە ئاتاپ سېلىنغان، مەلۇم ئىبادەتخانا

زوھرە يۇلتۇزى ئۈستىدە كۆزىتىش ـ تەتقىق قىلىشنى خاتىرىلەشكە ئاتاپ سېلىنغان ۋەھاشقىلار. كەڭلىكى 8 مېتىر كېلىدىغان. جەمئى 90 نەچچە پەلەمپەيدىن تۈزۈلگەن تاش پەلەمپەيگە 2 سىڭدىن ئارتۇق تەسۋىرى يېزىق بەلگىسى ئويۇلغان ئاتاقلىق ”تەسۋىرى يېزىق پەلەمپىيى“ قەدىمقى ئويما يېزىقلار ئىچىدە ئاز ئۇچرايدىغان ئۇلۇغ ئەسەر ئىدى. مايالار ئويمىچىلىق، رەسساملىق ۋە نەپىس سەنئەتتىمۇ ناھايىتى يۇكسەك مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن ئىدى. مىلادى 6 ـ 8 ـ ئەسىرلەردىكى بونەنپاك تام رەسىملىرى قەدىمقى تام رەسىملىرى سەنئىتىنىڭ غەزىنىسى ھېساپلىنىدۇ، بۇ رەسىملەر 3 ئېغىز تاش ئۆيدىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، ئۆينىڭ ئىچىدىكى تاملارغا رەڭلىك ـ گۈزەل تام رەسىملىرى سىزىلغان، بۇ رەسىملەردە جەڭ قىلىش، جەڭدىن زەپەر قۇچۇپ قايتىش ۋە غەلىبىنى تەبرىكلەپ نامايىش ئۆتكۈزۈشكە ئوخشاش ئەھۋاللار تەسۋىرلەنگەن، كىشىلەرنىڭ ئوبرازى ناھايىتى مۇپەسسەل سىزىلغان، بوياقلىرىمۇ ناھايىتى جايىدا بېرىلگەن.

**مېكسىكىنىڭ قەدىمقى مەدەنىيىتى ۋە ئازتېك دۆلىتى** قەدىمقى مايالار مەدەنىيىتى مەركىزى رايونىنىڭ غەربىي شىمالىدا، يەنى ھازىرقى مېكسىكىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى ئېگىزلىك رايونىدىن ئىبارەت مۇنبەت ئويمانلىقتا تەخمىنەن مىلادىدىن 2 مىڭ يىل ئىلگىرى ئىپتىدائىي جامائە تۈزۈمىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرى باشلانغان. دېھقانچىلىق قىلىشقا تايىنىپ جان باقىدىغان، ئاھالىسى زىچ جايلاشقان نۇرغۇن ھىندىيان قەبىلىلىرى مېكسىكا ئويمانلىقىدا تارقىلىپ ئولتۇراقلاشقان. تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1 مىڭ يىلنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مېكسىكا قولتۇقىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا بىرقەدەر يۇكسەك دەرىجىدە راۋاجلانغان تۇنجى مېكسىكا مەدەنىيىتى يەنى

ئالىيك مەدەنىيىتى بارلىققا كەلگەن.

مىلادى 1-ئەسىردىن باشلاپ، مېكسىكا شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى تېئوتىخۇاكان مەركەز قىلىنغان ئەڭ دەسلەپكى قۇللۇق تۈزۈمىدىكى دۆلەت قۇرۇلغان. تېئوتىخۇاكان گۈللەنگەن بىر شەھەر، شۇنداقلا ئاتاقلىق دىنىي مەركەز ئىدى. بۇ قەدىمقى ھىندىئانلار پايتەختىنىڭ مەركىزى تەخمىنەن 6 كۋادرات كىلومېتىر يەرنى ئىگىلىگەن، ئاساسىي ئىمارەتلەر جۈملىدىن غايەت زور ئېھرام شەكلىدىكى بىرقانچە ئىبادەتخانا بىناسى① ئۇزۇنلۇقى 2 كىلومېتىر كېلىدىغان چوڭ يولنىڭ ئىككى قاسنىقىغا جايلاشقان. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ "قۇياش ئېھرام"نىڭ ئۇلىنىڭ كەڭلىكى 220 مېتىر، ئىگىزلىكى 64 مېتىر بولۇپ، مىسىردىكى ئەڭ چوڭ ئېھرامنىڭ ئىگىلىگەن يەر مەيدانىغا تەڭ ئىدى. بۇ ئېھرامنىڭ كۆلىمى ۋە ياسىلىش سەنئىتى قەدىمقى ھىندىئان ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى ۋە تالانتىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

مىلادى 9-ئەسىردىن كېيىن، ئۇۋچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان باتۇر ۋە جەڭگە ماھىر قەبىلىدىن بولغان تولتېكلار (تەخمىنەن 10—12-ئەسىرلەر) بىلەن ئازتېكلار (تەخمىنەن 13—16-ئەسىرلەرنىڭ باشلىرى) ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ مېكسىكا ئېدىرلىقىنى ئۆزىگە قارىتىۋالغان ئىدى. ئازتېكلار مېكسىكىغا شىمالدىن بېسىپ كىرىپ، ئىلگىرىكى مەدەنىيەتنى ناھايىتى تېز قوبۇل قىلىپ، ھەربىي جەھەتتە

① بۇنداق "ئېھرام" شەكلىدىكى ئىبادەتخانا بىنالىرى ھىندىئانلارنىڭ ئۆزىگە خاس مۇستەقىل ئىجادىيىتى، ئۇنىڭ مىسىر ئېھراملىرى بىلەن ھېچقانداق تارىخىي ئالاقىسى يوق.

ناھايىتى كۈچلۈك بولغان قۇللۇق تۈزۈمدىكى دۆلەت قۇرغان ئىدى.
15 ـ ئەسىردە، ئازتېكلار مېكسىكىنىڭ جىلغىلىرىنى، ئېدىرلىرىنى ۋە شۇ ئەتراپتا ئولتۇراقلاشقان قەبىلىلەرنى تىزگىنلىگەن ئىدى، تېسكوك كۆلى (يەنى ھازىرقى مېكسىكا شەھىرىنىڭ ئورنى) دىكى ئىككى ئارالدا ئۇلارنىڭ قەلئەسى ــ تېنوچتىتلان شەھىرىنى قۇرغان ئىدى. قەلئە 4 چوڭ رايونغا بۆلۈنەتتى، ئەسلىدە 4 چوڭ قەبىلىنىڭ ئولتۇراقلىق جايى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاستىدا ھەر بىرى 20 ئۇرۇقتا بولۇنەتتى. ئۇرۇقداشلىق جامائەسى پەيدىن ـ پەي يېزا جامائەسىگە ئايلانغان ئىدى، يەرلەر ئاساسىي جەھەتتىن جامائە ئىگىدارچىلىقىدا ئىدى، كېيىن ئىستىلا قىلىش جەريانىدا نۇرغۇن يەرلەر ("ئولپان يەرلەر")گە ۋە قۇللارغا ئىگە بولدى، بولاپ كەلگەن يەر، قۇل ۋە بايلىققا ئىگە بولغان يۇقىرى قاتلام زاتلىرى ئاقسۆڭەك ھوكۇمرانلار سىنىپى بولۇپ شەكىللەندى، ئۇلار ئۇلارنىڭ يەرلىرىنى قۇللار ۋە بوي سۇندۇرۇلغان ئۇرۇقلار تېرىپ بەردى. ئۇلار ئۇرۇش ئەسىرلىرىنى قۇل قىلىشتىن باشقا، ئۆز قەبىلىسى ئىچىدىكى قەرزدار بولغانلارنى ۋە گۇناكارلارنىمۇ قۇل قىلىۋالدى.

ئازتېكلار مېكسىكا ۋە ئوتتۇرا ئامېرىكا رايونىنىڭ قەدىمقى مەدەنىيەتلىرىنى قوبۇل قىلىپ ۋە ئۆزلەشتۈرۈپ، شانلىق مەدەنىيەتنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن ئىدى. ئۇلار يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى جەھەتتە سۇغىرىش سېستىمىلىرىنى يولغا قويۇپ، ئۆزلىرى ئولتۇراق-لاشقان كۆللەرنىڭ بويىدىكى سۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا ياغاچ قوزۇق قېقىپ ۋە سالىنىڭ ئۈستىگە لاي ياتقۇزۇپ تېرىلغۇ يەر مەيدانىنى كېڭەيتكەن ئىدى، بۇ "لەيلىمە ئېتىز" دەپ ئاتىلاتتى. مىس، تۇچ ۋە ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن ياسالغان بۇيۇملارمۇ بىرقەدەر ئومۇملاشقان

ئىدى، قۇيغان ۋە باسقان مىستال ئەسۋاپلار بىلەن گۆھەردىن كۆز قويۇلغان زىننەت بۇيۇملار ناھايىتى يۇقۇرى سەۋىيىگە يەتكەن ئىدى. ساپال قاچىلار كوركەم ياسالغان، گەزلىمىلەرمۇ ناھايىتى چىرايلىق توقۇلغان ئىدى. تىببى جەھەتتە دورىلار (خىنىن، ئويىماق گۈل ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار) بىلەن داۋالاشنى كەشىپ قىلغان ھەمدە ئېپىدائى ئۇسۇل بىلەن ھۇشسىزلاندۇرۇش تېخنىكىسىنى ئىگەللىگەن ئىدى.

ئازتېكلار بىناكارلىق جەھەتتە ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى. ئۇلار كولانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئارالغا سالغان تېنوچىدىتلان شەھە-رىنىڭ قۇرۇقلۇققا تۇتىشىدىغان 3 يولى ھەمدە سۇ يەتكۈزۈپ بېرىدىغان سۇنئى تاش نو سېستىمىسى بار ئىدى. شەھەرنىڭ ئىچىگە ئېھرام شەكلىدە قىلىپ 40 ئىبادەتخانا سالغان، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ ئىبادەتخانىنىڭ 144 تاش پەلەمپىيى بار ئىدى. يەنە تۈز چېچىپ تۇرغان ئاق بىنالار، راۋاقلار، ھەيۋەتلىك-ھەشەمەتلىك ئوردىلارمۇ بولۇپ، بۇلار كوچىلار، قانالالار بىلەن تۇتىشىپ ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرە ھاسىل قىلاتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىسپانىيە مۇستەم-لىكىچىلىرى بۇنى "دۇنيا گۈلزارلىقى" دەپ ئاتىغان ئىدى. 16-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇ شەھەرنىڭ ئاھالىسى 60 مىڭدىن ئېشىپ كەتكەن ئىدى.

**جەنۇبىي ئامېرىكىنىڭ قەدىمقى مەدەنىيىتى ۋە ئىنكا قەدىمقى دۆلىتى** مىلادىيىدىن 2—3 مىڭ يىل ئىلگىرى جەنۇبىي ئامېرىكى-دىكى ئاندېس تېغىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان پېرۇ بىلەن بولىۋىيە ئېگىزلىكى ۋە دېڭىز ياقىسىدىكى جايلاردا ئېپتىدائى ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىنىدىغان دېخانچىلىق بارلىققا كېلىپ، دۇنيا

بويىچە ئەڭ قەدىمقى يېزا ئىگىلىكى مەدەنىيىتى بوشوگىنىڭ بىرى بارلىققا كەلگەن ئىدى.

مىلادىدىن تەخمىنەن بىر مىڭ يىل ئىلگىرى، بۇ جايلاردىكى ھىندىيان ئاھالىسى كومىمە قوناق ھەم ياڭيۇ تېرىغان. پېرۇلۇقلار لىلما ۋە ئالپاكا (ھايۋان تۈرلىرى) بېقىشنىمۇ بىلەتتى، شۇڭا ئۇ قەدىمقى ئامېرىكا قىتئەسىدە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان رايون ئىدى. دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۇسۇشىنى ئىلگىرى سۈردى، نەتىجىدە بىر قاتار قەدىمقى مەدەنىيەت مەركەزلىرى بارلىققا كەلدى. ھەر بىر مەدەنىيەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بار ئىدى، نۇرغۇن ھەيۋەتلىك تاش قەلئەلەر قېپقالغان ئىدى، غايەت زور سۇغىرىش سىستېمىلىرى قۇرۇلغان، ناھايىتى نازۇك ۋە گۈزەل تۈچ قوراللار، ئالتۇن-كۈمۈشتىن ياسالغان بۇيۇملار ۋە ساپال قاچىلار ياسالغان ئىدى. مىلادى 6-ئەسىردىن كېيىن، پېرۇ ئىگىزلىكىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى تىتىكاكا كۆلى بويىدا بىر دۆلەت بارلىققا كەلدى، بۇ دۆلەت تىئوتىخۇاكاننى پايتەخت قىلدى. تىئوتىخۇاكان تاشتىن سېلىنغان ئىمارەتلىرى، قاتلىما شەكىللىك ئېھراملىرى، "قۇياش دەرۋازىسى" تاش ئويمىلىرى بىلەن داڭلىق ئىدى. "قۇياش دەرۋازىسى" ئىگىزلىكى 2.4 مېتىر، كەڭلىكى 4.5 مېتىر كېلىدىغان ئۆيۈل بىر تاشتىن ئويۇلغان. مېتال قورال-سايمانلار ۋە ھارۋىلار بولمىغان شارائىتتىمۇ بۇ غايەت زور تاشقا توشۇك چېكىش ۋە ئۇنى توشۇش-يۆتكەش قەدىمقى زاماندىكى بىناكارلىق تېخنىكىسىدا مۆجىزە ھېساپلىنىدۇ. 10-ئەسىردىن كېيىن، پېرۇنىڭ شىمالىي قىسمىدا چانچان شەھىرىنى پايتەخت قىلغان چىمۇ قەدىمىي دۆلىتى بارلىققا

كەلدى. بۇ ئىككى دۆلەت ئۇز ئەتراپىدىكى بەزى كىچىك "شەھەر دۆلىتى" ۋە شەھەر مەركەزلىرىنى ئىستىلا قىلىپ، پېرۇنىڭ قەدىمقى مەدەنىيەت ئالاقىسىنى ۋە قەبىلىلەرنىڭ قوشۇلۇشى ھەم بىرلىكىنى ئىلگىرى سۈردى. بۇ دەۋردە، باشلانغۇچ جامائە تۈزۈمىنىڭ يىمىرىلىشىگە ئەگىشىپ، سىنىپىي جەمئىيەت پەيدىن-پەي ۋۇجۇتقا كېلىش جەريانىنى بېسىپ ئۆتمەكتە ئىدى.

تەخمىنەن مىلادى 13-ئەسىردە، كېچۇئا تىلىدا سۆزلىشىدىغان ئىنكالار پېرۇ ئىگىزلىكىدە باش كۆتەردى. ئۇلار ئەيمارالار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، بۇ جايلاردىكى تارقاق قەبىلە دۆلەتلىرىنى پەيدىن-پەي ئۆزلىرىگە بويسۇندۇردى، 15—16-ئەسىرلەرنىڭ باشلىرىدا، ھوقۇق مەركەزگە مەركەزلەشتۈرۈلگەن قۇللۇق تۈزۈمىدىكى غايەت چوڭ بىر دۆلەت قۇردى. ئىنكا دۆلىتىنىڭ زېمىنى شىمال تەرەپتە ئېكۋادور بىلەن كولومبىيىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا، جەنۇب تەرەپتە چىلى بىلەن ئارگېنتىنانىڭ شىمالىي قىسمىغا تۇتاشتى، ئۇنىڭ ھوكۇمرانلىقى ئاستىدىكى ئاھالە 6 مىليوندىن ئېشىپ كەتتى، بۇ ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ئەڭ چوڭ قەدىمىي دۆلەت ئىدى.

ئىنكا دۆلىتى قۇللۇق تۈزۈمىدىكى جەمئىيەتكە كىرگەندىمۇ، ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىنىڭ قالدۇقلىرىنىمۇ ساقلاپ قالدى. جەمئىيەتتە تەبىقىچىلىك قاتتىق ئىدى. "ئىنكا" پادىشاسى باشچىلىقىدىكى خان جەمەتىدىن تەركىب تاپقان ھوكۇمرانلار سىنىپى، ئاقسۆڭەكلەر، يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار، مۇتەۋەللىلەر ئىستىلا قىلىش ئارقىلىق ئۇرغۇتۇلغان يەر، چارۋا مال ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ خۇسۇسى مۈلكى قىلىۋالدى. بويسۇندۇرۇۋالغان كەڭ ئۇرۇقلار ئىنكالارغا قۇل ۋە يېرىم قۇل بولۇشتەك بېقىندا ئورۇنغا

چۈشۈپ قالدى. ئىنكا مىللىتىنىڭ ئىجتىمائى ئاساسى قاتلام تەشكىللى يېزا جامائەسى بولۇپ، يېزا جامائەسى ئىگىدارچىلىقىدىكى يەرلەرنىڭ بىر قىسمى قوياش مۇئەككىلىنىڭ ئىلكىدە ئىدى، بۇ يەردىن چىققان ھوسۇل نەزىر-چىراققا ۋە دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىش ئىشىغا سەرپ قىلىناتتى؛ بىر قىسمى "ئىنكا"لارغا يەنى خان جەمەتىگە تەئەللۇق بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۇلار بەھرىمەن بولاتتى؛ بىر قىسمى جامائە ئەزالىرىغا تەقسىم قىلىپ بېرىلەتتى. بۇ يەرلەرنىڭ ھەممىسىنى جامائە ئەزالىرى بىرلىكتە تېرىيتتى. تېرىقچىلىق، قۇرۇلۇش سېلىش ۋە كان ئېچىشقا ئوخشاش ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە مەجبۇرى ئەمگەك قىلدۇرۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان ئىدى. ئىنكالار مۇستەبىت بىيۇروكرات ئاپپاراتلىرى قۇرۇپ، خەلق ئۈستىدىن دەھشەتلىك ھوكۇمرانلىق يۈرگۈزگەن ئىدى.

ئىنكا مەدەنىيىتى جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ئاندېس تاغلىق رايونى مەدەنىيىتىنىڭ تەكامۇللىشىشى ھىساپلىنىدۇ. بۇ مەدەنىيەت يېزا ئىگىلىگى، مېتاللچىلىق تېخنىكىسى، يۇڭ توقۇلما مەھسۇلاتلىرى، قاتناش قۇرۇلۇشى قاتارلىق جەھەتلەردە قەدىمقى ئامېرىكا قىتئەسى مەدەنىيىتىنىڭ يۇقۇرى پەللىسىگە يەتكەن ئىدى. يېزا ئىگىلىگى جەھەتتە، للما قومۇلۇغى، قوش مايىغىغا ئوخشاش نەرسىلەرنى ئوغۇت قىلىپ ئىشلىتىشنى بىلەتتى، تاغ باغرىدىن پايدىلىنىپ پەلەمپەي ئېتىزلارنى ياسىغان. ناھايىتى چوڭ ۋە ئىلىك بىلەن سۇنئىي سۇغىرىش سىستېمىلىرىنى ۋە توپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان تاش قاشلارنى ياسىغان ئىدى. قەدىمقى زاماندىكى پېرۇ ئىشچىلىرى خېلى بۇرۇنلا، ئالىيۇمىن، مىس، كۈمۈش، ئالتۇن ۋە بۇلارنىڭ بىرىكمىسىدىن پايدىلىنىشنى بىلىسمۇ، ئەمما تۆمۈر ئېرىتىش-

نى بىلمەيتتى. كان ئېچىش، بازغانلاش، گۈل ئويۇش، كوز سېلىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ھۈنەر-سەنئىتىنىڭ سەۋىيىسى يۈكسەك دەرىجىگە يەتكەن ئىدى. ئالتۇن-كۈمۈشتىن ياسالغان بۇيۇملارنى نەپىس ئىشلەيتتى، گەزلىمىلەرنى ناھايىتى چىرايلىق-سىپتا توقۇيتتى، بوياش-گۈل بېسىش تېخنىكىسىمۇ يۇقىرى ئىدى. يۈك رەختلىرى قەدىمقى دۇنيادا تەڭداشسىز ئىدى.

قەدىمقى دەۋردىكى پىرۇلارنىڭ چوڭ-چوڭ قورام تاشلاردىن سېلىنغان قەلئە، ئىبادەتخانا قۇرۇلۇشلىرى ئىنتايىن ھەيۋەتلىك ئىدى. بۇ چوڭ قورام تاشلارنىڭ بەزىلىرى تەخمىنەن 100 توننا كېلىدۇ. قورام تاشلاردىن سېلىنغان تاش تاملار شۇنداق ھەم قوپۇرۇلغانكى، ئۇنىڭ ئارىلىقلىرىغا نېپىز تىغنىمۇ كىرگۈزۈش مۇمكىن ئەمەس. ئىنكانىڭ پايتەختى كۇسكوغا سېلىنغان ئىبادەتخانا بىنالىرى ناھايىتى سەلتەنەتلىك بېزەلگەن. پۈتكۈل شەھەرنى دەسلەپكى مۇستەملىكىچىلەر "ئالتۇن غەزنىسى" دەپ ئاتىغان ئىدى. ئىنكالار غايەت چوڭ دۆلەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئۈچۈن، پۈتۈن مەملىكەتنى بېسىپ ئۆتىدىغان جەنۇبتىن شىمالغا بارىدىغان ئىككى چوڭ يول ياسىغان، ھەر بىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2-3 مىڭ كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ يول سېستىمىسى ئۇزۇنلۇقى ۋە سېلىنىشىنىڭ پۇختىلىقى جەھەتتە بولسۇن، رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ يول ياساش سەۋىيىسىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ، ئۇ قەدىمقى دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ قۇرۇلۇشلارنىڭ بىرى بولۇپ، قەدىمقى دەۋردىكى ھىندىيان ئەمگەكچى خەلقىنىڭ ئۇلۇغ ئىجادىيەت كۈچىنى تولۇق نامايەن قىلىپ بېرىدۇ.

**ھىندىيانلارنىڭ مۇستەملىكىچىلىك قۇللۇقىغا قارشى كۈرەشلىرى**

15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىرى تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەنلىكتىن، قەدىمقى ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ھىندىيانلارنىڭ مۇستەقىل راۋاجلىنىش يولى ئۈزۈلۈپ قېلىپ، ھىندىيانلارنىڭ پارلاق قەدىمى مەدەنىيىتى ئۈزۈل-كېسىل خاراپ بولدى.

كولومبو 1492 ـ يىلى غەربىي ھىندى تاقىم ئاراللىرىغا كىرگەندىن باشلاپ، شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر ئەسىر ئىچىدە، ياۋروپادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ مۇستەملىكىچى تەۋەككۇلچىلىرى ئاسىياغا بارىدىغان يېڭى دېڭىز يولى ئىزدەش، ئالتۇن يىغىش، بايلىق قاقتى-سوقتى قىلىش ۋە مۇستەملىكىلەرنى تارتىۋېلىش مەقسىتىدە ئامېرىكا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى كەڭ جايلارغا ۋە ئاراللارغا تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. ئىسپانىيە مۇستەملىكىچىلىرى ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ئەڭ ئاخىرقى، ئەڭ چوڭ مەدەنىيەتلىك قەدىمى دۆلەت — ئازتېك دۆلىتى (1519 — 1521) ۋە ئىنكا دۆلىتى (1532 — 1535)نى بېسىپ ئۆتۈپ، شىمالىي ئامېرىكىدىكى مىسسىسىپى دەرياسىدىن تارتىپ تا جەنۇبىي ئامېرىكىدىكى گورىن تۇمشۇقىغا جايلاشقان كەڭ جايلارنى ئىستىلا قىلدى. پورتۇگالىيە مۇستەملىكىچىلىرى برازىلىيىنىڭ بىپايان زېمىنىنى بېسىۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەنگلىيە، فرانسىيە، گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرىمۇ ئارقا-ئارقىدىن كېلىپ، شىمالىي ئامېرىكىدىكى ۋە كارىيىپ دېڭىزى بويىدىكى جايلارنى ئۆز ئالدىغا ئىشغال قىلىپ مۇستەملىكە قىلىۋالدى. ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ھىندىيانلار نەسلى تۈگەپ كېتىش خەۋپىگە ئۇچرىدى. پۈتكۈل ھىندىيانلارنىڭ قەدىمقى مەدەنىيىتىنى مۇستەملىكىچىلەر خانىۋەيران قىلىپ تۈگەتتى. پۈتكۈل ئامېرىكا قىتئەسى ياۋروپادىكى مۇستەملىكىچى دۆلەتلەرنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ قالدى. بۇ قانلىق مۇستەملىكىچى-

www.uyghurkitap.com

لىك-تاجاۋۇزچىلىق تارىخى "ئىنسانىيەت سالنامىسىگە قانلىق قىلىچ ۋە يالقۇنلۇق ئوت تىلى بىلەن يېزىلغان"①.

لېكىن، ئامېرىكا قىتئەسىدىكى مۇستەقىل، ئەركىن ياشاشقا ئىنتىلگەن ھىندىيان ھەر مىللەت خەلقى مۇستەملىكىچىلىك قۇللۇقىغا قارشى تۇرۇش يولىدا ئۇزاق مۇددەت قەھرىمانلارچە كۈرەش قىلدى. ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىرى غەربىي ھىندى تاقىم ئاراللىرىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن كۈندىن باشلاپ، ھىندىيانلار تاجاۋۇزچىلارنى قوغلاپ چىقىرىش كۈرىشىنى قوزغىۋەتتى. ھىسپان ئارىلىدىكى ھىندىيانلارنىڭ ئاتاقلىق ئاقساقىلى ھاتۇئېي نەچچە يۈز ئادەمنى باشلاپ كۇبا ئارىلىغا چىقىپ، ئارالدىكى ھىندىيانلار بىلەن مۈرىنى-مۈرىگە تىرەپ ئىسپانىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا زەربە بەردى. ھىندىيانلار قۇللۇققا قارشى جەڭ قىلىپ ئۆلسەك ئۆلىمىزكى، قۇل بولمايمىز، دەپ جەڭ قىلدى، ھاتۇئېي جەڭدە يېڭىلىپ ئەسىرگە چۈشۈپ قالغاندىن كېيىن، ئۆلۈش ئالدىدا كاتولىك دىنى پوپىنىڭ چوقۇندۇرۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈشنى رەت قىلدى. ئۇ ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان قەھرىمانلىق جاسارىتى بىلەن: دوزاققا كىرىشكە رازىمەنكى، ئىسپانىيە مۇستەملىكىچىلىرى بىلەن بىللە "جەننەت"كە كىرىشنى خالىمايمەن، دېدى.

مېكسىكىدا 1502-يىلى ئازتېكلار ئىسپانىيە تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ۋەھشىي ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى چوڭ قوزغىلاڭ كۆتەردى. قوزغىلاڭچىلار ئىسپانىيە مۇستەملىكىچىلىرى ئىشغال قىلىۋالغان تېنوچتىتلان شەھىرىنى قورشىۋېلىپ، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ ئىسپانىيە مۇستەمل-

① ماركس: «كاپىتال». «ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 23-توم، 783-بەت.

كىچىك تەۋەككۈلچىلەرنى بۇ شەھەردىن قوغلاپ چىقاردى. بۇ مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ئامېرىكا چوڭ قۇرۇقلۇقىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن بۇيانقى تۇنجى قېتىملىق ئېچىنىشلىق مەغلۇبىيىتى ئىدى.

بىرۇدا قول بولۇشنى خالىمايدىغان ئىنكالار ئىنكامەنكۇ ۋە ئۇنىڭ ئوغلى تۇپپاك ئامارۇنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئىسپانىيە مۇستەملىكىچىلىرىنى قوغلاپ چىقىرىش ۋە ئىنكا دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئالدى-ئاخىر بولۇپ 30—40 يىل داۋام قىلغان قوراللىق كۈرەش ئېلىپ باردى.

چىلىدا ئەركىنلىكنى قىزغىن سۆيىدىغان ئاراۋۇكان ھىندىئانلىرى تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن ئىسپانىيە مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى دەلمۇ-دەل تاقابىل تۇرۇپ قوراللىق كۈرەش ئېلىپ بېرىپ، ئاخىر مۇستەملىكىچىلەرنى پىو-پىو دەرياسىنىڭ شىمالىدا توساپ، ئۆزىنىڭ مۇستەقىللىقىنى نەچچە يۈز يىللاپ قەيسەرلىك بىلەن قوغدىدى.

بىرازىلىيىدە ۋە شىمالىي ئامېرىكا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى كەڭ ئىچكى قۇرۇقلۇقتا، ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرى ھەممە يەردە تارقىلىپ يۈرگەن ھىندىئانلارنىڭ قەيسەرلىك بىلەن قىلغان قارشىلىقىغا ئۇچراپ تۇردى، ناھايىتى ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردە، ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىرى، ئاساسەن، دېڭىز قىرغاقلىرىدىكى ۋە دەريا ۋادىسىدىكى جايلارنىلا بويسۇندۇرالىدى، كەڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق ۋە تاغ ئورمانلىقلىرىنى ئەركىن ھىندىئانلار ئىگىلەپ تۇردى. ھىندىئانلارنىڭ مۇستەقىللىق-ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا ئېلىپ بارغان شەرەپلىك كۈرەش ئەنئەنىسى تا بۈگۈنگىچە ئۆچمەس پارلاق نۇر چاچماقتا.

## 2 ـ بۆلۈم  ئافرىقىدىكى نېگىر مىللەتلەر

**ئافرىقىدىكى نېگىر مىللەتلەرنىڭ جايلىشىشى** ئافرىقا قۇرۇقلۇقى ئىنتايىن ئۇزاق تارىخقا ۋە مول مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىگە ئىگە. شىمالىي ئافرىقىدىكى مىسىر ئىنسانىيەتنىڭ قەدىمىي مەدەنىيىتىنىڭ مەنبەلىرىدىن بىرى. شىمالىي ئافرىقىنىڭ جەنۇبىدىكى ئافرىقا قۇرۇقلۇقىدا، نېگىر مىللەتلەر ياشايدىغان كەڭ جايلاردا، تارىختا شانلىق ـ گۈزەل قەدىمىي مەدەنىيەتلەرمۇ بارلىققا كەلگەن ئىدى، ئافرىقىدىكى نېگىر مىللەتلەر يىراق قەدىمقى زاماندىن تارتىپلا، ئافرىقا قۇرۇقلۇقىدا ياشاپ كەلدى، ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، بەدەن خۇسۇسىيىتى ۋە تىل ـ مەدەنىيىتى بىر بىرىگە ئوخشىمايدىغان بىرنەچچە گۇرۇھ بولۇپ شەكىللەندى ھەمدە مىللەتلەرنىڭ كۆچۈشى داۋاملىق بولۇپ تۇردى. ئافرىقىدىكى نېگىر مىللەتلەر مىلادىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدىن تارتىپ تا ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىرى تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەنگە قەدەر، ئاساسىي جەھەتتىن مۇنداق ئۇرۇقلارغا بۆلۈنەتتى: سۇدانلار قەبىلىسى — تېرىسى تۇم قارا كېلىدۇ، ئۇلار سەھرايى كەبىرنىڭ جەنۇبى، ئېكۋاتورنىڭ شىمالى، گۋىنېيە قولتۇقىدىن تارتىپ تا ئېفىئوپىيەنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى جايلارغىچە جايلاشقان؛ بانتۇلار قەبىلىسى — تېرىسى قارامتۇل كېلىدۇ، ئۇلار ئېكۋاتورنىڭ جەنۇبىدىكى شەرققە قاراپ قىيپاش كەتكەن جايلارغا جايلاشقان؛ كوئىسا قەبىلىسى — بۇشمانلار بىلەن ھوتتېنتوتلارنى ئوز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇلار جەنۇبىي

ئافرىقىدىكى جايلارغا جايلاشقان؛ بۇلاردىن باشقا، يەنە ئېفىوپىيەلىكلەر بىلەن ماداگاسكار ئارىلىدىكى مالگاشلارغا ئوخشاش مىللەتلەرمۇ بار ئىدى.

مۇشۇ مىللەتلەر ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ بارلىققا كەلتۈرگەن قەدىمقى دۆلەتلەر، تولۇق بولمىغان مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ 37 دىن كۆپرەك. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىملىرى: شەرقىي شىمالىي ئافرىقا بىلەن شەرقىي ئافرىقىدىكى قەدىمى سۇدان، ئېفىوپىيە دۆلىتى، تانزانىيىنىڭ دېڭىز ياقىسىدىكى قەدىمقى شەھەرلەر؛ غەربىي ئافرىقىدىكى قەدىمقى گانا، مالى ۋە سوڭخەي پادىشالىقى، ئېكۋاتور ئافرىقىسىدىكى كونگو پادىشالىقى ۋە جەنۇبىي ئافرىقىدىكى زىمبابۋې قاتارلىق دۆلەتلەر.

**سۇدان، ئېفىوپىيە ۋە تانزانىيەلەرنىڭ قەدىمقى دۆلەتلىرى ۋە مەدەنىيىتى** سۇدان مىسىر بىلەن يان خوشنا. قەدىمقى مىسىر مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى ئاستىدا، سۇداندا مىلادىدىن بۇرۇنقى 2 مىڭ يىلنىڭ ئاخىرىدا نۇبىيە دەپ ئاتالغان قۇللۇق تۈزۈمىدىكى دۆلەت قۇرۇلغان. قەدىمقى مىسىرنىڭ ھۆكۈمرانلار سىنىپى دائىم جەنۇبقا تاجاۋۇز خاراكتېرىدىكى ئۇزۇن يۈرۈش قىلىپ، نۇبىيەدىن نۇرغۇن قۇل شۇنىڭدەك ياغاچ، خۇش پۇراق ماتېرىيال ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مەھسۇلاتلارنى بۇلاپ كېلەتتى. 18-سۇلالە (مىلادىدىن بۇرۇنقى 1567—1308) دەۋرىدە، مىسىر فىراۋونى ھاكىمىيىتى نۇبىيەنىڭ بەزى جايلىرىغا باش ۋالىي ئەۋەتىپ، بۇ جايلارغا بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئىدى. نۇبىيە خەلقى نۇرغۇن قېتىم قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ قارشىلىق كۆرسەتكەن ئىدى. نۇبىيە خەلقى مىلادىدىن بۇرۇنقى 8—6-ئەسىرلەردە، ناپاتانى مەركەز قىلغان ھالدا قۇللۇق

تۈزۈمدىكى دۆلەت قۇرۇپ قۇدرەت تاپقان ئىدى. ناپاتا ھۆكۈمران-لىرى مېمپىسنى بېسىۋېلىپ، مىسىرنى بوي سۇندۇرۇپ، قەدىمقى مىسىر تارىخىدىكى 25-سۇلالىنى قۇردى. 25-سۇلالە مىسىردىن قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن، مېلوئېرغا كۆچۈپ كەتتى. مېلوئېر دۆلىتى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1-ئەسىردىن مىلادى 3-ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا گۈللىنىپ باردى. شۇ چاغدا، سۇدان خەلقىنىڭ تۆمۈر ئېرىتىش تېخنىكىسى ناھايىتى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن ئىدى، مېلوئېر قەدىمقى شەھىرىنىڭ ئەتراپىدا ئىگىزلىكى ئون نەچچە مېتىر كېلىدىغان ئىككى دۆۋە تۆمۈر رودىسىنىڭ داشقىلى ۋە كېرەكسىز تۆمۈرلەر ھازىرغىچە ساقلانماقتا. بۇ قەدىمقى دەۋردىكى سۇداننىڭ تۆمۈر ئېرىتىش ساناۋىتىنىڭ دەلىلى. قەدىمقى سۇداندىن ئالتۇن چىقاتتى، سودا ئىشلىرىمۇ ناھايىتى تەرەققى تاپقان ئىدى، مېلوئېر شەھىرىدىن مىسىرغا، چاد كۆلىگە ۋە قىزىل دېڭىز ياقىسىدىكى سودا مەركەزلىرىگە بارغىلى بولاتتى.

ئېفىوپىيە قىزىل دېڭىزغا تۇتىشىدۇ، قەدىمقى دەۋردە، مىسىر بىلەن ئەرەب يېرىم ئارىلى ئوتتۇرىسىدا قويۇق سودا ۋە مەدەنىيەت ئالاقىسى بولۇپ تۇراتتى. ئېفىوپىيە قەدىمى دۆلىتى ئالاھەزەل سۇدان بىلەن بىر ۋاقىتتا بارلىققا كەلگەن ئىدى، بۈگۈن بولار 3 مىڭ يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە بولۇپ قالدى. مىلادىنىڭ دەس-لەپكى يىللىرىدا، ھازىرقى ئېفىوپىيىنىڭ شىمالىي قىسمىدا قۇللۇق تۈزۈمدىكى كۈچلۈك بىر دۆلەت — ئاقسۇم دۆلىتى بارلىققا كەلدى، ئۇ 3—6-ئەسىرلەردە تازا گۈللەنگەن ئىدى. بۇ دۆلەتنىڭ ھۆكۈم-رانى يېقىن خوشنا قەبىلىلەرگە ۋە جايلارغا ئۈزلۈكسىز ئۇرۇش قوزغاپ، قۇل بۇلىدى ھەمدە بۇ قۇللارنى ئىشلىتىپ كۆلىمى زور

نۇرغۇن ئىمارەتلەرنى سالدى. ئاقسۇم پادىشالىقى قىزىل دېڭىز ياقىسىدىكى ئادۇلىس پورتىنى كونتىرول قىلدى، ئۇنىڭ مىسىر ۋە غەربىي ئاسىيا بىلەن بولغان سودا ئىشلىرى ناھايىتى تەرەققىي تاپتى، ھىندىستان بىلەنمۇ سودا ئالاقىسى ئورناتتى. 13-ئەسىردە يېڭى ئېفيوپىيە دۆلىتى بارلىققا كەلدى، بۇ فېئودال دۆلەت ئىدى. يەرلەرگە پومېشچىكلار ۋە ئىبادەتخانىلار ئىگىدارلىق قىلاتتى، دېھقانلار ئېغىر ئالۋاڭ-ياساق تاپشۇراتتى ۋە ھاشاغا چىقاتتى. ئەمما مەملىكەت ئىچىدە يەنىلا قۇل ئىگىلەش تۈزۈمىدىكى ئىقتىسات مەۋجۇت ئىدى. ھۆكۈمرانلار سىنىپى ئىچىدە توختىماي بېغا بولۇپ تۇراتتى. قالايمىقان ئۇرۇشتا، نۇرغۇن دېھقانلار خوشنا فېئوداللارنىڭ بۇلاپ تالىشىغا ئۇچراپ، قۇلغا ئايلىنىپ قالدى. ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ ئىچكى ئۇرۇشى ۋە دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيىسى دېھقانلارنىڭ نۇرغۇن قېتىم قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشىگە سەۋەپ بولدى.

شەرقىي ئافرىقىنىڭ دېڭىز قىرغاقلىرىدا بۈگۈنكى سومالى، كېنىيە، تانزانىيىنىڭ دېڭىز ياقىسىدا، تانزانىيىنىڭ كىلۋا ۋە كېنىيىنىڭ مالىندى شەھەرلىرىگە ئوخشاش نۇرغۇن ئاۋات شەھەرلەرمۇ بارلىققا كەلگەن ئىدى. شەرقىي ئافرىقىدىكى بۇ قەدىمقى شەھەرلەردە قۇللۇق تۈزۈم يولغا قويۇلغان بولۇپ، يېزا ئىگىلىكى، بىناكارلىق ۋە ئائىلە ئىشلىرىدا قۇللار ئىشلىتىلەتتى. بۇ شەھەرلەر بىر تەرەپتىن، ئافرىقىنىڭ ئىچكى قۇرۇقلۇقىدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن سودا ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە زىچ ئالاقە باغلاپ تۇراتتى. بىر تەرەپتىن يەنە، مىسىر، ئەرەب، ھىندىستان، پېرسىيە، سىرلانكا، جۇڭگو بىلەنمۇ سودا ئالاقىسى قىلىپ تۇراتتى. سۇڭ سۇلالىسىدىن بۇيان، ئۇلار مەملىكىتىمىز بىلەن سودا ئىشلىرى جەھەتتە بىۋاستە

ئالاقە قىلىشقان. ئافرىقىدىكى ھەرقايسى مەملىكەتلەر ئەڭ قىممەتلىك دەپ ھېسابلايدىغان ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇملىرىدىن بولغان جۇڭگو ساپال قاچىلىرى شەرقىي ئافرىقا شەھەرلىرىگە ئاساسلىق سودا ماللىرى قاتارىدا توپلىناتتى ۋە بۇ يەردىن باشقا جايلارغا تارقىلاتتى. مالىندى شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى كىچىك ئارال — سۇڭگى مۇنارادىكى بىر قەدىمىي ئىمارەتنىڭ ئورنىدىن جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىدىن تارتىپ تا مىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى (12 — 14 - ئەسىرلەردە) دەۋرلىرىدە ئىشلەنگەن زور بىر تۈركۈم جۇڭگو ساپال ئەسۋاپلىرى تېپىلغان، تەتقىق قىلغۇچىلار بۇ خارابىنى مەخسۇس جۇڭگودا ئىشلەنگەن ساپال ئەسۋاپلار سودىسى قىلىدىغان سودا دۇكىنى ياكى مال سارىيى بولسا كېرەك دەپ قارىغان. جۇڭگولۇقلارنىڭ سۇڭ، يۈەن سۇلالىلىرىدىن تارتىپلا دېڭىز يوللىرى ئارقىلىق شەرقىي ئافرىقىغا بارىدىغانلار كۆپىيىگەن. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مەشھۇر، كۆلىمى ناھايىتى زور بولغىنى مىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا جېڭ خېنىڭ پاراخوتچىلىرىنىڭ شەرقىي ئافرىقىنىڭ دېڭىز ياقىسىدىكى جايلارغا قىلغان زىيارىتى. بۈگۈنكى كۈندىمۇ شەرقىي ئافرىقىدىكى ھەرقايسى مەملىكەت خەلقى جۇڭگونىڭ ساپال ئەسۋاپلىرىنى ئىنتايىن ئەتىۋارلاپ كەلمەكتە، ئافرىقا بىلەن جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۇزاق مەدەنىيەت ئالاقىسىنى تېخىمۇ قەدىرلىمەكتە.

**غەربىي ئافرىقىدىكى قەدىمقى دۆلەتلەر** غەربىي ئافرىقىدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئىيراق قەدىمقى زاماندىن تارتىپلا تىرىشچانلىق بىلەن ئەمگەك قىلىپ، مۇشۇ كەڭ رايونلاردا ياشاپ كەلگەن ئىدى. ئۇلار خېلى بۇرۇنلا يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىپ، شال، تېرىق، پۇرچاق تۈرىدىكى زىرائەتلەرنى تېرىپ

ئوستۈرگەن ھەمدە ئۇزاق مۇددەتلىك ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشى ئەمەلىيىتىدە، ئۇزلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى ئۈزلۈكسىز تۈردە يېڭىلاپ كەلگەن. ئاتلانتىك ئوكيان قىرغاقلىرىدىن تارتىپ چاد كولىگىچە سوزۇلغان رايونلاردىكى سەھرايى كەبىرنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇرغۇن يەرلەردىن تاش پالتىغا ئوخشاش يېڭى تاش قورال دەۋرىدىن قېپقالغان نەرسىلەر تېپىلدى. غەربىي ئافرىقا خەلقى خېلى بۇرۇنلا تومۇر ئېرىتىش تېخنىكىسىنى ئىگەللىۋالغان ۋە تومۇردىن ياسالغان قورال-سايمانلارنىڭ ئىشلىتىلىشى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرگەن. باشلانغۇچ جامائە تۈزۈمىنىڭ يىمىرىلىشى ئاساسىدا، بۇ جايلاردا ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ بىرمۇنچە قۇللۇق تۈزۈمىدىكى ۋە فېئوداللىق تۈزۈمىدىكى دولەتلەر بارلىققا كەلگەن.

مىلادى 1-مىڭ يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا سېنېگال دەرياسى بىلەن نىگېر دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى جايلارغا جايلاشقان سونىنكا خەلقى ئەڭ قەدىمقى دولەت — گانانى قۇردى. مىلادى 11-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، گانا دولىتى يېقىن ئەتراپىدىكى بىرمۇنچە قەبىلىلەرنى ۋە كىچىك دولەتلەرنى بويسۇندۇرۇپ، قالتىس قۇدرەت تاپقان دولەتكە ئايلاندى. گانا دولىتىدىن ئالتۇن ناھايىتى كوپ چىقاتتى، پادىشاسىمۇ ناھايىتى باي ئىدى، پادىشانىڭ ئۇستىۋاشلىرى، ئېگەرى، ئىت گىرەچىسى پۈتۈنلەي ئالتۇن ئىدى، ئېتىنى باغلايدىغان قوزۇقلىرىمۇ ئۇيۇل ئالتۇندىن ياسالغان ئىدى، بۇنىڭ ئېغىرلىقى 30 قاداق كېلەتتى. بۇ بايلىقلارنىڭ ھەممىسى ئەمگەكچى خەلقنىڭ قان-تەرى بەدىلىگە كېلەتتى. پادىشانىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە، خەلق قېزىپ چىقارغان ئۇيۇل ئالتۇنلارنىڭ ھەممىسى

پادىشا مەجبۇرى رەۋىشتە يىغىۋالاتتى. گانا دۆلىتىدە يەنە ئېچىنىشلىق قوشۇپ دەپنە قىلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلاتتى. پادىشا ئۆلسە، نۇرغۇن يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك ۋە ئالتۇننى قوشۇپ دەپنە قىلغاندىن تاشقىرى، قۇل دىمەكلەرنىمۇ قەۋرىنىڭ ئىچىگە سولاپ بىللە قوشۇپ دەپنە قىلاتتى. بۇ ھال ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ قۇللارنى دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغانلىقىنى تولۇق ئاشكارىلاپ بېرىدۇ. مىلادى 1077-يىلى گانا باربارلارنىڭ ئالموراۋىد سۇلالىسىنىڭ ئۈشتۈمتۇت ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى، ئالموراۋىد قوشۇنى گانانىڭ پايتەختى كۇنبىسارنى بېسىۋالدى. تا 1088-يىلىغا كەلگەندە، گانا خەلقى ئالموراۋىد سۇلالىسى قوغلاپ چىقىرىپ، ئۆز دۆلىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. ئەمما گانانىڭ كۈچى زور دەرىجىدە ئاجىزلىشىپ كەتكەنلىكتىن، شۇنىڭدىن تارتىپ ئەيۋاشقا كېلەلمىدى.

بۇ چاغدا گانانىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە قۇدرەتلىك بىر يېڭى دۆلەت — مالىنكىلار قۇرغان مالى دۆلىتى بارلىققا كەلدى. 11-ئەسىردىن بۇرۇن، مالى گانانىڭ بېقىندىسى ئىدى. پادىشا سۇندىئاتا ھۆكۈم سۈرگەن دەۋردىلا، ئاندىن كۈچەيگەن ئىدى. 1240-يىلى سۇندىئاتا گانا قوشۇنىنى يېڭىپ، گانانىڭ پايتەختىنى ۋەيران قىلدى ھەمدە بۈگۈنكى نىيانى دېگەن يەردە يېڭى پايتەخت مالى شەھىرىنى سالدى. مالى قوشۇنلىرى توشمۇ-تۇشتىن ئۇرۇش قىلىپ، دۆلەت زېمىنىنى كېڭەيتتى، غەربتە ئاتلانتىك ئوكيان قىرغاقلىرىدىكى سېنېگالنى، شەرقتە نىگېر دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىدىكى گائورنىڭ كەڭ جايلىرىنى بىرلىككە كەلتۈردى. بۇ دەۋردە، مالى خەلقى ئورمانلىقلارنى ئېچىپ، تېرىلغۇ يەر مەيدانىنى كېڭەيتتى، كېۋەزمۇ

ئوستۇردى، يېزا ئىگىلىگىنىڭ تەرەققى قىلىشىغا ئەگىشىپ، سودا ئىشلىرىمۇ جانلىنىپ كەتتى، سەھرايى كەبىر ئارقىلىق شىمالىي ئافرىقىغا بارىدىغان يېڭى سودا يولى ئېچىلدى، مالى دولىتىدە ئىككى چوڭ شەھەر — تىمبۇكتۇ بىلەن زېرنى بارلىققا كەلدى. شۇنداق قىلىپ، 14 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، پادىشا مانسا موسا تەختتە چاغدا، مالى غەربىي ئافرىقا بويىچە ئەڭ كۈچلۈك، ئەڭ باي دولەتكە ئايلانغان ئىدى. مالى ھوكۇمرانلار سىنىپى كەڭ قۇللار ۋە ئەمگەكچى خەلقتىن نۇرغۇنلىغان بايلىق شىلىۋالدى. پەقەت 1324 ـ يىلى مانسا موسا ھەج قىلىش ئۈچۈن مەككىگە بېرىپ، بىر قېتىمدىلا 18 توننىگە ئارتىلغان ئالتۇننى بۇزۇپ ـ چېچىپ ئىسراپ قىلىۋەتكەن. 15 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مالى يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن سوڭخەي دولىتى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا كىچىك دولەتلەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، بارا ـ بارا ئاجىزلىشىپ كەتتى.

سوڭخەي مالىنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ مەركىزى نىگېر دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىغا جايلاشقان گائور شەھىرى ئىدى. 15 ـ ، 16 ـ ئەسىرلەردە، سوڭخەي دولىتى سوننى ئېلى ۋە ئاسكىيا مۇھەممەت ! ھوكۇمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە① تازا كۈچىيىپ يۇقۇرى پەللىگە كوتىرىلگەن ئىدى، دولەت زىمىنى شەرققە قاراپ تا خۇئاسا شەھەر دولەتلىرى رايونلىرىغىچە كېڭىيىپ، بۇگۈنكى گانا بىلەن مالىدىن ئېشىپ چۈشكەن ئىدى. ئاسكىيا مۇھەممەت تەختتە چاغلىرىدا، سىياسى، ھەربى ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە خىزمەت كورسەتكەن ئىدى. سىياسى جەھەتتە، پۈتۈن مەملىكەتنى

① سوننى ۋە ئاسكىيالار سوڭخەي دولىتى پادىشاسىنىڭ نامى.

نۇرغۇن مەمۇرى رايونلارغا ئايرىپ، بىرقەدەر مۇكەممەل بولغان بىر يۈرۈش باج يىغىش تۈزۈمىنى ئورناتتى؛ ھەربى ئىشلار جەھەتتە، دائىمى ئارمىيە تەشكىل قىلىپ، بۇنى كانا، مالى دولەتلىرى يولغا قويغان ئۇرۇش ۋاقتىدا يىغىپ كېلىش تۈزۈمىنىڭ ئورنىغا دەسسەتتى. ئىقتىسادىي جەھەتتە، ئۇ، ئولچەمنى بىرلىككە كەلتۈردى، تىكاز تۇز كاننى ئاچتى ھەممە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى ياخشىلاشقا ئەھمىيەت بەردى. بۇ تەدبىرلەر ھوقۇقنى مەركەزگە مەركەزلەشتۈرۈشنى كۈچەيتتى. سوڭخەي دولىتىنىڭ ھوكۈمرانلار سىننىي ئىسلام دىنىنى قەدىرلىگەنلىكى ئۈچۈن، نۇرغۇن ئەرەب ئالىملىرى، دوختۇرلىرى ۋە بىناكارلىق ئالىملىرى بۇ يەرگە كېلىپ، بۇ دولەت ئۈچۈن خىزمەت قىلدى. داشۆپلەردە «قۇرئان»نى تەتقىق قىلغاندىن باشقا، يەنە مەخسۇس قانۇن، ئەدەبىيات، تارىخ، ئاسترونومىيە ۋە ماتېماتىكا قاتارلىق ئىلىم-پەنلەرنىمۇ تەتقىق قىلدى، تىمبۇكتۇ ئەينى زاماندا ئافرىقا ئىچكى قورۇقلۇغىدىكى ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزىگە ئايلانغان ئىدى. سوڭخەي دولىتىدە قۇللۇق تۈزۈم يولغا قويۇلدى. قۇللارنىڭ كېلىش مەنبەسى ھەربى تاجاۋۇزدا بۇلاپ-تالاپ قولغا چۈشۈرگەن ئەسىرلەر ئىدى. ئەمما، سوڭخەيدە كوپ ساندىكى قۇللار يېزا ئىگىلىك ئەمگىكىگە سېلىناتتى، قۇللار يەرگە بەنت قىلىپ قويۇلاتتى، يەر ئىجارىسى ئۈچۈن ماددى نەرسىلەر تاپشۇرۇلاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرنەچچە ئەۋلات ئوتكەندىن كېيىن مەلۇم ھوقۇققا ئىگە بولالايتتى. شۇنداق قىلىپ، قۇللارنىڭ سالاھىيتى پەيدىن-پەي دېھقان قۇللارغا يېقىنلىشىپ، فېوداللىق ئېكسپلاتاتسىيە بارا-بارا ئەۋج ئالغان ئىدى. 1915-يىلى ماراكەش سۇلتانلىقى ئەۋەتكەن يىراققا يۈرۈش قىلىش قوشۇنى سەھرايى كەبىر

قۇملۇقلىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ، سوڭخەي قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىپ، تىمبۇكتۇغا ئوخشاش چوڭ شەھەرلەرنى تالان-تاراج قىلدى، دۆلەت ئىچىدىكى كەڭ قۇللار، قۇل دېھقانلارمۇ تۇشمۇ-تۇشتىن قوزغىلاڭ كۆتۈردى. نەتىجىدە سوڭخەي دۆلىتى ئاخىر يىمىرىلدى.

غەربىي ئافرىقىنىڭ دېڭىز قىرغاقلىرىدىكى جايلاردا — بۈگۈنكى نىگېرىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ زېمىنىدا ئافرىقا مەدەنىيىتى بويىچە ئىككى مەشھۇر بولغان قەدىمىي دۆلەت — ئىف بىلەن بېنىن دۆلىتى بار ئىدى. ئىف پادىشالىقى تەخمىنەن 8-ئەسىردە بارلىققا كېلىپ، 15-ئەسىرگىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. ھازىرقى زامان ئارخېئولوگلىرى قەدىمقى ئىف شەھىرىنىڭ خارابىسىدىن بىرمۇنچە نەپىس ۋە گۈزەل ئويما نەقىشلەرنى تاپتى، ئۇلارنىڭ ئىپادىلەشتىكى رېئالىزىملىق سەنئىتى ۋە ئىشلەنگەن ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇملىرىنىڭ يۈكسەك سەۋىيىگە يەتكەنلىكى ئافرىقا قىتئەسىدىكى قارا جىنسلىق مىللەتلەرنىڭ ئىجادىي ئىقتىدارىنى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان دەرىجىدە ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بېنىن مەدەنىيىتى ئىف مەدەنىيىتىنىڭ داۋامى بولۇپ، 15-ۋە 16-ئەسىرلەردە گۈللەنگەن ئىدى، تەتقىق قىلغۇچىلار ئۇنىڭ مىسىتىن ئىشلەنگەن بۇيۇملىرىنىڭ ھۈنەر-سەنئەت جەھەتتىكى سەۋىيىسى شۇ چاغدا دۇنيا بويىچە ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرغان، دەپ ھېساپلىدى.

**كونگو ۋە زىمبابۇۋې** ئېكۋاتورنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان قەدىمقى دەۋردىكى ئافرىقا دۆلەتلىرىدىن كونگو بىلەن زىمبابۇۋې ئەڭ مەشھۇر دۆلەتلەردۇر.

كونگو پادىشالىقى كونگو دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىغا جايلاشقان. 15-ئەسىرنىڭ ئاخىرى پورتۇگالىيىلىكلەر تۇنجى قېتىم كونگو

دەرياسىنىڭ ئېغىزىغا كىرگەندە، بۇ يەردە مۇشۇ كۈچلۈك نىگىرلار دۆلىتى مەۋجۇت ئىدى. كونگو دۆلىتى تازا گۈللەنگەن چاغدا، ئۇنىڭ زېمىنى غەرب تەرەپتە ئاتلانتىك ئوكياننىڭ قىرغاقلىرىغىچە، شەرق تەرەپتە كۋانگو دەرياسىغىچە، جەنۇب تەرەپتە كۋانزا دەرياسىغىچە، شىمال تەرەپتە كونگو دەرياسىنىڭ شىمالىغىچە يېتىپ باراتتى. كونگو خەلقى، ئاساسەن، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، ياكيۇ، تېرىق، بانان قاتارلىق زىرائەتلەرنى تېرىپ ئۆستۈرەتتى. ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرىنى ئاياللار قىلاتتى، ئەرلەر بولسا، ئاساسەن، بىرقەدەر ئېغىر جىسمانىي ئەمگەكلەرنى ۋە قول سانائىتى ئىشلىرىنى قىلاتتى، مەسىلەن: ئورمانلىقلارنى ئېتىزغا ئايلاندۇرۇش، ساپال قاچىلارنى ياساشقا ئوخشاش ئىشلارنى قىلاتتى. مېتاللچىلىق ئىشلىرى تەرەققىي قىلغان، تۆمۈر، مىستىن ئىشلەنگەن قوراللارنى ئىشلىتىش ئومۇملاشقان ئىدى. كونگولۇقلار مېتاللچىلىق تېخنىكىسىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرەتتى، ئۇرۇقداشلىق جامائەسىنىڭ كونا ئەنئەنىسى بويىچە، قەبىلە باشلىقلىرى، كۆپ ھاللاردا، مېتاللچىلىق ئۇستىلىرىنى ئۆز مىللىتىدىن تاللايتتى. ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، سودا ئىشلىرىمۇ جانلىنىپ كەتتى. دېڭىز ياقىلىرىدىكى جايلاردىن تۇز كىرگۈزۈلەتتى، ئىچكى جايلاردىن پىل چىشى، تېرە-يۇڭغا ئوخشاش ماللار سىرتقا چىقىرىلاتتى، قۇلۇلە قېپى، گەزمال ۋە مېتاللار پۇل ئورنىدا ئىشلىتىلەتتى. جەمئىيەتتە سىنىپلارنىڭ بۆلۈنۈشمۇ تۆختاۋسىز تۈردە كەسكىنلەشمەكتە ئىدى، جامائەنىڭ ئاددىي ئەزاسى كەنت باشلىقىنىڭ يېرىنى تېرىپ بېرەتتى ۋە ئۆز يېرىدىن چىققان دارامەتنىڭ بىر قىسمىنى كەنت باشلىقىغا بېرەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە يەر ئىجارىسى تاپشۇراتتى ۋە ھەقسىز

www.uyghurkitap.com

ئەمگەك قىلىپ بېرەتتى. ئامرات ئەمگەكچى خەلق مۇشۇنداق ئېغىر ئالۋاڭ-ياساقلارنى تۆلىيەلمەي قەرزدار قۇللارغا ئايلىنىپ قالاتتى. قۇللارنىڭ ئاساسلىق كېلىش مەنبەسى ئۇرۇش ئەسىرلىرى بولاتتى. قۇللار ئالتۇن كانلىرىغا تويلاپ ئەمگەككە سېلىناتتى ياكى ئائىلىلەردە چاكار بولۇپ ئىشلەيتتى. قۇلدارلار قۇللارنى دەھشەتلىك تۈردە ئېكسپلاتاتسىيە قىلاتتى. قانۇندا قۇلدارلار قۇللارنى ئۆلتۈرسە "گۇناسىز" دەپ ھېسابلىناتتى. كونگو پادىشالىقى بىرقەدەر مۇكەممەل بولغان بىر يۈرۈش دۆلەت تەشكىلاتلىرىنى قۇرغان ئىدى، پادىشا مانى I كونگودا مەركىزىي ھۆكۈمەت قۇرغان. بۇ ھۆكۈمەت دىپلوماتىيە، ھەربىي، سودا، دەريالارنى ۋە ئورمانچىلىقنى باشقۇرىدىغان ۋەزىرلەردىن تەركىب تاپقان ئىدى. پۈتۈن مەملىكەت ئون نەچچە ئۆلكىگە بۆلۈنگەن، ھەر بىر ئۆلكە باشلىقى تەيىنلەنگەن، ئۆلكە قارىمىقىدا ئوبلاستلار بولغان ئىدى. ئادەتتىكى چاغلاردا مەخسۇس ئەمەلدار پۈتۈن مەملىكەتنى ئارىلاپ يۈرۈپ پادىشانىڭ ئەمىر-پەرمانلىرىنى يەتكۈزەتتى. كونگو پادىشاسىنىڭ نەيزە، قالقان ۋە ئوقيا بىلەن قوراللانغان دائىمىي مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتى بار ئىدى. دۆلەت ئۇرۇش ۋە ھەربىي پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان چاغدا، ھەربىي ئىشلارنى باشقۇرىدىغان ۋەزىر ھەر بىر ئۆلكىگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئەسكەر يىغاتتى، ئادەتتە پۈتۈن مەملىكەت بويىچە 80 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەر يىغىلاتتى.

زىمبابۋۋې جەنۇبىي ئافرىقا بويىچە ئاتاقلىق قەدىمقى مەدەنىيەت مەركىزى ئىدى، بۈگۈن شۇ جايدىكى رودېزىيە ئاق تەنلىكلىرىنىڭ ئىرقچىلىق ھاكىمىيىتىگە قارشى تۇرۇۋاتقان ئافرىقا خەلقى ئۇنى ئۆز ۋەتىنىنىڭ نامى دەپ ئاتىشىدۇ. زىمبابۋېنىڭ قەدىمقى شەھەر خارابى-

لىرى ئىچىدە سېپىل، ئېگىز مۇنار، بۇتخانا، خان ئوردىسى، قەلئە ۋە
تۈرلۈك ئۆي ـ ئىمارەت، ئامبار، قۇدۇق، گەمە ئۆي ۋە باشقا نەرسىلەر
بولۇپ، بۇ شۇ يەردىكى ئافرىقا قارا جىنسلىق مىللەتلىرىنىڭ مىڭ
يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت بۇرۇنلا مەدەنىيەت جەھەتتە يۈكسەك مۇۋەپ-
پەقىيەتكە ئېرىشكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. زىمبابۋېنىڭ
قۇرۇلۇشلىرى، ئاساسەن، چېكىلگەن تەپ ـ تەكشى گىرانىت تاشلاردىن
ئىنتايىن پۇختا قىلىپ سېلىنغان، ئۇلارنىڭ كۆرۈنۈشى ئىنتايىن
ھەيۋەتلىك بولۇپ، قەدىمقى جەنۇبىي ئافرىقىدىكى كەڭ جايلاردا
ياشايدىغان قارا جىنسلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ تىپىك ۋەكىلى
ھېساپلىنىدۇ.

ھازىر زىمبابۋېدا ۋە جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ھەرقايسى جايلاردا
قەدىمقى زاماندىكى قارا جىنسلىق مىللەتلەر ئاچقان 60 ـ 70 مىڭدىن
كۆپرەك ئالتۇن ـ كۈمۈش كانى تېپىلدى، بۇنىڭدىن ئەينى زامانلاردا،
بۇ جايلاردا كۆمۈلۈپ ياتقان ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنىڭ كۆپلۈكىنى ۋە
مېتاللچىلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.
تارىخىي خاتىرىلەردە يېزىلىشىچە: جەنۇبىي ئافرىقا قۇرۇقلۇقىدا،
رىۋايەتلەردە ئېيتىلغاندەك، مونوموتاپا (مەنىسى "كان پادىشاسى")
دەپ ئاتالغان، ئالتۇن كۆپ چىقىدىغان دۆلەت بولغانمىش. ئېيتىشلارغا
قارىغاندا، زىمبابۋېنىڭ پايتەختى ئەنە شۇ ئىكەن. ئالاھىدە كۆر-
سىتىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، زىمبابۋې خارابىسىدىن
جۇڭگونىڭ سۇڭ، يۈەن، مىڭ دەۋرلىرىدە ياسالغان نۇرغۇن ساپال
قاچىلار تېپىلدى، بۇ قەدىمقى زاماندا، جۇڭگو ـ ئافرىقا خەلقى
ئۇزاق تارىختىن بۇيان، مەدەنىيەت جەھەتتە ئالاقىلىشىپ كەلگەنلى-
كىنى چۈشەندۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى زىمبابۋېنىڭ مەدەنىيەت

يىللىرىنى ھۆكۈم قىلىشتا كۈچلۈك دەلىل ـ ئىسپاتتۇر. جوڭگونىڭ مۇشۇ ساپال قاچىلىرىغا ۋە باشقا دەلىللەرگە ئاساسلانغاندا، ئىلىم ساھەسىدىكىلەر ئافرىقا خەلقى تەخمىنەن مىلادى 1 ـ مىڭ يىل ئالدى-كەينىدە زىمبابۋېنىڭ مەدەنىيىتىنى ئىجات قىلىپ، ئۆزىنىڭ پادىشالىغىنى قۇرغان.

## ئون توتىنچى باپ

# غەربىي ياۋروپادا كاپىتالىزىمنىڭ مەيدانغا كېلىشى

15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان دەۋر دۇنيا تارىخى غايەت زور ئۆزگىرىشلەرگە قاراپ يۈز تۇتۇۋاتقان دەۋر ئىدى. ئاسىيا ۋە ياۋروپا قۇرۇقلۇقلىرىدىكى بەزى ئىلغار مەملىكەتلەردە، مەسىلەن، جۇڭگو، ھىندىستاننىڭ مەلۇم جايلىرىدا، ئەنگلىيە ۋە فرانسىيەلەردە فېوداللىق مۇناسىۋەت پەيدىن ـ پەي زاۋالغا يۈز تۇتۇپ، كاپىتالىزىم پەيدا بولۇشقا باشلىدى. تۈرلۈك شارائىتلارنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، كاپىتالىزىم ئامىللىرى غەربىي ياۋروپادا تېز رەك راۋاجلاندى.

16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، غەربىي ياۋروپادا ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئەمەلىيىتى ۋە كۈرىشى ئارقىلىق كورۇنەرلىك دەرىجىدە ئۆسۈپ قالدى. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى كېڭەيتىلدى، بىرمۇنچە ئورمانلىق ۋە سازلىقلار مۇنبەت ئېتىزلارغا ئايلاندۇرۇلدى. تېرىقچىلىق تېخنىكىسى يۈكسەلدى، ئىقتىسادىي زىرائەتلەر، مېۋىلىك دەرەخلەر ۋە كوكتاتلارنى يېتىشتۈرۈش ئىشلىرىمۇ كۈندىن ـ كۈنگە ئومۇملاشتى. قول سانائەت تېخنىكىسى ناھايىتى بەك ئۆستى. مەسىلەن، توقۇمىچىلىق كەسپىدە

بىرلا ۋاقىتتىلا ئۆچىدە ھەم ئىگىرىپ، ھەم يوگىيەلەيدىغان "ئاپتوماتىك" يىپ ئىگىرىش چاقى بارلىققا كەلدى. بولۇپمۇ شامال ماڭغۇزۇش، سۇ چىقىرىۋېتىش ۋە يۇقۇرىغا كۆتۈرۈش ئىشلىرىدا ئىشلىتىلىدىغان تەپمە سۇ چاقپىلىكى ئىجات قىلىنغانلىقتىن، كان ئېچىش ۋە مېتال ئېرىتىش ئىشلىرى بىرقەدەر ئوبدان قۇۋۋەتكە ئىگە بولدى، بۇنىڭ بىلەن، چوڭقۇرراق كانلارنى قېزىشقىمۇ، مەشلەرنىڭ ھارارىتىنى يۇقۇرىلىتىپ، قۇيمىچىلىققا ئىشلىتىلىدىغان تۆمۈر ئېرىتمىلىرىنى بىۋاستە تاۋلاشقىمۇ ئىمكانىيەت تۇغۇلدى. جۇڭگونىڭ مىلتىق دورىسى، كومپاس ۋە مەتبەچىلىك تېخنىكىسى غەربىي ياۋروپاغا تارقىلىپ، غەربىي ياۋروپا ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتىغا پايدا يەتكۈزدى.

ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئۆسۈشى نەتىجىسىدە ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىنىڭ دائىرىسى كېڭىيىپ كەتتى، قول سانائەت تارماقلىرىدىكى ئىش تەقسىماتى بارغانسېرى ئىنچىكىلەپ باردى، ئۇ چاغلاردا سوكنا توقۇش كەسپى 20 نەچچە خىل ئىش تۈرلىرىدىن تەركىب تاپقان ئىدى، بەزى شەھەرلەردە قول سانائەت كەسپى نەچچە يۈز خىلغا يېتەتتى. ئىش تەقسىماتىنىڭ راۋاجلىنىشى نەتىجىسىدە تاۋار ئايلىنىشى كېڭەيدى، يەككە ۋە ئۇششاق فېئوداللىق ئىشلەپچىرىش ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات تەلىۋىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى-دە، بۇنىڭ بىلەن، يېڭى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنى تىكلەشكە توغرا كەلدى.

كاپىتالىزىمنىڭ پەيدا بولۇشى كاپىتالىست بىلەن ئىشچىلارنىڭ بولۇشىنى، يەنى بىر تەرەپتىن، ئاز سانلىق كىشىلەرنىڭ باي بولۇشىنى، يەنە بىر تەرەپتىن، كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ ئەركىن

يوقسۇللاردىن بولۇشىنى تەلەپ قىلاتتى. ئۇلار فېودالىزمنىڭ ئاسارىتىدىن ئازات بولۇپ، كىشىلىك ئەركىنلىكىنى ئۆز قولىغا ئالغان بولسىمۇ، لېكىن ھېچنېمىسى يوق ئىدى، ئىلاجىسىز ئۆز ئەمگەك كۈچىنى سېتىش يولى بىلەن تىرىكچىلىك قىلاتتى. ماركس بۇ ئىككى تەرەپنىڭ شەكىللىنىش جەريانىنى كاپىتالنىڭ ئىپتىدائىي جۇغلىنىشى دەپ ئاتىغان ھەمدە غەربىي ياۋروپادىكى ئىپتىدائىي جۇغلىنىش جەريانىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ، بۇرژۇئازىيىنىڭ تىرىشچانلىق-ئىقتىساتچىللىق بىلەن روناق تېپىش دېگەن يالغان-ياۋىداق سۆزلىرىگە رەددىيە بەرگەن ئىدى. ماركس كۆرسەتكەن ئىدىكى، غەربىي ياۋروپادا، كاپىتال جۇغلاش مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا رەھىمسىز تۈردە تالان-تاراج يۈرگۈزۈشتەك زورلۇق كۈچ ۋاستىسىنى ئىشلىتىش، يەنى مەملىكەت ئىچىدە زورلۇق كۈچكە تايىنىپ ئۇششاق ئىشلەپچىقارغۇچىلارنى بۇلاش، مەملىكەت سىرتىدا، مۇستەملىكىلەردىكى خەلقلەرنى تالان-تاراج قىلىش، قۇل قىلىش ھەتتا يوقىتىش يولى بىلەن ئىشقا ئاشۇرۇلغان، يەنە كېلىپ مەملىكەت سىرتىدا تالان-تاراج قىلىش تېخىمۇ مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيتتى. ماركس مۇنداق دېگەن ئىدى: "ئامېرىكا قىتئەسىدە ئالتۇن-كۈمۈش كانلىرىنىڭ ئېچىلىشى، يەرلىك ئاھالىنىڭ قىرىپ تاشلىنىشى، قۇللۇققا چۈشۈرۈلۈشى ۋە كانلارغا كۆمۈلۈشى، شەرقىي ھىندىستاننى بويسۇندۇرۇش ۋە تالان-تاراج قىلىشنىڭ باشلىنىشى، ئافرىقىنىڭ قارا تەنلىكلەرنى ئوۋلاش ئۈچۈن مەخسۇس مەيدانغا ئايلاندۇرۇلۇشى — مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش دەۋرىنىڭ تاڭ نۇرى ئىدى. بۇنداق ئاسايىشتىلىق جەريانلار ئىپتىدائىي جۇغلىنىشنىڭ ئاساسىي

www.uyghurkitap.com

ئامىللىرىدۇر.»① غەربىي ياۋروپا كاپىتالىزىمى ئەۋلىيسىدىن ئازتىپلا ئاسىيا، ئافرىقا ۋە لاتىن ئامېرىكىسى خەلقلىرىنىڭ قان-تەرلىرىنى شورىش ھېساۋىغا سەمرىپ كەلگەن. شۇ سەۋەپتىن، گەرچە فېئودالىزىمنىڭ ئورنىغا كاپىتالىزىمنىڭ دەسسىشى بىر تارىخىي ئىلگىرىلەش بولسىمۇ، لېكىن، خۇددى ماركس چوڭقۇر قىلىپ كۆرسەتكىنىدەك: "يېڭى تۇغۇلغان كاپىتالنىڭ بېشىدىن تا تاپىنىغىچە ھەممە تۈشۈكلىرىدىن قان ۋە يىرىڭ تېمىپ تۇرىدۇ."②

## 1-بۆلۈم يېڭى دېڭىز يولىنىڭ تېپىلىشى ۋە مۇستەملىكىچىلىك تالان-تاراجىنىڭ باشلىنىشى

**يىراقتا سەپەر قىلىشنىڭ ئاۋقا كۆرۈنۈشى** 15-ئەسىردىن باشلاپ 200 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە، غەربىي ياۋروپالىق بىر مۇنچە تەۋەككۈلچىلەر پايانسىز كەڭ دېڭىزلاردا كۆپ قېتىم يىراقتا سەپەر قىلغان ئىدى. ئۇلار غەربىي ئافرىقا، شەرقىي ئافرىقىنىڭ دېڭىز بويلىرى ۋە ئافرىقىنىڭ ئەڭ جەنۇبىغا باردى، ئاسىياغا ھەممىدە ئۇلارغا پۈتۈنلەي نامەلۇم بولغان ئامېرىكا قىتئەسىگە باردى، شۇنداق قىلىپ ئۇلار پۈتۈن يەر شارىنى ئايلىنىپ چىقىش سەپىرىنى

---

① ماركس: «ئىپتىدائىي جۇغلىنىش دېيىلگەن جۇغلىنىش» («كاپىتال» 1-توم، 24-باپ). «ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، خەلق نەشرىياتىنىڭ 1972-يىل خەنزۇچە نەشرى، 2-توم، 255-بەت.

② يۇقۇرىدىكى كىتاپ، 265-بەت.

تامام قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە، مۇستەملىكىلەرنى شەپقەتسىز تۈردە تالان-تاراج قىلىشنىمۇ باشلىۋەتتى.

يىراقتا سەپەر قىلىشنىڭ بىۋاسىتە سەۋەبى يېڭى دېڭىز يوللىرىنى تېپىش ئىدى. فېودالىق دەۋردە، شەرقنىڭ زىبۇ-زىننەت بۇيۇملىرى غەربىي ياۋروپاغا ئۈزلۈكسىز توشۇپ كېلىنگەن ئىدى، غەربىي ياۋروپادىكى ھۆكۈمران سىنىپلار بۇنىڭغا بەكمۇ ھەۋەس قىلىپ، شەرقنى بايلىق مەنبەسى دەپ ھېسابلاشقان ئىدى. شەرقنىڭ باي-باياشات ئىكەنلىكىنى تەرىپلەيدىغان «ماركو پولو ساياھەت خاتىرىسى»نىڭ بىر مەزگىل كەڭ تارقىلىشى ئارقىسىدا، بۇ جەھەتتىكى تەسىرات تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، 14-ئەسىردىن باشلاپ، غەربىي ئاسىيا تەرەپلەردە سىياسى جەھەتتە قالايمىقانچىلىقلار يۈز بېرىپ، شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى قۇرۇقلۇق قاتنىشىدا بىرمۇنچە قىيىنچىلىقلار كېلىپ چىققان ئىدى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا تۈركلەر يەنە شەرقىي ئوتتۇرا دېڭىزنى ئىزگىنلىۋېلىپ، غەربىي ياۋروپا سودىگەرلىرىنىڭ سودا ئىشلىرىنى چەكلەپ قويغان ئىدى. شۇ سەۋەبتىن، بەزى غەربىي ياۋروپا سودىگەرلىرى بارا-بارا، شەرققە بارىدىغان يېڭى بىر دېڭىز يولىنى تېپىش كويىدا بولۇشقا باشلىدى.

لېكىن، يېڭى دېڭىز يولىنى تېپىش ھەركىتىنىڭ شۇنچىۋالا چوڭ دولقۇن بولۇپ شەكىللىنىشىگە غەربىي ياۋروپا جەمئىيىتىدە يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەرنىڭ يۇقۇرى قاتلامدىكى سىنىپلارنىڭ بايلىققا بولغان ئاچكۆزلۈكىنى قوزغىغانلىقى سەۋەب بولغان ئىدى. ئەينى چاغلاردا، يېڭى كۆتىرىلگەن سودىگەر تەۋەككۈلچىلەر ئۆزلىرىنىڭ كاپىتالىنى كېڭەيتىش غەرىزىدە تەلۋىلەرچە بايلىق قوغلاشاتتى. كۆندىن-كۈنگە زاۋاللىققا يۈز تۇتۇۋاتقان فېودال ئاقسۆڭەكلەرمۇ

كەيپ-ساپالىق تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكتىن، كىرىمى چىقىمىنى قاپلىيالماي، ئىقتىسادىي جەھەتتە بارغانسېرى قىيىنچىلىق ھېس قىلىپ، تەلۋىلەرچە بايلىق قوغلاشتى. يېڭىدىن باش كۆتەرگەن مۇستەبىت پادىشالىق ھاكىمىيىتىمۇ ناھايىتى زور ئارمىيىسى ۋە تۆرىلەرنى بېقىش ئۈچۈن بەكمۇ كۆپ پۇلنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلاتتى. بۇنداق بايلىقنىڭ كۆيىدا بولۇش نەتىجىسىدە، غەربىي ياۋروپا جەمئىيىتىنىڭ يۇقىرى قاتلاملىرىدا پۇل مەستانىلىرى شەكىللەندى. كولۇمبو مۇنداق دەپ يازغان ئىدى: "ئالتۇن ھەقىقەتەنمۇ ئاجايىپ نەرسە ئىكەن! كىمدە ئالتۇن بولسا، شۇ ئۆزىنىڭ كۆڭلى تارتقان بارلىق نەرسىلەرنىڭ خوجايىنى بولالايدىكەن. ئالتۇنلا بولىدىكەن، ھەتتا ئۆزىنىڭ روھىنى جەننەتكە كىرگۈزگىلىمۇ بولىدۇ". مانا مۇشۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسى باي-باياشات شەرققە بېرىپ بايلىق بۇلاپ كېلىش غەرىزىدە بولۇشتى، دەل ئۇلارنىڭ ئاشۇنداق تالان-تاراج قىلىش ئىستىكى غەربىي ياۋروپا تەۋەككۇلچىلىرىنىڭ يىراققا سەپەر قىلىشىدىكى تۈپ سەۋەپ بولۇپ قالدى.

**دىاس بىلەن كولۇمبونىڭ دېڭىز سەپىرى** ياۋروپادا پورتۇگالىيە بىلەن ئىسپانىيە ھەممىدىن بۇرۇن يىراق دېڭىز سەپىرىنى ئۇيۇشتۇرغان دۆلەتلەر ئىدى. 15-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا پورتۇگالىيە فېئوداللىرى ئەۋەتكەن ئادەملەر ئافرىقىنىڭ غەربىدىكى دېڭىز قىرغاقلىرىنى بويلاپ سەپەر قىلىپ، 1415-يىلى سويتا شەھىرىنى بېسىۋالدى، 70-يىللاردا گۋىنىيە قولتۇقىغا يېتىپ بېرىپ، غەربىي ئافرىقىدىن ئۈزلۈكسىز تۈردە ئالتۇن، پىل چىشى ۋە قۇللارنى بۇلىدى. 1487-يىلى پورتۇگالىيىلىك دىاس دېڭىز بىلەن ئۇدۇل ئافرىقىنىڭ ئەڭ جەنۇبىدىكى ئۈمىت تۇمشۇقىغا يېتىپ بېرىپ،

ھىندى ئوكيانىغا كىردى ھەمدە ئاشۇ يول بىلەن داۋاملىق شەرققە قاراپ يۈرگىلى بولىدىغانلىغىنى مۇئەييەنلەشتۈردى.

پورتۇگالىيىنىڭ ئارقىسىدىنلا، ئىسپانىيىمۇ دېڭىز كېڭەيمىچىلىكىنى پائال ئويۇشتۇردى ھەمدە پورتۇگالىيە بىلەن كۆرەش قىلدى، ئۇ غەرپ تەرەپتىكى سۇ يولىنى لايىق كوردى. ئىتالىيىلىك كىرىستوپ كولومبو (1451 — 1506) ئىلگىرى دېڭىز قاتنىشى بىلەن شۇغۇللان-غانلىقتىن، ياۋروپادىن چىقىپ غەرپ تەرەپتىكى سۇ يولى بىلەن ھىندىستانغا بارغىلى بولىدىغانلىغىغا قەتئىي ئىشىنەتتى، شۇڭا ئۇ ئىسپانىيە پادىشاسىنىڭ ئالدىغا بۇ پىلانىنى قويۇپ، ئۇنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. كولومبو بىلەن پادىشا پۈتۈشۈپ، ئىسپانىيە پادىشاسى كولومبوغا 3 يەلكەنلىك كېمە ۋە يول خىراجىتىنىڭ كوپ قىسمىنى بېرىدىغان ۋە كولومبوغا دېڭىز ئارمىيىسى داجياڭى دىگەن ئۇنۋانىنى بېرىدىغان، شۇنىڭدەك ئۇنى يېڭى تېپىلغان يەرلەرنىڭ ۋارىسلىق قىلىدىغان باش ۋالىسى قىلىپ ئالدىنالا تەيىنلەيدىغان، ئۇ يەرلەر-دىكى بارلىق بايلىقلارنىڭ، سەرپىياتنى تۇتۇپ قالغاندىن باشقا، 10 دىن 9 قىسمى ئىسپانىيە پادىشاسىغا، 10 دىن 1 قىسمى كولومبوغا تەئەللۇق بولىدىغان بولىدى. مانا بۇ بەلگىلىمىلەر يىراق دېڭىز سەپىرىنىڭ بۇلاڭچىلىق ماھىيىتىنى ئېنىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەتتى.

1492-يىلى 8-ئايدا، كولومبو 100 نەپەرچە دېڭىزچى بىلەن 3 كىچىك كېمىگە ئولتۇرۇپ پاروس پورتىدىن يولغا چىقتى. 70 كۈن جاپالىق دېڭىز سەپىرى قىلىپ باھاما تاقىم ئاراللىرىدىكى سان سالۋادور ئارىلىغا يېتىپ باردى، ئارقىدىن يەنە كۇبا ۋە ھايتىغا يېتىپ بېرىپ، 1493-يىلى 3-ئايدا ئىسپانىيىگە قايتىپ كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىنمۇ كولومبو بىرقانچە قېتىم ئامېرىكا قىتئەسىگە

باردى، شۇڭا، ئۇ زادى مەن ھىندىستانغا يېتىپ باردىمغۇ دەپ ئويلاپ، شۇ يەرلىك ئاھالىنى ھىندىلار (ھىندىيانلار دىگەن ئىسىم ئەنە شۇ يەردىن كېلىپ چىققان ئىدى) دەپ ئاتىدى. 15-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى باشقا بىر ئىتالىيىلىك سودىگەر ئامېرىگو ۋېسپۇچ ئامېرىكا قىتئەسىگە بېرىپ، ساياھەت خاتىرىسى يازدى ۋە بۇ يەرنىڭ ياۋروپالىقلار ئۇزۇندىن بۇيان ئاغزىدىن چۈشۈرمەي يۈرگەن ھىندىستان ئەمەس، بەلكى باشقا بىر چوڭ قۇرۇقلۇق ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردى، شۇڭا، بۇ چوڭ قۇرۇقلۇق كونا ئەنئەنە بويىچە ئۇنىڭ نامى بىلەن ئامېرىكا قىتئەسى دەپ ئاتالدى.

**داگاما بىلەن ماگېللاننىڭ دېڭىز سەپىرى** كولومبو ئامېرىكا قىتئەسىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئىسپانىيە بىلەن پورتۇگالىيە ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش كەسكىنلىشىشكە باشلىدى-دە، پورتۇگالىيە تاقەتسىزلىك بىلەن شەرق تەرەپتىن ھىندىستانغا بارىدىغان يول ئىزدەشكە كىرىشىپ كەتتى. 1497-يىلى پورتۇگالىيىلىك ئاقسۆڭەك ۋاسكوداگامانىڭ باشچىلىقىدا 4 دانە كېمە لىسسابوندىن يولغا چىقىپ، دىئاس تاپقان دېڭىز يولىنى بويلاپ ھىندىستانغا يول ئالدى. گامانىڭ دېڭىزچىلىقتىن خەۋىرى يوق ئىدى، شۇڭا، ئۇ يول بويى بۇلاڭ-تالاڭ ۋە قىرغىنچىلىق قىلىش بىلەن بولۇپ كەتكەنلىكتىن، سەپەرنىڭ سۈرئىتى ئاستىلاپ كەتتى. ئۇ 1498-يىلى 4-ئايدا شەرقىي ئافرىقىنىڭ مالىندى دىگەن يېرىگە يېتىپ كېلىپ، بۇ يەردە ئىبنى مازىد دىگەن ئەرەپنى تېپىپ ئۆزلىرىگە يول باشلىغۇچى قىلىۋالدى، شۇنىڭدىن كېيىنلا ئىبنى مازىدنىڭ باشچىلىقىدا ھىندىستاننىڭ كالىكۇتتا شەھىرىگە يېتىپ باralدى. ئۇلار كالىكۇتتىدا خۇش پۇراق ماتېرىياللىرى ۋە پىل چىشلىرىنى سېتىۋالغاندىن كېيىن،

كەلگەن يولى بىلەن ئارقىغا قايتىپ، 1499 ـ يىلى 9 ـ ئايدا لىسسابونغا يېتىپ كەلدى. ئۇلار قايتىپ كەلگەندە هايات قالغان كېمىچىلەر يولغا چىققان چاغدىكى كېمىچىلەرنىڭ ئاران يېرىمىنى تەشكىل قىلىسمۇ، لېكىن ئۇلار ئېلىپ كەلگەن ماللىرى بىلەن زور پايدىغا ئىگە بولۇشتى، شۇ سەۋەپتىن گاما پورتۇگالىيە هوكۇمران سىنىپىنىڭ ھەدەپ قەدىرلىشىگە ئىگە بولدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، پورتۇگالىيە داگاما ئاچقان دېڭىز يولىنى بويلاپ بېرىپ شەرقنى كوپ قېتىم تالان ـ تاراج قىلدى. بولۇپمۇ، ئۇلار 1115 ـ يىلى "خۇش پۇراق ماتېرىياللار مەملىكىتى" دەپ ئاتالغان مولۇككا تاقىم ئاراللىرىغا (هازىر مالۇكو تاقىم ئاراللىرى دەپ تەرجىمە قىلىنىدىغان بولدى) يېتىپ بارغاندىن كېيىن، تېخىمۇ كوپ پايدا ئالدى. بۇنى كورۇپ ئىسپانىيە هوكۇمران سىنىپلىرىنىڭ كوزى تېخىمۇ قىزىرىپ، غەرپ تەرەپتىن شەرققە بارىدىغان دېڭىز يولىنى تېخىمۇ پائال ئىزدەشكە باشلىدى. 1513 ـ يىلى ئىسپانىيىلىك باربويا دېگەن ئادەم پاناما بوغۇزىدىن ئوتۇپ، پاياىسىز تېنچ ئوكيانىنى كورۇپ، ئامېرىكا قىتئەسى بىلەن شەرق ئوتتۇرىسىدا بىر چوڭ دېڭىز بار دېگەن قارىشىنى مۇئەييەنلەشتۇردى، بۇنىڭ بىلەن، داۋاملىق غەرپ تەرەپ بىلەن سەپەر قىلىشنىڭ مۇمكىنچىلىكى تۇغۇلدى.

1517 ـ يىلى پورتۇگالىيىلىك ئاقسوڭەك ماگېللان (1480 ــ 1521) ئىسپانىيە پادىشاسى هوزۇرىغا غەرپ تەرەپتىكى سۇ يولى بىلەنمۇ مولۇككا تاقىم ئاراللىرىغا يېتىپ بارغىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى پىلانىنى قويدى. ھەمدە ئاساسەن كولومبو بىلەن ئىسپانىيە پادىشاسى ئوتتۇرىسىدىكى شەرتلەر بويىچە، ئىسپانىيە پادىشاسىنىڭ

www.uyghurkitap.com

ياردىمىنى قولغا كەلتۈردى. 1519-يىلى 9-ئايدا، ماگېللاننىڭ باشچىلىقىدا، 265 نەپەر دېڭىزچى 5 كېمىگە ئولتۇرۇپ، ئىسپانىيەدىن يولغا چىقىپ، ئاتلانتىك ئوكياندىن ئۆتۈپ، برازىلىيەنىڭ دېڭىز قىرغاقلىرىنى بويلىغانچە جەنۇبقا قاراپ يۈرۈپ، كېيىنكى يىلى 10-ئايدا جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ ئەڭ جەنۇبىدىكى دېڭىز بوغۇزىغا (يەنى كېيىنكى ماگېللان بوغۇزىغا) يېتىپ باردى. دېڭىزچىلار 5 ھەپتىدە دېڭىز بوغۇزىدىن ئۆتۈپ چوڭ ئوكيانغا يېتىپ بېرىپ، ئوكياندىكى سۇنىڭ تىپ-تىنچ تۇرغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، بۇ ئوكياننى "تىنچ ئوكيان" دەپ ئاتىدى. تىنچ ئوكياندىكى 3 ئايدىن ئارتۇق سەپەر داۋامىدا دېڭىزچىلار ناھايىتى قاتتىق جاپا-مۇشەققەتلەرنى بېشىدىن كەچۈردى، ئوزۇق-تۈلۈكنى تامامەن تۈزۈلۈپ قالغانلىقتىن، ھەتتا ياغاچ كېپىكى ۋە چاشقاننى ئوزۇق قىلدى، دېڭىزچىلارنىڭ بىرمۇنچىلىرى قان بۇزۇلۇش كېسىلىگە گىرىپتار بولدى، ئۆلۈم ئارقا-ئارقىدىن يۈز بېرىپ تۇردى. 1521-يىلى 3-ئايدا، ئۇلار فىلىپپىن تاقىم ئاراللىرىغا يېتىپ باردى. ماگېللان فىلىپپىن تاقىم ئاراللىرىدا تاجاۋۇزچىلىق ھەركەتلىرىنى ئېلىپ بارغانلىقتىن، شۇ يەرلىك ئاھالە تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. كېمىچىلەر سەپەرنى داۋاملاشتۇرۇپ، 1521-يىلى 11-ئاينىڭ باشلىرىدا مولۇككاغا يېتىپ باردى، ئۇ يەردە خۇش پۇراق ماتېرىياللار بىلەن كېمىلىرىنى توشقازغاندىن كېيىن، ھىندى ئوكيان ئارقىلىق، ئافرىقىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ 1522-يىلى 9-ئاينىڭ 6-كۈنى ئىسپانىيىگە قايتىپ كەلدى. بۇ قېتىمقى دېڭىز سەپىرىگە قاتناشقان دېڭىزچىلاردىن ئاران 18 كىشى ھايات قالدى. بۇ قېتىمقى دېڭىز سەپىرى يەر شارى يۇمىلاق شە-

كىلدە دەيدىغان ئىلمىي قىياسنى ئىسپاتلاپ بەردى، شۇڭا ئۇ ئىلىم-پەن تارىخىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

**پورتۇگالىيە بىلەن ئىسپانىيىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك تالان-تاراج ئېلىپ بېرىشى** يېڭى دېڭىز يوللىرىنىڭ ئېچىلىشى بىلەن، غەربىي ياۋروپا مۇستەملىكە قاراقچىلىرى ئاسىيا، ئافرىقا ۋە ئامېرىكا قاتارلىق كەڭ جايلاردا مۇستەملىكىچىلىك بۇلاڭچىلىقىنى باشلىدى، پورتۇگالىيە بىلەن ئىسپانىيە ئاۋال يول ئېچىپ بەردى.

1506-يىلى، پورتۇگالىيە قىزىل دېڭىز ئېغىزىدىكى سوكوترا ئارىلىنى بېسىۋالدى، 1508-يىلى، ئىران قولتۇقىدىكى خورمۇزنى بېسىۋالدى. 1510-يىلى، ھىندىستاننىڭ گوئا دېگەن يېرىنى زورلۇق بىلەن بېسىۋالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ شەرققە قاراپ كېڭىيىپ، مالاككانى بېسىۋالدى، سۇماترا، جاۋا، كالىمانتان، سۇلاۋېسى ۋە مولۇككا تاقىم ئاراللىرى قاتارلىق جايلاردا تايانچ پونكىتلارنى قۇرۇپ، تاجاۋۇزچىلىق ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى. 16-ئەسىردە، پورتۇگالىيە مۇستەملىكىچىلىرى برازىلىيىگىمۇ تاجاۋۇز قىلىشقا باشلىدى.

1517-يىلى، پورتۇگالىيە مۇستەملىكىچىلىرى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مەملىكىتىمىزگە كوز تىكىپ سودا قىلىشنى تەلەپ قىلىش نامى ئاستىدا تاجاۋۇزچىلىق ھەركەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشقا باشلىدى. 1553-يىلى، ئۇلار يالغاندىن، ھەدىيە قىلىنىغان ماللارنى ئاپتاپقا سېلىپ قۇرۇتۇشقا ئىشلىتىپ تۇرۇش نامى بىلەن، ئېلىمىزنىڭ زېمىنى بولغان ئاۋمېننى ئىگىلىۋالدى. شۇنىڭدەك شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادا ئېلىمىزنىڭ مۇھاجىرلىرىنى ئۆزلۈكسىز قىرىپ ۋە بۇلاپ، ئېلىمىز خەلقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا خەلقى بىلەن بولغان دوستانە

www.uyghurkitap.com

بىرىش-كېلىشكە توسقۇنلۇق قىلىپ تۇردى.

16-ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىدىن 40-يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا، پورتۇگالىيە دۇنيادا بىر مەزگىل زورلۇق-زومبۇلۇق قىلدى، ئۇنىڭ مۇستەملىكە قىلىۋالغان تايانچ پونكىتلىرى ئاسىيا، ئافرىقا ۋە ئامېرىكىدىن ئىبارەت 3 قىتئەگە يېيىلغان ئىدى. ئۇنىڭ بۇنچىۋالا كەڭ جايلارنى بېسىپ تۇرۇشقا قۇربى يەتمىگەنلىكتىن، پەقەت بەزى تايانچ پونكىتلارنىلا قوروپ، ئۇ جايلارغا پادىشا ئەۋەتكەن ئەمەلدارلار ئارقىلىق هوكۇمرانلىق قىلدى. پورتۇگالىيە مۇستەملىكىلەرنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشتا، دەسلەپتە ئوچۇق-ئاشكارا بۇلاش ئۇسۇلىنى قوللاندى، ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە شۇ يەرلىك ئاهالىدىن ئالۋاڭ-ياساق ئالدى، شۇ يەردىكى فېئودال بەگ-كىنەزلەرنى ئولپان بېرىشكە مەجبۇر قىلدى. 16-ئەسىردىلا پورتۇگالىيە مۇستەملىكىچىلىرى يالغۇز ئافرىقىدىن 270 مىڭ كىلوگرامدىن ئارتۇق ئالتۇننى بۇلاپ كەتتى. ئۇلار سودا ئىشلىرىنىمۇ قىلدى، شىشە مارجان، ئەينەك قاتارلىق نەرسىلەر ئورنىغا ئافرىقىنىڭ پىل چىشى، ئالتۇن ۋە گوهەر قاتارلىق قىممەتلىك نەرسىلىرىنى، شۇنىڭدەك هىندونېزىيىنىڭ هەرقايسى جايلىرىدىن قارىمۇچ، قەلەمپۇر ۋە قاقىلە قاتارلىق نەرسىلەرنى ئالداپ ئېلىپ، هەددى-هېسابسىز پايدا ئالدى. بىراق، پورتۇگالىيىنىڭ ئۆزىنىڭ سانائەتتى تەرەققىي تاپمىغانلىقى، فېئودال كۈچلەر ناهايىتى كۈچلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇلاپ كېلىنگەن بايلىقلارنىڭ هەممىسى فېئوداللار تەرىپىدىن ئىسراپ قىلىپ تۈگىتىلدى، پورتۇگالىيىنىڭ ئۆزىدە كاپىتالىزم راۋاجلىنالمىدى.

ئىسپانىيە بىلەن پورتۇگالىيە ئوتتۇرىسىدا مۇستەملىكىلەرنى تالىشىش كۈرىشى كەسكىنلىشىپ كەتتى. كولومبونىڭ دېڭىز سەپىرىدىن

كېيىن، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا بىرقانچە قېتىم ئۇرۇش ھالىتى شەكىللەندى. كېيىن، پاپانىڭ كېلىشى بىلەن، ئىككى دۆلەت 1494-يىلى توختام تۈزۈشتى، توختام بويىچە، يېشىل تۇمشۇق تاقىم ئاراللىرىنىڭ غەربىدە 370 لىگا (بىر لىگا ئالاھەزەل 6 كىلومېتىرغا تەڭ) يىراقلىقتىكى يەردە پاپا مېرىدىئانى دەپ ئاتىلىدىغان بىر مېرىدىئان سىزىلىپ، مېرىدىئاننىڭ شەرقىدىكى يېڭىدىن تېپىلغان يەرلەر پورتۇگالىيىگە قارايدىغان، غەربىدىكى يەرلەر ئىسپانىيىگە قارايدىغان بولدى. ماگىللاننىڭ دېڭىز سەپىرىدىن كېيىن، يەر شارىنىڭ يۇمۇلاق شەكىلدە ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغانلىقتىن، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا يەنە توقۇنۇش يۈز بەردى، بۇنىڭ بىلەن 1529-يىلى ئىككى دۆلەتنىڭ تاجاۋۇزچىلىق قىلىش دائىرىسىنى بەلگىلىۋېلىش ئۈچۈن، مولۇككا تاقىم ئاراللىرىنىڭ شەرقىدە 17 گىرادۇس يىراقلىقتا يەنە بىر مېرىدىئان سىزىقى سىزىلدى. بۇ دۇنيا تارىخىدا تۇنجى قېتىملىق مۇستەملىكە بۆلۈشۈۋېلىش بولدى.

ئىسپانىيە مۇستەملىكىچىلىرى كولومبۇنىڭ سەپىرىدىن كېيىن، ئۈزلۈكسىز تۈردە غەرپكە تاجاۋۇز قىلىپ، ناھايىتى تېزلىكتىلا غەربىي ھىندىستان تاقىم ئاراللىرىنى بېسىۋالدى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا يەنە كەڭ ئامېرىكا قىتئەسىگە ھۇجۇم قىلدى، 1519-يىلى، مۇستەملىكىچى قاراقچى كورتېس قوشۇن باشلاپ بېرىپ، مېكسىكىغا تاجاۋۇز قىلدى. ئۇ قۇۋلۇق-شۇملۇقلار ئىشلىتىپ ۋە قورال كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، شۇ يەرلىك ئازتېكلارنى ئۆزىگە بوي سۇندۇرۇپ، مەيلىچە ئوت قويدى، قىرغىنچىلىق ۋە بۇلاڭ-تالاڭ قىلدى. 1531-يىلى بىساررو باشچىلىقىدىكى بىر توپ مۇستەملىكىچى باندىتلار پېرو قاتارلىق جايلاردىكى ئىنكالار دۆلىتىنى بېسىۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن،

www.uyghurkitap.com

ئىسپانىيە مۇستەملىكىچىلىرى يەنىمۇ كېڭىيىپ چىلىغىچە يېتىپ باردى. 16-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا بارغاندا، ئۇلار ئوتتۇرا-جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىدە كەڭ مۇستەملىكىلەرنى ئىگىلەپ بولدى.

ئىسپانىيىمۇ مۇستەملىكىلەرنى تالان-تاراج قىلىشتا، ئاپ-ئاشكارا ھالدا بۇلاش ۋە ئالدامچىلىق خاراكتېرىنى ئالغان سودىنى يولغا قويۇش ئۇسۇلىنى قوللاندى. كېيىن، ئۇلار يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا، ھىندىيانلارنى ئالتۇن-كۈمۈش كانلىرىنى ئېچىشقا، شېكەر قومۇشى تېرىشقا مەجبۇرلاپ، دەھشەتلىك تۈردە ئەزدى، نەتىجىدە، بىر مۇنچە ھىندىيانلار ئازاپتىن ئۆلۈپ كەتتى، غەربىي ھىندىستان تاقىم ئاراللىرىغا قاراشلىق بەزى ئاراللاردىكى ھىندىيانلار قىسقا مۇددەت ئىچىدە يوقىلىپ كەتتى. ئەمگەك كۈچى يېتىشمىگەنلىكتىن، ھەرقايسى مەملىكەتلەردىكى مۇستەملىكە قاراقچىلىرى يەنە ئافرىقىدىن نېگىرلارنى بۇلاپ ئامېرىكا قىتئەسىگە ئېلىپ بېرىپ، لەنىتى قۇل سودىسىنى باشلىدى ۋە بۇنىڭ بىلەن، ئافرىقا خەلقى ئالدىدا يېڭى جىنايەتلەرنى سادىر قىلدى. ئىسپانىيىگە بولسا، نۇرغۇن ئالتۇن-كۈمۈش، كاكاۋۇ، شېكەر ۋە كوك تاماكا قاتارلىق نەرسىلەر تۈزۈلمەستىن توشۇلۇپ تۇردى. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، 1545-يىلدىن 1560-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، ھەر يىلى ئىسپانىيىگە 5 مىڭ 500 كىلوگرام ئالتۇن، 246 مىڭ كىلوگرام كۈمۈش توشۇلۇپ تۇرغان، 16-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، دۇنيادىكى قىممەتلىك مېتاللارنىڭ قېزىلىش مىقدارىنىڭ 83 پىرسەنتىنى ئىسپانىيە توشۇپ كەلگەن.

بىراق، ئىسپانىيىمۇ پورتۇگالىيىگە ئوخشاشلا فېئودال كۈچلەر كۈچلۈك بولغانلىقتىن، بۇ بايلىقلار كاپىتالغا ئايلىنالماي، سانائىتى

تەرەققىي تاپقان ئەنگلىيە، گوللاندىيىگە ئوخشاش دۆلەتلەرنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى، شۇڭا، ئىسپانىيىدە كاپىتالىزم تەرەققىي قىلالمىدى. نەتىجىدە، 16-ئەسىردە زورلۇق-زومبۇلۇق قىلىپ دۇنيانى بېشىغا كىيگەن مۇستەملىكىچى چوڭ دۆلەت- ئىسپانىيە 17-ئەسىرلەرگە كەلگەندە گوللاندىيە، ئەنگلىيە تەرىپىدىن سىقىپ چىقىرىلىپ، پەيدىن-پەي زاۋاللىققا يۈز تۇتتى.

**ئەنگلىيە ۋە گوللاندىيەلەرنىڭ مۇستەملىكىچىلىك-تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرى** ئەنگلىيە ۋە گوللاندىيەلەرنىڭ مۇستەملىكىلەرگە تاجاۋۇز قىلىش ھەرىكەتلىرى كېيىنرەك باشلاندى. ئەينى ۋاقىتتا، بىرمۇنچە جايلارنى ئىسپانىيە ۋە پورتۇگالىيەلەر ئاللىقاچان بېسىۋالغان ئىدى، شۇڭا، ئەنگلىيە ۋە گوللاندىيە ئۆز مەملىكەتلىرىدە كاپىتالىزم تەرەققىي قىلىپ، سانائەت گۈللىنىپ كەتكەنلىكتىن، ئالدى بىلەن تاۋارلارنى ئىسپانىيە بىلەن پورتۇگالىيىنىڭ مۇستەملىكىلىرىگە كىرگۈزۈپ، ئېكسپلاتاتسىيە قىلدى ھەمدە ئىسپانىيە ۋە پورتۇگالىيىنىڭ كۈچىنى چەتكە قاقتى.

ئۇ چاغدا، ئەنگلىيە ۋە گوللاندىيىدىكى كاپىتالىست ۋە فېئودال ئاقسۆڭەكلەر پاي توپلاپ سودا شىركەتلىرىنى تەشكىل قىلىپ، دۆلەتتىن ئىمتىيازغا ئىگە بولۇش بىلەن، مۇستەملىكىلەرگە تاجاۋۇز قىلىش ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بارغان ئىدى. مەسىلەن، گوللاندىيىنىڭ شەرقىي ھىندىستان شىركىتى 1602-يىلى قۇرۇلۇپ، ئۈمەت تۇمشۇقىدىن ماگېللان بوغۇزىغىچە بولغان سودىنى مونوپولىيە قىلىش ھوقۇقىنى ئۆز قولىغا ئالغان ئىدى. كېيىن، بۇ شىركەت مۇستەملىكىلەرگە تاجاۋۇز قىلىشتىكى بىر ھاكىمىيەت ئورگىنىغا ئايلىنىپ، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادا بىرمۇنچە جىنايى ھەرىكەتلەرنى ئۆتكۈزدى.

ئەنگلىيىنىڭ شەرقىي ھىندىستان شىركىتى 1600-يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ھىندىستان ۋە شەرقىي ئاسىيادىكى ئەللەرگە تاجاۋۇز قىلىشتىكى چوڭ لاگىر ئىدى. ئەنگلىيە ۋە گوللاندىيە مۇستەملىكىچى قاراقچىلىرى دېڭىزدىمۇ قاراقچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، ئىسپانىيىنىڭ ئۆز مۇستەملىكىلىرىدىن توشۇپ كېلىۋاتقان بايلىقلىرىنى بۇلىدى، ئەنگلىيىنىڭ دېڭىزدا ئېلىپ بارغان قاراقچىلىق ھەرىكەتلىرى تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن بولۇپ، ئىسپانىيىنى بىرمۇنچە زىيانغا ئۇچراتقان ئىدى.

1603-يىلى، گوللاندىيە جاۋادا تىجارەت پونكىتى قۇردى، ئۇزاق ئۆتمەستىن خۇش پۇراق ماتېرىياللار كۆپ چىقىدىغان ئارال — ئانبوناني بېسىۋالدى، 1619-يىلى جاكارتانى بىنا قىلدى، 17-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مالاككا ۋە سەيلون قاتارلىق جايلارغا بېسىپ كىردى، بۇنىڭ بىلەن، پورتۇگالىيىنىڭ بۇ ئەتراپتىكى تەسىرى پۈتۈنلەي دېگۈدەك سىقىپ چىقىرىلدى. گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادا ھەممە خۇش پۇراق ماتېرىياللارنى بۇلاپ ئالدى، باشقا سودىگەرلەرنىڭ رىقابەتلىشىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، بارلىق خۇش پۇراق ماتېرىياللارنى گوللاندىيىلىكلەرنىڭلا سېتىۋالالايدىغانلىقى توغرىسىدا بەلگىلىمە چىقاردى، ھەرقايسى ئاراللار ئوتتۇرىسىدىكى كېمىلەرنىڭ بېرىش-كېلىشىنى مەنئى قىلدى، شۇنىڭدەك باشقا دۆلەت سودىگەرلىرىگە خۇش پۇراق ماتېرىياللارنى سېتىپ بەرگەن يەرلىك ئاھالىنى دەھشەتلىك تۈردە قىرغىن قىلدى. شەرقىي ھىندىستان شىركىتى خۇش پۇراق ماتېرىياللارنى يىغىۋېلىش ئۈچۈن، بىرمۇنچە يەرلەرنى زورلۇق بىلەن بېسىۋېلىپ ئۆز خىزمەتچىلىرىگە تەقسىم قىلىپ بېرىپ،

قۇللار پاكى يەرلىك ئاھالىگە تېرىتقۇزدى. ئەمگەك كۈچلىرى يېتىشمىگەنلىكتىن، گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرى جاۋا ۋە سۇلاۋېسى قاتارلىق جايلاردىن ئادەم بۇلاپ كېلىپ قۇل قىلىپ، مۇستەملىكىلەردىكى خەلققە شەپقەتسىز تۈردە زىيانكەشلىك قىلدى.

ئەينى ۋاقىتتا، ئەنگلىيىنىڭ كۈچى تېخى گوللاندىيىنىڭكىگە يەتمەيتتى، شۇڭا ئۇ گوللاندىيىنىڭ چەتكە قېقىشىغا ئۇچراپ، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادا تاجاۋۇزچىلىق ھەركەتلىرىنى ئېلىپ بارالماي قالدى-دە، تاجاۋۇزنى ھىندىستانغا قاراتتى. 1609-يىلى، ئەنگلىيە سۇراتتا تىجارەت پونكىتى قۇرۇپ، موغۇل ئىمپېرىيىسى دائىرىلىرىدىن ئالدامچىلىق يولى بىلەن تۈرلۈك سودا ئىمتىيازلىرىنى ئۈزلۈكسىز تۈردە قولغا كىرگۈزۈۋېلىپ، ھىندىستانغا قەدەممۇ-قەدەم ئىچكىرىلەپ كىردى. ئۇنىڭدىن باشقا، شىمالىي ئامېرىكىنىمۇ بېسىۋالدى. 1607-يىلى ۋىرگىنىيە مۇستەملىكىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، شىمالىي ئامېرىكىدا فرانسىيە بىلەن مۇستەملىكە تالىشىشقا باشلىدى.

**يېڭى دېڭىز يولى ئېچىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ غەربىي ياۋروپاغا كۆرسەتكەن ئىقتىسادىي تەسىرى** يېڭى دېڭىز يوللىرىنىڭ ئېچىلىشى ھەممىدە بۇنىڭغا ئەگىشىپ يېتىپ كەلگەن مۇستەملىكىلەرنى تالان-تاراج قىلىش نەتىجىسىدە، غەرب بىلەن شەرق ئوتتۇرىسىدىكى سودىدا جىددىي ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. ئامېرىكا كۆك تاماكىسى ۋە كاكاۋۇسى، جۇڭگونىڭ چېيى ۋە ھىندىستاننىڭ پاختا رەختى غەربىي ياۋروپاغا ئۈزلۈكسىز ئېقىپ كىردى. خۇش پۇراق ماتېرىياللار، ئاق شېكەر ۋە گۈرۈچ قاتارلىقلارنىڭ سودا مىقدارىمۇ تازا كۆپەيدى. ياۋروپانىڭ سودا مەركىزى ئوتتۇرا دېڭىزدىن ئاتلانتىك

ئوكيانغا كۆچۈپ، ئىتالىيە شەھەرلىرىنىڭ ئەھۋالى كۈندىن-كۈنگە خاراپلاشتى، ئانتۋېرپېن لىسسابون، سېۋىللا ۋە لوندون قاتارلىق شەھەرلەر بولسا يېڭىدىن گۈللەنگەن خەلقارالىق چوڭ سودا شەھەرلىرىگە ئايلاندى، بۇ شەھەرلەر ئىچىدە بولۇپمۇ ئانتۋېرپېن تازا گۈللىنىپ كەتتى. سودا بارغانسېرى ھايانكەشلىك خاراكتېرىنى ئېلىشقا باشلىدى، قۇرۇق چاقماقتىن ئوت چىقىرىش، ھايانكەشلىك قىلىش ئەھۋاللىرى كۈنسايىن ئېغىرلاشتى.

16-ئەسىردە غەربىي ياۋروپادا باھا ئىنقىلاۋى بولدى. ئىسپانىيە قاتارلىق مەملىكەتلەر مۇستەملىكىلەردىن نۇرغۇن ئالتۇن-كۈمۈش بۇلاپ كەلگەنلىكتىن، غەربىي ياۋروپادا قىممەتلىك مېتاللار بىردىنلا ناھايىتى جىق كۆپىيىپ كېتىپ، ئالتۇن-كۈمۈشنىڭ پاخاللىشىشى ۋە مال باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. 16-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، ئىسپانىيەدە مال باھاسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 4 ھەسسىدىن كۆپرەك ئۆرلىدى، ئاشلىقنىڭ باھاسى 5 ھەسسە ئۆرلىدى، فرانسىيە، ئەنگلىيە ۋە گېرمانىيە قاتارلىق مەملىكەتلەردە مال باھاسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2 ھەسسىدىن 2 يېرىم ھەسسىگىچە ئۆرلىدى.

مال باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشى غەربىي ياۋروپانىڭ شەھەر ۋە يېزىلىرىدىكى ئەمگەكچى خەلققە تۇرمۇش جەھەتتە تېخىمۇ زور قىيىنچىلىقلارنى ئېلىپ كەلدى، ئۇلار كۈندىن-كۈنگە نامراتلىشىشقا، خانىۋەيران بولۇشقا باشلىدى. يېڭى گۈللىنىۋاتقان بۇرژۇئازىيە بولسا، بىر تەرەپتىن، پاخاللىشىپ كەتكەن پۇلنى ئىش ھەققى ئورنىدا تارقىتىش، يەنە بىر تەرەپتىن، تاۋارلارنى يۇقىرى باھا بىلەن سېتىش ئارقىلىق، ئېكسپىلاتاتسىيىنى كۈچەيتىپ، زور پايدا

ئالدى. فېوداللار بۇ چاغدا نورما بويىچە پۇل بىلەن تۆلىنىدىغان يەر ئىجارىسىنى يىغىپ بولغانلىقتىن، ئۇلارمۇ باھا ئىنقىلاۋىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ تېخىمۇ زاۋاللىققا يۈز تۇتتى. باھا ئىنقىلاۋى ئىپتىدائىي جۇغلىنىشنىڭ ئامىللىرىدىن بىرى بولۇپ، غەربىي ياۋروپادا كاپىتالىزمنىڭ ئوسۇپ يېتىلىشىگە ياردەم بەردى.

## 2 - بولۇم ئەنگلىيەدە كاپىتالىزمنىڭ مەيدانغا كېلىشى

**يەر ئورنۇۋېلىش ھەركىتى** ئاسىيا، ئافرىقا ۋە ئامېرىكا قىتئەلىرىدىن بۇلاپ كېلىنگەن بايلىقلار غەربىي ياۋروپاغا كۆپلەپ ئېقىپ كىرىشكە باشلىدى. لېكىن، بۇ بايلىقنىڭ كاپىتالغا ئايلىنىشى ئۈچۈن، ئالدى بىلەن، غەربىي ياۋروپادا ئۆز ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان كەڭ بىر ئەركىن پرولېتارلار قاتلىمىنىڭ بولۇشى شەرت ئىدى. بۇ قاتلامنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ئۇششاق ئىشلەپچىقارغۇچىلارنى زورلۇق كۈچ بىلەن مەھرۇم قىلىش سەۋەپ بولىدى، "ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ بۇنداق مەھرۇم قىلىنىش تارىخى ئىنسانىيەت سالنامىسىگە قانلىق قىلىچ ۋە يالقۇنلۇق ئوت تىلى بىلەن يېزىلغان"①. بۇنداق مەھرۇم قىلىنىشقا ئەنگلىيىنىڭ يەر ئورنۇۋېلىش ھەركىتى ئەڭ تىپىك مىسال بولالايدۇ.

---

① ماركس: «ئىپتىدائىي جۇغلىنىش دېگەن جۇغلىنىش» («كاپىتال» 1 - توم، 24 - باپ). «ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» خەلق نەشرىياتىنىڭ 1972 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 2 - توم، 221 - بەت.

15 ـ ئەسىردىن باشلاپ، ئەنگلىيىنىڭ يۇڭ توقۇمىچىلىق سانائىتى تېزدىن تەرەققىي قىلىپ، سىرتقا قوي يۇڭى چىقىرىدىغان مەملىكەتتىن يۇڭ توقۇلما چىقىرىدىغان مەملىكەتكە ئايلاندى، ئۇنىڭ ئىشلەپچىقارغان يۇڭ توقۇلمىلىرى ياۋروپانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئاپىرىپ سېتىلدى. يۇڭ توقۇمىچىلىق تازا راۋاجلانغانلىقتىن، قوي بېقىش ئەينى ۋاقىتتا تازا نەپ بېرىدىغان بىر كەسىپكە ئايلىنىپ، بىرمۇنچە ئاقسۆڭەك ۋە پومېشچىكلار باشقا ئىشنى تاشلاپ قوي بېقىپ، تېرىلغۇ يەرلەرنى چارۋىچىلىق مەيدانلىرىغا ئايلاندۇردى. ئەينى چاغدا، ئەنگلىيىدە يەنىلا يەرنى نوۋەت بىلەن ئاختىما قىلىدىغان نوۋەتلىك ئېتىز تۈزۈمى يولغا قويۇلۇۋاتقان بولۇپ، ھەرقايسى ئائىلىلەرنىڭ يەرلىرى بىر-بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن ئىدى، ئۇ يەرلەرنى چارۋىچىلىق مەيدانلىرىغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئۆز يەرلىرىنى رىشاتكا بىلەن قاشاداشقا توغرا كېلەتتى. يەر ئورىۋېلىش دېگەن سۆز ئەنە شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان.

ئاچكۆز ئاقسۆڭەكلەر چارۋىچىلىق مەيدانلىرىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن، يېزىلاردىكى جامائەت يەرلىرىنى ئورىۋالدى، نەتىجىدە، دېخانلار ئوتۇن تېرىيدىغان، مال باقىدىغان ۋە ياۋا كۆكتاتلارنى يىغىدىغان يەرلىرىدىن ئايرىلدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا، دېخانلارنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرىنىمۇ ئورىۋېلىپ، دېخانلارنى ئەۋلادتىن-ئەۋلادقىچە تېرىقچىلىق قىلىپ كەلگەن يەرلىرىدىن قوغلىۋەتتى، ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىنى چېقىۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن بىرمۇنچە يېزىلار ۋەيران بولدى، نۇرغۇن تېرىلغۇ يەرلەر چارۋىچىلىق مەيدانلىرىغا ئايلاندۇرۇلدى. 16 ـ ئەسىردە، يەر ئورىۋېلىش ھەركىتى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈپ، ئاقسۆڭەكلەر، پايى دېخانلار ۋە سودىگەرلەر

ئارقا-ئارقىسىدىن يەر ئورىۋالدى. 30-يىللارغا بارغاندا، دىنىي
ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىپ، دىنىي جەمئىيەتلەرنىڭ نۇرغۇن يەر-
مۈلكى ئاقسۆڭەكلەر ۋە يېڭى گۈللەنگەن كاپىتالىستلارغا ئۆتكۈزۈپ
بېرىلگەنلىكتىن، تېخىمۇ زور يەر ئورىۋېلىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى.
يەر ئورىۋېلىش ھەركىتى نەتىجىسىدە، تۈركۈملىگەن دېھقانلار يەر-
لىرىدىن ئايرىلىپ قالدى، ئۆي-ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ، سەرسانلىق-
سەرگەردانلىقتا تەرەپ-تەرەپتە ئېقىپ يۈردى. شۇ زامانلاردا
ياشىغان تومىسون موللى تازا ئوبرازلىق قىلىپ: قوي ئەسلىدە ئەڭ
ئىتائەتمەن ھايۋان ئىدى، بىراق ھازىر ئۇ شۇنداق ۋەھشىلىشىپ
كەتتىكى، ھەتتا ئادەمنىمۇ يەپ تۈگىتىۋەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ، دېگەن
ئىدى. ئۆز يەرلىرىدىن ئايرىلغان دېھقانلار ھەممە يەردە قارشىلىق
كۆرسىتىشكە باشلىدى، جەمئىيەتتە قاتتىق داۋالغۇش يۈز بەردى.
تۇدورس خاندانلىقى نۇرغۇن قانۇن-پەرمانلارنى ئېلان قىلىپ،
سەرگەردانلارنى شەپقەتسىز تۈردە باستۇردى. 1536-يىلدىكى
قانۇندا: قاۋۇل سەرگەردانغا دەررە ئۇرۇش ۋە قاماش جازاسى
بېرىلىدۇ، ئەگەر يەنە خىلاپلىق قىلسا، قۇلىقى كېسىلىدۇ، دەپ
بەلگىلەندى، 1547-يىلدىكى قانۇندا: بىر ئادەم ئىشلەشتىن باش
تارتسا، ئۇنىڭ ئۈستىدىن ھورۇن دەپ ئەرز قىلىنسا بولىدۇ، شۇن-
داقلا. ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلغۇچىغا قۇل بولسۇن، دەپ
ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ، خوجايىن ئۇنى قامچا ۋە كىشەن بىلەن
ئىشلەشكە مەجبۇر قىلسا بولىدۇ؛ ئەگەر ئۇ قاچىدىغان بولسا، تۇتۇپ
كېلىنگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا تامغا بېسىلىدۇ؛ ئەگەر ئۈچىنچى قېتىم
قولغا ئېلىنىدىغان بولسا، ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىدۇ، دەپ
بەلگىلەندى. ماركس بۇ قانۇنلارنى قانلىق قانۇن دەپ ئاتىغان

ئىدى. ئۇ شۇنداق رولنى ئوينىدىكى، دېخانلار ئۆز يەرلىرىدىن مەھرۇم قىلىنغاندىن كېيىن، يەنە ئۇلارنى مەجبۇرى يوسۇندا ئىش ھەققى بېرىلىدىغان قۇلغا ئايلاندۇرۇپ، يېڭى گۈللەنگەن بۇرژۇئا-زىيىنى ئەرزان باھالىق ئەمگەك كۈچى بىلەن تەمىن ئەتتى.

**كاپىتالىستىك قول سانائەت ئىشخانىلىرى** كەسىپداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئۇستىلىرى ۋە مۇستەقىل ئۇششاق قول سانائەتچىلەر، بولۇنۇش پەيدا بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى كىچىك كاپىتالىستلار بولۇپ كۆتىرىلەتتى. لېكىن قۇلۇلىنىڭ مېڭىشىدەك بۇنداق ئاستا سۈرئەت 15-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ كېلىپ چىققان زور ئىجتىمائى ئۆزگىرىشنىڭ تەلىۋىنى زادىلا قاندۇرالمايتتى. ئىپتىدائى جۇغلىنىشنى تېز سۈرئەت بىلەن ئېلىپ بارغان ئاساستىلا، ئەنگلىيەنىڭ كاپىتالىستىك سانائىتى ناھايىتى تېز تەرەققى قىلدى. ئۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ راۋاج تاپقىنى يۇڭ توقۇمىچىلىق بولدى. شەرقىي جەنۇبتىكى ۋىلايەتلەر، مەسىلەن، كېنت ۋىلايىتى، ئېسسېك ۋىلايىتى، نورفولك ۋىلايىتى ۋە سۇففولك ۋىلايىتى قاتارلىق ۋىلايەتلەر، شىمالدىكى يورك ۋىلايىتى، غەربىي جەنۇبتىكى ئوكسفورد ۋىلايىتى قاتارلىق بىرقانچە ۋىلايەت يۇڭ توقۇمىچىلىق تەرەققىي تاپقان ۋىلايەتلەر ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، كۆمۈر سانائىتى، مېتاللچىلىق سانائىتى، كېمىچىلىك سانائىتى، قەغەزچىلىك سانائىتى ۋە سوپۇنچىلىق سانائىتى قاتارلىق كاپىتالىستىك سانائەتلەرمۇ راۋاجلىنىپ كەتتى.

بۇ سانائەتلەرنىڭ تەشكىلىي شەكلى قول سانائەت ئىشخانىلىرى ئىدى. يۇڭ توقۇمىچىلىق سانائىتىنى مىسالغا ئالىدىغان بولساق، ئەڭ دەسلەپتە تارقاق ھالدىكى قول سانائەت ئىشخانىلىرى ئوتتۇرىغا چىقتى، يەنى ئۇنىڭدا سودىگەر ئالدى بىلەن بازاردىن قوي يۇڭى

سېتىۋېلىپ كېلىپ، ئۆز ئۆيىدە ئىشلەيدىغان ئىگىرىش ئىشچىلىرىغا يۇڭ يىپ ئىگىرتەتتى، يۇڭ يىپلارنى يىغىۋېلىپ، ئۆز ئۆيىدە ئىشلەيدىغان باپكارلارغا سوكىنا توقۇتاتتى ھەمدە تەييار بولغان مەھسۇلاتنى يىغىۋېلىپ سېتىپ، ئىگىرىش ئىشچىلىرى بىلەن توقۇمىچىلارغا ئىش ھەققى بېرەتتى. بۇ چاغدا ئىشلەپچىقىرىش تارقاق ھالدا ئېلىپ بېرىلاتتى، ئىگىرىش ئىشچىلىرى بىلەن توقۇمىچىلارنىڭ كۆپىنچىسى يېزا ئائىلىلىرى ئىدى، ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭمۇ ئازدۇر-كۆپتۇر ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بولاتتى، كاپىتالىستلاردا مەبلەغ دېگەندەك كۆپ بولمىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ مەركەزلەشكەن زاۋۇت بىناسى ۋە ئۈسكۈنىسى يوق ئىدى. بىراق ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا ئىش تەقسىماتى بار ئىدى، ئۇلار ئىشچىلار ئۈستىدىن ئىش ھەققى شەكلى بىلەن كاپىتالىستىك ئېكسپىلاتاتسىيىنى ئېلىپ باردى. ئۇ ۋاقىتلاردا، شىمال تەرەپتىكى يورك ۋىلايىتىنىڭ كەڭ يېزىلىرىدا ئۇنداق قول سانائەت ئىشخانىلىرى بەكمۇ ئومۇملاشقان ئىدى.

كاپىتالىزمنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەرەققىي قىلىشى ئارقىسىدا، مەركەزلەشكەن قول سانائەت ئىشخانىلىرى بارلىققا كەلدى. ئىشچىلارنىڭ ھېچنېمىسى يوق ئىدى، ئۇلار كاپىتالىستلارنىڭ زاۋۇتلىرىغا توپلىنىپ، كاپىتالىستلارنىڭ ماشىنىلىرىنى ئىشلىتەتتى، كاپىتالىستلارنىڭ بۇيرۇغى بويىچە ئىشلەيتتى. ئىشخانىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىش تەقسىماتى بار ئىدى، بىر مەھسۇلات بىرمۇنچە ئىش ھالقىلىرىدىن ئۆتۈپ پۈتۈپ چىقاتتى. 16-ئەسىردىكى ئەنگلىيە كاپىتالىستى جون ۋىنچكامبىرنىڭ يۇڭ توقۇمىچىلىق ئىشخانىسى كۆلەم جەھەتتە ناھايىتى چوڭ، ئىش تەقسىماتى جەھەتتە ناھايىتى ئىنچىكە ئىدى. ئۇنىڭدا 400 ئەر-ئايال ئىگىرىش ئىشچىسى ۋە

توقۇمىچى، 250 يوڭ ئاراش ئىشچىسى، 50 رېمونتچى، 80 بوياقچى، 80 مۇۋۋەت تازىلاش ئىشچىسى ۋە 20 يىپ بېرىش ئىشچىسى بولۇپ، جەمئىي مىڭدەك ئىشچى ئىشلەيتتى. ئۇ چاغلاردا، ئومۇمەن، نەچچە ئون كىشىلىك كىچىك ئىشخانىلار كۆپ بولۇپ، بۇنداق چوڭ كۆلەملىك قول سانائەت ئىشخانىلىرى تېخى ئاز ئىدى.

قول سانائەت ئىشخانىلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىش تەقسىماتى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈردى، شۇنىڭدەك ئىشچىلارنىڭ ئىش مەشغۇلاتىنى ئاددىيلاشتۇرۇپ، كېيىنكى كۈنلەردە ماشىنىلارنى كەشىپ قىلىش ۋە ئىشلىتىشكە يول ئېچىپ بەردى. بىراق دەسلەپكى ۋاقىتلاردىكى قول سانائەت ئىشخانا ئىشچىلىرى كاپىتالىستلارنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە بەك قاتتىق ئۇچرىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ھالى بەك يامان ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىش ۋاقتى بەك ئۇزۇن بولۇپ، ئومۇمەن، 12 سائەتتىن 14 سائەتكىچە ئىشلەيتتى؛ ئىش ھەققى ناھايىتى تۆۋەن بولۇپ، كۈن بويى ئىشلەپ تاپقان پۇلغا قوساق تويغۇدەك بىر ۋاق تاماق يېگىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە باھا ئىنقىلاۋى ئېلىپ بېرىلغانلىقتىن، مال باھاسى تازا ئۆرلەپ، ئەمەلىي ئىش ھەققى تۆۋەنلەپ كەتكەن ئىدى؛ زاۋۇت ئۈسكۈنىلىرى ئاددىي بولۇپ، ھېچقانداق ئەمگەك مۇھاپىزىتى يوق ئىدى، ئىش ئۈستىدىكى خېيىم-خەتەرلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ تۇراتتى، كەسپىي كېسەللىك ئەۋج ئېلىپ كەتكەن ئىدى. ئايال ئىشچىلار بىلەن بالا ئىشچىلارنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ خاراب، ئىش ھەققى تېخىمۇ تۆۋەن، ئېزىلىشى ھەممىدىن ئېغىر ئىدى. شۇ ۋەجىدىن ئىشچىلار كاپىتالىستىك ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە زۇلۇمغا قارشى ئۈزلۈكسىز كۈرەشنى قانات يايدۇردى.

**يېزا ئىگىلىكىدە كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى** يېزا ئىگىلىكىدە فېودااللىق مۇناسىۋەت ئىنتايىن قاتتىق، تاۋار ئوبوروتى ئاز، ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى راۋاجلانماي توختاپراق قالغانلىقتىن، كاپىتالىزمنىڭ پەيدا بولۇشى ئومۇمەن سانائەتتىكىگە قارىغاندا ئاستىراق بولدى. ئەنگلىيىدە بولسا، يەر ئورىۋېلىش ھەرىكىتى نەتىجىسىدە يېزا ئىگىلىكىدە زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرگەنلىكتىن، كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىياتى باشقا مەملىكەتلەردىكىگە قارىغاندا تېزراق بولدى.

يېزا ئىگىلىكىدە كاپىتالىزمنىڭ پەيدا بولۇش يوللىرى بەزى ھاللاردا دېھقانلارنىڭ پارچىلىنىشىدىن، يەنى بىر قىسىم دېھقانلارنىڭ نامراتلىشىشى ھەتتا خانىۋەيران بولۇشى ئارقىسىدا يالانما دېھقانغا ئايلىنىپ قېلىشىدىن، ئاز سانلىق دېھقانلارنىڭ روناق تېپىپ، يەر سېتىۋېلىپ، يالانما دېھقانلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ئارقىسىدا يېزا ئىگىلىك كاپىتالىستىغا ئايلىنىشىدىن ئىبارەت بولدى. بىراق بۇنداق ئەھۋاللار ئەينى چاغلاردا كۆپ ئەمەس ئىدى. ئەنگلىيىنىڭ يېزا ئىگىلىكىدە كاپىتالىزمنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئاساسلىق ئۇسۇلى شۇنداق بولغان ئىدىكى، ئاقسۆڭەكلەر ئۆز يەرلىرىنى سودىگەرلەر، كاپىتالىستلار ۋە باي دېھقانلارغا ئىجارىگە بېرەتتى، بۇلار بۇ يەرلەرنى ئىشچى ياللاپ تېراتتى، ئېكسپىلاتاتسىيىدىن تاپقانلىرىنىڭ بىر قىسمىنى يەر ئىجارىسى ھېساۋىدا فېودالارغا بېرەتتى، قالغان قىسمىنى پايدا ھېساۋىدا ئۆزىنىڭ يانچۇقىغا سالاتتى. ئۇ ۋاقىتلاردا فېودال ئاقسۆڭەكلەر يەرلىرىنى ئارقا-ئارقىدىن ئىجارىگە بەرگەن ئىدى، ئىجارىگە بېرىش مۇددىتى ناھايىتى ئۇزاق بولۇپ، ئادەتتە 90 يىل ئىدى، ئىجارە ھەققى بولسا مۇقىم ئىدى. باھا ئىنقىلاۋىنىڭ

تەسىرى تۈپەيلىدىن، بىر تىجارىگە ئالغۇچى يېزا ئىگىلىك كاپىتا-لىستلىرى، بىر تەرەپتىن، يالىلانما ئىشچىلارنى قاقتى-سوقتى قىلىشنى جىددىيلەشتۈردى، يەنە بىر تەرەپتىن، فېئودالىلارنى بوزەك قىلىپ يامان ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى، شۇڭا ئۇلار ئۈزلۈكسىز بېيىپ، ناھايىتى تېز راۋاجلاندى. ماركس مۇنداق دەپ كورسەتت-كەن ئىدى: «ئەنگلىيىدە 16 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، شۇ چاغنىڭ ئەھۋالىدىن ئېيتقاندا، ناھايىتى باي 'كاپىتالىستىك تىجارىكەش دېھقانچىلىق مەيدانى ئىگىلىرى' سىنىپىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكى ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس ئىدى.»①

يېزا ئىگىلىك كاپىتالىستلىرى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان ئەمگەكچىلەر، ئاساسەن، سەھرالاردىكى يەرسىز ۋە يېرى ئاز دېھقانلار ئىدى، ئۇلارنىڭ كوپچىلىكى ئازغىنا يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىپ تۇرۇۋاتقان كەمبەغەللەر ئىدى. كاپىتالىزىمنىڭ راۋاجلىنىشى بىلەن، بۇلارمۇ ئۈزلۈكسىز تۈردە ئۆز يەرلىرىنى قولىدىن كەتكۈزۈپ قويۇشتى.

دېمەك، ئەنگلىيىنىڭ يېزا ئىگىلىكىدە يومىشىك—يېزا ئىگىلىك كاپىتالىستى—يېزا ئىگىلىك ئىشچىسى ئۈچتۈرلىكىدىكى مۇناسىۋەت شەكىللەندى، فېئودالىلىق مۇناسىۋەت ئۇزاق مۇددەتكىچە ساقلىنىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا پۇتلىكاشاڭ بولۇپ تۇردى.

---

① ماركس: «ئېپتىدائى جۇغلىنىش دەيدىغان جۇغلىنىش» («كاپىتال» 1 ـ توم، 24 ـ باپ)، «ماركس ـ ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» خەلق نەشرى-ياتىنىڭ 1972 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 2 ـ توم، 249 ـ بەت.

## 3-بۆلۈم فېوداللىق ئىستىبدات پادىشا ھاكىمىيىتى

**ئىستىبدات پادىشا ھاكىمىيىتىنىڭ خاراكتېرى** غەربىي ياۋروپادىكى فېوداللىق جەمئىيىتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، تاۋار ئىگىلىكى راۋاجلىنىپ، دۆلەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىقتىسادىي ئالاقە كۈچىيىپ، پادىشا ھاكىمىيىتىنىڭ كۈچىيىشى ئۈچۈن ئاساس ھازىرلاپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، فېودالىزمغا قارشى كۈرەش كۈنسايىن يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى، فېوداللار قارشىلىقلارنى باستۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ فېودال ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ئارقا-ئارقىدىن دۆلەت ماشىنىسىنى، ئىستىبداتلىقنى كۈچەيتتى، شۇنىڭ بىلەن ئەنگلىيە ۋە فرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە ئىستىبدات پادىشا ھاكىمىيىتى بارلىققا كەلدى. شەرق ئەللىرىدە فېودال ئىستىبدات پادىشا ھاكىمىيەتلىرى، كۆپىنچە، فېوداللىق جەمئىيىتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىلا قۇرۇلغاچقا، ئىلغار رول ئوينىغان ئىدى، ھالبۇكى، غەربىي ياۋروپادا بۇ تۈزۈم فېوداللىق جەمئىيىتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە قۇرۇلغاچقا، بەزىبىر دەۋر ئالاھىدىلىكلىرىگە ئىگە بولماي قالمىدى.

ئىستىبدات پادىشا ھاكىمىيىتى، سىنىپىي ماھىيەت جەھەتتىن ئېيتقاندا، فېوداللار دىكتاتۇرىسى بولۇپ، ئۇنىڭ بارلىق سىياسەتلىرىنىڭ توپ مەقسىدى فېوداللارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش، فېوداللارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئىدى. پۈتكۈل فېوداللار سىنىپىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن، فېوداللىق تەپرىقسالەرگە

www.uyghurkitap.com

قارشى تۇرۇشقا توغرا كەلگەنلىكتىن، ئۇ چاغلاردىكى ئەنگلىيە، فرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ پادىشا ھاكىمىيەتلىرى كۈنىدىن-كۈنگە كۈچلىنىپ، ھوقۇقنى بىر ئادەم تەنھا ئىگەللىۋېلىش ھالىتى كېلىپ چىقتى. بۇنىڭغا قارشىلىق كورسەتكەن فېئوداللار قاتتىق جازالاندى، ھەتتا ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىندى. دولەت ماشىنىسى بارغانسېرى زورىيىپ باردى، دائىمى ئارمىيىنىڭ سانى كۈندىن-كۈنگە كوپىيىپ باردى، فرانسىيە خەلقىنىڭ قارشىلىقىنى قاتتىق باستۇرۇش مەقسىتىدە، ئۆز قوشۇنىنىڭ سانىنى 17-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا كوپەيتىپ 300 مىڭ كىشىگە يەتكۈزدى.

ئىستىبدات پادىشا ھاكىمىيىتى ئۆز ھوكۇمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ئومۇمەن مۇنداق ئىككى تەرەپلىك تاكتىكىنى، يەنى، بىر تەرەپتىن، ئىشچى-دېخانلارغا قارىتىلغان باستۇرۇشنى كۈچەيتىش تاكتىكىسىنى، يەنە بىر تەرەپتىن، بۇرژۇئازىيىنى ئۆز يېنىغا تارتىشنى كۈچەيتىش تاكتىكىسىنى قوللاندى. بۇنداق ئىككى تەرەپلىك تاكتىكىنى قوللانغاندا، بۇرژۇئازىيىدىن كەلگەن پۇل ئارقىلىق كۈنسايىن كوپىيىپ كېتىۋاتقان چىقىمغا كاپالەتلىك قىلغىلىمۇ بولاتتى، بۇرژۇئازىيىنىڭ نارازىلىقىنىڭ ئىشچى-دېخانلارنىڭ قارشىلىقى بىلەن بىرلىشىپ كەتمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلغىلىمۇ بولاتتى. بۇرژۇئازىيە بۇ چاغدا تېخى ئانچە كۈچىيىپ كەتمىگەنلىكتىن، فېئودال پادىشا ھاكىمىيىتىنىڭ سايىسىدا راۋاجلىنىشنى خالايتتى، شۇڭا بۇ مەزگىلدە بۇرژۇئازىيە بىلەن پادىشا ھاكىمىيىتىنىڭ ئىتتىپاقى يەنىلا ساقلىنىپ قالدى. گەرچە 3 دەرىجىلىكلەر يىغىنى ۋە پارلامېنت قاتارلىقلار ياكى ئۇزاقتىچە يىغىن ئاچمايدىغان، ياكى قۇرۇق شەكىلگە ئايلىنىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن پادىشانىڭ

نۇرغۇن سىياسەتلىرى يەنىلا بۇرژۇئازىيىنى ئۈزلۈكسىز بېيىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى، بۇنىڭ بىلەن، فېودال ئاقسۆڭەكلەر بىلەن بۇرژۇئازىيە بىرلىكتە پادىشا ھاكىمىيىتىنى قوللايدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقتى. ئېنگېلس مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن ئىدى: "ئۇ چاغلاردا ئۆزئارا كۈرەش قىلىشىۋاتقان سىنىپلارنىڭ كۈچلىرى باراۋەر كېلىشى ئارقىسىدا شۇنداق تەڭلىك ھاسىل بولغان ئىدىكى، دۆلەت ھاكىمىيىتى كۆرۈنۈشتىكى ياراشتۇرغۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ھەر ئىككى سىنىپقا نىسبەتەن ۋاقىتىنچە مەلۇم دەرىجىدە مۇستەقىل بولۇپ قالغان ئىدى. ئاقسۆڭەكلەر بىلەن كەمبەغەللەر تەبىقىسىنى بىر بىرىگە قارشى تەڭلىكتە كەلتۈرۈپ تۇرغان 17-ۋە 18-ئەسىرلەردىكى ئىستىبدات پادىشالىق تۈزۈم ئەنە شۇنداق دۆلەت ئىدى."①

ئىستىبدات پادىشا ھاكىمىيىتىنىڭ مەقسىدى زاۋالغا يۈز تۇتۇۋاتقان فېوداللىق تۈزۈمنى قوغداپ، باستۇرۇشنى كۈچەيتىش بولسىمۇ، بىراق، زۇلۇمنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، خەلقنىڭ قارشىلىقى ۋە كۈرىشىمۇ يەنىمۇ كەسكىنلەشتى، تىغ ئۇچى تېخىمۇ مەركەزلەشتۈرۈلگەن ھالدا دۆلەت ھاكىمىيىتىگە قارىتىلدى. كاپىتالىزمنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ئارقىسىدا، بۇرژۇئازىيىمۇ ئەمدى فېودال ھاكىمىيەتنىڭ ھىمايىسىگە تايىنىپ جان بېقىشقا قانائەتلەنمەيدىغان بولۇپ قالدى-دە، ئۆزلىرى قوزغىلىپ ھاكىمىيەتنى ئىگىلەش مەقسىدىدە،

---

① ئېنگېلس: «ئائىلىنىڭ، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنىڭ ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى»، «ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، خەلق نەشرىياتىنىڭ 1972-يىلى خەنزۇچە نەشرى، 4-توم، 168-بەت.

فېئوداللارغا قارشى كۈرەشنى قانات يايدۇردى. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت بۇزۇپ تاشلاندى، ئىجتىمائىي ئىنقىلاپ دەۋرى يېتىپ كەلدى.

**ئەنگلىيىنىڭ ئىستىبدات پادىشا ھاكىمىيىتى** 15 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، ئەنگلىيە فېئودال ئاقسۆڭەكلىرى ۋاقتى 30 يىلغا سوزۇلغان ئىچكى ئۇرۇش ئېلىپ باردى، ئۇرۇشقا قاتناشقان ئىككى تەرەپنىڭ ھەرقايسىسى ئۆزلىرىگە ئاق ۋە قىزىل ئەتىرگۈلنى بەلگە قىلغىنى، بۇ ئۇرۇش تارىختا ئەتىرگۈل ئۇرۇشى (1455 — 1485) دەپ ئاتالدى. ئۇرۇش نەتىجىسىدە، كونا فېئودال بەگزادىلەر بىر - بىرىنى قىرىپ تۈگەتتى، ئەڭ ئاخىرىدا تيۇدورس ئائىلىسى تەختكە چىقتى، شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، ئەنگلىيە تارىخىدىكى تيۇدورس خانىدانلىقى (1485 — 1603)نىڭ ھۆكۈمرانلىقى باشلاندى.

تيۇدورس خانىدانلىقىنىڭ ئاساس سالغۇچىسى ھېنرى VII (1485 — 1509) پادىشا ھاكىمىيىتىنى كۈچىنىڭ بېرىچە مۇستەھكەملەپ ۋە كۈچەيتىپ، فېئودال ئاقسۆڭەكلەردىن ئىبارەت تەبىقە كۈچلىرىگە زەربە بەردى، ئۇلارنىڭ ئائىلە ئەمەلدارلىرىنى تارقىتىۋەتتى، شەھەر قورغانلىرىنى بۇزۇپ تۈپ - تۈز قىلىۋەتتى، شۇنىڭدەك يۇلتۇز سودىسىنى تەسىس قىلىپ، ئۇلارنى سوراق قىلىپ جازالىدى. تيۇدورس خانىدانلىقىنىڭ ھاكىمىيىتىنى يېڭى ئاقسۆڭەكلەر قوللايتتى، ئۇلار يا يەرلەرنى قورشاپ قوي بېقىپ، يا بولمىسا سودا - سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى بۇرژۇئازىيىگە باغلىدى، ئۇلار بۇرژۇئازىيىلەشكەن ئاقسۆڭەكلەر بولۇپ، يېڭى ئاقسۆڭەكلەر دەپ ئاتالدى. تيۇدورس خانىدانلىقى ئۇلار ئېھتىياجلىق بولغاندا ئۇلارنى ئۆزى ئۈچۈن جاپادالىق بىلەن ئىشلەيدىغان ئەمەلدارلارنى يېتىشتۈردى. يېڭى

گۈللەنگەن بۇرژۇئازىيە ۋە سودىگەرمۇ تۇدورس خانىدانلىقىنى قوللىدى.

پارلامېنت ئۆز پائالىيىتىنى يەنىلا ئېلىپ بېرىۋەردى، پادىشا باج ئېلىش تەلىۋىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، پارلامېنتنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈشى كېرەك ئىدى، قانۇن پارلامېنتنىڭ ماقۇللىشى ۋە پادىشانىڭ ئىمزا قويۇشى ئارقىلىق ئاندىن كۈچكە ئىگە بولاتتى. بىراق، ئەمەلىيەتتە بولسا، پارلامېنت پۈتۈنلەي پادىشاغا بوي سۇناتتى، پارلامېنت ئەزالىرى ئىچىدە بۇرژۇئازىيە ۋە يېڭى ئاقسۆڭەكلەر كۆپ ئىدى، ئەينى چاغدا دۆلەتنىڭ بىرمۇنچە تەدبىرلىرى ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كەلگەچكە، ئۇلار پادىشا ھاكىمىيىتىنى قوللايتتى. بيۇروكرات ئاپپاراتلار كۈندىن-كۈنگە راۋاجلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئانچە كېڭەيمىگەن ئىدى. مەركىزىي مەخپىي كېڭەش ۋەزىرلەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى ئىچكى كابىنېتقا ئوخشاپ كېتەتتى، بىراق ئۇنىڭ ئەمەلىي ھوقۇقى چوڭ ئەمەس ئىدى. دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرى پادىشا ۋە ئۇنىڭ ئىشەنچلىك ئاقسۆڭەكلىرى تەرىپىدىن بەلگىلىنەتتى. يەرلىك ۋىلايەتلەر ئامانلىقىنى ساقلاش سوراقچىلىرى تەرىپىدىن باشقۇرۇلاتتى، ئامانلىقنى ساقلاش سوراقچىلىرىنى مەخپىي كېڭەش شۇ يەرلىك فېئوداللار ئىچىدىن تاللاپ بېكىتەتتى، ئۇلارغا مائاش بېرىلمەيتتى. دۆلەتنىڭ دائىمىي ئارمىيىسى يوق ئىدى، شۇڭا خەلقنى فېئودال ئاقسۆڭەكلەردىن تەركىب تاپقان قوراللىق كۈچكە تايىنىپ باستۇراتتى، ئەگەر تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچراپ قالغۇدەك بولسا، ئۆز ئالدىغا تېرىقچىلىق قىلىدىغان دېھقانلار ئىچىدىن خەلق ئەسكەرلىرىنى تەشكىل قىلىش ئارقىلىق قارشى تۇراتتى.

www.uyghurkitap.com

ئەنگلىيە ئىستىبدات پادىشا ھاكىمىيىتى كاپىتالىزىمنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولغان بەزىبىر سىياسەتلەرنى يولغا قويدى. ھېنرى VIII (1509 — 1547)نىڭ دەۋرىدە، دىنىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلدى، رىم ۋاتىكانى بىلەن بولغان ئالاقىسىنىڭ ئۈزۈل-كېسىل ئۈزۈلگەنلىكى جاكالىنىپ، ئەنگلىيە پادىشاسى دىنىي جەمئىيەتنىڭ ئەڭ ئالىي رەھبىرى بولدى، ئەمما دىنىي ئەقىدىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا ئىبادەتخانىلار تارقىتىپ تاشلىنىپ، ئۇنىڭ يەر ۋە مال-مۈلۈكلىرى مۇسادىرە قىلىندى. نۇرغۇن يەرلەر ناھايىتى ئەرزان باھادا ئوردا ئەمەلدارلىرى، ئاقسۆڭەك ۋە سودىگەرلەرگە سېتىپ بېرىلگەندىن كېيىن، ئايلىنىپ بېرىپ يېڭى ئىگىلىك كاپىتالىستلىرىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ قالدى، بۇنىڭ بىلەن، يەر ھايانكەشلىك مەستانىلىرى پەيدا بولدى ۋە يەر ئۆرۈۋېلىش دولقۇنى كېلىپ چىقتى، دىنىي جەمئىيەت يەرلىرىدىكى دېھقانلار تۈركۈم-تۈركۈملەپ قوغلاپ چىقىرىلدى.

ئايال پادىشا ئېلىزابېت (1558 — 1603)نىڭ دەۋرىدە، پادىشا ھاكىمىيىتى گۈللىنىپ چېكىگە يەتتى. ئېلىزابېت ئۆزىگە باش ئېگىپ ئىتائەت قىلىدىغان نۇرغۇن ۋەزىرلەرنى خىزمەتكە قويدى. ئۇ بۇرژۇئازىيىنىڭ مەنپەئەتىگە ئېتىبار بېرىپ، سودىنى رىغبەتلەندۈرۈپ، ئۇلارغا بەزىبىر ئىمتىيازلارنى ئىنئام قىلدى. مۇستەملىكىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئەينى ۋاقىتتا كۈچلۈك بولغان ئىسپانىيىگە قارشى كۈرەش ئېلىپ باردى. شۇنىڭدەك دېڭىز قاراقچىلىرىنىڭ ئىسپانىيىنىڭ پاراخوتلىرىنى بۇلىشىغا ئىلھام بەردى. ئەڭ ئاخىرىدا، 1588-يىلى يۈز بەرگەن دېڭىز ئۇرۇشىدا، ئەنگلىيە پاراخوت قوشۇنى ئازغىنا كۈچ بىلەن ئىسپانىيىنىڭ يېڭىلمەس پاراخوت

قوشۇننى مەغلۇپ قىلدى، شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، ئىسپانىيىنىڭ دېڭىز ئۈستىدىكى كۈچى زاۋاللىغا يۈز تۇتتى.

فېودال ئىستىبدات پادىشا ھاكىمىيىتى، تۈپ ئاساسىدىن ئېيتقاندا، فېوداللىق خاراكتېرىنى ئالغان ھاكىمىيەت بولغاچقا، تۇدورس خانىدانلىغى فېوداللىق ئىقتىسادىي بازىسىغا خەۋپ كەلتۈرىدىغان ئۆزگىرىشلەرگە قارشى چىقتى. مەسىلەن، يەر ئورىۋېلىشنى چەكلەيدىغان بەزىبىر ئەمىر-پەرمانلارنى ماقۇللىدى: 1489-يىلدىكى قانۇندا 20 ئىنگلىز موسىدىن ئارتۇق قوشۇمچە يېرى بار دېھقان ئۆيلىرىنى بۇزۇش مەنئى قىلىندى؛ 1533-يىلى چارۋىدارلارنىڭ قويلىرىنىڭ 2 مىڭ تۇياقتىن ئېشىپ كېتىشى چەكلەندى. بۇنىڭدىن مەقسەت ئۆششاق دېھقان ئىگىلىكىنى قوغداپ، خانىدانلىقنىڭ ھۆكۈمرانلىغىغا خەۋپ-خەتەر يېتىشتىن ساقلىنىش ئىدى. شەھەرلەردە بولسا، كەسپداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مەنپەئەتى قوغدالدى، قول سانائەت ئىشخانىلىرىغا چەك قويۇلدى، مەسىلەن، 1555-يىلدىكى قانۇندا توقۇمىچىلارنىڭ ئۆيىدە تىككىدىن ئوشۇق دەستىگاھنىڭ بولماسلىغى بەلگىلەنگەن ئىدى. بىراق بۇ قانۇنلار پەقەت ئىجرا قىلىنماي، بىر پارچە قۇرۇق قەغەزدىنلا ئىبارەت بولۇپ قالدى، خالاس.

ئەنگلىيە ئىستىبدات پادىشا ھاكىمىيىتى خەلق ئاممىسىنى كۈچەپ ئېكىسپىلاتاتسىيە قىلدى ۋە باستۇردى، بۇ ئاساسەن، قانلىق ئەمىر-پەرمانلاردا كۆزگە چېلىقىدۇ. كەڭ خەلق ئاممىسى، ئالدى بىلەن دېھقانلار ئېكىسپىلاتاتسىيىگە، زۇلۇمغا ۋە قىرغىنغا قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ بايرىغىنى كوتىرىپ چىقىپ، باتۇرانە قارشىلىق كۆرسەتتى. 1549-يىلى، قوزغىلاڭ دولقۇنى ئەنگلىيىنىڭ شەرقىي،

www.uyghurkitap.com

ئوتتۇرا ۋە غەربىي جەنۇپ قىسىملىرىدىكى ۋىلايەتلەرگە يېيىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە، شەرقىي قىسمىدىكى نورفولك ۋىلايىتى ۋە سۇففولك ۋىلايىتىدىكى قوزغىلاڭلار ئەڭ چوڭ قوزغىلاڭلار ئىدى. ئۇ يەرلەردە يەر ئورىۋېلىش ھەرىكىتى تازا كەسكىن بولغان، دىخانلار نۇرغۇن يەرلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان ئىدى. 1549-يىل 6-ئايدا، غەزەپكە كەلگەن دىخانلار قوزغىلىپ پومېشچىكلارنىڭ يەر قورشىغان رىشاتكىلىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئوچۇق-ئاشكارا ھالدىكى قوراللىق قوزغىلاڭغا ئاتلاندى.

قوزغىلاڭچى دىخانلار 20 مىڭ كىشىلىك چوڭ قوشۇن تۈزۈپ، نورفولكنىڭ مەركىزى بولغان نورۋىچ شەھىرىنى ئىگىلىۋالدى. ئۇلار قاتتىق ئىنتىزام ئورنىتىپ، يەر ئورىۋېلىشقا قارشى پىروگراممىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، سوت تەشكىل قىلىپ، پومېشچىكلارنى قاتتىق جازالاپ، داغدۇغىلىق ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈردى. بىراق بۇ ۋاقىتتا، دىخانلارنىڭ ئىچىدە كەسكىن بولۇنۇش يۈز بېرىپ، قوزغىلاڭغا رەھبەرلىك قىلىش ھوقۇقى يېڭى ئاقسۆڭەك روبېرت كېت يولباشچىلىقىدىكى باي دىخانلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى، شۇ سەۋەپتىن، فېئوداللىققا قارشى ئۈزۈل-كېسىل تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويالمىدى.

8-ئايدا، ھۆكۈمەت گېرمانىيە ۋە ئىتالىيە ياللانما قوشۇنلىرىنى يۆتكەپ كېلىپ قوزغىلاڭنى باستۇردى. كېت دىخانلار قوشۇنىنى تاشلاپ، ئوتتۇرا يولدا قېچىپ كەتتى. قوماندانسىز دىخانلار قوشۇنى قەيسەرلىك بىلەن جەڭ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئاخىرقى ھېسابتا مەغلۇپ بولۇپ، رەھىمسىز قىرغىنغا ئۇچرىدى. بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن، فېئوداللارغا قاقشاتقۇچ زەربە

بەردى، كېيىنكى ۋاقىتلاردا دېھقانلار قوزغىلىڭى دولقۇن كەبى بىر دەم كۆتىرىلىپ-بىر دەم پەسىيىپ، زادىلا بېسىقماي، فېئودال ھۆكۈمرانلىقىنى تەۋرىتىپ قويىدى، بۇ ھال ئىنقىلاپنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇرژۇئازىيىمۇ كۈنسايىن زورىيىپ، فېئودال ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا توسالغۇ بولۇۋاتقانلىقىدىن بارغانسېرى نارازى بولۇپ، فېئودال ئىستىبدات پادىشا ھاكىمىيىتى بىلەن توقۇنۇشۇشقا باشلىدى. بۇنداق توقۇنۇش ئېلىزابېتنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدىلا باشلانغان بولۇپ، كېيىنكى چاغلاردا بارغانسېرى كۆچەيدى ھەمدە ئەنگلىيە بۇرژۇئازىيە ئىنقىلاۋىنىڭ يۈز بېرىشىگە سەۋەبچى بولدى.

**فرانسىيىنىڭ ئىستىبدات پادىشا ھاكىمىيىتى** يۈز يىللىق ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، فرانسىيە ئىستىبدات پادىشا ھاكىمىيىتى پەيدىن-پەي تىكلىنىشكە باشلىدى، بىراق ئۇ بىرقەدەر ئەگرى-توقاي جەريانلارنى بېشىدىن كەچۈردى. 16-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، فرانسىيە ئىتالىيىنى تالىشىش يۈزىسىدىن گېرمانىيە بىلەن نەچچە ئون يىل ئۇرۇش قىلىپ، نۇرغۇن ئادەم كۈچى ۋە ماددى كۈچنى چىقىم قىلدى. ئۇزاق ئۆتمەي، مەملىكەت ئىچىدە يەنە ئۇزاققا سوزۇلغان دىنىي ئۇرۇش (1562—1594) پارتلىدى. دىنىي ئۇرۇش قارىماققا كونا دىن بىلەن يېڭى دىن ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشتەك① كۆرۈنگىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە، فېئودال ئاقسۆڭەك-

① فرانسىيە يېڭى دىندارلىرى كالۋىنچىلاردىن ئىبارەت بولۇپ، خۇگۇئېنوچىلار دەپ ئاتىلىدۇ. 15-باب، 2-بۆلۈمگە قارالسۇن.

لەرنىڭ پادىشالىق تەختىنى تالىشىش يولىدىكى قالايمىقان ئۇرۇشى ئىدى، بۇ ئۇرۇش نەتىجىسىدە، پۈتۈن مەملىكەتتە ئېغىر دەرىجىدە بۆلۈنۈش پەيدا بولۇپ، پادىشا ھاكىمىيىتى كىرىزىسكە پېتىپ قالدى. ھېنرى IV (1589 — 1610) نۇرغۇن كۈچ سەرپ قىلىش ئارقىلىقلا، ئاندىن پۈتۈن مەملىكەتنى قايتىدىن بىرلىككە كەلتۈردى، شۇنىڭدەك 1598-يىلى نانت خان ئەمرىنى چۈشۈرۈپ، خۇگېنوتچىلاردا مەلۇم ئېتىقات ئەركىنلىكىنىڭ بولۇشىغا رۇخسەت قىلدى.

ھېنرى IV دىن تارتىپ فرانسىيىنىڭ بوربون خاندانلىقى (1589 — 1792) باشلاندى. ئۇ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش مەقسىتىدە، يېزا ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللانغانلارنى تەقدىرلەپ، باجنى تۆۋەنلىتىپ، سودا-سانائەتنىڭ راۋاجلىنىشىغا مەدەت بېرىپ، ئىقتىسادنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش كويىدا بولدى. ھېنرى IV ئۆلگەندىن كېيىن، 17-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، رىشلى ۋە ماساللېن دېگەن ئىككى كۈچلۈك باش ۋەزىر ئارقا-ئارقىدىن باش ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىدى، ئۇلار ئاقسۆڭەكلەردىن بولغان بۆلگۈنچى كۈچلەرنى جېنىنىڭ بېرىچە ئاجىزلاشتۇرۇپ، ھوقۇقنىڭ مەركەزلەشتۈرۈلۈش دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، سودا-سانائەتنىڭ راۋاجلىنىشىغا داۋاملىق تۈرتە ئىلھام بەردى. 1661-يىلى ماساللېن ئۆلگەندىن كېيىن، لۇئى XIV ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئۆزى بىۋاستە رىياسەتچىلىك قىلدى، شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، فرانسىيە ئىستىبدات پادىشا ھاكىمىيىتىنىڭ تازا گۈللەنگەن دەۋرى (1661 — 1715) باشلاندى.

لۇئى XIV "مەن ئۆزەم دۆلەتتۇرمەن" دەپ جاكالىدى. ئۇ چوڭ ھوقۇقلارنى ئۆز چاڭگىلىغا ئېلىۋېلىپ، چوڭ-كىچىك ئىشلار-

نىڭ ھەممىسىنى ئۆزى باشقۇرۇپ، 3 دەرىجىلىكلەر يىغىنىنى پەقەت ئاچماي، پادىشا ھاكىمىيىتىگە ھەرقانداق چەكلىمە قويۇشقا قارشى تۇردى. ئۇنىڭ ۋەزىرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى نېمە دېسە، خوش-خوش دەپ قول قوشتۇرۇپ تۇرىدىغان ئىتائەتچان قۇللار ئىدى. ئۇ يەنە پادىشانىڭ خۇدادەك ئىززەتلىك ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلىش ئۈچۈن، ئوردا ئىچىدە مۇرەككەپ مۇراسىم ۋە قائىدە-يوسۇنلارنى بەلگىلىدى. ئەمەلىيەتتە، لۇئى XIV فرانسىيە فېودال ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ مەنپە-ئەتىگىلا ۋەكىللىك قىلاتتى، خالاس، ئۇنىڭ ھاكىممۇتلەقلىق ھوكۇمرانلىقى ئاقسۆڭەكلەر سىنىپىنىڭ ئېھتىياجىنى ئەكس ئەتتۈ-رۈپ بەردى. بۇ ۋاقىتلاردا فرانسىيىنىڭ بيۇروكرات ئاپاراتلىرى ۋە ئارمىيىسى ناھايىتى كېڭىيىپ كەتتى. ئاقسۆڭەكلەر ياكى ئارمىيىدە ئەپىتسەرلىك ۋەزىپىسىگە تەيىنلىنەتتى، ياكى بولمىسا، پادىشانىڭ ئوردىسىدا خىزمەتكە قويۇلاتتى. ئۇلار قىلغىلى ئىشى يوق لاغايلاپ يۈرۈشمۇ، لېكىن يۇقۇرى ئىش ھەققى ئېلىپ، ھەشەمەتلىك ۋېرسال سارىيىدا ئەيش-ئىشرەتلىك تۇرمۇش كەچۈرەتتى. لۇئى XIV نىڭ دەۋرىدە، فرانسىيە ئىسپانىيە، گوللاندىيە ۋە ئەنگلىيە-لەر بىلەن تالاي قېتىم ئۇرۇش قىلىپ، يەر ۋە بايلىق تالاشتى، نەتىجىدە، نۇرغۇن پۇل چىقىم بولۇپ، ھوكۇمەت ئىقتىسادىي جەھەتتە ئېغىر مۇشكۇل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى.

لۇئى XIV نىڭ دەۋرىدە، دۆلەت راسخودى بارغانسېرى چوڭى-يىپ كەتتى. ئۇ تېخىمۇ كۆپ پۇل توپلاش ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن، ئەمگەكچى خەلق ئۈستىدىكى باج-سېلىق ئېكسپىلاتاتسىيىسىنى كۈچەيتكەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، بۇرژۇئازىيىدىن پۇل غەم-لىدى. ئەينى چاغدىكى مالىيە ۋەزىرى كولبېرنىڭ ئىقتىسادىي

www.uyghurkitap.com

سىياسىتى سودا ئەلاچىلىقى دەپ ئاتالدى، يەنى كوربۇن دۆلەتنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن، چەتتىن كىرگۈزۈشنى ئىمكان قەدەر ئازايتىپ، چەتكە چىقىرىشنى كۆپەيتىپ، ئاكتىپ ئېكسپورت ئارقىلىق تېخىمۇ جىق ئاقچىنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم دەپ ھېساپلايتتى. شۇڭلاشقا، كوربۇن ياردەم سوممىسى ئارقىلىق، ئۆز دۆلىتىنىڭ سانائىتىنى راۋاجلاندۇرۇشنى، خۇسۇسەن زىبۇ-زىننەت بۇيۇملىرى سانائىتىنى راۋاجلاندۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى، شۇنىڭدەك دۆلەت ئىچىدىكى بىر قىسىم چازىلارنى ئەمەلدىن قالدۇردى، باج نىسبىتىنى تۆۋەن چۈشۈردى، قاتناش-ترانسپورت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇردى، دېڭىزچىلىق ئىشلىرىنى كۈچەيتتى، مۇستەملىكىلەرنى تالان-تاراج قىلىشقا ئىلھام بەردى، ۋاھاكازا. بۇ تەدبىرلەرنىڭ ھەممىسى كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق تەدبىرلەر ئىدى، شۇڭلاشقىمۇ بۇرژۇئازىيىنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشىگە ئېگە بولدى. لېكىن، خاندانلىقنىڭ ئىقتىسادىي سىياسىتىنىڭ تۈپ مەقسىتى فېوداللار ئۈچۈن بايلىق شىلىپ ئېلىش بولغاچقا، فېودال ھۆكۈمرانلىققا خەۋپ يېتىپ قىلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، كاپىتالىزمنى ھەددىدىن ئارتۇق راۋاجلاندۇرۇشقا قارشى تۇرۇلدى، بۇنىڭ بىلەن، ئەڭ ئاخىرىدا، كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىياتى توسقۇنلۇققا ئۇچرىدى.

فرانسىيە فېودالىزمى ئەنگلىيە فېودالىزمىغا قارىغاندا تېخىمۇ قەيسەر بولغانلىقى ئۈچۈن، فرانسىيىدە كاپىتالىزمنىڭ راۋاجلىنىشى ئەنگلىيىدىكىگە قارىغاندا ئاستىراق بولدى، بۇ ھال فرانسىيە بۇرژۇئازىيىسىگە تەسىر يەتكۈزدى. فېودال خاندانلىق باجنى ھۆددىگە ئېلىش تۈزۈمى ئارقىلىق، بۇرژۇئازىيە بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى،

ۋاھالەنكى، بۇرژۇئازىيىمۇ بۇ ئارقىلىق فېودالىزىم بىلەن، تېخىمۇ زىچ تىسل بىرىكتۈردى. ئۇلار بېيىغاندىن كېيىن، كوپىنچە، يەر سېتىۋالدى، ئەمەل سېتىۋالدى، ياكى ئاقسوڭەك ئۇنۋانىنى سېتىۋالدى، نەتىجىدە، ئەنگلىيىدىكىگە ئوخشاش، ئاقسوڭەكلەرنىڭ بۇرژۇئازىيىلىشىشى كېلىپ چىقماستىن، بەلكى بۇرژۇئازىيىنىڭ ئاقسوڭەكلىشىشى كېلىپ چىقتى. بۇنداق بۇرژۇئازلار، ئىلگىرىكى "خەنجەرلىك ئاقسوڭەكلەر"دىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن، "ئۇزۇن چاپانلىق ئاقسوڭەكلەر" دەپ ئاتالدى، ئۇلار ئىستىبدات پادىشا ھاكىمىيىتىنىڭ كۈچلۈك تۈۋرۈكى ئىدى.

ئىستىبدات پادىشا ھاكىمىيىتىنىڭ زۇلمى فرانسىيىدە خەلقنىڭ ناھايىتى زور قارشىلىقىنى قوزغىدى، كۈرەش دولقۇنلىرى ئۈزۈلمەي ئارقا-ئارقىدىن كوتىرىلىپ تۇردى. 16-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىلا، پارىژ ۋە لىوندىكى مەتبە ئىشچىلىرى ئىش ھەققىنى ئاشۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ، ئىش تاشلىغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، غەربىي جەنۇپتىكى بەزى شەھەرلەردە خەلق دولەتنىڭ مەجبۇرەن باج ئېلىشىغا قارشى كەڭ كولەمدە قوزغىلاڭ كوتەردى. بوردودا غەزەپكە كەلگەن ئامما باجگىر ۋە باشقىلارنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈپ، شەھەرنى كونترول قىلىۋالغان ئىدى، كېيىن باستۇرۇلدى.

16-ئەسىرنىڭ 90-يىللىرىدا، دىنىي ئۇرۇش نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان ئېغىر مۇددەتلىك يېغىلىق خەلققە بىرمۇنچە ئازاپ-ئوقۇبەتلەرنى ئېلىپ كەلدى، شۇ سەۋەپتىن، خەلق ئارقا-ئارقىدىن قوزغىلاڭ كوتەردى. ئۇلار قوراللىنىپ، قوشۇن تەشكىللەپ، فېوداللار، ياللانما قوشۇنلار ۋە باجگىرلارنىڭ قايسى دىنىي مەزھەپكە تەئەللۇق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ھەممىسىنى يوقاتتى. فېودالار

يۈرىگى يېرىلغۇدەك قورقۇپ، ئىچكى ئۇرۇشنى دەرھال توختىتىپ، بىرلىشىپ دېھقانلارنى باستۇردى.

17 ـ ئەسىرگە كەلگەندە، خەلقنىڭ فېئوداللىققا قارشى كۈرەشلىرى تېخىمۇ ئەۋج ئېلىپ كەتتى، كۆلىمى بارغانسېرى زورايدى. 1648 ـ يىلى، پارىژدا فۇرۇند ۋەقەسى① يۈز بەردى. پارىژ يۇقىرى سوت مەھكىمىسى فېئودال پادىشاھ ھاكىمىيىتىنىڭ ھەددىدىن تاشقىرى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشىنى چەكلەش ئۈچۈن، پادىشاھ يېڭى باج يىغماقچى بولغاندا، ئالدى بىلەن، ئۇنى سوت مەھكىمىسىدە مۇزاكىرىگە قويۇش، مەلۇم باجنى ھوددىگە ئېلىش تۈزۈملىرىنى بىكار قىلىش ۋە قەرز بېجىنى كەچۈرۈم قىلىشقا ئوخشىغان بەزى ئىسلاھاتلارنى يولغا قويۇشنى تەلەپ قىلدى. بۇ تەلەپ بۇرژۇئازىيىنىڭ مەنپەئەتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەتتى. لېكىن، شۇنداق تۇرۇقلۇقمۇ ئۇ يەنىلا خەلق ئاممىسىنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشتى، دېھقانلار ھەممىلا يەردە باج تاپشۇرۇشنى توختىتىپ، باجگىرلارغا قارشى تۇردى. ماسالەن ئۇلارنى باستۇرۇپ، ئىككى سوراقچىنى قولغا ئالدى، نەتىجىدە خەلق قوزغىلاڭ كۆتەردى. پارىژدا بىر كېچىنىڭ ئىچىدىلا مىڭدىن ئارتۇق كوچا قورغانلىرى قۇرۇلۇپ، خەلق ھۆكۈمەت ئارمىيىسى بىلەن كەسكىن جەڭ قىلدى، تىركىشىش 3 ئايىچە داۋام قىلدى. لېكىن، خەلقنىڭ قوزغالغانلىقىدىن بۇرژۇئازىيە قورقۇپ كەتتى، ئۇلار ئىنقىلاپنىڭ يۈز بېرىشىدىن ئەنسىرەپ،

---

① فۇرۇند بىر خىل ئاتىدىغان تاش قورالنىڭ ئىسمى بولۇپ، پارىژدىكى ئاما ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىڭ بىلەن ھۆكۈمرانلارنىڭ تۇرار جايلىرىغا ھۇجۇم قىلغان ئىدى، شۇڭا بۇ ھەركەت فۇرۇند ھەركىتى دەپ ئاتالغان.

مەخپى هالدا ماسالىەن بىلەن سوھبەت ئۆتكۈزۈپ تەسلىم بولـدى-
دە، قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولدى. بۇ قىبتمـقى ۋەقە فرانـسىيە بۇرژۇ-
ئازىيىسىنىڭ تېخى پىشىپ يېتىلىپ ھاكىمىيەتنى بىۋاستە تارتىۋالغۇ-
دەك دەرىجىگە يەتمىگەنلىكىنى، قوزغىلىپ ئىنقىلاپ قىلىشقا جۈرئەت
قىلالمايدىغانلىقىنى، فرانسىيەدە ئىنقىلاپىنىڭ يەنە يىرىم ئەسىردىن
كېيىن يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ئون بەشىنچى باب

# غەربىي ياۋروپادا فېئوداللىق جەمئىيەتلەر زاۋالغا يۈز تۇتقان دەۋردىكى سىنىپىي كۈرەش

غەربىي ياۋروپادا فېئوداللىق جەمئىيەتلەر كۈندىن-كۈنگە پارچىلىنىپ، كاپىتالىزم ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىۋاتقان دەۋرلەردە سىنىپىي كۈرەش مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئۆتكۈرلىشىپ ۋە كەسكىنلىشىپ كەتتى. بۇ كۈرەش فېئوداللىزم شارائىتىدىكى كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ فېئوداللىق ئېكسپلاتاتسىيىگە ۋە زۇلۇمىغا قارشى كۈرىشى، دەسلەپكى چاغلاردىكى ئىشچىلارنىڭ كاپىتالىستىك ئېكسپلاتاتسىيىگە قارشى كۈرىشى، شۇنىڭدەك يېڭى گۈللەنگەن بۇرژۇئازىيىنىڭ فېئوداللىزمغا قارشى كۈرىشى قاتارلىق كۈرەشلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ كۈرەشلەر ئىقتىسات، سىياسى ۋە مەدەنىيەت قاتارلىق ساھەلەرگە بېرىپ تاقالدى، كۈرەشنىڭ تۈپ مەقسىدى بولسا ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشتىن ئىبارەت بولدى. كەڭ خەلق ئاممىسى فېئودال ھۆكۈمرانلىقنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش كۈرىشىنى قوزغىۋەتتى. فېئوداللار بولسا ھە دەپ جان تالىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشتى.

يېڭى گۈللەنگەن بۇرژۇئازىيە ئالدى بىلەن مەدەنىيەت ۋە ئىدىيە ساھەلىرىدە فېئوداللىزمغا قارشى تۇرۇپ، ئەدەبىيات-سەنئەتنى

گۈللەندۈرۈش ھەركىتىنى قانات يايدۇردى ھەمدە يەنىمۇ ئىلگىرىلى-
گەن ھالدا، فېودالىلىق ئىسلاھىي ھاكىمىيەتكە دىنىي ئىسلاھات
شەكلى ئارقىلىق قارشى تۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ تەختكە چىقىشى ئۈچۈن
ھازىرلىق قىلدى. بىراق، فېوداللىققا قارشى كۆرەشنىڭ ئاساسىي
قوشۇنى دېھقانلار ۋە شەھەر ئاددىي خەلقىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان
ئەمگەكچى خەلق ئىدى، ئۇلار سىياسىي ھەركەت ۋە قوراللىق
كۆرەشنى قانات يايدۇرۇپ، فېوداللارغا قاقشاتقۇچ زەربىلەرنى
بېرىپ، ئىنقىلاۋىي كۆرەشنىڭ ئۇلۇق سەھىپىلىرىنى يېزىپ
قالدۇردى. بۇرژۇئازىيە بۇ چاغلاردا تېخى بىرقەدەر ئاجىز بولغاچقا،
فېودالىزمغا قارشى قەتئىي كۆرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلالماي،
ئىككىلىنىپ ۋە مۇرەسسە قىلىپ، ئۆزىنىڭ خەلقتىن قورقىدىغان
تەبىئىتىنى ئاشكارىلاپ قويدى، شۇنداقلا ئەڭ ئاخىرىدا خەلقتىن
يۈز ئۆرۈپ، ئىنقىلاۋىي كۆرەشنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى.

غەربىي ياۋروپا ئەللىرىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىمۇ تەكشى بولمى-
دى، ئەلۋەتتە. ئىتالىيىدە كاپىتالىزمنىڭ ئامىللىرى ھەممىدىن
ئاۋۋال پەيدا بولدى، ئۇ ئەدەبىيات-سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش
ھەركىتىنىڭ بۆشۈكى ئىدى، ئەمما، كاپىتالىزىم ئىتالىيىدە كېيىنكى
ۋاقىتلاردا تازا زور دەرىجىدە راۋاجلىنالماي، زاۋاللىققا يۈز تۇتتى.
گېرمانىيىنىڭ ئىقتىسادى بىرقەدەر قالاق ئىدى. دۆلەت بىرلىككە
كەلمىگەن، سىنىپىي زىددىيەت كەسكىن ئىدى، ئۇ يەردە غەربىي
ياۋروپادا فېودالىلىققا قارشى كۆرەشتىكى تۇنجى قېتىملىق ھەل
قىلغۇچ چوڭ ئۇرۇش ھساپلانغان ئۇلۇغ دىنىي ئىسلاھات ۋە دېھقان-
لار ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىلدى، شۇنىڭدىن باشلاپ، غەربىي ياۋروپادى-
كى فېودال دىنىي جەمىيەت كۈچلىرى ئەجەللىك زەربىگە ئۇچرىدى.

نىدېرلاندىيىدە كاپىتالىزىم تازا راۋاجلاندى، نىدېرلاندىيىدە بۇرژۇئازىيە ئىنقىلاۋى ئېلىپ بېرىلىپ، بۇرژۇئازىيە ھاكىمىيەتنى قولغا ئالدى، گوللاندىيە 17-ئەسىردە راۋاجلىنىپ تىپىك كاپىتالىستىك دۆلەتكە ئايلاندى.

## 1-بۆلۈم ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ گۈللىنىشى

**ئەدەبىيات-سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش ھەرىكىتىنىڭ كېلىپ چىقىشى** ئەدەبىيات-سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش ھەرىكىتى غەربىي ياۋروپادىكى يېڭى گۈللەنگەن بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىدىئولوگىيە ساھەسىدە ئېلىپ بارغان فېئوداللىققا قارشى ھەرىكىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھەرىكەت 14-ئەسىرلەردە ئىتالىيىدە كېلىپ چىقتى، كېيىن تەدرىجىي ھالدا غەربىي ياۋروپا ئەللىرىگە تارقالدى. 14-ۋە 15-ئەسىرلەر دەسلەپكى مەزگىللەردىكى ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ گۈللىنىش دەۋرى، 16-ئەسىرلەر ئۇنىڭ تازا گۈللەنگەن دەۋرى، 16-ئەسىرلەرنىڭ ئاخىرى بولسا زاۋاللىققا قاراپ يۈز تۇتقان دەۋرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئىتالىيە ئوتتۇرا ئەسىرلەردە تېخى بىرلىككە كەلگەن دۆلەت ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ شىمالىي قىسمى مۇقەددەس رىم ئىمپېرىيىسى تەرىپىدىن تىزگىنلىۋېلىنغان، جەنۇبىي قىسمى ئارقا-ئارقىدىن گېرمانىيە، فرانسىيە ۋە ئىسپانىيە قاتارلىق دۆلەتلەر تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان ئىدى، ئوتتۇرا قىسمى پاپا ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلار ئىدى. ئۇ ئۇزاققىچە بىرمۇنچە ئۇششاق فېئودال ئىشتاتلارغا بۆلۈن-

گەن ھالەتتە تۇردى، ئۇنىڭ ئۈستىگە غەربىي ياۋروپادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچراپ تۇردى. ئىچكى ئۇرۇش ۋە تاشقى ئۇرۇشلار ئارقا-ئارقىدىن ئۈزۈلمەي بولۇپ تۇردى. ۋاھالەنكى، ئىتالىيە ئوتتۇرا دېڭىزغا تۇتاشقان، فېئوداللىق تۈزۈمدىكى غەربىي ياۋروپا بىلەن شەرق ئوتتۇرىسىدىكى سودا تۈگۈنى بولغاچقا، ئۇنىڭ شەھەرلىرى بىرقەدەر بالدۇر گۈللەندى ھەمدە بىرقەدەر تېز راۋاجلاندى.

ۋېنتسىيە، گېنۇيە ۋە فلورېنتسىيە قاتارلىق شەھەرلەر ئىتالىيەدىكى ئەڭ مەشھۇر شەھەرلەردىن بولۇپ ھېساپلىناتتى. ۋېنتسىيە بىلەن گېنۇيەدە سودا ئىشلىرى تازا تەرەققى تاپقان بولۇپ، ناھايىتى زور سودا پاراخوتچىلىرى ۋە ھەربىي پاراخوت بار ئىدى، ئۇلار كونستانتىنوپول، شىمالىي ئافرىقا، كىچىك ئاسىيا ۋە قارا دېڭىز قىرغاقلىرىدىكى جايلار بىلەن كەڭ تۈردە سودا ئالاقىسى قىلاتتى. فلورېنتسىيە ئىتالىيەدىكى ئەڭ چوڭ قول سانائەت مەركىزى ئىدى، ئۇنىڭدا يۇڭ توقۇمىچىلىق بىلەن يىپەك توقۇمىچىلىق راۋاجلانغان بولۇپ، ئەنگلىيە ۋە ئىسپانىيەدىن ئېلىپ كېلىنگەن قوي يۇڭىدىن توقۇلغان يۇڭ توقۇلمىلار ياۋروپانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا سېتىلاتتى.

ئىتالىيەنىڭ شەھەرلىرىدە 14 ـ ۋە 15 ـ ئەسىرلەردىلا كاپىتالىزمنىڭ بىخلىرى پەيدا بولدى، يۇڭ توقۇمىچىلىق، يىپەك توقۇمىچىلىق ۋە كېمىسچىلىك قاتارلىق ساھەلەردە يېڭىدىن كۆتۈرۈلگەن كاپىتالىستلار ۋە كۆپلىگەن ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچى ياللانما ئىشچىلار بارلىققا كەلدى، تارقاق ياكى مەركەزلەشكەن قول سانائەت ئىشخانىلىرى بارلىققا كەلدى. فلورېنتسىيەنى مىسالغا ئالىدىغان بولساق، ئۇ يەردە 14 ـ ئەسىردە 30 مىڭدەك يۇڭ توقۇمىچىلىق ئىش-

www.uyghurkitap.com

چىسى بار ئىدى، ئۇلارنىڭ كوپىنچىسى ھېچنىمىسى يوق، تازا نامە-
رات ئىشچىلار بولۇپ، كاپىتالىستلارغا ياللىنىپ، زاۋۇت ئۆيلىرىدە
يۇڭ تاراش، يۇڭ يۇيۇش ۋە يۇڭ ئېتىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللى-
ناتتى؛ يەنە بەزىلىرى ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى ساقلاپ كەلگەن،
كاپىتالىستلار يەتكۈزۈپ بەرگەن خام ئەشيالارنى پىششىقلاپ ئىش-
لەپ، كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا ئىش ھەققى ئالىدىغان ئائىلە قول
سانائەتچىلىرى ئىدى.

سىياسى جەھەتتىن، بۇ شەھەرلەرنىڭ بەزىلىرى شەھەر دۆلىتى
بولۇپ شەكىللەندى، ھاكىمىيەت چوڭ بانكىرلار، چوڭ سودىگەرلەر
ۋە ئىشخانا ئىگىلىرىنىڭ چاڭگىلىدا بولۇپ، ئۇلار مۇستۇمزورلۇق
ھۆكۈمرانلىقىنى يولغا قويۇپ، تۆۋەن قاتلامدىكى خەلقنى ئەزدى.
پادىشا بىلەن پاپا ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ تەسىرى نەتىجىسىدە،
ئىتالىيىنىڭ بەزى شەھەرلىرىدىكى ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى پاپا پارتى-
يىسى ۋە پادىشا پارتىيىسى دەپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى، ئۇلار
ھاكىمىيەت تالىشىپ ئۆزئارا قىزغىن كۈرەش قىلىشتى ھەمدە تۆۋەن
قاتلامدىكى خەلقنىڭ نارازىلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى ھۇجۇم
قىلىشتى، نەتىجىدە كۈرەش كەسكىنلىشىپ كەتتى. تۆۋەن قاتلامدىكى
ئېزىلگۈچى ئاممىلار دائىم ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە زۇلۇمغا قارشى
كۈرەش قوزغاپ تۇردى، مەسىلەن، 1378-يىلى، فلورېنتسىيە يۇڭ
تاراش ئىشچىلىرى چوڭ قوزغىلاڭ كوتەردى. قوزغىلاڭچىلار ئىش
ھەققىنى 50 پىرسەنت ئۆستۈرۈپ بېرىش، قەرزنى كېچىكتۈرۈپ
تولەش، خەلق قوراللىق كۈچلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش قاتارلىق تەلەپ-
لەرنى ئوتتۇرىغا قويدى، شۇنىڭدەك بايلارنى ھەيدىۋېتىپ، ئۆزلىرى
كەسىپداشلار ئۇيۇشمىلىرىنى تەشكىللەپ، ھاكىمىيەتنى ئىگىلىدى.

بىراق قوزغىلاڭنىڭ رەھبىرى بولغان مىكىرلاندو ئۇششاق بۇرژۇئازىيىدىن كېلىپ چىققان بولغاچقا، قەتئىي يول تۇتمىدى. شۇنداقلا كېيىن بايلارغا سېتىلىپ كەتتى. كاپىتالىستلار ئىشخانىلارنى تاقىۋەتتى، نەتىجىدە، توۋەن قاتلاملاردىكى ئىشچىلار ئىشسىز قالدى ۋە ئاچارچىلىق ئازاۋىنى چېكىشكە باشلىدى، لاندو ئاسىلىق قىلىپ، يۇڭ تاراش ئىشچىلىرىنى باستۇردى، بۇنىڭ بىلەن قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولدى. بۇ تارىختا ياللانما ئىشچىلارنىڭ ئېزىلىش ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىگە قارشى تۇنجى قېتىملىق كۈرىشى ئىدى. تارىخىي شارائىتلارنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، ئۇ چاغدىكى ئىشچىلار تېخى تازا پىشىپ يېتىلمىگەن، پرولېتارىيات بولۇپ تەشكىللەنمىگەن ئىدى، شۇڭا ئۇلار كۈرەشنى غەلىبە قىلغانغا قەدەر داۋاملاشتۇرالمىدى.

ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش ھەركىتى ئەنە شۇنداق ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا ۋۇجۇتقا كەلدى. شۇ ۋاقىتتا، فلورېنتسىيە، ۋېنېتسىيە ۋە مىلان قاتارلىق شەھەرلەردە دەسلەپكى چاغلاردىكى بۇرژۇئازىيە زىيالىيلىرى بارلىققا كەلدى، ئۇلار باشتا كىلاسسىك مەدەنىيەتنى تەشەببۇس قىلىپ، ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان كۆمۈلۈپ قالغان يۇنان ۋە رىم ئەسەرلىرىنى كەڭ تۈردە ئىزدەپ تېپىپ، شۇ چاغدىكى پەلسەپە، ئەدەبىيات ۋە سەنئەت قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلدى. ئۇلار كىلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ دىندىن خالىيلىقى، كىلاسسىك ئەسەرلەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن كىشىلىك تۇرمۇشنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش خاھىشىدىن پايدىلىنىپ، ئوتتۇرا ئەسىردىكى فېودال ئىلاھىيەتكە قارشى تۇرۇپ، بۇرژۇئازىيىنىڭ ئاڭ ـ پىكرىنى راۋاجلاندۇردى. بۇ شەھەرلەردىكى ھۆكۈمرانلار، دۆلەتمەن سودىگەرلەر ۋە بۇرژۇئازىيە، ھەتتا رىم پاپاسىنىڭ شەخسەن ئۆزىمۇ لاتاپەتلىك

www.uyghurkitap.com

بولۇپ كورۇنۇش، سىياسى دەسمايە توپلاش ۋە ئۆز كۈچلىرىنى يېتىشتۈرۈش مەقسىتىدە، ئىلىم ئەھلىلىرىنى ئۆز يېنىغا تەكلىپ قىلىپ، ئىلىم-پەن نەتىجىلىرىنى تەقدىرلىدى. ئىتالىيىنىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىدە ئىلىم-پەن بىر مەزگىل گۈللەپ-ياشناپ، گويا كىلاسسىك مەدەنىيەت قايتىدىن گەۋدىلەنگەندەك مەنزىرە شەكىللەنگەن ئىدى، شۇ سەۋەپتىن، بۇ مەدەنىيەت ھەركىتى كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئەدەبىيات-سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش ھەركىتى دەپ ئاتالدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ قۇللۇق تۈزۈم مەدەنىيىتىنىڭ تىرىلىشى ئەمەس، بەلكى بۇرژۇئازىيە مەدەنىيىتىنىڭ باش كۆتىرىشى ئىدى.

**ئىنسانپەرۋەرلىك** ئەدەبىيات-سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش ھەركىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدى. ئىنسانپەرۋەرلىك ئادەمنى مەركەز قىلىپ، ئىلاھنى مەركەز قىلغان فېئوداللىق ئىدىيە بىلەن قارشىلاشتى. ئۇ دىنىي جەمىيەت تەشۋىق قىلغان ئادەم تۇغۇلۇپلا گۇنالىق بولىدۇ، شۇڭا ئۇرۇپ-ئادەتلەردىن خالى بولۇش ۋە نەپسىنى يىغىپ، دەرۋىشلىك قىلىش كېرەك دەيدىغان ئۈمىتسىزلىك-تەركى دۇنياچىلىق ئىدىيىسىگە قارشى تۇرۇپ، ئادەمنىڭ تۇرمۇشنىڭ يارىتقۇچىسى ۋە خوجايىنى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشتىكى دوستلۇق، مۇھەببەت ۋە سەنئەت قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدىن بەھرىمەن بولۇشى كېرەكلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئادەمنىڭ قابىلىيىتى ۋە ئەقىل-پاراسىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، رىيال تۇرمۇشقا قارىتا ئاكتىپ پوزىتسىيە تۇتۇشنى تەلەپ قىلدى. بىر ئىنسانپەرۋەر مۇنداق دەپ يازىدۇ: "ئادەم ئۆز ئۆزىنى يارىتىدۇ، ئۇ ھايۋان دەرىجىسىگە چۈشۈپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. ئىلاھ دەرىجىسىگە كۆتىرىلىشىمۇ مۇمكىن. ئادەم نېمە دېگەن كارامەت-ھە! ئۇ ئۆزى

تەلەپ قىلغان نەرسىنىڭ ھەرقانداقىنى قولغا كەلتۈرەلىشى، ئارزۇ قىلغان نەرسىنىڭ ھەرقانداقىغا ئېرىشەلىشى مۇمكىن......ئادەم تورلىشتىلا بارلىق ئىمكانىيەتلەرگە ئىگە بولغان ھالدا تورىلىدۇ......".

ئىنسانپەرۋەرلەر فېئودال دىنىي جەمئىيەتنىڭ جاھىللىقى ۋە چىرىكلىكىگە قارشى تۇرۇپ، روھانىيلارنىڭ بىمەنە ۋە نادانلىقىنى مەسخىرە قىلدى، فېئوداللار ئائىلىسىنى مەلىستىمەدى، ھەتتا: "ئۆزلىرىنىڭ ئاقسۆڭەك-ئېسىلزادىلەر ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققانلىقى بىلەن ماختانغانلىق ئەۋلاتتىن-ئەۋلاتقىچە جىنايەتتىن قول ئۈزمەيدىغان قاراقچىلار ئىكەنلىكى بىلەن ماختانغانلىق بولىدۇ" دېدى. ئىنسانپەرۋەرلەر پەننى بىلىملەرگە ئىنتىلەتتى، مەدەنىيەتنى تەشەببۇس قىلاتتى، ئادەمنىڭ رېئال دۇنيادىكى باتۇرلۇق ھەركەتلىرى ۋە چاققان-چەبدەسلىكىنى مەدھىيىلەيتتى، ۋاھاكازا. مانا بۇلار ئەينى ۋاقىتتىكى بۇرژۇئازىيىنىڭ جانلىق-جۇشقۇنلۇق بولغان، فېئودالىق تۈزۈمنىڭ ئورنىنى ئېلىشنى تەلەپ قىلىدىغان ئىدىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەتتى.

ئىنسانپەرۋەرلەر فېئودال دىنىي جەمئىيەتكە تازا ئۈزۈل-كېسىل قارشى تۇرمىدى، ئۇلار ئىدىيە جەھەتتە دىننى ئىنكار قىلماستىن، پەقەت دىنىي جەمئىيەتنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق چىرىكلىشىپ كەتكەنلىكىدەك تەرىپىنىلا تەنقىت قىلدى. بەزىلەر خۇدانىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى دەلىللەش ئۈچۈن، پەلسەپە بىلەن دىننى مۇرەسسەلەشتۈرمەكچى بولدى. مەشھۇر ئىنسانپەرۋەر ۋاللا (1407—1457) تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ئارقىلىق، دىنىي جەمئىيەتنىڭ ئۆزىنىڭ دەھرى ھۆكۈمرانلىق ھوقۇققا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ھۆججەتلىرىنىڭ پۈتۈنلەي ئويدۇرما ئىكەنلىكىنى ئېچىپ تاشلىدى. بۇنىڭ

بىلەن رىم ۋاتىكانىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى خېلى زور دەرىجىدە تەۋرىنىپ قالدى. لېكىن، ۋاللا ئۆزىنىڭ «ھەقىقىي بەخت ھەققىدە» دىگەن ماقالىسىدا، كىلاسسىك پەلسەپىنىڭ خىرىستىيان دىنىنىڭ ئىلاھىيەتىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشكە پېتىنالمىدى.

ئىنسانپەرۋەرلەر ئىنسان تەبىئىتىنى تەشەببۇس قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئاغزىدىكى ئىنسان ئابستراكت ئىنسان بولۇپ، ئۇنداق ئىنسان ئەلۋەتتە مەۋجۇت ئەمەس ئىدى، لېكىن سىنىپىي ماھىيەت جەھەتتىن قارىغاندا، ئۇنداق ئىنسان بۇرژۇئازىيە ئىدى. ئۇلارنىڭ تەرغىب قىلغىنى ئۆزلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى، ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇ-ھەۋەس ۋە مەنپەئەتىنى قاندۇرۇشنى تەلەپ قىلىدىغان، نام-مەنپەئەت قوغلىشىدىغان، باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىنى ناھايىتى ئاز ئويلايدىغان، شەخسنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئۈچۈن قولىدىن كېلىدىغانلىكى ۋاستىلەرنى قوللىنىدىغان بۇرژۇئا شەخسىيەتچىلىكى بولدى. شۇڭا، ئىنسانپەرۋەرلەر تەلەپ قىلغان شەخسىي ئەركىنلىك، تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، بۇرژۇئازىيىنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ئەركىنلىكىدىن، ئۇلار كۆزلىگەن بەخت مىليونلىغان ئەمگەكچى ئاممىنى چەكسىز ئازاب-ئوقۇبەتكە گىرىپتار قىلىش ھېساۋىغا يارىتىلىدىغان بەختتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئىنسانپەرۋەرلەر بۇرژۇئا شەخسىيەتچىلىكىنى ئاساس قىلغاچقا، ئايرىم "تالانت ئىگىلىرى"گە چوقۇنۇپ، خەلق ئاممىسىنى كۆزگە ئىلمىدى. ئۇلار قەھرىمانلار تارىخ يارىتىدۇ دەيدىغان ئەكسىيەتچىل قاراشنى تەشەببۇس قىلىپ، تارىخ "كۈچلۈكلەر"گە باغلىق، كەڭ ئامما بولسا ئاجىزلار، قارا خەلقتۇر، دەپ ھېساپلىدى. ئىنسانپەرۋەرلەر ئاممىنى ھەم كۆزگە ئىلمايتتى، ھەم ئۇلاردىن

قورقاتتى، ئۇلارنىڭ كوپچىلىگى ئوردا ئىچىدە، بايلارنىڭ ۋە پاپىنىڭ پىنىدا ھەركەت قىلاتتى، ئۇلارغا شېئىر ئوقۇپ، رەسىم سىزىپ بېرەتتى، ئامما بىلەن يېقىنلاشمايتتى. ئۇلارنىڭ بىرمۇنچىسى گەرچە شۇ يەرنىڭ شىۋىسى بىلەن ئەسەر يېزىپ چىققان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار يازغان ئەسەرلەردىن ئەمگەكچى خەلقنىڭ خەۋىرى يوق ئىدى، ئىنسانپەرۋەرلەر توۋەن قاتلامدىكى خەلقنىڭ قوزغىلاڭ ۋە كۆرەشلىرىدىن قورقاتتى، ھەتتا ئۇنى قاغايتتى. مانا بۇ ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىنىڭ ماھىيەت جەھەتتە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار ئىدىيىسى ئىكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

ئەدەبىيات-سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش ھەركىتى، ئەينى ۋاقىتتا، فېئوداللىق ئىدىيىلەرگە قارشى تۇرۇپ، ئىلىم-پەن ۋە مەدەنىيەتنى تەشەببۇس قىلىش جەھەتتە ئىلغار رول ئوينىغان، شۇنىڭدەك، بىرمۇنچە مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىپ، غەربىي ياۋروپانىڭ يېقىنقى زامان بۇرژۇئا مەدەنىيىتىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن ئىدى. بىراق، بۇرژۇئا شەخسىيەتچىلىكى بولغان ئىنسانپەرۋەرلىك ئۆز نۆۋىتىدە نەپسانىيەتچىلىكنىڭ سېسىق بۇسلىرىنىمۇ تارقىتىپ. كېيىنكى چاغلاردا، كاپىتالىزمنىڭ چىرىكلىشىشىگە ئەگىشىپ، تېخىمۇ قالاقلىق ۋە ئەكسىيەتچىلىككە قاراپ يۈز تۇتتى، ۋاھالەنكى، ھازىرقى زامان شيۇجېڭجۇيىچىلىرى ئىنسانپەرۋەرلىكنى — ئاللىبۇرۇن چىرىكلىشىپ ئەبجىغى چىقىپ كەتكەن بۇ سوكال بايراقنى قايتىدىن كوتىرىپ چىقىپ، ئىنسان تەبىئىتى نەزەرىيىسىنى تەرغىپ قىلىپ، پرولېتارىياتنىڭ سىنىپ توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىگە قارشى تۇردى. ئۇلار ئابستراكت ھالدىكى ئىنسانىي غۇرۇر، كىشىلەرگە غەمخورلۇق قىلىش، كىشىلەرنى ئاسراش دېگەنگە ئوخشاش بىرنىمىلەرنى

كوككە كوتىرىپ، سىنىپىي مۇرەسسەنى كەلگ تۇردە يولغا قويىدى، سىنىپىي كۈرەشنى يوقىقا چىقاردى. ماۋجۇشى بۇرۇنلا مۇنداق دەپ كورسەتكەن ئىدى: "سىنىپىي جەمىيەتتە پەقەت سىنىپىي خاراكتىر ئالغان ئىنسان تەبىئىتىلا بار، سىنىپىتىن خالى ھېچقانداق ئىنسان تەبىئىتى يوق."① بىز ئىدىيالىستىك ئىنسان تەبىئىتى نەزەرىيىسىگە ماتېرىيالىستىك سىنىپ نەزەرىيىسى ئارقىلىق قارشى تۇرۇشىمىز لازىم.

**ئەدەبىيات** ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ گۈللىنىش دەۋرىدىكى ئەدەبىيات يېقىنقى زامان ياۋروپا بۇرژۇئا ئەدەبىياتى ئۈچۈن ئاساس يارىتىپ بەردى، ئۇ چاغدىكى ئىسىل ئەسەرلەر ئەينى ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بەرگەن بولۇپ، فېئودالىزىمغا قارشى مەزمۇنلار ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ئىدى، ۋەتەنپەرۋەرلىك كەيپىياتىنى ئىپادىلەپ بېرەتتى. بەزى يازغۇچىلار ئۆز جايىنىڭ شىۋىسى بويىچە ئەسەرلەرنى يازدى ھەمدە خەلق ئەدەبىياتى ئىچىدىن ئوزۇقلۇقلارنى قوبۇل قىلىپ ئالدى. دەرۋەقە، ئۇلارنىڭ تەسۋىرلەش ئوبېكتى ئەمگەكچى خەلق بولماستىن، بەلكى يەنىلا مۇقەددەس خان ـ دانىشمەن ۋەزىرلەر، ئۆلىما ـ نازىنىنلار، ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالار ۋە جىن ـ شەيتانلار ئىدى. ئۇلار ئەينى ۋاقىتتىكى جەمىيەتنى سىنىپىي ماھىيەت جەھەتتىن پاش قىلىپ بېرەلمەيتتى، شۇڭا، ئابستراكت ھالدىكى رەھىمدىللىك، ئاقكۆڭۈللۈك ۋە ئىدرەك دېگەنگە ئوخشاش ئىنسان تەبىئىتى نەزەرىيىسىگە دائىر نەر-

---

① ماۋ زېدۇڭ: «يەنئەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق». «ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، 3 ـ توم، 1572 ـ بەت.

سىلەرنى كوكىكە كوتەردى، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى بۇ ئالەمدە نېمە ئىش قىلىش، ئاخىرەتتىمۇ شۇنى كورسەن دىگەنگە ئوخشاش تەقدىرچىلىك تۇسنى ئالدى. ئىجادىيەت ئۇسۇلى جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ئوتتۇرا ئەسىرگە خاس سىرلىقلاشتۇرمىچىلىق ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلى بۇزۇپ تاشلىنىپ، رېئالىزىملىق ئىپادىلەش ئۇسۇلى قوللىنىلدى، ۋەقەلىكلەرنىڭ دائىرىسى كەڭرىتىلدى، ژانىرمۇ راۋاجلاندۇرۇلدى.

فلورېنتسىيىلىك شائىر دانتې (1265—1321) ئوتتۇرا قەدىمقى زاماندىن ئەدىبىيات ـ سەنئەتنىڭ گۈللىنىش دەۋرىگىچە بولغان ئوتكۈنچى دەۋرنىڭ ۋەكىلى ئىدى. ئېنگېلس مۇنداق دىگەن ئىدى: "ئۇ ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ كەنجى شائىرى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە يېڭى زاماننىڭ تۇنجى شائىرى ئىدى." ① دانتې «ئەگرى كۈيلىرى» ناملىق مەشھۇر داستانىنى يېزىپ چىقىپ، ئۇنىڭدا ئوزىنىڭ قەدىمقى زاماندىكى رىم شائىرى ۋېرگىلىئۇس ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسىنىڭ يول باشلىشى بىلەن، دوزاق، ۋەيلۇن دوزاق ۋە جەننەتلەرنى ئارىلاپ چىققانلىقىنى تەسۋىرلىگەن ئىدى. ھېكايە ۋەقەلىكلىرى يەنىلا ئوتتۇرا قەدىمقى زاماندىكى ئىلاھىيەت ئىدىيىسىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرەتتى، جەننەت ۋە دوزاقلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى بولسا دىنىي دۇنياقاراشنى مەركەزلىك ھالدا ئىپادىلەپ بېرەتتى. بىراق، دانتې تەسۋىرلىگەن دوزاق ۋە جەننەتلەردە شۇ چاغدىكى جەمىيەتتىكى

---

① ئېنگېلس: «ئىتالىيانچە نەشرىگە سوز بېشى»، «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى» 1893 ـ يىلدىكى ئىتالىيانچە نەشرىگە سوز بېشى». «ماركس ـ ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ توم 1 ـ كىتاب، 419 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com

رېئال مەسىلىلەر كەڭ تۈردە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىلگەن ئىدى، داستاندا دىنىي جەمئىيەتلەرنىڭ ئاچكۆزلۈكلىرى ۋە چىرىكلەشكەنلىكى ھەمدە فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ ۋەھشىلىكىنى سۆكىدىغان بەزى مەزمۇنلار بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتىكى پاپانىڭ بىرمۇنچە جىنايەتلىرى پاش قىلىنغان ھەمدە ئۇنىڭ كەلگۈسىدە چوقۇم دوزاققا كىرىپ جازىسىنى يەيدىغانلىقى جاكالانغان ئىدى. داستاندىكى بۇنداق مەزمۇنلار ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى.

ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ گۈللىنىش دەۋرىنىڭ تۇنجى ۋەكىلى بولغان پېتراركىمۇ (1304—1374) فلورېنتسىيىلىك بولۇپ، كۆركەم تاجلىق شائىر دېگەن نام ئالغان ئىدى. پېتراركا چۇۋالچاق پەلسەپىگە ۋە تەركى دۇنياچىلىققا ئۆچمەنلىك بىلەن قارىغان، دىنىي ئىلاھىيەتكە قاتتىق قارشى تۇرغان ئىدى. كىلاسسىك مەدەنىيەتكە بولسا قىزغىن تېۋىنىپ، كىلاسسىك ئەسەرلەرنى ناھايىتى بېرىلىپ توپلىغان ۋە تەتقىق قىلغان ئىدى، ئۇ "ئىنسان ئەلاچىلىقى"نى تۇنجى بولۇپ "ئىلاھ ئەلاچىلىقى"غا قارشى ئوتتۇرىغا قويغان ئادەم بولغاچقا، ئۇنى تۇنجى ئىنسانپەرۋەر دېيىشكە بولاتتى. ئۇ بىرمۇنچە لىرىك شېئىرلارنى يازغان، بۇ شېئىرلارنىڭ مۇتلەق زور كۆپچىلىكىدە ئۆزىنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەن مۇھەببەت جەريانلىرى تەسۋىرلەنگەن، ھىجران قايغۇسى ھەم ۋىسال شاتلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئىدى، شۇڭا، بۇ شېئىرلارنىڭ سيۇژېتى تولىمۇ تار ئىدى. پېتراركا ئۆز بەخت-سائادىتىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا ھېچ نەرسە بىلەن ھېساپلاشمىسىمۇ بولىدۇ دەيدىغان نۇقتىئىنەزەرنى تەشەببۇس قىلىش بىلەن، ئۆزىنىڭ قىپ-يالىڭاچ شەخسىي مەنپەئەتپەرەسلىكىنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ.

بوكاچۇ (1313—1375) پېتراركىنىڭ فلورېنتسىيىلىك زاماندىشى ئىدى. ئۇنىڭ «10 كۈنلۈك ئىشلار توغرىسىدا» دېگەن داڭلىق ھېكايىلەر توپلىمىدا، 10 نەپەر ياش بالىنىڭ چۇما كېسىلىدىن قېچىپ، فلورېنتسىيە يېزىلىرىدا تۇرغان 10 كۈن جەريانىدا ئېيتقان 100 پارچە ھېكايىسى بايان قىلىنغان. بۇ ھېكايىلەردە ئەينى ۋاقىتتىكى ئىتالىيە جەمئىيىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، دىندارلار ۋە ئاقسۆڭەكلەرنىڭ تۇرمۇشتا چىرىكلەشكەنلىكى، ئەخلاقتا بۇزۇلغانلىقى پاش قىلىنغان ۋە مەسخىرە قىلىنغان، سودىگەر ۋە قول سانائەتچىلەرنىڭ باتۇر ھەم پەم-پاراسەتلىك ئىكەنلىكى، رېئال تۇرمۇشنى قىزغىن سۆيۈپ، تەركى دۇنياچىلىققا قارشى تۇرىدىغانلىقى مەدھىيىلەنگەن ئىدى. بىراق، بوكاچۇ دىننىڭ ئۆزىگە قارشى تۇرمايتتى، بۇرژۇئا شەخسىيەتچىلىكىنى مەدھىيىلەيتتى، ئەسەرلىرىنىڭ بەزى جايلىرىدا پەس ئارزۇ-ھەۋەسلەرمۇ ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

ئەدەبىيات-سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش ھەركىتى ھەرقايسى ئەللەرگە كېڭەيگەندىن كېيىن، غەربىي ياۋروپادا يېڭى دەۋرنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان بىرمۇنچە يازغۇچىلار بارلىققا كەلدى. بۇ يازغۇچىلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ مەشھۇرلىرى 16-ئەسىردىكى سېرۋانتېس بىلەن شېكسپىر ئىدى. سېرۋانتېس (1547—1616) ئىسپانىيىلىك ئادەم بولۇپ، ۋەيران بولغان ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان، ئۇرۇشلارغا قاتناشقان، ئەسىرگىمۇ چۈشكەن. «كىخوت ئەپەندى تەزكىرىسى» ئۇنىڭ ئەڭ داڭلىق ئەسىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا كىخوتنىڭ ئاتلىقلار ھەققىدىكى رومانىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، مەستانە بولۇپ كېتىپ، مۇرەۋۋەتلىك ئاتلىق بولۇش نىيىتىدە، قارامىلىق بىلەن، يەككە-يىگانە ھالدا سەپەرگە ئاتلىنىپ، بىرمۇنچە بولمىغۇر

مەسخىرىلەرگە قالغانلىقى، ھەتتا جېنىدىن ئايرىلغىلى تاس قالغانلىقى تەسۋىرلەنگەن ئىدى. روماندا 16-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ۋە 17-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئىسپانىيە جەمئىيىتىنىڭ كەڭ كۆرۈنۈشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇ كۈندىن-كۈنگە خاراپلىشىپ كېتىۋاتقان فېئودال ئاقسۆڭەكلەر ئۈستىدىن بولۇشچە قىلىنغان بىر مازاق ئىدى. رومانىنىڭ باش قەھرىمانى دون-كىخوت ئەينى ۋاقىتتا غەربىي ياۋروپا ئەدەبىياتىدىكى ئوبېكتىپ ئەھۋال بويىچە ئىش قىلمايدىغان سۇبيېكتىپ ئىدىيالىستلارنى مەسخىرە قىلىشتىكى ئاتاقلىق تىپقا ئايلىنىپ قالغان ئىدى. سېرۋانتېس يەنە ئىنسانپەر-ۋەرنىڭ غايە ۋە خاراكتېرىنى كىخوت ئۈستىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭ "ئېسىل" ئىنسانىي تەبىئىتىنى كۈچىنىڭ بېرىچە سۈرەتلەش بىلەن، ئاشۇنداق زىيانلىق نەرسىلەرنى تەشۋىق قىلدى. كىخوتنى يەككە-يېگانە ھالدا جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىدىغان شەخس قىلىپ تەسۋىرلەشنىڭ ئۆزى دەل ئىنسانپەرۋەرلەرنىڭ ئاممىنى كۆرەلمەي-دىغان ۋە ئاممىغا سەل قارايدىغانلىقىدەك تۈپ ئاجىزلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

شېكسپىر (1564—1616) ئەنگلىيىلىك ئادەم بولۇپ، شەھەر ئاھالىسىدىن كېلىپ چىققان، تىياتىر ئۆمىكىگە قاتناشقان، سەھنە ئەسىرى يازغان، ئۇنىڭ تارقىلىپ يۈرگەن بىرمۇنچە ئەسەرلىرى بار، بۇ ئەسەرلەر ئىچىدە داڭلىقلىرى «خاملېت»، «ئوتېللو» ۋە «كارول لېر» دېگەنگە ئوخشاش تىراگېدىيىلەر. شېكسپىر يازغان ئەسەرلەرنىڭ تېمىسى ناھايىتى كەڭ مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، جەمئىيەتنىڭ رىياللىقىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. «خاملېت» دېگەن ئەسەردە دانىيە شاھزا-

دىسىنىڭ قىساس ئالغانلىقى توغرىسىدىكى ھېكايە سۆزلەنگەن بولۇپ، باش قەھرىمان خاملېت ئىنسانپەرۋەرلەرنىڭ سەمۋولى قىلىنغان، ئۇ فېئودال پادىشا ۋە ۋەزىرلەرگە ئوخشاش ھىلىگەر ـ اولى يامان ئادەملەرگە قارشى كۆرەشتە، ئاممىنى كورمىگەنلىكتىن، ئاجىز ـ تايانچسىز قالىدۇ، غەلىبە قازىنالمايدۇ. شېكىسپېر ئۆزىنىڭ يەنە باشقا ئەسەرلىرىدىمۇ كاپىتالىزمنىڭ پەيدا بولۇۋاتقان چاغلىرىدىكى جىنايەتلىرىنى سۆكتى، مەسىلەن، «ۋېنىتسىيە سودىگىرى» دېگەن ئەسىرىدە سودىگەرلەرنىڭ ئاچكوز ۋە شەخسىيەتچى ئىكەنلىكىنى سۆرەتلەپ بەردى، «ئافىنادىكى ئامانلىق دەرۋازىسى» دېگەن ئەسىرىدە بولسا ئەينى چاغلاردىكى پۇل مەستانىلىرىنى مەسخىرە قىلدى. شېكىسپېر يەنە بىرمۇنچە تارىخىي دىراممىلارنى يېزىپ، ئەنگلىيە فېئوداللىق جەمىيىتىنىڭ زىددىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى، ئەمما، ئۇ دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش ئۈمىدىنى فېئودال خان ـ پادىشالارغا باغلاپ، خەلق ئاممىسىنى بولسا كۆزگە ئىلمىدى. شېكىسپېر ياۋروپا ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئەڭ مەشھۇر بۇرژۇئا يازغۇچىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ ياراتقان بەزى شەخسلەر ئاتاقلىق تىپقا ئايلىنىپ، ياۋروپادا كەڭ تارقىلىپ يۈرمەكتە.

**سەنئەت** ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ گۈللىنىش دەۋرىدىكى سەنئەتنىڭمۇ رەسساملىق، ئويمىچىلىق قاتارلىق جەھەتلەردە ناھايىتى ئوبدان مۇۋەپپەقىيەتلىرى بار. ئۇ چاغدىكى سەنئەتكارلارنىڭ كۆپىنچىسى قول سانائەتچىلەر ئىدى، ئۇلار كەسپداشلار ئۇيۇشمىلىرىنى تەشكىل قىلىپ، شەھەر ھاكىمىيىتى ياكى بايلارغا يالىنىپ ئىشلەيتتى. خەلق ئاممىسىغا بىرقەدەر يېقىن بولغاچقا، ئاممىدىن ئوزۇقلۇق قوبۇل قىلىپ ئالالايتتى. ئۇلارنىڭ بىرمۇنچە ئەسەرلىرى

فېئوداللارغا ۋە دىنغا قارشى خاراكتېرىنى ئالغان، شۇ چاغدىكى ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن ئىدى. ئىجادىيەت تېمىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى يەنىلا ئىنجىل ھېكايىلىرى ئىدى، گەرچە ئۇلار ئۇ ئارقىلىق رېيال شەخسلەرنى ئىپادىلەپ بەرگەن بولسىمۇ، بىراق شەخسلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلاردىن ئىدى. ئۇسۇل جەھەتتە ئۇلار ئۆتمۈشتىكى ئۆلۈك، قېتىپ قالغان، سىرلىق ۋە خىيالىي دىنىي رەسىملەرنى سىزىش ئەنئەنىسىنىڭ ئەكسىچە، رېيالىزملىق پوزىتسىيە قوللاندى. بۇنىڭ ئۈچۈن، سەنئەتكارلار يەنە ئاناتومىيە، نۇر ئىلمى ۋە مېخانىكا قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئەسەرنىڭ جانلىق ۋە ئەينەن بولۇپ چىقىشى ئۈچۈن تىرىشتى.

فلورېنتسىيىلىك لېئوناردو دا ۋىنچى (1452—1519) ئەڭ مەشھۇر سەنئەتكارلارنىڭ بىرى بولۇپ، ھەر تەرەپتىن تالانتلىق بولغان رەسسام، ئىنژېنېر ۋە تەبىئەتشۇناس ئىدى، ئۇ ماتېماتىكا، نۇر ئىلمى، مېخانىكا، گېئولوگىيە ۋە ئاناتومىيە قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلغان، بىرمۇنچە قۇرۇلۇش ۋە مېخانىكىلىق قۇرۇلمىلارنى لايىھىلەپ چىققان، ھەتتا ئايروپىلاننىمۇ تەسەۋۋۇر قىلىپ باققان. بىراق ئىلمىي ھاساپلاش ئۇسۇلىدىن خەۋىرى بولمىغاچقا، ئۇ لايىھىلەپ چىققان ماشىنىلارنىڭ بىرمۇنچىسى ئەمەلىيەتتە ھەركەتلىنەلمەيتتى. ئۇ سىزغان «ئەڭ ئاخىرقى كەچلىك تاماق» دېگەن رەسىم ناھايىتى داڭلىق بولۇپ، رەسىمدە ئەيسا تاماق جوزىسى ئۈستىدە: "سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا بەزىلەر ماڭا خائىنلىق قىلماقچى" دېگەن ۋاقىتتىكى مۇرىتلىرىنىڭ تۈرلۈك ئىپادىلىرى ئىپادىلەپ بېرىلگەن ھەمدە ئۇ ئارقىلىق خائىنلارغا بولغان كۈچلۈك غەزەپ-نەپرىتى

بىلدۈرۈلگەن.

فلورېنتسىيىلىك مىكىلئاندجېلو (1475—1564) مەشھۇر سەنئەتكارلارنىڭ يەنە بىرى بولۇپ، ئۇ فېودال دىنىي جەمىيەتكە قارشى چىققان، فلورېنتسىيە خەلقىنىڭ پاپاغا قارشى قوزغىلىڭىغا قاتناشقان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ھەيۋەتلىك ھەم جانلىق، جەڭگىۋارلىقى تولۇپ تاشقان ئىدى، «داۋۇت سۈرىتى» ئۇنىڭ داڭلىق ئويمىلىرىدىن بىرى ھېساپلىنىدۇ، ئۇنىڭدا ۋەتىنىنى قوغداش يولىدا باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىشقا ياش جەڭچىنىڭ ئۇرۇش مەيدانىغا ئاتلىنىش ئالدىدىكى روھىي ھالىتى ئىپادىلەنگەن. ئۇنىڭ يەنە خەلق ئاممىسىنىڭ قۇل بولۇپ ئېزىلگەنلىكىنى ھەمدە بۇنداق قۇللۇقتىن قۇتۇلۇشقا ئۇرۇنغانلىقىدەك روھىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان «چۈشەپ قويۇلغان قۇل» دېگەن ئويمىسى بار. ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى ئەسەرلىرى ئەدەبىيات-سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش ھەركىتىنىڭ زاۋاللىققا يۈز تۇتۇش تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن، مەيۈسلىنىش تۈسىنى ئالغان.

**سىياسىي ئىدىيە** ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ گۈللىنىش دەۋرىدىكى بۇرژۇئازىيە تېخى ئىنتايىن ئاجىز بولغانلىقتىن، ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش تەلىۋىنى ئوتتۇرىغا قويمىغان ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزى مۇتەپەككۇرلىرى راۋاجلىنىۋاتقان كاپىتالىزىمنى قوغداپ قېلىش مەقسىتىدە پەقەت فېودال دىنىي جەمىيەتلەرنىڭ ئومۇمىي ھوكۇمرانلىق ھوقۇقىغىلا قارشى تۇرۇپ، دىنىي جەمىيەتنى دۆلەتتىن ئايرىپ تاشلاشنى تەلەپ قىلدى؛ فېوداللىق تەپرىقىلەرنى تەنقىت قىلىپ، بىرلىككە كەلگەن فېودال-مۇستەبىت پادىشالىق ھاكىمىيىتىنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلدى، ئۇلارنىڭ تىپىك ۋەكىلى فلورېنتسىيىلىك

ماكىئاۋېللى (1469 ـــ 1527) ئىدى.

ماكىئاۋېللى زاۋالغا يۈز تۇتقان ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇ «پادىشا ھەققىدە» دېگەن ئەسەرنى يېزىپ چىقىپ، ئۇنىڭدا ئىتالىيىنىڭ پارچىلىنىپ، ناھايىتى ئاجىزلىشىپ كېتىشىگە پاپانىڭ بۆزغۇنچىلىقى سەۋەبچى بولدى؛ شۇڭا ئىتالىيىدە خەلقنىڭ قارشىلىقىنى باستۇرۇش ۋە تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ تاجاۋۇزىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، ھوقۇق مەركەزگە مەركەزلەشتۈرۈلگەن بىر دۆلەت قۇرۇپ چىقىش، شۇنىڭدەك ئۇنىڭغا كۈچلۈك بىر پادىشا ھۆكۈمرانلىق قىلىشى لازىم دەپ ھېسابلىدى، بۇ دەل ئەينى ۋاقىتتىكى بۇرژۇئازىيىنىڭ سىياسىي تەلىپى ئىدى.

ماكىئاۋېللىنىڭ مۇستەبىت پادىشالىق ھەققىدىكى نەزەرىيىسى فېئوداللىققا قارشى خاراكتېرنى ئالغان بولۇپ، ئىتالىيىدىكى يېڭى گۈللەنگەن بۇرژۇئازىيىنىڭ بىرلىككە كەلگەن مىللىي دۆلەت قۇرۇش ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەتتى. ئۇ پادىشالىق ھاكىمىيەت ئۆزۈلمىسىنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنىڭ ئۆزىدىن چۈشەندۈرۈپ، پادىشالىق ھاكىمىيەت ئاقسۆڭەكلەر بىلەن خەلق كۆرەش داۋامىدا ھەرقايسىسى ئۆزىنىڭ شارائىتىغا ماسلىشىش نەتىجىسىدە ۋۇجۇتقا كەلگەن دەپ ھېسابلىدى، مانا بۇ "پادىشاغا ھوقۇقنى تەڭرى ئاتا قىلغان" دېگەن نۇقتىنەزەردىن پۈتۈنلەي ۋاز كەچكەنلىكتۇر. ماكىئاۋېللىنىڭ ئىدىيىسى ئەينى زاماندا ئىلغار ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى.

ماكىئاۋېللىنىڭ سىياسىي نەزەرىيىسىنىڭ چىقىش نۇقتىسى بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىنسان تەبىئىتى نەزەرىيىسىدۇر. ئۇ ئىنسان تەبىئىتىنى ئەسلىدىنلا ۋەھشىي دېيىشنى، دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ مۇنداق تونۇش—

پادىشا بولغان ئادەم شىرغا ئوخشاش رەھىمسىز، تۈلكىگە ئوخشاش ھىلىگەر بولۇشى، ئۆز مەقسىدىگە يېتىش ئۈچۈن، قولىدىن كېلىدىغانلىكى ۋاستىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىشلىتىشى لازىم دەيدىغان تونۇش ئۈستىگە تىكلىنىشىنى تەشەببۇس قىلىدى. ئۇ تەشەببۇس قىلغان بۇنداق نەيرەڭۋازلىق كېيىنكى ۋاقىتلاردا ماكىياۋېللىزىم دەپ ئاتىلىپ، بارلىق بۇرژۇئا قارا نىيەتلىرى ۋە سىياسەتۋازلىرىنىڭ ئەمەل قىلىدىغان نەرسىسىگە ئايلىنىپ قالدى.

**خىيالىي سوتسىيالىزم** فېئوداللىق جەمئىيەت يىمىرىلىپ، كاپىتالىزم پەيدا بولۇش جەريانىدا، بەزى ئىلغار مۇتەپەككۇرلار جەمئىيەتتىكى باراۋەرسىزلىكنى ۋە ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئېزىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، كاپىتالىزمنى ئەيىبلەشتى ھەمدە جەمئىيەتنى تۈپتىن ئۆزگەرتىش خام خىيالىدا بولۇشتى، بۇ مۇتەپەككۇرلار ئەنگلىيىلىك توماس. مور (1478—1535) ۋە ئىتالىيىلىك كامپانېللا (1568—1639) لار ئىدى.

مور ئەنگلىيە پادىشاسى ھېنرى VIII دەۋرىدىكى ۋەزىر بولۇپ، ئىلگىرى چوڭ سوراقچى بولغان، كېيىن سىياسىي جەھەتتە باشقىچە پىكىردە بولغانلىقتىن، ئەنگلىيە پادىشاسى تەرىپىدىن ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. ئۇ «ئۇتوپىيە» دىگەن كىتابىنى يېزىپ، ئۇنىڭدا بىر خىيالىي دۆلەتنى تەسۋىرلىگەن. ئۇ تەسۋىرلىگەن ئۇنداق دۆلەتتە خۇسۇسىي مۈلۈك بولمايدىكەن، ھەممە ئادەم ئەمگەك قىلىدىكەن، كىشىلەر دائىم نۆۋەتلىشىپ، يېزا ئىگىلىكى بىلەنمۇ، قول سانائەت بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدىكەن. ئەمگەكتىن كىرگەن دارامەت جەمئىيەت كوللېكتىۋىنىڭ ئىگىدارلىقىدا بولىدىكەن، ھەركىم ئېھتىياجىغا قاراپ ئېلىپ. ئورتاق بەھرىمەن بولىدىكەن، ھەممەيلەن باپ-باراۋەر

www.uyghurkitap.com

بولىدىكەن. شۇ سەۋەپتىن ئالماشتۇرۇش بولمايدىكەن، پۇلنىڭمۇ رولى بولمايدىكەن، ئالتۇن بولسا جىنايەتچىلەرگە سالىدىغان كىشەن ياساشقا ئىشلىتىلىدىكەن. پادىشا، ئەمەلدارلار سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈلىدىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەمەلدارلار دائىم ئالماشتۇرۇپ تۇرۇلىدىكەن، ئۇلارنىڭ ھېچقانداق ئىمتىيازىمۇ بولمايدىكەن. ئۇلارنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى كوپچىلىكنىڭ ئەمگەك قىلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىش ئىكەن. خۇسۇسىي مۈلۈكنى ئىنكار قىلىپ، ھەممە كىشىنىڭ ئەمگەك قىلىش ۋە ئوزئارا باراۋەر بولۇشىنى تەشەببۇس قىلىدىغان بۇنداق ئىدىيە دەسلەپكى چاغلاردىكى پرولېتارلارنىڭ تەلپۈنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن، ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ شانلىق يىراق كەلگۈسىنى كۆرسىتىپ بەرگەن بولۇپ، غايەت زور تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. ئەلۋەتتە، ئۇ تېخى ئىلمىي سوتسىيالىزم نەزەرىيىسى ھېساپلانمايدۇ. چۈنكى ئۇ بۇ غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ سىنىپىي كۈچ ۋە رېئال يوللىرىنى تاپالمىغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مورنىڭ ئىدىيىسىدە بىرمۇنچە ناچار ئامىللارمۇ بار ئىدى، مەسىلەن، ئۇ ئۇتوپىيىدە يەنە قوپال ۋە پاسكىنا ئەمگەكلەرنى قىلىدىغان قۇللارمۇ بولىدۇ دەپ ھېساپلىغان.

كامپانېللا ئىلگىرى ئىسپانىيىگە قارشى قوزغىلاڭنى ئۇيۇشتۇرۇشقا قاتناشقان، قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، 20 يىلدىن كۆپرەك قامالغان، تۈرمىدە يېتىش جەريانىدا «قۇياش شەھىرى» دېگەن كىتابنى يېزىپ چىققان. قۇياش شەھىرىدىمۇ خۇسۇسىي مۈلۈك يوق، ھەممە ئادەم ئەمگەك قىلىپ، ئورتاق بەھرىمەن بولىدىغان جەمئىيەت ئىكەن. شەھەرنى باشقۇرغۇچىلار سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇتقا كېلىدىكەن، شۇنداقلا ئۇلارنى خەلق ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىسىمۇ بولى-

دىكەن. كامپانېللا خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان جىنايى ئىشلارنى سۆككەن ئىدى، بىراق ئۇ بۇ جىنايى ئىشلارنىڭ مەنبەسىنى بىلمەي، تەربىيە ئارقىلىق كىشىلەرنى ئاقكۆڭۈل قىلغىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن ئىدى. بۇ ئۇنىڭ ئىدىيىسىنىڭ چەكلىمىلىكلىكىدۇر.

**تەبىي پەن** ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ گۈللىنىش دەۋرىدىكى غەربىي ياۋروپا تەبىي پەننىمۇ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىلگىرى سۈرۈشى بىلەن راۋاجلىنىشقا باشلىغان ئىدى. ئېنگېلس مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن ئىدى: "ئەگەر، ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ قاراڭغۇ تۈنىدىن كېيىن، پەن ئويلاپ بېقىلمىغان كۈچ-قۇدرەت بىلەن بىراقلا يېڭىۋاشتىن گۈللەندى ھەمدە كارامەت سۈرئەت بىلەن تەرەققىي قىلدى، دېيىلسە، ئۇ ھالدا، بىز بۇ موجىزىنى يەنە بىر قېتىم ئىشلەپچىقىرىشقا مەنسۇپ قىلىشىمىز لازىم"①. دەل ماشىنا، قورال-ياراقلارنى ياساش ۋە يىراق ئوكيانلارغا سەپەر قىلىش قاتارلىقلارنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئارقىسىدا، فىزىكا، ماتېماتىكا ۋە ئاسترونومىيە قاتارلىق پەنلەر بىرمۇنچە مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى.

پولشا ئاسترونومى نىكولاي كوپېرنىك (1473 — 1543) قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇزلار ھەركىتىنى 30 نەچچە يىل كۆزىتىش ۋە ھېساپلاپ چىقىرىش ھەمدە ئەجدادلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق، "قۇياش مەركەز تەلىماتى"نى ئوتتۇرىغا قويدى. ئوتتۇرا ئەسىردىكى ياۋروپادا، كىشىلەر، يەر شارى ئالەمنىڭ مەر-

---

① ئېنگېلس: «تەبىئەت دىيالېكتىكىسى»، 1979-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 315-بەت.

كىزى، ئۇ ئۆزى ھەركەتلەنمەيدۇ، بەلكى قۇياش، ئاي ۋە باشقا ئاسمان جىسىملىرى ئۇنى چۆرىدىگەن ھالدا ئايلىنىدۇ، دەپ ھېساپلايتتى. بۇ ئەسلىدە كىشىلەرنىڭ خاتا تونۇشى ئىدى، بىراق بۇنداق قاراش دىنىي جەمىيەتنىڭ دۇنيانىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدىكى تەلىماتىنىڭ سەپسەتىلىرىگە ئۇيغۇن كەلگەنلىكتىن، كاتولىك دىنى جەمىيىتىنىڭ نوپۇزلۇق تەلىماتىغا ئايلىنىپ قېلىپ، باشقىلارنىڭ ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىشىغا يول قويۇلمىغان ئىدى. كوپېرنىك ئەمىلىيەت تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن، ئالەمنىڭ مەركىزى يەر شارى ئەمەس، بەلكى قۇياش ئىكەنلىكىنى، يەر شارى ۋە باشقا ئاسمان جىسىملىرىنىڭ قۇياشنى چۆرىدىگەن ھالدا ئايلىنىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىقتى. مۇشۇ مەقسەتتە، ئۇ «ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ئايلىنىشى» دېگەن مەشھۇر كىتابىنى يېزىپ چىقتى. لېكىن دىنىي جەمىيەتنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشىدىن قورققانلىقتىن، تاكى ئۆزى ۋاپات بولۇش ئالدىدىلا ئاندىن ئۇ كىتابىنى دۇنيا بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى. بۇ ئىلمىي كەشپىيات كاتولىك دىنىنىڭ نوپۇزىغا غايەت زور زەربە بولۇپ تەگدى، شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، تەبىي پەن ئىلاھىيەتنىڭ ئاسارىتىدىن ئازات بولۇپ چىقىپ، پەن بىلەن دىنىي خۇراپات ئوتتۇرىسىدا كەسكىن كۈرەشلەر قانات يايدۇرۇلدى.

ئىتالىيىلىك گوردانو برۇنو(1548—1600) كوپېرنىكنىڭ تەلىماتىنى داۋاملىق تۈردە راۋاجلاندۇرۇپ، قۇياشمۇ ئالەمنىڭ مەركىزى بولماستىن، بەلكى، پەقەت كۆپلىگەن تۇرغۇن يۇلتۇزلارنىڭ بىرى، بۇ تۇرغۇن يۇلتۇزلارنى يەر شارىغا ئوخشاش بىرمۇنچە ئاسمان جىسىملىرى چۆرىدىگەن ھالدا ئايلىنىدۇ، شۇ سەۋەپتىن ئالەم چەكسىزدۇر، دەپ ھېساپلىدى. بۇ ئىدىيە دىنىي جەمىيەتنىڭ ئالەم

توغرىسىدىكى كۆزقارىشىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىپ، دىنىي جەمئىيەت ئەرباپلىرىنىڭ قاتتىق ئۆچمەنلىكىنى قوزغىدى، بۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئاخىرى بېرىپ قولغا ئېلىندى. بورۇنو 7 يىل قامالغان ۋە قىيىن-قىستاققا ئېلىنغان بولسىمۇ، تىز پۈكمەي، ئۆزىنىڭ ئىلمىي ھەقىقەتتىن ھەرگىز ۋاز كەچمىدى. ئەڭ ئاخىرى ئۇ، بىدئەتچى، دەپ ئەيىبلىنىپ، ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانلىقى جاكالانغاندا، "سەنلەر ھۆكۈمنامىنى ئوقۇۋاتقان ۋاقتىڭلاردا، مەندىنمۇ بەك قورقۇپ كەتتىڭلار" دېدى. 1600-يىلى، رىمدا ئوتتا كۆيدۈرۈلۈپ، باتۇرلارچە قۇربان بولدى.

شەپقەتسىز زىيانكەشلىك پەننىڭ تەرەققىياتىنى ئۈجۈقتۇرۇۋېتەلمىدى، ئىتالىيىلىك گالىلېو گالىلېي (1564—1642) كوپېرنىكنىڭ تەلىماتىنى ئۈزلۈكسىز تۈردە داۋاملاشتۇردى ۋە راۋاجلاندۇردى. گالىلېي ئاتاقلىق فىزىكا ئالىمى ۋە ئاسترونوم ئىدى، ئۇ دۇربۇن ياساپ چىقىپ، يۇلتۇزلار ئاسمىنىنى كۆزىتىپ، بۇرۇن ئۆتكەن كىشىلەر بىلمەيدىغان بىرمۇنچە ئاسمان جىسىملىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ چىقتى. ئۇ بىسار قىيپاش مۇنارى ئۈستىگە چىقىپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئوخشاش بولمىغان ئېغىرلىقتىكى توپلارنى تاشلاپ، ئۇلارنىڭ توۋەنگە چۈشۈش سۈرئىتىنىڭ ئوخشاش ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىقتى. ئۇ ئېغىرلىشىش نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، فىزىكىغا بىرمۇنچە توھپىلەرنى قوشتى. گالىلېي كوپېرنىكنىڭ تەلىماتىنى ئىسپاتلايدىغان بىرمۇنچە دەلىللەرنى توپلاپ، ئۇنى كىتاب قىلىپ يېزىپ چىقىپ نەشر قىلدى، شۇنداقلا بۇ ئارقىلىق يەر شارى مەركەز تەلىماتىغا ئېغىر قاتتىق زەربە بېرىپ، دىنىي جەمئىيەتنىڭ ئۆچمەنلىكىنى قوزغىدى. ئۇ ياشىنىپ 70 ياشقا كىرىپ

www.uyghurkitap.com

قالغان بولسىمۇ يەنىلا رىم دىنىي ھوكۇم مەھكىمىسىگە چاقىرتىلىپ سوراققا تارتىلدى ۋە قاتتىق قىيىن-قىستاققا ئېلىنىپ، قاماق جازاسىغا ھوكۇم قىلىندى. لېكىن، ئەكسىيەتچىل دىنىي زىيانكەشلىك پەننىڭ تەرەققىياتىنى توساپ قالالمىدى، 17-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، كوپېرنىكنىڭ تەلىماتى ھەممەيلەن تەرىپىدىن بىردەك ئېتىراپ قىلىنىپ، يەر شارى مەركەز تەلىماتى ئاخىرقى ھىساپتا چورۇپ تاشلاندى.

## 2-بۆلۈم دىن ئىسلاھاتى ۋە گېرمانىيە دېھقانلار ئۇرۇشى

1

**دىن ئىسلاھاتىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى** دىنىي ئىسلاھات ھەركىتى فېئودال دىنىي جەمىيەتكە قارشى ئىنقىلاۋىي ھەركەت ئىدى، ئۇنىڭ ئىدىئولوگىيە ساھەسىدىكى كۆرەشتىن ئاممىۋى خاراكتېرلىق سىياسىي ھەركەتكە ئايلىنىپ قېلىشى دىنىي جەمىيەتنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى ياۋروپادا تۇتقان ئورنى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن ئىدى، ئوتتۇرا ئەسىردىكى ياۋروپادا، كاتولىك دىنى جەمىيەتلىرى فېئوداللىزم تۈزۈمىنىڭ كاتتا خەلقارا مەركىزى ئىدى، "ئۇ پۈتۈن فېئوداللىق غەربىي ياۋروپانى بىر زور سىياسىي سىستېما قىلىپ بىرلەشتۈرۈپ،...... فېئوداللىق تۈزۈمگە مۇقەددەس ئامەت بەردى. ئۇ ئۆزىنىڭ مەرتىۋە-دەرىجە تۈزۈمىنى فېئوداللىق ئۇسۇل بويىچە ئورناتتى، ئاخىردا، ئۇنىڭ ئۆزى ئېنىقى تازا تەسىر كۈچكە ئىگە فېئودال خوجا بولۇپ قالدى،...... ئومۇمى فېئوداللىق تۈزۈمگە ھەر بىر مەملىكەتتە ھەر تەرەپتىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ھۇجۇم قىلىش

ئۈچۈن، ئاۋال ئۇنىڭ بۇ مۇقەددەس مەركىزىي تەشكىلاتىنى پاچاقلاپ تاشلاش لازىم ئىدى."①

ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا، كاتولىك دىنى جەمئىيىتى-نىڭ سىياسىي كۈچى خاراپلاشتى. ئەنگلىيە ۋە فرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ پادىشاھ ھاكىمىيىتى كۈچىيىپ، دىنىي جەمئىيەت كۈچلىرى سىقىپ چىقىرىلدى. لېكىن، بۆلۈنۈش ھالىتىدىكى گېرمانىيە بىلەن ئىتالىيىدە پاپا يەنىلا ئۆزىنگە تارتىش، پارچىلاش ۋە سۇيىقەست ئىشلىتىشكە ئوخشاش تۈرلۈك ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بېرىپ، دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە توسقۇنلۇق قىلىدى. ۋاتىكاننىڭ ئەكسىيەتچىلىك ھەرىكەتلىرى بارغانسېرى غالجىرلاشتى، چىرىكلىشىش كۈندىن-كۈنگە كۈچەيدى. پاپادىن تارتىپ ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ يۇقۇرى دەرىجىلىك دىندارلىرىغىچە ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ ئەيش-ئىشرەتلىك شالاق تۇرمۇشىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە تالان-تاراج قىلىشنى جىددىيلەشتۈردى. پاپانىڭ بېيىش ئۈچۈن، مۇقەددەس ئەۋلىيالىق مەنسەپلىرىنى سېتىشى، پارا ئېلىشى ئادەتتىكىدەك ئىشقا ئايلىنىپ قالدى، ئۇ كىشىلەرنى: كىمكى بەلگىلەنگەن باھا بويىچە، گۇناھى يۇيۇش تۇمارىدىن بىرنى سېتىۋالىدىكەن، مەيلى قانداق گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، شۇنىڭ روھى ئۆلگەندىن كېيىن، يەنىلا جەننەتكە كىرىدۇ، دەپ ئالداپ گۇناھ يۇيۇش تۇمارىنى ساتتى. گۇناھ يۇيۇش تۇمارىنى ساتقۇچى دىندارلارنىڭ ئۆيمۇ-ئۆي، كوچىمۇ-كوچا ئارىلاپ يۈرۈپ،

---

① ئېنگېلس: «سوتسىيالىزمنىڭ خىيالدىن پەنگە راۋاجلىنىشى، ئىنگلىزچە نەشرىگە مۇقەددىمە»، 1976-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 40-بەت.

تۇمار ساتقانلىقى خەلقنىڭ ناھايىتى قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىدى.

دىنىي جەمئىيەتكە قارشى كۈرەش دولقۇنى جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى قاتلاملارغا تارالدى. دېھقانلار ۋە ئاددىي خەلق كۈرەشنىڭ ئاساسىي كۈچى بولۇپ، دىنىي جەمئىيەتنىڭ فېئوداللىق ئېكسپلاتاتسىيىسىگە ۋە زۇلمىغا قەتئىي قارشى چىقتى. ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى دېھقانلار فېئودداللار، سودىگەرلەر ۋە سۈتخورلارنىڭ ھەر تەرەپتىن شىلىۋېلىشى ھەمدە تۈرلۈك فېئوداللىق مەجبۇرىيەتلەرنىڭ تالان-تاراج قىلىشى ۋە دەپسەندە قىلىشى ئاستىدا، تۈركۈم-تۈركۈملەپ نامراتلىشىشقا، ۋەيران بولۇشقا باشلىغان ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇلار دىنىي ئىسلاھ قىلىش بايرىقى ئاستىدا، فېئوداللىققا قارشى ئۇلۇغ كۈرەشلەرنى قانات يايدۇرۇۋەتتى. ئاددىي خەلق دېھقانلارنىڭ ئىشەنچلىك ئىتتىپاقچىسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھېچنېمىسى يوق ئىدى، قاتتىق ئېكسپلاتاتسىيە ۋە زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقتىن، فېئوداللىققا قارشى كۈرەشتە قەتئىي ئىدى، شۇنداقلا، كوپىنچە، ئۆزلىرىنىڭ سىنىپىي ئورنىنى ئاساس قىلغان ھالدا[1]، كەسكىن ئىجتىمائىي-سىياسىي تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قوياتتى. شەھەر ئاھالىسى ۋە يېڭى گۈللەنگەن بۇرژۇئازىيىمۇ دىنىي جەمئىيەتكە قارشى تۇردى، ئۇلار دىنىي جەمئىيەتنىڭ كاپىتالىزمنىڭ گۈللىنىشىگە قويغان تۈرلۈك فېئوداللىق چەكلىمىلىرىگە قارشى تۇردى، ئۇلارنىڭ بايلىقىنى كورەلمەي، ئۇنى قارىتىۋېلىپ ئۆزلىرىگە كاپىتال قىلماقچى بولدى. ئۇلار كاپىتالىستىك "ئەرزان باھالىق" دىنىي جەمئىيەت قۇرۇشنى تەلەپ قىلىپ، دىنىي جەمئىيەتنىڭ فېئوداللىق تالان-تاراج قىلىشىغا قارشى چىقتى، بىراق ئۇلار دىنىي جەمئىيەتنىڭ روھىي جەھەتتىن خەلقنى ئالداش جەھەتتىكى رولىنى ساقلاپ قالماقچى بولدى. دىنىي ئىسلاھات ھەركىتى

ئۇلارنىڭ جانىجان مەنپەئەتى بىلەن تازا چېتىشلىق ئىدى، ئەمما ئۇلار خەلق ئاممىسىدىن قورققانلىقتىن، ھەركەتتە قەتئىي بولماي، كۆپ ھاللاردا تەۋرىنىپ ۋە مۇرەسسە قىلىپ، ھەتتا خائىنلىق قىلىپ، ھەركەتكە ناھايىتى زور زىيانلارنى سالدى. تۆۋەن دەرىجىلىك ئاقسۆڭەكلەر ھەتتا بىر قىسىم چوڭ ئاقسۆڭەكلەرنىڭمۇ دىنىي جەمئىيەت بىلەن زىددىيىتى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، كىرىمى چىقىمىنى قاپلىيالماي، كانىيىغىچە قەرزگە بوغۇلۇپ قالغانلىقتىن، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ دىنىي جەمئىيەتنىڭ مال-مۈلكىنى تارتىۋالماقچى بولدى، شۇڭا ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ خۇسۇسىي مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا، سۇنى لېيىتىپ بېلىق تۇتۇش ئۈچۈن، دىنىي ئىسلاھات ھەركىتىگە قاتناشتى. دىنىي جەمئىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىمۇ بىرلىككە كەلمىگەن ئىدى. يۇقۇرى دەرىجىلىك دىندارلارنىڭ ھەممىسى چوڭ فېودال ئاقسۆڭەكلەر بولغانلىقتىن، چىرىك ۋە ئەكسىيەتچىل ئىدى. لېكىن، بىر قىسىم نامرات تۆۋەن دەرىجىلىك دىندارلارنىڭ كىرىمى تۆۋەن، تۇرمۇشى قىيىن بولغانلىقتىن، ئۇلار خەلق بىلەن بىرگە بولۇپ، خەلقنىڭ ئازاپ-ئوقۇبەتتە ياشاۋاتقانلىقىدىن تەسىرلەندى، شۇڭا، ئۇلار كۆپ چاغلاردا، خەلقنىڭ جارچىسى ۋە ئىنقىلاپچىلاردىن بولۇپ قالدى. دېمەك، ھەرقايسى قاتلامدىكىلەرنىڭ دىنىي جەمئىيەتكە قارشى تۇرۇشتىكى مەقسەت ۋە تەلەپلىرى ئوخشىمايتتى، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىمۇ ناھايىتى كۆپ زىددىيەتلەر بار ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئوتتۇرىسىدا بىرلىشىش بولغان ھالەتتىمۇ، بۇنداق بىرلىشىش پەقەت ۋاقىتلىق بىرلىشىشتىنلا ئىبارەت بولاتتى. ھەرقايسى مەملىكەتلەردە، كونكرېت ئەھۋال ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ھەركەتنىڭ كۆلىمى ۋە خاراكتېرى

جەھەتتە تۇرلۇك پەرقلەر كېلىپ چىقتى.

**دىن ئىسلاھاتىدىن بۇرۇنقى گېرمانىيە ئەھۋالى** دىنىي ئىس-لاھات ھەركىتىنىڭ گېرمانىيىدىن باشلىنىشى گېرمانىيىنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋالى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. 16-ئەسىر-نىڭ باشلىرىدا، گېرمانىيە يەنىلا مۇقەددەس رىم ئىمپېرىيىسى دېگەن نام بىلەن ئاتالسىمۇ، لېكىن، ئەمەلىيەتتە، پارچە-پارچە ھالەتتە بولۇپ، پادىشا ئەڭ چوڭ 7 بەگ ئىچىدىن سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇتقا كېلەتتى (بۇ بەگلەر كىنەز دەپ ئاتىلاتتى). ھوقۇقىمۇ ئانچە چوڭ ئەمەس ئىدى. 1519-يىلى، ئىسپانىيە خانى كارل I پادىشا بولۇپ سايلىنىپ، كارل V (1519—1556) دەپ ئاتالدى. ئۇ خابسبۇرگ جەمەتىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئەسلىدە ئاۋستىرىيىلا ئۇنىڭ خوجىلىق يېرى ئىدى، كېيىن ئۇ ۋارىسلىق قىلىش مۇناسىۋىتى ئارقىلىق، يەنە نىدېرلاندىيە، ناپلېس (ئىتالىيىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا)، ساردىنىيە، سىتسىلىيە، ئىسپانىيە ۋە ئىسپانىيىنىڭ ئامېرىكا قىتئەسى-دىكى مۇستەملىكىلىرىنىمۇ ئۆزىگە قارىتىۋالدى، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ خوجىلىق يەرلىرى ناھايىتى كېڭىيىپ كەتتى. لېكىن، ئىمپېرىيە دائىرىسىدە، بەگلەر ئۇنىڭ ئىدارە قىلىشىغا ئىتائەت قىلمايتتى. كارل ئۆز ئۆمرىدە ۋاقتىنىڭ تولاراغىنى فرانسىيە ۋە تۈركىيىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا سەرپ قىلىپ، ئىمپېرىيىنىڭ ئىچكى ئىشلىرى بىلەن ئانچە كارى بولمىدى، شۇڭا ئىمپېرىيە تېخىمۇ پارچىلىنىپ كەتتى. ئىمپېرىيە ئىچىدە 7 چوڭ كىنەزدىن باشقا، يەنە مىڭدىن ئارتۇق ئوتتۇرا ۋە كىچىك ئاقسۆڭەكلەر ھەمدە ئىمپېرىيە شەھەرلىرى بولۇپ، ئۇلار مۇستەقىل، ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى، ئۆز ئالدىغا تەپرىقە ھاسىل قىلىپ، بىر بىرى بىلەن ئۇرۇشاتتى،

شۇنداقلا يەنە پادىشا بىلەن قارشىلىشاتتى.

گېرمانىيىنىڭ ئىقتىسادى 16-ئەسىرلەردە مەلۇم تەرەققىياتلارغا ئېرىشىپ، توقۇمىچىلىق، كانچىلىق، مەتبەئەچىلىك ۋە قەغەزچىلىككە ئوخشاش قول سانائەت تارماقلىرى بىرقەدەر راۋاجلاندى، بەزى قول سانائەت تارماقلىرىدا كاپىتالىزىمنىڭ بىخلىرىمۇ بارلىققا كەلدى. سودا ئىشلىرىمۇ خېلىلا گۈللەنگەن ئىدى، رېيىن دەرياسى، دۇناي دەرياسى ۋە باشقا دەريالار ياۋروپادا مۇھىم سودا يوللىرى ھېسابلىناتتى، شىمالدا يەنە بالتىق دېڭىزى ۋە شىمالىي دېڭىز بىلەن تۇتىشىدىغان بىرمۇنچە سودا شەھەرلىرى بار ئىدى. گېرمانىيىدە چوڭ بانكا ئىگىلىرى راۋاج تېپىشقا باشلىدى، مەسىلەن، فۇگېر جەمەتى زور مىقداردىكى سودا-جازانە كاپىتالىغا ئىگە ئىدى، شۇنىڭدەك يەنە كان ئېچىپ ئوقەت قىلىش بىلەن پايدا تاپقان ئىدى. ئەمما، ئومۇمەن ئېيتقاندا، گېرمانىيىنىڭ ئىقتىسادى يەنىلا ئەنگلىيە، نىدېرلاندىيە ۋە فرانسىيىلەرنىڭ ئىقتىسادىدىن ئارقىدا قالغان بولۇپ، كاپىتالىزىم ئاجىز، باشقۇرۇش تارقاق ئىدى، بىرلىككە كەلگەن ئىچكى بازار شەكىللەنمىگەن ئىدى، جەنۇپتىكى بازارلار شىمالنىڭ بازارلىرىغا ئوخشىمايتتى، شەرقتىكى بازارلار بىلەن غەربتىكى بازارلار ئوتتۇرىسىدا بولسا ئالاقە يوقلا دېگۈدەك ئىدى. ماگدامدا بىر چېگرا جازىسى بار ئىدى، قاتناش توسلىپ قالغان ئىدى، فېئوداللارنىڭ بېغىنلىقلىرى ۋە بۆلەكچىلىك ئىشلىرىنىڭ سودا ئىشلىرىغا كەلتۈرگەن زىيىنىمۇ ناھايىتى ئېغىر ئىدى. ئىقتىسادىي جەھەتتىكى بۆلۈنۈش سىياسى جەھەتتە بىرلىككە كېلەلمەسلىككە سەۋەبچى بولدى، ۋاھالەنكى، سىياسى جەھەتتە بىرلىككە كېلەلمەسلىك يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشىغا توسقۇنلۇق قىلدى.

يۇقۇرىدىكى ئەھۋاللار تۈپەيلىدىن، گېرمانىيە زىددىيەت ئۈستىگە زىددىيەت تۇغۇلۇپ، كۈرەش كەسكىنلەشتى. فېئودال كۈچلەر ئىنقىلاپنىڭ ئوبيېكتى، دىنىي جەمئىيەت بولسا فېئودال كۈچلەرنىڭ مەركەزلىك ۋەكىلى ئىدى. گېرمانىيىنىڭ پارچىلىنىشى نەتىجىسىدە، دىنىي جەمئىيەت گېرمانىيىدە ئۆزى خالىغانچە تازا زورلۇق-زومبۇلۇق قىلىپ، كىشىلەرنى ناھايىتى كۆپ ئاقتى-سوقتى قىلدى، شۇ سەۋەپتىن، كىشىلەر گېرمانىيىنى پاپانىڭ سېغىن كالىسى دەپ ئاتىدى ھەمدە دىنىي جەمئىيەتكە قارشى ھۇجۇم گېرمانىيىدىن باشلاندى. ئەمما گېرمانىيىدە كاپىتالىزم ئامىللىرى ئاجىز، بۇرژۇئازىيە تېخى شەكىللەنمىگەن، شەھەر ئاھالىسى بۇرژۇئازىيىگە ئايلىنىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان بولغاچقا، ناھايىتى قورقۇنچاق، مۇرەسسەچىلىك خاراكتېرى بەك كۈچلۈك ئىدى، بۇ ھال گېرمانىيىدىكى دىنىي ئىسلاھات ھەرىكىتىدە بىرمۇنچە ئاجىزلىقلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەپچى بولدى.

**دىن ئىسلاھاتىنىڭ باشلىنىشى** گېرمانىيە دىنىي ئىسلاھات ھەرىكىتىنىڭ تەشەببۇسكارى مارتىن لۇتېر (1483—1546) شەھەر ئاھالىسىدىن كېلىپ چىققان، كېيىن پوپ بولغان ۋە ۋىتتېنبېرگ داشۆيىسىدە ئىلاھىيەت پروفېسسورى بولغان. ئۇنىڭ دىنىي ئىسلاھات تەلىماتىنىڭ يادروسى ئېتىقات قىلغاندا نىجاتلىققا ئېرىشكىلى بولىدۇ دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. خىرىستىيان دىنى ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ روھىنىڭ جەننەتكە كىرىشى (نىجاتلىققا ئېرىشىشى) ياكى دوزاققا كىرىشى (چۈشكۈنلىشىپ كېتىشى) ھايات-ماماتلىق مەسىلىسىدىنمۇ چوڭ مەسىلە دەپ ھېساپلايدۇ، بۇرۇن: ئۆزىنىڭ روھىنى نىجاتلىققا ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن، ئىبادەت قىلىش، تۇۋا قىلىش،

تۇرلۇك دىنىي قائىدە-يوسۇنلارغا ئەمەل قىلىش ۋە دىنىي جەمىيەتكە بوي سۇنۇش كېرەك ۋاھاكازا، يەنى دىنىي جەمىيەت ۋە دىندارلار ئارقىلىقلا نىجاتلىققا ئېرىشكىلى بولىدۇ دېگەن نەرسىنى تەشەببۇس قىلىپ، شۇ يول بىلەن دىنىي جەمىيەتنىڭ ھەممىدىن ئۈستۈن نوپۇ-زىنى تىكلىمەكچى بولدى. لۇتېر پەقەت ئاللاغا ئېتىقات قىلغاندىلا، ئاندىن نىجاتلىققا ئېرىشكىلى بولىدۇ، ھەرقانداق كىشى ئىنجىلنى ئوقۇشقا ھوقۇقلۇق، ھەممە ئادەم خۇداغا باغلانغان بولىدۇ دېگەن نەرسىنى تەشەببۇس قىلدى، شۇڭا، ئۇ دىنىي جەمىيەت ۋە دىندار-لارنىڭ ئىمتىيازىغا، ھەشەمەتلىك دىنىي مۇراسىملارغا قارشى تۇرۇپ، "ئەرزان باھالىق دىنىي جەمىيەت"نىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلدى، بۇ تەلەپ گېرمانىيە شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ دىنىي ئىسلاھات كوزقارىشىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرەتتى.

1517-يىلى رىم ۋاتىكانى گېرمانىيىگە كېلىپ گۇنا يۇيۇش تۇما-رىنى ساتقاندا، لۇتېر ئۇنىڭغا قارشى چىقىپ، ئۆزىنىڭ پىكرىنى 95 ماددىلىق تىزىس قىلىپ يېزىپ، ۋىتتېنبۇرگ چېركاۋىنىڭ دەر-ۋازىسىغا چاپلىدى. گۇنا يۇيۇش تۇمارىنى سېتىشقا قارشى چىقىش لۇتېردىن باشلانغان ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ پىشۋالىرىدىن يەنە جون ھۇس قاتارلىق كىشىلەرمۇ ئۆتكەن ئىدى. لۇتېرنىڭ ئۆز كوزقارىشىنى ئېلان قىلىشتىكى مەقسىدى ئامىمىنى ئىنقىلاپ قىلىشقا چاقىرىش ئەمەس، بەلكى ئىلاھىيەت ئۈستىدە مۇنازىرىلىشىش ئىدى. بىراق شۇ ۋاقىتتىكى سىنىپىي زىددىيەت كەسكىن بولۇۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، شۇنچىلىك ئوت ئۇچقۇنىمۇ دەرھال چوڭ يانغىننى كەلتۇرۇپ چىقاردى، ئۇنىڭ تىزىسى ھەممە يەرگە تارقالدى، دىنىي جەمىيەتكە قارشى قوزغىلىش مەملىكەتنىڭ ھەممە جايلىرىغىچە كېڭىيىپ كەتتى.

ۋاتىكان تەھدىت سېلىش ۋە ئالداشتەك ئىككى خىل ۋاستىنى قوللىنىپ، لۇتېرنى ئۆز كۆزقارىشىدىن ۋازكەچتۈرمەكچى بولدى. بىراق خەلقنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشكەنلىكتىن، لۇتېرنىڭ پوزىتسىيىسى بارغانسېرى قەتئىيلىشىشكە باشلىدى. ئۇ نۇتۇق سۆزلەپ، پاپانىڭ ھوقۇقىنى ئىنكار قىلىپ، ئىيۇخان ھۇسقا ھېسداشلىق قىلىدىغانلىقىنى ئاشكارا بىلدۈردى. 1520-يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا، لۇتېر ئۆز قارىشىنى بولمىغۇر گەپ-سۆزلەر دەپ ئەيىبلىگەن پاپانىڭ ئەمرىنى جامائەت ئالدىدا يىرتىپ تاشلاپ، پاپا بىلەن ئالاقىنى ئۈزۈل-كېسىل ئۈزگەنلىكىنى بىلدۈردى ھەمدە ئۈنلۈك خىتاپ قىلىپ، گېرمانىيە ئاقسۆڭەكلىرىدىن رىمغا جازا يۈرۈشى قىلىپ "ئۇلارنىڭ قېنى بىلەن قولىنى يۇيۇش"نى تەلەپ قىلدى.

1521-يىلىنىڭ باشلىرىدا، پادىشا كارل V ۋورمستا ئىمپېرىيە يىغىنىنى چاقىرىپ، لۇتېردىن يىغىنغا كېلىپ ئۆزىنى ئاقلاشنى ياكى ئۆزىنىڭ كۆزقارىشىدىن ۋازكېچىشنى تەلەپ قىلدى. دىنىي ئىسلاھات ئاممىۋى ھەركەتكە ئايلىنىپ كەتكەنلىكتىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە لۇتېر پادىشا بىلەن كېلىشەلمەيدىغان ئاقسۆڭەك بەگلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەنلىكتىن، يەنىلا ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇردى. پادىشا بولسا ئۇنى ھۇسنى كۆيدۈرۈۋەتكەندەك كۆيدۈرۈپ تاشلاشقا جۈرئەت قىلالمىدى، پەقەت لۇتېر قانۇننىڭ ھىمايىسى ئاستىدا بولمايدۇ دېگەن پەرماننى چۈشۈرۈش بىلەنلا كۇپايىلەندى. لۇتېر دەرھال ساكسونىيە كىنەزىدىن پانا ئىزدەپ، ۋۇتتېنبۇرگقا بېرىۋالدى. كېيىنكى كۈنلەردە ئۇ ئۆزىنىڭ كۆپ ۋاقتىنى ئىنجىلنى نېمىسچىغا تەرجىمە قىلىشقا سەرپ قىلىپ، نېمىس تىلىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىشىغا تۆھپە قوشتى.

ۋورمس يىغىنىدىن كېيىن، دىنىي ئىسلاھات ھەركىتىنىڭ قوشۇنى

پارچىلىنىپ، گېرمانىيىدە 3 لاگېر شەكىللەندى، بۇ لاگېرلارنىڭ بىرىنچىسى پاپا، پادىشا، بىر قىسىم بەگلەر، يۇقۇرى دەرىجىلىك دىندارلار، چوڭ ئاقسۆڭەكلەر ۋە شەھەر ئاقسۆڭەكلىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دىنىي ئىسلاھاتقا قارشى ئەكسىيەتچىل لاگېر ئىدى؛ ئىككىنچىسى شەھەر ئاھالىسى، ئۇششاق ئاقسۆڭەكلەر ۋە بىر قىسىم بەگلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شەھەر ئاھالىسىنىڭ رەھىمدىل ئىسلاھاتچىلىرى لاگېرى ئىدى؛ ئۈچىنچىسى ئىنقىلاۋىي دېخانلار ۋە ئاددىي خەلق لاگېرى ئىدى. لۇتېر ۋەكىللىگىدىكى رەھىمدىل ئىسلاھاتچىلار ئەمدى داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىمەستىن، رىمغا جازا يۈرۈشى قىلىش شوئارىنى بىر ياقتا قايرىپ قويۇپ، تىنچ راۋاجلىنىش ۋە پاسسىپ قارشىلىق كۆرسىتىشنى تەرغىب قىلدى. لۇتېر ئاشكارا ھالدا: "مەن ئىنجىلنى زورلۇق كۈچكە تايىنىش ۋە قان ئاققۇزۇش يولى بىلەن قوغداشنى خالىمايمەن" دېدى. لۇتېرنىڭ ئۆزگىرىشى ئاجىز، كۆرەشچانلىقى بەكمۇ تۆۋەن بولغان، خەلقتىن ناھايىتى تېزلا يۈز ئۆرۈپ مۇرەسسەچىلىك يولىغا قاراپ ماڭغان گېرمانىيە شەھەر ئاھالىسىنىڭ پوزىتسىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن ئىدى. دېمەك، كېيىنكى كۈنلەردە، بۇ ئىنقىلاۋىي ھەركەتنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ مەسئۇلىيىتى ئىنقىلاۋىي دېخانلار بىلەن ئاددىي خەلقنىڭ زىممىسىگە چۈشتى.

**تۇماس مىيۇنتسېر ۋە خەلقنىڭ دىن ئىسلاھاتى ھەركىتى** تۇماس مىيۇنتسېر (1490—1525) ئىنقىلاۋىي دېخانلار ۋە ئاددىي خەلقنىڭ مۇتەپەككۇرى ۋە رەھبىرى ئىدى. ئۇ قول سانائەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، لېيپسىگدا ئوقۇغان، كېيىن ھاللېدا ئۆگەنچى پوپ بولغان، شۇ يەرنىڭ ھۆكۈمرانلىرىغا قارشى مەخپىي تەشكىلات تۈيۈشتۈرغان.

www.uyghurkitap.com

لۇتېرنىڭ دىنىي ئىسلاھات ھەركىتى باشلانغان ۋاقىتتا، ئۇ گېرمانىيە كۆمۈش كان سانائىتىنىڭ مەركىزى بولغان تسۋىكاۋدا يوق ئىدى. ئۇ دەسلەپتە لۇتېرنىڭ كۆزقاراشلىرىنى قوللىدى. لېكىن لۇتېرنىڭ رەھىمدىل يول تۇتقانلىقىدىن نارازى بولۇپ، ئۆزىنىڭ يولىدا مېڭىشقا باشلىدى. ئۇ دېھقانلار ۋە ئىشچىلار ئارىسىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ داۋلى سۆزلەپ، ئۇلارنىڭ ھال-ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، تۆۋەن قاتلاملاردىكى خرىستىيان دىنى مەزھەپلىرىنى تەتقىق قىلدى، شۇنىڭدەك پىراگاغا بېرىپ ھۇسچىلارنىڭ ئىسلاھاتى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، پەيدىن-پەي ئۆزىنىڭ ئىنقىلاۋىي تەلىماتىنى شەكىللەندۈردى.

لۇتېر ئېتىقات قىلغاندا نىجاتلىققا ئېرىشكىلى بولىدۇ دېگەن نىمىنى تەشەببۇس قىلاتتى، بىراق ئېتىقات قەيەردىن كېلىدۇ؟ مۈنتسېر شۇنداق دەپ ھېسابلايدىكى، ئېتىقات ئادەمنىڭ ئىدرىكى ۋە ئادەمنىڭ ئىدىيىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ھەرقانداق ئادەم، ھەتتا ئۇ خرىستىيان مۇرىدى بولمىغان تەقدىردىمۇ، ئۆزىنىڭ پىكىر قىلىشى ئارقىلىق، ئېتىقاتقا ئىگە بولالايدۇ. نىجاتلىققا ئېرىشىش جەننەتكە كىرىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس، جەننەت نەدە؟ مۈنتسېر ئادەمنىڭ روھى ئاخىرەتتە خۇدانىڭ دەرگاھىغا بارىدۇ دېيىلگەن بىمەنە سۆزلەرگە پۈتۈنلەي ئىشەنمەيتتى، ئۇ جەننەت رېئال دۇنيا ئۈستىگە قۇرۇلۇشى كېرەك دەپ ھېسابلايتتى. شۇڭا ئېنگېلس: مۈنتسېرنىڭ ئىلاھىيەت نۇقتىسىنەزىرى ھەتتا خۇداسىزلىق نۇقتىسىنەزىرى دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەن ئىدى، دېگەن.

ئەينى ۋاقىتتىكى رېئال دۇنيا دىنىي جەمئىيەت ۋە فېئوداللارغا ئوخشاش ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچىلارنىڭ جىنايى ھۆكۈمرانلىقىدىكى

دۇنيا ئىدى. ميۇنتسېر ئۇلارنى خۇداغا ھۆرمەت قىلمايدىغانلار، كىشىلەرنى قاقتى-سوقتى قىلىدىغان ۋە ئوغرىلىق قىلىدىغان باش جىنايەتچىلەر دېدى. دىخانلار، ئىشچىلار ۋە ئەمگەكچىلەرلا خۇدانىڭ سايلىغۇچىلىرىدۇر، ئۇلار قولىرىغا شەمشەر ئېلىپ، دۇنيادا رىيال جەننەتنى قۇرۇشى كېرەك دەپ ھېساپلىدى. ئۇ ئاشكارا ھالدا كىشىلەرنى ئىنقىلاپ قىلىشقا چاقىرىپ: "پۈتۈن دۇنيا خۇداغا ھۆرمەت قىلمايدىغانلار كۈمران بولىدىغان، مەرتىۋىسىزلەر قەد كۆتىرىدىغان بىر چوڭ داۋالغۇشقا بەرداشلىق بېرىشى كېرەك" دېدى. مىنتسېرنىڭ قۇرماقچى بولغان جەننىتى "سىنىپىي پەرق بولمىغان، خۇسۇسىي مۈلۈك بولمىغان، ئاممىدىن ئايرىلىپ قالغان ۋە جەمئىيەت ئەزالىرى بىلەن قارشىلىشىدىغان دولەت ھاكىمىيىتى مەۋجۇت بولمىغان بىر خىل جەمئىيەتتىن ئىبارەت ئىدى. خالاس".① شۇ سەۋەپتىن، ميۇنتسېرنىڭ ئىدىيىسى دىن دائىرىسىدىن خېلىلا چىقىپ كەتكەن، ئادەتتىكى فېوداللىق تۈزۈمگە قارشى تۆرۈش دائىرىسىدىنمۇ چىقىپ كەتكەن ئىدىيە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھازىرقى زامان پرولېتارىياتى پېشىۋالىرىنىڭ كەلگۈسىنى خىرە ئالدىن كۆرۈشى بولۇپمۇ ھېساپلىنىدۇ.

ميۇنتسېر ھۆكۈمران سىنىپلارنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش مەقسىدىگە يېتىش ئۈچۈن، ئېزىلگۈچى ئاممىنى تەشكىللەش كېرەك دەپ ھېساپلىدى، شۇڭا، ئۇ خەلق ئىچىدە يوشۇرۇن ھالدىكى «خىرىستىيانلار ئىتتىپاقى»نى تەشكىللەشكە كىرىشكەن، شۇنداقلا گېرمانىيىنىڭ جەنۇپ

---

① ئېنگېلس: «گېرمانىيە دىخانلار ئۇرۇشى». «ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 7-توم، 414-بەت.

www.uyghurkitap.com

تەرەپلەردە چېپىپ يۈرۈپ، قوزغىلاڭچى دېھقانلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، دېھقانلارنىڭ قوراللىنىپ كۈرەشنى قانات يايدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرگەن ئىدى.

**گېرمانىيە دېھقانلار ئۇرۇشى** گېرمانىيە دېھقانلىرى فېئوداللىق زۇلۇمغا ناھايىتى قاتتىق ئۇچرىغان ئىدى. 15-ئەسىردىن باشلاپ ھەرقايسى جايلاردا، ئۈزلۈكسىز تۈردە فېئوداللىققا قارشى كۈرەش يۈز بەردى. گېرمانىيىنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىدا بولسا بۇ كۈرەش تېخىمۇ گەۋدىلىك بولدى. دىنىي ئىسلاھات باشلانغاندىن كېيىن، دېھقانلارنىڭ قوزغىلىشى تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك، تېخىمۇ چوڭقۇر بولدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىرمۇنچە شەھەرلەردىمۇ ئاددىي خەلقنىڭ شەھەر ھوكۇمرانلىرىغا قارشى كۈرىشى يۈز بەردى. بۇ كۈرەشلەر تەييارلىق باسقۇچىدىن بارا-بارا كېڭىيىپ، مۈنتسېر ۋە ئۇنىڭ مۇرىتلىرىنىڭ ئىلگىرى سۈرۈشىگە مۇۋەپپەق بولىدى، 1525-يىلى 3-ئايلارغا بارغانىدا بۇ كۈرەش پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا قاينام-تاشقىنلىق دېھقانلار ئۇرۇشى بولۇپ شەكىللەندى.

جەنۇبىي گېرمانىيىنىڭ شۋابىيە رايونىدا، قوزغىلاڭچى دېھقانلار 30-40 مىڭ كىشىلىك 6 دېھقانلار قوشۇنىنى ئۇيۇشتۇردى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى رادىكاللار مۈنتسېر ئىدىيىسىنىڭ تەسىرى ئاستىدا، ئۆزلىرىنىڭ ئىنقىلاۋىي پروگراممىسى بولغان «خەت-چەكلەر»نى ئوتتۇرىغا قويدى. پروگراممىدا فېئوداللارنىڭ ھوكۇمرانلىقىنى زورلۇق كۈچ بىلەن يوقىتىپ، ھەممە ئادەم باپ-باراۋەر بولغان يېڭى جەمئىيەت تەشكىللەش تەلەپ قىلىنغان ئىدى. دېھقانلار قوشۇنىنىڭ زور كۆپچىلىكى بولسا «12 ماددا» دېگەن يەنە بىر پروگراممىنى ياقلايتتى، ئۇ پروگراممىدا يانچىلىق تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ،

غوجىلار ئىگىلىۋالغان جامائەت يەرلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىش، ئالۋاڭ ۋە باشقا سېلىقلارنى يەڭگىللىتىش ۋاقاكازالار تەلەپ قىلىنغان ئىدى. 12 ماددىدا فېئوداللىق تۈزۈمگە ئۈزۈل-كېسىل قارشى تۇرۇلماي، باي دېخانلارنىڭ مۇرەسسەچىلىك خاھىشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئىدى. لېكىن، ئەمەلىي كۈرەش داۋامىدا، بىرمۇنچە دېخانلار قوشۇنى يەنىلا «خەت-چەكلەر»دىكى تەلەپلەرنى ئىجرا قىلدى، فېئوداللارنىڭ قورغانلىرىنى پاچاقلاپ تاشلاپ، مال-مۈلكىنى مۇسادىرە قىلدى. دېخانلار قوشۇنلىرى ھەركەتتە دىسگەندەك قەتئىي بولماي، كوپ چاغلاردا فېئوداللار بىلەن تېچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈپ، ئۇلارغا دەم ئېلىۋېلىش پۇرسىتى بېرىپ قويغانلىقتىن، فېئوداللار ۋەدىسىگە ۋاپا قىلماي ئۇلارغا ھۇجۇم قىلدى، نەتىجىدە دېخانلار پەيدىن-پەي تەشەببۇسكارلىقنى قولدىن بېرىپ قويدى.

فرانكونىيە رايونىدا كۈرەش ئەڭ كەسكىن بولدى. بۇ يەردىكى دېخانلارنىڭ تەشكىللىنىشى ياخشى، جەڭگىۋارلىقى كۈچلۈك ئىدى. ئۇلار قورغانلار ۋە ئىبادەتخانىلارغا ھۇجۇم قىلىپ، كىشىلەر ھەممىدىن بەك ئۆچ كۆرىدىغان فېئوداللارنى ئۆلتۈردى، قورقۇپ كەتكەن بەزى ئاقسۆڭەكلەر ئىلاجىسىز دېخانلار قوشۇنىغا ھەمداشلىق قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، ھەتتا بەزىلىرى دېخانلار قوشۇنىنى ئاشلىق ۋە قورال-ياراق بىلەن تەمىنلىدى. شۇ يەردىكى بىرمۇنچە شەھەرلەرمۇ قوزغىلاڭغا قاتناشتى، شەھەردىكى ئاددىي خەلق دېخانلار قوشۇنىغا ئاكتىپ ماسلىشىپ، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە كۈرەش قىلدى. شۇنداقتىمۇ شەھەر ئاھالىسى ۋە بەزى ئۇششاق ئاقسۆڭەكلەر دېخانلار قوشۇنىغا سوقۇنۇپ كىرىۋېلىپ، قوزغىلاڭدىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرىنىڭ خۇسۇسىي مەنپەئەتىنى قانائەتلەندۈرمەكچى بولدى، ئاقسۆڭەك

ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان، دېخانلار قوشۇنىنىڭ رەھبەرلىك ئەر-
كىۋىگە سوقۇنۇپ كىرىۋالغان ۋىندىر شىپىل ئەنە ئاشۇنداق كىشىلەر-
نىڭ ۋەكىلى ئىدى. ئۇ دېخانلار قوشۇنىنىڭ ئىنقىلاۋىيلىقىنى
ئاجىزلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى ئالداپ ئاقسۆڭەكلەر بىلەن مۇرەسسەلەش-
تۈرۈشكە كۆچەپ ئۇرۇندى. 5-ئايدا خېيلبروندا چاقىرىلغان
دېخانلار قوشۇنىنىڭ ۋەكىللەر يىغىنىدا، شىپىل «خېيلبرون پۇرو-
گىراممىسى»نى ئوتتۇرىغا قويدى. پۇروگىراممىدا، ئەركىن شەھەر
ئاھالىسى بىلەن ئۇششاق ئاقسۆڭەكلەر قوللايدىغان بىرلىككە كەلگەن
مەركىزىي ھاكىمىيەتنى تىكلەش، دۆلەت ئىچىدىكى تامغا بېجىنى
بىكار قىلىش، پۇل ۋە ئۆلچەمنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، شەھەر
ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ سودىغا بولغان مونوپولىيىسىنى ئەمەلدىن قالدۇ-
رۇش، دېخانلارغا قارىتا بولسا، ئۇلارنىڭ يىللىق باج-سېلىقىنىڭ
20 ھەسسىگە باراۋەر كېلىدىغان تۆلەم ئارقىلىق فېئوداللىق مەجبۇ-
رىيەتتىن قۇتۇلۇشىغا رۇخسەت قىلىش تەلەپ قىلىندى، شەك-
شۈبھىسىزكى، بۇنى پەقەت ئاز ساندىكى باي دېخانلارلا ئورۇنلاپ
كېتەلەيتتى. پۇروگىراممىدا شەھەر ئاھالىسىنىڭ مەنپەئەتى ئەكس
ئەتتۈرۈلگەن، فېئوداللارغا قارىتا ئىمكان قەدەر مۇرەسسەلە-
شىش ۋە يول قويۇش پوزىتسىيىسى تۇتۇلغان، ئىسلاھات ئارقىلىق
گېرمانىيىدە تەدرىجىي ھالدا كاپىتالىزىمنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈمىت
قىلىنغان. بۇنداق پۇروگىرامما ئەلۋەتتە ئەمەلگە ئاشالمايتتى. دەل
مۇھاكىمە بولۇۋاتقان پەيتتە، شەھەر ئىچىدىكى خائىنلار شەھەر
دەرۋازىسىنى ئوغۇرلۇق ئېچىپ قويۇپ، فېئوداللار قوشۇنىنى قارشى
ئالدى. شىپىل ئالدىراپ-سالدىراپ قۇيرۇقنى خادا قىلدى،
پۇروگىراممۇ شۇنىڭ بىلەن بىللە بەربات بولدى.

فېئوداللار شۋابىيەدىكى دېھقانلار قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلغاندىن
كېيىن، پۈتۈن كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، فرانكونىيەدىكى دېھقانلار
قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى، ھۇجۇم ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا
سوھبەت ئارقىلىق ۋاقىتنى سوزدى. بۇ چاغدا شۇ جايدىكى شەھەرلەر-
دىكى يۇقۇرى تەبىقىدىكىلەر ئارقا-ئارقىدىن دېھقانلار قوشۇنىدىن
يۈز ئۆرۈپ، فېئوداللارنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى. دېھقانلار قوشۇنىغا
سۇقۇنۇپ كىرىۋالغان ئاقسۆڭەكلەرنىڭ بىرمۇنچىسىمۇ دېھقانلار قوشۇ-
نىدىن يۈز ئۆرۈدى. دېھقانلار قوشۇنى ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ فېئوداللار
تەرىپىدىن تارمار قىلىندى، بۇنىڭ بىلەن، شۋابىيە ۋە فرانكونىيە-
دىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى كەينى-كەينىدىن مەغلۇپ بولدى.

ميۇنتسېرنىڭ پائالىيەت مەركىزى ئوتتۇرا گېرمانىيىنىڭ ساكسونىيە
ۋە تيۇرىنگىيە رايونلىرى ئىدى. ئۇ ميۇلخاۋزېندا 3-ئاينىڭ 17-
كۈنى كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭغا رەھبەرلىك قىلىپ، ھاكىمىيەت
ئورگانلىرىنى تەشكىللەپ، دەرۋىشخانىلارنىڭ مال-مۈلكىنى مۇسادىر
قىلىپ، كەمبەغەللەرگە تەقسىم قىلىپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن شۇ
ئەتراپتىكى شەھەر ۋە يېزىلاردىمۇ ئارقا-ئارقىدىن قوزغىلاڭ كۆتۈ-
رۈلدى. ميۇنتسېر كان ئىشچىلىرى ۋە دېھقانلارنى بىرلەشتۈرۈپ،
ئۆزئارا ياردەم بېرىدىغان مۇستەھكەم قوراللىق كۈچ قىلىپ ئۇيۇشتۇ-
رۇشقا كۈچىنىڭ بېرىچە تىرىشتى.

فېئوداللار ئەكسىيەتچىل قوراللىق كۈچلىرىنى ئىشقا سېلىپ،
ميۇلخاۋزېندىكى دېھقانلار قوشۇنىنى قورشىۋالدى. ميۇنتسېر قوزغىلاڭ-
چىلارنى تەشكىللەپ قەتئىي قارشىلىق كۆرسەتتى، تەسلىم بولۇشنى
تەشەببۇس قىلغۇچىلار چىقىپ قالسا، ئۇلارنى دەرھال ئۆلۈمگە
ھۆكۈم قىلدى. 5-ئاينىڭ 16-كۈنى فېئوداللار زەمبىرەكلەر بىلەن

دېھقانلار قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلدى، دېھقانلار قوشۇنىنىڭ قورال-ياراقلىرى يېتەرلىك بولمىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تازا ئوبدان تەلىم-تەربىيە كۆرمىگەنلىكى ئۈچۈن، كەسكىن جەڭلەر ئارقىلىق ئاخىرى مەغلۇپ بولدى، بىرمۇنچە قوزغىلاڭچىلار فېئوداللار تەرىپىدىن قىرىپ تاشلاندى. ميۈنتسېر يارىدار بولۇپ قولغا ئېلىندى، قاتتىق قىيىن-قىستاقلارغا ئېلىنغان بولسىمۇ، باش ئەگمەي، قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى.

ئوتتەك قىزىق دېھقانلار قوزغىلىڭى گېرمانىيىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئارقا-ئارقىدىن باستۇرۇلدى. غالجىرلاشقان فېئوداللار ھەممىلا يەردە تەتۈر ھېساپ ئېلىپ، دېھقانلارنى رەھىمسىزلىك بىلەن قىرغىن قىلدى. نۇرغۇن يېزا-قىشلاقلار پۈتۈنلەي كۆيدۈرۈپ تاشلاندى، خەلق قىرىپ تۈگىتىلدى، قولغا ئېلىنغان دېھقانلار قوشۇنى رەھبەرلىرى تۈرلۈك قانۇنسىز جازا بىلەن قىيىن-قىستاققا ئېلىنىپ، ئازابلاپ ئۆلتۈرۈلدى، ھايات قالغۇچىلار بولسا بۇرۇنقىدىنمۇ قاتتىق ئېكسپلاتاتسىيىگە مۇپتىلا بولدى.

**دىن ئىسلاھاتى ۋە دېھقانلار ئۇرۇشىنىڭ ئەھمىيىتى** بۇ قېتىمقى ئىنقىلاۋىي كۈرەش دېھقانلارنىڭ فېئوداللىققا قارشى ئۇرۇشىنىڭ ئاساسىي قوشۇن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى. ئۇلار قوراللىق قارشىلىق كۆرسىتىش بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىش بىلەن، ھايات-مامات جېڭى ئېلىپ بېرىپ، فېئوداللىق تۈزۈمگە شىددەتلىك سوققا بەردى. لېكىن دېھقانلارنىڭ سىنىپىي ئورنى ۋە گېرمانىيىنىڭ كونكرېت شارائىتى تۈپەيلىدىن، ئۇلار يەنە تارقاقلىقى كۈچلۈك ۋە تەشكىللىنىشى ناچار بولۇش، يەككە-يېگانە ئۇرۇش قىلىش ۋە دۈشمەنلەرنى سەل چاغلاشتەك ئاجىزلىقلىرىنى ئىپادىلەپ، نوقۇل

ھالدىكى دېھقانلار ئۇرۇشىنىڭ فېئوداللىق تۈزۈمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىيالمايدىغانلىقىنى، "دېھقانلار پەقەت باشقا تەبىقىدىكىلەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەندىلا، ئاندىن غەلىبە قازىنىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالايدۇ"غانلىقىنى①؛ يەنى فېئوداللىق تۈزۈمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش كۈرىشىدە، دېھقانلارغا بىر ئىنقىلاۋىي سىنىپ رەھبەرلىك قىلىشى كېرەكلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى.

شەھەر ئاددىي خەلقى يىمىرىلىۋاتقان فېئوداللىق شەھەرلەردىكى زاۋالغا يۈز تۇتقان تەبىقىلەر بىلەن ھازىرقى زامان پۇرولېتارىياتىنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى باشلامچىلىرىنىڭ ئارىلاشمىسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەڭ ئىلغار ۋەكىللىرىمۇ پەقەت كەلگۈسىنى ئانچە-مۇنچىلا بېشارەت قىلىپ بېرەلەيتتىكى، ئېنىق ۋە يولغا قويغىلى بولىدىغان جەڭگىۋار پۇروگراممىلارنى ئوتتۇرىغا قويالمايتتى. ئىنقىلاپ بىلەن تازا بىۋاسىتە مەنپەئەتدار بولغان شەھەر ئاھالىسى تېخى راۋاجلىنىپ بۇرژۇئازىيىگە ئايلانمىغاچقا، دېھقانلارغا رەھبەرلىك قىلالمايتتى، ئەكسىچە، ئۇلار ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلارنىڭ خەلقتىن قورقىدىغان، ئارىسالدىلىق ۋە مۇرەسسەچىلىك قىلىدىغان ھەتتا خائىنلىق قىلىدىغان تەبىئىتىنى ئىپادىلەپ بەردى. شەھەر ئاھالىسىنىڭ ۋەكىلى بولغان لۇتېرنىڭ بېسىپ ئۆتكەن يولى بۇ نۇقتىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. دېھقانلار ئۇرۇشى ئەمدى باشلانغاندا، ئۇ ھەر ئىككى تەرەپنى تەڭ ئەيىبلەپ، يارىشىپ قېلىشنى دەۋەت قىلدى. كۈرەش چوڭقۇرلاشقاندىن كېيىن، ئۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن مىيۇنتسېرغا ھۇجۇم

① ئېنگېلس: «گېرمانىيە دېھقانلار ئۇرۇشى»، «ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 7-توم، 398-بەت.

قىلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن بولسا ئاقسوڭەكلەرنىڭ دېخانلارنى رەھبەرسىز تۇردە باستۇرۇشنى تەلەپ قىلىپ، دېخانلارنى غالجىر ئىتلارنى قىرغىن قىلغاندەك قىرغىن قىلىش كېرەك دەپ جار سالدى، پادىشالىق ھاكىمىيەتنى تەڭرى ئاتا قىلغان، ئۇنىڭغا سەۋرچانلىق بىلەن ئىتائەت قىلىش كېرەك دېگەن نىمىنى تەشەببۇس قىلىپ، فېئودال ئاقسوڭەكلەرنىڭ يالاقچىسى ۋە گۇيپاڭچىسىغا ئايلىنىپ قالدى. شەھەر ئاھالىسى سىنىپىنىڭ ئاسىلىق قىلىشى دېخانلار ئۇرۇشىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىكى ئاساسىي سەۋەپ.

دېخانلار ئۇرۇشى گېرمانىيىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدا ناھايىتى زور رول ئوينىدى. فېئودال دىنىي جەمىيەت كۈچلىرى تازا زەربىگە ئۇچرىدى، چېركاۋلار چېقىپ تاشلىنىپ، مال-مۈلكى مۇسادىرە قىلىندى، ئوتتۇرا ۋە ئۇششاق ئاقسوڭەكلەرمۇ ئاجىزلىشىپ، ئۆز مۇستەقىللىقىنى يوقاتتى، ھەرقايسى جايلاردىكى چوڭ فېئودال بەگلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرىنىڭ كۈچىنى ئاشۇرۇپ، ھەرقايسى بەگلەرگە قاراشلىق رايونلار ھوقۇقىنىڭ مەركەزگە توپلىنىشىغا قارap يۈزلىنىشكە باشلىدى، دېمەك، ئوبيېكتىپ ۋەزىيەت گېرمانىيىنىڭ پەقەت ئاشۇ يولدىلا مېڭىشىنى بەلگىلىگەن ئىدى.

دېخانلار ئۇرۇشى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، دىنىي ئىسلاھات ھەرىكىتى ئۆزگىرىپ، لۇتېرچى بەگلەر بىلەن كاتولىك دىنىدىكى بەگلەر ئوتتۇرىسىدىكى يېغىغا ئايلىنىپ كەتتى، 1555-يىلىغا بارغاندا ئىككى تەرەپ ئۇرۇش توختىتىپ، ھەرقايسى بەگلەرنىڭ ئۆز پۇقرالىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى ئۆزلىرى بەلگىلىشىگە قوشۇلۇشتى، لۇتېرچىلار قانۇنىي ئورۇنغا ئىگە بولدى، نەتىجىدە، پۈتۈن مەملىكەت كاتولىك دىنى رايونى ۋە پروتېستانت دىنى رايونى دېگەن

ئىككى رايونغا بۆلۈنۈپ كەتتى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا، گېرمانىيە 30 يىللىق ئۇرۇشنىڭ① بۇزغۇنچىلىقى ئارقىلىق تېخىمۇ بۆلۈنۈشكە ۋە ئارقىدا قېلىشقا باشلىدى. بىراق، دىنىي ئىسلاھات ھەركىتى بولسا تولۇقلىق بولمايدىغان ئېقىمغا ئايلىنىپ، ھەرقايسى دۆلەتلەردە فېئودال دىنىي جەمئىيەتكە قارشى كۈرەش كۆتۈرۈلدى، شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن دىنىي جەمئىيەتلەرنىڭ كۈچى كۈنسايىن زەئىپلىشىپ، ئىلاھىي ھاكىمىيەت سىياسىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى بىلەن ئىدىيالىستىك ئىدىيەلەرنىڭ ئىسكەنجىسى پەيدىن-پەي پاچاقلاپ تاشلاندى. شۇ سەۋەپتىن، ئېنگېلس دىنىي ئىسلاھات ھەركىتىنى بۇرژۇئازىيىنىڭ فېئوداللىق تۈزۈمگە قارشى ياۋروپادا ئېلىپ بارغان تۇنجى قېتىملىق ھەل قىلغۇچ ئۇرۇشى② دېگەن ئىدى.

**دىن ئىسلاھاتىنىڭ راۋاجلىنىشى** دىنىي ئىسلاھات ھەركىتى غەربىي ياۋروپادىكى ھەرقايسى ئەللەردە قانات يايغاندىن كېيىن، بۇرژۇئازىيىنىڭ تەلىۋىگە لۇتېرچىلاردىنمۇ بەك ئۇيغۇن بولغان كالۋىنچىلار مەيدانغا چىقتى. جون كالۋىن (1509—1564) فران-

---

① 30 يىللىق ئۇرۇش (1618—1648) گېرمانىيە زېمىنىدا ئېلىپ بېرىلغان ياۋروپا خەلقئارا ئۇرۇشى، ھەرقايسى دۆلەت فېئوداللىرىنىڭ ئەكسىيەتچىل قالايمىقان ئۇرۇشىدۇر. ئۇرۇشقا گېرمانىيىدىكى لۇتېرچى بەگلەر بىلەن كاتولىك دىنىدىكى بەگلەردىن باشقا، يەنە دانىيە، شۋېتسىيە، چېخوسلوۋاكىيە ۋە فرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەر قاتناشقان. ئۇرۇش گېرمانىيىنى ناھايىتى زور بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتقان، فرانسىيە بىلەن شۋېتسىيە پايدا ئالغان.

② ئېنگېلسنىڭ: «سوتسىيالىزمنىڭ خىيالدىن پەنگە راۋاجلىنىشى» ئىنگلىزچە نەشرىگە مۇقەددىمە»سىگە قاراڭ. 1976-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 42-بەت.

www.uyghurkitap.com

-سىيلىك بولۇپ، شەھەر ئاھالىسىدىن كېلىپ چىققان، كېيىن پارىژ داشۆبىسىدە ئوقۇغان، لۇتېرنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، دىنىي ئىسلاھ قىلىشنى تەشەببۇس قىلغانلىقتىن، زىيانكەشلىككە ئۇچراپ جەنۋەگە قېچىپ كەتكەن ۋە شۇ يەردە ئۆزىنىڭ ئىسلاھات تەلىماتىنى شەكىللەندۈرگەن.

كالۋىن شۇنداق دەپ ھېسابلايدۇكى، بىرەر ئادەم پەرھىز قىلىش، تۇۋا قىلىش، گۇناھىنى يۇيۇش قاتارلىقلار ئارقىلىق نىجاتلىققا ئېرىشەلمەيدۇ، نىجاتلىققا ئېرىشىش-ئېرىشەلمەسلىكىنى ئۇ ئادەم بۇ دۇنياغا كېلىشتىن بۇرۇنلا خۇدا ئۇنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈۋەتكەن بولىدۇ. مۇبادا رىيال دۇنيادا سېنىڭ پائالىيەتلىرىڭ ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ چىقىپ، پۇل تېپىپ بېيىپ كەتسەڭ، ئۇ ھالدا، خۇدانىڭ سېنىڭ ئاخىرەتتە جەننەتكە كىرىدىغانلىقىڭنى بەلگىلەپ قويغانلىقى ئىسپاتلانغان بولىدۇ، سېنىڭ پائالىيەتلىرىڭ مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياقلاشسا، ئۇ ھالدا، سېنىڭ دوزاققا كىرىدىغانلىقىڭنىڭ ئاللىقاچان پېشانەڭگە پۈتۈلگەنلىكى ئىسپاتلانغان بولىدۇ. شۇڭلاشقا كالۋىن ئىنجىلغا كىرگۈزۈلمىگەن دىنىي قائىدە-يوسۇن ۋە ھېيت-ئايەم قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىگە قارشى تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ مۇرىتلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ نىجاتلىققا ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلاش يولىدا ئاكتىپلىق بىلەن تىرىشىپ پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. بۇنداق قىلغاندا، ھەم بۇرژۇئازىيىنىڭ پۇل تېپىپ باي بولۇش تەلىۋىگە ماسلاشقىلى بولاتتى، ھەم ئۆزىنىڭ ئېكسپلاتاتسىيە قىلىش يولى بىلەن ئېگىلىك تىكلىگەنلىك ماھىيىتىنى خۇدا پېشانىگە پۈتۈپ قويغان دېگەنگە ئوخشاش ۋەز-نەسىھەتلەر بىلەن يوشۇرۇپ قالغىلى بولاتتى، شۇڭا ئۇنىڭ ھەركەتلىرى سانا-

ئەت تەرەققى تاپقان جەنۇۋەدە تېزلا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى. كالۋىن جەنۇۋەدە ھاكىمىيەت بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن ئىسلاھىي ھاكىمىيەت دۆلىتىنى تەشكىللىدى، بۇ دۆلەتنىڭ چوڭ ھوقۇقى مۇخلىسلار ئىچىدە سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇتقا كەلگەن ئاقساقال (ئۇلارنىڭ ھەممىسى دۆلەتمەنلەر، كارخانىچىلار ۋە باشقىلاردىن تەركىب تاپاتتى)لارنىڭ قولىدا بولۇپ، ئۇلار خەلق ئۈستىدىن قاتتىق ھۆكۈمرانلىقنى يولغا قويدى، ھەشەمەتلىك دىنىي مۇراسىملارنى ئەمەلدىن قالدۇردى، شۇنداقلا ئۇسسۇل ئويناش، ئويۇن-تاماشا قىلىش قاتارلىقلارنىمۇ مەنئى قىلىپ، خەلقنىڭ پەقەت ئادەتتىكى كۈنلەردە ئىشلەپ، دەم ئېلىش كۈنلىرى دۇئا-تەلەپ قىلىشىغىلا يول قويدى.

كالۋىنچىلار غەربىي ياۋروپادىكى ھەرقايسى ئەللەردە ناھايىتى تېز راۋاجلىنىپ، بۇرژۇئازىيىنىڭ تەرەققىي قىلىشىدا ناھايىتى زور رول ئوينىدى. كالۋىنچىلار فرانسىيەدە 30 نەچچە يىللىق دىنىي ئۇرۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئەڭ ئاخىرىدا مەلۇم قانۇنىي ئورۇنغا ئىگە بولدى. نىدېرلاندىيەدە، كالۋىنچىلارنىڭ بايرىقى ئاستىدا ئىسپانىيىنىڭ فېئودال ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرەش قانات يېيىپ، بۇرژۇئازىيە دۆلىتى — گوللاندىيە جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى. ئەنگلىيەدىمۇ كالۋىنچىلار (Puritans دىنى)نىڭ بايرىقى ئاستىدا، ئەنگلىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابى ئېلىپ بېرىلىپ، ئەنگلىيەدە كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن يول ئېچىپ بېرىلدى.

# 3 ـ بۆلۈم   نىدېرلاندىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابى

**ئىنقىلاپنىڭ ئالدىنقى شەرتى**   ئوتتۇرا ئەسىر دەۋرىدىكى نىدېرلاندىيە ھازىرقى گوللاندىيە، بېلگىيە، ليۇكسېمبۇرگ ۋە فرانسىيىنىڭ شەرقىي شىمال رايونلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، مۇقەددەس رىم ئىمپېرىيىسىگە قارايتتى. 1556 ـ يىلى پادىشا كارل V تەختىنى بوشىتىپ بەردى، بۇنىڭ بىلەن، نىدېرلاندىيە كارل V نىڭ ئوغلى بولغان ئىسپانىيە پادىشاسى فىلىپ II (1556 ـــ 1598)نىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتۈپ، ئۇ نىدېرلاندىيىنى باش ۋالىي ئارقىلىق باشقۇردى. باش ۋالىغا چوڭ ئاقسۆڭەكلەردىن تەشكىل قىلىنغان دۆلەت ئىشلىرى كومىتېتى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا يەنە مەركەز ۋە يەرلىك ئۆلكىلەردىكى 3 دەرىجىلىكلەر يىغىنى ياردەملىشەتتى. ئۇلار باج بەلگىلەش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى.

نىدېرلاندىيىنىڭ ئاھالىسى كۆپ، ئىقتىسادى تەرەققىي تاپقان، سودا ـ سانائەت ئىشلىرى گۈللەنگەن ئىدى، 13 ـ، 14 ـ ئەسىرلەردە نىدېرلاندىيىدە ئىشلەپچىقىرىلغان يۇڭ توقۇلما پۈتۈن ياۋروپاغا داڭلىق ئىدى. 16 ـ ئەسىرلەرگە كەلگەندە، نىدېرلاندىيىدە شەھەرلەر كۆپىيىپ 300 نەچچىگە يېتىپ، شەھەرلەر دۆلىتى دېگەن نامنى ئالغان. شىمالدىكى ئۆلكىلەر ئىچىدە گوللاندىيە ئۆلكىسى بىلەن زېللاندىيە ئۆلكىسى ھەممىدىن ئىلغار، يۇڭ ۋە كەندىر توقۇمىچىلىق، كېمىسازلىق ۋە بېلىقچىلىق جەھەتلەردە ھەممە يەرگە داڭلىق ئىدى، كەڭ كۆلەمدىكى قول سانائەت ئىشخانىلىرى بارلىققا كەلگەن ئىدى.

ئامستېردام شەھىرى بىلەن ئەنگلىيە ۋە بالتىق دېڭىزى ئەتراپىدىكى بىر نەچچە مەملىكەت ئوتتۇرىسىدا داۋاملىق سودا ئالاقىسى بولۇپ تۇراتتى، بىراق ئىسپانىيە بىلەن ھېچقانداق ئىقتىسادىي ئالاقە يوق ئىدى. شىمالدىكى يېزىلاردا تاۋار-پۇل مۇناسىۋىتى راۋاجلىنىپ، كاپىتالىستىك دېھقانچىلىق مەيدانلىرى بارلىققا كەلدى، بەزى ئاقسۆڭەكلەرمۇ يەرلىرىنى كاپىتالىستىك ئۇسۇل بىلەن باشقۇرىدىغان بولدى.

جەنۇپتىكى ۋىلايەتلەردە، بىرابانتقا ئوخشاش جايلارنىڭمۇ تەرەققىي تاپقان سودا-سانائىتى، كاپىتالىستىك قول سانائەت ئىشخانىلىرى بار ئىدى، بىراق ئۇلارنىڭ ئىسپانىيە بىلەن بولغان ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتى قويۇق ئىدى، توقۇمىچىلىق ساھەسىگە كېرەكلىك قوي يۇڭىنىڭ تولاراقىنى ئىسپانىيە يەتكۈزۈپ بېرەتتى، ئانتۋېرپېنىڭمۇ ئاساسەن ئىسپانىيە مۇستەملىكىلىرى بىلەن بولغان سودا يولىغا قويۇلغان ئىدى. جەنۇپتىكى بەزى رايونلاردىكى ئۆلكىلەردە فېوداللىق مۇناسىۋەت يەنىلا ناھايىتى مۇستەھكەم ئىدى. شۇ سەۋەپتىن، نىدېرلاندىيىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى تەكشى بولالماي، جەنۇپ بىلەن شىمالنىڭ پەرقى بىرقەدەر چوڭىيىپ كەتتى، بۇ ھال كېيىنكى كۈنلەردىكى ئىنقىلاپنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسەتتى.

نىدېرلاندىيە ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى بىرقەدەر يۇقىرى بولسىمۇ، لېكىن كاپىتالىستىك مۇناسىۋەتلەر تېخى دېگەندەك يېتىلىپ يېتەلمىگەن ئىدى، شۇڭا نىدېرلاندىيە بۇرژۇئازىيىسىمۇ پىشىپ يېتىلەلمەي، ئۇزىنىڭ ئاجىزلىقىنى خېلى زور دەرىجىدە ئىپادىلەپ، فېودالىق تۈزۈمدىكى ئىسپانىيىگە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىشقا پېتىنالمىدى، خۇسۇسەن چوڭ سودا بۇرژۇئازىيىسى تېخىمۇ شۇن-

داق قىلدى. پەقەت بەزى ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيىلا بىرقەدەر كەسكىن ئىدى، ئۇلار كالۋىن دىنىدىن ئۆزلىرىگە كېرەكلىك ئىدىيىۋى قورالنى تېپىۋېلىپ، ئىسپانىيىنىڭ فېئودال ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈمىدىدە، كالۋىنىزمدەك جۇمھۇرىيەتلىك ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىنى قۇرۇش ئارزۇسىدا بولدى.

دېھقانلار بىلەن شەھەر ئاددىي خەلقى ئىنقىلابنىڭ ئاساسىي كۈچى ئىدى. ئۇلار فېئودالىزىم بىلەن كاپىتالىزىمنىڭ ھەر تەرەپلەپ ئېزىشى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشى نەتىجىسىدە ئىنتايىن نامراتلىشىپ كەتكەن ئىدى. ئىپتىدائىي جۇغلانمىنىڭ تېزلىك بىلەن جۇغلىنىشىغا ئەگىشىپ، نىدېرلاندىيىدە تۈركۈم-تۈركۈملىگەن سەرگەردانلار پەيدا بولۇشقا باشلىدى، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمران سىنىپلار بولسا قانلىق قانۇن-پەرمانلارنى چىقىرىپ، ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلدى، بۇنىڭ بىلەن، سىنىپىي زىددىيەت كەسكىنلىشىپ كەتتى. ئىنقىلابىي كۈرەشتىكى ئاساسلىق مەسىلە ئىسپانىيىنىڭ فېئودال ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش مەسىلىسى ئىدى. ئەمما، بۇ قېتىمقى ئىنقىلابتا، يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى تەكشى بولمىغانلىقى، بەزى جايلاردا فېئودال ھۆكۈمرانلىق تېخى ناھايىتى جاھىل بولغانلىقى، شۇنىڭدەك بۇرژۇئازىيىنىڭ رەھبەرلىكى جانسىز بولغانلىقى ئۈچۈن، دېھقانلارنىڭ قوزغىلىشى تازا ئوبدان بولمىدى، كۈرەش تارقاق ۋە ئىستىخىيىلىك ھالدا ئېلىپ بېرىلدى، بىردەك ئۇيۇشالمىدى. شەھەر ئاددىي خەلقى بولسا ئىنقىلابقا ئاكتىپ قاتنىشىپ، باتۇر ۋە قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلىپ، مۇھىم رول ئوينىدى.

نىدېرلاندىيە ئاقسۆڭەكلىرى يەنىلا فېئوداللىق خاراكتېرغا ئىگە بولغاچقا، فېئوداللىق ئىمتىيازلارنى كۈچىنىڭ بېرىچە قوغدىدى.

ئىسپانىيىنىڭ زۇلۇم سېلىشى، كاتولىك دىنىنىڭ زورلۇق-زومبۇلۇق
قىلىشى ئاستىدا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىنمۇ بىر قىسىم كىشىلەر مىللىي
مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىسپانىيىگە قارشى
تۇرۇشنى تەلەپ قىلىپ، ئىنقىلاپ لاگېرىغا سۇقۇنۇپ كىرىۋالدى.
بىراق ئاقسۆڭەكلەر دىگەن تېز پۈكۈپ تۇرۇپ قوزغىلاڭ كۆتىرەتتى،
شۇڭا ئۇلار فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ پۈتۈنلەي ئاغدۇرۇپ تاشلىنىشىدىن
ساقلىنىش ئۈچۈن، پەقەت فىلىپ II نىڭ ئازراق يول قويۇشىغىلا ئىگە
بولۇش كويىدا بولدى، دائىم ئارىسالدا بولۇپ ۋە خائىنلىق قىلىپ،
ئىنقىلاپقا غايەت زور زىيانلارنى كەلتۈردى.

ئەكسىلئىنقىلاۋىي لاگېر ئىسپانىيە فېئوداللىرى، ئەكسىيەتچى
كاتولىك دىنى كۈچلىرى، دۆلەت ئىچىدىكى ئەكسىلئىنقىلاۋىي ئاقسۆ-
ڭەكلەر ۋە شەھەر ئاقسۆڭەكلىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان
بولۇپ، ئىسپانىيە پادىشاھ ھاكىمىيىتىنى ئۆزلىرىنىڭ مەركەزلىك ۋە-
كىلى قىلغان ئىدى. فىلىپ II تەختكە ئولتۇرغان كۈندىن باشلاپ،
ئىسپانىيە سىياسىي، ئىقتىسات، دىن قاتارلىق جەھەتلەردە نىدېرلان-
دىيىنى ھەدەپ ئېزىپ ۋە تىزگىنلەپ كەلگەن ئىدى. فىلىپ II
جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئىمتىيازىنى تارتىۋېلىپ، جايلاردا تۇرۇشلۇق
ئەسكەرلىرىنى بارغانسېرى كۆپەيتىپ، خەلقنى قاتتىق باستۇردى،
يېزا ۋە شەھەرلەرنى پاراكەندە قىلدى. ئىقتىسادىي جەھەتتە بولسا
دۆلەت قەرزىنى تۆلەشنى رەت قىلىپ، نىدېرلاندىيىنىڭ بىرمۇنچە
بانكا ئىگىلىرىنى ناھايىتى زور زىيانلارغا ئۇچراتتى؛ ئىسپانىيىدە
قوي يۇڭىنى ئېكسپورت قىلىش بېجى ئالغانلىقتىن، نىدېرلاندىيىگە
توشۇلىدىغان قوي يۇڭى شىددەت بىلەن كېمىيىپ 40 پىرسەنتكە
چۈشۈپ قالدى؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە، نىدېرلاندىيە بىلەن ئەنگلىيە

ئوتتۇرىسىدىكى سودىنى مەنئى قىلدى، نەتىجىدە نىدېرلاندىيىنىڭ زاۋۇتلىرى يېپىلىپ، ئىشچىلار ئىشسىز قېلىپ، ئىقتىسادى زور زىيانلارغا ئۇچرىدى. دىنىي جەھەتتە، رىم ۋاتىكانىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللاپ، نىدېرلاندىيىدە غەيرى پىكىردىكىلەرنى تازا تۇتقۇن قىلدى، مەھكىمە شەرئى ھەممىلا يەردە زورلۇق-زومبۇلۇق قىلدى، كالۋىنىچىلارنىڭ مىڭلىغان-تۈمەنلىگەن مۇرىتلىرى كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈلدى.

خەلقنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرىشىنىڭ تىغ ئۇچى تېخىمۇ مەركەزلىك ھالدا ئىسپانىيىنىڭ ئەكسىيەتچىل ھاكىمىيىتىگە قارىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، فېئوداللىققا قارشى ئىنقىلاۋىي كۈرەش بىلەن ئىسپانىيىنىڭ زۇلمىغا قارشى مىللىي كۈرەش ئۆزئارا بىرلىشىپ كەتتى، بۇنىڭ بىلەن، نىدېرلاندىيە ئىنقىلاۋى ئوخشاش بىرلا ۋاقىتتا مىللىي مۇستەقىللىق ئۇرۇشى خاراكتېرىنى ئېلىپ، تېخىمۇ كەڭ ئىجتىمائىي ئاساسقا ئىگە بولدى.

**ئىنقىلابنىڭ باشلىنىشى** 16-ئەسىرنىڭ 60-يىللىرىنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ، خەلق ئاممىسىنىڭ فېئوداللىققا قارشى كۈرىشى بارغانسېرى يۈكسىلىشكە باشلىدى. بىرمۇنچە شەھەرلەردە، مەھكىمە شەرئىنىڭ زىيانكەشلىكىگە قارشى چىققان خەلق ئاممىسى بىلەن ئەكسىيەتچى ئارمىيە ئوتتۇرىسىدا قوراللىق توقۇنۇش يۈز بەردى. كەڭ ئاددى خەلق ئىچىدە قايتا چوقۇنۇش دىنى① ناھايىتى كەڭ

① قايتا چوقۇنۇش تەرەپدارلىرى خرىستىيان دىنىنىڭ بىر مەزھىپى بولۇپ، ئۇ ئادەمنىڭ ياش قورامىغا يەتكەندە يەنە بىر قېتىم چوقۇنۇشىنى تەشەببۇس قىلغانلىقتىن، ئاشۇنداق نام بىلەن ئاتالغان.

تارقالغان ئىدى، شۇڭا بىرمۇنچە دىن تارقاتقۇچىلار ئوتتۇرىغا چىقىپ، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە باراۋەر بولۇشنى تەشۋىق قىلىپ، كاتولىك دىنى ۋە ئىسپانىيىنىڭ فېئودال ھۆكۈمرانلىرىغا قارشى تۇرۇش چاقىرىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان، مىڭلىغان-يۈز مىڭلىغان قوراللىق ئاممىلار ئۇلارنىڭ قىزغىن تەشۋىق-تەرغىباتلىرىنى قوللاپ سېلىپ ئاڭلىغان، شۇنداقلا ئۇلار بىلەن فېئوداللىق ھاكىمىيەت ئوتتۇرىسىدا پات-پات قوراللىق توقۇنۇشمۇ يۈز بېرىپ تۇرغان ئىدى. كارۋىنچىلارنىڭ بايرىقى ئاستىدا، رادىكال بۇرژۇئازىيىنىڭ ۋەكىللىرى ئوتتۇرىغا چىقىپ پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ، كىشىلەرنى كاتولىك دىنىي جەمئىيىتىگە قارشى تۇرۇشقا چاقىردى. ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىمۇ بۆلۈنۈش يۈز بەردى، بىر قىسىم نىدېرلاندىيە ئاقسۆڭەكلىرى ئورانيىلىك ۋىليام باشچىلىقىدا، ئىسپانىيىنىڭ ھەددىدىن زىيادە يۇقىرى باج سېلىش سىياسىتىدىن نارازى بولۇپ، دىنىي زىيانكەشلىكلەرنى توختىتىپ، يەرلىك ئاپتونومىيىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋاھاكازالارنى تەلەپ قىلدى. دېمەك، ئىنقىلاب ۋەزىيىتى كۈندىن-كۈنگە پىشىپ يېتىلىشكە باشلىدى.

1566-يىل 8-ئايدا، بەزى شەھەرلەردىكى خەلق قوزغىلاڭ كۆتەردى. قوزغىلاڭ ئەۋلىيالار ھەيكىلىنى بۇزۇش ھەركىتى دېگەن نام ئاستىدا ئېلىپ بېرىلدى. قوزغىلاڭچىلار چېركاۋ ۋە دەرۋىشخانىلارغا بېسىپ كىرىپ، ئەۋلىيالار ھەيكىلىنى چېقىپ تاشلاپ، ئەۋلىيالارنىڭ تۈرلۈك تەۋەررۈكلىرىنى ۋەيران قىلدى. چېركاۋلارنىڭ قىممەت باھالىق مال-مۈلۈكلىرى مۇسادىرە قىلىندى، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشتا ئىشلىتىلىدىغان ھساۋات دەپتەرلىرىمۇ كۆيدۈرۈپ تاشلاندى. ھەركەت ناھايىتى تېز راۋاجلىنىپ، پۈتۈن نىدېرلاندىيىدىكى 17

www.uyghurkitap.com

ئۆلكىنىڭ 12 سىگە كېڭەيدى، 5 مىڭدىن ئارتۇق چېركاۋ بۇزۇپ تاشلاندى. جۇش ئۇرۇپ ئەۋج ئالغان ئاممىۋى ھەركەت نىدېرلاندىيە ئىنقىلاۋىنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

خەلق ئىنقىلاۋى ئالدىدا، ئەكسىيەتچىلەر ھازىرچە ئۆلارنى باستۇرۇشقا كۈچى يېتىشمەيدىغانلىقىنى پەملەپ، بەزى جەھەتلەردە يول قويۇشقا مەجبۇر بولدى. مەسىلەن، ۋەزىيەتنى ۋاقتىنچە پەسەيتىپ، ئۇزىنى ئوڭشىۋېلىش ھىلىسىنى ئىشلىتىپ، مەھكىمە شەرئىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا قوشۇلدى، كالۋىنچىلارغا ئىبادەت قىلىدىغان جايىنى بەلگىلەپ بەردى ۋاھاكازا. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاقسوڭەك قارشى گۇرۇھلار ۋە بۇرژۇئازىيىمۇ ئاممىۋى ھەركەتتىن ئۇلگۇدەك قورقۇپ كېتىشتى. بۇرژۇئا كالۋىنچىلار تەشكىلاتى خەلق بىلەن چەك-چېگرىنى ئېنىق ئايرىش ئۇچۇن، قوزغىلاڭ بىز ئالدىن خەۋەر تاپمىغان ۋە قوشۇلمىغان ئەھۋال ئاستىدا كوتىرىلدى، دېيىشتى.

1567-يىل 8-ئايدا، ئىسپانىيە ئەۋەتكەن كىنەز ئالۋا چوڭ قوشۇن باشلاپ نىدېرلاندىيىگە كېلىپ، ئىنقىلاۋىي ھەركەتنى قانلىق تۈردە باستۇردى. ئۇ قوزغىلاڭچىلارنى تۇركۇم-تۇركۇملەپ قولغا ئېلىپ، سوت قىلمايلا ئۆلۈمگە ھوكۈم قىلدى، ھەتتا قوزغىلاڭغا قاتناشمىغان كىشىلەرنىمۇ يات پىكىردىكىلەرگە قارشى تۇرمىغان دېگەن بەتنام بىلەن ئۆلتۈردى. ئاقسوڭەك قارشى گۇرۇھلارنىڭ بىرنەچچە رەھبىرىمۇ ئۆلتۈرۈلدى، ئورانژلىق ۋىلىيام چەتئەلگە قېچىپ كەتتى. ئالۋا نىدېرلاندىيىدە يەنە بۇلاڭچىلىقنى كۈچەيتىپ، ئىسپانىيىنىڭ باج تۈزۈمىگە ئاساسەن يېڭى باج تۈزۈمىنى تۈزۈپ چىقتى، ھەرقانداق تاۋار سودىسىدىن 10 پىرسەنت باج ئېلىشنى بەلگىلىدى. تاۋار

سودىسى ئىنتايىن تەرەققىي قىلغان نىدېرلاندىيىدە، ھەر بىر تاۋار ئىستېمالچىلارنىڭ قولىغا تېگىشتىن ئىلگىرى بىرنەچچە قولدىن ئۆتەتتى، بۇنداق باج يىغىش ئۇسۇلى ئىقتىسادنى ۋەيران قىلىۋەتتى، نۇرغۇن دۇكانلار تىجارەتنى توختىتىشقا مەجبۇر بولۇپ، قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىقتى.

قاتتىق ئاق تېرورلۇق ئاستىدا، كۆپلىگەن ئاقسۆڭەك قارشى گۇرۇھلار تەسلىم بولدى، چوڭ بۇرژۇئازىيە تۇراقسىز ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. بىراق كەڭ قول سانائەتچى، ئىشچى، دېھقان ۋە ئاز ساندىكى ئىنقىلاۋىي بۇرژۇئازىيە بولسا قوراللىق قارشىلىق كۆرسىتىش بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، "جاڭگال قەلەندەرلىرى" ياكى "دېڭىز قەلەندەرلىرى"① دەپ ئاتالغان پارتىزانلىق ئەترەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئىسپانىيىنىڭ پارچە قوشۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلىش، ئەكسىيەتچى كاتولىك دىنى پوپلىرىنى ئۆلتۈرۈش، ئىسپانىيىنىڭ پاراخوت كارۋانلىرىنىڭ ئالدىنى توساپ زەربە بېرىش ۋە ئىسپانىيە قوشۇنلىرىنىڭ دېڭىز بويلىرىدىكى تايانچ پونكىتلىرىغا ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق، ئەكسىيەتچىلەرگە قاتتىق زەربە بەردى. گېرمانىيىگە قېچىپ كەتكەن ئورانچىلىق ۋىلىيام خەلق بىلەن بىرلەشمەستىن، ئەكسىچە گېرمانىيە پروتېستانت دىنىدىكى بەگلەرنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ ئىسپانىيىگە قارشى تۇرۇش بىلەن، ئۆزىنىڭ سىياسىي قارا نىيىتىگە يەتمەكچى بولدى. ئۇ بىر قوشۇن تۈزۈپ

---

① "قەلەندەرلەر" دېگەن نام ئەسلىدە ئىسپانىيە ئاقسۆڭەكلىرى نىدېرلاندىيە ئاقسۆڭەك قارشى گۇرۇھلىرىغا مەسخىرە قىلىپ قويۇپ قويغان لەقەم بولۇپ، بۇ لەقەمنى كېيىنچە قوزغىلاڭچىلار ئۆزلىرىنىڭ نامى قىلىپ ئىشلەتكەن.

www.uyghurkitap.com

جەنۇپ تەرەپتىن ئالۋاغا ئىككى قېتىم ھۇجۇم قىلىپ، ئىككىلا قېتىمدا مەغلۇپ بولدى.

**شىمالدىكى قوزغىلاڭ ۋە ئىنقىلابنىڭ ئۇلغىيىشى** خەلق ئاممىسىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرىشى ئىنقىلاب دولقۇنىنىڭ يېتىپ كېلىشى ئۈچۈن تەييارلىق بولدى. 1572-يىل 4-ئاينىڭ 1-كۈنى دېڭىز پارتىزانلىرىنىڭ بىر ئەتىرەتى زېللاندىيە ئارىلىدىكى بىرىل شەھىرىنى ئىشغال قىلدى، بۇ تاسادىپىي ۋەقە ئاممىنىڭ كەڭ كۆلەملىك قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشى ئۈچۈن سىگنال بولدى-دە، قوزغىلاڭ ناھايىتى تېزلىكتە شىمالدىكى شەھەرلەرگىچە كېڭەيدى. ئىنقىلاۋىي بۇرژۇئازىيە بىرمۇنچە شەھەردە قوشۇن تەشكىللەپ، ھاكىمىيەت تىكلەپ، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇردى. يېزا-قىشلاقلاردا دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىدى، دېھقانلار قوزغىلىپ، دىنىي جەمئىيەتلەرنى ۋە ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قورۇقلىرىنى بۇزۇپ تاشلىدى، فېئوداللىق باج-سېلىق ۋە ئىجارە تاپشۇرۇشنى رەت قىلدى. قوزغىلاڭ كۆپلىگەن جايلاردا غەلىبىگە ئېرىشتى، ئورانچلىق ۋىليام ئىنقىلاب ۋەزىيىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ يېقىنلىرىنى تەرەپ-تەرەپكە ئەۋەتىپ ھەرىكەت قىلىپ، خۇسۇسىي كۈچ توپلىدى، بەزى ئاقسۆڭەكلەر ۋە چوڭ بۇرژۇئازلار ۋىليامنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ، ئىنقىلابتا پۇرسەتپەرەسلىك قىلدى. 1572-يىل 7-ئايدا، ئورانچلىق ۋىليام شىمالدىكى ئۆلكىلەرنىڭ باش ۋالىيسى بولۇپ سايلاندى، ئۇنىڭ قولىدا ھەربىي ھوقۇقمۇ بار ئىدى، شۇڭا ئۇ شىمالنىڭ ئىنقىلابقا رەھبەرلىك قىلىش ھوقۇقىنى پەيدىن-پەي قولىغا كىرگۈزۈۋالدى.

ئالۋا دەسلەپتە جايلاردىكى خەلق قوزغىلىڭىغا پىسەنت قىلماي، ئۇلارنى بىر پەشۋاغىمۇ يارىمايدۇ دەپ ھېساپلىغان ئىدى، لېكىن

ئۇزاق ئۆتمەي قاتتىق تەھدىتىنىڭ پۇرىقىنى سەزدى-دە، قوشۇن ئەۋەتىپ قوزغىلاڭچىلارغا ھۇجۇم قىلدى، خەلق ئاممىسى بولسا ئۇنىڭغا قارشىلىق كۆرسەتتى. 1573-يىلى، ھارلېم شەھىرى خەلقى ئىسپانىيە قوشۇنلىرىغا باتۇرلارچە زەربە بېرىپ شەھەرنى قوغدىدى، ھەتتا خوتۇن-قىزلارمۇ تەشكىللىنىپ جەڭگە قاتناشتى. كۈرەش 7 ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت داۋام قىلىپ، ئاخىرى ئوزۇق-تۈلۈك ئۈزۈلۈپ قالغانلىقتىن، شەھەر قولدىن كەتتى، شەھەر مۇداپىئەچىلىرى شەپقەتسىز تۈردە قىرغىن قىلىندى. بىراق فىلىپ II يەنىلا ئالۋا قوزغىلاڭنى تازا قاتتىق باستۇرالمىدى دەپ ئەيىپلەپ، ئۇنى خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلىدى.

كېيىندىن ئەۋەتىلگەن باش ۋالى لېكسون ئىسپانىيە ئارمىيىسىگە قوماندانلىق قىلىپ قوزغىلاڭچىلارغا داۋاملىق ھۇجۇم قىلدى. 1573-يىل 10-ئايدىن باشلاپ لېيدېن شەھىرىدىكىلەر ئىنتايىن مۇشكۈل مۇداپىئە ئۇرۇشى ئېلىپ باردى، پۈتۈن شەھەر خەلقى ئاچلىقنىڭ قاتتىق ئازابلىشىغا بەرداشلىق بېرىپ، ئوڭ قولىمىزنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن سول قولىمىزنى بولسىمۇ يەۋېتىشكە رازىمىزكى، ھەرگىز تەسلىم بولمايمىز دەپ، قەتئىي قارشىلىق كۆرسەتتى. لېيدېن شەھەرىنىڭ ئەتراپىدىكى دېھقانلار ئاكتىپلىق بىلەن قوزغىلىپ شەھەرگە ياردەم بېرىپ، دۈشمەنلەرنىڭ قاتناش لىنىيىلىرىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، ئىسپانىيىنىڭ پارچە قوشۇنلىرىنى يوقاتتى. "دېڭىز قەلەندەرلىرى" پارتىزانلىرى لېيدېنگە ناھايىتى ئوبدان ياردەم بەردى. ئۇلار توغانلارنى بۇزۇپ سۇ قويۇۋېتىپ، دۈشمەن قوشۇنلىرىنى سۇغا غەرق قىلىپ تاشلىدى، نەتىجىدە، دۈشمەنلەر ئاخىرى 1574-يىل 8-ئايدا غايەت زور زىيانغا ئۇچراش بىلەن، چېكىنىپ چىقىپ كەتتى.

www.uyghurkitap.com

لىيدېن شەھىرىدىكىلەرنىڭ باتۇرانە مۇداپىئە ئۇرۇشى غەلىبىگە ئېرىشىپ، جايلارنىڭ ئىنقىلاۋىي كۈرىشىگە ناھايىتى زور ئىلھام بەردى.

شىمالنىڭ ئىنقىلاۋىدىكى ئىلگىرىلەش جەنۇبقا تۈرتكە بولدى. 1576-يىل 9-ئاينىڭ 4-كۈنى بىريۇسسېلدا خەلق قوزغىلىڭى پارتلاپ، ئىسپانىيىنىڭ نىدېرلاندىيىدىكى ھۆكۈمرانلىق ئورگانلىرى ئاغدۇرۇپ تاشلاندى، ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرى قولغا ئېلىندى. ھاكىمىيەت 3 دەرىجىلىكلەر يىغىنىنىڭ قولىغا ئۆتتى. 10-ئايدا، گېنتتا جەنۇب تەرەپتىكىلەرمۇ، شىمال تەرەپتىكىلەرمۇ قاتناشقان 3 دەرىجىلىكلەر يىغىنى ئېچىلدى، بىراق يىغىندا مۇتەئەسسىپ ئاقسۆڭەكلەر ۋە ئۇلارنىڭ تەرەپدارلىرى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىۋالدى. يىغىندا گېنت كېلىشىمى ماقۇللىنىپ، ئالۋانىڭ زوراۋانلىقىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقى، ئىسپانىيە قوشۇنلىرىغا قارشى كۈرەشنىڭ تاكى ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلغانغا قەدەر داۋاملاشتۇرىدىغانلىقى جاكالاندى، ئەمما كۆپچىلىك ئۆلكىلەردە يەنىلا كاتولىك دىنى ساقلاپ قېلىندى، جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقى ئەسلىگە كەلتۈرۈلمىدى، يەر مەسىلىسى بولسا پەقەت تىلغا ئېلىنمۇ قويۇلمىدى. شۇڭا، گېنت كېلىشىمى خەلقنى سەپەرۋەر قىلىش، ئىنقىلابنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىيالمىدى، بەلكى چوڭ بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىنقىلابنى ئوتتۇرا يولدا توختىتىپ قويۇش يولىدىكى ئۇرۇنۇشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى.

جەنۇبتىكى ئىنقىلاۋىي ھەرىكەت يەنىلا راۋاجلانماقتا ئىدى، بىرمۇنچە شەھەرلەردە ئارقا-ئارقىدىن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى، دېھقانلار ھەرىكىتىمۇ جايلاردا ئىستىخىيىلىك ھالدا ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى. بىراق ئەكسىيەتچى كۈچلەرمۇ كۈچ توپلىماقتا، قايتۇرما ھۇجۇمغا

ئۇتۇش ئۈچۈن پۇرسەت كۈتمەكتە ئىدى. 1578-يىلى، جەنۇبتىكى بەزى ئەكسىيەتچى ئاقسۆڭەكلەر توپىلاڭ كۆتىرىپ، ئىسپانىيە بىلەن مۇرەسسەلەشىش قەستىدە بولۇشتى. بۇنىڭغا قارشى تۇرۇش يۈزىسىدىن، شىمالدىكى ئۆلكىلەر بىلەن جەنۇبتىكى بىر قىسىم شەھەرلەر 1579-يىل 1-ئايدا ئۇترېخت ئىتتىپاقىنى تەشكىل قىلدى. بۇ ئىتتىپاق ھەرقايسى ئۆلكە ۋەكىللىرىدىن تەشكىل قىلىنغان 3 دەرىجىلىك يىغىننى ئۆزىنىڭ ئالىي ھوقۇقلۇق ئورگىنى قىلىپ، تاكى ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگىچە ئىسپانىيىگە قارشى ئۇرۇش قىلىشنى قارار قىلدى. 1581-يىلى، ئىتتىپاق فىلىپ II نىڭ نىدېرلاندىيىگە بولغان ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلماسلىقنى قارار قىلىپ، بىرلەشمە جۇمھۇرىيەتنى بەرپا قىلىپ، شىمالدا بۇرژۇئا دۆلىتىنى قۇردى.

**ئىنقىلابنىڭ ئاقىۋىتى** ئىسپانىيە قوشۇنلىرى جەنۇبتىكى ئۆلكىلەردىكى فېئودال ئەكسىيەتچى كۈچلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ھەممىلا يەردە قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، بەزى شەھەرلەردىكى ئىنقىلاۋىي ھەركەتلەرنى ئارقا-ئارقىدىن بېسىقتۇردى. 1585-يىلى، ئۇلار يەنە بىريۇسسېل ۋە ئانتۋېرپېننى بېسىۋالدى، شۇنىڭ بىلەن ئىنقىلاپ جەنۇبتا مەغلۇپ بولدى. ئەكسىيەتچى كۈچلەر داۋاملىق تۈردە شىمالغا ھۇجۇم قىلدى، شىمالدىكى ئۆلكىلەر مۇستەقىللىقنى، ئىنقىلاپ مېۋىلىرىنى قوغداش يولىدا ئىسپانىيە قوشۇنلىرى بىلەن ئۇزاق مۇددەت كۈرەش قىلدى، تاكى 1609-يىلىغا كەلگەندىلا، ئاندىن ئىسپانىيە ئۇلار بىلەن 12 يىللىق ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمىنى ئىمزالاشقا مەجبۇر بولۇپ، ئەمەلىيەتتە جۇمھۇرىيەتنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلدى. 1648-يىلى 30 يىللىق ئۇرۇش

www.uyghurkitap.com

ئاياقلاشقاندىلا، ئىسپانىيە ئاندىن گوللاندىيىنىڭ مۇستەقىللىقىنى رەسمىي ئېتىراپ قىلدى.

نىدېرلاندىيە ئىنقىلابى غەلىبىلىك بۇرژۇئا ئىنقىلابى بولۇپ، كەڭ خەلق ئاممىسى، بولۇپمۇ شەھەر ئاددىي خەلقى ئىنقىلاپنى ئاكتىپلىق بىلەن قوزغاپ ۋە ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۇزاق مۇددەتلىك قوراللىق كۈرەش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، ئىسپانىيىنىڭ فېودال ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، مىللىي مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈپ، ياۋروپادا تۇنجى بۇرژۇئا جۇمھۇرىيىتىنى قۇردى. لېكىن نىدېرلاندىيە بۇرژۇئازىيىسى ئىنتايىن ئاجىز بولغاچقا، ئىنقىلاپتا مۇرەسسەچى چوڭ بۇرژۇئازىيە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ، بەزى ئاقسۆڭەكلەر بىلەن بىرلىكتە ئىنقىلاپنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تارتىۋېلىپ، بۇ ئىنقىلاپنى پەيدىن-پەي ناھايىتى زور زىيانلارغا ئۇچراتتى، شۇڭا بۇ ئىنقىلاپنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى بىرقەدەر كېچىك بولۇپ قالدى. بۇ ئىنقىلاپ يەر مەسىلىسىنى ھەل قىلمىدى، يەنە بىرمۇنچە فېودال كۈچلەرنى ساقلاپ قالدى، يەنە كېلىپ، ئىنقىلاپ پەقەت شىمالدىلا غەلىبە قىلىپ، جەنۇبتا مەغلۇپ بولدى.

ئىنقىلاپتىن كېيىن قۇرۇلغان بىرلەشمە جۇمھۇرىيەت يەنى گوللاندىيە جۇمھۇرىيىتىدە، 3 دەرىجىلىكلەر يىغىنى دۆلەتنىڭ ئالىي ھوقۇقلۇق ئورگىنى بولۇپ، ئۇ ھەرقايسى ئۆلكىلەردىكى ئاقسۆڭەك، دىندار ۋە بۇرژۇئازىيىنىڭ ۋەكىللىرىدىن تەركىب تاپقان ئىدى، يىغىندا ھەر بىر ئۆلكە پەقەت بىر كىشىلىكلا ئاۋاز بېرىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇپ، قارارلارنى ھەممە بىردەك ماقۇللىشى شەرت ئىدى، دۆلەت كېڭەشمىسى دائىمىي مەمۇرىي ئورگان بولۇپ، ئۇنىڭ باشلىقلىقىغا ئورانىج جەمەتى ۋارىسلىق قىلاتتى.

بۇرژۇئا ھاكىمىيىتىنىڭ تىكلىنىشى كاپىتالىزىمنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن كەڭ يول ئېچىپ بەردى. 17-ئەسىردە گوللاندىيىنىڭ سودا-سانائىتى ۋە دېڭىزچىلىقى تېز تەرەققىي تاپتى، مۇستەملىكىچىلىك ۋە تاجاۋۇزچىلىق ھەركەتلىرىمۇ جىددىيلەشتى، ئامستېردام خەلقارا سودا مەركىزىگە ئايلىنىپ قالدى. گوللاندىيە سودا پاراخوتلىرىنىڭ تونناژى پۈتۈن ياۋروپادىكى سودا پاراخوتلىرىنىڭ ئومۇمىي تونناژىنىڭ 4 تىن 3 قىسمىنى ئىگىلەيتتى، ئۇلار دۇنيادىكى ھەر قايسى جايلارغا قاتناپ تۇراتتى، شۇڭا كىشىلەر گوللاندىيىنى "دېڭىز ھارۋىكەشى" دەپ ئاتاشقان ئىدى. لېكىن، گوللاندىيىدە ھاكىمىيەتنى تۇتۇپ تۇرغانلار چوڭ سودا بۇرژۇئازىيىسى بولۇپ، ئۇلار سودىگەرلەرنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن بولغان سىياسەتنى يۈرگۈزۈپ، سانائەتنى دىگەندەك مۇھاپىزەت قىلمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە فېئودالىزىمنىڭ قالدۇقلىرى خېلىلا ئېغىر دەرىجىدە مەۋجۇت بولۇپ، كاپىتالىزىمنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىپ تۇراتتى. 17-ئەسىردىن كېيىن، گوللاندىيە ئەنگلىيە ۋە فرانسىيە تەرىپىدىن سىقىپ چىقىرىلىپ، تەدرىجىي ھالدا زاۋاللىققا قاراپ يۈز تۇتتى.

# چوڭ ۋەقەلەر يىلنامىسى

| مىلادىدىن ئىلگىرى | |
|---|---|
| 2700 — 3100 | ئىككى دەريا ۋادىسىدىكى جەنۇبىدىكى شەھەرلەر دۆلىتىنىڭ شەكىللىنىشى |
| 2680 — 3100 | مىسىردا بىرلىككە كەلگەن دۆلەتنىڭ شەكىللىنىشى |
| 2371 — 2378 | ئۇرۇكاگىنا ئىسلاھاتى |
| 2191 — 2371 | ئاككاد پادىشاھلىقى |
| 1700 — 2350 | ھىندىستان خاراپپا مەدەنىيىتى |
| 1786 — 1991 | مىسىردىكى 12 ـ سۇلالە |
| 1686 — 1728 | بابىلون پادىشاھى خاممۇرابى |
| 1208 — 1567 | مىسىردىكى 18 ـ سۇلالە |
| 1362 — 1379 | ئامېنخوتېپ IV نىڭ دىنىي ئىسلاھاتى |

| | | |
|---|---|---|
| 1200 — 1400 | | مىكىنى دۆلىتىنىڭ ئازا گۈللەنگەن دەۋرى |
| 700 — 1000 | ھىندىستاننىڭ گانگ دەرياسى ۋادىسىدا دۆلەتنىڭ شەكىللىنىشى | گرېتسىيىنىڭ ھومېر دەۋرى |
| 510 — 650 | | رىمنىڭ پادىشاھ ھاكىمىيىتى دەۋرى |
| 727 — 745 | ئاسسۇرىيە پادىشاھى تىگلاتپالاسار III | |
| 671 | ئاسسۇرىيىنىڭ مىسىرنى بويسۇندۇرۇشى | |
| 612 | مىدىيە بىلەن بابىلوننىڭ بىرلەشمە قوشۇنىنىڭ ئاسسۇرىيىنى يوقىتىشى | |
| 562 — 604 | يېڭى بابىلون پادىشاھى نېبۇقادنېززار II | |
| 594 — 596 | | ئافىنادىكى سولون ئىسلاھاتى |
| 534 — 578 | | رىمدىكى سېرۋىيۇس تۇللىيۇس ئىسلاھاتى |
| 538 | پارسىيىنىڭ يېڭى بابىلوننى يوقىتىشى | |
| 525 | پارسىيىنىڭ مىسىرنى بويسۇندۇرۇشى | |
| 485 — 521 | دارىيۇس I | |
| 510 | | رىمدا جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىنىڭ باشلىنىشى |

| | | |
|---|---|---|
| 449 — 492 | پېرسىيە ـ گرېتسىيە ئۇرۇشى | |
| 453 — 464 | | سپارتادا ھېلوتلارنىڭ چوڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشى |
| تەخمىنەن 450 — 430 | | ئافىنادا قىرىكلىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشى |
| 404 — 431 | | پېلوپونېس ئۇرۇشى |
| 412 | | ئافىنادا 20 مىڭ قۇلنىڭ قېچىپ كېتىشى |
| 367 | | رىمدا لىتسىنى ـ سېكستىئوس قانۇنىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى |
| 323 — 336 | | ماكېدونىيە پادىشاھى ئالېكساندىر |
| 30 — 305 | مىسىرنىڭ پتولېمېي سۇلالىسى | |
| 232 — 273 | ھىندىستان ئوز خاندانلىقىنىڭ خانى ئاسوكا | |
| 146 — 149 | | رىمنىڭ گرېتسىيەنى بويسۇندۇرۇشى<br>3 ـ قېتىملىق پۇنى ئۇرۇشى |
| 132 — 137 | | سىتسىلىيەدە 1 ـ قېتىم قۇللار قوزغىلىڭىنىڭ بولۇشى |
| 123 — 133 | | گراكخۇ ئىسلاھاتى |



www.uyghurkitap.com

| | | |
|---|---|---|
| 126 — 128 | جاڭ چيەننىڭ غەربىي رايونلارغا ئەلچى- لىككە بېرىپ، پەرغانىگە يېتىپ بېرىشى | |
| 101 — 104 | | سىتسىلىيەدە 2 - قېتىم قۇللار قوزغىلىڭى- نىڭ بولۇشى |
| 71 — 73 | | سپارتاك زور قوزغىلىڭى |
| 41 — 17 | | كايزارنىڭ ھاكىممۇتلەقلىق يۈرگۈزۈشى |
| 27 | | دۆلەت باشلىقلىق تۈزۈمىنىڭ ئورنىتى- لىشى، رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشى |
| **مىلادىيىدىن كېيىن** | | |
| 120 — 78 | كۇشان پادىشاھى كانىشكا | |
| 97 | شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ گەن يىڭنى رىمغا ئەلچىلىككە ئەۋەتىشى | |
| 166 | رىم پادىشاھى ئانتونىنىڭ جۇڭگوغا ئەلچى ئەۋەتىشى | |
| 200(?) | ياپونىيىدە شېيماتەي دۆلىتىنىڭ باش كۆتۈرۈشى، چاۋشەندە گاۋگۇلى دۆلىتى- نىڭ باش كۆتۈرۈشى | |
| 642 — 226 | ئىران ساسان خاندانلىقى | |

| | | |
|---|---|---|
| 238 | ياپونىيىنىڭ ئايال خانى پېيمى خۇچىيەنىڭ جۇڭگوغا ئەلچى ئەۋەتىشى | |
| 280 — 270 | | رىمدا باگاۋدا ھەرىكىتىنىڭ باشلىنىشى |
| 305 — 284 | | رىم پادىشاسى دىئوكلېتىيان |
| 300(?) | ياپونىيىدە داخې دۆلىتىنىڭ باش كۆتۈرۈشى | |
| 313 | | مىلان پەرمانىنىڭ ئېلان قىلىنىشى |
| 337 — 306 | | رىم پادىشاسى كونستانتىن |
| 330 — 320 | ھىندىستان پادىشاسى چاندارا گۇپتا گۇپتا خاندانلىقىنىڭ باشلىنىشى | |
| 395 | | رىمنىڭ شەرقىي رىم ۋە غەربىي رىم دەپ ئىككىگە بۆلۈنۈشى |
| 414 — 399 | فاشيەننىڭ ھىندىستانغا قىلغان زىيارىتى | |
| 410 | | غەربىي گوتلارنىڭ رىمنى بېسىۋېلىشى |
| 476 | | غەربىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ يىمىرىلىشى |
| 751 — 481 | | فرانك مېروۋىڭ سۇلالىسى |
| 529 — 491 | ئىراندا مازداك قوزغىلىڭىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى | |
| 565 — 527 | | ۋىزانتىيە خانى يۇستىنىان |
| 532 | | ۋىزانتىيەدىكى نىكا قوزغىلىڭى |



www.uyghurkitap.com

| | | |
|---|---|---|
| 632 — 570 | ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسچىسى مۇھەممەت | |
| 647 — 606 | ھىندىستان پادىشاسى ھارشاۋاردھانا | |
| 622 | مۇھەممەتنىڭ مەدىنىگە كۆچۈشى | |
| 645 — 629 | شۈەنجۇاڭنىڭ غەربكە سەپەر قىلىشى | |
| 654 — 645 | ياپونىيە سامازى خانى لى دې | |
| 646 | ياپونىيىدىكى داخۇا ئىسلاھاتى | |
| 750 — 661 | ئەرەب ئۇمايا سۇلالىسى | |
| 675 | شىنلو دۆلىتىنىڭ چاۋشيەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشى | |
| 794 — 710 | ياپونىيىنىڭ نەي ئىباك دەۋرى | |
| 732 | | پۇئاتىيېرس جېڭىنىڭ يۈز بېرىشى، فرانكلار ئارمىيىسىنىڭ ئەرەبلەر ئارمىيىسىنى يېڭىشى |
| 750 — 747 | ئەرەب مۇسلىم قوزغىلىڭىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى | |
| 1258 — 750 | ئەرەب ئابباسلار سۇلالىسى | |
| 751 | | فرانك پەكەنگى پىپىننىڭ خانلىققا ئولتۇرۇشى، كارولىن سۇلالىسىنىڭ باشلىنىشى |

| | | |
|---|---|---|
| 814 — 768 | | فرانكلارنىڭ بۈيۈك كارل ئىمپېرىيىسى |
| 783 — 776 | بۇخارادىكى مۇقەننا قوزغىلىڭى | |
| 809 — 786 | ئەرەب خەلىپىسى هارۇن راشىد | |
| 1192 — 794 | ياپونىيە پىڭئەن دەۋرى | |
| 800 | | فرانك پادىشاسى كارلنىڭ تاج كىيىپ خانلىققا ئولتۇرۇشى |
| 837 — 816 | ئەزەربەيجاندىكى بابەك قوزغىلىڭى | |
| 842 — 841 | ساكسونىيەدىكى ستېللىنگا قوزغىلىڭى | |
| 843 | | ۋېردۇن شەرتنامىسىنىڭ تۈزۈلۈشى فرانكلار دۆلىتىنىڭ 3 قىسىمغا بۆلۈنۈپ كېتىشى |
| 883 — 869 | ئەرەب نېگىر قۇللىرى قوزغىلىڭى | |
| 903 — 891 | شىنلو دۆلىتىدىكى لياڭجى قوزغىلىڭى | |
| 918 | كاۋلى دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشى | |
| 962 | | گېرمانىيىدە ئوتتو I نىڭ تاج كىيىپ خانلىققا ئولتۇرۇشى مۇقەددەس رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ باشلىنىشى |
| 1024 | | برىتانىيەدىكى دېخانلار قوزغىلىڭى |
| 1054 | | خرىستىيان دىنى جەمئىيەتلىرىنىڭ ئاخىرقى ھېساپتا پارچىلىنىشى |

| | | |
|---|---|---|
| 1066 | | نورماندىيە كىنەزى ۋىلىيامنىڭ ئەنگ- لىيىنى بويسۇندۇرۇشى |
| 1077 | | كانوسسا ئۇچرىشىشى |
| 1095 | | كلېرمون دىنىي يىغىنىنىڭ ئېچىلىشى ئەھلى سەلىبنىڭ شەرققە تاجاۋۇز قىلىشى |
| 1128 — 1108 | | فرانسىيە لان شەھىرىدە ئاپتونومىيە ئۈچۈن بولغان كۆرەش |
| 1227 — 1162 | موڭغۇللارنىڭ خاقانى چىڭگىزخان | |
| 1187 | سالاھىددىننىڭ يېرۇسالېمنى قايتۇرۇۋېلىشى | |
| 1333 — 1192 | ياپونىيە لېھتالىق دىيارى | |
| 1216 — 1198 | پاپا ئىننوسېنت III | |
| 1206 | موڭغۇل تىمۇرچىننىڭ ئۆزىنى بۈيۈك خان دەپ ئاتىشى | |
| 1526 — 1206 | ھىندىستاننىڭ دېھلى سۇلتانى | |
| 1215 | | ئەنگلىيەدە چوڭ ئاساسىي نىزامنىڭ ئىمزالىنىشى |
| 1240 | باتۇنىڭ كىيېۋنى ئىشغال قىلىشى | |

| | | |
|---|---|---|
| 1258 | موڭغۇللارنىڭ باغداتنى ئېلىشى، ئابباسىلار خاندانلىقىنىڭ يىمىرىلىشى | |
| 1265 | | ئەنگلىيىنىڭ كىمون دىگەن بىرىدە پارلامېنت يىغىنىنىڭ چاقىرىلىشى |
| 1271 | موڭغۇللارنىڭ دۆلەت نامىنى يۈەنگە ئۆزگەرتىشى | |
| 1314 — 1285 | | فرانسىيە پادىشاسى فىلىپ IV |
| 1295 | | ئەنگلىيە پادىشاسى ئېدۋارد I نىڭ پارلامېنت يىغىنىنى چاقىرىشى |
| 1302 | | فرانسىيەدە I دەرىجىلىكلەر يىغىنىنىڭ چاقىرىلىشى |
| 1307 — 1303 | | ئىتالىيەدە دولچىنو قوزغىلىڭىنىڭ پارتىلىشى |
| 1378 — 1308 | | پاپانىڭ "ئاۋىگنوندا قاماپ قويۇلۇشى" |
| 1573 — 1336 | | ياپونىيە شىدىلىق دىيارى |
| 1453 — 1337 | | ئەنگلىيە، فرانسىيەلەردىكى يۈز يىللىق ئۇرۇش |
| 1347 | | رىمدىكى پاپاغا قارشى قوزغىلاڭ |



www.uyghurkitap.com

| | | |
|---|---|---|
| 1359 — 1356 | | فرانسىيەدىكى ئېتىئەننى مارسېل باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭ |
| 1358 | | فرانسىيەدىكى جاكورېي قوزغىلىڭى |
| 1415 — 1369 | | جون خۇس |
| 1378 | | ئاراش ئىشچىلىرى قوزغىلىڭى |
| 1426 — 1378 | | چېقلىق جون زىنگ |
| 1381 | | ئەنگلىيىدە ۋات تايلېر قوزغىلىڭى |
| 1385 | | پولشا بىلەن لىتۋانىيىنىڭ بىرلىشىشى |
| 1392 | چاۋشيەندە لى سۇلالىسىنىڭ باشلىنىشى | |
| 1433 — 1405 | جېڭخېنىڭ غەرپ ئەللىرىگە 7 قېتىم سەپەر قىلىشى | |
| 1410 | | گرىيۇنۋالد جېڭى |
| تەخمىنەن 1410 — 1431 | | فرانسىيىنىڭ جىننادارك |
| 1415 | بورتۇگالىيىنىڭ سېپتانى بېسىۋېلىشى | جون خۇسنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشى |
| 1434 — 1432 | ياپونىيىدە دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ قوزغىلىشى | |
| 1453 | تۈركىيىنىڭ كونستانتىنوپولنى ئېلىشى | ئەنگلىيە — فرانسىيە يۈز يىللىق ئۇرۇشنىڭ ئاخىرلىشىشى |

| | | |
|---|---|---|
| 1455 — 1485 | | ئەنگلىيىدىكى ئەترگۈل ئۇرۇشى |
| 1480 | | روسىيىنىڭ موڭغۇللارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇشى |
| 1485 — 1493 | ياپونىيىدە شەنچۈك دولىتىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى | |
| 1485 — 1603 | | ئەنگلىيە تيۇدورس سۇلالىسى |
| 1486 | داستىنىڭ ئۈمىت تۇمشۇقىغا يېتىپ بېرىشى | |
| 1492 | | كولومبونىڭ ئامېرىكا قىتئەسىگە يېتىپ بېرىشى |
| 1498 | گامانىڭ ھىندىستانغا بېرىشى | |
| 1515 — 1547 | | فرانسىيە پادىشاسى فرانسۇس I |
| 1517 | | لۇتېرنىڭ 95 ماددىلىق تېزىسنى ئېلان قىلىشى دىن ئىسلاھاتىنىڭ باشلىنىشى |
| 1519 | تۈركىيىدىكى جالال قوزغىلىڭى | |
| 1519 — 1521 | كورتېسنىڭ مېكسىكىنى ئاجۇز قىلىشى | |
| 1519 — 1522 | | ماگېللاننىڭ دېڭىز ئارقىلىق دۇنيانى ئايلىنىپ چىقىشى |

| | | |
|---|---|---|
| 1556 — 1519 | | گېرمانىيە پادىشاسى كارل V |
| 1556 — 1520 | تۈركىيە سۇلتانى سۇلايمان I | |
| 1525 — 1524 | | گېرمانىيىدىكى دېھقانلار ئۇرۇشى |
| 1526 | ھىندىستاندا موغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشى | |
| 1536 — 1531 | بىسارروننىڭ پېرۇغا تاجاۋۇز قىلىشى | |
| 1564 — 1533 | | روسىيە چار پادىشاسى ئىۋان IV |
| 1543 | | كوپېرنىكنىڭ «ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ئايلىنىشى ئەرۇرىيىسى»نىڭ ئېلان قىلىنىشى |
| 1549 | | ئەنگلىيىدە رېبېرت كېت قوزغىلىڭىنىڭ كوتۇرۇلۇشى |
| 1555 | | گېرمانىيە ئاۋگسبۇرگىدا دىنىي سۇلھى شەرتنامىسىنىڭ تۈزۈلۈشى |
| 1557 | پورتۇگالىيىنىڭ ۋەتەنسىزلىقى زىمىنى ئاۋمېنى بېسىۋېلىشى | |
| 1603 — 1558 | | ئەنگلىيە ئايال پادىشاسى ئېلىزابېت |
| 1594 — 1562 | | فرانسىيىدە بولغان خۇگۇنوت ئۇرۇشى |

www.uyghurkitap.com

| | | |
|---|---|---|
| 1609 — 1566 | | نىدېرلاندىيە بۇرژۇئازىيە ئىنقىلابى |
| 1561 — 1574 | ياپونىيەدىكى جىتيەن شىنچاڭنىڭ ھوكۇمرانلىقى | |
| 1581 | | نىدېرلاندىيىنىڭ شىمالىدا بىرلەشمە جۇمھۇرىيەتنىڭ قۇرۇلۇشى |
| 1588 | | ئەنگلىيەنىڭ ئىسپانىيەنىڭ پاراخوت ئەترىدىنى مەغلۇپ قىلىشى |
| 1610 — 1589 | | فرانسىيە پادىشاسى ھېنرى ۴ بۇربون سۇلالىسىنى باشلىشى |
| 1600 | | ئەنگلىيە شەرقىي ھىندىستان شىركىتىنىڭ قۇرۇلۇشى |
| 1602 | | گوللاندىيە شەرقىي ھىندىستان شىركىتىنىڭ قۇرۇلۇشى |
| 1867 — 1603 | ياپونىيە دېچۇەن باركاھى | |
| 1607 — 1606 | | روسىيەدە قوزغالغان بولاتنىكوۋ قوزغىلىڭى |
| 1648 — 1618 | | ياۋروپادا بولغان 30 يىللىق ئۇرۇش |
| 1642 — 1624 | | فرانسىيە باش ۋەزىرى رىشلىيو |

| | | |
|---|---|---|
| 1639 | ياپونىيىنىڭ "بېكىنمىچىلىك پەرمانى"نى ئېلان قىلىشى | |
| 1654 | | روسىيىنىڭ ئۇكرائىنانى ئۆزىگە قوشۇۋېلىشى |
| 1662 | جېڭ چېڭگوڭنىڭ تەيۋەننى قايتۇرۇۋېلىشى | |

www.uyghurkitap.com

ئىسپانىيىنىڭ ئالتامىرا تاغ
ئۆڭكۈرىدىكى تام رەسىملىرى
(كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ
كېيىنكى مەزگىلى)



ياۋا ئات، ياۋا كالا.



ياۋا چوشقا، ياۋا كالا.



مىسىر ئېھرامى ۋە شىر تەنلىك، ئادەم يۈزلۈك ھەيكەل.



يېڭى پادىشالىق دەۋرىدىكى دىخانچىلىق.



ئابىدەنىڭ ئۇچىدىكى تەپسىلى
ئىشلەنگەن قىسمى.



خاممۇرابى قانۇنى ئويۇلغان ئابىدە.



ئاسسىرىيە قوللىرى ئەمگەك قىلماقتا.

فىنىكىيىلىكلەرنىڭ
كېمە ئەترىدى.





پېرسىيە بويى سۇندۇرۇلغان مىللەتتىن تارتۇق ئالماقتا.



ھىندىستاننىڭ سانچىدىكى
چوڭ مۇنار قورۇق
تېمىنىڭ دەرۋازىسى.



مىكېنى قەدىمىي شەھىرىنىڭ خارابىسى — "شىر دەرۋازىسى".



كنوس خان ئوردىسىدىكى تام رەسىملىرى.

www.uyghurkitap.com





پارفېنون ئىبادەتخانىسى ۋە ئۇنىڭدىكى قاپارتما نەقشلەر.

رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ سۇ
باشلاش قۇرۇلۇشى.





رىمنىڭ ماھارەت مۇسابىقىسى
ئۆتكۈزۈلىدىغان چوڭ يۇمۇلاق
مەيدانىنىڭ خارابىسى.

www.uyghurkitap.com



گاۋگۈلىنىڭ قەۋرە تام رەسىملىرى.



كامبودژىنىڭ ئاڭكور تاش بۇتخانىسى.



ياپونىيە دېخانلىرى يول ياساش ئالۋىڭىنى مەجبۇرى ئىشلىمەكتە.



ھىندىستاننىڭ
ئېيىلورا تاش
غارى.



تاج ماخال قەۋرىستانلىقى.



مەككىدىكى كەئبە.



ئېرۇسالېمدىكى مېچىت
(691 ـ يىلى سېلىنغان).



ئەنگلىيە دېھقانلار ئارمىيىسى ۋە ئۇنىڭ يولباشچىسى جون بال.



جەڭ قىلىۋاتقان فرانسىيە مىللى ئايال
قەھرىمانى جىيىنادىارك.

www.uyghurkitap.com



روسىيە دېخانلىرى.





چېخ دېخانلار ئارمىيىسى ئىشلەتكەن
قورال-ياراقلار ۋە جەڭ هارۋىلىرى
(ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن رەسىم).

مايالارنىڭ قۇللىرى
بىلەن قۇلدارى.





غەربىي ئافرىقىدىكى بىنىن قەدىمىي شەھىرى.



ھىندىئانلار مۇستەملىكىچى تاجاۋۇزچىلارغا قارشىلىق كۆرسەتمەكتە.



ئىسپانىيە مۇستەملىكىچىلىرى ھىندىئانلارنى خورلاپ ئۆلتۈرمەكتە.

گېرمانىيەدىكى دېخانلار
ئۇرۇشىنىڭ رەھبېرى
مېۇنتسېر.





مارتىن لۇتېر پاپانىڭ پەرمانىنى كويدۇرمەكتە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



باغلاقلىق قۇل
(مىكېلانجېلو ئىشلىگەن).



ئەڭ ئاخىرقى كەچلىك غىزا (داۋىنچى سىزغان).

يېرىدىن مەھرۇم بولغان غەربىي ياۋروپا سەرگەردانلىرى.





نىدېرلاندىيە ئىنقىلاۋىدا ئىنقىلاۋىي ئارمىيە برىل شەھىرىنى ئىشغال قىلدى.

www.uyghurkitap.com


**简明世界史**

古代部分

（维吾尔文）

北京大学历史系简明世界史编写组

亚生、热西提瓦依提、安尼瓦尔、吐尔洪译

吴普尔江校订

责任校对：热西提瓦依提

民族出版社出版　新华书店发行

民族印刷厂印刷

开本：850×1168毫米1/32　印张：24

1982年6月第1版

1982年6月北京第1次印刷

印数：0001—5,000册　定价：1.15元

书号：M11049(4)13